24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت

# غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-09161-2
(民文) 定价:42.00元

请阿力布教授指正——

新疆大学陈世明

2007.9.10.

24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت

# غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا
ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىدى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر
قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ـ تەتقىق قىلىش
خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى
مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن
تەتقىقات تېمىسى
教育部全国高等院校古籍整理
研究工作委员会资助项目

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

«ۋېينامە» 1 ـ جىلد مۇقەددىمە .............................. 1

«ۋېينامە» 2 ـ جىلد ۋېي خانى تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە ... 4

«ۋېينامە» 3 ـ جىلد ۋېي خانى تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە... 12

«ۋېينامە» 4 ـ جىلد ۋېي خانى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە...... 15

«ۋېينامە» 5 ـ جىلد ۋېي خانى گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە... 30

«ۋېينامە» 6 ـ جىلد ۋېي خانى شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە... 34

«ۋېينامە» 7 ـ جىلد ۋېي خانى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە...... 37

«ۋېينامە» 8 ـ جىلد ۋېي خانى شىزۇڭ ھەققىدە خاتىرە...... 41

«ۋېينامە» 9 ـ جىلد ۋېي خانى سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە... 50

«ۋېينامە» 10 ـ جىلد ۋېي خانى شياۋ جۇاڭ ھەققىدە خاتىرە........................ 57

«ۋېينامە» 11 ـ جىلد ۋېي خانى چۇ دى ھەققىدە خاتىرە ........................ 59

«ۋېينامە» 12 ـ جىلد ۋېي خانى شياۋ جىڭدى ھەققىدە خاتىرە........................ 60

«ۋېينامە» 16 ـ جىلد جياڭياڭ بېگى تۇغبات جىنىڭ تەرجىمىھالى........................ 61

«ۋېينامە» 18 ـ جىلد جياڭياڭ بېگى تۇغبات جيەننىڭ تەرجىمىھالى........................ 63

«ۋېينامە» 19 ـ جىلد رۇيىن بېگى تۇغبات تيەنشىنىڭ تەرجىمىھالى........................ 65





C:\USER\BQ.PS2 12/11/2004 16:42:16

图书在版编目（CIP）数据

二十四史南北朝时期西域史料译注/新疆大学人文学院中亚所编 .—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.12

ISBN 7—228—09161—2

Ⅰ. 二… Ⅱ. 新… Ⅲ. 西域—史料—南北朝时期—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. K928.639

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 126416 号

责任编辑：阿里木江·塔伊尔

责任校对：克尤木·吐尔逊

封面设计：艾克拜尔·萨里

二十四史南北朝时期西域史料译注（维吾尔文）

新疆大学人文学院中亚文化研究所<br>新疆大学西北少数民族研究中心 译注

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）

新疆新华书店发行

新疆社会科学院印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本 30.125 印张

2004 年 12 月第 1 版 2004 年 12 月第 1 次印刷

印数：1—1 500

ISBN 7—228—09161—2 定价：42.00 元

«ۋېينامە» 24 ـ جىلد جاڭ گوْننىڭ تەرجىمىھالى ······ 67

«ۋېينامە» 26 ـ جىلد ۋېي گوْجىننىڭ تەرجىمىھالى ······ 69

«ۋېينامە» 27 ـ جىلد مۇ چۇشەننىڭ تەرجىمىھالى ······ 75

«ۋېينامە» 28 ـ جىلد گوْ بىننىڭ تەرجىمىھالى ········· 77

«ۋېينامە» 29 ـ جىلد شى جىننىڭ تەرجىمىھالى ········ 79

«ۋېينامە» 30 ـ جىلد ئەن توْڭنىڭ تەرجىمىھالى ········ 81

«ۋېينامە» 31 ـ جىلد يۇ لىدىننىڭ تەرجىمىھالى ········ 93

«ۋېينامە» 32 ـ جىلد گاۋ خوْنىڭ تەرجىمىھالى ········ 95

«ۋېينامە» 33 ـ جىلد جاڭ فوْنىڭ تەرجىمىھالى ········ 100

«ۋېينامە» 35 ـ جىلد سوْي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى ······ 103

«ۋېينامە» 39 ـ جىلد لى باۋنىڭ تەرجىمىھالى ········ 141

«ۋېينامە» 41 ـ جىلد يۈەن خېنىڭ تەرجىمىھالى ······ 143

«ۋېينامە» 43 ـ جىلد تاڭ خېنىڭ تەرجىمىھالى ········ 198

«ۋېينامە» 44 ـ جىلد فېي يوْنىڭ تەرجىمىھالى ········ 201

«ۋېينامە» 54 ـ جىلد گاۋ لوْنىڭ تەرجىمىھالى ········ 205

«ۋېينامە» 58 ـ جىلد ياڭ چوْننىڭ تەرجىمىھالى ······ 208

«ۋېينامە» 69 ـ جىلد يۈەن فەننىڭ تەرجىمىھالى ······ 212

«ۋېينامە» 74 ـ جىلد ئېر جۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى ··· 221

«ۋېينامە» 77 ـ جىلد گاۋ جيەنجىننىڭ تەرجىمىھالى ··· 224

«ۋېينامە» 78 ـ جىلد جاڭ پوْخوْينىڭ تەرجىمىھالى ··· 225

«ۋېينامە» 82 ـ جىلد زۇ يىڭنىڭ تەرجىمىھالى ········ 232

«ۋېينامە» 83 ـ جىلد لۇ پىننىڭ تەرجىمىھالى ········ 235

«ۋېينامە» 85 ـ جىلد يۈەن يوْنىڭ تەرجىمىھالى ········ 237

«ۋېينامە» 86 ـ جىلد قىببۇ باۋنىڭ تەرجىمىھالى ······ 240

«ۋېينامە» 87 ـ جىلد جى باينىڭ تەرجىمىھالى ······ 242

«ۋېينامە» 95 ـ جىلد ليۇ سوْڭنىڭ تەرجىمىھالى ······ 245

«ۋېينامە» 99 ـ جىلد قىببۇ كورۇن، توفا ئوغۇز ۋە
جۇرچى مونسۇننىڭ تەرجىمىھاللىرى ·················· 335





«ۋېينامە» 101 ـ جىلد دىلار، تۈيغۇنلار ۋە قوچۇ
تەزكىرىلىرى ·································· 363

«ۋېينامە» 102 ـ جىلد غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ······ 409

«ۋېينامە» 103 ـ جىلد جۇرجانلارر هونلاردىن يۇرغۇن
موغاي قاڭقىللار ·································· 462

«ۋېينامە» 105 ـ جىلد ئاسمان هادىسىلىرىنىڭ
تەزكىرىسى ·································· 525

«ۋېينامە» 109 ـ جىلد نەغمە ـ ناۋا تزكىرىسى ······· 528

«ۋېينامە» 110 ـ جىلد مالىيە ـ سودا تەزكىرىسى ······ 529

«ۋېينامە» 112 ـ جىلد تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ
بېشارەتلىرى تەزكىرىسى ·························· 531

«ۋېينامە» 113 ـ جىلد ئەمەلدارلار تەزكىرىسى ········· 532

«ۋېينامە» 114 ـ جىلد راھىبلار، تويىنلار
تەزكىرىلىرى ·································· 533

«شىمالىي چىنامە» 4 ـ جىلد چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى
ھەققىدە خاتىرە ·································· 540

«شىمالىي چىنامە» 7 ـ جىلد چى پادىغاھى ۋۇ چېڭدى
ھەققىدە خاتىرە ·································· 543

«شىمالىي چىنامە» 8 ـ جىلد كەنجى پادىشاھ
ھەققىدە خاتىرە ·································· 545

«شىمالىي چىنامە» 12 ـ جىلد پادىشاھ ۋېنشۇەندى
مەزگىلىدىكى توْت بەگ، پادىشاھ شياۋ جاۋدى
مەزگىلىدىكى ئالتە بەگنىڭ تەرجىمىھالى ··········· 547

«شىمالىي چىنامە» 17 ـ جىلد قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ
تەرجىمىھالى ·································· 552

«شىمالىي چىنامە» 20 ـ جىلد قوغۇرسۇ جاڭجۇننىڭ
تەرجىمىھالى ·································· 588

«شىمالىي چىنامە» 27 ـ جىلد موچى پۇ، پولۇخان

چاڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ........................ 589
«شىمالىي چىنامە» 41 ـ جىلد فۇخۇنىڭ تەرجىمىھالى...... 595
«شىمالىي چىنامە» 50 ـ جىلد ئەتىۋارلىق ۋەزىرلەرنىڭ
تەرجىمىھاللىرى ........................ 596
«جۇنامە» 4 ـ جىلد جۇ پادىشاھى مىڭدى ھەققىدە
خاتىرە ........................ 608
«جۇنامە» 5 ـ جىلد جۇ پادىشاھى ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە
ئالدىنقى بابى ........................ 610
«جۇنامە» 6 ـ جىلد جۇ پادىشاھى ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە
كېيىنكى بابى........................ 614
«جۇنامە» 7 ـ جىلد جۇ پادىشاھى شۇەندى ھەققىدە
خاتىرە ........................ 615
«جۇنامە» 8 ـ جىلد جۇ پادىشاھى جىدى ھەققىدە
خاتىرە ........................ 616
«جۇنامە» 9 ـ جىلد خانىشلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ...... 617
«جۇنامە» 11 ـ جىلد جىن ـ داڭ ئەركانبېگى يۈۋېن
خۇنىڭ تەرجىمىھالى ........................ 621
«جۇنامە» 15 ـ جىلد يۇ جىننىڭ تەرجىمىھالى ......... 624
«جۇنامە» 19 ـ جىلد داشى ۋۇ، يۈۋېن گۇي، ياڭ
جۇڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ........................ 627
«جۇنامە» 20 ـ جىلد خې لەنشياڭنىڭ تەرجىمىھالى ... 634
«جۇنامە» 27 ـ جىلد يۈۋېن سېنىڭ تەرجىمىھالى ...... 641
«جۇنامە» 28 ـ جىلد شى نىڭنىڭ تەرجىمىھالى ......... 643
«جۇنامە» 29 ـ جىلد ليۇ شيۇڭنىڭ تەرجىمىھالى ...... 649
«جۇنامە» 33 ـ جىلد شې دېجى، ياڭ جيەن، ۋاڭ چىڭ،
جاۋ ۋېنبياۋلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ........................ 650
«جۇنامە» 49 ـ جىلد يات يۇرتلاردىكىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى
ئالدىنقى بابى ........................ 657





«جۇنامە» 50 ـ جىلد يات يۇرتلاردىكىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى
كېيىنكى بابى ........................ 665
«سۇينامە» 1 ـ جىلد سۇي پادىشاھى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە I ...... 700
«سۇينامە» 2 ـ جىلد سۇي پادىشاھى ياڭدى ھەققىدە خاتىرە II ...... 708
«سۇينامە» 3 ـ جىلد سۇي پادىشاھى ياڭدى ھەققىدە خاتىرە I ...... 713
«سۇينامە» 4 ـ جىلد سۇي پادىشاھى ياڭدى ھەققىدە خاتىرە II ...... 722
«سۇينامە» 7 ـ جىلد قائىدە ـ يوسۇن تەزكىرىسى II ........... 726
«سۇينامە» 8 ـ جىلد قائىدە ـ يوسۇن تەزكىرىسى III ........... 727
«سۇينامە» 12 ـ جىلد قائىدە ـ يوسۇن تەزكىرىسى IV ......... 728
«سۇينامە» 14 ـ جىلد نەغمە ـ ناۋا تەزكىرىسى I ............. 733
«سۇينامە» 15 ـ جىلد نەغمە ـ ناۋا تەزكىرىسى III ............. 740
«سۇينامە» 24 ـ جىلد ئوزۇق ـ تۈلۈك تەزكىرىسى............. 743
«سۇينامە» 29 ـ جىلد جۇغراپىيە تەزكىرىسى............... 750
«سۇينامە» 35 ـ جىلد نوملار تەزكىرىسى ............... 756
«سۇينامە» 36 ـ جىلد خانىش ـ توقاللارنىڭ تەرجىمىھاللىرى...... 758
«سۇينامە» 37 ـ جىلد لى مۇ، لياڭ زۇيلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى...... 760
«سۇينامە» 40 ـ جىلد يۇ چىڭزېنىڭ تەرجىمىھالى ........... 765
«سۇينامە» 41 ـ جىلد سۇ ۋېينىڭ تەرجىمىھالى ............. 769
«سۇينامە» 46 ـ جىلد جاڭسۇن پىڭ، يۈەن خۇيلارنىڭ
تەرجىمىھاللىرى ........................ 771
«سۇينامە» 47 ـ جىلد ليۇ جىننىڭ تەرجىمىھالى ............. 774
«سۇينامە» 48 ـ جىلد ياڭ سۇنىڭ تەرجىمىھالى ............. 777
«سۇينامە» 51 ـ جىلد جاڭسۇن شېڭنىڭ تەرجىمىھالى ........... 780
«سۇينامە» 53 ـ جىلد داشى چاڭرۇ، خېلۇزىگەن،
شى ۋەنسۇيلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى ........................ 803
«سۇينامە» 54 ـ جىلد لى چېنىڭ تەرجىمىھالى ............. 816
«سۇينامە» 65 ـ جىلد شۆ شىشيۇڭنىڭ تەرجىمىھالى ........... 819
«سۇينامە» 67 ـ جىلد پېي جۇنىڭ تەرجىمىھالى ............. 821

«سۇينامە» 68 ـ جىلد خې چۇنىڭ تەرجىمىھالى .................... 838
«سۇينامە» 74 ـ جىلد رەھىمسىز جارچىلارنىڭ
تەرجىمىھاللىرى ........................................................ 839
«سۇينامە» 83 ـ جىلد غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ................... 842
«سۇينامە» 84 ـ جىلد شىمالىي دىلار تەزكىرىسى.................... 879



# كىرىش سۆز

ياخشى يېزىلغان تارىخ كىتابى كىشىلەرنىڭ تارىخ بىلىملىرىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ مول تارىخ بىلىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي روھ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئىزاھات» نى دەل يۇقىرىقى نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ھۇزۇرىڭىزلارغا سۇندۇق.

«24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئىزاھات» مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن تەتقىقات تېمىسى — «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) غا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمىسى» نىڭ بەشىنچى باسقۇچلۇق نەتىجىسى (ئالتىنچى باسقۇچلۇق نەتىجىسى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 2002 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) بولۇپ، «ۋېينامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە» ۋە «سۇينامە» لەردىن تاللىۋېلىنغان غەربىي يۇرتنىڭ، جۈملىدىن قاڭقىللار ۋە تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر، قاڭقىللار ۋە تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان.

جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغان بولۇپ، ھاكىمىيەتلەرمۇ كۆپ ئالماشقان. قىسقىغىنە 200 نەچچە يىل ئىچىدە شىمالىي ۋېي (شەرقىي ۋېي، غەربىي ۋېي)، شىمالىي چى، شىمالىي جۇ ۋە سۈي سۇلالىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەمما بۇ سۇلالىلەر غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەر بىلەن، شۇنداقلا قاڭقىللار ۋە تۈركلەر بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا بولغان.

مىلادىيە 386 ـ يىلى سيانپىيلاردىن توغبات گۇي ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇب ۋە شەرققە لەشكەر تارتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغان. شۇ سەۋەبتىن، غەربىي يۇرتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، قوش، كىنگىت ۋە پىشامشان قاتارلىق ئەللەرنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، غەربىي يۇرتقا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ياكى ئۇلار بىلەن يېڭىدىن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. مىلادىيە 439 ـ يىلى پىشامشان، قوش، كىنگىت، كۇسەن ۋە سۇلى قاتارلىق ئەللەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى پىڭچېڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى سانغۇن خەن بانى غەربىي يۇرتنى قوغدىغۇچى



چېرىكچىلىككە تەيىنلەپ پىشامشاندا تۇرغۇزۇپ، «ئۇ يەردىكىلەردىن ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە ئوخشاش باج ـ سېلىق ئالغان». شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پايتەختىنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن پايتەختتە مەغرىب سارىيىنى تەسىس قىلغان. مەغرىب سارىيى جايلاشقان يەر «كوچىلىرى رەت ـ رەت، دەرۋازىلىرى بەھەيۋەت، دەرەخلىرى باراقسان، تال ـ سۆگەتلىك بوستان»، ئىنتايىن ئاۋات بولغان. مىلادىيە 577 ـ يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسى شىمالىي چى سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن بەلگىلىك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلىغان. غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكانت ـ سازەندىلىرى شىمالىي چى سۇلالىسىگە بېرىپ «مەھكىمىدار بەگ بولۇشقان»؛ شىمالىي جۇ سۇلالىسىغا بېرىپ «كۈي ـ ئاھاڭلارنى رەتلىگەن». بۇنىڭ بىلەن شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ سۇلالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، «جۇ، چى سۇلالىلىرىنىڭ كونا نەغمىلىرىدە، كۆپىنچە غوزلاردىن ئۆرنەك ئېلىنغان» ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ، قوچۇنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولۇپ، قوچۇ خانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا جۇڭگو ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئاتاق ـ ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلغان. قوچۇ خانلىقىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي تۈزۈملىرى، ئومۇمەن ئوتتۇرا جۇڭگوغا تەقلىد قىلىنغان. قوچۇ خانلىقىدا «سەككىز شەھەر بولۇپ، ھەممىسىدە خۇاشيالار بولغان»، «يېزىقى خۇاشيالارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، يەنە غوز يېزىقىنىمۇ ئىشلەتكەن. بىلىم يۇرتلىرىنى تەسىس قىلىپ ‹نەزمنامە›، ‹مۇھاكىمە ۋە بايان›، ‹ۋاپانامە› لەرنى دەستۇر قىلىپ، تالىپلارنى

يېتىشتۈرگەن. بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە غۇزچە ئوقۇغان».

مىلادىيە 581 ـ يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان باش ۋەزىر ياڭ جيەن سەككىز ياشلىق جۇ پادىشاھى جىڭدىنى تەختتىن چۈشۈرگەن ھەمدە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، سۇي سۇلالىسىنى قۇرغان. كېيىن سۇي سۇلالىسى جەنۇبىي چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، جۇڭگونىڭ نەچچە يۈز يىللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن: غەربىي يۇرت چېرىكچىسى مەنسىپىنى ھەمدە پىشامشان، چەرچەن، ئىۋىرغول ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلغان. مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ياندىشىبېگى پېي جۈنى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى، شۇنداقلا تاغ ـ دەريا، قاتناش ـ ئالاقە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئىگىلەشكە بۇيرۇغان. نەتىجىدە پېي جۈ «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر» نى يېزىپ چىققان؛ مەلىكە خۇارۇڭنى قوچۇ خانى چۇ بايار ياتلىق قىلغان؛ مەلىكە شىنيىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى قاساناغا ياتلىق قىلغان. شۇ سەۋەبلەردىن، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىلىرى بىلەن تىخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلارنىڭ ھەممىسى «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئىزاھات» تا تولۇق نامايەن قىلىنغان.

«24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئىزاھات»، «ۋېينامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە» ۋە «سۇينامە» دىن ئىبارەت تۆت



تارىخىي ئەسەردىن تاللاپ چىقىلغان ماتېرىياللاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، چېتىلىدىغان مىللەت ـ قوۋملار كۆپ، رايون دائىرىسى كەڭرى، تىلغا ئېلىنغان ئاز سانلىق مىللەت ئەمەل ـ مەنسەپناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرى جىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىن خەنزۇچىغا ئاھاڭەن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خاس شەيئىي ناملىرى نۇرغۇن ئىدى. مانا بۇلار مەزكۇر تارىخىي ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش، تەھرىرلەش خىزمىتىگە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر بىرەر ئۇرۇق ـ قەبىلە، يەر ـ جاي، ئەمەل ـ مەنسەپ نامى ياكى كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىن ئاھاڭەن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەرنى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خاس شەيئىي ناملىرىنى ھەل قىلىش، ھەتتا ھەربىر ئىزاھنى ئىشلەش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەر ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر مۇرەككەپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋر ئۇزۇن بولغانلىقتىن، خاس ئىسىم ياكى ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلغاندا، ئەينى چاغدىكى تارىخىي رېئاللىققا ئاساسەن ھەرخىل تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلدى. ئالايلۇق، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى « 国 » ئوخشاش بولمىغان مەنىدىكى بىر قانچە سۆز بىلەن ئىپادىلەندى. مۇبادا، بۇلار بىرلا سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بولسا، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرت ئەللىرى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمەي، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي پاكىتلارنى چۈشىنىشىگە زور قىيىنچىلىق تۇغۇلغان بولاتتى.

كلاسسىك ئەسەرلەرنى ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەرنى تەرجىمە قىلىش تولىمۇ قىيىن. ئۇ چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى كۆپلىگەن مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. «24 تارىختىكى

جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئىزاھات» نىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتۈپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى شۇكى، تەرجىمە جەريانىدا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر زىچ ھەمكارلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلىدى. خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر ئەسلى تېكىستنى تولۇق چۈشىنىشكە، ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر تەرجىمە تېكىستىنى جانلىق ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلغانلىقتىن، تەرجىمە ھەم ئەسلىگە سادىق، ھەم ئوبرازلىق چىقتى. قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر باش قوشۇپ مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى.

مەزكۇر ئەسەر مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتى كومىتېتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ بەشىنچى باسقۇچلۇق نەتىجىسى بولۇپ، چېن شىمىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى؛ خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ۋەن شۈيو («ۋېيىنامە»)، خۇڭ تاۋ («شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»، «سۇيىنامە») لار تاللاپ ـ رەتلەپ چىقتى؛ كېرىم ھاشىم، چېن يۇگۇي («ۋېيىنامە»)، ئىسمائىل مەڭلىك، جاڭ شىجۇڭ («شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»)، ئابلەت نۇردۇن، جاڭ شىجۇڭ («سۇيىنامە») لار تەرجىمە قىلدى؛ چېن شىمىڭ («ۋېيىنامە»)، چېن يۇگۇي («شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»، «سۇيىنامە») لار ئىزاھ ئىشلىدى؛ چېن شىمىڭ، ئىسمائىل مەڭلىك، چېن يۇگۇي، قۇربان تۇران، ئەركىن ئىدرىسلار تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى؛ ئارزۇگۈل شېرىپ، ئادالەت تاھىرلار كوررېكتورلۇق قىلدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسى، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ گۇمانىتار ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات بازىسى — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز



سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى مەزكۇر ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا زور كۈچ چىقاردى. ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى بىر قەدەر قىيىن، سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، ئەسەرنى نۇقسانلاردىن خالىي دېيەلمەيمىز. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر، تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى
قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ـ تەتقىق
قىلىش ئىشخانىسى

2004 ـ يىل 28 ـ سېنتەبىر

# 前　　言

一部好的史学作品，不仅能丰富人们的历史知识，使人们用丰富的历史知识去指导自己现实的社会实践活动，还可以激发人们的民族精神和爱国热情，进而增强全民族奋发向上的凝聚力。从这一基本点出发，我们将《二十四史南北朝时期西域史料译注》奉献给你。

《二十四史南北朝时期西域史料译注》是教育部全国高校古籍整理研究工作委员会资助项目“二十四史西域（广义）史料维吾尔文译注”的第五个阶段性成果（第六个阶段性成果《二十四史西域史料译注<北史>》已于2002年由新疆人民出版社出版），它是由从《魏书》、《北齐书》、《周书》、《隋书》四部著作中辑录出来的与西域地区，乃至于与高车、突厥的社会、政治、经济、文化、民俗民情以及中原王朝与西域地方政权，乃至于与高车、突厥的关系有关的资料经译成维吾尔文并加以注释后汇集而成。

南北朝时期，中原地区战乱不断，王朝更迭。仅二百多年的时间里，就有北魏（东魏、西魏）、北齐、北周和隋王朝雄踞过中原。但这些王朝与西域各地方政权，乃至于与高车、突厥都保持着密切的政治、经济、文化关系。

公元386年鲜卑人拓跋珪，在我国北方建立了北魏王朝。北魏王朝统一北部中国后，更加雄心勃勃，力图挥师南下和东征，统一全中国，所以对西域非常关切，除了接受车师、焉耆、鄯善等西域国家的朝见和纳贡外，还多次派遣官员出使西域，与西域诸国恢复和建立友好关系。公元439年，鄯善、车师、焉耆、龟兹、疏勒等一大批西域国家便派遣使者到北魏王朝的首都平城，表示臣属北魏王朝。其后，北魏王朝又派将军韩拔任领护西域校尉，常驻鄯善，“赋役其人，比之郡县”。北魏王朝将首都迁到洛阳后，还在都城修了供西域人停息居住的崦嵫馆，崦嵫馆所在地“门

巷修整，阛阓填列，青槐荫陌，绿柳垂庭”，十分繁华。公元577年，北周王朝灭掉北齐统一中国北方后，承袭魏制，与西域诸地方政权都保持着一定的从属关系。西域的音乐家们到北齐“开府封王”，到北周“检定音律”，对北齐和北周王朝的文化艺术发展做出了重大贡献，以至于“周齐旧乐，多涉胡戎之伎”。尤其是高昌，与中原的关系更为密切，几乎所有的高昌王都受中原王朝的册封，而且高昌国所推行的军政官制几乎完全仿效中原。高昌国“国有八城，皆有华人”，“文字亦同华夏，亦用胡书。有《诗》、《论语》、《孝经》，置学官弟子，以相传授，虽习读之，而皆为胡语。”

公元581年，控制北周王朝军政大权的丞相杨坚，逼迫年仅8岁的周静帝退位，自立为皇帝，建立了隋朝。其后，隋朝又灭掉了南陈，逐渐结束了中国几百年的分裂局面，在统一和管理西域方面作出了积极的努力，如设置西域校尉并在西域设置鄯善郡、且末郡和伊吾郡，命吏部侍郎裴矩了解西域的政治、经济、文化、山川、交通、民俗风情等情况，编写《西域图记》，将华容公主嫁给高昌王麴伯雅，将信义公主嫁给西突厥可汗曷萨那等。因此，西域诸地方政权纷纷遣使朝贡，与中原王朝的关系进一步加强。上述史实，在《二十四史南北朝时期西域史料译注》中都被充分地反映出来。

由于《二十四史南北朝时期西域史料译注》是由从《魏书》、《北齐书》、《周书》、《隋书》多部历史著作中辑录出来的资料汇集而成，所以论及的民族及部落特别多，涉及的区域特别广，提到的少数民族职官和人物特别纷繁，由少数民族语言音译的词语和表示少数民族特有事物的词语也多如繁星，这就给翻译、注释和审订这部历史著作带来了相当大的难度，每翻译一个少数民族部落的名称、少数民族地区的地名、少数民族官名和人名，每处理一个由少数民族语言音译的词语和表示少数民族特有事物的词语，乃至于每作一个注释，都要付出大量艰辛的劳动。又由于这些资料所反映的历史事件错综复杂，时间跨度也特别大，所以对任何一个专有名



称或词语，都是按着当时的史实翻译，没有使用一贯到底的译名，例如《西域传》中的“国”，就用好几个不同意义的词翻译。如果只用一个词翻译，那就会反映不清楚当时西域各国与中原王朝的关系，给读者理解史实带来很大的困难。

翻译现代作品尚不容易，翻译古籍文献和史学作品就更困难了，它牵扯到理解和表达上的许多非同一般的问题。《二十四史南北朝时期西域史料译注》之所以能顺利出版，很重要的一个原因就是，民汉专家联手合作，互相取长补短。汉族专家严把原文的理解关，民族专家严把译文的表达关，使原、译文达到既神似又形似的效果。遇到难以处理的问题时，民汉专家又相互切磋琢磨，共同研究探讨，直到使问题得到圆满的解决。

这部作品是教育部全国高校古委会资助项目的第五个阶段性成果，项目主持人为陈世明。汉文史料由万雪玉（《魏书》）、洪涛（《北齐书》、《周书》、《隋书》）辑录；由克里木•哈西木、陈毓贵（《魏书》）、司马义•马里克、张锡忠（《北齐书》、《周书》）和阿布来提•努尔东、张锡忠（《隋书》）翻译；由陈世明（《魏书》）、陈毓贵（《北齐书》、《周书》、《隋书》）注释； 由陈世明、司马义•马里克、陈毓贵、库尔班•尼亚孜、艾尔肯•伊迪里斯审订；由阿孜古丽•夏力甫 阿达莱提 塔依尔校对全稿。

新疆大学科研处、教育部人文社会科学重点研究基地新疆大学西北少数民族研究中心、新疆人民出版社为本书的出版给予了大力支持，在此表示衷心的感谢。

囿于课题难度和我们自身的水平，本成果难免有不当之处，恳切地希望读者提出宝贵的意见。

新疆大学人文学院中亚文化研究所

古籍整理研究室

二00四年九月二十八日

# «ۋېينامە» 1 ـ جىلد

## مۇقەددىمە

دەي خانى جاۋچېڭدى①نىڭ جيەنگو② 26 ـ يىلى (مىلادىيە 363 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا دەي خانلىقىنىڭ خانى جاۋ چېڭدى لەشكەر چىقىرىپ قاڭقىللارغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. 10 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، 1 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنى ئولجا ئالدى. شۇيىلى جاڭ چۇڭخۇا③نىڭ ئىنىسى جاڭ تيەنشى جاڭ چۇڭخۇانىڭ ئوغلى جاڭ شۇەنجىڭنى قەتلىئام قىلىپ ئورنىغا ئۆزى خان بولۇۋالدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 14 ـ بەت)

جيەنگو 33 ـ يىلى (مىلادىيە 373 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا خان ئوردىسى لەشكەر چىقىرىپ، قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇيىلى فۇجيەن④ مۇرۇڭ ۋېينى⑤ تىرىك تۇتۇۋالدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 15 ـ بەت)

جيەنگو 39 ـ يىلى (مىلادىيە 379 ـ يىلى) فۇجيەن باش ئەمىرلەشكەر فۇلونى ئۆزىگە قاراشلىق 200مىڭ لەشكەر بىلەن جاڭ خاۋ، جۇتۇڭ، دېڭ چياڭ قاتارلىق سەركەردىلەرنى باشلاپ دەي خانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىنى بېسىۋېلىشقا ئەۋەتتى. 11 ـ ئايدا بەيبۇ، دۇگۇبۇنىڭ قوشۇنلىرى چېگرىنى قوغداپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغاندا مەغلۇپ بولدى. جەنۇبىي چېگرا بۇزرۇكۋارى

لىۇ كۇرېن لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۈنجۇڭغا⑥چېكىندى. دەي خانى لىۇ كۇرېننى 100 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز باشلاپ شىزىلىڭ⑦ دېگەن يەردە دۈشمەننى توسۇپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. لىۇ كۇرېننىڭ قوشۇنى جەڭدە مەغلۇپ بولدى. خان ۋەزىرلەر ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىگە يارايدىغان ئادەم قالمىغانلىقىنى سېزىپ، دەي خانلىقىنىڭ ئوردىسىنى چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈپ يوشۇرۇنۇۋالدى. بۇ چاغدا قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى دەي خانلىقىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا قاراقچى بولۇۋېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. شۇڭا دەي خانى يەنە جەنۇبىي قۇملۇققا ئۆتۈپ، فۇجيەننىڭ قوشۇنلىرى سەل - پەل چېكىنگەندىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ كەلدى. 12 - ئايدا يۈنجۇڭغا يېتىپ بېرىپ، 12 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن 57 يېشىدا قازا قىلدى. ۋېي خانى تەيزۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، دەي خانى جاڭ چېڭدىنى «ۋېي گاۋزۇ» دەپ ئاتىدى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 16 - بەت)

---

① دەي خانى جاۋ چېڭدى ( 代昭成帝 ) — جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىندى مىلادىيە 315 - يىلى سيانپىيلاردىن توغبات يىلۇنى دەي خانى دەپ ئېتىراپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن دەي خانلىقى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ دائىرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا توغرا كېلىدۇ.

جاۋ چېڭدى — توغبات شىجىجيەننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ خان بولغاندىن كېيىن، ئەمەل تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قائىدە - قانۇن تۈزۈپ، ئاھالىلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرغان ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

(«ۋېينامە. مۇقەددىمە» دىن)

② جيەنگو ( 建国 ) — يىلنامى. دەي خانى جاۋ چېڭدى سەلتەنەت



دەۋرىنىڭ مىلادىيە 388 — 376 - يىللىرى مەزگىلى.

(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③ جاڭ جۇڭخۇا ( 张重华 ) — ئالدىنقى لياڭ خانى. «جىننامە. جاڭ گۈينىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

④ فۇجيەن ( 苻坚 ) — ئالدىنقى چىن خانى، دىلاردىن. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالدىنقى يەن، ئالدىنقى لياڭ ۋە دەي خانلىقلىرىنى يوقىتىپ قۇدرەت تاپقان. بىراق ئۇرۇش سەۋەبىدىن خەلقنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، نارازىلىقى كۈچەيگەن. ئاخىرى چياڭلار ئاتامانى ياۋچاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جىننامە. فۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑤ مۇرۇڭ ۋېي ( 慕容违 ) — ئالدىنقى يەن خانى، سيانپىيلاردىن.
(مۇھەررىردىن)

⑥ يۈنجۇڭ ( 云中 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۈەنپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.

(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 967 - بەت)

⑦ شىزىلىڭ ( 石子岭 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۇسىن خوشۇنى بىلەن ئېجىنېخورو خوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 - 49 - بەتلەر)

«ۋېينامە» 2 ـ جىلد

# ۋېي خانى تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى تەيزۇ①نىڭ دېڭگو②4 ـ يىلى (مىلادىيە 389ـ يىلى) 1 ـ ئايدا خان ئوردىسى لەشكەر ئەۋەتىپ قاڭقىللارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ھەممە قەبىلىسىنى دېگۇدەك تارمار قىلدى. 2 ـ ئايدا قوشۇنلار نۇشۇي دەرياسىغا يېتىپ بېرىپ، چىۋىرىن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازاندى. ئارقىدىن خىرەنگىن ئاكا ـ ئۇكىلار بىرقانچە قەبىلىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ ياردەمگە بارغان بولسىمۇ، چوڭ قوشۇنغا يولۇققاندىن كېيىن زەربىگە ئۇچراپ چېكىنىپ كەتتى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 22 ـ بەت)

دېڭگو 5 ـ يىلى (مىلادىيە 390 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ۋېي خانى تەيزۇ غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇ قوشۇنلىرى بىلەن لۇخۇنخەيگە③ ئورۇنلىشىپ، قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، 200 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ئولجا ئالدى. مۇرۇڭ چۇي④ ئوغلى مۇرۇڭ خېلىننى ۋېي خانى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ۋېي خانى تەيزۇ قوشۇنلىرى بىلەن يۇنجۇڭغا قايتىپ بېرىپ، قاڭقىللارنىڭ بۆرە تېغىدا⑤تۇرۇشلۇق دوچىن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازاندى. 11 ـ ئايدا خېشى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كوخان ئۆز قەبىلىسىنىڭ ۋېي



خانلىقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. 12 ـ ئايدا خىتورىن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۇدىجەن ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ ۋېي خانلىقىغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن ۋېي خانى تەيزۇ قايتىپ كېلىپ بەيموغا ئورۇنلاشتى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 23 ـ بەت)

ۋېي خانى تەيزۇنىڭ تيەنشىڭ⑥ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 399 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا پەرمان بويىچە ھەر تەرەپتىن يولغا چىققان لەشكەرلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، قاڭقىللارنىڭ 30 دىن ئارتۇق قەبىلىسىنى تارمار قىلىپ، 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، 300 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، 1 مىليون 400 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق كالا ـ قويىنى ئولجا ئالدى. باش چاپاۋۇل سانغۇن⑦، قورۇقچى بەگ توغبات يي 300 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ غەربىي شىمالدىكى مىڭ چاقىرىملىق چۆل ـ جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەن يەتتە قەبىلىسىنى تارمار قىلدى ھەم 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، 50 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، 200 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي ـ كالا ئولجا ئالدى. يەنە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئېگىز چاقلىق ھارۋا ۋە تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەك، لازىمەتلىكلەرنى قولغا چۈشۈردى. ۋېي خانى ئارقىسىغا قايتىپ نيۇچۇەن دەرياسى⑧ۋە بوشەن تېغىغا⑨ بارغاندا ئابىدە ئورنىتىپ، ئۆز تۆھپىسىنى خاتىرىلەتتى. ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرقلىق تۈردە ئىنئام بەردى. ئارقىدىن ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن يۇيۈ بوخەي ۋىلايىتى⑩دە جاڭ چاۋ⑪نىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. جاڭ چاۋ پىڭيۈەن ۋىلايىتى⑫ گە قېچىپ بارغاندا، قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تۇتۇۋېلىنغان قاڭقىللارنى ئىشلىتىپ جەنۇبتا تەيىيندىن، شىمالدا سەددىچىنگىچە، شەرقتە بەيدېڭ تېغىدىن، غەربتە شىشەن تېغىنىڭ قاپتىلىغىچە بولغان نەچچە ئون چاقىرىم دائىرىدىكى

يەرنى چۆرىدەپ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، ۋۇچۇەندىن[13]سۇ باشلاپ كېلىپ بۇغا باغچىسى[14] بەرپا قىلدى. يەنە سۇنى ئۇچ ئۆستەڭگە بۆلۈپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا باغچا ئىچىدىكى ئوردا قەلئەسىنىڭ ئىچى، سىرتىغا ئاقتۇرۇپ سۇنىڭ ئايىغىنى خۇشيەن كۆلىگە قۇيۇۋەتتى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 34 — 35 - بەتلەر)

تيەنشىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 399 - يىلى) 7 - ئايدا تيەنخۇا ئوردىسى سېلىندى. ۋېي خانى تەيزۇ بۇغا باغچىسىدا قول ئاستىدىكىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پەرقلەندۈرۈپ ئىنئام بېرىپ، تۆهپىكارلارغا زىياپەت بەردى. چېنجۇن[15]، خېبەن[16] ۋىلايەتلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىچكىرى جايلارغا كۆچتى. ئوردا ئەلچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى جايلاشتۇردى. ياۋ شىڭ[17]ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ لوياڭ شەهىرىنى مۇهاسىرىگە ئېلىۋالدى. سىمادېزۇڭ[18]شىن گۇڭجىڭنى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. 8 - ئايدا ئەمىر لەشكەر مۇچۇڭ 6000 كىشىلىك چەۋەندازنى بىلەن لوياڭنى مۇهاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. پايتەختنىڭ 12 قوۋۇقى يېڭىدىن ئاچتۇرۇلدى، قورال - ياراغ ئىسكىلاتى تەسىس قىلىندى، ئايماق - ۋىلايەتلەردىكى پۇقرالارنىڭ يېرىم سېلىقى بىكار قىلىندى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋېي خانى تەيزۇنىڭ يارلىقى بويىچە مۇراسىمبەگ ئوردىنىڭ يېڭى يوسۇن - قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ئېلان قىلدى. فەنياڭلىق لۇفۇ دېگەن ئادەم دېڭىز ياقىسىدا كۈچ توپلاپ ئۆزىنى خاننىڭ تەمتەكدارى، شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، يۇجۇ ئايماقبېگى دەپ ئاتاپ، ۋىلايەت - ناهىيىلەرنى ئىشغال قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلدى ۋە يۇجۇ ئايماقبېگى فېڭ تاگەننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇرۇڭ شېڭنىڭ لياۋشى ۋالىيسى لى لاڭ ئۆز ۋىلايىتىنىڭ ۋېي خانلىقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. غۇزلارنىڭ شىخې[19]دىكى سەردارى خۇنويۇ، دىڭلىڭلار[20]دىكى



سەردارى زەيتون، سىچۇەندىكى سەردارى خەن بىلار ئۆز تەۋەسىدىكىلەرنى باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن ۋېي خانلىقىغا بېقىندى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 35 — 36 - بەتلەر)

تيەنشىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 400 - يىلى) 11 - ئايدا قاڭقىللارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ سەردارى سىلىجان ئۆز قەبىلىسىدىكى 900 دىن ئارتۇق تۈتۈننى باشلاپ ۋېي خانلىقىغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 37 - بەت)

تيەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 402 - يىلى) 2 - ئايدا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، چاڭشەن بېگى توغبات زۇن قاتارلىقلار ئەندىڭ[21]ۋىلايىتىنىڭ گاۋپىڭ ناهىيىسىگە بارغاندا، مۇيىيۇ[22]، توباۋېيچېن، توبا چۇگەيلەر بىر قانچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. توغبات زۇن ئۇلارنى لۇڭشى[23]نىڭ ۋاتىڭ دېگەن يېرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، يېتىشەلمەي قايتىپ كەتتى. ئۇلار تاشلاپ كەتكەن ئېغىر - يېنىك ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى. 40 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، 3 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق تۆگە ۋە قوتاز، 90 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي - كالىنى ئولجا ئېلىپ، قول ئاستىدىكى سانغۇن، لەشكەرلەرنىڭ تۆهپىسىگە قاراپ ئىنئام بەردى. ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىنى پايتەختكە[24]هەيدەپ ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. سىرامان جاڭ چاۋ ئۆزىنى تەڭداشسىز بۈيۈك خان دەپ جاكارلاپ، دىڭلىڭلارنىڭ سەردارى شيەنيۇ سىباۋ بىلەن چاڭشەننىڭ[25] شىڭتاڭ دېگەن يېرىدە تىل بىرىكتۈرۈپ مۇرىت توپلىغانىدى، 4 - ئايدا چاڭشەن ۋالىيسى لۇ فۇليەن ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 39 -، 40 - بەتلەر)

تيەنشىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 403 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ۋېي خانى تەيزۇ سانغۇن يى ۋېينى 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شىمالدىكى قاڭقىللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. سىما دېزۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ خان ئوردىسىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. 11 ـ ئايدا يى ۋېي قاڭقىللارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 41 ـ بەت)

---

① ۋېي خانى تەيزۇ (魏太祖) — ئىسمى توغبات گۇي. مىلادىيە 386 ـ يىلى خان بولۇپ، دەي خانلىقىنى ۋېي خانلىقى دەپ ئۆزگەرتكەن. سيانپىيلارنى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، سيانپىيلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. مىلادىيە 409 ـ يىلى ئوغلى توغبات شاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

② دېڭگو (登国) — يىلنامى. ۋېي خانى تەيزۇ توغبات گۇي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 386 — 395 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③ لۇخۇنخەي (鹿浑海) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇلانباتور شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

④ مۇرۇڭ چۇي (慕容垂) — كېيىنكى يەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى.
(مۇھەررىردىن)

⑤ بۆرە تېغى (狼山) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى



خانگىن ئارقا خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑥ تيەنشىڭ (天兴) — يىلنامى. ۋېي خانى تەيزۇ توغبات گۇي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 398 — 403 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑦ باش چاپاۋۇل سانغۇن (骠骑将军) — ئورنى ۋە تەمىناتى ئۈچ ۋەزىردىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن تەڭ كېلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار.
(«سىيۈەن» 3464 ـ بەت)

⑧ نيۇچۈەن دەرياسى (牛川) — يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى شىراмۇلىن دەرياسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 46 ـ بەت)

⑨ بوشەن تېغى (薄山) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا.
(«جۇڭگو يەرناملىرى قامۇسى» 1295 ـ بەت)

⑩ بوخەي ۋىلايىتى (勃海郡) — دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چاڭجۇ شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

⑪ جاڭ چاۋ (张超) — ئوغان قوۋمىدىن. ئۇ 3000 تۈتۈنلۈك ئادەمنى توپلاپ بوخەي ۋىلايىتىدىكى نەنپى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى نەنپى ناھىيىسى) نى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنى ئوغانلار خانى دەپ ئېلان قىلغان ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑫ پىڭيۈەن ۋىلايىتى (平原郡) — ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ

ئۆلكىسى لياۋچېڭ ناھىـ ـسى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىـ ـاب 42 — 43 ـ بەتلەر)

⑬ ۋۇچۇەن (武川) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى شىرامۇلىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا. ئەمەلىيەتتە شىرامۇلىن دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلىغان.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 59 — 60 ـ بەتلەر)

⑭ بۇغا باغچىسى (鹿苑) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 873 ـ بەت)

⑮ چېنجۈن ۋىلايىتى (陈郡) — ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑯ خېنەن ۋىلايىتى (河南郡) — ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جۇەيياڭ، شياڭشۈي ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑰ ياۋ شىڭ (姚兴) — كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ خانى.
(مۇھەررىردىن)

⑱ سىمادېزۇڭ (司马德宗) — شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، پادىشاھلىق نامى ئەندى.
(مۇھەررىردىن)

⑲ شىخې (西河) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى فېڭياڭ، شياۋيى ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب47 ـ بەت)



⑳ دىڭلىڭلار (丁零) — قەدىمكى مىللەت. شۇ چاغلاردا ھازىرقى سەنشى، خېبېي ئۆلكىلىرىدە ياشىغان. دىڭلىڭلارنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىرى خەنزۇچە مەنبەلەردە چىلې (قاڭقىللار) دەپ ئاتالغان.
(«سىخەي» 22 ـ بەت)

㉑ ئەندىڭ ۋىلايىتى (安定郡) — ئورنى ھازىرقـــى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉒ مۇيىيۇ (木易于) — فۇجىيەنىنىڭ سەركەردىسى.
(مۇھەررىردىن)

㉓ لۇڭشى (陇西) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉔ ۋېي خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى پايتەختى پىڭچېڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرى) ئىدى.
(«سىخەي» 760 ـ بەت)

㉕ چاڭشەن (常山) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

## «ۋېينامە» 3 ـ جىلد

# ۋېي خانى تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە

يۇڭشىڭ① 3 ـ يىلى (مىلادىيە 411 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا خاننىڭ نامىدىن چۈشۈرۈلگەن يارلىقتا: «يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تەل بولغاندىلا كىشىلەر شان ـ شەرەپ بىلەن ئار ـ نومۇسنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىدۇ. پۇقرالار ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن قاقشاپ، ئەتىگەندە قورساقنى بېقىپ ئاخشاملىقنىڭ غېمىنى قىلىپ، غەم ـ ئەندىشىدە يۈرسە، قانداقمۇ ئىنساپنى، مېھىر ـ شەپقەتنى تىلغا ئالالايدۇ؟ دەل شۇ سەۋەبتىن، خان تەلىمى ۋە پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپلەپ سادىر بولۇۋاتىدۇ. ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلمىسا، ئاياللار يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇمىسا ئائىلىسىنىڭ تىرىكچىلىكىنى قامدىغىلى بولمايدۇ. ئوردا خادىملىرى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان پۇل ـ ماللىرىنى پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىشى، ھۈنەر ـ تېخنىكىلىرىنى پۇقرالارغا ئۆگىتىشى لازىم» دېيىلگەن. كەينىدىنلا ئوردا بېيشىن تۆرىسى ئەن تۇڭ قاتارلىقلارنى بىڭجۇ②، دىڭجۇ③ ئايمىقى ۋە غۇزلار، دىڭلىڭلار ئولتۇراقلاشقان تاغلىق جايلارغا بېرىپ، پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇقۇپ، يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ تەكشۈرۈشكە، مەسئۇلىيەتسىز ئەمەلدارلارنى جازالاپ، ناھەق ـ ئۇۋال دەۋالارنى ئاقلاپ، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارنى ئىناق ئۆتىدىغان قىلىشقا، ئاجىز ـ يېتىملارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى



ھەل قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئىشتىن ھەممە يەردىكىلەر خەۋەر تاپتى. چاڭ لى④، لياۋ دۇڭدىكى 2000 تۈتۈندىن كۆپ پۇقرا ۋېي خانلىقىغا بېقىندىغان بولدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 51 ـ بەت)

ۋېي خانى تەيزۇڭنىڭ تەيچاڭ⑤ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 418 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا خان چاڭچۈەندە⑥تۇرۇۋاتقان قاڭقىللار كەپتاۋۇلى شۆپەنگە قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ 12 قەبىلە ئاقساقىلىنى قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن قوشۇپ، شىمالغا — روشۈي دەرياسىغا⑦ باشلاپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۇلارغا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئەل بولدى. 20 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا غەنىيمەت ئېلىندى. خېدۇڭدىكى⑧ غۇزلار بىلەن شۈجۈنلىكلەر⑨ دىن 5000 دىن ئارتۇق ئائىلە ۋېي خانلىقىغا تەۋە بولدى. 3 ـ ئايدا سىمادېزۇڭ ۋېي ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تارتۇق قىلدى. خان غەربىي ئوردىغا كىردى. فەنياڭ ۋىلايىتىدە ئۆتكەن يىلى سۇ ئاپىتى بولغانلىقتىن، كونا غەللە ـ پاراق تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 58 ـ بەت)

---

① يۇڭشىڭ ( 永兴 ) — يىلنامى. ۋېي خانى مىڭيۈەندى توغبات سى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 409 — 413 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

② بىڭجۇ ئايمىقى ( 并州 ) — ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

③ دىڭجۇ ئايمىقى ( 定州 ) — ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

④ چاڭلى ( 昌黎 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

⑤ تەيچاڭ ( 泰常 ) — يىلنامى. ۋېي خانى مىڭيۈەندى توغبات سى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 416 — 423 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑥ چاڭچۈەن ( 长川 ) — قەلئە نامى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 46 ـ بەت)

⑦ روشۈي دەرياسى ( 弱水 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې ۋىلايىتىدىكى خېشۈي دەرياسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 50 — 51 ـ بەتلەر)

⑧ خېدۇڭ ( 河东 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

⑨ شۇجۈن ۋىلايىتى ( 蜀郡 ) — ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 36 — 37 ـ بەتلەر)



## «ۋېينامە» 4 ـ جىلد

# ۋېي خانى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى شىزۇنىڭ شېنجيا① 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا قۇلان دىنىنىڭ ئىنىسى جيۇچۈەن ئەمىرى قۇلان جۇن پىڭلياڭدىن② كېلىپ ۋېي خانلىقىغا ئۆتتى. دىڭلىڭلاردىن شيەنيۇ تەيياڭ قاتارلىقلار گۇناھىغا تۆۋە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋېي خانى يارلىق چۈشۈرۈپ كەچۈرۈم قىلدى. 2 ـ ئايدا شاڭداڭلىق لى يۇ مۇرىت توپلاپ ۋالىينى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆزىنى مۇستەقىل خان دەپ ئاتاپ ئۆز مەنسەپدارلىرىنى تەيىنلىدى. خېنبېينى③ قوغداۋاتقان سانغۇن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تارمار قىلدى. لى يۇ يېڭىلىپ سەرگەردان بولۇپ تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندا، باشقىلار تۇتۇۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەردى ھەم كاللىسى ئېلىندى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 74 ـ بەت)

شېنجيا 3 ـ يىلى (مىلادىيە 430 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ۋېي خانى سىرتتىكى سەپىرىنى تۈگىتىپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، خانلىق بويىچە جازالانغانلارنى ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى چۈشۈردى. ئاي ئاخىرىدا گۇڭنىڭ④ دىكى ئارشاڭغا بېرىپ يۇيۇندى ۋە ئارشاڭنى مەدھىيىلەپ نەزمە يازدى. 2 ـ ئايدا ئەمىرى زېمىن، پىڭياڭ بېگى جاڭسۇن خەن ئۆلدى. ئاي ئاخىرىدا ۋېي خانى يەنە ئوردىغا قايتىپ كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا گۇيجى⑤ ئەمىرى قۇلان چاڭ چىن بېگى

مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يۈنجۈڭ⑥، خېشى⑦دىكى دىڭلىڭلاردىن مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق كىشى توپلاپ كۆتۈردى. دىۋانبېگى لىيۇجىي ئۇلارنى يوقاتتى. ۋېي خانى لىيۇ يىلۇڭنىڭ⑧ چېگرىغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىجۇ⑨، دىڭجۇ، شياڭجۇ ئايماقلىرىغا 3 مىڭ كېمە ياسىتىپ تەييار تۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. يۈجۇ ئايمىقىنىڭ⑩ جەنۇبىغا لەشكەر توپلاپ خۇاڭخې دەرياسى يېنىدا تۇرغۇزۇپ تەييارلىق كۆردى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 75 ـ بەت)

شېنجيا 3 ـ يىلى (مىلادىيە 430 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا ۋېي خانى يۈنجۈڭنى كۆزدىن كەچۈردى. دىڭلىڭلاردىن ئون نەچچە مىڭ ئائىلىلىك توپلاپ كۆتۈرۈپ كۆچۈپ كەتتى. خان پەرمانىغا بىنائەن دىۋانبېگى فېڭ تيې قوشۇن باشلاپ ئۇلارنى قوغلاپ يوقاتتى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 76 ـ بەت)

شېنجيا 4 ـ يىلى (مىلادىيە 431 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ۋېي خانى خېشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چېڭخۇا ئوردىسىنى سالدۇردى. 8 ـ ئايدا جۇرچى مۇنسۇن ⑪ ئوغلى جۇرچى ئەنجۇنى ئوردىغا تۇرغاق بولۇشقا ئەۋەتتى. تۇيغۇنلار خانى مۇگۇي ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا مەلۇماتنامە يوللاپ، قۇلان دىنىنى ئاپىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئوردا مەلۇماتنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇگۇينى ئۇلۇغ سانغۇن، غەربىي چىن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. 9 ـ ئايدا ۋېي خانى ئوردىغا قايتىپ كەلدى. ئەمىر لەشكەر جاڭسۇن سۇڭنى چوڭ ئەركان سانغۇنلۇققا، بۇزرۇكۋار تۆرە، سولقانات كېڭەش بېگى سۇي خاۋنى ئەمىرى زېمىنلىققا، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن جاڭسۇن داۋشىڭنى ئەمىرى مىمارلىققا ئۆستۈردى. ۋېي خانى يەنە مۇراسىم بېگى لى شۈنگە



ماندات تۇتۇپ بېرىپ، خېشى خانى جۇرچى مۇنسۇنغا ماندات تۇتقۇچى، قوشۇمچە شىغاۋۇل⑫، لياڭجۇ ئايمىقى ۋە غەربىي يۇرتتىكى چاڭلار، رۇڭلارنىڭ⑬ ھەربىي ئىشلار تۇتۇقى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، ئاتالىق⑭، لياڭجۇ ئايماق بېگى ۋە لياڭجۇ خانى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشنى بۇيرۇدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 79 ـ بەت)

ۋېي خانى شىزۇنىڭ يەنخې⑮ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 432 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا خان رۇشۇي دەرياسىغا⑯ يېتىپ باردى. شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن يىچېڭ ئەمىرى شىجىننى يۈجۇ ئايمىقىنىڭ پۇقرالىرىدىن ۋە مىيۈن⑰دىكى دىڭلىڭلارنىڭ پۇقرالىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، جەنۇبىي يول بىلەن مېڭىپ خېلۇڭ⑱ دېگەن يەردە ئۇچرىشىشقا بۇيرۇدى. خان لياۋشىغا⑲ يېتىپ بارغاندا ۋېنتۇڭ ئۆزىنىڭ ياساۋۇل تەپتىش بېگى سۇي پىننى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ۋېي خانىنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 81 ـ بەت)

ۋېي خانى شىزۇنىڭ تەييەن ⑳1 ـ يىلى (مىلادىيە 435 ـ يىلى) خان يارلىق چۈشۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بىر دەرىجە يېنىكلەتتى. مەرھۇم ۋېي خانى تەيزۇ، تەيزۇڭ دەۋرلىرىدىكى كېنىزەكلەرنى ئوردىدىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋام بىلەن نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئارقىدىنلا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى. يىلنامى ئۆزگەرتىلدى. 2 ـ ئايدا جورجان، كىنگىت، قوش بەگلىكلىرى ئوردىنى تاۋاپ قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. چاڭئەن ۋە پىڭليالڭ ئايماقلىرىدىن پايتەخت ئەتراپلىرىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنلەر ئىچىدىكى ئاجىز ـ

ئوروق، يېتىم - يېسىرلار، ئۆز جېنىنى بېقىپ كېتەلمەيدىغانلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى. ئاي ئاخىرىدا خان ئوردىغا قايتىپ باردى. 3 - ئايدا فېڭ ۋېنتۇڭ[21] سانغۇن كېجۇتۇڭ ئارقىلىق ئوردىغا سوۋغا - سالام ئەۋەتتى. ئۆز ئوغلىنىڭ كېسەل بولغانلىقتىن ئوردىغا كېلەلمىگەنلىكىنى بايان قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 84 - بەت)

تەيىيەن 1 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كورىيە، پىشامشان بەگلىكلىرى ئوردىغا سوۋغا - سالام يوللاپ ئەلچى ئەۋەتتى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خان ئوردىسى باش چاپاۋۇل سانغۇن، لېپىڭ بېگى توغبات يېغا 40 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازنى باشلاپ شەرقتىكى فېڭ ۋېنتۇڭغا جازا يۈرۈش قىلىش پەرمانى چۈشۈردى.
(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 85 - بەت)

تەيىيەن 3 - يىلى (مىلادىيە 437 - يىلى) 4 - ئايدا ۋېي خانى ئوردىغا قايتىپ باردى. كۇسەن، ياپپان، كىنگىت، قوش، سوغدى، سۇلى، ئۇيسۇن، كاۋانتا، پىشامشان بەگلىكلىرى ئوردىغا سوۋغا - سالام يوللاپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئاي ئوتتۇرىسىدا ليۇ يىلۇڭ ئوردىغا سوۋغا - سالام يوللاپ ئەلچى ئەۋەتتى.
تەيىيەن 4 - يىلى (مىلادىيە 438 - يىلى) 3 - ئاينىڭ بېشىدا پىشامشان بېگىنىڭ ئىنىسى سويەنچى ئوردىغا تاۋاپقا كەلدى.
(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 88 - بەت)

تەيىيەن 5 - يىلى (مىلادىيە 439 - يىلى) 4 - ئايدا پىشامشان، كۇسەن، سۇلى، كىنگىت بەگلىكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. 5 - ئايدا قوشۇنلار



پايتەختنىڭ غەربىگە توپلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى. ئاي ئاخىرىدا چېيى خانلىقى قان - تەر ئات تەقدىم قىلدى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا ۋېي خانى لەشكەر باشلاپ غەربىي چېگرىدىكى جۇرچى مۇقانغا جازا يۈرۈش قىلدى. شىغاۋۇل، يىدۇ بېگى مۇشۇ شاھزادىنىڭ ئوردا ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشىغا ياردەملەشتى. ئۇلۇغ سانغۇن، چاڭلې بېگى جىجىڭ بىلەن دۆلەتكە يۆلەكچى چوڭ سانغۇن، جيەنىنىڭ بېگى توغبات چۇڭ 20 مىڭ لەشكەر بىلەن جورجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا توپلىنىپ تەييارلىق قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 89 - بەت)

شۇ يىلى پىشامشان، كۇسەن، سۇلى، كىنگىت، كورىيە، سوغدى، كاۋانتا، پەرغانە، قارغالىق قاتارلىق بەگلىكلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا - سالام يوللىدى.
(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 90 - بەت)

ۋېي خانى شىزۇنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن[22] 3 - يىلى (مىلادىيە 442 - يىلى) 4- ئايدا جۇرچى ئۇرغۇنىڭ لەشكەرلىرى چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ پىشامشاننى ئىشغال قىلدى. لى خاۋنىڭ نەۋرىسى لى باۋ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار دۇنخۇاڭنى ئىشغال قىلىپ، ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي خانلىقىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 5 - ئايدا ۋېي خانى چوغاي تېغىنىڭ[23] شىمالىغا باردى. ليۇ يىلۇڭنىڭ ئۈچار ئەجدىھا سانغۇنى فېي فاڭمىڭ بىلەن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ليۇ كاڭزۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي چىنجۇ ئايمىقىغا[24] بېسىپ كىردى. جەنۇبىي چىنجۇ بېگى ياڭ نەنداڭ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ زېمىنىنى تاشلاپ شاڭگۇيغا[25] چېكىندى.
(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 94 — 95 - بەتلەر)

تەيپىڭ جېنجۈن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 444ـ يىلى) 11 ـ ئايدا لىۋ يىلۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي ئوردىسىغا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى. 12 ـ ئايدا سوغدى بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋېي خانى ئوردىغا قايتىپ باردى.

تەيپىڭ جېنجۈن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 445 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، گاۋلياڭ بېگى توغبات نار بەيلەندە[26] تۇرۇشلۇق تۇيغۇنلار سەردارى ئامونوشادقا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئوردا چىنجۇ ئايماقدارى، تيەنشۈي ئەمىرى فېڭ چىۋېنگە ئامونوشادنىڭ جىيەن ئوغلى شىگۈينىڭ فۇخەننى[27] قوغداۋاتقان لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى، چەۋەنداز مەھرەم، چېڭجۇ ئەمىرى ۋەن دۇگۈيغا لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى چىقىرىپ پىشامشانغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋېي خانى شىمالغا بارغاندا، خانلىق قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شىگۈي كېچىدە شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 98 ـ بەت)

تەيپىڭ جېنجۈن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 445 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، فېڭ چىۋېن فۇخەننى ئىشغال قىلىپ، مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق يەرلىك ئاھالىنى شاڭگۈيغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ئايدا، ۋەن دۇگۈي خىللانغان چەۋەندازلار بىلەن پىشامشانغا بېرىپ، پىشامشان بېگى جېندانى تۇتۇپ پايتەختكە ئاپاردى. ۋېي خانى بۇنىڭدىن قالتىس خۇش بولدى ۋە پىشامشان بېگىنى ئىززەتلەپ كۈتۈۋالدى. ۋېي خانى چوغاي تېغىنىڭ شىمالىغا باردى. ئارقىدىنلا گۇاڭدې ئوردىسىغا باردى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى چېرىكلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ھەر قوۋم، ھەر قەبىلە پۇقرالىرىدىن 5 مىڭ



تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەمنى شىمالىي چېگرىغا كۆچۈرۈپ، جورجانلارنى قىزىقتۇرىدىغان يەمچۈك قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەنلەرگە قۇملۇقتا چارۋا باقتۇردى. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا گاۋلياڭ بېگى توغبات نارنىڭ قوشۇنلىرى مەنتۇ قەلئەسىگە[28] يېتىپ باردى. ئامونوشاد ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ كۆچمە قۇمنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەتتى. توغبات نار شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بەردى. غەربىي چىن خانى مۇگۈينىڭ ۋەلىئەھدى بىيناڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ توغبات نارنىڭ قوشۇنلىرىنى توسۇپ ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. بىيناڭ خىللانغان چەۋەندازلىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. جۇڭشەن بېگى دۇفېڭ خىللانغان چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ئۇنى قوغلىدى. لەشكەرلەر سەنۋېيدىن[29] ئۆتۈپ قارلىق تاغقا يېتىپ بېرىپ بىيناڭ، شىگۈي ۋە جىيەننىڭ ئوغلى چېڭلۇڭنى تىرىك تۇتۇپ پايتەختكە ھەيدەپ ئاپاردى. ئامونوشاد غەربكە قېچىپ ئۇدۇن بەگلىكىگە بېرىۋالدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 98 — 99 ـ بەتلەر)

ۋېي خانى شىزۇنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 8 ـ يىلى (مىلادىيە 447 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا خېشى بېگى جۈرچى مۇقان توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ جازاغا ئۇچرىدى. دىڭجۇ ئايمىقىدىكى دىڭلىڭلاردىن 3 مىڭ تۈتۈن ئادەم پايتەختكە كۆچۈرۈپ ئاپىرىلدى.

10 ـ ئايدا شىغاۋۇل يىدۇ بېگى مۇشۇ ئۆلدى. 12 ـ ئايدا پىشامشان بەگلىكى ۋە جىيى بەگلىكى بەگزادىلىرىنى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. جىنجۇ بېگى فۇلو ئۆلدى.

9 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جياۋجى بېگى خەن بانى ماندات تۇتقۇچى تۆرە، غەربنى بويسۇندۇرغۇچى سانغۇن، قوشۇمچە غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى، پىشامشان بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇ يەردىكى پۇقرالارنى ئەتراپتىكى ۋىلايەت ـ ناھىيىدىكىلەرگە ئوخشاش

باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. 6 ـ ئايدا ۋېي خانى گۇاڭدىڭ ئوردىسىغا㉚ كىردى. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياپپانلار بەگلىكى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خان بۇ تەلەپكە قوشۇلدى.

8 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە قوشۇنلارغا ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى. 9 ـ ئايدا قوشۇنلار پايتەختنىڭ غەربىگە توپلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋېي خانى چوغاي تېغىغا چىقتى. شۇ ئايدا چىڭجۇ ئەمىرى ۋەن دۇگۇي لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىر قانچە مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ كىنگىت بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلدى. كىنگىت بېگى كوشپانا قېچىپ كۇسەنگە بېرىۋالدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، خېڭنوڭ بېگى شى جىن ئۆلدى. ئالاقىدار ۋازارەتلەرگە نىكاھ ئىشلىرىدا ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىش، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى چوڭ ئۆتكۈزۈپ بەتخەجلىك قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش ۋە جازالاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋېي خانى گۇناھكارلارنى ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى چۈشۈردى. 12 ـ ئايدا كىنگىتتا تۇرۇۋاتقان چىڭجۇ ئەمىرى ۋەن دۇگۇيغا لەشكەر باشلاپ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈلدى. ۋەلىئەھد ئوردىدا ۋېي خانىغا تاۋاپ قىلىۋاتاتتى، ۋېي خانى ئۇنى قوشۇنى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە㉛ بېرىپ قارىسا، بىرمۇ جورجاننىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. ئۇ شەھەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلاپ لەشكەرلىرىنى شەھەر قوغداشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئوردىغا قايتتى. بېيپىڭ بېگى جاڭسۇن دۇن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغىنى ئۈچۈن بەگ مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلىپ ئەمىر قىلىپ تەيىنلەندى.



تەيپىڭ جېنجۈن 10 ـ يىلى (مىلادىيە 449 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ۋەلىئەھد ۋە بارلىق ئوردا ئەركانلىرى ۋېي خانىنىڭ ئوردىغا كىرگەنلىكىنى قارشى ئالدى. شۇ ئايدا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، تۆھپىكارلارغا پەرقلىق ھالدا، ئولجا ئېلىنغان نەرسىلەر ۋە رەخت، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈك ئىنئام قىلىنىپ، مۇكاپات بېرىلدى. 11 ـ ئايدا كۇسەن، سۇلى، پەرغانە، ئاراچىن قاتارلىق ئەللەرنىڭ بەگ ۋە خانلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. 12 ـ ئايدا ۋېي خانى ئۆزى لەشكەر باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلدى. شۇ ئاي ئوتتۇرىسىدا پىڭچاڭ ئەمىرى يۈەن توجېن جۇڭشەن بەگلىكىگە تەيىنلەندى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 102 — 103 ـ بەتلەر)

ۋېي خانى شىزۇنىڭ جېڭپىڭ㉜ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 451 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دەريا بويىغا چاقىرتىلىپ تۆھپىسىگە قاراپ مۇكاپاتلاندى. ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلاردىن 200 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلدى. شۇ ئايدا خان ئالىيلىرى شىمالنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ ئايدا پەرغانە، زابۇلىستان بەگلىكلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. 2 ـ ئايدا ۋېي خانى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا، ئۇ يەردىن لۇكوغا ㉝ باردى. ۋەلىئەھد ئوردىغا كىرىپ خان ئالىيلىرىنى تاۋاپ قىلدى. 3 ـ ئايدا ۋېي خانى ئۆزى لەشكەر باشلاپ جەنۇبقا جازا يۈرۈشى قىلىپ، كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان توپىلاڭنى باستۇردى. ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا تاۋاپ قىلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئەل بولغان پۇقرالاردىن 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى بىر قانچە جايغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. توپىلاڭنى باستۇرۇش داۋامىدا ئولجا ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى ئەمەلدارلارنىڭ تۆھپىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈپ ئىنئام قىلدى.

5 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كەچۈرۈم پەرمانى

چۈشۈرۈلدى. 6 ـ ئايدا يىلنامىسى ئۆزگەرتىلدى. قوش بەگلىكنىڭ بېگى ئوغلىنى ئوردىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. خان چۈشۈرگەن يارلىقتا: «جازا تۈرلىرى كۆپەيتىلگەنسېرى گۇناھكارلارمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن. قانۇن تۈزۈشكە مەسئۇل ئالاقىدار مەھكىمىلەر جازا تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقسۇن. جازا تۈرلىرى ئىچىدە پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىكىگە پايدىلىق تەرىپىنى قوشۇپ، زىيانلىق تەرەپلىرىنى بىكار قىلىنسۇن» دېيىلگەنىدى. ۋەلىئەھد مۇرەببىچىسى يۇيا بىلەن قارا دىۋاننىڭ ياندىشى بېگى خۇفاڭخۇي قاتارلىقلارغا قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىقىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. لوياڭ بېگى توغبات جەر ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى㉞. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇلدى. شۇ ئايدا ۋەلىئەھد ئۆلدى. ئۇنىڭ جەسىتى جىنلىڭ㉟ قەبرىستانىغا دەپنە قىلىندى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 105 ـ بەت)

---

① شىنجيا ( 神䴥 ) — يىلنامى. ۋېي خانى شىزۇ توغبات تاۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 428 — 431 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

② پىڭلياڭ ( 平凉 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

③ خېنبي ( 河内 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جاۋزۇ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)



④ گۇاڭنىڭ ( 广宁 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

⑤ گۇيجى ( 会稽 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى شاۋشىڭ شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 5 — 6 ـ بەتلەر)

⑥ يۈنجۇڭ ( 云中 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خورىنگېر ناھىيىسى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑦ خېشى ( 河西 ) — خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمى، يەنى هازىرقى گەنسۇ، سەنشى ئۆلكىلىرى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى كۆرسىتىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 514 ـ بەت)

⑧ ليۇ يىلۇڭ ( 刘义隆 ) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى.
(مۇھەررىردىن)

⑨ جىجۇ ئايمىقى ( 冀州 ) — هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەتلەر)

⑩ يۇجۇ ئايمىقى ( 幽州 ) — هازىرقى بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەتلەر)

⑪ جۇرچى مونسۇن ( 沮渠蒙逊 ) — شىمالىي لياڭ خانى. مىلادىيە 401 — 432 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. «ۋېينامە. جۇرچى

مونسۇننىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

⑫ شىغاۋۇل ( 侍中 ) — پەخرىي نام. ئادەتتە خان ھوزۇرىدا خىزمەت قىلىدىغان ياكى خاننىڭ ئىتىبارىغا ئىگە بولغان ئەمەلدارلار بۇ نامغا ئېرىشەتتى.
(«ۋېينامە. ئەمەل تەزكىرىسى» 2971 ـ بەت)

⑬ غەربىي يۇرتتىكى چاڭلار، رۇڭلار ( 西域羌戎 ) — شۇ ۋاقىتتا چاڭلار غەربىي يۇرتتىكى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي شـــمال ئېتەكلىرىدە ياشايتتى، رۇڭلار بولسا غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

⑭ ئاتالىق ( 太傅 ) — پەخرىي نام. ئادەتتە بىلىمى، پەزىلىتى ۋە ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان ئەمەلدارلارغا بېرىلەتتى.
(«تارىخىي ئەمەل ناملىرى» 25 ـ بەت)

⑮ يەنخې ( 延和 ) — يىلنامى. ۋېي خانى شــىزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 432 — 434 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑯ رۇشۇي دەرياسى ( 濡水 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لۇەنخې دەرياسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 8 — 9 ـ بەتلەر)

⑰ مىيۈن ( 密云 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى مىيۈن ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 — 48 ـ بەتلەر)

⑱ خېلۇڭ ( 和龙 ) — لۇڭچېڭ ( 龙城 ) دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىنجۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 — 48 ـ بەتلەر)



⑲ لياۋشى ( 辽西 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى تاڭشەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 9 — 10 ـ بەتلەر)

⑳ تەييەن ( 太延 ) — يىلنامى. ۋېي خانى شىزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 435 — 439 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

㉑ فېڭ ۋېنتۇڭ ( 冯文通 ) — شىمالىي خانلىقنىڭ خانى.
(مۇھەررىردىن)

㉒ تەيپىڭ جېنجۈن ( 太平真君 ) — ۋېي خانى شىزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 440 — 450 ـ يىللىرىنىڭ نامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

㉓چوغاي تېغى ( 阴山 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

㉔جەنۇبىي چىنجۇ ( 南秦州 ) — ئايماق. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11— 12 ـ بەتلەر)

㉕شاڭگۈي ( 上 ) — شەھەر. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

㉖بەيلەن ( 白兰 ) — تاغ نامى. ئورنى ھازىرقى چـــىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 260 ـ بەت)

㉗فۇخەن ( 枹罕 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناھىيىسى بىلەن لىنتاۋ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 11 — 12 - بەتلەر)

㉘مەنتۇ قەلئەسى ( 曼头城 ) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو يەر نامرلىرى قامۇسى» 811 - بەت)

㉙سەنۋېي ( 三危 ) — تاغ نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 50 — 51 - بەتلەر)

㉚گۇاڭدې ئوردىسى ( 广德宫 ) — چوغاي تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە.

(مۇھەررىردىن)

㉛تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى ( 受降城 ) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى خەن ۋۇدى سانغۇن گوڭسۇن ئاۋغا ھونلاردىن تەسلىم بولغان ئاقسۆڭەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سالدۇرغان. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۇرات ئوتتۇرا - ئارقا بىرلەشمە خوشۇنىدىكى چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدا.
(«خەننامە. ۋېي چىڭنىڭ تەرجىمىھالىدىن»)

㉜جېڭپىڭ ( 正平 ) — ۋېي خانى شىزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 451 — 452 - يىللىرىدىكى نامى. مىلادىيە 452 - يىلى ۋېي خانى شىزۇ ئۆلگەن.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉝لۇكۇ ( 鲁口 ) — قەلئە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى راۋياڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 44 — 45 - بەتلەر)



㉞ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن كىشى ( 仪同三司 ) — پەخرىي نام. ئادەتتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا بېرىلەتتى. بۇ نامغا ئېرىشكەن ئەمەلدار ئوردا ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولاتتى.

(مۇھەررىردىن)

㉟جىنلىڭ ( 金陵 ) — قەبرىستان نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خورىنگېر ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو يەر نامرلىرى قامۇسى» 251 - بەت)

## «ۋېينامە» 5 ـ جىلد

# ۋېي خانى گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى گاۋزۇڭنىڭ شىگۇەن① 2 ـ يىلى (مىلادىيە 435 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا سۇلى بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

8 ـ ئايدا كاۋانتا بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

12 ـ ئايدا ۋېي خانى ئوردىغا قايتىپ باردى. قۇمۇق، قىتان، زابۇلىستان قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەتنىڭ خان ۋە بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. بېيپىڭ بېگى جاڭسۇن دۇننىڭ بەگلىك مەرتىۋىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 113 ـ بەت)

ۋېي خانى گاۋزۇڭنىڭ تەيئەن② 2 ـ يىلى (مىلادىيە 456 ـ يىلى) خان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە ئوۋ ئوۋلاشقا باردى. شۇ ئايدا غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، يۈياڭ ئەمىرى ۋېي جۈەن ئۇۋرغولغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تولۇق غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەتتى. 9 ـ ئايدا خېدۇڭ ئەمىرى لۇ پېي بىلەن لىڭلىڭ ئەمىرى لۇ خې بەگلىك مەرتىۋىسگە كۆتۈرۈلدى.

11 ـ ئايدا يەپتال، پىلىنىي بەگلىكلىرى بىرلىكتە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. ليۇجۇن③نىڭ قول ئاستىدىكى پۇ ياڭ ۋالىيسى جياڭ لۇڭجۇ بىلەن شىنپىڭ ۋالىيسى ياڭ بولۇن ئۆزلىرىگە قاراشلىق جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالىرىنى



باشلاپ ئوردىغا ئەل بولدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 115 ـ بەت)

تەيئەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 457 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ۋېي خانى گوشەن ④تېغىغا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقتى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوردىغا قايتىپ باردى. سوغدى، ئۇدۇن بەگلىكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. يۈياڭ ئەمىرى ۋېي جۈەننىڭ مەرتىۋىسى بەگلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەمىرلەشكەر بولۇپ ئوردا دىۋانىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى.

12 ـ ئايدا يېزا ـ قىشلاقلاردا ئومۇميۈزلۈك چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ خەلق ئاچارچىلىقتا قالدى. ۋېي خانى جايلارغا ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەت ئىسكىلاتىنى ئېچىپ پۇقرالارنى قۇتقۇلدۇردى. شۇ ئايدا ئۇدۇن، پۈيۈك قاتارلىق 50 نەچچە بەگلىك ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 116 ـ بەت)

ۋېي خانى گاۋزۇڭنىڭ خېپىڭ⑤ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 462 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ھارۋا ئاتلىقلار بۈيۈك سانغۇنى، دۇڭجۈن ئەمىرى يىخون تەيىۈەن بەگلىكىگە كۆتۈرۈلدى. لىياڭ بېگى ۋەن شۇ ئۆلدى. 2 ـ ئايدا ۋېي خانى گوشەن تېغىغا شىكارغا چىقتى. يول ئۈستىدە شۈەنخۇڭ كۆلىدە⑥ بېلىق تۇتۇپ، سەيلە ـ ساياھەت قىلدى. 3 ـ ئايدا ليۇجۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. كورىيە، شىۋاڭ، چەۋلى، سيانيوشى، سۇلى، شىنا، شىجۇبەن، كاۋانتا ئەللىرىنىڭ خان ـ بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا ـ سالام يوللىدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 120 ـ بەت)

خېپىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 464 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا لاڭيا بېگى سىماچۇجى ئۆلدى. 12 ـ ئايدا نەنچىن بېگى ياڭ نەنداڭ

ئۆلدى. توخارلار پادشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا ـ سالام يوللىدى.
(«ۋېيىنامە» 1 ـ كىتاب 122 ـ بەت)

خېپىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 465 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا پەرغانە پادىشاھى خانغا قان ـ تەر ئات سوۋغا قىلدى. پىلىنى پادىشاھى مىسران قىلىچ سوۋغا قىلدى. 5 ـ ئايدا ۋېي خانى گاۋزۇڭ تەيخۇا قەسرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا ئۇ 26 ياشتا ئىدى. 6 ـ ئايدا «شاھىنشاھ ۋېنچېڭ» دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئىبادەتخانا نامى گاۋزۇڭ دەپ ئاتالدى. 8 ـ ئايدا خاننىڭ جەسىتى يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىكى جىنلىڭ قەبرىستانىغا دەپنە قىلىندى.
(«ۋېيىنامە» 1 ـ كىتاب 123 ـ بەت)

---

① شىڭئەن (兴安) — يىلنامى. ۋېي خانى گاۋزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 452 — 453 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

②تەيئەن (太安) — يىلنامى. گاۋزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 455 — 459 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③ليۇجۈن (刘骏) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادشاھى ۋۇدىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

④گوشەن تېغى (崞山) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خۇڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)



⑤خېپىڭ (和平) — يىلنامى. ۋېي خانى گاۋزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 460 — 465 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑥شۈەنخۇڭ كۆلى (旋鸿池) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چاخار ئوڭ قانات ئالدى خوشۇنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

## «ۋېينامە» 6 ـ جىلد

# ۋېي خانى شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى شيەنزۇ① نىڭ تيەنئەن②1 ـ يىلى (مىلادىيە 466 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كەچۈرۈم پەرمانى چۈشۈرۈلۈپ، يىلنامى ئۆزگەرتىلدى. 2 ـ ئايدا باش ۋەزىر، تەييۈەن بېگى توغبات يىغۇن خانغا قارشى سۇيىقەست پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ كاللىسى ئېلىندى. شۇ ئايدا شىغاۋۇل يۈەن كۇڭچۇ پۇياڭ بېگىلىككە، شىغاۋۇل لۇدىڭگو دۇڭجۈن بېگىلىككە تەيىنلەندى. 3 ـ ئايدا، لۇڭشى بېگى يۈەن خې ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەندى. شۇ ئايدا، ۋېي خانى گاۋزۇڭنىڭ رەسىم ۋە ئىسىم تاختىسى ئىبادەتخانىغا ھۆرمەت بىلەن قويۇلدى. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ۋېي خانى شيەنزۇ تويۇنلارغا نەزىر ـ چىراغ بېرىپ ئۆز قولى بىلەن مانداتنى ھەدىيە قىلدى. پايتەختتە ئەتراپىدا تەقىپلەنگەنلەرنى كەچۈرۈم قىلدى. كورىيە، پېرسىيە، ئۇدۇن، ئاسىئان پادىشاھلىق ـ بەگلىكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا ـ سالام يوللىدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 126 ـ بەت)

ۋېي خانى شيەنزۇنىڭ خۇاڭشىڭ③ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 467ـ يىلى) 2 ـ ئايدا جىيىن بېگى شياۋ شىنچېڭ ئۆلدى. كورىيە، قۇمۇق، قۇلان، ئۆزكەنت، باتىسبان، بالاقمان، ئۇدۇن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي خانىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.
8 ـ ئايدا مۇرۇڭ بەيياۋ④ لىچېڭ قەلئەسىگە⑤ ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئايدا پادىشاھ ۋۇجۇ تېغىدىكى⑥ تاش ئۆڭكۈر



ئىبادەتخانىسىغا باردى. شاھزادە توغبات خۇڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پادىشاھ ئومۇمىي كەچۈرۈم پەرمانى چۈشۈردى. يىلنامى ئۆزگەرتىلدى. 9 ـ ئايدا كورىيە، ئۇدۇن، پىلىنىي، سوغدى پادىشاھلىق ـ بەگلىكلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تاۋاپ قىلدى. شۇ ئايدا فېڭيى ئەمىرى لى بەي لياڭجۈن بېگىلىككە كۆتۈرۈلدى. شۇ ئايدا خان يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئالتە جىن⑦ دىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ھەربىر ئادەمگە ئۈچ توپتىن ماتا ئىنئام قىلدى.
خۇاڭشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 468 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا كورىيە، قۇمۇق، قىتان، قوشلۇق، قۇلان، ئۆزكەنت، باتىسبان، بالاقمان، تېلى، شىۋانتان، ئاداخ، يۈيجىن، ئۇدۇن، پېرسىيە ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 128 ـ بەت)

خۇاڭشىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 471 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا غەربتىكى تېلىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئوردىغا بېقىنماس بولدى. ۋېي خانى پەرمان چۈشۈرۈپ، رۇيىن بېگى توغبات تيەنسى بىلەن ئوردىنىڭ باش خوجىدارى لويۈننى لەشكەر باشلاپ بېرىپ تېلىلارنى جازالاشقا ئەۋەتتى. لويۈن قاتارلىق 15 ـ 16 ئوردا ئەمەلدارى تېلىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بېيپىڭ بېگى جاڭسۈن دۇن ئۆلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 131 ـ بەت)

---

① ۋېي خانى شيەنزۇ( 魏显祖 ) — ئىسمى توغبات خۇڭ( 拓跋宏 )، ۋېي خانى گاۋزۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى. مىلادىيە 454 ـ يىلى تۇغۇلغان. مىلادىيە 465 ـ يىلى تەختكە چىققان بولۇپ، مىلادىيە 470 ـ يىلى خانلىق ئورنىنى چوڭ ئوغلى توغبات خۇڭ ( 拓跋宏 )غا بوشىتىپ بەرگەن. مىلادىيە 477 ـ يىلى ئۆلگەن.

(«ۋېينامە. ۋېي خانى شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

②تيەنئەن ( 天安 ) — ۋېي خانى شيەنزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ نامى. تيەنئەن 1 ـ يىلى ئىنىسى توغبات ئەنىپىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋېي خانى شيەنزۇ تيەنئەننى خۇاڭشىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن.
(مۇھەررىردىن)

③خۇاڭشىڭ ( 皇兴 ) — ۋېي خانى شيەنزۇنىڭ مىلادىيە 467 ـ يىلىدىن 470 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

④مۇرۇڭ بەيياۋ ( 慕容白耀 ) — ۋېي خانى شيەنزۇنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇنى.
(مۇھەررىردىن)

⑤لىچېڭ قەلئەسى ( 历城 ) — ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرىنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 42 — 43 ـ بەتلەر)

⑥ۋۇجۇ تېغى ( 武州山 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑦ئالتە جېن ( 六镇 ) — ۋېي خانى شىزۇ تەسلىم بولغان جورجانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ۋۇچۇەن، فۇمىن، خوسۇ، خوخۇاڭ، رۇشۇەن، يۈيىدىن ئىبارەت ئالتە جېن تەسىس قىلغان.
(مۇھەررىردىن)



«ۋېينامە» 7 ـ جىلد

## ۋېي خانى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى گاۋزۇ①نىڭ يەنشىڭ② 1 ـ يىلى (مىلادىيە 471 — يىلى) 10 ـ ئايدا ۋۇيى، تۇڭگۇەن جىبىلىرىدە تۇرۇشلۇق تېلىلار توپىلاڭ كۆتۈردى. پەرمانغا بىنائەن ئەمىرلەشكەر، لۇڭشى بېگى يۈەنخې لەشكەر باشلاپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ فۇخەنگىچە باردى. توپىلاڭچىلارنى يوقىتىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. پۇقرالار جىجۇ، دىڭجۇ، شياڭجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقتىكى ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 135 ـ بەت)

يەنشىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 474 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا شىغاۋۇل، ئەمىرلەشكەر، لۇڭشى بېگى يۈەنخې كېسەل سەۋەبىدىن مەنسىپىدىن ئىستېپا بەردى. شۇ ئايدا سوغدى خانى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.
5 ـ يىلى (مىلادىيە 475 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا كۇسەن بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 140 ـ بەت)

ۋېي خانى گاۋزۇنىڭ تەيخې③ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 477 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا خان يېشى 70 تىن ئاشقان قېرىلارنى پايتەختتىكى تەيخۇا ئوردىسىدا قوبۇل قىلىپ زىياپەت بەردى ھەم

ئۇلارغا كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلدى. شۇ ئايدا قۇمۇق، قىتان خانلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. ۋېي خانى يەنە 70 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ بىردىن ئوغلىنى لەشكەرلىككە ئالماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. كۇسەن بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا يوللىدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 144 ـ بەت)

تەيخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 478 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا كۇسەن بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئىبسىل نار تۆگىدىن 70 نى ئوردىغا تارتۇق قىلدى. ليۇجۇن ④ سەردارلىرىنى ئەۋەتىپ، چۇچى⑤ رايونىغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، يىنپىڭ ۋالىيسى ياڭ گۇاڭشياڭ ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. 8 ـ ئايدا جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ۋېي خانى جايلارغا ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتتى. شۇ ئايدا يىرتقۇچلارنى ۋە ياۋايى قۇشلارنى تارتۇق قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا ئايماق ـ ۋىلايەتلەرگە پەرمان چۈشۈرۈلدى. ئاي ئاخىرىدا ئۇجى بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا ـ سالام يوللىدى. 9 ـ ئايدا پايتەختتىكى گۇناھكارلار ئومۇمىي كەچۈرۈمگە ئېرىشتى. كۇسەن بېگى ئەلچى ئارقىلىق ئوردىغا ئارغىماق، نار تۆگە، ئۇنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىق نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 146 ـ بەت)

تەيخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 479 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا لۇڭشى بېگى توغبات يۈەنخې ئۆلدى. كورىيە، تۈيغۇن، دىدودۇي، قىتان، قۇمۇق، كۇسەن خان ـ بەگلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى.

12 ـ ئايدا سوغدى، جويى، كۇشان، زابول، يۈنكو، سەمەرقەنت خانلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم



قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 147 ـ بەت)

تەيخې 12 ـ يىلى (مىلادىيە 488 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا يۈڭجۇ، يۈجۇ قاتارلىق ئۈچ ئايماقتا قەھەتچىلىك بولۇپ، ۋېي خانى ئامبارنى ئېچىپ ئاچارچىلىقتا قالغان پۇقرالارغا نەپىقە بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. لياڭجۇ ئايماق بېگى، لىنخۇەي بېگى توغبات تى پارا يەپ خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن شىمالدىكى جېنگە⑥ سۈرگۈن قىلىندى. 12 ـ ئايدا ئىۋىرغولدىكى جورجانلارنىڭ ئاقساقىلى گاۋگاۋزى ئۆزىنىڭ 3 مىڭ تۈتۈنلۈك ئادىمىنى باشلاپ قەلئە بويىچە ئوردىغا بېقىنىدىغان بولدى. شىغاۋۇل، ئەنفېڭ بېگى توغبات مىڭنىڭ تەمىناتىنى ئوردا ئۈچ مەھكىمىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىشقا رۇخسەت قىلىدىغان بولدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 164 ـ بەت)

تەيخې 21 ـ يىلى (مىلادىيە 498 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا قوچۇ بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 183 ـ بەت)

---

① ۋېي خانى گاۋزۇ (魏高祖) — ئىسمى توغبات خۇڭ (拓跋宏)، ۋېي خانى شيەنزۇنىڭ چوڭ ئوغلى، مىلادىيە 467 ـ يىلى تۇغۇلغان. مىلادىيە 471 ـ يىلىدىن 499 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ سىنىپىي زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلىنى تۈزىتىپ، يەر تەقسىم تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مىلادىيە 493 ـ يىلى پايتەختنى پىڭچېڭدىن لوياڭغا يۆتكەپ، سيانپىيلارنى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، خەنزۇچە كىيىنىشكە دەۋەت قىلىپ، ئوردىدا سيانپىيچە سۆزلەشنى مەنئى قىلغان ھەمدە

سىيانپىيلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ تويلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەمەل تۇزۇمى ۋە ئوردا يوسۇنىنى تۈزۈپ چىققان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

② يەنشىڭ ( 延兴 ) — ۋېي خانى گاۋزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 471 ـ يىلدىن 475 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③ تەيخې ( 太和 ) — ۋېي خانى گاۋزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 477 ـ يىلدىن 499 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

④ليۇجۇن ( 刘准 ) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۇندى.
(مۇھەررىردىن)

⑤چۇچى ( 仇池 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە چۇچى تېغى بار ئىدى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑥شىمالدىكى جېن — ۋېي خانى شىزۇ بەرپا قىلغان ئالتە جېن ۋېي خانلىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. توغبات تىنىڭ زادى قايسى جېنگە سۈرگۈن قىلىنغانلىقى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)



## «ۋېينامە» 8 ـ جىلد

# ۋېي خانى شىزۇڭ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى شىزۇڭنىڭ① جىڭمىڭ② 3 ـ يىلى (مىلادىيە 502 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئۇدۇن بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 194 ـ بەت)

جىڭمىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 502 ـ يىلى) سۇلى، زابولىستان، پەرغانە، ئۇدىيانا، ئايودىيا، لوپو، بولون، تەبەرى، پوبنوت، سىلو، داشە، فوجىشناتەي، لوپەن، ئۇجى، سەمەرقەنت، جوجوپان، كاۋانتا، بوجىن، يەنۋى، جۇجىنلو، جەنۇبىي ئەنەتكەك، چىسالايا خان ـ بەگلىرى بىرلىكتە ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. خېجۇ ئايمىقىدا③ قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 195 ـ بەت)

ۋېي خانى شىزۇڭنىڭ جېڭشى④ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 507 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شياجۇ⑤ ئايماق دورغابى ساۋمىڭ ئوردىدىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن باستۇرۇلدى. شيېگۇ⑥ دېگەن يەرگە بارىدىغان چوڭ يول ياسىلىپ پۈتتى. سۇلى، چىلىئاجوي، جەنۇبىي ئەنەتكەك، ساباھ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا ـ سالام يوللىدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 204 ـ بەت)

جىڭشى 4 ـ يىلى (مىلادىيە 507 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا كورىيە، بەنشى، سەمەرقەنت، كىلوكا، بىشا، سۇلى، ئۇدۇن خان ـ بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ ئايدا يۇ فامىلىلىك خانىش ئۆلدى. سۇلى بېگى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. خۇەيياڭ ۋالىيسى ئەن لى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ شەھەرنى تاشلاپ جەنۇبقا قاچتى. شۇ ئايدا يەپتال، پىرسىيە، كاۋانتا، كوۋنىت، جانجانىت قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خان ـ بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. يۇ شۇن خانىش يۇڭتەي قەبرىستانىغا دەپنە قىلىندى. 11 ـ ئايدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا يىلقا بېقىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى. جىيىشى تېغىدىن[7] جيەنگىغىچە[8] بولغان شەرقتىن غەربكىچە 7 مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا 22 كاھبەگ تەسىس قىلىندى. ئايودىيا، كروپان، تابارتۇرا قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. 12 ـ ئايدا جۇڭلى ۋىلايىتىدىكى[9] لەشكەر ـ سانغۇنلارنىڭ ئائىلە تىرىكچىلىكى ناچارلىرىنىڭ ئۈچ يىللىق ئىجارە ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى[10]. تىنا، جاڭتى، سابىنلى، ئاشلى، موجىن قاتارلىق دۆلەتلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. شۇ ئايدا يەنە جورجان، قاڭقىللاردىن تامغۇ دېگەن ئادەم قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ ئوردىغا ئەل بولدى. بولور، بولىپ پورەنشەن، كاندا پادىشاھلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

ۋېي خانى شىزۇڭنىڭ يۇڭپىڭ[11] 1 ـ يىلى (مىلادىيە 508 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا يىڭچۈەن ۋالىيسى ۋاڭ شىنىيەن پاناھ ئىزدەپ شياۋيەنگە[12] قېچىپ بېرىۋالدى. 2 ـ ئايدا ئۈجى، جەنۇبىي ئەنەتكەك ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. 3 ـ ئايدا شاھزادە توغبات چاڭ ئۆلدى. سىلو، ئاتو، بىلو،



ئاييدۇ، پۇناكا، كاشىدا، ئۇدۇن ئەللىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى. بۇلتۇر جايلاردا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ۋېي خانى جايلارغا ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپ پۇقرالارغا نەپىقە پۇلى بەردى. 4 ـ ئايدا ئاپۇرغۇر خانى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. 5 ـ ئايدا كورىيە بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. قۇرغاقچىلىق ۋەجىدىن ۋېي خانى گۆشلۈك غىزا يېيىشنى ۋە مېھمان كۈتۈشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خان پەرمان چۈشۈرۈپ: «زىندان ئىشلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ھەقىقىي جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە. كەمىنە قىممەتلىك خاتىرىلىرىمنى ۋاراقلىسام ئۆرنەك بولغىدەك ئىشلارنى كۆردۈم. ناھەقچىلىقلارنى تۈگىتىپ پۇقرانى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىشنى ئويلىسامۇ، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقتىن خىجىللىق ھېس قىلىمەن. پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى بەگ ـ ۋەزىرلەر بىلەن بىرگە ئىگىلىشىم ئۈچۈن لوياڭ شەھىرىدىكى كونا نۇسخا بويىچە شىكايەت سارىيى سېلىپ، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ قىش كەلگۈچە پۈتتۈرۈشنى بۇيرۇيمەن» دېدى. قاڭقىل بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.

7 ـ ئايدا قاڭقىل، قىتان، خەنپەن، زابۇلىستان بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

شۇ يىلى قوچۇ بېگى كۇجىيا ئاكىسىنىڭ ئوغلى، ئوردىسىنىڭ سولقانات سانغۇنى كۇشاۋلياڭنى ئوردىغا ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئوردىدىن قوشۇن چىقىرىپ كۈتۈۋېلىشنى ئۆتۈندى.

يۇڭپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 509 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا لياڭ خانلىقىدىكى شياۋيەن ۋاڭ شىنىيەننى نەنيەنگە[13] بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئەۋەتتى. ۋېي خانى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن جاڭسۇن جىنى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەپ، باش

چاۋۇش بىگچۇ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بەش قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ۋالىڭ شىننىيەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. شۇ ئايدا ۋاكخان، ۋاككانا، بوكخارا، پەنشى، سەمەرقەنت، ئامبولىما بەگ ـ خانلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. ئاي ئوتتۇرىسىدا يەپتال، ۋاكسا پادىشاھلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بىردىن ئاق پىل تەقدىم قىلدى. ئاي ئاخىرىدا قوچۇ بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ ئايدا جۇگشەن بېگى توغبات يىلىڭ شياۋيەن قارىمىقىدىكى چاڭبو قوغدىنىش قىسىملىرىغا قىستاپ كەلدى. تاڭ ئاتاردا قوغدىنىۋاتقان قوشۇنلار پىتىراپ كەتتى. بىر قانچە مىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ئاي ئوتتۇرىسىدا توغبات يىلىڭ ۋۇياڭ ئۆتكىلىنى⑭ ئىشغال قىلىپ شياۋيەننىڭ ئۇچار چەۋەنداز سانغۇنى، سۇگزى ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى بەگ ماگۇاڭ، ئۇزغان سانغۇن، چيەنلىڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە پېيڭ ۋېگشىڭ، شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن، داگياڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە شۇ يۈەنجى قاتارلىق 26 سانغۇننى ۋە 7 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئارقىدىنلا خۇاگشيەن⑮ بىلەن شىگۇەنگە⑯ ھۇجۇم قىلدى. شياۋيەننىڭ سانغۇنى ماشيەنپى شىگۇەننى تاشلاپ قاچتى. لى يۈەنلۇ خۇاگشيەننى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇ ئايدا جىگجۇ ئايمىقىنىڭ⑰ سىرامانى ليۇ خۇيۋاڭ كۆچ توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ۋېي خانى خۇاجۇ ئايماق بېگى شى كاگشىگنى جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 205 — 207 ـ بەتلەر)

6 ـ ئايدا قوچۇ بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تاۋاپ قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 208 ـ بەت)

يۇڭپىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 510 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا قوچۇ،



دېڭجى⑱ بەگلىكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق يوللىدى.

7 ـ ئايدا تۇيغۇن بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. 8 ـ ئايدا ئۇجى بەگلىكى⑲ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. 9 ـ ئايدا ئۇدىيانا⑳، جياشوسانى بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. شۇ ئايدا قاگقىللارنىڭ بىر ئەمىر ئۇلۇسى كىروخان قول ئاستىدىكى 1 مىڭ 700 ئادىمىنى باشلاپ ئوردىغا ئىتائەت قىلىدىغان بولدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 209 ـ بەت)

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قاگقىل، كۇسەن، نانتا، تاگاراخارا㉑، قۇمۇق㉒ قاتارلىق ئەللەرنىڭ بەگلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تاۋاپ قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 210 ـ بەت)

ۋېي خانى شىزۇگنىڭ يەنچاڭ㉓ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 512 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا نۇرغۇن جايلاردا سۇ ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىكى قىيىنلاشتى. ئوردا جايلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن نەپىقە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزدى. سۇلى بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. ۋېي خانى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، مىرزا دېۋانبېگى گاۋجاۋنى ئەمىرى زېمىنبەگ؛ كېگەش بېگى، چىگخې بېگى توغبات دۇنى ئەمىرى مىمار؛ سىجۇ ئايماق بېگى، گۇاگپىڭ بېگى توغبات خۇەينى باش چاپاۋۇل سانغۇن قىلىپ ئۆستۈرۈپ، تەمىناتىنى ئوردا ئۈچ مەھكىمىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىدىغان بولدى. 3 ـ ئايدا كاۋانتا بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق يوللىدى. شۇ ئايدا 11 ئايماق ـ ۋىلايەتتە سۇ ئاپىتى يۈز بەردى. ۋېي خانى ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا نەپىقە بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. پايتەختتە ئاشلىق قىممەتلىشىپ

كەتكەنلىكتىن، خەزىنىدىن 800 مىڭ دەن ئاشلىق چىقىرىپ
نامراتلارنى قۇتقۇزۇشقا بەردى. ئاي ئاخىرىدا ئەنلى بېگى توغبات
شۇەن ئۆلدى. 5 ـ ئايدا سۇلى ۋە كورىيە بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ
ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق يوللىدى.

7 ـ ئايدا تۈيغۇن، قىتان بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى
تاۋاپ قىلدى. 8 ـ ئايدا تۈيغۇن بېگى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ
سوۋغا تارتۇق قىلدى. ئۇجى بېگى ساداق ـ ئوقيا ياسايدىغان
ئىرغاي سوۋغا قىلدى.

10 ـ ئايدا شاھزادە توغبات شۇ تەخت ۋارىسى قىلىپ
تىكلەندى. شۇ ئايدا يەپتال، ئۇدۇن، قوچۇ، قۇمۇق ئەللىرى
ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 211 — 212 ـ بەتلەر)

يەنچاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 573 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا قوچۇ
بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى
ئەتىيازدا ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەم
ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا يەپتال، ئۇدۇن، كاۋانتا، قىتان، قۇمۇق
ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.
9 ـ ئايدا ۋېي خانى دىۋان بېگىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئەيش ـ
ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ئاقسۆڭەك
جەمەتلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇۋاپىق چەك قويۇپ توسۇشنى
بۇيرۇدى. شۇ ئايدا ئۇجى، تۈيغۇن، دېڭجى بەگلىرى ئەلچى
ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.

(«ۋېينامە 1 ـ كىتاب 213 ـ بەت»)

---

① ۋېي خانى شىزۇڭ (魏世宗) — ئىسمى توغبات كې، ۋېي خانى
گاۋزۇنىڭ 2 ـ ئوغلى. مىلادىيە 500 ـ يىلىدىن 515 ـ يىلىغىچە تەختتە



ئولتۇرغان.

(«ۋېينامە. ۋېي خانى شىزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

② جىڭمىڭ (景明) — شىزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 500 ـ
يىلىدىن 503 ـ يىلىغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③ خېجۇ ئايمىقى (和州) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ
شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 17 — 18 ـ بەتلەر)

④ جېڭشى (正始) — ۋېي خانى شىزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ
مىلادىيە 504 ـ يىلىدىن 507 ـ يىلىغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑤ شياجۇ ئايمىقى (夏州) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى بىلەن
ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇتاشقان يەرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑥ شيېگۇ (斜谷) — جىلغا نامى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى
مېيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 808 ـ بەت)

⑦ جيېشى تېغى (碣石山) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چاڭلى
ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(مۇھەررىردىن)

⑧ جيەنگې (剑阁) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى
جيەنگې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 837 ـ بەت)

⑨ جۇڭلى (钟离) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى
باڭخۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب، 19 — 20 - بەتلەر)

⑩جىڭشى 4 - يىلى 4 - ئايدا، جۇڭلى ۋىلايىتىدە ئېغىر سۇ ئاپىتى بولۇپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن.
(مۇھەررىردىن)

⑪يۇڭپىڭ ( 平永 ) — ۋېي خانى شىزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 508 - يىلدىن 511 - يىلغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑫شياۋيەن ( 肖衍 ) — لياڭ خانى ۋۇدىنىڭ ئىسمى.
(مۇھەررىردىن)

⑬نەنيەن ( 南兗 ) — ئايماق. ئورنى هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 42 — 43 - بەتلەر)

⑭ۋۇياڭ ئۆتكىلى ( 武阳关 ) — هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 150 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 508 - بەت)

⑮خۇاڭشيەن ( 黄岘 ) — قوۋۇق نامى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 90 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 985 - بەت)

⑯شىگۇەن قوۋۇقى ( 西关 ) — هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى ساۋشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 493 - بەت)

⑰جىڭجۇ ئايمىقى ( 泾州 ) — هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭچۇەن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)



⑱دېڭجى بەگلىكى ( 邓至国 ) — چاڭلار بەگلىكى. دائىرىسى هازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى سۇڭپەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 1200 - بەت)

⑲ئۇجى بەگلىكى ( 勿吉国 ) — هازىرقى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 17 — 18 - بەتلەر)

⑳ئۇدىيانا ( 乌苌 ) — هازىرقى ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 99 - بەت)

㉑ناگاراخارا ( 那立曷 ) — هازىرقى ئافغانىستاندىكى جالالئابات دېگەن يەرگە جايلاشقان.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 68 - بەت)

㉒قۇمۇق بەگلىكى ( 库莫奚 ) — هازىرقى چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 17 — 18 - بەتلەر)

㉓يەنچاڭ ( 延昌 ) — ۋېي خانى شىزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 512 — يىلدىن 515 - يىلغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

## «ۋېينامە» 9 ـ جىلد

# ۋېي خانى سۈزۈك ھەققىدە خاتىرە

يەنچاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 515 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن توغبات ياۋ فاچىڭنىڭ① قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ فاچىڭ ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بېشىنى پايتەختكە ئېلىپ كەلدى. ئەندىڭ بېگى توغبات شې ئۆلدى. قوچۇ، قۇمۇق، قىتان بەگلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى. شىياۋيەننىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن جاۋزۇ يۆ شىياشىغا② تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. ۋېي خانى يارلىق چۈشۈرۈپ دىڭجۇ ئايماق بېگى سۈي لياڭنى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ، باشقا سانغۇنلارنى باشلاپ جاۋزۇ يۆگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. جىجۇ ئايماق بېگى شياۋ باۋيىن شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ، خۇەيخې دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا ئورۇنلاشتى. دېڭجى بېگى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. 10 ـ ئايدا ئۇجى بەگلىكى ئىرغاي ئوقيا سوۋغا قىلدى. كورىيە، تۇيغۇن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ ئايدا ئەندىڭ بېگى خۇگوجېن باش ھۆدەيچىلىككە تەيىنلىنىپ، تەمىناتى ئوردا ئۇچ مەھكىمىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىندى. شىياۋيەننىڭ قول ئاستىدىكى خۇڭخۇا③ ۋالىيسى دۇگۇي پۈتۈن ۋىلايەتتىكىلەرنى باشلاپ ئوردىغا بېقىندى. 12 ـ ئايدا گاۋياڭ بېگى توغبات يۈڭ خەلپەت بەگلىككە ئۆستۈرۈلدى. جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن سۈي لياڭ جاۋزۇ يۆنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شىياشىنى



قورشىۋالدى. ۋېي خانى بىلەن خان ئانا ۋە خانىشلار بىرلىكتە جىڭلىڭ قەبرىستانىغا④ بېرىپ تاۋاپ قىلدى. قاڭقىل بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 223 ـ بەت)

ۋېي خانى سۈزۈكنىڭ شىپىڭ⑤ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 516ـ يىلى) 4 ـ ئايدا يېڭجۇ ئايمىقىدا⑥ ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن پۇقرالارغا نەپىقە پۇلى بېرىلدى. قوچۇ، يىنپىڭ⑦ بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

7 ـ ئايدا كالا سويۇشنى مەنئى قىلىش پەرمانى قايتا تەكىتلەندى. شىياشى قەلئەسىنى تارتىۋېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى. فۇشۇيەن⑧ جاڭ چى⑨نىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. جاڭ چى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. قوچۇ بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 224 ـ بەت)

شىپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 517 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا كورىيە، پېرسىيە، سۇلى، يەپتال ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 225 ـ بەت)

7 ـ ئايدا دىفولو، زابولىستان ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 226 ـ بەت)

ۋېي خانى سۈزۈكنىڭ شېنگۈي⑩1 ـ يىلى (مىلادىيە 518ـ يىلى) 2 ـ ئايدا يەپتال، كورىيە، ئۇجى، تۇيغۇن، داڭچاڭ،

سۇلى، قۇمتۇرا، موجۇبان ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. شۇ ئايدا ۋېي خانى پەرمان چۈشۈرۈپ ئىلاھىي تاشپاقىنى مەدھىيىلەپ، ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ، يىلنامىنى ئۆزگەرتتى. جورجانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا - سالام يوللىدى.

4 - ئايدا سىياماكا ئېلى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. 5 - ئايدا كورىيە، قاڭقىل، قوچۇ ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا يوللىدى. 1 - ئايدىن تارتىپ يامغۇر ياغماي قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، تاكى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندىلا تاۋاپ يامغۇرى ياغدى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 227 - بەت)

7 - ئايدا خېجۇ پۇقراسى چۈتىيېسۇڭ ئادەم توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۆزىنى شۇيچى[11] خانى دەپ ئاتىۋالدى. ۋېي خانى ۋەكالەت ئوردا نازارەتچىسى يۈەن زىگۇڭغا چۈتىيېسۇڭنى جازالاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇ ئايدا تۈيغۇن بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. خېڭجۇ ئايمىقىدىكى كۈمۈش كېنىنى ئېچىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى چەكلىمە بىكار قىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ كۈمۈش قېزىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

ئاي ئاخىرىدا پېرسىيە، سۇلى، ئۇدىيانا، كۇسەن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 228 - بەت)

شېنگۇي 2 - يىلى (مىلادىيە 519 - يىلى) 4 - ئايدا يەپتال خانى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. 5 - ئايدا ئەمىرى مىمار، رېنچېڭ بېگى توغبات چېڭ ئەمىرى زېمىنلىقا، باش چاپاۋۇل سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، تەمىناتى ئوردا ئۈچ



مەھكىمىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىندى. كىنجاپ بېگى توغبات جى ئەمىرى مىمارلىققا ئۆستۈرۈلدى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 229 - بەت)

ۋېي خانى سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ[12] 2 - يىلى (مىلادىيە 521 - يىلى) 5 - ئايدا ئۇدىيانا بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. كەبىسە ئايدا قومىد، پېرسىيە ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. 6 - ئايدا قوچۇ بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى. ئاي ئوتتۇرىسىدا ئۇجى بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. جورجانلارنىڭ كەنجى خانى يوجۇلوي خونىپا ئادەملىرىنى باشلاپ خۇەيشو بازىرىغا[13] كېلىپ پاناھلاندى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 232 - بەت)

جېڭگۇاڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 522 - يىلى) 4 - ئايدا قاڭقىل بېگى پورئىببو غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شىخەي ۋىلايىتىدىكى دۆلەت قۇرغۇچى بەگ، قاڭقىل بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. 7 - ئايدا پېرسىيە، بوخان، كۇسەن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 - كىتاب 233 - بەت)

جېڭگۇاڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 524 - يىلى) 1 - ئايدا خان مەلۇم ئىش بىلەن پايتەختنىڭ جەنۇبىغا چىقتى. كەبىسە 2 - ئايدا يەپتال بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. 12- ئايدا خان يارلىق چۈشۈرۈپ كىنجاپ بېگى توغبات جىنى خەلپەت بەگ، بۈيۈك سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، باشقا سانغۇنلارنى باشلاپ خۇچېنىنىڭ قاراقچىلىرىنى[14] جازالاشقا بۇيرۇدى. يەپتال، قىتان، دىدۇيۇي، قۇمۇق ئەللىرى ئەلچى

ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 238 ـ بەت)

---

① فاچىڭ (法庆) — سىرامان. يەنچاڭ 4 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، فاچىڭ ئادەملىرىنى توپلاپ جىجۇ ئايمىقىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ فۇچىڭ ئامبىلىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆزىنى داچىڭ خانى دەپ ئاتىۋالغان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

②شياشى (硖石) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مېڭجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 928 ـ بەت)

③خۇڭخۇا (弘化) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يۈلىن ناھىيىسى بىلەن دىڭبيەن ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 61 — 62 ـ بەتلەر)

④جىڭلىڭ قەبرىستانى (景陵) — ۋېي خانى شىزۇڭنىڭ قەبرىستانى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىدىكى بېيماڭ تېغىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 902 ـ بەت)

⑤شىپىڭ (熙平) — ۋېي خانى سۇزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 516 ـ يىلىدىن 517 ـ يىلىغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑥يىڭجۇ ئايمىقى (瀛州) — ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى



خېجيەن ناھىيىسى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 59 — 60 ـ بەتلەر)

⑦يىنپىڭ بەگلىكى (阴平国) — ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى جيەنگې ناھىيىسىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى زاماندا، يىنپىڭ بەگلىكى چاڭلار ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

⑧فۇشۇيەن (傅竖眼) — ۋېي خانى سۇزۇڭنىڭ يىجۇ ئايماق بېگى ئىدى.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» 224 ـ بەت)

⑨جاڭ چى (张齐) — شياۋيەننىڭ خېڭجۇ ئايماق بېگى.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» 224 ـ بەت)

⑩شېنگۈي (神龟) — ۋېي خانى سۇزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 518 ـ يىلىدىن 519 ـ يىلىغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑪شۈيچى (水池) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 50 — 51 ـ بەتلەر)

⑫جېڭگۇاڭ (正光) — ۋېي خانى سۇزۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ مىلادىيە 520 ـ يىلىدىن 524 ـ يىلىغىچە قوللىنىلغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑬خۇەيشو بازىرى (怀朔镇) — ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل

ئاپتونوم رايونىدىكى بۇغىت شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 56 — 57 ـ بەتلەر)

⑭جېڭگۇاڭ 5 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، گاۋپىڭ ئاقساقىلى خۇچېن گاۋپىڭدا ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆزىنى گاۋپىڭ خانى دەپ ئاتىۋالغان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» 237 ـ بەت)



### «ۋېينامە» 10 ـ جىلد

## ۋېي خانى شياۋجۇاڭ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى شياۋ جۇاڭ①نىڭ جيەنيى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 528 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا گې رۇڭ② ئاچارچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ئۆزىنىڭ ياندىش بېگى رېن باۋنى 30 مىڭدىن ئارتۇق ھارۋا بىلەن جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ چىنشۇي③ ناھىيىسىگىچە بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ ئايدا قوچۇ بېگىنىڭ ۋارىسى كۇگۇاڭ غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاجۇ ئايماقدارى، تەيلىن ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى بەگ، قوچۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. ئەمىرلەشكەر، شاڭداڭ بېگى توغبات تيەنمۇ بۇيۇك تۇتۇق، شەرقىي شىمال قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىپ زۇڭ جېڭجىنسۇن، شىيى، خې باشىڭ، ئېرجۇ ياڭدۇ قاتارلىق تۇتۇقلارنى باشلاپ رېن باۋغا جازا يۈرۈشى قىلدى. قاراقچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى بېسىقتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن خان ئوردىغا كىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، گۆشلۈك غىزا يېيىشنى پەرھىز قىلدى. جايلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ ساداقەتمەن جاھانكەزدىلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى. جاھانكەزدىلەر ئارىسىدا گېپى ئۆتۈك، راستچىل، دۆلەت مەنپەئىتى ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان، خاننىڭ غەم ـ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ دەردىگە ـ دەرمان بولالايدىغان ئەربابلارنى خۇالىن قورۇقىغا يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 258 ـ بەت)

① ۋېي خانى شياۋجۋاڭ ( 孝庄 ) — ئىسمى توغبات يۈ، مىلادىيە 528 ـ يىلدىن 530 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.
(مۇھەررىردىن)

②گې رۇڭ ( 葛荣 ) — مىلادىيە 526 ـ يىلى پاسبانى يۈەن خۇڭيېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، چى خانى دېگەن نامنى ئالغان. ئاندىن جىجۇ، يىڭجۇ، دىڭجۇ ئايماقلىرىنى بېسىۋېلىپ، شياڭجۇ ئايمىقىنى قورشىۋالغاندا ئاچارچىلىققا ئۇچرىغان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى شياۋجۋاڭ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

③چىنشۈي ناھىيىسى ( 沁水 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 397 ـ بەت)



«ۋېينامە» 11 ـ جىلد

# ۋېي خانى چۈدى ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى چۈدىنىڭ جۇڭشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 532 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا ۋېي خانى چۈدى خۇالىن قورۇقىدا ئەللەرنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇ ئايدا جورجان، يەپتال، كورىيە، قىتان، قۇمۇق ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى. باش ئەمىرلەشكەر، سىجۇ ئايماقدارى، نەنياڭ بېگى توغبات باۋجۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ۋەجىدىن مەنسىپى تۆۋەنلىتىلىپ باش چاپاۋۇل سانغۇن، چارپانسات قىلىپ تەيىنلەندى. بەگلىك مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىندى. ئۆز قورۇسىغا قايتۇرۇلۇپ، ياساۋۇللارنىڭ قوغدىشىدا بولدى. ۋېي خانى ۋۇخۇەينىڭ ۋاپات ئۇنۋانى شياۋجۋاڭ دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ ئايدا جورجان، يەپتال ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغات تەقدىم قىلدى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 284 ـ بەت)

ۋېي خانى چۈدىنىڭ يۇڭشى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 533 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ھىماتچى سانغۇن، گۇاجۇ ئايماقدارى، تەيلىن ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە، قوچۇ بېگى كۈزبجيەنىڭ تەمىناتى ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ بېكىتىلىپ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى.
(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 282 ـ بەت)

## «ۋېينامە» 12 ـ جىلد

# ۋېي خانى شياۋجىڭدى ھەققىدە خاتىرە

ۋېي خانى شياۋ جىڭدىنىڭ شىڭخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 541 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا ئازار خانى پۇۋۇرغۇر يۈجۇنىڭ ئوغلى پۇۋۇرغۇر چۇبىن ئوردىغا تەسلىم بولدى. ۋېي خانى ئۇنىڭغا قاڭقىل بېگى مەرتىۋىسىنى بەردى. 6 ـ ئايدا شياۋىيەن ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تارتۇق قىلدى.

(«ۋېينامە» 1 ـ كىتاب 304 ـ بەت)



## «ۋېينامە» 16 ـ جىلد

# جياڭياڭ بېگى توغبات جىنىڭ تەرجىمىھالى

قاڭقىللارنىڭ سەردارى شۇجې ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئوردىدىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ۋېي خانى گاۋزۇ توغبات جىغا شىمالدىكى قاڭقىللارنى جازالاشقا دائىر ئىشلارغا تۇتۇق بولۇپ، خۇەيشونىڭ شەرقىدىكى ھەربىي ئىشلارنى نازارەت قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. توغبات جى ۋېي خانىغا مەلۇمات يوللاپ: «جاھىل قاڭقىللار ھەيۋىمىزدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىگەنلىكتىن، يەڭگىللىك بىلەن يۈز ئۆرۈپ مەجبۇرىيەتتىن ۋاز كېچىپ، يۇرتىغا قاچماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ پەيلى بەك يامان، ئەھۋال ناھايىتى جىددىي، ئەگەر قوغلاپ قىرغىن قىلىنىدىغان بولساق، ئۇلار پاراكەندىچىلىك سېلىپ ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مۇبادا ئەھۋال تەكشۈرۈش نامى بىلەن ئوردىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، سەردارلىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ بېشىنى ئېلىپ قالغانلىرىغا ئىبرەت قىلساق، توۋا قىلىپ ئەل بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر توۋا قىلىپ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى خالىسا، لەشكىرىي قوشۇنغا قاتناشتۇرساق بولىدۇ» دېدى. ۋېي خانى بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، يۈز ئۆرۈگەنلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوردىغا ئىتائەت قىلىدىغان بولدى. ۋېي خانى. گاۋزۇ خۇشال بولۇپ، ئەتراپىدىكى ۋەزىرلىرىگە: «جياڭياڭ بېگى چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا يارايدىكەن» دېدى. گاۋزۇ شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. ئۇ يې① دېگەن يەرگە بارغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئەل بولغانلىقىنى

ئاڭلىدى. خېڭ، شو② تىنچىدى. توغبات جى قاڭقاللار گوناھىنى يۇيۇپ ئەل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ گوناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى سوراپ مەلۇمات يوللىدى. ۋېي خانى گاۋزۇ ئۇنىڭ مەلۇماتىغا قوشۇلدى.
(«ۋېينامە» 2 ـ كىتاب 401 ـ بەت)

---

① يې ( 邺 ) — ۋېيجۈن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لىنجياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 9 — 10 ـ بەتلەر)

②خېڭ، شو ( 恒朔 ) — يەنى خېڭجۇ، شوجۇ ئايماقلىرى. خېڭجۇ ئايمىقى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ؛ شوجۇ ئايمىقى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خورىنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)



«ۋېينامە» 18 ـ جىلد

## گۇاڭياڭ بېگى توغبات جيەنىڭ تەرجىمىھالى

ئوردا توغبات شېن①نىڭ مەكتۇپىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر②گە قوشۇلمىدى. شەرقىي ۋە غەربىي تېلىلار ئومۇمىيۈزلۈك توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئوردىدىكىلەر توغبات شېن ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلەرنى باشقىدىن ئويلىشىپ كۆرۈپ توغرا تېپىپ، ھەرەم ئاغىسى③ لى داۋيۈەننى قوشۇمچە ئەلچى قىلىپ جېننى يەنە ئايماققا ئۆزگەرتىپ، جامائەتنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئالتە جېننىڭ ھەممىسى توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن ئوردىنىڭ تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى. توغبات شېن ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ: «ھازىر ئالتە جېن توپىلاڭ كۆتۈردى. ئىككى تەرەپتىكى قاڭقاللارمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ۋەھشىي. چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلەر بىلەن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ نەتىجە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. ۋاقتىنچە ياراملىق لەشكەرلەرنى تاللاش ياكى خېڭجۇ ئايمىقىدىكى مۇھىم جايلاردا لەشكەر تۇرغۇزۇپ، نەتىجىگە قاراپ بېقىپ ئىش كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدى.
(«ۋېينامە» 2 ـ كىتاب 431 ـ بەت)

---

① توغبات شېن ( 拓跋深 ) — توغبات يۈەن ( 拓跋渊 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گۇاڭياڭ بېگى توغبات جيەنىڭ نەۋرىسى، ئوردا مىرزا بېگى.

(«ۋېينامە. گۇاڭياڭ بېگى توغبات جيەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②توغبات شېنىنىڭ مەكتۇبىدا: «پادىشاھ شىزۇ تەسىس قىلغان ئالتە جىن ئايماقتا ئۆزگەرتىلسە» دېگەن مەزمۇن بايان قىلىنغان.
(مۇھەررىردىن)

③ھەرەم ئاغىسى (黄门侍郎) — قىسقارتىلىپ «黄门郎» دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئوردا خەزىنە بېگى تەۋەسىدىكى مۇئەسسەسەدە خىزمەت ئۆتىگۈچى ئەمەلدار بولۇپ، پادىشاھنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە بەگلەر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇشقا مەسئۇل.
(«كېيىنكى خەننامە. ئەمەل - مەنسەپ تەزكىرىسى» 4179 - بەت)



# «ۋېينامە» 19 - جىلد

## رۇيىن بېگى توغبات تيەنسىننىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي خانى گاۋزۇ دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە ئوردا دىۋان بېگى خۇموخەن غەربتىكى تېلىلاردىن كاتتا باي ھەم قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنى ئوردا قورۇقچىسى قىلىپ تاللىغاندا، نۇرغۇن مال - دۇنيا پارا يېگەنلىكتىن، تاللاش ئادىل بولمىدى. كۆپچىلىك دەرغەزەپ بولۇپ، خۇموخەننى ۋە گاۋپىڭ① ۋاقىتلىق باسقاق سانغۇنى شى لىڭنى ئۆلتۈردى. ھەرقايسى قەبىلىدىكى تېلىلار ئومۇميۈزلۈك توپىلاڭ كۆتۈردى. ۋېي خانى گاۋزۇ توغبات تيەنسىگە باش خوجىدار لويۇن بىلەن بىرگە قوشۇنلارنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىڭلار، دەپ پەرمان چۈشۈردى. تېلىلارنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمى يالغاندىن ئەل بولۇۋىدى، لويۇن ئىشەندى. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى يۈەن فۇ: «تېلىلارنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بار. بۇنىڭدا بىر گەپ بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر ھوشيار بولمىساق ئۇلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتەرمىزمىكىن» دېسە، لويۇن قۇلاق سالمىدى. تېلىلارنىڭ خىللانغان چەۋەندازلىرىدىن بىر قانچە مىڭ كىشى لويۇنگە تۇيۇقسىز تېگىش قىلىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. توغبات تيەنسى جېنىنى ئاران ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، ھونلاردىن قورۇقدىغۇچى كەپتاۋۇللۇق مەنسىپى بىكار قىلىنىپ، خۇەيشو قورغىنىنىڭ باسقاق سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ پارىخورلۇق - زالىملىق قىلغانلىقتىن، گەرچە ئۆلۈم جازاسى كەچۈرۈم قىلىنغان

بولسىمۇ، ئەمەل - مەرتىۋىسى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاندى.
(«ۋېينامە» 2 - كىتاب 450 - بەت)

غەربىي يۇرتتىكى يەپتال، پېرسىيە بەگلىكلىرى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەندە توغبات چېڭغا بىردىن ئارغىماق سوۋغا قىلغانىدى. توغبات چېك ئۆزىگە سوۋغا قىلىنغان ئاتنى ھۆكۈمەت ئىشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئوردا مىراخورىغا تاپشۇردى. ۋېي خانى گاۋزۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يارلىق چۈشۈرۈپ: «رېنچېڭ بېگى② پاك - دىيانەتلىك بولۇشتا چۇ بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ تاپشۇرغان ئېتىنى ئوردا ئېغىلىغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەربابلارنىڭ بۈيۈك ئەخلاق - خىسلىتىگە مەدەت بېرەيلى» دېدى.
(«ۋېينامە» 2 - كىتاب 477 - بەت)

---

① گاۋپىڭ ( 高平 ) — شەھەر، گاۋپىڭ جېنىنىڭ مەركىزى. ئورنى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

②رېنچېڭ بېگى ( 任城王 ) — توغبات چېڭنىڭ مەرتىۋىسى. ئۇ ۋېي پادىشاھى گۇڭزۇڭ توغبات خۇاڭنىڭ نەۋرىسى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)



«ۋېينامە» 24 - جىلد

## جاڭ گۇننىڭ تەرجىمىھالى

جاڭ گۇن① ۋېي خانى تەيزۇغا ئەگىشىپ جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا جورجانلار قاچتى. ئۇلارنى ئارقىدىن 600 - 500 چاقىرىمچە قوغلاپ يېتىشەلمىگەن ھەرقايسى قوشۇننىڭ قوماندانلىرى «ھازىر قاراقچىلار قېچىپ يىراقلاپ كەتتى، ئوزۇقلۇقىمىزمۇ تۈگەي دەپ قالدى، ئىچكىرىلەپ قوغلاۋېرىش ئۆزىمىزگە پايدىسىز، لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلىنسا، دېگەن پىكرىمىزنى ۋېي خانىغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز» دەپ جاڭ گۇنغا ئىلتىماس قىلدى. ۋېي خانى جاڭ گۇندىن سانغۇنلارنىڭ پىكرىنى ئۇقتى ۋە ئۇنىڭغا سانغۇنلاردىن زاپاس ئاتلارنى سويۇپ يېگەندە، ئۈچ كۈن قورساق تويغۇزۇشقا يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى تاپىلىدى. سانغۇنلار ئۈچ كۈنگە يېتىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ۋېي خانى تەيزۇ يۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئارقىدىن داۋاملىق قوغلاۋېرىشنى بۇيرۇدى. قوغلاپ چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، نەنچۇاڭ تېغىنىڭ قاپتىلىدا جورجانلارغا يېتىشىپ، ئۇلارنى بىت - چىت قىلدى. كېيىن ۋېي خانى تەيزۇ جاڭ گۇندىن: «باشقىلار مېنىڭ ئوزۇقلۇق ئۈچ كۈنگە يېتەمدۇ، دەپ سورىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، جاڭ گۇن: «ھېچكىم بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ۋېي خانى تەيزۇ ئۇنىڭغا: «بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. جورجانلار بىرقانچە كۈن ئۇدا يول مېڭىپ قاتتىق چارچىدى. ھەيدەپ ماڭغان چارۋا - ماللىرىمۇ ئاچ ۋە

ئۇسسۇزلۇقتا قالدى. سۇ بار يەرگە يېتىپ بارسىلا جەزمەن توختايدۇ. ھېسابلاپ كۆرگەندە، ئۇلار تۇرغان يەرگە ئۈچ كۈندىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. خىللانغان يېنىك چەۋەندازلار بىلەن قوغلىغاندا، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، ئۇلارنى پاتىپاراق قىلىۋەتكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىزگە كۈچى يەتمەيدۇ» دېدى. جاڭ گۇن ۋېي خانى تەيزۇنىڭ دېگەنلىرىنى قول ئاستىدىكى سانغۇنلارغا يەتكۈزگەندە، سانغۇنلار خاننىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك، تەدبىرلىك ئىكەنلىكىگە، يىراق - يېقىندا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى.

(«ۋېينامە» 2 - كىتاب 612 - بەت)

---

①جاڭ گۇن ( 张衮 ) — دەسلەپتە شياڭگۇ ۋىلايىتىدە بەش ئاناسىر بېگى بولۇپ، كېيىن سول قول دورغاپلىققا ئۆستۈرۈلگەن. تالانتلىق ۋە تىرىشچان كىشى ئىدى.

(«ۋېينامە. جاڭ گۇننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)



ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

«ۋېينامە» 26 - جىلد

## ۋېي گۇجىننىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي نونىڭ ئوغلى ۋېي جۈەن دادىسىغا ئوخشاشلا ساداقەتمەن ئادەم ئىدى. ۋېي خانى تەيزۇڭ دەۋرىدە ساراي رەسەت بېگى بولۇپ، خاننىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارنى باشقۇردى. شۇ چاغدا، تامغاچى ۋەزىر شۇ جىن جورجانلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. تەيزۇڭ ۋېي جۈەنگە شۇجىننى قوغلاپ تۇتۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ شۇ جىننى قوغلاپ دۈشمەننىڭ ئوردىسىغا باردى. جورجانلارنىڭ باش ئاقساقىلى داتان ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ: «شۇ جىن شاھىمىزنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ، جازادىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىۋالدى. سىلەر ۋاقتىدا تۇتۇپ ئاپىرىپ بەرمىگەچكە، مەن تۇتۇپ ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم» دەپلا، داتاننىڭ ئالدىدا شۇ جىننى تۇتتى. شۇ جىننىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇشقان بولسىمۇ قۇتقۇزالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ داڭقى پۇر كەتتى. ئۆزى ياساۋۇل بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. ۋېي خانى تەيزۇ يۇجۇ ئايمىقىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ۋېي جۈەننى ۋېي شىزۇنىڭ پايتەختنى قوغدىشىغا ياردەمچى بولۇشقا بۇيرۇدى. كېيىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلغاندا، قاڭقىل چەۋەندازلىرىغا نازارەتچى بولدى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، تەڭداشسىز باتۇر بولغاچقا، قاراقچىلار ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى. ۋېي شىزۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا ۋېي جۈەننى چەۋەنداز مەھرەم لىۋ كۈرېن قاتارلىق سەككىز ئادەم بىلەن تۆت دىۋان ۋازارىتىنى باشقۇرۇپ، ئىشلارنى خانغا بىۋاستە

ئابدۇلئەلى تۇران كۇتۇپخانىسى
Abduleli Turan Kutupxanesi
www.uyghurweb.net

مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭغا شەنساڭ بېگى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنىپ، قوشۇمچە چېنجۇ ئايماق سانغۇنى بولدى. يەنە شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ، لەشكەر باشلاپ شىمالىي چېگرىغا باسقاق بولۇپ باردى. پېڭياڭ بېگى جاڭسۇن خەن بىللە جورجانلارنىڭ زوشەندە① تۇرۇشلۇق قوماندانى ئاپگانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەردىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ گېشەن تېغىغا بېرىپ، جورجانلار سەردارى بيەندۇنىڭ ئىنىسى كۇرىنجىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىمالغا باردى. جورجانلارنىڭ قوماندانى موگو قاغىلىلارنىڭ 5 مىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسقاندا، موگونىڭ لەشكەرلىرىنىمۇ تارمار قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئاندىن يەنە جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋېي جۈەن ئاق قۇم ۋە قارا قۇم دېگەن جايلار ئارىسىدا ھەرىكەتچان جەڭ قىلىپ، جورجانلارنىڭ شەرقىي قىسمىغا تۇيۇقسىز تېگىش قىلدى ۋە تولۇق غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەتتى. يەنە قۇلان چاڭغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، جەنۇبىي يول بىلەن يۈرۈپ شاڭگۇيدا قۇلان چاڭغا تېگىش قىلدى. قوشۇنىنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ قېلىپ، لىنخۇەي بېگى چيۇ دۇي قاتارلىقلار ھەرقايسى ناھىيە - ۋىلايەتلەردە باج - سېلىق يىغىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قۇلان چاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. قۇلان چاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. سانغۇنلار بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى. ۋېي جۈەن تەپتىش بەگ ئەن چى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بوكتۇرمە قويۇپ قۇلان چاڭنى ئالداپ چىقىپ، تىرىك تۇتۇپ تۆھپە كۆرسەتتى. شۇڭا شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، چەۋەنداز مەھرەم قىلىپ تەيىنلىنىپ، يۇياڭ بېگى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئارقىدىنلا ۋېي خانىغا ئەگىشىپ خېلوڭغا② يۈرۈش قىلدى. ۋېي جۈەن 10



مىڭ چەۋەندازغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇ تەسەللى بېرىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق 2000 دىن ئارتۇق تۇتۇننى ئەل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماندات تۇتقۇچى شىغاۋۇل قىلىپ تەيىنلىنىپ، يۇجۇ، لوجۇ ئايمىقى③ۋە خېنېي ۋىلايىتىنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بولۇپ، خۇلاۋ ئۆتكىلىنى④ قوغدىدى. جاڭيى بېگى توفا باۋجۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ۋېي خانى ۋېي جۈەننى يۇڭچاڭ بېگى توغبات جيەن بىلەن بىللە لەشكەر باشلاپ جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار فەنخې⑤دېگەن يەردە توفا باۋجۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. توفا باۋجۇ قېچىپ كەتتى. ۋېي جۈەن چەۋەندازلىرىنى باشلاپ قوغلىدى. توفا باۋجۇ قېچىۋېرىپ، ئىلاج قىلالماي ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ۋېي خانى ۋېي جۈەننى لياڭجۇ ئايمىقىدا لەشكەر تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇپ، لياڭجۇ⑥، شاجۇ⑦، خېجۇ⑧ ئۈچ ئايماقنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىغا تۇتۇق، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، چياڭ - رۇڭلار چېرىكچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن دۇنخۇاڭنى قوغدىغۇچى سانغۇن بولدى. ئارقىدىنلا تۇيغۇنلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى. ۋېي جۈەن ھەر تەرەپتىكى يات مىللەتلەرنى تىنچلاندۇرۇپ، بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلغاچقا نامى مەشھۇر، ھەيۋىتى زور بولدى. ۋېي خانى گاۋزۇڭ زامانىدا ۋېي جۈەن شىمالغا لەشكەر تارتىپ، ئىۋىرغولغا ھۇجۇم قىلدى ھەم شەھەرنى ئېلىپ تولۇق غەلىبە قازىنىپ قايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىغاۋۇل، ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىنىپ، بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. خەلپەت بەگ چاڭ يىڭ قاتارلىقلار بىللە دىۋان مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. ۋېي خانى گاۋزۇڭ شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئوۋ ئوۋلاۋاتقاندا، قاتتىق

قار يېغىپ كەتتى. شۇڭا قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ۋېي جۈەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ: «بۈگۈن شۈنچىۋالا كۆپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ شىمالدىكى دۈشمەنلەرنى چۆچۈتۈپ قويدىلا، ئۇلارنىڭ تۈرۈۋاتقان يېرى يىراق ئەمەس. مۇنداق تاسادىپىي قايتىپ كەتسىلە، دۈشمەنلەر بىزنى ئىچكى جەھەتتە ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ قالىدۇ. گەرچە قار يېغىپ ھاۋا سوۋۇپ، لەشكەرلەر جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭشۇرگەنلىرى تۈزۈك» دېدى. ۋېي خانى گاۋزۇڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، قۇملۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەتتى. ۋېي جۈەن ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ھاسىسىغا تايىنىپ خان ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىندى. خېپىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 463 - يىلى) ئۆلدى. ۋېي خانى گاۋزۇڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، ھازا ئېچىپ ماتەم تۇتتى. ئۇنى ئۇلۇغ سانغۇن، جۇاڭۋاڭ بېگى قىلىپ ئىززەتلىدى.

ئوغلى ۋېي دوخۇ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ۋېي دوخۇ كىچىكىدىلا ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلغانىدى. ۋېي خانى شيەنزۇ دەۋرىدە ماندات تۇتقۇچى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، چياڭ - رۇڭلار چېرىكچىسى، دۇنخۇاڭ باسقاق سانغۇنى بولدى. دۇنخۇاڭغا بارغاندىن كېيىن ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، خىللانغان 5 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، شۇ ئەتراپتىكى بەگلىكلەرنى تىنچلاندۇرۇپ، ياۋدىن ئالغان ئولجا بىلەن لەشكەرلەرنى بېقىپ، شۇ يەردىكىلەرنى قايتىدىن يۈز ئۆرۈمەس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئوردا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. ۋېي خانى گاۋزۇ دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە، جورجانلارنىڭ ئەمىر ئۇلۇسى ۋۇلۇجېن 30 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ چېگرىدىن بۆسۈپ كىرىپ، لياڭجۇ ئايمىقىنى



قورشىۋالدى. ۋېي دوخۇ ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ خىزمەت كۆرسىتىپ، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. كېيىن ۋېي دوخۇ جەنۇبىي تاغدا ئۇۋچىلىق قىلدى. جورجانلارنىڭ ئەمىر ئۇلۇسى دوبا لەشكەر باشلاپ دۇنخۇاڭغا بېسىپ كىرگەندە، ۋېي دوخۇ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىلگىرىلىدى. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، ھەممە قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇم قوزغاپ، دوبانى تارمار قىلدى ۋە شىمالغا قاراپ بىرقانچە ئون چاقىرىمغىچە قوغلاپ باردى.

مىڭدىن ئارتۇق ياۋنىڭ بېشىنى ئالدى. شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئىۋىرغولنى ئېلىپ، جورجانلارنىڭ غەربىي يۇرتقا چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ خانغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. خان ئۇنىڭ پىلانىنى ياخشى ئىكەن، دەپ قارىغان بولسىمۇ، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. تەيخې 1 - يىلى (مىلادىيە 477 - يىلى) ۋېي دوخۇنى يۈەن فامىلىلىك خوتۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

(«ۋېينامە» 2 - كىتاب 656 — 658 - بەتلەر)

---

① زوشەن تېغى ( 祚山 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا.

(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 631 - بەت)

② خېلۇڭ ( 和龙 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىڭجۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 11 — 12 - بەتلەر)

③ يۈجۇ ئايمىقى ( 豫州 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شۇچاڭ

شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ؛ لوجۇ ئايمىقى （洛州） — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 9 — 10 - بەتلەر)

④خۇلاۋ ئۆتكىلى （虎牢关） — ھازىرى خېنەن ئۆلكىسى جېڭجۇ شەھىرىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 59 — 60 - بەتلەر)

⑤فەنخې （番和） — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچېڭ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 50 — 51 - بەتلەر)

⑥لياڭجۇ ئايمىقى （凉州） — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ۋىلايىتىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 57 — 58 - بەتلەر)

⑦شاجۇ ئايمىقى（沙州） — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 402 - بەت)

⑧خېجۇ ئايمىقى （河州） — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 15 — 16 - بەتلەر)



## «ۋېينامە» 27 - جىلد

# مۇچۇشەنىڭ تەرجىمىھالى

مۇچۇشەنىڭ ئوغلى مۇزىلىن قەلەمگە ماھىر بولۇپ، ئەنرۇڭ① ئامبىلى بولغان. ئەمەلدارلىق قابىلىيىتى يۇقىرى ئىدى. جاڭسۇن جى② بىلەن بىللە شۇجۇن ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن دىۋان مەھكىمىسىنىڭ تىڭ ئىچىش كاتاۋۇلى بولدى. ۋېي خانى چۇدى تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا③، مۇراسىم پىرقىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. گاۋتاڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلىپ، 200 ئائىلە تۇرۇشلۇق سۇيۇرغال ھەدىيە قىلىندى. ۋېي خانى شياۋ جىڭدىنىڭ دەسلەپكى زامانىدا④، شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سىجۇنىڭ⑤ ئورۇنباسار ئايماق بېگى بولدى. پۇقرالارنىڭ يېرىنى يولسىز ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلمۇ، مەرتىۋىسىمۇ ئېلىپ تاشلاندى. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئازارلارنىڭ خانى پۇۋۇرغۇر جۇ جورجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يېڭىلىپ قالغاندا، ئوغلى پۇۋۇرغۇر چۇبىن ۋېي سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلەپ كەلدى. چىشيەنۇ ۋاڭ پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ، پۇۋۇرغۇر چۇبىننى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سىجۇ ئايماقدارى قىلىپ تەيىنلەپ، قاڭقىللار بېگى دېگەن مەرتىۋە بىلەن ياتلارنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتىشنى، مۇزىلىننى پۇۋۇرغۇر چۇبىننىڭ دورغابى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇرۇنقى مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي چارىپانسات دورغابى، چىشەنۇ ۋاڭنىڭ ۋەزىر دەرىجىلىك ئەمىرلەشكىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

مۇزىلىن 53 يىشىدا ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭغا باش چاپاۋۇل سانغۇن، تۇتۇق - ھىراۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بىگى، يىڭجۇ⑥ ئايماقدارى دىگەن مەرتىۋىلەر تارتۇق قىلىندى.
(«ۋېينامە» 2 - كىتاب 677 — 678 - بەتلەر)

---

① ئەنرۇڭ ( 安戎 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 120 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 303 - بەت)

② جاڭسۇن جى ( 长孙稚 ) — ئەينى زاماندا ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي رايونىنىڭ سەردارى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

③ ۋېي خانى چۇدى جۇڭشىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 532 - يىلى) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى چۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

④ۋېي خانى شياۋ جىڭ يۇڭشى 3 - يىلى (مىلادىيە 534 - يىلى) تەختكە چىققان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى شياۋ جىڭ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑤سىجۇ ئايمىقى ( 肆州 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەييۈەن شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 - بەت)

⑥يىڭجۇ ئايمىقى ( 瀛州 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى خېجيەن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 59 — 60 - بەتلەر)



## «ۋېينامە» 28 - جىلد

# گۇبىنىڭ تەرجىمھالى

ۋېي خانى شىزۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا①، گۇبىنىڭ② تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قائىدە - يوسۇنلۇق سانغۇن، لىڭشۇ بىگى مەرتىۋىسىنى بەردى. ئۇنى بىڭجۇ ئايمىقىدا ئىسيان كۆتۈرگەن غۇزلارنى جازالاشقا بۇيرۇدى. جازالاپ بولۇپ قايتىپ بارغاندا شىغاۋۇل، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بىگى مەنسىپى بېرىلىپ، جەنۇبقا دائىر ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. ئەن يۈەن③ بىلەن بىرلىشىپ شەرقتىكى قاڭقىللارنى سىنىپىدا ئەل قىلدى. پۇقرالارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ليۇ جيې④ بىلەن بىرلىشىپ ۋۇيۈەن⑤ ۋىلايىتىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا لەشكەر يۆتكەپ، تىنىڭ ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى. غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ خانغا ئەگىشىپ قۇلان دىنغا جازا يۈرۈشى قىلدى. خان ئاۋۋال پىڭلياڭغا، ئاندىن جىڭشۇي دەرياسىنىڭ ⑥ جەنۇبىغا باردى. خان گۇبىنى شىغاۋۇل جاڭ لى بىلەن بىرلىكتە پىڭلياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. قۇلان دىن ئاتلىق ۋە پىيادە 20 مىڭ لەشكەر بىلەن ئەندىگىدىن چىقىپ پىڭلياڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ، گۇبى بىلەن ئۇچرىشىپ جەڭ قىلدى. گۇبى ئەتەي چېكىنىپ قۇلان دىننى جەڭ قىلىشقا ئەپلىك جايغا ئالداپ ئاپاردى. ۋېي خانى شىزۇ قاڭقىللار بىلەن تېلىلارنى قۇلان دىنغا چاقماق تېزلىكىدە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. جەڭدە بىر قانچە مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. گۇبى غەلىبىسىرى

ئىلگىرىلەپ ئەندىكىنى بېسىۋالدى.
(«ۋېينامە» 2 ـ كىتاب 690 ـ بەت)

---

① ۋېي خانى شىزۇ شىگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 424 ـ يىلى) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.
(«ۋېينامە. ۋېي خانى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

②گۇبى ( 古弼 ) — سادىق كىشى ئىدى. چەۋەندازلىقتا ماھىر، ئىشتا ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن قەلەم بېگىم دېگەن نامغا ئېرىشكەن.
(«ۋېينامە. گۇبىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

③ئەن يۈەن ( 安原 ) — ئەينى زاماندا سول قول ياندىش بەگ ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

④ليۇ جيې ( 刘洁 ) — ئەينى زاماندا دىۋان بېگى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

⑤ۋۇيۈەن ۋىلايىتى ( 五原郡 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بوغىت شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑥ جىڭشۈي دەرياسى ( 泾水 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)



«ۋېينامە» 29 ـ جىلد

# شى جىننىڭ تەرجىمىھالى

شى جىن ئەسىرگە چۈشۈپ قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، مەرتىۋىسى بەگلىكتىن بىر دەرىجە چۈشۈرۈلدى. ۋېي خانى شىزۇ شەرققە لەشكەر باشلاپ بېرىپ فېڭ ۋېنتۇڭغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، شى جىننى يۈجۇ ئايمىقىنىڭ پۇقرالىرى ۋە مىيۈندىكى دىڭلىڭلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك قورال ـ سايمانلارنى جەنۇبىي يول بىلەن توشۇشقا بۇيرۇدى. تەبىيەن يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە ياساۋۇللۇققا تەيىنلىنىپ، كېيىن خۇڭنۇڭ بېگىلىككە ئۆزگەرتىلدى. قوشۇمچە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن بولدى. كېيىن يەنە تۈمەن چەۋەندازلار بۈيۈك سانغۇنى بولدى.

شى ۋۇخۇ②نىڭ ئوغلى شى دىڭ ۋېي خانى شىزۇ دەۋرىدە خاننىڭ جېسەكچىسى بولۇپ، خان نەگە بارسا ئەگىشىپ يۈرگەندى، قولىدىن خاننىڭ خەنجىرى چۈشمەيتتى. كېيىن گۇناھ سادىر قىلىپ لۇڭچېڭ قەلئەسىگە سۈرگۈن قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە مەنسەپدارلار نازارەتچىسى قىلىپ تەيىنلەندى. كېيىن بوگۇلۇ③نى قوغدىغۇچى سانغۇن بولدى، قوشۇمچە يىراقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ، فۇچېڭ④ بېگى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى. شۇ چاغدا قاڭقىللار ئىسيان كۆتۈرۈپ ناھىيە شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. شى دىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاڭقىللارنى تارمار قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى.

ئۆزى يەنشاڭ يىللىرىدا ئۆلدى.
(«ۋېينامە» 2 ـ كىتاب 700 — 702 ـ بەتلەر)

---

① شى جىن شيا خانى قۇلان دىنغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەن.
(«ۋېينامە. شى جىننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

② شى ۋۇخۇ ( 奚乌侯 ) — شى جىن ( 奚斤 ) نىڭ ئىنىسى شى پۇخۇي ( 奚普回 ) نىڭ ئوغلى.
(« ۋېينامە. شى جىننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

③ بوگۇلۇ جېنى ( 薄骨律镇 )— دائىرىسى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 ـ 49 ـ بەتلەر)

④ فۇچېڭ ( 富城 )— ناھىيە. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 42 ـ 43 ـ بەتلەر)



## «ۋېينامە» 30 ـ جىلد

# ئەنتۇڭنىڭ تەرجىمىھالى

چىڭخې بېگى توغبات شاۋ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە①، ۋېي خانى تەيزۇڭ سىرتتا بولۇپ، كېچىلەپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالدىن② ئەنتۇڭنى خەۋەرلەندۇردى. ئەنتۇڭ سەنئەتكارلارنى توپلاپ داقا ـ دۇمباق، نەغمە ـ ناۋا بىلەن خاننى داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. ۋېي خانى تەيزۇڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەنتۇڭنى نەنپىڭ ئەمىرى جاڭسۇن چۇڭ بىلەن بىرلىكتە خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايىتىنى سوراشقا بۇيرۇدى. يەنە فېيدۇ بېگى خې خو بىلەن بىللە ماندات تۇتۇپ بىڭجۇ، دىڭجۇ ئايماقلىرىدا ۋە تاغلىقتا ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم غۇزلار، دىڭلىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، خاننىڭ پەرمانىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشكە، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، دەرد ـ ھالىغا يېتىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلغان جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى. ئەنتۇڭ بىڭجۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، خانغا مەلۇماتنامە يوللاپ «بىڭجۇ ئايمىقىدا كۆپ ساندىكى ئەمەلدارلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئايماق بېگى ئۆز مەھكىمىسىدىكى گۇتۇڭ ئاتلىق كىيىم تىككۈچىنى ئۆز خاھىشى بويىچە جىنىياڭ ناھىيە ئامبىلى قىلىۋاپتۇ. ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ پارا ئېلىپ، بىر ـ بىرىنى ياپىدىكەن. قانۇندىكى بەلگىملەر بويىچە جازالاشنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدى. ۋېي خانى تەيزۇڭ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت ـ ئايماقلارنىڭ مەنسەپدارلىرى چۆچۈپ
جىمىپ كەتتى. ئەنتۇڭ شەرقتىكى جىڭشىڭغا③، ئۇ يەردىن
جۇلۇ④ غا باردى. ھەر تۆت ئائىلىدىن بىر ئادەمنى ھاشارغا
تۇتۇش يولى بىلەن دالىڭ تېغىنى تىزگىنلىمەكچى، تيەنمېن
قوۋۇقىنى⑤ تۇتاشتۇرماقچى، يەنە سۇڭزى⑥ دېگەن يەردە قەلئە
سالدۇرماقچى بولدى. شۇ ئارقىلىق ناھىيە، ۋىلايەتلەرنى
تىنچىتماقچى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەھۋال تەكشۈرۈۋاتقان
خې خو ئەنتۇڭنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈپ
كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، باشقىلارنى كۈشكۈرتۈپ،
ئەنتۇڭ قەلئە سالدۇرۇپ ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش
ئارقىلىق، باشقىچە چوڭراق ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ،
دەپ پادىشاھقا ئەرز قىلدۇردى. پادىشاھ ۋېي تەيزۇڭ ئەنتۇڭ
سىرتتا يۈرۈپ خەلققە ھاشار سېلىپ باشباشتاقلىق قىپتۇ، دەپ
پارمان چۈشۈرۈپ، ئۇنى كۆشۈك ھارۋىسى بىلەن ئەكەلدۈردى
ھەممە ئەمەلدارلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇنى قانداق جازالاشنى
مەسلىھەتلەشتى. ئەمەلدارلار: «ئەنتۇڭ سىرتتا ئۆز بېشىمچىلىق
بىلەن بىھۇدە ئىشلارغا ئارىلىشىپ، پۇقرالارنى پاراكەندە قىپتۇ.
ئۇنى قاتتىق جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش لازىم» دېيىشتى.
ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ بولسا، ئەنتۇڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان
بولسىمۇ، ھاكىمىيەتكە پايدىلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتقان.
نىيىتىدىمۇ ھېچبىر ھاراملىق يوق دەپ قاراپ ئۇنى جازالىماي
قويۇۋەتتى.

(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 713 ـ بەت)

ئەنچۈنىڭ⑦ ئىنىسى ئەنيۈەن سۇرلۇك، ئېغىر ـ بېسىق،
ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ دەۋرىدە
پادىشاھنىڭ شىكارگاھىدا سىپاھ بولدى. يۇنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ⑧
ھەربىي ئىشلار مۇپەتتىشى بولدى. قۇلان چۆگې خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى⑨.



ئەنيۈەن بىر قانچە ئون تاللانغان چەۋەنداز بىلەن قۇلان چۆگېگە
تۇيۇقسىز تېگىش قىلىپ، ئون نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈردى.
پادىشاھ ئەنيۈەننى ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ ياۋغا سەل قاراپ
قاراملىق قىلغان، دەپ جازالىدى. ئەمما ئۇنى جەسۇر، باتۇر دەپ
قاراپ، ئارقىدىنلا سانغۇن قىلىپ يۇنجۇڭنى قوغداشقا بۇيرۇدى.
ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈمچان بولغاچقا، قاتتىق ھىمايىگە
ئېرىشتى. جورجانلار چېگرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغاندا،
ئەنيۈەن ئۇلارنى تارمار قىلىپ تۆھپە كۆرسىتىپ، ۋۇيۈەن بېگى
مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. لۇجۇن ۋىلايىتىگە سانغۇن بولدى. ۋېي
پادىشاھى شىزۇ تەختكە چىققاندا، نەقلىيات دىۋان بېگى بولدى.
پادىشاھ ئالىيلىرى لەشكەرلىرىنى باشلاپ جورجانلارنىڭ قاغانى
داتانغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، قوشۇننى بەش تارام قىلىپ
ئىلگىرىلىدى. جورجان قاغانى داتان چۆچۈپ، شىمالغا قېچىپ
كەتتى. ئەنيۈەن دىۋان بېگى، سولقانات ياندىش ۋەزىر، خېجيەن
ئەمىرى، قوشۇمچە شىغاۋۇل، جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك
سانغۇن بولدى. پادىشاھقا ئەگىشىپ قۇلان چاڭغا جازا يۈرۈش
قىلىپ، ئۇنىڭ قەلئەسىنى بىت ـ چىت قىلىۋېتىپ قايتتى.
پادىشاھ لەشكەر باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، جورجانلار
قېچىپ كەتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ شەرقتىكى قاڭقىللارنىڭ
سىنىپى دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئادەم ۋە مال ـ
چارۋىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا
تۇيۇقسىز تېگىش قىلماقچى بولدى. پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكى
سانغۇنلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قازىنىش قىيىن بولىدۇ، دەپ
قارىدى. لېكىن پادىشاھ ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرمىدى. پادىشاھ
ئەنيۈەن بىلەن گۇبىنى 10 مىڭ چەۋەنداز بىلەن قاڭقىللارغا
تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار تولۇق غەلىبە قازىنىپ قايتىپ
كەلدى. پادىشاھ لەشكەر باشلاپ چاڭلىغا ھۇجۇم قىلغاندا،
ئەنيۈەن جيەنىنىڭ بېگى توغبات چۇڭ بىلەن بىللە جورجانلارنىڭ

ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى قوغدىدى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 714 ـ بەت)

شى جۇەن دەيجۇن ۋىلايىتىدىن، كىچىككىدىنلا ھەربىي تالانتى مەلۇم بولغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ دەۋرىدە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ دەۋرىگە كەلگەندە دىۋان بېگى، قوشۇمچە جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، خولاۋ ئۆتكىلىنى قوغدىغۇچى سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى. قاراقچىلار ئۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە بارگاھ لەشكەر بېشى، كىنجاپ مەھكىمىسىنىڭ دىۋان بېگى بولۇپ، يەنىلا خولاۋ ئۆتكىلىنى قوغدىدى. ئۇنىڭغا نەنياڭ گۇڭى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى. قوشۇمچە ماندات تۇتقۇچى، شىغاۋۇل، يۇجۇ، لوجۇ ئايماقلىرى ۋە خېنەي ۋىلايىتىدىكى لەشكەرلەرگە مەسئۇل تۇتۇقبەگ، جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ، تەمىناتى ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي چاڭئەنگە باسقاق سانغۇن بولۇپ يۆتكەلدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ مېيجىنى⑩ كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، شى جۇەن پەرمانغا بىنائەن قوشۇنلارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى. شىخې⑪ دا تاغلىق ئوغۇزلاردىن ئىسيان كۆتۈرگەن بەيلۇڭغا جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇنى يەڭدى ھەم ئۇلارنىڭ قەلئەسىدە قىرغىنچىلىق قىلىپ، بىر قانچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، بەيلۇڭنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىنى تۇتۇپ قايتىپ كەلدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ گۇزاڭ شەھىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن شى جۇەننى جۇرچى مۇقانىنىڭ⑫ ئىنىسىنىڭ دوستى بولغان جاڭيې ۋالىيسى يى دېغا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. يى دې جيۇچۇەنگە قېچىپ باردى. جيۇچۇەن ۋالىيسى ۋۇخۇي يى دې بىلەن بىللە قېچىپ قوچۇغا باردى. شى جۇەن ئۇلار تاشلاپ كەتكەن ئىككى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. كېيىن جۇرچى ئارغۇ جيۇچۇەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تېگىش



قىلغاندا، شى جۇەن باستۇرۇۋەتتى ۋە ئەر، ئايال 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى. ۋېي پادىشاھى جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، شى جۇەننى دىۋان بېگى قىلىپ، يانداش قوشۇنلارنىڭ ئايرىم يوللارنى ئايلىنىپ مېڭىشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ، لوخۇنخەي ئەتراپىدا قوشۇلۇشقا بۇيرۇدى. شى جۇەن ۋە جۇڭشەن بېگى توغبات چېن قاتارلىق بۈيۈك سانغۇنلار مۇددەتتىن كېچىكىپ قالغانلىقتىن، ئاخىرىدا پايتەختنىڭ جەنۇبىدا كاللىسى ئېلىندى. مەرتىۋىسى بىكار قىلىندى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 722 ـ بەت)

چەيلو، كىنگىتلىك غۇز بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى شەرقىي چېگرا قەبىلىسىنىڭ سەردارى، مەڭگۈلۈك مەنسەپدارى بولۇپ كەلگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇنى سەممىي ـ ساداقەتمەن ئادەم ئىكەن، دەپ قاراپ ئىلتىپات قىلغان. يەنخې يىللىرىدا ئۇنىڭغا غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن مەنسىپى بىلەن ئالدى قاڭقىل خانى مەرتىۋىسى بېرىلگەن. يۈز توپ شايى ـ دۇردۇن، يۈز قاداق مەشۇت ـ سەيناق ئىنئام قىلىنغان. يەنە كەشتىلەنگەن شاھانە كىيىم بىلەن زەرلەنگەن كەمەر، ئۆتۈك، قالپاق سوۋغا قىلىنغان. چەيلو بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ۋېي سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىدىغان بولغان. جۇرچى ۋۇخۇي ئۇنىڭ ئالاقىلىشىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقتىن، چەيلو جۇرچى ۋۇخۇي بىلەن ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرىدا جۇرچى ۋۇخۇي يېڭىلدى. شۇ چاغدا جۇرچى ۋۇخۇي ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى جۇرچى ئارگو جۇرچى ۋۇخۇينىڭ ئوغلى جۇرچى كانشۇنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، قەبىلىسى ۋە مالاي چېرىكلىرىنى باشقۇردى. چەيلو ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېي سۇلالىسىگە بويسۇنۇشقا دالالەت قىلدى. جۇرچى كانشۇ قاتارلىقلار بالا ـ چاقىلىرىدىن 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چەيلونىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىۋالدى. چەيلو ئۇلارنى

پايتەختكە ئەۋەتىپ بەردى. يەنە لى باۋنىڭ ئىنىسى لى چىن⑬ قاتارلىق 50 نەچچە ئادەمنى ئەل بولۇشقا قايىل قىلىپ، دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىپ بەردى. چەيلو ئۆز قەبىلىسىدىكى 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قوچۇغا ھۇجۇم قىلدى. كىنگىتنىڭ شەرقىدىكى يەتتە شەھەرگە جازا يۈرۈش قىلىپ ھەممىسىنى ئىشغال قىلدى. 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى. يەنە مىڭ تۆگە، مىڭ ئات ئولجا ئالدى. ئولجا ئالغان مىڭ قاداق ئالتۇننى ئوردىغا سوۋغا قىلدى.

چەيلو كىنگىتتىن لەشكەر باشلاپ ماڭغاندا، ئوغلى چەشەنى شەھەرنى قوغداشقا قالدۇرغان ئىدى. جۇرچى ئارگو شەھەر قۇرۇق قالغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جورجانلارنى باشلاپ كەلدى ـ دە، ئۈچ يولدىن تېگىش قىلىپ چەشەنىڭ قوشۇنىنى قورشىۋالدى. ھەمدە چەشەگە ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئاتاڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. سەن بىزگە چاپسان ئىتائەت قىلساڭ، بىز سىېنىڭ مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرىمىز» دېدى. چەشە بۇ شەرتكە قوشۇلماي شەھەرنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇدا جەڭ قىلدى. ئۇزاققىچە تاشقى ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، شەھەر ئارگونىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. چەشە قېچىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. چەيلو قېچىپ پىتىراپ كەتكەن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ كىنگىت شەھىرىگە قايتىپ باردى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇنى تەقدىرلىدى. جېڭپىڭ 1 ـ يىلى چەيلوغا يارلىق چۈشۈرۈپ: «چەشەنىڭ يېشى كىچىك، گۆدەك بولغىنى بىلەن شەھەرنى قەتئىي قوغداپ كۈچلۈك ساداقىتىنى ئىپادىلەپتۇ. كەمىنە ئۇنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. چەشەنى ئوردىغا ئەۋەتىشكىز بولىدۇ» دېدى. چەيلو چەشەنى ئىنىسى چەبول قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بىلەن پايتەختكە ئەۋەتتى.

جېڭپىڭ 2 ـ يىلى چەيلو پايتەختكە بېرىپ، ۋېي پادىشاھى شىزۇنى تاۋاپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن توقال ـ دېدەك،



ئۆي ـ ئىمارەت، باغ ـ ئېتىز، قوي ـ كالا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىپ ئالىي سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى. مەرتىۋىسى ساقلاندى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ شىگۇەن 2 ـ يىلى چەيلو ئۆلگەندە، ئۇنىڭغا يەنە غەربنى تىنچىتقۇچى بۈيۈك سانغۇن، چىنجۇ ئايماق بېگى دېگەن مەنسەپ ۋە «كاڭۋاڭ» دېگەن مەرتىۋە ھەدىيە قىلىندى. تاۋار ـ دۇردۇن، مەشۇت قاتارلىق رەڭدار رەختلەردىن 500 توپ، ئوردا كىيىمىدىن 27 يۈرۈش ئىنئام قىلىندى ۋە لۇ لۈيۈەننى دەپنە قىلغاندەك⑭ دەپنە قىلىندى.

چەشە ئاتىسى چەيلونىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. خۇاڭشىڭ يىلنامىسىنىڭ ئاخىرىدا ماندات تۇتقۇچى، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، يۈجۇ ئايماقدارى بولدى. يەنشىڭ 3 ـ يىلى ئۆلگەندە، ئوغلى چەبوجۇ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى.

(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 723 — 724 ـ بەتلەر)

لۇ دافېي جورجانلاردىن بولۇپ، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ زامانىدا ئىنىسى دانپىيى بىلەن ئۆز نەسەبدىكىلەرنى باشلاپ ۋېي سۇلالىسىگە بېقىنغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۇنىڭ سەممىيىتىدىن سۆيۈنۈپ، مەلىكە خۇايىننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، چىسى تۆرىسى⑮ مەرتىۋىسىنى بەرگەن. ئىنىسى بىلەن ئىككىسىنى ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۆرۈپ، ھەممە كېڭەشلەرگە ئارىلاشتۇرغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، لۇ دافېينى ئىچكى پىرقە مەنسەپدارى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، بەگلىك مەرتىۋىسى بەردى. شېنرۇي⑯ يىللىرىدا باش سانغۇنلۇققا كۆتۈردى. ئۇ لەشكەر باشلاپ بونا تېغىدىكى⑰ يۆلى قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازاندى. تەيچاڭ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يەنە باش سانغۇن سۈپىتى بىلەن ئوردا ياساۋۇللىرىنى باشلاپ جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنىڭ سانغۇنى موگوخۇننى تىرىك تۇتتى. يېچېڭ

بېگى شى جىن خۇلاۋ ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلغاندا، لۇ دافېي بىلەن ئى چىك⑱ 12 قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوتتۇرا يولدىن چىقىپ گاۋپىك، جىنشياڭنى⑲ ئىگىلەپ، شەرققە مېڭىپ تەيشەن تېغىغا باردى. پادىشاھ لۇ دافېينى ماندات تۇتقۇچى، ئەنياڭ گۇڭى قىلىپ تەيىنلەپ چېنجۇن، رۇجۇن⑳ ۋىلايەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە㉑، لۇ دافېينى يەنە شى جىن بىلەن بىللە يۇنجۇڭ ۋىلايىتىدىكى بەيداۋدىن ㉒ چىقىپ، داتانغا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. لۇ دافېي غەلىبە قىلىپ، ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، يەنىلا ئىچكى پىرقە مەنسەپدارى بولۇپ تەيىنلەندى. ماندات تۇتقۇچى، جىجۇ، چىڭجۇ ㉓ ئايماقدارى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن سىرت يەنە مۇۋەققەت شىڭياڭ گۇڭى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئوردىغا قايتۇرۇلۇپ، ئالاھىدە تۆرە㉔ بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. كېيىن يەنە ئوردىدىن چىقىپ جىجۇ، چىڭجۇ ئايماقدارى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىغا يۆتكىلىپ يەنە ئىچكى پىرقىنىڭ باش مەنسەپدارى بولدى. كېيىن پادىشاھقا ئەگىشىپ قۇلان چاڭغا جازا يۈرۈش قىلىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، شىڭياڭ گۇڭى مەرتىۋىسى بېرىلدى. مەلىكە خۇايىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ سىڭلىسى مەلىكە خۇزېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ئۇنى يەنە باش سانغۇن قىلىپ، داتانغا تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ غەلىبە قىلدى. چېرىكلىرىنى باشلاپ كېخۇ تېغىغا بېرىپ، سىنپىدىكى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلدى. ئارقىدىنلا پىڭلياڭغا يۈرۈش قىلىپ، يەنە تۆھپە كۆرسەتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ لۇ دافېيغا بەگلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلماقچى بولغاندا، لۇ دافېي كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭغا جۇڭشەن بېگى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى. ئۇنىڭ لۇ خې ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئىنىسى لۇ لىن ئۇنىڭ



مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ چۇچى رايونىنى قوغدىغۇچى سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى. ئۆلگەندە ئوغلى بولمىغاچقا، مەرتىۋىسىگە ئىنىسى لۇ فېڭ ۋارىسلىق قىلدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ دەۋرىدە ئىچكى پىرقىنىڭ باش ئەمەلدارى بولدى. ئوردىدىن چىقىپ جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سىجۇنىڭ ئايماق بېگى بولدى. ئۆلگەندە ئوغلى بولمىغاچقا، مەرتىۋىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 728 — 729 ـ بەتلەر)

---

① تيەنسى 6 ـ يىلى (409 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا، چىڭخې بېگى توغبات شاۋ ئادەملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كېچىدە قوراللىق ئوردا تاملىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئوردىغا قاماپ قويۇلغان ئانىسىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغان. دادىسى تەيزۇ بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپ ئۆلگەن.
(«ۋېينامە. چىڭخې بېگى توغبات شاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②ئەينى زاماندا، ئەنتۇڭ يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

③ جىڭشىڭ ( 井陉 )— تاغ نامى. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى سەنشى ئۆلكىسى بىلەن تۇتاشقان يەردە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 — كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

④جۇلۇ ( 钜鹿 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىڭتەي شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

⑤ تيەنمېن قوۋۇقى ( 天门关 ) — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى فاڭشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

⑥سۇڭزى ( 宋子 ) — قەلئە. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لۇەنچېڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

⑦ئەنچۇ ( 安屈 ) — ئەنتۇڭنىڭ دادىسى، ئالدىنقى يەن خانلىقىدا ئوردا كەپتاۋۇلى بولغان.
(«ۋېينامە. ئەنتۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑧ يۈنجۇڭ ۋىلايىتى ( 云中郡 ) — دائىرىسى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرى بىلەن خورىنگېر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑨خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمى — هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىدورىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑩ مېيجى ( 美稷 ) — ناھىيە. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑪ شىخې ( 西河 )— ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى فېڭياڭ ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑫ جۈرچى مۇقان ( 沮梁牧犍 )— شىمالىي لياڭ خانى.
(مۇھەررىردىن)

⑬ لى چىن ( 李钦 )— غەربىي لياڭ خانى لى خاۋنىڭ نەۋرىسى.



غەربىي لياڭ خاندانلىقىنىڭ كەنجى خانى دەپ ئاتىلىدۇ. لى باۋ شۇ چاغلاردا ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇنى ئىدى. «ۋېينامە. لى باۋنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

⑭ لۇ لۈيۈەن ( 卢鲁元 ) — ئەسلىي شاھزادە توغبات تاۋنىڭ ئاتالىق بېگى ئىدى. توغبات تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، دىۋان بېگىلىككە كۆتۈرگەن. ئۆلگەندە پادىشاھ ۋۇدى ئۇنى داغدۇغىلىق دەپنە قىلغان.
(«ۋېينامە. لۇ لۈيۈەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑮ قەدىمكى زاماندا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر - ۋۇزرالار ياكى سانغۇن ـ سەركەردىلەرگە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان گۇڭ ( 公 )، بەگ ( 侯 )، گراف ( 伯 )، ۋىكوند ( 子 )، بارون ( 男 ) دىن ئىبارەت بەش خىل ئۇنۋان بېرىلەتتى. ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى تېگىشلىك تەمىنات ئالاتتى.
(«سىيۇەن» 1968 ـ بەت)

⑯ شېنرۈي ( 神瑞 ) — پادىشاھ يۈەندىنىڭ 414 — 415 ـ يىللاردىكى يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑰ بونا تېغى ( 跋那山 ) — هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئوردا ئالدى خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑱ ئې چىڭ( 娥清 )— ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چەت جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇنى.
(مۇھەررىردىن)

⑲ گاۋ پىڭ ( 高平 ) —، جىنشياڭ ( 金乡 ) — يەرناملىرى. ھەر ئىككىسى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ ئىككى يەر سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىدى.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 19 — 20 ـ بەتلەر)

⑳ رۇ جۈن (汝郡) — يەنى رۇ ياڭ ۋىلايىتى (汝阳郡). ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شياڭشۈي ناهىيىسىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 —41 ـ بەتلەر)

㉑ ۋېي پادىشاهى شىزۇ (魏世祖) — مىلادىيە 423 ـ يىلى تەختكە چىققان بولۇپ، 452 ـ يىلى ھەرەم بېگى زوڭ ئەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندا، سۈي خاۋ قاتارلىق خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە سىيانپىي ئاتلىق لەشكەرلىرىگە تايىنىپ، شيا، شىمالىي يەن، شىمالىي لياڭ قاتارلىق خانلىقلارنى يوقىتىپ، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. «ۋېينامە. ۋېي پادىشاهى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ.

㉒ بەيداۋ (白道) — قەلئە. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەهىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

㉓ چىڭجۇ ئايمىقى (青州) — ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى زىبو شەهىرىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉔ ئالاھىدە تۆرە (特进) — پەخرىي ئەمەل نامى بولۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا بېرىلەتتى.
(«سىيۇەن» 1986 ـ بەت)

㉕ قۇلان چاڭ (赫连昌) — شيا خانى.
(«مۇھەررىردىن)



«ۋېينامە» 31 ـ جىلد

# يۇ لىدىنىڭ تەرجىمىھالى

يۇ دۈنىنىڭ ئوغلى يۇ شىن چەۋەنداز مەھرەم بولۇپ، ئاندىن پادىشاھنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە لازىملىق نەرسىلەر ئامبىرىنىڭ باش بېگى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەيۋەدار سانغۇن، خۇەيشو ۋە ۋۇچۇەن شەھەرلىرىنى قوغدىغۇچى سانغۇن، پەخرىي كېڭەش بېگى بولدى. شياۋچاڭ② يىللىرىدا جورجانلارغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، ئاناغاي بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن پولوخەن تىگىمىڭ، چۇلۇجىن قاتارلىقلارنى تۇتقانلىقتىن دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن، شىمالىي قوشۇنلار كەپتاۋۇلى، خېڭجۇ ئايمىقىنىڭ چوڭ خالىس بېگى بولدى. يەنە قۇتانقۇچى قوشۇنلار سانغۇنى، باش ياساۋۇل بولدى. ئوردىدىن چىقىپ شەرقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، يىڭجۇ ۋە خېڭجۇ ئايماقدارى بولدى. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن بولۇپ، ئەتراپىدىكى قوشۇنلارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى. تيەنپىڭ③ يىللىرىدا ئۆلدى. ئۆلگەندە جىجۇ، دىڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ باش سانغۇنى، ياساۋۇل سانغۇن، يانداش دىۋان بېگى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى دېگەن مەرتىۋە ۋە «ۋېنگوڭ» دېگەن پەخرىي نام ئىنئام قىلىندى. مەرتىۋىسىگە چوڭ ئوغلى يۇ ياڭرېن ۋارىسلىق قىلىپ، ۋۇدىڭ④ يىللىرىدا بوخەينىڭ باش ۋالىيسى بولدى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 747 ـ بەت)

①يۇ دۇن（于敦）— ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ دەۋرىدىكى ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، خېڭجۇ ئايماقدارى.
(«ۋېينامە. يۇلىدىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②شياۋ چاڭ（孝昌）— ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ 525 — 527 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③تيەنپىڭ（天平）— شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ 534 — 537 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

④ۋۇ دىڭ（武定）— شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ 543 — 550 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)



# «ۋېينامە» 32 - جىلد

## گاۋخۇنىڭ تەرجىمىھالى

گاۋبا① نىڭ ئوغلى گاۋتۇن، تەخەللۇسى مىڭجېن بولۇپ يارامىلىق ئادەم ئىدى. دەسلەپتە يانداش تەپتىش بېگى بولۇپ ئوردا مېھماندارى، ياندااش چەۋەنداز مەھرەم بولغان. تاغىسى گاۋخۇي بىلەن بىللە غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، ئۇ يەردىن خېجۇ ئايمىقىغا قايتقاندا، قاراقچىلارنىڭ شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، ئۆلۈپ كەتكىلى تاسلا قالغان. تەيچاڭ② يىللىرىنىڭ باشلىرىدا خان تەمتەكدارلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ جىجۇ، ساڭجۇ③ ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇق، شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جىجۇ ئايماقدارى بولغانىدى. يۇڭشى④ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىدىن شىغاۋۇللۇققا تەيىنلىنىپ، چىڭجۇ، شۇجۇ⑤، گۇاڭجۇ⑥ ئۈچ ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇق بولۇپ، شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، چىڭجۇ ئايماقدارى بولدى. ئۆلگەندە ۋېنجىڭ دېگەن پەخرىي ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى.

شىڭخې⑦ يىللىرىدا گاۋ تۇننىڭ ئوغلى گاۋ يۇڭلى شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، جىجۇ⑧ ئايماقدارى، ياڭچۈەن ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى گۇڭ بولدى. گاۋ يۇڭلىنىڭ ئىنىسى گاۋبى ۋۇدىڭ يىللىرىدا غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، يىڭجۇ⑨ ئايماقدارى، ئەنلىڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت

قۇرغۇچى تۆرە بولدى.

گاۋ بانىڭ ئىنىسى گاۋ خۇي، تەخەللۇسى گاۋ رۇڭشيەن. كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمى گۇ ئېر بولۇپ، ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئەزىمەت ئىدى. رېنچېڭ بېگى توغبات چېڭغا يېقىپ قالغانلىقتىن، جىڭمىڭ⑩ يىللىرىدا ئوردا مېھماندارى بولدى. يەنچاڭ⑪ يىللىرىدا غەيرىي رەسمىي چەۋەنداز مەھرەم بولۇپ، يەپتالغا ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا، زور ھۆرمەتكە ئېرىشتى. پەرغانە، ئۇيسۇن خانلىرى ھۆرمەت ۋە خۇشامەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا نامى چىققان قان - تەر ئاتلارنى تارتۇق قىلدى. قايتىپ كەلگەندە ئالاھىدە مەھرەم بولۇپ تەيىنلەندى. شېنگۇي يىللىرىدا ماھىر ئوقياچىلار چېرىكچىسى، سولقانات كەپتاۋۇل، گېزەكچى سانغۇن⑫ بولدى. ئارقىدىنلا، قوشۇمچە غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، غەيرىي رەسمىي چەۋەنداز مەھرەم بولۇپ، يەپتالغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى. قايتىش سەپىرىدە قۇخەنگە يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك ئەمەلدار موجەنيەنشىڭ چىنجۇ ئايمىقىدىكى لۇڭشى ۋىلايىتىدە توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئىدى. بۇ چاغدا خېجۇ ئايماقدارى يۈەن زو خېجۇنىڭ سابىق ئايماقدارى لياڭجاۋنىڭ جىڭجىن قاتارلىقلارنى خېجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا كۇشكۇرتكەنلىكىدىن غەم يەيتتى. نەتىجىدە يۈەن زو غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. دورغاپ يۈەن يۇڭپىڭ، مىرزا بەگ مېڭ بىن، تەپتىش بېگى يۈەن جەن قاتارلىقلار گاۋ خۇينى خېجۇنىڭ ئىشلىرىغا باش بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ھەر ئىشنى ئۆز جايىدا بىر تەرەپ قىلغانلىقتىن لەشكەرلەر جان تىكىپ جەڭ قىلدى. ياردەمچى ئايماقدار قىبىۇ شىزې ئاستىرتتىن قاراقچى جىڭجىن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكتىن گاۋ خۇي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۇيغۇنلاردىن لەشكەر سورىۋىدى، تۇيغۇنلار گاۋ خۇينىڭ لەشكەرلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. جىڭجىن چاڭلاردىن ياردەم سوراپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ



قايتىدىن ھۇجۇم قوزغاپ قىستاپ كەلدى. گاۋ خۇي باش چاۋۇش ليۇ جىڭشياڭنى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ياردەمگە لەشكەر سوراش ئۈچۈن ئوردىغا ئەۋەتتى. ئوردا خېجۇ ئايمىقىنىڭ ئىشلىرىنى گاۋ خۇي ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردى - دە، ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتمىدى. ئۇ ئۇزاق تىركەشكەن بولسىمۇ، ياردەمسىز ئەھۋالدا كۆچى يەتمەي شەھەر قولدىن كەتتى. گاۋ خۇي قاراقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. يۈڭشى يىللىرىدا لوياڭدا ئۇنىڭغا قايتىدىن ھازا ئېچىپ ماتەم بىلدۈرۈپ، تەمتەكدار، شىغاۋۇل، جىجۇ، دىڭجۇ، شياڭجۇ، يىڭجۇ، ساڭجۇ بەش ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇقبەگ، ئەمرى زېمىن، جىجۇ ئايماقدارى دېگەن مەنسەپلەر ھەمدە ۋېنشۈەن دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى.

ئوغلى گاۋ گۇيىي غەيرەتلىك، كەسكىن ئادەم ئىدى. دەسلەپتە كاھبەگ بولۇپ، ھەيۋەدار سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى. ئاتىسى گاۋ خۇيغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ باردى. پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇچار ئەجدىھا سانغۇن، ياردەمچى كېڭەش بېگى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى تۇتۇق بولۇپ، جەڭلا قىلسا غەلىبە قىلدى. كېيىن جەڭدە ئۆلدى. تەيچاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا شىغاۋۇل، شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، يۇڭجۇ⑭ ئايماقدارى بولۇپ تەيىنلىنىپ، شياۋجىن دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى ئىنئام قىلىندى.

(«ۋېينامە» 3 - كىتاب 754 — 755 - بەتلەر)

①گاۋ با (高拔)— دەسلەپتە جىنچىڭ ۋالىيسى بولغان، ئاندىن دىڭجۇ ئايماقدارى بولۇپ تەيىنلەنگەن. گاۋ خۇنىڭ نەۋرىسى.
(«ۋېينامە. گاۋ خۇنىڭ تەرجىمھالى» دىن)

②تەيچاڭ ( 太昌 ) — ۋېي پادشاھى چۇدىنىڭ يىلنامى. بۇ نامدا پەقەت بىرلا يىل، يەنى 532 - يىل بولغان.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③ساڭجۇ ئايمىقى ( 沧州 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 55 — 56 - بەتلەر)

④يۇڭشى ( 永熙 ) — ۋېي پادشاھى چۇدىنىڭ 532 —534 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑤شۇجۇ ئايمىقى ( 徐州 ) — ھازىرقى خېنەن، ئەنخۇي، شەندۇڭ، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ تۇتاشقان جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 42 — 43 - بەتلەر)

⑥گۇاڭجۇ ئايمىقى ( 光州 ) — يەنى ھازىرقى شەندۇڭ يېرىم ئارىلى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 42 — 43 - بەتلەر)

⑦شىڭخې ( 兴和 ) — ۋېي پادشاھى شياۋجىڭدىنىڭ 539 — 542 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑧جىجۇ ئايمىقى ( 济州 ) — ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 42 — 43 - بەتلەر)

⑨يىڭجۇ ئايمىقى ( 营州 ) — ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىڭجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 44 — 45 - بەتلەر)



⑩جىڭمىڭ ( 景明 ) — ۋېي پادشاھى شىزۇڭنىڭ 500 — 503 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑪يەنچاڭ ( 延昌 ) — ۋېي پادشاھى شىزۇڭنىڭ 512 — 513 - يىللىرى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑫گېزەكچى سانغۇن ( 游击将军 ) — غەيرىي رەسمىي سانغۇنلاردىن بولۇپ، بىرەر جەڭدىي ئىش چىقىپ قالغاندا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايتتى، يۈرۈشلەردە قىسىملارغا قوماندانلىق قىلاتتى.
(بىر توملۇق «سىخەي» 978 - بەت)

⑬چىنجۇ ئايمىقى ( 秦州 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي ۋىلايىتىنىڭ ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

⑭يۇڭجۇ ئايمىقى ( 雍州 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن، تۇڭچۈەن، شيەنياڭ شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

«ۋېينامە» 33 ـ جىلد

# جاڭ پۇنىڭ تەرجىمىھالى

تەيچاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقىلى جەيمىڭچۈ ئۆزىگە قاراشلىق ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنى بەيجيەن تىغىغا① مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ۋېي سۇلالىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ جاڭ پۇ② بىلەن جىجۇ ئايماقدارى جاڭسۇن داۋشىڭنى دىڭلىڭلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. جاڭسۇن داۋشىڭنىڭ زور قوشۇنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇدۇللا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. جاڭ پۇ بولسا: «جەيمىڭچۈ ھەيدەپ كەتكەن پۇقرالارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋاش، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر. ئۇلار جەيمىڭچۈنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ، ئىلاجسىز ئەگىشىپ كەتكەن. يېغىلىقنى خالىمايدۇ. بىز زور لەشكىرىي كۈچ بىلەن ئۇلارغا تېگىش قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ باشقا چىقىش يولى بولمىغانلىقتىن، جەيمىڭچۈ بىللە خانلىق قوشۇنغا قارشى تۇرىدۇ ـ دە، ئاندىن كېيىن تاغقا كىرىۋېلىپ، تەبىئىي توساقلاردىن پايدىلىنىپ سادىدا خەلقنى قورقۇتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى تولىمۇ تەس. ئۇنىڭدىن كۆرە، تاغ ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈپ نەسىھەت قىلساق، مەجبۇرىي ئەگەشكەن پۇقرالار بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. جەيمىڭچۈنىڭ جاھىل مۇرتلىرى بولمىسىلا گۇناھكار بولمايدۇ، دېگەننى چۈشەندۈرسەك پۇقرالار جەزمەن خۇشال بولىدۇ. بۇ ئاق كۆڭۈل پۇقرالار بىزگە ئۆزلۈكىدىنلا ئەل بولىدۇ» دېدى. جاڭسۇن



داۋشىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ پەرمان كۈتتى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ جاڭ پۇنى قوشۇننىڭ ئالدىدا تاغ ئىچىگە كىرىپ ۋە تەسەللى بېرىپ نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە، بىر قانچە مىڭ ئائىلىلىك پۇقرا جەيمىڭچۈدىن ئايرىلىپ، ئەسلىي ماكانىغا قايتىپ كەتتى. جەيمىڭچۈ 100 دىن ئارتۇق مۇرتى بىلەن قېچىپ كەتتى. جاڭ پۇ بىلەن جاڭسۇن داۋشىڭ ئۇلارغا يېتىشىپ، جەيمىڭچۈنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، پايتەختكە ئەۋەتىپ بەردى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 779 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ لى شيەننى باش ۋەزىر، ۋېي بېگى③ مەھكىمىسىنىڭ سول قول دورغابى قىلىپ تەيىنلىدى. مەيلى توغبات يىغا ئەگىشىپ يىجۇن ۋىلايىتىنى تىنچىتىشتا بولسۇن، ياكى يىتەيگە④ بېرىپ مۇرۇڭ لىننىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىشتا بولسۇن، لى شيەننىڭ تەكلىپى قوللىنىلغان تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. پادىشاھ دەيجۇن ۋىلايىتىگە قايتىپ بارغاندا، لى شيەننى دىۋان بېگى نازارىتىدىكى ئوڭ قول لەشكەر بېشى قىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ لى شيەندىن: «ھازىر جورجانلار ئارقا ـ ئارقىدىن چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلساق دەيمەن. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىغاندا، لى شيەن جاۋابەن: «جورجانلار تەقدىرگە تەن بەرمەي، جاڭگال چاشقانلىرىدەك قۇترىشىپ، ھەدەپ چېگرىغا تۇيۇقسىز تېگىش قىلىپ، چېگرىدىكى پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ. ئالىيلىرى ھەربىي ئىشلاردا چېۋەر، ھەيۋەتلىمۇ، شىجائەتلىمۇ كامالەتكە يەتكەن. ئۆزلىرى لەشكەر باشلاپ ھۇجۇم قىلىدىغان بولسىلا، ئۇلارنى تامام ھالاك قىلىۋەتكىلى بولىدۇ» دېدى. پادىشاھ لەشكەر باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىپ، جورجانلارنى تولۇق مەغلۇپ قىلدى ۋە لى شيەنگە كېيىنزەك ـ دېدەكتىن ئۈچنى؛ ئات، كالا،

قويدىن 50 نى ئىنئام قىلدى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 789 ـ بەت)

---

①بەيجيەن تېغى ( 白间山 )— ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياڭچىڭ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

②جاڭ پۇ ( 张蒲 )— دەسلەپتە ئالدىنقى يەن خانلىقىنىڭ سول قول ياندىش دىۋان بېگى ئىدى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ يەن خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنى يەنىلا سول قول ياندىش دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئەينى زاماندا، جاڭ پۇ ساراي داستىخانچىسى بولغان.
(ۋېينامە. جاڭ پۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

③ۋېي بېگى ( 卫王 ) — توغبات يىنى كۆرسىتىدۇ. توغبات يى ۋېي پادىشاھى جاۋچېڭدىنىڭ نەۋرىسى.
(«ۋېينامە. ۋېي بېگى توغبات يىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

④يىتەي ( 义台 )— ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شىنلې ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 1049 ـ بەت)



## «ۋېينامە» 35 ـ جىلد

# سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى

شېنجيا 2 ـ يىلى جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا بولغاندا، ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك قوشۇلمىدى. ئۇلار خانئانا ئارقىلىق ۋېي پادىشاھى شىزۇغا نەسىھەت قىلىپ توستى. ئەمما شىزۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى. پەقەت سۇي خاۋلا① پادىشاھنىڭ پىكرىنى قوللاپ ئۆز تاكتىكىسىنى بايان قىلدى. دىۋان بېگى ليۇ جيې، سول قانات ياندىش ۋەزىر ئەن يۈەن قاتارلىقلار ھەرەم ئاغىسى چۈچېنى ئەۋەتىپ قۇلان چاڭنىڭ سالنامىچىلىرىدىن جاڭ يۈەن بىلەن شۇ بيەننى چاقىرتىپ كېلىپ، ۋېي پادىشاھى شىزۇغا نەسىھەت قىلدۇردى. ئۇلار: «بۇ يىل ئۇچ مۇھەننەس يىلى، ئاپەت بولىدىغان يىل، يىل يۇلتۇزلىرى ئاي يۇلتۇزلىرىغا سوقۇلۇپ تۇرىدۇ. زۆھرە يۇلتۇزى غەربتىن چىقىدۇ. شۇڭا لەشكەر ئىشلىتىش خەۋپلىك. شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا جەزمەن يەڭگىلى بولمايدۇ، مەغلۇپ بولىمىز. غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ پادىشاھقا پايدىسىز» دېيىشتى. ئارقىدىنلا ۋەزىرلەر جاڭ يۈەننىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، جاڭ يۈەن كىچىك چېغىدىلا ئالدىنقى چىن خاندانلىقىنىڭ خانى فۇجيەنگە نەسىھەت قىلىپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىدىغان پەيت ئەمەسلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، فۇجيەن قۇلاق سالماي، جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقىنى مىسال قىلىپ سۆزلىدى ۋە بۇگۈنكى كۈندە ئادەممۇ، پەيتمۇ ماس كەلمەيۋاتقاندا، قانداقمۇ يېنىكلىك بىلەن لەشكەر تارتقىلى

بولسۇن، دېيىشتى. ۋېي پادىشاھى ئارىسالدى بولۇپ، سۇي خاۋنى جاڭ يۈەن قاتارلىقلار بىلەن مۇنازىرىگە سالدى.

سۇي خاۋ جاڭ يۈەنگە رەددىيە بېرىپ: «پادىشاھ ۋۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇزەككەر دېگىنىمىز ئادالەت دېمەكتۇر. مۇھەننەس بولسا جازا دېمەكتۇر. كۈن كۆيگەن بولسا، ئادالەتنى يولغا قويۇش كېرەك. ئاي كۆيگەن بولسا، جازانى چىڭىتىش كېرەك. پادىشاھلارنىڭ جازاسى چوڭ بولغاندا، تالا ـ تۈزنى قاپلايدۇ. كىچىك بولغاندا، بازار ئىچىدە ياكى ئوردىدا يۈرگۈزۈلىدۇ، جەڭ دېگىنىمىز تالا ـ تۈزنى قاپلىغان چوڭ جازادىن ئىبارەت. ئۈچ مۇھەننەس يىلىدا يىللار راۋان بولۇۋاتىدۇ. تا ھازىرغىچە ئاي تۇتۇلۇش ئالامىتى يوق. پال سالغاندا ‹ئۈچ يىل ئىچىدە قوتاز قۇيرۇقىنى ئەلەم پۆپۈكى قىلغان ئەللەرنى تەلتۆكۈس تارمار قىلۇر›، دېگەن گەپ چىقتى. بۇ جۇرجان، قاڭقىل قاتارلىق بايراق نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا قوتاز قۇيرۇقىنى پۆپۈك قىلىدىغان ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. ۋەزىيەتنى ئېنىق كۆرەلىگەن كىشىلا ئالاھىدە چوڭ ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ. قەدىمكىلەر ئالاھىدە ئىشلارنىڭ مەنبەسى ئاۋام پۇقرانىڭ كۆڭلىگە يېقىشتا، ئالاھىدە ئىشلار نەتىجىلىك بولسا ئالەم ئامان بولغاي، دېگەن. ئالىيلىرىنىڭ ئىككىلەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. جاڭ يۈەن قاتارلىقلار بۇ گەپلەردىن خىجىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا تەن بەرمەي: «جۇرجانلار يىراق چۆل ـ جەزىرىلەردە ياشايدىغان كېرەكسىز قوۋمدۇر. ئۇلارنىڭ يېرىنى بېسىۋالغان بىلەن، ئاشلىق تېرىپ قورساق تويغۇزغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇۋالغان بىلەن، قول ئاستىمىزدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلىدىغان تۇراقسىز ئادەملەر، يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى ئەل قىلىشمۇ ئوڭاي ئەمەس. سانغۇن، لەشكەرلەرنى ئاۋارە قىلىپ، ئات ـ ئۇلاغلارغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن بىر زادى



قانچىلىك نەپ ئالالايمىز» دېدى. سۇي خاۋ جاۋابەن: «جاڭ يۈەن — ئالەم كائىنات ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئۆز بىلىمىنى كۆرسىتەلىگەندى. ۋەزىيەت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ دېيىلىپ كېلىۋاتقان گەپ ئىدى. بۇ گەپ ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن تامامەن زىت بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، جۇرجانلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشاپ كەلگەن، دائىم ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قوۋم. بۇگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياۋۇزلارنى جازالاپ، ئاق كۆڭۈل ـ مۆمىنلەرنى ئۆزىمىزگە قوشۇۋالساق، ئۇ بىز ئۈچۈن كېرەكسىز بولمايدۇ. چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ھاۋا سالقىن، كۇمۇتا يوق، سۇزۇك سۇلۇق يېشىلزار زېمىندا ياز ئايلىرى ھەممە ئۆسۈملۈك ئۈنىدۇ. ئاشلىق تېرىسا قورساق تويمايدىغان ئىش يوق. جۇرجانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىزگە ئەل بولىدىغانلا بولسا، ئاقسۆڭەكلەرگە مەلىكىلىرىمىزنى ياتلىق قىلىمىز. تۆۋەندىكىلىرىمۇ سانغۇن، بەگ بولۇۋېرىدۇ. ئوردىدا تۇرغۇزساقمۇ ئىشقا يارايدۇ. بولۇپمۇ قاڭقىللار ئات مىنىشكە ماھىر، ئۇلارنىمۇ قول ئاستىمىزدا قالدۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. جەنۇبلۇقلار[2] ئۇلارنىڭ يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، تۇراقسىز ھەم تېز يۈرۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق بولماس. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار قېچىپ نەگە بارسا، بىزمۇ قوغلاپ شۇ يەرگە بارالايمىز. ئۇلار بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ـ چېكىنىشكە قادىر بولالىساقلا، ئۇلارنى ئىدارە قىلىشىمىز ئانچە تەس بولمايدۇ. ھالبۇكى، جۇرجانلار ھە دېسىلا چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنى دائىم ساراسىمىگە سېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يىل يازدا پۇرسەتنى

غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى بىت-چىت قىلىۋەتمىسەك، كۆزگە بارغاندا ئۇلار قايتىدىن كېلىپ بىزنى پاراكەندە قىلىدۇ. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ زامانىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۇلار بىزگە بىر يىلمۇ ئاراملىق بەرمەي كەلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇنى قانداقمۇ بىھۇدە ئىش دېگىلى بولسۇن؟ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جاۋ يۈەن بىلەن شۇ بيەننى سالنامىگە ماھىر، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەتنى ئالدىن ئېنىق بىلەلەيدۇ، دېيىشىدۇ. مەن ئۇلاردىن سوراپ باقاي، غەربىتىكى دۆلەت③ يوقىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە دائىر قانداق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن؟ ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ دېمىگەن بولسا، ساداقەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەتەن ھېچنەرسە بىلەلمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ سامان قورساق، بىلىمسىز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دېدى. مۇنازىرە سورۇنىدا قۇلان چاغمۇ بار بولۇپ، جاڭ يۈەن قاتارلىقلار جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى. بارلىق مەنسەپدارلارغا قاراپ: «مەن بىر قارارغا كەلدىم. مۇنەججىم بولغان دۆلەتنىڭ مۇشاۋىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بولمايدۇ، دېگەن گەپكە ئىشەندىم» دېدى. لېكىن خانىشانا يەنىلا بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، بارلىق ۋەزىرلەرنى خانىشىغا چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ سۆي خاۋغا: «بۇ ئىشقا قوشۇلمايۋاتقان كىشىلەرگە ئۆزىڭىز سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ» دېدى.

ئوردىدىكى مۇنازىرە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بەزىلەر سۆي خاۋنى ئەيىبلەپ: «ھازىر ۋۇلۇق قاراقچىلار④ جەنۇبتا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتسا، بىز ئۇنى تاشلاپ قويۇپ شىمالغا يۈرۈش قىلساق قانداق بولىدۇ. شۇنچىۋالا كۆپ لەشكەر بىلەن بىر قانچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ يېتىپ بارغىچە، جۇرجانلار



خەۋەر تېپىپ قېلىپ قېچىپ كېتىدۇ-دە، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئەمما جەنۇبتىكى قاراقچىلار بىزگە ھەقىقەتەن خەۋپ يەتكۈزۈۋاتىدۇ» دېيىشتى. سۆي خاۋ ئۇلارغا: «ئۇنداق ئەمەس. بۇ يىل ئاۋۋال جۇرجانلارنى بىت-چىت قىلمىساق، جەنۇبتىكى قاراقچىلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالىمىز. دۆلىتىمىز غەربتىكى خانلىقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن تارتىپ، جەنۇبلۇقلار بىزدىن قورقۇپ قالدى. ئۇلار شىمالغا ھۇجۇم قىلىمىز، دەپ داۋراڭ سېلىش ئارقىلىق خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار شىمالغا ماڭسا بىز جەنۇبقا ماڭىمىز، ئۇلار جاپا تارتسا بىز ئارام ئالىمىز. ئومۇمىي ئەھۋال مانا شۇنداقلا بولىدۇ. جۇرجانلارنى تارمار قىلىپ كەلگۈچە، جەنۇبلۇقلار بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ليۇيۇ⑥ گۈەنجۇڭنى⑦ ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنى بىر قانچە تۈمەن خىل لەشكەر ۋە غەيرەتلىك سانغۇنلار بىلەن شۇ يەرنى ساقلاشقا قالدۇرغان بولسىمۇ، گۈەنجۇڭنى يەنىلا ساقلاپ قالالماي، پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بولغان. يىغا-زار ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمىزدىن كەتمىدى. دۆلەتنىڭ تىنچلانغان دەۋرى، لەشكەرلەرنىڭ تازا كۈچىيىپ روناق تاپقان ۋاقتى تۇرۇقلۇق، تايچاقلار بىلەن موزايلارنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تۇتۇپ بېرىشكە بولامدۇ؟ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ⑧ جەنۇبىنى ئۇلارغا بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار بېسىۋالغىنى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ. ساقلاپ قالالمايدىغان جايغا ئۇلارمۇ كېلىپ ئۇسمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى بولغان بىلەن پەقەت ئۆز چېگرىسىنىلا ساقلىيالايدۇ. مېنىڭچە، قۇتىدا توڭلىغان سۇغا قاراپلا، ھاۋانىڭ قانچىلىك سوغۇقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىر چىشلەم يەپ كۆرسىلا، گۆشنىڭ تەمىنى بىلگىلى بولىدۇ. ماددا ئۆز خىللىرىغا بۆلۈنىدۇ. تۈرى بويىچە ھەممىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھازىر جۇرجانلار ئۆزلىرىنىڭ بىز بىلەن بولغان

ئارىلىقىدىن پايدىلىنىپ، بىزنى ئۆزلىرى تۇرغان يەرگە يېتىپ بارالمايدۇ، دەپ قاراپ ئۇزاقتىن بۇيان نەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ياز ئايلىرىدا تارقاقلىشىپ مال باقىدۇ. كۈزدە مال سەمرىگەندە، توپلىشىپ سوغۇقتىن قېچىپ ئىسسىق جاي ئىزدەپ، جەنۇبقا كېلىپ بۇلاپ - تالاپ پاراكەندە قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇلارنىڭ بىخۇتلۇقىدىن پايدىلىنىپ چوڭ قوشۇن بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىساق، ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇپ قىلالايمىز. ئايغىرلىرى توپى بىلەن قاچىدۇ، بايتاللىرى قۇلۇنلۇق بولغاچقا مىنىشكە يارىمايدۇ. پىيادە قېچىپ ئۇزۇق - تۈلۈكى يېتىشمىگەندە، ھەممىسى توپلىشىپمۇ ھېچ ئامال قىلالمايدۇ. ئۇلارنى بىر يولى يوقاتقىلى بولىدۇ. بىر قېتىملىق جاپا بىلەن مەڭگۈ ئارام تاپقىلى، ئۇزاق مۇددەتلىك پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ مۇشۇنداق قارىماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. ھازىر پادىشاھ قەتئىي قارارغا كەلدى. ئالەمنىڭ ئىرادىسىنى قانداقمۇ توسۇپ قالغىلى بولسۇن؟ ئۇنداقتا گالۋاڭ كىشىلەر ئۇردا ئەمەلدارى بولماسمىدى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى قوشۇنلار سەپەرگە ھازىرلىنىشقا باشلىدى. تىلسىمچى سۈي خاۋدىن: «يۈرۈشقۇ باشلاندى. جەڭنى قانداق قىلىمىز؟ يېڭىشتىن ئۈمىد بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، سۈي خاۋ جاۋابەن: «ئومۇمىي شەرت - شارائىتتىن قارىغاندا، غەلىبىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. ئەمما ھەر قايسى سەركەردە - سانغۇنلارنىڭ ئەزمىلىك قىلىپ، ئالدى - كەينىدىن گۇمانسىراپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىمەي توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇنداقتا تولۇق غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ» دېدى.

ئۇرۇش قىلغان قوشۇنلار جۇرجانلارنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرگەندە، جۇرجانلار تامامەن تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغان بولۇپ، پۇقرالار ۋە چارۋىدارلار دالانى قاپلاپ كەتكەن، پۈتۈنلەي



تارقاق ھالەتتە ئىدى. شۇڭا قوشۇن پارچىلىنىپ ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھۇجۇم قىلدى. شەرقتىن غەربكە 5 مىڭ چاقىرىم، شىمالدىن جەنۇبقا 3 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان زېمىندا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر بىلەن ئولجا ئېلىنغان مال - چارۋا، ھارۋا قاتارلىق مۈلۈكلەر پۈتۈن دالىنى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، سانى بىر قانچە مىليوندىن ئاشتى. قاڭقىللارمۇ جۇرجانلارنىڭ بىر قانچە مۇھىم كاتتىۋاشلىرىنى ئۆلتۈردى. 300 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ئەل بولدى. دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي پىتىراپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ روشۇي دەرياسىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، جوشېي تېغىغا⑨ بارغاندا، چوڭ سانغۇنلار ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەرگەندە پىستىرمىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ۋېي پادىشاھى شىزۇغا قوغلاشنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلدى. تىلسىمچى سۈي خاۋنىڭ بۇرۇن ئۆزىگە قىلغان گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ، پادىشاھقا داۋاملىق قوغلاۋېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. پادىشاھ بۇ تەكلىپكە قۇلاق سالمىدى. كېيىن تۇتۇلۇپ ئەل بولغانلاردىن جۇرجانلار خانى داتاننىڭ ئاغرىپ قېلىپ ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، چېدىر - كىگىز ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يۈكلەرنى ھارۋىغا بېسىپ بىر قانچە يۈز ئادەم بىلەن تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئادەملەر ۋە چارۋىلارنىڭ 60 - 70 چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىدە توپلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇلارغا باش بولىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى، ئارىلىقى 180 چاقىرىم بولۇپ، قوشۇنلار قوغلاپ يېتىشەلمىگەنلىكتىن، غەربكە قاراپ ئاستا - ئاستا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى، پەقەت شۇلارلا ھۇجۇمدىن ئۆينى ساقلاپ قالالىغانلىقىنى ئاڭلىدى. كېيىن پادىشاھ لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ غۇز سودىگەرلىرىدىن يەنە پەقەت ئىككى كۈنلا قوغلىغاندا، قاچقان جۇرجانلارغا يېتىشىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. سۈي

خاۋنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىگىنىدەك، چوڭ قوشۇن قايتىپ كەلگۈچىلىك جەنۇبلۇق قاراقچىلار شىمالغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى.

سۈي خاۋ ئىلمى نۇجۇمدا بىلىملىك ئادەم بولۇپ، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئادەتتە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۇچتىن تۇرلۇك سايمانلارنى ياساپ، كائىناتنى كۆزىتىپ، ھاۋا ئوچۇق كېچىلەردە ئۆزى كۆزەتكەن ئەھۋاللارنى قەغەزدىن قىيىپ ياسالغان خەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ھەر قېتىم كۆزەتكەندىكى پەرقلەرنى خاتىرىلەپ باراتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ھەر قېتىم سۈي خاۋنىڭ مەھكىمىسىگە كىرىپ كۆرۈشكەندە، سۈي خاۋ بايقىغان ئالاھىدە ئەھۋاللارنى سوراپ تۇراتتى. بەزىدە سۈي خاۋ ھەتتا ياسىنىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي پادىشاھنى كۈتۈۋالاتتى. پادىشاھقا ئاددىي غىزالارنى ئەتتۇرۇپ بېرەتتى، پادىشاھ سۈي خاۋنىڭ ئەپكەلگەن غىزاسىنى ئۆرە تۇرۇپ تېتىپ قايتاتتى. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا پادىشاھ ئۇنىڭغا ئوردا ۋە ھەرەمگە ئەركىن كىرىپ - چىقىش ھوقۇقى بېرىپ، شىغاۋۇل، ئالاھىدە تۆرە، قۇتاتقۇچى بۈيۈك سانغۇن، سول قول كېڭەشبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ تەدبىر كۆرسىتىش، پىلان تۈزۈشتىكى تۆھپىسىنى خاتىرىلىگەن.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ سۈي خاۋنى ماختاپ: «سىز ۋەزىرىم ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشى. مېنىڭ ۋە ئاتا - بوۋامنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغا سادىق بولۇپ، تۇرلۇك سىناقلىرىمىزدىن ئۆتكەن. شۇڭا مەن سىزگە تۇغقانلىرىم قاتارىدا يېقىنچىلىق قىلىمەن. كۆڭلىڭىزدە ھەر قانداق گەپ بولسا ئوچۇق دەۋەرىڭىز، مەن ئەينى ۋاقىتتا خاپا بولۇپ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قۇلاق سالمىغىنىم ئۈچۈن كېيىن ئۇزاق چاغقىچە پۇشايمان قىلىپ يۈردۇم» دېدى. كېيىن پادىشاھ ناخشىچىلارغا بۇيرۇق



چۈشۈرۈپ ۋەزىرلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتقۇزدى. بۇ ئىش «جاڭسۇن داۋشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا بايان قىلىندى.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ قاڭقىللارنىڭ يېڭىدىن ئەل بولغان سەركەردىلىرىدىن بىر قانچە يۈز كىشىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ، سۈي خاۋغا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى بۇيرۇدى ۋە: «سىلەر بۇ كىشىگە قاراڭلار، بۇ كىشى ئاجىز - بىچارىلەردەك كۆرۈنىدۇ. قوللىرى ئوقيا، ساداق تۇتالايدىغاندەك ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. مەن دەسلەپتە جازا يۈرۈش قىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان ئىدىم. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قانچە قېتىم يۈرۈش قىلىپ تولۇق غەلىبە قازىنىشىمدا، مۇشۇ كىشى مېنىڭ بىر قارارغا كېلىشىمگە يول كۆرسەتكەن» دېدى. پادىشاھ يەنە ئەتراپىدا تۇرغان دىۋان بەگلىرىگە: «دۆلەتنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرى توغرىسىدا ھېچقايسىڭلارنىڭ ئۆز ئالدىڭلارغا قارار چىقىرىشىغا بولمايدۇ. ئاۋۋال سۈي خاۋدىن سوراپ، ئاندىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار! » دېدى.

ئۇشتۇمتۇت جەنۇبىي چېگرىدىكى سانغۇنلار ليۇ يىلۇڭنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن چوڭ تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار يەنە، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا ئاۋۋال ھۇجۇم قىلغاندا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىن سەرگەردان بولۇپ چېگرىغا بېرىپ يۈرگەنلەرنى ئۆلتۈرگىلى، ليۇ يىلۇڭغا يول باشلايدىغانلارنى يوقىتىپ ئۇنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. پادىشاھ بۇنى ۋەزىرلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىگە پەرمان چۈشۈردى. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشقا قوشۇلدى. بىراق سۈي خاۋ: «بۇ پىكىرگە قوشۇلغىلى بولمايدۇ. ئالدىنقى يىللاردا بىز زور

لەشكىرىي كۈچ بىلەن جۇرجانلارنى تارمار قىلدۇق. ئاتلىرىمىز كۈچلۈك بولغاچقا جەنۇبتىكى قاراقچىلار بىزدىن چۆچۈپ، يېنىك جابدۇقلۇق قوشۇن تۇيۇقسىز كېلىپ قالارمىكىن، دەپ بىئاراملىقتا يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قىياپەتتە بولغان بىلەنمۇ ھېچبىر تەييارلىقسىزلا ئاۋۋال ھۇجۇم قوزغاشقا پېتىنالمايدۇ. جەنۇبنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا كۆپ، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بۈك - باراقسان، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ ئوڭاي تارقىلىدۇ. ھازىر لەشكەر ئىشلىتىدىغان چاغ ئەمەس. دۈشمەن ئاۋۋال تەييارلانغان ئىكەن، دېمەك شەھەرلەرنى قوغداشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لەشكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ھۇجۇم قوزغىساق، ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەيدۇ، لەشكەرنى بۆلۈپ ھۇجۇم قىلساق، ياۋغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بىزگە ھېچقانداق پايدا يوق. ناۋادا ئۇلار كېلىدىغان بولسا ھېرىپ - چارچاپ كەلگۈچە كۈز كېلىدۇ - دە، ھاۋا سوۋۇپ ئات - ئۇلاغ سەمرىيدۇ. ياۋدىن ئالغان ئولجا بىلەنلا قورساقنى توقلاپ ھۇجۇم قىلىۋېرىمىز. ئۇلارنى يېڭىشىمىز تامامەن مۇمكىن بولىدۇ. ئوردىدىكى ۋەزىرلەر بىلەن غەربىي شىمالنى قوغداۋاتقان سانغۇنلارنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئەگىشىپ غەربتە قۇلان دىننى⑩ يوقىتىپ، شىمالدا جۇرجانلارنى تارمار قىلىپ، نۇرغۇنلىغان نازىنىنلار بىلەن ياقۇت - گۆھەرلەرنى ئولجا ئېلىپ، توپ - توپ ئات - كالىلارنى ھەيدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن جەنۇبىي تەرەپتە تۇرۇشلۇق سانغۇنلارنىڭ مەستلىكى كېلىپ، جەنۇبىي سۇلالىگە ھۇجۇم قىلىپ راسا بىر بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، كۆپلەپ مال - مۈلۈك قولغا چۈشۈرۈش كويىدا بولغان. ئۇلار دۈشمەن ئەھۋالىنى ھەدەپ مۇبالىغە قىلىپ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان، شۇنداق قىلىپ دۆلەتكە ئەتەي ئاۋارىچىلىق



تۇغدۇرغان. شۇڭا، ئۇلارنى سادىق ۋەزىر دېگىلى بولمايدۇ» دېدى. پادىشاھ شىرۇ سۈي خاۋنىڭ مۇلاھىزىسىگە قوشۇلدى. جەنۇبتىكى سانغۇنلار ئارقىدىنلا دۈشمەنلەرنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى يەنە مەلۇم قىلىپ، يۇجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدىكى لەشكەرلەرنى يۆتكەپ تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە جاڭشۈي دەرياسىدا⑪ كېمە ياساپ ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆردى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، 5 مىڭ چەۋەنداز بىلەن سىماچۇجى، لۇگۈي، خەن يەنجى قاتارلىق سانغۇنلارنى قوشۇپ ئەۋەتىشنى ۋە چېگرىدىكى پۇقرالارنى ئالداپ ئىچكىرىگە كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىشتى. سۈي خاۋ بولسا: «بۇ دانا تەدبىر ئەمەس. ياۋ قوشۇنى يۇجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خىللانغان لەشكەرلەرنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، زور كۆلەمدە سال - كېمىلەر ياسىلىۋاتقانلىقىنى، ئارقىدىن يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلارنىڭ تەييار تۇرغانلىقىنى، سىما جەمەتىنى⑫ قايتىدىن تەختكە چىقىرىپ، لىيۇ يىلۇڭ جەمەتىنى يوقاتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىسا، پۈتۈن دۆلەتتىكىلەر چوقۇم بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. مۇنقەرز بولۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خىللانغان قوشۇنلىرىنى توپلاپ، شىمالىي چېگرىدا تەييار تۇرىدۇ. قۇرۇق داۋراڭلا بولۇپ ئەمەلىي ھەرىكەت يوقلۇقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلار چوقۇم ئۆزىنىڭ ئاۋۋال تەييارلانغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال لەشكەر باشلىقلىرىنى سەپلەپ خۇشاللىق بىلەن ھۇجۇم باشلايدۇ. ئۇدۇل خۇاڭخې دەرياسىغا باستۇرۇپ كېلىپ، چېگرىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ پاراكەندە قىلىدۇ. بىزنىڭ ھىماتچى سانغۇنلىرىمىز ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ. ناۋادا ياۋ تەرەپتە بىلىملىك، تەدبىرلىك، ھىيلە - مىكىرگە ماھىر ئادەملەر بولسا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىدۇ. بىزنىڭ قوغدىنىشتىكى بوشلۇقىمىزدىن يوچۇق

ئېچىپ، ئوڭايلا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، بۇ دۇشمەننى يېڭىدىغان دانا تەدبىر ئەمەس. بۈگۈن ۋەزىرلەر قۇرۇق ھەيۋە بىلەن ياۋنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت ئۇلارنى پات ئارىدا بۇياقتا باشلاپ كېلىدۇ، خالاس. يالغاندىن داۋراڭ سېلىپ، راست خېيىمخەتەرگە ئۇچرىماق دېگەن مانا مۇشۇ! بۇنى ئوبدان ئويلانماي بولمايدۇ. بولمىسا كېيىن پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تېپىلماي قالىدۇ. بىز ياۋ ياقتا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر 4 – ئايدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىدۇ. بىز ئەلچىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئەھۋالنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن قارار چىقارساقمۇ كېچىكمەيمىز. سىما چۈجى قاتارلىقلاردىن ياۋ قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى بولغان. شۇڭا ياۋ سىما چۈجىلارنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسالىدۇ. سىما چۈجى ئۇلارغا يۈرۈش قىلسىلا، ئۇلارمۇ بۇياقتا يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. سىما چۈجى جىم بولۇۋالسا، ئۇلارمۇ تىنچىپ قالىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ھالبۇكى، سىما چۈجى قاتارلىق ئەزمە سانغۇنلار تەنتەكلەرنىلا قورقۇتالايدۇ. چوڭ ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقىپ، چوڭ تۆھپە كۆرسىتىشكە يارىمايدۇ. پەقەت دۆلەتكە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇشنىلا بىلىدۇ. لەشكەرلەرنى ھالاكەتكە قاراپ ھەيدەيدۇ، ئۇلار تامامەن يارىماس نان قېپىلار. مەن لۇگوۋدىن ياۋ شىڭنىڭ جىڭجۇ ئايمىقىغا⑬ بېسىپ كىرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇ يەردە قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقىنى، ئادەملىرى دۇشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ قۇل قىلىنىپ سېتىۋېتىلگەنلىكىنى، ياۋ خۇڭخىمۇ⑭ بالايى – قازا ئېلىپ كېلىپ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم» دېدى. سۇي خاۋ يەنە ھاۋانىڭمۇ قارشى تەرەپكە پايدىسىزلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بىرىنچىدىن، ھازىر ياڭجۇ ئايمىقىدا خەتەرلىك يول بار. بۇ ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىشقا پايدىسىز؛ ئىككىنچىدىن، بۇ يىل جازا يىلى. ئاۋۋال



ھۇجۇم قىلغانلار زور چىقىمغا ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كۈن كۆيۈپ، نۇرى خىرەلىشىپ، گۈگۈم چۈشمەي تۇرۇپلا يۇلتۇزلار كۆرۈنىدىغان، قۇشلار ئۇچالماي يەرگە چۈشۈپ قالىدىغان بولدى. ئاسماننىڭ بۇقىلىرى سوقۇشۇپ جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالدى؛ تۆتىنچىدىن، مارس پەرەخ مۇئەففەرنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالماقتا. بۇ پاراكەندىچىلىك ۋە ماتەمدىن بېشارەت بېرىدۇ! بەشىنچىدىن زۆھرە يۇلتۇزى تېخى چىقمىدى. كىم ھۇجۇم قىلسا شۇ مەغلۇپ بولىدۇ. ھەرقايسىمىز دۆلەتنى روناق تاپقۇزغۇچى پادىشاھى ئالەمنىڭ يۆلەكچىلىرى. بىز ئالدى بىلەن بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى پۇختا بىلىشىمىز، ئاندىن كېيىن جۇغراپىيىگە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلىشىمىز، ئارقىدىن ئىلمى نۇجۇم بىلىملىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم. شۇندىلا ھەر ئىشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيمىز. دۆلەتنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۆزىمىز روناق تاپالايمىز. لىيۇ يىلۇڭ دۆلەتنى يېڭىلا قۇردى. پۇقرالارنىڭ ئىشلىرى مۇكەممەل – راۋان ئەمەس. ئارقىمۇ ئارقا تۈرلۈك ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى. دېمەك تەڭرى بىلەن ماسلىشالمايۋاتىدۇ. دەريالاردا سۇ ئازىيىپ كېتىپ، كېمە يۈرۈشكە پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ. يەر – زېمىن بىلەنمۇ ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ھېچقايسى ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمەيۋاتىدۇ. ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمىسا، نەدىمۇ باشقىلارغا ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرگىدەك چامىسى بولسۇن؟ ئۇلار بىزنىڭ تېرە تاراقشىتىشىمىزدىن چۆچۈپ جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بىزمۇ دۇشمەن كېلىدۇ، دەپ تاقابىل تۇرۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتىمىز. ھەر ئىككىلا تەرەپ مۇشۇنداق ھوشيارلىق قىلسىلا كۇپايە. جەڭنامىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئاپەتنى بىلىپ تۇرۇپ خەتەرلىك چوت سوقۇشقا بولمايدۇ. ھازىر لەشكەر ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس».

ۋېي پادىشاھى شىزۇ كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغۇسى كەلمەي، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. سۇي خاۋ قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، قۇلاق سالمىدى. پادىشاھ ياڭپىڭ بېگى دۇچاۋنى يىپچىڭ شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، لاڭيا بېگى سىما چۇجى قاتارلىقلارنى يىڭچۇەنگە⑮لەشكەر توپلاشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە ياۋ قوشۇنى يوپۇرۇلۇپ كىردى. ياۋنىڭ داۋ يەنجى باشلىغان قوشۇنى چىڭشۇي دەرياسىدىن⑯ خۇاڭخې دەرياسىغا كىلىپ، ئاندىن دەريانى بويلاپ غەربكە قاراپ ماڭدى - دە، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى قوغدىدى. ئۇلار غەربتە تۇڭگۇەن قوۋۇقىغىچە باردى.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ ليۇ يىلۇڭ بىلەن قۇلان دىنىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىنى بۆلۈشۇۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوشۇننى رەتكە سېلىپ، ئاۋۋال قۇلان دىنىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ۋەزىرلەر بولسا: «ليۇ يىلۇڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ قۇلان دىنغا ھۇجۇم قىلساق، قۇلان دىنى يېڭەلىشىمىز ناتايىن. ليۇ يىلۇڭ ئارقىمىزنىڭ بوش قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ جەزمەن باستۇرۇپ كېلىدۇ. شەرقتىكى يەرلەر تامام قولدىن كېتىدۇ» دېيىشتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ بىر قارارغا كېلەلمەي، سۇي خاۋدىن مەسلىھەت سورىدى. سۇي خاۋ پادىشاھقا جاۋاپ بېرىپ: «ليۇ يىلۇڭ بىلەن قۇلان دىن ھارام نىيەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان. فېڭ با⑰ بىلەن بىرلىشىپ، جۇرجانلارنى قۇترىتىپ، بىزگە قارشى تۇرغىنى بىلەن، بىر - بىرىگىمۇ تولۇق ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار پەقەت قۇرۇق داۋراڭلا سالالايدۇ. ليۇ يىلۇڭ قۇلان دىنىنىڭ ئىچكىرىگە بېسىپ كىرىدىغان - كىرمەيدىغانلىقىغا قارايدۇ. قۇلان دىن ليۇ يىلۇڭنىڭ ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەر



ئىككىسى بالدۇر بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمايدۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار خۇددى بىر يىپتا باغلىۋېتىلگەن توخۇدەك، بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئۇچالمايدۇ. شۇڭا بىزگە خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ. مەن دەسلەپتە ليۇ يىلۇڭنىڭ قوشۇنلىرى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا توپلىنىپ، سۇ يولىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، شەرققە يول ئېلىپ جىجۇ ئايمىقىنى بېسىۋېلىشى، غەربكە يول ئېلىپ يىپچىڭ شەھىرىنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا پادىشاھ سانغۇنلارغا ھاۋالە قىلماي ئۆزى لەشكەر تارتىپ چىقىشى لازىم، دېگەنىدىم. ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. ليۇ يىلۇڭ دەريانى بويلاپ 2 مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سەپ تارتىپ، لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەربىر جايدىكى لەشكىرى بىر نەچچە مىڭدىن ئاشمايدۇ. نەتىجىدە ئۆز كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى دەرياغا تايىنىپ ئۆزىنى قوغدىماقچى، ئۆلمەي ئامان قالسىلا تەلىيى ئوڭدىن كەلگىنى، دەريادىن ئۆتۈپ شىمالغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتى يوق. قۇلان دىنىنىڭ قالدۇق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئاسان. كۈچ توپلاپ زەربە بەرسەكلا، جەزمەن يوقىتىمىز. قۇلان دىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، تۇڭگۇەن قوۋۇقىدىن⑱ شەرققە قاراپ يۈرۈپ، بىر چەتتىن سۈپۈرۈپ ماڭساق، جەنۇبتىكىلەرنى چۆچۈتۈپ ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويالايمىز. چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريالىرىنىڭ شىمالىدا بىزگە ھېچنەرسە توسقۇن بولالمايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ لەشكەر تارتىش پىلانى ناھايىتى يىراقنى كۆزلەپ، چوڭقۇر ئويلانغان دانا پىكىر. غەربكە يۈرۈش قىلىشتا ئىككىلەنمەي قارار چىقىرىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن» دېدى. پىڭلياڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىنكى كۈنى پادىشاھ تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. زىياپەتتە پادىشاھ جۇرچى مونسۇننىڭ ئەلچىسىگە سۇي خاۋنى تونۇشتۇرۇپ، سۇي خاۋنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىلەر ئاڭلىغان سۇي خاۋ دېگەن مانا مۇشۇ كىشى، ئەقىل - پاراسەتتە

كامالەتكە يەتكەن. ھازىرقى زاماندا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. مەن ھەرقانداق ھەرىكەتتە ئۇنىڭدىن ئەقىل سورايمەن. غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ دېگىنىدەكلا بولىدۇ. بۇرۇنلا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغان بولساق، سەۋەنلىكتىن ساقلانغان بولاتتۇق» دېدى. كېيىن ئۇزغان سانغۇن ئەن جيې قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، جەنۇبىي سەپتە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئوردىغا تاپشۇردى. ئۇ جەنۇبتىكى قاراقچىلار ئېيتقان ئەھۋالنى سۆزلەپ، ليۇ يىلۇڭ سانغۇنلىرىنى تۇپلاپ كېڭەشكەندە: «ئەگەر شىمالدىكىلەرنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە قوشۇنىمىز ئالدى بىلەن دەريادىن ئۆتۈشى، شىماللىقلار ھۇجۇم قىلمىسا، پېڭچېڭ قەلئەسىدە ئەھۋالنى كۆزىتىپ جىم تۇرۇشى كېرەك» دېگەنلىكىنى ئېيتقان. دېمەك ئەھۋال سۇي خاۋنىڭ مۆلچەرىدىكىدەك بولغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ۋەزىرلىرىگە: «مەن ئىلگىرى سۇي خاۋنىڭ تەدبىرى بويىچە قىلايلى، دېسەم ھەممىڭلار سۇي خاۋنىڭ تەدبىرى بىمەنە، يارىمايدۇ، دېيىشتىڭلار. دۈشمەندىن قورقۇپ شۇنداق دەۋاتىدۇ، دېدىڭلار. دائىم غەلىبە قىلىپ تۇرغان ئادەم ھەمىشە ئۆزىنى خەقلەردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، ئىشنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنىلا خەقكە يېتىشەلمەيدۇ» دېدى. نەتىجىدە سۇي خاۋنى ئەمىرى زېمىنلىق مەنسىپىگە ئۆستۈردى.

شۇ چاغدا چى چەن ئىسىملىك بىر كىمىياگەر پادىشاھقا دۆلەتنىڭ بالا ـ قازادىن خالاس بولۇپ، ئامەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبنى نام قىلىپ تۆت بەگلىك تەسىس قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. پادىشاھ سۇي خاۋغا بۇ ئىشنى ئۆلىمالار بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە پەرمان چۈشۈردى. سۇي خاۋ جاۋاب بېرىپ: «بۇرۇنقى پادىشاھلار ئىشلارنى راۋاج تاپتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت قۇرغاندا ساختا نام بىلەن بەختكە ئېرىشىش كويىدا بولمىغان. كۈن، ئاي ئۆز ئوقىدا نورمال



ئايلىنىۋاتىدۇ، نۇرى تۆت تەرەپكە تەكشى چۈشۈۋاتىدۇ. پايتەختنىڭ زېمىنىمۇ كۈن، ئاي نۇرىدىن تەڭ بەھرە ئېلىۋاتىدۇ. تۆت بەگلىك نامى ھازىرقى بەگلىك بىلەن چىقىشالمايدۇ. بۇنداق نامنى قوللىنىشقا بولمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ بېسىلىپ قالدى. بۇرۇن چى چەن پادىشاھقا دەي دېگەن سۇلالە نامىنى ۋەنىيەن قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. سۇي خاۋ: «ئۆتمۈشتە پادىشاھ تەيزۇ دۆلەت قۇرغاندا، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىققان. تۇزۇملەرنى ئورناتقاندا، قەدىمكىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. دەل شۇ سەۋەبتىن دۆلەتنىڭ نامىنى ‹دەي› دەپ قويغان. كېيىن دۆلەت نامىنى ۋېي قىلىپ ئۆزگەرتكەن. خەقلەر ئادەتتە دەي ياكى ۋېي دەپ ئاتاۋېرىدۇ. دېمەك بىزنىڭ نامىمىز خۇددى يىپەك شاڭ خانلىقىنىڭكىدەك ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ[19]. دۆلەت ئادالەتنى يولغا قويۇپ ساۋاپ تېپىشى، تارىخنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى، ھەرگىزمۇ ساختا ئامەت تېپىش كويىدا بولماسلىقى لازىم. چى چەننىڭ گەپلىرىدە ھېچقانداق ئاساس يوق» دەپ رەت قىلىۋەتتى. پادىشاھ شىزۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى.

شۇ چاغدا خېشى خانى جۇرچى مۇقان تۇپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ، ئاۋۋال سۇي خاۋدىن مەسلىھەت سورىدى. سۇي خاۋ جاۋاب بېرىپ: «جۇرچى مۇقاننىڭ ھارام نىيىتى پاش بولدى. ئۇنى يوقاتماي بولمايدۇ. خانلىق قوشۇن ئىلگىرىكى يىللاردا شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، تولۇق غەلىبە قازىنالمىغان بولسىمۇ، ھېچقانچە زىيان تارتمىدى. شۇ چاغدا يولغا چىققان لەشكەر 300 مىڭ چەۋەنداز بولۇپ، بېرىپ ـ كەلگۈچە ئۆلگەن ـ يارىلانغانلار 8000 غا يەتمەيدۇ. دېمەك نورمال ئۆلۈمدىن كۆپ ئەمەس. چەت ـ ياقا جايلارنىڭ ئاجىز بولۇشى

زور زىيان، ئوڭايلىقچە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ھازىر دۈشمەننىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، چوڭ قوشۇننى ئىشقا سالماي تۇرۇپلا، خىللانغان قوشۇن بىلەن تۇيۇقسىز پاراكەندە قىلىپ، ئۇ ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغۇچە تىرىك تۇتۇۋالساق تامامەن بولىدۇ. جۇرچى مۇقانىنىڭ بىز بىلەن تۇتۇشقىدەك مادارى يوق. ئۇنىڭ ئىنىلىرى كۆرەڭ - ھاكاۋۇر كىشىلەر، ئۆز ئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىدۇ. پۇقرالار ئۇنى ھىمايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان بالايى - ئاپەتنىڭ ھەممىسى چىن بىلەن لياڭ خانلىقلىرىدا[20] بولدى. ھازىر بۇ خانلىقلار ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى» دېدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ: «ناھايىتى ئوبدان پىكىر بولدى. مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بىلەن تامامەن بىر يەردىن چىقتى» دېدى. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا تاپشۇرۇۋىدى. خۇڭنۇڭ بېگى شى جىن قاتارلىق 30 نەچچە ۋەزىر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «جۇرچى مۇقان غەربىي خانلىقتا تۇرۇۋاتىدۇ. گەرچە ۋەزىر سۈپىتىدە سادىق ئادەم ھېسابلانمىسىمۇ، دادىسىغا ئوخشاش بىزگە ئولپان بېرىپ كەلدى. ئۇلار ئوردىغا كەلگەندە، ئوردا ۋاسسال قاتارىدا ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ۋېي مەلىكىسى جۇرچى مۇقانغا ياتلىق قىلىندى.[21] جۇرچى مۇقانىنىڭ گۇناھىمۇ ئانچە ئاشكارا بولمىغانىدى. ئۇنى ئوردىمىزغا قارىتىۋېلىشنى كۆزدە تۇتقانىدۇق. ھازىر لەشكەر ۋە ئاتلار چارچاپ كەتتى. ئۇلارنى ئارام ئالدۇرغان تۈزۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى چۆل - جەزىرە بولۇپ، سۇمۇ، چۆپمۇ يوق، چوڭ قوشۇن ئۇ يەرگە بارسا ئۇزاق تۇرالمايدۇ. ئۇلار چوڭ قوشۇن يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا، قەلئەلىرىگە توپلىشىپ قاتتىق مۇداپىئە كۆرىدۇ. قەلئەسىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىساق، دالا - تۈزدىمۇ يۇلۇپ ئالغۇدەك ھېچنەرسە تاپالمايمىز» دېيىشتى.



شۇندىن كېيىن دىۋان بېگى گۇبى، لى شۇن قاتارلىقلار پىكىر بايان قىلىپ: «ۋېنيۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىن گۇزاڭ[22] شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان ئارىلىقتا تيەنتى تېغى[23] بولۇپ، قىشتا بىر غولاچ قېلىنلىقتا قار ياغىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە قار ئېرىپ دەريا ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سۇ بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر تېرىقچىلىق قىلىدۇ. ياۋ چوڭ قوشۇنىمىزنىڭ بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ دەريانىڭ بېشىنى توسۇۋالىدىغان بولسا، ھەممە يەر قۇرۇپ كېتىدۇ. قەلئەنىڭ ئەتراپىدا 100 چاقىرىم دائىرىدە ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ ئۆسمەيدۇ. لەشكەرلەرنى ئۇزاق تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ. شى جىن قاتارلىقلارنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق» دېيىشتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ سۈي خاۋنى ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، شى جىن قاتارلىقلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كۆرۈشكە بۇيرۇدى. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ئارتۇق گەپ قىلماي، بىز بارىدىغان يەردە سۇمۇ، چۆپمۇ يوق دەپ تۇرۇۋالدى. سۈي خاۋ بولسا: «‹خەننامە› نىڭ جۇغراپىيە تەزكىرىسىدە بايان قىلىنىشىچە ‹لياڭجۇنىڭ مال - چارۋىلىرى ئالەمگە مەشھۇر› ئىكەن. سۇمۇ، چۆپمۇ بولمىسا مال - چارۋا بولامدۇ؟ ئۇ يەردە خۇاشيالارمۇ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئوتمۇ، سۇمۇ بولمىغان يەردە شەھەر، قەلئەلەرنى سېلىپ ناھىيە، ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر ئەگىز سۈيى ئاز بولىدىغان بولسا، قانداق قىلىپ ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، نەچچە مىليون گېكتار يەرنى سۇغىرىپ تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنداق گەپلەر ھەرگىزمۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ» دېدى. لى شۇن قاتارلىقلار جاۋاب بېرىپ: «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، ئۆزىمىز شۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلگەن تۇرساق، مۇشۇ ئىشتا يەنە بىز بىلەن مۇنازىرە قىلالامدىلا» دېدى. سۈي خاۋ بولسا: «سىلەر خەقنىڭ پۇلىغا سېتىلغان. شۇڭا خەقنىڭ گېپىنى قىلىشىڭلار تۇرغانلا گەپ. مېنىڭ

كۆرمىگەنلىكىمدىن پايدىلىنىپ، ئالدىماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟» دېدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ مۇنازىرە بولۇۋاتقان سورۇننىڭ يېنىدا يوشۇرۇنچە ئاڭلاپ گەپ، بۇ يەرگە كەلگەندە ئوتتۇرىغا چىقتى. شى جىن قاتارلىقلارغا قاتتىق سۆزلەرنى قىلىپ، چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتتى. ۋەزىرلەر قايتا گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، لەشكەر تارتىشقا ئىلاجسىز قوشۇلدى. لەشكەرلەر بېرىپ قارىسا، ئۇ يەرلەردە سۇمۇ، چۆپمۇ مول بولۇپ، دەل سۇي خاۋنىڭ دېگىنىدەكلا چىقتى.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ سۇي خاۋغا يارلىق چۈشۈرۈپ: «بۇرۇنقى پادىشاھلار بەخت قۇچۇپ، شىمالىي زېمىننى روناق تاپقۇزغان. مېھىر - شەپقەت بىلەن ئەلنى باشقۇرۇپ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇلارنىڭ نامىنى ھەركىم بىلىدۇ. سۇلالىمىزنىڭ پېشۋاسى پادىشاھ تەيزۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەلنىڭ ھىمايىسىدە قارشىلىقنى باستۇرۇپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ بىزگە بەخت - سائادەت ئاساسىنى قۇرۇپ بەرگەن. ئاتىمىز تەيزۇڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلغان، قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىپ، چوڭ ئىشلارنى ئىزغا سالغان. ئەلنى گۈللەندۈرۈپ يېڭىلىق ياراتقان. ئەمما چۆل - جەزىرىنىڭ نىرىسىدىكىلەر بىزگە تېخى ئىتائەت قىلىدىغان بولمىغان. مانا بۇ ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان ئىرادىسى، ئەۋلادلارنىڭ خىزمەت كۆرسىتىشىگە قالدۇرۇلغان ئىش. مەن كىچىكىمدە تەختكە چىقىپ، ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولدۇم. ئوردىنىڭ ئىچىدە يۈرگىنىمدە، خۇددى دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ ھازىرلا چۆكۈپ كېتىدىغاندەك قورقۇنچ ئىچىدە ياۋاش، مۇلايىملىق بىلەن يۈرەتتىم. ئۆزۈمنى ھېچبىر چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ، شەۋكەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ نامىغا ۋارىسلىق قىلالماسلىقىمدىن ئەنسىرىگەنىدىم. شۇڭا تەختكە يېڭىدىن



ۋارىسلىق قىلغاندا، ماڭا بىر كۈنمۇ ئاراملىق بولمىدى. شىمال تەرەپتە ھەيۋىمىزنى كۆرسىتىپ، قۇلان دىنىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇردۇم. شېنجيا يىللىرىغا كەلگەندە، ئۈلگە قالدۇرۇش ئۈچۈن، تارىخچىلارغا بۇ تۆھپىلىرىمىزنى خاتىرىلەپ چىقىشنى بۇيرۇغانىدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ لەشكىرىي تۇغنى داۋاملىق كۆتۈرۈپ چىن - لۇڭ㉔ يەرلىرىنى تىنچىتتىم. شۇجۇ، يەنجۇ㉕ ئايماقلىرىنى ئۇرۇش قىلمايدىغان قىلدىم. لۇڭچۇەندىكى قاراقچىلارنى باستۇرۇپ، لياڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى جازالىدىم. ئەمما بۇ مەن يالغۇز قىلغان ئىش ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ماڭا يار - يۆلەك بولدى. ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ - كىچىك مەنسەپدارلار تەڭ كۈچ چىقاردى. ھالبۇكى بۇ توغرىلىق تارىخ يېزىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلار بىرەر پارچىمۇ كىتاب يازمىدى. مەن دائىم مۇشۇ ئىشتىن غەم يەپ تۇرۇۋاتىمەن. سىز ئەخلاق - پەزىلىتىڭىز بىلەن ئوردىدا بىرىنچى قاتاردا تۇرىسىز، سۆز - ھەرىكىتىڭىز پۈتۈن جاھاننىڭ ئۈلگىسى. بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز. دېۋاندىكىلەرنى توپلاپ تارىخنى يېزىپ - رەتلەپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تارىخىي دەستۇر تۈزۈپ چىقىشىڭىزنى بۇيرۇيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇي خاۋ سەرمۇنشىلارغا نازارەتچىلىك قىلىپ، ياندىش ھۆدەيچى گاۋ يۈن، چەۋەندازلار ياندىش بېگى جاڭ ۋېينى كىتاب يېزىشقا قاتناشتۇرۇپ، تۆھپىكارلار خاتىرىسىنى يېزىپ - رەتلەپ چىقتى. ھەق - ناھەق، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش، ماختاش ياكى ئەيىبلەش، سۇي خاۋنىڭ سىلىقلاپ بېكىتكىنى بويىچە بولدى.

گۇڭزۇڭ㉖ ئوردىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا باشلىغاندا، سۇي خاۋنى يىدۇ بېگى مۇشۇ بىلەن بىللە مەمۇرىي ئىشلارنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىشكە تەكلىپ

قىلدى. شۇ چاغدا، جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا بولدى. لىيۇ جىيې پادىشاھقا باشقىچە پىكىر بايان قىلدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ يەنىلا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ، سۈي خاۋدىن مەسلىھەت سورىدى. سۈي خاۋ جاۋابەن: «ئىلگىرىكى يىللاردا جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىنغاندا، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، لىيۇ جىيې قاتارلىقلار ئالدىراپ قايتىپ كەلگەن. جۇرجانلارنىڭ ئادەملىرىنى تىرىك تۇتۇپ سورىغاندا، ئۇلار لىيۇ جىيې قاتارلىقلارنىڭ 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جۇرجان قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلماي قايتىپ كەلگەنلىكىنى دېگەن. بۇ لىيۇ جىيېلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەۋەنلىكى. شىمالدا قار قېلىن ياغىدۇ، قىشتا جۇرجانلار سوغۇقتىن قېچىپ جەنۇبقا كۆچىدۇ. بىز ئۇلار كۆچىدىغان ۋاقىتنى ئېنىق ئىگىلەپ، چوڭ قوشۇن تارتىپ يوشۇرۇن ھالدا ئالدىدىن چىقىدىغان بولساق، جەزمەن ئۇلار بىلەن تەرەببال بولالايمىز. ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ ئالالايمىز» دېدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ بۇ پىكىرنى توغرا تاپتى. لەشكەرلەر تۆت تارام بولۇپ يولغا چىقىش، ھەرقايسى سانغۇنلار لۇخۇنخەي كۆلىدە ئۇچرىشىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ۋاقىتمۇ ئېنىق بەلگىلەندى. ئەمما لىيۇ جىيې ئۆز تەكلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، سانغۇنلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئەتەي توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، ھەربىي يۈرۈشتىن ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. بۇ ئىش لىيۇ جىيېنىڭ تەرجىمىھالىدا بايان قىلىنغان.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ غەربتىكى زېمىنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە مېڭىش ئالدىدا سۈي خاۋ بىلەن دىۋان بېگى، شۇنىڭ بېگى لەن يەننى ۋاكالىتەن ئوردا ۋازارىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇدى. پادىشاھ شىزۇ دۇڭيۇڭغا[27] بارغاندا شەخسەن ئۆزى فېنچۇگە[28] بېرىپ، توپىلاڭچى شۆيۈگىزۇگىنىڭ بارگاھىنى تەكشۈرۈپ، لەشكەر باشلاپ



ئۇنى قورشىۋالدى. شۆيۈگىزۇڭ لەشكەر چىقىرىپ جەڭ قىلماقچى بولغاندا، پادىشاھ شىزۇ سۈي خاۋدىن: «بۈگۈن جەڭگە چىقساق بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. سۈي خاۋ: «شۆيۈگىزۇڭ ئالىيلىرىنىڭ جەڭگە چىققانلىقىنى ئۇقمىغاچقا، بەخىرامان جەڭ قىلىدۇ. شىمال شامىلى قاتتىق چىقىدۇ. شۇڭا ناھايىتى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتا ھەش - پەش دېگۈچىلا تارمار قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەتىگە قالىدىغان بولساق، ئۇلار پادىشاھ لەشكىرىنىڭ كۈچى بەك زورلۇقىنى بىلىۋالىدۇ - دە، كېچىلەپ قېچىپ كېتىدۇ» دېدى. پادىشاھ شىزۇ سۈي خاۋنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى. شۆ يۈگىزۇڭ تامامەن يوقىتىلدى. پادىشاھ ئالىيلىرى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندا، چارلىغۇچىلار كېلىپ قاراقچىلار ۋېيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ شىزۇ لوشۈي دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە[29] يېتىپ بارغۇچە، قاراقچىلار تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. پادىشاھ سۈي خاۋدىن: «گەيۋۇ[30]چاڭئەننىڭ شىمالىدىن 90 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەر پاك - پاكىز ئورىۋېلىنغان بولۇپ، ئاشلىقمۇ، چۆپمۇ يوق. مەن ۋېيشۈي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي قىرغاقنى بويلاپ غەربكە يۈرسەكمىكىن دەيمەن. سىزنىڭچە قانداق بولار؟» دەپ سورىدى. سۈي خاۋ جاۋاب بېرىپ: «بۇ يەردىن گەيۋۇنى قوغلاپ بارغىچە 60 چاقىرىم يول بار. قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ھازىر شۇ يەردە. يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى ئېزىۋېتىش كېرەك. بېشى ئۈزۈلگەن يىلاننىڭ قۇيرۇقى ئۇزاق ئۆتمەي قىمىرلىيالماس بولىدۇ. بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال گەيۋۇغا ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. بۈگۈن قوشۇن يولغا چىقسا، بىر كۈندىلا يېتىپ بارالايدۇ. گەيۋۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جەنۇبقا مېڭىپ

چاڭئەنگە بېرىشقىمۇ بىر كۈنلا ۋاقىت كېتىدۇ. بىر كۈن ئىچىدە قوشۇنىمىز زىيانغا ئۇچراپ كەتمەيدۇ. بىز ھۇجۇم قىلغاندا، شىمالىي يول بىلەن مېڭىشىمىز لازىم. جەنۇبىي يول بىلەن ماڭىدىغان بولساق، گەيۋۇنىڭ ئادەملىرى شىمالىي تاغقا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ ـ دە، ئۇلارنى تىنچىتقىلى بولمايدۇ» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي ئۆزى دېگەندەك قىلدى. يەنى، ۋېيشۈي دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي يول بىلەن ماڭدى. گەيۋۇنىڭ ئادەملىرى پادىشاھ شىزۇنىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال تارقىلىپ شىمالدىكى تاغقا كىرىپ يوشۇرۇنىۋالدى. ئەھۋال دەل سۈي خاۋنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ، قوشۇن بىكار ئاۋارە بولدى. پادىشاھ شىزۇ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. كېيىن سۈي خاۋنى شاھزادە قەسىرىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاپ، مەخمەل قاتارلىق رەختلەردىن مىڭ توپتىن ئىنئام قىلدى.

سۈي خاۋغا خۇشامەت قىلىپ كەلگەن تارىخ يازغۇچىلار بىگى تەييۈەنلىك مىن جەن بىلەن جاۋ جۈنلىك شى بياۋ سۈي خاۋغا ئابىدە تىكلەپ، دۆلەت قامۇسى ۋە ئۇ ئىنزاھ بەرگەن «بەش دەستۇر» دېگەن كىتابنى ئويۇپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. سۈي خاۋ بۇ تەكلىپنى قوللىدى. گۈڭزۇڭ بۇ ئىشتىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. شۇنىڭ ئۇچۇن پايتەختنىڭ شەرقىدىكى ئۇچ چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، يەنى ئەتراپى 130 چامدام كېلىدىغان يەردە ئابىدە ئورنىتىپ خەت ئويۇلدى. بۇنىڭغا 3 مىليون ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىندى.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، سۈي خاۋنى بىللە مېڭىپ ھەربىي ھەرىكەتكە مەسلىھەتچى بولۇشقا بۇيرۇدى. سۈي خاۋ پادىشاھقا: «قەدىمكى زاماندا خەن پادىشاھى ۋۇدى ھونلارنىڭ



كۆچىيىپ كېتىشىنى ئۆزى ئۇچۈن زور خەۋپ دەپ بىلگەچكە، لياڭجۇ ئايمىقىدا بەش ۋىلايەت[31] تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرت بىلەن خەن زېمىنىنى تۇتاشتۇرغان. تېرىقچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئاشلىق جۇغلاپ، قاراقچىلارنى يوقىتىشنىڭ ماددىي تەييارلىقىنى قىلغان. شۇڭا شەرقتىن غەربكە قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قوزغىغان. خەن سۇلالىسى ئاجىزلاشماي ھونلار زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئوردىغا تاۋاپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۆتمۈشتە لياڭجۇ ئايمىقىنى تىنچىتقاندا، مەن شىمالدىكى قاراقچىلار تىنچىتىلمىدى، يەنە دائىم جازا يۈرۈشى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا يەرلىك ئاھالىلەرنى كۆچۈرمەي، بۇرۇنقى پادىشاھ[32] لارنىڭ چارىسى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك دېگەنىدىم. مېنىڭچە بۇ ئۇزاقنى كۆزلىگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر يەرلىك ئاھالىنى كۆچۈرىۋەتسەك، يەرلەر بوش قېلىپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قەلئە، قورغانلار ئاندا ـ ساندا بولغىنى بىلەن چېگرىنى مۇداپىئە قىلىشقىلا بولىدۇ، چوڭ ھەربىي ھەرىكەت بولغاندا ھەربىي تەمىناتنى يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئالىيلىرى مۇنداق چارىنى ئىلگىرى يىراقتىكى ئىش دەپ قوللانمىدىلا. پېقىرنىڭ پىكرىچە، ئىچكىرى جايلاردىكى مۇشۇ چارىنى قىلالىغۇدەك باي جەمەتلەرنى لياڭجۇ ئايمىقىغا كۆچۈرۈپ، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى كۆپەيتىش لازىم. شۇندىلا، ھەربىي ھەرىكەت بولغاندا شەرقىمۇ، غەربىمۇ تەڭ كۈچ چىقىرالايدۇ. مانا بۇنى ئاقىلانە تەدبىر دېيىشكە بولىدۇ» دېدى.

سۈي خاۋ يەنە: «بەش نەۋرۇزدىن تېپىلغان توغرا كالىندار» نى يېزىپ چىققان ۋە پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ: «ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ تەختكە چىققان يىلىلا ماڭا ‹جىددىي تاماملانغان ئىشلار›، ‹ۋاپانامە›، ‹مۇھاكىمە ۋە بايان›، ‹نەزمىنامە›، ‹نەسرنامە›، ‹ئەمنىيە›، ‹يوسۇننامە› ۋە ‹پالنامە› نى شەرھلەپ چىقىشنى تاپشۇرغان. بۇ ۋەزىپىنى ئۇچ يىلدا تاماملاپ

بولدۇم. ماڭا يەنە ئىلمى نۇجۇم، ئىپىرمىرىدا، پالچىلىق، قۇرئەندازچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى بۇيرۇغان. شۇڭا كۆرمىگەن كىتابلىرىم قالمىدى. ھازىرغا قەدەر 39 يىل بولدى. كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي كىتاب ئوقۇيمەن. مېنىڭ بەدىنىم ئاجىز، كۈچۈم قاۋۇلراق خوتۇن كىشىنىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئارتۇقچە مادارىم بولمىغاچقا، كۈن - تۈنلەپ كىتابتىكىلەرنى مۇتائىلە قىلىمەن. ئۇيقۇمۇ، تاماق يېگۈممۇ كەلمەيدۇ، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ روھ - ئەرۋاھلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ چىقىمەن. شۇنداق قىلىپ جۇگۇڭنىڭ㉝ كۇڭزىنىڭ㉞ تەلىماتلىرىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ يەتتىم. قەدىمكىلەرنىڭ گېپىنىڭ راستلىرىمۇ، يالغانلىرىمۇ بارلىقىنى، يالغان گەپ قىلغانلار كۆپ، راست گەپ قىلغانلارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بارا - بارا چۈشىنىپ يەتتىم. چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شىخۇاڭ كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كلاسسىك كىتابلارنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گاۋزۇ زاماندىن بۇيان 10 دىن ئارتۇق ئادەم كالېندار يېزىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. ئەمما ھېچقايسىسى تەڭرىنىڭ ئادالەت يولى بويىچە يازمىدى. چوڭ خاتالىقتىن قىرىقى بار. كىچىك سەھۋەنلىكلەرنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدۇ. بۇلار پەقەت مېنىڭلا بايقىغانلىرىم. ھازىرقى كۈندە ئالىيلىرىنىڭ شاپائىتىدە ئەل تىنچ - ئامان ياشاۋاتىدۇ. ساختىسىنى چىقىرىۋېتىپ راست يەرلىرىنىلا ساقلاپ قېلىپ، يىلنامىلەرنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ تەڭرىنىڭ ئادالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن ئۆتكەندە بايان قىلغان يىلنامىنى ھازىر يېزىپ تاماملىدىم، كۆرۈپ بېقىشلىرىنى سورايمەن. يىلنامە ئۆزلىرىنىڭ پىسەنتىگە يېقىپ ھىممەت - شاپائەتلىرىگە ئېرىشەلىسەم، ئوردىنىڭ بىلىم ئەھلى ئالدىدا بۇ يىلنامىنى ئېلان قىلىپ چۈشەندۈرسەم، ئاندىن ئۇنى يولغا قويساق دەيمەن. ھازىرقى ئادەملەرلا ئەمەس،



ئاسمان - زېمىندىكى ئەرۋاھلارمۇ پېقىرنىڭ يىلنامىدىكى چىنلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدىن، دۆلەتنىڭ نامىنى تۈمەن يىللار ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق بولىدىغانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۈچ پادىشاھ㉟، بەش خاقانىمۇ㊱ بىسىپ چۈشكىلى بولىدۇ» دېدى. بۇ ئىش «قانۇن كالېندار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن.

تەيپىڭ جېنجۈن 11 - يىلى 6 - ئايدا سۈي خاۋ جازالىنىپ كالىلىسى ئېلىندى. چىڭخې ناھىيىسىدىكى سۈي فامىلىلىك تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى، فەنياڭدىكى لۇ جەمەتى، تەيياۋەندىكى گو جەمەتى، خېدۇڭدىكى ليۇ جەمەتلىرىنىڭ ھەممىسى نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغقان بولغاچقا، سۈي خاۋنىڭ كاساپىتىگە ئۇچراپ پۈتۈن جەمەتى بويىچە ھالاك بولدى. ئەسلىدە شى بياۋ قاتارلىقلار ئابىدە تىكلەپ دۆلەت قامۇسىنى تاشقا ئويغاندا، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى سۈي خاۋ بايان قىلغان، بىراق نۇرغۇن جايلىرى مۇۋاپىق بولماي قالغان. تاش ئابىدە چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆرگەن. ئادەملەر ئارىسىدا نۇرغۇن غۇلغۇلا، سۆز - چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ، ئاقىۋەت رەسمىي ئەرز قىلىنغان. تەپتىش مەھكىمىسى سۈي خاۋنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرگەن. كاتىپ، سەرمۇنشىلار بىلەن تالىپلاردىن يۈز نەچچە كىشى بۇ دېلوغا چېتىلىپ قالغان. سۈي خاۋ پارا يېدى، دەپ ئەيىبلەنگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كاتىپ، دورغىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن.

سۈي خاۋ ئەمدىلا قۇرامىغا يەتكەندە، تەييۈەنلىك گويى قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. سۈي خاۋ كېيىن چوڭ ئىشقا يارىغان بولسىمۇ، كارامىتىنى كۆز - كۆز قىلمىغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى تونۇمايتتى. گويىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك خوتۇنى ليۇ يىلۇڭنىڭ شىمالىنى باستۇرغۇچى سانغۇنى

ۋاڭ جوڭدىنىڭ ئاچىسى ئىدى. ئۇلار سوي خاۋنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ، ئۆزلىرىچە كارامەت كۆيئوغولغا ئېرىشتۇق دەپ پەخىرلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي سوي خاۋنىڭ گو فامىلىلىك خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندە، گوينىڭ ۋاڭ فامىلىلىك خوتۇنى قايغۇرۇپ ئورنىغا گوينىڭ كىچىك قىزىنى خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولدى، گويى ۋە باشقا تۇغقانلار بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ فامىلىلىك خوتۇن كاجلىق قىلىپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. گويى قارشىلىششقا پېتىنالماي، كىچىك قىزىنىمۇ سوي خاۋغا بەردى. سوي خاۋ بۇددا دىنىنى پەس كۆرۈپ كەمستەتتى. ئەمما ئۇنىڭ گو فامىلىلىك خوتۇنى بۇددا كالاملىرىنى تولۇق بىلەتتى ھەم يادقا ئوقۇيالايتتى. سوي خاۋ بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، بۇددا دىنى كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۇلىنى تاھارەتخانىغا تۆكۈۋەتكەندى. كېيىن سوي خاۋ جازالىنىپ، قەپەسكە سېلىنىپ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ئاپىرىپ قويۇلغاندا، كۆزەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەچچە ئون قاراۋۇل ھەر كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا سىيىپ چىقتى. ئۇنىڭ نالە ـ پەريادى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇردى. جازالانغان ئوردا مەنسەپدارلىرى ئىچىدە سوي خاۋدەك خورلانغىنى، ئۇنىڭدەك ئازابلانغىنى يوق. كىشىلەر بۇنى ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسى دەپ قارىدى. بۇرۇن سوي خاۋ سۇيىقەست ئىشلىتىپ لى شۇنگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، چۈش كۆرگەن. چۈشىدە ئۆزى لى شۇننىڭ ياتاقخانىسىغا ئوت قويغان، لى شۇن كۆيۈپ ئۆلگەن، سوي خاۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چەتتە تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرغان. لى شۇننىڭ ئىنىسى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، سىلەر ھەممىڭلار قاراقچى دەپ تىللىغان ۋە سوي خاۋنى نەيزە بىلەن ئۇرۇپ، ھەممەيلەننى سۆرەپ چۇشۇرۇۋەتكەن. سوي خاۋ ئويغانغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى قوناق[37] فېڭ جىڭرېنغا ئېيتقان. فېڭ جىڭرېن: «بۇ



ھەقىقەتەن شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ئىكەن، ئەرزىمەس ئىش ئەمەس. ئادەمنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ ئاپەتنى چاقىرغانلىق بولىدۇ. ‹نەسرنامە› دە: ‹يامان ئىش قىلىش ئاسان، مەسىلەن ئوتنىڭ ئۇچقۇنى بولسىلا يانغىن پەيدا بولىدۇ. يانغىنغا يېقىنلاشقىلىمۇ بولمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئېتىلىپ بىرىپلا ئۆچۈرۈۋالغىلى بولسۇن؟› دېيىلگەن. يامانلىق قىلغۇچىلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز بېشىنى يەيدۇ. گۇناھى تولۇپ قالغان كىشىلەر ئامان قالمايدۇ. بۇمۇ ئۆزىنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. تەقسىر مۇنداق ئىشنى تۈزىتىۋېلىڭ» دېگەن. سوي خاۋ مەن ئەمدى بىر ئامال قىلاي، دېگەن. ئەمما گۇناھىنى يۇيۇشقا ئۈلگۈرەلمەي پۈتۈن جەمەتىنى ھالاك قىلغان. سوي خاۋ خەتتاتلىققا ماھىر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا «جىددىي تاماملانغان ئىشلار» نى كۆچۈرگۈزگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ چارچاشنى بىلمەيتتى. يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى كۆچۈرۈپ چىققانىدى. شۇڭا «زاماننىڭ كۆچلۈكى» دەپ ئاتالغان. ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلماستىن، ئېھتىياتچان بولغان بولسىمۇ ئاقىۋىتى ئاشۇنداق بولغان. سوي خاۋ يازغان خەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى قەدىمكىلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما نازۇك جايلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قەدىمكىلەرگە يەتمەيتتى. ئەينى زاماندىكىلەر ئۇنىڭ خەتتاتلىقىنى قەدىرلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ كېسىپ، ئاندىن ئۇلاپ چاپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خەت يېزىشتىكى ئۈلگىسى قىلىپ ساقلاپ قوياتتى.

سوي خاۋنىڭ ئانىسى لۇ فامىلىلىك بولۇپ، لۇ چېنىنىڭ[38] نەۋرە قىزى ئىدى. سوي خاۋ: «تائىمنامىگە تۈزىتىش» دېگەن كىتابىدا «كىچىكىمدىن تارتىپ بىر قانچە ئانام ۋە بىرقانچە ھاممامدىن غىزا ـ تائام توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى قايتا ـ قايتا كۆردۈم. تۇرلۇك نازۇ

نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتا ـ قايتا تېتىدىم. غىزا ـ تائام بىلىملىرى ماڭا پىششىق بولۇپ كەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى كۈتۈۋېلىشتا، نەزىر ـ چىراغ، توي ـ تۆكۈن ئۆتكۈزۈشتە ئۇلار چاكارلانى ئىشلەتمەي دائىم ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەيتتى. ئۆتمۈشتىكى يېغىلىق يىللىرىدا ئاچارچىلىق بولۇپ، تۈرلۈك نەرسىلەر بىلەن قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولدۇق. يېگىلى ئۇنمۇ، كۆكتاتمۇ بولمىدى. ناچار نەرسىلەر بىلەن غىزالىنىپ ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۇق. مەرھۇم ئانام غىزا ـ تائامنى ئېتىش ئۇسۇلىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بىلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەم ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ كەسپىي كىتابلارنى پىششىق ئوقۇمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاغزاكـى سۆزلەپ مېنىڭ قەلىمىم ئارقىلىق توققۇز بابلىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابنىـڭ سۆزلـىرى راۋان، پاساھەتلىـك، باغلىنىشلىق بولۇپ، يادقا ئېلىشقا باب كېلىدۇ. بۇ تۇردىكى كىتاب مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. ئانام ئۆلۈپ كەتكەندە دۆلەت ئىشلىرى بەك راۋاج تاپقانىدى. كېيىن توپىلاڭنى باستۇرۇش، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش بىلەن بەنت بولۇپ، ھەر يەرلەرنى ئارىلاپ يۈردۈم. ئورنۇم ئۆسۈپ، مەرتىـۋەم ئۆرلەپ، چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەشكە قاتنىشىپ، تەمىناتىممۇ ياخشىلاندى. توپ ـ توپ كالا ـ قوي پادىلىرى ۋە سان ـ سـانـاقـسىـز شايى ـ دۇردۇن توپلاندى. كىيىدىغىنـىم مەشۇت ـ دۇردۇن، يەيدىغانلىرىم ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بولدى. تىـنچ ـ ئامان، بەختىيار كۈنلەردە جىلۇ㊴نىڭ ئاپىسى ئۇچۇن گۆرۈچ يۇدۇپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ، بۇنداق كۈنلەرنىڭ قايتىلانماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ كىتابنى كەلگۈسىدىكىلەرگە ھەدىيە قىلدىم» دەپ يازغان.

ئەسلىدە سۈي خاۋ جىجۇ ئايماقدارى سۈي زې ۋە شىڭياڭ ۋالىيسى سۈي مۇ بىلەن نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلار بولۇپ، سۈي مۇ



بىلەن سۈي زېنىڭ بوۋىسى بىر، سۈي خاۋنىڭ بوۋىسى ئايرىم ئىدى. ياش تەرتىپى بويىچە سۈي خاۋ ئەڭ چوڭ، سۈي مۇ ئوتتۇرانچى، سۈي زې كەنجى نەۋرە ئىدى. سۈي خاۋ ئۆزىنىڭ ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ ئوردا ۋەزىرى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى پەش قىلىپ، سۈي مۇ بىلەن سۈي زېنى دائىم كەمسىتىپ مازاق قىلاتتى. سۈي مۇ كىشىلەرگە «تاۋ جيەن مېنى دائىم مازاق قىلىدۇ ۋە بوزەك قىلىدۇ. جۇ ئېرنى تېخىمۇ خورلاپ بوزەك قىلىدۇ» دەپ شىكايەت قىلاتتى. سۈي خاۋنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى تاۋ جيەن، سۈي زېنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى جۇ ئېر ئىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ مۇنداق يىـرىك مۇناسىۋىتىنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇڭا سۈي خاۋ جازالانغان چاغدا بۇ ئىككىسىنىڭ ئائىلىسى چېتىلماي ئامان قالدى. سۈي خاۋ بۇددا دىنىغىمۇ، تويىن دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلمايتتى. سۈي مۇ بولسا ھەر ئىككى دىنغا قاتتىق ئېتىقاد قىلاتتى. ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا بۇتقا چوقۇنۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى. سۈي خاۋ ئۇنى: «ئوغۇزلارنىڭ ئەرۋاھىـغا باش ئۇرۇۋېرىپ پېشانەڭ تازىمۇ مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ» دەپ مازاق قىلاتتى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 815 — 827 ـ بەتلەر)

---

① سۈي خاۋ ( 崔浩 ) — چىڭخې (ھازىرى شەندۇڭ ئۆلكىسى لىڭچىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) دېگەن يەردىن. كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىياتقا ئامراق بولۇپ، «نەزمىنامە»، «پالنامە» دېگەندەك كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغان. مىرزا بەگ، يازغۇچى بەگ، ئوركانبەگ، مۇراسىم بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(«ۋېينامە. سۈي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②جەنۇبلۇقلار ( 南人 ) — بۇ يەردە جەنۇبلۇقلار ئاساسەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇڭ‌سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرىنى كۆرسىتىـدۇ.

مىلادىيە 430 ـ يىلى، لىۇ يۇ جىن سۇلالىسىنىڭ نامىنى سۇڭ سۇلالىسى دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۆزى پادشاھ بولۇۋالغان ۋە پايتەختتىنى جيەنكاڭ (ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرى) دېگەن يەرگە سالدۇرغان. سۇڭ سۇلالىسى ۋېي سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋېي سۇلالىسىدىكىلەر سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرىنى جەنۇبلۇقلار دەپ ئاتايتتى.
(مۇھەررىردىن)

③غەربتىكى دۆلەت ( 西国 ) — بۇ يەردە دېيىلگەن غەربتىكى دۆلەت شيا خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھون ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇلان بوبو شيا خانلىقىنى قۇرۇپ، تۇڭۋەن شەھىرى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دېگەن يەرنى پايتەخت قىلغان. دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. 431 ـ يىلى شيا خانلىقى تۇيغۇنلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.
(«ۋېينامە. تۇيغۇنلار تەزكىرىسى» گە قاراڭ)

④ۋۇلۇق قاراقچىلار ( 吴贼 ) — سۇڭ سۇلالىسى ئاساسەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، يەنى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى ۋۇ بەگلىكى جايلاشقان يەرگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرى ۋۇلۇقلار دەپمۇ ئاتىلاتتى.
(مۇھەررىردىن)

⑤خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالى ( 淮北 ) — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑥لىۇ يۇ ( 刘裕 ) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، مىلادىيە 420 ـ يىلىدىن 422 ـ يىلىغىچە پادشاھ بولغان. 418 ـ يىلى، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى، ئۇلۇغ تۇتۇقبېگى بولغان لىۇ يۇ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ گۈەنجۇڭ دېگەن يەرنى بېسىۋالغان.
(«سۇڭنامە. ۋېي پادشاھى ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)



⑦گۈەنجۇڭ ( 关中 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دائىرىسىدىكى رايون.
(مۇھەررىردىن)

⑧خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى ( 河南 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 19 — 20 ـ بەتلەر)

⑨جوشيې تېغى ( 涿邪山 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«ھونلار تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑩قۇلان دىن ( 赫连定 ) — قۇلان چاڭنىڭ ئىنىسى مىلادىيە 428 ـ يىلىدىن 431 ـ يىلىغىچە شيا خانلىقىنىڭ خانى بولغان. پادشاھ شىزۇ ئۇنى پىڭلياڭ دېگەن يەردە قورشىۋېلىپ تارمار قىلغان. قۇلان دىن يالغۇز شاڭگۈي دېگەن يەرگە قېچىپ بېرىپ، ئۆز ئادەملىرىنى توپلىغان.
(«جىننامە. قۇلان بوبو تەزكىرىسى» دىن)

⑪جاڭشۈي دەرياسى ( 漳水 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

⑫سىما جەمەتى ( 司马氏 ) — مىلادىيە 265 ـ يىلى، سىمايەن جىن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن تارتىپ، 420 ـ يىلى لىۇ يۇ جىن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ سۇڭ سۇلالىسىنى قورغانغا قەدەر، سىما جەمەتىدىكىلەردىن 15 كىشى پادشاھ بولۇپ، 156 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.
(«جىننامە. پادشاھلار ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑬جىڭجۇ ئايمىقى ( 荆州 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

⑭ياۋخۇڭ ( 姚泓 ) — كېيىنكى چىن خانى ياۋ شىڭنىڭ ئوغلى. مىلادىيە 416 ـ يىلى خانلىق تەختكە ئولتۇرغان بولۇپ، ئىككىنچى يىلى جىن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. ليۇ يۇ ئۇنى جىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى جيەنكاڭغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرگەن.
(«ۋېينامە. ياۋ چاڭنىڭ تەرجىمىهالى» غا قاراڭ)

⑮يىڭچۇەن ( 颍川 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شۇچاڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 بەتلەر)

⑯چىڭشۇي دەرياسى ( 清水 ) — هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

⑰فېڭ با ( 冯跋 ) — شىمالىي يەن خانى.
(«ۋېينامە. فېڭ بانىڭ تەزكىرىسى» گە قاراڭ)

⑱تۇڭگۇەن قوۋۇقى ( 潼关 ) — هازىرقى شەنشى، سەنشى، خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

⑲يىن ـ شاڭ خانلىقى ( 殷商 ) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 16 ـ ئەسىردە، شاڭتاڭ شيا خانلىقىنى يوقىتىپ شاڭ خانلىقىنى قۇرغان. كېيىن، شاڭ خانى پەنگېڭ پايتەختىنى ئەن دېگەن يەردىن يىن (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دېگەن يەرگە كۆچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شاڭ خانلىقى يىن خانلىقى دەپ ئاتىلىپ قالغان. بەزىدە يىن ـ شاڭ خانلىقى ياكى شاڭ ـ يىن خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
(«سىخەي» 861 ـ بەت)



⑳چىن بىلەن لياڭ خانلىقلىرى ( 秦凉 ) — بۇ يەردە دېيىلگەن چىن، لياڭ خانلىقلىرى غەربىي چىن خانلىقى بىلەن غەربىي لياڭ خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي چىن خانلىقىنى قىبىۇكورىن 385 ـ يىلى قۇرغان بولۇپ، 431 ـ يىلى يوقىتىلغان. ئۇنىڭ دائىرىسى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. غەربىي لياڭ خانلىقىنى لى خاۋ 400 ـ يىلى قۇرغان بولۇپ، 437 ـ يىلى يوقىتىلغان. ئۇنىڭ دائىرىسى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

㉑ۋېي مەلىكىسى جۇرچى مۇقانغا ياتلىق قىلىندى ( 王姬釐降 ) — 433 ـ يىلى، جۇرچى مۇقان ئۆز سىڭلىسىنى ۋېي پادىشاھى شىزۇغا ياتلىق قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھ شىزۇمۇ ئۆز سىڭلىسىنى جۇرچى مۇقانغا ياتلىق قىلغان. «جۇرچى مۇقان تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

㉒گۇزاڭ شەھىرى ( 古藏城 ) — هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ ئورنىدا.

(مۇھەررىردىن)

㉓تيەنتى تېغى ( 天梯山 ) — گۇزاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 80 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«يەر ناملىرى قامۇسى» 136 ـ بەت)

㉔چىن ـ لۇڭ ( 秦陇 ) — يەنى چىنجۇ ئايمىقى، لۇڭشى ۋىلايىتى. غەربىي چىن خانلىقى شۇ يەردە ئىدى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 28 — 29 ـ بەتلەر)

㉕يەنجۇ ئايمىقى ( 兖州 ) — هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 42 — 43 ـ بەتلەر)

㉖گوڭزۇڭ (恭宗) — ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 432 ـ يىلى، بەش ياشقا كىرگەندە ۋەلىئەھد بولۇپ تىكلەنگەن. تارىخىي ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرەتتى. 444 ـ يىلى، پادىشاھ شىزۇ لياڭجۇ ئايمىقىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنى ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا بۇيرۇغان. 451 ـ يىلى ئۆلگەن.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉗دۇڭيۇڭ (东雍) — ئايماق. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 57 — 58 ـ بەتلەر)

㉘فېنچۇ (汾曲) — فېنخې دەرياسىنىڭ شىمالدىن غەربكە بۇرۇلغان يېرى، يەنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شىنجياڭ ناھىيىسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

㉙لوشۈي دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى (洛水桥) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇاشەن تېغىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉚گەيۇۋ (盖吴) — لۇشۈي غوزلىرىدىن بولۇپ، 445 ـ يىلى، ئادەم توپلاپ، شىنچېڭ دېگەن يەردە توپىلاڭ كۆتۈرگەن.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉛شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلى جيۇچۈەن، ۋۇۋېي ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلغان.
(«خەننامە. پادىشاھ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉜مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى، قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ قوشۇن تارتىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئاخىرى ھونلارنىڭ قونشار خانى 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. خەن پادىشاھى ۋۇدى ئۇلارنى يەنىلا ئۆز يېرىدە قۇرۇلغان بەش



قارام ئەلگە ئورۇنلاشتۇرغان.
(«خەننامە. پادىشاھ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉝جۇگوڭ (周公) — جۇ خانلىقىنىڭ خانى ۋۇ ۋاڭنىڭ ئىنىسى. جۇ خانى ۋۇ ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇگوڭ ھاكىمىيەتنى ۋاكالىتەن باشقۇرغان ھەمدە قائىدە ـ تۈزۈم بەلگىلەپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئىشلىرىنى ياخشىلىغان. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى «نەسرنامە» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

㉞كۇڭزى (孔子) — ئەمىنىيە دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ سىياسىي ئەرباب، مۇتەپەككۇر، پېداگوك ۋە كۇڭزىچىلار تەلىماتىنىڭ پېشۋاسى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن كىتابقا ئېلىنغان.
(مۇھەررىردىن)

㉟ئۈچ پادىشاھ (三皇) — رىۋايەتتە ئېيتىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئۈچ چوڭ ئاقساقال. ئۇلار ئوۋچىلىق پىرى فۇشى، دېھقانچىلىق پىرى شېننۇڭ ۋە ئوت پىرى سۈيرېندىن ئىبارەت.
(«سىيۇەن» 65 ـ بەت)

㊱بەش خاقان (五帝) — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۆتكەن بەش چوڭ ئاقساقال. ئۇلار خۇاڭدى، جۇەنشۇ، دىكۇ، تاڭياۋ، يۈشۈندىن ئىبارەت.
(«سىخەي» 71 ـ بەت)

㊲قوناق (馆客) — مېھمان خادىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ دەرگاھلىرىدا تاماقلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىھەت بېرىدىغان ۋە يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان كىشى.
(«سىخەي» 875 ـ بەت)

㊳لۇچېن (卢谌) — ئاۋۋال شەرقىي جىن سۇلالىسىدىكى ئەمىرى

مىمار ليۇكۇننىڭ مۇلازىمىيگى بولغان. كېيىن كېيىنكى جاۋ خانلىقىدا هۆدەيچى بولغان.
( «جىننامە. لۇ چىيىنىڭ تەرجىمىهالى» دىن)

㊴جىلۇ ( 季路 ) — زىلۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۇڭزىنىڭ شاگىرتى. ئۇ ۋېي بەگلىكىدە ئەمەلدار بولغاندا، ئاپىسى تۇرغان ئۆيگە دائىم گۇرۇچ يۈدۈپ ئاپىرىپ بەرگەنىكەن.
( «تارىخي خاتىرىلەر. كۇڭزى شاگىرتلىرىنىڭ تەرجىمىهالى» دىن)



## «ۋېينامە» 39 ـ جىلد

# لى باۋنىڭ تەرجىمىهالى

لى باۋ، تەخەللۇسى لى خۇەيسۇ، ئەركىلەتمە ئىسمى يەنسۇن. لۇڭشى ۋىلايىتىنىڭ دىداۋ ① دېگەن يېرىدىن. غەربىي لياڭ خانى لى خاۋنىڭ نەۋرىسى. ئاتىسى لى فەننىڭ تەخەللۇسى لى شىجۇ، ئەركىلەتمە ئىسمى ۋۇجياڭ، شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى، چىليەن②، جيۇچۇەن، جىنچاڭ ③ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى بولغان. لى باۋ ئېغىر ـ بېسىق، كەڭ قورساق، جەسۇر، چېقىشقاق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى لى شىن جۇرچى مونسۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ گۇزاڭ شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىۋالدى. بىر يىلدىن كېيىن تاغىسى تاڭ چىغا ئەگىشىپ ئىشۋىرغولغا باردى. ئۇ يەردە جۇرجانلارغا مەنسەپدار بولدى. سەرگەردان بولۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئاھالىلەرنىڭ سانى 2 مىڭ ئادەمگە يېقىن بولۇپ، لى باۋ ھەممىسىنى قائىدە بويىچە ئەدەپلىك كۈتۈۋالدى. ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ھەم ئۇلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇردى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى ئۈمىد قىلىشتى. ۋېي پادىشاھى دۇنخۇاڭغا لەشكەر ئەۋەتىپ جۇرچى ئۇرغۇغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، جۇرچى ئۇرغۇ قەلئەنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. لى باۋ ئىشۋىرغولدىن جەنۇبقا مېڭىپ، دۇنخۇاڭغا بېرىپ شەھەر سېپىلىنى قايتا ياسىتىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىنىسى لى خۇەيدانى ئوردىغا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ۋېي پادىشاھىغا

سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ سادىقلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ، لى خۇەيدانى مەھرەم بېگى، دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، لى باۋنى مانداتى تۇتقۇچى، شىغاۋۇل، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي تۇتۇق بېگى، غەربنى تىنچىتقۇچى بۈيۈك سانغۇن، ئۈچ ئوردا ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، غەربىي رۇڭلار ④ چېرىكچىبېگى، شاجۇ ئايماقبېگى، دۇنخۇاڭ ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يەنىلا دۇنخۇاڭدا تۇردى. شۇ دائىرىدىكى 4 ـ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مەنسەپدارلارنى تەيىنلەش ۋە جازالاش ھوقۇقى بېرىلدى.

(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 885 ـ بەت)

---

① دىداۋ (狄道) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

② چىليەن ۋىلايىتى (祁连郡) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

③ جىنچاڭ ۋىلايىتى (晋昌郡) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 4 ـ بەتلەر)

④ غەربىي رۇڭلار (西戎) — قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ غەربىي رۇڭلار دەپ ئاتالغان.
(«سىيۇەن» 2841 ـ بەت)



## «ۋېينامە» 41 ـ جىلد

# يۈەن خېنىڭ تەرجىمىھالى

يۈەن خې ئۆز ئالدىغا خېشى خانى بولۇۋالغان تۇغا يۈتارنىڭ ئوغلى ئىدى. تۇغا يۈتار قىببۇ چىپان تەرىپىدىن يوقىتىلدى. يۈەن خې لىيدۇ ۋىلايىتىدىن① پايتەختكە قېچىپ بېرىۋالدى. يۈەن خې قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك، خۇش چاقچاق، پالۋان سۈپەت ئادەم بولۇپ، ۋېي پادىشاھى شىزۇ باشقىلاردىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ چاقىرىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ سەزگۈر، ھازىر جاۋاب ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، شىپاڭ بېگى مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىپ، ئۇچار ئەجدىھا سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇنىڭغا: «ئىككىمىزنىڭ تەكتى بىر. كېيىنچە فامىلىمىز ئوخشىماي قالغان. ئەمدى فامىلەڭنى يۈەن دېيىشكە بولىدۇ②» دېدى. يۈەن خې پادىشاھقا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن غۇزلارنىڭ باشلىقى بەيلۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن يەنە تۇجىڭ③ دىكى غۇزلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى ھەم ئۇ جەڭدە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇنىڭغا غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن نامى بېرىلدى.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ لياڭجۇ ئايمىقىغا يۈرۈش قىلغاندا④ يۈەن خېنى يول باشلىغۇچى قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇجۇم قىلىش چارىسى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. يۈەن خې پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: «گۇزاڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدا سىيانپىيلارنىڭ تۆت قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ

باشقۇرۇشىدىكى پۇقرالار ئىدى. مەن ئاۋۋال قوشۇننىڭ ئالدىدا بېرىپ خانلىق قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى كۆرستىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئاپەتنى ۋە ئامەتنى ئېنىق ئۇقتۇرسام، ئۇلار ئۇرۇش قىلمايلا ئەل بولۇشى مۇمكىن. سىرتتىن ياردەم بېرىدىغانلارنى ئۆزىمىزگە ئەل قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېتىم قالغان قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلساق، ئوڭايلا بىر - چىت قىلىۋېتەلەيمىز» دېدى. پادىشاھ: «بۇ ناھايىتى ئوبدان تەدبىر بولدى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، يۈەن خې تاللانغان چەۋەندازلار بىلەن سىيانپىيلارنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلار 30 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە، 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا - مال بىلەن ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەل بولدى. ئارقىدىنلا گۇزاڭغا ھۇجۇم قىلدى. سىرتتىن ياردەم بولمىغاچقا، گۇزاڭ ئوڭايلا قولغا چۈشتى. لياڭجۇ ئايمىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن ۋە شىپىڭ بېگى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئارقىدىن يەنە پادىشاھقا ئەگىشىپ جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ۋۇچيېڭ⑤ ۋە تۇجىڭدىكى غۇزلارغا ھۇجۇم قىلدى. گەيۋۇ قاتارلىق قاراقچىلارغىمۇ جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە تۆھپە كۆرسەتتى. شۇڭا چەۋەنداز مەھرەم بېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. پادىشاھ چاڭجياڭ دەرياسىغا قوشۇن تارتقاندا، يۈەن خې تۇرشاۋۇل قوشۇننىڭ بۈيۈك سانغۇنى بولدى. ئۇ باتۇر ئادەم بولۇپ، ھەر قېتىم كۈچلۈك دۈشمەنگە يولۇققاندا ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن جەڭگە چىقاتتى. پادىشاھ شىزۇ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «جەڭدە خېيىمخەتەر كۆپ بولىدۇ، دۈشمەننىڭمۇ كارامەت باتۇرلىرى بار. يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆزۈڭ ئارقىدا تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلساڭ بولىدۇ. تېنىڭنىڭ قاۋۇللىقىغا تايىنىپ جەڭگە كىرمە» دېگەن. يۈەن خېنىڭ ئەسلىي ئىسمى پوچياڭ⑥ بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇنىڭ كەسپى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ «ئادەمگە ئىسىم قويۇشتا ئەمەلىي ئىشنى



كۆزدە تۇتۇش كېرەك، قالايمىقان قويۇۋەرسە قاملاشمايدۇ» دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يۈەن خې قىلىپ ئۆزگەرتتى ۋە ئۇنى ھەرەم دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

نەنئەن بېگى توغبات يۇ⑦ ئىشكئاغا زوڭ ئەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يۈەن خې قول ئاستىدىكى قوشۇنغا ھەربىي تەييارلىق ھالىتىگە ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى ئەھۋاللارنى كۆزەتتى. جەنۇبىي ۋازارەتتە دىۋان بېگى لۇلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنى تەختكە چىقىرىش پىلانىنى تۈزدى. ئۇ لۇلىغا ليۈننىڭ چەۋەندازلىرى بىلەن بىرلىشىپ، باغچىدا تۇرۇۋاتقان ۋېي گاۋزۇڭنى ئوردىغا ئەكىرىشكە بۇيرۇق بەردى. ئۆزى ئوردا مۇھاپىزەت رايونىنى كونترول قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە ماسلىشىدىغان بولدى. لۇلى ئۇزۇن ئۆتمەيلا پادىشاھ گاۋزۇڭنى ئېتىغا مىندۈرۈپ، ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. يۈەن خې ئوردا دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ، ۋېي گاۋزۇڭنى ئوردىغا ئېلىپ كىردى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ تەختكە چىققاندا، جەمئىيەت تىنچ بولدى. ئومۇمىي ۋەزىيەتنى يۈەن خې قاتتىق كونترول قىلدى. يۈەن خې شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن ھەم باش خوجىدارلىققا تەيىنلەندى. تەدبىر بەلگىلىگەنلىك تۆھپىسى بولغانلىقتىن، شىپىڭ بېگى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ تەختكە چىقىپلا، بارلىق ئەمەلدارلارغا مۇكاپات ئىنئام قىلدى. پادىشاھ يۈەن خېغا: «مەن ساداقەتمەنلەرنى مۇكاپاتلاۋاتىمەن. سىز رەت قىلماي، تارتىنماي، خالىغىنىڭىزنى ئالسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئەمما يۈەن خې رەت قىلدى. قايتا - قايتا زورلىغاندىن كېيىن، نائىلاج بىر جەڭ ئېتى ئالدى. شۇ چاغلاردا ئەمەلدارلار دەۋا - دەستۇرلارنى بېجىرگەندە، جازانى تولىمۇ ئېغىر ھۆكۈم قىلاتتى. يۈەن خې پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ: «جازا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، توپىلاڭ قوزغاشقا ئۇرۇنغانلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى قوشۇپ قىرىپ تاشلىنىپ، جىنايەت مەنبەسى

تۈگىتىلىدۇ. جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك قاراقچى ئوغرىلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە بالا ـ جىيەنلىرى يىراق يەرلەردە بولۇپ، ئۇ يەرلەرگە بېرىشتا كېچىك، قوۋۇق دېگەندەك توسالغۇ بولىدىغان بولسا، ئۇلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى مەقسىتىمۇ بىرلىكتە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا چېتىپ جازالىماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، جىنايەتچىنىڭ تۇغقانلىرىنى ناھەق ئۆلتۈرمەسلىك پەرمانى چۈشۈرۈلگەن. مېنىڭچە 13 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ تۇغقىنى باش جىنايەتچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شېرىكلىشىشكە چامى يەتمىگەچكە ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ناھىيە ئەمەلدارلىرىغا ئالۋانلىققا بەرسەك بولىدۇ» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جىجۇ ئايماقدارى قىلىپ تەيىنلەپ، مەرتىۋىسىنى لۇڭشى بېگى قىلىپ ئۆزگەرتتى. يۈەن خې پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ: «پەيغەمبەرنىڭ ئاڭلىشىچە، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتلىقنىڭ ئامانلىقى، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور شەپقەت ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىش ئىكەن.

ھالبۇكى، ھازىر ئۆلۈمگە لايىق گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىش قىيىن. جىنايىتىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھازىر شىمالدا كۈچلۈك قاراقچىلار ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ھېيلىگەر دۈشمەنلەر جەنۇبتا بىزگە خېيىمخەتەر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇڭا شىمالدىكى جايلار ۋە جەنۇبىي چېگرىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

پەيغەمبەرنىڭ ئويلىغىنى شۇكى، قائىدە ـ يوسۇننى بۇزۇپ ئىسيان كۆتۈرگەنلەر ۋە قەستەن قاتىللىق قىلغانلار بولمىسىلا، ئوغرىلار ئۈچۈن زالىڭ ماللارنى ساقلاپ بەرگەن ۋە دىققەتسىزلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالغان گۇناھكارلارنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتسەك، جېنى ئامان قالغىنى



ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھىممىتىدىن رازى بولىدۇ. ئۇ يەرگە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرمۇ ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. جازالاش چارىسى ئۆزگىرىش بىلەنلا تەربىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. 〈قەدىمنامە〉 دىكى 〈بەش خىل جازانى سۈرگۈن بىلەن كەچۈرۈم قىلىش〉 دېگەننىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. پەيغەمبەر ئالىيلىرىنىڭ چوڭقۇر ھىممىتىگە ئېرىشكەن. ئەمما بۇنىڭغا تۈزۈك جاۋاب قايتۇرالمىدىم. ھازىر كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، زادىلا كەتكۈم يوق. شۇڭا، يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ يۇقىرىقى گەپلەرنى يازدىم. ئالىيلىرىنىڭ سىناپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن» دېدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ بۇ تەكلىپنىمۇ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنى ئۆلتۈرۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چېگرا مۇھاپىزىتىگە ئەۋەتىلىدىغان بولدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە، گاۋزۇڭ ۋەزىرلىرىگە: «يۈەن خې ماڭا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنى ئۆلتۈرمەي، شىمالدىكى قاراۋۇلخانىلارغا سۈرگۈن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. ھازىرغىچە بىر يىل ئۆتتى. ئۆلمەي ئامان قالغانلار ئاز ئەمەس. بۇ ھەم ئوردىنىڭ يۇقىرىلار ئۈچۈن شەپقەتچى ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ ھەم چېگرا قوغداۋاتقان لەشكەرلىرىمىزگە پايدا يەتكۈزىدۇ. سىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇرمايسىلەر؟ ئەگەر ھەممىلا ۋەزىرىم يۈەن خېغا ئوخشاش بولسا، مېنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىم قانداق ئوڭاي بولاتتى ـ ھە! ئۇنىڭ سۆزلىرى سەمىمىي بولغاچقا، جاھانغا پايدىسى تېگىۋاتىدۇ» دېدى. ۋەزىرلەر جاۋابەن: «ئالاھىدە سادىق ۋەزىر بولمىسا، بۇنداق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ئالاھىدە دانا پادىشاھ بولمىسا، بۇ تەدبىرنى قوبۇل قىلمايتتى» دېيىشتى.

يۈەن خې خېجۇ ئايمىقىدىكى مەنسەپ ئورنىغا بېرىپلا، دەۋالارنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئارتۇقچە ئالۋان ـ ياساقنى قىسقارتتى. ۋۇيى ۋىلايىتىدىكى ھارام نىيەت شى خۇا

يۈەن خې سىرامان داۋكې بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئەرز قىلدى. ئالاقىدار مەھكىمىلەر بۇ ئىشنى دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ گاۋزۇڭ ۋەزىرلىرىگە: «يۈەن خېنىڭ دۆلەتكە سادىقلىقى قىلغان ئىشلىرىدىن ئايان. مەن ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن. مېنىڭچە مۇنداق ئىش يوق» دېدى. قاتتىق سوراق قىلغاندىن كېيىن، تۆھمەتخور شى خۋا ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى. نەتىجىدە، پادىشاھ يۈەن خېنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ۋەزىرىمنىڭ سادىق ئادەم ئىكەنلىكى ماڭىمۇ، ئالدىنقى پادىشاھلارغىمۇ ئايان. شۇنچە پاكىز بولغاندىمۇ، تەرلىسىلا چىۋىن قونىدۇ. مەن بۇ ئىشنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ راستىنى ئېنىقلاپ، تۆھمەتخورغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدىم. مەقسىتىمنى چۈشەندۈرۈشكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتىم. مەسىلە ئايدىڭلىشىپ بىر تەرەپ قىلىنىپ بولدى. تۆھمەت قىلىنغاندا بولۇنغان گەپلەرنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ» دېدى. يۈەن خې جاۋاب مەكتۇپ يازدى. پادىشاھ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن ئەتراپىتىكى ۋەزىرلىرىگە: «يۈەن خې شۇنداق سادىق تۇرۇپمۇ تۆھمەتكە ئۇچرىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا يەتمەيدىغان ئادەم سۆز ـ ھەرىكەتتە ئېھتىيات قىلمىسا بولامدۇ؟» دېدى. شۇ چاغدا، ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنى تەكشۈرۈپ رەتكە تۇرغۇزغاندا، يۈەن خې بىرىنچى بولدى. ئۇنىڭغا ئات ـ ئۇلاغ، كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىپ تۆھپىسىنى ھەممە يەردە تەشۋىق قىلدى. يۈەن خې مەلۇماتنامە يوللاپ، ۋەزىپىسىدىن بوشىنىشنى تەلەپ قىلدى. ئوردا ئىچىدە مۇھاكىمە قىلىنىپ، يۈەن خېنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرويى بەك ئۈستۈن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارىلىپ رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۇ جىجۇ ئايمىقىدا ئايماق بېگى بولۇپ يەتتە يىل تۇرغان بولۇپ، ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىنىپ ئوردىغا كەلگەن.

جۇرجانلار چېگرىنى پاراكەندە قىلغاندا، يۈەن خې پادىشاھقا



ئەگىشىپ لەشكەر باشلاپ بېرىپ، جۇرجانلارنى تارمار قىلدى. شۇ چاغدا، پادىشاھ شيەنزۇ ئورنىنى كىنجاپ بېگى توغبات زىتۈي⑧ گە بەرمەكچى بولۇپ، لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇۋاتقان يۈەن خېغا بۇ ئىشنى ئۇقتۇردى. يۈەن خې دەرھال ئوردىغا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى يىغىپ مۇھاكىمە قىلدى. يۈەن خې بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇردى. پەرمانغا بىنائەن يۈەن خې ماندات تۇتۇپ، پادىشاھلىق مۆھۈرنى پادىشاھ گاۋزۇغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شۇ يىلى خېشىدىكى تېلىلار توپىلاڭ كۆتۈردى. يۈەن خې پەرمانغا بىنائەن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئائىلىنى ئەل قىلدى. قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى يوجۇيۇ قاتارلىقلارنى فۇخەنگىچە قوغلاپ بېرىپ تەلتۆكۈس تارمار قىلىپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بېشىنى ئالدى. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەر ـ ئايالنى ئەسىر ئالدى، 30 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ـ مالنى ئولجا ئالدى. ئارقىدىنلا يەنە تۇڭگۈەن⑨، گاۋپىڭ، شاڭگۈيلەردە توپىلاڭ كۆتۈرگەن تېلىلارنى قوغلاپ جىنچېڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بېشىنى ئالدى. يۈەن خې قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ھەربىي تەلىماتلارنى، شۇنىڭدەك كۇڭزى تەلىماتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىخچاملاپ، 12 خىل ئۇرۇش مەيدانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خەرىتىسىنى تۈزۈپ پادىشاھقا سۇندى. پادىشاھ شيەنزۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

يۈەن خې ياشىنىپ قالغانلىقى ۋەجىدىن مەنسىپىدىن ئىستېپا سورىغاندا، پادىشاھ قوشۇلماي ئۇنىڭغا ئۈچ تارام قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى مۇداپىئە قىلىش پەرمانىنى چۈشۈردى. شۇ يىللاردا ھەر كۈز، قىش پەسىللىرىدە ئۈچ تارامدىكى قوشۇنلار يولغا چىقىپ، شىمالدىن كېلىدىغان قاراقچىلارنىڭ يولىنى توسۇپ، ئەتىيازدا يەنە ئەسلىي جايىغا قايتىپ كېتەتتى. يۈەن خې بۇنداق قىلغاندا پايتەختكىمۇ

ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، بۇ چېگرىنى قوغداشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چارىسى ئەمەس دەپ قاراپ، پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ: «شىمالدىكى ھەرقايسى جېن ـ ئايماقتىن گۇمپىسى بار 30 مىڭ ئەزىمەتنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرىنى كېمەيتىپ، ئائىلىسىگە ئوبدان نەپىقە بېرەيلى. ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئىككى جېن ئوتتۇرىسىدا قەلئە ياساپ، ھەر قەلئەگە 10 مىڭ كىشىنى ئورۇنلاشتۇرايلى. 12 هارۋا ساداق بېرىپ، 300 جەڭ هارۋىسى سەپلەيلى. بىر هارۋا ساداققا ئالتە كالا، جەڭ هارۋىسىغا ئىككى كالا سەپلەپ بېرەيلى. ئاتلىقلار نەيزىسى ۋە تۈرلۈك قورال ـ ياراقلارنى كۆپلەپ ياساپ، ئەلەمگە ماھىر ئىككى سانغۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئوبدان ئىدارە قىلايلى. ھەر يىلى قىشتا قورallıق مەشىق قىلدۇرۇپ، ئەتىيازدا تېرىقچىلىق قىلدۇرايلى. شۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن چېگرىنى قوغداش، يەنە بىر تەرەپتىن تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق، لەشكەر ئىشلەتمەيلا ئۆزىنى قامدىغاندىن سىرت يەنە ئېشىندا خىراجەت توپلىغىلى بولىدۇ. يەنە بەيداۋ قەلئەسىنىڭ جەنۇبىغا ئۈچ ئىسكىلات سېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى جېن ـ ئايماقلار تاپشۇرغان غەللە ـ پاراقنى زاپاس ساقلاپ، لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تەل قىلىپ قويۇلسا، جىددىي ئەھۋالدا ئىشلىتىشكە قۇلايلىق بولىدۇ. ھەر يىلى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي، پايتەختتىن لەشكەر يۆتكىمەي، ئوردىنى مەڭگۈ باش ئاغرىقىدىن خالاس قىلغىلى بولىدۇ» دەپ تەكلىپ بەردى. ئەمما بۇ نامە بېسىلىپ قېلىپ، پادىشاھنىڭ قولىغا تەگمىدى.

ئۇ ئارقىدىنلا يەنە ئۆزىنىڭ تەن ـ سالامەتلىكىنىڭ بەك ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ مەكتۇپ يوللاپ، مەنسىپىدىن قايتا ـ قايتا ئىستېپا سورىدى. نەتىجىدە پادىشاھ قوشۇلدى. ئوردىدا مۇھىم ئىشلار مۇھاكىمە قىلىنسا، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ تۇرۇلدى. يەنە ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك، دورا ۋە ئاز تېپىلىدىغان نازۇ ـ



نېمەتلەر ئىنئام قىلىندى. تەيخې 1 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئارشاڭغا بارغان ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ۋە خانىشنى ۋېنمىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، ئوردا تېۋىپى ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى. كېيىن كېسىلى ئېغىرلىشىپ پايتەختكە قايتىپ بارغان يۈەن خې ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ ۋەسىيەتنامە قالدۇردى. ئۇ ۋەسىيەتنامىدە: «مەن قېرىپ كېسەلچان بولۇپ ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بەردىم، بىراق پادىشاھ ئالىيلىرى شاپائىتىنى يەتكۈزۈپ، مېنىڭ مەنسەپ ئورنۇمنى سىلەرگە قالدۇردى. سىلەر كۆرەڭ ۋە بېخىل بولماڭلار، نان قېپى بولماڭلار، زىناخور، كەيپ ـ ساپاچى بولماڭلار، ئىچى تار ھەسەتخورلاردىن بولماڭلار. گۇمانلىق ئىشلار يولۇقسا باشقىلاردىن سوراڭلار، گەپنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ ئاندىن سۆزلەڭلار، ھەرىكەتتە سىپايە بولۇڭلار. كىيىم ـ كېچەكڭلار بەك پۇزۇر بولۇپ كەتمىسۇن، يامانلىقنى توسۇپ ساۋاپلىق ئىش قىلىڭلار، ياخشى ئادەم بىلەن يېقىنلىشىپ يامان ئادەمدىن نېرى تۇرۇڭلار. كۆرگىنىڭلار جەزمەن راست بولسۇن، ئاڭلىغىنىڭلار جەزمەن ئېنىق بولسۇن. ھەر ئىشتا پادىشاھقا سادىق بولۇڭلار، ھەرىكەتتە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇڭلار. مەن ئۆلگەندە بىر قۇر كىيىم ۋە ئاددىي جەسەت ساندۇقى بىلەنلا كۆمسەڭلار بولىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ۋاپادارلىقىڭلارنى ئىپادىلەشكە كۇپايە قىلىدۇ. نۇرغۇن بۇيۇملارنى قوشۇپ كۆمۈۋېتىش ھاجەتسىز» دېدى. ئۇ تەيخې 3 ـ يىلى كۈزدە، 73 يېشىدا ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا شىغاۋۇل، ئەمىرلەشكەر، لۇڭشى بېگى مۆھۈرى ئىنئام قىلىنىپ، جىنلىڭ خانلىق قەبرىستانىغا دەپنە قىلىندى. دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 500 توپ رەڭدار يىپەك، قارىلىق هارۋىلار ۋە ھەرخىل ھەمدەپنە بۇيۇملىرى بېرىلدى.

يۈەن خېنىڭ چوڭ ئوغلى يۈەن يەن كەمتەر، ئېھتىياتچان، تىرىشچان بولۇپ، تۆھپىكار ۋەزىرنىڭ بەگزادىسى سۈپىتىدە

ياساۋۇل تەپتىش كېڭەش بېگى، ۋۇچېڭ تۆرىسى، مېتاللۇرگ سانغۇن مەنسىپى بېرىلدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلگەندە لياڭجۇ ئايماقدارى، گۇاڭۋۇ بېگى مەنسىپى بىلەن جيەن دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى ئىنئام قىلىندى. مەنسىپىگە ئوغلى يۈەن لىن ۋارىسلىق قىلدى.

يۈەن يەننىڭ ئىنىسى يۈەن سىلى بولۇپ، كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا يۈەن خۇەي دەپ ئىسىم قويغان. ئۇ چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، دىتى بار ئادەم ئىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياساۋۇل تەپتىش كېڭەش بېگى بولدى. ئاتىسى يۈەن خې قېرىپ مەنسەپ ئورنىدىن ئايرىلغاندا، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ يەنە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي تەمتەك تۇتۇپ، قوشۇنلارنىڭ ھىراۋۇلى بولۇپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى قوغدىدى. ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ھەرەمنىڭ دىۋان بېگى، چاڭئەننىڭ مۇھاپىزەت سانغۇنى، يۈجۇ ئايماقدارى بولدى. ئۇ پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئادىل ئىش بېجىرىپ، ئاجىز - نامراتلارغا نەپىقە بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئوغرى - قاراقچىلار يوقالدى. شۇڭا سەرسان بولۇپ ياقا يۇرتقا كەتكەنلەر ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كەلدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەرەم دىۋان بېگى مەنسىپى ئەسلىگە كېلىپ، قوشۇمچە شىغاۋۇل، مەسلىھەت پىرقىسىنىڭ دورغىسى بولدى. كېيىن يەنە قوشۇنلارغا ھىراۋۇل بولۇپ جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئالتە تارام قوشۇننىڭ سانغۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى. ئوردىغا قايتىپ بېرىپ باش دىۋان بېگى، پەرمان مەسلىھەتچىسى بولدى. كېيىن قائىدە بويىچە مەرتىۋىسى گۇڭلۇققا تۆۋەنلىتىلىپ، سىجۇ ئايماق بېگلىككە تەيىنلەندى. پادىشاھقا ئەگىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاندا، ھىماتچى بۈيۈك سانغۇن، ھەربىي يېتەكچى قىلىپ تەيىنلەندى. ئانىسى قازا قىلغاندا قارىلىق تۇتۇپ، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 300 توپ



دۇردۇن، 1000 دادەن ئاشلىق ئىنئام قىلىندى. تەيخېنىڭ 19 - يىلى شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، شاجۇ ئايماقدارى بولدى. كېيىن يەنە يۈڭجۇ، چىجۇ⑩، شەرقىي چىنجۇ⑪ ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇق، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، يۈڭجۇ ئايماقدارى بولۇپ تەيىنلەندى.

جىڭمىڭ 2 - يىلى دىۋان بېگىنىڭ سول قول ياندىش ۋەزىرى، ئالاھىدە تۆرە بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ چاغدا پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «ھارامزادە ئەمەلدارلار جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كۆپىنچىسى قېچىپ كېتىدۇ، بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئاندىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەركىن يۈرىدۇ. بۇندىن كېيىن مەيلى ئېغىر ياكى يېنىك جىنايەت سادىر قىلغانلار بولسۇن، يوشۇرۇنىۋالغانلار ياكى يىراققا قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈرگۈن قىلىش كېرەك. مەڭگۈ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى ۋەكالىتەن سۈرگۈن قىلىنىدۇ» دېدى. يۈەن خۇەي پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ: «جازا قانۇنىدا قاچقان ئەمەلدارلار كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ دېيىلگەن، مۇقەددەس ئوردىمىزنىڭ رەھىم - شەپقىتى ئۆتكەندە كەچۈرۈم قىلىنغانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقلىنىۋاتىدۇ. سۈرگۈن قىلىنىپ يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىغا يېنىشىغا رۇخسەت قىلىنغان يەردە، جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلەرنى سۈرگۈن قىلىشقا توغرا كېلەمدۇ - يوق؟ يەرلىك مەنسەپدارلاردىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قېچىپ كەتكەنلەر كۆپ. ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرى يۇقىرى بولسىمۇ يەنىلا شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئوردىنىڭ شەپقىتى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بولسا، جەزمەن قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما بۈگۈن بۇ مەسىلىلەرنى بىرلا قانۇن بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر پېقىر مۇشۇنى باشقۇرىدىغان بولسام، ئۇلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ، دەيمەن» دېدى. مەكتۇپنى سۇنغاندا خەت - چەك بىر تەرەپ قىلغۇچىلار پەرمان

چۈشۈرۈپ، يەتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ باشقىدىن مەكتۇپ يېزىپ: «كەمىنە ۋەزىرىڭىزنىڭ قارىشىچە، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشىدا. قانۇن ـ نىزاملار ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولغاندىلا، جىنايەتچىلەرنى توغرا تۇتۇپ، لايىقىدا جازالىغىلى بولىدۇ. ئادىللىق ھەرگىز قانۇنلارنىڭ چۇۋالچاق، مۇرەككەپ بولۇشىدا ئەمەس. پەقەت قاتتىق جازالاش بىلەنلا قانۇننى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان سىياسەت، دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت. ھازىرقى نىزاملارغا قارايدىغان بولساق، تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنىڭ جىنايىتى پاش بولۇش بىلەنلا قاچىدۇ. ئۇلار قاچقانلىقتىن كەچۈرۈمدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. بالا ـ چاقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا چېتىلىپ سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت جىنايەت يولىنى توسۇش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەممىگە باب كېلىدىغان چارە بولالمايدۇ. جازا قانۇنى بويىچە بولغاندا، ھۆكۈمەتكە زىيان سېلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلاردىن پەقەت تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. توققۇزىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنسەپدارلار[12]نىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك پاكمۇ؟ ھەرقايسى ئايماقلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە پاك ـ دىيانەتلىكلىرىمۇ، ۋەزىپىسىگە سادىقلىرىمۇ بار؛ پارىخور، خىيانەتكارلىرىمۇ بار. ئۇلارمۇ جىنايىتى ئاشكارىلانغاندا قېچىپ كېتىدۇ، ئەمما شاپائەتكە ئېرىشىپ كەچۈرۈم قىلىۋېتىلىدۇ. توققۇزىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئەمەلدارلار بولسا كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، قانۇن يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە كەڭچىلىك قىلىدۇ، پەقەت تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىلا جازالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلدارلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە ئوخشاش بولماي قالىدۇ، بېرىلىدىغان جازا ـ مۇكاپاتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، توپىلاڭ پىلانلاپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان چوڭ



ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ شاپائىتىگە ئۇچراپلا كەچۈرۈم قىلىنىدىغان، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئازغىنە سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدىغان بولسا، ئومۇمىي سىياسەت ئىجرا قىلىنماي، ھاياتلىق يولى توسۇلۇپ، قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىنىپ، ھازىرقى قانۇنلارمۇ كېرەكسىز نەرسە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مېنىڭ پىكرىمچە، ھازىرقى جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش لازىم» دېدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ مەكتۇپنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، يۈەن خۇەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

شۇ يىلى يۈەن خۇەي ھارۋا ـ ئاتلىقلار بۈيۈك سانغۇنى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بۈيۈك مۆتىۋەرى بولدى. ئۇ پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ: «جەنۇبتىكى قاراقچىلار چاڭجياڭ ۋە ياڭزىجياڭ دەريالىرىدا[13] ھەرىكەت قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. ئەمەلدارلار ۋاپاسىزلىق قىلىپ يۈز ئۆرۈۋاتىدۇ. بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق، ناھەقچىلىك بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىرلەر بىلەن خىل سانغۇنلار ئازىيىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە، ھارامزادىلەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ئاغۋاتلار بىلەن يېقىنلىشىۋاتىدۇ. سىرتتىكىلەرلا ئەمەس، ئوردا ئىچىدىكىلەرمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپ، كىم بۇرۇن توپىلاڭ كۆتۈرىدىكىن، دەپ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شياۋباۋرۇڭ[14] جىڭجۇ ۋە يىڭجۇ[15] ئايماقلىرىدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالدى. ئۇنىڭ يۈڭجۇ ئايماقدارى شياۋيەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەرققە ھۇجۇم قىلدى. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكىلەر ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ يېنىغا قىستاپ باردى. گۇاڭلىن[16]، جىڭكۇدا[17] لەشكەر باشقۇرۇۋاتقانلار شامالنىڭ چىقىشىغا قاراپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇرىۋاتىدۇ. جۇڭلى[18]، خۇەيىن[19]دىكىلەر ئۆزئارا تىركىشىپ، رەسمىي تۇتۇشۇپ قالغاندا بولىدىغان پايدا ـ زىيان ھېسابىنى قىلىۋاتىدۇ.

مولىڭدىكىلەر[20] يېتىم قېلىپ، قۇۋۇق سىرتىغا چىقالماس بولۇپ قالدى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېسىلزادىلەردىن پۇقرالارغىچە ھەممىلا ئادەم بالايىئاپەتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ شىمالغا قاراپ، ئەتە قانداق بولار دەپ غەم قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھەقىقەتەن تەڭرى ھەدىيە قىلغان ياخشى پەيت. باشقا دۆلەتنى يۇتۇۋالىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پارچىلىنىۋاتقان چېغىدىن پايدىلىنىپ، شەرقتە لىياڭغا[21] ھۇجۇم قىلىپ، يول ئۈستىدە گۇابۇنى[22] يىغىشتۇرۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ ئىستىھكام قۇرۇپ ماڭغاندا، جىڭجۇ، يىڭجۇ ئايماقلىرىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ ھەيۋە كۆرسىتىدىغان بولساق، ئەلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىسەك، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلار ئۆزلۈكىدىنلا قولىمىزغا چۈشىدۇ. ۋۇجۇن [23] ۋە گۇيجى ۋىلايەتلىرىنى ئوڭايلا قولىمىزغا كىرگۈزىۋالالايمىز. ئۆتمۈشتە ۋاڭ شىجى ‹ئەگەر سۈن خاۋ[24] تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپ، باشقىدىن دانىشمەن پادىشاھ تەختكە چىقسا، قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىدىغان قىلسا، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ› دېگەن. ئەگەر شىياۋيەن ئۆزىنى ئوڭشاپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولىدىغان بولسا، بىزگە توسالغۇ بولۇپ، ياڭجۇ [25] چېگرىسىغا قىستاپ كېلەلىشى مۇمكىن. نېمىشقا شۇنداق دەيمىز: شۇچۇندىن [26] جيەنيېگە بارغىچە ئاران 700 چاقىرىم ئارىلىق بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشىنى شىياۋيەن ئوبدان بىلىدۇ. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا داۋالغۇش بولمىسا، ئۇلار بىر نىيەتتە ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ، كېيىنى سۈنىڭ ئىقىشى بويىچە ھەيدەپ ئۈشتۈمتۇت يېتىپ بارىدىغان بولسا، شۇچۇننى قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار نېمىمۇ قىلالايدۇ؟ ھازىر شىياۋ باۋجۇەننىڭ [27] كۈچلىرىدە



پارچىلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ چېگرا قەلئەلىرىگە ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق قوشۇن يوق. چاڭجياڭ دەرياسىنى تىنچىتىش پۇرستى مانا بۈگۈن يېتىپ كەلدى. كەمىنە ۋەزىرلىرى ئالىيلىرىنىڭ زور ھىممەت - شاپائىتىگە سازاۋەر بولغان، شۇڭا گەپ قىلماي تۇرالمىدىم» دېدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «پادىشاھ ھازىر پادىشاھدەك بولالماي قالدى، ئەمەلدارمۇ ئەمەلدارغا ئوخشىماي قالدى. مانا بۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا كۆرۈنگەن بىر سەۋەنلىك. ئۇلار سىڭگەن ئېشىنى يېمەي، بەكلا ھەددىدىن ئاشتى. تەڭرى ئۇلارنى ھامان ھالاك قىلىدۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلغۇسى بار. بەندىنىڭ ئىشى تەڭرىنىڭ يولى بىلەن بولىدۇ. كىم شۇنداق بولماس دېيەلىسۇن؟ قالايمىقان زىيانكەشلىك قىلىش رەھىمدىل ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىياۋيەننىڭ قوشۇنلىرى كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتلەندى. ئۇلارنىڭ چوڭ يارىلىنىش، ئاز - تولا ئۆلۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خېلى ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئەگەر تەڭرى شىياۋ باۋجۇەننى جازالايدىغان بولسا، شىياۋيەننىڭ قوشۇنلىرى جەزمەن غەلىبە قازىنىدۇ، شىياۋيەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ مالىمانچىلىق يەنىلا ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنداق گۇناھكار كىشىلەرنى ئالدىنقى پادىشاھلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇزاققىچە قوللاپ مەدەت بېرەرمۇ؟ ھازىر مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچكە تولدۇمكى، جەنۇبتىكى پۇقرالار ئەخلاق ۋە ئادىللىققا تەلپۈنمەكتە، چېگرىدىكىلەردىن پات - پات مەكتۇپ كېلىپ تۇردى. ئۇ يەرلەردىكى بالايىئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سېنىڭ دېگىنىڭدەك، ياڭجۇ ئايمىقىدىكى ھەربىي كۈچ ئاز ئەمەس، شۇڭا رېنچېڭ بېگى يۈەن چىڭنى دەرھال ئەۋەتسەك، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلسا ھەم ئۇ يەرگە بېرىپ ھال سوراپ، چېگرىنىڭ ئىشىنى ئەپچىل ھەل قىلسا» دېدى. شىياۋيەننىڭ ھەرىكىتى توختاپ قالغانلىقتىن، بۇ

پىلانىمۇ ئىشقا ئاشمىدى.

يۇەن خۇەي يەنە مەكتۇپ يوللاپ: «ئۆتمۈشتە پادىشاھ شىنزۇ ئۆلگەندە، نەنئەن بېگى ھاكىمىيەت باشقۇرغانىدى. ئۇ كۈنچىقىش ئىبادەتخانىغا ئەجدادلىرىغا تاۋاپ قىلىشقا بارغاندا، ئوغرى ۋەزىر زۇڭئەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا پادىشاھ گاۋزۇڭ سىرتتا باشپاناھ ئىزدەپ باغچىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى. زۇڭئەينىڭ قارانىيەتلىك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن تەخت بوش تۇرۇۋاتاتتى. رەھمەتلىك ئاتام يۇەن خې جاڭسۇن كېخۇ ۋە لۈلى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە پادىشاھ گاۋزۇڭنى قايتۇرۇپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇزغان. لۈلى پادىشاھ گاۋزۇڭغا ھامىي بولۇپ ئوردىغا ئەكىرگەنلىكى ئۈچۈن، گاۋزۇڭ ئۇنى بەك ئەتىۋارلاپ ئۇنىڭغا قۇتاتقۇچى بۈيۈك سانغۇن، ئەمىربەگ، پىڭيۇەن بېگى مەرتىۋىسى بەرگەن. شىڭئەن 2 - يىلى پادىشاھ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەشتىكى تۆھپىسىنى تەقدىرلەپ، ئاتامغا شىپىڭ بېگى مەرتىۋىسىنى بەرگەن. خۇاڭشىڭنىڭ ئاخىرقى يىلى، پادىشاھ شيەنزۇ ئورنىنى كىنجاپ بېگىگە بوشىتىپ بەرمەكچى بولغان. ئاتام شۇ چاغدا سانغۇنلار ئۈستىدىن نارازىلىق قىلىپ لەشكەرلىرى بىلەن ۋۇچۇەندە تۇراتتى. ئۇ ئوردىغا چاقىرتىلىپ، ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەسلىھەت بەرگەن. ئاتام قوشۇلماي چىڭ تۇرغانلىقتىن، پادىشاھ شيەنزۇ پىكرىدىن يېنىپ ئاتامنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنگەن. ئاتامغا خاننىڭ تەمتەكدارى سۈپىتىدە گاۋزۇغا پادىشاھلىق مۆھۈرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن. تەيخې 16 - يىلى لۈلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مەكتۇپ سۇنۇپ ئاتىسىنىڭ ئاتام يۇەن خې بىلەن بىللە ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنى قوتقۇزۇپ تەختكە چىقىرىشتا زور كۈچ چىقارغانلىقىنى بايان قىلغان. ئوردا بۇ تۆھپىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن لۇرۇيگە جولۇ ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت قورغۇچى ئەمىرى مەرتىۋىسىنى تارتۇق قىلغان. پېقىر شۇ چاغدا يۇرتتا ئاپام ئۈچۈن



قارىلىق تۇتۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن مۇكاپاتلاش دائىرىسىگە كىرەلمەي قالغان. تەيخې 20 - يىلىغا بارغاندا، پېقىر يۈگجۇ ئايماقدارى بولۇپ تەيىنلەندىم. مەنسەپ ئورنىغا مېڭىش ئالدىدا، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاتامنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى پادىشاھقا بايان قىلدىم. پادىشاھ شۇ چاغدا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئاۋۋال مەنسەپ ئورنىغا بېرىپ تۇرسا، كېيىن باشقىدىن ئويلىنىپ ئورۇنلاشتۇرىمەن، دەپ بۇيرۇدى. تەيخې 21 - يىلى پادىشاھ يۈگجۇ ئايمىقىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، پېقىر بۇرۇنقى گەپنى قايتىلاپ سەمىگە سالدىم. بۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ بېرىپلا، پەرمان چۈشۈرۈپ مەرتىۋە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. پادىشاھ گاۋزۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىش بېسىلىپ قالدى. ئاتامنىڭ ئەينى زاماندا خېيىمخەتەردىن قورقماي، پادىشاھ گاۋزۇڭنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقى ئۈچۈن ۋېي سۇلالىسى ئامان قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ شيەنزۇغا كۈچىنىڭ بىرىچە خىزمەت قىلىپ، ھاكىمىيەتنى مۇقىملاشتۇرغان. مۇشۇنداق تۆھپىلەرنى شۇ زاماندا ھېچكىم ياراتمىغان. لۈلىنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتىدۇ. مەنمۇ ئوخشاشلا تۆھپىكار ئائىلىدىن بولساممۇ، لېكىن ئۇنداق ئىنئامدىن بەھرىمەن بولالمىدىم. پايدا - زىياننىڭ پەرقى نېمىدېگەن چوڭ - ھە. ئالىيلىرىنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلىشلىرىنى سورايمەن» دېدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «پېشقەدەم ۋەزىرىمىز يۇەن پىنىڭ دېگىنىمۇ شۇنداق، تارىخچىلاردىن سوراپ كۆرگىنىمدە، گەپنىڭ راستلىقى ئىسپاتلاندى. باشقىلار قاتارىدا تەڭ مۇئامىلە قىلىنىپ، فېڭشياڭ ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت قورغۇچى ئەمىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، 100 تۈتۈن سۇيۇرغال بېرىلسۇن» دېدى.

پادىشاھ ئارقىدىنلا يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، يۇەن خۇەينى ماندات تۇتقۇچى، قوشۇمچە شىغاۋۇل، ئوردا ۋەكالەت ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە شىمالىي چېگرا رايوندىكى ئالتە جېن

ۋە خېڭجۇ، يەنجۇ㉘، شوجۇ ئايماقلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، نامراتلارنى قۇتقۇزۇشقا، يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈپ، مۇكاپاتلاش - جازالاش ئىشلىرىنى ئاۋۋال بېجىرىپ، ئاندىن مەلۇم قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. پايتەخت لوياڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ㉙، ئۇ يەر شىمالىي چېگرىغا يىراق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدا بىر قانچە يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ناچارلىشىپ كەتتى. يۈەن خۆەي پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەت پۇقرالارغا نەپىقە بېرىش تەدبىرى قوللانغانلىقتىن، نەپىقە بېرىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، بېرىلمەي قالدىغان ياكى خاتا بېرىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى. شۇ چاغدا خانىشنىڭ ئاتىسى يۇ جىڭ ئوردا ئىچى - سىرتىدا تەسىرى بار ئادەم بولۇپ، يۇ جىڭنىڭ ئاكىسى يۇ زو بىلەن يۈەن خۆەي ئائىلىسىنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ چاغدا يۇ زو ۋويې جىنىنىڭ ㉚ باسقاق سانغۇنى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى ۋە خېلى كۆپ پارا ئالغانىدى. يۈەن خۆەي ۋويې قورغىنىغا يېتىپ بارغاندا، يۇزو قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ چىقىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىپ يۈەن خۆەينى قارشى ئالدى. يۈەن خۆەي ئارتۇق گەپ قىلماي، نەق مەيداندىلا يۇ زونى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. خۆەيشو جىنىنىڭ باسقاق سانغۇنى يۈەن نىشۇ يۈەن خۆەي بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن ئاغىنە بولۇپ، ئۇنىڭ پارا يەپ ناھەق ئىشلارنى قىلغانلىقى پاش بولۇپ نامى سېسىدى. ئۇ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ يۈەن خۆەينى كۈتۈۋېلىپ، زىياپەتتە «مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ زادى قانچىلىك بولۇشى سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىزگە باغلىق، ئۆزئارا كەڭچىلىك قىلىشمىساق بولماس» دېدى. يۈەن خۆەي جاۋابەن: «بۈگۈن بۇ يەردە پېقىر يۈەن خۆەي بىلەن كونا قەدىناسلار شاراب پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن جەم بولدۇق. بۇ دېلو توغرىلىق سۆزلىشىدىغان سورۇن ئەمەس. ئەتە سوراقخانىغا بارىمىز، مانا شۇ يەر كىشىلەر باسقاق سانغۇنىنىڭ



جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان سورۇن» دېدى. يۈەن نىشۇ گەپ قىلالماي يىغلاپ كەتتى. يۈەن خۆەي يۈەن نىشۇنىڭ جىنايەتلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. يۈەن خۆەينىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىشتە ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمايدىغان بۇنداق ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى.

يۈەن خۆەي پادىشاھقا يەنە مەكتۇپ يوللاپ: «جىڭمىنىڭ يىللىرىدىن بۇيان شىمالدىكى زېمىندا ئۇدا بىر قانچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئېگىز تەكشىلىك ۋە ئېدىرلىقلاردا تېرىقچىلىق قىلىش مۇمكىن بولماي قاپتۇ. پەقەت سۇغارغىلى بولىدىغان ئازغىنە يەرلەردىلا ئاز - تولا ھوسۇل ئالغىلى بولىدىكەن. ھالبۇكى يەرلىك سانغۇنلار بىلەن مەنسەپدارلار يەرلەرنىڭ ياخشىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، تېتىر - قاقاس چۆللەرنى پۇقرالارغا قالدۇرۇپتۇ. شۇڭا پۇقرالار تەس كۈنگە قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھالى كۈنسېرى ئوساللىشىپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، ھەرقايسى جىنىنىڭ سوغىرىلىدىغان ئېتىزلىرىنى تېرىقچىلىقنى بىلىدىغان پۇقرالارغا تەكشى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، نامراتلارغا بالدۇر، بايلارغا كېيىن ياردەم بېرىش لازىم. تەقسىمات ئادىل بولماي، بىرەر ئادەم شىكايەت قىلىدىغان بولسا، باسقاق بەگدىن تۆۋەن مەنسەپدارلارنىڭ تەمىناتى بىر پەسىل توختىتىلىشى، تۆت كىشىدىن كۆپ كىشى شىكايەت قىلسا، مەنسەپدارلارنىڭ تەمىناتى ئومۇمىيۈزلۈك بىر يىل توختىتىلىشى لازىم. شىمالىي رايونلاردىكى ئالتە جىندا تۇرغان قوۋملارنىڭ ئەھۋالى ئىچكىرى جايلاردىكىلەرگە ئوخشىمايدىكەن. ئەمما ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلىشتا ئۆتمۈشتە ئىچكىرىدىكى جايلار بىلەن پەرقلەندۈرمەپتىكەن. ۋويې جىنىدىلا باسقاق بەگدىن تۆۋەن 800 دىن ئارتۇق ئەمەلدار بولۇپ، پۇقرالار ئۇلاردىن بەكمۇ نارازى ئىكەن. ھەممىسى ئەمەلدارلار بەك ئارتۇق بولۇپ كەتتى دېيىشىدىكەن. چېگرىدا ئەمەلدارلار قىلىدىغان ئىش جىق ئەمەس

ئىكەن. قوماندان ۋە مەنسەپدارلارنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى قىسقارتىپ تاشلاشنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «نامرات پۇقرالارغا نەپىقە بېرىش ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ ئىشنى ئالاقىدار مەھكىمىگە مەسئۇل بولۇپ تۇتۇشنى تاپشۇردۇم. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم. باشقا جايلاردىمۇ پۇقرالارغا ئاۋارىچىلىق سالىدىغان ئاشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، پۇقرالارغا زىيان سېلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان كىشىلەرنى مۇشۇ چارە بويىچە سۈرۈشتۈرۈش لازىم» دېدى. شۇ چاغدا زوراۋان بايلار ئىشلەمچى پۇقرالارنى بوزەك قىلىدىغان ناھەق ئىشلار بەك كۆپ ئىدى. شىكايەت قىلىشقا يول قويۇلغان ھامان ھەر كۈنى يۈزلەپ ئادەم ئەرز قىلىپ تۇردى. پادىشاھقا شىمالىي چېگرىدىكى ئىشلار توغرىسىدا 40 نەچچە ماددىلىق تەۋسىيەنامە يوللاندى. يۈەن خۇەينىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئوردا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

جىڭشى 1 - يىلى 9 - ئايدا جۇرجانلارنىڭ 120 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازى ئالتە تارامغا بۆلۈنۈپ، خۇەيشو، ۋوبېي جېنلىرىغا بېسىپ كىرىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ خېڭجۇ ئايمىقىدىكى دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېرىپ قاراقچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى مەلۇم قىلىندى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، يۈەن خۇەينى ئۆز مەنسىپى ئۈستىگە ماندات تۇتقۇچى شىغاۋۇل بولۇپ، شىمالىي چېگرىغا بېرىپ تەدبىر قوللىنىشقا، زۆرۈر تەييارلىقلارنى كۆرۈپ، جايلارنىڭ ئىشنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. يۈەن خۇەينىڭ ئوغلى ئوردا نۆۋەتچى سانغۇنى يۈەن خۇيگىمۇ ئاتىسى بىلەن بىللە شىمالغا بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. پەرمان بويىچە ئۇنىڭغا بىر ئات، بىر يۈرۈش نەپىس زەنجىرلىك ساۋۇت، نەيزە، قالقان ئىنئام قىلىندى. يۈەن خۇەي پادىشاھقا تاۋاپ قىلىپ خوشلاشتى. نەيزىسىنى تۇتۇپ، ئويناقلاپ تۇرغان ئات ئۈستىدە ئۆزىتىپ چىققانلارغا: «ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بولساممۇ، يەنىلا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ماڭدىم.



جۇرجانلار ياشلاردىن قورقىدىغان، قېرىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولسىمۇ، مېنى بوزەك قىلالىشى ناتايىن. بۈگۈن ئوردىنىڭ پەرمانى بويىچە شىرمەتلەرنى باشلاپ ماڭدىم. ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى تۇتۇپ نۇرغۇن ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كېلەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن» دەپ توۋلىدى. شۇ چاغدا ئۇ 61 ياشتا ئىدى. ئۇ يۈنجۇڭغا يېتىپ بارغاندا، جۇرجانلار قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

يۈەن خۇەي لەشكەرلىرىنى باشلاپ، خېڭجۇ ئايمىقىدىكى دەيجۈن ۋىلايىتىگە باردى. ھەرقايسى جېنلارغا قاراشلىق مۇھىم جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قەلئە قۇرۇپ - ئىستىھكام ياسايدىغان جايلارنى ئۆلچەپ - خاتىرىلەپ چىقاتتى. ھەربىر جاينىڭ قورال - ياراغ ساقلاش ۋە جەڭگە لازىملىق ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەييارلاش، يەتكۈزۈش، جىددىي ئەھۋالدا ئۆزئارا ياردەم قىلىش ئىشلىرى توغرىسىدا 58 ماددىلىق تەۋسىيەنامە تۈزۈپ چىقىپ، پادىشاھقا يوللىدى. مەلۇماتنامىدە: «جۇرجانلارنىڭ تىزگىنلەشكە بويسۇنماسلىقى ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال. لەيلەپ يۈرگەن ئەرۋاھ، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلاردەك بۇ كىشىلەر سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ماكانلاشقانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇچۇن بىر خىل تەبىئىي بالايىئاپەت بولۇپ قالغان. تارىختىن بۇيان ئىنچىل قوغلاپ تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنۇملۈك توسۇپ قالالمىغاندۇق. زېمىنىمىزنى شىمالدا يۈجۇڭغىچە[32] قوغداپ تۇرغان ۋە قۇملۇق - چۆللۈكنى كېزىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن دانا ۋەزىرلىرىمىزنىڭ ئەقلى، باتۇر سانغۇنلىرىمىزنىڭ كۈچى قالمىدى. غۇزلار ھەدېسىلا قېچىپ كېتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى چارچىتىۋەتتى. نەتىجىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ ئەھۋالغا مۇۋاپىق سەۋەب - باھانىلەرنى ئويلاپ تېپىپ، ئاھالىلەرنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى ئۈزۈپ قويدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تىرىقچىلىق بىلەن جان بېقىۋاتقان دېھقانلار بىلەن موللىچە

ياسىنىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ ھەممىسى پەي غاجىلاپ قان ئىچىدىغانلار، چاڭگىسىدا يېتىپ ئۇۋىسىدا ياشايدىغانلارنىڭ بوزەك قىلىنىشىدىن قوغدىنىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بىر مەھەل ئەجىر سىڭدۈرۈپ مەڭگۈ ئەسقاتىدىغان مۇستەھكەم قەلئەلەر ياسالدى. پادىشاھلىقىمىز دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پېيچىڭنى پايتەخت قىلىپ، جاھانغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، كائىناتتا ئادالەت ئورناتتى. بۈگۈنكى كۈندە، لوياڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتىمىز. شىمالغا بارىدىغان بولساق، يول ئۇزاق. دەيجۈن ۋىلايىتىدىكىلەر شىمالدىكى قورغانلارنىڭ پۇختىلىقىنى ھەمدە چېگرا سىرتىدا قاڭقىللار توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ لەشكەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنىڭ ئوندىن سەككىزى ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇلتۇر چوغاي تاغلىرىنى قايتا تىنچىتتۇق. ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشتى. دىۋان مەھكىمىسىنىڭ كەپتاۋۇلى خەن جېن، سۇڭ شىلياڭ قاتارلىقلارنى مۇھىم ھەربىي جايلارنى تەكشۈرۈپ، مۇداپىئە ۋەزىيىتىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، شەرقتىن غەربكە قاراپ، ئەسلىدىكى جېن ـ قەلئەلەرنىڭ يۆنىلىشى بويىچە قورغان سالدۇرۇپ لەشكەر تۇرغۇزۇپ، مۇھىم ئۆتكەللەرگە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرساق، دېھقانچىلىقنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئاشلىقنى كۆپلەپ جۇغلىغىلى، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلۈشى بىلەنلا قوشۇن چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىكەن. بۇنىڭدا يەر تۈزۈلۈشى بىزگە پايدىلىق بولىدۇ. لەشكەرلىرىمىز قۇدرەت تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالدىكى قۇملۇقتا سۇ كەمچىل، يەرلەر قاقاس ـ چۆل، ئارىلاپ ئۇششاق بۇلاقلار بولسىمۇ، كۆپ ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىگە يەتمەيدۇ. غۇزلار باشقىچە ئىش كۆرمەكچى بولسىمۇ، كۈز، قىشنىڭ كېلىشىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. قارا سوغۇق مەزگىلدە قۇملۇق تېخىمۇ مۇزلاپ، ئاتلىق قاراقچىلار قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئالدىدىكى قەلئەلەرنى ئاتلاپ



جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايدۇ. دېمەك، شۇنداق قىلغاندا شىمالىي چېگرىدا غەم ـ ئەندىشە بولمايدۇ» دېدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، شىمالنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلارغا شەرقتىن غەربكە قاراپ توققۇز قەلئە سېلىشنى بۇيرۇدى. يۈەن خۇەي شىرمەت چەۋەندازلار بۈيۈك سانغۇنى بولدى.

بۇ چاغدا ۋۇشىڭ㉝دىكى دىلارنىڭ سەردارى ياڭ شاۋشيەننىڭ كىچىك ئاتىسى ياڭ جىچى توپىلاڭ كۆتۈردى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ يۈەن خۇەينى خان تەمتەكدارى، شىغاۋۇل، دىلارنى تىنچىتقۇچى قوشۇنلارنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلەپ، لەشكەر باشلاپ جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئالىدىغان ـ قالدۇرىدىغان، تەيىنلەيدىغان ـ چۈشۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. ئۇ شىڭ لۇەن، لى خۇەنلەرنى ھىراۋۇل قىلىپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا مەلۇمات يوللىدى. جېڭشى 3 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 63 يېشىدا ئۆلدى. پادىشاھ شىزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، شەرقىي ھويلىنىڭ جەسەت ساندۇقىدىن بىر يۈرۈش، شاھانە تون، بىر يۈرۈش كىيىم، 20 مىڭ يارماق پۇل، 700 توپ رەخت، 300 جىڭ شام ئىنئام قىلدى. ئەمرى مىمار، جىجۇ ئايماقدارى نامى ئىنئام قىلىندى. قوشۇمچە مەنسەپدارلار پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى بولۇۋاتقان لۇ چاڭ پادىشاھقا: «مۇراسىمبېگى مەھكىمىسىدىكىلەر مۇلاھىزە قىلىشىپ، يۈەن خۇەي كەڭ قورساق، مۇلايىم، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەم ئىدى. ۋاپات ئۇنۋانى قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەندە ‹تىنچىتقۇچى› دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ‹تىنچىتقۇچى بەگ› نامى ئىنئام قىلىنسا، دېگەنىدى. ئەمما ئەمرى زېمىن مەھكىمىسىدىكىلەر مۇھاكىمە قىلىپ، يۈەن خۇەي شەنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە㉞ ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەندە، خەلقنىڭ

دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئادىل ئىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك، شاپائەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانىدى. ۋاپات ئۇنۋانى قائىدىسى بويىچە، ئۇنىڭ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ‹ھۆرمەتلىك بەگ› نامى بېرىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ، دېيىشتى. ئىككى مەھكىمە تاللىغان نام ئوخشاشماي قالدى» دەپ مەلۇماتنامە يوللىدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «مەھكىمىلەر ۋە ۋازارەتلەردە تۈرلۈك پىكىرلەر بولۇۋاتىدۇ. يۈەن خۇەينىڭ تىرىشچان، خەلقپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا ‹ئەتىۋارلىق بەگ› نامى ئىنئام قىلىنسۇن» دېدى.

يۈەن خۇەي كەڭ قورساق، تۈز كۆڭۈل، چىقىشقاق ئادەم بولۇپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا بېرىلمەيتتى. دائىم باشقىلارغا: «ئەمەلدار بولغان ئادەم ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا تۇتقىنى تۇتسىلا بولدى. ئۇنچىۋالا زىغىرلاپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ خۇددى ھەيۋەتلىك بىنادەك سىرتتىن قارىغاندا سۈرلۈك، مۇستەھكەم، بوران ـ چاپقۇن تەسىر قىلالمايدىغاندەك مۇكەممەل بولسىلا بولدى. پالتا تەكشى چاپمىغانلىقتىن، ئۇلانغان ئورۇن ھېم بولماي قالسا، بۇ ھەرگىز بىنانىڭ ئىللىتى ئەمەس ـ تە» دەيتتى. ئۆزى مەي ئىچمەيتتى، ئەمما باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ مەي قۇيۇپ بېرەتتى. دوستلىرىغا سەممىي، مېھماندوست ئىدى. ناخشا ـ مۇزىكىغا ئۇستا ئىدى. ئۆزى ئاقباش بولغىنى بىلەن زىياپەت ـ بەزمە سورۇنلىرىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىدى.

چوڭ ئوغلى يۈەن گۇي بولۇپ، تەخەللۇسى يۈەن لىڭدۇ ئىدى. ئۇ خانلىق مەكتىپىدە ئوقۇپ ياساۋۇللار تەپتىشى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. 33 يېشىدا ئۆلدى.

ئىككىنچى ئوغلى يۈەن سۇ ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى.

ئۈچىنچى ئوغلى يۈەن شاۋ، ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە



ۋارىسلىق قىلدى. جىڭمىڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا بەگلىك مەرتىۋىسىنى بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي لۇڭشى ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت قورغۇچى ئەمىرلىكىگە تەيىنلەندى. ئۆلگەن چېغىدا، كېڭەش بېگى ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىن خەزىنە بېگى، جىجۇ ئايماقدارى مەنسىپى ۋە «ۋېن» دېگەن ۋاپات نامى ئىنئام قىلىندى.

تۆتىنچى ئوغلى يۈەن ۋېنيۈەن ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، شىمالىي چى پادىشاھلىقى شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەنلىكتىن ㉟، قائىدە بويىچە مەنسىپى تۆۋەنلىتىلدى.

يۈەن گۇينىڭ ئىنىسى يۈەن رۇڭ 32 يېشىدا ئۆلگەندە ئەمىرى زېمىن مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭغا گۇاڭجۇ ئايماقبېگى دېگەن مەنسەپ ئىنئام قىلىندى.

يۈەن رۇڭنىڭ ئىنىسى يۈەن خۇي 28 يېشىدا ئۆلگەندە دۆلەتنىڭ ياردەمچى شاڭغۇنى بولۇپ، لوجۇ ئايماقدارى مەنسىپى بىلەن «جى» دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى ئىنئام قىلىندى.

يۈەن خۇينىڭ ئىنىسى يۈەن شۈەنلياڭ تۇغۇلغاندىلا يۈەن خۇەينىڭ ئىنىسى يۈەن خۇەنگە بېقىۋېلىشقا بېرىۋېتىلگەنىدى. ئۇ ئۆلگەندە دەيجۇن ۋالىيسى مەنسىپى ئىنئام قىلىندى.

يۈەن شۈەنلياڭنىڭ ئىنىسى يۈەن زىيۇڭ، تەخەللۇسى لىڭخې، كىچىكىدىنلا ئەدەپلىك، تىرىشچان، ئادەملەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان، ئوقۇمۇشلۇقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشى ئىدى. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئوردىدا سەرمۇنشى، شاھزادىنىڭ خوجىدار بېگى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ مۆتىۋىرى مەنسىپىدە بولغان. پادىشاھ سۇزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن㊱ ئوردىنىڭ ئەمەلدار تەيىنلەش ئادىتى بويىچە، مىراقۇلبېگى بولۇپ، كېيىن ئەمىرى زېمىننىڭ ياردەمچىسى بولدى. ئارقىدىن كېڭەش بېگى، ئەمىرى زېمىننىڭ لەشكەر بېشى، خېڭنۇڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئاخىرىدا

شىياجۇ ئايماقدارلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ چاغدا ۋويې جىيەندىكى پولوخانبالىق باشچىلىقىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۇڭگۈەندىكى ئازغۇن غوزلار ئاۋاز قوشۇپ، ھەممىلا يەر ھەرە ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يۈەن زىيوڭ يېتىم قالغان بولسىمۇ، قەلئەنى ئۆزى باش بولۇپ قاتتىق قوغدىدى. قەلئەدە ئاشلىق تۈگەپ كەتكەنلىكتىن ئات تېرىسىنى يەپ بەرداشلىق بەردى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلگەچكە، لەشكەرلەر ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى چىقاردى. قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ قاچىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەتتا ئوغلى يۈەن يەنبونى قەلئە مۇداپىئەسىگە قالدۇرۇپ، ئۆزى قەلئەدىن چىقىپ ئاشلىق يۆتكىمەكچىمۇ بولدى. ئەتراپتىكى مەنسەپدارلار مۇنداق قىلىشقا قوشۇلماي، ھازىر قاراقچىلارنىڭ تۈمەنلىگەن لەشكىرى قەلئەنى قاتمۇ قات مۇھاسىرە قىلىۋالدى. سىرت بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەھۋالنىڭ يەنە قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاتا ــ بالا بۆلۈنۈپ خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلسا قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، شەھەرنى تاشلاپ كەتسەك تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟ دېيىشتى. يۈەن زىيوڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئائىلىمىز ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا دۆلەتنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن. دۆلەت بىزدىن زور ئۈمىد كۈتىدۇ. مەن مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن. باشقا ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايمەن. بۇ قەلئەنى قوغداۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. كەم ئاشلىقنى تولۇقلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزدىن غەلىبە قىلالمىدۇق. مەن بۈگۈن شەرقتىكى ئايماقلارغا بېرىپ بىر قانچە ئايغا يەتكۈدەك ئاشلىق يۆتكەپ كەلسەم، يەنە سىلەر بىلەن قەلئەنى قەتئىي ساقلايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەلئەدىكى ئاجىز ــ ئورۇقلارنى باشلاپ ئاشلىق ئەكىلىش ئۈچۈن شەرقىي شىياجۇ㊲ ئايمىقىغا ماڭدى.



يۈەن يەنبو بىلەن سەركەردە ــ لەشكەرلەر ئۇنى قەلئە سىرتىغا ئۇزىتىپ چىقىپ، يىغلىشىپ خوشلاشتى. ئۈچ قوشۇندا يىغلىمىغان ھېچكىم قالمىدى. يۈەن زىيوڭ بىر قانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن شوفاڭدىكى㊳ غوزلارنىڭ سەردارى ئاگبۇ ئۇنى جەڭگە چاقىردى. يۈەن زىيوڭ كۈچى ئاجىزلاشقانلىقتىن ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ قەلئەگە خەت يېزىپ، مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ قەلئەدىكى قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلارغا: «چوڭ قوشۇن قەلئەدىن يىراق ئەمەس. پۈتۈن كۈچ بىلەن قەلئەنى قوغداڭلار، قانداقلا بولمىسۇن ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۇرۇق ــ ئەۋلادلىرىڭلار ساقلىنىپ قالسۇن» دەپ تاپىلىدى. يۈەن زىيوڭ بۇ چاغدا مەھبۇسقا ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا غوزلارنىڭ ئىززەت ــ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلدى. يۈەن زىيوڭ ئۇلارغا كېلىدىغان ئامەت ۋە ئاپەت توغرىسىدىكى يول ــ قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاگبۇنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئاگبۇ ئۇنىڭ گېپىگە كۆنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئۆلدى. ئاگبۇنىڭ ئىنىسى ساڭسىڭ ئاكىسىنىڭ ئورنىدا بارلىق قەبىلىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، يۈەن زىيوڭغا ئەگىشىپ ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى.

شۇ چاغدا بېيخەي بېگى يۈەن خاۋ ئۇلۇغ ئوردا ۋاكالەت ۋەزىرى بولغانىدى. يۈەن زىيوڭ ئۇنىڭغا قاراقچىلارنى يوقىتىش مۇمكىنچىلىكىگە دائىر پاكىتلارنى بىر ــ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. يۈەن خاۋ يۈەن زىيوڭغا ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ چاغدا شەرقىي شىياجۇ ئايمىقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، توپىلاڭچىلار بىرلىشىۋالغانىدى. يۈەن زىيوڭ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. 90 كۈن ئىچىدە بىر قانچە ئون قېتىم جەڭ قىلىپ، ئاخىرىدا شەرقىي شىياجۇ ئايمىقىنى تىنچىتتى. باج ــ سېلىق ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىپ، تۇڭگۈەنگە ئوزۇق ــ تۈلۈك قىلىپ يۆتكەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى شىياجۇ ئايمىقى (39) ئاستا ـ ئاستا تىنچىدى.

شىياۋ باۋيىن (40) قاتارلىقلار قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولدى. قاراقچىلارنىڭ سەردارى سۇ چىنمىڭدا ئافنى تۇرشاۋۇل قىلىپ ھۇجۇم قوزغىدى. خۇاجۇ (41)، بەيشۇي (42) دېگەن يەرلەر قورشاۋدا قالدى. تۇڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يەرلەر پاراكەندە بولۇپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ چاغدا يۈەن زىيۇڭ خېيچېڭ قەلئەسىنى (43) يېڭىلا تىنچىتقان بولۇپ، ئۆزىنىڭ چەۋەندازلىرىنى ۋە شىياجۇ ئايمىقىدىن پىدائىي بولۇپ قاتناشقان پۇقرالارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەممە ئائىلە ئىئانە قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، قاراقچىلارغا قارشى جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقتى. قاراقچىلارنىڭ سەردارى كاڭ ۋېيمو چياڭلارنى توپلاپ جۇگۇ دەرياسى (44) بويىدا مۇداپىئەلىنىپ، يىنتاڭ كۆۋرۈكىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. يۈەن زىيۇڭ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ قاراقچىلارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىپ، كاڭ ۋېيمونى تىرىك تۇتۇۋالدى. ئارقىدىنلا ياڭشى قورغىنىنى (45) قوغداۋاتقان قاراقچىلار سەردارى چى گۇەنجىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىمۇ يەڭدى. يۈەن زىيۇڭ غەربىي شىياجۇ ئايمىقىدىن (46) چىقىپ شەرقىي شىياجۇ ئايمىقىغا قاراپ 1000 چاقىرىم يول باستى. يول بويى جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا ئوردا ئاران دېگەندە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ھەم ئۇنى مەھرەم بېگى، خان تەمتەكدارى، قۇتاتقۇچى قوشۇنلار سانغۇنى، ھىراۋۇلبەگ، قوشۇمچە ئوردا ۋاكالەت ۋازارىتىنىڭ دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئارقىدىن ئۇ قاراقچىلار سەردارى كىشەن بوخوتنى چۇۋۇ قورغىنىدا (47) تارمار قىلدى. ۋېي پادىشاھى سۆزۈك مۆھۈرلۈك خەت يېزىپ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ماختىدى.

يۈەن زىيۇڭ بەيشۇي ۋىلايىتىدە ئافنىڭ قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى. نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالدى. پادىشاھ شىغاۋۇل، دىۋان بېگى، چېڭياڭ بېگى يۈەن خۇينى تۇڭگۇەن قوۋۇقىغا ئەۋەتىپ، يۈەن



زىيۇڭنىڭ تۆھپىسىنى ماختاپ ھال سورىدى. ئۇنىڭغا ئوتتۇرا قوشۇننىڭ سانغۇنى، ئالتۇن جۇلالىق كېڭەش بېگى، ھەرەم ئاغىسى مەنسىپى بىلەن لېپىڭ ناھىيىسىنىڭ دۆلەت قورغۇچى ئەمىرى مەرتىۋىسىنى بېرىپ، 1000 ئۆيلۈك ئادەمنى قوشۇپ سۇيۇرغال قىلدى.

ئۇ لوياڭغا قايتىپ بارغاندا، گې رۇڭ (48) شىندۇ (49) نى مۇھاسىرە قىلىۋالغىلى خېلى ۋاقىت بولغانىدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ يۈەن زىيۇڭنى شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغدا شىياڭجۇ ئايماقدارى، ئەنلې بېگى يۈەن جيەن يېچېڭ شەھىرىنى ئىگىلەپ توپىلاڭ كۆتۈردى. پادىشاھ يۈەن زىيۇڭنى تۇتۇق لى شېنگۈي بىلەن بىللە يۈەن جيەنگە جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى.

يۈەن زىيۇڭ باشلىغان قوشۇن تاڭيىنغا (50) يېتىپ بارغاندا، يۈەن جيەن ئىنىسى يۈەن بىڭجىنى يېرىم كېچىدە يۈەن زىيۇڭنىڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن ئۇ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. يۈەن زىيۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېز قوغلاپ بېرىپ، يېچېڭ شەھىرىنى قورشىۋالدى ھەمدە فېي يەن، لى شېنگۈي قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۈەن جيەنگە ھۇجۇم قىلىپ توپىلاڭنى تىنچىتتى. ئۇنىڭغا باشقىدىن ياڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ دۆلەت قورغۇچى ئەمىرى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، يەنە 1500 ئۆيلۈك ئىشلەمچى بولغان سۇيۇرغال قوشۇپ ئىنئام قىلىندى، شۇنداقلا شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن نامى بېرىلدى. ئارقىدىن، فېي يەن بىلەن بىرلىكتە يېچېڭ شەھىرىدىن چىقىپ گې رۇڭنى جازالىماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا شىندۇ قەلئەسى قولدىن كەتتى. يۈەن زىيۇڭ جىجۇ ئايماقدارلىقىغا تەيىنلەندى. باشقا مەرتىۋە ـ مەنسەپلىرى ئۆزگەرمىدى. ئۇ جىجۇ ئايمىقىنى قوغداش مۇمكىن بولماي قالدى، دەپ پادىشاھقا مەلۇمات يوللاپ: «قاراقچىلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ ئاچ قالغانلىقتىن، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە

ئۇسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىپتۇ. قوشۇنلىرىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكى تەل. ئېگىز سېپىل، چوڭقۇر خەندەككە يېكىنىۋېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇچراشمايلا قويغىنىمىز ياخشى. دۈشمەن بىز بىلەن ئۇرۇشماقچى، ئەمما بىز ئۇرۇشمايمىز. دالىدىن بۇلاي دېسىمۇ بۇلىغۇدەك ھېچنەرسە يوق. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار قولىمىزغا چۈشىدۇ» دېدى. بۇ چاغدا فېي يەن مەلۇماتنامە يوللاپ جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ يۈەن زىيوڭنى فېي يەن بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇدى. يۈەن زىيوڭ يەنە مەلۇماتنامە يوللاپ جەڭ قىلماسلىقنى، چوقۇم جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسە فېي يەننىڭلا جەڭ قىلىشنى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىمۇ جەڭ قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر زورىمۇ زور جەڭ قىلىنىدىغان بولسا، ئامەتتىن ئاپەت چىقىراق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، يەنىلا فېي يەن بىلەن بىللە ھەرىكەتلىنىشكە بۇيرۇدى. ياڭپىڭ ۋىلايىتىنىڭ⑤① شەرقىي شىمالىدىكى جاڭچۈ بوغۇزىغا بارغاندا، گې رۇڭ 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. يۈەن زىيوڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەندە، توپتوغرا 40 ياشتا ئىدى. ئوردىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىندى. ئۇنىڭغا ھارۋا - ئاتلىقلار بۇيۇك سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، يۇڭجۇ ئايماقدارى مەنسىپى ئىنئام قىلىندى. ئەمىرلىك مەرتىۋىسى ئۆزگەرمىدى. يۇڭشىئەن يىللىرىغا⑤② بارغاندا، ئۇنىڭغا يەنە ئەمىرى مىمار مەنسىپى بىلەن «جۇاڭمۇ» دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى ئىنئام قىلىندى.

چوڭ ئوغلى يۈەن يەنبو تۇغۇلغاندىلا يۈەن زىيوڭنىڭ ئاكىسىنىڭ بېقىۋېلىشىغا بېرىۋېتىلگەنىدى. ئىككىنچى ئوغلى يۈەن شىزې بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتتى. يۈەن شىزېنىڭ ئىنىسى يۈەن شىجېڭ بىلەن يۈەن شىگۈي گۇناھ سادىر قىلىپ ئۆلۈم جازاسىغا



بۇيرۇلدى. كىچىك ئوغلى يۈەن جې، تەخەللۇسى يۈەن شىجى، يۈەن زىيوڭنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ۋۇدىنىڭ يىللىرىدا⑤③ چىۋېنشاڭ بېگى مەھكىمىسىدە ھەربىي مەسلىھەتچى بولدى. شىمالىي چى سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، قائىدە بويىچە مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلدى. يۈەن يەنبو ئەمىرى مىمارنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغاندا، نەنچىنلىق ۋۇفۇ دېگەن ئادەم توپىلاڭ كۆتۈردى. پادىشاھ خېجيەن بېگى يۈەن چېنىنى تۇتۇق، يۈەن يەنبونىڭ تاغىسى يۈەن زىگوڭنى ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. يۈەن يەنبو باش چاۋۇشلۇققا تەيىنلىنىپ، يۈەن زىگوڭغا ئەگىشىپ غەربكە جازا يۈرۈش قىلدى. ھەر قېتىملىق جەڭدە تۇرشاۋۇل قوشۇنغا باشچىلىق قىلدى. يۈەن زىگوڭ ئۇنىڭ تېخى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ دائىم نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توسيالمىدى.

يۈەن يەنبونىڭ ئاتىسى يۈەن زىيوڭ شياجۇ ئايمىقىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ پادىشاھتىن ياردەم تىلىگەندە، پادىشاھ يۈەن يەنبونى مىڭ نەپەر مۇھاپىزەتچىنى باشلاپ يۈەن زىيوڭغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ قەلئە قوغداشتا بولسۇن، دالا ئۇرۇشىدا بولسۇن دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقتىن، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچ قوشۇندىكى ھەممە كىشىنى بېسىپ چۈشتى. يۈەن زىيوڭ شەرقىي شياجۇ ئايمىقىدىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئوغلى يۈەن يەنبونى قەلئەنى قوغداشقا قالدۇردى. باشقىلار ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. ئۇ لەشكەرلەر بىلەن تەڭ يېتىپ - قوپۇپ، تەڭ غىزالانغاچقا قەلئەنى قەتئىي قوغداپ قالالىدى. يۈەن زىيوڭ غۇزلار تەرىپىدىن ئەسىرگە تۇتۇۋېلىنغاندا، پۈتۈن قەلئە غەم - ئەندىشىدە قالدى. يۈەن يەنبو بولسا كۆرگەنلا ئادەمگە نەسىھەت قىلىپ: «ئاتامنىڭ ئۆلۈشى ياكى ساق قېلىشىغا ھازىر ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، قەلئەنى قەتئىي قوغداپ قالالىساق، ئۇلار ئاتامنى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. بۇيرۇق بويىچە قەلئەنى قوغدىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى

زور. ئەگەر شەخسىيىتىمىزنى كۆزلەپ ئومۇمنىڭ ئىشىغا زىيان سالىدىغان بولساق، سەممىيىتىمىزمۇ، ۋاپادارلىقىمىزمۇ قورۇق گەپكە ئايلىنىدۇ. ھەممىمىزدە مۇشۇنداق ئورتاق نىيەت بولۇشى، خام خىيال بولماسلىقى لازىم» دېدى. كىشىلەر قاتتىق تەسىرلىنىپ، ھېچكىم ئارىسالدى بولمىدى. ئوردا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى تەقدىرلەپ، ئۇچار ئەجدىھا سانغۇن، شىياجۇ ئايماقدارى قىلىپ تەيىنلەپ، ۋۇچېڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە مەرتىۋىسىنى تارتۇق قىلدى. يەنە 300 ئائىلىلىك ئىشلەمچىسى بولغان سۇيۇرغال ئىنئام قىلدى. ئۇ ئۆزىگە تەۋە زېمىننى قەتئىي قوغدىيالىدى. ئورنىغا ئايماقدار كەلگۈچە ۋەزىپە ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئاندىن خالىسانە مەدەتكار قوشۇننى باشلاپ ئاتىسى يۈەن زىيوڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاتىسى بىلەن بىللە خېيچېڭ قەلئەسىنى ئالدى. يىنتاڭ كۆۋرۈكىدە بولغان جەڭدە سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كاڭ ۋېيمونى تىرىك تۇتتى. ئارقىدىن، بەيشۈيدە جەڭ قىلغاندا ئافنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

ئاتىسىغا ئەگىشىپ پايتەختكە قايتىپ بارغاندا، ئۇنىڭغا فۇياڭ تۆرىسى مەرتىۋىسى بىلەن 100 ئائىلىلىك سۇيۇرغال قوشۇپ ئىنئام قىلىندى. كېڭەش بېگى بولدى. ئۇزغان سانغۇن سۈپىتى بىلەن يۈەن زىيوڭغا ئەگىشىپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلدى ھەم گې رۇڭ بىلەن بولغان جەڭدە 24 يېشىدا ھالاك بولدى. ئۇنىڭغا خان تەمتەكدارى، شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقدارى مەرتىۋىسى بېرىلدى. تۆرە مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىندى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ئوغلى يۈەن شياۋسۇن ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن شىمالىي چى سۇلالىسى قورۇلغاندا، قائىدە بويىچە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلدى.

يۈەن زىيوڭنىڭ ئىنىسى يۈەن زىگۈڭ، تەخەللۇسى يۈەن لىڭشۇن بولۇپ، ئەقىللىق، تىرىشچان ئادەم ئىدى. دەسلەپتە ئەمىرى مىمار مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولدى.



ئەمرى زېمىنىنىڭ زەپتى مۇپەتتىشى، دىۋان مەھكىمىسىنىڭ شىماللىق مېھمانلارنى كۈتكۈچى بېگى، قوشۇمچە جەنۇبقا تەۋە مېھمان كۈتكۈچى بېگى بولدى.

شىياۋيەن تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن شۇ جۇ ئۆزىنى شىياۋيەننىڭ ھەرەم ئاغىسى دەۋالغاندا، ئوردا ئەمەلدارلىرى قىلچە گۇمان قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشتى. يۈەن زىگۈڭ پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ: «شۇجۇ ئايمىقىدىن يوللىغان مەلۇمات بىلەن بىز تەرەپكە ئۆتكەن شۇ تۈەن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شۇ جۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىسپاتنامىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، شۇ جۇ ئۆزىنى شىياۋيەن تەرىپىدىن ھەرەم ئاغىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن دەۋالغان. ئۇ تېخى تاغ ـ دەريالارنى كېزىشكە ئامراق بولغاچقا، نام ـ مەنسەپكە قىزىقمايمەن، قايتا ـ قايتا رەت قىلىۋېرىپ شىياۋيەننى خاپا قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىن قوغلىۋېتىلىپ، چىكاڭ ۋىلايىتىگە [54] ۋالىي بولدۇم. شۇڭلاشقا، بۇ ياققا كېلىپ سۆڭشەن تېغىدا تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىماقچىمەن، دەيدۇ. ئەمما ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ دەلىلى تېپىلمىدى. ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆزەتكىنىمىزدە، دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى يوقتەك قىلىدۇ. دېلونى تەھلىل قىلغىنىمىزدا ھەقىقەتەن گۇمانلىق تۇرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق دەيمىز دېگەندە، قەدىمكى زاماندا بويى، شۇچى ئىككىيلەن[56] جۇ خانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، ئەمەلدار بولۇشنى خالىماي يالغۇز ھەرىكەت قىلماقچى بولغاندا، جۇ خانى ئۇنى مەجبۇرلىماستىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن. بو كۇاڭ خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگەندە، خەن پادىشاھى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەن. دېمەك، بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەن پادىشاھلارنىڭ قول ئاستىدىمۇ ۋەزىر بولۇشنى خالىمايدىغان كىشىلەر ئۆتكەن. شىياۋيەن گەرچە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇپ، دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇئامىلە ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قائىدە ـ يوسۇنغا

ئانچە خىلاپلىق قىلمىغان. ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنىڭ مەنسەپتىن ئىستېپا بېرىشىنى ماقۇل كۆرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرگەندە، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. شىياۋيەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئۆلىمالارغا ئېتىبار بەرمەي، ئوقۇمۇشلۇقلارنى ۋىلايەتلەرگە ئەمەلدار بولۇشقا مەجبۇر قىلغانمۇ بولسۇن، جانغا تاقىلىدىغان چوڭ ئىش بولمىسا تۇغۇلغان زېمىنىنى تاشلاپ چىقىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۇزاققىچە ئايرىلىپ ياقا يۇرتتا يۈرۈش دېگەن قانداق ئىش؟ ئۇ ئاغزىدا ئەمەلدار بولغۇم كەلمەي سۆزلەشكەن تىغىدا تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغۇم بار دەيدۇ. ئۇنداقتا شىياۋيەننىڭ يېنىدىن ئايرىلغان چاغدىلا سەيلە - ساياھەت قىلىپ يۈرۈۋېرىشى لازىم ئىدىغۇ. ئەمما ئۇ كېلىپلا تونۇش - بىلىشلىرىنى ئىزدەپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەنسەپ ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مەنسەپنى تاشلاپ قېچىپ بۇ ياقتا كېلىدۇ؟ قەدىمكى زاماندا لياڭ خۇڭ ⑤⑦ يۇرتىنى تاشلاپ ۋۇ بەگلىكىدىكى گۈيجىدا يالىنىپ ئىشلىگەن. پاڭ مېڭ ⑤⑧ دېڭىزدىن ئۆتۈپ يۇرت ئارىلاپ، ئاخىرىدا لياۋدۇڭغا ئاددىي پۇقرا بولۇپ بارغان. ئۇلار ھەقىقىي تۈردە مەنسەپنى تاشلاپ يۇرت ئارىلاپ ئەركىن يۈرىدىغان ئادەملەر ئىدى. شۇجۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار بىلەن بولغان پەرقى نېمىدېگەن چوڭ - ھە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇجۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئېنىق، ئابرۇيى ۋە ئورنى يۇقىرى ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى ۋە مال - مۈلكى ئاز بولماسلىقى كېرەك. ئەمما ئالدىمىزغا كەلگەن بۇ ئادەم يەككە - يېگانە بولۇپ، ھېچ ئۇنداقتەك ئەمەس. مۇبادا ئۇ بىز تەرەپكە ئۆتكەندە، ئالدىراپ - تېنەپ كەلگەن بولۇپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلۈك، ئۆي - بىساتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىر تەرەپ



قىلىشى لازىم ئىدى. ئۇنداق بولغاندا ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئورنىنى قائىدە - يوسۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغىلى بولاتتى. ئەمما شۇجۇ ئاكا - ئۇكىلار ئۆيىدىكىلىرىدىن ھېچ غەم - ئەندىشە قىلمىدى، لاغايلاپ يۈرۈۋەردى. ئەگەر نەسەپ - جەمەتى روناق تاپماي، تۇغقانلىرى ئازراق بولسىغۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمما جازالانمىغانلا بولسا، جەزمەن شىياۋيەن ئەتەي ئەۋەتكەن بولىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئۆزى سەۋەبسىزلا بىز تەرەپكە ئۆتۈپ كەلگەن ئەمەس. ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، راست - يالغاننى ئايرىتىش تەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئەگەر شۇجۇ ئايمىقى بىلەن ياڭجۇ ئايمىقىغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغانلا بولساق، بىر قانچە ئايغا بارمايلا تاش ياكى گۆھەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولاتتى» دەپ يازدى. پادىشاھ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، يوشۇرۇن تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. نەتىجىدە شۇجۇنىڭ مەنسەپ ئورنى يالغان ئىكەنلىكى، گۇناھ قىلىپ قېچىپ چىققانلىقى مەلۇم بولۇپ، يۈەن زىگوڭنىڭ گۇمانى توغرا چىقتى.

خېجۇ ئايمىقىدىكى چياڭلارنىڭ سەردارى چۆتېسۇڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئايماقدارنى ئۆلتۈردى. پادىشاھ يۈەن زىگوڭنى ماندات تۇتۇپ ئوردا ۋاكالەت ۋەزىرى بولۇپ، بىر قانچە سانغۇننى باشلاپ چۆتېسۇڭنى جازالاشقا بۇيرۇدى. يۈەن زىگوڭ ئايماق ۋىلايەتلەرگە ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارغا پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىگە چېقىلماسلىق، قاراقچىلار بىلەن ئاسانلىقچە توقۇنۇشۇپ قالماسلىق توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئارقىدىنلا پۇقرالارغا ئۆزىنىڭ ھەيۋىتى ۋە رەھىمدىللىكىنى نامايان قىلدى. 20 كۈن بولمايلا، توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى. ئوردا بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى تەقدىرلىدى. جىڭگۇاڭ 1 - يىلى ئۇ ئوردىنىڭ ۋاكالەت ۋەزىرى، سول قول ۋەزىرى بولۇپ شىمالىي چېگرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتى. يۈەن زىگوڭ كېيىن تەمىرات پىرقىسى بېگى بولدى. بۇ چاغدا ئاق ساراي ⑥⓪

ۋە ئاقسۆڭەكلەر بىلىم يۇرتى تېخى قۇرۇلۇپ بولمىغانىدى. شۇڭا ئۇ پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ: «كەمىنە ۋەزىرىڭىزنىڭ بىلىشىچە، ئاقسۆڭەكلەر بىلىم يۇرتىدىن تەقدىرنى مۆلچەرلىگەندە، شەيئىلەرنىڭ ئۆلچەملىرىنى قېلىپلاشتۇرماق ئەڭ مۇھىم؛ ئاق سارايدا سىياسەت بايان قىلغاندا، جاھاندا ئۈلگە كۆرسىتىش يولىنى قېلىپلاشتۇرماق ئەڭ مۇھىم. كىتاب، مەكتۇپلار شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى شەرھلەيدۇ؛ ئالىي پەزىلەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇملاشتۇرۇش كېرەككى، ئۇ پۇقرالارغا بولغان بالايىئاپەتنى يوقىتىدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن دالىغا چىقىپ ئاسمانغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ بەرگەنكى، بۇنىڭدا تەڭرى - ئىلاھنى نەزەردە تۇتقان؛ ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ نەزىر - چىراغ بېرىشتە كەڭ زېمىندىكى پۇقرالارنى كۆزدە تۇتقان. ۋاپادار كىشىلەرنىڭ ۋاپادارلىقى ھەممە ئىشنى بېسىپ چۈشىدۇ، كۆيۈمچان ئاتا مۇشۇنى مېھرىبانلىقنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ قارايدۇ. مانا بۇ پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەنتەنىلىك مۇراسىمى بولۇپ قالىدۇ. ۋېي پادىشاھلىقىمىز جاھاننى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن بۇيان، يەر - زېمىن توغرىسىدا تۈرلۈك پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ، ئەندىزە شەكىللەندۈرۈپ، ئەلنى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقىچە ھەممە يەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ لوياڭنى پايتەخت قىلغان، پۇقرالارنى مۇۋاپىق يەرگە جايلاشتۇرغان، ھاۋارايىمۇ ياخشىلانغان. پادىشاھ گاۋزۇ ئاساس سېلىپ، پادىشاھ شىزۇڭ مۇناسىپ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلغان. ئۇلۇغ ئىش تاماملانغاندا نەغمە - مۇزىكا ئىشلەپ، قائىدە - تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشكە توغرا كەلگەن. شۇڭا قەدىمدىن قالغان ئەسەرلەرنى تېپىپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن تۈزۈملەرنى ئوڭشاپ، ئاق سارايىنى قۇرغان. مەكتەپ ئېچىپ، دەۋرنىڭ بىلىم ئەھلىنى يېتىشتۈرۈپ، زاماننىڭ ئۈلگىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يۇڭپىڭ يىللىرىدىن باشلاپ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئاساسى سېلىنغان.



بىراق بۇ ئاساس قوپال بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشلار نەتىجىسىز قالغان. مەرھۇم رېنچېڭ بېگى يۈەن چېڭ بۇرۇنقى ئەمىرى مىمار لى چۇڭنىڭ لايىھىسى بويىچە ئاق سارايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا پادىشاھقا تەكلىپ بېرىپ، تېزرەك جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئىككى پايتەختنىڭ ئەندىزىسى بويىچە مۇشۇلارنى قۇرۇپ چىقىشنى تەكلىپ قىلغان. پادىشاھنىڭ يارلىقى چۈشكەندىلا ئاق ساراي ۋە بىلىم يۇرتىنى رېمونت قىلىشنى باشلىماقچى بولغان. شىغاۋۇل، ھەربىي سەردار يۈەن چا قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولۇپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىشلەمچى لەشكەرلەرنى سەپلەپ بېرىدىغان بولۇپ، گاھى بىرەر مىڭ، گاھى بىر قانچە يۈز لەشكەر بېرىلگەن. يا كۆپ، يا ئاز بولۇپ بىر تۇتاش ئۆلچەم بولمىغان. قۇرۇلۇشنى تېز پۈتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلغان بولساقمۇ ئۈمىدىمىزنى مۇشۇ يول بىلەن قاندۇرۇش قىيىنلاشقان. ئەگەر مۇشۇ قۇرۇلۇشنى مەخسۇس ئادەمگە تۇتقۇزۇپ، توختىماي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىيدىغان بولساق، ئۇنى بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە پۈتتۈرۈش مۇمكىن. ئەمما ھازىر بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان خادىملار ئاز. ھەرقايسى ئورگانلار سوراپ ئېلىپ كەتكەنلەرمۇ مىڭغا يېتىدۇ. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مۇۋاپىق ئادەم بولمىغاچقا نەتىجە يوق. يىلمۇ يىل مۇشۇنداق بىكار ئۆتتى. ئۈمىدىمىزنىڭ تايىنى يوق، قۇرۇلۇش نەتىجىسى تېخى بىزگە روشەن ئەمەس. شۇنداق قىلىپ ئوقۇماقچى بولغان پەرزەنتلەر ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي يۈرۈۋاتىدۇ؛ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش مۇراسىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ئېگىز ئىمارەت سالىمەن دېگەن بىلەن بىر غۇلاچ تۇپراقتىلا ئىش توختىسا، تاغ قىلىپ توپا دۆۋىلەيمەن دېگەن بىلەن بىر بۇرجەك بىلەنلا ئىش توختىسا، نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق - ھە؟ كەمىنىلىرىنىڭ كالتە پەم پىكرىچە، پۇقرالارنى جەلپ قىلغاندا، ياخشىلىق قىلىش كېرەك.

قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېزلەتمەكچى بولغاندا، پۈتۈش مۇددىتى بەلگىلىنىشى كېرەك. ھازىر ئىشلەمچى لەشكەرلىرىمىز كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھە دېسىلا باشقا ھاشارغا ئېلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىشتىن توختىسا، ئۇ ئىشقا سېلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تەكرارلىنىۋەرسە، ئۇلار ئېغىر زەخىم يەپ، ئارتۇق چىقىم بولىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. دۆلەتنىڭ پۇلى بىلەن بۇتخانا، ئىبادەتخانا قۇرسا، دۆلەتكە پايدىلىق بولامدۇ؟ ھازىر ھەممىلا يەردە بۇتخانا قۇرۇلۇۋاتىدۇ. سەل - پەل تەكشۈرۈپلا قويساق، ھەممىسىنى توختىتىۋەتكىلى، ھېچ بولمىغاندا ئازايتقىلى بولىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئىشنى مەخسۇس تۇتۇپ، ئۇستىلارنى تەشكىللەپ، مۇددەت بەلگىلەپ پۈتتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ، نەزىر - چىراغنى كۆرىدۇ. ئاۋام پۇقرا قائىدە - يوسۇن ۋە نەغمە - ناۋانى كۆرەلەيدۇ» دەپ يازدى. پادىشاھ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە تولۇق قوشۇلدى. ئۇنى ئۇزغان سانغۇن، كېڭەش بېگى قىلىپ تەيىنلىدى ھەم قانۇن - مىزان تۈزگۈچى بەگ قىلدى.

چىنجۇ، يىجۇ (61) ئايماقلىرىدىكى دىلار (62) توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، پادىشاھ يۈەن زىگۇڭنى تەمتەكدار قىلىپ، تۇتۇق ھەم خىجىيەن بېگى يۈەن چىنىڭ مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلەپ توپىلاڭچىلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ جەنۇبىي چىنجۇ ئايمىقىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىدارە قىلدى. ئارقىدىنلا ئالتە جىندا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. يۈەن زىگۇڭ قوشۇمچە ھەرەم ئاغىسى بولۇپ، ماندات تۇتۇپ ھال سوراشقا باردى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خېنبېي ۋالىيسى، قوشۇمچە ھىماتچى سانغۇن بولۇپ جياڭجۇن ۋىلايىتىدە جېن شۋاڭجىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. دەنگۇ (63)، چىڭلىيەن (64) يوللىرى قاراقچىلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالغاندا، يۈەن زىگۇڭ شۇ ۋىلايەتنىڭ ياردەمچى سانغۇنى بولدى.



جيەنشىڭ ۋىلايىتىدىمۇ (65) قايتا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، توپىلاڭچىلار بىرلىشىپ پادىشاھ بىلەن قارشىلاشتى. پادىشاھ يۈەن زىگۇڭنى ماندات تۇتقۇچى، مەھرەم بەگ، قوشۇمچە شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جيەنشىڭنى بويسۇندۇرغۇچى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەپ، يەنىلا ئوردا ۋاكالەت ۋەزىرلىكىنى ساقلاپ قېلىپ، جېڭپىڭ قوشۇنىنىڭ تۇتۇقى جاڭسۇن جى بىلەن كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ توپىلاڭچىلارنى تولۇق تارمار قىلدى. جېڭپىڭدىكى قاراقچىلار سەردارلىرىدىن فەن مىڭيۈەن بىلەن ليۇيانۇ ئۆز - ئۆزىنى باغلاپ تەسلىم بولۇشنى تىلىدى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن يۈەن زىگۇڭ جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، يۇجۇ ئايماقدارى، ئۇزۇن ئۆتمەي قوشۇمچە مەھرەم بەگ، قوتانقۇچى سانغۇن بولدى.

ۋۇتەي (66) يىلنامىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يىڭجۇ ئايماقدارى يۈەن يۈەندا شەھەرلىرى بىلەن شياۋيەنگە تەسلىم بولدى. پادىشاھ تۇتۇق ۋېي چىڭبىننى پايتەختكە قايتۇرۇپ كېلىپ، يۈەن زىگۇڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۈەن يۈەنداغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. شياۋيەنىنىڭ سانغۇنى شياخۇ كۈي بىر قانچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ نۇرغۇن جايلارنى پاراكەندە قىلدى. شياخۇ كۈي كۈچىنى بىر قانچە يولغا بۆلۈپ، ماۋچېڭ قەلئەسىگە (67) ھۇجۇم قىلىپ، شىنسەي (68) قەلئەسىگە قىستاپ كەلدى. يۈەن زىگۇڭ ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ تۇرغانلىقتىن، قاراقچىلار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. شياۋ يەنىڭ يۇجۇ ئايماقدارى شياخۇتەن يەنە تۆت سانغۇننى 30 مىڭ لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپ، شىمالدا چىنجۇندىكى شياڭشيەن ناھىيىسىگە (69) ھۇجۇم قىلىپ يەنە نەندۇننى (70) مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. يۈەن زىگۇڭ تاقابىل تۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكتىن قاراقچىلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئۇ جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، قوشۇمچە باش دىۋان بېگى ۋەزارىتى ۋاكالەتچىسى بولدى. يۈەن زىگۇڭ قوشۇنلىرىنى خۇەيخې دەرياسىدىن ئۆتۈشكە

بۇيرۇپ، پۇقرالارنى خوەيخېنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈپ، ناھىيە، ۋىلايەت تەسىس قىلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاندىن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى. شىاۋيەنىڭ ئوردا نۆۋەتچى سانغۇنى، قوشۇننىڭ باش قوماندانى خۇجىدا قاتارلىق سەككىز سانغۇن ھەربىي نازارەتچى يەن سىخۇڭ بىلەن بىرلىشىپ ئايماق قەلئەسىنىڭ(71) شەرقىي شىمالىدىكى 40 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشتى. يۈەن زىگۇڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى تارمار قىلدى. خۇجىدانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، يەن سىخۇڭنى تىرىك تۇتتى.

يۈەن خاۋ(72) لوياڭغا قوشۇن باشلاپ كىرىۋالغاندا، يۈەن زىگۇڭنى هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنلىقىغا تەيىنلىدى. يۈەن زىگۇڭ رەت قىلىشقا پېتىنالماي، پادىشاھ جۇاڭدىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا پات ـ پات ئەلچى ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈەن خاۋ مەغلۇپ بولدى. پادىشاھ ئالىيلىرى لوياڭغا قايتىپ كېلىپ، يۈەن زىگۇڭنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، قوشۇمچە ئوڭ قول ياندىش ۋەزىر، هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، كېيىن يەنە مەھرەم بەگ قىلىپ تەيىنلىدى.

بەنچياۋ(73) دىكى ياتلاردىن ۋېن شىخو، شى جىسۇ دېگەن ئادەملەر شىاۋيەنىڭ تەمتىكىنى ئېلىپ ئادەم توپلاپ، بىر مۇنچە قاراقچىلار توپى ئۇيۇشتۇردى. يۈەن زىگۇڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ بازىلىرىغا ھۇجۇم قوزغاپ، بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا ھەممە ئۇۋىسىنى چالا قويماي يوقاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەل بولۇپ باج تاپشۇرىدىغان بولدى. ئوردا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئوڭ قول كېڭەش بېگى، مەھرەم بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. سانغۇنلىقى ساقلاپ قېلىندى. ئۇنىڭ كۆپ قېتىملىق جازا يۈرۈشىدىكى تۆھپىسىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن لىنيىڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى بەگ قىلىپ، 600 ئائىلىلىك ئىشلەمچىسى بولغان سۇيۇرغال ھەدىيە قىلىندى ۋە مەھرەم بېگى قىلدى. كېيىن شىغاۋۇل مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.



ئېرجۇرۇڭ(74) ئۆلۈش بىلەنلا ئېرجۇ شىلۇڭ، ئېرجۇ دۇلۇي (75) دېگەن كىشىلەر خېچياۋ كۆۋرۈكىنى(76) توسۇۋالدى. پادىشاھ يۈەن زىگۇڭنى تۇتۇق بولۇپ، قوشۇننى داشىيامېننىڭ شىمالىغا تورغۇزۇپ ئۇلارنى جازالاشقا بۇيرۇدى. ئوردا خەزىنە بېگى لى مياۋ كېچىسى ھۇجۇم قوزغاپ خېچياۋ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئېرجۇشىلۇڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. يۈەن زىگۇڭ بۇرۇنقى مەنسەپلىرى ئۈستىگە ياندىش دىۋان بېگى، ئوردا ۋاكالەت باش ۋەزىرى، ئۇلۇغ تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي قورۇقچى سانغۇن، قوشۇمچە هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ، باشقا سانغۇنلارنى باشلاپ تەيخاڭ تېغىدا (77) ئىستىھكام قورۇپ مۇداپىئە كۆردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېرجۇجاۋ (78) قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا ھۇجۇم قوزغىدى. يۈەن زىگۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۇتۇق شى ۋۇلۇڭ بىلەن ياڭ ۋېنيى توساقنى ئېچىپ ئېرجۇجاۋغا تەسلىم بولدى. يۈەن زىگۇڭ چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئېرجۇجاۋ بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى. ئېرجۇجاۋ لوياڭغا بېسىپ كىردى. يۈەن زىگۇڭ خۇشى(79) دېگەن يەردە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ يەنە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئارقىدىنلا زىندانغا كىرىپ چىقتى.

پادىشاھ ئالدىنقى فېيدى(80) تەختكە چىققاندىن كېيىن يۈەن زىگۇڭنى قىران چەۋەندازلار سانغۇنى، سول قول كېڭەش بېگى قىلىپ تەيىنلەپ شىغاۋۇللۇق مەنسىپىنى ساقلاپ قالدى. ئارقىدىنلا يەنە مەھرەم بېگى، ئۈچ ئايماقنىڭ ھەربىي تۇتۇق بېگى، باش سانغۇن، هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، ئوردا ۋاكالەت ۋازارىتىنىڭ ياردەمچىسى، جىڭجۇ ئايماقدارى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ پادىشاھ ئالدىنقى فېيدىنىڭ تەختكە چىقىشىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن لىنزۇ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە بولۇپ، 300 ئائىلىلىك ئىشلەمچىسى بولغان سۇيۇرغاللىق ھەدىيە قىلىندى. شۇ چاغدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن بەدەۋىيلەر سەردارى لىي لۈەنچىڭ شىاۋيەنىڭ يەنجۇ ئايماقدارى تامغىسىنى

قوبۇل قىلىپ، چېگرا ئىچىگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. بەدەۋىيلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇندى. ئۇ ھەرقايسى يەرلەردە ناھىيە، ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلدى. يۈەن زىگۇڭ لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى تىنچىتتى. يۇڭشى يىللىرىدا مەنسەپدارلار ۋازارىتىنىڭ دىۋانبېگى، قوشۇمچە ئۇلۇغ قىران چەۋەنداز سانغۇن بولدى. يۇجۇ ئايمىقىدىكى جەڭدە كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا شياڭچېڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە دېگەن مەرتىۋە بېرىلىپ، 200 ئائىلىلىك ئىشلەمچىسى بولغان سۇيۇرغاللىق ھەدىيە قىلىندى. يۈەن زىگۇڭنىڭ قالغان تۆھپىسى ھېسابقا ئېلىنىپ يەنە شىنچېڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى تۆرە دېگەن مەرتىۋە بېرىلىپ، 400 ئائىلىلىك ئىشلەمچىسى بولغان سۇيۇرغاللىق ئىنئام قىلىندى. يۈەن زىگۇڭ مەرتىۋە ۋە ئىنئاملارنى 5 ـ ئوغلى يۈەن ۋېنشېڭغا بېرىش ھەققىدە پادىشاھقا ئىلتىماس سۇنغاندا، پادىشاھ قوشۇلدى. تيەنپىڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە قارا دىۋان بېگى بولدى. تيەنپىڭ 3 ـ يىلى ۋېي پايتەخت بېگى بولدى. شۇ يىلى يەنە چىشيەنۇ بېگىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولدى. يۈەنشياڭ ⑧① 1 ـ يىلى ئۆلدى. شىخې 2 ـ يىلى شۇجۇ، يەنجۇ ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار بۈيۈك تۇتۇقى، قىران چەۋەنداز سانغۇن، سول نايىپ دىۋان بەگ، ئەمىرى مىمار بېگىم، يەنجۇ ئايماقدارى بولدى ۋە «ۋېنشيەن» دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى ئىنئام قىلىندى.

يۈەن زىگۇڭ ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ لىنيىڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت قورغۇچى بەگ دېگەن مەرتىۋىسى ئوغلى يۈەن بياۋغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى. ۋۇدىڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يۈەن بياۋ ۋەلىئەھدنىڭ ئەقىلدارى بولۇپ تەيىنلەندى.

ۋۇدىڭ يىللىرىدا يۈەن بياۋنىڭ ئىنىسى يۈەن ۋېنياۋ ئاتىسىنىڭ شياڭچېڭ ناھىيىسىنىڭ دۆلەت قورغۇچى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن چى پادىشاھلىقى



قورۇلغانلىقى ئۈچۈن قائىدە بويىچە مەنسىپى تۆۋەنلىتىلدى.

يۈەن زىگۇڭنىڭ ئىنىسى يۈەن سۈەن، تەخەللۇسى يۈەن لىڭشيۇ بولۇپ، پەخرىي چەۋەنداز ياندىش بېگى ئىدى. كېيىن ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، چەۋەنداز مەھرەم بېگى بولدى. لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ مۆتىۋەرى بولۇپ، كېيىن ۋەلىئەھد دەستارپىچىنىڭ ياندىش ئەدلىيە ۋەزىرى بولدى. جيەنيې يىللىرىنىڭ⑧② بېشىدا، 37 يېشىدا خېيىندا⑧③ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇنىڭغا مەھرەم بېگى، شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، دىڭجۇ ئايماقدارى مەنسىپى ئىنئام قىلىندى.

يۈەن خۇەينىڭ ئىنىسى يۈەن خۇن، تەخەللۇسى يۈەن سىجۇ بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەتراپلىق ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ دەسلەپتە مىرزا دىۋانىدا شاگىرت بولدى. ئاتىسىغا ئەگىشىپ تېلىلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن پەخرىي ئوردا تۆرىسى بولدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە ئايماق باسقاق قورغىنىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، كۆپ تۆھپە كۆرسەتتى. چاڭلې ۋالىيسى بولدى. قېرى ئانىسىنى بېقىش ئۈچۈن مەنسىپىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭدىن ئەۋلاد قالمىدى.

(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 919 — 937 ـ بەتلەر)

---

①لېدۇ ۋىلايىتى ( 乐都郡 ) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

②تەيخې 20 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 496 ـ يىلى، ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ئۆز ئىسمى توغبات خۇڭنى يۈەن خۇڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇ يىلدىن كېيىن، توغبات دېگەن فامىلە يۈەن بولۇپ قوللىنىلغان.

(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

③تۇجىڭ ( 吐京 ) ـ ۋىلايەت. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

④439 ـ يىلى پادىشاھ شىزۇ جۇرچى مۇقان خان بولغان شىمالىي لياڭ خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى يوقاتقان. شىمالىي لياڭ خانلىقى لياڭجۇ ئايمىقىغا جايلاشقانىدى.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑤ۋۇچېڭ ( 五城 ) — ۋىلايەت. تۇجىڭ ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑥پوچياڭ ( 破羌 ) — چياڭلارغا ھۇجۇم قىلغاندا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن دېگەن مەنىدە.
(مۇھەررىردىن)

⑦توغبات يۇ ( 拓跋余 ) — پادىشاھ شىزۇ توغبات تاۋنىڭ ئوغلى، نەنئەن بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. پادىشاھ شىزۇ ئۆلگەندە ئىشىكئاغا زۇڭ ئەي خانىشىنىڭ يارلىقىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، توغبات يۇنى تەختكە يۆلەپ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن زۇڭ ئەي كۆرەڭلەپ، ئۆزبەگ ـ ئۆزخان بولۇۋالغان. شۇڭا توغبات يۇ ئۇنى ئىشىكئاغا دېگەن مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىغان. زۇڭ ئەي غەزەپلىنىپ، پۇرسەت تېپىپ توغبات يۇنى ئۆلتۈرگەن.
(«ۋېينامە. نەنئەن بېگى توغبات يۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑧توغبات زىتۇي ( 拓跋子推 ) — پادىشاھ شيەنزۇنىڭ تاغىسى. پادىشاھ شيەنزۇ تەركىدۇنيا بولۇپ، تەختنى تاغىسى توغبات زىتۇيگە بوشىتىپ بەرمەكچى بولغان، لېكىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئاخىرى چوڭ ئوغلى گاۋزۇ پادىشاھ بولغان.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)



⑨تۇڭۋەن ( 统万 ) — قەلئە. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۇشىن خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑩چىجۇ ئايمىقى ( 岐州 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑪شەرقىي چىنجۇ ئايمىقى ( 东秦州 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

⑫توققۇزىنچى دەرىجىلىك مەنسەپدار دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان مەنسەپدار ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

⑬ياڭزىجياڭ دەرياسى ( 扬子江 ) — قەدىمكى زاماندا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى يىجېن ناھىيىسىدىن ياڭجۇ شەھىرىگىچە بولغان ئېقىمى ياڭزىجياڭ دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى.
(«سىخەي» 1301 ـ بەت)

⑭شياۋ باۋرۇڭ ( 肖宝融 ) — جەنۇبىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى.
(مۇھەررىردىن)

⑮يىڭجۇ ئايمىقى ( 郢州 ) — ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 38 — 39 ـ بەتلەر)

⑯گۇاڭلىن ( 广林 ) — ۋىلايەت. ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 — 22 ـ بەتلەر)

⑰جىڭكۇ ( 京口 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 — 22 ـ بەتلەر)

⑱جۇڭلى ( 钟离 ) — ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى بېڭخۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 19 — 20 ـ بەتلەر)

⑲خۇەيين ( 淮阴 ) — ۋىلايەت. هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى دايۈنخې دەرياسىنىڭ بويلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 5 — 6 ـ بەتلەر)

⑳مولىڭ ( 秣陵 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 — 22 ـ بەتلەر)

㉑لىياڭ ( 历阳 ) — ۋىلايەت. هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى خېشيەن ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 ـ 22 ـ بەتلەر)

㉒گۇابۇ ( 瓜步 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ليۇخې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 239 ـ بەت)

㉓ۋۇجۈن ۋىلايىتى ( 吴郡 ) — هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى سۇجۇ شەھىرى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 — 22 ـ بەتلەر)

㉔سۈن خاۋ ( 孙皓 ) — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى. هاكاۋۇر ۋە ۋەھشىي بولۇپ، كىشىلەرگە ھەمىشە ھەسەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ يەنە مەيخور بولۇپ، زىيادە



شەھۋەتپەرەست ئىدى. مىلادىيە 280 ـ يىلى جىن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان.
(«ۋۇ پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. پادىشاھ مودى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉕ياڭجۇ ( 扬州 ) — بۇ يەردە دېيىلگەن ياڭجۇ شىمالىي ياڭجۇنى كۆرسىتىدۇ. شىمالىي ياڭجۇ هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شېنچيۇ ناھىيىسىدە. ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەر ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرا شەھىرى ئىدى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 36 — 37 ـ بەتلەر)

㉖شۇچۈن ( 寿春 ) — ناھىيە. ناھىيە شەھىرى هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن ئۆتكەن خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا.
(«سىخەي» 1635 ـ يىلى)

㉗شياۋ باۋجۈەن ( 肖宝卷 ) — جەنۇبىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. مىلادىيە 499 — 500 ـ يىللاردا پادىشاھ بولغان. 502 ـ يىلى جەنۇبىي چى سۇلالىسى يوقىتىلغان.
(«ۋېينامە. شياۋ باۋجۈەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉘يەنجۇ ئايمىقى ( 燕州 ) — دائىرىسى هازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 1226 ـ بەت)

㉙ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ 493 ـ يىلى پايتەختىنى داتۇڭ شەھىرىدىن لوياڭ شەھىرىگە كۆچۈرگەن ۋە توغباتنى يۈەن دەپ ئاتايدىغان بولغان.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉚ۋويې جېنى ( 沃野镇 ) — هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉛دەيجۈن ۋىلايىتى ( 代郡 ) — هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ

شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 - بەتلەر)

㉜يۈجۇڭ (榆中) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 50 — 51 - بەتلەر)

㉝ۋۇ شىڭ (武兴) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 50 — 51 - بەتلەر)

㉞شەنشيەن ناھىيىسى (陕县) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى سەنمېنشيا شەھىرى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 15 — 16 - بەتلەر)

㉟مىلادىيە 550 - يىلى گاۋياڭ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ پادىشاھ بولغان ۋە ئۆز دۆلىتىنى چى دەپ ئاتىغان.
(«شىمالىي چىنامە» دىن)

㊱پادىشاھ سۇزۇڭ مىلادىيە 516 - يىلى تەختكە چىققان.
(مۇھەررىردىن)

㊲شەرقىي شياجۇ ئايمىقى (东夏州) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 57 — 58 - بەتلەر)

㊳شوفاڭ (朔方) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى زىچاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 57 — 58 - بەتلەر)

㊴ئىككى شياجۇ ئايمىقى — شەرقىي شياجۇ ئايمىقى ۋە شياجۇ ئايمىقىنى كۆرسىتىدۇ.



(مۇھەررىردىن)

㊵شياۋ باۋيىن (肖宝夤) — ئەينى ۋاقىتتا ۋېي سۇلالىسىنىڭ شۇجۇ ئايماقدارى ئىدى.
(«ۋېينامە. شيا لۇەنىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㊶خۇاجۇ ئايمىقى (华州) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دالى، خېياڭ، پۇچېڭ ناھىيىلىرىنىڭ تەۋەلىكىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 57 — 58 - بەتلەر)

㊷بەيشۇي (白水) — ۋىلايەت. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى تۇڭچۇەن شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، يەنى ھازىرقى بەيشۇي ناھىيىسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

㊸خېيچېڭ قەلئەسى (黑城) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 - 49 - بەتلەر)

㊹جۇگۇ دەرياسى (岨谷水) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خېياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

㊺ياڭشى قورغىنى (杨氏堡) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خەنچېڭ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

㊻غەربىي شياجۇ ئايمىقى — يەنى شياجۇ ئايمىقى. شياجۇ ئايمىقى شەرقىي شياجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي شياجۇ ئايمىقى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(مۇھەررىردىن)

(47)چۇۋو قورغىنى ( 曲沃堡 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چۇۋو شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن يەتتە چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 317 - بەت)

(48)گې رۇڭ ( 葛荣 ) — ئەسلىمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ئىدى. مىلادىيە 526 - يىلى ئۆز قوماندانى يۈەن خۇڭيېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان، ئۆز ئېلىنى چىگو دەپ ئاتىۋېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن يىنجۇ، جىجۇ، دىڭجۇ ئايماقلىرىنى بېسىۋالغان. ئاخىرى ئېرجۇرۇڭ تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

(49)شىندۇ ( 信都 ) — ناھىيە. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 44 — 45 - بەتلەر)

(50)تاڭيىن ( 汤阴 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى تاڭيىن ناھىيىسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 44 — 45 - بەتلەر)

(51)ياڭپىڭ ۋىلايىتى ( 阳平郡 ) — ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى گۇەنتاۋ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 956 - بەت)

(52)يۇڭئەن ( 永安 ) — پادىشاھ جىڭزۇڭنىڭ مىلادىيە 528 — 529 - يىللاردا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

(53)ۋۇدىڭ ( 武定 ) — پادىشاھ شياۋجىڭدىنىڭ مىلادىيە 543 — 549 - يىللاردا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

(54)چىكاڭ ۋىلايىتى ( 齐康郡 ) — ھازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى



جەنجياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 32 — 33 - بەتلەر)

(55)سۇڭشەن تېغى ( 嵩山 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. بۇددا دىنىنىڭ ئاۋات ماكانلىرىدىن بىرى.
(مۇھەررىردىن)

(56)بويى ( 伯夷 )، شۇچى ( 叔齐 ) — شاڭ خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن گۇجۇزىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئۆلۈش ئالدىدا گۇجۇزى كىچىك ئوغلى شۇچىنى مىراسخور قىلىپ بەلگىلىگەن. گۇجۇزى ئۆلگەندىن كېيىن، شۇچى ۋارىسلىق ئورنىنى ئاكىسى بويىغا بوشىتىپ بەرمەكچى بولغان، لېكىن بويى زادىلا ئۇنىماي جۇ بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەن، ئارقىدىنلا شۇچىمۇ جۇ بەگلىكىگە ئاكىسىنىڭ قېشىغا بارغان. جۇ بېگى ۋۇۋاڭ شاڭ خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئىككىيلەن جۇ بېگىنىڭ يولىنى توسۇۋېلىپ، شاڭ خانلىقىنى يوقاتماسلىققا دەۋەت قىلغان. شاڭ خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن جۇ خانلىقىنىڭ تەمىناتىنى نومۇس دەپ قاراپ، شۇياڭ تېغىغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلگەن.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. بويىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

(57)لياڭ خۇڭ ( 梁鸿 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئادەم. ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇپ، خەن پادىشاھى جاڭدى ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەكچى بولغاندا، ئۇنىماي ئايالى بىلەن ئۆز يۇرتى بالىڭدىن قېچىپ، چى بەگلىكى، لۇ بەگلىكى ۋە ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان.
(«كېيىنكى خەننامە. لياڭ خۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

(58)پاڭ مېڭ ( 逢萌 ) — فېڭ مېڭ ( 逢萌 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئادەم. دەسلەپتە كەنت ئاقساقىلى ( 亭长 ) ئىدى. چاڭئەنگە بېرىپ تۇرغاندا، ۋاڭ ماڭنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەمەلدارلىق بۆكىنى شەھەر قوۋۇقىغا ئېسىپ قويۇپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن لياۋدۇڭغا بېرىپ ئاددىي

پۇقرا بولۇپ ياشىغان.
(«خەننامە. فېڭ مېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

(59) لياۋدۇڭ ( 辽东 ) — ۋىلايەت. ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى ئەنشەن شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 864 ـ بەت)

(60) ئاق ساراي ( 明堂 ) — خان ـ پادشاھلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ۋە قانۇن ـ پەرمانلارنى جاكارلايدىغان زالى.
(«سىيۇەن» 1410 ـ بەت)

(61) يىجۇ ئايمىقى ( 溢州 ) — ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 36 — 37 ـ بەتلەر)

(62) دىلار ( 氐 ) — قەدىمكى قوۋم. ھازىرقى شەنشى، گەنسۇ، سىچۇەن ئۆلكىلىرى دائىرىسىدە ياشىغان.
(«سىخەي» 3487 ـ بەت)

(63) دەنگۇ ( 丹谷 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىنچېڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 108 ـ بەت)

(64) چىڭلىەن ( 清廉 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۈەنچۈ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 832 ـ بەت)

(65) جيەنشىڭ ۋىلايىتى ( 建兴郡 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىنچېڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

(66) ۋۇ تەي ( 武泰 ) — پادشاھ سۈزۈڭنىڭ يىلنامىسى، يەنى 528 ـ



يىلى. شۇ يىلى پادشاھ سۈزۈڭ ئۆلگەن. ۋۇتەي يىلنامىسى ئاياغلاشقان.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

(67) ماۋچېڭ قەلئەسى ( 毛城 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى رۇنەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

(68) شىنسەي ( 新蔡 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنسەي ناھىيىسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

(69) شياڭشيەن ناھىيىسى ( 项县 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شياڭچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(مۇھەررىردىن)

(70) نەندۇن ( 南顿 ) — ناھىيە. شياڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

(71) خۇيجۇ ئايمىقىنىڭ مەركىزى شەھىرى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى چىڭياڭ ناھىيىسىدە ئىدى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 59 — 60 ـ بەتلەر)

(72) يۈەن خاۋ ( 元颢 ) — ئەسلىمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ بېيخەي بېگى، شياڭجۇ ئايماقدارى ئىدى. كېيىن لياڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، ۋېيۋاڭ بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(«ۋېينامە. يۈەن خاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

(73) بەنچياۋ ( 板桥 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى جياڭيىن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 — 22 ـ بەتلەر)

(74) ئېر جۇرۇڭ ( 尔朱荣 ) — گې رۇڭنى تۇتۇپ، يۈەن خاۋ

قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇلۇغ تۆۋرۈك سانغۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن. كېيىن مەغرۇرلىنىپ، باشباشتاقلىشىپ كەتكەن. ئاخىر پادىشاھ جۇاڭدى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.
(«ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑮ئېر جۇشىلۇڭ ( 尔朱世隆 ) — پادىشاھ جۇاڭدى دەۋرىدىكى سول يانداش دىۋان بېگى؛ ئېر جۇدۇلۇ ( 尔朱度律 ) — ئېر جۇرۇڭنىڭ بىر تۇغقان تاغىسى، پادىشاھ جۇاڭدى دەۋرىدىكى مەھرەم بېگى، ئوڭ قانات ھىماتچى سانغۇن.
(«ۋېينامە. ئېرجۇدۇلۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)
⑯خېچياۋ كۆۋرۈكى ( 河桥 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن ئۆتكەن خۇاڭخې دەرياسى ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈك.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

⑰تەيخاڭ تېغى ( 太行山 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى بىلەن سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

⑱ئېر جۇجاۋ ( 尔朱兆 ) — ئېر جۇرۇڭنىڭ جىيەنى.
(مۇھەررىردىن)

⑲خۇشى ( 缑氏 ) — ناھىيە. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى يەنشى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەرناملىرى قامۇسى» 1763 ـ بەت)

⑳ئالدىنقى پادىشاھ قېيدى ( 前废帝 ) — پادىشاھ جىمىندى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئىسمى يۈەن گۇڭ. پادىشاھ شياۋجۇاڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، ئېر جۇشىلۇڭ 531 ـ يىلى ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان. بىر يىل ئۆتمەيلا گاۋخۇەن تەرىپىدىن پادىشاھلىقتىن ئېلىپ تاشلانغان.
(«ۋېينامە. ئالدىنقى قېيدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)



㉑يۈەنشياڭ ( 元象 ) — پادىشاھ شياۋ جىڭدىنىڭ 538 ـ يىلىدا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

㉒جيەنيى ( 建义 ) — پادىشاھ شياۋ جۇاڭدىنىڭ 528 ـ يىلىدا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

㉓خېيىن ( 河阴 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتكەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

«ۋېينامە» 43 ـ جىلد

# تاڭ خېنىڭ تەرجىمىھالى

تاڭ خې، تەخەللۇسى تاڭ جىچى بولۇپ، جىنچاڭ ۋىلايىتى مىنئەن ناھىيىسىدىن①، ئاتىسى تاڭ ياۋ لياڭجۇ زېمىنىدا يېغىلىق ۋە ئاپەت تۇپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، لۇڭشى ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى لى خاۋنى دۇنخۇاڭغا سەردار قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ شۇ ئارقىلىق لياڭجۇ ئايمىقىنى تىنچلاندۇرماقچى بولغان. لى خاۋ جەمەتى جۇرچى مۇنسۇن تەرىپىدىن يوقىتىلغاندا، تاڭ خې ئاكىسى بىلەن بىللە جىيەن ئوغلى لى باۋنى ئېلىپ ئىۋىرغولغا قېچىپ بارغان. ئۇ ئىۋىرغولدا ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئائىلىنى توپلاپ جۇرجانلارغا ئەمەلدار بولغان. جۇرجانلار تاڭ چىنى ئىۋىرغول خانى قىلىشقان.

ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندە تاڭ چى بىلەن تاڭ خې ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. كېيىن جۇرجانلارنىڭ مەجبۇرلىشى نەتىجىسىدە قەبىلىسىنى ئەگەشتۇرۇپ قوچۇغا② باردى. ئەمىر ئۇلۇس ئارونىڭ قوماندانلىقىدا جۇرجانلارنىڭ لەشكەرلىرى تاڭ خېغا جازا يۈرۈش قىلدى. پىشامشان قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا تاڭ خې 500 چەۋەنداز بىلەن قوچۇغا ئاۋۋال ھۇجۇم قىلدى. تاڭ چى بىلەن ئارو جەڭدە تەڭ ھالاك بولدى. تاڭ خې قالغانلارنى يىغىپ ئالدى قاڭقىل خانلىقىغا پاناھلىنىپ باردى. بۇ چاغدا جۇرچى ئارگو خېڭجېي قەلئەسىدە تۇرۇۋاتاتتى. تاڭ خې ئۇلارغا ھۇجۇم



قىلىپ جۇرچى ئارگونىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى شۇرنى ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا گاۋنىڭ پىشامشان قەلئەلىرىنى بېسىۋېلىپ، قەلئەنى قوغداۋاتقان قوماندانلارنى ئۆلتۈردى. ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ تاڭ خېنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا پات ـ پات ئىنئام بېرىپ تۇردى. تاڭ خې كېيىن ئالدى قاڭقىل خانى چەيلو بىلەن بىرلىشىپ جۇرچى ئارگوغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇنى تارمار قىلىپ 300 ئادىمىنى ئۆلتۈردى.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ چىڭجۇ ئەمىرى ۋەن دۇگۇينى كىنگىتقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. تاڭ خېغا چەيلو بىلەن بىللە قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ۋەن دۇگۇيغا ماسلىشىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، تاڭ خې يارلىققا بىنائەن ۋەن دۇگۇيغا ماسلىشىپ كورلىنىڭ شەرقىدىكى ئالتە قەلئەنى ئالدى. بۇگۇر قەلئەسىگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغاندىن كېيىن، كۈچ توپلاپ كۇسەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ۋەن دۇگۇي تاڭ خېنى كىنگىتنى ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا كورلا قەلئەسىنى قوغدىغۇچى سەردار ئىلخان ئاكا غۇزلارنىڭ بىر قانچە سەركەردىسىنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. تاڭ خې يېنىك جابدۇنغان 100 چەۋەندازنى باشلاپ ئۇلارنىڭ قەلئەسىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئىلخان ئاكانى تۇتۇپ بېشىنى ئالدى. باشقا غۇزلار بويسۇنىدىغان بولۇپ، غەربىي يۇرت تىنچىدى. بۇنىڭدا تاڭ خې زور كۈچ چىقاردى.

جېڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 451 ـ يىلى) تاڭ خې ئوردىغا كەلگەندە ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئەتىۋارلاپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنى ئەڭ ئەزىز مېھمان دەپ قارىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ تاڭ خېنىڭ مەرھۇم پادىشاھقا ئەل بولغان ساداقەتمەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىڭغا جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جيۇ چۈەن گۇڭى مەرتىۋىسىنى بەردى. تەيئەن يىللىرىدا جىجۇ ئايماقدارى بولۇپ

كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. باش دىۋاننىڭ دادخاھى بولۇپ تەيىنلىنىپ دېلو بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. ئۇ پاكىتى ئېنىق بولمىغان، گۇمان بىلەن تۇتۇلغانلارنى قويۇۋەتتى. شۇڭا كېيىنكىلەرنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. خۇاڭشىن يىللىرىدا 67 يېشىدا ئۆلدى. ئۇنىڭغا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، مۇراسىم بېگى، جيۇچۈەن بېگى مەرتىۋىسى تارتۇق قىلىندى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 962 — 963 ـ بەتلەر)

---

① مىنئەن ناھىيىسى (冥安县) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو يەرناملىرى قامۇسى». 682 ـ بەت)
②قوچۇ (高昌) — ھازىرقى تۇرپان شەھىرى.
(مۇھەررىردىن)



## «ۋېينامە» 44 ـ جىلد

# فېي يۈنىڭ تەرجىمىھالى

فېي يۈنىڭ① ئوغلى فېي مۇ مىجەزى چۇس، ئىرادىلىك، تارىخىي بىلىمى مول، تۆھپە ۋە ئاتاق ـ ئابرۇي يولىدا تىرىشىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى. پادىشاھ شىزۇڭ تەختكە يېڭى چىققاندا ئاتىسىنىڭ تۆرىلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن شياجۇ ئايمىقىغا ئورۇنباسار ئايماق بېگى بولۇپ باردى. ئۇنىڭغا يىراق جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن مەنسىپى بېرىلىپ، كېيىن جىڭجۇڭ② دىكى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن مەھكىمىسىنىڭ دورغابى بولدى. بۇ چاغدا ئايماقدار خۇاڭپۇجى لىڭ فامىلىلىك خانىدانىنىڭ چوڭ ئاغىسى بولۇپ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ قانۇنسىز زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ كەلگەن. فېي مۇ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈشنى قاتتىق تەكلىپ قىلغانلىقتىن خۇاڭپۇجىمۇ ئۇنىڭدىن بىر ئاز چۆچۈگەن، كېيىن ئۇ ئەندىڭنىڭ ۋالىيسى بولۇپ يەنىلا دورغابلىقىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ ئوردىغا قايتىپ بارغاندا سول قانات سانغۇن بولۇپ خېيىن ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن. ئەل ئارىسىدا قاتتىق قول بولۇش بىلەن داڭ چىقارغان.

شۇ چاغدا جۇرجانلارنىڭ سەردارى بىراخمان لياڭجۇ ئايمىقىدا ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن چېگرىدا بۇلاڭچىلىق قىلدى. پادىشاھ فېي مۇغا جۇرجانلاردىن ھال سوراپ نەپىقە بېرىپ تىنچلاندۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. كېيىنكى

يىلى جۇرجانلار قايتىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ لياڭجۇغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. پادىشاھ فېي مۇنى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن، قۇشۇمچە ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن ۋە سول قول دىۋان بېگى، غەربىي شىمال ئوردا ۋاكالەت ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ياردەمچى سانغۇنلۇقى ساقلاپ قېلىندى. ئۇ جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ لياڭجۇغا يېتىپ بارغاندا، جۇرجانلار قېچىپ كەتتى. فېي مۇ قول ئاستىدىكىلەرگە: «بۇ يات تائىپىلەر ئىنتايىن ئاچ كۆز ۋە قارا نىيەت بولۇپ، نەدە پايدا بولسا شۇ يەرگە چاپىدۇ. رەقىبىنى كۆرسە چېكىنىپ كېتىدۇ. ئەل تىنچىپ قالسا ئۇۋىسىدىن چىقىپ پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. بۈگۈن ھۆكۈمەت قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە ھەيۋىمىزدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەتكىنى بىلەن بىز چېكىنىپ كېتىشىمىز بىلەنلا يەنە بېسىپ كېلىپ زوراۋانلىق قىلىدۇ. ھازىر بىز يېڭىلگەن بولۇپ ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ جەڭ قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلىۋەتمىسەك مەڭگۈ بىكار ئاۋارە بولىدىغان كۈنگە چۈشۈپ قالىمىز» دېدى. قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. فېي مۇ خىللانغان چەۋەندازلارنى تاللاپ تاغ ئارىسىغا پىستىرما قويۇپ، پىيادە ئاجىز لەشكەرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى كۆز - كۆز قىلىپ ماڭدى. قاراقچىلار ئۇنىڭ بۇ قوشۇننى كۆرۈپ بوزەك قىلغىلى بولىدىغان ئاجىز بىرنىمىلەر ئىكەن، دەپ ئويلاپ بىردەمدىلا ھە - ھۇ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇۋاتقاندا يوشۇرۇنغان قوشۇنلار ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ تەلتۆكۈس بىتچىت قىلدى. ئۇلارنىڭ قوماندانى يۈيجۇۋور، تېركىن شىدەي قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. نۇرغۇن چارۋا ئولجا ئېلىندى.

(«ۋېينامە» 3 - كىتاب 1004 — 1005 - بەتلەر)

مېڭ ۋېي، تەخەللۇسى مېڭ نېڭچۇڭ بولۇپ، خېنەن ۋىلايىتى لوياڭ شەھىرىدىن. مول بىلىم تەھسىل قىلغان ئادەم



ئىدى. بولۇپمۇ شىماللىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ شەرقىي ئوردىنىڭ③ ئەركان بېگى، مۇھاپىزەتچىلەر تەپتىش بېگى بولدى. شۇ چاغدا تۆت جىنىدىكى قاڭقىللار ئوردىدىن يۈز ئۆرۈپ جۇرجانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ مېڭ ۋېيغا يارلىق چۈشۈرۈپ، قاڭقىللار ئارىسىغا بېرىپ، پايدا - زىياننى چۈشەندۈرۈشكە، قاچقانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ نورمال تىرىكچىلىك تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ كېيىن شىماللىقلارنىڭ تىلىنى ئېنىق يېشىپ چۈشەندۈرىدىغان كىتاب يېزىپ چىقىپ، شىماللىقلارنىڭ ئارىسىدا خىزمەت ئىشلەشكە ئاساس سالدى. يۇڭپىڭ يىللىرىدا يىراق جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئالدىنقى قوشۇنلار سانغۇنى، ئوڭ - سول قانات باش ھۇجۇمچى بولدى. كېيىن يەنە ئۇچار ئەجدىھا سانغۇن بولۇپ، قوچۇغا ئەۋەتىلدى. قايتىپ بارغاندىن كېيىن قوۋۇق بېشى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى ۋۇيى جىنىڭدا تۇرۇشلۇق باسقاق سانغۇن بولدى. جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا جۇرجانلار سەردارى ئاناغاي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ تاۋاپقا كەلدى. پادىشاھ سۇزۇڭ پەرمان چۈشۈرۈپ سابىق يېڭجۇ ئايماقدارى، شىغاۋۇل لۇشىداۋنى باش ئەلچى، قوشۇمچە چەۋەندازلار مەھرەم بېگى، مېڭ ۋېينى ئورۇنباسار ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاناغاينى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئاناغاي ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىدىغان چاغدا مېڭ ۋېي يەنە شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، كېڭەشبېگى، پەخرىي مەھرەم بېگى، پادىشاھنىڭ باش ئەلچىسى سۈپىتىدە ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى.. كۆپ قېتىم ئوردا ئەلچىسى بولۇپ يىراقلارغا بارغانلىقتىن داڭ چىقاردى. كېيىن ئۇ قوشۇنلارغا قۇتانقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەندى. پۇتەي يىللىرىدا④ باش ھۆدەيچى، قوشۇمچە شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن، سول قول كېڭەشبېگى بولدى. تيەنپىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 536 - يىلى) ئۆلگەندە

خان تەمتەكدارى، شىغاۋۇل، باش سانغۇن، جىجۇ، يىڭجۇ، ساڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ ھىراۋۇل بېگى، ئەمىرى مىمار، جىجۇ ئايماقدارى مەرتىۋىسى ھەدىيە قىلىندى. ئوغلى جېڭ شۇن ئۇنىڭ مەرتىۋىسگە ۋارىسلىق قىلدى.
(«ۋېينامە» 3 ـ كىتاب 1005 — 1006 ـ بەتلەر)

---

①فېي يۇ (费于) — شيا خانلىقىنىڭ خانى قۇلان چاڭ دەۋرىدە شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ ئىشلىگەن. تەيچاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز قوشۇنى بىلەن ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان ۋە ۋېي پادىشاھى شىزۇغا ئەگىشىپ تاكى چاڭجياڭ دەرياسىغىچە يۈرۈش قىلغان. ئاخىرى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، خۇەيجۇ ئايماقدارى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(«ۋېينامە فېي يۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②جىڭجۇ ئايمىقى (泾州) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭچۇەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 228 ـ بەت)

③شەرقىي ئوردا (东宫) — شاھزادە ياكى خانئانا تۇرىدىغان ئوردا.
(«سىيۇەن» 1546 ـ بەت)

④پۇتەي (普泰) — ۋېي پادىشاھى ئالدىنقى فېيدىنىڭ 531 ـ يىلىدا قوللانغان يىلنامىسى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)



## «ۋېينامە» 54 ـ جىلد

# گاۋلۈنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ يەنە ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ، جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. پادىشاھ: «جۇرجانلار شىمالىي چېگرىمىزنى قايتا ـ قايتا پاراكەندە قىلىپ كەلدى، يېقىندا بىزگە بەيئەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تېلىلارنىڭ سەركەردىسى لەشكەر تارتىپ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپتۇ، جۇرجانلار خانى قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ تېلىلارنى قۇملۇقنىڭ غەربىگىچە① قوغلاپ كەپتۇ. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جازا يۈرۈشى قىلىشىمىز كېرەكمۇ، ياكى ھەربىي ئىشلارنى توختىتىپ تۇرۇپ خەلقنى ئارام ئالدۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟» دېدى. سول ياندىش بەگ مۇلياڭ جاۋاب بېرىپ: «ئەلمىساقتىن تارتىپ ھەرقانداق دۆلەت ھەربىي ئىشلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كېلىۋاتىدۇ. جۇرجانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەلەم ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پات ـ پات چېگرىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئەسكىلىك قىلىش يولىدىن يانماي كەلدى، ئۇلار ئۆز ئىچىدىمۇ بىر ـ بىرىگە ۋاپا قىلمايدۇ. پىقىرنىڭ قارىشىچە، لەشكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلىش ياخشى چارە. ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەيۋىسىنى چۈشۈرەلەيمىز» دېدى. گاۋلۈ: «ئۆتمۈشتىكى خەن سۇلالىسى پۈتۈن ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكتىن، شىمالدىكى دىلار②غا توختىماي قوغلاپ زەربە بەرگەنىدى، ھازىر جەنۇبتا ۋۇلۇق قاراقچىلار ماراپ تۇرۇۋاتىدۇ، ياردەمچىسىز قوشۇننىڭ

چەت جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىنىڭ پايدىسى يوق» دېدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ: «ئالدىنقى پادىشاھلارنىڭ پات - پات ئۇرۇش قىلىش - جازا يۈرۈشى قىلىشىدىكى سەۋەب تېخى بويسۇنمىغان دۈشمەنلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىدى. مەن تىنچ شارائىتتا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، نېمە ئۈچۈن لەشكەرلەرنى ئىشقا سالىدىكەنمەن؟ لەشكەر دېگەن ئەلەم قورالى، دانىشمەن پادىشاھلار زادى ئامال بولمىغاندا ئۇنى ئىشقا سالاتتى. ئۇنداق ئىشنى توختاتقىنىمىز ياخشى» دېدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ يەنە: «جۇرجانلارنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەلچىدىن ئۇلارغا مەكتۇپ ئەۋەتسەك بولارمىكىن؟» دېدى. ۋەزىرلەر مەكتۇپ ئەۋەتىشكە بىردەك قوشۇلدى. شۇڭا گاۋلۇنى چاقىرىپ مەكتۇپ يازدۇردى. شۇ چاغدا جۇرجانلار دۆلىتىدە مۇسىبەت بولغانىدى، لېكىن مەكتۇپتا قازا ھەققىدە گەپ - سۆز قىلىنمىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ: «سەن ھۆدەيچى③، يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، يازغان يارلىق مەكتۇپتا ئۇلارنىڭ قازا ئىشىنى تىلغا ئالماپسەن، ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ تىلغا ئالمىغان بولساڭ، گۇناھىڭ ئېنىق. ئەگەر شۇنداق ئىشمۇ ئېسىڭگە كەلمىگەن بولسا، ۋەزىپەڭدىن ئىستېپا بېرىشىڭ كېرەك» دېدى. گاۋلۇ جاۋاب بېرىپ: «ئۆتكەندە جۇرجانلارنىڭ خانى بىز بىلەن قۇدىلىشىپ ئىناق ئۆتكەن ھەم ئىناق ئۆتۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، چېگرا رايونىمىزغا دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ كەلدى. پېقىرنىڭ قارىشىچە ماتەم بىلدۈرۈش ھاجەتسىز» دېدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ: «دادىسىغا ھۆرمەت قىلغاندا بالىلىرى خۇشال بولىدۇ، پادىشاھقا ھۆرمەت قىلغاندا ۋەزىرلىرى خۇشال بولىدۇ، سېنىڭ ماتەم بىلدۈرۈش ھاجەتسىز دېگىنىڭ قانداق گەپ - ھە! » دېدى. گاۋلۇ بۇنى ئاڭلاپ بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ئەپۇ سورىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ گاۋلۇغە يەنە: «جۇرجانلارنىڭ ئەلچىسى مۇئىت ئېھتىياتچان ھەم ئەدەپلىك، ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق ئەلچى ئىكەن،



ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكىنى ياقتۇرماي، ھەدېسىلا ئۇنىڭغا ئاھانەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ شىمالغا قايتقاندا تۆھمەتكە قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئىلگىرى ليۇجۇن④ نىڭ ئەلچىسى يىن لىڭدەن قول ئاستىكىدىلەرنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلىشىنى چەكلىگەنلىكتىن، ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندا قارا چاپلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ھازىر يارلىق مەكتۇپ يازغاندا مۇئىتنىڭ ئۆز دۆلىتىگە سادىق ئىكەنلىكىنى جۇرجانلار خانىغا ئېنىق بىلدۈرسەڭ بولىدۇ» دېدى.

(«ۋېينامە» 4 - كىتاب 1202 — 1203 - بەتلەر)

---

①قۇملۇقنىڭ غەربى (西漠) — ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئېرگىنە خوشۇنى ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇتاشقان يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 79 - بەت)

②دىلار (狄) — خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەبىلە ياكى مىللەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ دىلار ياكى شىمالىي دىلار (北狄) دەپ ئاتاپ كەلگەن.
(«سىخەي» 1873 - بەت)

③ ھۆدەيچى (中书监) — پەرمانلارنى يېزىش، جاكارلاش ۋە يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئەمەلدار، ئورنى يۇقىرى ئىدى.
(«سىخەي» 3226 - بەت)

④ليۇ جۈن (刘准) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، پادىشاھلىق نامى شۇندى.

(مۇھەررىردىن)

## «ۋېينامە» 58 ـ جىلد

# ياڭ چۇنىڭ تەرجىمھالى

ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ زامانىدا جۇرجانلاردىن ئون نەچچە مىڭ تۈتۈن ئەل بولۇپ، گاۋچېڭ ۋە بوگۇلۇ جىلغىلىرىغا ئورۇنلاشقانىدى. تەيخې يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كېتىپ، ئاران 1000 دىن كۆپرەك ئائىلە قالدى. كېيىنكى ۋاڭ تۇڭ، گاۋچېڭ باسقاق سانغۇنى لاڭ يۇ قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ماقۇل كۆردى ھەمدە ئۇلارنىڭ يارلىققا بويسۇنماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ياڭ چۇن①نى ماندات ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى كۆچۈرۈشكە ئەۋەتتى. ياڭ چۇن ئۇلارنى كۆچۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق دەپ قاراپ، پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ: «پېقىر مۇنداق قارايمەنكى: قەدىمكىلەر، چېگرا ياقىسىدىكىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆزلىمەيدۇ، يات مىللەتلەر جۇڭخۇا زېمىنىنى قالايمىقانلاشتۇرالمايدۇ، چەت ـ يىراق جايلاردا ياشىغانلارنى ئاسارەت بىلەن بويسۇندۇرۇشقا بولىدۇ، دېگەنىدى. شۇڭا ئالدىنقى پادىشاھلار چۆل ـ جەزىرىلەردە ياشىغانلارغا قارىتا، يېقىندىكىلەرنى خۇش قىلىش ۋە يىراقتىكىلەرنى جەلپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شۇ ئارقىلىق خەنزۇلار بىلەن رۇڭ ـ دىلارنى پەرقلەندۈرەتتى، ئىچكى جايلار بىلەن چەت ـ ياقا جايلارغا پەرقلىق سىياسەت قوللىناتتى. ھازىر يېڭىدىن بېقىندى



بولۇپ كەلگەنلەر جىق، ئەگەر كونا بېقىندى بولغانلار كۆچۈرۈلسە، يېڭى بېقىندى بولغانلار جەزمەن خاتىرجەم بولمايدۇ. خاتىرجەم بولمىسا ئانا يۇرتىنى سېغىنىدۇ، يۇرتىنى سېغىنسا ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ‹تۈلكە ئۆلسىمۇ بېشى ئۇۋىسىغا قارايدۇ› دېگەنگە ئوخشاش، بۇنىڭ تەسىرى بەكمۇ ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىللەتتىكىلەرنىڭ كىيىدىغىنى يۇڭ ـ تېرە، يەيدىغىنى گۆش بولغاچقا، قىش كۈنلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، جەنۇبىي جۇڭگودا يەر نەم، ھاۋا ئىسسىق، بۇلار ئۇ يەرگە بارسا كۆنەلمەي جەزمەن قېچىپ كېتىدۇ. بۇلار ئەل بولۇش ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىدۇ، يەنە بىرى، بۇلارنىڭ ۋاسسال ئەل بولۇشىدەك پايدىدىن مەھرۇم بولىمىز. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈرۈلسە، كېيىن بالايىئاپەت بولىدۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. ئەينى چاغدا ۋەزىر ـ ۋۇزرالار مۇلاھىزە قىلىپ ماقۇل كۆرمەي، ئۇلارنى يەنىلا جىجۇ ئايمىقىغا② كۆچۈرۈپ خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن جىجۇ ئايمىقىدىكى③ يۈەن يۇ④ توپىلىڭىدا، بۇلار خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۆزىنى قاراقچىلارنىڭ قوينىغا ئاتتى ۋە تەپتارتماي بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ھەممە ئىش ياڭ چۇن ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك بولدى.

(«ۋېينامە» 4 ـ كىتاب 1286 ـ بەت)

كېيىن قاراقچىلار سەردارى دۇلۇجۇ⑤ ئايماق مەركىزى⑥نى قورشىۋالغاندا ياڭ جىن⑦ كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ياڭ جىننى قورۇقچى سانغۇن قىلىپ ئۆستۈرۈپ، دۆلەت قورغۇچى ھاكىم بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا 1000 ئائىلە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. سەركەردە ـ لەشكەرلەردىن خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ياڭ جىننىڭ مۇكاپات بېرىشىگە، لەشكەر ۋە خەلقنىڭ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى

ئۇخشىشىپلىشى ئۈچۈن سەككىز يىللىق تەمىنات بېرىشكە يول قويىدى. گې رۇڭ ئەمىر زېمىن دېگەن ئەمەلنى بېرىمەن دەپ ياڭ جىننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەندە، ياڭ جىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ياڭ جىن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ ئۈچ يىل بولغاندىمۇ ئوردا قۇتقۇزۇشقا قوشۇن ئەۋەتمىدى. شۇڭا ياڭ جىن چوڭ ئوغلى ياڭ دۈننى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ جۇرجانلار خانى ئاناغايغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنى ئوغرى ـ قاراقچىلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى، ياڭ دۈن كېچە ـ كۈندۈز، يىغا ـ زار بىلەن هال ئېيتقاندىن كېيىن ئاناغاي ئۆزىنىڭ كىچىك بوۋىسى تۇدۇنى خىل ئاتلىق لەشكەردىن 10 مىڭنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. تۇرشاۋۇل قوشۇن گۇاڭچاڭ ⑧ ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەنلەر تاغ ئېغىزىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ يوللارنى قامال قىلىۋالغانلىقتىن جۇرجانلار قوشۇنى گۇمانلىنىپ ئالغا يۈرەلمەي قايتىپ كەتتى.

(«ۋېينامە» 4 ـ كىتاب 1298 ـ بەت)

---

① ياڭ چۈن— ( 杨椿 ) خۇايىن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇايىن ناهىيىسى) دىن. سەمىمىي، مۇلايىم ئادەم ئىدى. ئىسيان كۆتۈرگەن ۋۇدۇ دىلىرىغا هۇجۇم قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوردا مىراقۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

(«ۋېينامە ياڭ چۈننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

② جىجۇ ئايىمىقى ( 济州 ) — هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇڭئې ۋە لياۋچېڭ ناھىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 4342 ـ بەتلەر)

③ بۇ يەردە دېيىلگەن جىجۇ ئايىمىقى ( 冀州 ) دۇر. مەزكۇر



كىتابنىڭ 3 ـ جىلدىغا قاراڭ.

④ يۈەن يۇ ( 元愉 ) — پادىشاه گاۋزۇنىڭ ئوغلى. دەسلەپتە هۆدەيچى بولۇپ تەيىنلەنگەن، جىجۇ ئايماق بېگى بولغاندا ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆزىنى پادىشاه دەۋالغان. دىۋان بېگى لى پىڭ ئۇنى تارمار قىلىپ تۇتۇۋالغان.

(«ۋېينامە. كىنجاپ بېگى يۈەن يۈنىڭ تەرجىمىھالى» دەن)

⑤ دۇلۇجۇ ( 杜洛周 ) — 525 ـ يىلى، دۇلۇجۇ شياۋگۇ ۋىلايىتىدە (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى يەنچىن ناهىيىسى) ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆزى خان بولۇۋالغان ۋە يىلنامىنى چىنۋاڭ دەپ ئاتىۋالغان.

(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاهى سۇزۇڭ هەققىدە خاتىرە» دىن)

⑥ بۇ يەردە دېيىلگەن ئايماق مەركىزى دىڭجۇ ئايىمىقىنىڭ مەركىزي شەهىرى لونۇ( 卢奴 )، هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشيەن ناهىيىسى نى كۆرسىتىدۇ.

(مۇهەررىردىن)

⑦ ياڭ جىن ( 杨津 ) — ياڭ چۈننىڭ ئىنىسى، ئەينى ۋاقىتتا مەھرەم بېگى، شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن.

(«ۋېينامە. ياڭ جىننىڭ تەررجىمىھالى» دىن)

⑧ گۇاڭچاڭ ( 广昌 ) — ۋىلايەت، هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى». 23 ـ بەت)

## «ۋېينامە» 69 ـ جىلد

# يۈەن فەننىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى سۈزۇڭ شېنگۇي يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈەن فەننى ئۇزغان سانغۇن، لياڭجۇ ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇ چاغدا جۇرجانلار قاغانى ئاناغاي بىلەن كەنجى قاغانى بىراخمان ئۆز دۆلىتى مالىمانچىلىقتا قالغانلىقتىن ئەل بولۇپ كەلدى. پادىشاھ سۈزۇڭ يۈەن فەندىن قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى سورىدى. يۈەن فەن مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «پېقىر دېگەندەك قابىلىيەتلىك بولمىسامۇ، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئۈستۈمگە يۈكلەندى. شاھ ئالىيلىرى كەمتەرلىك بىلەن جۇرجانلار قاغانى ئاناغاي، كەنجى قاغان بىراخمانلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جاينىڭ يىراق ـ يېقىن بولۇشىنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى سوراپتىلا، پېقىرنىڭ قارىشىچە ھونلار بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگىلى ئۇزاق بولدى، جۇ سۇلالىسى، خەن سۇلالىسى شۇنچە قۇدرەتلىك بولغىنى بىلەنمۇ ئۇلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل بويسۇندۇرالمىغان ئىدى. ئۇلار ئاجىزلاشقاندا ئەل بولۇپ كېلىپ، قۇدرەت تاپسىلا ئاسىيلىق قىلاتتى. شۇڭا جۇ سۇلالىسىدىكى فاڭ شۇ①، جاۋخۇ② لار ئالاقزادە بولماي جاھاننى تىنچىتىۋالغان، خەن سۇلالىسىدىكى ۋېي چىڭ③، خوچۈبىڭلار④ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاندىن نەتىجە ھاسىل قىلغانىدى. بەزىلەر مەرىپەت ـ دىيانەتلىك بىلەن يات قوۋملارنى جەلپ قىلىدۇ، بەزىلەر ئۇرۇش ـ سوقۇش بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىدۇ، ھەر ئىككى تەدبىرنىڭ پايدىسىمۇ بار، زىيىنىمۇ بار،



پايدا بىلەن زىيان ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭا قوغشار تەگرىقۇتنىڭ⑤ خەن پادىشاھى ئوردىسىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، سول قول بىلىكخاننى خەن پادىشاھىغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكىنى تارىخىي كىتابلاردا كاتتا ئىش دەپ يېزىلغان بولۇپ، تىللاردا داستان بولۇپ كەلگەن. ئۆز سۇلالىمىزنىڭ بىردىنلا گۈللىنىپ، ھەيۋەتى بىلەن پۈتۈن جاھاننى تىزگىنلىگەنلىكىگە كەلسەك، پادىشاھى ئالەم ئۆزى شىمالىي پايتەختتە⑥ تۇرغان بولسىمۇ، قوشۇنلىرى جەڭ مەيدانىدا يەنىلا تىركىشىپ تۇراتتى. ئۆزى پەقەت لوياڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، يىشۈي دەرياسى بىلەن چەنشۈي دەرياسى⑦ ئارىسىدا تۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىلا، قاڭقىللار بىلەن جۇرجانلار بىر ـ بىرىنى يالمىشىپ تۇرىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. دەسلەپتە جۇرجانلار ئاجىز، قاڭقىللار كۈچلۈك بولغاچقا، جۇرجانلار ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ باشقا ئىشقا قارىيالمايتتى. قاڭقىللار غەربىي شىمالدىكى چەت رايونلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدى. كېيىن جۇرجانلار قايتىدىن روناق تېپىپ، قاڭقىللارنى بەربات قىلىپ، قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ خەلقىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى تۈگەپ كەتمىگەن بولسىمۇ قاقشال پېلەكتەك يىگىلەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئاز قالغانىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە قاڭقىللار ئۆزلىرىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئاخىر يۇيۇپ، جۇرجانلارنى قايتىدىن تارمار قىلىۋەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىراقلا يوقىتىلمىغانلىقتىن بولغان. ئەمما بۇ ئىككى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا، خۇددى بېيەن جۇاڭنىڭ ئەقىل كۆرسەتكىنىدەك⑧ چېگرىدا نەچچە ئون يىل ئۇرۇش قىلدۇرمايدىغان كىشى يېتىپ چىقىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جۇرجانلار قاڭقىللار تەرىپىدىن يوقىتىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ھەيۋەتى ۋە تەسىرى چوڭ بولغاچقا، ئىككى قاغان بىرلا ۋاقىتتا

پاناھلانغىلى كەلدى. پۇقراسىمۇ ئەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى پادىشاھىمىزنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھېچ بولمىغاندا باشپاناھ تېپىپ، بالا - چاقىلىرىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. بۇلار گەرچە يىراق جايلاردىكى يات مىللەت بولۇپ ئىشەنچلىك، ئىتائەتچان بولسىمۇ، لېكىن گۈللىنىش ياكى مۇنقەرز بولۇشقا، نەسەبىنىڭ داۋاملىشىشى ياكى ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا نىسبەتەن ھەر قايسى خان - پادىشاھلار بەلگىلىك قائىدە بويىچە ئىش كۆرىدۇ. تەسلىم بولغانلارغا تەسەللىي بېرىش ۋە بېقىندى بولۇپ كەلگەنلەردىن ھال سوراش ئالىيجانابلارنىڭ ئورتاق قائىدىسى. ئەگەر ئۇلارنى قوبۇل قىلماي تاشلىۋەتسەك، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىمىز، ئەگەر قوبۇل قىلىپ ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلساق، بىزنىڭ مال - مۈلۈكلىرىمىزگە زىيان بولىدۇ. بېقىندى بولۇپ كەلگەنلەر كۆپ، ھەممىسىنى ئىچكىرى جايلارغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرساق، ئۇلارنىڭ رايىغا باقماي بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش - ئاپىرىپ قويۇشمۇ مۈشكۈل بولىدۇ. ئەمما يىراق جايلاردىكى يات مىللەتلەر جۇڭخۇا زېمىنىنى قالايمىقانلاشتۇرالمايدۇ. بۇ ئىشتا يىراق يىن خانلىقىنىڭ ئىشلىرىنى دېمىگەندىمۇ يېقىندا بولغان كىيۇيۈەن، شىلا قاتارلىقلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئۈلگە قىلغىلى بولىدۇ. ⑨ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇرجانلار ساقلىنىپ قالسا، قاڭقىللار ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇلۇغ دۆلىتىمىزگە كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، ئەگەر جۇرجانلار پۈتۈنلەي يوقىتىلسا، قاڭقىللارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە جۇرجانلارنىڭ قاغانى دۆلىتىمىزگە پاناھ ئىزدەپ كەلگەن بولسىمۇ، خەلقى تۆۋەندە تارقالغان، ئۇلارنىڭ قالدۇق مۇرتلىرى ھەقىقەتەن كۆپ، ئەل - پۇقرالىرى جىق



بولۇپ، ھەممە يەرگە تارقىلىپ، ئۆزىنىڭ قاغانىغا تەلمۈرۈپ تۇرماقتا. قاڭقىللارمۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرالماي، تامامەن قوشۇۋالالمايۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، قاڭقىللارنىڭ لەشكەر - ئاتلىرى جىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاغانى نادان، ياۋاش ئادەم ئىكەن، يۇقىرى تۆۋەندىكىلەرنى تىزگىنلىيەلمەيدىكەن، تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىغا بويسۇنمايدىكەن، ئۇلار پەقەت بۇلاڭچىلىققا تايىنىپ مۈلۈك توپلاپ، تالان - تاراجنى كەسىپ قىلىدىكەن. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە پەقەت لياڭجۇ ئايمىقى بىلەن دۇنخۇاڭ جېلى⑩لار كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايدۇ. لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ يېرى كەڭ، نوپۇسى شالاڭ بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەك ئەزەلدىن قىس بولۇپ كەلگەن. دۇنخۇاڭ جېلى ۋە جيۇچۈەن ۋىلايىتى تېخىمۇ بوش قالغان. ئەگەر جۇرجانلار قايتىدىن دەس تۇرالمىسا قاڭقىللار شىمالىي چېگرا رايونىمىزنى ئۆز ئالدىغا بېسىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىن كېچە - كۈندۈز غەم قىلىمىز. پېقىرنىڭ قارىشىچە، جۇرجانلارنىڭ ھەر ئىككىلا قاغانىنى ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم، ئاناغايىنى شەرقىي قىسىمغا، بىراخمانىنى غەربىي قىسىمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەل بولۇپ كەلگەن پۇقرالىرىنى ئىككىسىگە بۆلۈپ بېرىشىمىز كېرەك. ئاناغايىنىڭ ماكانىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، شۇڭا ئىچكى ئەھۋالىنى بىمالال بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. بىراخمانىنى شىخەي⑪ ۋىلايىتىنىڭ كونا شەھىرىنى قايتىدىن ياساش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىمەن. شىخەي ۋىلايىتى ئەسلىدە لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ قارىمىقىدا ئىدى، ھازىر جيۇچۈەننىڭ شىمالىدا، جاڭيېنىڭ غەربىي بولۇپ جاڭيېغا 1200 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇ قاڭقىللار تۇرۇشلۇق ئالتۇن تاغقا مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان بولۇپ، دەل شىمالدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالاقە يول تۈگۈنى، خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يۈرۈش قىلىشىدىكى كونا

يولى ئىدى. ئۇ يەر مۇنبەت بولۇپ، تىرىقچىلىق قىلىشقا تازا باب كېلىدۇ. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بىراخماننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەڭگۈلۈك مۇھىم ھەربىي بازا بولۇپ غەربىي شىمالدىن مۇداپىئە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئوبدان بىر سانغۇننى مۇھاپىزەت قوشۇنىنى باشلاپ يەنىلا بىراخمانغا ۋەسىيلىك قىلىشقا ئەۋەتىش مۇۋاپىق. ئايماق ـ جىنلاردىكى يۆتكەشكە تېگىشلىك ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ ھەم تىرىقچىلىق قىلىشقا ھەم مۇداپىئە قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە جۇرجانلارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاڭقىللاردىن مۇداپىئە قىلىش تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەك تولۇق، ئەسكەرمۇ كۆپ بولىدۇ. مانا بۇ چېگرا رايوننى تىنچلاندۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىدۇر. ئەگەر بىراخمان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ غەيرەتكە كېلىپ، تارقىلىپ كەتكەن پۇقرالىرىنى يىغىپ، ئۆز دۆلىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرەلىسە، ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا شىمالغا قاراپ كۆچۈشكە بۇيرۇپ، قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇ ھەم بىزگە تاشقى ۋاسسال بولىدۇ، ھەم قاڭقىللارغا كۈچلۈك دۈشمەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، غەم ـ ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇلار قايتىدىن يۈز ئۆرۈپ ۋاپاسىزلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، بەرىبىر قاچقۇن قاراقچى تۇرسا، بىزگە قانچىلىك زىيان قىلالار؟ بۇ ئىشلارنى بالدۇر كۆزدە تۇتمىساق، ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بولغاندا، بىزدىن ئايرىلىپلا ئالدى بىلەن شىخەي ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ، بىزنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىمىزنى تارتىۋالسا، ئۇ چاغدا جيۇچۈەن، جاڭيې شەھەرلىرى تەبىئىي ھالدا يېتىم قېلىپ خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپى دۆلىتىمىزگە تەۋە بولماي قالىدۇ. ئىشنى دەسلەپتە ئورۇنلاشتۇرغاندا ئەتراپلىق



ئويلانماي، كېيىنكى ئاقىۋەتتىن غەم ـ ئەندىشە قىلىساق، مەڭگۈلۈك قىساس پەيدا بولۇپ، مىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

پېقىرنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرسىلە، ئەلچىنى لياڭجۇ ئايمىقى، دۇنخۇاڭ، ھەتتا شىخەي ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئېغىر كۆرمەي تاغ ـ جىلغىلار ۋە مۇھىم جايلارنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ، مۇداپىئە قورغانلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرسۇن، شۇنداقلا ئەسكەر ۋە ئاتلارنى تولۇقلاش، ھەربىي مەشىق قىلىش ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك ھەققىدە كېڭىشىپ، بىر ـ بىرلەپ بېكىتىپ، جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلسۇن، دېگەن مۇددىئادا تەكلىپ بېرىمەن. ئەتىياز كەلگەندىلا، شىخەي ئەتراپىدا ئىشلىرىنى باشلاشقا بۇيرۇساق، كۈز كەلگەندە بىر يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يۆتكەپ توشۇش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىخەينىڭ شىمالىي تەرىپى كەڭ چۆللۈك بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلار مىڭلاپ توپ ـ توپ بولۇپ يۈرىدۇ. بۇ يەر دەل جۇرجانلار ئوۋچىلىق قىلىدىغان ياخشى جاي بولىدۇ. ئۇلار يەر تېرىش ۋە ئوۋچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەپ، ئۆز ئارا تولۇقلىنىشىپ، ئۆزىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ھازىر مۆلچەرلەپ باققاندا ئازراق زىيان تارتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، يىل ئاخىرى ئومۇمىي ھېساب قىلغاندا پايدىسى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولىدۇ. قاڭقىللار ياۋۇز تەبىئەتلىك تۇرسا، ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى بېقىندى قاتارىدا دەپ تارتۇق يوللىسا، ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئىچكى قىسىمدا پۇختا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك، مانا بۇ «ئاۋۋال ھەرىكەت قىلغانلار باشقىلارنى ئۆزى يېنىغا تارتىدۇ» دېگەنلىك. قاراملىق كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن قورقۇۋاتقان بولسىمۇ، يېرىم ـ يارتا

كۆرگەنلىرىمنى يوقىرىقىدەك بايان قىلدىم».

ئەينى ۋاقىتتا ئوردىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەممەيلەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپتى.

(«ۋېينامە» 5 - كىتاب 1541 — 1543 - بەتلەر)

---

① فاڭ شۇ ( 方叔 ) — جۇ خانى شۈەنۋاڭ دەۋرىدىكى ۋەزىرى بولۇپ، ھونلارغا يۈرۈش قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەن.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

② جاۋ خۇ ( 召虎 ) — جۇ خانى شۈەنۋاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بولۇپ، خۇيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەل بولمىغان يات قوۋملارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرغان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر، جۇ خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

③ ۋېي چىڭ ( 卫青 ) — ئەسلىمۇ پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ قولى ئىدى. كېيىن ئۇلۇغ سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 137 - يىلى ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ھونلارنى يەندى ۋە خېتاۋ رايونىنى قايتۇرۇۋالدى. جەمئىي يەتتە قېتىم يۈرۈشكە چىقىپ، خەن سۇلالىسى ھونلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇردى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر، ۋېي چىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

④ خو چۈبىڭ ( 霍去病 ) — خەن پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدىكى قىران چەۋەنداز سانغۇن ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 - يىلى ھونلارنى يېڭىپ، خېشى رايونىنى ئىگىلەپ غەربىي يۇرت يولىنى ئاچتى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان تەھدىتىنى يوقاتتى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. خو چۈبىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑤ قوغشار تەڭرىقۇت ( 呼韩邪单于 ) — مىلادىيىدىن



بۇرۇنقى 52 - يىلى خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان ۋە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 51 - يىلى خەن پادىشاھى ئوردىسىغا كېلىپ تاۋاپ قىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 33 - يىلى، خەن پادىشاھى يۈەندى ۋاڭ جاۋجۈننى ئۇنىڭغا ئالچىلىققا بەرگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇ پۈتۈن ئېلىنى تىنچلاندۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھونلار خەن سۇلالىسى بىلەن 60 - 70 يىلغىچە دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىغان.

(«خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى» دىن)

⑥ بۇ يەردە دېيىلگەن شىمالىي پايتەخت شېڭلې ( 盛乐 ) شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ، شېڭلې شەھىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خورىنگېر ناھىيىسىدە.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑦ يىشۈي دەرياسى ( 伊水 ) بىلەن چەنشۈي دەرياسى بىر دەك ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 40 — 41 - بەتلەر)

⑧ بيەن جۇاڭ ( 卞庄 ) — ئەمىنىيە دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىنىڭ تۆرىسى، باتۇرلۇقتا داڭقى بار ئادەم ئىدى. ئىككى يولۋاسنىڭ بىر كالىنى يېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بيەن جۇاڭ يولۋاسنى چۆچۈتىۋەتمەي چەتتە مارىلاپ تۇرغان، ئىككى يولۋاس كالىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشقان، ئاخىرى يولۋاسنىڭ كىچىكى ئۆلۈپ، چوڭى يارىلانغان. بۇ چاغدا بيەن جۇاڭ چىقىپ چوڭ يولۋاسنى ئوڭايلا ئۆلتۈرگەن.
(«ئەمىنىيە» دىن)

⑨ ليۇ يۈەن ( 刘渊 ) — ھون مىللىتىدىن، ئالدىنقى جاۋ خانلىقىنىڭ ئاتاخانى؛ شىلا ( 石勒 ) — كېشلاردىن بولغان. كېيىنكى جاۋ خانلىقىنىڭ ئاتاخانى.
(«ۋېينامە. ليۇ يۈەننىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «ۋېينامە. شىلانىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن جىلدلارغا قاراڭ)

⑩ دۆنخۇاڭ جېنى ( 敦煌镇 ) — ۋېي سۇلالىسى يات مىللەت جايلاشقان يەرلەردە ئاۋۋال ئالتە جېن، كېيىن بەش جېن، جەمئىي 11 جېن تەسىس قىلغان. دۆنخۇاڭ جېنىنىڭ دائىرىسى دۆنخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسى بىلەن باراۋەر ئىدى. دۆنخۇاڭ ۋىلايىتى ( 敦煌郡 ) هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۆنخۇاڭ شەھىرى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 —41 ـ بەتلەر)

⑪ شىخەي ( 西海 ) — ۋىلايەت، هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئېجنى خوشۇنى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەتلەر)



## «ۋېينامە» 74 ـ جىلد

# ئېر جۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى

ئېر جۇرۇڭ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، گېزەكچى سانغۇن①، تارقاق كۇچلەر سانغۇنى بولۇپ تەيىنلەندى. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىدا ھەر تەرەپتە يېغىلىق يۇز بەرگەنلىكتىن، چارۋا ـ ماللارنى تارقىتىپ، پىدائىي ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەك، ئات بىلەن تەمىنلىدى. جۇرجانلار قاغانى ئاناغاي شىمالىي چېگرا رايونىغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. پادىشاھ ئېر جۇرۇڭنى تەمتەكدار ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇزغان سانغۇن، قوشۇمچە باسقاق سانغۇن دەپ نام بېرىپ، تۇتۇق لى چۇڭنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ شىمالغا يۇرۇش قىلسۇن دەپ يارلىق چۇشۇردى. ئېر جۇرۇڭ ئۇزى قارىمىقىدىكى 4 مىڭ كىشىنى باشلاپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، چۆللۇكتىن ئۆتۇپ، دۇشمەنگە يېتىشەلمىگەنلىكتىن قايتىپ كەلدى. شيۇرۇڭ ۋىلايىتىدە② غۇزلاردىن بەيئەت قىلىپ كەلگەن قىسىمىمۇ يۇ ۋىلايەت③ مەركىزىنى ئىشغال قىلىپ، ۋالىينى ئۆلتۇردى، جەنۇبىي شيۇرۇڭدىكى چوپاندارنىڭ ئوغلى ۋەنيۇچېكىن ئاسىيلىق قىلىپ، ئوردا مىراقۇلى لۇيەننى ئۆلتۇردى. بىڭجۇدىكى چوپاندارنىڭ ئوغلى سوخ پولۇ نىشيان توپىلاڭ كۆتۇردى. ئېرجۇرۇڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇلارنى تىنچىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا نۆۋەتچى سانغۇنى، ئۇزغان سانغۇنى بولۇپ ئۆستى، يەنىلا باسقاق بولۇپ ئىشلىدى. غۇزلاردىن قوشۇلۇپ كەلگەن قىس،

پورۇكەنغۇز، لىيۇئارولار ئاسىيلىق قىلىپ فېنجۇ④، سىجۇ ئايماقلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈردى. تېلىلاردىن تېلىبۇرۇ ۋۇياڭدا⑤ ئىسيان كۆتۈردى. ئېرجۇرۇڭ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يوقاتتى. شۇ تۆھپىسى بىلەن ئەنپىڭ ناھىيىسىگە دۆلەت قورغۇچى بەگ قىلىپ تەيىنلىنىپ، سۆيۈرغاللىق تەمىناتىغا مىڭ ئائىلە بېكىتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىۋاستە قاراشلىق مەھرەم بەگ بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. تېلىلاردىن قوغۇرسۇ لوياڭ ساڭگەن⑥ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي تەرىپىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، فېيتۇ چوپاندارىنىڭ ئوغلى بىلەن بىر - بىرىگە ھىمات بولۇپ تۇردى، ئېرجۇرۇڭ ئاتلىق لەشكەر باشلاپ بېرىپ، قوغۇرسۇ لوياڭنى شېنجىڭ⑦ دېگەن يەردە تارمار قىلدى، چوپاندارنىڭ ئوغلىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە قوغلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۆسۈپ شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، كېڭەش بېگى دەپ ئاتىلىپ، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، شىمالىي يۆنىلىش تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياساۋۇل سانغۇن بولدى. ئارقىدىنلا شىمالنى تىنچىتقۇچى تەمتەكدار سانغۇن بولۇپ خېڭجۇ، شوجۇ ئايماقلىرىدىكى دۈشمەنگە جازا يۈرۈشى قىلىش قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، قوشۇمچە قۇتاتقۇچى سانغۇن بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، بولىڭ ۋىلايىتى بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. 500 تۈتۈن سۆيۈرغال بېرىلدى. ئۇنىڭ لياڭجۇن ۋىلايىتىدىكى مەرتىۋىسىنى ئىككىنچى ئوغلىغا بېرىشكە يول قويۇلدى. شۇ چاغدا ئېرجۇرۇڭ كۆپچىلىكنى باشلاپ سىجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. ئايماق بېگى يۈچىڭبىن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قوۋۇقنى تاقاپ قوبۇل قىلمىدى. ئېرجۇرۇڭ غەزەپلىنىپ ھۇجۇم قوزغاپ شەھەرنى ئالدى. دادىسىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئېرجۇيۇشېڭنى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، يۈچىڭبىننى شيۇرۇڭ ۋىلايىتىدە قولغا ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېرجۇرۇڭنىڭ ھەربىي ھەيۋىسى ئەۋجىگە چىقىپ، پادىشاھمۇ ئۇنى ئەيىبلىيەلمەيدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ



شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى.
(«ۋېينامە» 5 - كىتاب 1644 — 1645 - بەت)

---

① گېزەكچى سانغۇن (直宿将军 (直寝将军 — دەپمۇ يېزىلىدۇ. پادىشاھ يېتىپ - قوپىدىغان سارايدا كېچىلىك نۆۋەتچى بولۇپ پادىشاھنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان سانغۇن.
(«سيۇەن» 2199 - بەت)

② شيۇرۇڭ ۋىلايىتى (秀容郡) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 - بەت).

③ شيۇرۇڭ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى شيۇرۇڭ قەلئەسى ئىدى. ئۇ ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۈەنپىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 - بەت)

④ فېنجۇ ئايمىقى (汾州) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 -بەت)

⑤ۋۇياڭ (沃阳) — قەلئە نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى يۇيۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 - بەت)

⑥ ساڭگەن ۋىلايىتى (桑干郡) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يىڭشيەن ۋە سەنيىن ناھىيىلىرىنىڭ تەۋەلىكىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 47 - بەت)

⑦ شېنجىڭ (深井) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جيەنپىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«يەر ناملىرى قامۇسى» 826 - بەت)

## «ۋېينامە» 77 ـ جىلد

# گاۋجيەنجىنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى سۈزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىدا دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى يۈەن فۇ جۇرجانلاردىن ھال سوراشقا بارغاندا، جۇرجانلار تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى. جۇرجانلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قايتىپ كەتكەندە، يۈەن فۇنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىشقا تاشلاپ قويدى. بۇ ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈش ئىشى ئوردا ئەھكام ۋەزىرىگە تاپشۇرۇلدى. ئەركان ۋە ئەھكام ۋەزىرىدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ ھەممىسى يۈەن فۇنىڭ گۇناھى يوق دەپ قارىدى. پەقەت ئوردا ئەھكام ياردەمچى ۋەزىر گاۋ چيەنجىلا يۈەن فۇنى مۇقەددەس بۇيرۇققا داغ تەگكۈزدى، سۈرگۈن قىلىش جازاسى بېرىش كېرەك دەپ قارىدى. دىۋان بېگى ۋە ئەركان گاۋچيەنجى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغان بولسىمۇ پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ گاۋچيەنجىنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆردى.

(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1708 ـ بەت)



## «ۋېينامە» 78 ـ جىلد

# جاڭ پۇخۇينىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى سۈزۇڭ جېڭگۇاڭ 2 ـ يىلى (521 ـ يىلى) پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، ياڭ جۈننى① جۇرجانلار قاغانى ئاناغاينى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. جاڭ پۇخۇي② ئۇ قايتۇرۇۋېتىلمىسە ئاخىرىدا بالايى ـ ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ دەپ قاراپ پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «پېقىرنىڭ بىلىشىچە، تەڭرى سادىق ۋە پايدىلىق بولۇشنى چوڭ ئىش دەپ قاراپ، ئىنساپسىز ئىش قىلىشقا يول قويمايتتى. جۇ خانى ۋۇ ۋاڭ③ سەدىقە بېرىشنى تۆھپە دەپ قارىسىمۇ ئۆز تۇرىدىكى كىشى بولمىسىلا بەرمەيتتى. شۇڭا ھەممە مەۋجۇداتنى گۈللەندۈرۈپ، پۈتۈن جاھاننى مەرىپەت ئىزىغا چۈشۈردى. پېقىرنىڭ قارىشىچە پادىشاھ ئالىيلىرى ئەقىللىق، ئەخلاقلىق بولۇپ، پەزىلىتىنىڭ تەسىرى باش ئاقساقال شۈندىنمۇ④ ئېشىپ كەتتى، شۇڭا ئېلىمىزنىڭ سىرتىدا ناھايىتى يىراق جايدىكىلەرمۇ بىزگە تەلپۈنۈۋاتىدۇ. پۈتۈن ئوتتۇرا ئىقلىم تەۋەسى تىنچ ـ ئامان بولۇۋاتىدۇ. ئەمما جۇرجانلار شىمالىي چېگرىغا پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىۋاتقان بولسا، جادۇگەر قوشۇن چاڭجياڭنىڭ نېرىسىدا قالايمىقانچىلىقنى قوزغاتماقتا، تۇڭگۇز سۈپەت بۇ كىشىلەر يىلان تەبىئەتلىك بولۇپ، خەير ـ ساخاۋەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى جازالاش ئۈچۈن پادىشاھىمىزنىڭ ۋېي خاندانلىقىنى ھىمايە قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، جاپاغا سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى خەير ـ ساخاۋەتنىڭ شاد ـ خۇراملىق

كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەل ـ يۇقرالىرىنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇش بىلەن قەلبىنى جەلپ قىلىش كېرەك. لېكىن ھازىر ئۆزىمىز ئالدى بىلەن ئاۋارىچىلىق تارتىپ، ئەل ـ يۇقرالىرىمىزنى جاپاغا سېلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۈچلۈك دۈشمەن بولۇپ كەلگەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، پايتەخت ئەتراپىدىن قوشۇن تارتىپ، سەددىچىن سېپىلى سىرتىدىكى يىراق چۆل ـ جەزىرىگە ئەۋەتسەك، بۇنى نامسىز قوشۇن چىقىرىش دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوردا مالىمان بولغاندا گۇناھ تېپىلمايدۇ دېگەن ماقال بار ئىدى. مەن مۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى نېمە ئىكەنلىكىنى زادىلا ئۇقمايۋاتىمەن. ئېھتىمال چېگرا سانغۇنلىرىنى بىر مەھەل خىزمەت كۆرسىتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، قورال ـ ياراغ دېگەن ئەلەم ئىشى قىلىدىغان ئەسۋاب، ئۇنى زادى ئامال بولمىغاندا ئىشقا سالىدىغان گەپ دېگەننى ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئۆتكەن زاماندىكى بەيدىڭ ئۇرۇشىدا⑤، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى گاۋزۇ ئۆزى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانىدى. سانغۇن فەن كۇەي 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇنلار ئارىسىغا بېسىپ كىرىپ سۈرۈپ ـ توقاي قىلماقچى بولغاندا، دانىشبەگ جى بۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك، دەپ تەۋسىيە قىلغان. بۇ ئىش مىڭ يىلدىن بۇيان ئەقىل بىلەن قىلىنغان ئىش دەپ ماختىلىپ كەلمەكتە. ھازىر جۇرجانلاردا قۇرغاقچىلىق ئالاھىدە ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، ئاھالىلىرى مېھىر ـ شەپقەت بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىپ 15 مىڭ كىشىگە ياڭ جۈننى سانغۇن قىلىپ جۇرجانلارنى تىنچىتىشقا ئەۋەتمەكچى ئىكەنلا، ئەگەر جۇرجانلار قارشى يول تۇتىدىغان بولسا، ئاناغاي خاندانلىقىمىزغا پاناھ ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسەكلا بولدى. مىليونلىغان خەلقىمىزنى قىيناپ، چارچىتىپ، تەڭرى يوقىتىۋاتقان دۈشمىنىمىزگە ياردەم



بەرسەك بولامدۇ؟ ئۆتكەن زاماندا جۇاڭگۇڭ⑥ زىجۇنى⑦ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن گەنشىدە⑧ مەغلۇپ بولغان لۇ بېگى شىگۇڭ⑨ جۇ بەگلىكىگە ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسى سازايى قىلىنغان ئىدى⑪. بۈگۈنكى كۈندە جۇرجانلاردا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، كەنجى قاغانى تەختكە ۋارىسلىق قىلىشۋالدى. ئادەملىرى تارقىلىپ، دۆلەت مۇنقەرز بولدى دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭ يامان نىيىتى تۈزەلمىدى. مۇبادا تارىختىكى جىڭجىڭ ئۇرۇشىدەك مېھىر ـ شەپقەت قىلغان قوشۇن يېڭىلىش خەۋپى بولسا، ئۇ شۇ چاغدا ياڭ جۈننىڭ گۆشىنى يەپ تاشلايدۇ. جۇرجانلار، قاڭقىللاردا يىلمۇ يىل ئۇرۇش بولۇپ تۇردى، ئاچارچىلىق قايتا ـ قايتا يۈز بەردى، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇپ، يوقالغىنىدەك ياكى قاتتىق زەخىملەنگەندەك بولسا، ئاندىن ئۇلارنى بىر يولىلا قوشۇۋېلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ بيەن جۇلىڭنىڭ كاتتا پاراستى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئىككى يولۋاسنى بىراقلا تۇتۇۋالغان. شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي ئىقلىمدىكى تۇشەن⑫ ئەتراپىدىن جىددىي ۋەزىيەت ھەققىدە كەينى ـ كەينىدىن مەلۇمات كەلدى، ئېھتىمال ئوردىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمىسە كېرەك. بۇ دەل ھازىرقى ئىش بىلەن تەڭ كەلدى. تەڭرى شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلاردا ئاۋامنى تەڭ ئاتلاندۇرسا بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئوخشايدۇ. ئەگەر ھېيلىگەر، تەلۋىلەر قۇترىسا، يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ ئۈستىگە ۋەقە قوشۇلۇپ، ئوتتۇرا ئىقلىمغا يەنىمۇ ئىش تېرىيدىغان بولساق، تىنچ زامان قانداقمۇ تىنچ بولالىسۇن؟ ھازىر باش ۋەزىر ئامانلىق ۋە خەتەرگە چېتىلىدىغان چوڭ ئىشنى كۆزدە تۇتماي، ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى قوغلاشتى، مانا بۇ پېقىرنىڭ كىچىك ۋەزىرلىرىنىڭ كۆڭلى سوۋۇغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئاناغاي ئۆز دۆلىتىگە قايتالمىسا بىز ئىنساپسىز ـ ۋاپاسىز بولىمىزمۇ؟ ھازىرقى پەيتتە شىمالغا

يۇرۇش قىلىدىغان قوشۇننى توختاتقان ياخشى، پېقىر تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلىپتىمەن، بىراق ھۆججەت قولۇمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، يۇقىرىقى ئەھۋالىنى مەلۇم قىلماسلىققا جۈرئەت قىلالمايمەن. ئۇرۇش دېگەن ئوت، ئۆچۈرمىگەندە ئۆزىگىمۇ تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئىككى دۈشمەن دۆلەت ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولغان ئەھۋالنى ئۆرنەك قىلغىلى بولىدۇ. ھەممە دۆلەتلەر بىلەن تىنچقىنا ئۆتۈپ، ھەممە چېگرا رايوننى تىنچلاندۇرۇشنى تىلەيمەن، شۇنداق قىلغاندا كۈتۈپ ئولتۇرمىساقمۇ بىرلىككە كېلىش پەيتى ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ. پېقىر تولىمۇ ئەخمەق، گەپلىرىمدە قوبۇل قىلغۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقى تۇرغان گەپ، شۇنداق بولسىمۇ، نادانلارچە بۇ تەدبىرنى تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتىم.» مەكتۇپ يوللانغاندىن كېيىن، پادىشاھ سۆزۈڭ يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق جاۋاب قايتۇردى: «نىشانسىز قۇش ۋە پاناھ ئىزدەپ كەلگەن ئادەمگىمۇ ئىچىنىمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاناغاي كەينى ـ كەينىدىلا بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچراپ سەرگەردان بولۇپ يىراقتىن بىزگە تايانغىلى كەلسە، ئادەمگەرچىلىك جەھەتتىن بولسۇن، دۆلەت مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇپ تەكەببۇرلۇق قىلساق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش ھەرقانداق دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئۇلۇغ پادىشاھلىق تۇرۇقلۇق ۋېي سۇلالىسى بۇنداق پەزىلەتنى يوقىتىپ قويسا بولامدۇ؟ كەنجى قاغاننىڭ قالايمىقانچىلىقتا ھالاك بولغانلىقى پىتنە ـ ئىغۋا ئەمەس ئوخشايدۇ. بىز ئاناغايىنى ئاپارساق، ئۇ تەرەپ كۈتۈۋېلىشى، قوشۇنىمىزنى توسۇپ جەڭ قىلماسلىقى مۇمكىن. دۆلىتىمىزنىڭ ئىنساپ قىلغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن ئىپادىلەشنى قارار قىلدۇق. سەن سادىقلىق بىلەن چوڭقۇر ئويلاپ كۆپ غەم ـ ئەندىشە قىلىپسەن. بۇنداق قىلغىنىڭنى تەقدىرلەيمەن. بىراق ئەقىل ـ تاكتىكىلىرىڭنى



قوللىنالمايمەن، مۇندىن كېيىن ئويلاپ يەتمىگەن يەرلەرنى تۈزىتىش ھەققىدە گەپ قىلىشتىن قورقما.»
(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1739 — 1740 ـ بەتلەر)

---

① ياڭ جۈن ( 杨钧 ) — ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى ھەربىي دىۋان بېگى.

(مۇھەررىردىن)

② جاڭ پۇخۇي ( 张普惠 ) — «ئەدەپنامە»، «ئەمىنىيە» ۋە كۇڭزىچىلارنىڭ تەلىماتلىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئەينى زامان يۈجۇ ئايماقبېگى ئىدى.
(«ۋېينامە. جاڭ پۇخۇينىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

③ جۇ خانى ۋۇۋاڭ ( 周武王 ) — جۇ خانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى خانى، ئىسمى جى فا. ئۇ يىن خانلىقىنى يوقىتىپ، خەير خاھ سىياسەت يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلغان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

④ باش ئاقساقال شۈن ( 舜 ) — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان دانىشمەن باش ئاقساقال.

(مۇھەررىردىن)

⑤ بەيدېڭ ئۇرۇشى ( 白登之役 ) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلى، خەن پادىشاھى گاۋزۇ 320 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ھونلارغا تەسلىم بولغان خەن بېگى شىننى قوغلاپ پىڭچېڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەيدېڭ تېغىغا بارغاندا، تەڭرىقۇت بابۇر باشچىلىقىدىكى 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان.

(«خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى» دىن)

⑥ جۇاڭگوڭ ( 庄公 ) — ئەمىنىيە دەۋردىكى لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى، لۇ بېگى خۇەنگوڭنىڭ ئوغلى.
( «تارىخىي خاتىرىلەر. لۇ بېگى جوگوڭ خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

⑦ زىجيۇ ( 子纠 ) — چى بېگى شياڭگوڭنىڭ ئىنىسى، ئانىسى لۇ بەگلىكىدىن. چى بېگى شياڭگوڭ لۇ بېگى خۇەنگوڭنىڭ خانىشى بىلەن ئاشنا ئويناش ئۈچۈن خۇەنگوڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇڭا زىجيۇ لۇ بەگلىكىگە قېچىپ بېرىپ لۇ بەگلىكىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن.
( «تارىخىي خاتىرىلەر. چى بېگى تەيگوڭ خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

⑧ گەنشى ( 乾时 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى شەندوڭ ئۆلكىسى بوشىن ناھىيىسىدە. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 685 - يىلى چى بەگلىكى، لۇ بەگلىكى بىلەن گەنشىدە ئۇرۇش قىلىپ، لۇ بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغان.
( «تارىخىي خاتىرىلەر. چى بېگى تەيگوڭ خاندانى تەزكىرىسى» دىن

⑨ لۇ بېگى شىگوڭ ( 鲁僖公 ) — ئەمىنىيە دەۋردىكى لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى، ئىسمى لۇشىن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 659 - يىلى، ئاكىسى لۇ بېگى مىنگوڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن تاغىسى جيۇ ئۇنى بەگلىك ئورنىغا چىقارغان.
( «تارىخىي خاتىرىلەر. لۇ بېگى جوگوڭ خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

⑩ جۇ بەگلىكى ( 邾国 ) — ئورنى هازىرقى شەندوڭ ئۆلكىسى زوشيەن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
( «جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 697 - بەت)

⑪ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 660 - يىلى ئۆز دادىسى لۇ بېگى جۇاڭگوڭنىڭ كىچىك خانىشى ئېجاڭ بىلەن ئويناش قىلغان. چىڭخۇ لۇ بېگى مىنگوڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆزى بەگ بولماقچى بولغان. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، لۇشىن جۇ بەگلىكىگە قېچىپ پاناھ تىلىگەن. لۇشىن لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى بولغاندىن كېيىن، ئېجاڭ جۇ بەگلىكىگە قاچقان. چى بېگى خۇەنگوڭ قوشۇن تارتىپ جۇ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلىپ ئېجاڭنى



تۇتماقچى بولغاندا لۇ بېگى ئۇنى توسقان.
( «تارىخىي خاتىرىلەر. لۇ بېگى جوگوڭ خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

⑫ تۇشەن ( 土山 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 21 — 22 - بەتلەر)

## «ۋېينامە» 82 ـ جىلد

# زۇيىڭنىڭ تەرجىمھالى

ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ شياۋچاڭ يىللىرىدا گۇاڭپىڭ بېگنىڭ ① ئوردىسىدا بىر قەدىمكى قاشتېشى تامغا تېزمىسى تېپىلدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، زۇ يىڭ بىلەن ھەرەم ئاغىسى لى يەنجىنى ئۇنىڭ قايسى زاماندىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە بۇيرىدى. زۇيىڭ: «بۇ ئۇدۇن بېگى جىن سۇلالىسىنىڭ تەيكاڭ ② يىللىرىدا تارتۇۇق قىلىپ بەرگەن نەرسە ئىكەن» دەدى. قارا سىياھ بىلەن تامغىنىڭ خەتلىرىنى بوياپ قارىغاندا، ھەقىقەتەن زۇيىڭ ئېيتقاندەك چىقتى. شۇ زاماندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئەللامە دەپ ئاتاشتى. ئۇ كەينى ـ كەينىدىن خانزادىلەر باش مۇدەراسى، قوشۇمچە باش ھەرەم ئاغىسى، يۈجۇ ئايمىقى چوڭ مۆتىۋىرى، خانىنىڭ يېتىش ـ قوپۇش ئىشلىرى نازارەتچىسى، ئىش مۇھاكىمە نازارىتىدە مەنسەپدار بولدى. يۈەن خاۋ لوياڭغا كىرگەندە زۇيىڭنى ئوردا ئىشلىرى دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1800 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 520 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، جۇرجانلار قاغانى ئاناغاي پادىشاھنى تاۋاب قىلغىلى ئوردىغا كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭ ئورنىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. گاۋتاڭ



بېگى يۈەن يۈڭ چاڭ جىڭدىن ③ سورىدى. چاڭ جىڭ: «ئۆتكەندە جەنۇبىي ھونلار تەڭرىقۇتى ئوردىغا تاۋاب قىلغىلى كەلگەندە، جىن سۇلالىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ھزادە ـ بەگلەر ۋە ئالاھىدە تۆرىلەرنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ھازىرقى ساراي مۇراسىمىدا ئۇنى ۋاسسال بەگ ۋە ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق» دېدى. يۈەن يۈڭ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردى. ئوردا مۇراسىمى ۋە قائىدە جەھەتلەردە قارار قىلالماي ئىككىلەنگەندە، دائىم چاڭ جىڭدىن سوراپ ئىش كۆرىدىغان بولدى.

(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1803 ـ بەت)

ئاناغاي ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندا، چېگرىدا ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈپ، يەنىلا مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بايان قىلدى. پادىشاھ دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى يۈەن فۇنى يارلىق كۆتۈرۈپ، تەسەللىي بېرىپ قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. ئاناغاي يۈەن فۇنى تۇتۇپ، رۇشۇەن جېنىدىن④ ئۆتۈپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قاراپ قاچتى. پادىشاھ دىۋان بېگى لى چۇڭ، ياردەمچى تەپتىش بېگى، قوشۇمچە ئوڭ قول ياندىش ۋەزىر يۈەن زۈەننى قوغلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يېتىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن چاڭ جىڭنى چېگرىدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. چاڭ جىڭ ۋېڭشەن تېغىدىن ئېشىپ، قۇملۇققا باردى ۋە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئېلان قىلىپ كۆپچىلىكنى باشلاپ قايتىپ كەلدى.

(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1804 ـ بەت)

---

①گۇاڭپىڭ بېگى ( 广平王 ) — ئىسمى يۈەن خۇەي، ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ ئوغلى.

(مۇھەررىردىن)

②تەيكاڭ ( 太康 ) — جىن پادىشاھى ۋۇدى (سىما يەن) نىڭ مىلادىيە 280 ـ يىلىدىن 289 ـ يىلىغىچە قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

③چاڭ جىڭ ( 常景 ) — تيەنشۈي ۋالىيسى چاڭ ۋېنتۇڭنىڭ ئوغلى، تىرىشچان ۋە ئەقىللىق ئىدى. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوردىنىڭ يۈز جىلدتىن ئارتۇق يوسۇن، ئەدەپ ۋە پەرمانلىرىنى يېزىپ چىققان. ئاخىرى، ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇن مىرزا بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(«ۋېينامە. چاڭ جىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

④رۇشۇەن جېنى ( 柔玄镇 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چاخار ئوڭ قانات ئوتتۇرا خوشۇننىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 46 ـ بەت)



«ۋېينامە» 83 ـ جىلد

## لۈپىنىڭ تەرجىمىھالى

لۈپى دەيجۈن ۋىلايىتىدىن، ئەسلى جۇرجانلاردىن كېلىپ چىققان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ زامانىدا ئەل بولۇپ كەلگەن. ئۇ ۋېي پادىشاھى گۇڭزۇڭنىڭ خانىشىنىڭ ئاكىسى ئىدى. گۇڭزۇڭنىڭ خانىشى ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنى تۇغقان ئىدى. تەيئەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 456 ـ يىلى) لۈخېنى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ، ئۇنىڭغا خېدۇڭ گۇڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. لۈخېنى شىمالنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇن قىلىپ، ئۇنىڭغا لىڭلىڭ گۇڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. شۇ يىلى ھەر ئىككىسىگە شىغاۋۇل، ۋاڭ دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. ئاخىرى لۈپى شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولدى. لۈخې غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، ئوردا بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىككىسىگە ۋاڭ مەرتىۋىسى، بەشىگە گۇڭ مەرتىۋىسى، ئالتىسىگە بەگ مەرتىۋىسى ئۈچىگە تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا مەرتىۋىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئانا جەمەت تۇغقانلىرى كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشتى. خېپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 461 ـ يىلى) خانىشنىڭ مەرھۇم بوۋىسى لۈيەنگە دىشياڭ گۇڭى، خانىشنىڭ مەرھۇم دادىسى لۈچېنگە دىشياڭ ۋاڭى دېگەن نام بېرىلدى. لۈپى ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەمىر لەشكەر ئەمەلى بېرىلدى. لۈپىنىڭ خوتۇنىغا خېدۇڭ ۋاڭى ئاغىچىسى دېگەن نام بېرىلدى. ئوغلى

لۇخۇي ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. لۇخې ۋاپات بولغاندا ئەمىرى مىمار ئەمىلى بېرىلدى. لۇ پېنىڭ ئوغلى لۇ دۇ، كېيىن پادىشاھ ئۆزى ئات قويغانلىقىدىن لۇجۇاڭ دەپ ئاتالدى.

ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ تەيخې يىللىرىدا ئۇچ ئاقساقال تۇرغۇزۇلغاندا، لۇ جۇاڭ نوپۇس رويخېتىنى بېكىتكۈچى ئەلچى بولۇپ، خېلى داڭقى چىقتى. تەيخې 16 ـ يىلى (مىلادىيە 493 ـ يىلى) قائىدە بويىچە مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلدى. كېيىن يەتتە لەشكىرىي پىرقە دىۋان بېگى بولۇپ ئۆلدى.

(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1816 ـ بەت)



## «ۋېينامە» 85 ـ جىلد

# يۇەن يۆنىڭ تەرجىمىھالى

يۇەن يۆ تەخەللۇسى يۇەن جىڭتېڭ، چېنۇن ۋىلايىتىدىن بولۇپ، دىۋان بېگى يۇەن فەننىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ۋە كەمتەر بولۇپ، ئاغىندارچىلىقتا بېرىلەتتى. يۇەن فەن باشقىلارغا دائىم: «يۇەن يۆنى ئائىلىمىزنىڭ تۇلپارى دېيىشكە بولىدۇ» دەپ تۇراتتى. ئۇ دەسلەپتە ئەمىرى مىمارنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلەندى. كېيىن دىۋان بېگى مەھكىمىسىدە كاتاۋۇل ۋە قوشۇمچە پەخرىي چەۋەنداز بولدى. ئاق ساراي تەسىس قىلماقچى بولغاندا، يۇەن يۆ پادىشاھقا مەسلىھەت بەردى. ئۇ ئەينى زاماندا كاتتا بىلىملىك ئادەم دەپ ئاتالغانىدى. جۇرجانلار قاغانى ئاناغاينىڭ دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، ئۆزى پاناھ ئىزدەپ كەلگەندە، پادىشاھ ئەتىۋارلاپ مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم تارتۇق يوللاشنى بۇيرۇغاندا، ئۇنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى ۋە قىلىقلىرى تازا جايىدا بولماي قالدى. يۇەن يۆ ئوردا ۋەزىرى سۇپىتى بىلەن ئاناغايغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، بالايىئاپەت ياكى بەخت ـ سائادەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي شەرھلەپ بەردى. مەكتۇپتىكى گەپ ـ سۆزلىرى تولىمۇ چىرايلىق بولدى. كېيىن ئۇ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، ئاتالىق، چىڭخې بېگى يۇەن يىنىڭ مەربىيەتچىسى بولدى. ئۇنىڭ سىپايىلىقى ۋە بىلىمى يۇەن يىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. يۇەن يىنىڭ پادىشاھقا يوللىغان مەكتۇپ ـ يېزىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى

يۈەن يۆنىڭ قولىدىن چىقاتتى. ئۇ ئۆلگەندە يەنە ئۇزغان سانغۇن، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ كاتاۋۇلى دېگەن ئەمەللەر تەقدىم قىلىندى. ئۇنىڭ ماقالە توپلىمى جەمئىيەتتە كەڭ تارقالدى. ئوغلى بولمىغاچقا، يۈەن فەن ئۆزىنىڭ ئوغلى يۈەن لىشيۇنى ئۇنىڭغا ۋارىس قىلىپ بەردى.

(«ۋېينامە» . 5 - كىتاب 1870 - بەت)

ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا گۇاڭياڭ بېگى يۈەن يۈەن شەرقىي شىمال لىنىيىسى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى بولۇپ، ۋېن زىشېڭنى① كاتاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى. ھەربىي - مەمۇرىي ھۆججەت، مەكتۇپلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك ئەدىب دېگەن نامى پۇر كەتتى. ھەرەم ئاغىسى شۇخې ھەر تەرەپنىڭ مەكتۇپ - مەلۇماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ناھايىتى تېز جاۋاب بېرەتتى. ئۇ يۈەن يۈەننىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ يالغۇز خىيال سۈرۈپ: «ئۇنىڭ قولىدا كاتاۋۇل ۋېن زىشېڭ بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئەدەبىي قابىلىيىتىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ» دېدى. قاڭقىللار تارمار بولۇپ قاچقاندا، تاشلاپ قويغان قىممەتلىك نەرسىلەر بەك كۆپ بولۇپ، ۋېن زىشېڭ شۇنىڭدىن 40 توپ شايىغا ئېرىشكەنىدى. كېيىن يۈەن گې رۇڭ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، ۋېن زىشېڭمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلاندى. گې رۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۇتۇق خې لوشىڭ ۋېن زىشېڭنىڭ كونا تونۇشى بولغاچقا، نەچچە ئون ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپ ۋېن زىشېڭنى جىجۇ ئايمىقىغا ئاپىرىپ قويدى. ۋېن زىشېڭ پايتەختكە قايتقاندا، لى كەي② ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «بۇرادەر، سەن قۇتۇلۇپ قاپسەن، قولۇم يەتمىگەنلىكىدىن بەكمۇ خىجالەت بولۇۋاتىمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋېن زىشېڭ قايتىدىن مەنسەپدار بولۇشقا رايى بارماي،



ئىشىك تاقاپ كىتاب ئوقۇپ، كامىللىققا تىرىشتى.

(«ۋېينامە» 5 - كىتاب 1875 - بەت)

---

①ۋېن زىشېڭ ( 温子昇 ) — يۈەنجۇ (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى خېزې ناھىيىسى) دېگەن يەردىن. بىلىملىك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، يېزىقچىلىققا ماھىر ئىدى.

(«ۋېينامە. ۋېن زىشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②لى كەي ( 李楷 ) — ئەينى زاماندىكى مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى.

(مۇھەررىردىن)

«ۋېينامە» 86 ـ جىلد

## قىببۇ باۋنىڭ تەرجىمىھالى

قىببۇ باۋ قاڭقىلىلارنىڭ مەلۇم قەبىلىسىدىن، ئاتىسى قىببۇ جۇر پادىشاھ شيەنزۇ زامانىدا چەۋەنداز مەھرەم بولۇپ، چارۋىچىلىق مەھكىمىسى دىۋان بېگى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا نىڭگو بېگى مەرتىۋىسىنى بەرگەن. ئۇ سادىق، ئېھتىياتچان بولۇپ، دائىم پادىشاھ ئەتراپىدا يارلىق ـ پەرمانلارنى ئادا قىلاتتى. پادىشاھ خېنەن ۋىلايىتىدىن چىققان زۇڭ فامىلىلىك ئايالنى ئۇنىڭغا تارتۇق ئورنىدا خوتۇن قىلىپ بەردى. ئۇ ئايال ئۆلگەندىن كېيىن يەنە شىن فامىلىلىك ئايالنى خوتۇن سۈپىتىدە تارتۇق قىلىپ بەردى. بۇ ئايال سابىق سۈڭ سۇلالىسى ۋەلىئەھدىنىڭ سول قانات سەركەردىسى شىن تەننىڭ ئاكىسىنىڭ قىزى ئىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قىببۇ جۇر ئۆلدى. شىن فامىلىلىك ئايال قىببۇ باۋنى بېقىپ چوڭ قىلدى. بۇ ئايالنىڭ مىجەزى ئوسال ئىدى، قىببۇ باۋنى دائىم تىللاپ، دۇمبالايتتى. لېكىن قىببۇ باۋ قىلچە ئۆچمەنلىك كەيپىياتىدا بولماي، ئۆگەي ئانىسىغا ناھايىتى ۋاپادارلىق قىلاتتى. قىببۇ باۋ دادىسىنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قائىدە بويىچە تۆرە مەرتىۋىسىگە تۆۋەنلىتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سول قول ئەمىر نۆكەر بولۇپ ئۆستى. ھەرقانداق تەمىنات ـ تارتۇق بولسا، ئۆزىنىڭ شەخسىي چىقىمى بىلەن ھۆكۈمەت چىقىمىنى ئارىلاشتۇرمايتتى. سىرتقا ئەۋەتىلىپ، پىشامشان باسقاق سانغۇنى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ چاغدا شىن



فامىلىلىك ئۆگەي ئانىسى 80 ياشتىن ئاشقانىدى. قىببۇ باۋ ئۆز قولى بىلەن ئات چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئۆگەي ئانىسىنى كۈتۈۋالدى. شىن فامىلىلىك ئايال خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپە ئورنىغا باردى. ئۆگەي ئانىسى ئۆلگەندە، قىببۇ باۋ مەنسەپتىن ئىستىپا بېرىپ، مېيىتنى لوياڭغا ئاپىرىپ دەپنە قىلدى. كېيىن قايتىدىن ئەمەلدار بولۇپ، قوشۇمچە جەنۇبىي ئەمىرى نۆكەر بولدى.

(«ۋېينامە» 5 ـ كىتاب 1883 ـ بەت)

«ۋېينامە» 87 - جىلد

# جىبايىننىڭ تەرجىمىھالى

ئەينى ۋاقىتتا، تېلىلارنىڭ مەلۇم قەبىلىسىدىكى جىبايىننىڭ ئاكىسى دىيۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاپ سويۇپ يېگەنلىكتىن، قائىدە بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە توغرا كەلگەنىدى. جىبايىن «ئاتنى ئۆزۈم ئۆلتۈردۈم» دەپ تۇرۇۋالدى. ئاكىسى «ئىنىم سويغان ئەمەس» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئاكا - ئىنى ئۆلۈمنى تالاشتى. قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، ۋېي پادىشاھى يارلىق چۈشۈرۈپ كەچۈرۈم قىلدى.
(«ۋېينامە» 5 - كىتاب 1892 - بەت)

جۇ چاڭشىڭ بىلەن يۈتى ھەر ئىككىسى دەي ۋىلايىتىدىن ئىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ زامانىدا جۇ چاڭشىڭ پەخرىي چەۋەنداز مەھرەم ۋەزىپىسىدە يۈتى بىلەن بىرگە قاڭقىللارغا ئەلچى بولۇپ باردى. قاڭقىللار ئوردىسىغا يېتىپ بارغاندا، قاڭقىللار خانى ئاپۇرغۇر جۇ چاڭشىڭنى باش قويۇپ تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇۋىدى، جۇ چاڭشىڭ رەت قىلىپ: «مەن تەڭرىنىڭ ئەركىسى ئەۋەتكەن ئەلچى تۇرۇقلۇق، قارىمىقىمدىكى يەرلىك بەگكە تاۋاپ قىلسام بولامدۇ؟» دېدى. ئاپۇرغۇر ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلمىدى. جۇ چاڭشىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلسا، ئاپۇرغۇر قوبۇل قىلدى. جۇ چاڭشىڭ: «بەيئەت قىلغان ۋەزىرلەر قاتارىدىكىلەر ۋەزىرلىك قائىدىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك، ئاغزىدا باش قويۇپ تاۋاپ



قىلىمەن دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە تاۋاپ قىلمىسا بولامدۇ؟» دەپ، ئۇنى تەختىدىن چۈشۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا ۋېي پادىشاھىغا تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاپۇرغۇر قول ئاستىدىكى ۋەزىرلەر ئالدىدا خىجىل بولۇپ قاتتىق غەزەپلەندى ھەمدە: «تەخت ئۈستىدە تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇماي، نېمىشقا كۆپچىلىك ئالدىدا ماڭا ئاھانەت قىلىسەن!» دېدى. جۇ چاڭشىڭ قاتارلىقلار تەقدىم قىلغان نەرسىلەرنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى جىلغىغا قاماپ قويدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تەھدىت سېلىپ: «بىزگە بويسۇنساڭ تىرىك قالىسەن، ئەگەر تەسلىم بولمىساڭ ئۆلتۈرىمىز!» دېدى. جۇ چاڭشىڭ بىلەن يۈتى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «تەڭرى ئەركىسىنىڭ ئەلچىسى سىلەردەك ياۋايى قوۋملارغا تاۋاپ قىلىدىغان ئىش نەدە بار، مەن ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئەرۋاھى بولىمەنكى، سىلەرگە باش ئەگمەيمەن!» دەپ ئەيىبلىدى. ئاپۇرغۇر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ تامىقىنى توختاتتى. ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق كىشى تەسلىم بولدى. ئاپۇرغۇر ئۇلارغا گۆش، پىشلاق بەردى. لېكىن جۇ چاڭشىڭ بىلەن يۈتى ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى. ئۇلار كېيىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاران قايتىپ كەلدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ: «جۇ چاڭشىڭلار ۋىجدان - دىيانەتنى سۇۋۇ① دەك ساقلاپتۇ» دەپ تەقدىرلىدى. جۇ چاڭشىڭنى خېنبېيغا ۋالىي، يۈتىنى لۇڭشىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى ھەم بەشىنچى دەرىجىلىك تۆرىلىك مەرتىۋىسىنى بەردى. ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئامبال - ھاكىم قىلدى.
(«ۋېينامە» 5 - كىتاب 1892 - بەت)

---

①سۇۋۇ ( 苏武 ) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 100 - يىلى خەن

پادشاھى ۋۇدىنىڭ يارلىقى بىلەن ھونلار ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا، تۇتۇپ قېلىنغان ۋە بايقال كۆلى ۋادىسىغا قوي بېقىشقا سۈرگۈن قىلىنغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 81 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن، خەن ئوردىسىغا قايتۇرۇلغان.
(«خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)



## «ۋېينامە» 95 - جىلد

# ليۇ سۇڭنىڭ تەرجىمىھالى

ھونلاردىن ليۇ سۇڭ، تەخەللۇسى ليۇ شۇەنمىڭ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ليۇزەي بولۇپ، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ پۇشتى. خەن سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇ ئۆز جەمەتىدىن بىر قىزنى باتۇر تەڭرىقۇتقا خوتۇن قىلىپ بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بالىسى ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرى شۇ ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى ئۆز فامىلىسى قىلىۋالغانىدى. ليۇ سۇڭنىڭ بوۋىسى ليۇ باۋ سول قول بىلىكخان بولغانىدى. ۋېي پادىشاھلىقى زامانىدا ھونلار بەش ئۇلۇسقا بۆلۈنۈپ، ليۇ باۋ سول ئۇلۇس بولغان. ليۇ باۋ گەرچە بەش ئۇلۇسنىڭ قارىمىقىدا بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىسىنى يەنىلا جىنياڭ ①شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى فېنخې دەرياسى ۋادىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ليۇ سۇڭنىڭ دادىسى ليۇ يۈەن قاۋۇل ئادەم بولۇپ، ئىنتايىن كۈچتۈڭگۈر ئىدى. جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە تۇرغاق② بولۇپ لوياڭدا تۇردى. ليۇ باۋ ئۆلگەندە ليۇ يۈەن ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. كېيىن ئەمىر ئۇلۇسنى كاھبەگ قىلىپ ئۆزگەرتكەندە، ليۇ يۈەن شىمالىي ئۇلۇس كاھبېگى بولدى. ياڭ جۈن③ نائىبلىق قىلغاندا، ليۇ يۈەننى ھەيۋەتلىك سانغۇن، بەش ئۇلۇس ئۇلۇغ تۇتۇقى قىلىپ، ئۇنىڭغا خەن گۇاڭشاڭ بېگى مەرتىۋىسىنى بەردى. كېيىن ئۆز قارىمىقىدىكى پۇقرالار ئاسىيلىق قىلىپ چېگرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مەنسەپتىن قالدى. جىن سۇلالىسى يۈڭنىڭ يىللىرىنىڭ④ دەسلەپىدە چېڭدۇ بېگى سىمايىڭ پادىشاھقا

مەكتۇپ يوللاپ، ليۇ يۈەننى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، بەش ئۇلۇس ھەربىي ئىشلىرى باشبۇغى قىلىپ كۆرسەتتى. چى بېگى سىماجۇن، چاڭشا بېگى سىمايى بىلەن سىمايىڭلار ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلغاندا، شىمالىي ئۇلۇس تۇتۇقى ليۇ سۈەن قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلىشنى ھەمدە ليۇ يۈەننى بۈيۈك تەڭرىقۇت قىلىپ كۆرسىتىشنى پىلانلىدى. شۇ چاغدا ليۇ يۈەن يېشىيەن ناھىيىسىدە تۇراتتى، ئۇلار خۇيەن يۇ ئارقىلىق بۇ پىلاننى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويدى. ليۇ يۈەن قايتىپ بېرىپ تۇغقانلار بىلەن بىرگە دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىمەن دەپ رۇخسەت سورىسا، سىمايىڭ ئىجازەت بەرمىدى. سىما يىڭ پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسى ئىنىسى بولۇپ، ليۇ يۈەننى تەخت ۋارىسى شاھ ئىنىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇن چېرىكچىسى قىلغانىدى. جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خۇيدى سىمايىڭغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، سىمايىڭ ليۇ يۈەننى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن قىلىپ، پايتەختنىڭ شىمالىنى قوغداش ئىشلىرىغا تۇتۇق قىلدى. جىن پادىشاھى خۇيدى يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ليۇ يۈەننى ئۇزغان سانغۇن قىلىپ ئۇنىڭغا لۇنۇ تۆرىسى مەرتىۋىسىنى بەردى. ئارقىدىنلا بىڭجۇ ئايماقبېگى سىماتىڭ، يۇجۇ ئايماقبېگى ۋاڭ جۈن قوشۇن تارتىپ سىمايىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى. سىمايىڭنىڭ قوشۇنى يېڭىلىپ قالدى. ليۇ يۈەن سىمايىڭغا مۇنداق دېدى: «ھازىر بۇ ئىككى ئايماقنىڭ سانغۇن ـ سەركەردىلىرى زالىملىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى 100 مىڭ كىشىدىن ئاشتى، مۇھاپىزەتچى قوشۇنىمىز ۋە يېقىن ئەتراپتىكى لەشكەر ـ پۇقرالار ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدىغان ئوخشايدۇ. پېقىر ليۇ يۈەن شاھزادە ئالىيلىرى ئۈچۈن يۇرتقا قايتىپ بەش ئۇلۇسقا نەسىھەتگۈيلۇق قىلىپ، ھەققانىي قوشۇنلارنى توپلاپ دۆلەتنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلاندۇرىمەن.» سىمايىڭ خۇشاللىنىپ، ليۇ يۈەنگە شىمالىي تەڭرىقۇت دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى باش ۋەزىر



مۇشاۋىرى قىلدى.

ليۇ يۈەن زوگو⑤ شەھىرىگە يېتىپ بېرىشىغىلا ليۇ شۈەنلەر «ئۇلۇغ تەڭرىقۇت» دەپ ئۇنى تەختكە چىقاردى. 20 كۈن ئىچىدە 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، لىشى⑥ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ليۇ يۈەن ليۇ شۈەنلەرگە مۇنداق دېدى: «پادىشاھ دېگەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىۋەرمەيدۇ، مانا يۇقىرىدا خەن سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ پادىشاھى ليۇ باڭ بولسا، ئايىغىدا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى پادىشاھى ساۋ ساۋ بولدى. ئەمما جىن سۇلالىسىدىكىلەر ماڭا ئوخشىمايدۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جاھاندا چوڭ كۆرۈنۈپ كەلگەن بولۇپ، مېھىر ـ شەپقەت خەلقنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالغانىدى، مەن خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ جىيەن ئوغلى، ھازىرقى خەن پادىشاھى پۈشتىلىرى بىلەن بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكا بولىمەن، ئاكا ۋاپات بولغاندا ئىنىسى ۋارىس بولسا بولمامدۇ؟ ھازىر دۆلىتىمىزنى خەن پادىشاھلىقى دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ كەنجى پادىشاھى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئەل ئارزۇسىغا ئويغۇنلىشايلى» شۇنىڭ بىلەن ليۇ يۈەن پايتەختنى زوگو شەھىرىگە كۆچۈرۈپ، ئۆزىنى خەن خانى دەپ ئاتاپ، ھەرخىل ئەمەلدارلارنى قويدى، يىلنامىنى يۈەنشى دەپ بېكىتىپ، خەن پادىشاھلىقىنىڭ كەنجى پادىشاھى ليۇ شەنگە⑦ «ۋاپادار شاھ» دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەردى. ئاندىن كېيىن ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى.

خۇەندىنىڭ ⑧ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 302 ـ يىلى) جىن سۇلالىسىنىڭ بىڭجۇ ئايماقبېگى سىماتىڭ ياردەمچى قوشۇن سورىغىلى ئادەم ئەۋەتكەندە، خۇەندى ئۆزى 10 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ سىماتىڭنى قۇتقۇزۇشقا بېرىپ، ليۇ يۈەننىڭ سانغۇنى چىۋۇتۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ليۇ يۈەن جەنۇبقا قېچىپ پۇزى⑨ شەھىرىگە يېتىپ باردى. جىن پادىشاھى خۇيدىنىڭ گۇاڭشى 1

- يىلى (مىلادىيە 306 - يىلى) لىيۇ يۈەن ئىلگىرىلەپ خېدۇڭ ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ، پىڭياڭ[10]، پۇبەن[11] شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، پىڭياڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. جىن پادىشاھى خۇيدىنىڭ يۇڭجيا 2 - يىلى (مىلادىيە 308 - يىلى) لىيۇ يۈەن پادىشاھ بولۇپ، يىلنامىنى يۇڭفېڭ قىلىپ بېكىتتى. كېيىن فېنشۇي دەرياسىدىن قاشتېشى تېپىلغان بولۇپ، تامغىدا «شىن سۇلالىسى ساقلىسۇن» دېگەن خەتلەر بار ئىكەن. ئۇ ئەسلىي ۋاڭ ماڭ [12] شىن سۇلالىسىنى قۇرغاندا ئويدۇرغان تامغا ئىدى. تامغىنى تاپقان كىشى ئۇنىڭغا «يۈەن دېگىز نۇرى» دېگەن خەتلەرنى ئويۇپ تەقدىم قىلغان. لىيۇ يۈەن ئۇنى ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، يىلنامىنى خېرۇي[13]دەپ ئۆزگەرتتى. ئۇ لىيۇ سۇڭنى باش ئەمىرلەشكەر، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، باش دىۋان ۋازارىتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، تەڭرىقۇت قەلئەسىنى پىڭياڭ شەھىرىنىڭ غەربىگە قۇردى. لىيۇ يۈەن ئۆلگەندە ئوغلى لىيۇ خې ئۆزىلا تەختكە چىقىۋالدى. لىيۇ سۇڭ لىيۇ خېنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى بولۇپ، لىيۇ خېنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى پادىشاھلىق تەختىگە چىقىۋالدى.

لىيۇ سۇڭنىڭ بىلىكى ئۇزۇن بولۇپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. جىن سۇلالىسىدىكى شەنشىڭ ۋالىيسى گويى ئۇنى باش دەپتەردار قىلىپ ۋەزىپىگە قويدى. كېيىن يەنە شىرمەت چەۋەنداز ئەمىر ئۇلۇس بولدى. چى بېگى سىماجۇن ئۇنى لەشكەر بېشى قىلدى. ئۇ شۇ يەردىن چىقىپ سول ئۇلۇس ئەمىرلەشكەر بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوڭ ئۇلۇس ئەمىرلەشكەر بولدى. خەلپەتبەگ، خېجيەن بېگى سىمايۇڭ مەكتۇپ يوللاپ ئۇنى چىنشا[14] ئەمىر نۆكىرى قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆز دادىسى لىيۇ يۈەننى يېشىيەن ناھىيىسىدە تۇرۇپ، چېڭدۇ بېگى سىمايىڭ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىسۇن دەپ سىمايىڭنىڭ قېشىغا قېچىپ كەلدى، سىمايىڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئوڭ قانات



كامالەكچى سانغۇن قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى. كېيىن دادىسى لىيۇ يۈەنگە ئەگىشىپ زوگو شەھىرىگە قايتتى. لىيۇ يۈەن ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالغاندا ئۇنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ، ئۇنىڭغا چۇ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. كېيىن ئۆزلۈكىدىن خانلىق تەختكە چىقىۋالغاندا، يىلنامىنى گۇاڭشىڭ قىلىپ بېكىتتى. لىيۇ سۇڭ ۋاڭ مى[15] بىلەن لىيۇ ياۋنى لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خۇيدىنى تۇتۇۋېلىپ، يىلنامىنى جياپىڭ دەپ ئۆزگەرتتى.

لىيۇ سۇڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ تېخىمۇ رەھىمسىز ھەم ۋەھشىي بولۇپ كەتتى. توختىماي قىرغىنچىلىق قىلىپ، ۋەزىر - بەگلەرنى ئاي - كۈن ئارىلاپ بىر - بىرلەپ يوقىتىپ تۇردى. ئۇ مۇشاۋىر[16] لىيۇ يىننىڭ ئىككى قىزىنى غۇنچە خانىشىم قىلىپ ئالدى، يەنە لىيۇ يىننىڭ تۆت نەۋرە قىزىنى خانىشىم قىلىپ ئالدى، لىيۇ فامىلىلىك ئالتە ئايال ئىلتىپاتقا ئىگە بولۇپ بارلىق ئايىملارنى بېسىپ چۈشتى. لىيۇ سۇڭ ئادەتتە سىرتقا چىقمايتتى، مەلۇماتلارنى ھەرەم ئاغىلىرى قوبۇل قىلىپ ئىچىگە يەتكۈزۈپ، سول غۇنچە خانىشىم بەلگىلەيدىغان بولدى. ئۇ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بەگ، شياڭلىڭ بېگى لىيۇ شۇنى بېلىق - قىسقۇچپاقىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىدى دېگەن باھانە بىلەن، تەمىرات بېگى[17]جىن لىڭنى قىلغان ئىشلىرى كېچىكىپ قالدى دېگەن باھانە بىلەن شەرقىي بازاردا تەڭلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. لىيۇ سۇڭ ھەدەپ ئوۋ - تاماشا قىلىپ، ھەر كۈنى سەھەردە چىقىپ كېتىپ كەچتە قايتىپ كېلەتتى. فېنشۇي دەرياسىدا بېلىق كۆرۈپ تاماشا قىلىش ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىدا كېچىچە شام ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى لىيۇيى ۋە ئوغلى لىيۇسەن جەسەت ساندۇقىنى ئۆزى بىلەن بىللە ھارۋىغا بېسىپ ئاپىرىپ قاتتىق

تەنقىد ۋە تەكلىپ بەرگەندە، لىيۇ سۇڭ غەزەپلىنىپ: «مەن زالىم شىيا خانى جيې[18]، يىن خانى جوۋاڭ[19]، جۇ خانى يۇۋاڭ[20]، جۇ خانى لىۋاڭ[21] ئىكەنمەنمۇ؟ سىلەر ماڭا لەنەت ئوقۇيدىغانلار ئىكەنسىلەر - دە!» دېدى.

ئىلگىرى، لىيۇ كۇن[22] شۇم خەۋەر يەتكۈزگەندە، مۇدى[23] ئۆزى زور قوشۇن باشلاپ، چوڭ ئوغلى توغبات لىيۇ شيۇنى لىيۇ سەنگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان ھەم لىيۇ سەننىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان. بۇ ئىش مۇقەددىمە تەزكىرىگە يېزىلغانىدى. لىيۇ سۇڭ ۋەزىرلەر بىلەن زىياپەتتە مەي ئىچىپ، جىن پادىشاھى خۇەيدىنى مەي تۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. جىن سۇلالىسىنىڭ كېڭەش بېگى يۇمىن قاتارلىقلار پىڭياڭ شەھىرىدە تۇرۇپ لىيۇ كۇننىڭ قوشۇنىغا ئاۋاز قوشۇشنى پىلانلىدى، شۇڭا لىيۇ سۇڭ جىن پادىشاھى خۇەيدىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، يۇمىنلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يىلنامىنى جياپىڭدىن جيەنيۈەنگە ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى پىڭلياڭدا يەر تەۋرەپ، لىيۇ سۇڭنىڭ ئوردىسىدىكى چۇڭمىڭ ئىبادەتخانىسى ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىپ كۆل بولۇپ قالدى، ئۇ كۆلنىڭ سۈيى قاندەك قىپقىزىل بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىل نۇرى ئاسمانغا تاقاشتى، قىزىل ئەجدىھا شۇ كۆلدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. ئاقار يۇلتۇز پادىچى يۇلتۇز ئورنىدىن چىقىپ زىڭۋى يۇلتۇزى ئورنىغا يەتتى، ئۇنىڭ شەكلى ئەجدىھاغا ئوخشاش بولسىمۇ، قۇيرۇقى يىلانغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ نۇرى يەر - زېمىننى يورۇتۇپ، پىڭلياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىغا 10 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ چۈشكەن يېرى پۈتۈنلەي گۆش بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 30 چامدام كەڭلىكى 27 چامدام كەلدى. سېسىق پۇرىقى پىڭياڭ شەھىرىگە يېتىپ باردى. گۆشتىن دائىم يىغا - زار قىلغان ئاۋاز چىقىپ، كېچە - كۈندۈز توختىمايتتى. لىيۇ سۇڭ ئۇنىڭدىن بەك بىزار بولدى. ئارقىدىنلا لىيۇ سۇڭنىڭ خانىشى بىر يىلان، بىر



يولۋاس تۇغۇپ قويدى، بۇ ئىككى جانىۋار كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، قېچىپ يۈردى، ئىزدىگەندە ئۇلارنى تاپقىلى بولمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى ئاسماندىن چۈشكەن سېسىق گۆش ئەتراپىدا پەيدا بولدى.

لىيۇ سۇڭ لىيۇ ياۋنى چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ چاڭئەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ جىن پادىشاھىنى تۇتۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن جيەنيۈەن دېگەن يىلنامىنى لىنجيا دەپ ئۆزگەرتتى. لىيۇ سۇڭنىڭ قورال - ياراق ئىسكىلاتى يەرگە بىر گەز بەش چى چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ قالدى. لىيۇ سۇڭ ئۆتكەن يىلى قىشتىن ھازىرغىچە ئوردىدىكىلەرنىڭ سالام - تەزىمىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئوردا ئىچكىرىسىدە بازار پەيدا قىلىپ، كېنىزەكلەر بىلەن مەي ئىچەتتى. ئويۇن - تاماشا قىلىپ، كەيپ بولۇپ نەچچە كۈنگىچە ئويغانمايتتى. يەنە فەن فامىلىلىك ئايالنى يۇقىرى خانىش قىلىپ قويدى. بۇ فەن فامىلىلىك ئايال ئەسلى لىيۇ سۇڭنىڭ جاڭ فامىلىلىك خانىشىنىڭ دېدىكى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تۆت خانىشى بولغان بىلەن خانىشلىق تامغا - جەرىكە لېنتىسىنى ئاسقان ئالتە كىشى بار ئىدى.

تەخسىكەشلىك - خۇشامەتچىلىك قىلىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. ئەمەلدارلار ئاشكارا پارىخور بولۇپ كەتتى. ئايىملارغا تارتۇق بەرگەندە ھەدېسىلا ئون مىليونلاپ داچەن بېرىلىدىغان بولدى. تەشرىپدار تاجىنى كىيگەن توڭگۇز ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىق جەرىكە لېنتىسىنى ئاسقان ئىت لىيۇ سۇڭنىڭ تەختىگە چىققان بولۇپ، سەل تۇرۇپ ئىككىسى ئېلىشىپ تەڭلا ئۆلدى. لېكىن ياساۋۇللارنىڭ ھېچقايسىسى ئوردىغا كىرەلمەيتتى. پىڭۇېن 2 - يىلى (مىلادىيە 318 - يىلى) لىيۇ سۇڭ ئۆلدى.

لىيۇ سۇڭنىڭ ئوغلى لىيۇ سەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، يىلنامىنى خەنچاڭ قىلىپ بېكىتتى. لىيۇ سەن ئەيش - ئىشرەت،

مەي ـ شاراب، ساھىبجامالىلارغا بىرىلىپ، كۆندە خانىش ـ توقاللىرى ئارىسىدا تاماشا قىلدى. لەشكىري ـ مۈلكىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۈيۈك سانغۈن جىن جۈن بەلگىلەيتتى. جىن جۈن لەشكەر توپلاپ ليۇ سەننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ليۇ جەمەتىدىكىلەر بولسىلا، مەيلى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش بولسۇن ھەممىسىنى قىرىۋەتتى. جىن جۈن ئۆزىنى خەن خانى دەپ ئاتاپ، ھەرخىل ئەمەلدارلارنى تۇرغۇزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جىن مىڭ جىن جۈننى ئۆلتۈردى. كۆپچىلىك ليۇ يۈەننىڭ بىر جەمەت ئىنىسىنىڭ ئوغلى ليۇ ياۋغا ئەل بولدى.

ليۇ ياۋ، تەخەللۇسى ليۇ يۇڭمىڭ بولۇپ، كىچىكىدىنلا يېتىم قېلىپ ليۇ يۈەننىڭ بېقىشىدا چوڭ بولغان. ئازراق كىتاب ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئىرادىسى چىڭ بولمىغاچقا ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىغان. ئۇ چامباشچىلىققا ئۇستا ھەم كۈچتۈڭگۈر، بەستلىك بولۇپ، ئوقيا ئېتىپ بىر سۇڭ قېلىنلىقتىكى تۆمۈر تاختىنى تېشىۋېتەلەيتتى. ئۇ باشتا چاتاق چىقىرىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندا كورېيىگە قېچىپ سەرسان بولۇپ، سىرتقى ناھىيە لەشكىرى بولغان. كېيىن كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ يۇرتقا قايتقان. ليۇ سۇڭ تەختتە ئولتۇرغان ئاخىرقى يىلى ئۇنىڭ ئورنى باش ۋەزىرلىككە يېتىپ، ئۆزى چاڭئەن شەھىرىنى ساقلاشقا قويۇلدى. جىن جۈن ليۇ سەننى ئۆلتۈرگەندە، ليۇ ياۋ جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىبى[24] دېگەن يەردە توختاپ ئالدىغا ئىلگىرىلىمىدى. ئارقىدىنلا ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋېلىپ، يىلنامىنى گۇاڭچۇ دەپ ئۆزگەرتتى. جىن مىڭ ليۇ ياۋغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ليۇ ياۋ چاڭئەن شەھىرىگە قايتىپ ئۇنى پايتەخت قىلدى. ئۆز دۆلىتىنى بۈيۈك جاۋ دۆلىتى دەپ ئاتىدى.

ليۇ ياۋ غەربتە جاڭ جۈن بىلەن ئالاقە باغلاپ، جەنۇبتا چۈچىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇرۇشخۇمارلىق بىلەن بىر يىلمۇ تىنچ



ئۆتمىدى. ئۇ يەنە 6 مىليون ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز دادىسى ۋە خوتۇنىنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساتتى. يەرنى ئۈچ بۇلاقىچە كولاپ، يەر ئۈستىگە 100 چى كېلىدىغان ئېگىز قەبرە قاتۇردى. ئۇنىڭغا تاشتىن ئۇل سېلىپ، قەبرىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىككى چاقىرىم ئەتراپىدىكى يەرگە يەتكۈزدى. مىڭلىغان قەدىمكى قەبرىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىپ تاشلاندى. ئۇ ھاشارچىلارنى قاتتىق ئىشلەتكەنلىكى، كېيىندىن ماي بىلەن شام قىلىپ ياققانلىقى ئۈچۈن، پۇقرا يىغا ـ زار قىلىپ يوللارغا توشۇپ كەتتى. ئۇ قەبرىستانىنىڭ ئېگىزلىكىنى يەنە 90 چى ئاشۇرغان بولۇپ، ھەتتا قەبرىلەر ئالدىغا قويۇلغان بالبالمۇ «ئېھتىيات» دەپ ئاۋاز چىقارغان. ئۇ ئوغلى ليۇ يىنگە نەنيا بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، خەنياڭ[25] قاتارلىق 13 ۋىلايەتنى ئۇنىڭ بەگلىكى قىلىپ بەردى. يەنە ۋېيچېڭ[26] شەھىرىنى تەڭرىقۇت قەلئەسى قىلىپ، سول قول ـ ئوڭ قول ياندىش بىلىكخانلارنى ۋە ئۇلاردىن تۆۋەن ئەمەلدارلارنى تۇرغۇزۇپ، ھەممە مەنسەپكە يات قوۋمدىكىلەرنى قويدى. ليۇ ياۋ قارا توشقاننى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يىلنامىنى يەنە تەيخې دەپ ۋە ئۆزگەرتتى.

شىخۇ ليۇ ياۋغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ليۇ ياۋ ئۇنى تارمار قىلدى، كېيىندىن شىشىڭغا ھۇجۇم قىلىپ لوياڭ شەھىرى تەۋەسىدە جەڭ قىلدى. ليۇ ياۋ لەشكەردىن ھال سورىماي، پەقەت خۇشامەتچى ۋەزىرلەر بىلەن مەي ـ شاراب ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈردى. ئەتراپىدىكىلەر نەسىھەت قىلسا، ئاچچىقلىنىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. شىلا ئىلگىرىلەپ شىمېن[27] قورغىنىنى ئىشلىگەندە ليۇ ياۋ ئاران دېگەن خەۋەر تاپتى ـ دە، جىنيۇڭ[28] شەھىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز قوشۇنىنى لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىلا بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى. ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ شىياڭ[29] قوۋۇقىغا

يېتىپ بارغاندا، قارىمىدىكى لەشكەرلەر ئادىللار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قوشۇنى شۇنىڭ بىلەن تارمار بولۇپ چېكىندى. ليۇ ياۋ مۇزغا پېتىپ قالغانلىقتىن، شىلانىڭ سانغۇنى شىكەن تەرىپىدىن تۇتۇلدى. شىلا ئۇنى شياڭگو[30] شەھىرىنىڭ زىندانىغا تاشلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلتۈرۈۋەتتى. لىيېدىنىڭ[31] 1 - يىلى (318 - يىلى) ليۇ ياۋنىڭ ئوغلى ليۇ ئەمەلدارلارنى باشلاپ چاڭئەن شەھىرىنى تاشلاپ چىنجۇ ئايمىقىغا قاراپ قاچتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىلا تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلدى.

(«ۋېينامە» 5 - كىتاب 2041 — 2047 - بەتلەر)

كېش غوزلىرىدىن شىلا، تەخەللۇسى شى شىلۇڭ بولۇپ، كىچىك چاغدىكى ئېتى فۇلا ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى هونلارنىڭ ئايرىم ئۇلۇسى بولۇپ، تارقاق هالدا شاڭداڭ[32]، ۋۇشياڭ[33]، كېش دېگەن يەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، كېش غوزلىرى دەپ ئاتالغان. شىلارنىڭ بوۋىسى شەيبۇ، ئاتىسى جوخېجۇ، تەخەللۇسى چىيجا، تەڭ قەبىلە كىچىك باشلىقى بولغانىدى. جىخېجۇ مىجەزى قوپال، رەهىمسىز بولغاچقا، غوزلارنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشەلمىگەن. شىلا، قاۋۇل، جەسۇر هەم جۈرئەتلىك بولۇپ، ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ئامراق بولغاچقا، جوخېجۇ دائىم ئۇنى ئۆز ئورنىدا قەبىلىدىكى غوزلارغا باشلامچى قىلغان، غوزلارمۇ شىلانى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

بىڭجۇ ئايماقبېگى سىماتىڭ هەربىي لاۋازىمنى تولۇقلاش ئۈچۈن غوزلارنى تۇتۇپ تەيخاڭسەن تېغىنىڭ شەرقىگە سېتىشقا ئاپارغان. غوزلاردىن هەر ئىككى ئادەم بىر كامىرغا سولانغان بولۇپ، شىلامۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا بولغان. بۇلار پىڭيۈەن ۋىلايىتىگە ئايرىلىپ شى فامىلىلىك بىر ئائىلىگە قۇللۇققا سېتىلغان. شى ئائىلىسى ئات باغچىسىغا يېقىن يەردە جايلاشقان. شىلا ئاتباقار بېگى جى ساڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ ئۆزئارا ئىش تاپىلايدىغان بولۇشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ۋاڭ ياڭ،



گۈي ئەن، جى شۇڭ، جى باۋ، جاڭ يېپۇ، خۇ يەنمۇ، گو خېلۈي، جاڭ يۆ، كۇڭ تۈن، جياۋلۇ، جىڭ چۇلىيۇ قاتارلىقلارنى يىغىپ، شەرقتىكى چىلۇڭ، لۇجى قاتارلىق ئات باغچىلىرىغا بېرىپ، باغ ئېتىنى مىنىپ قايتىپ كېلىپ قىممەتلىك بۇيۇملارنى بۇلاپ كېلىپ شۇنىڭ بىلەن جى ساڭغا پارە بەرگەن. چېڭدۇ بېگى سىمايىڭ بىكار قىلىنغاندىن كېيىن[34]، سىمايىڭنىڭ كونا سەركەردىسى ياڭپىڭلىق گۇڭ شىخەن قاتارلىقلار ئۆزىنى سانغۇن دەپ ئاتاپ، جاۋ[35]، ۋېي[36] ۋىلايەتلىرى تەۋەسىدىكى جايلارغا قوشۇن تارتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەملىرى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. شىلا بىلەن جى ساڭ چوپانلارنى باشلاپ، باغچا ئاتلىرىدىن نەچچە يۈزنى مىنىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بارغان. شۇنىڭدىن تارتىپ جى ساڭ شىلانى شى دېگەن ئاهاڭنى ئۆزىنىڭ فامىلىسى، لا دېگەن ئاهاڭنى ئۆزىنىڭ ئىسمى قىلىشقا بۇيرۇغان. گۇڭشى خەن ئۇنى ئالدىنقى قوشۇننىڭ هەيدەكچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. گۇڭشى خەن يېڭىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن، شى لا بىلەن جى ساڭ قېچىپ يوشۇرۇنۇپ هېلىقى ئات باغچىسىغا كىرىۋالغان. سىمايىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا كەلمەكچى بولغان. جى ساڭ شى لانى قورۇقچىلار بېشى قىلىپ، چوپانلارنى باشلاپ ۋىلايەت - ناهىيىلەرنى بۇلاپ، شۇ يەرلەردىكى تۈرمىلەرگە سولانغان مەهبۇسلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنلىرىغا قوشۇۋېلىپ سىمايىڭغا ئاۋاز قوشۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنلىرىغا قوشۇۋېلىپ، بىڭشى دېگەن يەردە تۇراقلاشقان. جى ساڭ ئۆزىنى ئۇلۇغ سانغۇن دەپ ئاتاپ، شى لانى ئاۋانگارت كاهبەگ قىلىپ، يېشيەن ناهىيىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. شى لايېشيەن ناهىيىسىگە هۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي جى ساڭ جىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گوۋۇشى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.

شى لا قېچىپ ليۇ يۈەننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا

بېقىنغان. لىۋ يۈەن ئۇنى خەتنى يۆلىگۈچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، جىننى يوقاتقۇچى بەگ دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. لىۋ سۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن شى لانى شەرقنى بويسۇندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، بىڭجۇ ئايماقبېگى، جىجۇن گۇڭى قىلىپ تەيىنلىگەن. لىۋ سەن لوياڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، شى لا دورغاپ دىياۋ يىڭنى 90 مىڭ پىيادە ئەسكەرنى باشلاپ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى چۇڭمېن㊲ دېگەن يەرگە كۆچۈرۈشكە بۇيرۇغان بولۇپ، ئۆزى 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ تەيياڭ دېگەن يەرگە بېرىپ لىۋ سەن بىلەن ئۇچرىشىپ بىرلىكتە جىن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي نازىرى چېي مياۋنى مېيەنچى㊳ دېگەن يەردە قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن لوچۈەن㊴ ناھىيىسىگە يېتىپ بارغان. شى لا چېڭگاۋ㊵ ناھىيىسىدىن چىقىپ جىن سۇلالىسىنىڭ چېنلىۋ ۋالىيسى ۋاڭ چەننى ساڭيۈەن ㊶ دېگەن يەردە قورشاۋغا ئالغان. ۋاڭ چەن تەرىپىدىن يېڭىلگەن. ئۇ قوشۇننى ۋېنشىجىن كېچىكىدە㊷ تۇرغۇزۇپ، شىمالدىكى جىن سۇلالىسىنىڭ يۈجۇ ئايماقبېگى ۋاڭ جۈنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بۇ چاغدا ۋاڭ جۈننىڭ سانغۇنى ۋاڭ جاشى لياۋشىدىكى سىيانپى ئەسكەرلىرىدىن ئون نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ كېلىپ لىۋ سۇڭنىڭ شىمالنى تىنىچىتقۇچى ئۇلۇغ سانغۇنى جاۋ گۇنى كېچىكنىڭ شىمالىدا مەغلۇپ قىلغان. شۇڭا شى لا كېمىلەرنى كۆيدۈرۈپ بارگاھنى تاشلاپ قوشۇننى باشلاپ بەنمىن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، چۇڭمېندىكى ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئالغاندىن كېيىن شىمېن㊸ دىكى قوشۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتكەن. جىن سۇلالىسىنىڭ يۈخۇ ئايماقبېگى فېڭ سوڭغا جىنجۈن ۋىلايىتىدە تېگىش قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلالماي، شياڭچېڭ ۋالىيسى سۈي گۇاڭغا فەنچاڭ㊹ ناھىيىسىدە تېگىش قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

بۇنىڭدىن بۇرۇن، يۈگجۇ ئايمىقىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ۋاڭ رۇ، خوۋتۇ، يەن يى قاتارلىقلار چاڭجياڭ، خەنشۈي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا لەشكەر توپلاپ، لىۋ يۈەن بەرگەن مەنسەپنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار شى لانىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن 10 مىڭ لەشكەرنى شياڭچېڭ شەھىرىدە شى لانى توسۇشقا ئەۋەتكەن. شى لا زەربە بىلەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. ھەممە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى پۈتۈنلەي ئەسىر ئالغان. شى لا نەنياڭ㊺ ۋىلايىتىگە يېتىپ بېرىپ ئادەملىرىنى ۋەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تېغىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ۋاڭ رو ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. شى لا ۋەنيېڭ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالغان. ئاندىن كېيىن جەنۇبقا قاراپ شياڭيياڭغا يېتىپ بېرىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى 30 نەچچە قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئېگىلەپ، چاڭجياڭ، خەنشۈي㊻ دەريالىرى ۋادىسىنى بېسىۋېلىش ئىرادىسىگە كەلگەن. شى لانىڭ ئوڭ قول دورغابى جاڭ بىن مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ دەپ نەسىھەت بەرگەنلىكتىن، شى لا قوشۇننى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلغان.

جىن سۇلالىسىنىڭ خەلپەتبېگى، دۇڭخەي بېگى سىمايۆ لوياڭدىكى 200 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ شى لاغا جازا يۈرۈشى قىلغان. سىمايۆ قوشۇن ئىچىدە ئۆلۈپ قالغانلىقتىن لەشكەرلەر ئەمىرى لەشكەر ۋاڭ يەننى ئاساسلىق ئاتامان قىلىپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا كۆرسەتكەن. شى لا قوغلاپ زەربە بېرىپ كۇشيەن ناھىيىسى㊼ دە ئۇلارنى تارمار قىلغان. شى لا ئاتلىق لەشكەرلەرنى قورشاپ ئوقيا ئېتىشقا ئايرىغان. ئۇلار بەس - بەستە ئېگىز يەرگە چىقىپ ۋاڭ يەن ۋە جىن سۇلالىسىنىڭ شياڭياڭ بېگى سىمافەن قاتارلىق بىر يۈز نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سىمايۆنىڭ ۋارىسى - ئوغلى سىماپى ئاتىسى سىمايۆنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ،

لوياڭدىن چىققاندا پۈتۈن شەھەردىكىلەرمۇ بىرگە چىققان. شى لا سىماپىغا قارشى ئۈدۈلدىن كېلىپ، ۋېيساڭ دېگەن يەردە سىماپى قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، سىما ۋە جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان 26 بەگ ۋە ۋەزىر - تۆرىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شى لا ۋاڭ مى، ليۇياۋ بىلەن بىرگە لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، تۆھپىسىنى ۋاڭ مى بىلەن ليۇ ياۋنىڭكى دەپ ھېسابلىغان. ئۇ خۇەنيۇەن[49] دېگەن يەردىن چىقىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى گوشىنى مېڭچېڭ[49] شەھىرىدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سول قانات ئەمىرى لەشكىرى قىلغان. ليۇ سۇڭ شى لاغا قوشۇنلارنى ئىلىكداش ئۇلۇغ سانغۇنى، يۇجۇ ئايماق چوپاندارى، قوشۇمچە بىڭجۇ ئايماقبېگى دېگەن مەنسەپلەرنى بەرگەن. شى لا جاڭ بىننىڭ ھىيلىسىنى قوللىنىپ، رۇنەن[51] گېبېي[52] دېگەن يەردىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ شياڭگو ناھىيىسىنى ئۆزىنىڭ تارخانلىق مەركىزى قىلغان بولۇپ يوۋجۇ ئايمىقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ۋاڭ جۈننى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ليۇ سۇڭ شى لاغا شەندۇڭ گرافى دېگەن مەرتىۋە بېرىپ، جازا يۈرۈشى قىلىش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىش ھوقۇقى ۋە ئايماقبېگى، سانغۇن، ۋالىي، ھاكىم، تۇرلۇك بەگ - تۆرىلەرنى تەيىنلەپ، يىل ئاخىرىدا بىر تۇتاش پادىشاھقا مەلۇم قىلىش ھوقۇقى بەرگەن.

ليۇ سەن جىن جۈن[53] تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، شى لا كۆپچىلىكنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشى ئۈچۈن پىڭياڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغان. ليۇ ياۋ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالغاندىن كېيىن، شى لانى ئۇلۇغ ئەمىرى لەشكەر، ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، توققۇز خىل ئىلتىپات بۇيۇمىنى تەقدىم قىلىپ، 10 ۋىلايەتنى سۇيۇرغال قىلىپ قوشۇپ بەرگەن. بۇنى بۇرۇن بەرگەن 13 ۋىلايەت سۇيۇرغالغا قوشۇپ، مەرتىۋىسىنى جياۋ گۇڭ قىلىپ



ئۆستۈرگەن. شى لا پىڭياڭغا يېتىپ كەلگەندە، جىن مىڭ ئۆرۈش سېپىگە ئاتلىنىپ شى لا بىلەن جەڭ قىلغاندا شى لا ئۇنى مەغلۇپ قىلغان بولۇپ، سول قول دورغاپ ۋاڭ شيۇ، باش دەپتەردار[54] ليۇ ماۋنى غەلىبە خەۋىرى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن. جىن مىڭ پىڭياڭدىكى ئادەملەرنى باشلاپ ليۇ ياۋغا قاراپ پاناھ ئىزدەپ بارغان. ليۇ ياۋ غەربكە چىقىپ سۈيى[55] ناھىيىسىگە بارغان. شى لا پىڭياڭ شەھىرىدىكى ئوردا - سارايلارنى كۆيدۈرۈپ، مۇھاپىزەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرخىل مۇراسىم ۋاستىلىرىنى ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى شياڭگو ناھىيىسىگە ئاپىرىۋالغان. ليۇ ياۋ ئەلچى ئەۋەتىپ، شى لاغا خەلپەت بەگ[56]، قوشۇمچە ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، مەرتىۋىسىنى جياۋ بېگى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئەسلىي بەرگەن 20 ۋىلايەتكە يەنە يەتتە ۋىلايەتنى سۇيۇرغال قىلىپ قوشۇپ بەرگەن. سىرتقا چىقسا قورۇقچىلار يولنى تازىلاپ ھەممىلا ئادەمنى ھەيدىۋېتىدۇ. تاجىغا 12 قاشتېشى تىزىقى سالىدۇ. ئالتە ئات سۆرەيدىغان زەر ھارۋىدا ئولتۇرىدۇ. ۋېي پادىشاھى ۋۇدى[57] ساۋ ساۋنىڭ خەن سۇلالىسىنى يۆلىگىنىدەك بولسۇن دەپ تەمىنات بەرگەن. ۋاڭ شيۇنىڭ ۋاكاتچىسى ساۋپېڭيۇ ليۇ ياۋنىڭ تەيىنلەش يارلىقىنى كۆتۈپ تۇرۇپ، ليۇياۋغا: «ئۇلۇغ ئەمىرى لەشكەرنىڭ ۋاڭ شيۇلارنى ئەۋەتكەنلىكى كۆرۈنۈشتە تولىمۇ سەمىمىي بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئالىيلىرىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈكلىكىنى كۆزىتىش ئىكەن» دېگەن. ليۇ ياۋ ۋاڭ شيۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھالىنىڭ ھەقىقەتەن خاراب ۋە ئىكەنلىكى ئىللەتلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ، ھېلىقى شى لاغا تەمىنات بېرىش توغرىسىدىكى يارلىقنى قايتۇرۇپ، ۋاڭ شيۇنىڭ كاللىسىنى كەستۈرگەن. ليۇماۋ قېچىپ بارغاندىن كېيىن ۋاڭ شيۇنىڭ ئۆلگەنلىك ئىشىنى مەلۇم قىلغان. شى لا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ساۋ پېڭيۇنىڭ ئاتا، ئاكىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،

ئۇنىڭ ئۈچ جەمەت ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆزدىن يوق قىلغان. ئۇ يەنە خەلپەت بەگ ـ جياۋ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىشنى توختاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، سەپراسى ئۆرلەپ: «خان ـ پادىشاھنىڭ چىقىشى ھەر دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. جياۋ بېگى بولسۇن، جياۋ پادىشاھى بولسۇن، ئۆزۈم بولۇۋېرىمەن. بۇنداق نامىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سەنلەر چەكلىيەلەمسەن! » دېگەن. شۇنىڭ بىلەن شى لا ئۆزىنى ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، جياۋ خانى دەپ ئاتاپ، ھېلىقى 24 ۋىلايەتنى جياۋ خانلىقى قىلىۋېلىپ، شۇ يىلنى جياۋ خانىنىڭ 1 ـ يىلى دەپ ئاتىغان. بۇ يىل دەل پىڭشۇن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 318 ـ يىلى) بولغان.

شى لا ئەلچى ئەۋەتىپ توغبات يۇلۇي[58] بىلەن قېرىنداشتەك مۇئامىلىدە بولۇپ سۇلھى تەلەپ قىلغان. توغبات يۇلۇي ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئۆز ئالدىغا ئوردا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، تەڭرىزاتنىڭ دەپ مۇراسىمى ۋە مۇزىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەزىرلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان. لىيېدى[59] 1 ـ يىلى (مىلادىيە 329 ـ يىلى) شى لا يەنە ئەلچى سۇلھى تەلەپ قىلغان. لىيېدى ماقۇل كۆرگەن.

لىيېدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 330 ـ يىلى) شى لا ئۆزىنى ئۆز ئالدىغا خان دەپ ئاتاپ، ھەرخىل ئەمەلدارلارنى قويۇپ، يىلنامىنى جيەنپىڭ قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ گەرچە شياگو شەھىرىنى پايتەخت قىلغان بولسىمۇ، يەنە يېچىڭ شەھىرىدە ئوردا سېلىپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى ھاشارغا تۇتۇپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگۈدەك ياساتقان. لىيېدىنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 333 ـ يىلى) شى لا ئۆلگەن بولۇپ، ئوغلى دايا ئۆز ئالدىغا تەختكە چىقىۋالغان.

شى دايانىڭ ئىسمى ۋېي پادىشاھى شيەنزۇنىڭ نامىغا داغ



كەلتۈرگەن. شى دايا خان بولۇپ، يىلنامىنى يەنشى دەپ بېكىتكەن. شى خۇ شى دايانى خەييانىڭ بېگى قىلىپ تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزۈنىغا قالمايلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

شى خۇ، تەخەللۇسى شى جىلۇڭ بولۇپ، شى لانىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى يۈشېي، ئاتىسى كومى ئىدى. كومىنىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، تۆتىنچىسى شى خۇ ئىدى. شى لانىڭ ئاتىسى شى خۇنى كىچىكىدىن ئۆز ئوغلى قىلىپ بېقىۋالغان ئىدى. شۇڭا شى خۇنى شى لانىڭ ئۆز ئىنىسى دېگىلىمۇ بولىدۇ. شى خۇ جىن سۇلالىسى يۈكسىلىش يىللىرىدا شى لادىن ئايرىلىپ قالغان. يۈڭجيا 5 ـ يىلى (311 ـ يىلى) ليۇكۇن[59] شى لانىڭ ئانىسى ۋاڭ خېنىم بىلەن شى خۇنى گېبېيىغا ئاپىرىپ قويغانلىقتىن ئۇ شى لا بىلەن قايتا بىرگە بولغان. شۇ چاغدا شى خۇ 17 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ مىجەزى ۋەھشىي بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىغا، ئوۋغا بېرىلىپ كەتكەن. ئۇ ھەر ئىككى قولىدا ئوقيا ئاتالايدىغان بولۇپ، رەگەتكە بىلەن ئادەم ئېتىشقا ئامراق بولغانلىقتىن شى لا قوشۇنىدىكىلەر بالايىئاپەت دەپ قارىغان. شى لا ئۆز ئانىسىغا: «بۇ بالا رەھىمسىز ھەم مۇتتەھەم ئىكەن. ئەسكەرلىرىمگە ئۇنى ئۆلتۈرگۈزسەم سېسىق نامغا قالغۇدەكمىز. ئۇنى ئۆزىمىز يوقىتايلى» دېگەندە، ۋاڭ خېنىم «ئوبدان ئۆكۈز موزاي چېغىدىلا ھەمىشە ھارۋىنى سۇندۇرىدۇ. چىداپ ئۇنى تاشلاپ قويمايلى» دېگەن. شى خۇ 18 ياشقا كىرگەندە، بويى يەتتە چى، بەش سۇڭغا يەتكەن بولۇپ، ئات چاپتۇرۇشقا، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. شۇ زاماندا بىرىنچى قاتاردىكى باتۇرلاردىن ئىدى. سەركەردە سانغۇنلار ۋە تۇغقانلاردىن ئۇنى ھۆرمەتلىمەيدىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن قورقمايدىغىنى يوق ئىدى. شى لامۇ ئۇنى خېلى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى ھەددىدىن بەكلا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇندا ئۆزگە تەڭ كەلگۈدەك

قاراۋۇللار بولۇپ قالسا ئۇنى ئۇۋغا بىرگە ئېلىپ چىقىپ چاقچاق قىلغان بولۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قورغان ـ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان چاغلاردا ئۇ مەيلى ياخشى، مەيلى يامان پەرقلەندۈرمەيلا ئەر بولامدۇ ئايال بولامدۇ ھەممىسىنى بىردەك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا تىرىك قالغانلار تولىمۇ ئاز بولغان، ئۇ كۆپچىلىكنى قاتتىق ھەم رەتلىك ئىدارە قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى، ھۇجۇم قىلىش ۋە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بارسا توسالغۇسىز ئىلگىرىلەيتتى. شۇڭا شى لا ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئىشىنىپ كېتىپ، مەخسۇس ھەربىي يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىلىرىگە قويغان.

لىيۇ سۇڭ شى خۇنى ۋېيچۈن ۋالىيسى قىلىپ، يېچىڭ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئۈچ مەھكىمىگە باسقاق قويغان، يەنە ئۇنىڭغا فەنياڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، 3 مىڭ ئائىلىلىك بازارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. شى لا جياۋ خانى بولغاندا شى خۇنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى قىلىپ، قوشۇمچە شىغاۋۇل، چارپانسات ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەپ، مەرتىۋىسىنى جۇڭسەن گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرگەن. شى لا خانلىق تەختكە چىققاندا شى خۇنى ئەمىرى لەشكەر قىلىپ، دىۋان ۋازارىتىگە مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا جۇڭسەن بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ 10 مىڭ ئائىلىلىك بازارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن.

شى لا ئۆلگەندە، شى خۇ ئۆز ئالدىغا ئوڭ قول كېڭەش بېگى چىڭ شيا، ھۆددىچى شيۇ گۇاڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئوغلى شى سۇينى لەشكەر باشلاپ شى دايانىڭ ئوردىسىغا كىرىشكە ئەۋەتكەن، نۆۋەتچىلىك ۋە قوروقچىلىق قىلىۋاتقان ھەربىي ـ مۇلكىمۇ ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەن. شى دايا تازا قورقۇپ كېتىپ، ئۆزلۈكىدىن ھال ـ ئەھۋالىم تېخى ياخشى ئەمەس ھەم تېنىم ئاجىز دەپ خانلىق تەختىنى شى خۇغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن، دېگەن. شى خۇ: «ئەگەر سىز ھۆددىسىدىن چىقالمىسىڭىز،



جاھاندا بۇنى جامائەتچىلىك ئاجرىتىدۇ. ئارتۇقچە سۆز ـ چۆچەك قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ شى دايانى تەختكە چىقىشقا مەجبۇرلىغان. شى خۇ ئۆزى باش ۋەزىر ۋېي بېگى بولۇۋالغان. شى خۇ شى لانىڭ كونا ھەربىي ـ مۇلكى ۋەزىرلىرىنى ئەمىر، ۋەزىرگە ياردەملىشىدىغان يېنىك ۋەزىپىلەرگە قويغان. ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە سەپداش، قول ئاستىدىكىلىرىنى بىردەك ۋازارەت، مەھكىمىلەر ۋە ئوردىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىگە قويغان. ئۇ شى لا نىڭ تەخت ۋارىسى ئوردىسىنى، تەلىماتىنى ئىززەتلەش ئوردىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، شى لانىڭ خوتۇنى لىيۇ خېنىمنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. شى لا ئوردىسىدىكى چىرايلىق ئاياللار ۋە ئوبدان ئات، ھارۋا، لاۋازىم، نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شى خۇنىڭ قەسرىگە ئاپىرىپ قويغان. لىيۇ شى خېنىم پىڭچىڭ بېگى شى كەنگە: «باش ۋەزىر مۇشۇنداق خارلىسا، خانلىق ئورنىمىزنىڭ يوقىلىشىغا ئۇزۇن قالمىغاندەك قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن يولۋاس بېقىپ چوڭ قىلىپ ئاخىرى ئۆزىمۇ يەم بولدى دېگەن شۇ دە. سىلى مۇشۇ ئەبلەخنى قانداق يوقاتماقچىلا؟» دەپ سورىغان. شى كەن: «مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ كونا ۋەزىرلىرى بىردەك چەتكە قېقىلدى. مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ئەمدى بىزگە قارىمايدۇ. ئوردا ئىچىدە قوللانغىدەك چارە قالمىدى. پېقىر پايتەختتىن چىقىپ يەنجۇ ئايمىقىغا قېچىپ بېرىپ لىنچۇ ناھىيىسىنى ئىگىلەپ، نەنياڭ بېگى شى خۇينى ئىتتىپاق ئىگىسى قىلىپ يۆلەپ، خانئانا ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ۋالىي، چوپاندار ۋە قورغان باسقاقلىرىغا ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتچى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىپلاس ئوغرىغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى بۇيرۇساق، قۇتقۇزۇشۇپ بەرمەي قالمايدۇ» دېگەن. لىيۇ خېنىم ماقۇل كۆرگەن. بىراق شى كەننىڭ پىلانى ئىشقا ئاشمىغان. شى خۇ ئۇنى ئوتقا قاقلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. لىيۇ

خېنىمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شى شىڭ ئاۋۋال چاڭئەننى بېسىۋېلىپ، شى لاڭ[60] لوياڭنى بېسىۋېلىپ بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ شى خۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان. ئەمما شى خۇ تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

شۇنىڭ بىلەن شى خۇ ئۆزىنى ئۇلۇغ جاۋ خانى دەپ ئاتاپ، يىلنامىسىنى جيەنۋۇ قىلىپ بېكىتىپ، پايتەختنى شياڭگودىن يېچېڭ شەھىرىگە كۆچۈرگەن. ئارقىدىنلا شى دايا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى چېڭ خېنىمنى شۇنىڭدەك شى دايانىڭ ئىنىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. دەسلەپتە شى خۇ خانلىق تاج ۋە كىيىم كىيىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىغا چىقىپ نەزىر - چىراغ قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى باشسىزدەك كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆزىنى تۆۋەنرەك كۆرۈپ خان دەپ ئاتىغان. ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى شى سۈيگە دىۋان ۋازارىتى يوللىغان ئىشلارنى بېجىرىپ قويۇشنى تاپشۇرۇپ، پەقەت ۋالىي، چوپاندارلارنى تاللاش، شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ، نەزىر - چىراغ قىلىش، جازايۈرۈشى قىلىش، ھۆكۈم جازا ئىشلىرىنى ئۆزى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلىگەن. شى خۇ يەنە ئۆزىنى ئۇلۇغ جاۋ تەڭرىخانى دەپ ئاتىۋالغان. شى سۈي بىرەر ئىشنى مەلۇم قىلسا، شى خۇ خاپا بولۇپ : «بۇ كىچىك ئىش، ماڭا مەلۇم قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ! » دېگەن. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ بىرەر ئىشنى سوراپ قالسا، شى خۇ يەنە بىكارغىلا ئاچچىقلىنىپ: «نېمىشقا ماڭا مەلۇم قىلمايسەن! » دەپ ئەيىبلەپ دۇمبالىغان. بۇنداق ئىشلار قايتا - قايتىلاپ يۈز بەرگەنلىكتىن شى سۈينىڭ غەزىپى كېلىپ كېلىپ ئاتىسىغا نەپرەتلىنىپ، يوشۇرۇن ھالدا ۋەلىئەھد شىغاۋۇلى لى يەن قاتارلىقلارغا: «تەڭرى خاننى رازى قىلماق قىيىن ئىكەن. مەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قىلىقىنى يولغا قويماقچىمەن. سىلەر ماڭا ئەگىشىپ ئىش قىلامسىلەر؟ » دېسە،



لى يەنلەر گەپ يورغىلىتىپ جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىغان. شى خۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، شى سۈي ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەر - ئاياللاردىن بولۇپ 26 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بىر گۆرگە تىقىپ كۆمۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئوردا ۋەزىرلىرى ۋە پىرقە ۋەزىرلىرىدىن 200 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاندىن ئىككىنچى ئوغلى شى شۈەننى تەخت ۋارىسى قىلىپ تۇرغۇزغان.

شى خۇ يېچېڭ شەھىرىدە 40 نەچچە مەھكىمە، كۆزەتخانا سالدۇرۇپ، چاڭئەن، لوياڭ ئىككى شەھەردە ئوردا ياسىتىشقا 400 نەچچە مىڭ كىشىنى ھاشارغا تۇتقان. ئۇ يەنە يېچېڭ شەھىرىدىن شياڭگو شەھىرىگىچە ئاسما يول ياسىماقچى بولغان. ئۇ «خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت ئايماق جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنى تەييارلىسۇن. «بىڭجۇ، سۈجۇ، چىنجۇ، يۇڭجۇ ئايماقلىرى غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنى تەييارلىسۇن. چىنجۇ، جىجۇ، يۈجۇ ئايماقلىرى ئۈچ ئادەمدىن ئىككى ياكى بەش ئادەمدىن ئۈچ ئەسكەر چىقىرىپ قوشۇننى زورايتسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. ھەرقايسى ئايماقتا دۇبۇلغا - ساۋۇت ياسايدىغانلارنىڭ سانى 500 مىڭغا يەتكەن. ئەل پۇقرالار - ئارام تاپالماي، ئاۋام خەلق ئىشتىن قالغان. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلار خەلقنىڭ 3/10 قىسمىنى تەشكىل قىلغان. 170 مىڭ كېمىچى سۇدا ئۆلگەن، يولۋاسنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىرى 1/3 قىسىمغا يەتكەن. باج - سېلىق ئېلىش جەھەتلەردە ئەسكەرلەرنىڭ سانى بويىچە ھەر بەش كىشىگە بىردىن ھارۋا، ئىككى كالا، ھەربىر كىشىگە 15 پاتمان ئاشلىق، 10 توپ شايى تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن. ئالۋان - سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلارنى بىردەك ئۆلتۈرەتتى. نامرات ئاۋام خەلقتىن كۆپىنچىسى بالىلىرىنى سېتىپ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تەييارلايتتى، شۇنداق قىلغاندىمۇ يەنە تولۇق ئورۇندىيالمىغانلار يول بويىدا ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋالاتتى.

ئۆلۈپ قالغانلار پات - پات كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن باج - سېلىق ئېلىش ۋە ھاشارغا تۇتتۇش ئىشلىرى يەنىلا توختىتىلمىدى. تەيۋۇ سارىيى پۈتكەندە، تاملىرىغا سىزىلغان سادىق ۋەزىرلەر، ۋاپادار بالىلار، تۆھپىدارلار ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ رەسىملىرى بىردەك غۇزلارنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىپ، باشلىرى مۈرىلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، شى خۇ ئۇنى بەكمۇ يامان كۆرگەن.

شى خۇ ئەمىرى شىكار كەپتاۋۇلى جيابانى كەسپى ھۇنەرۋەنلەردىن 4 مىڭ كىشىنى باشلاپ، دۇڭپىڭ ۋىلايىتى[61] گاڭسەن تېغىدا 1000 دانە ئوۋچىلىق ھارۋىسى ياساشقا بۇيرۇغان. بۇ ھارۋا شوتىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 جاڭ، ئېگىزلىكى 1 جاڭ 8 چى كەلگەن، ئۇنىڭدىكى تورنىڭ ئېگىزلىكىمۇ 1 جاڭ 7 چىغا يەتكەن؛ يەنە 40 دانە شادا ساندۇقلۇق ھارۋا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قەۋەتلىك كۆچمە ئۆي ياساتقان. جەنۇبتا شىڭياڭ [62]غىچە، شەرقتە ياڭدۇ[63]غىچە بولارنى ياساپ پۈتتۈرۈشكە تەيتىش بېگى نازارەتچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇش، ھايۋانلارغا چېقىلىدىغان پۇقرا بولسا، ئۆلۈم جازاسىغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن بولۇپ قالغان. تەيتىش بېگى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن زوراۋانلىق قىلىپ دەۋر سۈرگەن. خەلق ئارىسىدا چىرايلىق قىز - ئاياللار، ياخشى ئات - كالىلار بولۇپ قولغا چۈشۈرەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنى ھايۋانلارغا چېقىلدى دەپ تۆھمەت قىلغان. بىگۇناھ پۇقرالاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارقىمۇ ئارقا كۆپەيگەنلىكتىن، شەرقىي دېڭىز بويلىرىدىن تەيسەن تېغىغىچە، خۇاڭخې دەرياسىدىن جىشۇي دەرياسىغىچە[64] خەلق ئارام تاپالمىغان. يەنە خەلق ئىچىدىن 20 مىڭ تۇياق ئۆكۈز يىغىپ، سۇجۇ ئايمىقىدا چوپاندار سەپلەپ ئۇنى باشقۇرۇشقا قويغان. 24 دەرىجىلىك ئاياپ ئەمەلدار، بۇنىڭدىن شەرقىي ئوردىغا 12 دەرىجىلىك ئەمەلدار كۆپەيتىپ قويغان.



ھەرقايسى گۇڭ - بەگلەر، 70 نەچچە سۈيۈرغاللىقمۇ توققۇز دەرىجىلىك ئايال ئەمەلدار كۆپەيتىپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال خەلق ئارىسىدىن 20 ياشتىن تۆۋەن، 13 ياشتىن يۇقىرى قىزلاردىن 30 مىڭنى يىغىپ، ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ، ئەمەلدارلارنىڭ قەسىرلىرىگە تەقسىم قىلغان. ۋالىيمۇ، ھاكىملار ئۆزى تەمە قىلغاننى كۈتۈپ خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن، چىرايلىق ساھىبجامال قىز تېپىپ بېرىمەن دەپ خەقنىڭ توققۇز مىڭدىن ئارتۇقراق خوتۇنىنى تارتىۋالغان. خەلق ئارىسىدا چىرايلىقراق ئايال بولسىلا، مۆتىۋەر - ھوقۇقلۇق بولغانلار تەھدىت سېلىپ تارتىۋالغان. بۇنىڭدىن كۆپىنچىسى شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈۋالغان. ۋەلىئەھد، بەگلەر خەلقتىن ئۆز ئالدىغا يوشۇرۇن يىغىۋالغان قىز - ئاياللارمۇ 10 مىڭغا يېقىن بولغان.

دەي خانى جاۋ چىڭدىنىڭ جيەنگو 9 - يىلى (مىلادىيە 346 - يىلى) شى خۇ ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا ھەدىيە سۇنغان.

شى خۇ ئۆزىنىڭ ۋەلىئەھدى شى شۈەن ۋە شى شۈەنىڭ ئىنىسى چىن گۇڭى شى تاۋنى كۈن ئارىلاپ نۆۋەت بىلەن دىۋان ۋازارەتتى يوللىنغان ئىشلارنى بېجىرىپ بېرىدۇ، دەپ بۇيرۇغان. شى شۈەن شى تاۋنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئىش كۆرۈشنى يامان كۆرۈپ، خۇشامەتچى ياڭ بېي، موچىڭلارغا: «سىلەر شى تاۋنى ئۆلتۈرۈڭلار، مەن غەربىي ئوردىغا[65] كىرسەم، شى تاۋنىڭ سۈيۈرغاللىقىدىكى يەرلەرنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن. شى تاۋ ئۆلسە خان ئۆزى بىۋاستە دەپنە قىلىشقا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرسەك ھېچكىم ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ. چوڭ ئىشىمىز پۈتىدۇ - دە» دېگەن. ياڭ بېيلار ماقۇل دەپ، شۇ كېچىسىلا شى تاۋنىڭ قەسىرىگە كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شى خۇ ئوردىدىن چىقىپ شى تاۋنى دەپنە قىلىشقا قاتناشماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ئەمىرى مىمارى لى نۇڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇۋالغان. ئەتىسى بەزىلەر ھېلىقى ئىشنى پاش قىلغان. شى خۇ دەرغەزەپ

بولۇپ، تۆمۈر ھالقا بىلەن شى شۇەننىڭ ئېڭىكىنى تېشىپ سولاپ قويغان بولۇپ، نەچچە كۈرە ئاشلىق پاتىدىغان ئۆكۈز ياسىتىپ، ئۇنىڭغا سۇيۇقئاش قويۇپ، چوشقا ـ ئىت باققاندەك شى شۇەنگە يېگۈزگەن. شى تاۋغا زىيانكەشلىك قىلغان قىلىچ ـ تاياقنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قاننى شى شۇەنگە يالاتقان. شى شۇەن زارلاپ ۋايسىغان ئاۋازى ئوردا سارايىنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. شەھەرنىڭ شىمالىغا ئوتۇن دۆۋىلىنىپ، ئۈستىگە تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غالتەك باغلاپ ئارغامچىنى غالتەكتىن ئۆتكۈزۈپ شى شۇەننى تۈۋرۈك تۈۋىگە ئاپارغۇزۇپ، شى تاۋنىڭ يېقىن ھەرەم ئاغىلىرىدىن خاۋيا، ليۇ لىڭلارغا شى شۇەننىڭ چاچلىرىنى يۇلدۇرۇپ، تىلىنى تارتقۇزۇپ، ئارغامچا بىلەن ئىككى ئېڭىكىنى تېشىپ غالتەك بىلەن تۈۋرۈك ئۈستىگە ئاستۇرغان. ليۇ با ْشى شۇەننىڭ قول ـ پۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ، كۆزىنى ئويۇپ، قورسىقىنى شى تاۋنى ئۆلتۈرگەندە يارىلانغاندەك چانىۋەتكەن. ئاندىن كېيىن تۆت تەرىپىدىن ئوت قويغۇزغان. ئىس ـ تۈتەك ۋە ئوت يالقۇنى كۆككە تاقاشقان. شى خۇ بانۇ ـ غۇنچىچىلەردىن تۆۋەن نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ ھەرەمدىكى پەشتاقتا چىقىپ قاراپ تۇرغان. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، ئوتنىڭ كۈلىنى ئېلىپ ھەرقايسى قوۋۇقلار ئالدىدىكى تۆت كوچىغا چېچىۋەتكەن. شى شۇەننىڭ بالا ـ چاقىلىرىدىن 29 كىشىنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى 300 كىشى، 50 ھەرەم ئاغىسىنى ھارۋا بىلەن پارچىلاش، نەچچە پارچە قىلىپ چاناش، جاڭشۇي دەرياسىغا تاشلاش قاتارلىق چارىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شى شۇەن ئولتۇرغان شەرقىي ئوردىنى كولاپ، ئىچىدە ئۇي، چوشقا باققۇزغان.

دەي خانى جاۋ جىڭدىنىڭ جيەنگو 12 ـ يىلى (مىلادىيە 349 ـ يىلى) شى خۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، يىلنامىسىنى تەيىنىڭ دەپ بېكىتكەن.



شى خۇ ئۆلگەندە، كىچىك ئوغلى شى شى ئۆز ئالدىغا تەختكە چىققان. شى خۇ بېقىۋالغان نەۋرە شى مىن شى شىنى ئۆلتۈرۈپ، شى ئىنىڭ ئاكىسى شى زۈننى تەختكە چىقارغان. شى زۈن شى مىننى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ ئۆزىگە ياردەملەشتۈرگەن. شى زۈن تەختكە چىققىنىغا يەتتە كۈن بولغاندا، بورانىنىڭ چىقىشى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشى تەڭ كېلىپ، كۆپ ـ كۈندۈزدە ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، ئوت ۋە سۇ ئاپەتلىرى بىرلا چاغدا كۆرۈلگەن. ئوت ئاۋۋال تەيۇۋ سارىيىغا تۇتاشقان بولۇپ، ئاندىن ئوردا ھەرەمدىكى مەھكىمە ـ خەزىنىلەرگە تۇتىشىپ چاڭخېمىن قوۋۇقىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلۇغ ئوت بىر ئايچە ۋاقىتتا ئاران ئۆچۈرۈلگەن.

شى زۈننىڭ ئاكىسى شى جەن يەنە شى زۈننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەختكە چىقىۋېلىپ، يىلنامىسىنى چىڭلوڭ قىلىپ بېكىتكەن. شى جەننىڭ ئىنىسى شى باۋ غۇزدىن جاڭسەي، سۈن فۇدۇ قاتارلىقلار بىلەن شى مىننى قەستلىمەكچى بولۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. فېڭياڭ ْقوۋۇقىدىن كۈنخۇا سارىيىغىچە جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىشىپ كەتكەن. قان ئېقىن بولۇپ ئاققان. شى مىن ئۆزىنىڭ غۇزلىرىدىن پايدىلىنالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يېچىڭ شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى قوۋۇقلارنى يېپىۋېلىپ، غۇزلارنى قىرىۋەتكەن. خەنزۇلاردىن قىياپىتى غۇزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى غۇزلار قاتارىدا قالايمىقان ئۆلتۈرۈلگەن. شى مىن شۈنىڭ بىلەن شى جەننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەختكە چىقىۋالغان بولۇپ، شى فامىلىلىك پۈتۈن بىر جەمەتنى يوقىتىۋەتكەن.

شى مىن ئەسلىي رەن فامىلىلىك بولغاچقا ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۆز خانلىقىنى ئۇلۇغ ۋېي دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى يۇڭشىڭ دەپ بېكىتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ مورۇڭ جۈن تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن.

تۇغبات لىيۇ خۇ جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ پۇشتى بولۇپ، سول قول بىلىكخان چۆپىنىڭ نەۋرىسى، شىمالىي ئۇلۇس سەردارى لىيۇ مىڭنىڭ جىيەن ئوغلى بولۇپ، شىشىڭ ۋىلايىتى لۇسى⑥⑥ نىڭ شىمالىغا ئولتۇراقلاشقان. ھونلار ئاتىسى غۇز، ئانىسى سىيانپىيدىن بولغانلارنى تۇغبات ھونلار دەپ ئاتايدىغان بولغاچقا، ئۇ «تۇغبات» دېگەن سۆزنى ئۆزىنىڭ تەخەللۇسى قىلغان. لىيۇ مىڭ ئۆلگەندە، ئوغلى لىيۇ خۇلۇن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن. لىيۇ خۇنىڭ ئاتىسى گاۋ شىڭيۇەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن قەبىلىگە باشلىق بولغان. گاۋ شىڭيۇەن شۇندۇ دەپمۇ ئاتالغان. گاۋ شىڭيۇەن ئۆلگەندە لىيۇ خۇ ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان. لىيۇخۇ يەنە «ئۇلۇغ» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ دەسلەپتە ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان تۇغبات قەبىلىلىرىگە بېقىنغانىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلە كۆپ دەپ تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاسىيلىق قىلغان. پىڭچېڭ⑥⑦ بىلەن جىن سۇلالىسىنىڭ بىڭجۇ ئايماقبېگى لىيۇ كۇن بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلغان. لىيۇ خۇ قېچىپ بېرىپ سۇفاڭ ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ لىيۇ سۇڭغا بېقىندى بولغان. لىيۇ سۇڭ لىيۇ خۇنى ئۆزى بىلەن بىر جەمەتتىن بولغان دەپ ئۇنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، سىيانپىي ھەربىي ئىشلار نازىرى، دىڭلىڭلار ئەمىرى نۆۋكىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ قايتىدىن خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربكە بېسىپ كىرگەندە پىڭچېڭ قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان. لىيۇخۇ چېكىنىپ قورۇلنىڭ سىرتىغا كەتكەن. دەي خانى جاۋ جىڭدى تەختكە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا لىيۇ خۇ يەنە غەربىي قىسىمغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ كىرگەندە، دەي خانى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنى يەنە تارمار قىلغان. لىيۇ خۇ ئۆلگەندە ئوغلى لىيۇ ۋۇخۇەن ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ قەبىلىگە باش بولغان بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ دەي خانىغا بويسۇنىدىغان بولغان.



لىيۇ ۋۇخۇەننىڭ يەنە بىر ئىسمى لىيۇ باۋزى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىرقى - قەبىلىداشلىرىنى يىغىپ، ھەرقايسى ئۇلۇس - قەبىلىلەرگە باشلىق بولغان. ئۇ يوشۇرۇن ھالدا شى خۇ بىلەن ئالاقىلاشقان بولۇپ، شى خۇ ئۇنى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىگەن.

لىيۇ ۋۇخۇەن ئۆلگەندە ئىنىسى لىيۇ ئۆلۇتۇ ۋاكالىتەن ھوقۇق تۇتۇپ، ئاسىيلىق قىلىپ تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان. بۇ ئىش مۇقەددىمىدىمۇ خاتىرىلەنگەنىدى. كېيىن لىيۇ ۋۇخۇەننىڭ ئوغلى لىيۇ شەۋچى ئۆلۇتۇنى قوغلىۋېتىپ ئۆزى تەختكە چىقىۋالغان. شەۋچى ئۆلگەندە ئىنىسى لىيۇ ۋېيچېن ئورنىغا تەختكە چىقىۋالغان. كېيىن ئۆز ئوغلىنى دەي خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. دەي خانى جاۋ جىڭدى قىزىنى ۋېيچېنغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. ۋېيچېن يوشۇرۇن ھالدا فۇجيەن بىلەن ئالاقە باغلىغان. فۇجيەن ئۇنى سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ فۇجيەندىن ئىچكىرى جايلاردا يەر ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئەتىيازدا شۇ يەرگە بېرىپ كۈزدە قايتىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان. فۇجيەن ماقۇل كۆرگەن. كېيىن ۋېيچېن فۇجيەننىڭ چېگرا خەلقىدىن 50 نەچچە كىشىنى بۇلاپ كېتىپ، قۇل دېدەك قىلىپ فۇجيەنگە تەقدىم قىلغان بولۇپ، فۇجيەن ئۇنى قايتۇرۇۋەتكەن. ۋېيچېن شۇنىڭ بىلەن فۇجيەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، بىر نىيەتتە دەي خانلىقىغا بېقىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ فۇجيەنگە جازا يۈرۈشى قىلغان. فۇجيەن ئۆزىنىڭ خىسلەت ساقلىغۇچى سانغۇنى دېڭ چياڭنى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرگەن.

فۇجيەن ئۆزى بىۋاسىتە سۇفاڭ ۋىلايىتىگە بېرىپ، لىيۇ ۋېيچېننى شيا ياڭ گۇڭى قىلىپ تەيىنلەپ ئۆز ئۇلۇس - قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن. لىيۇ ۋېيچېن

فۇجيەننىڭ ئۆزىنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ قايتىدىن فۇجيەنگە بېقىندى بولغان. گەرچە ئۇ دەي خانلىقىغا ئۇزۇلدۇرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق - سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن سەممىيەت بىلەن ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرۈشى يېتەرسىز بولغان دەي خانى جاۋ چىڭدى ليۇ ۋېيچېنغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇنى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلە - ئۇلۇسلارنىڭ $\frac{6}{10}$ — $\frac{7}{10}$ قىسمىنى بويسۇندۇرغان. ليۇ ۋېيچېن قېچىپ فۇجيەننىڭ قېشىغا بېرىپ پاناھ تىلىگەن. فۇجيەن ئۇنى سۇفاڭ ۋىلايىتىگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ قوغداپ قالغان. دەي خانى جاۋ چىڭدى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا (مىلادىيە 376 - يىلى) ليۇ ۋېيچېن فۇجيەننىڭ قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبىي چېگرىغا بېسىپ كىرگەن بولۇپ، دەي خانىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. فۇجيەن شۇنىڭ بىلەن ئەلنى ئىككى بۆلۈپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى ۋېيچېنغا تاپشۇرغان. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ليۇ كۇرېننىڭ قولىغا تاپشۇرغان. بۇ ئىش «يەن فىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلەنگەنىدى. كېيىن فۇجيەن ۋېيچېننى غەربىي تەگرىقۇت قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئۇلۇس - قەبىلىلەرنى تىزگىنلەشكە قويۇپ، دەيلەي قەلئەسىدە[69] ئولتۇراقلاشتۇرغان.

مۇيۇڭ چاڭزى[70] ناھىيىسىنى ئىگىلىگەندە ليۇ ۋېيچېننى خىسلەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتقۇچى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ھەربىي ئىشلارغا تۇتۇق بولغان ئۇلۇغ سانغۇن، سۇجۇ ئايماقبېگى قىلىپ، سۇفاڭ ۋىلايىتىگە ئولتۇراقلاشتۇرغان. ياۋ چاڭمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ۋېيچېننى خىسلەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتۇپ، شىمالدىكى ھەرقايسى قەبىلە - ئۇلۇسلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا



تۇتۇق بولغان ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەگرىقۇت، خېشى بېگى، يۇجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن ئۇ پات - پات چېگرا رايونىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ زىيان كەلتۈرگەن.

دېڭگو يىللىرىدا ۋېيچېن ئوغلى جىلتىنى جەنۇبقا بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ قوشۇنىدا 80 - 90 مىڭ كىشى بولۇپ، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋدى) قوشۇنىنىڭ 5 - 6 مىڭ كىشىسىنى قورشىۋالغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋدى) ھارۋىلار بىلەن تۆت چاسا بارگاھ ياساپ، ھەم ئۇرۇش قىلىپ ھەم ئالغا ئىلگىرىلەپ تۇرغان بولۇپ، جىلتە قوشۇنىنى تېچىسەن تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تارمار قىلغان. جىلتە يالغۇزلا ئاتلىق قېچىپ كەتكەن. پادىشاھ قوشۇنى شۇنىڭ بىلەن ۋېيچېن ئولتۇراقلاشقان ياپيان[71] قەلئەسىگە يېتىپ بارغان. ۋېيچېن ئاتا - بالا ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كەتكەن. پادىشاھ سانغۇنلارنى ئايرىم - ئايرىم يېنىك چەۋەندازلار بىلەن قوغلاشقا ئەۋەتكەن. چېنلىيۇ گۇڭگى يۈەن چەن جەنۇبقا قاراپ قوغلاپ بەييەن كۆلىگىچە[72] بېرىپ ۋېيچېننىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئەسىرگە ئالغان؛ سانغۇن يى ۋېي مۇگىن[72] تېغىغىچە قوغلاپ بېرىپ جەلتىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قورشىۋالغان. ۋېيچېن يالغۇز قېچىپ يۈرۈپ، ئۆز قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، كاللىسى ۋاقىتلىق ئوردىغا ئەۋەتىلگەن. بۇ ئۇرۇشتا پادىشاھ قوشۇنى 4 مىليون تۇياقتىن ئوشۇقراق ئات، كالا، قوي ئولجا ئالغان. بۇ ئىشتىن بۇرۇن خۇاڭخې دەرياسى سۈيى قانداق قىپقىزىل بولۇپ، ۋېيچېن بۇنىڭدىن بىزار بولغانىدى. كېيىن ۋېيچېن ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئۇلۇسى ۋە جەمەتىدىكىلەر ئۆلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرياغا تاشلانغان. ۋېيچېننىڭ 3 - ئوغلى چۇجە بولۇپ، سىرگەن قەبىلىسىنىڭ ئەمىر ئۇلۇسى تەيشىخۇغا پاناھ ئىزدەپ بارغان.

چۇجە، ئەسلى ئىسمى توغبات بوبو ئىدى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (مىڭيۈەندى) ئۇنىڭ ئىسمىنى چۇجە قىلىپ ئۆزگەرتكەن. چۇجە دېگەنلىك پەسكەش دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەيشىخۇ ئۇنى ياۋ شىڭغا ئاپىرىپ بەرگەن. ياۋ شىڭنىڭ قارىمىقىدىكى گاۋ پىڭ گۇڭى پاتروما گېيۇز قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. چۇجەنىڭ بويى سەككىز چى بەش سۇڭ كېلىدىكەن. ياۋ شىڭ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇنى شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن، قوشۇمچە مىراقۇلبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا دائىم قاتناشتۇرۇپ، كونا خىزمەتكارلىرىدىنمۇ بەكرەك ئىلتىپاتقا ئىگە قىلغان. ياۋ شىڭنىڭ ئىنىسى جىنەن گۇڭى ياۋ يۇڭ ياۋشىڭغا: «چۇجە باغرى تاش ئادەم بولۇپ، ئۇنى يېقىن ئادەم ئورنىدا يېتىشتۈرۈش تەس. ئۇنىڭغا بەكرەك ئىشىنىپ كەتكەن بولسىلا، ۋەزىر - ۋۇزرالار باشقىچە ئويلاپ قالىدۇ» دېگەندە ياۋ شىڭ: «چۇجە جاھاننى قۇتقۇزغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا، مەن ئۇنى قول ئاستىدا ئىشلىتىۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جاھاننى تىنچىتسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟» دېگەن. ئۇ جۇجىنى يىراق جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ياڭچۈەن بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، ماگېيۇرگە ياردەملىشىپ گاۋپىڭ قورغىنىنى قوغداشقا قويغان.

كېيىن يېچېڭ، سۇفاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت ئۇلۇسلىرى ۋە ئەسلىدە ۋېيچېننىڭ قارىمىدىكى ئۇلۇس - قەبىلىلەرنىڭ 30 مىڭ ئاھالىسىنى چۇجىنىڭ قول ئاستىغا سەپلەپ بېرىپ، ئۇنى چېگرا جايلارنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە غۇلغۇلا بولغاندا، ياۋ يۇڭ مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قەتئىي توسقان. ياۋ شىڭ: «سەن قانداقسىگە ئۇنىڭ خۇي-مىجەزىنى بىلەلىدىڭ؟» دېگەندە ياۋ يۇڭ: «چۇجە ئۆزىدىن يۇقىرىلار — چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندا تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ.



كۆپچىلىكنى ئىدارە قىلىشتا رەھىمسىز، نەپسانىيەتچى ھەم ۋەھشىي بولغاچقا ھېچكىمنى يېقىن كۆرمەيدۇ. بىراۋغا يېقىندى بولۇشىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشىمۇ ئاسان. ئۇنى ئىززەتلەۋېرىدىغان بولساق ئاخىرى بېرىپ ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ياۋ شىڭ بۇ توغرىدىكى غۇلغۇلىنى توختىتىپ، چۇجىنى خىسلەتلىك سىمۇۋلىنى تۇتۇپ، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، ۋۇ يۈەن گۇڭى قىلىپ تەيىنلەپ، سەنجاۋ دېگەن يەردىكى سىيانپىيلارنىڭ بەش ئۇلۇسى، 20 نەچچە مىڭ قابىل كىشىسىنى ئۇنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ شۇفاڭ ۋىلايىتىنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۋۇدى) دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا توغبات چۇجە ئۇشتۇمتۇت ماگېيۇرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قوشۇۋالغان بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئۆزىنى ئۇلۇغ شيا تەڭرىخانى دەپ ئاتاپ، يىلنامىسىنى لوڭشىڭ قىلىپ بېكىتىپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. ياۋ شىڭ شۇنىڭ بىلەن پۇشايمان قىلغان. تويا چۇجە ئۆز فامىلىسىنى توغبات ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى قۇلان دەپ ئۆزگەرتكەن. «قۇلان» دېگىنى ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تەڭرى - ئاسمان بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تارماق جەمەتلىرىنى تۆمۈر فامىلىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنى تۆمۈردەك قاتتىق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، باشقىلارغا ھۇجۇم قىلالايدۇ، دېگەن.

لىيۇ يۈ چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، قۇلان چۇجە خەۋەر تېپىپ خۇشال بولۇپ: «ياۋ خۇڭ لىيۇ يۈگە تاقابىل تۇرالامدۇ؟ لىيۇ يۈ چوقۇم ئۇنى يوقىتىدۇ. لىيۇ يۈ كەتكەندىن كېيىن مەن يولدا چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېرىۋالغاندەك چاڭئەننى ئىگىلىۋالىمەن» دېگەن. شۇڭا ئۇ ئەسكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇپ، جەڭگە جىددىي

تەييارلىق كۆرگەن. ليۇ يۇ ياۋ خۇڭنى تۇتۇپ، ئۆز ئوغلى ليۇ يىجىننى چاڭئەننى قوغداشقا قالدۇرۇپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇلان چۇجە يۈرۈش قىلىپ ليۇ يىجىننى تارمار قىلغان. كەسكەن كاللىلارنى توپلاپ دۆۋىلەپ «ئىسكىلىت پەشتىقى» دەپ ئاتاپ پايتەختتە ئالاھىدە بىر ھادىسە پەيدا قىلغان. ئارقىدىنلا ئۇ باشاڭ[74] دېگەن يەردە ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولۇپ يىلنامىسىنى چاڭۋۇ دەپ بېكىتكەن. تۇڭۋاڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ئابىدە تاش تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە مېھرىبانلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان ماقالە ئويدۇرغان. ئۇ يەنە چاڭئەن شەھىرىنى جەنۇبىي پايتەخت قىلغان.

قۇلان بوبو ھاكاۋۇر ھەم ۋەھشىي بولۇپ، ئەل - يۇقرانى ئەرزىمەس بىر نېمىلەر دەپ قارىغان. ئۇ تۇپراققا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ پايتەخت سېپىلىنى سالدۇرغان. بۇ سېپىلغا بىگىز سانچىپ بىر سۇڭ كىرگۈزەلىسە ھېلىقى ئىشلىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ توپا بىلەن بىرگە سېپىلغا باستۇرغان. قورال - ياراق ياساتقاندا ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن چوقۇم ئۆلەتتى. چۈنكى ئوقيا بىلەن ساۋۇتقا ئاتسا ئەگەر ئوق ساۋۇتقا كىرگۈزۈلمىسە يانى ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ كاللىسى كېتەتتى. ئەگەر ئوق ساۋۇتقا كىرگۈزۈلسە ساۋۇت ياسىغۇچىنىڭ كاللىسى كېتەتتى. شۇ سەۋەب بىلەن نەچچە مىڭ ھۈنەرۋەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ دائىم سېپىل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ياسى بىلەن خەنجىرىنى يېنىغا قويۇپ سەل - پەل ئاچچىقلىنىپ قالسىلا ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرەتتى. ۋەزىرلەردىن ئۆزىگە ئۇدۇللا قارايدىغانلىرى بولسا ئۇنىڭ كۆزىنى ئويدۇرغان؛ ئۆزىگە كۈلۈپ قويغانلىرى بولسا ئۇنىڭ كالپۇكىنى يېرىۋەتكەن؛ ئۆزىگە تەنقىد، تەكلىپ بەرگەنلەرنى بولسا، تۆھمەت قىلدى دەپ ئاۋۋال ئۇنىڭ تىلىنى كەستۈرۈپ ئاندىن بېشىنى ئالغان.



ئۇ چوڭ ئوغلى قۇلان گۈيىنى تەخت ۋارىسلىقىدىن قالدۇرۇشنى ئويتۇرىغا قويغاندا، قۇلان گۈي چاڭئەندىن لەشكەر تارتىپ چۇجىگە يۈرۈش قىلغان. چۇجىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تەيىۋەن گۇڭى قۇلان چان قۇلان گۈينىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، قۇلان گۈينى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چۇجە قۇلان چاننى ۋەلىئەھد قىلغان ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ شىگۇاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 425 - يىلى) قۇلان چۇجە ئۆلگەن بولۇپ، قۇلان چان تەختكە چىقىۋالغان.

قۇلان چان، تەخەللۇسى قۇلان خۇەنگو بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى قۇلان جې ئىدى. ئۇ چۇجەنىڭ 3 - ئوغلى. ئۆز ئالدىغا تەختكە چىقىۋالغاندىن كېيىن يىلنامىسىنى يۇڭگۇاڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) قۇلان چۇجىنىڭ ئۆلگىنىدىن كېيىن ئوغۇللىرى ئۆز - ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، گۇەنجۇڭ رايونىنىڭ تازا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان. ئۇ 18 مىڭ چەۋەندازنى يۇك - تاقسىزلا دەريادىن ئۆتۈپ قۇلان چانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئەينى چاغ قىشلىق كۈن - تۈن تەڭلەشكەن ۋاقىت ئىدى. قۇلان چان ئەمدىلا زىياپەتنى باشلاپ تۇرۇشىغىلا پادىشاھنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەن. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىسى قورقۇشۇپ پاتىپاراق بولۇشقان. پادىشاھ بارگاھى خېيشۇي دەرياسىغا[74] يېقىنلىشىپ، تۇڭۋەن شەھىرىگە 30 چاقىرىم ئارىلىق قالغاندا، قۇلان چان ئاران جەڭگە ئاتلانغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ قوشۇننى باشلاپ تېزلىك بىلەن زەربە بەرگەندە قۇلان چان چېكىنىپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەن. بىراق شەھەر قوۋۇقىنى يېپىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. پادىشاھ قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى غەلىبىسىرى غەربىي ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، ئوت قويۇپ غەربىي قوۋۇقنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. پادىشاھ قوشۇنى شۇ كېچىسى شەھەرنىڭ شىمالىي ئەتراپىدا قونۇپ قالغان. ئەتىسى

قوشۇن ھەر ياندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاھالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىرگە ئالغان. ئات، كالا قاتارلىق چارۋا ماللاردىن يۈز مىڭلىغان تۇياق ئولجا ئېلىپ، ئون نەچچە مىڭ ئائىلىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ قايتقان.

كېيىن قۇلان چان ئىنىسى قۇلان دىڭنى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى مىمارى شى جىن بىلەن چاڭئەندە تىركىشىپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ جۇنزىجىن كېچىكىدىن[75] ئۆتۈپ، يېنىك چەۋەندازلاردىن 30 مىڭ كىشىنى باشلاپ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرگەن. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى تەۋسىيە قىلىپ: «تۇڭۋە شەھىرىنىڭ سېپىلى قېلىن، ئىستىھكامى مۇستەھكەم، ئۇنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشقا 10 كۈن كەتمەي قالمايدۇ. ھازىر يېنىك قوراللانغان قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلساق ئىلگىرىلىگەندە ئىشغال قىلالمايمىز. چېكىنگەندە ھەربىي لازىمەتلەر يېتىشمەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرە پىيادە قىسىم شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنى بىرگە ئېلىپ بارغان تۈزۈك» دېگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ: «ھەربىي تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا، شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ناچار تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن قوللىنىلغان تەدبىردۇر. ئەگەر شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بارساق، ئوغرىلار جەزمەن قورقۇپ كېتىپ شەھەرنى چىڭ ساقلايدۇ. ئەگەر ھۇجۇم قىلىپ ۋاقتىدا ئىشغال قىلالماي قالساق، ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ كەتكەندە ئەسكەرلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتا تۇرۇپ بۇلاڭ ئالغۇدەك بىر نېمىمۇ يوق. بۇ ئەقلىي تەدبىر ئەمەس. مەن يېنىك چەۋەندازلارنى باشلاپ ئۇنىڭ شەھىرى ئالدىغا بارسام، ئۇ پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسىمۇ پەقەت ئاتلىقلارنىلا كۆرگەندە، جەزمەن



سەل قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاجىز قوشۇن بىلەن دۈشمەننى ئالداپ، قىسماققا ئېلىپ بىر جەڭ قىلسامل جەزمەن تىرىك تۇتۇۋالىمەن. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەركەردە ـ ئەسكەرلىرىمىز ئۆي ـ ماكانىدىن 2 مىڭ چاقىرىم يىراق يەردە قالدى. ئېخى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈشتەك قىيىنچىلىق ئالدىمىزدا، خۇددى ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىدا ئېيتىلغاچان تىكىپ جەڭ قىلىپ تىرىك قالىدۇ، دېگەن مانا. شۇڭا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلساق كۈچىمىز ئېشىپ قالىدۇ ـ يۇ، شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلساق كۈچىمىز يەتمەيدۇ» دېگەن. قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقىپ خېشۈي دەرياسىغا يېقىن بارغاندا قوشۇننى بۆلۈپ چوڭقۇر جىلغىلارغا يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇغان. ئاز قىسمىنىلا شەھەر سېپىلى ئالدىغا بېرىشقا ئەۋەتكەن.

قۇلان چاننىڭ سانغۇنى دى زىيۇ ئەل بولۇپ كېلىپ: «قۇلان چان ئىنىسى قۇلان دىڭنى قوغلاپ قايتۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. قۇلان دىڭ «شەھەر سېپىلى مۇستەھكەم، ياۋ تېگىش قىلىسىمۇ ئالالمايدۇ. مەن شى جىن قاتارلىقلارنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئاستا بېسىپ ئىچى ۋە سىرتتىن تەڭ ھۇجۇم قىلساق غەلىبە قىلماي قالمايمىز» دېدى. قۇلان چان ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى دۇرۇس بىلدى» دېگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ بۇ سۆزنى ياقتۇرماي، قوشۇننى شەھەرنىڭ شىمالىغا چېكىندۇرۇپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقىنى قۇلان چانغا كۆرسىتىپ قويغان. ئۇ يەنە يۇڭچاڭ بېگى توغبات جەن بىلەن ئې چېڭلارنى 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ غەربكە بېرىپ ئاھالىلەرنى بۇلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. دەل شۇ چاغدا بىر ئەسكەر گۇناھى بولغاچقا قۇلان چاننىڭ شەھىرىگە قېچىپ كىرگەن بولۇپ پادىشاھ قوشۇنىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەن، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوت ـ چۆپ ۋە كۆكتاتلار بىلەن قورساق بېقىۋاتىدۇ.

ئۆلارنىڭ ھەربىي لازىمەتلىكلىرى ئارقىدا قالغان. پىيادە ئەسكەرلىرىمۇ يېتىپ كەلمىدى. بۇنداق چاغدا زەربە بېرىش قۇلايلىق، دېگەن. قۇلان چان ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەردىن 30 مىڭ كىشىنى باشلاپ شەھەردىن چىققان. ئەمىرى زېمىن جاڭسۇن خەن قاتارلىقلار: «قۇلان چاننىڭ تۇزگەن سېپىگە تېگىش قىلماق تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ. ئۆلارنىڭ تۇرشاۋۇللىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، پىيادە چېرىكلىرىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئاخىرى بىراقلا جاسارەت بىلەن زەربە بېرەيلي» دېگەن. ۋېي پادىشاھى: «ياق ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بىز يىراق يەردىن كېلىپ دۈشمەندىن جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندا ئۆلارنىڭ چىقماسلىقىدىن ئەنسىرەيمىز. ئەمدى زەربە بەرمەي ۋاز كەچسەك، دۈشمەننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشىدۇ-يۇ، بىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىمىز ئاجىزلىشىدۇ. بۇ تۈزلۈك تەدبىر ئەمەس» دېگەن. شۇڭا قوشۇننى يىغىپ يالغاندىن مەغلۇپ بولۇپ شىمالغا قاچقان بولۇپ ياۋنى چارچاتماقچى بولغان. قۇلان چان پادىشاھ قوشۇننى چېكىنىپ كەتتى دەپ قاراپ سەپنى ئىككى قاناتقا يېيىپ داقا - دۇمباق چالدۇرۇپ ئىلگىرىلىگەن. بەش - ئالتە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ شىزۇ قوشۇننى باشلاپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلسا ياۋ سېپى مىدراپمۇ قويمىغان بولۇپ، سەلدىن كېيىن يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەۋەرگەن. دەل شۇ چاغدا شامال چىققان بولۇپ، كىيماگەر ئاغۋات جاۋنى ۋېي پادىشاھى شىزۇغا كېيىنرەك جەڭ قىلايلى دەپ مەسلىھەت بەرسە سۈي خاۋ قاتتىق ئەيىبلىگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ چەۋەندازلارنى ئىككىگە بۆلۈپ، ياۋنى ئىسكەنجىگە ئالغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەندە دۈشمەن يېقىنلىشىپ كەلگەن.

پادىشاھ ئاتقا سەكرەپ چىقىپ ئاتنى چاپتۇرغىنىچە بېرىپ قۇلان چاننىڭ دىۋان بېگى خۇلۋېنىنى نەيزە بىلەن سانچىپ ئۆلتۈرۈپ، يەنە ئاتلىق دۈشمەندىن ئون نەچچىسىنى ئۆلتۈرگەن. ۋىژىلداپ



ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇرغان ئوق ئۇنىڭ ئېگىكىگە تەگكەن بولسىمۇ، ئۇ قىلچە توختىماي جاسارەت بىلەن دۈشمەنگە زەربە بەرگەن. قۇلان چان قوشۇنى قاتتىق يېڭىلىپ تىرىپىرەن بولۇپ شەھەرگە كىرىشكە ئۈلگۈرمەيلا شياڭگۈي ناھىيىسىگە قاراپ قاچقان.

پادىشاھ قوشۇنى شۇنىڭ بىلەن تۇڭۋەن شەھىرىنى ئالغان.

چۈجە (قۇلان بوبو) دەسلەپتە راھەت - پاراغەتكە بەكمۇ بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن ئوردا - ساراي سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە - سەككىز رىن[77] بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 30 قەدەم كەلگەن. ئوردا تېمى بەش رىن ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭ چىڭلىقىدىن پالتا - پىچاقلارنى بىلگىلى بولىدىكەن. سۇپا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ناخشا - ئۇسسۇلخانىلار ئېگىز بولۇپلا قالماي، بەلكى راۋاق - بالىخانىلار ئارقىلىق بىر - بىرىگە بويالغان، كەشتە بۇيۇملار بىلەن زىننەتلەنگەن، بەكمۇ كۆركەم ئىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ كۆرۈپ ئەتراپىدىكىلەرگە: «مانا قاراڭلار، مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر دۆلەت خەلقنى نەقەدەر ئېغىر ئىشلارغا سالغان. ئۇ دۆلەتنى مۇنقەرز قىلماي بولامدۇ؟» دېگەن.

كېيىن ياساۋۇل تەپتىش بېگى ئەن جې قۇلان چاننى تىرىك تۇتقان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ شىغاۋۇل گۇبىنى ئۇنى قارشى ئېلىپ پايتەختكە ئاپىرىشقا ئەۋەتكەن. قۇلان چاننى غەربىي ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئىچىگە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ زاپاس مەپىسىنى بەرگەن. يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ قۇلان چانغا شىپىڭ مەلىكىنى ياتلىق قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنى ساداقەتمەن سانغۇن، گۇيجى گۇڭى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا چىڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. بىراق ئۇ يەنىلا ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغانلىقتىن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

قۇلان چاننىڭ ئىنىسى قۇلان دىڭ، تەخەللۇسى قۇلان جىفىن بولۇپ، چۈجىنىڭ 5 - ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۆكتەم ھەم

رەھىمسىز ئادەم ئىدى. قۇلان چان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇلان دىڭ پىڭلياڭ ۋىلايىتىگە قېچىپ بېرىپ، ئۆزىگە خان نامىنى قويغان. يىلنامىنى شىڭگۇاڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. قۇلان دىڭ يىنپەن[78] تېغىغا چىقىپ ئۆز ئېلىگە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ: «مەرھۇم خان مېنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ۋارىس قىلغان بولسا بۈگۈنكىدەك ئىش بولمايتتى! ئەگەر تەڭرى ماڭا ياردەم بېرىپ غالىبىيەت نۇرى چاقناتسا، ھەر قايسىڭلار بىلەن بىرلىكتە قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىمەن» دېگەن. سەل تۇرۇپ يۈز نەچچە تۈلكە توپ - توپ بولۇپ يېنىغا كېلىپ چىرقىراشقان. قۇلان دىڭ يا بىلەن ئات دەپ بۇيرۇسا، ھېچبىرسىنى تۇتالمىغان. قۇلان دىڭ بىزار بولۇپ: «بۇ ياخشى ئالامەت ئەمەس. ئۇلۇغ قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ پېشانەمگە پۈتكىنى شۇنداق ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا بىز بەندىلەر يەنە نېمىمۇ دېيەلەيمىز» دېگەن. ئۇ لىيۇ يىلۇڭ بىلەن بىرلىشىپ خېڭسەن تېغىنىڭ [79] شەرقىي تەرىپى لىيۇ يىلۇڭغا تەئەللۇق، خېڭسەن تېغىنىڭ غەربىي تەرىپى قۇلان دىڭغا تەۋە دەپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىنى بۆلۈشۈۋالغان. قۇلان دىڭ ئۆز سانغۇنلىرىنى فۇچىڭ شەھىرىگە[80] پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئەۋەتكەندە شىيىڭ گۇڭى كۆي گۆي جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلغان. قۇلان دىڭ يەنە نەچچە ئون مىڭ كىشى بىلەن كۆي گۆيغا زەربە بېرىش ئۈچۈن شەرققە يۈرۈش قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ بىۋاسىتە يېنىك چەۋەندازلارنى باشلاپ پىڭلياڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. قۇلان دىڭ پىڭلياڭ شەھىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېنىپ كېلىپ تۆت چاسا سەپ تارتىپ ئۆز ئۇرۇش سېپىنى مۇستەھكەملىگەن. پادىشاھ شىزۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۆت تەرەپتىن قورشاپ، ئۇنىڭ سۇ، ئوت - پىچان يوللىرىنى ئۈزۈۋەتكەن. قۇلان دىڭ سۇ تاپالمىغانلىقتىن كۆپچىلىكنى باشلاپ تۈزلەڭلىككە چۈشكەن. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ياساۋۇل



سانغۇن چۇ جۇەننى ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان بولۇپ، قۇلان دىڭنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن، قۇلان دىڭ يارىلانغان بولۇپ يالغۇز قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرىنى يىغىپ غەربكە بېرىپ شياڭگۇيىنى قوغداپ قالغان. شىنجيا 4 - يىلى (مىلادىيە 431 - يىلى) تۇيغۇنلاردىن مۇكۇي ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ قۇلان دىڭنى تىرىك تۇتۇۋالغان. قۇلان دىڭ پايتەختكە ئاپىرىلغاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

لىنۋبي ناھىيىسىدىكى[81] دىلاردىن فۇجيەن، تەخەللۇسى فۇجيەبي بولۇپ، ئەسلىي لۆياڭ ۋىلايىتى لىنۋى ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ بوۋىسى فۇخۇەيگۇي قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئىدى. فۇجيەننىڭ دادىسى فۇخۇڭ، تەخەللۇسى فۇگۇاڭشى، فۇخۇڭ تۇغۇلغاندا لۇڭشەن تېغىنىڭ[82] ئوڭ تەرىپىدە يامغۇر - يېغىن توختىماي يېغىپ پۇقرا بەك جاپا تارتقانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق قوشىقىدا «يامغۇر توختىمىسا كەلكۈن كېلىدۇ» دېگەن سۆزلەر بولغاچقا ئۇنىڭغا خۇڭ (كەلكۈن مەنىسىدە) دېگەن ئىسىم قويۇلغان. فۇخۇڭ 12 ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇسى سەردارى بولغان. دىلار قەبىلىلىرى ئۇنى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قىلىپ كۆرسەتكەن. لىيۇ ياۋ فۇخۇڭنى غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇن، شۇەيىي بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، يەنە گاۋلۇ ناھىيىسىگە[83] كۆچۈرۈپ دىلار بېگى قىلىپ ئۆستۈرگەن. شى خۇ چىنجۇ ئايمىقى ۋە گۇڭشى ۋىلايىتىنى تىنچىتقاندىن كېيىن شى لاغا مەكتۇپ يوللاپ فۇخۇڭنى ئۇزغان سانغۇن قىلىپ تەيىنلەشنى ۋە ئۇنىڭغا جىڭياڭ گرافى دېگەن مەرتىۋە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. يەنە فاڭتۇ[85] دېگەن يەرگە كۆچۈرگەن. كەيىندىنلا گۇاڭلىي سانغۇن قىلىپ ئۆزگەرتىپ مەرتىۋىسىنى گرافتىن بەگلىككە ئۆستۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇزغان ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ ئۆزگەرتىپ شىپىڭ گۇڭى قىلىپ

ئۆستۇرگەن.

فۇخۇلۇڭ لياڭ دۇغا يۇرۇش قىلىپ ئۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن يەنە هارۋا ـ ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى بولۇپ، مۇئامىلىسى ئوردا ئۇچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش بولىدىغان لۆياڭ گۇڭى بولۇپ ئۆسكەن. رەن مىن(85)پاراكەندىچىلىك قىلغاندا چىنجۇ، يۇڭجۇ ئايماقلىرىدىكى كۆپلىگەن خەلق غەربكە كۆچكەن بولۇپ فۇخۇڭنى ئىگىدار قىلغان. فۇخۇڭنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى يۇز نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، سەنچىن خانى دەپ ئاتىۋالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئۆزىنىڭ سەركەردىسى ماجۇ تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. جان ئۈزۈشى ئالدىدا ئۇ ئوغلى فۇجيەنگە: «گۇەنجۇڭ رايونى ئەسلىي غەربىي جۇ سۇلالىسى ۋە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئىدى. يەر تۇزۇلۇشىدىن قارىغاندا ئۇ غالىب دۆلەت تۇرغان جاي. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلىگەندە پۈتۈن جاھاننى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. چېكىنگەن تەقدىردىمۇ چىنجۇ، يۇڭجۇ ئايماقلىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ» دېگەن. ئوغلى فۇجيەن ماقۇل بولغان.

فۇجيەننىڭ دەسلەپكى ئىسمى فۇپى، تەخەللۇسى فۇشىجەن ئىدى. فۇپى دېگەن ئىسىم شى خۇ ئانىسىنىڭ ئاتىسى جاڭ پىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاپ كەتكەچكە فۇپىنى هازىرقى ئىسمى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. فۇجيەن ئات چاپتۇرۇش، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا، ئادەمگەرچىلىككە ماھىر بولغاچقا شى خۇ ئۇنى بەكرەك ياخشى كۆرۈپ، قانات قوشۇن چېرىكچىبېگى باسقاق سانغۇنى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن.

ئەينى چاغدا جىڭجاۋ ۋىلايىتىدىكى (86) دۇخۇڭ ئۆز ئالدىغا چاڭئەن شەھرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، گۇەنجۇڭ رايونىدىكى كۆچلۈك مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان. فۇجيەن گۇەنجۇڭ رايونىنى ئىگىلەشنى ئاستىرتتىن پىلانلىغان



بولسىمۇ، دۇخۇڭنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ فاڭتۇدا ئوردا ـ سارايىنى ياسىتىپ خەلقنى بۇغداي تېرىشقا بۇيرۇپ، غەربكە قايتىش نىيىتىنى يوق قىلىپ كۆرسەتكەن. كېيىندىنلا ئۆزىنى غەربكە يۇرۇش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، يۇڭجۇ ئايماقبېگى دەپ ئاتاپ، بارلىق كىشىنى باشلاپ غەربكە ماڭغان. مېڭجىن كېچىكىگە(87) كەلگەندە، لەيلىمە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، ئىنىسى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن فۇشۇڭنى ئاتلىق پىيادە ئەسكەرلەردىن 5 مىڭ كىشىنى باشلاپ تۇڭگۇەن قوۋۇقىغا بېسىپ كىرىشكە، ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئەلەم كۆرسەتكۇچى سانغۇن فۇجىڭنى 7 مىڭ كىشىنى باشلاپ جىگۇەن قوۋۇقىدىن(88)خېدۇڭ ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇ فۇجىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «ئەگەر ئىشىمىز ئوڭ كەلمەي قالسا، سەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئۆلسەڭ، مەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئۆلىمەن ـ دە، ئۇ دۇنياغا بارمىغىچە كۆرۈشەلمەيدىغان بولىمىز» دېگەن. قوشۇنى دەريادىن ئۆتۈپ بولۇپلا كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇ زور قوشۇننى باشلاپ فۇشۇڭنىڭ كەينىدىن ئىلگىرىلىگەن. دۇخوڭ سانغۇن جاڭ گۇاڭنى فۇجيەنگە تاقابىل تۇرۇشقا تۇڭگۇەن قوۋۇقىغا ئەۋەتكەن. فۇشۇڭ زەربە بېرىپ ئۇنى تارمار قىلغان. دۇخوڭ گۇەنجۇڭ رايونىدىكى بارلىق قوشۇنلارنى چاقىرىپ شۇنىڭ بىلەن فۇجيەنگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان. فۇجيەن خەۋەر تېپىپ پال ئېچىپ، ئىشىڭلار ئوڭ كېلىدۇ دېگەن مەنىنى كۆرۈپ: «ئازراق چىقىم بولۇپ، چوڭ ياخشىلىق كۆرىمىز ـ دە، ئۆتكەندە بىز شەرققە كۆچكەندە زېمىنىمىز تار. ئەمدى غەربكە قايتساق زېمىنىمىز چوڭ بولىدۇ. ھەر قايسىڭلار بىلەمسىلەر؟ بۇ پال خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گاۋزۇ چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتىنى قىرغان ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاش ئىكەن» دېگەن. فۇجيەن قوشۇننى باشلاپ توسالغۇسىز ئۇدۇل چاڭئەن شەھرىگە يېتىپ بارغان. دۇخوڭ قېچىپ چىقىپ

سىجۇ(89) دېگەن يەرگە بارغان. فۇجيەن شۇنىڭ بىلەن چاڭئەن شەھىرىگە كىرگەن. جيەنگۇ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 351 ـ يىلى) فۇجيەن ئۆز ئالدىغا تەڭرى خانى دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى خۇاڭشى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، دۆلەت نامىنى ئۇلۇغ چىن دەپ ئاتاپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. ئارقىدىنلا فۇجيەن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان. خۇەن ۋېن(90) كۆپچىلىكنى باشلاپ چاڭئەنگە يۈرۈش قىلىپ باشياڭ دېگەن يەردە تۇرغان. فۇجيەننىڭ ئىنىسى فۇشوڭ خۇەن ۋېنغا قايتۇرما زەربە بېرىپ ئۇنى تارمار قىلغان. شۇڭا خۇەن ۋېن كۆپچىلىكنى باشلاپ شەرققە قاراپ مەغلۇپ بولۇپ قاچقان. فۇجيەن ئۆزىنىڭ ۋەلىئەھدى فۇچاڭنى خۇەن ۋېنغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. فۇچاڭ تۇڭگۇەن قوۋۇقىغىچە قوغلاپ، خۇەن ۋېننى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ئوقيا تەگكەنلىكتىن ئۆلگەن. گۇەنجۇڭ رايونىدا قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن بولۇپ، چېكەتكە خۇازې سازلىقىدا پەيدا بولۇپ، غەربتە لوڭسەن تېغىغىچە بولغان ھەممە دىكى ھەرخىل ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ تۈگەتكەن. كالا ـ ئات يەيدىغانغا ئوت ـ چۆپ تاپالماي ئۆزلىرىنىڭ تۈك ـ يۇڭلىرىنى يۇلۇپ يېگەن. بولۋاس، بۆرىلەر يول توسۇپ ئادەم يېگەنلىكتىن يولدا مۇساپىرلارمۇ يوقاپ كەتكەن. جەنگۇ يىلنامىسىنىڭ 18 ـ يىلى (355 ـ يىلى) فۇجيەن ئۆلگەن بولۇپ ئوغلى فۇشىڭ خان بولۇۋالغان.

فۇشىڭ، تەخەللۇسى فۇچاڭشىڭ بولۇپ، فۇجيەننىڭ 3 ـ ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ قوپال، رەھىمسىز بولۇپ، ھاراقتا بېرىلىپ ئۆكتەملىك قىلىپ كەلگەچكە، بوۋىسى فۇخۇڭ ئۇنىڭدىن بەك بىزار بولغانىدى. فۇشىڭنىڭ بىر كۆزى يوق بولۇپ، ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە فۇخۇڭ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ مۇلازىملاردىن: «ئاڭلىشىمچە قارىغۇ بالىنىڭ بىر كۆزىدىن ياش چىقىدىكەن، راستمۇ؟» دەپ سورىغان. مۇلازىملار: «شۇنداق»



دەپ جاۋاب بەرگەن. فۇشوڭ ئاچچىقلىنىپ پىيىدىكى پىچىقىنى ئېلىپ قارىغۇ كۆزىگە سانچىپ قان چىقىرىپ: «مانا بۇمۇ بىر كۆزۈمنىڭ يېشىغۇ!» دېگەن. فۇخۇڭ ھەيران بولۇپ قامچىلاپ قويسا، فۇ شىڭ: «مىجەزىم بولسا پىچاق سانچىشقا چىدايمەنكى، قامچىلاشقا چىدىمايمەن» دېگەن. فۇخۇڭ «سەن ئۆزۈڭنى دۈرۈس تۇتالمىساڭ مەن سېنى قۇل قىلىۋېتىمەن» دېسە، فۇشىڭ «ئەپسۇسكى شى لادەك بولالمىدىم» دېگەن. فۇخۇڭ قورقۇپ كېتىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاغزىنى ئېتىپ قويغان. فۇخۇڭ فۇجيەنگە: «بۇ ئوغلۇڭ غالجىرانە، يۈز ئۆرۈيدىغان بىر نېمە ئىكەن. بالدۇر يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بولمىسا چوڭ بولغاندا چوقۇم ئۆيىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ» دېگەن. فۇجيەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا فۇشوڭ توسۇپ قويۇپ: «ئوغلۇڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا ئۆزلۈكىدىن تۈزۈلۈپ قالار، ھازىرلا مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن. فۇجيەن شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغان. فۇشىڭ چوڭ بولغاندا مىڭ جۈن(91) ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى كۆتۈرگىدەك كۈچلۈك بولۇپ جەسۇرلۇق ۋە قىرغىنغا ئامراق بولغان. ئۇ ئىككى قولى بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشالايدىغان، چاپقۇر ئاتتەك تېز يۈگۈرەلەيدىغان بولۇپ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزە ـ قىلىچلارنى ئىشلىتىشكە ئۇستا بولۇپ بىر زاماندا ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن. دەسلەپتە فۇجيەننىڭ چوڭ ئوغلى ئۆلگەندە، فۇشىڭنىڭ ئانىسى چاڭ خېنىم كىچىك ئوغلى فۇلىيۇنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تۇرغۇزماقچى بولغانىدى. فۇجيەن چەك ئېلىش يولى بىلەن پال ئاچقاندا پال چېكىدە «ئۈچ قوي بەش كۆز» دېگەن خەتلەر بولغانلىقتىن فۇشىڭنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تۇرغۇزغان.

فۇشىڭ خان بولغاندىن كېيىن يىلنامىنى شۇڭۋاڭ دەپ بېكىتكەن. ئۇ قارىلىق تۇتقاندىمۇ يەنىلا خالىغانچە ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ھاراق ئىچىۋەرگەن. ئۇ ئوقيا تۇتۇپ، قىلىچ ئېسىپ

تۇرۇپ ئوردا ۋەزىرلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ئەتراپىغا يەنە بولقا، قىسقۇچ، ھەرە، ئۇسكۇنىلەرنى تەييارلىغان، ئۇ تەختكە ئولتۇرغىلى ئۇزۇن بولمايلا خانىش، بانۇ ـ ئايىملار ۋە ئوردا ـ مۆتىۋەرلىرىدىن ھەتتا قۇل ـ دېدەكلەردىن 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە ۋەزىرلەرگە زىياپەت بېرىپ، ھاراق ئىچىپ مۇزىكا چالدۇرۇپ، ئۆزى ناخشا ئېيتقان. فۇشىڭ دىۋان بېگى شىن لاۋنى ھاراق ئويۇنىنى ئويۇشتۇرۇشقا بۇيرۇغان بولۇپ سەل تۇرۇپ ئاچچىقلاپ: «ھاراق ئىچمەي ئولتۇرۇۋەرگەنلەر بارغۇ؟ نېمىشقا مەجبۇرىي ھاراق ئىچۈرمەيسەن؟» دەپ ئۇقىيا ئېلىپ شىن لاۋغا ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئەمەلدارلار قورقۇپ كېتىپ لىق ـ لىق قۇيۇپ ئىچىشكەن. ھەممەيلەن تەرلەپ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ، تاجىلىرى چۈشۈپ كەتكەن. فۇشىڭ بۇ ئەھۋالنى تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان.

چاڭئەن شەھىرىدە قاتتىق بوران چىققانلىقتىن ئوغرى كەلدى دەپ ئوردا دەرۋازىلىرى بەش كۈنگىچە يەنى بوران توختىغىچە كۈندۈزىمۇ يېپىق تۇرغان. فۇ شىڭ ئوغرى كەلدى دېگەنلەرنىڭ يۈرەك ۋە ئىچ ـ باغرىنى يېرىۋەتكەن. فۇ شىڭنىڭ تاغىسى جياڭ پىڭ ئۇنى توسسا، فۇشىڭ ئۇنىڭ بېشىدىن تېشىپ ئۆلتۈرگەن.

يولۋاس، بۆرىلەر غالجىرلىشىپ تۇڭگۇەن قوۋۇقىدىن چاڭئەن شەھىرىگىچە بولغان يوللارنى كۈندۈزى توسۇپ كەچلەردە ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ مال ـ چارۋىلارنى يېمەي پەقەت ئادەمنىلا يېگەن. فۇشىڭ تەختكە چىققان 1 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىن 2 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىگىچە 700 يۈز نەچچە ئادەمنى يولۋاس ئۆلتۈرۈۋەتكەن. پۇقرالار سىرتقا چىقىشتىنمۇ، ئۆيدە تۇرۇشتىنمۇ قورقۇپ، دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ قويغان. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئالىي ھەزرەتكە



مەلۇماتنامە يوللاپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلسا فۇشىڭ: «يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قورسىقى ئاچسا ئادەم يەيدۇ. قورسىقى تويغاندا ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. يىل بويى بۇنداق بالايىئاپەت كېلىۋەرمەيدۇ. مانا بۇ تەڭرى ماڭا ياردەم بېرىپ جىنايەت سادىر قىلغانلارغا جازا بېرىپ قىرغىنچىلىق قىلغانلىقى. ئادەم گۇناھ سادىر قىلمىسىلا بولدى. تەڭرى ئەيىبلىمەيدۇ!» دېگەن. فۇشىڭ ئافاڭ ئوردىسىغا بارغاندا بىرىنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن بىللە مېڭىۋاتقانلىقىغا ئۇچراپ قالسا ئۇلارنى زىنا قىلدۇراتتى. فۇشىڭ ئاچچىقلىنىپ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ياندىشى مىرزا بەگ جياشۇەنشى كېلىشكەن قاۋۇل، چىرايلىق ئادەم ئىدى. فۇشىڭ ئۆز خوتۇنى بىلەن راۋاقتا تۇرۇپ جيا شۇەنشىنىڭ ھويلىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خوتۇنى «بۇ ئادەم كىم؟» دەپ سوراپ قويغىنىغا فۇشىڭ «سەن مۇشۇنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىكەنسەن ـ دە!» دەپ جيا شۇەنشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بىر قېتىم كەچتە فۇشىڭ كۆپ چىلان يەپ ئەتىگەندە ئاغرىپ قالغان. ئەمچى ۋەزىر چېڭ يەنىنى تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈشكە چاقىرغان. چېڭ يەن: «ھەزرەت ئالىيلىرى كۆپ چىلان يېگەن ئىكەن. باشقا كېسەل يوق» دېگەن. فۇشىڭ: «ھەي سەن پەيغەمبەر بولمىساڭ مېنىڭ كۆپ چىلان يېگىنىمنى نەدىن بىلىسەن؟» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. فۇشىڭ دائىم مەپە ـ تەختىراۋانغا سىيىپ قوياتتى. بۇنى مەپە ـ تەختىراۋان كۆتۈرگۈچىلەر ئاسماندىن يامغۇر ياغدى دەيتتى. فۇشىڭ بىر كۆزى قارىغۇ بولغاچقا باشقىلارنىڭ تولۇق ئەمەس، كەم، يوق، كەمچىل، زەخىم، مېيىپ، بۇزۇق، تاق، يالغۇز كۆز دېگەندەك سۆزلىرىنى بەك يامان كۆرۈپ، ئۇنداق سۆز قىلىشقا قەتئىي يول قويمايتتى. ئەتراپىدىكىلەردىن شۇ يارلىققا خىلاپلىق قىلغانلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلىرى سان ـ ساناقسىز بولغان. زۆھرە يۇلتۇزى قۇدۇق يۇلتۇزى ئورنىغا تەگكەنلىكتىن ئۇنىڭ ۋەزىرى مەلۇمات

بېرىپ: «قۇدۇق يۇلتۇزى چىن سۇلالىسىنى ئىپادىلەيدۇ. زۆھرە يۇلتۇزى جازالاشنى ئىپادىلەيدىغان يۇلتۇز بولۇپ، ئاسماندىكى بۇ كۆرۈنۈش توپىلاڭچى ئەسكەرنىڭ پايتەختتە پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.» دېگەندە، فۇ شىڭ: «يۇلتۇز قۇدۇق ئورنىغا كىرسە ئۇنىڭ ئۇسساپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەمسىلەر؟» دېگەن. فۇشىڭ دەسلەپتە چۈش كۆرگەندە يوغان بېلىقنىڭ يېكەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا چاڭئەندە: «شەرقىي دېڭىزدىكى يوغان بېلىق ئەجدىھاغا ئايلىنىدۇ.

ئەر كىشى پادىشاھ، ئايال كىشى گۈڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرغان جايى قەيەر دېگەندە لومېن قوۋۇقىنىڭ شەرقىدە» دېگەن قوشاق تارقالغان. شۇ ئايدا فۇشىڭ چۈشىدە يوغان بېلىقنىڭ يېكەن[92] يەۋەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ خەلىپەت بەگ يۈزۈن[93] ئاتا - بالا 18 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە شەرقىي دېڭىز فۇجيەننىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا فۇجيەن چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن بولۇپ ئۆيىنى لومېن قوۋۇقىنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. شۇ چاغدا يەنە: «يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىن قۇرۇق شەھەرگە قارىساڭ، ئۇ نېمىشقا باراقسان بولۇپ كەتتى. قارىغۇ قانۇنىيەتنى بىلمىگەچكە باش كۆتۈرگەن بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزنى كۆرەلمەيدۇ» دېگەن قوشاق تارقالغانلىقتىن، فۇشىڭ ھەممە قۇرۇق شەھەرلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ نەزىر - چىراغ قىلغان. بىراق ئۇ «قانۇنىيەت» دېگەن سۆز فۇفا[94] دېگەن ئادەم كۆرسەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

فۇشىڭ كېچە - كۈندۈز ھاراققا بېرىلىپ كېتىپ، ۋەزىرلىرى ئوردىغا تەزىم قىلغىلى كەلسە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ فۇشىڭ: «كۈن پېتىشقا خېلى بارغۇ؛ ھاراق ئىچىپ بولغىچە ساقلىسۇن» دېگەن، مەست بولۇپ ئەتراپىدىكىلەردىن: «مەن جاھاندا ھۆكۈم سۈرگەندىن بۇيان



سىلەر نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭلار؟» دەپ سورىسا، بەزىلەر جاۋاب بېرىپ: «دانىشمەن تەڭرىزاتىنىڭ جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، پۇقرالار ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلىگەندەك ئاسرىغانغا ئوخشاش، جازالىغانلىرى جەزمەن گۇناھكار، مۇكاپاتلىغانلىرى جەزمەن خىزمەتكارى بولغاچقا، جاھاندا ھەممەيلەن ئامان - ئېسەن بولۇشلىرىنى مەدھىيىلەيدىكەن. نارازى بولغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىدۇق» دېگەندە فۇشىڭ: «سەن ماڭا خۇشامەت قىلىۋاتىسەن» دەپلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. باشقا بىر كۈنى يەنە شۇ گەپنى سورىسا، بەزىلەر: «ئالىيلىرىنىڭ جازا - ھۆكۈملىرى سەل - پەل ئېشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەندە فۇشىڭ: «سەن ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسەن» دەپلا ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇ ئوردا ئەھلىلىرىنى ئوردا ئالدىدا قىپيالىڭاچ بولۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بۇيرۇپ ۋەزىرلەرنى باشلاپ كېلىپ تاماشا كۆرگەن.

شۇ ئورۇنغا كالا، قوي، ئېشەك، ئاتنى تىرىك سويۇپ، توخۇ، چوشقا، غاز، ئۆردەكنى تىرىك ئوتقا قاقلاپ نەچچە ئون دانىنى بىر توپ قىلىپ ئوردا ئالدىغا قويغۇزغان. ئادەمنىڭ يۈز تېرىسىنى سويۇۋېتىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا بۇيرۇغان. كونا خىزمەتكارلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىرى ئۆلدى. قالغانلىرى يوق دېگۈدەك قالدى. بەگ - گۇڭلارنىڭ ھايات بارلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېسەل دەپ رۇخسەت سوراپ قايتقان بولۇپ، بىر كۈننى ئون يىلدەك ئۆتكۈزەتتى. قول - پۇتنى كېسىۋەتكەن، قورساقنى يېرىپ تۆرەلمىنى ئېلىۋەتكەن، ئادەمنى بىقىنىدىن ئىككى تەرەپكە تارتىپ يۇلۇپ پارچىلاپ ئۆلتۈرگەن، بويۇننى ھەرە بىلەن كېسىپ ئۆلتۈرگەن ئىشلار ھەدېسىلا مىڭغا يەتتى. بىر كۈنى كەچتە فۇشىڭ مۇلازىم دېدەككە: «فۇفا ئاكا - ئۇكا ئىككىسىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس، ئەتە شۇلارنى يوقىتىشىم كېرەك» دېگەن.

تاڭ سەھەردە مۇلازىم دىدەك بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويغان. فۇفا بىلەن ئىنىسى فۇجيەن قاۋۇل كىشىلەردىن نەچچە يۈزنى باشلاپ يۈگۈلۈك دەرۋازىسىغا بېسىپ كىرگەندە، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قورالنى تاشلاپ فۇجيەنگە بويسۇنغان. ئۇلار فۇشىڭنى بىكار قىلىپ يۇۋاڭ بېگى قىلىپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

فۇجيەن، تەخەللۇسى فۇيۇڭگو، يەنە بىر تەخەللۇسى فۇ ۋېنيوي بولۇپ، فۇشۇڭنىڭ 2 ـ ئوغلى ئىدى. ئۇ فۇشىڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تەختكە ئۆز ئاكىسى چيڭخې بېگى فۇفانى ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. لېكىن فۇفا قەتئىي رەت قىلىپ تەختنى ئىنىسى فۇجيەنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. شۇڭا ئۇ پادىشاھلىق نامىنى بىكار قىلىپ، ئۆز ئالدىغا تەڭرى خانى دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى يۇڭشىڭ دەپ بېكىتكەن. ئۇ فۇفانى باش ۋەزىر، دۇڭخەي بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۆزۈن ئۆتمەي گۇمانلىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاندىن يىلنامىنى گەنلۇ دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ يىل دەل جيەنگو 22 ـ يىلى (مىلادىيە 359 ـ يىلى) ئىدى. فۇجيەننىڭ بىر نەۋرە ئىنىلىرىدىن جىن گۇڭى فۇلىيۇ پۇ بەن دېگەن يەردە، ۋېي گۇڭى فۇيۇ شەنشەن ناھىيىسىدە، يەن بېگى فۇۋۇ ئەندىڭ دېگەن يەردە، فۇجيەننىڭ ئىنىسى جياۋ گۇڭى فۇشىۋاڭ شياڭگۇيدە ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. فۇجيەن بۇلارغا بىر ـ بىرلەپ جازا يۈرۈشى قىلىپ تىنچىتقان. مۇرۇڭ چۇي پاناھ ئىزدەپ فۇجيەننىڭ قېشىغا كەلگەندە ۋاڭ مىڭ فۇجيەنگە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلسا فۇجيەن ئۇنىمىغان.

جيەنگۇ 28 ـ يىلى (مىلادىيە 365 ـ يىلى) فۇجيەن يىلنامىنى جيەنيۈەن قىلىپ ئۆزگەرتكەن. فۇجيەن ئەلچى تۇتيەننى دەي خانىغا تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتكەن. ئۇ دىۋان بېگى ۋاڭ مىڭنى يېچىڭ شەھىرىگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۆزى بىۋاستە زور قوشۇننى باشلاپ كەينىدىن بېرىپ يېچىڭ



شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ مۇرۇڭ ۋېينى تىرىك تۇتۇۋالغان. فۇجيەن ئۆزىنىڭ ئوڭ قول سانغۇنى ياڭ ئەننى خەنجۇڭ ۋىلايىتىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ يەنىلا شۇ جۇن ۋىلايىتىنى تىنچىتقان. ئۇ يەنە ياساۋۇل سانغۇن گوۋ چياڭنى غەربكە يۈرۈش قىلدۇرۇپ لياڭجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلىپ جاڭ تيەنشىنى تەسلىم قىلغان. ئۆز ئوغلى چاڭلې گۇڭى فۇپېينى شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۇنى ئىشغال قىلدۇرغان. فۇجيەن ئۆزلىرىنىڭ تارىخى كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئۆز ئانىسى گۇ خېنىم لى ۋى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ خىجالەت بولۇپ ئاچچىقلانغان. شۇنىڭ بىلەن شۇ كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

فۇجيەن جەنۇبتىكى سىما چاڭمىڭغا[95] يۈرۈش قىلىپ 600 مىڭ ئەسكەر، 270 مىڭ چەۋەنداز بولۇپ، ئالدى ـ كەينى مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا بايراق، جەڭ دۇمباقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان. فۇجيەن شياڭچىڭ شەھىرىگە بارغاندا لياڭجۇ ئايمىقىدىن چىققان ئەسكەرلەر ئاران شيەنياڭ شەھىرىگە يەتكەن. شۇ جۇن ۋىلايىتى ۋە خەنجۇڭ ۋىلايىتىدىن چىققان ئەسكەرلەر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ تۆۋەن قاراپ ماڭغان. يۇجۇ، جىجۇ ئايماقلىرىدىن چىققان قوشۇن پېڭچېڭ[96] شەھىرىگە يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شەرقتىن غەربكىچە 10 مىڭ چاقىرىم سوزۇلغان بولۇپ قۇرۇقلۇقتا ۋە سۇ يۈزىدە تەڭ ئىلگىرىلىگەن. ھەربىي تەمىنات توشۇيدىغان كېمە 10 مىڭغا يېتىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن قانال ئارقىلىق شىمىن ناھىيىسىگە كېلىپ، رونەن، يىڭچۈەن ۋىلايەتلىرىگە يېتىپ بارغان. فۇجيەننىڭ ئىنىسى ياڭپىڭ گۇڭى فۇرۇڭ شۇچۈن ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئالغان. فۇرۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ فۇجيەنگە تېز خەۋەر قىلىپ: «ئوغرى ئاز، ئەسىر ئېلىشقا ئاسان ئىكەن. بىراق ۋاقىتنى ئۇزارتىپ دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

قوشۇننى تېز ئىلگىرىلىتىش كېرەك» دېگەن. فۇجيەن بەكمۇ خۇشال بولۇپ زور قوشۇننى شياڭچىڭ شەھىرىگە تاشلاپ قويۇپ يېنىك چەۋەندازدىن 8000 كىشىنى باشلاپ كېچە - كۈندۈز يول بېسىپ بارغان. فۇجيەن بىلەن فۇرۇڭ شەھەر سېپىلىغا چىقىپ، سىما چياڭمىڭنىڭ سانغۇنى شې شىنىڭ قوشۇننى ھەم باگۇڭ تېغىدىكى[97] دەرەخ، ئوت - گىياھلارنىڭ ھەممىسى ئادەمدەك كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ فۇرۇڭغا قاراپ: «بۇمۇ كۈچلۈك دۈشمەن ئىكەن. نېمىشقا ئادەم ئاز دېدىڭ؟» دەپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن. شې شى جەڭگە چاقىرسا، فۇرۇڭ فېيشۈي دەرياسى[97] قىرغىقىچە سەپ تارتقان. شې شى ئەلچى ئەۋەتىپ فۇرۇڭغا: «جانابلىرى قوشۇننى سەل چېكىندۈرۈپ سەركەردە - جەڭچىلەرنى ئېلىشىشقا بۇيرۇسىلا، پېقىر جانابلىرى ئاتقا مىنىپ تاماشا كۆرسەك ئېسىل ئىش ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۇقتۇرغان. فۇرۇڭ شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى سەپتىن چېكىندۈرۈپ، جىن قوشۇنىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىدىن پايدىلىنىپ يېنىپ كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بىراق قىسىملىرى قاچقاندەك يۈگۈرۈپ چېكىنىپ، توسقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ فۇرۇڭ ئېتى يىقىلىپ قالغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلۈپ قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولغان. شې شى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ چىڭگاڭ[99] دېگەن يەرگە يەتكەن. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۈستى - ئۈستىگە يېتىپ قالغان. فۇجيەن يالغۇز ئات مىنىپ قېچىپ خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا قايتقان. دەسلەپتە «جيەن[100] شياڭچىڭ شەھىرىدىن چىقالمايدۇ، دېگەن پىتنە تارقالغانىدى. ۋەزىرلەر فۇجيەنگە شياڭچىڭدا توختاپ تۇرۇپ ئالتە قوشۇنغا بازا ساقلاپ ھەيۋە كۆرسىتىپ بېرىش ھەققىدە نەسىھەت بەرسە، فۇجيەن ئۇنىمىغان. ھەر قايسى قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتسىمۇ پەقەت ئۇرغان سانغۇن مۇرۇڭ چۇينىڭ قوشۇنى تولۇق ساقلانغان. فۇجيەن مىڭدىن



كۆپرەك چەۋەندازنى باشلاپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىۋالغان. يولدا تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىپ، لوياڭ شەھىرىگە[101] بارغىچە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى توپلىغان. بۇلار يولدا مېڭىپ تۇڭگۇەن قوۋۇقىغا يېتىپ بارمىغاندا، مۇرۇڭ چۇينىڭ قارا نىيىتى بولغاچقا فۇجيەنگە يەنجۇن، دەيجۇن ۋىلايەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەققىدە نەسىھەت بەرگەن ھەمدە ئۆزى ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ نەزىر - چىراغ بېرىپ كېلەي دەپ رۇخسەت سورىغان. فۇجيەن ماقۇل دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇرۇڭ چۇي فۇجيەننىڭ شىرمەت چەۋەنداز سانغۇنى شى يۈنى، قوشۇن باسقاق سانغۇن ماۋدانلارنى ئۆلتۈرۈپ، دىڭلىڭلارنى باشلاپ كېلىپ فۇجيەننىڭ ئوغلى چاڭلې گۇڭچى فۇپېي تۇرغان يېچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. مۇرۇڭ خوڭ، مۇرۇڭ چۇڭلار خۇازى دېگەن يەردىن ئەسكەر تارتىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. فۇجيەن ئوغلى فۇرۇي، فۇخۇيلارنى ئالدى - كەينىدىن مۇرۇڭ خوڭغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەندە، ھەر ئىككىسى مۇرۇڭ خوڭ تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالغان. چاڭئەندە جىن - ئالۋاستى كېچىچە يىغلاپ 30 كۈن داۋام قىلغان. مۇرۇڭ چۇڭ يەنە فۇجيەننىڭ سانغۇنى جياڭ يۈنى باشياڭ دېگەن يەردە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش بىلەن ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئېپاڭ ئوردىسىنى[102] بېسىۋېلىپ چاڭئەنگە ئىلگىرىلەش ئەلپازىدا تەھدىت سېلىپ تۇرغان. فۇجيەن شەھەر سېپىلىغا چىقىپ قاراپ ھەسرەت چېكىپ: «بۇ قاراقچى قەيەردىن چىققاندۇ، قانداق قىلىپ مۇشۇنداق كۈچلۈك بولۇپ قالغاندۇ؟» دېگەن. ئاندىن كېيىن قاتتىق ئاۋازى بىلەن مۇرۇڭ چۇڭنى ئەيىبلەپ: «سەنلەر بىر توپ قۇل بولۇپ، قوي، كالا باقساڭلار تۈزۈك ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسىلەر!» دېگەن. مۇرۇڭ چۇڭ «قۇلغۇ ئىدۇق. قۇل تارتقان جاپاغا تويۇپ، سەن بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغىلى كەلدۇق» دېدى. فۇجيەن كىمخاب يېپىنچىدىن

بىرىنى مۇرۇڭ چۇڭغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچى يارلىق بار دەپ ئېلان قىلىپ: «قەدىمكىلەر جەڭ قىلىسمۇ ئەلچى ئارىسىدا ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. سەن يىراقتىن كېلىپ ئاز - تولا جەڭ قىلغان بولۇپ جاپا تارتماي قالغانغۇ دەيمەن. بۈگۈن ساڭا يېپىنچىدىن بىرنى تەقدىم قىلىپ كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ قوياي. مەن ۋەزىرلىرىم بولغان سىلەرگە قىلغان مېھرى - شەپقەتلىرىم قانداق؟ نېمە ئۈچۈن تۈيۈقسىز يۈز ئۆرۈپ بۇنداق ۋەقە تۇغدۇردۇڭلار؟» دېگەن. مۇرۇڭ چۇڭ ئۆزىنىڭ خوجىدار بېگىنى جاۋاب قايتۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئۇمۇ بۇنى خان ئىنىسىنىڭ پەرمانى دەپ ئاتاپ: «نىيىتىم پۈتكۈل جاھاننى قولغا كەلتۈرۈشتە، كىچىككىنە كىمخاب چاپانغا قاراپ قويامتىم؟ ئۆز تەقدىرىڭنى بىلىدىغان بولساڭ شاھ - ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇپ كېلىپ پادىشاھلىق تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار. شۇ چاغدا فۇ فامىلىلىك جەمەتىدىكىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئوبدا جاۋاب قايتۇرىمەن. شۇنداق قىلىپ ئۆتكەن ياخشىلىقلار ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ» دېگەن. فۇجيەن قاتتىق غەزەپلىنىپ: «مەن ئەينى چاغدا ۋاڭ جىڭلو[103] ياڭپىڭ گۇڭنىڭ سۆزى بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىكىمدىن سىيانپىي ئىبلىسلار مۇشۇ دەرىجىدە غالجىرلاشتى» دېگەن.

چاڭئەندە قەھەتچىلىك بولۇپ كىشىلەر بىر - بىرىنى ئوزۇق قىلىپ يەۋەتكەن. ياۋجاڭ، بېيدى ۋىلايىتىدە[104] ئاسىيلىق مۇرۇڭ چۇڭ بىلەن بىرلىشىپ چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلغان. شۇ چاغدا تۇمەنلىگەن قاغا چاڭئەن شەھىرىنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ يىغلىغاندەك سايراپ تۇرغان. پالچىلار بۇ يىل ئاخىرلاشمايلا قورالىق قوشۇنلارنىڭ شەھەرگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دېگەن. ھەر كۈنى كەچتە شەھەرنى ئايلىنىپ: «ياڭ دېدەك قاۋۇل باللار ماڭا خاس ئىدى. ئوردا سۇپا - نەزىرگاھلىرىدا ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئاتا - بالا



تەڭ ئوردىغا چىقسا بىرگە ئۆمۈر كۆرمەس ئىدى» دەپ ۋارقىرىغان بىر كىشى بولسىمۇ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئىزدىگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە «فۇجيەن ۋۇجياڭ تېغىغا[105] كىرسە ئۇزاققىچە تۇرار» دېگەن بىر سۆز تارقالغانىدى. فۇجيەن بۇنىڭغا بەكرەك ئىشىنىپ ئۆز ۋەلىئەھدى فۇيۇڭداۋغا: «تەڭرى يېتەكچىلىك قىلىپ مۇشۇ سۆزنى تارقاتقان ئوخشايدۇ. سېنى ھەربىي مەمۇرىي ئىشلارنى تەڭ باشقۇرۇشقا قالدۇراي، سەن قاراقچىلار بىلەن تالاشما، مەن لۇڭشى ۋىلايىتىگە چىقىپ ئەسكەرلەرنى توپلاپ ئاشلىق توشۇپ سېنى تەمىنلەيمەن. تەڭرى مۇشۇ توغرىلىق ماڭا تەلىمات بەرگەن ئوخشايدۇ» دېگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇقچى سانغۇنى ياڭ دىڭنى مۇرۇڭ چۇڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈن شەھەر غەربىگە ئەۋەتكەندە مۇرۇڭ چۇڭ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالغان. فۇجيەن تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ، كېيىنكى ئىشلارنى فۇيۇڭداۋغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، نەچچە يۈز چەۋەندازنى باشلاپ ۋۇجياڭسەن تېغىغا چىقىپ كەتكەن ھەمدە ئايماق - ۋىلايەتلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇددەت بەلگىلەپ چاڭئەننى قۇتقۇزۇشنى ئۇقتۇرغان. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن فۇيۇڭداۋ ئۆز ئانىسى، خوتۇنى ۋە جەمەتىدىكىلەرنى ئېلىپ نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن بىرگە قېچىپ چىقىپ ۋۇدۇ[106] ۋىلايىتىگە بېرىپ شۇ يەردىن يول تېپىپ سىما چاڭمىڭ قېشىغا پاناھ ئىزدەپ بارغان.

مۇرۇڭ چۇڭ چاڭئەنگە كىرىپ شۇ يەرنى بېسىۋالغان. فۇجيەن ۋۇ جياڭسەن تېغىغا چىققاندىلا ياۋ جاڭ ئۆز سانغۇنى ۋۇ جۇڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئەۋەتكەن. فۇجيەننىڭ ئادەملىرى قېچىپ يۈرۈپ، تارقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاران ئون نەچچە ئادەم قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇرۇپ ھەرەم مۇلازىمىنى يېمەك - ئىچمەك ئەكىلىشكە چاقىرغان. بىردەمدىن كېيىن ئەسكەرلەر بېسىپ كېلىپ فۇجيەن ۋە ئۇنىڭ

رەپىقىسى جاڭ خانىم بىلەن كىچىك قىزى فۇ باۋجىننى تۇتۇپ ياۋ جاڭغا ئاپىرىپ بەرگەن. ياۋ جاڭ ئۇلارنى تۈرمىگە سولاپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان. فۇجيەن ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ياۋ جاڭغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ غەزەپ بىلەن قاتتىق ئاۋازدا تىللىغان. ئۇ ئايالى چاڭ خانىمغا «چاڭلاردىن بولغان قۇلنىڭ قىزىمنى رەسۋا قىلىۋېتىشىگە يول قويالمايمەن» دەپلا قىزى فۇ باۋجىننى ئۆلتۈرىۋەتكەن. ياۋ جاڭ شۇنىڭ بىلەن فۇجيەننى شىنپىڭ[107] ۋىلايىتىدىكى بىر بۇتخانىدا بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. فۇيۇڭداۋ سىما چاڭمىڭغا پاناھ ئىزدەپ بارغاندىن كېيىن جياڭجۇ[108] ئايمىقىدا تۇرغان. خۇەن شۈەن[109] ئۇنى لياڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىن ليۇ يۇ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. فۇيۇڭداۋنىڭ ئىسمى مەرھۇم ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ ئىسمىغا چېتىلغان.

فۇجيەننىڭ ئوغلى فۇپېي، تەخەللۇسى فۇ يۇڭشۇ، فۇجيەن ئۇنى شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، جىجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا چاڭلي گۇڭ دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ يېچىڭ شەھىرىگە باسقاق بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. مۇرۇڭ چۇي قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن فۇ پېي يېچىڭ شەھىرىدىن ئايرىلىپ، ئەر - ئايال 60 نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ لۇچۈەنگە[110] بېرىپ ئورۇنلاشقان. فۇجيەننىڭ چاپاۋۇل سانغۇنى جاڭ خاۋ، بىڭجۇ ئايماقبېگى ۋاڭ تىڭلار فۇ پېينى قارشى ئېلىپ جىنياڭ شەھىرىگە كىرگۈزۈپ شۇ يەرنى بېسىۋالغان. فۇجيەن ياۋ جاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ۋېي پادىشاھى تەيزۇ 9 - يىلى (385 - يىلى) فۇپېي خان بولۇۋېلىپ يىلنامىنى تەيئەن دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ ئالدىدا ۋاڭ مىڭنىڭ ئوغلى يۈجۇ ئايماقبېگى ۋاڭ يۇڭمۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ كەلگەنىدى. فۇپېي ۋاڭ يۇڭنى ئەمىرى ، زېمىن قىلىپ تەيىنلەپ قوشۇمچە دىۋان ۋازارىتى باشقۇرۇشقا قويغان. جاڭ خاۋنى ئەمىرى مىمار، ۋاڭ



تىڭنى مۇپەتتىش بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن بولۇپ، يارلىق - پەرمان يىراق - يېقىن جايلارغا يەتكۈزگەندە نۇرغۇن كىشىلەر ئاۋاز قوشقان.

فۇ پېي ۋاڭ تىڭنى جىنياڭ شەھىرىنى ساقلاشقا، ياڭ فۇنى خۇگۈەن قوۋۇقىنى[111] ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى 40 كىشىنى باشلاپ ئىلگىرىلەپ، پىڭياڭنى ئىگىلەپ ياۋ جاڭغا يۈرۈش قىلماقچى بولغان. بۇ چاغدا مۇرۇڭ چۇڭ شەرققە قايتىش ئۈچۈن يول بېرىشنى سورىغان. فۇ پېي ئۇنىماي غەزەپ بىلەن «مۇرۇڭ يۇڭ چەۋەنداز سەركەردىمىز ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن پايتەختكە پاراكەندە سېلىپ دۆلىتىمىزنى ئاغدۇرۇشقا سەۋەبچى بولدى. ئەمدى بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ نى - نى يامان ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ قايتىپ كېتىشنى سوراپ كەلدى. بۇنداق ئىشقا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمىز!» دېگەن. ئۇ باش ۋەزىر ۋاڭ يۇڭنى مۇرۇڭ يۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. مۇرۇڭ يۇڭ ۋاڭ يۇڭ بىلەن شياڭلىڭ ناھىيىسىدە[112] جەڭ قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەن. فۇ پېينىڭ ئادەملىرى تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزى بىر نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ جەنۇبقا قېچىپ دۇڭيۈەن[113] دېگەن يەرگە بارغاندا سىما چاڭمىڭنىڭ سانغۇنى فېڭ گەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

فۇ پېينىڭ بىر جەمەت ئاكىسىنىڭ ئوغلى فۇدېڭ، تەخەللۇسى فۇۋېنگاۋ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن كارى يوق قوپال ئىدى. شۇڭا فۇجيەن ئۇنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ھەۋەس قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، خېلى كىتابلارنى كۆرىدىغان بولغان. فۇجيەن ئۇنى چاڭئەن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىگەن كېيىن گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكتىن دىداۋ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولۇپ چۈشۈرۈلگەن.

گۇەندۇڭ رايونىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە فۇ پېڭ قېچىپ

فۇخەنگە پاناھ ئىزدەپ بارغان. دىلار خىجۇ ئايماقبېگى ماۋشىڭنى ئۆلتۈرۈپ ۋېي پىڭنى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، خىجۇ ئايماقبېگى قىلىپ كۆرسەتكەن. ۋېي پىڭ فۇ پىڭنى دورغاپ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي دىلار ۋېي پىڭ قېرىپ قالدى دەپ ئۇنى بىكار قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن قورقۇپ خېلى كۈنلەرگىچە بىر قارارغا كېلەلمىگەن. دىلاردىن دەن چىڭ دېگەن بىر ئادەم سانغۇن ـ سەركەردىلەرگە: «چوڭ ئىشلارنى بالدۇر بېكىتىش ياخشى. شەرققە ياۋ جاڭغا يۈرۈش قىلىدىغان ئىش تۇرسا، ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ. مۇبادا غۇلغۇيىمىز ئاشكارىلىنىپ قالسا شۇنىڭدىن زىيان تارتىمىز. ھەر قايسىڭلار ئاقساقال ۋېي پىڭ ئارقىلىق سانغۇن ـ سەركەردىلەرنى يىغىڭلار، پېقىر دەن چىڭ سىلەر ئۈچۈن بۇ ئىشنى كېسەي» دېگەن. كۆپچىلىك ماقۇل كۆرۈپ ھەممە كىشىنى زىياپەتكە چاقىرغان. دەن چىڭ خەنجەرنى قولىغا تۇتۇپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئاقساقال ۋېي چىڭ بەك قېرىپ كەتتى. ئۇ چوڭ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. دىداۋ ئامبىلى فۇ دېڭ پادىشاھ خان جەمەتىنىڭ يىراق تۇغقىنى بولسىمۇ، ئۇنى ئورتاق باشلىقلىققا تۇرغۇزايلى!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك فۇ دېڭنى خىسلەتلىك سىمۋول تۇتۇپ، لۈگۇەن تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشتەك ھەممە ھەربىي ئىشلارغا تۇتۇق، ئۇلۇغ قۇتاتقۇچى سانغۇن، يۇڭجۇ، خىجۇ، ئايماقلىرىنىڭ بېگى لۇيياڭ گۇڭى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ 50 مىڭ كىشىنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ لۇڭ[114] يەرلىرىگە بېسىپ كىرىپ نەنئەن ۋىلايىتىنى[115] ئىگىلەپ، ئەلچى ئەۋەتىپ بۇيرۇق سورىغان. فۇ پېي فۇدىڭنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ تەمىناتىنى ئوردا ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە نەنئەن بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. باشقىلارمۇ شۇنىڭ



نامىغا مۇناسىپ مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن.

كېيىن ياۋ جاڭ بىلەن خۇنۇفۇ دېگەن يەردە قاتتىق جەڭ قىلىپ ياۋ جاڭنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان. فۇ پېي ئۆلگەنلىكىدىن دىڭ گو 1 ـ يىلى (مىلادىيە 386 ـ يىلى) فۇ دېڭ لۈگۇەن تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا خان بولۇۋېلىپ، يىلنامىنى تەيچۇ قىلىپ بېكىتىپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. ئۇ فۇجيەننىڭ روھانىي تاختاينى بارگاھ ئوتتۇرىسىغا تۇرغۇزۇپ، مەخسۇس ھەربىي تەمىنات ھارۋىسى بىلەن توشۇپ، تۆپىسىنى قۇش پەيلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن قارا كۈنلۈك ياپقا قىلىپ، سېرىق تۇغنى يېنىغا قاداپ 300 قاۋۇل ئەسكىرىي ئۇنىڭغا مۇھاپىزەتچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ھەر قېتىم جەڭ قىلغاندا جەزمەن شۇ ئەرۋاھ تاختىيىغا دۇئا قىلىپ تۇرغان قورال ـ ياراقلارنى ئوڭشىتىپ ئۇ ئەسكەرلەرنى قاتتىق تەربىيىلەپ، ئاندىن قوشۇننى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان ۋە ساۋۇتلىرىغا ساپ «نەپەس توختىغانغا قەدەر» دېگەن خەتلەرنى ئويدۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگىچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ھەر قېتىم جەڭ قىلغاندا نەيزە ۋە ئىلمەكلىك قىلىچ تۇتقانلارنى تۆت چاسىلىق ۋە دۈگىلەك سەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك بىلەن ئاجىز ئورۇننى تېپىپ، ئاندىن ئوتتۇرىسىدىن ئايرىيتتى. شۇڭا ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىپ توسالغۇسىز ئىلگىرىلەيتتى. فۇ دېڭ ھەر قېتىم ياۋ چاڭنىڭ گازارمىسىنى قورشىۋالغاندا تۆت تەرىپىدىن قاتتىق يىغا ـ زار ئاۋازى پەيدا قىلىپ قايغۇلۇق ئاۋازى بىلەن: «شاھىمىزنى ئۆلتۈرگەن ئوغرى ياۋ چاڭ چىقسۇن! مەن سەن بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمەن. بىگۇناھ خەلققە زىيانكەشلىك قىلما» دەپ توۋلىغان. ياۋ چاڭ چۆچۈپ جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىغان.

فۇ دېڭ ئەندىڭ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ياۋ چاڭ ئۇنىڭ

هەربىي لازىمەتلىكلەر توشۇيدىغانلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ فۇ دېڭنىڭ ئايالى ماۋ خېنىمنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خوتۇنى قىلماقچى بولغان. ماۋ خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ تىللىغاچقا، ياۋ چاڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. فۇ دېڭ ياۋ چاڭنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ خۇشاللىق بىلەن: «ياۋ شىڭ پەسكەش مەن قولدىكى تاياقنى سۇندۇرۇپ قامچىلايمەن» دەپ بارلىق قوشۇننى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ فېيچاۋ كۆۋرۈكىنى ئالماقچى بولغان. ياۋ شىڭنىڭ سانغۇنى يېن ۋېي كۆۋرۈكىنى چىڭ ساقلاپ كۈتۈپ تۇرسا، ئۇلار سۇدىن ئۆتەلمەي، يېن ۋېي تەرىپىدىن يېڭىلگەن بولۇپ، پىڭلياڭ ۋىلايىتىگە قېچىپ بېرىپ، ماماۋسەن تېغىغا كىرىپ كەتكەن. ياۋ شىڭ ھۇجۇم قىلغاندا فۇ دېڭ جەڭدە ئۆلگەن.

ئۇنىڭ ئوغلى فۇ چۇڭ خۇاڭجۇڭ[116] رايونىغا قېچىپ بېرىپ خان بولۇۋېلىپ يىلنامىنى يەنچۇ دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قىبۇ چەنگۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

چاڭلاردىن ياۋ چاڭ، تەخەللۇسى ياۋ جىڭماۋ بولۇپ، نەنئەن ۋىلايىتى چىننىڭ ناھىيىسىدىن ئىدى. ئۇ شياۋ داڭ چاڭلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى ياۋ كېخۇي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنىغا ياردەم بېرىپ تاجۇڭ[117] دېگەن يەردە جياڭ ۋېينى[118] ئىسكەنجىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ رۇڭلارنى تىنچلاندۇرغۇچى چېرىكچىسى، غەربىي چاڭلار تۇتۇقى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ياۋ چاڭنىڭ دادىسى ياۋ يىجۇڭ جىن سۇلالىسىدىكى يۇڭجيا يىللىرىدا[119] توپىلاڭ بولغاندا شەرققە كۆچۈپ، يۈيمېي[120] ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان. لىيۇ ياۋ ياۋ يىجۇڭنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇنى، پىڭشياڭ گۇڭى قىلىپ تەيىنلىگەن. لېدى دەۋرىنىڭ 5 - يىلى (333 - يىلى) ياۋ يىجۇڭ ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ شى خۇ بىلەن چىڭخې ۋىلايىتىنىڭ[121] شېتو دېگەن يېرىگە كۆچكەن. شى لا ياۋ



يىجۇڭنى سۇر - ئەلەملىك سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا شياڭپىڭ گۇڭىنىڭ مەرتىۋىسىنى بەرگەن. دەي خانى توغبات شىيجيەن دەۋرىدە ياۋ يىجۇڭ ئۆلگەن بولۇپ، ئوغلى ياۋ شياڭ ئورنىنى باسقان. جاۋچېڭ ناھىيىسىدە[122] ئولتۇراقلاشقان. مۇرۇڭ جۈن ياۋ شياڭنى يۈجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا دەنياڭ گۇڭلۇق مەرتىۋىسىنى بەرگەن. ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت دەپ ئاتىغان. ئۇ جىن پادىشاھى سىما مۇدى رەنىنىڭ سانغۇنى خۇەن ۋېن تەرىپىدىن يېڭىلىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىگە قېچىپ بارغان كېيىن فۇ پېي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ياۋ يىجۇڭنىڭ 42 ئوغلى بار. ياۋ چاڭ ئۇنىڭ 24 - ئوغلى بولۇپ ئاكىسى ياۋ شياڭغا ئەگىشىپ ئۇياقتا - بۇياقتا يۈرۈش قىلىپ يۈرگەن. ياۋ شياڭ ئۇنى ئاجايىپ قەدىرلىگەن. ياۋ شياڭ مەغلۇپ بولغاندا ياۋ چاڭ پەرزەنت قوشۇنلىرىنى باشلاپ فۇجيەنگە تەسلىم بولۇپ، فۇجيەنگە ئەگىشىپ يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇشلاردا خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، نىڭجۇ، يۈجۇ، يەنجۇ ئايماقلىرىنى بېگى بولۇپ، يىدۇ بەگلىكى مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ سۈيۈرغال تەمىناتچىلىرى 500 ئائىلىگە يەتكەن. فۇجيەن سىما چاڭمىڭغا يۈرۈش قىلغاندا، ياۋ چاڭنى چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ يىجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇق قىلىشقا قويغان. فۇجيەن ياۋ چاڭغا: «مەن ئەسلى چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن بولۇپ ئىگىلىك ياراتقان ئىدىم. بۇ چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن بېگى بولۇپ دەسلەپتە ھېچكىمگە بەرمىگەنىدىم. ئەمدى ساڭا ئالاھىدە بەردىم. جىڭلىڭ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تاپشۇردۇم» دېگەن. فۇجيەننىڭ سول قانات سانغۇنى دۇچۇڭ نەسىھەت قىلىپ: «خان - پادىشاھلار بولغانلار چاقچاق گەپ

قىلمايدۇ، بۇ سانغۇننىڭ بويسۇنماسلىقىدەك يامان ئالامىتى بار. ئالىيلىرى ئوبدان تەكشۈرسىلە» دېگەن. فۇجيەن گەپ قىلماي تۇرغان.

مۇرۇڭ خۇڭ خۇازې دېگەن يەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قوشۇن تارتقاندا، فۇجيەن ئۆز ئوغلى ئۇلۇغ قورىغۇچى سانغۇن فۇرۇينى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. فۇرۇي يېڭىلىپ قېلىپ مۇرۇڭ خۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ياۋ چاڭ فۇرۇينىڭ ئەمىرى لەشكىرى ئىدى. ئۇ گۇناھ تارتىشىدىن قورقۇپ قېچىپ ئات چوپاندارى بولۇپ كەتكەن. كېيىن 10 مىڭچە ئادەم توپلاپ ئۆزىنى ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، تۇمەن يىللىق چىن خانى دەپ ئاتىۋالغان ھەم يىلنامىنى بەيجۆ قىلىپ بېكىتكەن. بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ قوشۇنى يۈز نەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەن. ئۇ مۇرۇڭ چۇڭ بىلەن بىرلىشىپ بېيدى ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ ئورۇنلاشقان. فۇجيەن چاڭئەن شەھىرىدىن ۋۇ جياڭ تېغىغا چىققاندا ياۋ چاڭ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ دېڭگو 1 ـ يىلى (مىلادىيە 386 ـ يىلى) ياۋ چاڭ خان بولۇۋېلىپ، تۈرلۈك مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ، خانلىق نامىنى ئۇلۇغ چىن دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى جەنچۇ قىلىپ بېكىتىپ، چاڭئەن (长安) شەھىرىنىڭ نامىنى (常安) (چاڭئەن) قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ۋەلىئەھدى ياۋ شىڭنى قوغداشقا قالدۇرغان. ئۆزى فۇ دېڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەندىڭ ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىسا مەغلۇپ بولغان. ياۋ چاڭ ئاغرىپ قېلىپ فۇجيەننىڭ مۇنەججىم، تەڭرى ئەلچىسى ۋە نەچچە يۈز ئەرۋاھ ئەسكىرىنى باشلاپ پەۋقۇلئاددە بارگاھقا بېسىپ كىرگەنلىكىنى، ياۋ چاڭنىڭ قورقۇپ كېتىپ ئايىملار تۇرغان ھەرەمگە قېچىپ بارغانلىقىنى، ئوردا ئەھلىنىڭ ياۋ چاڭغا قارشى چىقىپ ئەرۋاھلارغا نەيزە سانچىلغاندا خاتا ھالدا ياۋ چاڭنىڭ ئۇياتلىق قىسمىغا سانچىلىپ قالغانلىقىنى،



ئەرۋاھلارنىڭ ئۆزئارا: «دەل ئۆلىدىغان جايىغا تەگدى ـ دە» دېيىشكەنلىكىنى، نەيزىنى تارتىپ چىققاندا 10 كۈرەدىن ئارتۇق قان چىققانلىقىنى چۈش كۆرگەن. ئۇ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇياتلىق قىسمى ئىششىپ كەتكەن. ئەمچى ۋەزىر داۋالاش ئۈچۈن پىچاق بىلەن سانچىسا، قان چۈش كۆرگەندەك چىققان. ياۋ چاڭ شۇنىڭ بىلەن قالايمىقان جۆيلۈپ يا «پېقىر ۋەزىرلىرى» دەپ، يا «پېقىر ياۋ چاڭ» دەپ ئۆزىنى ئاتاپ «خان ئالىيلىرىنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئاكام ياۋ شياڭ ئىدى. بۇ ۋەزىرلىرى مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس. پېقىرغا ئۇۋال قىلمىسىلا» دېگەن. ياۋ چاڭ ئۆلۈپ، ئوغلى ياۋ شىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ دەپنە قىلماي تۇرغان.

ياۋ شىڭ تەخەللۇسى ياۋ زىلۆ بولۇپ، ياۋ چاڭنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ فۇ دېڭنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاتىسىنى دەپنە قىلىپ قارىلىق تۇتقان. خۇيلى دېگەن جايدا پادىشاھ بولۇۋېلىپ، يىلنامىنى خۇڭچۇ قىلىپ بېكىتكەن. ۋېي پادىشاھى داۋۇۋدىنىڭ تيەنشىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 398 ـ يىلى) ياۋ شىڭ پادىشاھلىق نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆزىنى تەڭرى خان دەپ تۇمەنلەپ ئېيتىپ يىلنامىسىنى خۇڭشى دەپ ئۆزگەرتكەن. ياۋ شىڭ لوياڭنى ئىشغال قىلىپ ئۆز ئىنىسى دۇڭپىڭ گۇڭى ياۋ شاۋنى باسقاق بولۇشقا قالدۇرغان. تەنشىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 400 ـ يىلى) ياۋ شىڭ ۋېي ئوردىسىغا تاۋاپ قىلىپ تارتۇق يوللاشقا ئەلچى ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋدى) باش مەلۇماتچى جاڭ جىنى ئەلچى قىلىپ ياۋ شىڭنى يوقلاشقا ئەۋەتكەن. ياۋ شىڭ يەنە قىبىۇ چەنگۇي قوشۇنىنى تارمار قىلىپ فۇخەن دېگەن يەرگە بېسىپ كىرىپ، 60 مىڭ ساۋۇتلۇق ئاتنى قولغا چۈشۈرگەن. قىبىۇ چەنگۇيمۇ ياۋ شىڭغا تەسلىم بولغان.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋدى) قوشۇنىنى ئەۋەتىپ ياۋ

شىڭنىڭ گاۋ پىڭ گۇڭى مۇيىۇرگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. مۇيىۇر ئۇلۇس جامائىتىنى تاشلاپ بىر نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ قۇلان چۆجە بىلەن بىرگە چىنجۇ ئايمىقىغا قاچقان. پادىشاھ قوشۇنى قوغلاپ كەلگەندە، چاڭئەن شەھىرىدىكىلەر ھەيران بولۇپ چۆچۈپ كەتكەن. ياۋ شىڭ ئىچكىرىگە قاراقچىلىق قىلىش ھەققىدە كەڭ تۈردە مۇلاھىزە قىلغاندا ۋەزىرلىرى ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراشقان. لېكىن ياۋ شىڭ گەپ ئاڭلىمىغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنى تيەنشىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 403 ـ يىلى) يازدا ياۋ شىڭ ئىنىسى يىيا گۇڭى ياۋ پىڭنى 40 مىڭ ئەسكەر باشلاپ پىڭياڭ ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار چيەنبى[123] قورغىنىغا 60 نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلغان. قورغاندا ئادەم ئاز ھەم قۇدۇقتىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇلار ئىشغال قىلغان. 6 ـ ئايدا ۋېي پادىشاھى تەيزۇ پىڭياڭ ۋىلايىتىگە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ پىلىڭ بېگى توغبات شۇن قاتارلىقلارنى قوشۇنىدىن 60 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ئاۋانگارت بولۇشقا ئەۋەتكەن. 7 ـ ئايدا پادىشاھ ئۆزى يۈرۈش قىلىش سەپىرىگە چىققان بولۇپ 8 ـ ئايدا يۇڭئەن ناھىيىسىگە[124] يېتىپ بارغان. ياۋ پىڭ قاۋۇللارنى قوبۇل قىلىپ، خىل چەۋەندازدىن 200 كىشىنى باشلاپ رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ ئاۋانگارت سانغۇنى جاڭسۇن فېي تىرىك تۇتۇۋېلىپ بىرىنىمۇ قايتۇرمىغان. ياۋ پىڭ شۇنىڭ بىلەن چېكىنىپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ چەيبى قورغىنىغىچە[125] جىددىي قوغلاپ بارغان. ئۇ يەرنى ياۋ پىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلغاچقا ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۇنى قورشىۋالغان. ياۋ شىڭ خەۋەر تېپىپ ئۆزىنىڭ بارلىق قوشۇنىنى چىقىرىپ ياۋ پىڭنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەن.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇدى) ياۋ شىڭنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ياۋ پىڭنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدىن قېچىپ



چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياۋ شىڭنىڭ سىرتتىن بېسىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىستىھكامىنى ياساتقان. يەنە فېنخې دەرياسىنى كېسىپ جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى لەيلىمە كۆۋرۈك ياسىلىپ غەربىي قىرغاقنى بويلاپ توساق ياساتقان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ پىيادە، ئاتلىق ئەسكەردىن 30 مىڭ كىشىنى مىڭكېڭ كېچىكىدىن[126] ئۆتۈپ جەنۇبقا 40 چاقىرىم مېڭىپ ياۋ شىڭغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. ياۋ شىڭ سەھەر تۇرۇپ قوشۇننى باشلاپ شىمالغا قاراپ ماڭغان بولۇپ، بارگاھنى تۇرغۇزۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلدى ـ دە، ياۋ شىڭ قوشۇنىدىكىلەر چۆچۈپ كېتىپ قالايمىقانلاشقان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ يارلىق بېرىپ پىلىڭ بېگى توغبات شۇننى خىل چەۋەندازلارنى باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ياۋ شىڭنىڭ ساۋۇتلۇق چەۋەندازدىن نەچچە يۈز كىشىنى ئەسىرگە ئېلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى كەسكەن. ياۋ شىڭ چېكىنىپ جەنۇبقا قاراپ 40 نەچچە چاقىرىم ماڭغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۆز قوشۇنىنىمۇ قايتۇرغان. ياۋ پىڭ مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىشقا پېتىنالماي پەقەت ئادەم ئەۋەتىپ بىر نەچچە يۈز قەدەمچە توساقنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرگەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ياۋ شىڭنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىتچىت قىلىنغانلىقىنى بىلىپ جەنۇبتا مىڭپىڭ كېچىكىنى توسۇپ شەرقتە شىنبەن تاغ ئېغىزىنى ئېتىپ تيەندۇ كېچىكىنى[127] ساقلاپ، جاسەن تېغىغا قوشۇن تۇرغۇزۇپ ياۋ پىڭنىڭ سۇ يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولىنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈۋېتىپ ئەسكەرلەرنى ساۋۇتنى سېلىپ ياۋ پىڭنى تۇتۇشقا ساقلاپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ چارۋىچىلارنىڭ ئىتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن يەنە فېنخې دەرياسىنى بويلاپ تۆپىدۆڭگە قارىماي پۈتۈنلەي دەرەخ شاخلىرى بىلەن نەچچە ئون چاقىرىمغىچە قاشا

تۇرغۇزغان. 9 ـ ئايدا ياۋ شىڭ فېنخې دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كېلىپ جىلغىغا تايىنىپ ئىستىھكام سېلىپ ئۆز سېپىنى مۇستەھكەملىگەن. ياۋ شىڭ بىر نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ غەربىي قىرغىقىغا بېرىپ ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ بارگاھىنى يوشۇرۇن كۆزەتكەن ھەم غول ئارچا دەرەخلىرىنى باغ باغلاپ فېنخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا تاشلاپ ئېقىتىش ئارقىلىق لەيلىمە كۆرۈكلەرنى بۇزۇۋەتمەكچى بولغان. ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى ئىلمەك بىلەن شۇ ياغاچلارنى قىرغاققا تارتىپ ئېلىپ يېقىلغۇ قىلىنۋالغان. ياۋ شىڭ يەنە ئۆز ئىستىھكامىغا قايتقان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۇنىڭ جەزمەن غەربىي قىرغاقتىكى توساققا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ خەندەكنى چوڭقۇر ھەم كەڭ كولاشقا بۇيرۇغان. شۇ كۈنى كەچتە ياۋ شىڭ ھەقىقەتەن ھۇجۇم قىلىشقا كەلگەن. بىراق تەييارلىغان شوتىلىرى قىسقا بولۇپ خەندەكنىڭ قىرغىقىغا يەتمىگەنلىكتىن شوتىلىرىنى خەندەككە تاشلاپ قويۇپ چېكىنىپ كەتكەن. ياۋ شىڭ يەنە قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ فېنخې دەرياسىغا يېقىنلاپ ئىستىھكام ياسىتىپ سۇ كېچىكلىرىگە قىستاپ كېلىپ، ياۋ پىڭ بىلەن يىراقتىن ماسلاشماقچى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئادەم ئەۋەتىپ سۇدا توسۇپ تۇرغان. ياۋ شىڭ مۇھاسىرە ئىچىدىكىلەر بىلەنمۇ، سىرتىدىكىلەر بىلەنمۇ خەۋەرلىشەلمىگەچكە ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى چۈشۈپ كەتكەن. ياۋ پىڭ قوشۇنىنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ كەتكەچكە تۈندە بارلىق سانغۇن ـ سەركەردىلەرنى باشلاپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى بولغان. ياۋ شىڭ قوشۇنىنى تارتىپ فېنخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا سەپ تىزىپ گۈلخان يېقىپ داۋراڭ سېلىپ ياۋ پىڭنى يىراقتىن كۈتۈپ تۇرغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ قوشۇنلاردىن خىللىرىنى تاللاپ فېنخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ



جەنۇبىي لەيلىمە كۆۋرۈكنى قاتتىق ساقلاپ، سۇ ئېغىزىدىكى يولنى توسۇپ قويغان. ياۋ شىڭ قاراڭغۇ تۈندە داۋراڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ياۋ پىڭنىڭ جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى ئارزۇ قىلغان. ياۋ پىڭ مۇھاسىرە سىرتىدىكى داقا ـ دۇمباق ۋە جەڭ داۋراڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ياۋ شىڭنىڭ مۇھاسىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىپ چىقىشنى كۈتۈپ تۇرغان. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ توۋلاپ داۋراڭ سېلىپ يىراقتىن چاقىرىپ جاۋاب بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھاسىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قىستاپ كىرىشكە پېتىنالمىغان. ياۋ پىڭ ئۆزىنىڭ مۇھاسىرىدىن چىقالماي، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى كىچىك خوتۇنى بىلەن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. ياۋ شىڭنىڭ يىراق جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇنى بۇ جېڭشى، ئەلەم كۆرسەتكۈچى سانغۇن لېي جۇڭ قاتارلىق سانغۇن ـ ئەسكەرلەردىن 4 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۆز قوشۇنىدىكىلەرنى سۇ ئۈزۈپ سۇغا چۆشكەنلەرنى ئىلمەك بىلەن تۇتۇپ چىقىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا بىرەرىمۇ توردىن چۈشۈپ كەتمىگەن. ياۋ پىڭنىڭ قوشۇنىدىن 30 نەچچە مىڭ كىشى ھەممىسى قورال تاشلاپ ئەسىرگە چۈشكەن. ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى ياۋ شىڭنىڭ دىۋان بېگىنىڭ ئوڭ قول ياندىشى ۋەزىرى بوجى، يۆ چەۋەندازلىرى چېرىكچىبېگى تاڭ شياۋ فاڭ، كامالەكچى سانغۇن ياۋ لياڭگو، ساداقەتمەن سانغۇن لېي شىڭ، تاڭ گۈەن، شىمالىي كەپتاۋۇلى كاڭ ۋېي، ياۋ شىڭنىڭ جىيەن ئوغلى ياۋ بوچىن قاتارلىق 4 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانغۇندىن 40 نەچچە ئادەمنى تۇتۇۋالغان. ياۋ شىڭ يىراقتىن قۇتقۇزۇشقا كەلسە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ يەتمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن قوشۇندىكىلەر بىلەن بىرگە يىغا ـ زار قىلىپ تاغ ـ جىلغىلارنىمۇ تەۋرەتكەن بولۇپ، نەچچە كۈنگىچە داۋام

قىلغان. ياۋ شىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلسا ۋېي پادىشاھى تەيزۇ قوبۇل قىلمىغان. شۇڭا ياۋ شىڭ قوشۇنىنى باشلاپ قايتىپ كەتكەن.

ياۋ شىڭ چاڭئەن شەھىرىگە قايتقان. ياۋ شىڭنىڭ ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىدا تۈمەنلىگەن قۇشقاچ سوقۇشقان بولۇپ، پەي - تۈكلىرى تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ چۈشكەن، ئۆلگەنلىرىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرغان. مۇشۇنداق ئەھۋال بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتقىچە داۋام قىلغان. پالچىلار: «بۈگۈنكى كۈندە قۇشقاچلار ئىبادەتخانىدا سوقۇشقان بولسا كېيىندىن پەرزەنتلىرى ئورۇن تالىشىپ پاراكەندە سالىدىغانلىرى چىقارمىكىن؟» دېگەن. يەنە ياۋ شىڭنىڭ ئوردىسىدا كالا مۆرىگەندەك ئاۋاز چىققان. ئىككى تۈلكە چاڭئەنگە كىرىپ، ئۇنىڭدىن بىرى ئاۋۋال ياۋ شىڭنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئاندىن ئايىملار تۇرغان سارايغا بېرىپ غايىب بولغان. بىرى بازارغا بېرىپ يوقاپ كەتكەن. ئىزدىگەن بىلەن تېپىلمىغان.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئالدىدا جياۋ زۇڭ[128] يىجۇ، نىڭجۇ ئايماقلىرىنى بېسىۋېلىپ ئۆزىگە خانلىق نامىنى قويغان. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ياۋ شىڭغا بېقىندى بولۇپ ئۆزىنى قارام ئەل دەپ ئاتىغان. ياۋ شىڭ جياۋ زۇڭنى شۇ بېگى قىلىپ خانلىق مۇراسىمىغا باب توققۇز خىل ئەسۋابنى تەقدىم قىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يۇڭشىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 411 - يىلى) ياۋ شىڭ جۇ باۋنى ئەلچى قىلىپ ئوردىغا تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتكەن. يۇڭشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 413 - يىلى) ياۋ شىڭ ئەلچىنى تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتكەن ۋە ئۆز قىزىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ مىڭيۈەندى ماقۇل كۆرگەن.

ياۋ شىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى گۇاڭپىڭ گۇڭى ياۋ بىڭگە ئىشىنىپ كېتىپ ئوردىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى تاپىلىغان. ياۋ شىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا، چوڭ ئوغلى ياۋ خۇڭ ئوردا



ئىچىدە كېسەل بولغان ئاتىسىنى بېقىپ تۇرغان. ياۋبى نەچچە مىڭ مۇرىتىنى توپلاپ، ياۋ شىڭنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەڭ ياۋ خۇڭنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى تەختكە چىقارماقچى بولغان. ياۋ شىڭنىڭ سىرتقى جايلاردا باسقاق بولغان ئوغۇل، جىيەن ئوغۇللىرى خەۋەر تېپىپ، ھەممىسى ئەسكەر تارتىپ ياۋ بىغا جازا يۈرۈشى قىلغان. ياۋ شىڭنىڭ كېسىلى ئاساسەن ساقايغان بولۇپ، ئۇ ياۋ بىنى ئۆلتۈرۈشكە چىدىماي، مەنسىپىدىن قالدۇرۇپلا قويغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ شىرۇي 1 - يىلى (مىلادىيە 414 - يىلى) ياۋ شىڭ مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ مىرزا بېگى قوشۇمچە مەھرەم بېگى يەن كاڭنى ۋېي پادىشاھىغا تەزىم قىلىپ تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتكەن. شىروي 2 - يىلى (مىلادىيە 45 - يىلى) ياۋشىڭ بېگى، دوڭۇۋ بېگى، ياۋچاڭ، دىۋان بېگى، ياۋتەنى ئۆز قىزى شىپىڭ مەلىكىنى ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ مىڭيۈەندىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ خانىش ئېلىش مۇراسىمى بىلەن قوبۇل قىلغان. ياۋ شىڭ قايتىدىن ياۋ بىنى ئوتتۇرا قوشۇن ئۇلۇغ سانغۇنى قىلىپ 30 مىڭ ئەسكەر سەپلەپ ۋېيخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ياۋ شىڭ قايتىدىن قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا ياۋ بى ئۆز مۇرىتى ياۋ ۋۇبو قاتارلىقلارنى كۆپچىلىكنى باشلاپ ئوردىنىڭ دۈەنمېن قوۋۇقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ياۋ خۇڭ ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى بېقىپ تۇرغانىدى. ئۇ چاغدا ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى توسقان، ياۋ شىڭ كۈچىيىپ كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ئالدىنقى سارايغا چىقىپ ياۋ بىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. ياۋ بىنىڭ مۇرىتلىرى شۇنىڭ بىلەن تارقىلىپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ تەيچاڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 416 - يىلى) ياۋ شىڭ ئۆلگەن بولۇپ، ياۋ خۇڭ ئۆز ئالدىغا تەختكە چىقىۋالغان.

ياۋ خۇڭ، تەخەللۇسى ياۋ يۈەنزى بولۇپ، ياۋ شىڭنىڭ چوڭ

ئوغلى ئىدى. ئۇ خان ئورنىغا چىققاندىن كېيىن يىلنامىنى يۇڭخې دەپ بېكىتكەن. قۇلان چۇجە ياۋ خۇڭنىڭ چىنجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە ئەندىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان. كېيىندىنلا يۈچېڭ شەھىرىنى[129] بېسىۋالغان، سىما دېزۇڭ سانغۇن لىۇ يۈيىنى ياۋ خۇڭغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. لىۇ يۈي ئۆز سانغۇنى تەن داۋجىنى لوياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتسە، ياۋ خۇڭنىڭ ئىنىسى چېنلىيۇ گۇڭگى ياۋ گۇاڭ شەھىرىنى تەقدىم قىلىش بىلەن تەسلىم بولغان. ياۋ خۇڭنىڭ ئىنىسى، تەييۈەن گۇڭگى ياۋ يى پۈبەن ناھىيىسىدە ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ياۋ خۇڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى چى گۇڭگى ياۋ خۇي چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىدا ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇن تارتىپ چاڭئەن شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان. ياۋ خۇڭ ئىچكى قىسىمدا پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغاچقا، لىۇ يۈي قوشۇنى توسالغۇسىز گۇەنجۇڭ رايونىغا بېسىپ كىرگەن. ياۋ خۇڭ يىغلىپ قېلىپ تەسلىم بولۇشنى ئىلتىماس قىلسا، ئۇنى جيەنكاڭ شەھىرىگە[130] ئاپىرىپ كاللىسىنى كەستۈرگەن.

لۆياڭ ۋىلايىتىدە[131]ىكى دىلاردىن لۇ گۇاڭ، تەخەللۇسى لۇشىمىڭ بولۇپ ئەسلىي يۇرتى لۆ ياڭ ئىدى. لۇ گۇاڭنىڭ ئاتىسى لۇپولۇ فۇجيەننىڭ ئەمىر لەشكىرى ئىدى. لۇ گۇاڭ 10 ياشقا كىرگەندە ئويۇنلاردا سەپ تارتىپ جەڭ قىلىشقا ئامراق بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن باشلامچى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى سەككىزچى تۆت سۇڭ بولۇپ، جەينىكىدە تامغىدەك بىر ئۆسمە بار. ئۇ ۋاڭ مىڭغا ئەگىشىپ ئۇياققا ـ بۇياققا يۈرۈش قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قاراقچىلارنى يوقاتقۇچى سانغۇن بولۇپ ئۆسكەن.

فۇجيەن لۇ گۇاڭنى شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن قىلىپ، 7 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىشقا



ئەۋەتكەن. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ئەللەردىن تەسلىم بولمىغانلىرى يوق. لۇ گۇاڭ كۇسەنگە يېتىپ بارغاندا كۇسەن خانى بەيچۇن تاقابىل تۇرغان. غەربىي يۇرتتىكى غۇزلاردىن بەيچۇننى قۇتقۇزۇشقا كەلگەنلىرى 700 نەچچە مىڭغا يەتكەن. لۇ گۇاڭ سەپ تارتىپ دۈشمەننى ئۆزىگە تارتىپ ئاندىن قورشاپ يوقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، شەھەر غەربىدە قاتتىق جەڭ قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئون نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى كەسكەن. بەيچۇن قېچىپ كەتكەن بولۇپ، 30 نەچچە ئەل تەسلىم بولغان. لۇ گۇاڭ 2 مىڭ نەچچە تۇياق تۆگە بىلەن چەت ئەللەردىن كەلگەن گۆھەر ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ۋە ئاجايىپ ئايال سازەندىلەر، قىزىق ئويۇنچۇقلار، غەلىتە قۇش، ياۋايى ھايۋانلاردىن مىڭدىن ئارتۇقىنى، شۇنىڭدەك 10 مىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئاتنى ئېلىپ قايتقان. فۇجيەننىڭ لياڭجۇ ئايماقبېگى لياڭ شى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى توسسا لۇ گۇاڭ لياڭ شىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، گۇزاڭ شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن. ئۇ لياڭ شىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى چاڭلار چېرىكچىسى لياڭجۇ ئايماقبېگى دەپ ئاتىۋالغان.

دېڭگو يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 386 ـ يىلى) ئۇ يەنە ئۆزىنى خاسىيەتلىك سىمۋول تۇتقۇچى، ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى، جيۇچۈەن گۇڭگى دەپ ئاتىۋالغان. باش دەپتەردار ۋېي يۈ ھىيلىگەر ھەم بىلىمى ئاز بولسىمۇ لۇ گۇاڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەچكە ئۇ يوشۇرۇن ھالدا داڭلىق زاتلاردىن ياۋ خاۋ، يىن جىڭ قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن يېقىن ـ يىراق جايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ دېڭگو 4 ـ يىلى (مىلادىيە 389 ـ يىلى) لۇ گۇاڭ ئۆز ئالدىغا سەنخې بېگى دەپ ئاتاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىگە تارتۇق يوللىغان. ياساۋۇل بېگى

ۋەزىرلەردىن تۆۋەن مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ ئايماق ھاكىمىيىتىنى ئۆزى تۇتقان. شۇ يىلنى لىنجيا يىلنامىسىنىڭ 1 ـ يىلى دەپ ئاتىغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ خۇاڭشى يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (مىلادىيە 396 ـ يىلى) لۇ گۇاڭ ئۆزىنى تەڭرى خانى دەپ ئاتاپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ يىلنامىنى لۇڭخې دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۆز ئوغلى لۇ شاۋنى ۋەلىئەھد قىلىپ بېكىتكەن ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي پادىشاھىغا تەزىم قىلىپ تارتۇق يوللىغان. لۇ گۇاڭ قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ لۇ شاۋنى تەڭرى خانى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنى ئاتاخان دەپ ئاتىۋالغان. لۇ گۇاڭ ئۆلگەندە، چوڭ ئوغلى لۇزۇەن لۇ شاۋنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا تەختكە ئولتۇرۇۋالغان.

لۇزۇەن، تەخەللۇسى لۇ يۇڭشۇي بولۇپ، ئۆزى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن شۇ يىلنىڭ نامىنى شىيەننىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 399 ـ يىلى) دەپ ئاتىغان. لۇزۇەننىڭ ئىنىسى ئۇلۇغ ئەمىرى لەشكىرى لۇخۇڭ، ئىسمى مەرھۇم ۋېي پادىشاھى شەنزۇنىڭ مۇقەددەس ئىسمى بىلەن ئوخشاش[132] بولغانلىقى ئۈچۈن لۇزۇەن بىلەن چىقىشالماي ئەسكەر تارتىپ لۇزۇەنگە ھۇجۇم قىلغان. لۇ زۇەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئەسكەرلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە لۇخۇڭنىڭ ئوردىسىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشىغا يول قويغان. لۇ زۇەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە: «بۈگۈنكى جېڭىمىز قانداقراق؟» دېگەندە لۇ زۇەننىڭ شىغاۋۇلى فاڭ گۈي جاۋاب بېرىپ «مەرھۇم ئاتاخان ئەمدىلا ۋاپات بولدى. ۋەلىئەھد قامىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. تاغ ـ قەبرىستانغا نەزىر ـ چىراغ قىلغۇچە ئۇلۇ ئەمىرى لەشكەر گۇمانخورلۇق بىلەن خالىغانچە قالايمىقانچىلىق قىلدى. پايتەخت ئىچىدە قورال بىلەن تۇتۇشۇپ، دوستلۇقتىن دۈشمەنلىككە ئايلاندى. گەرچە لۇخۇاڭ ئۆزىگە ئۆزى بالا تېپىپ يوقالغان بولسىمۇ، ئالىيلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ئىنساپى قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇ



خۇاڭنىڭ خوتۇنى ئالىيلىرىنىڭ كېلىن سىڭلىسى، لۇ خۇاڭنىڭ قىزى ئالىيلىرىنىڭ جىيەن قىزى تۇرۇقلۇق پەسكەش ئادەملەرنىڭ خورلۇق قىلىپ دېدەك، كىچىك خوتۇن قىلىشىغا قويۇپتىلا، ئاسمان ـ زېمىندىكى ئىلاھلار مۇنداق ئىشنى كۆرۈشكە چىدامدۇ ـ ھە!» دەپ ھەسرەت چېكىپ يىغلاپ كەتكەن. لۇ زۇەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، لۇ خۇڭنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى يىغىپ بېقىپ بەرگەن. لۇ زۇەن رەھىمسىز گالۋاڭ ھەم خالىغانچە ئىش قىلىدىغان خوتۇنباز، ھاراقكەش بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كەتكەن، ئۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن چالا مەست بولۇپ ئازگال ـ جىلغىلار ئارىسىدا ئوۋ قىلىپ ئات چاپقاندا، بىرەر كىشى نەسىھەت قىلسىمۇ، لۇ زۇەن زادىلا ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گۇمانخورلۇق، قىرغىنچىلىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. لۇ زۇەننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى لۇجياۋ لۇ زۇەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، لۇ زۇەننىڭ ئىنىسى لۇ ۋېي يالغۇز ئاتلىق شەھەرگە كىرگەن بولۇپ، لۇجياۋ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئاكىسى لۇلۇڭنى تەختكە چىقارغان.

لۇلۇڭ، تەخەللۇسى لۇ يۇڭچى بولۇپ لۇ گۇاڭنىڭ ئىنىسى لۇباۋنىڭ ئوغلى ئىدى. دەسلەپتە لۇچياۋ تەختىنى لۇ لۇڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەندە لۇ لۇڭ تەس كۆرگەنىدى. لۇچياۋ: «بۈگۈنكى ئىش ئەجدىھانى مىنىپ ئاسمانغا چىقىشقا ئوخشايدۇ. ئارىلىقتا قېلىشقا بولمايدۇ!» دېگەندىن كېيىن لۇ لۇڭ خان بولۇپ يىلنى شىندىڭ يىلنامىسىنىڭ 1 ـ يىلى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. لۇچياۋ لۇ زۇەننىڭ خوتۇنى ياڭ خانىم بىلەن بىر نەچچە دېدەكنى لۇ زۇەننى شەھەرنىڭ غەربىگە دەپنە قىلىشقا بۇيرۇغان. لۇچياۋ ياڭ خانىمنىڭ گۆھەر ـ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاقتۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن. ياڭ خانىم لۇچياۋنى ئەيىبلەپ: ئېرىمنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى قورال تۇتۇپ بىر ـ بىرىنى قەستلەپ تۇرغان. خوتۇنلىرىمۇ قاچانلا بولمىسۇن بىر

كۈنى ئۆلىدۇ. بىزنىڭ ئالتۇن - گۆھەر ئېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى نېمە؟» دېگەن. لۇچياۋ خىجىل بولۇپ چېكىنىپ كەتكەن. ياڭ خانىم يىگانە ساھىبجامال بولۇپ، لۇچياۋ ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ياڭ خۇەنگە «خانىش ئەگەر ئۆلۈۋالىدىغان بولسا سىنىڭ جەمەتىڭگە بالايىئاپەت كېلىدۇ» دېگەن. ياڭ خۇەن شۇ گەپنى قىزىغا دەپ بەرسە ياڭ خانىم: «ئۆزىڭىز بايلىق ۋە مەرتىۋە ئۈچۈن قىزىڭىزنى دىلارغا سېتىپ بەرگەنىدىڭىز. بىر قېتىم ساتقان بولسىلا بولدى، قىزىڭىزنى دىلارنىڭ ئىككى ئادىمىنىڭ خورلىشىغا بېرىشكە بولمايدۇ!» دېگەندىن كېيىن ئۆلۈۋالغان.

جۇرچى مۇنسۇن، توفا رۇتان پات - پات ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى خەلق تېرىقچىلىق قىلالمىغانلىقتىن، ئاشلىقنىڭ باھاسى ھەدەپ ئۆرلەپ كەتكەن. بىر كۈرە ئاشلىقنى 5 مىڭ يارماققا ساتىدىغان بولۇپ ئادەم ئادەمنى يەيدىغان بولغان. ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەنلەر 1000 دىن ئاشقان. گۇزاڭ شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى كۈندۈزىمۇ يېپىق بولۇپ، ئوتۇن تېپىش يولىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان، ئەل - جامائەتنى شەھەردىن چىقىپ يات مىللەتكە ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل - دېدەك بولساقمۇ مەيلى دەپ ئىلتىماس قىلىدىغانلار ھەر كۈنى نەچچە يۈز بولغان. لۇ لۇڭ خەلقنى قوزغىتىپ قويۇشىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك كۆمۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئادەم جەسەتلىرى يوللارغا تۇشۈپ كەتكەن، ئائىلىلەرنىڭ $\frac{9}{10}$ تىرىك ئادەم قالمىغان. لۇ لۇڭ جۇرچى مۇنسۇننىڭ قايتا - ھۇجۇم قىلىپ قىستىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ياۋ شىڭنىڭ كۈتۈۋېلىشىنى ئىلتىماس قىلغان. ياۋ شىڭ چى نەن كۆپچىلىكنى باشلاپ قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، لۇ لۇڭ ئۇنىڭغا تەسلىم بولغان. لۇ لۇڭ



چاڭئەنگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياۋ شىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

(«ۋېينامە» 6 - كىتاب 2041 — 2087 - بەتلەر)

---

①جىنياڭ ( 晋阳 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەييۈەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 15 — 16 - بەتلەر)

②تۇرغاق ( 住子 ) — خەنزۇچە « 质子 » دەپمۇ يېزىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا يات ئەلگە ئەۋەتىلىپ گۆرۈگە قويۇلغان ئادەم. مۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى خانزادە ياكى بەگزادىلەردىن بولاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2971 - بەت)

③ياڭ جۈن ( 杨骏 ) — جىن پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدىكى ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى.

(«جىننامە. ياڭ جۈننىڭ تەرجىمھالى» دىن)

④يۇڭنىڭ ( 永宁 ) — جىن پادىشاھى خۈيدىنىڭ مىلادىيە 301 - يىلى قوللانغان يىلنامى.

(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑤زوگو شەھىرى ( 左国城 ) — ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑥لىشى ( 离石 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑦ليۇ شەن ( 刘禅 ) — ئۈچ پادشاھلىق دەۋرىدىكى شۇ

پادىشاھلىقنىڭ تۇنجى پادىشاھى لىيۇ بېيىنىڭ ئوغلى. لىيۇ بېي ئۆلگەندىن كېيىن، لىيۇ شەن پادىشاھ بولغان. لىيۇ بېي ئۆزىنى خەن پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراپ، ئۆز پادىشاھلىقىنى خەن پادىشاھلىقى ياكى شۇ خەن پادىشاھلىقى دەپمۇ ئاتىغان.

(مۇھەررىردىن)

⑧خۇەندى ( 桓帝 ) — سىيانپىيلار سەردارى توغبات يىيى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى.
(«ۋېينامە. خۇەندى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑨پۇزى ( 蒲子 ) — يەنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شىشيەن ناھىيىسى، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب، 7 — 8 - بەتلەر)

⑩پىڭياڭ ( 平阳 ) — ناھىيە. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېڭ شەھىرى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 9 — 10 - بەتلەر)

⑪پۇبەن ( 蒲坂 ) — يەر نامى. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى فېڭلىڭدۇ كېچىكىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 9 — 10 - بەتلەر)

⑫ۋاڭ ماڭ ( 王莽 ) — شىن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، مىلادىيە 8 - يىلىدىن مىلادىيىدىن 23 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت باشقۇرغاندا باج - سېلىقنى ئاشۇرۇپ، قاتتىق قول قائىدە - قانۇنلارنى يۈرگۈزۈپ، خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن. ئاخىرى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(«خەننامە. ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑬خېرۇي ( 河瑞 ) — دەريادىن چىققان ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دېگەن مەنىدە.



(مۇھەررىردىن)

⑭چىشا ( 赤沙 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى دۇڭتىڭ كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب، 34 — 35 - بەتلەر)

⑮ۋاڭ مى ( 王弥 ) — لىيۇ يۈەنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇنى.
(مۇھەررىردىن)

⑯مۇشاۋىر ( 太保 ) — ۋەلىئەھدكە نائىبلىق قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئوقۇتقۇچى ئەمەلدار.
(«سىيۈەن» 680 - بەت)

⑰تەمىرات بېگى ( 将作大匠 ) — ئوردا، خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى، قەبرىستان ۋە باشقا ياغاچ - تاش قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(«خەننامە. ئەمەل - ئۇنۋانلار جەدۋىلى» دىن)

⑱شيا خانى جيې ( 夏桀 ) — شيا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى بولۇپ، شەپقەتسىز ھەم يولسىز ئىدى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. شيا خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

⑲يىن خانى جۇۋاڭ ( 殷纣王 ) — يىن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى بولۇپ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، كەيپ - ساپا تۇرمۇش كۆچۈرگەن ۋە زالىملىق قىلغان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. يىن خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

⑳جۇ خانى يۇۋاڭ ( 周幽王 ) — غەربىي جۇ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى. ئۇ باۋسى دېگەن ئايالنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بوفۇ ئىسىملىك پەرزەنت كۆرگەن ۋە ئەسلىي ۋەلىئەھدنى بىكار قىلىپ، بوفۇنى ۋەلىئەھدلىككە

تىكلىگەن. ئەسلىي ۋەلىئەھدنىڭ ئاپىسىنىمۇ خانىشلىقتىن قالدۇرغان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

㉑جۇ خانى لى ۋاڭ (周历王) — شەرقىي جۇ خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ ئاچ كۆز ھەم زالىم ئىدى. ئۆزىگە پىكىر بەرگەن ياكى راست گەپ قىلغانلارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

㉒ليۇ كۇن (刘琨) — جىن سۇلالىسىنىڭ بىڭجۇ ئايماقبېگى.
(مۇھەررىردىن)

㉓مۇدى (穆帝) — سىيانپىيلار سەردارى توغبات يىلۇ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى.
(«ۋېينامە. مۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉔چىبى (赤壁) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇ چاڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 3 ـ كىتاب 29 — 30 ـ بەتلەر)

㉕خەنياڭ ۋىلايىتى (汉阳郡) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىشيەن ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 57 — 58 ـ بەتلەر)

㉖ۋېيچېڭ شەھىرى (渭城) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى ۋېينەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى»، 911 ـ بەت)

㉗شىمېن قورغىنى (石门) — ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇدۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)



㉘جىنيۇڭ شەھىرى (金墉) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

㉙شياڭ قوۋۇقى (西阳门) — لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى قوۋۇق شياڭ قوۋۇقى دەپ ئاتىلاتتى.
(«ۋېينامە. لۇ گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 2088 ـ بەت)

㉚شياڭگو (襄国) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىنتەي شەھىرى ئەتراپلىرى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

㉛ليېدى (烈帝) — سىيانپىيلار سەردارى توغبات يىخۇەي، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى.
(«ۋېينامە. ليېدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉜شاڭداڭ (上党) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

㉝ۋۇشياڭ (武乡) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەنيۈەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

㉞چېڭدۇ بېگى سىما يىڭ جىن پادىشاھى خۇيدىنى داڭيىن دېگەن يەردە مەغلۇپ قىلىپ، يېگۈڭ قەسرىگە زورلاپ ماڭغاندا سىيانپىيلارنى باشلاپ كەلگەن يۇجۇ ئايماقبېگى ۋاڭ جۈن سىمايىڭنى مەغلۇپ قىلىپ پادىشاھ خۇيدىنى قۇتقۇزۇۋالغان. شۇڭا سىمايىڭ بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان.
(«جىننامە. شىلانىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉟جاۋجۈن ۋىلايىتى ( 赵郡 ) — دائىرىسى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىڭتەي شەھىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەتلەر)

㊱ۋېيجۈن ۋىلايىتى ( 魏郡 ) — دائىرىسى شىڭتەي شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەتلەر)

㊲چۇڭمېن ( 重门 ) — قەلئە. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى خۇيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
( «جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 671 ـ بەت)

㊳مىيەنچى ( 渑池 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەت)

㊴لوچۈەن ( 洛川 ) — هازىرقى شيەنشى ئۆلكىسى لو چۈەن ناھىيىسى.
㊵چېڭگاۋ ( 成皋 ) — قوۋۇق نامى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

㊶ساڭيۈەن ( 仓垣 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى كېفېڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

㊷ۋېنشىجىن كېچىكى ( 文石津 ) — هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەت)

㊸شىمېن ( 石门 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى



ۋۇدۇ ناھىيىسىدە.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㊹فەنچاڭ ( 繁昌 ) — ناھىيە. ئورنى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 21 — 22 ـ بەتلەر)

㊺نەنياڭ ( 南阳 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 9 —10 ـ بەتلەر)

㊻خەنشۈي دەرياسى ( 汉水 ) — هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 3 — 4 ـ بەتلەر)

㊼كۇشيەن ناھىيىسى ( 苦县 ) — يەنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لۇيى ناھىيىسى.
( «جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 643 ـ بەت)

㊽ ۋېيساڭ ( 渭仓 ) — يەر نامى، ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شۈيساڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
( «جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 643 ـ بەت)

㊾خۇەنيۈەن ( 儇辕 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب، 7 — 8 ـ بەتلەر)

㊿مېڭچېڭ ( 蒙城 ) — ناھىيە. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شاڭچيۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» ، 4 ـ كىتاب، 7 — 8 ـ بەتلەر)

⑤①رۇنەن ( 汝南 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑤②گېبېي ( 葛陂 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنسەي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەرناملىرى قامۇسى» 1052 - بەت)

⑤③جىن جۇن ( 靳准 ) — ليۇ سەينىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى.
(مۇھەررىردىن)

⑤④باش دەپتەردار ( 主薄 ) — مۆھۈر - تامغا ۋە خەت - ئالاقىلەرنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 96 - بەت)

⑤⑤سۇيى ( 粟邑 ) — ناھىيە. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى تۇڭچۈەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑤⑥خەلپەت بەگ ( 太傅 ) — ئىلگىرى 太师 دەپ ئاتالغان. خاننىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەملىشىدىغان ھەمدە خانغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان ئەمەلدار.
(«ۋېينامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» 1136 - بەت)

⑤⑦ۋېي پادىشاھى ۋۇدى ( 魏武帝 ) — يەنى ساۋ ساۋ بولىدۇ. جيەنئەن 13 - يىلى (209 - يىلى) ساۋ ساۋ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋېيۋاڭ بولۇپ كۆتۈرۈلگەن. ئوغلى ساۋپى ۋېي پادىشاھى بولغاندىن كېيىن، مەرھۇم ساۋ ساۋغا پادىشاھ ۋۇدى دەپ نام بەرگەن.
(«ۋېينامە. ۋېي پادىشاھى ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)



⑤⑧توغبات يۇلۇي ( 拓跋郁律 ) — توغبات قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى
(مۇھەررىردىن)

⑤⑨ليېدى ( 烈帝 ) — توغبات قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى توغبات يىخۇەينى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑥⓪ليۇ كۇن ( 刘琨 ) — ئەينى زاماندا جىن سۇلالىسىدىكى ئەمىرلەشكەر ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

⑥①شى شېڭ ( 石生 )، شى لاڭ ( 石朗 ) — شى دايانىڭ ئىنىسى
(مۇھەررىردىن)

⑥②دۇڭپىڭ ۋىلايىتى ( 东平郡 ) — هازىرقى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 9 — 10 - بەتلەر)

⑥③شىڭياڭ ( 滎阳 ) — ناھىيە. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جېڭجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 3 - كىتاب 57 — 58 - بەتلەر)

⑥④ياڭدۇ ( 阳都 ) — ناھىيە. ئورنى هازىرقى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 3 - كىتاب 57 — 58 - بەتلەر)

⑥⑤جىشۇي دەرياسى ( 济水 ) — هازىرقى سەندۇڭ جۈيې كۆلىدىن باشلىنىپ، جىنەن شەھىرىدىن ئۆتۈپ، بوخەي دېڭىزىغا قويۇلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑯غەربىي ئوردا ( 西宫 ) — خان ـ پادىشاھ ۋە ئۆزىنىڭ ئاياللىرى تۇرىدىغان ئوردا غەربىي ئوردا دېيىلىدۇ. غەربىي ئوردىغا كىرسەم خان بولسام دېگەنلىك بولىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑰لۇسى ( 虑虒 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەرناملىرى قامۇسى» 1162 ـ بەت)

⑱پىڭۋېن ( 平文 ) — توغبات قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى توغبات يۈلۈينى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑲دەيلەي قەلئەسى ( 代来城 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل باۋتۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

⑳چاڭزى ( 长子 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چاڭجى شەھىرىنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

㉑ياپبان قەلئەسى ( 悦跋城 ) — 代来城 (دەيلەي قەلئەسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئىجىنېخورو خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉒بەييەن كۆلى ( 白盐 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دىڭجيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉓مۇگىن تېغى ( 木根山 ) — يىيەن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدا.



(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉔باشاڭ ( 灞上 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 1384 ـ بەت)

㉕خېيشۇي دەرياسى ( 黑水 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئۇشىن خوشۇنىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، شەنشى ئۆلكىسى خېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ، ۋۇدىڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 991 ـ بەت)

㉖جۈنزىجىن كېچىكى ( 君子津 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل توقتۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بىر كېچىكى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

㉗رېن ( 仞 ) — بىر رېن 5 چى 6 سۇڭغا كېلىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉘يىنپەن تېغى ( 阴磐山 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

㉙خېڭشەن تېغى ( 恒山 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىجيا جۇاڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 55 — 56 ـ بەتلەر)

㉚فۇچېڭ شەھىرى ( 鄜城 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇاڭلياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 — 48 ـ بەتلەر)

㉛لىنۋېي ناھىيىسى ( 临渭县 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى

چىڭئەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 1293 - بەت)

㉜لۇڭشەن تېغى (陇山) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۇي شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 9 — 10 - بەتلەر)

㉝گاۋلۇ ناھىيىسى (高陆县) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

㉞فاڭتۇ (枋头) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جىشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 9 — 10 - بەتلەر)

㉟رەن مىن (冉闵) — ئەينى ۋاقىتتا كېيىنكى جاۋ خانلىقىنىڭ گېزەكچى سانغۇن ئىدى. كېيىن رەنۋېي خانلىقىنىڭ خانى بولغان.
(«جىننامە. رەن مىننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㊱جىڭجاۋ ۋىلايىتى (京兆郡) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

㊲مېڭجىن كېچىكى (盟津) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتكەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بىر كېچىكى.
(«جۇڭگو تارىخ تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 40 — 41 - بەتلەر)

㊳جىگۇەن قوۋۇقى (轵关) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 13 — 14 - بەتلەر)



㊴سىجۇ (司竹) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى جۇجى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 198 - بەت)

㊵خۇەن ۋېن (桓温) — ئەينى زاماندا جىن سۇلالىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇنى.
(مۇھەررىردىن)

㊶جۈن (钧) — بىر جۈن 30 جىڭغا توغرا كېلىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㊷يېكەن دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 蒲 ئىدى. ئەينى زاماندا 薄 بىلەن 苻 نىڭ ئاھاڭى ئوخشاۋراق بولىدۇ.
㊸يۈزۈن (鱼遵) — خەلپەت بەگنىڭ ئىسىم - فامىلىسى. فامىلىسى يۈ بىلەن بېلىق (鱼) نىڭ ئاھاڭى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن فۇشىڭ بېلىقنىڭ يېكەننى يېگەنلىكىنى يۈزۈننىڭ فۇ جەمەتىنى يوقاتماقچى دەپ چۈشىنەتتى.
㊹فۇفا (苻法) — فۇشۇڭنىڭ ئوغلى. ئەينى ۋاقىتتا ھىماتچى سانغۇن، چىڭخې بېگى بولغانىدى.
(مۇھەررىردىن)

㊺سىما چاڭمىڭ (司马昌明) — شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋ ۋۇدى، ئىسمى سىماياۋ، سىما چاڭمىڭ ئۇنىڭ تەخەللۇسى.
㊻پېڭچېڭ شەھىرى (彭城) — ھازىرقى جاڭسۇ ئۆلكىسى شۈيجۇ شەھىرىنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 42 — 43 - بەتلەر)

㊼باگۇڭ تېغى (八公山) — فېيشۇي دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 5 — 6 - بەتلەر)
㊽فېيشۇي دەرياسى (淝水) — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى خېفېي

شەھەرنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 5 — 6 ـ بەتلەر)

⑨⑨چىڭگاڭ ( 青冈 ) — يەر نامى. ئورنى باگۇڭشەن تېغى، يەنى
ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى شۇشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 569 ـ بەت)

[100] جيەن ( 坚 ) — فۇجيەننى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

[101] لوياڭ شەھىرى ( 洛阳 )— ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ
شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)
[102]ئېپاڭ ئوردىسى ( 阿房宫 ) — خارابىسى ھازىرقى شەنشى
ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىدە.
(«سىخەي» 958 ـ بەت)

[103]ۋاڭ جىڭلۆ ( 王景略 ) — دىۋان بېگى ۋاڭ مېڭنىڭ
تەخەللۇسى.
(مۇھەررىردىن)

[104]بېيدى ۋىلايىتى ( 北地郡 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى
تۇڭچۇەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 7 — 8 ـ بەتلەر)

[105]ۋۇجياڭ تېغى ( 五将山 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى
چيشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 114 ـ بەت)

[106]ۋۇدۇ ۋىلايىتى ( 武都郡 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى



تيەنشۈي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

[107]شىنپىڭ ( 新平 ) — ۋىلايەت. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى
بىڭشيەن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

[108]جياڭجۇ ئايمىقى ( 江州 ) — ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسى جيۇ
جياڭ شەھىرىنىڭ يەرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 5 — 6 ـ بەتلەر)

[109]خۇەن شۈەن ( 桓玄 ) — شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ جياڭجۇ
ئايماقبېگى .
(مۇھەررىردىن)

[110]لۇچۇەن ( 潞川 ) — دەريا نامى. ئورنى ھازىرقى سەنشى
ئۆلكىسى لۇچىڭ ناھىيىسىدە. فۇپى لۇچىڭ ناھىيىسىگە قېچىپ بارغان
بولسا كېرەك.
(مۇھەررىردىن)

[111]خۇگۇەن قوۋۇقى ( 壶关 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى
چاڭجى شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

[112]شياڭلىڭ ناھىيىسى ( 襄陵 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى
لىڭفېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، يەنى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

[113]دۇڭيۇەن ( 东垣 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېنەن
ئۆلكىسى شىنئەن ناھىيىسىدە.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

[114]بۇ يەردىكى «لۇڭ» لۇڭشەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ. لۇڭشەن تېغى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن «لۇڭ» گەنسۇنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى بولۇپ قالغان.
(مۇھەررىردىن)

[115]نەنئەن ۋىلايىتى ( 南安郡 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى شەھىرىنىڭ شەرقىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

[116]خۇاڭجۇڭ ( 湟中 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەرناملىرى قامۇسى»، 918 ـ بەت)

[117]تاجۇڭ ( 沓中 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭتەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 511 ـ بەت)

[118]جياڭ ۋېي ( 姜维 ) — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى شۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى. مىلادىيە 262 ـ يىلى، جياڭ ۋېي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى دېڭ ئەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، چوڭ قوشۇنىنى تاجۇڭ دېگەن يەرگە تۈرغۈزۈپ، شەرققە يۈرۈش قىلالماي قالغان.
(«شۇ پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. جياڭ ۋېينىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

[119]يۇڭجيا يىللىرى ( 永嘉 ) — غەربىي جىن پادىشاھى خۇەيدىنىڭ 307 — 312 ـ يىللىرىدا بولغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

[120]يۈيمېي ناھىيىسى ( 榆眉 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ



غەربىي جايلىرىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 962 ـ بەت)

[121]چىڭخې ۋىلايىتى ( 青河郡 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

[122]جياۋچېڭ ناھىيىسى ( 谯城 ) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

[123]چيەنبى قورغىنى ( 乾壁 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

[124]يۇڭئەن ناھىيىسى ( 永安 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىڭشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

[125]چەيبى قورغىنى ( 柴壁 ) — ھازىرقى لىنفېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

[126]مېڭكېڭ ( 蒙坑 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شياڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

[127]تيەندۇ كېچىكى ( 天渡 ) — چەيبى قورغىنى فېنخې دەرياسىنىڭ شەرقىدە. تيەندۇ كېچىكى بولسا چەيبى قورغىنىنىڭ ئۇدۇلىدا، يەنى فېنخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا.
(«ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 3543 ـ

بەت)

[128]جياۋ زۇڭ (蕉纵) — يىجۇ، نىڭجۇ ئايماقلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بەيدى شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئۆز ئۆزىنى چېڭدۇ خانى دەپ ئاتىۋالغان. كېيىن لىيۇيۇيغا يۇرۇش قىلغاندا يېڭىلىپ ئۆلۈۋالغان.
(«جىننامە. جياۋزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

[129]يۇڭچېڭ شەھىرى (雍城) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى باۋجى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)

[130]جيەنكاڭ (建康) — ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرى.
(مۇھەررىردىن)

[131]لۆياڭ ۋىلايىتى (略阳郡) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

[132]ۋېي پادىشاھى شيەنزۇنىڭ ئىسمى توغبات خۇڭ ئىدى.
(مۇھەررىردىن)





# قىبىۇكورۇن، توفا ئۇغۇز ۋە جۇرچى مۇنسۇننىڭ تەرجىمىھاللىرى

سىيانپىيلاردىن قىبىۇكورۇن ئەسلىي لۇڭشى ۋىلايىتىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قىبىۇ زوفى شىمالىي چۆللۈكتىن جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن. 5 ـ ئەۋلاد قىبىۇ يۇلىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنى قوشۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇلۇس قەبىلىلىرى تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. ئۇنىڭ دادىسى قىبىۇ سىپان ئۆز ئۇلۇس قەبىلىسى بىلەن فۇجيەنگە تەسلىم بولۇپ، فۇجيەن تەرىپىدىن جەنۇبىي تەڭرىقۇت بولۇپ تەيىنلەنگەن، كېيىن يەنە غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ، يۇڭشى تۇزلەڭلىكىگە ① باسقاق بولغان. قىبىۇ سىپان ئۆلگەندىن كېيىن قىبىۇ كورۇن ۋاكالەتچى سۈپىتىدە شۇنىڭ ئورنىدا بولغان. فۇجيەن سىما چانىڭغا يۇرۇشى قىلغاندا قىبىۇ كورۇننى ئالدىنقى سەپ سانغۇنى قىلىپ ئاتلىق ئاۋانگارت قوشۇننى باشلىشقا يول قويغان. فۇجيەن مەغلۇپ بولغاندا قىبىۇ كورۇننىڭ كىچىك دادىسى قىبىۇ بۇتۇي لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربىي تەرىپىدە توپىلاڭ كۆتۈرگەندە فۇجيەن قىبىۇ كورۇننى جازا يۇرۇشى قىلىشقا بۇيرۇغان. قىبىۇ بۇتۇي تازا خۇشال بولۇپ، ئۇنى قارشى ئېلىپ ئۆز ئورنىغا كۆرسەتكەن. ئۇ قەبىلە ئۇلۇسلارنى توپلاپ، ئادەملىرىنى يۈز نەچچە مىڭغا يەتكۈزگەن.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋ ۋۇدى) دەۋرىدە ئۇ ئۆز ئالدىغا

ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەگرىقۇت، چىنجۇ، خېجۇ ئايماقلىرىنىڭ بېگى بولۇۋېلىپ يىلنامىسىنى جيەنيى دەپ بېكىتىپ، قارىمىقىدىكى مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. ئۇ ئۇلۇس قەبىلىلىرىنى 11 ۋىلايەت قىلىپ بۆلۈپ، يۈگشى شەھىرىنى قۇرۇپ پايتەخت قىلغان.

قىببۇ كورۇن ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى قىببۇ چانگۇي ھۆكۈم سۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەگرىقۇت، خېنەن خانى دېگەن نامالارنى قويۇپ، يىلنامىنى تەيچۇ دەپ ئۆزگەرتىپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. دىڭگو يىللىرىدا پايتەختنى جىنچېڭ شەھىرىگە② كۆچۈرگەن، جىڭچېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئۆزلۈكىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، قىببۇ چانگۇي بىزار بولۇپ، پايتەختنى يۈەنچۈەن شەھىرىگە③ كۆچۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋ شىڭ تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ فۇخەننى پاناھ تارتىپ بارغان، كېيىن ياۋ شىڭغا تەسلىم بولغان. ياۋ شىڭ ئۇنى «خېجۇ ئايماقبېگى» قىلىپ تەيىنلەپ، ئادالەتنى ياقلىغۇچى بەگ دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن قىببۇ چەنگۇ ياۋ شىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، يۈەنچۈەنگە قايتىپ كېتىپ، ئۆزىنى چىن خانى دەپ ئاتاپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ، يىلنامىسىنى گېڭشى دەپ بېكىتكەن. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭدىن ياردەم سورىغاندا تەيزۇڭ ماقۇل بولغان. كېيىنچە قىببۇ چەنگۇ ۋۇ شى دېگەن يەردە ئادەم توپلىغان ھەم ئۇزاق ئۆتمەي ئاكىسىنىڭ ئوغلى قىببۇ گۇڭفۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قىببۇ گۇڭفۇمۇ ئوغلى قىببۇ جىپەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، قىببۇ جىپەن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن.

قىببۇ جىپەن، ئۆزىنى ئۇلۇغ سانغۇن، خېنەن بېگى دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى يۇڭكاڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. كېيىن ئۇ لىيۇدىكى توفا رۇتاننى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بىلەن يوقىتىپ



ئۆزىگە چىن خانى دېگەن نامنى قويۇۋېلىپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ، يىلنامىنى يەنە جيەنخۇڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مىرزىبەگ موخۇ، ئوقيا بېسىمدارى سانغۇن قىببۇ يۈيىن قاتارلىقلارنى قۇلان چاڭغا يۈرۈش قىلىشقا ئەلتىماس سوراپ، 200 جىڭ ئالتۇن بىلەن ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ماقۇل كۆرگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ تۇغۇەننى تىنچىتقاندىن كېيىن قىببۇ جىپەن يىراقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولغان كىچىك ئاتىسى قىببۇنتۇنى، يىراقنى ئەمىن قىلغۇچى سانغۇن بولغان ئىنىسى قىببۇ دونى ۋېي پايتەختىگە تۇرغاق بولۇشقا ئەۋەتكەن. يەنە ھۆدەيچى ۋاڭ كەي، باش ۋەزىر مۇلازىمى ۋۇنا تيەن قاتارلىقلارنى ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ، ئوردىغا تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتكەن.

قىببۇ جىپەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى قىببۇمۇمو تەختكە چىققان. قىببۇمۇمو، تەخەللۇسى قىببۇ ئەنشيا. تەختكە چىققاندىن كېيىن يىلنامىنى يۇڭخۇڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ دىۋان بېگى، لۇڭشىلىق شىن جىن قىببۇ جىپەنگە ئەگىشىپ ئوردا كەينىدىكى باغچىدا تاماشا قىلغاندا، قۇشقا ئېتىلغان رەگەتكە ئوقى خاتا ھالدا قىببۇمۇمونىڭ ئانىسىنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن قىببۇمۇمو شىن جىننىڭ بەش جەمەتىدىكى 27 كىشىنى ئۆلتۈرگەن. قىببۇمۇمونىڭ ئىنىسى قىببۇ شۇلو جىپەننىڭ توفا ئىسىملىك توقىلى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرگەندە، قىببۇمۇمو سېزىپ قېلىپ ئۇنى توسقان. قىببۇ شۇلۇ چۆچۈپ كېتىپ، تاغىسى قىببۇ شىيىن بىلەن بىرلىشىپ قىببۇمۇمونى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. توفا ئىسىملىك توقىلى ئىچكى جەھەتتىن بولۇشماقچى بولۇپ دەرۋازا ئاچقۇچىنى ئوغرىلىغان چاغدا، ئاچقۇچنى خاتا ئېلىۋالغانلىقتىن، دەرۋازىۋەن تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، قىببۇ مۇموغا مەلۇم قىلىنغان.

قىببۇمۇمو ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىنى تۇتۇپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ قىببۇ شېيىنى قامچىلىماقچى بولغاندا قىببۇ شېيىن: «ئۆلۈمگە چىدايمەنكى، قامچىلىنىشقا چىدىمايمەن» دېگەن. قىببۇمۇمو غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن. قىببۇ شېيىنىنىڭ كىچىك تاغىسى بەي ياڭ بىلەن چۆلپي نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكتىن ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى قالايمىقان، جازاسى دەھشەتلىك بولغانلىقتىن، ئوردا ئىچى - سىرتىدىكىلەر ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاشقان. كۆپ قىسىم قەبىلىلەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلاشقان. كېيىن قۇلان تىنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ۋاڭ كەي، ۋۇ نايتەننى ۋېي پادىشاھى شىزۇدىن ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئەندىڭ ۋىلايىتىنىڭ غەربى، پىڭلياڭ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى زېمىننى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىشكە قوشۇلغان. قىببۇمۇمو ئۆزى تۇرغان شەھەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، نەزىر - چىراغ ئەسۋابلىرىنى چېقىۋېتىپ، 15 مىڭ تۇتۇننى باشلاپ گاۋتيەن جىلغىسىغا بارغۇچە يولدا قۇلان تىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن قىببۇمۇمو نەنئەن ۋىلايىتىنى چىڭ ساقلاپ تۇرغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ كۈتۈۋېلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەندە، قىببۇمۇمونىڭ قورۇقچى سانغۇنى چى بېي «ئىچكىرىگە كۆچۈشكە بولمايدۇ» دەپ قاتتىق نەسىھەت قىلغان. قىببۇمۇمو نەسىھەتكە كۆنگەن. قۇلان تىن بېيپىڭ گۇڭى قۇلان ۋېينى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن نەنئەن ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. نەنئەن شەھىرى ئىچىدە قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئادەم ئادەمنى يەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ شېنجيا 4 - يىلى (مىلادىيە 431 - يىلى) قىببۇمۇمو ۋە جەمەتىدىكىلەردىن 500 نەچچە ئادەم شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولغان. ئۇلار



شاڭگۇي شەھىرىگە ئېلىپ بېرىلغان.

سىيانپىيلاردىن تۇفا ئۇگۇ، 8 - ئەۋلاد ئەجدادى تۇفاپىگۇ قورۇلىنىڭ شىمالىدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، زېمىنى شەرقتە مەيتيەن④، چيەنتۇن⑤ دېگەن جايلارغىچە، غەربتە شىلو دېگەن جايغىچە، جەنۇبتا جياۋخې ۋىلايىتىگىچە⑥، شىمالدا چوڭ چۆللۈككىچە سوزۇلغانىدى. تۇفاپىگۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تۇفا شۇتەن ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۆز قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلغان. ئەينى چاغدا، تۇفا شۇ تەننىڭ ئانىسى ھامىلىدار بولۇپ تۇفا شۇتەننى يوتقان ئىچىدە تۇغۇپ قويغانلىقىدىن تۇفا دېگەن ئىسىم قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ سۆز يوتقان ئىچىدىكى بالا دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تۇفا ئۇگۇنىڭ 5 - ئەۋلاد ئەجدادى تۇفا شۇجىنىن قاۋۇل ھەم تەدبىرلىك ئادەم بولۇپ، جىن سۇلالىسى تەيشى يىللىرىدا چىنجۇ ئايماقبېگى خۇلىينى ۋەنخۇدۇي ⑦ دېگەن يەردە ئۆلتۈرۈپ، لياڭجۇ ئايماقبېگى سۈيۈينى جىنشەن ۋىلايىتىدە⑧ مەغلۇپ قىلغان. جىن پادىشاھى ۋۇدىنىڭ شيەننىڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 275 — 279 - يىللىرى) يەنە لياڭجۇ ئايماقبېگى ياڭ شىننى دەنلىڭ تېغىدا ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ يېرىنى ئىگىلىگەن. كېيىن ئۆز قەبىلىسىدىكى موگۇ دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى تۇفا ئۇۋەن ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ قەبىلىلەرگە قوماندانلىق قىلىۋەرگەن. تۇفا ئۇۋەن چەۋرىسى سۇجيەن قەبىلە ئاقساقىلى بولغان چاغدا، قەبىلە خېلىلا قۇدرەت تاپقان. تۇفا سۇجيەن تۇفا ئۇگۇ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ قەبىلە ئاقساقىلى بولدى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋ ۋۇدى) نىڭ خۇاڭشى يىللىرىنىڭ باشلىرىدا (مىلادىيە 396 - يىلى) لۇگۇاڭ تۇفا ئۇ گۇنى يىجۇ ئايماقبېگى، سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىگەن. تۇفا ئۇگۇ ئۆز ئالدىغا ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت،

شىپىڭ خانى دېگەنناملارنى قويۇۋېلىپ، يىلنامىسىنى تەيچۇ دەپ بېكىتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ تيەنشىڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 398 ـ يىلى) تۇفا ئۇگۇ ئۆزىنى يەنە ۋۇ ۋېي خانى دەپ ئاتاپ، مەھكىمىنى لېدۇ شەھىرىگە كۆچۈرۈپ، ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنىدىن تۆۋەن مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرغان. تۇفا ئۇگۇ كەيپىلىكتە ئات مىنىپ ماڭغان چاغدا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بېقىنى زەخىملەنگەن ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ: «لۇ گۇاڭ ئاتا ـ بالىنى خۇش قىلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم» دەپلا جان ئۈزگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى، لياڭجۇ ئايماقبېگى، شىپىڭ گۇڭى توفالىلۇگۇ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مەھكىمىلەرنى شىپىڭ شەھىرىگە[9] كۆچۈرۈپ، يىلنامىنى جيەنخې دەپ ئۆزگەرتكەن. ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا ئولپان يوللىغان. ئىنىسى، ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى تۇفا روتاننى لۇ زۇەنگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. لۇ زۇەننىڭ قوشۇنلىرى خىل بولغاچقا، توفا روتاننىڭ قوشۇنلىرى دەسلەپتە قورقۇپ كەتكەن. توفا روتان ھودۇقماستىن ئاتتىن چۈشۈپ، غوزچە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان، ئاندىن كېيىن ساۋۇت ـ دۇبۇلغىنى كىيىپ جەڭگە ئاتلانغان. لۇ زۇەننىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان. تۇفا لىلۇگۇ ئۆز ئالدىغا باش ۋەزىردىن تۆۋەن ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان.

تۇفا لىلۇگۇ ئۆلگەندىن كېيىن، تۇفا روتان ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى لياڭجۇ خانى دەپ ئاتاپ، مەھكىمىلىرىنى قايتىدىن لېدۇ شەھىرىگە كۆچۈرۈپ، يىلنامىنى خۇڭچاڭ دەپ بېكىتكەن، ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي پادىشاھقا تاۋاپ قىلىپ، ئولپان يوللىغان.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ تيەنسى مىلادىيە 404 ـ 409 ـ



يىللىرىدا تۇفا روتان يالغاندىن ياۋ شىڭغا تەسلىم بولغان. ياۋ شىڭ تۇفا روتاننى لياڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. تۇفا روتان گۇزاڭ شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇ جۇرچى مۇنسۇن بىلەن جۇنشى[10] دېگەن يەردە ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغان. تۇفا روتان يەنە قۇلان چۈگى تەرىپىدىن ياڭ ۋۇ[11] شەھىرىدە تارمار قىلىنىپ، بىر نەچچە مىڭ چەۋەندازلىرىنى باشلاپ نەنسەن تېغىغا[12] قېچىپ بېرىۋالغان. بۇ جەرياندا قولغا چۈشۈپ قېلىشقا تاسلا قالغان. ئۇ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن دۈشمەنلەر بېسىپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈچ يۈز چاقىرىم ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى گۇزاڭ شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كەلگەن. ياۋ شىڭ ئىز قوغلاپ سانغۇنى ياۋ بى قاتارلىقلارنى گۇزاڭ شەھىرىگە ئەۋەتكەن. تۇفا روتان كالا ـ قويلارنى دالاغا ھەيدىۋېتىشكە بۇيرۇغان ۋە ياۋ بىنىڭ ئادەملىرى مال بۇلاشقا كىرىشىپ كەتكەندە، ئەسكەرلىرىنى نەچچە تەرەپتىن تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولغان، ياۋ بى چېكىنىپ كەتكەن. تۇفا روتان ئۆزىنى يەنە لياڭجۇ خانى دەپ ئاتاپ، ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. يىلنامىسىنى جيا پىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يۇڭشىڭ يىللىرى (409 — 413 ـ يىللىرى) بارلىق قوشۇنىنى چىقىرىپ جۇرچى مۇنسۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، چۇڭچۇەن[13] دېگەن يەردە مەغلۇپ بولۇپ، گۇزاڭ شەھىرىگە يالغۇز ئاتلىق قايتىپ كەتكەن. تۇفا روتان جۇرچى مۇنسۇن تەرىپىدىن يوقىتىلىشىدىن قورقۇپ، قايتىدىن لېدۇ ۋىلايىتىگە كۆچكەن. جۇرچى مۇنسۇن لېدۇ ۋىلايىتىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئەتراپىدا ئۆي سالدۇرۇپ ئەسكەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋىلايەتنى ئۈزاققىچە مۇھاسىرىگە ئېلىشنى، تۇفا روتان ئۆز ئوغلى تۇفا ئاۋۇنى جۇرچى مۇنسۇنغا تۇرغاق ئورۇنلاشتۇرغان قىلىپ

تۇتقۇزغاندىن كېيىن جۇرچى مۇنسۇن قايتىدىن كەتكەن.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ شىزۇي يىللىرى (مىلادىيە 414 — 415 - يىللىرى) تۇفا روتان چەۋەندازلارنى باشلاپ يىخۇ قەبىلىسىگە[14] ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈردى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا قىببۇ جيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لېدۇ شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، تۇفا روتاننىڭ ئوغلى تۇفا خۇتەي قاتارلىقلارنى ئەسىرگە ئالدى. تۇفا روتان خەۋەر تېپىپ: «قىببۇ جيەنگە بويسۇنسام ئۇنىڭ قولى بولۇپ قالىدىكەنمەن، بالا - چاقىلىرىمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇشىغا قانداقمۇ چىدىيالايمەن!» دەپ كۆپچىلىكنى باشلاپ غەربكە ماڭغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كەتكەن. تۇفا روتان: «جۇرچى مۇنسۇن، قىببۇ جيەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى ماڭا تۇرغاق ئەۋەتىپ قولۇمدا تۇرغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارغا ئەل بولسام، نومۇس ئەمەسمۇ! ئالەم كەڭ بولسىمۇ، ئەمدى مېنى سىغدۇرىدىغان جاي قالمىدى، قاتتىق ئېچىنىمەن!» دېگەن. ئارقىدىنلا يەنە ھەسرەت چېكىپ: «بوپتۇ، مەنمۇ قېرىپ قالدىم، خوتۇن - بالىلىرىمنى بىر كۆرۈۋېلىپ[15] ئۆلسەم مەيلى!» دېگەندىن كېيىن، قىببۇ جيەنگە تەسلىم بولغان. قىببۇ جيەن ئۇنىڭغا ئەزىز مېھمان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، باش چاپاۋۇل سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، زونەن گۇڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. تۇفا روتاننىڭ كىچىك ئوغلى تۇفا خې كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئايرىم تەرجىمىھالى بار.

غوزلاردىن جۇرچى مۇنسۇن ئەسلى لىنسۇڭ ۋىلايىتى[16] لۇشۇي ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھونلارنىڭ سول قول جۇرچىسى بولغان، شۇڭا مەنسەپنى ئۆز فامىلىسى



قىلىۋالغان. جۇرچى مۇنسۇن خۇشخۇي، قىزىقچى ھەم ۋەزىيەتكە ماسلاشقان ئادەم بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىنى خېلى بىلگەچكە، غوزلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. لۇگۇاڭ ئۇنىڭ چوڭ ئاتىسى، شىپىڭ ۋالىيسى جۇرچى لوچيۇنى ئۆلتۈرگەن. جۇرچى مۇنسۇن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، جىنسەن ۋىلايىتىدە ئورۇنلىشىپ، بىر نەۋرە ئاكىسى، جىنچياڭ ۋالىيسى جۇرچى نەنچىڭ بىلەن بىرگە، جيەنكاڭ[17] ۋالىيسى دۇەن يېينى خىسلەتلىك سىمۋول تۇتقۇچى، ئۇلۇغ تۇتۇق، چاپقۇر ئەجدىھا ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى، جيەنكاڭ گۇڭى قىلىپ كۆرسەتكەن ھەم يىلنى شېنشى 1 - يىلى دەپ ئاتىغان. دۇەن يېي جۇرچى مۇنسۇننى جياڭيې ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەپ لىنچى بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. جۇرچى نەنچىڭنى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى ھاۋالە قىلغان. دۇەن يېي ئۆزىنى لياڭ خانى دەپ ئاتاپ، جۇرچى مۇنسۇننى دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى قىلغان. ئۇ جۇرچى مۇنسۇننىڭ يۇقىرى نام - ئابرۇيىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى سەل چەتكە تارتقان. تيەنشىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 401 - يىلى) جۇرچى مۇنسۇن خاتىرجەم بولالماي ئۆزلۈكىدىن ئەنشى ۋالىيسى بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ غەزىپىنى قوزغاش مەقسىتىدە جۇرچى نەنچىڭغا تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى ئاسىيلىق قىلدى، دەپ مەخپىي مەلۇمات بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن دۇەن يېي جۇرچى نەنچىڭنى ئۆلتۈرگەن. جۇرچى مۇنسۇن يىغا - زار قىلىپ كۆپچىلىككە بۇ خەۋەرنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆچ ئېلىش ئىرادىسىنى بايان قىلغان. جۇرچى نەنچىڭ ئەزەلدىنلا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغاچقا، كۆپچىلىك يىغلاپ تۇرۇپ، غەزەپلەنگەن كەيپىياتتا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. جۇرچى مۇنسۇن ئادەم باشلاپ بېرىپ دۇەن يېينى ئۆلتۈرگەن. شۇندىن كېيىن ئۆزىگە

خىسلەتلىك سىمۋول تۇتقۇچى، ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى، جياڭيې گۇڭى دېگەن ناملارنى قويۇپ، يىلنامىنى يۇڭئەن دەپ ئاتاپ، جياڭيې شەھرىدە تۇرغان.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يۇڭشىڭ يىللىرى (مىلادىيە409 ــ 413 ــ يىللىرى) جۇرچى مۇنسۇن گۇزاڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. يىلنامىنى ئۆزگەرتىپ شۇەنشىنىڭ 1 ــ يىلى دەپ ئاتىغان. ئۆزىنى خېشى خانى دەپ ئاتاپ، باش ۋەزىر دىۋان بېگى ــ دىۋان بېگىدىن تۆۋەن ھەرخىل مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ، قايتا ــ قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق يوللىغان. جۇرچى مۇنسۇن شىنتەي ئوردىسىدا ئۇخلاۋاتقاندا، ھەرەم ئاغىسى ۋاڭ خۇەيزۇ ئۇنى چانىماقچى بولۇپ، پۇتىنى زەخىملەندۈرگەن. جۇرچى مۇنسۇننىڭ خوتۇنى مىڭ خانىم ۋاڭ خۇەيزۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. جۇرچى مۇنسۇن ليۇ يۇنىڭ ياۋخۇڭنى يوقاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بەكمۇ غەزەپكە كېلىپ تۇرغان چاغدا، مۇھەررىر بەگ جۇرچى مۇنسۇنغا بىر ئىشنى مەلۇم قىلغىلى كىرگەن. جۇرچى مۇنسۇن: «سەن ليۇ يۇنىڭ تۇڭگۇەن قوۋۇقىغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇرسەن بولۇپ كېتىپسەن ــ دە!» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى مانا شۇنداق دەرىجىگە يەتكەن. پادىشاھ ۋېي تەيزۇڭنىڭ تەيچاڭ يىللىرى (416 ــ 423 ــ يىللىرى) جۇرچى مۇنسۇن لى شىننى[18] يېڭىپ، كەينىدىن دۇنخۇاڭ ھاكىمىيىتىنى يوقاتقان كېيىن يىلنامىسىنى چېڭشۇەن دەپ ئۆزگەرتكەن.

ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ شىنجيا يىللىرى (مىلادىيە 428 ــ 431 ــ يىللىرى) جۇرچى مۇنسۇن مىرزىبەگ زۇڭ شۇسول مەھرەم بېگى گاۋ مىڭنى ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق يوللاش ۋە تاۋاب قىلىشقا ئەۋەتىپ، مەكتۇپمۇ يوللىغان.

كېيىن جۇرچى مۇنسۇن ئۆز ئوغلى جۇرچى ئارگونى ۋېي



پادىشاھى ئوردىسىغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) قوشۇمچە مۇراسىم بېگى لى شۇننى خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى ئاپىرىپ، جۇرچى مۇنسۇننى خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتقۇچى، شىغاۋۇل، لياڭجۇ ۋە غەربىي يۇرتنىڭ چاڭلار، رۇڭ ــ دىلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇق، ئوردا مىراقۇلى سۇپىتىدە غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى، لياڭجۇ خانى قىلىپ تەيىنلەشكە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭغا مەرتىۋە ۋە نام بېرىش يارلىقىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئەسلىي پادىشاھ ئەجدادلىرىمىز خۇاڭدى[19]، شۇنيۈەن[20] دەۋرلىرىدىن تارتىپلا، ھەممە ئىختىساس ئىگىلىرىنى باشقۇرۇپ، رۇڭلار ۋە خۇاشيالارنى[21] بويسۇندۇرۇپ، ئۈستى ــ ئۈستىلەپ شان ــ شۆھرەت كەلتۈرگەن بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرمىغان. ئەجدادىمىز ۋېي پادىشاھى تەيزۇ دەۋرىگە كەلگەندە، تەقدىرگە ئۇيغۇن ئىشلارنى قىلىپ، ئامەتكە بېقىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى يېڭىدىن يارىتىپ، پۈتۈن ئالەم ــ زېمىننى ئىگىلەپ، تەڭرى تەقدىرىگە ئاساسەن ۋېي سۇلالىسىنى بەرپا قىلدى. ئەجدادىمىز پادىشاھ تەيزۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ زېمىننى كېڭەيتىپ پۇختا ئاساس سالغان. سىياسەت ــ پەرمانلىرى توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلگەن، ئەل ــ پۇقرالار ئىتائەتچانلىق بىلەن ئەمەل قىلغانلىقىدىن باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن. مەن تەڭرىزات تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، يەر ــ زېمىننى كېڭەيتكۈم بولسىمۇ، تەقدىر ــ تەلەي كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، قارا قويۇن مالىمانچىلىق تۇمانى يامراپ قۇلان بوبو گۇەنجۇڭ رايونىنىڭ غەربىدە زورلۇق ــ زومبۇلۇق قىلغان، داتان[22] قۇملۇق شىمالىدا ياۋۇزلۇق قىلغان، رۇڭ يوللار توسالغۇ بولۇپ، چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريالىرى ۋادىسىدىكىلەرمۇ ئىتائەتمەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەرقتىن غەربكىچە ئارقا ــ ئارقىدىن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ

كەلدىم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ساقلىنىۋاتقان، شۇنداقلا سانغۇن ـ سەركەردە ۋە لەشكەرلەر كۆچ سەرپ قىلغانلىقتىن، ۋەھشىيانە دۈشمەن كاتتىۋاشلىرىنى يوقىتىپ، كۆچلۈك تەلۋىلەرنى چۆچۈتۈپ بويسۇندۇرغانلىقىم ئۈچۈن، پۈتۈن ئالەم تەدرىجىي تىنچلاندى، ھەممە جايدا ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچتى. تەقسىر لياڭجۇ خانى تەقدىر ئالامىتىنى ھەممىدىن ئاۋۋال بىلىپ، چوڭقۇر ئويلاپ يىراقنى كۆزلەپ، مەن بىلەن ماسلىشىپ، غايەت زور خىزمەت كۆرسەتتىڭىز. نۆۋەتتە ئامەت كەلگەن پەيتتە، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولغانلاردىن يەر ـ زېمىن ئىگىلىگەنلىرى بىرەر جاينى بېسىۋېلىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى، ئەل ـ پۇقرالارغا ئىگە بولغانلار ھۆرمەتلىك نام ـ ئاتاقنى بېرىلىپ كەتتى، ئۇلار يولتۇزلارنىڭ ئايىنى چۆرىدەيدىغان يولىغا ئەمەل قىلمايدىكەن، ئىنچىكە ئېقىنلارنىڭ ئاخىرىدا دېڭىزغا قويۇلىدىغان ھەققانىيىتىنى ھۆرمەيلىدىكەن.

ھالبۇكى، تەقسىر لياڭجۇ خانى ئومۇملۇقنى ئوبدان چۈشىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن قائىدە ـ يوسۇنغا بويسۇنۇپ، سۇيۇرغال زېمىنىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى تارتۇق قىلدىڭىز، ئۆز سۆيۈملۈك ئوغلىڭىزنى ئوردىغا تۇرغاق قىلىپ بەردىڭىز. تۆھپىلىرىڭىز كۆزگە كۆرۈنەرلىك، تەرەققىيات ـ قائىدە شۇنىڭ بىلەن پەيدا بولۇر. تەقسىرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى شۇ زاماندىن تارتىپلا ھەم يەر ـ زېمىن، ھەم ئەل ـ پۇقرالارغا ئىگە بولۇپ كەلدى، كۆرسەتكەن خىزمەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتىن سۈرۈشتۈرگەندە شۇ زاماندا ھېچكىمنىڭ كەينىدە قالمايتتى، ئائىلە جەمەتىدىن قارىغاندا نەسەبى مەنسەپدار بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى زاماندا خان ـ پادىشاھلار دانىشمەن، ئەخلاقلىق كىشىلەرنى تەقدىرلىگەندە يەر ـ زېمىننى سۇيۇرغال قىلىپ، قارام ئەل بېقىندىسى قۇرماي قالمايتتى. شۇڭا جۇ خانلىقىنىڭ خانى چىڭۋاڭ بۇيرۇغان تەيگۇڭ بېگىمنى



دۇڭخەي زېمىنىنى ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇغان.[23] جۇ خانلىقىنىڭ خانى شياڭۋاڭ جىن بېگى ۋېنگۇڭ نەنياڭ دېگەن يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن[24]. نەنياڭ شۇنىڭ ئۈچۈن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇۋېي، جاڭيې، دۈنخۇاڭ، جيۇچۈەن، شىخەي، جىنچېڭ، شىپىڭدىن ئىبارەت يەتتە ۋىلايەتنى بۆلۈپ بېرىپ، سىزنى لياڭجۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىدىم. مەزكۇر ئاق يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن سەركىچۆپ[25] ئايىقىغا سېلىپ بەگ جەمەت ئىبادەتخانىسى ۋە قەبرىستانىنى قۇرغايسىز. ۋېي خاندانلىقىنىڭ ۋاسسال ئەل بېقىندىسى بولۇپ، راۋاج تېپىشتىمۇ، ھالاك بولۇشتىمۇ، ھايات ـ مامات ئىشلىرىدا ۋېي سۇلالىسى بىلەن بىللە بولارسىز. تۆھپىسى زور بولسا مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئوبدان بولسا ۋەزىپىسى ئېغىر بولىدۇ دېگەندەك، يەنە سىزنى ئوردا سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرىمەن. بارگاھتا راۋۇس پىلانلاپ، ھەربىي يۇرۇش قىلىشتا كۆپلىگەن خىزمەت كۆرسىتىپ، تېخىمۇ زور شۆھرەتكە ئىگە بولغايسىز. سىزنىڭ ئوردا مىراقۇلى سالاھىيىتى بىلەن غەربكە يۇرۇش قىلغۇچى سانغۇن بولۇپ ئوردا مۇراسىم جابدۇقلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھەيۋىڭىزنى كۆرسىتىپ، سىزنىڭ ئاجايىپ قابىلىيىتىڭىزنى يىراق يەردە ئىشقا سېلىپ، يۇمشاق ۋاستە بىلەن چەت قاقاس ـ چۆللەر ئاھالىلەرگىمۇ مۇئامىلە قىلىپ شىمالغا نىسبەتەن چۆل ـ جەزىرە بولغان چەت يىراق يەرگىچە، جەنۇبقا شياڭيۇڭ[26] ۋىلايىتى ۋە مىشەن[27]تېغىغىچە، غەربكە كۇئېنلۇن تېغىغىچە، شەرققە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەگمە جايلىرىغىچە[28] لياڭجۇ خانى ھەققىي يۇرۇش قىلىپ تىنچىتىپ، پادىشاھ ئوردىسىغا ياردەمچى بولۇشقا بۇيرۇدۇم. يەنە سىز لياڭجۇ خانىغا دۆلەت قۇرۇشقا يەنى سانغۇن ـ باش ۋەزىر، ئەركان مەنسەپلىرىنى تەسىس قىلىپ، پادىشاھ تۈزۈلمىسىگە

ئاساسەن ئايماق بېگىدىن تۆۋەن مۈلكىي ئەمەلدارلارنى ۋە قوتاتقۇچى سانغۇندىن تۆۋەن ھەربىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشكە تەگرىزاتىنىڭكىچە تۇغ ياسىتىپ، سىرتقا چىقىشتا پادىشاھ چىققاندەك يول بويى قاتتىق مۇھاپىزەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، خۇددى خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى قىلغاندەك قىلىشقا بۇيرۇدۇم. مانا بۇيرۇقۇمنى دەرھال ئىجرا قىلىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، مېنىڭ پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرۈپ، توققۇز پەزىلەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئارتۇق مەنسەپ تەسىس قىلماسلىقىڭىزنى؛ ئاخىرغىچە ئەخلاق - پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلىپ، پادىشاھ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ، گۈزەل ئىشلىرىنى جارى قىلدۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن: بۇ يارلىق ئەسلى شۆي خاۋنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغانىدى.

جۇرچى مۇنسۇن يىلنامىسىنى يەنە تېخى 1 - يېخې دەپ ئۆزگەرتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ يەنخې 2 - يىلى (مىلادىيە 433 - يىلى) 4 - ئايدا جۇرچى مۇنسۇن ئۆلگەن، پادىشاھ ئەلچى ئەۋەتىپ دەپنە ئىشلىرىغا نازارەت قىلدۇرغان، جۇرچى مۇنسۇنغا ۋۇ شۈەن بېگى دېگەن ۋاپاتنامى بەرگەن. جۇرچى مۇنسۇن مىجەز جەھەتتىن ئۆكتەم بولۇپ، جازا، قىرغىنچىلىق قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلەيتتى، ئايااللار ئارىسىغا ھەتتا ھەرەمگە كىرگەندە ئەدەپ - يوسۇن دېگەنلەرگە ئانچە قارىمايتتى.

جۇرچى مۇنسۇننىڭ 3 - ئوغلى جۇرچى مۇنسۇن مۇقان ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى خېشى خانى دەپ ئاتىۋېلىپ، ئوردىدىن پەرمان سوراشقا ئەلچى ئەۋەتكەن.

بۇنىڭدىن بۇرۇن، ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) جۇرچى مۇنسۇننىڭ قىزىنى ئۆز رەپىقىسى قىلىپ ئەكىلىشكە لى شۈننى ئەۋەتكەنىدى. دەل مۇشۇ چاغدا جۇرچى مۇنسۇن ۋاپات بولغان، جۇرچى مۇقان جۇرجى مۇنسۇننىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن



ئۆز سىڭلىسىنى پايتەختكە ئاپىرىپ بەرگەن، ئۇ قىز ئوڭ بانۇ - غۇنچىچە بولۇپ تەيىنلەنگەن. جۇرچى مۇقان يەنە يىلنامىسىنى چىڭخې 1 - يىلى دەپ ئۆزگەرتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ يەنە لى شۈننى جۇرچى مۇقاننى خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتقۇچى، شىغاۋۇل سۈپىتى بىلەن لياڭجۇ، شاجۇ، خېجۇ ئايماقلىرى ۋە غەربىي يۇرتتىكى چاڭلار، رۇڭ - دىلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تۇتۇق ھەم ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، قوشۇمچە غەربىي رۇڭلار چېرىكچىبېگى لياڭجۇ ئايماقبېگى، خېشى بېگى بولۇشقا بەلگىلەنگەن. جۇرچى مۇقان خىزمەت كۆرسەتمەي مۇكاپاتلانغانلىقىدىن لى شۈننى قالدۇرۇپ كاتتا كۈتۈۋالغان ھەمدە پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ مەنسىپىنى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىشىنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ يارلىق بېرىپ ماقۇل كۆرمىگەن. جۇرچى مۇقان ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ سىڭلىسى ۋۇ ۋېي مەلىكىنى ئالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ باش ۋەزىرى سۇڭ ياۋنى پادىشاھقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش مەكتۇپىنى كۆتۈرۈپ، 500 ئات، 500 جىڭ ئالتۇننى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. سۇڭ ياۋ يەنە پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ، مەلىكە ۋە جۇرچى مۇقاننىڭ ئانىسىغا نام بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئوردا مۇھاكىمىسىدە ئانا ئوغلىغا ئەگىشىپ قەدىرلىنىدۇ، خوتۇن ئېرىنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىسىگە باب كېلىدۇ، شۇڭا جۇرچى مۇقاننىڭ ئانىسى خېشى بەگلىكىنىڭ بەگ ئانىسى دەپ ئاتاشقا، ۋۇ ۋېي مەلىكىنى شۇ بەگلىك ئىچىدە بەگ ئاغىچىسى دەپ ئاتاشقا، پايتەخت تەرىپىدىن يەنىلا مەلىكە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ دېيىشكەن، پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ شۇنى ماقۇل كۆرگەن. جۇرچى مۇقان ئۆزىنىڭ سانغۇنى جۇرچى پاڭگۇنى پايتەختكە بېرىپ پادىشاھقا تەزىم قىلىشقا ئەۋەتكەن، ۋېي پادىشاھى شىزۇ شىغاۋۇل گۇبى، دىۋان بېگى لى شۈننى ئۇنىڭغا

دەرىجىسى ئوخشىمايدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تارتۇق قىلىشقا ھەم ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جۇرچى بونىنىنى تۇرغا بولۇپ ئوردىغا ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن، جۇرچى مۇقان شۇنىڭ بىلەن جۇرچى پونتانىنى پايتەختكە پادىشاھنى تاۋاپ قىلىشقا ئەۋەتكەن.

ۋېي پادىشاھى ۋېي شىزۇنىڭ تەيىيەن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 439 ـ يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى دىۋان بېگى قۇدىلارنى لياڭجۇ ئايمىقىغا ئىچكى ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. جۇرچى مۇقانىنىڭ ۋاسسال ئەل بولۇپ تارتۇق يوللىغان بولسىمۇ، ئىچىدىن ئەقىلگە سىغمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، پادىشاھ بىۋاسىتە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغان. ئۇ ئوردا مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپ ئەيىبنامە يازدۇرغان: «خېشى بېگى قارىماققا بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسىمدا ئۆز ـ ئۆزىگە قويغان خان كاھنى چىن قوللىنىۋاتىدۇ. بۇ گۇناھىڭنىڭ بىرىنچىسى؛ ئاھالە نوپۇسى ۋە خەرىتىنى ئالاقىدار مەھكىمىگە يوللىمىدىڭ، ۋەزىپە دائىرىسىدىكى يەر ـ زېمىن بېجىنىمۇ ئەمىر ھەرەس مەھكىمىسىگە يوللىمىدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ ئىككىنچىسى؛ بەگلىك مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە قورچاق خانلىق مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن شان ـ شۆھرەتنى ئىگىلەپ، ۋېي ئوردىسىنىڭ كۆزىنى بوياپ ئىلتىپاتىنى قولغا كەلتۈردۈڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ ئۈچىنچىسى؛ ئوردىنىڭ ئىرادىسى چەت ـ يىراق جايلارغىچە سۈيۈنگۈسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇقەددەس تاكتىكىغا خىلاپلىق قىلىپ، سودىگەر ـ غوزلاردىن ئېغىر باج ئېلىپ، كارۋان يولۇچىلارنى توسۇۋەتتىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ تۆتىنچىسى؛ غەربىي رۇڭلار ئارىسىدا جار سېلىپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتتۇڭ. بۇ گۇناھىڭنىڭ بەشىنچىسى؛ ئۆز ئالدىڭغا زېمىن تۇتۇپ، بېقىندى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ ئوردىغا تارتۇق يوللىمىدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ ئالتىنچىسى؛ شىمالىي



تەرەپتە خائىن غوزلار قوينىغا ئۆزۈڭنى ئېتىپ، جەنۇبىي تەرەپتە چيۇ چىلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شۇلارنىڭ لەشكىرىي ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ، بىزگە ئەسكىلىك قىلدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ يەتتىنچىسى؛ يارلىقتا بەلگىلەنگەن ئىشلار بويىچە ھەرىكەت قىلماي ھەدېسىلا يۈرۈش قىلدىڭ، بېسقتۇردۇڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ سەككىزىنچىسى؛ دۈشمەننىڭ تولۇق قالغانلىقىدىن ھەم مېنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىمدىن خۇشال بولۇپ، پادىشاھ ئەلچىسىنى ھاقارەتلەپ، قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلمىدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ توققۇزىنچىسى؛ پادىشاھ سىڭلىسىگە كوراگان بولۇپ، تۆھپىكار كونا ئەمەلدارلاردىنمۇ كۆپ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ شەھۋانىي نەپسىڭنى خالىغانچە قاندۇرۇپ، ئۆز يەڭگەڭگەڭ بىلەن زىنا قىلدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ ئونىنچىسى؛ نىكاھىڭنىڭ ئىنسابلىقىنى ئادا قىلماي، ئاشكارا يامانلىق قىلىپ مەلىكىگە زىيانكەشلىك قىلدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ 11 ـ سى؛ پادىشاھ قوشۇنىدىن ئالاھىدە ساقلىنىپ، ئىلگىرىكى مۇھىم جايلارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، خۇددى ئۆچمەن قاراقچىلارغا تاقابىل تۇرغاندەك قىلدىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ 12 ـ سى؛ ۋەزىر تۇرۇقلۇق بۇ قىلمىشلىرىڭنى كەچۈرۈشكە بولامدۇ ـ يوق! ئاۋۋال پەرمان چۈشۈرۈپ تۈزىتىش، بولمىغاندا ئۆلۈم جازاسى بېرىش — مانا بۇ پادىشاھلارنىڭ ھىدايەت قائىدە ـ قانۇنى. ئەگەر سەن بىۋاسىتە ۋەزىرلىرىڭنى باشلاپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ مېنى قارشى ئېلىپ، ئېتىم ئالدىغا تەزىم قىلساڭ ئەڭ ئەلا تەدبىر؛ ئالتە قوشۇن شەھەر ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئۆزۈڭنى باغلاپ جەسەت ساندۇقى ۋە تاۋۇتلارنى كەينىڭگە ئەگەشتۈرۈپ جازا تىلەپ كەلسەڭ بۇ ئىككىنچى تەدبىر. ئەگەر قايمۇقۇپ يۈرۈپ يالغۇز شەھەرنى ساقلاپ، ئۆز ۋاقتىدا ئەقلىڭنى تاپمىساڭ ئۆزۈڭمۇ ئۆلىسەن، پۈتۈن جەمەتىڭمۇ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ سەن ئۈچۈن ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىق

بولىدۇ. هوشۇڭنى يىغىپ، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈشۈڭ، ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ بەخت ـ سائادەت يولىنى تېپىشىڭ كېرەك».

خانلىق قوشۇن خۇاڭخې دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتكەندە، جۇرچى مۇقان: «نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدى» دەپ ئۆزىنىڭ سول باش ۋەزىرى ياۋ دىڭگونىڭ پەمى بويىچە قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقماي، بەلكى جورجانلاردىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان، يەنە ئۆز ئىنىسى جۇرچى دوڭلەينى بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكەر باشلاپ شەھەر جەنۇبىغا چىقىپ، هۆكۈمەت قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتكەن، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ چېكىنگەن. پادىشاھ مەيسى گۇزاڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئەلچى ئەۋەتىپ جۇرچى مۇقاننى شەھەردىن چىقىشقا بۇيرۇدى. جۇرچى مۇقان جورجانلارنىڭ ئىچكى جايلارغا بېسىپ كىرىپ شيەنۇۋ[30] ۋىلايىتىگىچە بارغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، پادىشاھ ئەمدى قايتىپ كېتىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ، شەھەرنى قاتتىق ساقلاپ تۇرۇۋالغان. جۇرچى مۇقاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى زور شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئەھۋالنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) ھەرقايسى قوشۇننى باشلاپ هۇجۇمنى قانات يايدۇرغان. جۇرچى مۇقاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى ۋەنتيەنمۇ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ تەسلىم بولۇپ كەلگەن. شەھەر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، جۇرچى مۇقاننىڭ ئۆز يېنىدىكى مۇلكىي ـ لەشكىرىي ئەمەلدارلار بىلەن بىرگە باغلىنىپ گۇناھى ئۈچۈن ئەپۇ سورىغان، پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى بوشىتىپ قويغان. لياڭجۇ ئايمىقىدىكى 30 نەچچە مىڭ ئائىلىنى پايتەختكە كۆچۈرۈشكە بۇيرۇغان.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، تەييەن يىللىرىدا، بىر بوۋاي دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىغا خەت ئەكەلگەن ئىدى، بۇ بوۋاي خەتنى تاشلاپ قويغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتكەن،



خەت باشلاپ قويغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتكەن، ئۇنىڭ خېتىدە: «لياڭجۇ خانى 30 يىل هۆكۈم سۈرىدۇ، يەنە يەتتە يىل قالىدۇ!» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. يەنە چاقماق يەردىن بىر تاش تېپىلغان بولۇپ، تاشقا قىزىل رەڭ بىلەن: «خۇاڭخې خېشى رايونىدا 30 يىل خان بولار، دەيشى چېقىلغان بولسا، يەتتە يىل خۇشال ـ خۇرام قالار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. دەيشى دېگەن سۆز تاغنىڭ ئىسمى ئىكەن. ئۇ تاغ گۇزاڭ شەھىرى جەنۇبىي تاغ ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ، پاتقاق بولغاچقا ئۇ يەرگە بارغىلى بولمايتتى. جۇرچى مۇقاننىڭ جەنۇبىدىكى يۇرۇش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن جۇرچى دۆڭلەي «ئىبادەتخانىنىڭ نېمە سېزىمى بار؟» دەپ ئىبادەتخانىنىڭ دەرەخلىرىنى كەستۈرۈپ يول ياساپ ماڭغان. جۇرچى مۇقان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەل شۇ خەتتە ئېيتىلغاندەك يەتتە يىلدىن كېيىن يوقىتىلغان. جۇرچى مۇقان يەڭگىسى لى فامىلىلىك ئايالغا پاھىشۋازلىق قىلغان، ئاكا ئۇكا ئۈچەيلەن نۆۋەت بىلەن ئويناشقان. لى فامىلىلىك ئايال جۇرچى مۇقاننىڭ ئاچىسى بىلەن بىرگە ۋۇ ۋېي مەلىكىگە زەھەر ئىچكۈزگەن، پادىشاھ تېۋىپ تېپىپ زەھەرنى ياندۇرۇپ مەلىكىنى ساقايتىپ، قۇتقۇزۇپ قالغان. پادىشاھ لى فامىلىلىك ئايالنى چاقىرسا، جۇرچى مۇقان ئەۋەتمەي، مول سوۋغات قوشۇپ ئۇ ئايالنى جيۇچۈەن شەھىرىگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرغان، پادىشاھ قاتتىق غەزەپلەنگەن. شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ يەنىلا جۇرچى مۇقانغا سىڭلىمنىڭ كۈيئوغلى دەپ ياخشى مۇئامىلىدە بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى ئۆلگەندە بەگ ئانا بانۇغا لايىق مۇراسىم بىلەن دەپنە قىلغان. يەنە جۇرچى مۇنسۇن قەبرىستانىنى قوغداش ئۈچۈن 30 ئائىلە ئورۇنلاشتۇرغان. جۇرچى مۇقاننى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلىگەن بولۇپ، بۇرۇنقىدەك بەگلىك مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان.

دەسلەپتە ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى تېخى لياڭجۇغا كىرمىگەن

چاغدا، جۇرچى مۇقان باشقىلارنى مەھكىمە خەزىنىسىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇپ، ئالتۇن كۈمۈچ، مەرۋايىت، قاشتېشى ۋە قىممەتلىك غەلىتە بۇيۇملارنى ئېلىۋالغان بولۇپ خەزىنىنى پېچەتلىمەي تاشلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاۋام پۇقرا خەزىنىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىپ، چوڭ - كىچىك نەرسىلەرنى قىلچە قالدۇرماي تۈگىتىشۋەتكەن. ئالاقىدار مەھكىمە ئوغرىنى تۇتالمىغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيپىڭ جىنجۈن 8 - يىلى (مىلادىيە 447 - يىلى) ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە خەزىنە ساقلىغۇچىلار پاش قىلىپ قويۇپ، پادىشاھ قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق شۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، ساقلانغان نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن. جۇرچى مۇقان ئاتا - بالا نۇرغۇن زەھەرلىك دورا ساقلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۈزچە ئادەمنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن؛ ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسى ناتوغرا يول تۇتقان بىئەدەپ بولۇپ، بىرلىكتە پاھىشىۋازلىق قىلىپ، قىلچە نومۇس ھېس قىلمىغان. بۇ ئىشنىڭ دەسلىپىدە، كەشمىرلىك سىرامانا دارماراكچا شەرققە كېلىپ پىشامشان بەگلىكىگە كىرىپ: «ئالۋاستىنى ئىشقا سېلىپ كېسەل داۋالايمەن. ئاياللارنى كۆپ بالا تۇغىدىغان قىلىمەن» دەپ يۈرۈپ پىشامشان بېگىنىڭ سىڭلىسى ماندالان بىلەن ئوغرىلىقچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. بۇ قىلمىشى سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن لياڭجۇغا قېچىپ كەلگەن. جۇرچى مۇنسۇن ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ «پەيغەمبەر» دەپ ئاتىغان. دارماراكچا ئەر - ئايال جىنسىي مۇناسىۋەت باغلاش چارىسىنى ئاياللارغا ئۆگەتكەندە، جۇرچى مۇنسۇننىڭ قىزى - كېلىنلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىن ئۆگىنىۋالغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ (تەيۋۇدى) ئەلچىدىن دارماراكچانىڭ تەدبىر - چارىسىنى ئاڭلاپ، دارماراكچانى چاقىرغان. جۇرچى مۇنسۇن ئۇنى ئەۋەتمەي ھېلىقى ئىشنى ئاشكارىلاپ ئۇنى قىيناپ سوراق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ چاغدا



پادىشاھ ھېلىقى ئىشتىن خەۋەر تاپتى - دە، جۇرچى فامىلىلىك بانۇ غۇنچىدەك كىچىك خانىشى ئۆلسۇن دەپ يارلىق بەرگەن. ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. پەقەت جۇرچى ۋەننىيەن ۋە جۇرچى زور ھەممىدىن ئاۋۋال تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىنغان. شۇ يىلى كىشىلەر يەنە جۇرچى مۇقان ئۆزىنىڭ كونا ۋەزىرلىرى - پۇقرالىرى بىلەن يەنىلا ئالاقىلىشىپ ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىماقتا، دەپ پاش قىلغان. پادىشاھ ئەمىرى زېمىن سۈي خاۋنى ۋۇ ۋېي مەلىكىسىنىڭ سارىيىغا بېرىپ شۇ يەردە جۇرچى مۇقان ئۆلۈۋالسۇن دېگەن يارلىقنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇغان. جۇرچى مۇقان ۋۇ ۋېي مەلىكىسى بىلەن جۇدا بولۇپ خېلى مەزگىلدىن كېيىن ئۆلۈۋالغان پادىشاھ ئۇنى يەنىلا بەگلىك مۇراسىمى بىلەن دەپنە قىلىپ قايغۇلۇق بەگ دېگەن ۋاپات نامىنى بەرگەن. ۋۇ ۋېي مەلىكىسى ۋاپات بولغاندا پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ مەلىكىنى يەنىلا جۇرچى مۇقان بىلەن بىر قەبرىستانغا دەپنە قىلىشنى بۇيرۇغان. مەلىكە ئوغۇل تۇغمىغان، ئۇنىڭ بىر قىزىلا بولغانلىقتىن پادىشاھ جيەن قىز دەپ يېقىن كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ، ۋۇ ۋېي مەلىكىسى دەپ ئاتىغان.

جۇرچى مۇنسۇننىڭ ئوغلى جۇرچى بىڭ، تەخەللۇسى جۇرچى مۇنسۇن جىيى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) ئۇنىڭ ئاتىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى شەرقىي يۈڭجيۇ ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ مەككار ئادەم بولۇپ، تەيپىڭجېنجۈن يىللىرىدا خېدۇڭ ۋىلايىتىدىكى چىچۇەنلىك شۇ ئەندۇ بىلەن بىرگە ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغان. پادىشاھ ئۇنى پايتەختكە ئەكەلدۈرۈپ ئاكا - ئۇكىلىرىغا تاپشۇرۇپ، بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

جۇرچى ۋەننىيەن، جۇرچى زونى ئاۋۋال تەسلىم بولدى، دەپ

جۇرچى ۋەنىيەننى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جياڭيى بېگى قىلىپ، جۇرچى زونى گۇاڭۋۇ گۇڭى قىلىپ تەيىنلىگەن. جۇرچى ۋەنىيەن كېيىن جىجۇ، دېڭجۇ ئىككى ئايماقنىڭ بېگى بولغان. كېيىن يەنىلا ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغانلىقتىن جۇرچى زو بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇنىڭدىن بۇرۇن، جۇرچى مۇقان مەغلۇپ بولغاندا، ئىنىسى لىدۇ ۋالىيسى جۇرچى ئارگۇ جەنۇبقا قېچىپ تۈيغۇنلاردىن پاناھ ئىزدەپ بارغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن شى جۇەننى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. جۇرچى مۇقاننىڭ ئىنىسى جيۇچۇەن ۋالىيسى جۇرچى ئۇرغۇ جىنچاڭغا قېچىپ كەتكەن. پادىشاھ يىياڭ گۇڭى يۈەن جېنى جيۇچۇەننى قوغداشقا قالدۇرغان. تەيپىڭجېنجۈن يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 440 ـ يىلى) جۇرچى ئۇرغۇ جيۇچۇەننى قورشىۋالغان. يۈەن جې ئۇنى سەل چاغلاپ شەھەردىن چىقىپ سۆزلەشكەندە جۇرچى ئۇرغۇغا ئەسىرگە چۈشكەن. يۈەن جېنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆز ئارا ماسلىشىپ شەھەرنى قوغدىغان. جۇرچى ئۇرغۇنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسى نەتىجىسىدە، شەھەر ئىچىدە ئاشلىق تۈگەپ كېتىپ جۇرچى ئۇرغۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغان. جۇرچى ئۇرغۇ ئارقىدىن جياڭيى شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنى ئالالماي چېكىنىپ لىنسۇڭ ۋىلايىتىنى قوغدىغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) يارلىق چۈشۈرۈپ يولنى چۈشەندۈرگەن. شۇ چاغدا يۇڭچاڭ بېگى توغبات جەن لياڭجۇ ئايمىقىنى قوغداپ تۇرغانىدى. جۇرچى ئۇرغۇ ئۆزىنىڭ بارگاھ لەشكەر بېشى لياڭۋېينى توغبات جەننى يوقلاپ بېرىپ، جيۇچۇەننى تەقدىم قىلىشقا ھەم يۈەن جې ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە يول قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. تەيپىڭجېنجۈننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 441 ـ يىلى) ئەتىيازدا، ۋېي پادىشاھى شىزۇ ـ (تەيۋۇدى)



قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتمەيدىغان ھۆدەيچىنى خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتۇپ جۇرچى ئۇرغۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى، جيۇچۇەن بېگى قىلىپ تەيىنلەشكە ئەۋەتكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇرچى ئۇرغۇ يەنە ئاسىيلىق قىلدى. پادىشاھ جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، نەنياڭ گۇڭى شى جۇەننى قايتىدىن جيۇچۇەن شەھىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. شى جۇەن جيۇچۇەن شەھىرىنى ئىگىلىگەن.

جۇرچى ئۇرغۇ شۇنىڭدىن كېيىن كۆچمە قۇملۇقتىن كېزىپ ئۆتۈشنى پىلانلاپ، جۇرچى ئارگۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ پىشامشانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. پىشامشان بېگى چۆچۈپ كېتىپ تەسلىم بولماقچى بولغاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى كېلىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىشقا دەۋەت قىلغان. جۇرچى ئارگۇ قايتا ـ قايتا ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قىلالمىغانلىقتىن، شەرقىي شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن چېكىنگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيپىڭجېنجۈن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) ئەتىيازدا، پىشامشان بېگى بىرون غەربكە قاراپ قېچىپ چەرچەنگە كەتكەن. ئۇنىڭ ۋارىس ئوغلى جۇرچى ئارگۇغا ئىتائەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن پىشامشاندا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. جۇرچى ئارگۇ شۇنىڭ بىلەن كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتكەن. بۇ جەرياندا لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرى پىشامشاننى بېسىۋالغان.

بۇنىڭ ئالدىدا قوچۇ ۋالىيسى كەن شۇاڭ لى باۋنىڭ تاغىسى تاڭ چىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. ئۇ جۇرچى ئۇرغۇنىڭ پىشامشانغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، جۇرچى ئۇرغۇ بىلەن تاڭ چىنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سالماقچى بولغان. جۇرچى ئۇرغۇ جۇرچى ئارگۇنى قوچۇنى ئىگىلەشكە يۈرۈش قىلغان. بۇ چاغدا جورجانلار تاڭ

چىنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، كەن شۇاڭ جۇرچى ئۇرغۇغا تاقابىل تۇرغان. جۇرچى ئۇرغۇنىڭ سانغۇنى ۋېي شىنگو يالغان ھەرىكەت بىلەن كەن شۇاڭنى ئالداپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدىقۇت شەھىرىدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. كەن شۇاڭ جورجانلارنى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەتكەن، جۇرچى ئۇرغۇ شۇنىڭ بىلەن قوچۇدا قالغان تەيپىڭجېنجۈنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 444 ـ يىلى) يازدا، جۇرچى ئۇرغۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەن. جۇرچى ئارگۇ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە جورجانلار خانى ئۇنى يۇتۇۋالغان.
(«ۋېينامە» 6 ـ كىتاب 2193 — 2210 ـ بەتلەر)

---

①يۇڭشى تۈزلەڭلىكى (勇士川) — يەنى يۇڭشى شەھىرى بولىدۇ. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۈجۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 582 ـ بەت)

②جىنچېڭ شەھىرى (金城) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرى.
(مۇھەررىردىن)

③يۈەنچۈەن (苑川) — جىنچېڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي ئەتراپىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

④مەيتيەن (麦田) — قەلئە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑤چيەنتۇن (牵屯) — تاغ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لوڭدې ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)



⑥جياۋخې ۋىلايىتى (浇河郡) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑦ۋەنخۇدۈي (万斛堆) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑧جىنشەن ۋىلايىتى (金山郡) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جياڭيې شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑨شىپىڭ شەھىرى (西平) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑩جۈنشى (均石) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جياڭيې شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑪ياڭۋۇ (阳武) — يەر نامى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتاشقان يەردە.
(«سىخەي» 4086 ـ بەت)

⑫بۇ يەردە دېيىلگەن نەنسەن تېغى چىليەنشەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑬چيۇڭچۈەن (穷泉) — يەر نامى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى سەندەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا چيۇڭشى تېغى (穷石山) بار. چۇڭشى تېغىدىن روشۇي دەرياسى باشلىنىدۇ. چيۇڭچۈەن (بۇلاق) شۇ يەردە بولسا كېرەك.

(مۇھەررىردىن)

⑭يىفۇ قەبىلىسى ( 乙弗部 ) — ئەينى زاماندا ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان بىر قەبىلە، ئۆرپ - ئادىتى تۇيغۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

( «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 3667 - بەت)

⑮تۇفا روتاننىڭ خوتۇن - بالىلىرى قىببۇ جىپەنگە ئەسىرگە چۈشكەن.

(مۇھەررىردىن)

⑯لىنسۇڭ ۋىلايىتى ( 临松郡 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جياڭيې شەھىرىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 15 — 16 - بەتلەر)

⑰جيەنكاڭ ۋىلايىتى ( 建康郡 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 15 — 16 - بەتلەر)

⑱لى شىن ( 李歆 ) — غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى.

⑲خۇاڭدى ( 帝皇 ) — جۇڭگودا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش ئاقساقىلى.

( «سىخەي» 2052 - بەت)

⑳شۈەنيۈەن ( 轩辕 ) — خۇاڭدى شۈەنيۈەن تۆپىلىكى دېگەن يەردە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن شۈەنيۈەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

( «تارىخىي خاتىرىلەر. بەش ئاقساقال تەزكىرىسى» دىن)

㉑خۇاشيا ( 华夏 ) — شيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا خەنزۇلار خۇاشيا ياكى شيا دەپ ئاتىلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)



㉒داتان ( 大檀 ) — جورجانلار خانى.

(مۇھەررىردىن)

㉓جۇ خانلىقىنىڭ خانى چىڭۋاڭ كەيگۇڭ بېگىمنى دۇڭخەي زېمىنىنى ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇغان ( 周成命太公以表东海 ) — دەسلەپتە جۇ خانلىقى چى (دۇڭخەينىڭ بىر قىسمى) دېگەن يەرنى تەيگۇڭ بېگىمگە سۇيۇرغاللىق قىلىپ بەرگەن. تەيگۇڭ بېگىم چى بەگلىكىگە بارغاندىن كېيىن سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، بېلىقچىلىق ۋە تۇزچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەل - پۇقرالارغا پايدا يەتكۈزۈپ بەرگەن. شۇڭا جۇ خانى چىڭۋاڭ ئۇنىڭ ئىدارە قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بەرگەن.

( «چى تەيگۇڭ خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

㉔جۇ خانلىقىنىڭ خانى شياڭۋاڭ جىن بېگى ۋېنگۇڭغا نەنياڭ دېگەن يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن( 襄王锡晋文大启南阳 ) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 635 - يىلى جىن بېگى ۋېنگۇڭ خۇ جانى شياڭۋاڭنى پايتەخت لوياڭغا مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويغان ۋە جۇ خانى شياڭۋاڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ئىنىسى جى شۇدەينى ئۆلتۈرگەن. شۇڭا جۇ خانى نەنياڭنى جىن بېگى ۋېنگۇڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن.

( «تارىخىي خاتىرىلەر. جىن بېگى خاندانى تەزكىرىسى» دىن)

㉕قەدىمكى زاماندا نەزىر - چىراغ قىلغاندا سەركىچۆپ بىلەن نەرسە كېرەكلىرىنى ئورايدۇ. سەركىچۆپ پىتەك توقۇشقا ئىشلىتىلەتتى.

(مۇھەررىردىن)

㉖شياڭيۇڭ ۋىلايىتى ( 上庸郡 ) — ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 11 —، 21 - بەتلەر» )

㉗مىنسەن تېغى ( 岷山 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي

جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

㉘ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دېڭكو ناھىيىسىدىن ئۇراد ئالدى خوشۇنىغىچە ئېقىپ ئۆتكەن جايلارنى كۆرسىتىدۇ.
(«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 3834 ـ بەت)

㉙چيۇچىلىقلار (仇池) — دىلاردىن بولغان ياڭ نەندان چيۇچى ۋىلايىتىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە خەن دېگەن نام قويغان.
(«جىننامە. ياڭ نەنداننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉚شيەنۇۋ ۋىلايىتى (善无郡) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈيۈي ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 883 ـ بەت)



## «ۋېينامە» 101 ـ جىلد

# دىلار، تۈيغۇنلار ۋە قوچۇ تەزكىرىلىرى

دىلار غەربىي يات مىللەتلەردىن بىر خىلى بولۇپ، ئاق ئاتلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شيا، شاڭ، جۇ خانلىقلىرىدىنلا ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى بار ئىدى. بەلكى ئوردىغا كېلىپ تەزىم قىلاتتى. شۇڭا نەزمىنامىدە «دىلار، چاڭلاردىن تارتىپ، خان ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلماسلىققا جۈرئەت قىلغانلار يوق» دېيىلگەن. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە چىشەن تېغى ① ۋە لوڭسەن تېغىنىڭ جەنۇبى، خەنشۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بارلاسلارنى تۇرغۇزۇپ كەلگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى كەپتاۋۇل گوچاڭ، ۋېي گۇاڭلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنىنى ۋۇدۇ ۋىلايىتى قىلىپ ئايرىغان. چيەنشۈي② ۋە ۋېيشۈي③ دەرياسىدىن تارتىپ، باجۇ ④ ۋە شۇجۈن ۋىلايەتلىرىگىچە، ئۇلارنىڭ ۋارنا ـ ئۇرۇقداشلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى يا ئاق دىلار، يا كونادىلار، دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ بەگ سەردارلىرى بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىنىڭ سۇيۇرغال قىلىپ تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن.

خەن سۇلالىسى پادىشاھى شەندىنىڭ جيەنئەن (مىلادىيە 196 ـ يىللىرى) يىللىرىدا ياڭ تېڭ قەبىلىلەر باش سەردارى بولغان. ياڭ تېڭ باتۇر، قاۋۇل ھەم ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئادەم بولۇپ، شۇنىڭدىن تارتىپ، قەبىلىلىرىنى چيۇ چى تېغىغا

كۆچۈرۈپ كەلگەن. چيۇچى تىغىنىڭ ئەتراپى 10 مىڭ مو كېلىدۇ. تۆت تەرىپى تىك بولۇپ، ئېگىزلىكى يەتتە چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان چىغىر يول 36 ئايلانما بولۇپ، ئۈستىدە مول سۇ بۇلىقى بار ئىكەن، شۇ سۇ بىلەن تۇپىنى قايىنىتىپ تۇز چىقىرالايدىكەن. ياڭ تىغىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ياڭ چەنۋان دېگەن بىرى بولۇپ، ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن 10 مىڭ مولۇق دىلار بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ياڭ چەنۋاننىڭ نەۋرىسى ياڭ فېيلۇڭ بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا قۇدرەت تېپىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى تەرىپىدىن غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ ئوغلى بولمىغاچقا، جىيەن ئوغلى لىڭخۇ ماۋسۇنى ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالغان. جىن خۇيدىنىڭ پادىشاھى يۈەنكاڭ (مىلادىيە 291 — 299 ـ يىللىرىدا) يىللىرىدا لىڭخۇ ماۋسۇ ئۆزىنى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن، ئوڭ قول بىلىكخان دەپ ئاتىۋالغان. دىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى باشلىق قىلىپ كۆرسەتكەن. گۈەنجۇڭ رايونلىرىدىكى كىشىلەردىن ئېقىپ كەلگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا بېقىندى بولغان. جىن مىندى پادىشاھى ئۇنى چاپاۋۇل سانغۇن، سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىگەن. لىڭخو ماۋسۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ياڭ نەندى ئورنىغا چىقىپ، ئۆزىنى سول قول بىلىكخان دەپ ئاتاپ، شيابيەن⑤ دېگەن يەرگە ئولتۇراقلاشقان. ياڭ جەنتۇنى ئوڭ قول بىلىكخان دەپ ئاتاپ، خېچى⑥ دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ياڭ ئۆلگەندە، ئوغلى ياڭ تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتقۇچى، چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن، سول قول بىلىكخان شيابيەن كۆڭى دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ياڭ جەنتۇنىڭ ئوغلى ياڭ پەننى خاسىيەتلىك سىمۋول تۇتقۇچى سانغۇنى، ئوڭ قول بىلىكخان، خېچى گۇڭى قىلىپ بېكىتكەن، ئۇ جىن سۇلالىسىغا ئىتائەتمەن بولۇپ، جىن پادىشاھى تەرىپىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەنگەن. جىن چېڭدىنىڭ



پادىشاھى شەنكاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 337 ـ يىلى) ياڭ يىنىڭ بىر جەمەت ئاكىسى ياڭ ھۇجۇم قوزغاپ، ياڭ يىنى ئۆلتۈرگەن ھەم ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوشۇۋېلىپ، ئۆزىنى چيۇ گۇڭى دەپ ئاتىۋېلىپ، شى خۇجا ئىتائەتمەن بولغان. كېيىن جىن سۇلالىسىغا ۋاسسال ئەل بولغان. جىن مۇدىنىڭ پادىشاھى يۇڭخې 10 ـ يىلى (مىلادىيە 354 ـ يىلى) ياڭ چۇ تيەنشۈي گۇڭى بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن. يۇڭخې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 355 ـ يىلى) ياڭ يىنىڭ كىچىك ئىنىسى ياڭ سۇڭنۇ ھامىمىسىنىڭ ئوغلى لياڭ سەنۋاڭغا، ياساۋۇل نۆۋەتچىلىكىدىن پايدىلىنىپ، قىلىچ بىلەن ياڭ چۇنى ئۆلتۈرگۈزگەن. ياڭ ئوغلى ياڭ ئەتراپىدىكىلەرنى باشلاپ، لياڭ سەنۋاڭ ۋە ياڭ سۇڭنۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قايتىدىن چيۇ گۇڭى قىلىپ تۇرغۇزۇۋالغان، خۇەن ۋېن جىن پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ، ياڭ چىنجو ئايماقبېگى، ياڭ گۇنىڭ ئوغلى ياڭ ئەننى ۋۇدۇ ۋالىيسى قىلىشنى كۆرسەتكەن. يۇڭخې 12 ـ يىلى (مىلادىيە 356 ـ يىلى) ياڭ گۇنىڭ كىچىك بوۋىسىدىن بولغان كىچىك دادىسى ياڭ چۈەن يەنە ياڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىۋالغان. ياڭ گۇنىڭ ئوغلى ياڭ ئەن قۇشىڭغا يۈز ئۆرۈپ ياڭ جۈننى ئۆلتۈرۈپ، قايتىدىن جىن سۇلالىسىغا ۋاسسال ئەل بولۇپ كەلگەن. ياڭ ئەن ئۆلگەندە، ئوغلى ياڭ شى ئۆزىنى چيۇ گۇڭى دەپ ئاتىۋالغان. جىن فېيدى پادىشاھىنىڭ تەيخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 368 ـ يىلى) ياڭ شى چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى ياڭ تۇڭ ۋۇدۇ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ياڭ شى ئۆلگەندە، ياڭ تۇڭ ياڭ شىڭنىڭ ئوغلى ياڭ زۈەننى بىكار قىلىپ، ئۆزى تەختكە چىققان. ياڭ تۇڭنىڭ تەخەللۇسى ياڭ دې ئىدى. ياڭ زۈەن پىرقە توپلاپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، ياڭ تۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۆزىنى چيۇچى گۇڭى دەپ تۇرغۇزغان. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، جىن

سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جىن جەنۋىندىگە مەلۇم قىلغان.

جىن پادىشاھى جەنۋىندى ياڭ زۇەننى چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. جىن پادىشاھى جەنۋىندىنىڭ شيەنئەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 731 ـ يىلى) فۇجيەن ياڭ ئەننى ياڭ زۇەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، يېڭىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەل ـ يۇقرالىرىنى گۇەنجۇڭ رايونىغا كۆچۈرۈپ، 100 مىڭ مو دېگەن يەرنى بىكار قالدۇرغان. ياڭ سۇڭنۇ ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ياڭ فۇنۇ ۋە ياڭ فۇگۇ قېچىپ چىقىپ، فۇجيەندىن پاناھلىق تىلىگەن، فۇجيەن قىزىنى ياڭ فۇنۇنىڭ ئوغلى ياڭ دىڭگە ياتلىق قىلىپ، ياڭ دىڭنى دىۋان بېگى، لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىگەن. فۇجيەن يېڭىلىپ قالغاندا، گۇەنجۇڭ رايونىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغان ياڭ دىڭ كۆچىنىڭ بىرىچە فۇجيەننى ھىمايە قىلغان. فۇجيەن ئۆلگەندە، ئۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ، لۇڭسەن تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ، لىچىڭ قەلئەسىگە كۆچۈپ، شۇ يەرنى ئىدارە قىلغان. بۇ يەر چيۇ چىدىن 120 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇ ئاشلىق ئامبارنى 100 مىڭ مو دېگەن يەرگە تۇرغۇزۇپ، ھەر مىللەتتىن بولغان مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى توپلاپ، ئۆزىنى چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن چۇچى گۇڭى دەپ ئاتىۋېلىپ، جىن سۇلالىسىغا ۋاسسال ئەل دەپ ئىتائەتمەن بولغان. جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋ ۋۇدى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ، چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى داۋ ۋۇدىنىڭ دېڭگۇ 4 ـ يىلى (389 ـ يىلى) ياڭ دىڭ چىنجۇ ئايمىقىنىڭ يېرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى لۇڭشى خانى دەپ ئاتىۋالغان. كېيىن، قىبىو چەنگۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئوغلىمۇ قالمىغان. ياڭ فۇگۇنىڭ ئوغلى ياڭ شېڭ دەسلەپتە نائىب ئەل بېگى بولۇپ، چيۇچى رايونىنى قوغدىغان ئىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئىشنى باشقۇرۇپ، ئۆزىنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، چىنجۇ ئايماقبېگى،



چيۇ گۇچى دەپ ئاتىۋېلىپ، ياڭ دىڭغا ۋۇۋاڭ خان دېگەن ئۆلۈم ئۇنۋانى بەرگەن. ئۇ دىلار ۋە چاڭلارنى 20 قىسىم قىلىپ ئايرىپ، ھەرقايسىسىنى ئۆز ئالدىغا قورغان قۇرۇپ، چېگرىنى قوغداشقا بۇيرۇغان. ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنى تەسىس قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن خەنجۇڭ رايونىغا ئىگە بولۇپ يەنىلا جىن سۇلالىسىغا ۋاسسال ئەل بولۇپ كەلگەن. ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى داۋ ۋۇدىنىڭ تيەنشىڭ يىللىرى (398 ـ 403 ـ يىللىرى) بېشىدا ياڭ شىڭ ئەلچىنى تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، ياڭ شىڭنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن چۇچى بېگى دەپ تەيىنلىگەن. يول ئوتتۇرىسىدا ياۋ شىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، يىلدا تارتۇق يوللاشقا ئەلچى ئەۋەتەلمىگەن. ياڭ شىڭ ئۆز ئاكىسىنىڭ ئوغلى ياڭ فۇنى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ، خەنجۇڭ رايونىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان.

سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى ليۇيۇنىڭ يۇڭچۇ (مىلادىيە 420 ـ 421 ـ يىللىرى) يىللىرىدا ياڭ شىڭنى ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ياڭ شىڭ ئۆلگەندە يەنە ئۆز ئالدىغا خۇيۋىن خان دېگەن ئۆلۈم ئۇنۋانى بەرگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ياڭ شۇەن ئورنىغا چىققان. ياڭ شۇەن، تەخەللۇسى ياڭ خۇاڭمي بولۇپ، ئۆزىنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، ئۈچ ئوردا ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، چىنجۇ ئايماقبېگى، ۋۇدۇ بېگى بولۇۋالغان. ئۇ سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى ليۇ سۇڭغا ۋاسسال ئەل بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا جىن سۇلالىسىنىڭ يېشى يىلنامىسىنى قوللىنىۋالغان. كېيىن ليۇ يىلۇڭنىڭ يۈەنجا يىلنامىسىنى قوللىنىۋالغان. دەسلەپتە ياڭ شېڭ ياڭ شۇەنگە: «مەن قېرىپ قالدىم. ئاخىرىغىچە جىن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرىدىن بولۇپ كېتىشىم كېرەك، سەن سۇڭ دۆلىتىگە ئوبدان مۇئامىلە قىلساڭ بولىدۇ» دېگەن ئىدى. شۇڭا

ياڭ شۈەن يۇقىرىقىدەك ئىش كۆرگەن. ياڭ شۈەن بىلىمدارلارغا مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر، سىرتقا ئېقىپ كەتكەنلەر ئۇنى سېغىنغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) نىڭ شىگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 427 ـ يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى باش ھۇدەيچى گۇڭسۇن گۇيىنى ئەۋەتىپ، ياڭ شۈەننى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، تۇتۇق، لياڭجۇ ئايماقبېگى، جەنۇبىي چىنجۇ بېگى دەپ تەيىنلەشنى ئېلان قىلدۇرغان. ياڭ شۈەن مەكتۇپ يوللاپ، ئىچكىرىدىكى ۋاسسال ئەللەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان. پادىشاھ ماقۇل كۆرگەن.

ياڭ شۈەن ئۆلگەندە، ئوغلى ياڭ باۋزۇڭ ئورنىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا شياۋجاۋخان دېگەن ئۇنۋان بەرگەن. دەسلەپتە يەنى ياڭ شۈەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىنىسى ياڭ خەندانغا «ھازىر چېگرا ئىچىدە تېخى تىنچلىق ئورنىتىلمىدى. يەنە خەير خاھلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ياڭ باۋزۇڭ ئالدىراڭغۇ ھەم دۆتىرەك. مەن دۆلەت ئىشلىرىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرەي، ئالدىنقى تۆھپىدار ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەي قالمىغىن» دېگەن. ياڭ نەندان قەتئىي رەت قىلىپ، ياڭ باۋزۇڭنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزۈم ئۇنىڭغا يۆلەكچى بولىمەن، دەپ ئىلتىماس قىلغان. ياڭ باۋزۇڭ ئورۇنغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ياڭ نەنداننىڭ ئايالى ياۋ خانىم ئۇنىڭغا «دۆلەت خېيىمخەتەرگە ئۇچراپ تۇرغاندا، يېشى چوڭراق كىشىنى تۇرغۇزۇش تۈزۈك ئىدى. سىز ئەكسىنچە گۆدەك بالىغا خىزمەت قىلىۋاتىسىز، بۇ ئۇزاققىچە قوللانغىلى بولىدىغان تەدبىر ئەمەس» دېگەن. ياڭ نەندان ماقۇل كۆرۈپ، ياڭ باۋزۇڭنى بىكار قىلىپ، ئۆزى تەختكە چىقىپ، لىۋ يىلوڭغا ۋاسسال ئەل بولغان. ياڭ نەندان ياڭ باۋزۇڭنى جەنۇبىي باسقاق سانغۇن قىلىپ، شىچاڭ قورغىنىنى ساقلاشقا قالدۇرغان. ئىككىنچى ئوغلى ياڭ شۈننى شەرقىي باسقاق سانغۇن، چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ، شاڭگۇي دېگەن يەرنى ساقلاشقا



ئورۇنلاشتۇرغان. ياڭ باۋزۇڭ ياڭ نەندانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، پىلانى ئاشكارىلاپ قويۇلغاچقا، تۈرمىگە تاشلانغان.

بۇنىڭدىن بۇرۇن، ھەر تەرەپتە ئېقىپ يۈرگەن كىشىلەر چۇجى رايونىنى مۇنبەت ـ باياشات دەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ بېقىندى بولغان. ئېقىپ كەلگەنلەر ئىچىدە شۈي مۇجىژ، خاۋ تەنجى ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى ياڭ نەنداننىڭ قويىنىغا ئاتقان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسىنى سىما دەپ ئۆزگەرتىپ، شۈي مۇجى ئىسمىنى سىما فىلۇڭ، خاۋ تەنجى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى سىما كاڭجى دەپ مەلۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنى جىن پادىشاھ جەمەتىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى دەۋالغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىما كاڭجى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇ چاغدا، لىۋ يىلوڭنىڭ لياڭجۇ ئايماقبېگى فاخۇ جىنايى ئىشلارنىمۇ، مەمۇرىي ئىشلارنىمۇ سۈرۈشتە قىلمايتتى. لىۋ يىلوڭ ئايماقبېگى شياۋ سىخۇانى ئورنىغا دەسسەشكە ئەۋەتكەن. ياڭ نەندان شياۋ سىفۇا يېتىپ بارغىچە سانغۇنلارنى ئەۋەتىپ، ئەسكەر تارتىپ، لياڭجۇ ئايمىقىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، بەيما⑦ قەلئەسىنى ئىشغال قىلغانلىقتىن، خەنجۇڭ رايونىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شياۋ سىخۇا ئۆزىنىڭ لەشكەر بېشى شياۋ جىنى ئاۋانگارت قىلىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ بارغانلار يېرىدە غەلىبە قىلىپلا قالماي، لياڭجۇ ئايمىقىنى يەنىلا تىنچىتقان. شۇنىڭ بىلەن ياڭ نەندان قايتىدىن لىۋ يىلوڭغا بېقىندى بولغان.

ياڭ نەندان كېيىن باۋزۇڭنى قويۇپ بېرىپ، دۇڭتىڭ⑧ دېگەن يەرنى قوغداشقا ئەۋەتكەن. ياڭ باۋزۇڭ ئاكىسى ياڭ باۋشيەن بىلەن پايتەختكە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ۋېي پادىشاھى (تەيۋۇدى) ياڭ باۋزۇڭنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، جىنجۇ ئايماقبېگى، ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ،

ئۇنىڭغا مەلىكىسىنى بېرىپ توي قىلدۇرغان. ياڭ باۋشيەننى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جىنشو گۇڭى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىن باش ھۆدەيچىگە سۇي زېنى ياڭ نەدانىنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، غەربىي چاڭلار چېرىكچىبېگى، چىنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرى بېگى، جەنۇبىي چىنجۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ياڭ نەدان كېيىن ئۆزىنى ئۇلۇغ چىن خانى قىلىپ، يىلنامىسىنى جەينى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، خوتۇنىنى خانىش، ۋارىسىنى ۋەلىئەھد قىلغان ھەمدە ھەرخىل مەنسەپلەرنى ئۇلۇغ ۋېي سۇلالىسىدىن سوراپ تۇرغۇزغان. بىراق ئۇ يەنىلا ليۇ يىلۇڭغا تارتۇق ئاپىرىپ تۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ دۆلىتىدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، كۆپ خىل غەلىتە ئاپەت - قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغ چىن خانى ئورنىدىن قايتىدىن ۋۇدۇ بېگى ئورنىغا تۆۋەنلىتىپ قويغان. تەيىەن (435 — 439 - يىللىرى) يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ياڭ نەدان شاڭگۇينى قورغان قىلغان ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) ھارۋا - ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى، لېپىڭ بېگى توغبات پېي قاتارلىقلارنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى گاۋپىڭ ۋىلايىتىنىڭ قوشۇنىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، شاڭگۇينى قولغا ئېلىشقا ئەۋەتكەن، ليۇ يىلۇڭ ياڭ نەدانغا شياڭگۇينى قوغداش توغرىسىدا يارلىق ئەۋەتكەن ياڭ نەداڭ يارلىققا بىنائەن شۇ يەرنى ۋاكالىتەن قوغدايدىغان بولغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پۈتۈن ئەل كۆچى بىلەن جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ، شۇجۇن ۋىلايىتى يېرىنى ئېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، ليۇ يىلۇڭنىڭ يىجۇ ئايمىقىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، فۇچېڭ شەھىرىگە⑨ ھۇجۇم قىلىپ، باشى ۋىلايىتىگە ⑩ يۈرۈش قىلىپ، يۇڭجۇ ئايمىقىدىن سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن 7 مىڭ ئائىلىدىن كۆپرەك ئادەمنى ئېلىپ چۇچى رايونىغا قايتىپ



بارغان. ليۇ يىلۇڭ غەزەپلىنىپ، سانغۇن پېي فاڭمىڭ قاتارلىقلارنى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ياڭ نەدان پېي فاڭمىڭ تەرىپىدىن يېڭىلىپ، چۇچى رايونىنى تاشلاپ قويۇپ، مىڭدىن كۆپرەك چەۋەنداز بىلەن شاڭگۇيگە قېچىپ بارغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ جۇڭسەن بېگى توغبات چېننى قارشى ئېلىپ، سەپەرلىك ئوردىغا ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن. پېي فاڭمىڭ چۇچى رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ياڭ باۋزۇڭنىڭ ئىنىسى ياڭ باۋجىنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرغان. خېجەن گۇڭى توغبات چى زەربە بېرىپ ئۇنى قوغلىۋەتكەن.

بۇنىڭدىن بۇرۇن، ۋېي پادىشاھى يارلىق چۈشۈرۈپ، ياڭ باۋزۇڭنى شاڭگۇينى مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىن يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ ياڭ باۋزۇڭنى لوگۇ قەلئەسىنى ⑪ مۇداپىئە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ۋاسسال ئېلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. ياڭ باۋزۇڭنىڭ ئىنىسى ياڭ ۋېندې ئاۋۋال دىلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، ياڭ باۋزۇڭنى ئاسىيلىق قىلىشقا دەۋەت قىلغان، ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، توغبات چى ياڭ باۋزۇڭنى تۇتۇپ، پايتەختكە ئاپارغان. ۋېي پادىشاھى ياڭ نەداڭغا ئۆلتۈرسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. دىلار ۋە چاڭلار ياڭ ۋېندېنى باشلىق قىلىپ تۇرغۇزۇپ، جوشۇي ⑫ قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدا ئورۇنلاشتۇرغان. ياڭ ۋېندې ئۆزىنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، چىنجۇ، خېجۇ، لياڭجۇ ئۈچ ئايماقبېگى، چۇچى گۇڭى دەپ ئاتاپ، ليۇ يىلۇڭدىن ياردەم سورىغان. فاڭ لياڭجىنى ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكەن. توغبات چى قارشى زەربە بېرىپ، فاڭ لياڭجىنى تۇتۇۋالغان. ياڭ ۋېندې قېچىپ بېرىپ، جيالۇ قەلئەسىنى⑬ ساقلاپ قالغان. ۋۇدۇ، يىنپىڭ قاتارلىق جايلاردىكى دىلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنىڭغا قوشۇلغان. ۋېي پادىشاھى يارلىق چۈشۈرۈپ. خۇەيياڭ گۇڭى پى باۋزى قاتارلىقلارنى ھەر يول قوشۇننى باشلاپ، جازا

يۇرۇشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ياڭ ۋېندى خەنجۇڭ رايونىغا قېچىپ كەتكەن. يى باۋزى قاتارلىقلار ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى، قول ئاستىدىكى ئەمەلدار بېقىندىلار ۋە ئاشلىق - ھەربىي تەمىناتلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىڭدەك ياڭ باۋزۇڭنىڭ خوتۇنى بولغان مەلىكىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ، پايتەختكە ئاپارغان. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. دەسلەپتە مەلىكە ياڭ باۋزۇڭنى ئاسىيلىق قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلغانىدى. خەقلەر ئۇنىڭدىن «نېمىشقا ئاتا - ئاناڭغا ئاسىيلىق قىلماقچىسەن؟» دەپ سورىسا، مەلىكە: «ئەدەپ - يوسۇننامە بويىچە، ئايال كىشى ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن شان - شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئىشىمىز ۋۇجۇدقا كەلسە، بىر ياقىنى ئىگىلىۋالساق، مەنمۇ بىر خانىش بولىمەن، بۇ كىچىككىنە بىر ناھىيىنىڭ خوجايىنلىقىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھقا تارتىلغان.

ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ (ۋېنچېڭدى) دەۋرىدە ياڭ نەندان، يىڭجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. قايتىپ بارغاندا پايتەخت سىرتىدا قورغان تەپتىش بېگى بولغان. ئۆلگەندە پادىشاھ ساداقەتمەن دېگەن ئۆلۈم ئۇنۋانى بەرگەن، ئۇنىڭ ئوغلى ياڭ خې دادىسىغا ئەگىشىپ يۇرتىغا قايتقان بولۇپ ئايرىم چۆچى گوڭى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ياڭ دې ياڭ نەندانىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن، ئوغلى ياڭ شاۋيەن شۇ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلسا، قائىدە بويىچە گۇڭ دەرىجىگە تۆۋەنلەپ، تيەنشۇي ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەنگەن بولۇپ ئۆلگەن. ئوغلى ياڭ دايەننىڭ تەرجىمىھالى ئايرىم يېزىلغان. ياڭ شاۋيەننىڭ ئوغلى ياڭ گۇڭشى مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلغان. ۋېي پادىشاھى شاۋ مىڭدى جېڭگۇاڭ (520 — 524) يىللىرىدا دىۋان بېگىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ياڭ پۇخۇي ۋاكالەت ئوردا ۋازارىتى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، يىغقان ئىجارىنى جەنۇبىي



چىنجۇ، شەرقىي يىجۇ ئايماقلىرىغا ئاپىرىشقا توغرا كېلەتتى. جاڭ پۇخۇي ياڭ گۇڭشىنى بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۇلار جەنۇبىي چىنجۇ ئايمىقىغا كەلگەندە، دىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، ئىلگىرىلىيەلمەي قالغان. جاڭ پۇخۇي ئاۋۋال ياڭ گۇڭشىنى دىلارغا تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتكەن. شەرقىي يىجۇ ئايماقبېگى ۋېي زىجەن ياڭ گۇڭشىنىڭ ھىيلىگەر، ۋاپاسىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاستىرتتىن كۆزىتىشكە ئادەم بۇيرۇغان. ياڭ گۇڭشىڭ يوشۇرۇن سۈيىقەستى بولۇپ، ئاسىيلىق قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى پاش قىلغان. ۋېي زىجەن يەنىلا جاڭ پۇخۇيغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ئېلىپ، ئەھۋالىنى ئوردىغا يوللاشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ پۇخۇي جىددىي قوغلاپ قايتۇرماقچى بولىسىمۇ، ياڭ گۇڭشى ئوردىغا بېرىشقا زادىلا ئۇنىماي، شەرققە مېڭىپ، خەنجۇڭ رايونىدىن چىقىپ كەتكەن. جاڭ پۇخۇي پادىشاھقا مەلۇمات يوللاپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلغان. ياڭ گۇڭشى ھەدەپ دادخورلۇق قىلىپ، ئاخىرى گۇناھىدىن كەچۈرۈم قىلىنغان. كېيىن خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋول تۇتقۇچى باسقاق سانغۇن بولۇپ، تۇتۇق بېگى يۈەن جى بىلەن بىرگە چىنجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ، جىنجۇ ئايمىقىدىن چىققان ئوغرى مۇجې تەنشىڭنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشۈپ، جىنجۇ ئايمىقىدا ئۆلگەن. ياڭ ۋېندى كېيىن چيەنشۇي دەرياسى ۋە لۇڭشەن تېغى ئايرىلىپ خەنجۇڭ رايونىدىن يىنپىڭ، ۋۇشىڭ دېگەن يەرلەرنى ئىگىلىگەن. كېيىن لىيۇ يىلۇڭنىڭ جىڭجۇ ئايماقبېگى لىيۇ يىشۈن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ياڭ باۋزۇڭ ۋېي پادىشاھى تەرىپىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئوغلى ياڭ يۈەنخى لىيۇ يىلۇڭنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھ تاپقان. لىيۇ يىلۇڭ ئۇنى ۋۇدۇ ۋالىيسى، بەيشۈي ۋالىيسى قىلغان. ياڭ يۈەنخې شۇ شەھەرلەر بىلەن ۋېي سۇلالىسىگە ئىتائەتمەن بولۇپ

قايتقاندا، ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ ماختىنغان بولۇپ، ئۇنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ پايتەختكە كۆچۈرۈپ ئەكىرگەن. ياڭ يۈەنخې دادىسىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ياڭ سېڭسى قايتىدىن ئۆزىنى ميالۇ قەلئەسىدە ۋۇدى خانى دەپ ئاتىۋالغان. ياڭ سېڭسى ئۆلگەن بولۇپ، بىر نەۋرە ئىنىسى ياڭ ۋېندۇ ئۆزىنى ۋۇشىڭ خانى دەپ ئاتاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېي پادىشاھىغا ئىتائەتمەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ (داۋ ۋۇدى) ياڭ ۋېندۇغا ۋۇشىڭ باسقاق سانغۇن دېگەن مەنسەپ بەرگەن. كېيىن ئۇ يەنە ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (مىڭيۈەندى) دەۋرىنىڭ باشلىرىدا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن چى خۇەنشى جيالۇ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىپ، ياڭ ۋېندۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان.

ياڭ ۋېندۇنىڭ ئىنىسى ياڭ خۇڭ، كىچىك ئىسمى ياڭ شۇ، ئۇنىڭ ياڭ خۇڭ دېگەن ئىسمى مەرھۇم ۋېي پادىشاھى شيەنزۇنىڭ مۇقەددەس ئىسمىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، كىچىك ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ياڭ شۇ ئۆزىنى ۋۇشىڭ خانى دەپ ئاتاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللاپ، پادىشاھتىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى سورىغان، ھەم ئۆز يۇرتىدىن چىققان ئالاھىدە مەھسۇلاتنى تارتۇق قىلغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (مىڭيۈەندى) قوبۇل قىلغان. ياڭ شۇ ئۆز ئوغلى گۇنۇنى خاس مۇلازىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى ۋېي گاۋزۇ ياڭ شۇنى تۇتۇق بېگى، جەنۇبىي چىنجۇ ئايماقبېگى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى، ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ياڭ شۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جىيەن ئوغلى ياڭ خۇچى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولۇپ، ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ياڭ شۇنىڭ مەرتىۋىسىنى شۇنىڭغا بەرگەن.

ياڭ شۇنىڭ ئوغلى ياڭ جىشى بەيشۈي ۋالىيسى بولغان



ئىدى. ياڭ فۇچى ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ياڭ جىشىنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، ۋۇدۇ بېگى قىلغان. ياڭ جىشى كېيىن پايتەختكە كېلىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلغان بولۇپ، تۇتۇق بەگ، جەنۇبىي جىنجۇ ئايماقبېگى، جەنۇبنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، قوشۇمچە جەنۇبىي يات مىللەتلەر چېرىكچى بېگى، خەنجۇڭ ۋىلايىتى تۆرىسى، ۋۇشىڭ بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەمدە مەپە - تۇغ، ھەربىي ئات ۋە تاۋار - دۇردۇن، رەڭدار نەقىش - شەلپەر قاتارلىق ئىلتىپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋۇشىڭ ۋىلايىتىگە قايتقان بولۇپ، يەنە جەنۇبنى باسقۇچى سانغۇن دېگەن مەرتىۋە قوشۇپ ئالغان ھەم نىڭجۇ، شياڭجۇ قاتارلىق بەش ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا نازارەتچى بېگى بولغان. كېيىن چۇچى باسقاق سانغۇن ياڭ لىڭجىن ۋۇشىڭ شەھىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلغان. لىڭخۇ جىشى شۇنىڭ بىلەن شياۋلۇەن دېگەن يەرگە كىرىپ كەتكەن.

ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ (شۈەنۋۇدى) نىڭ جىڭمىڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 500 - يىلى) ياڭ جىشى تەسلىم بولۇپ كەلگەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئەمەل - مەرتىۋە بەرگەن. ۋۇشىڭ ۋىلايىتىنى ساقلاشقا قايتۇرغان. ياڭ جىشى ئۆلگەندە، ئوغلى ياڭ شاۋشەن ئورنىغا چىققان، پادىشاھ ئۇنى تۇتۇق بەگ، جەنۇبىي چىنجۇ ئايماقبېگى، ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، خەنجوڭ ۋىلايىتى گۇگى ۋۇشىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، ياڭ جىشىغا ھارۋا - ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى، ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، ئەنۋاڭ بېگى دېگەن ئۆلۈم ئۇنۋانى بەرگەن. ياڭ شاۋشەن يېشى كىچىك بولغاچقا ئىشلارنى ئىككى كىچىك ئاتىسى ياڭ جېجى، ياڭ جېيغا ھاۋالە قىلغان. شياخۇ داۋچيەن خەنجۇڭ رايونى بىلەن ۋېي سۇلالىسىگە ئىتائەتمەن بولۇپ كەلگەن. شياۋيەننىڭ بەيما قەلئەسىدە تۇرۇشلۇق سەركەردىسى يىن تەنباۋ كۆپچىلىكنى

باشلاپ قورشىۋالغان. شىيا خۇ داۋچىيەن ياڭ جىيچى، ياڭ جىيىدىن ياردەم سورىسا، شۇ ئىككىيلەن چىگرىدىكى قارام ئەللىك ئورنىنى ساقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، قوتقۇزۇشنى خالىمىغانىدى. پەقەت ياڭ جىشىنىڭ ئىنىسى ياڭ جىلاڭ خىزمەت كۆرسەتمەكچى بولۇپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ يىن تەنباۋنى تارمار قىلغان. خەنچۇەن ۋىلايىتىنى ⑭ ساقلاپ قېلىش تامامەن ياڭ جىلاڭنىڭ كۈچى بىلەن بولغان ئىش. ياڭ جىيى لياڭجۇ، يىجۇ ئايماقلىرى تىنچلانغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋۇشىڭنى ئۇزاققىچە تاشقى قارام ئەل بولالماستىن دەپ ئەنسىرەپ، ھەريوللار بىلەن دىلارنى قۇترىتىپ، ياڭ شاۋشەننى ئۆز ئالدىغا خان دەپ ئاتاشقا كۆرسىتىپ، ياڭ جىيى، ياڭ جىيچى ھەر ئىككىسى خان بولۇۋالغان. سىرتتىن شىياۋيەننى ياردەمچى قىلغان غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن شىڭ لۇەن ئەلەم كۈچ ئورناتقۇچى سانغۇن فۇشۇيەننى ۋۇشىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ ۋۇشىڭنى ئىشغال قىلىپ، ياڭ شاۋشەننى تۇتۇپ پايتەختكە ئاپارغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىنى يوقىتىپ، ۋۇشىڭ جېڭى قىلغان، كېيىن ۋۇشىڭ جېڭىنى شەرقىي يىجۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. باسقاق سانغۇن تاڭ خالي، ئايماقبېگى دۇزۇەن، شىڭ باۋ قاتارلىقلار شۇ يەرنى باشقۇرغان بولۇپ، ھەيۋەت ۋە مېھرى ـ شەپقەت كۆرسىتىش دېگۈدەك جايىدا بولمىغاچقا، دىلارنىڭ كاتتىلىرىدىن چۇشجۇ قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن باشلامچى بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ئوردا غەربىي جەنۇبتىن ئەندىشە قىلىپ كەلگەن. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ جىڭگۇاڭ (520 ـ 524) يىللىرىدا پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ۋېي زىجيەننى ئايماقبېگى قىلغان. ئۇ مېھرى ـ شەپقەت ۋە ئىشەنچلىك بىلەن دالالەت قىلغاچقا، ياخشى كەيپىياتنى ئورناتقان بولۇپ، يېقىن ـ يىراقتىكى دىلارنىڭ ھەممىسى بېقىندى بولۇپ كېلىپ، ئىچكىرى جايلاردىكىدەك تىنچ بولغان. كېيىن تاڭ يوڭ ۋېي



زىجيەننىڭ ئورنىغا دەسسەپ ئايماقبېگى بولغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا دىلارنىڭ ھەممىسى ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن، تاڭ يۇڭ شەھەرنى تاشلاپ، شەرققە قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەر قايتىدىن دىلارنىڭ يۇرتى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ شياۋشەن قېچىپ چىقىپ، ۋۇشىڭغا قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن ئۆزىنى خان قىلىپ جاكارلىغان.

تۇيغۇن ئەسلىي لياۋدۇڭ ۋىلايىتىدىكى سىيانپىيلاردىن بولغان تۇخې⑮ شەھىرىدىكى شېگۈينىڭ ئوغلى ئىدى. شېگۈينىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىلامخان بولۇپ، ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇلاردىن چوڭى تۇيغۇن بولۇپ، كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان. كىچىكى يۇرۇگۇي چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان. شېگۈي ئۆلگەندە، يۇرۇگۇي ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن قەبىلىسىگە قوماندان بولۇپ، فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، مورۇڭ دەپ بېكىتكەن. شېگۈي ھايات ۋاقتىدا 700 ئائىلىنى تۇيغۇنغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. تۇيغۇن قەبىلىسى بىلەن يۇرۇگۇي قەبىلىسى ئارىسىدا ئات سوقۇشقانلىقى تۈپەيلىدىن جىدەل پەيدا بولغان. يۇرۇگۇي غەزەپلىنىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، تۇيغۇنغا: «مەرھۇم دادىمىز ئاتام بولغان سىزنى ئايرىم قەبىلە باشلىقى قىلىپ، بۆلۈپ بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا يىراق يەرگە كەتمەي، ئات سوقۇشۇشتىن ماجىرا پەيدا قىلدىڭىز؟» دەپ گەپ يەتكۈزگەن. تۇيغۇن: «ئات دېگەن چارۋا، چۆپ يەيدۇ، سۇ ئىچىدۇ. ئەتىيازدا كۆيلەپ كەتكەندە سوقۇشۇپ كېتىدۇ. ئاتلار سوقۇشقانلىقىدىن ئادەم غەزەپلەنگەن بولسا، بېسىۋېلىشىمۇ ئاسان بولىدۇ. دېمەك، مەن سەندىن 10 مىڭ چاقىرىم يىراق يەرگە كەتسەملا بولىدىغۇ» دېگەن. يۇرۇگۇي پۇشايمان قىلىپ، پېشقەدەم ئاقساقال ۋە دورغاپ يىنالۇرنى قوغلاپ قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. تۇيغۇن: «ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ، لياۋدۇڭدا ئەخلاقىي ئابرۇيىنى تۇرغۇزۇپ كەلدى. مەرھۇم دادىمىز ھايات ۋاقتىدا پال ئېچىپ، ئىككى ئوغلىنىڭ دۆلەت

تەختىدە ئولتۇرۇش ئامىتى بار. ھەمدە نەۋرە - چەۋرىلىرىگە قالدۇرىدۇ، دېگەندەك بەلگىلەرنى كۆردى. مەن كىچىك خوتۇنىدىن بولغان پەسكەش ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا چوڭلۇقنى تۇتسام بولمايدۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئاتلار يامانلىق قىلدى. مانا بۇ تەڭرى يول كۆرسەتكەنلىك، ھەرقايسىلىرى ئاتلارنى شەرققە ھەيدەپ بېقىشسىلا، ئەگەر ئاتلار شەرققە قايتىپ كەتسە، مەنمۇ ئەگىشىپ قايتىمەن» دېگەن - دە، قول ئاستىدىكىلەرگە ئاتلارنى كەلگەن يولىغا ھەيدەپ مېڭىشقا بۇيرۇغان. ئاتلار بىر نەچچە يۈز قەدەم چامدىغاندىن كېيىن، باش كۆتۈرۈپ، كىشنەپ كېتىدۇ، تۇيۇقسىزلا غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن. داغدۇغىدىن تاغ ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇن نەچچە قېتىم تەكرار ئىش كۆرۈلگەن. ھەر قېتىم شەرققە ھەيدىگەندە، بىر قېتىم يېنىپ ماڭغان بولۇپ، غەربكە يۈرگەن. يىنالۇر چارچاپ قېلىپ، ئامالسىزلىقتىن تىزلىنىپ: «قاغان بۇ ئادەم ئىرادىسىگە باغلىق ئىش ئەمەس ئىكەن» دېگەن. تۇيغۇن ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرگە «مېنىڭ ھەم ئۇكامنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى تەڭ گۈللەپ - ياشنايدۇ. يۈرۈگۈي تەختىنى بالىسى ھەتتا نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە قالدۇرىدۇ، يۈز نەچچە يىلغىچە داۋام قىلالايدۇ. مەنمۇ چەۋرىلىرىمغىچە كۆرەلەپ ياشىنغۇسىمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن غەربكە يۈرۈپ چوغاي تاغلىرىغا بارغان. كېيىن شۇ يول ئارقىلىق لۇڭسەن تېغى رايونىغا چىققان. يۈرۈگۈي تۇيغۇننى سېغىنىپ، «ئاگېغا مەدھىيە» دېگەن ناخشىنى يازغان. تۇخېلىقلار ئاكا «ئاگي» دەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، نەۋرە - چەۋرىلىرى ئۆز ئالدىغا «خان» دەپ ئاتىۋالغاندا، مۇشۇ ناخشىنى خان مەپسىنىڭ كەينىدە چالىدىغان مارش قىلىدىغان بولغان.

تۇيغۇن شۇنىڭ بىلەن لۇڭسەن تېغىنىڭ رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، فۇخەن ۋە گەنسۇڭ[16] دېگەن يەرلەرگىچە بېرىپ



توختىغان. جەنۇبقا ئاڭچېڭ، [17] لۇڭخېغىچە [18] تاۋشۇي دەرياسىنىڭ[19] غەربىي جەنۇبىدىن بەيلەن تېغى دېگەن يەرگىچە نەچچە مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، چېدىر ۋە كىگىز ئۆي بىلەن ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، گۆش ۋە سۈت - پىشلاقنى ئوزۇق قىلىپ كەلگەن. غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇلارنى ئازارلار دەپ ئاتايتتى.

تۇيغۇن ئۆلگەندە 60 ئوغلى بولغان. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇيەننىڭ ئېگىزلىكى يەتتە چى سەككىز سۇڭ بولۇپ، قۇۋۋىتى ھەم باتۇرلۇقى باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ مىجەزى بەكمۇ قوپال. ئاڭچېڭدىكى چاڭلارنىڭ كاتتىۋېشى جاڭ سۇڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە خەنجەر سانجىغان، تۇيەن بەدىنىگە خەنجەر سانجىلغان ھالدا ئوغلى يېيەننى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى خېبانىغا: «مەن جان ئۈزەي دەپ قالدىم. مېنى دەپنە قىلىپ بولۇپلا بەيلەننى ساقلاشقا تېز بارغىن، ئۇ يەر ھەم چەت، ھەم خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىكلەر ئاجىز ھەم قورقۇنچاق، ئۇلارنى تىزگىنلەش ئاسان. ئوغلۇم يېيەن تېخى كىچىك. باشقا ئادەمگە تاپىلاي دېسەم، ئالدىراشچىلىقتا ئىش كۆرۈپ، ئاخىرى كونترول قىلالماي قالىدىغان ئىش بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ھازىر ئوغلۇم يېيەننى ساڭا تاپشۇراي. بارلىق كۈچۈڭ بىلەن ئۇنى يۆلەپ بەرگىن. ئوغلۇم تەختتە ئولتۇرالىسىلا غەم - ئەندىشىدىن خالاس بولاتتىم» دەپلا، بەدىنىدىكى خەنجەرنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆلۈپ قالغان. ئۇنىڭدىن 12 ئوغۇل قالغان.

يېيەن كىچىكىدىن تارتىپ، باتۇر ھەم كەسكىن بولۇپ، ئون ياشتىلا ئوت - چۆپنى ئادەم شەكلىدە باغلاپ، ئۇنى «جاڭ سۇڭ» دەپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوقيا بىلەن ئاتقان. ئوق تەگكەندە ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلىغان. ئۇنىڭ ئانىسى: «ئۆچمەن ئوغرىلارنى سانغۇنلىرىمىز قىرىۋەتكەنغۇ، سەن تېخى كىچىك. ھەر كۈنى مۇنداق قايغۇرۇپ يۈرۈشۈڭنىڭ نېمە پايدىسى؟»

دېگەندە، يېيەن ئۆزىنى تۇتالمىغان هالدا ئۆكسۈپ يىغلاپ ئانىسىغا: «مەنمۇ مۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، كۆڭلۈم تازا ئاغرىنغانلىقتىن مۇنداق قىلمىسام چىدىمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ بەكمۇ ۋاپادار بولۇپ، ئانىسى كېسەل بولۇپ، ئۈچ كۈنگىچە گېلىدىن بىرەر نېمە ئۆتمىسە، ئۇمۇ ئۈچ كۈنگىچە هېچنېمە يېمىدى. ئۇ خېلى كۆپ كىتاب كۆرگەن بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىلامخان دەسلەپتە چاڭلى گۇڭى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۆزۈم بەگ ـ ئەمىرنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا «قائىدە ـ يوسۇن» بويىچە بەگ ـ ئەمىرنىڭ باللىرى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەخەللۇسىنى ئۆز فامىلىسى قىلىۋېلىشقا بولىدۇ، دەپ، تۇيغۇن دېگەن چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆز فامىلىسى قىلىۋالدى.

تۇيغۇن يېيەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تۇيغۇن سۇيشى تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ مىجەزى بەكمۇ ئېھتىياتچان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈچ ئىنىسى هاكىمىيەتلەقلىق قىلىپ يۈرگەن. سۇيشى ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمەي، ئاخىرى سانغۇن ـ سەركەردىلەر ئۇلارنى يوقىتىۋەتكەن. سۇيشى شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ غەم ـ قايغۇدا قېلىپ، هاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي قالدى. نەتىجىدە ئۆز ئوغلى تۇيغۇن شىلەننى ۋەلىئەهد قىلىپ، هەممە ئىشنى شۇنىڭغا هاۋالە قىلدى هەم ئۇنى «مۇخلەن» دەپ ئاتىدى. «مۇخلەن» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە مەنىسى «دادىسىنىڭ ۋاكالەتچىسى» دېگەنلىكتۇر. سۇيشى غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلالماي ئۆلدى. شىلەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ غېمىنى يەپ، ئويۇن ـ تاماشا بىلەنمۇ كارى بولماي، هاراق ـ شاراب ئىچمەي، زىياپەتكىمۇ قاتناشماي كەلگەن. تەختتە 15 يىل ئولتۇرۇپ، ئۆلدى. ئوغلى تۇيغۇن شىپى تەختكە چىقتى. ئۇ ئۆلگەندە ئوغلى تۇيغۇن شۇلىخان قاتارلىقلار تېخى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىنىسى تۇيغۇن ئۇيغۇن تەختكە چىقتى هەم



شۇلىخاننىڭ ئانىسىنى ئۆزىنىڭ خوتۇنى قىلىۋالدى. يەنە مۇكۇي، مۇلىيەن دېگەن ئىككى ئوغۇل تۇغدى. ئۇيغۇننىڭ يەنە بىر تەخەللۇسى «چوڭ بالا» ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، شۇلىخان تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى دەپ ئاتىۋالغان. بۇ يىلى دەل جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاهى ئەندىنىڭ يىشى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 405 ـ يىلى) ئىدى. تۇيغۇن شۇلىخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى تۇيغۇن ئاساي تەختكە چىقىپ، ئۆزىگە چاپاۋۇل سانغۇن، شاجۇ ئايماقبېگى دېگەن نام قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىمىقىدا قۇملۇق بولۇپ، ئەتراپى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭدا هېچقانداق ئوت ـ چۆپ، دەرەخ ـ گىياھ ئۆسمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ يەرنى ساجۇ (قۇملۇق ئايماق) دەپ ئاتايدىغان بولدى.

تۇيغۇن ئاساي چاغلار ۋە دىلارنى قوشۇۋېتىپ، يەر ـ زېمىنىنى نەچچە مىڭ چاقىرىمغىچە كېڭەيتكەن بولۇپ، قۇدرەتلىك دۆلەت دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ئۇ ئۇۋچىلىققا چىققاندا شىچياڭشەن تېغىغا[20] چىقىپ، دېيەنجاڭ دەرياسىنىڭ [21] سۇ مەنبەسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ۋەزىرلىرىدىن: «بۇ سۇ شەرققە ئاقىدىكەن، ئۇنىڭ نامى نېمە؟ قايسى ۋىلايەت ياكى ئەلدە قايسى دەرياغا قوشۇلىدىكەن؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ دورغابى زىلڭ خې: «بۇ سۇ چۈچى رايونىدىن ئۆتۈپ، جىنشۇ ۋىلايىتىدىن[22] ئۆتۈپ، داڭچۇ [23] ۋىلايىتىگە چىقىدىكەن. ئۇ دېيەنجاڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، باتۇن ۋىلايىتىگە بارغاندا چاڭجياڭ دەرياسىغا قوشۇلۇپ، گۇاڭلىڭ ۋىلايىتىدىن [24] ئۆتكەندىن كېيىن، دېڭىزغا قوشۇلىدىكەن» دېدى. ئاساي: «سۇ قۇرۇقلۇق تېخى پاناھ تېپىشنى بىلىدىكەن. ئېلىمىز گەرچە قۇرۇل سىرتىدىكى كىچىك دۆلەت بولسىمۇ، يېتىم ـ يېگانە تۇرۇپ، پاناھ ئىزدىمەيتۇ ـ هە» دەپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، ليۇيىفۇ[25] بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك

مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلغان ليۇيفۇ ئۇنىڭغا جاۋخې گۇڭى دېگەن مەرتىۋە بەردى. ئۇ تەيىنلەنگەن مەرتىۋىنى قوبۇل قىلىشقا تېخى ئۈلگۈرمەي تۇرسا، ليۇيىلۇڭ يۈەنجيا 3 - يىلى (مىلادىيە 426 - يىلى) يەنە مەنسەپ بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. ئاساي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا سالام - سوۋغات يوللاشقا يەنە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، تاسادىپىي قاتتىق كېسەل بولۇپ قالدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا پەرزەنتلىرىنى قېشىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا: «مەرھۇم غوجام ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى شۇلىخان ئۆزىنىڭ ئوغلى چەننى قايرىپ قويۇپ، ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ قويغانىدى. مەن مەرھۇم غوجامنىڭ مەردانە ھەرىكىتىنى ئۇنتۇپ، ئۆز ئالدىغا تەختىنى ۋېيدەيگە ئۆتكۈزسەم بولامدۇ؟ مەن موكۇينى ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇرماقچىمەن» دېگەن. ئاسايىنىڭ 20 ئوغلى بولۇپ، ۋېيدەي دېگەن چوڭ ئوغلى ئىدى. ئاساي يەنە ئۇلارغا: «ھەرقايسىڭلار ماڭا بىردىن ئوقيا ئوقىنى ئەچىقىپ، سۇندۇرۇپ يەرگە تاشلاڭلار» دېگەن. سەل تۇرۇپ ئۆزى بىلەن بىرقورساقتىن بولغان ئىنىسى مۇلىيەننى «سەن ئوقيا ئوقىدىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ سۇندۇرۇپ باق» دەپ بۇيرۇغان. مۇلىيەن ئوقيا ئوقىنى سۇندۇردى. ئۇ يەنە: «ئەمدى سەن 19 دانە ئوقيا ئوقىنى چىقىرىپ، بىراقلا سۇندۇرۇپ باق» دېگەن. مۇلىيەن سۇندۇرالمىغان. ئاساي: «ھەممىڭلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ - يوق؟ يالغۇز بولغاندا ئاسانلا سۇندۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ. كۆپچىلىك بولغاندا ئۇنى ۋەيران قىلىش قىيىن بولىدۇ. ھەممىڭلار بىر نىيەتتە ئىش كۆرسەڭلار، ھاكىمىيىتىمىزنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ» دەپلا ئۆلۈپ كەتتى. ئاكىسىنىڭ ئوغلى مۇكۇي تەختكە چىقتى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاساي تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ليۇيىلۇڭنىڭ پەرمانى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.



مۇكۇي يەنە ليۇيىلۇڭغا مەلۇمات يوللىغان، ليۇيىلۇڭ ئۇنىڭغا لۇڭشى گۇڭى دېگەن مەرتىۋە بەرگەن. مۇكۇي چىنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىدىن سەرگەردان بولۇپ كەلگەن كىشىلەر ۋە چاڭلار، رۇڭلار قاتارلىق يات قەۋملەردىن ئادەم يىغىپ، 5 - 6 يۈز ئائىلە توپلىۋالغان. ئۇ جەنۇبقا قاراپ شۇجۇن، خەنجۇڭ ۋىلايەتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، شىمالغا قاراپ لياڭجۇ خانلىقىدىكىلەر ۋە قۇلان دىنىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغان. ئۇنىڭ ئەمىر ئۇلۇسى بارا - بارا كۈچىيىپ كەتكەن.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) دەۋرىدە، مۇكۇي ئۆزىنىڭ ياندىش بېگى شې دانىڭنى مەكتۇپ كۆتۈرۈپ، ۋېي سۇلالىسىگە قايتىشقا ئەۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇلان دىنغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنى تۇتۇپ، ۋېي پايتەختىگە ئېلىپ كەلگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئەلچى ئەۋەتىپ مۇكۇينى ئۇلۇغ سانغۇن غەربىي چىنجۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. مۇكۇي مەلۇمات يوللاپ مۇنداق دېگەن: «پېقىر بەكمۇ ئاجىز بولساممۇ، مېھىر - شەپقەتلىرىگە جاۋابەن ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغان قارا يۈزنى تۇتۇپ، زەپەر مارشى بىلەن ئوردىغا تەقدىم قىلدىم. ئىنئانە قىلىنغان مەرتىۋە ھۆرمەتلىك بولغان بىلەن سۆيۈرغال زېمىنىم كېڭەيتىلدى. ھارۋا - تۇغ مۇراسىمى كۆپەيگەن بىلەن مال - مۈلۈك تولۇق تارتۇق بېرىلمىدى. ئالىيلىرى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، غەمخورلۇق قىلسىلا، پېقىرنىڭ زېمىنى قاراقچىلار بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، چېگرا رايوندىكى كىشىلەر قاراقچى - ئوغرىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، بارا - بارا شەرققە كۆچۈپ كەتكەن. ئەمدى پادىشاھنىڭ مېھرى - شەپقىتى ئاستىدا بىردەك بولدى. بۇلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلەيمىز. چىفۇرىلەن، چۈرۈخەن، جاڭ خۇا قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تېخى بۇ يەردە، بىر ئائىلىنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇشى كىشىلەرنىڭ ئىچى ئاغرىيدىغان ئىش،

پەرمانلىرى بىلەن بۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، چۆللۈك بولغان زېمىنىمىزدە ئالىيلىرىنىڭ مېھرى ـ شەپقەتلىرىدىن بارىكاللا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشلىرىنى تىلەيمىز».

ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) ھۆزۇرى ئالدىدا ۋەزىرلەرنى يىغىپ، قانداق قىلىشنى غۇلغۇلا قىلىشتى. ئەمىرلەشكەر جاڭسۇن سۇڭ بىلەن مەسلىھەتچى بەگ، ئەركانبەگ قاتارلىق 279 كىشى مۇھاكىمە قىلىپ مۇنداق دېيىشتى: «دەسلەپتە ئالاقىدار مەھكىمىلەر غەربىي چىنجۇ بېگى سەھرادىكى بەگ بولۇپ، ئەزەلدىن سىياسىي تەربىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ئۇلار كەلسە، قوبۇل قىلايلى، كەتسە توسمايلى، دەپ قارايتتى. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھەيۋىسى يىراقتا تەسىر كۆرسەتكەن بولغاچقا، غەربىي چىنجۇ بېگى ھەم ئىنساپ ـ ئادالەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ھەم قورقۇپ ـ ھەيۋىلىرىدىن چۆچۈپ، ۋاسسال بەگ بولۇپ تارتۇق يوللاپ، مەرتىۋىسىنى تىلىدى. بىز مۇھاكىمە قىلغۇچىلار شۇنداق دەپ قارايمىزكى، قەدىمدە سەھرادىكى خان ـ بەگلەرنىڭ زېمىنى كەڭ، ئادىمى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولمايتتى. پادىشاھ ئالىيلىرى بۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن خانلىق مەرتىۋىسىنى بەرگەنلىكى ئادەتتىكى مۇئامىلىدىن ئېشىپ كەتكەن بولدى. ھارۋا ـ تۇغ مۇراسىملىرىنى ھەدىيە قىلىپ، دۆلىتىمىزدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە تەڭ قاتاردا كۆردىلە. يىپەك توقۇلمىلاردىن قانچىلىك تارتۇق قىلىشقا كەلسەك، ئۆتكەن خاتىرە تۈزۈملەردە يېزىلمىغان. بەرىبىر شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەنگەن ئىكەن. خەن، ۋېي سۇلالىلىرىدىن بۇيان، چەت سەھرادىكىلەرنى قوبۇل قىلىپ، بېشىنى سىلاشتەك ھېكايىلەر خېلى كۆپ بولدى. خەن پادىشاھى خەن گاۋزۇنىڭ خانىشى لۈجى تەڭرىقۇتقا ئوردا پوۋسكىنىسىدىن ئىككى دانە تۆت ئاتتىن ئىككى گۈرۈپپىنى سوۋغا قىلغان.



شۇنىڭغا جاۋابەن تەڭرىقۇت مىڭ ئاتنى سوۋغا ـ سالام يوللىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھونلار بىلەن قۇدىلاشقان، بىر قاتاردا تۇرغان دۆلەتلەر ئۆز ئارا تەقدىم قىلغان يىپەك توقۇلمىلار نەچچە يۈز توپتىن ئاشمىغانىدى. قوغشار تەڭرىقۇت ئۆزىنى ۋەزىر قاتارىدا ئاتاپ، ئوردىغا كەلگەندىمۇ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنغان يىپەك توقۇلما ئاران 10 مىڭ توپقا يەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە غەربىي چىنجۇ بېگى ئەگەر ئۆزىنىڭ سۆيۈرغاللىقىدا ئۈجمە ئۆسمەيدۇ، پىلىچىلىك يوق دېسە، ئوردىنىڭ ئىلتىپات قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولاتتى. مال ـ مۈلۈك تولۇق تارتۇق بېرىلمىدى، دېيىشكە بولمايتتى. ئۆتكەندە خانلىق ئوردىسى ئاجىزلاشقان بولۇپ، چى بېگى شياۋبەي ㉖ پۈتۈن جاھاننى ئىدارە قىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن جۇخانى ئۇنىڭغا نەزىر ـ چىراغقا بەرگەن گۆشنى ھەدىيە قىلغان بىلەن زېمىنىنى كېڭەيتىپ بېرىش ھەققىدە تارتۇق بەرمىگەن. جىن بېگى چوڭئېر چۇ بەگلىكىنىڭ چېگىيۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، جۇخانى پەقەت نەنياڭدىكى ئېتىزلارنى يېتىش ـ قوپۇش ئۈچۈن سۆيۈرغاللىق قىلىپ بەرگەن. غەربىي چىنجۇ بېگىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىنى ئاران قولان دىنىنى تۇتقانلا خالاس، قورۇل سىرتىدىكى ئادەم تۇرۇقلۇق، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا ھېسىپ كىردى. چېگرا رايوننى كېڭەيتىپ ئىدارە قىلىشتەك خىزمەت كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، مەرتىۋىسى ئېلىمىزدىكى يۇقىرى تەبىقىغە يەتكەن. چىنجۇ، لياڭجۇ، خېجۇ، ساجۇ ئايماقلىرىنىڭ زېمىنىنى باشقۇرغان بىلەن تېخى سۆيۈرغال زېمىنىم كېڭەيتىلمىدى، دەۋاتىدۇ. مۇقەددەس سۇلالىمىزنى ئاجىز جۇ سۇلالىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى بولسا بەش بەگلەر بېگى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغانلىقىدىن، ئۇنىڭ نەپسى نەقەدەر يامان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمامدىمۇ؟ غەربىي چىنجۇ بېگى ئوردىغا ئەسلىدىن

سادىق بولغان ھەرگىزمۇ مۇنداق قىلمايتتى. ۋە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئەقلىي ئىش قىلمىغانلىقتىن مۇشۇنداق ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلىكىمۇ مۇمكىن. تەكشۈرۈشىمىزچە، غەربىي جىنجۇ ئايمىقىدىن قاراقچى ـ ئوغرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقىدىن كۆچۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بەن دېگەن يەردە. ھازىر ئۇلارمۇ ۋاسسال ئەل بولۇپ، پۈتكۈل جاھاندا تىنچ ـ ئامان بولۇپ بىرلىككە كەلگەنلىكتىن، چىنجۇ ئايمىقىغا شۇلارنى پايتەختكە ئاپىرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتۇرساق بولىدۇ. غەربىي چىنجۇ بېگى سورىغان چىفۇرىلەن قاتارلىق ئۈچ كىشى، ئەسلىي قوشنا دۆلەتنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، پادىشاھ ئوردىسىغا كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېلى ۋەيران بولۇپ، ئائىلىسى كۆچۈپ كەتكەن بولغاچقا ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە يول قويمىساق بولۇۋېرىدۇ». پادىشاھ قارار قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەمىر ـ ۋەزىرلەرنىڭ مۇھاكىمىسى ئەدەپكە ئۇيغۇن. غەربىي چىنجۇ بېگى ئىگىلىۋالغان جىنچىڭ، فۇ خەن، لۇڭشى قاتارلىق جايلارنى ئۆزى قولغا چۈشۈرۈۋالغان ئىكەن، ئۇنىڭغا بەرگىنىم بولۇپ، سۈيۈرغاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۈيۈرغاللىق بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. غەربىي چىنجۇ بېگى تارتۇق ـ سوۋغات كەلسە، يىپەك توقۇلمىلارنىڭ سانى بىر ـ ئىككى توپ ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا قاراپ كۆپەيتسەك بولىدۇ». ئۇنىڭدىن كېيىن مۇكۇي ئوردىغا يوللىغان تارتۇق ـ سوۋغاتنى خېلىلا ئازايتقان. ئۇ يەنە لىيۇ يىلۇڭ بىلەن ئالاقە باغلىغان. لىيۇ يىلۇڭ ئۇنىڭغا لۇڭشى بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ تەيپىيەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 436 ـ يىلى) تۇيغۇن مۇكۇي ئۆلگەن. ئىنىسى تۇيغۇن مۇلىيەن تەختكە چىققان. پادىشاھ ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇكۇيغا خۇيۋاڭ بېگى



دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى بەرگەن. كېيىندىن يەنە مۇلىيەن غەربىي تىنچىتقۇچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلىنىپ ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولغان. ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى شىپىڭ بېگى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مۇكۇينىڭ ئوغلى يۈەنشۈينى قوتاتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇ چاغدا مۇلىيەن يەنە لىيۇ يىلۇڭ بىلەن ئالاقە باغلىغان. لىيۇ يىلۇڭ ئۇنىڭغا خېنەن بېگى دېگەن مەرتىۋە بەرگەن.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لياڭجۇغا يۈرۈش قىلغان. مۇلىيەن چۆچۈپ كېتىپ، ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ، غەربكە قاراپ قۇملۇققا قېچىپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) مۇلىيەننىڭ ئاكىسى قۇلان دىنىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكتەك خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى، دەپ ئەلچى ئەۋەتىپ، سىلاۋچىلىقنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ قايتىپ كەلگەن. كېيىن مۇلىيەن ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللاپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن. پادىشاھ ئۇنىڭ مەكتۇپىدىن ۋاقىپ بولۇپ، يارلىق چۈشۈرۈپ مۇكاپاتلىغان. ئامۇنۇشاد ئاكىسىنىڭ ئوغلى ۋېيدەي ئامۇنۇشادنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېلىقى ئەلچى بىلەن ئاستىرتتىن پىلانلاپ، ئوردا تەرىپىگە قايتىپ كەلمەكچى بولغان ئىدى. ئامۇنۇشاد بايقاپ قالغاچقا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ۋېيدەينىڭ ئىنىسى ئامۇنۇشادغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ۋېي پادىشاھى ۋېي شىزۇ (تەيۋۇدى) چىلىيارغا ئىتائەتمەن بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىپ، پەرمان چۈشۈرۈپ، جىنۋاڭ توغبات فۇلۇنى سەركەردە سانغۇنلارنى باشلاپ، ئامۇنۇشادغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. قوشۇن دامۇ چىياۋ كۆۋرۈكىگە يېتىپ بارغىچە ئامۇنۇشاد ئاكىسىنىڭ ئوغلى تۇيغۇن شىيىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە قېچىپ كەتكەن. توغبات

فۇلۇ سانغۇننى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىپ، بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كەلگەن. ئامۇنۇشاد بەيلەن تېغى تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئامۇنۇشادنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى فۇنەن، دورغاپ خوجۇلى، ئۇلۇس ئاقساقىلى چوڭئېر قاتارلىقلار 13 مىڭچە تۈتۈننى باشلاپ، تەسلىم بولۇپ ئىتائەتمەن بولغان. كېيىن پادىشاھ يەنە غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، گاۋلياڭ بېگى توغبات نار قاتارلىقلارنى بەيلەن تېغى تەرەپكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئامۇنۇشاد شۇۋەجىدىن ئۇدۇن بەگلىكىگە بېسىپ كېلىپ ئۇدۇن بېگىنى ئۆلتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن بىرگە نەچچە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ يەنە كەشمىرگە يۈرۈش قىلغان. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ليۇ يىلۇڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ياردەم سورىغان ھەم ئوغانلارنىڭ تۇمىقى، قىزلار دۆلىتىنىڭ ئالتۇن ھاراق قاچىلىرى ۋە غۇزلارغا خاقانىنىڭ ئالتۇن بىلەزۈك قاتارلىق نەرسىلىرىنى سوۋغات قىلغان. ليۇ يىلۇڭ ئۇنىڭغا ئوردا مەپىلىك ھارۋىسىنى ھەدىيە قىلغان. يەتتە يىلدىن كېيىن، ئاران ئەسلىي زېمىنغا قايتقان.

ئامۇنۇشاد ئۆلگەندىن كېيىن، شۇلىخاننىڭ ئوغلى تۇيغۇن شىيىن تەختكە چىقىپ، خۇلۇ دەريا ۋادىسىدا قەلئە سېلىشنى باشلىغان. ئۇ ھەرىكەتلەردە ساپ جانلىق مۇراسىملىرىنى دورىغان. تۇيغۇن شىيىن مەلۇماتنامە يوللاپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلىقىنى دوكلات قىلىپ، ئوردىنىڭ يىلنامىنى ئىشلەتكەن. ئۇ يەنە ليۇ يىلۇڭنىڭ بەرگەن مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى خېنەن خانى دەپ ئاتىۋالغان. ۋېي تەيۋۇدى (شىزۇ) ئۇنى غەربنى تىنچىتقۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، شاجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، شىپىڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەرگەن. كېيىن تۇيغۇن شىيىن ئۆزى يىراق جايدا تۇرۇپ، يول خەتەرلىك دەپ، خېلىلا ئىتائەت قىلماي، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ليۇ يۈنىڭ



ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چاپار ئات، تۆت مۈڭگۈزلۈك قوينى سوۋغا قىلغان. ليۇ يۈ ئۇنىڭغا مەنسەپ ۋە مەرتىۋە بەرگەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ (ۋېن چىڭدى) دەۋرىدە، دىياڭ بېگى ساۋئەن مەلۇماتنامە يوللاپ، تۇيغۇن شىيىن ھازىر بەيلەن تېغى دېگەن جاينى ساقلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئات - كالا ئىنتايىن كۆپ. ئەگەر زەربە بەرسەك، تولىمۇ جىق ئولجا ئالالايمىز، دېگەن. مۇھاكىمە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى، مەرھۇم پادىشاھ تۇيغۇن شىيىننىڭ ئاكا - ئۇكا چىقىشالمىغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، جىن بېگى توغبات فۇلۇ، گاۋلياڭ بېگى توغبات نارنى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، بىراق تارمار قىلالمىغانىدى. تۇيغۇن شىيىن يىراققا قېچىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى چارچاپ قالغان، ھازىر بەيلەندە تۇرۇپ، سۇلالىمىزنىڭ زېمىنىغا چىقالمىسا، پۇقرالىرىمىزغا بالايىئاپەت كەلتۈرمىسە، دۆلەت ئۈچۈن جىددىي ھالەت پەيدا قىلمىغان گەپ. ئەگەر ئەلچى ئەۋەتىپ، سىلاۋچىلىق قىلساق، جەزمەن ۋەزىر ئورنىدا بولۇشنى تەلەپ قىلغۇسى. شۇنداق قىلىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرمىسەكمۇ، ئۇنى تىنچىتقىلى بولىدۇ. خان - پادىشاھ بولغان كىشى دۆلەت ئەتراپىدىكى ئەللەرنى كونترول قىلالىسىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى قىرىپ، زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېيىشتى. ساۋ ئەن مۇنداق دېدى: «پېقىر ئەسلىي جياۋخې سانغۇنى بولغانىدىم. ئۇلارغا يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى ۋە مەقسىتىنى ئوبدان بىلىمەن، ئەگەر قوشۇنىمىزنى ئۇلارنى ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىگە بۆلۈپ ئىلگىرىلەتسەك، تۇيغۇن شىيىن جەزمەن قېچىپ بېرىپ، جەنۇبىي تاغلارنى ساقلايدۇ. ئون كۈن ئۆتمەيلا، كالا - ئاتلىرى يەيدىغان ئوت - چۆپ تۈگەيدۇ. ئادەم يەيدىغان ئوزۇق قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ

ئادەملىرى جەزمەن يۈز ئۆرۈپ تارقىلىپ كېتىدۇ. ئۇنى بىر يولىلا تىنچىتقىلى بولىدۇ». پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپ، يارلىق چۈشۈرۈپ، ياڭپىڭ بېگى توغبات شىنچېڭ، جەنئەن بېگى قۇلىيۇتۇ قاتارلىقلار جەنۇبىي يولغا چىقىپ، نەنجۇ گۇڭگى لى خۇي، باش غوجىدار گۇڭسۇن با بىلەن ساۋئەن شىمالىي يولغا چىقىپ جازا يۈرۈشى قىلسۇن دەپ بۇيرۇغان. تۇيغۇن شىيىن جەنۇبىي تاغلارغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر يول قوشۇن خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ قوغلاپ ماڭغان. ئەينى چاغدا لەشكەرلەردىن ئاغرىپ قالغانلىرى كۆپ. سەركەردە ـ سانغۇنلار مۇلاھىزە قىلىپ، قاراقچى ـ ئوغرىلار يىراققا قېچىپ كەتتى. قوشۇنىمىزنىڭ ھەيۋىسى ئۆرلىدى. ئەمدى كېسەل بولغان ھەم چارچاپ قالغان لەشكەرلەرنى ھەيدەپ قولغا كەلتۈرۈشكە تەس چۈشىدىغان خىزمەت كۆرسىتىمەن دېسەك، ھەددىدىن ئاشقان ئىش ئەمەسمۇ، دېيىشكەن. كۆپچىلىك توغرا كۆرۈپ، قوشۇننى باشلاپ قايتقان. بۇ ئۇرۇشتا ئات ـ تۆگىلەردىن 200 مىڭ نەچچە تۇياقنى ئولجا ئالغان.

ۋېي پادىشاھى شەنزۇ (شەن ۋېندى) قايتىدىن يارلىق چۈشۈرۈپ، شاڭدا بېگى جاڭسۇن گۇەن قاتارلىقلارغا ئايماق ـ ۋىلايەت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شىيانغا جازا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇغان. زور قوشۇن مانتۇ تېغىغا يېتىپ بارغاندا، شىيىن قارشى جەڭ قىلىشقا كەلدى. جاڭسۇن گۇەن قاتارلىقلار ئەسكەرلەرنى ھۇجۇم قىلىشقا قويۇۋەتتى ـ دە، تۇيغۇن شىيىن مەغلۇپ بولۇپ، كېچىچە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇيغۇن شىيىن پۇشايمان قىلىپ قايتىدىن ۋاسسال ئەل بولۇشنى ئويلاپ نائىب ئايماقبېگى كاڭ پەنلۇڭنى مەكتۇپ كۆتۈرۈپ ئوردىغا سالام يوللاشقا ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شەنزۇ (شەن ۋېندى) ئۇنى سولاپ قويۇپ، ئەلچىلىك ئورنىدا قوبۇل



قىلمىغان. تۇيغۇن شىيىننىڭ قەبىلىسىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئادەملىرى قايتا ـ قايتا جياۋخې ۋىلايىتىگە چېقىلىپ تۇرغان. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇەنچۇەن گۇڭگى پېي خۇەنشىنى دۇنخۇاڭ فۇخەن، گاۋ پىڭ قاتارلىق جايلاردىكى قوشۇننى باشلايدىغان تۇرشاۋۇل بولۇپ، ئەمىرى مىمار، شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن گۇەننى ئۇلۇغ تۇتۇق بولۇپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇغان. جاڭسۇن گۇەن قاتارلىقلار قوشۇنلارنى باشلاپ، تۇيغۇن شىيىننىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ زىرائەتلىرىنى يىغىۋەتكەن. تۇيغۇن شىيىن ھەم خىجىل بولغان ھەم قورققان بولۇپ، ئۆز ئوغلىنى ھېلىقى قوشۇننىڭ بارگاھىغا بېرىپ، مەكتۇپ يوللاپ، ئۆز سەۋەنلىكىنى تونۇپ، تورۋا قىلىشنى بىلدۈرگەن. جاڭسۇن گۇەن قاتارلىقلار يۇقىرىقى ئىشلارنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ۋېي پادىشاھى شەنزۇ (شەن ۋېندى) سەركەردە لەشكەرلەر بەكمۇ چارچاپ كەتمىسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، تۇيغۇن شىيىننى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى تۇرغاقلىققا چاقىرغان. تۇيغۇن شىيىن ئۆز ئوغلى تۇيغۇن جىڭنى خاس مۇلازىم قىلىپ، تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋېي پادىشاھى شەنزۇ (شەن ۋېندى) تۇيغۇن جىڭنى قايتۇرغان. كېيىن تۇيغۇن شىيىن يەنە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، چېگرا پۇقرالىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۆز سەركەردىسى لانلىنى تاۋياڭنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. بۇ يەر فۇخەنگە قاراشلىق بولغاچقا، فۇخەنگە باسقاق سانغۇن، شىجۇن گۇڭگى ياڭ جۇڭكۇي تۇيغۇن شىيىنغا خەت يېزىپ ئۇنى ئەيىبلىگەن، شىيىن مەكتۇپ يوللاپ: «يارلىققا بىنائەن كەمىنە ۋەزىرلىرى ئەسلىي يۇرتۇمغا قايتتىم. شۇڭا لانلىنى تاۋ ياڭنى ساقلاشقا ئەۋەتتىم. ئەگەر ئۆتكەن مېھرى ـ شەپقىتىنى سۇرۇشتە قىلمايدىغان بولسىڭىز،

تاۋياڭدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارتۇق - ھەدىيە قىلىشقا رۇخسەت قىلغايلا» دەپ ناھايىتى سەممىمىي سۆز قىلغان. ۋېي پادىشاھى شەنزۇ (شەن ۋېندى) ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يىلمۇ يىل ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، تارتۇق - ھەدىيە يوللاپ تۇرغان.

ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى) نىڭ تەيخې 5 - يىلى (مىلادىيە 481 - يىلى) تۇيغۇن شېيىن ئۆلدى. ئوغلى تۇيغۇن دۇيخۇڭ تەختكە چىققان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياندىش بېگى شىجىننى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغات قىلىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە مەكتۇپ يوللاپ، دادىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تىلىغا ئالغان. كېيىن تۇيغۇن دۇيخۇڭ داڭچاڭغا ھۇجۇم قىلغان. پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئەيىبلىگەن ھەمدە تاۋار - دۇردۇندىن 120 توپ ئىنئام قىلىپ، خاتالىقىنى تۈزىتىپ داڭچاڭدىن بۇلاپ كەلگەن نوپۇس ۋە مال - مۈلۈكنى مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان. تۇيغۇن دۇيخۇڭ پەرمانغا ئەمەل قىلغان. دۇيخۇڭ ئۆلۈپ ئوغلى تۇيغۇن فۇرانچۇ تەختكە چىقتى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شاۋ ۋېندى) ئۇنى ئوردىغا چاقىرماقچى بولغاندا، ئۇ كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ مەكتۇپ يوللىدى. ئارقىدىنلا تاۋياڭ، نېخې قەلئەسى ياساپ، مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. خان ئانا ۋېنمىڭ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن بولسىمۇ، تۇيغۇن فۇرانچۇ ھۆرمەت قىلغۇدەك تەزىم قىلمىدى. ئالاقىدار مەھكىمە ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا، ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى) ئۇنىمىدى. ۋەزىرلەر ئۇنى پەرماننى قوبۇل قىلغان بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرمىدى دەپ، ئۇنىڭ ھەدىيە - تارتۇقلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىشتى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى): «پەرماننى قوبۇل قىلىشتا ئەدەپسىز



بولسا، ئوچۇق ئېيتىپ ئەيىبلىسەك بولىدۇ، ئۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ھەدىيە قىلغىنى، ۋەزىر بولغانلارنىڭ نورمال يول بىلەن قىلغان ئىشى. ئۇنىڭ ھەدىيە تارتۇقىنى رەت قىلساق، ئالاقىنىڭ ئادا - جۇدا بولغانلىقى بولىدۇ. پۇشايمان قىلىپ، سەۋەنلىكىنى تۈزەتمەكچى بولسىمۇ، يول تاپالماي قالىدۇ - دە» دېدى ھەمدە پەرمان چۈشۈرۈپ، «مەن ماتەم - قايغۇدا بولۇپ، جازا يۈرۈشى قىلمىدىم. ھالبۇكى بۇلتۇر ئەتىيازدا، فۇخەندىن مەكتۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ تاۋياڭ تېغى دېگەن ئىككى مۇداپىئە قەلئەسىنى ئىگىلەپسەن. ئۇ چاغدا بۇمۇ چېگرا ساقلىغۇچى سانغۇنلار ئارىسىدا دائىم يۈز بېرىدىغان ئىش دەپ يول قويۇۋەرگەن ئىدىم. كېيىن ياندىش قوشۇن جازا يۈرۈشى قىلغاندا، شۇ ئىككى جايىنى ساقلىغۇچى سانغۇنلار قارىسىنى كۆرۈپلا تەسلىم بولۇشنى تىلىدى. سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن 2 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تۇتۇلدى. يەنە 900 ئايال كىشى قولغا چۈشتى. ئەمدى سىلەرنىڭ، قولىمىزغا چۈشكەن ئەر - ئايال كىشىلىرىڭلارنى پۈتۈنلەي قايتۇرساق بولىدۇ» دېگەن. تۇيغۇن فۇرانچۇ ئۆزىنىڭ ۋارىسى، ئوغلى تۇيغۇن خېرۇتۇنى پايتەختكە پادىشاھقا تەزىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ سوۋغا - سالام ۋە ھەدىيە - تارتۇقلىرى خېلى كۆپ بولغان. پادىشاھ تۇيغۇن فۇرانچۇنى خاسىيەتلىك سىمۋول تۇتقۇچى، غەربىي چېگرا رايونلىرىدىكى لەشكىرىي ئىشلىرىغا تۇتۇق، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، قوشۇمچە غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى، شىنخەي ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق تۇنجى بەگ، تۇيغۇنلار خانى قىلىپ تەيىنلىگەن. تۇغ - ئەلەم ۋە تامغا - چوچۇك ھەم زىننەت نەرسىلىرىنى تامامەن بەرگەن. كېيىن قوشۇمچە پەخرىي چەۋەنداز مەھرەم جاڭ لىنى تۇيغۇن فۇرانچۇغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. فۇرانچۇ جاڭ لىغا: «ئۆتكەندە داڭچاڭ چاڭلىرى بىلەن تىنچ

مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىشە ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇمۇ ئۆز - ئۆزىگە قويۇۋالغان ئاتقۇ، بۇگۇنكى كۇندە، قول - دېدەك دەپ ئەلچىمىزنى تۇتۇۋالدى. مەن تارماق قوشۇننى چىقىرىپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى سۈرۈشتە قىلماقچىمەن» دېدى. جاڭ لى مۇنداق دېدى: «بېگىم داڭچاڭ چاڭلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋاسسال ئەل بولۇۋاتسىلا، ئەگەر ھەدېسىلا ئەسكەر چىقىرىپ جەڭ قىلساڭلار، ۋەزىرلىك پەزىلەتكە خىلاپ بولار. مەن يولغا چىققىلى قوپقاندا ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئائىلىلىرى قايمۇ قۇشتىن يېنىپ، گۇناھىنى بىلىۋالسىلا، ۋاسسال ئەلنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ساقلاشتا گەپ يوق بولىدۇ. ئۇنداق بولماي، ئەخمەقلىق پاتقىقىغا پېتىپ چىقالمىسىلا بالايىئاپەت باشلىرىغا كېلىپ قالار دېيىشتى.» فرانچۇ ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىم ئولتۇرۇۋالدى. كېيىن ۋېي پادىشاھ گاۋزۇ (شاۋ ۋېندى) ۋاپات بولغاندا ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتى ۋە ھۆرمىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

فرانچۇ ئىچكى قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارنىڭ تارتۇق يوللىشىنى رەتكە سېلىپ، سىرتقا قارىتا رۇڭ - دىلارنى قوشۇۋېلىپ، قورۇل سىرتىدا قۇدرەت تاپقان باي ئەل بولۇپ ھېسابلاندى. ئۇ يەنە ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىدىن دوراپ ئەمەل - مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى ئەللەرنى كونترول قىلىپ، ئۆزىنى خېلى چوڭ تۇتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ (شۇەنخۇدى) تەختكە چىققان دەسلەپىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، «لياڭجۇ ئايمىقىدىن يوللانغان مەكتۇپتا سېنىڭ داڭچاڭ چاڭلىرى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىڭ قوشۇپ ئەۋەتىلدى. لياڭ مىيوڭ سەن بىلەن تەڭ چېگرا بېقىندىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئېلى سېنىڭكى بىلەن ئوخشاش ۋاسسال



ئەل. ئۇنىڭ ئورنى سەن بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مەكتۇپىنى مەلۇمات، ئۆزۈڭنىڭ مەكتۇپىڭنى يارلىق دەپسەن. ئالاقىدار مەھكىمىلەر دۆلەتنىڭ نورمال جازا بولۇشى كېرەك دەپ ساڭا جازا يۈرۈشى قىلىشنى سەمىمىلىك بىلەن تەلەپ قىلدى. مەن يول يىراق ھەم خەتەرلىك بولغاچقا، يالغان گەپ كۆپ بولۇپ، ئاسان گۇمان پەيدا قىلىدۇ دەپ ئالدىنىئالا، يۇقىرىقىدەك قائىدىنى ساڭا ئاشكارا ئېيتتىم. ئۆزۈڭ ئوبدان ئويلانغىن» دەپ ئەيىبلىدى. فرانچۇ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، ناھايىتى سەمىمىي سۆز بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى. تاكى ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ دەۋرى ئاياغلىشىپ، پادىشاھ ۋېي سۇزۇڭنىڭ جىڭگۇاڭ يىللىرىغىچە، قوتاز، شۇجۇن ئېتى ۋە غەربىي جەنۇبتىن چىقىدىغان قىممەت باھالىق تارتۇقلارنى يىلمۇ يىل ئۈزۈلدۈرمەي يوللاپ تۇردى.

كېيىن چىنجۇ ئايمىقىدىكى موجې نەنشىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرەپتىكى يوللارنى توسۇۋەتتى. لياڭجۇ ئايمىقىدىكى ۋانيۇ پۇتى قاتارلىقلار شەرق تەرەپتىن موجې نەنشىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، ئايماقبېگى سۇڭ يېڭنى قاماپ قويدى. سۇڭ يېڭ مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، فرانچۇدىن ياردەم سورىدى. فرانچۇ ئۆزى بىۋاسىتە زور قوشۇننى باشلاپ قۇتقۇزدى. شۇ ئايماقلار شۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەللەر توسۇلۇپ، ئالاقە ئۈزۈلگەچكە تارتۇق يوللانماي قالدى.

فرانچۇ ئۆلگەندە، ئوغلى تۇيغۇن كۇالۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتاپ فۇسى قەلئەسىگە ئورۇنلاشقان. بۇ قەلئە چىڭخەي كۆلىنىڭ غەربىگە 15 چاقىرىم كېلەتتى. ئۇ قەلئە سېپىلى ئىچىدە ئولتۇرماي، ھەمىشە چېدىردا يېتىپ قوپۇپ ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ، مال - چارۋا بېقىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكىچە 3 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتىن

شىمالغىچە مىڭ چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەنسەپلىرىدىن بەگ - ئەمىر، ياداش ۋەزىر، دىۋان بېگى ۋە ئەمىر نەۋكەر، سانغۇن قاتارلىق ناملىرى بار. تۇيغۇن كۇالۇ چېچىنى ئېگىز تۇگۇپ، مەرۋايىت تاقاپ، قارا بۆك كىيىپ، ئالتۇن شىر شەكىللىك كاتتا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى «قىزۇن» (ھۆرمەتلىك خانىش) دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا بىر پۇتۇن توقۇلغان ئۇزۇن كۆڭلەكنى، ئۇستىگە كىمخاپ ئۇزۇن چاپان كەيگۈزەتتى. ئۇ چېچىنى ئۆرۈپ، كەينىگە قويۇپ، بېشىغا ئالتۇن گۈللۈك تاج كىيەتتى. بۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى مۇنداق «ئەركىشىنىڭ كىيىم - كېچىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرگە ئاساسەن ئوخشاش، كۆپىنچىسى ھىلھىلدىن باش كىيىم ياسايدىكەن. بەزىلىرى باشقا يىپەك توقۇلمىدىن باش كىيىم قىلىدىكەن. ئاياللارنىڭ ھەممىسى مەرۋايىت - قۇلۇلە قېپىنى بېشىغا تاقاپ، چاچلىرىنى تاراپ، كەينىگە باغلاپ قويىدىكەن. ئۇلار تاقايدىغان نەرسىلىرى كۆپ بولغانلىقىنى ئەزىز - قەدىرلىك دەپ قارايدىكەن. بۇلارنىڭ قوراللىرىدىن قىلىچ، ئوقيا، تىغ، دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت بار ئىكەن. بۇ ئەلدە نورمال باج - سېلىق بولماي، ئېھتىياج بولغاندا باي سودىگەرلەردىن باج ئېلىپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ جازالىرى مۇنداق: ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ۋە ئات ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن. قالغان جىنايەتلەر بولسا - مۈلۈك تۆلىتىپ، جىنايەتنى يۇيۇشقا يول قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ يەڭگىل - ئېغىرلىقىغا قاراپ، تاياقلايدىكەن. ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندە، كىگىز بىلەن جىنايەتچىنىڭ بېشىنى يۆگەپ، تاشنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇستىدىن سوقىدىكەن. ئاتا - ئاكا ئۆلگەندە، ئۆگەي ئاپىسى ۋە يەڭگىسىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋېلىشقا يول قويۇلىدىكەن. بۇ ئادەت



تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. نىكاھ ئىشلىرىغا كەلسەك، ئەگەر نامرات بولۇپ، تويلۇققا مال - مۈلۈك تەييارلاشقا مادارى يوق بولسا، قىز - چوكاننى ئوغرىلاپ توي قىلىۋالىدىكەن، ئۆلگەنلەرنى بىر دەك كۆمۈپ دەپنە قىلىدىكەن. بۇلار جەسەتنى دەپنە قىلىپلا، ماتەم كىيىمىنى سالىدىكەن، بۇلارنىڭ مىجەزى ئاچ كۆز بولۇپ، بىرەر نېمىنى ئۆلتۈرۈشتە دەھشەتلىك بولىدىكەن. ئۇلار ئوۋچىلىققا ئامراق بولۇپ، گۆش، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئوزۇق - يېمەك قىلىدىكەن. ئۇلار تېرىقچىلىقنىمۇ بىلىپ، ئارپا، تېرىق، پۇرچاق تېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، شىمالىي چېگرا رايوننىڭ ھاۋارايى سوغۇق بولغاچقا، پەقەت چامغۇر، ئارپىدىن مەھسۇلات ئالالايدىكەن. شۇڭا بۇلاردىن كەمبەغەللەر كۆپ، بايلار ئاز ئىكەن. چىڭخەي كۆلىنىڭ ئەتراپى مىڭ چاقىرىمدىن كۆپ كېلىدىكەن. كۆلنىڭ ئىچىدە كىچىك تاغ بولۇپ، ھەر يىلى قىشتا كۆل سۈيى مۇزلىغاندىن كېيىن، ئوبدان بايتاللارنى مۇشۇ تاغقا قويۇۋېتىدىكەن، كېلەر يىلى ئەتىيازدا شۇ بايتاللارنى يىغىپ ياندۇرۇۋالغاندا، بايتاللارنىڭ ھەممىسى بوغاز بولىدىكەن. بۇنداق بايتاللاردىن تۇغۇلغان تاي - قۇلۇنلار ئەجدىھا بالىسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنىڭدىن كارامەت چاپقۇر ئات بولىدىكەن. تۇيغۇنلار پارس بايتىلىدىن بىرنى تېپىپ، چىڭخەي كۆلىگە قويۇۋەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تۇغرۇل ئات تۇغۇلۇپ، كۈنىگە مىڭ چاقىرىم چاپىدىكەن. ئاتالمىش چىڭخەي تۇغرۇل ئېتى دېگەن شۇ ئىكەن. بۇ زېمىندىن قوتاز، ئات چىقىدىكەن. تۇتىقۇشمۇ كۆپ چىقىدىكەن. مىس، تۆمۈر، كىنوۋار مەھسۇلاتلىرىمۇ كۆپ، پىشامشان، چەرچەنمۇ بۇلارنىڭ زېمىنىغا قېتىلغانىكەن.

ۋېي پادىشاھى شاۋ جىڭدىنىڭ شىڭخې (539 - 542) يىللىرىدا پادىشاھى چى شەنۋۇۋاڭ باش ۋەزىر بولۇپ، چەت -

يىراق جايلاردىكىلەرنى دالالەت قىلغانلىقتىن، جورجانلار بېقىندا بولۇپ كېلىپ، ۋاسسال ئەل بولدى. تۇيغۇن كۇالۇ ئەلچى ئەۋەتىپ سالام يوللىدى. شەنۇ ۋۇاڭ ھەققانىيەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تارتۇق يوللاشنى تاپىلىدى. تۇيغۇن كۇالۇ ئەلچى جاۋ توقچىننى جورجانلارنىڭ يولى ئارقىلىق پات - پات ئەۋەتەتتى. كېيىن ئۇ يەنە بىر نەۋرە سىڭلىسىنى پادىشاھقا كۆرسەتتى. ۋېي پادىشاھى شاۋ جىڭدى ئۇ قىزنى غۇنچىچەك قىلىپ ئالدى. پادىشاھ پەخرىي چەۋەنداز مەھرەم فۇلىڭياۋنى ئەلچى قىلىپ ئۇ ئەلگە ئەۋەتكەن. تۇيغۇن كۇالۇ يەنە نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ جىنەن بېگى يۈەن كۇۋاڭنىڭ قىز نەۋرىسىنى گۇاڭلى مەلىكە قىلىپ ئۇنىڭغا خوتۇن قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوردىغا تارتۇق - سالام توختىماي يوللىنىپ تۇرغان.

قوچۇ دېگىنىمىز، ئالدى قوش خانلىقنىڭ كونا يۇرتى بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىكى ئالدى قوش زېمىنى ئىدى. بۇ يەرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە 2 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە 500 چاقىرىم كېلىدۇ. ئەتراپىنى چوڭ - چوڭ تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بەزىلەر بۇرۇن خەن سۇلالىسىدا خەن پادىشاھى ۋۇدى كۇنپېتىشقا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتكەنىدى. قوشۇن بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئالاھىدە قىيىنلىپ قالغانلار شۇ ۋەجىدىن ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ھەم كەڭ، ئادەم كۆپ ھەم ئاۋات بولغاچقا، قوچۇ ( 高昌 ) دەپ ئاتالغانىدى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ جايدا خەن سۇلالىسىدا قۇرۇلغان قوچۇ قورغىنى بولغاچقا، قوجۇ دېگەن سۆزنى ئەل نامى قىلىۋالغانىدى، دەيدۇ. بۇ يەردىن شەرققە 4 مىڭ 900 چاقىرىم يول يۈرگەندە، چاڭئەن شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدا غەربىي يۇرت دورغابى، قورۇل چېرىكچىبېگى بۇ



جايغا تەڭ ئولتۇراتتى. جىن سۇلالىسى ئوردىسى بۇ يەرنى قوچۇ ۋىلايىتى قىلغانىدى. جاڭ گۈي، لۈگۇاڭ، جۈرچى مۇنسۇنلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى ئىگىلىگەندە، بىردەكلا ۋالىي تەسىس قىلىپ، بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ يەردىن دۇنخۇاڭغا 13 كۈن يول يۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ بەگلىككە قاراشلىق سەككىز قەلئە بولۇپ، ھەممىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەنلەر بار. بۇ يەردە قۇم بىلەن شېغىللار توپلىشىپ شەكىللەنگەن دۆمبەل كۆپ. ھاۋارايى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت بولغاچقا، بۇغداي - تېرىقتەك ئاشلىق يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدىكەن. پىلە بېقىشقا باب كېلىدىكەن. مېۋە - چېۋە كۆپ ھەم بوياق كۆپ چىقىدىكەن. بۇ يەردە يانتاق دېگەن بىر خىل چۆپ بولۇپ، تۈۋىدىن ھەسەل چىقىدىكەن، تەمى خېلى ئوبدان ئىكەن. ئۇلار سۇنى تاغلاردىن باشلاپ كېلىپ يەرلەرنى سۇغىرىدىكەن. بۇ يەردىن توپا تۇز چىقىدىكەن. ئۇنىڭ تەمى ياخشى ئىكەن. ئاق تۇزمۇ بار بولۇپ، تۇزنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ قاش تېشىدەك بولىدىكەن. قوچۇلۇقلار ئۇنى ياستۇق قىلىپ ياساپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارتۇق سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىدىكەن. بۇ يەردىن ئۈزۈم ھارىقى كۆپ چىقىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە تەڭرى ئىلاھىغا چوقۇنىدىكەن. شۇنداقلا بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلىدىكەن. قاراقچىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەلنىڭ قوي، ئات، ماللىرىنى يوشۇرۇن جايدا باقىدىكەن. ھەزرەتلەردىن باشقا كىشىلەر بۇ جايلارنى بىلمەيدىكەن. ئىدىقۇتنىڭ شىمالىدا، قىزىل تاش تېغى (يالقۇنتاغ) بار ئىكەن. 70 چاقىرىم يىراقلىقتا تەڭرىخان تاغ بولۇپ، چوققىسىدا يازدىمۇ قار بولىدىكەن. بۇ تاغنىڭ شىمالىي تەرىپى تېلىلار چېگرىسى ئىكەن.

ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) زامانىسىدا، تەن شۇاڭ دېگەن بىر كىشى ئۆزى قوچۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى

بولۇۋالغانىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيیەن (435 ـ 440) يىللىرىدا چەۋەنداز ۋاڭ ئېنشىڭ قاتارلىقلار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قوچۇغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، جورجانلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيپىڭ جىنجۈن (440 ـ 451) يىللىرىدا جۈرچى ئۇرغۇ كەن شۇۋاڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قوچۇنى ئىگىلىۋالغان. جۈرچى ئۇرغۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى جۈرچى ئارگۇ تەختكە ۋاكالىتەن چىقىۋالغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ (ۋېن چىڭدى) نىڭ خېپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 460 ـ يىلى) جورجانلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. جورجانلار كەن بوجۇنى قوچۇ خانى قىلىپ تىكلىگەن بولۇپ، قوچۇ خانى دېگەن نام شۇنىڭدىن باشلاپ ۋۇجۇدقا كەلگەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى) نىڭ تەيخې 1 ـ يىلى (مىلادىيە 477 ـ يىلى) كەن بوجۇ ئۆلگەندە، ئوغلى كەن يىچىڭ تەختكە چىققان بولۇپ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاكىسى كەن شۇگۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كەن شۇگۇي ئۆزى قوچۇ خانى بولۇۋالغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ تەيخې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 481 ـ يىلى) قاڭقىللار خانى كۆسالا كەن شۇگۇي ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مىڭمىڭنى خان قىلىپ قويغاندىن كېيىن شۇ ئەلدىكىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مارۇ دېگەن كىشىنى خان قىلىپ تۇرغۇزۇپ گۇڭ گۇلى، چۈجيا ئىككىيلەننى سول قول دورغاپ ۋە ئوڭ قول دورغاپ قىلىپ قويغان. تەيخې 21 ـ يىلى (مىلادىيە 497 ـ يىلى) مارۇ ئەمىرلەشكەر ۋاڭ تېشۇەننى مەكتۇپ كۆتۈرۈپ، ئوردىغا تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۆز ئېلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، قوشۇننى ئەۋەتىپ كۈتۈۋېلىشنى سورىغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى) ماقۇل كۆرۈپ، ھەيۋەت كۆرسەتكۈچى سانغۇن خەن ئەنبياۋنى مىڭدىن كۆپرەك



چەۋەندازنى باشلاپ، كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئىۋىرغول ئەتراپىدىكى 500 چاقىرىم زېمىننى مارۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا بۆلۈپ بەرگەن. بۇلار ياڭجىنشۇي دەرياسىغا كەلگىچە مارۇ گۇڭ گۇلى بىلەن چۇ جيانى ئاتلىق ھەم پىيادە ئەسكەردىن 1500 كىشىنى باشلاپ خەن ئەنبياۋنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەن. بۇلار قوچۇدىن ئايرىلىپ، 400 چاقىرىم يول يۈرۈپمۇ خەن ئەنبياۋنى كۈتۈۋالالمىغان. گۇڭ گۇلى قاتارلىقلار قوچۇغا قايتىپ كەتكەن. ئەنبياۋمۇ ئىۋىرغولغا قايتىپ كەلگەن. فەن ئەنبياۋ خەن شىڭئەن قاتارلىق 12 كىشىنى قوچۇغا ئەۋەتكەن. مارۇ قايتىمدىن گۇڭ گۇلىنى ئۆزىنىڭ ۋارىس ئوغلى مايىشۇ بىلەن خەن ئەنبياۋنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەن. بۇلار بەيجى قەلئەسىگە يېتىپ بېرىپ، ئىدىقۇت شەھىرىدىن 160 چاقىرىم يىراق يەرگە بارغاندا كونا قوچۇلۇقلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، شەرققە كۆچۈپ كېتىشنى خالىماي، ئۆزئارا بىرلىشىپ مارۇنى ئۆلتۈرۈپ، چۇ جيانى قىلىپ تۇرغۇزغان. چۇ جيانىڭ تەخەللۇسى چۇلىڭفېڭ بولۇپ، جىنچىڭ ۋىلايىتى يويجۇڭ ناھىيىسىدىن، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنە جورجانلاردىن ناغاي قاغانىغا ئەل بولغان گۇڭ گۇلى بىلەن مايىشۇ، خەن ئەنبياۋغا ئەگىشىپ لوياڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغان. كېيىن جورجانلارنىڭ قاغانبۇت قاڭقىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، چۇجيا يەنە قاڭقىللارغا ئەل بولغان. دەسلەپتە ئالدى قوش زېمىندىكى غۇزلار تامامەن قاڭقىللار تەرىپىدىن ئاگىنىغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن. ئاگىنى يەنە يەپتاللا تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقتىن، ئەل ـ يۇقرالار تارقىلىپ كېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرالماي چۇجياغا قارام ئەل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان. چۇجيا ئۆزىنىڭ 2 ـ ئوغلىنى ئاگىنى خانى قىلىپ، شۇ جايدا ھۆكۈم سۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ

(شۇەن ۋۇدى) نىڭ يۇڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 508 ـ يىلى) چۇجيا ئاكىسىنىڭ ئوغلى، ئۆز ئالدىغا سول قانات قوغدىغۇچى سانغۇن تەندى ۋالىيسى بولۇۋالغان چۇ شاۋلياڭنى پايتەختكە بېرىپ پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، يەنىلا ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، قوشۇننى ئەۋەتىپ كۈتۈۋېلىشنى تىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن مىڭ ۋېيىنى لياڭجۇ ئايمىقىدىن 3 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن. بۇلار ئىنۇرغولغا بارغىچە مۇددەتتىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن بىكار قايتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، مەرۋايىت، قارا ـ ئاق بۇلغۇن جۇۋا، داڭلىق ئات، تۇز ياستۇق قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلغان. بۇلار بەكمۇ سەمىمىي ساداقەتمەن بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ پەقەت ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلدى ـ يۇ قايتىدىن قايتىپ كېلىشنى كۈتۈۋېلىشقا قوشۇن ئەۋەتمىگەن.

يۇڭپىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 510 ـ يىلى) چۇ جيا ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق يوللىدى، ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ (شۇەن ۋېندى) يەنە مىڭ ۋېني يارلىقنى كۆتۈرۈپ ئۇلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتكەن. يەنچياڭ (512 ـ 515) يىللىرىدا چۇجيانى خاسىيەتلىك ھوقۇق سىمۋولىنى تۇتقۇچى، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاجۇ ئايماقبېگى، تەيلىن ناھىيە دۆلەت ياراتقۇچى گرافى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۆز ئالدىغا يەنىلا خان ـ بەگ سۈپىتىدە بولۇۋەرگەن. ۋېي پادىشاھى شاۋ مىڭدىنىڭ شىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 516 ـ يىلى) چۇجيا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىغان. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ تۇرغان يېرىڭ بىلەن پايتەخت ئارىلىقىدا قاتمۇقات تاغلار تۇسۇپ تۇرغان ۋە قاقاس ـ چۆل قۇملۇق بىلەن چېگرىداش بولسىمۇ، لېكىن ئوردىدىن ياردەم بېرىپ، پۈتكۈل ئەلنى



ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىشنى پات ـ پات ئىلتىماس قىلدىڭ. سېنىڭ سەمىمىيىتىڭنى تەقدىرلەشكە توغرا كەلگەن بىلەن سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ تازا دېگەندەك يوللۇق بولمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ يەردىكى ئاۋام خەلق ئەسلىي خەن، ۋېي سۇلالىلىرىنىڭ پۇقرالىرى ئىدى. جىن سۇلالىسىدا دۆلەت ئەركانلىرى بۇزۇلغاچقا، قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، سەرسان بولۇپ، يىراققا بېرىپ ماكان تۇتۇپ دۆلەت قۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغان ئادەم كونا يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، كۆچۈشنى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە بۇلارنى ئۆز تۇرغان جايىدىن قوزغىساق، باشقا ئۆزگىرىش بولۇپ، ۋەقە يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيمەن. مۇنداق خەۋپ ـ ئەندىشە يېنىڭدا بولغاچقا، سېنىڭ مەكتۇپەڭدە ئېيتقاندەك ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدىم». ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ (شياۋ مىڭدى) نىڭ شىنگۇي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 518 ـ يىلى) قىشتا، چۇ شاۋلياڭ يەنە مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئوردا رۇخسەت قىلمىغان. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ (شياۋ مىڭدى) نىڭ جېڭگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 520 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ (شياۋ مىڭدى) ۋاكالەت پەخرىي سانغۇن جاۋيى قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ، چۇجيانىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن. چۇجيا ئۆزۈلدۈرمەي ئوردىغا سالام ھەدىيە يوللاپ تۇرغان. ئۇ يەنە ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزلىرى چەت ـ چېگرا جايدا تۇرغاچقا، كىتابلاردىن خەۋىرى يوق دەپ، بەش دەستۇر ۋە تارىخىي كىتابلارنى بېرىپ تۇرۇشنى ھەمدە خانزادىلەر مەدرىسىنىڭ ياردەمچى ئۇستازى لىيۇ بيەننى ئورىكانبەگ قىلىپ ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ (شياۋ مىڭدى) ماقۇل كۆرگەن.

چۇجيا ئۆلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭغا غەربكە باسقاق سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى دېگەن ۋاپات ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئوغلى چۇجەننى تەختكە ئولتۇرغۇزغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، سەددىچىن سېپىلى ئىچكى تەرىپىدىن قاراقچىلار مالىمانچىلىقى يۈز بەرگەچكە ئۇلارنىڭ ئەلچى ۋە مەكتۇپى ئۈزۈلۈپ قالغان. ۋېي پادىشاھى جيەندىنىڭ پۇتەي 1 - يىلى (مىلادىيە 531 - يىلى) چۇجەن ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سالام ۋە ھەدىيە يوللىغان، پادىشاھ ئۇنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاجۇ ئايماقبېگى، تەيلىن ناھىيە گرافى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ خانلىق مەرتىۋىسى ئەسلىدىكىدەك بولۇۋەرگەن. كېيىن يەنە مۇھاپىزەتچى سانغۇن دېگەن نام قوشۇپ بەرگەن. ۋېي پادىشاھى شياۋ ۋۇدى يۇڭشى 2 - يىلى (مىلادىيە 533 - يىلى) ئۇنى ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ۋىلايەت گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ ئوردا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان.

(«ۋېينامە» 6 - كىتاب 2227 — 2250 - بەتلەر)

---

① چىشەن تېغى ( 岐山 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چىشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 380 - بەت)

② چيەنشۇي دەرياسى ( 岍水 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۇڭشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چيەنسەن تېغىدىن باشلانغان بولۇپ، باۋجى شەھىرىنىڭ شەرقىدە ۋېيشۇي دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 643 - بەت)

③ ۋېيشۇي دەرياسى ( 渭水 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېييۈەن



ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى نياۋشۇ تېغىدىن باشلانغان بولۇپ، سەنشى ئۆلكىسى باۋجى شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى تۇڭگۇەن قوۋۇقىدا خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 911 - بەت)

④ باجۇن ۋىلايىتى ( 巴郡 ) — ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلاسى» 4 - كىتاب 27 —28 - بەت)

⑤ شيابيەن ( 下辨 ) — ناھىيە، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑥خېچى ( 河池 ) — يەر نامى، ئورنى شيابيەننىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 7 — 8 - بەتلەر)

⑦ بەيما ( 白马 ) — قەلئە ئورنى، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى ميەنشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 254 - كىتاب)

⑧ دۇڭتىڭ ( 董亭 ) — يەر نامى، ئورنى ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۇي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 1057 - بەت)

⑨ فۇ چېڭ شەھىرى ( 涪城 ) — ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى ميەنياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 27 — 28 - بەتلەر)

⑩ باشى ۋىلايىتى ( 巴西郡 ) — ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى لاڭجۇڭ ناھىيىسىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 11 — 12 - بەتلەر)

⑪ لوگۇ قەلئەسى ( 骆谷 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى شىخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 1256 - بەت)

⑫جوشۇي قەلئەسى ( 浊水城 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 48 — 49 - بەتلەر)

⑬ جيالۇ قەلئەسى ( 葭芦城 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇدۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 1058 - بەت)

⑭ خەنچۇەن ۋىلايىتى ( 汉川郡 ) — يەنى خەنجۇڭ ۋىلايىتى بولىدۇ. دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خەنجۇڭ ۋىلايىتىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 1103 - بەت)

⑮ تۇخې ( 徒河 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىنجۇ شەھىرىنىڭ يېنىدا
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 13 — 14 - بەتلەر)

⑯ گەنسۇڭ ( 甘松 ) — ۋىلايەت، دائىرىسى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 13 — 14 - بەتلەر)

⑰ ئاڭچېڭ ( 昂城 ) — يەر نامى، ئورنى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 5 — 6 - بەتلەر)

⑱لۇڭخې ( 龙河 ) — يەر نامى، ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى



سۇنپەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 1231 - بەت)

⑲ تاۋشۈي دەرياسى ( 洮水 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاۋخې دەرياسى بولىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑳ شىچياڭشەن تېغى ( 西强山 ) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 13 — 14 - بەت)

㉑ ديەنجاڭ دەرياسى ( 垫江 ) — ديەنجاڭ دەرياسى شىجاڭشەن تېغىدىن باشلانغان.
(مۇھەررىردىن)

㉒ جىنشۇ ۋىلايىتى ( 晋寿 ) — ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى گۇاڭيۈەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 27 — 28 - بەتلەر)

㉓ داڭچۇ ۋىلايىتى ( 宕渠郡 ) — ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى نەنچۇڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 27 — 28 - بەت)

㉔ گۇاڭلىڭ ۋىلايىتى ( 广陵郡 ) — ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 21 — 22 - بەتلەر)

㉕ ليۇيىفۇ ( 刘义符 ) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋدى، ئۇ تەختتە ئاران بىر يىل ئولتۇرغان.
( مۇھەررىردىن )

㉖ شياۋبەي ( 小白 ) — چى بېگى خۇەنگۇڭنىڭ ئىسمى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، گۇەن جۇڭنى باش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يى - دىلارنى چېكىندۇرۇپ، بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ناھايىتى تېز قۇدرەت تاپقان ۋە بەگلەر بېگى بولغان.

( «تارىخىي خاتىرىلەر. چى خاندانى تەزكىرىسى» دىن)



# «ۋېينامە» 102 - جىلد

## غەربىي يۇرت تەزكىرىسى

شىيانامىدە «غەربىي رۇڭلار شۇنىڭدىن باشلاندى» دەپ يېزىلغان. بەن گۇ: «شۇ جايغا كەلگەندە رەت بويىچە يېزىلدى. بۇ جايلار قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك جايلارمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس تارتۇق - ھەدىيە يوللانغانلىقى ئۈچۈن يېزىلغان» دېگەن. خەن سۇلالىسىدە غەربىي يۇرت يېڭى ئېچىلغاندا، 36 ئەل بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 55 بەگ - خان قىلىپ ئايرىم - ئايرىم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، چېرىكچىبەگ، قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىنىپ سىلاۋچىلىق قىلاتتى.

ۋاڭ ماڭ پادىشاھلىق ئورۇننى تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلگەن. كېيىنكى خەن سۇلالىسىغا كەلگەندە، بەن چاۋ ① غەربىي يۇرتقا بېرىپ، ئەللىك نەچچە ئەل بىلەن ئالاقە باغلىغان. كۇنپېتىشتا غەربىي دېڭىز② غا قەدەر، شەرقتىن غەربكىچە 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان كۆلەمدە ھەممە بەگلىك - خانلىقلاردىن ئوردىغا ئادەم كېلىپ، سوۋغا - سالام ھەدىيە قىلىپ تۇرغان. پادىشاھ مۇشۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا قورۇقچىبەگ چېرىكچىبەگ تەسىس قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گاھ يول راۋان بولۇپ ئالاقە بولغان، گاھ يول توسۇلۇپ قېلىپ ئالاقە ئۈزۈلگەن. خەن سۇلالىسى ئوردىسى بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئاۋارە قىلىدىكەن دەپ، ئۇلارغا گاھ مەنسەپ بېرەتتى، گاھ مەنسىپىنى ئەمەلدىن قالدۇراتتى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، بۇلار بىر -

بىرىنى قوشۇۋېلىپ تۇرغان، ھەممىنى تەپسىلىي خاتىرىلەش مۇمكىن بولمىغانىدى.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋۇدى) تەختكە چىققان دەسلەپىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تىنچلاندۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغانلىقتىن، ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا چولىسى تەگمىگەن. كېيىن غەربىي رۇڭلارنىڭ تارتۇق ـ ھەدىيىسى كەلمىگەنلىكتىن، ئالاقىدار مەھكىمە پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دوراپ، «غەربىي يۇرتقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئالاقە ئورنىتىپ، ھەيۋەت ـ ئىلتىپاتىنى چۆل ـ باياۋان ئېرىسىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ ھەم ئاجايىپ نەرسىلەرنى تەڭرىزادە ئوردىسىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ» دەپ تەكلىپ بەرگەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ: «خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۆز چېگرىسىنى ساقلاپ، پۇقرالارنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللانماي، يىراققا بېرىپ، غەربىي يۇرتنى ئېچىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەل ئىچىدە پۇل ـ مالنى بىكاردىنلا خوراتقان، بۇنىڭ پايدىسى نېمە؟ بۈگۈنكى كۈندە ئەگەر بىزمۇ غەربىي يۇرتقا يول ئېچىپ، ئۇ جاي بىلەن ئالاقە ئورناتساق، ئالدىنقى سۇلالىنىڭ ئىللىتى يەنىلا پۇقرالىرىمىزنىڭ بېشىغا كېلىپ قالامدۇ؟» دەپ ماقۇل كۆرمىگەن. پۈتكۈل ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ (مىڭيۈەندى) دەۋرىدە (مىلادىيە 409 — 423 ـ يىللىرى) غەربىي يۇرتتىكىلەرنى قوبۇل قىلمىغان.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ تەييەن (مىلادىيە 435 — 440 ـ يىللار) يىللىرىدا ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئىلتىپاتى بارغانسېرى يىراققا ئاڭلانغان. غەربىي يۇرتتىكى كۇسەن، سۇلى، ئۇيسۇن، ياپبان، كاۋانتا، پىشامشان، ئاگنى، قوش، سوغدى قاتارلىق ئەللەرنىڭ باشلىقلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق يوللاشنى باشلىغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) غەربىي يۇرتتىكىلەر خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغان بولسىمۇ،



لېكىن تەلىپى بولغاندا، پەسكەش قىياپەتتە خۇشامەت قىلىپ كېلەتتى. ئارزۇ ـ تەلىپى بولمىغاندا، ھاكاۋۇر قىياپەتتە پادىشاھنىڭ پەرمانىغا پىسەنت قىلمايتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ يول ئالاھىدە يىراق بولغاچقا، زور قوشۇن يېتىپ بارالماسلىقىنى بىلگەنلىكىدىن بولغان ئىش. ئەگەر مەلۇمات كەلسىلا ئەلچى ئەۋەتىدىغان بولساق، ئاخىرى مۇنداق ئىشنىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئەلچى ئەۋەتكۈسى كەلمىگەن. ئالاقىدار مەھكىمە توققۇز ئەل ئەلچىسى يولنىڭ خەتەرلىك ھەم يىراقلىقىغا قارىماي، چەت جايدىن كېلىپ يەرلىك مەھسۇلاتىنى تارتۇق قىلدى. ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلارنى توسماسلىق كېرەك، دەپ مەلۇمات يوللىغان. پادىشاھ شۇنى ماقۇل كۆردى. شۇڭا ھۆدەيچى ۋاڭ ئېنشېڭ، شۇ گاڭ قاتارلىق تۆت كىشىنى ئەلچى قىلىپ، غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن. ۋاڭ ئېنشېڭلار كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتكەندە، جۇرجانلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان بولۇپ، غەربىي يۇرتقا يېتىپ بارالمىغان. پادىشاھ يەنە چەۋەنداز مەھرەم دۇڭ ۋەن، گاۋمىڭ قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ، كۆپلىگەن تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاپلارنى ئېلىپ پىشامشانغا چىقىپ، شۇ يول ئارقىلىق توققۇز بەگلىكنى دالالەت قىلىپ، شۇلارغا كۆپ تارتۇق بېرىشكە ئەۋەتكەن. دەسلەپتە دۇڭ ۋەنلەر پەرماننى قوبۇل قىلغاندا، پەرماندا يول بويى قولايلىق بولغانلىكى ئەلگە بارساڭ بولىدۇ، دېگەن سۆز بار ئىدى. دۇڭ ۋەن توققۇز بەگلىكتىن ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ، ئۇيسۇنغا بارغاندا، ئۇنىڭ باشلىقى ئوردىنىڭ بەرگەن تارتۇقنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بەكمۇ خۇشال بولۇپ، دۇڭ ۋەنگە مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىشىمچە پەرغانە، چاشلارنىڭ ھەممىسى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىلتىپاتىنى سېغىنىپ، ئەل بولۇپ تارتۇق ـ ھەدىيە يوللىماقچى ئىكەن. بىراق، مۇنداق قىلىشقا يول تاپالماپتىكەن. ھازىر ئەلچى ئەربابلىرى بۇ يەرگە

قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، شۇ ئىككى ئەلگە بېرىپ، شۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قىلغان سەمىمىيىتىنى قاندۇرۇپ قويسىلا». شۇنىڭ بىلەن دۇڭ ۋەن ئۆزى پەرغانىگە بارغان. گاۋمىڭنى چاشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇيسۇن بېگى شۇلار ئۇچۇن يول باشلىغۇچى ھەم تىلماچنى قوشۇپ، ھېلىقى ئىككى ئەلگە ئادەم ئەۋەتكەن. دۇڭ ۋەنلەر شۇ ئەللەرگە بېرىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، سالاۋچىلىق قىلغان ھەم ئۇلارغا تارتۇق بەرگەن. بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دۇڭ ۋەن، گاۋمىڭ شەرققە قايتقان. ئۇيسۇن، پەرغانە قاتارلىق 16 بەگلىك دۇڭ ۋەنلەر بىلەن بىر يولدا ئوردىغا ھەدىيە يوللاشقا ئەلچى ئەۋەتكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بەگلىكلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىر يىلنىمۇ قالدۇرماي ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تۇرغان. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىمۇ نەچچە ئون تۈركۈم بارغان.

دەسلەپتە ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) غەربىي يۇرتقا ھەر قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەندە، دائىم خېشى بېگى جۇرچى مۇقانغا پەرمان بېرىپ، ئۇنىڭ ئەلچىنى قوغداپ ئاپىرىشىنى بۇيرۇيتتى. ئەلچىلەر گۇزاڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، جۇرچى مۇقان ھەمىشە يول باشلىغۇچى ئەۋەتىپ، شۇلارنى باشلاپ، كۆچمە قۇملۇقتىن چىقاتتى. كېيىن ئەلچى غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كېلىپ، ۋۇۋېيغا③ كەلگەندە، جۇرچى مۇقاننىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئەلچىگە مۇنداق دېگەن: «خانىمىز جۇرجانلاردىن ئۆتىنىڭ بولتۇر ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەڭرىزادىسى ئۆزى ماڭا جازا يۈرۈشى قىلىپ كەلگەندى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەم ئاتلىرى يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقتىن، قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ يېنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چوڭ ئىنىسى، لېپىڭ بېگى توغبات يېنى قولغا چۈشۈرۈۋالدىم، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، خۇرسەن بولۇپ، ھېلىقى گەپنى ئېلىمىزدە تەرغىب قىلدى. يەنە ئۆتى ئەلچى



ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە: ۋېي سۇلالىسى ئاجىزلاشتى، بۈگۈنكى كۈندە جاھاندا مەنلا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەگەر ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى يەنە كەلسە، بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالمىساڭلار، دەپ ئۇقتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن بەزىلىرىمۇ ئىككىلىنىپ كەلگەنىكەن. جۇرچى مۇقان شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئالىيلىرىغا بارا - بارا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان بولدى». ئەلچى ئوردىغا قايتىپ كېلىپ مۇشۇ سۆزلەرنى ئەينەن مەلۇم قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) شۇنىڭ ئۈچۈن جۇرچى مۇقانغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى مۇھاكىمە قىلغان. لياڭجۇ ئايمىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، پىشامشان بەگلىكىنىڭ بېگى: «كالپۇك بولمىسا چىش توڭلايدۇ، دېگەن گەپ تەبىئىي يولدۇر، ئەمدى ۋۇ ۋېي مەركىزى بولغان شىمالىي لياڭ خانلىقى ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. كەينىدىن نۆۋىتىم كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ بېرىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلساق، جەزمەن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقىدۇ. مۇنقەرز بولۇشىمىزغا يېقىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئالاقىنى ئۈزۈۋەتسەك، تېخى ئۇزاقراق بەرداشلىق بېرەلەيمىز» دەپ قاراپ، يوللىرىنى پۈتۈنلەي توسۇۋەتكەن. غەربىي يۇرتنىڭ تارتۇق - ھەدىيىلىرى خېلى يىللارغىچە ئوردىغا كېلەلمىگەن. پىشامشان تىنچىتىلغاندىن كېيىن، غەربىي يول قايتىدىن راۋان بولغان.

دەسلەپتە، دۇڭ ۋەن قاتارلىق ئەلچىلەر پايتەختكە قايتىپ كەلگەندە، بارغان جايلاردا كۆرگەن - ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېدى: غەربىي يۇرتتا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 — 87 - يىللىرى) 50 نەچچە ئەل بار ئىكەن. كېيىن بىر - بىرىنى قوشۇۋالغان بولۇپ، ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) نىڭ تەيىەن (مىلادىيە 435 — 440 يىللىرى)

يىللىرىغا كەلگەندە، 16 بەگلىك بولۇپ شەكىللەنگەن، تۆت رايونغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان. كۆكئارتنىڭ شەرقىدىن كۆچمە قۇملۇقنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلار بىر رايون؛ كۆكئارتنىڭ غەربىدىن غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىگىچە بولغان جايلار بىر رايون؛ چاشىنىڭ جەنۇبىدىن ياۋ- چىنىڭ شىمالىغىچە بىر رايون؛ ئىسسىق دېڭىز④نىڭ ئارىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى بولغان جايلار بىر رايون بولۇپ ئايرىلغان ئىكەن. بۇ رايونلاردا سەردارلار يۇزلەپ بولىدىكەن. غەربىي يۇرتقا چىقىدىغان يول ئەسلىي ئىككى ئىدى. كېيىن تۆت يول بولۇپ شەكىللەندى. يۇمىن قوۋۇقىدىن چىقىپ، كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، كۈنپېتىشقا قاراپ 2000 چاقىرىم يول بېسىپ، پىشامشانغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. مانا بۇ بىر يول، يۇمىن قوۋۇقىدىن چىقىپ، كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ، 2200 چاقىرىم يول بېسىپ، قوشقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇمۇ بىر يول. ساكارائۇلدىن كۈنپېتىشقا قاراپ 100 چاقىرىم يول بېسىپ، كۆكئارتقا بېرىپ، كۆكئارتتىن يەنە كۈنپېتىشقا قاراپ 1300 چاقىرىم يول بېسىپ كاپىساغا بارغىلى بولىدۇ. بۇمۇ بىر يول. ساكارائۇلدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ 500 چاقىرىم يول بېسىپ، كۆكئارتقا بېرىپ، يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ 1300 چاقىرىم يول بېسىپ، بولورغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەنە بىر يول. دۆلەت ۋەن ئېيتقاندىن باشقا يەنە تارتۇق ھەدىيە يوللىغانلارمۇ بار. شۇ ئەللەرنىڭ ناملىرى خاتىرىلەنگەن بىلەن، ئۆرپ - ئادەتلىرى تەپسىلىي يېزىلمىدى. پەقەت بۇرۇنقى ئەلچىلەر مەلۇم قىلغان ئەھۋالدىن پەرقلەنگەنلىرى خاتىرىلەندى.

پىشامشان⑤ بەگلىكى، مىرەن⑥ قەلئەسىنى پايتەخت قىلىشۋالغان. ئۇ قەدىمكى كىروران خانلىقى ئىدى. ئۇ دەي خانلىقىدىن ⑦ 7 مىڭ 600 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. پايتەختىنىڭ تۆت ئەتراپى بىر چاقىرىمدىن كېلىدىكەن. بۇ



ئەلنىڭ يەرلىرىدە قۇم ھەم شور كۆپ بولۇپ، ئوت - چۆپ ۋە سۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالى تەرىپىدە قۇمتاغ⑧ يولى بار. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) نىڭ تەييەن يىللىرىنىڭ بېشىغا (مىلادىيە 435 - يىلى) كەلگەندە، پىشامشان بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق تەقدىم قىلغان. تەيىەن 4 - يىلى (مىلادىيە 438 - يىلى) پىشامشان بېگى ئۆز ئىنىسى سۇ يەنجىنى ئوردىغا خاس مۇلازىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) لياڭجۇ ئايمىقىنى تىنچىتقاندا، جۇرچى مۇقاننىڭ ئىنىسى جۇرچى ئۇرغۇ قېچىپ، دۇنخۇاڭ شەھىرىنى قوغداشقا كەتكەن. كېيىن جۇرچى ئۇرغۇ كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتۈشنى پىلانلاپ، ئۆز ئىنىسى جۇرچى ئارگۇنى پىشامشانغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. پىشامشان بېگى بىرون قورقۇپ كېتىپ، تەسلىم بولماقچى بولغان. دەل بۇ چاغدا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئەنەتكەك ۋە كەشمىردىن يېنىپ كېلىپ، پىشامشاندا جەم بولۇپ، بىروننى جۇرچى ئارگۇغا تاقابىل تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. بىرون شۇنىڭ بىلەن، جۇرچى ئارگۇغا قارشى قايتا - قايتا جەڭ قىلغان. جۇرچى ئارگۇ پىشامشاننى ئىشغال قىلالمىغانلىقتىن، شەرقىي قەلئەنى⑨ قوغداشقا چېكىنگەن. ئاخىرىدا بىرون يەنىلا قورقۇپ، چەرچەنگە قېچىپ، پاناھ ئىزدەپ بارغان. ئۇنىڭ ۋارىس ئوغلى جۇرچى ئارگۇغا ئاۋاز قوشقان. ئاندىن پىشامشانلىقلار خېلى كۆپ قېتىم يول توسۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقتىن، غەربىي يۇرتقا ئوردىنىڭ پەرمانى بارالماي قالغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) پەرمان چۈشۈرۈپ، چەۋەنداز مەھرەم، چىڭجۇ گۇڭى ۋەن دۇگۇينى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەسكەرلىرىنى چىقىرىپ، پىشامشانغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇغان. ۋەن دۇگۇي دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ، يۈكسىز چەۋەندازدىن 5000 كىشىنى باشلاپ، كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، شۇ ئەلگە يېتىپ بارغان. شۇ چاغدا پىشامشانلىقلارنىڭ

كۆپىنچىسى دالاغا تارقىلىپتىكەن. ۋەن دۇگۇي سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قەتئىي رۇخسەت يوق، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن. چېگرا ساقلىغۇچىلار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ھەممىسى ۋەن دۇگۇينىڭ تۇغىنى كۆرۈپلا، باش قويۇپ ئەل بولغان. ئۇنىڭ بېگى چىندا ئۆز ـ ئۆزىنى باغلاپ، شەھەردىن چىقىپ ئەل بولغان. ۋەن دۇگۇي ئۇنى بوشىتىپ قويۇپ، قوشۇننى شۇ جايدا ساقلاشقا قالدۇرۇپ، چىندا بىلەن بىرگە پايتەختكە بېرىپ پادىشاھنى يوقلىغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ تازا خۇشال بولۇپ، بۇلارغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇ يىلى جياۋجى گۇڭگى خەن بانى ۋاقىتلىق خاسىيەتلىك سىمۋولنى تۇتقۇچى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، قوشۇمچە غەربىي رۇڭلار چېرىكچى بېگى، پىشامشان بېگى قىلىپ، شۇ يەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ يەردىن باغ ـ ئالۋاڭ قاتارلىقلارنى باشقا ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئالىدىغان بولغان.

چەرچەن [10] بەگلىكى چەرچەن قەلئەسىنى پايتەخت قىلىپ، پىشامشاننىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 8320 چاقىرىم كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) نىڭ تەيپىڭجېنجۈن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) پىشامشان بېگى بىرون جۈرچى ئارگۇنىڭ پاراكەندىسىدىن قورقۇپ، ئەلنىڭ يېرىمىنى باشلاپ، چەرچەنگە قېچىپ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چەرچەن پىشامشاننىڭ قارىمىقىدا بولغان. چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدا نەچچە يۈز چاقىرىم كەڭلىكتىكى كۆچمە قۇملۇق بولۇپ، يازدا ئىسسىق بوران يولۇچىلارغا ئاپەت كەلتۈرىدىكەن. بوران يېتىپ كەلگەندە، پەقەت قېرى تۆگە ئالدىن بىلىپ، يىغىلىپ تۇرۇپ بوزلايدىكەن. ھەم بۇرنى، ئاغزىنى قۇمغا تىقىپ، بوراندىن ساقلايدىكەن. كىشىلەر ھەمىشە بۇنىڭ بېشارىتىنى بىلىپ، كىگىز بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى



يېپىۋالىدىكەن. بۇ ئىسسىق بوران بەكمۇ شىددەتلىك بولىدىكەن. بىردەملا ئۇچۇپ ئۆتىدىكەن. ئەگەر ئادەم ئالدىن ساقلانماي يۈرسە، جەزمەن خەتەرگە ئۇچراپ ئۆلىدىكەن.

ئۇدۇن بەگلىكى[11] چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، كۆكئارتنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە 200 نەچچە چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كۈنچىقىشقا قاراپ 1500 چاقىرىم يول ماڭغاندا، پىشامشانغا بارغىلى بولىدىكەن. جەنۇبقا قاراپ 2000 چاقىرىم يول ماڭغاندا ئايال باشچىلىقىدىكى ئەلگە[12] يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. كۈنپېتىشقا قاراپ 1000 چاقىرىم يۈرگەندە، كۆكيارغا بارغىلى بولىدىكەن، بۇ جاي دەي خانلىقىغا 9800 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ زېمىنىنىڭ توغرىسى ۋە كەڭلىكى 1000 چاقىرىم كېلىدىكەن. يەر بىلەن تاغلار تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ پايتەختىنىڭ چۆرىسى 8 ـ 9 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ قارىمىقىدا چوڭ بەش قەلئە، بازاردىن نەچچە ئونى بار ئىكەن. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ[13] شەرقىگە 30 چاقىرىم يىراقلىقتا سۇباش دەرياسى بولۇپ، شۇنىڭدىن قاشتېشى چىقىدىكەن. بۇ يەر ھەرخىل ئاشلىق تېرىشقا ھەم ئۈجمە ـ كەندىر تېرىشقا باب كېلىدىكەن. تاغلىرىدا گۈزەل قاشتېشى كۆپ ئىكەن. يەنە ئېسىل ئات، تۆگە، قېچىر بار ئىكەن. بۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار جازاسى مۇنداق ئىكەن: ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن. باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە جىنايىتىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ جازا بېرىلىدىكەن. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەھسۇلاتلىرى كۈسەننىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئادەتتە بۇددا دىنىغا ئېتىبار بېرىدىكەن. بۇتخانا، بۇددا مۇنارى ۋە راھىب ـ راھىبەلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ بېگى بۇددا دىنىغا ئالاھىدە ئېتىقاد قىلىپ، ھەر قېتىم بۇدداغا نەزىر ـ چىراغ بەرگەندە، تازىلىق قىلىشقا ۋە تاماق سەدىقە

قىلىشقا ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىدىكەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ماخاگاياغا مەدھىيە بۇتخانىسى بولۇپ، ئۇ يەر ئارخات بىلشۇرجەن ئۆز خانىغا فۇپىن بۇددا مۇنارى ياسىغان جاي ئىكەن. بۇ يەردىكى تاشتا پراتيوكا بۇددانىڭ پۇتىنىڭ يوغان ئىزى بار ئىكەن. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ كۈنپېتىشىغا 500 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ماخاگايا تەڭداش بۇتخانىسى بار ئىكەن. ئېيتىشلارچە، بۇ ئەينى يىللاردا لاۋزى⑭ غۇزلارنى تەربىيىلەپ بۇددىغا ئايلاندۇرغان سورۇن ئىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئادەتتە ئەدەپ – ئىنساپ دېگەننى تەكىتلىمەيدىكەن. شۇڭا ئوغرى – بۇلاڭچىلار كۆپ، پاھىشىۋازلىق قىلىشقا يول قويۇلىدىكەن. قوچۇدىن كۈنپېتىشقا ماڭغاندا ھەر قايسى بەگلىكتىكىلەرنىڭ كۆز ئۇۋۇسى ئىچكىرى، بۇرنى ئېگىز بولىسىمۇ، پەقەت بۇ بەگلىكتىكىلەرنىڭ چىرايى غۇزلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايدىكەن. بۇلارنىڭ چىرايى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە خېلى ئوخشايدىكەن. شەھەرنىڭ كۈنپېتىشىغا 20 چاقىرىم كەلگەن يەردە ئۇلۇغ سۇ شىمالغا قاراپ ئاقىدىكەن. ئۇ سۇ باش دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ بېشى بولۇپ، جىشى دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. شەھەرنىڭ كۈنپېتىشقا 55 چاقىرىم كەلگەن يەردە يەنە بىر ئۇلۇغ سۇ بولۇپ، قاراقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، باش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، بىردەكلا شىمالغا قاراپ ئاقىدىكەن.

ۋېي پادىشاھى (تەيۋۇدى) تەيپىڭجېنجۈن (مىلادىيە 440 – 450) يىللىرىدا گاۋلياڭ بېگى توغبات نارغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى تۇيغۇن مۇلىيەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، مۇلىيەن چۆچۈپ كېتىپ، ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ، كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتكەن ئىدى. توغبات نارتېز قوغلاپ، جىددىي يۈرۈش قىلغاچقا، مۇلىيەن كۈنپېتىشقا قاراپ، ئۇدۇن بەگلىكىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بېگىنى ئۆلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆلگەنلەر خېلى كۆپ بولغان. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ (ۋېن چېڭدى) دەۋرىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 471 – يىلى) جۇرجانلار ئۇدۇنغا پاراكەندىچىلىك سالغان. ئۇدۇن بېگى شۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ، سومجانى ئەلچى قىلىپ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، مۇنداق دېگەن: «كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى جۇرجانلارنىڭ قارمىقىدا بولۇپ قالدى. پېقىر ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەچكە، ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرمىدىم. ئەمدى جۇرجانلارنىڭ قوشۇنى شەھەر سېپىلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. پېقىر ئەسكەرلىرىمنى يىغىپ مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەۋاتىمەن. شۇڭا ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ ھەدىيە قىلدىمكى، قۇتقۇزغۇچى قوشۇن ئەۋەتىپ، ماڭا ياردەم بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن». ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ (ۋېن چېڭدى) ۋەزىرلەرنى يىغىپ، مۇھاكىمە قىلدۇرغان. ۋەزىرلەر مۇنداق دەپ مەلۇمات قىلغان: «ئۇدۇن بەگلىكى پايتەختتىن نەچچە تۈمەن چاقىرىم يىراق. جۇرجانلار دالادا بۇلاڭ – تالاڭ قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، شەھەرگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ تاقابىل تۇرۇشىغا ئۇچراپ قالسا، ھازىر چېكىنىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. بىز قوشۇن چىقىرايلى دېسەكمۇ، ئۇلگۈرەلمەيمىز». ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ ۋەزىرلەرنىڭ مۇھاكىمىسىنى ھېلىقى ئەلچىگە كۆرسەتكەن. ئۇمۇ، شۇنداق دەپ قارىغان. شۇڭا پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بىنائەن جاھاننى ئىدارە قىلماقتىمەن. ھەر قايسى تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتىرجەم كۈن كۆچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچىمەن. شۇڭا قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ سىلەرنى ئازاب – ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇشۇم كېرەك. يىراق زېمىنىڭغا بېرىشقا توسقۇنلۇق قاتمۇقات بولۇپ، ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئېھتىياجىڭنى قاندۇرالمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا قوشۇننى يۈرۈشتىن

توختاتتىم. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولساڭ. ھازىر مەن ئەسكەرلەرنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، تەربىيىلەپ، بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئۆزۈم بىۋاسىتە جەنۇبىي سەركەردىلەرنى باشلاپ، سېنىڭ ئۈچۈن بالايىئاپەت مەنبەسىنى يوقىتىمەن. سەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇنداق ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەگەك بولۇپ تۇرۇشۇڭ كېرەك». بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئوردا خەن ياڭپىنى ئەلچى قىلىپ پېرسىيىگە ئەۋەتكەنىدى. پېرسىيە خانى كۆندۈرۈلگەن پىل ۋە كەم ئۇچرايدىغان نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئۇدۇن بەگلىكىدىن ئۆتكەندە، ئۇدۇن بېگى چورىن شۇ نەرسىلەرنى قالدۇرۇۋېلىپ، يالغاندىن «يولدا بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالسا، شۇ نەرسىلەرنى ئوردىغا يەتكۈزۈپ بارالماسمىكىن» دەپ ئەنسىرەپ قالدىم دېگەنىدى. خەن ياڭپى ئەھۋالنى ئوردىغا ئەينەن ئېيتقاندىن كېيىن، ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ (ۋېن چېڭدى) غەزەپلەنگەن، يەنە خەن ياڭپى يارلىقنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى ئەيىبلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەدىيە يوللاپ تۇرىدىغان بولغان.

پاسئان بەگلىكى ⑮ ئەسلىي گۇما بەگلىكى ئىدى. بېگى گۇما قەلئەسىدە تۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدا. دەي خانلىقىغا 12 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ بەگلىكنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىگە ئۈچ چاقىرىم كەلگەن يەردە دۆڭلۈك تېغى بار ئىكەن. بۇ بەگلىك كېيىن ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەن.

قارغالىق بەگلىكى ئەسلىي يۆلئېرىق بەگلىكى ئىدى. كۆكيار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بېگى زى دەپ ئاتىلىپ، قوجان قەلئەسىنى ⑯ پايتەخت قىلىدىكەن. بۇ بەگلىك ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ كۈنپېتىشىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا ئىككى مىڭ 920 چاقىرىم كېلىدۇ. ۋېي پادىشاھ تەيۋۇدىنىڭ تەييەن يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 435 ـ يىلى) بۇ بەگلىكنىڭ بېگى



ئەلچى ئەۋەتىپ ھەدىيە تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق يوللاپ تۇرغان.

سارىقۇل بەگلىكى ⑰ ئەسلىي لاداق بەگلىكى ئىدى. ئۇنىڭ بېگى لاداق قەلئەسىدە ئولتۇرىدىكەن. بۇ يەر قارغالىق بەگلىك غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 970 چاقىرىم كېلىدۇ.

ساكارائول بەگلىكى ⑱ بېگى سابىق يەركەنت قەلئەسىگە ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇ كۆكيار بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 980 چاقىرىم كېلىدۇ.

قوش بەگلىكى، يەنى ئالدى قوش دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇنىڭ بېگى يارغول شەھىرىدە ئولتۇرىدىكەن. بۇ يەر دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 50 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەر شىمالدا جۇرجانلار بىلەن تۇتىشىدىكەن. ئەسلىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلاتتى ھەم سودا ـ سېتىق قىلىشاتتى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) دەۋرىنىڭ باشلىرىدا قوش بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا ھەدىيە يوللاشنى باشلىغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ يارلىق چۈشۈرۈپ، ھۆدەيچى ۋاڭ ئېنشىڭ، شۇ گاڭ قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ شۇ يەرگە ئەۋەتكەن. ۋاڭ ئېنشىڭلار ئەمدىلا كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتكەندە، جۇرجانلار ئۇلارنى تۇتۇۋالغان. ۋاڭ ئېنشىڭ جۇرجانلار خانى ئوتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ۋېي سۇلالىسىنىڭ سىمۋولىنى تۇتۇپ زادىلا تىزلانماي ئۆرە تۇرۇۋەرگەن. كېيىن ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئوتنى قاتتىق ئەيىبلىگەندىن كېيىن ئوت چۆچۈپ كېتىپ، ۋاڭ ئېنشىڭلارنى قايتۇرۇپ بەرگەن. شۇ گاڭ دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئاغرىپ قېلىپ ئۆلگەن. ئوردا ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە «دىيانەت» دېگەن نام تەقدىم قىلغان. دەسلەپتە جۇرچى ئۇرغۇ ئىنىسىنى كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتۈشكە ئەۋەتكەندە، جۇرچى ئارگۇ يەرلىك كىشىلەرنى توپلاپ،

قوش بەگلىكىنى تارمار قىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ تەيپىڭجېنجۈن 11 - يىلى (مىلادىيە 450 - يىلى) قوش بەگلىكىنىڭ بېگى چايىلو چۈجىن، شۇ جىنى ئەلچى قىلىپ، ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ: «مەرھۇم دادام قۇرۇلىنىڭ سىرتىدىكى چەت جايغا ئولتۇرغان بولسىمۇ، تەڭرىزاتىنىڭ ھەيۋىسى ۋە پەزىلىتىگە ئىززەت - ھۆرمەت قىلغانلىقتىن، ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ سۇنۇپ ھەم تارتۇق تەقدىم قىلىپ، يىلمۇ يىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. تەڭرىزات ئۇنىڭ سادىقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خېلى كۆپ ھەدىيە - ئىنئام بەرگەنىدى. پېقىر تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ، دائىم تەقدىم قىلىدىغان تارتۇقنى توختاتمىدىم. تەڭرىزاتنىڭ غەمخورلۇقىمۇ ئۆتكەنكىدىن پەرقلەنمەي كەلدى. يۇقىرىقىدەك مېھىر - شەپقەتتىن بەھرىمەن بولغاچقا، ئۆزىمىزدىكى مۈشكۈللۈكنى بايان قىلغۇم كەلدى - دە، پېقىرنىڭ بەگلىكى جۇرچى ئۇرغۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغىنىغا ھازىرغىچە سەككىز يىل بولدى. خەلقىمىز ئاچارچىلىقتا قېلىپ، جان باقالماي قالدىم. ھازىر قاراقچى - ئوغرىلارنىڭ بىزگە قوزغىغان ھۇجۇمى بەكمۇ جىددىي بولغاچقا، پېقىر دۆلەتنى تولۇق ساقلىيالماي، بەگلىكنى تاشلاپ، شەرققە قېچىپ، زېمىنىمىزنىڭ $\frac{1}{3}$ ى قولدىن كەتكەن بولۇپ، پات ئارىدا ئاگنى شەرقىي چېگرىسىغا يېتىپ بارىمەن. تەڭرىزات ئوردىسىغا قايتىپ، قۇتقۇزۇشنى تىلەپ بارماقچىمەن» دېگەن. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ تەسەللى بەرگەن. ھەمدە ئاگنى ئامبىرىنى ئېچىپ، ئاشلىقنى شۇلارغا بەرگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ جىڭپىڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 451 - يىلى) ئۇ ئۆز ئوغلىنى خاس مۇلازىم قىلىپ ئوردىغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دائىم ئەۋەتىپ، سالام يوللاپ، تارتۇق ھەدىيە قىلىپ تۇرغان. جۈجى بەگلىكى ⑲ تيانشىيان تېغىنىڭ شەرقىدىكى يۇتا قورغىنىنى



پايتەخت قىلغان. قوشنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 570 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئەسلىي ئۇ قوشنىڭ بېقىندىسى بولۇپ كەلگەنىدى.

ئاگنى بەگلىكى ⑳ قوش بەگلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، باغرات شەھىرىنى ㉑ پايتەخت قىلىۋالغان. ئۇ ئاقتاغنىڭ㉒ جەنۇبىغا 70 چاقىرىم كېلىدىكەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا بەگلىك ئىدى. بۇ بەگلىك دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 200 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ بېگى ئارجۇنا كوشېنا ئالدىنقى لياڭ خانلىقى دەۋرىدە جاڭ گۈي جازا يۈرۈشى قىلغان ناگا ئارجۇنانىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەن. ئۇنىڭ پايتەختى ھەر تەرىپى ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان تۆت چاسا شەھەر ئىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ قارىمىقىدا جەمئىي توققۇز شەھەر بار ئىكەن. بۇ بەگلىك كىچىك ھەم نامرات بولغاچقا، ئەركان - نىزام، قانۇن - پەرمان دېگەنلەر يوق ئىكەن. بۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىدىن ئوقيا، قىلىچ- نەيزە، ساۋۇت - دۇبۇلغا بار ئىكەن. نىكاھ قائىدىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى بىردەك كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن كۆمىدىكەن. قارىلىق تۇتۇش كىيىملىرىنى يەتتە كۈن توشقاندىلا سېلىۋېتىدىكەن. ئەركىشى چېچىنى قىسقارتىپ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدىكەن. بۇلارنىڭ خەتلىرى بىراھمانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. ئۇلار ئادەتتە تەڭرى ئىلاھلىرىغا ئىبادەت قىلىدىكەن ھەم بۇددا دىنىغا چوقۇنىدىكەن. 8 - فېۋرال، 8 - ئاپرېلغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىكەن. شۇ كۈنى پۈتۈن بەگلىكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئىتائەت قىلىپ، يۇيۇنۇپ، گۆشسىز تاماق يەپ، بۇددا نومىنى ئوقۇيدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋارايى سوغۇق، ئارپا، بۇغداي قاتارلىق ئاشلىق چىقىدىكەن. تۆگە، ئات قاتارلىق چارۋا بار ئىكەن. پىلە قۇرتى باققان بىلەن يىپەك قىلىپ توقۇماي، پەقەت تور پاختا ئورنىدا

ئىشلىتىدىكەن. بۇلار ئادەتتە ئۈزۈم هارىقىغا ئامراق بولۇپ، مۇزىكىنىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ ئون نەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندا دېڭىز ㉓ غا بارغىلى بولىدىكەن. بۇ يەردىن بېلىق، تۇز، ئىگىز، قومۇش ناهايىتى كۆپ چىقىدىكەن. شەرققە قاراپ 900 چاقىرىم يول ماڭغاندا ئىدىقۇتقا، غەربكە قاراپ 900 چاقىرىم يول ماڭغاندا كۇسەنگە بارغىلى بولىدىكەن. يول بويى ساپ قۇم ـ شېغىل بولىدىكەن. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 2 مىڭ 200 چاقىرىم يول ماڭغاندا گۇاجۇ ئايمىقىغا ㉔ بارغىلى بولىدىكەن. بۇلار ئۆز جايىنىڭ خەتەرلىك يېرى كۆپ دەپ، دائىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بارغان ئەلچىلەرنى بۇلايتتى. ۋېي پادىشاهى شىزۇ غەزەپلىنىپ يارلىق چۈشۈرۈپ، جىڭجۇ گۇڭى ۋەن دۇگۈينى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ۋەن دۇگۈي يېنىك چەۋەنداز قوشۇننى باشلاپ، يول بويى يېمەك ـ ئىچمەك تېپىپ ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، ئاگنى شەرقىي چېگرىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى بولغان چۇقۇر㉕، قارا قۇم ㉖ دېگەن ئىككى قەلئەسىنى هۇجۇم بىلەن ئېلىپ، يەنە باغرات شەهرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. ئارجۇنا كوشىنا 4 ـ 5 تۈمەن كىشىنى شەهەردىن چىقىپ، خەتەرلىك جاينى ساقلاپ تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ۋەن دۇگۈي قاۋۇل باتۇرلارنى يىغىپ، ئۇدۇلدىن هۇجۇم قوزغىغان ـ دە، ئارجۇنا كوشىنا قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ كېتىپ، هەممىسى ئەسىرگە چۈشكەن. ئارجۇنا كوشىنا يالغۇز ئاتلىق تاغقا قېچىپ كەتكەن، ۋەن دۇگۈي شۇنىڭ شەهرىگە كىرىپ قىرغىنچىلىق قىلغان. ئەتراپتىكى رۇڭلارنىڭ هەممىسى چۆچۈپ كېتىپ تەسلىم بولغان. ئاگنى بەگلىكى ئايرىم بىر چەتتە تۇرۇپ، مالىمانچىلىققا ئۇچرىمىغىلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاجايىپ نەرسىلىرى، هەتتا تونۇمايدىغان نەرسىلىرى ناهايىتى كۆپ قولغا چۈشۈرۈلگەن. تۆگە، قوتاز، ئات، كالا قاتارلىق



هەرخىل مال ـ چارۋىلىرىدىن تۈمەندىن ئارتۇق قولغا چۈشۈرۈلگەن، ئەينى چاغدا ۋېي پادىشاهى شىزۇ چۇغاي تېغىدىكى شىمالىي ئوردىدا تۇراتتى. ۋەن دۇگۈينىڭ ئاگنىنى ئىشغال قىلغانلىق دوكلاتى كەلگەندە، ۋېي پادىشاهى شىزۇ كۆرۈپ بولۇپ، ئەمرى زېمىن سۈي خاۋغا: «ۋەن دۇگۈي 5 مىڭ يېنىك چەۋەنداز بىلەن تۈمەن چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بېسىپ، ئاگنىنىڭ ئۈچ شەهرىنى ئىشغال قىلىپ، سان ـ ساناقسىز غەلىتە، قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، قەدىمدىن تارتىپ، خان ـ پادىشاهلار غەربىي يۇرتتىكى رۇڭلارنى باشقۇردۇق دېگەن بولسىمۇ، پەقەت ئۇلارغا يولىيورۇق بەرگەنلا بولدى. ئۇلارنى كونترول قىلالمايتتى. ئەمدى مەن ئۇلارنى قولۇمدا تۇتتۇۋالدىم، سېنىڭچە قانداق؟» دېگەن. سۈي خاۋ مەكتۇپ يوللاپ مەدھىيىلىگەن. پادىشاه ۋەن دۇگۈينى شۇ جاينى تىنچىتىپ هەم شۇ يەردىكىلەرنىڭ بېشىنى سىلاشقا بۇيرۇغان. دەسلەپتە ئارجۇنا كوشىنا تاغلارغا قېچىپ كىرىپ، ۋەن دۇگۈينىڭ باغرات شەهرىنى ئالالماسلىقىنى، ئۆز بەگلىكىگە قايتىپ كېلەلىشىنى كۈتكەنىدى. ئۆز شەهەر ـ قەلئەلىرىنى ۋەن دۇگۈينىڭ ئىشغال قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۇسەنگە پاناه ئىزدەپ كەتكەن. كۇسەن بېگى ئۇنى كۈيئوغۇل دەپ كاتتا كۈتۈۋالغان.

كۇسەن بەگلىكى ㉗ قاراقۇمنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئاقتاغنىڭ جەنۇبىغا 170 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى يان شەهرىنى ㉘ پايتەخت قىلغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا بەگلىك ئىكەن. ئۇ دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 80 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. ئۇنىڭ بېگىنىڭ فامىلىسى بەي بولۇپ، كېيىنكى لياڭ خانلىقىدىكى لۈ گۇاڭ تەختكە چىقارغان بەي جىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەن. بۇنىڭ بېگى بېشىغا رەڭدار لىنتا باغلاپ، كەينىگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ، ئالتۇن شىر

كارۋاننا ئۆلتۈرىدىكەن. ئۇلار ئولتۇرغان شەھەر تۆت چاسا بولۇپ، ھەر بىر تەرىپى 5 ـ 6 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن. بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ بىر قولى ھەم بىر پۇتى كېسىلىدىكەن. ئۇلار باج ـ سېلىقنى يەر ئىجارىسىگە قاراپ، يېرى بولمىغانلاردىن كۈمۈش داچەن ئالىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، نىكاھ، ئۆلۈم بولغانلارنى دەپنە قىلىش ئىشلىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئاگىنىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. پەقەت ھاۋارايى سەل ئىسسىقراق بولىدىكەن. بۇ يەردىن يەنە ئىنچىكە يۇڭلۇق كىگىز چىقىدىكەن. مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، بۇغا تېرىسى، زىلچا ـ گىلەم، نۆشۈدۈر، يېشىل تۇز، سېرىق مەرگىمۇش، قوغۇشۇن ئېقى، ئىپار، دەرەخنىڭ سېغىزى، ئېسىل ئات ـ قوتاز قاتارلىقلار چىقىدىكەن. بۇنىڭ شەرقىدە بۇگۇر بولۇپ، خەن سۇلالىسىدا ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلى قىرغىنچىلىق قىلغان يەر مۇشۇ. بۇنىڭ جەنۇبىغا 300 چاقىرىم كەلگەن يەردە شەرققە قاراپ ئاقىدىغان چوڭ دەريا ㉙ بار ئىكەن. بۇ جىنشى دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بېشى ئىكەن. ئۇنىڭ شەرقىدىن ئاگنى بەگلىكىگە 900 چاقىرىم، جەنۇبىدىن ئۇدۇن بەگلىكىگە 1 مىڭ 400 چاقىرىم، غەربىدىن سۇلى بەگلىكىگە 1 مىڭ 500 چاقىرىم، شىمالىدىن تۈرك خاقانىنىڭ ئوردىسىغا 600 نەچچە چاقىرىم، شەرقىي جەنۇبىدىن گۇاجۇ ئايمىقىغا 3 مىڭ 100 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ شەھەر مۇداپىئەچى قوشۇنى شەھەرنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشقان ئىكەن. قاراقچى ـ ئوغرى بىرەرلا ئەمەس ئىكەن. باشتا ۋېي پادىشاھى شىزۇ يارلىق چۈشۈرۈپ، ۋەن دۇگۇينى 1000 چەۋەندازنى باشلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان. كۇسەن خانى ئۇجىغۇتى قاتارلىقلارنى 3000 ئەسكەر باشلاپ تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ۋەن دۇگۇي بىر



ھۇجۇم قوزغىسا، ھەممىسى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ۋەن دۇگۇينىڭ قوشۇنى شۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچىسىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، تۆگە ـ ئات قاتارلىقلارنى خېلى كۆپ ئولجا ئېلىپ قايتقان. بۇ يەردىكىلەر ئادەتتە پاھىشىۋازلىققا ئامراق ئىكەن. ئايال كىشىنى بازارغا سېلىپ، ئەركىشىدىن پۇل يىغىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈزىدىكەن. بۇ يەردە تۇز كۆپ بولۇپ، توپ ـ توپلاپ تاغ جىرالىرىدا ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. شۇ يەردىكىلەر تۇتۇپ يېقىپ، يېمەكلىك قىلىدىكەن، تۇغۇتلۇق ئاياللىرىنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىشتە توخۇ گۆشىدەك ئوبدان بولىدىكەن. شۇ بەگلىكتىكى بەگ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆيىدە دائىم مىڭدىن ئارتۇق بېقىپ تۇرىدىغانمىش. بۇ بەگلىكنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغلاردىن مەلھەمدەك بىر خىل نەرسە چىقىپ يىغىلىپ، دەريا بولۇپ بىر نەچچە چاقىرىم ئېقىپ، يەنە يەر ئىچىگە كىرىدىكەن. ئۇ ئۇماچتەك بولىسىمۇ، ئاجايىپ سېسىق پۇرايدىكەن. بىراق ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن، چاچ ـ چىش چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قايتا ئۆسىدىكەن، كېسەللەر ئىچسە، ھەممىسى ساقىيىدىكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مۇشۇ نەرسىنى ئوردىغا تارتۇق قىلىپ يوللاپ تۇرغان.

قۇم بەگلىكى ㉚ بېگى جەنۇبىي شەھەردە ㉛ ئولتۇرىدۇ. قۇم بەگلىكى كۇسەننىڭ غەربىدە بولۇپ، دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 500 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. ئۇ كۇسەننىڭ بېقىندىسى ئىكەن.

سەپەرباي بەگلىكى㉞ بېگى سەپەرباي شەھىرىدە ئولتۇرىدىكەن، ئونسۇ بەگلىكىنىڭ شىمالىدابولۇپ، دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 650 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ كۇسەن بەگلىكىنىڭ بېقىندىسى ئىكەن.

ئونسۇ بەگلىكى ㉜ بېگى ئونسۇ شەھىرىدە ㉝ ئولتۇرىدىكەن، قۇم بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دەي

خانلىقىغا 10 مىڭ 550 چاقىرىم كېلىدىكەن، ئۇ كۆسەن بەگلىكىنىڭ بېقىندىسى ئىكەن.

ئۈيسۈن بەگلىكى ㉟ بېگى قىزىل قورغاندا ㊱ ئولتۇرىدۇ. ئۈيسۈن كۆسەن بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ بەگلىك جۇرجانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا كۆپ قېتىم ئۇچرىغاچقا، غەربكە قاراپ كۆكئارت تېغى ئارىسىغا كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، شەھەر سېپىلىنى سالماي سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلاپ مال باقىدىكەن، ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۋۇدى) تەيپەن 3 - يىلى (مىلادىيە 437 - يىلى) دۇڭ ۋەن قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ، شۇ بەگلىككە ئەۋەتكەن. كېيىن دائىم ئەلچى بېرىش - كېلىش قىلىپ، تارتۇق يوللاپ تۇرغان.

سۇلى بەگلىكى ㊲ قۇم بەگلىكىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئاقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا بەگلىك بولۇپ، دەي خانلىقىغا 11 مىڭ 250 چاقىرىم كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ ھۆكۈم سۈرگەن ئاخىرقى مەزگىلدە (مىلادىيە 465 - يىلى) ئۇنىڭ بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇددا ساكيا مۇنىنىڭ كاساياسىدىن بىرنى تەقدىم قىلغان. كاسايانىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 جاڭدىن ئارتۇق ئىكەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ بۇنى بۇددانىڭ كىيىمى بولغاچقا، ئاجايىب كارامەت بولۇشى كېرەك، دەپ ئۇنى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئۈستىگە قويغۇزغانىكەن . ئۇ نەچچە كۈن ئوت ئۈستىدە تۇرغان بولسىمۇ، كۆيۈپ كەتمىگەنىكەن. كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ كېتىپ، كۆڭلىدىن ئىززەت - ھۆرمەت قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ بېگى ئالتۇن شىر تاجىسى كىيىدىكەن. بۇ يەردىن شال، تېرىق، كەندىر، بۇغداي، مىس، تۆمۈر، سېرىق مەرگىمۇش، كىمخاپ، مەشۇت كۆپ چىقىدىكەن. ئۇلار دائىم مۇشۇ مەھسۇلاتلار بىلەن تۇركلەرنى



تەمىنلەپ، ھەر يىلى ئاپىرىپ بېرىدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ پايتەختىنىڭ ھەربىر تەرىپى بەش چاقىرىم كېلىدىكەن، چاسا شەھەر ئىكەن. بۇ بەگلىكتە جەمئىي 12 چوڭ شەھەر، نەچچە ئون قەلئە بار ئىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قولى ۋە پۇتى ساپ ئالتە تىرناقلىق ئىكەن. بالا تۇغۇلغاندا ئالتە تىرناقلىق بولمىسىلا، شۇ بالا بېقىپ چوڭ قىلىنمايدىكەن. بۇ بەگلىك قاۋۇل ئەسكەرلەردىن 2 مىڭنى ساقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ جەنۇبىدا خۇاڭخې دەرياسى بار ئىكەن. غەربىدە كۆكئارت تاغلىرى بار ئىكەن. شەرقىدىن كۆسەن بەگلىكىگە 1 مىڭ 500 چاقىرىم، غەربىدىن پەرغانە خانلىقىغا 1 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبىدىن كۆكيار (قارغالىق) غا 800 - 900 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇبىدىن گۇاجۇ ئايمىقىغا 4 مىڭ 600 چاقىرىم كېلىدىكەن.

ياپيان بەگلىكى ㊳ ئۈيسۈن بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 930 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ ئەسلىي ھونلارنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇتى قارىمىقىدىكى قەبىلە ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ هارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى دۇشيەننىڭ قوغلىغانلىقىدىن، شىمالىي تەڭرىقۇت ئالتۇن تاغدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ، كانگىيىگە قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قوشۇنىدىن ئاجىز بولۇپ ماڭالمايدىغانلار كۆسەن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا قېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ زېمىننىڭ ئەتراپى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. ئادەم سانى 200 نەچچە مىڭ ئىكەن. لياڭجۇ ئايمىقىدىكىلەر ئۇلارنى يەنە «تەڭرىقۇت خانلىقى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلى قاڭقىللارنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. بىراق بۇلار غۇزلاردىن تازىلىققا كۆپ ئېتىبار بېرىدىكەن. بۇلار ئادەتتە چېچىنى قاشقىچە قىسقا كېسىپ، قايماق بىلەن مايلاپ قويغانلىقتىن، چېچى پارقىراپ تۇرىدىكەن. بۇلار كۈندە ئۈچ قېتىم يۇيۇنۇپ، ئاندىن تاماق يەيدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدا يانار تاغ بولۇپ، ئەتراپىدىكى

تاش ساپ لاۋا بولۇپ، بىر نەچچە ئون چاقىرىم ئېقىپ قېتىپ قالىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى دورا قىلىدىكەن. مانا بۇ تاش گۆگگۇرت ئىكەن.

بۇ بەگلىك جۇرجانلار بىلەن ياراشماقچى بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ بېگى بىر نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ جۇرجانلار بەگلىكىگە كىرىپ، داتان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئىكەن. ئۇلار جۇرجانلار چېگرىسىغا كىرىپ، يۈز نەچچە چاقىرىم يول مېڭىپ، شۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى كىر يۇماي، چېچىنى تارىماي، قول يۇمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئاياللارنىڭ تىلى بىلەن قاچا - تاۋاقلارنى يالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، ياپيان بېگى ئەگىشىپ كەلگەن ۋەزىرلەرگە: «سەنلەر مېنى ئالداپ ئىتلار دۆلىتىگە ئەكىرىپسىلەر - دە» دەپلا، تېز چېپىپ قايتقان ئىكەن. داتان ئاتلىقلارنى قوغلاشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتىشەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى ئەل ئۆچمەنلىشىپ نەچچە قېتىم بىر - بىرىگە جازا يۈرۈشى قىلغان ئىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيپىڭجېنجۇ 9 - يىلى (مىلادىيە 448 - يىلى) ياپيان بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا تارتۇق يوللاپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جادۇگەرنى تەقدىم قىلىپ، كىشىنىڭ گېلىنى كېسىپ ئۈزۈۋەتكەن، بېشىنى سوقۇپ، سۆڭىكىنى تېشىۋەتكەن. بۇنداق يارىدار قاناپ، ھەتتا بىر كورەدەك قان چىققان تەقدىردىمۇ، شۇ جادۇگەر چۆپ دورىسىنى ھېلىقى يارىدارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، چاينىتىپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن، شۇ يارىدارنىڭ قانىشى دەرھال توختايدۇ - دە، ئۇ يارىدارنى بىر ئاي باققاندىن كېيىن، ئەسلىدىكىدەك ساقايتىدۇ. قىلچە ئىز قالمايدۇ دەپ تونۇشتۇرغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ بۇنىڭدىن ساختا دەپ گۇمانلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن مەھبۇستىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ سىناپ كۆرگەن. ھەممىسى ئېيتقاندەك بولغان. بۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئاتاقلىق تاغلارنىڭ



ھەممىسىدە بۇنداق چۆپ دورا بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىن سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشكە ئادەم ئۇيۇشتۇرغان. ئۇلار يەنە، ئۆز بەگلىكىدە ئۇلۇغ جادۇگەر بولۇپ، جۇرجانلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كەلگەندە، شۇ جادۇگەر بوران چىقىرىپ، قاتتىق يامغۇر ۋە قېلىن قار ياغدۇرۇپ، كەلكۈن شەكىللەندۈرگەن، جۇرجانلاردىن توڭلاپ ئۆلگەنلەر ۋە كەلكۈندە ئېقىپ كەتكەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئوندىن 2 - 3 قىسمىغا يەتكەن دېگەن. شۇ يىلى ياپيان بەگلىكى يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، تەزىم قىلىپ ھەدىيە قىلغاندا، ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن شەرق ۋە غەربتىن تەڭ چىقىپ، بىرلىكتە جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇلارنىڭ مەقسىتى ياخشى دەپ، پايتەخت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ھالەتتە بولۇپ، خۇيىنەن بېگى توغبات نارنى تۇرشاۋۇل بولۇپ، جۇرجانلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان. پادىشاھ يەنە ئالاقىدار مەھكىمىگە ياپيان بېگى تەقدىم قىلغان داقا - دۇمباق ۋە مۇزىكا - ئۇسسۇلچىلارنى نەغمە - ناۋا مەھكىمىسىگە تولۇقلاپ بەرسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپيان بەگلىكى دائىم تارتۇق تەقدىم قىلىپ تۇرغان.

شېجىبا بەگلىكى شېجىبا شەھىرىنى پايتەخت قىلغان بولۇپ سۇلى بەگلىكىنىڭ غەربىدە. دەي خانلىقىغا 11 مىڭ 620 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ شەرقىدە پەنخنا تېغى بولۇپ، شۇ يەردىن ئوبدان تۆمۈر ۋە شىر چىقىدىكەن.

مايمارگ بەگلىكى، مايمارگ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، شېجىبا بەگلىكىنىڭ غەربىدە. دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 600 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ جېڭپىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 451 - يىلى) بۇ بەگلىك ئەلچى ئەۋەتىپ، بىر قارا تۆگە تەقدىم قىلغان. بۇ بەگلىكنىڭ شەرقىدە

ئۇشمەن تېغى بار بولۇپ، تاغدىن ئالتۇن، قاشتېشى چىقىدىكەن، تۆمۈرمۇ كۆپ چىقىدىكەن.

سەمەرقەند خانلىقى㊴ سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، مايمارگ بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 720 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. خانلىق جەنۇبىدا جاسنا تېغى بار بولۇپ، تاغدىن شىر چىقىدىكەن، ئۇلار دائىم بۇنى ھەدىيە قىلىپ كەلگەن.

بۇخارا خانلىقى ㊵ بۇخارا شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، سەمەرقەند بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇ دەي خانلىقىغا 22 مىڭ 828 چاقىرىم كېلىدىكەن.

رونا خانلىقى، ئەسلى پەرغانە بەگلىكى ئىدى. ئۇ كاسان شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، سۇلى بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا. دەي خانلىقىغا 14 مىڭ 450 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى شاۋ ۋېندىنىڭ تەيخې 3 - يىلى (مىلادىيە 479 - يىلى) بۇ بەگلىك ئەلچى ئەۋەتىپ بەدىنىدىن قىزىل تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئاتنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دائىم شۇنى تارتۇق يۈزىسىدىن ھەدىيە قىلىپ تۇرغان.

سوغدى خانلىقى ㊶ كۆكئارت تېغىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى ئاۋرىسى خانلىقى ئىكەن. ئۇ ئۇلۇغ كۆل ئارىسىدا بولۇپ، كانگىيە بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا. دەي خانلىقىغا 16 مىڭ چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. دەسلەپتە ھونلار بۇ خانلىقنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن دۆلىتىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ھازىرقى خان قورنىغا قەدەر ئۈچ ئەۋلاد ئۆتكەنىدى. بۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال لياڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ مال سېتىۋېلىپ تۇشۇپ كېتىدىكەن. گۇزاڭ (ۋۇۋېي) ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشكەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، سوغدى خانى ئەلچى



ئەۋەتىپ، بۇ سودىگەرلەرنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىم قىلىپ سوۋغا - سالام يوللىمايدىغان بولۇپ قالغان.

پېرسىيە خانلىقى سۇرىستان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. بۇخارا دۆلىتىنىڭ غەربىدە بولۇپ، قەدىمكى سۇرىيە دۆلىتى شۇ ئىكەن. ئۇ دەي خانلىقىغا 24 مىڭ 288 چاقىرىم يىراق كېلىدىكەن. شەھەر چاسا بولۇپ، ھەربىر تەرىپى 10 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ دۆلەتتە يۈز نەچچە مىڭ ئائىلە بار ئىكەن. دەريا شەھەرنى ئوتتۇرىسىغا كېسىپ، جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىكەن. يەر تۈز، بۇ يەردىن ئالتۇن، كۈمۈش، تەبىئىي جەز، مارجان، كەھرىۋا، قاشتېشىچە تاش، ھېقىق، يوغان مەرۋايىت، ئەينەك سىر، خرۇستال، مەرۋايىتچە گۆھەر، ئالماس، قىزىل مەرۋايىت؛ ساپ تۆمۈر، مىس، قەلەي، كىنوۋار، سىماب، شايى، كىمخاب، تەخسە، سوقۇشقاق قىرغاۋۇلچە قۇش، زىلچا - گىلەم، يۇڭ ئەديال، قىزىل بۆكە تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ۋە لاۋاندا، كۈركەم، سۇدۇلجا، ئۈزۈن زىراۋەندى قاتارلىق خۇشپۇراق ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك قارىمۇچ، پىلپىل، ناۋات، كاكتۇس ئۇرۇقى، خۇش پۇراقلىق پارپا، ھېلىلە، خورما، يېشىل تۈز، سېرىق مەرگىمۇش قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدىكەن. بۇ يەردە ھاۋا ئىسسىق، ھەممە ئائىلە ئۆز ئالدىغا مۇز ساقلايدىكەن. يەر قۇم - شېغىل بولۇپ، سۇ باشلاپ سۇغىرىشقا تايىنىدىكەن. بۇ يەردىكى ئاشلىق ۋە قۇش - ھايۋانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئاساسەن ئوخشاش، پەقەت شال ۋە تېرىق يوق ئىكەن. بۇ يەردە داڭلىق ئات، يوغان ئېشەك ۋە تۆگە چىقىدىكەن، كۈنىگە 700 چاقىرىم يۈرىدىغىنى دائىم كۆرۈلىدىكەن. بايلارنىڭ ئۆيىدە نەچچە مىڭ تۇياق باقىدىكەن. بۇ يەردە يەنە پىل، شىر، يوغان قۇش تۇخۇمى چىقىدىكەن. بۇ

يەردىكى بىر خىل قۇشنىڭ شەكلى تۆگىدەك بولۇپ، ئۇ قوش قاناتلىق بولسىمۇ، ئېگىز ئۇچالمايدىكەن. ئوت - چۆپ ۋە گۆش يەيدىكەن. يانغان ئوتنىمۇ يېيەلەيدىكەن.

بۇ دۆلەتنىڭ خانىنىڭ ئىسمى پارس بولۇپ، ئالتۇن قوي كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئالتۇن گۈللۈك تاج، كىمخاب ئۇزۇن چاپان ۋە پىلاش كىيىپ، مەرۋايىت قاتارلىق قىممەتلىك گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى مۇنداق ئىكەن: ئەر كىشى چېچىنى قىسقا كېسىپ، ئاق تۇماق كىيىدىكەن. باشتىن قاپلاپ كىيىلىدىغان كۆڭلەكنىڭ بېشى، يېڭى ئاستى تەرىپىدىن كەرىلىدىكەن. پىلاشمۇ بار ئىكەن. ئۇ پۈتۈن بىر توقۇلما پىلاش ئىكەن. ئاياللار ئۇزۇن، كەڭ كۆڭلەك كىيىپ، يوغان پىلاش يايىدىكەن. ئۇلار چېچىنى ئالدى تەرىپىدىن تۈگۈنچە قىلىپ، كەينىگە قويۇۋېتىپ، تۆپىگە ئالتۇن - كۈمۈش گۈللىرىنى تاقاپ، يەنە يىپ بىلەن تىزىلگەن رەڭگارەڭ مەرۋايىتلارنى باغلاپ، بىلىكىگىچە ساڭگىلىتىپ قويىدىكەن. دۆلەت ئىچىدە يەنە خانىنىڭ ئون نەچچە كىچىك سارىيى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئارامگاھىغا ئوخشايدىكەن. خان ھەر يىلى 4 - ئايدا ئوردىدىن چىقىپ، ساياھەت قىلىپ ئويناپ، 10 - ئايدا ئوردىسىغا قايتىدىكەن. خان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىدىن پەزىلەتلىك ھەم ئەقىللىق بىرىنى تاللاپ، ئىسمىنى مەخپىي يېزىپ، مۇقىم بىر يەرگە پېچەتلەپ قويىدىكەن. باللىرى ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلغان ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. خان ئۆلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ھېلىقى خەتنى ئېچىپ كۆرۈپ، پېچەتلەپ يېزىلغان ئىسمى بار كىشىنى خان قىلىپ تەختكە چىقىرىدىكەن. قالغان ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى چېگرا رايونغا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىكەن. ئاكا - ئۇكىلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قايتا كۆرۈشەلمەيدىكەن. شۇ دۆلەتتىكىلەر خاننى «ئىبنى» ، خانىشنى



«فاڭبىرى» ، خانىنىڭ ئوغۇللىرىنى «شاھى» دەپ ئاتايدىكەن. چوڭ ئەمەلدارلاردىنمۇ مۇخوتەن زىندان ئىشلىرى ۋە دەۋا - ئەرزىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. تىخۇقان خەزىنە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. بۇلاردىن قالسا، دىبى ھۆدەي - دەپتەر ئىشلىرى ۋە مەمۇرىيەتنى باشقۇرىدىكەن. ئىلوخدى خانىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. شوبۇبۇ لەشكەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ قارمىقىدا يەنە ئەمەلدارلار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىنغان ئىشنى باشقۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىدىن ساۋۇت - دۇبۇلغا، نەيزە - قالقان، خەنجەر، قىلىچ، قونداقلىق ئوقيا ۋە ئوقيا ئوقى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇرۇش قىلغاندا پىل مىنىپ جەڭ قىلىدىكەن. كەينىدىن يۈزدىن ئادەم ئەگىشىدىكەن. بۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى مۇنداق ئىكەن: ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى تاياق ئۇستىگە ئېسىپ قويۇپ، ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا تۈرمىگە تاشلاپ قامايدىكەن، يېڭى خان تەختكە چىققاندىن كېيىن قويۇپ بېرىدىكەن. يەڭگىل جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ بۇرنىنى كېسىۋېتىش، پۇتىنى چېپىۋېتىش، چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىش ياكى چېچىنىڭ يېرىمىنى قىرقىپ ھەم بوينىغا تاختاي ئېسىپ قويۇش جازاسى بېرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن نومۇس كەلتۈرىدىكەن. بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە بوينىغا ئۆمۈرۋايەت تاختاي ئېسىپ قويىدىكەن. ئېسىلزادىنىڭ خوتۇنى بىلەن پاھىشىۋازلىق قىلغان بولسا، ئەر كىشىنى سۈرگۈن قىلسا، ئايال كىشىنىڭ بۇرنى ۋە قۇلىقىنى كېسىپ تاشلايدىكەن. بۇ دۆلەت باج ۋە سېلىق ئورنىغا يەرنى گۆرۈگە ئېلىپ، كۈمۈش پۇل تۆلەم قايتۇرىدىكەن.

بۇلار ئادەتتە ئوت ئىلاھى، تەڭرى ئىلاھلىرىغا چوقۇنىدىكەن، يېزىقى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. بۇ

يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاچا - سىڭلىسىنى خوتۇن - توقال قىلىدىكەن. قالغانلار نىكاھ قىلغاندىمۇ، ئەزىز - پەس دېگەندەك ئىشلارنى تالىلمايدىكەن. ياتلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ سەت - مەينەت بولغانلار مۇشۇ يەردە ئىكەن پۇقرالار ئارىسىدا 10 ياشتىن ئاشقان قىز بالا ھەم چىرايى تۈزۈكرەك بولسىلا، خان يىغىپ بېقىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ھەدىيە قىلىپ بېرىدىكەن. ئادەم ئۆلگەن بولسا، جەسەتنى تاغقا تاشلاپ قويۇپ، بىر ئاي ماتەم كىيىمىنى كىيىدىكەن. شەھەر سىرتىدا بەزىلەر ئايرىم ئولتۇرغان بولسا، شۇنىڭ ئۆلۈمى دەپنە قىلىشتەك ئىشقا ئۇچرىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. بۇنداق ئادەم هارام دەپ ئاتىلىپ، شەھەرگە كىرسە، قوڭغۇراق چېلىپ، ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرىدىكەن. ئۇلار 6 - ئاينى يىل بېشى دەپ قاراپ، 7 - ئىيۇل، 1 - دېكابىرغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىكەن. شۇ كۈنلەردە ئاۋام تەبىقىدىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا مېھمان چاقىرىپ، زىياپەت بېرىپ، تاماشا قىلىپ، خالىغانچە قەدەر كۆڭۈل ئاچىدىكەن. ئۇلار يەنە ھەر يىلى 20 - يانۋاردا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نەزىر بېرىدىكەن.

ۋېي پادىشاھى شاۋمىڭدىنىڭ شىنگۈي يىللىرى (518 - 519) بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ مەكتۇپ يوللاپ، ھەم سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىپ، «بۈيۈك دۆلەتنىڭ تەڭرىزاتى تەڭرى ئاسمان ئاتا قىلغان، كۈن چىققان تەرەپكە ھامان خەن سۇلالىسىنىڭ تەڭرىزاتىغا مەنسۇپ بولسۇن، دەپ پېرسىيە خانى جوختور چىن قەلبىمدىن ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلدىم» دېگەن گەپ يەتكۈزگەن. ئوردا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىم قىلىپ تارتۇق يوللاپ تۇرغان.

پۇرۇنى خانلىقى، پۇرۇنى شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان



بولۇپ، پېرسىيە دۆلىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ دەي خانلىقىغا 27 مىڭ 320 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇلار تاش قوپۇرۇپ شەھەر ياسايدىكەن. بۇ خانلىقنىڭ شەرقىدە جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ دەريا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە قۇش بولۇپ، ئادەم شەكلىدەك بولىدىكەن. بەزىلىرى تۆگە، ئات شەكلىدەكمۇ بولىدىكەن. ھەممىسى قاناتلىق بولۇپ، سۇدىن ئايرىلسىلا ئۆلىدىكەن. شەھەرنىڭ شىمالىدا يۇننى تېغى بولۇپ، شۇ يەردىن كۈمۈش، مارجان، كەھرىۋا چىقىدىكەن. ئۇ يەردە شىر كۆپ ئىكەن.

ئىسختىكان خانلىقى ㊷ ئىسختىكان شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، سەمەرقەند خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 940 چاقىرىم كېلىدىكەن. يەر تۈز، ھەرخىل مېۋە - چېۋە كۆپ چىقىدىكەن.

جاگۇدا خانلىقى ㊸ جاگۇدا شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. ئۇ سەمەرقەنت خانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 900 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەردىن قىزىل تۈز چىقىدىكەن. ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەرمۇ كۆپ ئىكەن.

بالخ خانلىقى بالخ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. ئۇ جاگۇدا خانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 13 مىڭ 320 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەردە ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەر كۆپ ئىكەن.

موج خانلىقى موج شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. ئۇ بۇخارا دۆلىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 22 مىڭ 920 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ يېرى تۈز، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

ئافتەرخان دۆلىتى ئافتەرخان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. ئۇ بۇخارا دۆلىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، دەي

خانلىقىغا 23 مىڭ 720 چاقىرىم كېلىدىكەن. يېرى تۈز، ھەرخىل مېۋە - چېۋە كۆپ ئىكەن.

قۋارىسىم دۆلىتى ㊹ قۋارىسىم شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. ئۇ ئافتەرخان دۆلىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 24 مىڭ 700 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ يېرى تۈز، كۆمۈش، كەھرىۋا چىقىدىكەن. شىرمۇ بار ئىكەن. ھەرخىل مېۋە - چېۋە كۆپ ئىكەن.

نوسپالا دۆلىتى پالا شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن، ئۇ بۇخارا دۆلىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 23 مىڭ 428 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇنىڭ يېرى تۈز، شال، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشقا لايىق، ھەرخىل مېۋە - چېۋە كۆپ ئىكەن.

جۇركاش دۆلىتى، جۇركاش شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. ئۇ بۇخارا دۆلىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 23 مىڭ 728 چاقىرىم كېلىدىكەن، بۇنىڭ يېرى تۈز بولغان بىلەن تېرىقچىلىق ئاز ئىكەن.

كېبۇت دۆلىتى ㊺ كېبۇت شەھىرىنى پايتەست قىلغان ئىكەن. ئۇ سەمەرقەند دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 12 مىڭ 780 چاقىرىم.كېلىدىكەن. بۇنىڭ يېرى تۈز بولۇپ، شال - بۇغداي تېرىشقا باب كېلىدىكەن، ھەرخىل مېۋە - چېۋە بار ئىكەن.

چاش خانلىقى، ئەسلىدىكى كانگىيە دۆلىتىدە ئىدى. ئۇ پەرغانە خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 15 مىڭ 450 چاقىرىم كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەييەن 3 - يىلى (مىلادىيە 437 - يىلى) بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ، تاۋاپ قىلىپ، سوۋغا تارتۇق يوللىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بېرىش - كېلىشنى توختاتمىغان.

كاپسا بەگلىكى، ㊻ ئەسلىدىكى شيۇمى يابغۇلۇقى ئىدى. ئۇ ۋاخان شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، ساكارائىول



بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. دەي خانلىقىغا 13 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ساپ تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇرىدىكەن.

سياماكا بەگلىكى ㊻ ئەسلىدىكى سياماكا يابغۇلۇقى ئىدى. سياماكا شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، كاپسا بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئىكەن. ئۇ دەي خانلىقىغا 13 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ساپ تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇرىدىكەن.

كاندۇت خانلىقى ㊼، ئەسلىدىكى كۇشان يابغۇلۇقى ئىدى. ئۇ كاندۇت شەھىرىنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، سياماكا بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. دەي خانلىقىغا 13 مىڭ 560 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇرىدىكەن.

باداقشان بەگلىكى ㊽ ئەسلىدىكى پالۋان يابغۇلۇقى ئىدى. ئۇ پالۋان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، كاندۇت بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. دەي خانلىقىغا 13 مىڭ 660 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئادەملىرى ساپ تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇرىدىكەن.

يافيال خانلىقى ㊾ ئەسلىدىكى كابۇل يابغۇلۇقى ئىدى. ئۇ كابۇل شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، باداقشان بەگلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 13 مىڭ 760 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇرىدىكەن.

ئۇلۇغ توغرىيلار خانلىقى بەلخ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، باداقشان بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 14 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ شىمالىي تەرىپىدىن جۇرجانلار بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، شۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا نەچچە قېتىم ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچۈپ، بەلخ

شەھىرىنى پايتەخت قىلغانىكەن. بۇ يەر باداقشان بەگلىكىدىن 2 مىڭ 100 چاقىرىم يىراق بولغانىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ خانى كىدرو باتۇر ھەم جەڭگە ئۇستا بولۇپ، قوشۇن تارتىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، جەنۇبقا قاراپ، شىمالىي ئەنەتكەككە بېسىپ كىرگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، گاندخارادىن (50) شىمالىي تەرەپتىكى بەش ئەل ساپ شۇنىڭ بېقىندىسى بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ دەۋرىدە، بۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ قەدىمى ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە يەتكەن. ئۇلار تاش ئېرىتىپ رەڭلىك ئەينەك كاھىش ياسايمىز دېگەن، شۇنىڭ بىلەن، تاغدىن رودا قېزىپ كېلىپ، ۋېي پايتەختىدە قۇيغان. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ياسالغان ئەينەك كاھىش غەربتىن ئەكىرگەندىنمۇ چىرايلىق پارقىرايدىغان ئىكەن. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، يۈز ئادەم سىغىدىغان ۋاقىتلىق ساراي ياساتقان، ئۇ سۈزۈك ھەم پارقىراپ تۇرغاچقا، كۆرگەنلەر ھەيران قالماي قالمىغان. ھەممىسى بۇنى ئىلاھلار قىلغان ئىش دەپ قارىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگودا ئەينەك كاھىش ئەرزانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى قەدىرلىمەيدىغان بولغان.

ئارساك خانلىقى (51) پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، يۈسۈ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. ئۇ شىمالىي تەرىپىدىن كانگىيە دۆلىتى، غەربىي تەرىپىدىن پېرسىيە دۆلىتى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، توخرىيلار خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. دەي خانلىقىغا 21 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن.

داكچىن دۆلىتى، يەنە رىم دەپ ئاتىلىپ، ئانتىئوچىيە (52) شەھىرىنى پايتەخت قىلغانىكەن، سۈرىيە دۆلىتىنىڭ غەربىدىن دېڭىز بويلىرىدىكى چەت جايلىرىنى كېزىپ 10 مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەندە بارغىلى بولىدىكەن. دەي خانلىقىغا 39 مىڭ 400 چاقىرىم كېلىدىكەن. دېڭىز بۇ دۆلەتنىڭ يېنىدا بولۇپ، بوخەي دېڭىزىغا (53) ئوخشايدىكەن. يىراق ئۇنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە



بوخەي دېڭىزى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىدىكەن. بۇمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى - دە. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى 6 مىڭ چاقىرىم كېلىپ، ئىككى دېڭىز ئارىسىغا جايلاشقان ئىكەن. يېرى تۈز، ئادەم يۇلتۇزدەك قويۇق ئولتۇرىدىكەن. بۇنىڭ خانى پايتەختىنى بەش شەھەر قىلغان، ئايرىم، ھەر بىرسى تۆت چاسا بولۇپ، ھەربىر تەرىپى بەش چاقىرىمدىن، ھەر بىر شەھىرىنىڭ ئەتراپى 60 چاقىرىم كېلىدىكەن. خان ئوتتۇرا شەھەردە ئولتۇرىدىكەن. ھەربىر شەھىرىدىمۇ سەككىز ۋەزىر تەسىس قىلىنىپ، ھېلىقى تۆت شەھەرنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرىدىكەن. ئەگەر دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىسا، ياكى ئەتراپىدا قارار قىلالمىغان ئىشلار بولسا، تۆت شەھەردىكى ۋەزىرلەر بىردەك خان ئوردىسىغا يىغىلىدىكەن. خانى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىپ، يولغا قويىدىكەن. خان ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئوردىدىن چىقىپ، قائىدە - يوسۇن ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىكەن. كىشىلەردىن ئۇۋال بولغىنى خانىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلسا، جاۋابكار تەرىپىدىكى ۋەزىرنى ئاز دېگەندە ئەيىبلەيدىكەن، ئېغىر بولغاندا ھەتتا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، شۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ باشقا پەزىلەتلىك ئادەمنى شۇنىڭ ئورنىغا كۆرسىتىشىنى بۇيرۇيدىكەن. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بويى ئېگىز ھەم كېلىشكەن، كىيىم - كېچەكى، تۇغ - ھارۋىلىرى ساپ جۇڭگونىڭكىدەك بولىدىكەن. شۇڭا باشقا يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنى داكچىن (54) دەيدىكەن. بۇنىڭ يېرى ھەرخىل ئاشلىق ۋە ئۈجمە، كەندىر تېرىشقا باب كەلگەچكە، كىشىلەر پىلە قۇرتى بېقىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. بۇ يەردە ئېسىل قاشتېشى، مارجان تاش، دېڭىز تاشپاقىسى، يايلىسى قىزىل ئاق تۇلپار، پارقىراق مەرۋايىت، يورۇتقۇچى قاشتېشى كۆپ ئىكەن. بۇ يەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن جياۋجى ۋىلايىتىگە (55) بارغىلى بولىدىكەن. سۇ يولى بىلەن يەنە يىجۇ ئايمىقىنىڭ يۇڭچاڭ

ۋىلايىتىگە[56] بارغىلى بولىدىكەن. بۇ يەردىن كۆپ، غەللىتە نەرسىلەر چىقىدىكەن. داكچىننىڭ غەربىدىكى دېڭىزنىڭ غەربىدە دەريا بولۇپ، دەريا سۈيى غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىكەن. دەريا غەربىدە جەنۇبىي تاغ ۋە شىمالىي تاغ بولۇپ، تاغنىڭ غەربىدە قىزىلسۇ دەرياسى، ئۇنىڭ غەربىدە ئاق قاشتېشى تېغى بار ئىكەن. قاشتېشى تېغىدىن كۆپ، غەللىتە نەرسىلەر چىقىدىكەن. قاشتېشى تېغىنىڭ غەربىدە ئۇماي تېغى بولۇپ، ساراي قاشتېشىدىن سېلىنغانمىش، ئارساك دۆلىتىدىن چۆل ـ قاقاس دېڭىز بويلىرىنى بويلاپ ماڭغاندىمۇ، داكچىنغا بارغىلى بولىدىكەن. ئەگرى ـ توقاي يولدا ئون نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. شۇ دۆلەتتە ئاي، كۈن، يۇلتۇزلارنى كۆرگەندە، جۇڭگودا كۆرۈشتىن پەرقلەنمەيدىكەن. بىراق بۇرۇنقى تارىخىي كىتابلاردا، سۈرىيەدىن غەربكە قاراپ، يۈز چاقىرىم يول يۈرگەندە، كۈن پېتىش جايىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ يېزىلغان. تولىمۇ خاتا ئىكەن.

ئارگچان دۆلىتى، ساكارائول بەگلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا 13 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ غەربىدە بولۇر تاغلىرى بولۇپ، تاغلار ئارىسىدا ئاسما يول ياسالغانىكەن. ئۇنىڭ تېگىدە چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىگىلى بولمايدىغان جىلغا بولۇپ، كىشىلەر شۇ يولدا ئارقاننى تۇتۇپ تۇرۇپ مېڭىپ ئۆتىدىكەن. مانا شۇ سەۋەب بىلەن شۇ تاغقا بولۇر دېگەن نام قويۇلغانىكەن. بۇ يەردىن ھەرخىل ئاشلىق، مېۋە ـ چېۋە چىقىدىكەن. بازاردا پۇل بىلەن مال ئېلىپ ساتىدىكەن. ئولتۇرىدىغان ئۆي ـ سارايلار بار ئىكەن. قورال ـ ياراغ بار ئىكەن. تۇپراقتىن ئالتۇن، مەرۋايىت چىقىدىكەن.

بولۇر خانلىقى [57] ئارگچان دۆلىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دەي خانلىقىغا 13 مىڭ 900 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم، ئىسسىق بولۇپ، شۇجۇن ۋىلايىتىنىڭ



نەسىللىك ئېتى بولىدىكەن. يېرى تۈز، مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئارگچان دۆلىتىنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن.

كىچىك توخرىيلار خانلىقى پۇرۇساپۇرا [58] شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىكەن. بۇنىڭ خانى ئەسلىي ئۇلۇغ توخرىيلار خانى كىدرۇنىڭ ئوغلى ئىكەن. كىدرۇ ھونلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ، غەربكە قاراپ كۆچكەن، ئوغلىنى بۇ شەھەرنى قوغداشقا بۇيرۇغان ئىكەن. شۇڭا بۇ دۆلەت كىچىك توخرىيلار خانلىقى ئىكەن. ئۇ بولۇر خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، دەي خانلىقىغا 16 مىڭ 600 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى شىپىڭ، جاگىي ۋىلايىتىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغانىدى. شۇڭا كىيىم ـ كېچەكلىرى چاگلارنىڭكىگە خېلى ئوخشاش ئىكەن. ئۇلار ئادەتتە ئالتۇن، كۈمۈشنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ، مال سېتىۋالىدىكەن. چارۋا ـ مالغا ئەگىشىپ، ھونلاردەك كۆچۈپ يۈرۈيدىكەن. پورۇساپورا شەھىرىنىڭ شەرقىگە 10 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بۇددا مۇنارى بولۇپ، ئەتراپى 350 قەدەم كېلىدىكەن. ئېگىزلىكى 80 جاڭ كېلىدىكەن. بۇددا مۇنارى ياسالغىنىدىن ۋېي پادىشاھى شياۋ جىڭدىنىڭ ۋۇدىنى 8 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) غا قەدەر 842 يىل بولغانىكەن. «يۈز جاڭلىق بۇددا مۇنارى» دېگەن گەپ مانا مۇشۇ يەردىن كەلگەن ئىكەن.

كەشمىر دۆلىتى زانج شەھىرىنى پايتەخت قىلىۋالغان بولۇپ، بولۇر خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئىكەن. دەي خانلىقىغا 14 مىڭ 200 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇ تۆت تەرەپتىكى تاغلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يەرنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە 800 چاقىرىم، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 300 چاقىرىم كېلىدىكەن. يېرى تۈز ھەم ھاۋا ئىسسىق ۋە نەم بولغاچقا، بېدە، ھەرخىل ئوت ـ چۆپ، غەللىتە دەل ـ دەرەخلەر ئۆسىدىكەن. ئاق ساندال، توخۇمەك، چوك دەرەخلىرى ۋە

بامبۇك قومۇچلىرى بار ئىكەن. ھەرخىل ئاشلىق تېرىلىدىكەن. ئادەم گەندىسى ھەم مالنىڭ قىغىنى ئوغۇت قىلىپ، ئېتىزغا بېرىدىكەن. يېرى نەم بولۇپ، شال ئوبدان ئۆسىدىكەن. ئۇلار قىش پەسلىدىمۇ خام سەي يەيدىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەر نەقىش ئويۇش، تەشمە نەقىش سىيلىش، يۇڭدىن توقۇلما ئىشلەشكە ماھىر ئىكەن. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەيدىن ياسالغان ھەرخىل ئەسۋابلار بار ئىكەن. بازاردا پۇل بىلەن سودا قىلىدىكەن. چارۋا - ماللىرى باشقا دۆلەتنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. دائىم ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق - سوۋغا تەقدىم قىلىپ كەلگەنىكەن.

توخارىستان [60] دەي خانلىقىغا 12 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى فەنياڭ خانلىقىغىچە [61]، غەربىي تەرىپى سەمەرقەند خانلىقىغىچە بارىدىكەن. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىق 2 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى نامسىز تاغ تىزمىلىرىغىچە، شىمالىي تەرىپى پىرسىيە دۆلىتىگىچە بارىدىكەن. جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان ئارىلىق 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ ئىچىدە بەخلىقە شەھىرى بولۇپ، شەھەرنىڭ ئەتراپى 60 چاقىرىم كېلىدىكەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئۇلۇغ دەريا بولۇپ، قەندۇ دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ھەرخىل ئاشلىق تېرىشقا باب كېلىدىكەن. ياخشى ئات، تۆگە، خېچىر چىقىدىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ خانى ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىگە تارتۇق - سوۋغا تەقدىم قىلغان.

بۇخارا دۆلىتى دەي خانلىقىغا 17 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ئارقاي بۇلاق دۆلىتىگىچە، غەربىي تەرىپى مودزى دۆلىتىگىچە بېرىپ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 1 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. جەنۇبىي تەرىپى نامسىز تاغ تىزمىلىرىغىچە، شىمالىي تەرىپى ھىسار بەگلىكىگىچە بېرىپ،



جەنۇبتىن شىمالغىچە 1 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن. دۆلەت ئىچىدە بۇخارا شەھىرى بولۇپ، شەھەرنىڭ چۆرىسى 70 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەر ھەرخىل ئاشلىق، ئۈزۈم تېرىشقا باب كېلىدىكەن. چارۋىدىن پەقەت ئات، تۆگە، قېچىر بار ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ خانى ئالتۇن سارايغا ئىگە بولۇپ، سارايىنىڭ ئالدىدا يەتتە ئالتۇن تۆگە بولۇپ، ھەر بىرسى يەتتە چى ئېگىزلىكتە ئىكەن. بۇنىڭ خانى ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىگە تارتۇق - سوۋغا تەقدىم قىلغان.

جەنۇبىي ئەنەتكەك دۆلىتى دەي خانلىقىغا 31 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ دۆلەتتە فۇچۇ شەھىرى بولۇپ، شەھەرنىڭ ئەتراپى 10 چاقىرىم كېلىدىكەن. شەھەردىن مانى مەرۋايىتى، مارجان چىقىدىكەن. شەھەرنىڭ شەرقىگە 300 چاقىرىم توغرا كەلگەن يەردە بىدىل شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئالتۇن، ھەقىقىي ئاق ساندال، تاش ھەسەل، ئۈزۈم چىقىدىكەن. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ھەرخىل ئاشلىق تېرىشقا باب كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ دەۋرىدە، بۇ دۆلەتنىڭ خانى ساباھ ئەلچى ئەۋەتىپ، دۇلدۇل، ئالتۇن، كۈمۈش تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، تەزىم قىلىپ، تارتۇق - سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇرغان.

زابۇل دۆلىتى، دەي خانلىقىغا 31 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. دۆلەتتە ۋۇنتى شەھىرى بار ئىكەن. شەھەرنىڭ شىمالىدا يانچى دەرياسى بولۇپ، غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. بۇ يەردە ئاق پىل بار ئىكەن. يەنە ئامول دېگەن بىر خىل نەرسە بولۇپ، بىر خىل دەرەخ تالاسى بىلەن توقۇلغان رەخت ئىكەن. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ھەرخىل ئاشلىق تېرىشقا باب كېلىدىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ دەۋرىدە، بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى فۇتىمود ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق قىلىپ

تۇرغان.

باداق دۆلىتى دەي خانلىقىغا 51 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى تالىكان دۆلىتىگىچە، غەرب تەرىپى ساندال دۆلىتىگىچە بېرىپ، شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئارىلىقى 750 چاقىرىم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى گىلىنگار دۆلىتىگىچە، شىمال تەرىپى قونافجۇ دۆلىتىگىچە بېرىپ، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان ئارىلىقى 900 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ دۆلەتتىن ئالتۇن، كۈمۈش، ھەرخىل گۆھەر تاش، ئاق پىل، سۇ كالىسى، قوتاز، ئۈزۈم، ھەرخىل مېۋە - چېۋە چىقىدىكەن. ئۇنىڭ يېرى ھەرخىل ئاشلىق تېرىشقا باب كېلىدىكەن.

يەپتال خانلىقى ئۇلۇغ توخرىيلار بىلەن بىر ئىرقتىن بولغانىكەن. يەنە قاڭقىللارنىڭ ئايرىم بىر تارمىقىمۇ دەيدىكەن. دېمەك، بۇلار ئەسلىي شىمالىي قورۇلدىن كەلگەنىكەن. بۇ دۆلەت ئالتۇن تاغنىڭ جەنۇبى، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، پايتەختىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا 200 چاقىرىم كەلگەن يەرگە قۇرغانىكەن. چاڭئەن شەھىرىگە[62] 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. خاننىڭ پايتەختى بەدەخشان شەھىرى ئەسلىي راجاگرخا[63] دېگەن شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەر چاسا بولۇپ، ھەربىر تەرىپى 10 چاقىرىم كېلىدىكەن. شەھەردە بۇتخانا، بۇددا مۇنارى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن ئىكەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئاكا - ئۇكا بىر خوتۇنغا تەڭ ئىگە بولىدىكەن. ئېرىنىڭ ئاكا - ئۇكىسى بولمىغان ئايال بىر بۇرجەكلىك تۇماق كىيىدىكەن. ئېرىنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى بولسا، شۇلارنىڭ سانىغا توغرا كەلگەن بۇرجەكلىك تۇماق كىيىدىكەن. كىيىم - كېچەككە پۈپۈك قوشىدىكەن. چاچ بىردەك كېسىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تىلى



جۇرجانلار، قاڭقىللار ۋە ھەرقايسى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. بۇلارنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتكۈدەك بولۇپ، قەلئە - شەھەر قۇرماي، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلاپ مال بېقىپ، كىگىز چېدىردىن ئۆي قىلىپ، يازدا سالقىن يەرگە كۆچۈپ، قىشتا ئىسسىقراق جايغا يۆتكىلىپ ئولتۇرىدىكەن. بىرنەچچە خوتۇنى بولغانلار خوتۇنلىرىنى ئايرىم جايغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر - بىرىگە 200 - 300 چاقىرىم يىراق ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ خانى سەييارە ئىش بېجىرىپ، ھەر ئايدا بىر ئورۇندا ئولتۇرىدىكەن. زىمىستان قىش كەلگەندە، 3 - ئايغىچە كۆچمەي بىر ئورۇندا مۇقىم ئولتۇرىدىكەن. خانلىق تەختنى ئۆز ئوغلىغا ئۆتكۈزۈشى ناتايىن، پەرزەنتلىرىدىن ھۆددىسىدىن چىقالايدىغىنى بولسىلا، خان ئۆلگەندە، تەختنى شۇنىڭغا بېرىدىكەن. بۇ دۆلەتتە مەپە بولغان بىلەن، ھارۋا يوق ئىكەن. تۆگە، ئات كۆپ ئىكەن. جىنايەتچىنى جازالاش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنى ھارام مالنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك بېلىدىن چاناپ ئۆلتۈرىدىكەن ھەم بىرنى ئوغرىلىغان بولسا، ئوننى تۆلىتىدىكەن. ئۆلگەنلەر بولسا، بايلار تاش قوپۇرۇپ جەسەتنى ساقلايدىكەن. نامراتلار بولسا يەرنى كولاپ كۆمۈپ قويىدىكەن. ئۆلۈكنىڭ يېنىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ قەبرىستانلىققا كۆمىدىكەن. بۇ يەردىكىلەر ياۋۇز، ئۇرۇشقاق بولغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى كانگىيە، ئۇدۇن، سۇلى، ئارساك ۋە باشقا ئوتتۇزدەك كىچىك خانلىق - بەگلىك تامامەن شۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا بۈيۈك دۆلەت دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇلار جۇرجانلار بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتى باغلىغان ئىكەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ تەيئەن 1 - يىلى (مىلادىيە 455 - يىلى) دىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ خانى دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىگە

تەزىم قىلىپ، تارتۇق ـ سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇرغان. ۋېي پادىشاھى شياۋ مىڭدىنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا (مىلادىيە 525 ـ يىلى) بۇ دۆلەت خانى بىر شىرنى تارتۇق قىلىپ، گاۋچېڭ شەھىرىگە ئەكەلگەندە، ۋەنچى چۇنۇنىڭ يۇز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى تۇپەيلىدىن، شۇ جايدا قالدۇرۇپ ساقلىغانىكەن، ۋەنچى چۇنۇ يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئاندىن پايتەختكە ئاپىرىپ قويۇلغانىكەن. ۋېي پادىشاھى شياۋۋۇدىنىڭ يۇڭشى (مىلادىيە 532 ـ 534) يىللىرىدىن كېيىن، بۇ دۆلەتتىن ئەلچى تارتۇق كەلمىگەن. بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىدىن جاگۇدا دۆلىتىگىچە بولغان ئارىلىق 1 مىڭ 500 چاقىرىم بولۇپ، گۇاجۇ ئايمىقىغىچە بولغان ئارىلىق 6 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدىكەن.

دەسلەپتە ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى (ۋېي سۇزۇڭ) نىڭ شىپىڭ (مىلادىيە 516 ـ 517) يىللىرىدا، پادىشاھ ئۆز ئاتاق ئوغلىنى ئەلچى قىلىپ، سۇڭ يۈن بىلەن سىراما فالى قاتارلىقلارنى باشلاپ، غەربىي يۇرتقا بېرىپ بۇددا نومىنى ئىزدەپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا سىرامان خۇيشېڭ بىللە بېرىپ، جېڭگۇاڭ (مىلادىيە 520 ـ 524) يىللىرىدا قايتىپ كەلگەن. سىرامان خۇيشېڭ بېسىپ ئۆتكەن دۆلەت ـ بەگلىكلەرنىڭ باش ـ ئايىغى ۋە تاغ ـ دەريالىرى، شۇنىڭدەك ئارىلىقىنىڭ چاقىرىم سانىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە تەخمىنەن ئەھۋال كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

كۆكيار بەگلىكى⑭ ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يەردىكى كىشىلەر تاغلاردا ئولتۇرىدىكەن. بۇغداي تېرىلىدىكەن. ئورمان ۋە مېۋە ـ چېۋە بار ئىكەن. پۇقرالار تامامەن بۇددا دىنىغا چوقۇنىدىكەن. ئۇلارنىڭ تىلى، ئۇدۇندىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. بۇ بەگلىك يەپتال دۆلىتىگە بېقىندى بولغانىكەن.



كاۋانتا بەگلىكى، كۆكئارت تاغلىرىنىڭ شەرقىدە، كۆكيارنىڭ غەربىدە ئىكەن. دەريا بۇ بەگلىكنىڭ ئىچىدىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدىكەن. بەگلىك ئىچىدە ئېگىز تاغ بولۇپ، ياز پەسلىدىمۇ قار ـ مۇز بولىدىكەن. بۇ بەگلىكتىكىلەر بۇددا دىنىغا چوقۇنىدىكەن. يەپتاللارنىڭ بېقىندىسى بولغانىكەن.

ۋاخان بەگلىكى⑮ كاۋانتا بەگلىكىنىڭ غەربىدە ئىكەن. بۇ يەر بەكمۇ سوغۇق بولغاچقا، گەمە كولاپ، ئادەم بىلەن چارۋا ـ مال بىرگە ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭدا يەنە قارلىق تاغ بولۇپ، خۇددى كۇمۇش چوققىسىدەك كۆرۈنىدىكەن. بۇ يەردىكىلەر پەقەت نان ۋە كەسكەن چۆپ يەپ، ئارپىدىن ئېچىتىلغان هاراق ئىچىپ، كىگىز ۋە جۇۋا كىيىدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ ئىككىلا يولى بار بولۇپ، بىرى غەربكە قاراپ يەپتالغا تۇتىشىدىكەن. يەنە بىرى غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئۇديانا بەگلىكىگە تۇتىشىدىكەن. ئۇمۇ يەپتال دۆلىتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەنىكەن.

زىداق خانلىقى، ۋاخان بەگلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىكەن. بۇ خانلىقنىڭ يېرى تار، ئادىمى كەمبەغەل بولۇپ، تاغ جىرالىرىغا تايىنىپ جان باقىدىكەن. بۇنىڭ خانى ھەممىنى باشقۇرالمايدىكەن. خانلىقتا ئۈچ كۆل بولۇپ، ئېيتىشلارچە چوڭ كۆلدە سۇ ئىلاھى، ئۇنىڭدىن قالسا سۇ ئىلاھىنىڭ خانىشى، ئەڭ كىچىك كۆلدە سۇ ئىلاھىنىڭ ئوغلى بار ئىكەن. يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە، شۇلارغا نەزىر ـ چىراغ بەرگەن بولسا ئۆتەلەيدىكەن، نەزىر ـ چىراغ بەرمىگەن بولسا، شىۋىرغان قار ـ بوران چىقىپ يولنى توسۇپ قالىدىكەن.

داردا خانلىقى زىداق خانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەن. كىشىلەر تاغلاردا ئولتۇرىدىكەن. ئۇلار بۇددىغا چوقۇنماي، باشقا ھەرخىل ئىلاھلارغا چوقۇنىدىكەن. بۇ خانلىقمۇ يەپتال دۆلىتىگە بېقىندى بولغانىكەن. ئۇنىڭ شەرقىدە بولۇر خانلىقى بار ئىكەن. يول خەتەرلىك بولغاچقا، كىشىلەر تۆمۈر زەنجىرنى تۇتۇپ، تېگى

كۆرۈنمەيدىغان جىرالاردىن ئۆتەلەيدىكەن. شىپىڭ يىللىرىدا سۇڭ يۈن قاتارلىقلار بۇ يەرگە يېتىپ بارالمىغان.

ئۇدىيانا خانلىقى[66] داردا خانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالىدا كۆككىرت تاغلىرى بار بولۇپ، جەنۇبى تەرىپى ئەنەتكەككە تۇتىشىدىكەن. بىراھمانلار بۇ خانلىقتا يۇقىرى تەبىقە ئىكەن. بىراھمانلار ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى چۈشەندۈرەلىگەچكە، بۇ خانلىقنىڭ خانى ھەدېسىلا شۇلارنى زىيارەت قىلىپ، شۇ ئىشنى سورايدىكەن. بۇ يەردە ئورمان، مېۋە - چېۋە كۆپ بولۇپ، سۇ باشلاپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، شال، بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بۇددىغا چوقۇنۇپ، كۆپلەپ بۇتخانا، بۇددا مۇنارى قۇرغان ھەمدە ناھايىتى گۈزەل زىننەتلىگەن. كىشىلەر ئارىسىدا ھەق - تەلەپ دېلوسى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپكە بىر خىل دورا ئىچۈرىدىكەن. خاتالىقى - گۇناھى بار تەرەپ ساراڭ بولىدىكەن، چاتىقى يوق تەرەپ ھېچنېمە بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا ئۆلۈم جازاسى بولمايدىكەن. ئۆلۈم جازاسىغا توغرا كەلگەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى تاغقا كۆچۈرۈۋېلا قويىدىكەن. غەربىي جەنۇبىدا تاڭتى تېغى بولۇپ، تاغ ئېتىكىدە ئېشەكلەرنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. بۇ ئېشەكلەر ئۆزى بېرىپ - كېلىشنى بىلىدىكەن.

گاندخارا خانلىقى ئۇدىيانا خانلىقىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئەسلى يېپبۇ دەپ ئاتالغان. يەپتاللار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ نامى مۇشۇنداق ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن. بۇ خانلىقنىڭ خانى ئەسلى تېلىلاردىن بولغان بولۇپ، ھۆكۈم سۈرگىلى ئىككى ئەۋلاد بولغانىكەن. بۇلار جەڭ قىلىشقا ئامراق بولۇپ، كەشمىر خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۈچ يىلغىچە توختاتمىغاچقا، پۇقرالار نارازى بولۇپ، زار - زار قاقشىغان ئىكەن. بۇ دۆلەتتە ئۇرۇش پىلى 700 تۇياق بولۇپ،



ھەربىر پىلغا 10 كىشى مىنىپ، ھەممىيلەن قورال تۇتىدىكەن، قىلىچىنى پىلنىڭ ئۇزۇن بۇرنىغا باغلاپ قويۇپ، جەڭگە سالىدىكەن. بۇ خانلىقنىڭ پايتەخت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يەتتە چاقىرىم توغرا كەلگەن يەردە بۇددا مۇنارى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 70 جاڭ، چۆرىسى 30 قەدەم بولۇپ، «قۇشقاچمۇ قونالماس بۇددا مۇنارى» مانا مۇشۇ ئىكەن.

سوغدىيانا دۆلىتى ئەسلى كانگىيىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئۇلار ئانا يۇرتقا ئېسىلىۋالماي، مۇقىم جايدا تۇرماي كۆچۈپ تۇرىدىكەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان، ئەۋلادمۇ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەنىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ خانى ئەسلى ۋىن فامىلىلىك بولۇپ، توخرىلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى چىلەنشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى جاۋۋۇ قەلئەسى[67] بولۇپ، ھونلارنىڭ ئىشغال قىلغانلىقىدىن كۆككىرت تاغلىرىدىن ئېشىپ، بۇ يەرنى ئىگىلەپ، دۆلەت قۇرۇۋالغانىكەن. خان خوتۇنلىرىدىن بولغان تارماق ئەۋلادلىرىغىمۇ بەگلىكنى بۆلۈپ بەرگەنىكەن. شۇڭا سوغدىيانا دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنىڭ خانلىرى بىردەك جاۋۋۇ فامىلىلىك دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدىكەن. بۇلارنىڭ خانى جاۋۋۇ شىۋبى بولۇپ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانىنىڭ قىزى ئىكەن. سارتاۋا سۇدىكى ناھايىتى كۆپ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئاررۇدۇ شەھىرىنى پايتەخت قىلغانىكەن. دۆلەت ئىشلىرىنى ئۈچ ۋەزىر تەڭ باشقۇرىدىكەن. خان چېچىنى باغلاپ، ھەرخىل گۆھەردىن نەقىش سالغان ئالتۇن گۈل تاقاپ، شايى، ھېلىلە، كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن كىيىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى چېچىنى تۈگۈپ، تۆپىسىگە قارا ياغلىق ياپىدىكەن. بۇ يەردىكى ئەرلەر چېچىنى كېسىپ، كىمخاپ كىيىم كىيىدىكەن. ئۇ ئاتلىق، قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەردىن

كۆپىنچىسى شۇنىڭغا بېقىندى بولغانىكەن. ماغىيان، كېش، كېبۇت، كۇشانىيە، بۇخارا، مەرۋى، ناقساپە، ئۇناغ، مائورا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ قوشۇلغانىكەن. ئۆزىنىڭ غۇزلارچە قانۇنى بولۇپ، ئىبادەتخانىدا ساقلاپ، جازا، ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، شۇ بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىكەن. جىنايىتى ئېغىر بولغانلارنىڭ جەمەتى قىرىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا، جىنايەتچى ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىكەن.

ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭ پۇتى چانىلىدىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەر كۆز ئۇۋىسى چوڭقۇر، بۇرنى ئېگىز، بومبا ساقاللىق ئىكەن. ئۇلار سودا ئىشلىرىغا ماھىر بولغاچقا، ئەتراپىدىكى ياتلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ دۆلەتكە يىغىلىپ سودا - تىجارەت قىلىشىدىكەن. ناغرا - دۇمباق، چارتار، بەش تارلىق غوڭقا قاتارلىقلار بار ئىكەن. نىكاھ ۋە ئۆلۈم ئىشلىرىنىڭ قائىدىسى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. دۆلەت ئەجدادلار ئىبادەتخانىسى تۇرغۇزغان بولۇپ، 6 - ئايدا نەزىر - چىراغ بېرىدىكەن. ئۆزىگە بېقىندى بولغان ئەللەرمۇ ياندىن ياردەم بېرىپ، نەزىر قىلىپ بېرىدىكەن. بۇ يەردىكىلەر بۇددىغا چوقۇنىدىكەن. غۇزلارچە خەت يازىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋارايى ئىسسىق، ھەرخىل ئاشلىق تېرىشقا باپ كەلگەچكە، بۇ يەردىكىلەر باغ - ۋارانچىلىق بىلەن ئوبدان شۇغۇللىنىدىكەن. دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان بولىدىكەن. بۇ يەردىن ئات، تۆگە، ئېشەك، دۈمبىسى ئېگىز ياۋا كالا، ئالتۇن، نۆشۈدۈر، ئۈپا - ئەڭلىك، ئاشىنا ئۇپىسى، يېشىل مەرۋايىت، بۆكە تېرىسى، يۇڭ ئەدىيال، كىمخاب قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدىكەن. ئۈزۈم ھاراق كۆپ بولۇپ، بايلار مىڭ كۆرە ساقلاپ تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدىكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ (تەيۇۋدى) نىڭ تەييەن يىللىرى (مىلادىيە 435 — 440 - يىللىرى) دا بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى



تارتۇق - سوۋغا قىلغان. كېيىن قايتا كەلمىگەن.
(«ۋېينامە» 6 - كىتاب 2259 — 2281 - بەتلەر)

---

①بەن چاۋ ( 班超 ) — نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ناھايىتى ۋاپادار ۋە ئىرادىلىك ئىدى. كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا بېرىپ، غەربىي يۇرت قالايمىقانچىلىقىنى تۈزەتكەن. ئاندىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولۇپ، ئەللىك نەچچە ئەلنى ئۆزىگە جەم قىلىپ، خېلى قۇدرەت تاپتۇرغان. ئۇ غەربىي يۇرتتا 31 يىل ئىشلەپ، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان، ھەتتا غەربىي يۇرتتىكىلەر ئۇنى خەن ئوردىسىغا قايتقىلى قويمىغان.
(«كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

②غەربىي دېڭىز ( 西海 ) — پارس قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

③ۋۇۋېي ( 武威 ) — ۋىلايەت. مەركىزى گۇزاڭ شەھىرى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ۋىلايىتىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 50 — 51 - بەتلەر)

④ئىسسىق كۆل بىلەن ئارال دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑤پىشامشان بەگلىكى ( 鄯善国 ) — ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيىسىدە بولۇپ، قۇملۇققا جايلاشقان.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

⑥مىرەن قەلئەسى ( 扜泥城 ) — ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالى، ئابدالنىڭ جەنۇبىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 65 - بەت)

⑦دەي خانلىقى ( 代国 ) — توغبات شىجىيەن 338 ـ يىلى دەي خانلىقىنى قۇرۇپ، شىڭلې (هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىدا) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. توغبات گۇي 386 ـ يىلى دەي خانلىقىنىڭ ئاساسىدا ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغان. بۇ يەردە دېيىلگەن دەي خانلىقى شىڭلې شەھىرى دېگەنلىك بولىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

⑧قۇمتاغ ( 白龙堆 ) — ئاق ئەجدىھا چۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپنۇرنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑨شەرقىي قەلئە ( 东城 ) — مىرەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑩چەرچەن بەگلىكى ( 且末国 ) — هازىرقى چەرچەن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑪ئۇدۇن بەگلىكى ( 于阗国 ) — هازىرقى خوتەن، قارىقاش، لوپ، چىرا ناھىيىلىرىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑫ئايال باشچىلىقىدىكى ئەل ( 女国 ) — سوۋارنا گوترا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

⑬ئۇدۇن شەھىرى ( 于阗城 ) — هازىرقى خوتەن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑭لاۋزى ( 老子 ) — ئەمىنىيە دەۋرىدىكى ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، 



تەرىقەتچىلەر تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى.
(«سىخەي» 2827 ـ بەت)

⑮پاسئان بەگلىكى ( 蒲山国 ) — هازىرقى گۇما ناھىيىسىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا .
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑯قوجان قەلئەسى ( 呼鞬建城 ) — كوئېنلۇن تاغلىرى ئارىسىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑰سارىقۇل بەگلىكى ( 权于摩国 ) — هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑱ساكارائۇل بەگلىكى ( 渠莎国 ) — هازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑲جۇمى بەگلىكى ( 且弥国 ) — هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى، قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

⑳ئاگنى بەگلىكى ( 焉耆国 ) — هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونو رايونى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

㉑باغرات شەھىرى ( 员渠城 ) — هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەنجى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 18 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بولۇپ، قارا دۆڭ دەپ ئاتىلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەرناملىرى» 9 ـ بەت)

㉒ئاقتاغ ( 白山 ) — تيانشان تېغىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉓باغراش كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

㉔گۇاجۇ ئايمىقى ( 瓜州 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 237 - بەت)

㉕چوقۇر ( 左回 ) — ھازىرقى خوشۇت ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 20 - بەت)

㉖قارا قۇم ( 尉犁 ) — ھازىرقى كورلا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى، باغراش كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㉗كۇسەن بەگلىكى ( 龟兹国 ) — ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىدىن ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگىچە بولغان جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ» ئاتلىسى 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㉘يان شەھىرى ( 延城 ) — ھازىرقى كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㉙تارىم دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉚قۇم بەگلىكى ( 姑墨 ) — ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)



㉛جەنۇبىي شەھەر ( 南城 ) — ئاسۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㉜ئونسۇ بەگلىكى ( 温宿国 ) — ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 - 53 - بەتلەر)

㉝ئونسۇ شەھىرى ( 温宿城 ) — ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㉞سەپەر باي بەگلىكى ( 尉头国 ) — ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قاراچى دېگەن جايدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㉟ئۇيسۇن بەگلىكى ( 乌孙国 ) — ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان شەھىرىنىڭ شەرقى، ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㊱قىزىلقورغان ( 赤谷城 ) — ھازىرقى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 - كىتاب 52 — 53 - بەتلەر)

㊲سۇلى بەگلىكى ( 疏勒国 ) — ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 45 - بەت)

㊳ياپبان بەگلىكى ( 悦般国 ) — ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي

جەنۇبى، ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالى ۋە ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

㊴سەمەرقەند خانلىقى (悉万斤国) — تەخمىنەن ھازىرقى بالقاش كۆلى بىلەن ئارال دېڭىزى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«سىخەي» 1965 ـ بەت)

㊵بۇخارا خانلىقى (忸密国) — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى بۇخارا شەھەر ئەتراپلىرىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 15 ـ بەت)

㊶سوغدى خانلىقى (粟特国) ھازىرقى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى زەرەپشان بويلىرىدا.
(«سىخەي» 4215 ـ بەت)

㊷ئىسختىكان خانلىقى (色知显国) — ھازىرقى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 100 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 37 ـ بەت)

㊸جاگۇدا خانلىقى (加色氏国) — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى گازنى دېگەن يەر.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 37 ـ بەت)

㊹قۋارىسىم (呼似密) — ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان، خارەزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
(«سىخەي» 1276 ـ بەت)

㊺كاپىسا بەگلىكى (伽倍国) — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋاخان ئەتراپىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 9 ـ بەت)



㊻سىياماكا بەگلىكى (折薛莫孙国) — ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 9 ـ بەت)

㊼كاندۇت بەگلىكى (钳敦国) — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ۋاخان رايونىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 49 ـ بەت)

㊽باداقشان بەگلىكى (弗敌沙国) — ھازىرقى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 8 ـ بەت)

㊾يافىيال خانلىقى (闫浮谒国) — ھازىرقى ئافغانىستان كابۇل شەھىرى ئەتراپىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 39 ـ بەت)

㊿گاندخارا (乾陀罗) — يەرنامى. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستاندىكى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا.
(مۇھەررىردىن)

(51)ئارساك خانلىقى (安息国) — ھازىرقى ئىران ئېگىزلىكى ۋە ماۋارەئۇننەھردە.
(«سىخەي» 2291 ـ بەت)

(52)ئانتىئوچىيە (安都) — ھازىرقى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، ئانتاكىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 5 ـ بەت)

(53)بوخەي دېڭىزى (勃海) — ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپلىرىدا سەندۇڭ، خېبېي، لياۋنىڭ ئۆلكىلىرى بار.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

(54) تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللىكلەر جۇڭگونى بەزىدە چىن دەيدىكەن، خەنزۇلارنى بولسا چىنلىقلار دەيدىكەن. داكچىن دېگەن سۆز 大秦 دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.
(مۇھەررىردىن)

(55) جياۋجى ۋىلايىتى ( 交趾郡 ) — ھازىرقى ۋېيتنامنىڭ پايتەختى خانوي شەھىرىنىڭ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 31 ـ بەت)

(56) يۇڭچاڭ ۋىلايىتى ( 永昌郡 ) — ھازىرقى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 36 — 37 ـ بەتلەر)

(57) بولۇر خانلىقى ( 波路国 ) — ھازىرقى كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بالتىستان دېگەن يەرگە توغرا كېلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 16 ـ بەت)

(58) پۇرۇساپۇرا ( 富楼沙 ) — ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى پېشاۋار دېگەن يەردە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

(59) راج ( 善见 ) — ھازىرقى كەشمىردىكى سىرناگار دېگەن يەرنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

(60) توخارىستان ( 吐呼罗 ) — ھازىرقى پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىي ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 97 ـ بەت)



(61) فەنياڭ خانلىقى ( 范阳国 ) — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى كابۇل شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بامىئان دېگەن يەرگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 44 — 45 ـ بەتلەر)

(62) چاڭئەن شەھىرى ( 长安城 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ يېنىدا.
(مۇھەررىردىن)

(63) راجاگرخا ( 王舍城 ) — ھازىرقى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى راجگىر دېگەن يەر.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 80 ـ بەت)

(64) كۆكيار بەگلىكى( 朱居国 ) — ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 300 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، قاغىلىق ناھىيىسىگە تەۋە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 — 53 ـ بەتلەر)

(65) ۋاخان ( 钵和 ) — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋاخان دېگەن يەر.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 52 ـ 53 ـ بەتلەر)

(66) ئۇدىيانا خانلىقى ( 乌苌国 ) — ھازىرقى ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سىۋات دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 99 ـ بەت)

(67) جاۋۋۇ قەلئەسى ( 昭武城 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جياڭيې شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 626 ـ بەت)

«ۋېينامە» 103 ـ جىلد

# جۇرجانلار هونلاردىن يۇرغۇن موغاي قاڭقىللار

جۇرجانلار شەرقىي غوزلارنىڭ① پۇشتى بولۇپ، فامىلىسى يۇرچى يۇز ئىدى. دەسلەپتە پادىشاھ شىجيۇەندىنىڭ ئاخىرلىرىدا② (مىلادىيە 277 ـ يىلى) تالان ـ تاراج قىلغان چەۋەندازلارنىڭ بىرى بىر قۇلنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانىدى. ئۇ چېچى ئەمدىلا قاشقىچە ئۆسكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۇنتۇپ قالغان. شۇڭا خوجايىنى ئۇنىڭغا مۇگۇر يۇز دېگەن ئىسىم قويغان. مۇگۇر يۇز دېگىنى تاز دېگەن مەنىدە ئىكەن. مۇگۇر يۇز بىلەن يۇرچى يۇزنىڭ ئاھاڭى يېقىن بولغاچقا، شۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد ـ پەرزەنتلىرى يۇرچى يۇز دېگەننى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىۋالغانىكەن. مۇگۇر چوڭ بولۇپ ئۆسۈپ قاۋۇل بولغاچقا، قۇللۇقتىن كەچۈرۈم قىلىنىپ ئاتلىق لەشكەرلىككە ئېلىنغانىكەن. پادىشاھ مۇدى دەۋرىدە ھەربىي ئىشقا كېچىكىپ قالدى دەپ قارىلىپ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغاندا، ئۇ قېچىپ چىقىپ بىپايان چۆللۈك ۋە تاغ جىرالىرىدا يۇرۇپ، قېچىپ يۇرگەن يۇز نەچچە ئادەمنى يىغىۋېلىپ خىتۇلىن قەبىلىسىگە تايانغانىكەن. مۇگۇر يۇز ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چېلوخۇي باتۇر بولغاچقا ئۆز ئالدىغا قەبىلە ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلاپ، ئاۋارلار دەپ ئاتالغان ھەم ۋېي سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇۋالغانىكەن. كېيىن ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇلارنىڭ بىلىمسىز، يۇرۇش ـ تۇرۇشى يوغان قۇرتتەك بولغىنىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ نامىنى جۇرجانلار دەپ ئۆزگەرتكەنىكەن.



چېلوخۇي قەبىلە سەردارى بولۇۋالغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئات، چارۋا ـ مال، بۇلغۇن تېرىسىنى تارتۇق قىلىپ يوللاپ تۇرغان. ئۇلار قىش پەسلىدە جەنۇبىي چۆللۈككە كۆچۈپ بېرىپ ياز پەسلىدە شىمالىي چۆللۈككە قايتىپ كېلىپ يۇرگەن. چېلوخۇي ئۆلگەندە ئوغلى تونۇكۇي ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. تونۇكۇي ئۆلگەندە ئوغلى باتى ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. باتى ئۆلگەندە ئوغلى دىسۇيۇەن تەختكە چىققان. دىسۇيۇەن ئۆلگەندە، ئۇنىڭ قەبىلىسى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، دىسۇيۇەننىڭ چوڭ ئوغلى پىخۇ باي دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقىي تەرىپىدە ئولتۇرۇۋالسا، كەنجى ئوغلى ئونقىت ئايرىم بىر قىسىملارنى ئۆزىگە تارتىپ، غەربىي تەرەپتە ئولتۇرۇۋالغان. پادىشاھ جاۋ چېڭدى③ ۋاپات بولغاندا (مىلادىيە 376 ـ يىلى) ئونقىت ۋېي چېنغا④ بېقىندى بولۇپ ۋېي سۇلالىسىدىن يۇز ئۆرۈگەن. ۋېي پادىشاھى داۋۋۇدىنىڭ دېڭگو يىللىرىدا (مىلادىيە 391 ـ يىلى) جازا يۇرۇشى قىلىسا جۇرجانلار قەبىلىسى بويىچە قېچىپ كۆچۈپ كەتكەن. ۋېي قوشۇنى كەڭ چۆللۈكتىن ئۆتۈپ نەنچۈاڭ⑤ تېغىنىڭ ئېتىكىگىچە قوغلاپ بېرىپ، شۇلارنى تارمار قىلىپ يېرىمىنى ئەسىر ئالغان. پىخۇباي بىلەن ئەمرى ئۇلۇس ئوجى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى يىغىپ قاچقان. ۋېي پادىشاھى جاڭسۇن سۇڭ بىلەن جاڭسۇن خېنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. جاڭسۇن سۇڭ پىڭۋاڭچۈەن تۈزلەڭلىكىگە بارغۇچىلىك ئوجىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەسىر ئېلىپ كاللىسىنى ئالغان. جاڭسۇن خې جوشىي تېغىغىچە قوغلاپ پىخۇ بايغا يېتىشىۋالغاندا، پىخۇباي قەبىلىسىنى باشلاپ تەسلىم بولۇشنى تىلىگەن. ئونقىتنىڭ ئوغلى قۇتلۇقخان ۋە قۇتلۇقخاننىڭ ئاكىسى جىگۇز، سەللان، قوغۇرسۇ قاتارلىق بىر جەمەتتىكى نەچچە يۇز كىشىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى قەبىلىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئونقىت غەربكە قېچىپ ۋېي

چىنغا قوشۇلماقچى بولغاندا، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ بونا تېغىغىچە قوغلاپ يېتىشىۋالغان. ئۇ قېتىم قايتىدىن تەسلىم بولغان. ۋېي پادىشاھى تەينۇ ئاۋۋالقىدەكلا تەسەللى بەرگەن.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋۇدى) نىڭ دىڭگو 9 - يىلى (مىلادىيە 394 - يىلى) قۇتلۇقخان بىلەن سەللان قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ دادىسىنى تاشلاپ غەربكە يول ئالغان. جاڭسۇن خې يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ شاڭجۇن ۋىلايىتىدىكى بونا تېغىغىچە قوغلاپ، قۇتلۇقخاننىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سەللان بىرنەچچە يۈز كىشى بىلەن پىخۇ بايغا پاناھ تارتىپ بارغان. پىخۇباي ئۇلارنى ئۆز ئوردىسىدىن 500 چاقىرىم كېلىدىغان جەنۇبىي چەت جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلىنى ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سەللان ئۆز قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ پىخۇبايىنىڭ تۆت ئوغلىنى تۇتۇۋېلىپ ئاسىيلىق قىلىپ، پىخۇبايغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. پىخۇ بايىنىڭ باللىرى قالدۇق قىسىملىرىنى يىغىپ، قېچىپ قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىگە پاناھ ئىزدەپ بارغان. سەللان ياۋۇز ھەم تۈلكىدەك ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن پىخۇ باي ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۇلار جەم بولغاندا بىر يولىلا يوقاتماقچى بولغان. ئۇ ئاستىرتتىن قوشۇن تارتىپ پىخۇ بايغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، پىخۇ بايىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. پىخۇبايىنىڭ ئوغلى چىبار، ئوجى قاتارلىق 15 كىشى ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (داۋۇۋۇدى) غا ئەل بولۇپ كەلگەن. سەللان پىخۇ بايىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ قوشۇنىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشىدىن قورقۇپ، ۋۇيۇەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بۇلاپ، شىمالغا يۈرۈپ چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ چىبار، ئوجىنى يىراق جايلارنى



تىنچىتقۇچى سانغۇن، يىڭجى بېگى قىلغان. سەللان ياۋشىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ قۇدىلاشقان.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ تۇرشاۋۇل قوشۇنلار سانغۇنى خې تۇنى چۇفۇ، سۇگويەن قەبىلىلىرىگە تۇيۇقسىز تېگىش قىلىشقا ئەۋەتكەن. سەللان سۇگويەننى قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە، خې تۇ زەربە بېرىپ سەللاننى تارمار قىلغان.

سەللان يىراققا قېچىپ شىمالىي چۆللۈككە بېرىپ، قاڭقىللارغا چېقىلىپ، شۇلارنىڭ زېمىنىغا كىرىپ، بىرمۇنچە قەبىلىنى قوشۇۋالغان ۋە بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كەتكەن. ئۇلار شىمالدىكى يۇرۇقسۇ دەرياسى⑥ بويىغا كۆچكەندە ھەربىي تۈزۈم تۇرغۇزۇشقا باشلىغان، يەنى مىڭ كىشىدىن بىر قوشۇن تەشكىل قىلىنىپ، ھەربىر قوشۇنغا بىردىن سانغۇن قويۇلىدىكەن؛ ھەر 100 كىشىدىن بىر كورپۇس تەشكىل قىلىنىپ بىردىن سەركەردە قويۇلىدىكەن؛ ھۇجۇم قىلغاندا ياۋ سېپىگە بالدۇر بېسىپ كىرگەنلەرگە ئولجا، ئەسىرلەر بېرىلىدىكەن. قورقۇپ كەينىگە چېكىنگەنلەرنىڭ بېشىغا تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن ياكى ۋاقىتلىق چارە قوللىنىپ دۇمبالاپ، قامچىلايدىكەن. ئۇلاردا خاتىرىلەيدىغان يېزىق بولمىغاچقا، سانغۇن، سەركەردىلەر قوي مايىقى بىلەن تەخمىنەن ساناپ قويىدىكەن. كېيىن ياغاچقا بەلگە ئويۇپ خاتىرىلەشنى بىلگەن. ئۇلارنىڭ غەربىي شىمالىدا ھونلارنىڭ قالدۇق نەسلى بولۇپ، خېلى باي ۋە قۇدرەت تاپقان. ئەمىر ئۇلۇسى بايئېرجى بولۇپ، قوشۇن تارتىپ سەللانغا ھۇجۇم قىلغان. سەللان تاقابىل تۇرۇپ ئېرگىن دەرياسى⑦ بويىدىكى جەڭدە بايئېرجىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان ھەم كېيىن ئۇنىڭ قەبىلىسىنى تولۇقى بىلەن قوشۇۋالغان. سەللان شۇنىڭ بىلەن قۇدرەت تاپقان. ئۇلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ مال بېقىپ يۈرىدىكەن. ئۇلار تۇرغان جاينىڭ غەربى ئاگنى بەگلىكىنىڭ زېمىنى، شەرقىي كورىيە، شىمالى قۇملۇق بولۇپ، جەنۇبى چوڭ

چۈللۈك ئىكەن. ئۇلارنىڭ دائىم جەم بولىدىغان يېرى ـ تەختى ھۇمايۇن ـ دۇنخۇاڭ، جاڭيې ۋىلايەتلىرىنىڭ شىمالىدا ئىكەن. كىچىك ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىدىن قۇتۇلالماي، بېقىندى بولۇپ قوشۇلغان. سەللان شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى چۇرتۇغ قاغان دەپ ئاتىۋالغان. «چۇرتۇغ» دېگىنى ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «تىزگىنلەش ئەمدى باشلاندى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. «قاغان» دېگىنى ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلىدا پادىشاھ دېگەنلىك ئىكەن. جۇرجانلارنىڭ ئادىتى بويىچە قاغان ۋە ۋەزىرلەرگە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن نام قويۇلىدىكەن. بۇ خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ۋاپات ئۇنۋانى بەرگىنىگە ئوخشايدىكەن. بىراق ئۇلاردا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن نام ـ ئاتاق قوشۇپ بەرمەيدىكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ دىۋان بېگى سۇي شۇەنبۇغا مۇنداق دېگەن: «جۇرجانلار بۇرۇن جاھىللىقى ۋە غالجىرلىقى بىلەن نام چىقارغانىدى. ئۇلار ھەر قېتىم بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كەلگەندە، سىيىرلارنى ئالدىدا ھەيدەپ، ئۆكۈزلەرنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈۋالاتتى. سىيىرلار يېتىشۋېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەيتتى. باشقا قەبىلىدىكىلەر ئۇلارغا سىيىرلار بىلەن ئۆكۈزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشنى ئۆگەتسە، جۇرجانلار: ‹ئانىسى ئالغا ئىلگىرىلىمەي تۇرسا، بالىسى قانداقمۇ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ›، دەپ زادىلا بۇ كالىلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرماي، ئاخىرى دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. ھازىر سەللان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەردىن ئۆگىنىپ ھەربىي تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، ئۇرۇش تاكتىكىسى بېكىتىپ، ۋېي سۇلالىسى چېگرىسىغا زىيانداش بولۇپ قالدى. تەرەققەتچىلەر ‹پەيغەمبەر دۇنياغا كەلسە چوڭ توپىلاڭ كۆرۈنىدۇ› دېگەنىدى. ئەمدى ئىشەندىم».

ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ تيەنشىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە



402 ـ يىلى) سەللان ۋېي تەيزۇنىڭ ياۋ شىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، چېگرىسىغا چېقىلىپ، سېنخېيېي⑧ دېگەن يەردىن بېسىپ كىرىپ، جەنۇبتىكى چەيسەن تېغى⑨ ۋە شيەنئۇ ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي كۆلىگىچە كەلگەن. ئەينى چاغدا چەڭسەن بېگى توغبات زۇن يارلىققا بىنائەن 10 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ قوغلاپ بارغان بولسىمۇ يېتىشۋالالمىغان. ۋېي تەيزۇنىڭ تيەنسى يىللىرىغا كەلگەندە (مىلادىيە 404 ـ يىلى) سەللاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى يۆدەينى بىلەن دانا قاتارلىقلار-سەللاننى ئۆلتۈرۈپ، دانانى تەختكە چىقىرىشنى پىلانلىغان. بۇ پىلان پاش بولۇپ قېلىپ، دانا قاتارلىقلار ۋېي سۇلالىسى تەرىپىگە پاناھ ئىزدەپ كەلگەن. پادىشاھ دانانى ئۇزغان سانغۇن، شىپىڭ بېگى قىلىپ، يۆدەينى يۈ چەۋەندازلىرى چېرىكچىسى، يىياڭ ۋىكوندى قىلىپ تەيىنلىگەن. تيەنسى 3 ـ يىلى (مىلادىيە 406 ـ يىلى) يازدا سەللان ۋېي سۇلالىسى چېگرىسىغا چېقىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ (مىڭيۈەندى) نىڭ يۇڭشىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 409 ـ يىلى) سەللان يەنە چېگرا رايونىغا چېقىلغان. يۇڭشىڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 410 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغانىدا، سەللان قېچىپ كېتىپ، يولدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى دۇبا تېخى كىچىك بولۇپ، كۆپچىلىكنى تىزگىنلىيەلمىگەچكە قەبىلىدىكىلەر سەللاننىڭ ئىنىسى قوغۇرسۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ياغىياق، گاج قاغان دەپ ئاتىغان. بۇ نام ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ئەقلىي قابىلىيىتى ياخشى دېگەن مەنىدە ئىكەن.

قوغۇرسۇ شىمالدىكى ئەل خېسۇيگۇنى قوشۇۋېلىپ، شەرقتىكى بىلچىن قەبىلىسىنى تارمار قىلغان. يۇڭشىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 411 ـ يىلى) قوغۇرسۇنىڭ بىر جەمەتىدىكى يۇخۇتۇدگەن قاتارلىقلار بىرنەچچە يۈز كىشىنى باشلاپ تەسلىم

بولۇپ كەلگەن. قوغۇرسۇ ۋېي پادىشاھىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، جەنۇبقا چېقىلىشقا پېتىنالماي ئۆزىنى قوغداپ تۇرغان. شۇڭا شىمالىي چېگرا رايونىدا تىنچلىق ئورنىتىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ شىزۇي 1 - يىلى (مىلادىيە 414 - يىلى) قوغۇرسۇ فېن با بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتماقچى بولغان. فېن با قوغۇرسۇنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا سورىغان. توي بولاي دېگەندە قوغۇرسۇنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى بۇرجىن قوغۇرسۇغا: «قىزىڭىز كىچىك، يىراقتا ياتلىق قىلسىڭىز ئۇ غەم - غۇسسىدە كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ۋەزىر شۇلى، ۋۇدىيلەرنىڭ قىزلىرىنى ئەۋەتسەك بولىدۇ» دېگەن. قوغۇرسۇ بۇنىڭغا ئۇنىمىغان. بۇرجىن چىقىپ شۇلى قاتارلىقلارغا: «قوغۇرسۇ قىزلىرىڭلارنى ئۇنىڭ قىزىغا قوشۇپ يىراق بىر ئەلگە ياتلىق قىلماقچى ئىكەن» دېگەن. شۇلى شۇنىڭ بىلەن بىر پىلان تۈزۈپ، قوغۇرسۇ ئولتۇرغان چېدىر ئەتراپىغا باتۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوغۇرسۇ چېدىردىن چىققاندا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، قىزىنى خېلۇڭ قەلئەسىگە ياتلىق قىلىشقا بىرگە قوشۇپ ئاپىرىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرجىن تەختتە ئولتۇرغۇزۇلغان.

بۇرجىن تەختكە چىقىپ، ھاكىمىيەتنى شۇلىنىڭ ۋاكالىتەن تۇتۇشىغا بەرگەن. دەسلەپتە قاڭقىللاردىن چىلوخۇ ئۆزىنىڭ ئەمىر ئۇلۇسىغا ئاسىيلىق قىلىپ، سەللاننى باشلاپ ئۆز تەرىپىدىكى قەبىلىلەرنى بىر - بىرلەپ تارمار قىلغان. سەللان ئۇنى ئەتىۋارلاپ بۇزرۇكۋار قىلغان. بۇرجىن بىلەن سەللاننىڭ ئوغلى شىبا چىلوخۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ياش خوتۇنىنىڭ نومۇسىغا تەگكەن. بۇ ئايال بۇرجىنغا چىلوخۇ داتاننى قاغان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئالتۇن يۈگەننى داتانغا ئەۋەتىپ گۇۋاھلىق بەلگىسى قىلغان، دېگەن. بۇرجىن خەۋەر تېپىپ، 8000 چەۋەنداز ئەۋەتىپ، چىلوخۇنى قورشاۋغا ئالغان. چىلوخۇ بارلىق



قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇرجىن ئاندىن كېيىن داتانغا زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قوزغىغان. داتان قوشۇن تارتىپ قارشى چىقىپ بۇرجىن بىلەن شىبانى تۇتۇۋېلىپ، ھەر ئىككىلىسىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن. ئۆزى بولسا تەختكە چىقىۋالغان.

داتان دېگەن كىشى سەللاننىڭ كىچىك ئاتىسى پوغۇنىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاۋۋال باشقا قەبىلىلەرنى باشقۇرۇپ، غەربىي چېگرىنى قوغدىغان. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقتىن ئەل ھىمايىسى بىلەن تەختكە چىقىپ، مۇغان قىشناناي قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا غالىب دېگەن مەنىدە ئىكەن. قوغۇرسۇ ئاتا - بالا خېلۇڭ قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا، فېن با ئۇنى شاڭگۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. داتان كۆپچىلىكنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ چېگرا قورغىنىغا چېقىلغان بولغاچقا، ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ بىۋاسىتە جازا يۈرۈشكە ئاتلانغان. داتان چۆچۈپ كېتىپ قاچقان. پادىشاھ شيەنياڭ بېگى شى جىڭ قاتارلىقلارنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار زىمىستان قار - بورانغا ئۇچراپ قالغانلىقتىن ئۇششۇپ ئۆلگەنلىرى ۋە تىرناقلىرى چۈشۈپ قالغانلىرى ئوندىن ئىككى - ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىگەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ ۋاپات بولۇپ، پادىشاھ شىزۇ (تەيۋۇدى) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. داتان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تازا خۇشال بولۇپ، شىگۇاڭنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 424 - يىلى) كۈزدە يۈنجۇڭ ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۆزى بىۋاسىتە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلىنىپ، ئۈچ كۈندۈز ئىككى كېچە يول يۈرۈپ يۈنجۇڭ ۋىلايىتىگە يېتىپ بارغان. داتاننىڭ چەۋەندازلىرى ۋېي پادىشاھى شىزۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، 50 نەچچە قات قىلىپ قورشىۋالغان. چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرى بىر - بىرىگە باش قوشۇپ، خۇددى توسما تامدەك بولۇپ كۆرۈنگەن. ۋېي سۇلالىسى

لەشكەرلىرى راسا چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولماي، سالماقلىق بىلەن چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىمۇ تۇراقلاشقان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى داتانىڭ ئىنىسى دانا سەللان بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تالىشىپ مەغلۇپ بولۇپ، ۋېي پادىشاھىغا پاناھ تارتىپ كەلگەنىدى. داتان دانانىڭ ئوغلى يۈجىجىننى ئەمىرى ئۇلۇس قىلىپ قويغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئوقيا بىلەن يۈجىجىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن داتان چۆچۈپ كېتىپ قايتىپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ شىگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 425 ـ يىلى) داتانغا كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قىلىپ بەش يۆنىلىش بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن. پىڭياڭ بېگى جاڭسۇن خەن قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى قاراقۇملۇق يولى بىلەن ئاتلانغان. رويىن گۇڭى جاڭسۇن داشېڭ قوشۇنى قارا قۇملۇق بىلەن ئاق قۇملۇق[10] ئارىسىدىكى يول بىلەن ئاتلانغان. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قوشۇنى ئوتتۇرا يول بىلەن ئاتلانغان. دۇڭپىڭ گۇڭى ئې چىڭ قوشۇنى غەرب تەرەپتىكى لىيۇەن[11] يولى بىلەن ئاتلانغان. يىچىڭ بېگى شى جىن ۋە سانغۇن ئەن يۈەن قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى غەربىي يول بىلەن يەنى ئېرخەن تېغى بىلەن ئاتلانغان. ھەرقايسى قوشۇن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلگەندە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تاشلاپ قويۇپ، يېنىك چەۋەندازلار ھەربىرى 15 كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى يېنىدا بىللە ئېلىپ قۇملۇقتىن كېزىپ يۈرۈش قىلغان. داتان قەبىلىلىرى چۆچۈپ كېتىپ شىمالغا قاراپ قاچقان. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ شېنجا 1 ـ يىلى (مىلادىيە 428 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا داتان ئۆز ئوغلىنى 10 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ چېگرا رايونىغا بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار چېگرا ئاھالىلىرىنى قىرىپ، بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن. ۋېي سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسى بولغان قاڭقىللار كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى تارمار



قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ گۇاڭنىڭدىن قايتىپ كەلگەچكە ئۇلارنى قوغلاپ بېرىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن.

ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ شېنجيا 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا پايتەختنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدىكى ھەربىي قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇپ، داتانغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىماقچى بولغان. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە يۈرۈش قىلىشقا بېرىشنى خالىمايتتى. مۇنەججىم جاڭ يۈەن، شۇ بيەن ئاسماندىكى جىسىملار ۋە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ۋېي پادىشاھى شىزۇنى دەۋەت قىلىپ توختاتقان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ سۈي خاۋنىڭ تەدبىرى بويىچە ئىش كۆرگەن. دەل بۇ چاغدا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بارغان ئەلچى قايتىپ كېلىپ، لىيۇ يىلۇڭنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ يولۇچىلارغا: «چاپسان قايتىپ بېرىپ ۋېي پادىشاھىغا ئېيتىپ قويۇڭلار، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىننى قايتۇرۇپ بەرسىلا قوشۇنۇمنى قايتۇرىمەن. بولمىسا لەشكەر ـ سەركەردىلىرىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىمەن» دېگەنلىكىنى ئېيتقان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئەمىر ـ ۋەزىرلىرىگە: «تاشپاقىدەك بىر نېمە تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالماي تۇرسا، قولىدىن يەنە نېمە ئىش كېلىدۇ؟ ئۇلار كەلگەن تەقدىردىمۇ، جۇرجانلارنى ئاۋۋال يوقاتمىساق، قاراقچىلار كېلىپ قالسا ئالدى ـ كەينىمىزدىن دۈشمەنگە دۇچ كېلىشكە مەجبۇر بولىمىز، بۇ ياخشى تەدبىر ئەمەس، ئەمدى يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدىم» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئالىيلىرى شەرقىي يول بىلەن خېيشەن تېغىغا[12] قاراپ يۈرۈش قىلغان. پىڭلياڭ بېگى جاڭسۇن خەن غەربىي يول بىلەن دائېسەن تېغىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان. بۇ ئىككى يۆنىلىش قاراقچى ئوغرىنىڭ ئوردىسىدا[13] ئۇچراشماقچى بولغان. 5 ـ ئايدا قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بېرىپ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى

تاشلاپ قويۇپ يەڭگىل هالدا ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىپ، لىشۈي دەرياسىغا[14] يېتىپ بارغاندا، داتاننىڭ ئادەملىرى غەربكە قاراپ قاچقان. داتاننىڭ ئىنىسى پىلى دەسلەپتە شەرقتىكى قەبىلىلەرنى باشقۇراتتى. ئۇ داتاننىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ، يولدا جاڭسۇن خەننىڭ قوشۇنىغا ئۇچراپ قالغان. جاڭسۇن خەن چەۋەندازلارنى زەربە بېرىشكە قوزغاپ، پىلىنىڭ قول ئاستىدىكى سەردارلاردىن نەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. داتان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈپ كېتىپ، ئۆز جەمەتىدىكىلەر ۋە يېقىن - يورۇقلىرىنى باشلاپ ئۆي - چېدىرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئىزىنى يوقىتىپ غەربكە قېچىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قايسى يەرگە يېتىپ بارغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېلى ۋەيران بولۇپ، خەلقى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ تاغ جىلغىلىرىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان. مال - چارۋىلىرى ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ قارايدىغان، يىغىۋالىدىغان ئادەم بولمىغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ لىشۈي دەرياسىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى دۇشيەننىڭ ئەسكى قورغىنىدىن[15] ئۆتكەن. 6 - ئايدا پادىشاھ ئالىيلىرى تۇيۇەن دەرياسىغا[16] قايتىپ بېرىپ، پىڭچېڭ شەھىرىدىن 3700 چاقىرىم يىراقلىقتا بارغان. ئۇ قوشۇننى بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاختۇرۇپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شەرقتە بىپايان قۇملۇققىچە، غەربتە جاڭيې دەرياسىغىچە بارغان. شىمالدا يەنرەن تېغىدىن[17] ئېشىپ ئۆتكەن بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغىچە 3000 چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىدە ئاختۇرۇپ ئىزدىگەن. قاڭقىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى داتان بىلەن نەسىلداش بولغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 نەچچە مىڭ كىشىنى ئەل قىلىپ كەلگەن. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ۋە ئولجا ئېلىنغان ھەربىي ئاتلار بىر مىليوندىن ئاشقان. 8 - ئايدا ۋېي



پادىشاھى شىزۇ شەرقىي تەرەپتىكى قاڭقىللارنىڭ سىنىبېي كۆلى[18] بويىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىغا مىڭ چاقىرىمدىن كۆپرەك ئارىلىق بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سول قول يانداش بەگ ئەن يۈەننى شۇ يەرگە بېرىپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئەن يۈەننىڭ قوشۇنى سىنىبېي كۆلى بويىغا بارغىچە، قاڭقىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن كۆلەڭگىنى كۆرۈپلا ئەل بولغانلارنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن.

داتاننىڭ قەبىلىلىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن. ئۇ كېسەللىكى قوزغالغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئوغلى ئوتى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى تىللان قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «مۇقەددەس» دېگەن مەنىدە ئىكەن. شېنجيا 4 - يىلى (مىلادىيە 431 - يىلى) ئوتى ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىگە تارتۇق يوللىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چارلىغۇچى چەۋەندازلىرى ئوتىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدا چارلاپ يۈرگەن 20 نەچچە كىشىنى تۇتۇۋالغانىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇلارغا كىيىم - كېچەك بېرىپ، قايتۇرۇۋەتكەنىدى. ئوتى تەرەپتىكىلەرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغانلىقىدىن ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى كاتتا مېھمان قىلىپ ئاندىن قايتۇرغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ يەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 434 - يىلى) 2 - ئايدا ئوتىغا شىخەي مەلىكىنى ياتلىق قىلىپ بەرگەن. يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوتىنىڭ كىچىك سىڭلىسىنى ئۆزىگە كىچىك خانىش قىلىپ ئالغان. ئۇنى يەنە سول بانۇ - غۇنچىچە قىلىۋالغان. ئوتى ئۆزىنىڭ ئاكىسى تۇرۇقۇي ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى نەچچە يۈز كىشىنى ئوردىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە 2000

تۇياق يىلقىنى تەقدىم قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇلارغا خېلى كۆپ نەرسە بەرگەن. تەييەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 436 ـ يىلى) غا كەلگەندە، ئوتى تىنچلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ يەنە ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرا قورغانلىرىغا چېقىلغان. تەييەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 438 ـ يىلى) پادىشاھ ئالىيلىرى ۋۇيۇەن ۋىلايىتىگە يېتىپ بارغان بولۇپ، شۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى باشلىغان. لېپىڭ بېگى توغبات يې، خېدۇڭ گۇڭى خې دورو 15 سانغۇنغا باش بولۇپ شەرقىي يول بىلەن؛ يۇڭچاڭ بېگى توغبات جەن، يىدۇ بېگى مۇ شۇ 15 سانغۇنغا باش بولۇپ غەربىي يول بىلەن؛ پادىشاھ ئالىيلىرى ئوتتۇرا يول بىلەن يۈرۈش قىلغان. جۇنجى تېغىغا[19] كەلگەندە ئوتتۇرا يولدىكى قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ، يەنە ئىككى يول بىلەن، يەنى چىنلىيۇ بېگى توغبات چوڭ بىپايان سازلىقتىن جوشيې تېغىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان، پادىشاھ ئالىيلىرى جۇنجى تېغىدىن شىمالغا قاراپ تەڭرىتاغ[20] تەرەپكە يۈرۈش قىلغان. ئۇلار غەربكە قاراپ مېڭىپ بەيخۇ تېغىغا[21] چىقىپ جۇرجانلارنى ئۇچرىتالماي، تاشقى ئويما خاتىرە قالدۇرۇپ قايتىپ كەلگەن. ئەينى چاغدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن سۇ، ئوت ـ چۆپ بولماي، ھەربىي ئاتلاردىن نۇرغۇنى ئۆلگەن. تەييەن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 439 ـ يىلى) پادىشاھ ئالىيلىرى غەربتىكى جۈرجى مۇقانغا جازا يۈرۈشى قىلىپ كەتكەندە، يىدۇ بېگى مۇشۇ شاھزادە جىڭمۇغا ياردەملىشىپ قوغداپ قالغان. چاڭلې بېگى جى جىڭ، جيەننىڭ بېگى توغبات چوڭ 20 مىڭ كىشىنى باشلاپ، جۇرجانلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى مۇھاپىزەت قىلغان. دەرۋەقە ئوتى چېگرىغا چېقىلغان. مۇ شۇ ئالدىنئالا قوغدىنىش تەييارلىقىنى ياخشى قىلمىغاچقا، بۇ قاراقچىلار چىيې[22] تېغىغىچە بېسىپ كىرگەن. پايتەختتىكىلەر راسا ساراسىمىگە چۈشۈپ كېتىپ، بەس ـ بەس



بىلەن ئوتتۇرا شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالغان. ئەمىرى مىمار جاڭسۇن داۋ شېڭ بۇ قاراقچىلارنى تۇتۇي تېغىدا[23] توسۇۋەتكەن. ئوتى ۋېي سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ ئاكىسى چىرىگۈينى شىمالىي تەرەپنى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەر بىلەن بىرگە مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرغانىدى. جى جىڭ، توغبات چوڭلار چىرىگۈينى چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدا تارمار قىلىپ، چىرىگۈينى قولغا چۈشۈرگەن. چىرىگۈي ھەسرەت چېكىپ: «جۈرچى مۇقان مېنى چاتاق قىلدى ـ ھە» دېگەن. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى تاۋ ئۇلقۇ ۋە سانغۇن ـ سەركەردىلەردىن 500 كىشىنى قولغا چۈشۈرگەن. 10 مىڭچە ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنغان. ئوتى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قېچىپ كەتكەن، جاڭسۇن داشېڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغىچە قوغلاپ بېقىپ يېتىشەلمەي قايتىپ كەلگەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيپىڭجېنجۈن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 443 ـ يىلى) قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغىچە يېتىپ بېرىپ قوشۇننى تۆت تارامغا بۆلۈپ، يەنى لېئەن بېگى توغبات فەن، جيەننىڭ بېگى توغبات چوڭ ھەربىرى 15 تىن سانغۇننى باشلاپ شەرقىي يول بىلەن؛ لېپىڭ بېگى توغبات پېي 15 سانغۇنغا باش بولۇپ غەربىي يول بىلەن؛ پادىشاھ ئالىيلىرى ئوتتۇرا يول بىلەن يۈرۈش قىلىپ، جۇڭسەن بېگى توغبات چېن 15 سانغۇننى باشلاپ ئوتتۇرا يول قوشۇنىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بولۇپ ماڭغان. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قوشۇنى لۇخۇڭ جىلغىسىغا بارغاندا قاراقچىلار بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، ئوتى قېچىپ كەتكەن. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قوشۇنى ئېرگىن دەرياسىغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇنى تارمار قىلغان. پادىشاھ ئالىيلىرى تاشسۇ دەرياسىغىچە[24] يېتىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەن. تەيپىڭجېنجۈن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 444 ـ يىلى) پادىشاھ ئالىيلىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بېرىپ، ئوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىماقچى بولغاندا، ئوتى يىراققا قېچىپ بولغاچقا،

پادشاھ ئالىيلىرى قايتىپ كەلگەن.

ئوتى ئۆلۈپ ئوغلى توقچىن تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى چۇ قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «بىردىنبىر» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن. تەيپىڭجېنجۈن 10 - يىلى (مىلادىيە 449 - يىلى) 10 - ئايدا پادشاھ ئالىيلىرى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، گاۋلىياڭ بېگى توغبات نار شەرقىي يول بىلەن، لۆياڭ بېگى توغبات جەر غەربىي يول بىلەن، پادشاھ ئالىيلىرى بىلەن شاھزادە جىڭمۇ ئوتتۇرا يول بىلەن يۈرۈش قىلىپ جوشيې تېغىغا چىققان. توقچىننىڭ ئايرىم بىر ئەمىر ئۇلۇسى ئىرجىنتاپا قاتارلىقلار بىر مىڭ نەچچە ئائىلىلىكنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولغان. شۇ چاغدا ھەربىي قوشۇن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈش قىلغان. توقچىن يېڭىلا تەختكە چىققانلىقتىن چۆچۈپ كېتىپ يىراققا قاچقان. 9 - ئايدا پادشاھ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، گاۋلىياڭ بېگى توغبات نار شەرقىي يول بىلەن، لۆياڭ بېگى توغبات جەر ئوتتۇرا يول بىلەن يۈرۈش قىلىپ، ھەرقايسى قوشۇنلار دىفۇ كۆلى㉕ ئەتراپىدا ئۇچراشماقچى بولغان. توقچىن پۈتۈن ئەلنىڭ خىل قوشۇنلىرىنى يىغىپ، خېلى كۆپ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ توغبات نارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، نەچچە ئون قات قورشىۋالغان. توغبات نار خەندەك قېزىپ، ئۇزۇن تام سوقۇپ چىڭ ساقلاپ بىر مۇنچە كۈن تىركىشىپ تۇرغان. توقچىن نەچچە قېتىم جەڭگە چاقىرسىمۇ، يېڭىۋالالمىغان. ئۇ توغبات نارنىڭ ئادىمى ئاز بولسىمۇ قاتتىق مۇداپىئە قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، زور قوشۇن كېلىپ قالارمىكىن، دەپ مۇھاسىرىنى بوشىتىپ كېچىدە قېچىپ كەتكەن. توغبات نار قوشۇننى باشلاپ توققۇز كېچە - كۈندۈز قوغلىغان. توقچىن تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ، ھەربىي لازىمەتلىكلىرىنى تاشلاپ، چيۇڭلۇڭ چوققىسىدىن㉖ ئېشىپ يىراققا قاچقان. توغبات نار ئۇنىڭ ھەربىي



لازىمەتلىكلىرىنى يىغىۋېلىپ، قوشۇننى باشلاپ قايتىپ پادشاھ ئالىيلىرى بىلەن گۇاڭزى سازلىقىدا㉗ ئۇچراشقان. لۆياڭ بېگى توغبات جەر توقچىننىڭ ئادەم ۋە چارۋا - ماللىرىنى تولۇق يىغىۋالغان. ئادەم ھەم مال - ۋاران قوشۇلۇپ، ھەممىسى مىليوندىن ئاشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن توقچىن يېتىم قېلىپ ئاجىزلاشقان ھەم يىراقلارغا قېچىپ كەتكەن. چېگرا رايوندا ئۇرۇش سىگناللىرى يوقاپ كەتكەن. ۋېي پادشاھى گاۋزۇڭنىڭ تەيئەن 4 - يىلى (مىلادىيە 458 - يىلى) پادشاھ ئالىيلىرى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، 100 مىڭ چەۋەنداز، 150 مىڭ ھارۋىنى باشلاپ تۇغ - ئەلەملەر مىڭ چاقىرىمدىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھالدا، چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتكەن. توقچىن يىراقلارغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارار گاھىنىڭ ئەقلدارى ئۇجۇجاتۇ بىر قانچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولغان. ۋېي پادشاھى شىنزۇ جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، خەلقنى ئارام ئالدۇرماقچى بولغان. جۇرجانلارمۇ شۇ قورقۇپ قېچىپ كەتكەنچە، قايتىدىن جەنۇبقا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان.

ۋېي پادشاھى گاۋزۇڭنىڭ خېپىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 464 - يىلى) توقچىن ئۆلۈپ، ئوغلى ئۇچىن تەختكە چىقىپ ئۆزىنى سۇرا بوكىن قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، مېھر - شەپقەت دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ ئۆز ئالدىغا يۇڭكاڭ 1 - يىلى دېگەن يىلنامىنى بېكىتىۋېلىپ، ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ كېلىپ چېگرا قورۇللىرىغا چېقىلغان. شىمالىي قورغانلاردىكى گېزەكچى لەشكەرلەر ئۇنىڭ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. ۋېي پادشاھى شيەنۋېندىنىڭ خۇاڭشىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 470 - يىلى) ئۇچىن چېگرا رايونىغا بېسىپ كىرگەن. پادشاھ ئالىيلىرى شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئاتلانغان. كىنجاپ بېگى

توغبات زىتۇي، دۇگىيالڭ گۇگى يۇەن پىي ھەرقايسى قوشۇنلارغا باش بولۇپ غەربىي يول بىلەن، رېنچىلڭ بېگى توغبات يۈن قاتارلىقلار قوشۇنغا باش بولۇپ شەرقىي يول بىلەن يۈرۈش قىلغان. رۇيىن بېگى توغبات سى، جىنەن گۇگى لۈئۇبا قوشۇنغا تۇرشاۋۇل بولۇپ، لۇگشى بېگى يۇەن خې ياردەمچى قوشۇنغا باش بولۇپ كەينىدىن يۈرۈش قىلغان. ھەرقايسى سانغۇنلار پادىشاھ ئالىلىرى بىلەن نۇشۇي دەرياسى ۋادىسىدا ئۇچراشقان. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ (شيەنۋېندى) كۆپچىلىك ئالدىدا بىۋاستە قەسەم بېرىپ، ھەرقايسى سانغۇنلارغا يارلىق بېرىپ: «ئەسكەر ئىشلىتىشتە كۆپچىلىككە تايىنىشقا بولمايدۇ. بەلكى كۈتۈلمىگەن يەرگە ئىشلىتىش كېرەك. سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ بارىچە ئۇرۇش قىلساڭلار بولىدۇ. تەدبىر - پىلاننى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانمەن» دېگەن. ئۇ يارامىلىق چېرىكلەردىن 5 مىڭنى تاللاپ ئۇرۇشقا سالغان. يەنە كۆپلىگەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان چېرىكلەرنى ئۈيۈشتۈرۈپ قارشى تەرەپنى گۇمانلاندۇرغان. قاراقچىلارنىڭ قوشۇنى قېچىپ تارمار بولۇپ كەتكەن. پادىشاھ قوشۇنى 30 نەچچە چاقىرىم قوغلاپ 50 مىڭچە كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالغان. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەل بولغان. ئولجا ئېلىنغان قورال - ياراغ، ئات - ئۇلاغ، سايمانلار سان - ساناقسىز بولغان. پادىشاھ ئالىيلىرى بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن 19 كۈن ئىچىدە 6000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرگەن بولۇپ، نۇشۇي دەرياسىنىڭ نامىنى ۋۇچۇەن دەرياسى دەپ ئۆزگەرتىپ، «شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا مەدھىيە» دېگەن شېئىرنى يېزىپ، تاشقا ئويدۇرۇپ تۆھپىنى خاتىرىلىگەن.

ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋۋېندى) نىڭ يەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 475 - يىلى) ئۇچىن ئەلچى ئەۋەتىپ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئالاقىدار مەھكىمە ئۇچىن چېگرا قورغانلىرىمىزغا پات - پات چېقىلغان، دەپ ئۇنىڭ



ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋېتىپ، قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ مۇنداق دېگەن: «جۇرجانلار خۇددى قۇش - قاناتلار، ھايۋاناتقا ئوخشاش بولۇپ، ئاچكۆزلۈكىدىن ئىنساپ - مەردانىلىقنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، مەن باشقىلارغا سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ باقاي. ئۇلارنى بىراقلا توسۇۋەتسەكمۇ بولماس، ئۇچىن ئۆتكەنكى گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپ تىنچلىق ئارزۇسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ مۇنداق ياخشى نىيىتىنى ياندۇرسام بولامدۇ؟» شۇنىڭ بىلەن يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئورناتماقچى بولغانلىقىڭ ئەسلىي نىيەتتىن يانغانلىقىڭنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن ئىشىنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن تېخى ۋاقتىنچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەر بولغۇچىنىڭ قىزنى نىكاھىغا ئېلىشىغا ئاتاپ پال ئاچتۇق. پال ھادىسىسىدىن قارىغاندا، نىكاھنىڭ دەسلەپتىلا ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قائىدە - يوسۇن بويىچە تويلۇق ئاپىرىشقا ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك ئىكەن. ئادەم دېگەن ئادەمگەرچىلىككە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. دەسلەپتىلا قىلغان ئىشى ئەدەپسىزلىككە ياتسا، ئاخىرقى ئىشلارغا بىر نېمە دېيىش قىيىن - دە» . ئۇچىن ھەرقاچان بىرەر ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا كېرەك، شۇندىن كېيىن تاكى ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ دەۋرى ئاياغلاشقىچە نىكاھ ئىشىنى قايتا ئېغىزىغا ئالمىغان. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ (شياۋ ۋېندى) نىڭ تەيجى 1 - يىلى (مىلادىيە 477 - يىلى) 4 - ئايدا قارارگاھ ئەقىلدارى بىبا قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئېلىپ ئات، بۇلغۇن جۇۋا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بىبا تاۋاپ قىلغان، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ «تەڭرىزات ئوردىسىدا ھەرخىل گۆھەرلەر، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ خېلى كۆپ توپلانغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. بىر كۆرسىتىپ بېرىشلىرىنى تىلەيمىز» دېگەن. پادىشاھ

ئالاقىدار مەھكىمىلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئوردا مەھكىمىسىنىڭ گۆھەر، قىممەتلىك نەرسىلىرى، ئالتۇن - قاشتېشى ئەسۋاب - جابدۇقلىرى، كەشتە بۇيۇملىرى، شاھانە ئېغىلدىكى رەڭدار (گۈللۈك) ئاتلار، ئاجايىپ - غارايىپ قۇش - قانات ھايۋانلارنى، شۇنداقلا جاھاندا ئىشلىتىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كىنجاپ بازارلىرىغا تىزىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇغان. بىبالارمۇ شۇلارنى كۆرۈپ ئۆزئارا: «بۈيۈك دۆلەتنىڭ بۇنچىلىك باياشات - گۈزەللىكىنى مۇنچە ياشقا كىرگىچىلىك كۆرۈپ باقمىغانىكەنمىز» دېيىشكەن. تەيخې 2 - يىلى (مىلادىيە 478 - يىلى) 2 - ئايدا، ئۇچېن يەنە بىبالارنى ئوردىغا ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىغان ھەم نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىش تەلىپىنى قايتا قويغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ئۇلارنى ئەل قىلىش غەرىزىدە بولغاچقا ماقۇل دېگەن. ئۇچېن شۇنىڭدىن كېيىن يىللىق تارتۇقنى ئۈزۈلدۈرمەي يوللاپ تۇرغان. بىراق توختامنامىنى يازدۇرماي يۈرۈپ، نىكاھ ئىشلىرىنىمۇ توختىتىپ قويغان.

ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى) نىڭ تەيخې 9 - يىلى (مىلادىيە 475 - يىلى) ئۇچېن ئۆلگەن بولۇپ، ئوغلى تولۇن تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى فۇرمىندۇن قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، قەتئىي ئىرادىلىك دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ يىلنامىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ تەيپىڭ 1 - يىلى دەپ ئاتىۋالغان. تولۇن ۋەھشىي بولۇپ، قىرغىنچىلىققا ئامراق ئىكەن. ئۇنىڭ ۋەزىرى خۇيىيە، شىرۇخۇلار نەچچە قېتىم سەممىمىي - ساداقىتى بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، باشقا ئەللەر بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تاجاۋۇز قىلماسلىق كېرەك، دېگەن. تولۇن غەزەپلىنىپ شىرۇخۇلارنى يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى،



دەپ تۆھمەت قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغىچە يوقىتىۋەتكەن. تەيخې 16 - يىلى (مىلادىيە 492 - يىلى) 8 - ئايدا ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ (شياۋ ۋېندى) ياڭپىڭ بېگى يۈەن يى، سول قول ياندىش بەگ لۇرۇينى تەڭ قاتاردا تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەپ، قوغۇرسۇ خېلىڭ قاتارلىق 12 سانغۇن ھەم 70 مىڭ چەۋەندازدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ تولۇنغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ قەبىلىلىرىدىن قاڭقىللار قەبىلىسى ئاپۇرغۇر ئون نەچچە تۈمەن تۈتۈننى باشلاپ غەربكە كېتىپ ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغان. تولۇن كىچىك ئاتىسى ناغاي بىلەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ كەينىدىن قوغلىغان. تولۇن جۇنجى تېغىنىڭ شىمالىدىن يول ئېلىپ غەربكە قاراپ ماڭغان. ناغاي ئالتۇن تاغدىن چىقىپ غەربكە قاراپ ماڭغان. تولۇن ئوپۇرغۇر تەرىپىدىن پات - پات يېڭىلگەن بولسا، ناغاي قايتا - قايتا ئوپۇرغۇر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئۇ ئەلدىكىلەر ناغاي تەڭرى ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن، دەپ ناغاينى قاغان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان. ناغاي ئۇنىماي يۈرسە، كۆپچىلىك ئۇنى شۇنداق قىلىشقا زورلىغان. ناغاي: «مەن ۋەزىر تۇرۇقلۇق قاغان بولۇۋالسام بولامدۇ؟» دېسە كۆپچىلىك تولۇننى ئانىسى بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى ناغايغا كۆرسەتكەن. ناغاي ئامالسىزلىقتىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

ناغاي ئۆزىگە كۇچېيۋدەكچا قاغان دەپ نام قويۇۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، خۇشال - كۆڭۈللۈك دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ يىلنامىنى تەيئەن 1 - يىلى دەپ ئۆزگەرتىۋالغان. ناغاي ئۆلگەندە ئوغلى خۇتۇ تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى توقخان قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، باشلانماق دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ يىلنامىنى ئۆزگەرتىپ شىپىڭ 1 - يىلى دەۋالغان.

ۋېي پادىشاھى شىزۇڭنىڭ جىڭشى 3 ـ يىلى خۇتۇ ئەلچىسى خېششۇلبانى ئەۋەتىپ، ئوردىغا تارتۇق ـ ھەدىيە يوللاپ، تىنچلىق ئورنىتىپ ئالاقە باغلاشنى تەلەپ قىلغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ ئۇنىڭ ئەلچىسىگە جاۋاب بەرمەي، ئالاقىدار مەھكىمىلەر ئارقىلىق خېششۇلباغا يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «جۇرجانلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن سەللان بۈيۈك ۋېي سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋەزىر ئىدى. ئۆتكەندە كەڭچىلىك قىلىپ ۋاقتىنچە ئەلچىلىرىنىڭ بېرىش ـ كېلىشىگە يول قويغانىدۇق. ھازىر جۇرجانلار زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتۇپ، ئۆتكەنكى نام ـ شۆھرىتىگە داغ تەگكۈزدى. بۈيۈك ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىلتىپاتى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇ جۇ، خەن سۇلالىلىرىنىڭكىدەك قۇدرەت تېپىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ، پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىنى تەرتىپكە سېلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. مەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى تېخى تىنچىتمىدۇق دەپ، شىمالدىكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچىلارغا ۋاقتىنچە كەڭچىلىك قىلىپ تۇردۇم. شۇڭا تىنچلىق ئالاقىسى ئورنىتىش ئىشىغا ماقۇل دېيىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئەگەر ۋاسسال ئەل قائىدىسى بويىچە سەمىمىيلىك بىلەن مەلۇمات يوللاپ باقساڭلار، ئۇمىدىڭلارنى يەردە قويماسلىقىم مۇمكىن». يىڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 508 ـ يىلى) خۇتۇ يەنە خېششۇلبانى مەكتۇپ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بەرگەچ بۇلغۇن جۇۋا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ قوبۇل قىلماي، يەنىلا ئۆتكەنكىدەك يارلىق چۈشۈرۈپ قايتۇرۇۋەتكەن.

خۇتۇ غەربتىكى قاڭقىللارغا يۈرۈش قىلىپ، قاڭقىللار خانى مىئوتۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى چۈتۇر تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى تورۇۋبا توبا قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، كۆرۈنەرلىك دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ يىلنامىنى ئۆز ئالدىغا جەنچاڭ 1 ـ يىلى دەپ



ئۆزگەرتكەن. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭنىڭ يۇڭپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 511 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا چۈنۇر سىرامان خۇڭشۇەننى مەرۋايىتتىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلىنى ئوردىغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. يەنچاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 514 ـ يىلى) قىشتا ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن مايىشۇنى ئەلچى قىلىپ چۈنۇر قېشىغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مايىشۇ تېخى يولغا چىقماي تۇرۇپلا، ۋېي شىزۇڭ ۋاپات بولغان. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغان. چۈنۇر قاۋۇل ۋە ساغلام بولۇپ ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىكەن. يەنچاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 515 ـ يىلى) ئۇ ئېركىن يوبىجەننى ئوردىغا تەزىم قىلىپ تارتۇق ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدىنىڭ شىپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 516 ـ يىلى) غەربتىكى قاڭقىللارغا يۈرۈش قىلىپ ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى مىئوتۇنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالغان بولۇپ، ئۆز ئېلىنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇدرەت تاپقۇزغان. شىپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 517 ـ يىلى) ئۇ يەنە ئېركىن يۇ بىجەن، خېششۇلبا، گۇڭگۇلى قاتارلىقلارنى ئوردىغا تازىم قىلىپ تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. شىنگۇي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 518 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ (شياۋ مىڭدى) شيەنياڭ قەسرىگە چىقىپ، گوڭگۇلى قاتارلىق 20 كىشىنى قەسىر ئالدىغا چاقىرتىپ، قارا دىۋان زاكاتچىسى شۇ خېنى يارلىق ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. يارلىقتا جۇرجانلارنىڭ ۋاسسال ئەل بويسۇنۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ يوسۇنلارغا رىئايە قىلمىغانلىقى ئەيىبلەنگەن.

ئىلگىرى تولۇن ئۆلگەندە ناغاي قاغان بولغان. خۇتۇ تولۇننىڭ خوتۇنى خۇلۇلىڭ دېگەن ئايالنى ئالغان. شۇنىڭدىن ئاناغاي قاتارلىق ئالتە بالا تۇغۇلغان. چۈنۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن زۇخۇي دېگەن بىر بالا تۇيۇقسىزلا يوقىلىپ كەتكەن،

ئىزدەلگەن بولسىمۇ تېپىلمىغان. ئۇيىن خۇشىگمۇد دېگەن بىر كىشىنىڭ 20 نەچچە ياشلىق خوتۇنى شىدقۇن دىۋانى داخان بولۇپ، يالغاندىن ئىلاھ، جىن - ئالۋاستىلار بەدىنىمگە قوشۇلدى، دەپ ئالدىنئالا چۇنۇرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، چۇنۇر تۇرغان يەرگە كىرىپ - چىقىش، بېرىش - كېلىشتە ئىختىيارىي بولغانىدى. ئۇ بالاڭ هازىر ئاسماندا يۈرۈيدىكەن، مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلەلەيمەن دېگەن. چۇنۇر بىلەن ئانىسى بەكمۇ خۇشال بولۇپ، ئىككىنچى يىلى ئوتتۇرا كۆزدە كەڭ سازلىقتا چېدىر سالدۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، يەتتە كۈن نەزىر - چىراغ قىلىپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغان. يەنە بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى زۇخۇي تۇيۇقسىزدىن چېدىردا پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاسماندا يۈرگەنلىكىنى ئېيتقان. چۇنۇر بىلەن ئانىسى بۇ بالىنى قۇچاقلاپ يىغلىغان ھەم خۇشال بولغان. ئۇ ئەلدىكىلەرنى توپلاپ شىدقۇن دىۋانىنى مۇقەددەس ئايال دەپ ئاتاپ، گاتۇن[29] قىلىۋالغان ھەم ئۇنىڭ ئېرى ئۇيىن خۇشىگمۇدقىمۇ مەرتىۋە بېرىپ، 3 مىڭدىن ئارتۇق كالا، ئات، قوي ھەدىيە قىلغان. بۇ شىدقۇن دىۋانى بىدئەت قىڭغىر يولنى بىلگەچكە ھەم ئۆزى چىرايلىق بولغاچقا، چۇنۇرنىڭ ئەتىۋارلاپ سۆيۈشىدىن تېخىمۇ بەھرىمەن بولغان. چۇنۇر شۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، زۇ خۇي چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئىشنى سورىسا، زۇ خۇي: «مەن ئىزچىل شىدقۇن دىۋانىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم. ئاسمانغا چىققىنىم يوق. ئاسمانغا چىقتىم دېگەننى شىدقۇت دىۋانى ماڭا ئۆگەتكەن» دېگەن. ئانىسى بۇ ئەھۋالنى چۇنۇرغا ئەينەن يەتكۈزگەندە، چۇنۇر: «شىدقۇت دىۋانى يىراق كەلگۈسىدىكى ئىشنىمۇ كۆرەلەيدىكەن، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسەڭ بولمايدۇ. يوقىلاڭ گەپ قىلما» دېگەن. بۇنىڭدىن شىدقۇت دىۋانى قورقۇپ كەتكەچكە، چۇنۇرنىڭ ئالدىدا



زۇ خۇيغا قارا چاپلاپ، ئۇنى بالاغا تىققان. چۇنۇر زۇ خۇينى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 520 - يىلى) چۇنۇرنىڭ ئانىسى قارارگاھ ئەقىلدارى لى جۇلې قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، شىدقۇت دىۋانىنى سىرتماق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چۇنۇر قاتتىق ئاچچىقلىنىپ لى جۇلې قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجلور قوشۇننى باشلاپ چۇنۇرغا تاجاۋۇز قىلغاندا، چۇنۇر قايتۇرما زەربە بېرىپ مەغلۇپ بولغان. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئانىسى ۋە ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. چۇنۇرنىڭ ئىنىسى ئاناغاي ئۇلار تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان. تەختكە چىقىپ 10 كۈندىن كېيىن، بىر جەمەت ئاكىسى ئېلتەبىر[30] شىغا نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئاناغاي ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان. ئاناغاي يېڭىلىپ ئىنىسى ئىلغارنىڭ يېنىك چەۋەندازلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا قېچىپ ۋېي سۇلالىسىگە كەلگەن. ئاناغاينىڭ ئانىسى خۇ لۇلىڭ خانىم ۋە ئىككى ئىنىسى شىغا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بىراق بۇ ئىشتىن ئاناغاي خەۋەرسىز قالغان.

9 - ئايدا ئاناغاي پايتەختكە يېتىپ كېلەي دېگەن چاغدا، ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ قوشۇمچە شىغاۋۇل لۇشداۋنى ئاساسىي ئەلچى، قوشۇمچە چەۋەنداز مەھرەم مېڭ ۋېينى مۇئاۋىن ئەلچى قىلىپ، پايتەختنىڭ بىر مىڭ چاقىرىم نېرىسىغا چىقىپ قارشى ئېلىشقا، ئەمىرى مىمار، كىنجاپ بېگى يۈەن جىننىنى بېيجۇڭغا[31] چىقىپ، شىغاۋۇل سۈي گۇاڭ، ھەرەم ئاغىسى يۈەن زۈەننى پايتەختنىڭ يېقىن ئەتراپىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە زىياپەت بېرىپ ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئوردا ئالدىغا باشلاپ كېلىشنى تاپىلىغان. 10 - ئايدا ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ شيەنياڭ قەسرىگە چىقىپ، 5 -

دەربجىلىكتىن يۇقىرى ئەمەلدارلار، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر، ۋاسسال ئەل ئەلچىلىرىنى قەسىر ئالدىغا قاتار تۇرغۇزغان. بەگ ـ ئەمىردىن تۆۋەندىكىلەر ۋە ئاناغايلارنى قەسىر ئالدىدا شىمالىي تەرەپكە تۇرغۇزغان. ھەممەيلەن قاتار تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوردا مەلۇمچىسى خان ئەمىردىن تۆۋەندىكىلەرنى باشلاپ قەسىرگە چىققان. ئاناغاي ۋاسسال بەگلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان. ئوردا مەلۇمچىسى يەنە تەيىنلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەمەلدارلارنى ۋە ئاناغاينىڭ ئىنىلىرى ھەم ئاناغاينىڭ ئىككى كىچىك ئاتىسىنى شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن باشلاپ قەسىرگە چىققان. پادىشاھ دىۋان زاكاتچىسى ساۋداۋنى يارلىقنى ئوقۇپ زىياپەت بېرىپ، ھال سوراشقا بېكىتكەن. ئاناغاي ئىنكاس قىلىپ: «پادىشاھ ئالىيلىرى ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ، پېقىر ۋە ئىنىم، كىچىك ئاتام قاتارلىقلارنى قەسىرگە چىقىرىپ قوبۇل قىلدىلا، بىراق پېقىرنىڭ بىر نەۋرە ئاكامنىڭ مەرتىۋىسى شىمالدا تۇرغاندا ئىككى كىچىك ئاتامنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭمۇ قەسىرگە چىقىشىغا رۇخسەت بېرىشلىرىنى تىلەيمەن» دېگەن. «پادىشاھ شۇنداق بولسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئالدىغا تىزىپ قويغان. زىياپەت ئاياغلىشاي دېگەن چاغدا، ئاناغاي بايان مەكتۇپىنى تۇتۇپ، ئۆز ئورنىنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرغان، پادىشاھ زاكاتچى چاڭ جىڭنى «نېمە دېمەكچىكەن سوراپ كەل» دەپ ئەۋەتسە، ئاناغاي پادىشاھ ئورنىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ «باشلاپ كەل» دەپ يارلىق بەرگەن. ئاناغاي يەنە تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ: «پېقىرنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلى بۈيۈك ۋېي سۇلالىسىدىن كەلگەن ئىدى» دېگەندە، پادىشاھ: «بۇنىڭدىن تولۇق خەۋىرىم بار» دېگەن. ئاناغاي ئورنىدىن تۇرۇپ: «پېقىرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ چارۋا ـ مال بېقىپ، ئاستا ـ ئاستا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا جايلاشقان» دېگەندە، پادىشاھ: «سېنىڭ سۆزۈڭ تۈگىمىدى،



تولۇق سۆزلەۋەر» دېگەن. ئاناغاي يەنە مۇنداق دېگەن: «پېقىر ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شىمالىي زېمىندا تۇرۇپ كەلدى. گەرچە قاتمۇ قات تاغ ـ دەريا توساقلىرى بولسىمۇ، قەلبىمىزدە يەنىلا ئۆزگىرىشكە تەلپۈنۈپ كەلدۇق. ئۆز كۆڭلىمىزنى بۇ ياققا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كېلەلمىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، قاڭقىللار پۈتلىكاشاڭ بولۇپ، پېقىرنىڭ ئېلىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغانلىقتىن، ئەلچى ئەۋەتىپ يىراقتىن سەمىمىي ـ ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدۇق. بىر نەچچە يىلدىن بۇرۇن قاڭقىللارنى بارا ـ بارا تىنچىتتۇق. پېقىرنىڭ ئاكىسى خان بولغاندىن كېيىن، گۆك گۈلى قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ، بۈيۈك ۋېي سۇلالىسىغا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن مەقسەد سەمىمىيلىك بىلەن ۋاسسال ئەل رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ قائىدىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىدى. شۇڭا ساۋداۋجى ئەلچى بولۇپ شىمالغا بارغاندا، پېقىر خان ئاكام بىلەن بىرگە بەش ۋەزىرنى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىق ـ پەرمانىنى قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتتۇق. پېقىر ئاكا ـ ئۇكىنىڭ قەلبى ـ كۆڭلىمىزنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئاشكارا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. لېكىن قاڭقىللار بۇ ئارلىقتا يەنىلا بېسىپ كىرىپ زوراۋانلىق قىلدى. ئىچىمىزدىكى قارا يۈز ۋەزىرلەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، پېقىرنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پېقىرنى خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئاران ئون كۈن ئۆتكەندىلا، پېقىر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ئاسماندەك تۈيۈلغانلىقتىن، ئالدىراپ ـ تېنەپ يېنىكلىك بىلەن ۋەتەن قوينىغا ئاتلىنىپ، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمان ـ بۇيرۇقلىرىنى جان پىدالىق بىلەن ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كەلدىم». پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «سېنىڭ بايان قىلغىنىڭدىن قارىغاندا، دېيدىغان گېپىڭ تېخى تۈگىمىدى. يەنە سۆزلىسەڭ بولىدۇ» دېگەن. ئاناغاي قايتىدىن

تەزىم قىلىپ پەرمانغا بىنائەن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «پېقىر ئائىلەمنىڭ بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانلىقىدىن، ئاسانلا ئوردىغا پاناھ ئىزدەپ كەلدىم، قېرى ئانام تېخى ئۇ يەردە تۇرۇپ، بىز بىلەن 10 مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا ئايرىلدى. ئېلىمىزنىڭ خەلقى، ۋەزىرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ تارقىلىپ كەتتى. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مېھر ـ شەپقىتى ئاسمانىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. ھەربىي قوشۇننى ئارىيەتكە ئېلىپ، ئېلىمىزگە قايتىپ توپىلاڭچى ئاسىيلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سەرسان بولۇپ تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىۋېلىشنى تىلىمەكچىمەن. پادىشاھ ئالىيلىرى شەپقەت قىلىپ ھەربىي قوشۇننى ئارىيەتكە بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. قېرى ئانام ئەگەر يەنىلا ھايات بولسا، ئانامنىڭ مېھرىبانلىقىغا ۋاپادارلىق بىلدۈرەي. ئەگەر ئانام ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئىنتىقامىنى ئېلىپ نومۇسىمىزنى ئاقلىۋالاي. پېقىر قالدۇق خەلقىمىزنى باشلاپ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ھەر پەسىلدىكى تارتۇقنى كېچىكتۈرمەي، ۋاقتىدا ئوردىغا ھەدىيە قىلىمەن. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مۇقەددەس دىدارىنى كۆرمەك قىيىن ئىكەن. ئەھۋالىمىزنى ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان بولساممۇ، لېكىن سۆزلىمەكچى بولغانلىرىمنى تولۇق دېيەلمەي قالدىم. ئايرىم بايانلىرىمنى مەكتۇپىمغا يېزىپ تەييارلاپ، پادىشاھ ئالىيلىرىغا يوللىدىم. خاپا بولماي كۆرۈپ چىققايلا».

ئۇ مەلۇماتنامىنى زاكاتچى چاڭ جىڭغا تاپشۇرۇپ، پادىشاھقا يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئاناغايىنى سۇفاڭ ۋىلايەت گۇڭى، جۈرجانلار خانى قىلىپ تەيىنلەپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە تاجنى بەرگەن. ھەم مەپە يېپىكى، تەمىنات، مۇراسىم قوغدىغۇچىلارنى قوشۇپ بېرىپ، باشقا ۋاسسال بەگلەرگە ئوخشاش قىلغان.

12 ـ ئايدا ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ (شياۋ مىڭدى) ئاناغاي ئۆز ئېلىدە مۇقىم خان بولمىغاچقا قايتىپ بېرىپ پۇقرالىرىنى



يىغماقچى، دېگەن مەزمۇندا يازغان مەلۇماتنامىنى ۋەزىرلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە قويغان. ئەينى چاغدا ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمىغان. بەزىلەر قايتسا بولىدۇ دېسە، بەزىلەر قايتۇرۇشقا بولمايدۇ، دېيىشكەن. مۇھاپىزەتچى سانغۇن يۈەن چا باش ۋەزىر بولغاچقا، ئاناغاي ئۇنىڭغا ئاستىرتتىن يۈز جىڭ ئالتۇن سوۋغا قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن شىمالغا قايتىشقا رۇخسەت بېرىلگەن. جېڭگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 521 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ئاناغاي قاتارلىق 54 كىشى خوشلىشىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلغان. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ غەربىي سارايغا چىقىپ، ئاناغاي ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئاتا، بىر نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرىدىن ئىبارەت بەش كىشىنى باشلاپ كېلىڭلار قوبۇل قىلىمەن دەپ بۇيرۇغان، پادىشاھ بۇلارنى ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن ئولتۇرغۇزۇپ، قارا دىۋان زاكاتچىسى مۇبىنى پەرمان ئوقۇپ ھال سوراشقا بۇيرۇغان. ئاناغاي تەزىم قىلىپ خوشلاشسا، پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ئاناغايغا ئىنچىكە ياسالغان پارقىراق ئادەم ۋە ئات كىيىدىغان دۇبۇلغا ـ ساۋۇتتىن ئىككى يۈرۈش، تۆمۈردىن ياسالغان ئادەم ۋە ئات كىيىدىغان دۇبۇلغا، ساۋۇتتىن ئالتە يۈرۈش، سىرتتىن كۈمۈش يىپ بىلەن ئورالغان ئۇزۇن نەيزىدىن ئىككى دانە ھەم ئاق پەي بىلەن زىننەتلەنگەن قىزىل سىرلىق ئۇزۇن نەيزىدىن 10 دانە، ئاق پەي بىلەن زىننەتلەنگەن قارا سىرلىق ئۇزۇن نەيزىدىن 10 دانە ۋە ئەلەم، زەر بىلەن ئورالغان يادىن ئىككى دانە ھەم ئوقى، قىزىل سىرلىق يادىن ئالتە دانە ھەم ئوقى، قارا سىرلىق يادىن 10 دانە ھەم ئوقى، قىزىل سىرلىق قالقاندىن ئالتە دانە ھەم قىلىچ، قارا سىرلىق قالقاندىن ئالتە دانە ھەم قىلىچ، قىزىل سىرلىق داقا ـ دۇمباقتىن 20 دانە، گۈللۈك كىمخاب يوتقاندىن ئىككى دانە، سېرىق دۈردۈن يوتقان ـ كۆرپىدىن 30 يۈرۈش، مەھكىمە ئىچىدە ئىختىيارىي كىيىدىغان كەشتىلىك يەكتەكتىن بىر دانە ھەم ئۇنىڭغا ماس

كېلىدىغان بۆك، ئۇنىڭ خوتۇنى كىيىدىغان قارا يىپتا تىكىلگەن قىزىل كەمزۇلدىن بىر دانە، قىزىل يەكتەكتىن 20 دانە ھەم ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بۆك، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا ھەر رەڭلىك تاۋار – دۇردۇندىن مىڭ، يىپتا ئىنچىكە تىكىلگەن ئايالچە ئاتلىق قىزىل كىيىم – كېچەكتىن بىر يۇرۇش ھەم ئېگەر – جابدۇقلىرى، يۈز كىشىلىك چېدىردىن 18 دانە، سېرىق پەردىدىن ئالتە دانە، يېغىدىن پىشۇرۇپ قۇرۇتۇلغان گۇرۇچتىن يۈز دادەن، بۇغداي تالقىنىدىن سەككىز دادەن، قارا ئاش تالقىنىدىن بەش دادەن، ھەر بىرسىگە ئىككى پاتماندىن ئاشلىق سىغىدىغان مىس داش قازاندىن تۆت دانە، تۆمۈر داش قازاندىن ئىككى دانە، ھەر بىرسىگە ئىككى شىڭدىن سىغىدىغان قارا سىرلىق بامبۇك قاچىدىن تۆت دانە، ئىككى دېدەك، 500 ئات، 120 تۆگە، 100 ئۆكۈز، 5000 قوي، قىزىل سىرلىق تەخسە – ئەسۋابلاردىن 10 قاپ، تېرىقتىن 200 مىڭ دادەن ھەدىيە قىلىپ بېرىشنى ئېنىق ئېيتىپ، چېگرا قورغىنىغا بارغاندا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. يارلىقتا يەنە شىغاۋۇل سۈي گۇاڭ، ھەرەم ئاغىسى يۈەن زۈەننى شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويسۇن، دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئاناغاي بۇ ياققا پاناھ ئىزدەپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئېلتەبىر براخمان نەچچە ئون مىڭ كىشىنى باشلاپ شىمالغا جازا يۇرۇشى قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. شىغا قېچىپ دىدۇيۇغا㉜ پاناھ ئىزدەپ بارغان. دىدۇيۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كۆپچىلىك براخماننى خان قىلىپ كۆرسىتىپ، مىئوقىنشجى قاغان دەپ ئاتىغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا تىنىچ دېگەنلىك بولىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، خۇەيسۇ باسقاق سانغۇنى ياڭ جۈن مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ياقتىكىلەر ئايرىم خان تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇ بولسا ئاناغاينىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى



ئىكەن. ياتلار سىياقىدىكى ئادەم بولغىنى بىلەن قىلىقى ھايۋان ئىكەن. ئۆزى خان بولۇۋالغاندىن كېيىن ئۆز ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم تۇرۇقلۇق يەنە شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ ئىنىسىنى كۈتۈۋېلىشى ناتايىن. يېڭىلىك بىلەن ئۇنى ئېلىگە قايتۇرۇشقا ئاپارغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ھەيۋىسىگە زىيان يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا كۆپلەپ ھەربىي قوشۇن قوشۇپ بەرمىگەندە، ئۇنى شىمالغا ئاپىرىشقا بولمايدۇ» دېگەن. 2 – ئايدا ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ سابىق جۇرجانلار ئەلچىسى دېيۇنجۇرىننى براخمانغا ئاناغاينى كۈتۈۋېلىپ ۋاسسال ئەلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگەن مەقسىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئەۋەتكەن. براخمان ئالاھىدە ھاكاۋۇر بولۇپ، قىلچە تەختىنى بوشىتىپ بېرىش نىيىتى بولمىغان ھەم دېيۇنجۇرىننى تەزىم قىلىشقا بۇيرۇغان. دېيۇنجۇرىن پادىشاھ بەرگەن ئەلچىلىك سىمۋولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قەتئىي تىز پۈكمىگەن. براخمان نائىلاج داستىخان بېگى مۇخېچۇفىن، ئېركىن چۈشىنتۇ قاتارلىق ئالتە كىشىنى 2000 چېرىكنى باشلاپ دېيۇنجۇرىنغا ئەگىشىپ ئاناغاينى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن. 5 – ئايدا دېيۇنجۇرىن چېگرا قورغىنىغا قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىشنىڭ باش – ئايىغىنى سۆزلەپ بەرگىنىچە شۇنداق دېگەن: «ئاناغاي ئەندىشىدە ئۆز ئېلىگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي، يەنە پايتەختىمىزگە قايتىشنى تەلەپ قىلغان» . دەل بۇ چاغدا براخمان قاڭقىللارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، 10 قەبىلىنى باشلاپ لياڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ ئەل بولغان. شۇنىڭ بىلەن جۇرجانلاردىن نەچچە ئون مىڭ كىشى ئاناغاينىڭ قايتىشىنى قارشى ئالغان. 7 – ئايدا ئاناغاي ئىنكاسنامىنى يوللاپ مۇنداق دېگەن: «ئىچكىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان جۇرجانلاردىن يۈەنتۇشى، خۇەنخېجيەن ئىككىيلەن مۇشۇ ئاينىڭ 26 – كۈنى قورغىنىمىزغا كەلدى، ئېلىمىزدە مالىمانچىلىق بولۇپ جەمەتلەر ئايرىم – ئايرىم ئولتۇراقلىشىپ،

بىر - بىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇرماقتا. ھازىر شىمالدىكىلەر قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتىكەن. ھازىر ئۆتكەندە مېھرى - شەپقەت قىلغانلىرىغا ئوخشاش خىل ئەسكەرلەردىن 10 مىڭنى ئارىيەتكە بېرىپ، پېقىرنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئاپىرىپ قويۇشلىرىنى، قاقاس - چۆللەردە قالغانلارغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشلىرىنى تىلەيمەن. ئىلتىجايىمىزغا ئىجازەت قىلغان بولسىلا، ئىشلىرىمىز جەزمەن ئوڭغا تارتقان بولاتتى». پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇ مەكتۇپنى دىۋان ۋازارىتى ۋە شىغاۋۇللار ۋازارىتىنىڭ مۇزاكىرىلىشىپ بېقىشىغا بەرگەن. 8 - ئايدا پادىشاھ قوشۇمچە چەۋەنداز مەھرەم ۋاڭ زۈنيى ئۆتەڭلەر ئارقىلىق تېزدىن بېرىپ، ئاناغاينىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلسۇن ھەمدە ئۇنىڭغا مۇكاپات - تارتۇق بېرىش ھەققىدىكى يارلىقنى ئوقۇپ كەلسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرگەن.

9 - ئايدا جۇرجانلارنىڭ كەنجى خانى ئىنىغا خۇەيشو بازىرىغا كەلگەن. ئۇ ئاناغاينىڭ ئاكىسى ئىكەن. ئۇ ھەربىي قوشۇننى ئارىيەت ئېلىشقا ھەم ئاناغاينى تەكلىپ قىلىشقا كەلدىم دېگەن. 10 - ئايدا پەخرىي دىۋان بېگى، گاۋياڭ بېگى يۈەن يۇڭ، باش دىۋان بېگى لى چۇڭ، شىغاۋۇل خو گاڭ، باش دىۋان بېگىنىڭ سول قانات ياندىشى بېگى يۈەن چىن، شىغاۋۇل يۈەن چا، شىغاۋۇل، ئەنفېڭ بېگى يۈەن يەنمىڭ، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى يۈەن شىيۇيى، دىۋان بېگى لى يەن، ھەرەم ئاغىسى يۈەن زۈەن، ھەرەم ئاغىسى جاڭ لى، ھەرەم ئاغىسى لۇ تۇڭ قاتارلىقلار پادىشاھقا مەلۇمات بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىشىمىزچە، خەن سۇلالىسى جەنۇبىي تەگرىقۇت بىلەن شىمالىي تەگرىقۇتنى تۇرغۇزغان. جىن سۇلالىسىدا شەرقىي تەگرىقۇت بىلەن غەربىي تەگرىقۇت بولغان. مۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى بىر - بىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ مۇداپىئە



قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز سۇلالىسىنىڭ ۋاسسال ئېلى قىلىپ چېگرا - توساق پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە پېقىرنىڭ تەكلىپ بېرىشىم شۇنىڭ ئۈچۈنكى: خۇەيسۇ بازىرى شىمالدىكى يەرنىڭ نامى ۋۇ جىسەنتورۇشچۇن ئىكەن. دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىدىكى شىخەي ۋىلايىتى ئەسلىي خەن، جىن سۇلالىلىرىدىكى كونا قورغان توساقلىرى ئىدى. بۇ ئىككى جاي كەڭ تۈز، يېرىمۇ مۇنبەت ئىكەن. ئاناغاينى تۇرۇشچۇەننىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرۇش، بىراخماننى شىخەي ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق، ھەربىرىگە ئۆز قەبىلىلىرىگە باش بولۇپ، تارقىلىپ كەتكەنلەرنى توپلىۋېلىش ھەققىدە پەرمان بەرسىلە، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ۋە لازىمەتلىكلىرىنى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى بىلەن بەلگىلەپ بەرسىلە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى ئەسلىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە تاپاتسىلا بولىدۇ. ئاناغاي تۇرغان يەر چېگرىمىز سىرتىدا بولغاچقا، سەل - پەل ئېتىبار بېرىپ قويۇپ، سۇلالىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى ئىپادىلىسەكلا بولىدۇ. ۋويې، خۇەيسۇ، ۋۇچۇەن بازارلىرىنىڭ ھەربىرىسىگە 200 دىن ئادەم ئاجرىتىپ، شۇ جىنلارنىڭ ھەربىي باشلىقى نازارەتچىلىكىدە ئۇلارغا ئاشلىق، قورال - جابدۇقلارنى بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاناغاينى بۇرۇن تۇرغان يەرگە ئاپىرىپ قويسا، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئىش پۈتۈشكىلا قايتسا بولىدۇ، دەپ بۇيرۇق بېرەيلى. شىمالدىن بىراخماننىڭ قېشىغا كەلگەنلەر بولسا، ئايماق، قورغان ئەمەلدارلىرى مۇساپىنى مۆلچەرلەپ ئۇلارغا ئوزۇقلۇق بېرىپ، خۇەيشو جىنىدىكى ئاناغايغا ئاپىرىپ بەرسە ھەم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ھەل قىلىپ بەرسە بولىدۇ. پايتەختىمىزگە كەلگەنلەر بولسا قېلىپ قېلىش ياكى قايتىپ كېتىش ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولسۇن. ئاناغاي يېڭىدىن ئەل بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانچە زاپىسى يوق.

ئۇنىڭغا سۇجۇ ئايمىقىدىن چىققان كەندىر ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن قۇرۇتۇلغان ئاشلىقتىن 2000 پاتماننى ھۆكۈمەت تۆگىچىلىرى ئارقىلىق ئاپىرىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز. بىراخمان شىخەي ۋىلايىتىدە، يەنى چېگرىمىز ئىچىدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا تەمىنات ۋە قوغداش جەھەتتە ئاناغايغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئاناغاي يېقىندىن ئەل قۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەلچىنى پادىشاھنىڭ سىمۇولىنى تۇتۇپ تېزلىكتە بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەرگە تەسەللى بېرىشكە ھەمدە شۇ يەرنى ئوبدان باشقۇرۇشنى تاپىلاپ كېلىشكە ئەۋەتىش كېرەك». ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولغان. 12 ـ ئايدا پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئوردا ئەھكام ۋەزىرى يۈەن خۇڭجاۋنى قوشۇمچە ۋاكالەت دىۋان ۋازارىتى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، دۇنخۇاڭغا بېرىپ بىراخماننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتكەن. بىراخمان ئۇزۇن ئۆتمەي قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن يۈز ئۆرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ يەپتالىلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. يەپتالىلارنىڭ خانى ئۈچ خوتۇنلۇق بولۇپ، بۇ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى بىراخماننىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئايماق قوشۇنىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ئۇچراپ ئايماق قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشكەن.

جېڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 522 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا ئاناغاي پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ، تېرىقچىلىقتا ئۇرۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن تېرىق سورىغان. پادىشاھ 10 مىڭ دادەن بېرىلسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. جېڭگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 523 ـ يىلى) ئاناغاينىڭ پۇقرالىرى قاتتىق ئاچارچىلىقتىن قۇرۇل ئىچىگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، دىۋان بېگىنىڭ سول قانات ۋەزىرى يۈەن فۇنى قوشۇمچە ئوردا ۋەزىرى بولۇپ، ئەلچىلىك سىمۇولىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئاناغايغا خەۋەر



قىلىشقا ئەۋەتكەن. يۈەن فۇ ئاناغاي بىلەن كۆرۈشكەندە، ئاناغاي تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. ئاناغاي يۈەن فۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئاۋام پۇقرادىن 2000 كىشىنى، جامائەتنىڭ ۋە شەخسىينىڭ ئات، كالا، قويلىرىدىن بولۇپ نەچچە يۈز مىڭ تۇياقنى بۇلاپ شىمالغا قېچىپ كەتكەن. ئاندىن كېيىن رەھمەت دەپ يۈەن فۇنى قويۇۋەتكەن. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ باش چاپاۋۇل سانغۇن، باش دىۋان بېگى لى چۇڭ قاتارلىقلارنى 100 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار قۇرۇلدىن چىقىپ 3000 نەچچە چاقىرىم چېپىپ، بىپايان قۇملۇقىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارغا يېتىشەلمەي يېنىپ كەلگەن. ئىنىسى لوياڭغا يېتىپ كەلگەندە، ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ غەربىي سارايغا چىقىپ ئۇنى قوبۇل قىلغان. جېڭگۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 524 ـ يىلى) بىراخمان لوياڭ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئۆتەڭ سارىيىدا ئۆلگەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك سىمۇول تۇتقۇچى، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، جىڭجۇ ئايماق بېگى، گۇاڭمۇ گۈڭى دېگەن ئۇنۋان ۋە مەرتىۋىلەرنى بەرگەن.

شۇ يىلى ۋويې جېنىدىكى پولخەنبالىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، ھەممە جايلاردا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇچىلار بولغان. ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ شياۋچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 525 ـ يىلى) ئەتىيازدا ئاناغاي كۆپچىلىكنى باشلاپ، ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلغان. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ دېيۇنجۇرىننى ھەرخىل نەرسىلەر ئېلىپ بېرىپ ھال سوراپ، ئاناغاينى مۇكاپاتلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئاناغاي تەزىم قىلىپ يارلىقنى قوبۇل قىلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ۋۇچۇەن جېنىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، ۋويې جېنىگە يۈرۈش قىلىپ، پات ـ پات جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغان. 4 ـ ئايدا ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ يەنە قوشۇمچە ئوردا نۆۋەتچى چەۋەنداز مەھرەمى، قارا دىۋان زاكاتچىسى خېڭ جۈننى ئەلچى قىلىپ

ئاناغاينىڭ قېشىغا بېرىپ ھال سوراپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىگە پەرقلەندۈرۈپ تارتۇق بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئاناغاينىڭ قەبىلىلىرى ئۆز - ئارا ئىناق ئۆتكەنلىكتىن جەڭگىۋارلىقىمۇ بىر ئاز كۆتۈرەڭگۈ بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى چىلەن توبىنتو قاغان دەپ ئاتىۋالغان. بۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىش دېگەنلىك بولىدىكەن. 10 - ئايدا ئاناغاي يەنە يۇجلۇمئىي قاتارلىقلارنى ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتكەن. شياۋ چاڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 537 - يىلى) 4 - ئايدا، ئاناغاي ئەلچى گۇڭ فېڭجىڭلارنى ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار قايتقاندا، ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «شىمالدىكى يات مىللەتلەر توختىماي توپىلاڭ قىلدى. جۇرجانلار خانى دۆلەت ئۈچۈن ساداقەت بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ، قارا يۈزلەر ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ياردەم بەردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ سەمىمىي - ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، ئوردىنىڭ مېھر - شەپقىتىنى ئۇنتۇمىدى. ھازىر ئۇلار شىمالىي چېگرىدا تۇرۇپ ئېر جۇرۇڭ بىلەن قوشنا بولغاندا، ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى قاتتىق باشقۇرۇپ قوشنىلىرىنى تالان - تاراج قىلمىسۇن. يېقىندا جۇرجان خانىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇلار دۆلەت ئۈچۈن يەنىمۇ شەرققە جازا يۈرۈشى قىلماقچى ئىكەن. بىراق جۇرجانلار خانى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شىمالىي چۆللۈكتە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەچكە، تومۇز ئىسسىقتا بەرداشلىق بەرمىكى قىيىن ئىكەن. شۇڭا ھازىر توختىتىپ تۇرۇپ، كېيىن يارلىق بارغاندا، ھەرىكەتكە كەلسىمۇ بولىدۇ.» مۇنداق دېيىشتە ئوردا ئۇلارنىڭ تۇتامى يوقلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پات - پات ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تارتۇق يوللاپ تۇرغان.

ۋېي پادىشاھى جۇاڭدى جيەنيى 1 - يىلى (مىلادىيە



528 - يىلى) يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «تۆھپىسى چوڭ بولغانلارغا كۆپلەپ مۇكاپات بېرىلىدۇ. پەزىلەتدارلارنىڭ نامى چىقىدۇ. جۇرجان قاغانى ئاناغاي شىمالدىكى چېگرا رايونلارنى تىنچىتىپ ھەم قۇرۇقداپ، شىمالنى مۇداپىئە قىلغانلىقتىن چۇغاي تاغلىرىدا ئۇرۇش سىگنالى چېلىنماس بولدى، روشۇي دەرياسى ۋادىلىرىدا چاڭ ئۆرلىمەس بولدى. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى بۆرە تېغىغا خاتىرىلەندى، تۆھپىلىرى بىپايان قۇملۇقتا مەڭگۈ قالدى. ئۇلار شۇنچىلىك سەمىمىي - ساداقەتمەن بولسىمۇ، تېگىشلىك مۇكاپات بېرىلمىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەككى، مۇندىن كېيىن پادىشاھقا تەزىم قىلغاندا نامىنى ئاتىمىسىمۇ، مەكتۇپ يوللىغاندا ئۆزلىرىنى ۋەزىرلىرى دېمىسىمۇ بولىدۇ». ۋېي پادىشاھى شياۋۋۇدىنىڭ تەيچاڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 532 - يىلى) 6 - ئايدا ئاناغاي ئۇجلانشۇشغالارنى ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ، تارتۇق ئاپىرىپ بەرگەچ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىغا مەلىكە سورىتىپ ئەۋەتكەن. ۋېي پادىشاھى شياۋۋۇدى يۇڭشى 2 - يىلى (مىلادىيە 533 - يىلى) 4 - ئايدا يارلىق چۈشۈرۈپ فەنياڭ بېگى يۈەن خۇيىنىڭ چوڭ قىزى لاڭيا مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان. پادىشاھ بۇنىڭ تويىغا ئۈلگۈرمەي، پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن گۇەنجۇڭ رايونىغا كەتكەن. چى پادىشاھى شيەنۇۋاڭ ئەلچى ئەۋەتىپ بۇنى چۈشەندۈرۈپ قويغان. ئاناغاي يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق بەرگەن ھەم نىكاھ تەلىپىنى قويغان. چى پادىشاھى شيەنۇۋ ۋاڭى ئەلچى ئەۋەتىپ ئاناغاينى بويسۇندۇرغان. ئاناغاي ئەلچى ئەۋەتىپ نىكاھ قىلغان. چى پادىشاھى تەدبىر قوللىنىپ ھەر تەرەپتىكىلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرغىنى ئۈچۈن، چاڭسەن بېگىنىڭ سىڭلىسى لىئەن مەلىكىنى لەنلىڭ مەلىكە دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغان. ئاناغاي مىڭ تۇياق ئاتنى تويلۇق

سوپىتىدە تەقدىم قىلىپ، مەلىكىنى كۈتۈۋالغان. چى پادىشاھى پەرمان چۈشۈرۈپ ئوردا ئىشلىرى بېگى يۈەن شۈنى مەلىكىنى شىمالغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ تارتۇق ئەۋەتكەن. ئاناغاي چى پادىشاھى شيەنۋۇ ۋاڭنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنىڭ كۈنساناپ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قىزىنى شۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان. ۋېي پادىشاھى جىڭدى پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇ قىزنى شيەنۋۇ ۋاڭغا ئالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلنىڭ سىرتىدا ئۇرۇش بولمىغان.

(ئەسلىي كىتاب 2289 — 2303 ـ بەتلەر)

ھونلاردىن بولغان يۇلغۇن موغاي لياۋدۇڭ ۋىلايىتى سىرتىدىكى جايدا تۇغۇلغانىكەن. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ يىراق تۇغقىنى بولۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شەرقىي قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ تىلى سيانپىيلارنىڭكىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېچىنى زىننەت ئورنىدا قالدۇرۇپ، ئەتراپىدىكى چېچىنى قىرقىۋېتىدىكەن. ئوتتۇرىدىكى چېچى بىر قانچە سۇڭ ئۆسكەندە ئاندىن قىسقا قىلىپ كېسىۋېتىدىكەن. ئاياللار كۆڭلەك كىيمەي ئۇزۇنلۇقى پۇتىغا يەتكۈدەك چاپان كىيىدىكەن. ئۇلار كۈزدە زەھەرلىك چۆپلەرنى يىغىپ، زەھەر ياساپ ئۇنى ئوققا سۇرۇپ، شۇنداق ئوقلار بىلەن قۇش، ھايۋانلارنى ئېتىپ تۇتۇۋالىدىكەن.

يۇلغۇن موغاي ئۆز خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە ئىشقا سالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى يۇلغۇن پۇبو ئاقساقال قىلىپ تۇرغۇزۇلغان. يۇلغۇن پۇبو ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى يۇلغۇن چۈچىن تەختكە چىقىپ، پادىشاھ پىڭدى تۇغبات جونىڭ㉝ قىزىنى ئالغان. يۇلغۇن چۈچىن ئۆلگەندە، ئوغلى يۇلغۇن مۇگۈي تەختكە



چىققان. بۇنىڭ ئېتى ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ ئېتىغا ئوخشاپ قاپتىكەن㉞. يۇلغۇن مۇگۈي ئۆز ئىنىسى يۇلغۇن چۈيۈنىنى مۇرۇن گۈيگە㉟ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، مۇرۇن گۈي تەرىپىدىن يېڭىلگەن. يۇلغۇن مۇگۈي يەنە باشقىدىن سويەننى جىچېڭ قەلئەسىدە㊱ مۇرۇن گۈيگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇمۇ مۇرۇن گۈي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. شۇ چاغدا يۇلغۇن مۇگۈينىڭ قەبىلىسى قۇدرەت تاپقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، قۇرۇل سىرتىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى قورقۇنچقا سالغان. يۇلغۇن مۇگۈي ئۆلگەندە، ئوغلى شۇنىيەن تەختكە چىقىپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ جىچېڭ قەلئەسىدە مۇرۇن گۈيگە ھۇجۇم قوزغىغان. مۇرۇن گۈينىڭ ئوغلى مۇرۇن خەن ئاۋۋال قەلئە سىرتىدا سەپ تۈزۈپ مۇداپىئە قىلغان. شۇنىيەن ئۆز كىشىلىرىگە: «مۇرۇن خەن ئەزەلدىن كەسكىن ھەم باتۇر بولۇپ، ئۇ جەزمەن باشقىلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇنى يوقاتساق، قەلئەنى ئېلىش قىيىنغا توختىمايدۇ» دەپلا، بىر قانچە مىڭ چەۋەنداز چىقىرىپ مۇرۇن خەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. مۇرۇن خەن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بىرىنى يالغاندىن دۆنموبونىڭ㊲ ئەلچىسى قىلىپ شۇنىيەننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن. ئۇ كىشى شۇنىيەنگە: «مۇرۇن خەن بىزگە بىر نەچچە قېتىم پاراكەندىچىلىك سالدى. ئۇنى يوقىتىشنى ئۇزاق كۈتتۇق. ئەمدى سىزلەرنىڭ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈش قىلغىلى كەلگىنىڭىزلەردىن خەۋەر تاپتۇق. ناھايىتى ئوبدان بولدى. ئۇنىڭ تەييارلىق كۆرۈپ قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، بالدۇر يېتىپ بېرىشىمىز كېرەك» دېگەن. مۇرۇن خەن بۆكتۈرمىگە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنىيەن ھېلىقى كىشىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئېھتىيات قىلماي ئۇدۇللا يۈرۈپ كېتىپ، بۆكتۈرمە ئەسكەر قويۇلغان يەرگە بارغاندا،

مۇرۇن خەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. مۇرۇن خەن تېزلىكتە مۇرۇن گۈيگە خەۋەر يەتكۈزگەن. مۇرۇن خەن غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، سەھەردە يۇلغۇن شۇننىيەن كەلگەن جايغا يېتىپ كەلگەن. مۇرۇن گۈيمۇ بارلىق خىل ئەسكەرلىرىنى ئۇنىڭغا ماسلىشىشقا چىقارغان. يۇلغۇن شۇننىيەن ئۇلارنىڭ سەپىنى قاتتىق تۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ، قارشى جەڭ قىلىشقا ئاتلانغان. تۇرشاۋۇل قىسىم ئەمدىلا جەڭگە چىققاندا، مۇرۇن خەن ئۇنىڭ گازارمىسىغا ئوت قويۇۋەتكەن. شۇننىيەننىڭ قوشۇنى تارمار بولغان. ئۇ يالغۇز ئاتلىق قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئادەملىرى تامامەن ئەسىرگە چۈشكەن. يۇلغۇن شۇننىيەن ئاتا ـ بالا چۆللۈكتە زەپەرشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۈچ دانە قاشتېشى خان تامغىسىغا ئىگە بولغانلىقتىن، تەڭرى ماڭا ياردەم قىلىدۇ، دەپ ئۆزىنى ماختاپ يۈرەتتى. ئەمدى قاتتىق مەغلۇپ بولغاندا، بولسا، پەسكەش سۆپىتىدە مەكتۇپ ھەم نۇرغۇن سوۋغات يوللاپ، ھېلىقى قاشتېشى تامغىنى پادىشاھ جاۋدى[38] غا تەقدىم قىلغان. پادىشاھ جاۋدى مۇكاپات سۆپىتىدە ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان.

يۇلغۇن شۇننىيەن ئۆلگەندە، ئوغلى چىدگۈي تەختكە چىقىپ، يەنىلا مۇرۇن گۈيگە جازا يۈرۈشى قىلغان. مۇرۇن گۈي ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغان. جىن سۇلالىسى پادىشاھى خۇيدى تەختكە چىقىپ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 293 ـ يىلى) يۇلغۇن چىدگۈي جاۋشۈي دېگەن يەرنى مۇستەھكەملەپ، جەڭ قىلغىلى سىرتقا چىقماي، ئۆز ئاكىسى يۇلغۇن شىبادۇينى بەيلىن دېگەن يەردە مۇرۇن گۈينىڭ ئوغلى مۇرۇن رېنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. مورۇن رېن قايتۇرما زەربە بېرىپ يۇلغۇن شىبادۇينىڭ كاللىسىنى ئالغان. مۇرۇن گۈي يەنە ھۇجۇم قوزغاپ يۇلغۇن چىدگۈينى مەغلۇپ قىلغان. يۇلغۇن چىدگۈي كېچىدە يالغۇز ئاتلىق قېچىپ قۇتۇلغان. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى



ئەسىرگە چۈشكەن. مۇرۇن گۈي غەلىبىسىرى يۇلغۇن چىدگۈينىڭ ئىلىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ يۈز مىليونلىغان مال ـ دۇنياسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلە پۇقرالىرىدىن نەچچە ئون مىڭ تۈتۈننى كۆچۈرۈپ ئېلىپ قايتقان. بۇنىڭدىن بۇرۇن، دېڭىزدىن يوغان تاشپاقا چىقىپ، تۈزلەڭلىكتە قۇرۇپ كېتىپ ئۆلگەنىدى. مانا چىدگۈينىڭ مەغلۇپ بولغىنى دەل مۇشۇ بېشارەتتىن بولغان[39].

باشقا قەبىلىدىن بولغان ئىدوگۈي يۇلغۇن چىدگۈينى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىۋېلىپ، مۇرۇن خۇاڭ[40] بىلەن ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ تۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ باش ۋەزىرى موغۇننى مۇرۇن خۇاڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. بىراق موغۇن هاراقكەش بولۇپ، ئوۋچىلىقتا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، مۇرۇن خۇاڭ تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. نەچچە ئون مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. دەي پادىشاھى جاۋ چېڭدىنىڭ جيەنگو 8 ـ يىلى (مىلادىيە 346 ـ يىلى) مۇرۇن خۇاڭ ئىدوگۈيگە جازا يۈرۈشى قىلغان. ئىدوگۈي تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ مۇرۇن خۇاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. مۇرۇن خۇاڭ ئۇنىڭ شىرمەت سانغۇنى شېيگاننى ئۆلتۈرگەن. ئىدوگۈي شىمالىي چۆللۈككە يىراقلاپ قېچىپ كېتىپ، ئاخىرى كورېيىگە پاناھ ئىزدەپ كەتكەن. مۇرۇن خۇاڭ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرالاردىن بەش مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈننى چاڭلى ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئەل شۇنىڭ بىلەن تارقىلىپ يوقاپ كەتكەن.

(ئەسلىي كىتاب 2304 — 2305 ـ بەت)

قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇق نەسلى ئىدى. دەسلەپتە دىلىلار دەپ ئاتالغانىدى. شىمالدىكىلەر ئۇلارنى تېلىلار دەپ ئاتىغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى قاڭقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ تىلى هونلارنىڭ

تىلىغا ئوخشاش بولغان بىلەن يەنە ئازراق پەرقلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلارنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى دەيدۇ. بۇلارنىڭ نەسلىدىن دى جەمەتى، ئۇيغۇر جەمەتى، قوغۇرسۇ جەمەتى، چۇبە جەمەتى، قۇتلۇق غۇز جەمەتى، ئىزگىلچىن جەمەتى بار ئىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھونلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ ئىككى قىزنىڭ قىياپىتى ئاجايىپ چىرايلىق بولغاچقا، ئەل - يۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئىلاھ دەپ قارىغانىكەن. تەڭرىقۇت: «مۇنداق قىزىم بار تۇرۇقلۇق، ئادەتتىكى ئادەمگە ياتلىق قىلسام بولامدۇ؟ ئۇلارنى تەڭرىگە تەقدىم قىلىمەن» دېگەنىكەن. شۇڭا ئەلنىڭ شىمالىدىكى ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان جايدا ئېگىز پەشتاق سالدۇرۇپ، ئىككى قىزنى شۇنىڭ تۆپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ: «تەڭرى ئۆزى بۇ قىزلىرىمنى كۈتۈۋالسۇن» دەپتىكەن. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت: «ياق، بولمايدۇ. ئۇلارنى قايتۇرۇشقا تېخى ۋاقىت يەتمىدى» دەپتىكەن. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، بىر قېرى بۆرە كېچە - كۈندۈز پەشتاقنى ساقلاپ ھۇۋلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ پەشتاق تېگىنى كولاپ غار قىلىۋالغانلىقتىن، ئۇزاق - ئۇزاقلارغىچە ئايرىلىپ كەتمىگەن. تەڭرىقۇتنىڭ كەنجى قىزى: «ئاتام مېنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تەڭرىگە ياتلىق قىلماقچى ئىكەن. ھازىر بۇ بۆرە كەلدى. ئۇ ئېھتىمال ئىلاھ بولۇپ، تەڭرى مۇشۇنداق بۇيرۇغان ئوخشايدۇ» دەپ، پەشتاقتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا تەگمەكچى بولغانىكەن. ئاچىسى بەك ھەيران بولۇپ: «ماۋۇ ھايۋان ئەمەسمۇ؟ ئاتا - ئانىمىزغا داغ تەگكۈزمەيلى» دېسە، سىڭلىسى ئۇنىماي، پەشتاقتىن چۈشۈپ بۆرىگە تېگىپ، بالا تۇغۇپتىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىلىرى كۆپىيىپ ئەل بولغانىكەن. مۇشۇنداق سەۋەب بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۇنلۇك توۋلاپ ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىكەن. بۇلارنىڭ



ھۇۋلىشى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن.

بۇلاردا قوماندان يوق ئىكەن. ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ مىجەزى قوپال بولۇپ، بېشىغا بالا كەلگەندە، بىر نىيەت بىلەن ئۆز ئارا ياردەملىشىپ تەڭ بەرداشلىق بېرىدىكەن. ئۇرۇش قىلغاندا، سەپ تارتماي خالىغانچە ھۇجۇم قىلىپ، پەۋقۇلئاددە بېسىپ كىرىپ بۆسۈپ چىقالايدىغان بولسىمۇ، چىڭ تۇرۇپ ئۇزاققىچە جەڭ قىلالمايدىكەن. بۇلار زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ، ئۆزلىرىنى تەمكىن تۇتمايدۇ. ئىش قىلغاندا ھېچقانداق تەپتارتمايدىكەن. نىكاھ ئىشلىرىدا ئات - كالا بىلەن تويلۇق سېلىشنىڭ كۆپلۈكىنى شەرەپلىك ئىش دەپ قارايدىكەن. نىكاھ بېكىتىلگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىكىلەر قوتاندىكى يىلقىنى ھارۋا بىلەن توسۇپ، قىز تەرەپتىكىلەرنىڭ خالىغانچە ئېلىشىغا يول قويۇدىكەن. قىز تەرەپتىكىلەر ئېگەرسىز ئات مىنىپ، قوتاندىن ئۇدۇل چىققاندا، ئات ئىگىسى قوتان سىرتىدا تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىپ ئاتنى ئۈركۈتسە، ئات مىنگۈچى ئاتتىن يىقىلمىسا، شۇ ئاتنى ئالىدىكەن. ئەگەر ئاتتىن يىقىلىپ چۈشسە، باشقىدىن ئات تاللاپ مىنىپ ئالىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە ئاشلىق تېرىمايدىكەن. ھاراق - شاراب ئەتمەيدىكەن. قىز كۆچۈرگەن كۈنى يىگىت تەرەپ ۋە قىز تەرەپتىكىلەر قىمىز ئىچىپ، پىشۇرغان گۆشنى تويغىچە يەيدىكەن. ساھىبخان مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندا، مۇقىم ئورۇندا تۇرماي، مېھمانلار بىلەن چېدىر ئالدىدا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، كۈن بويى يەپ - ئىچىدىكەن. كەچ بولغاندا، تېخى مېھمانلارنى قوندۇرۇپ قالىدىكەن. ئەتىسى يىگىت قىزنى ئېلىپ كەتكەندە، يىگىت تەرەپتىكىلەرنى ئۆزىنىڭ يىلقا توپىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئاتلارنى تاللاپ ئېلىشىغا يول قويىدىكەن. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئىنىلىرى كۆڭلىدە ئايىغۇسى بولسىمۇ، ئاخىرى ھېچگەپ قىلمايدىكەن. بىراق، ئادەتتە تۇل

خوتۇننى ئالمايدىكەن، ئالغاندا بولسا مال - مۈلۈكىنى ئالماي، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنىڭ بەلگىسى بار ئىكەن. ماللىرىنى دالىغا قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم قالايمىقان ئىلىۋالمايدىكەن. بۇلار ئادەتتە تازلىققا دىققەت قىلمايدىكەن. ئۇلار گۈلدۈرمامىنىڭ سوقۇشىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەر قېتىم چاقماق چاقسا، ئۇلار توۋلاپ تۇرۇپ ئاسمانغا ئوق ئېتىپ كۆچۈپ كېتىدىكەن. كېلەركى يىلى كۈز پەسلىدە ئات سەمرىگەندە، ئۇلار يەنە بىر - بىرىگە ئەگىشىپ، گۈلدۈرماما سوققان يەرگە كېلىپ، قارا ئەركەك قوينى يەرگە كۆمۈپ، تۆپىسىگە ئوت قالاپ پىچاقنى سوغۇرغاندا، داخان دۇئا ئوقۇيدىكەن. بۇ ئىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ جىن - شەيتان ھەيدىگىنىگە ئوخشايدىكەن. بىراق ئۇلار يەنە سەپ تۈزۈپ ئاتلىق ئاتلىنىپ، يۈز قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن توختايدىكەن. كىشىلەر باغدىن سۆگەتنى ئەكىلىپ ھېلىقى يەرگە تەتۈر تۇرغۇزۇپ، قېتىق بىلەن سۇغىرىپ قويىدىكەن. ئاياللار تېرە بىلەن قوي ئۈستىخىنىنى ئوراپ بېشىغا كىيىپ، چېچىنى ئەگرى چىقىرىپ، شۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ باغلاپ قويىدىكەن. بۇ كۆرۈنۈشتە كەڭ ھەم ئېگىز تاجدەك بولىدىكەن. ئۇلار ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا، يەر كولاپ ئورىغا كاڭدەك بىر نىمە ياساپ قويۇپ، جەسەتنى شۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ بىلىكىنى كۆتۈرۈپ قولىغا يانى ئېتىۋاتقاندەك تۇتقۇزۇپ، يېنىغا قىلىچ بىلەن غىلاپنى ئېسىپ قويۇپ، ھايات چاغدىكى تۇرقىدىن پەرقلەندۈرمەي سېلىپ قويىدىكەن. بىراق ئورىنى توپا بىلەن كۆممەيدىكەن. ئەگەر چاقماق سوقۇپ ئۆلگەن ياكى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەن بولسا، شۇلار ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇلىدىكەن. ئەگەر باشقا سەۋەب بولماي، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولسا، نەزىر - چىراغ قىلىنىدىكەن. نەزىر - چىراغ قىلغاندا ھەرخىل چارۋا - ماللارنى كۆپلەپ سويۇپ،



سۆڭەكنى كۆيدۈرۈپ، ئات مىنىپ چۆرىدەپ ئايلىنىپ، كۆپ بولغاندا، نەچچە يۈز قېتىم ئايلىنىدىكەن. ئۇلار ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلىكىنى دېمەستىن ھەممىسى يىغلىشقا قاتنىشىدىكەن. ئادەتتىكى كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تاماشا قىلسا، ئۆلۈم بولغان ئۆيدىكىلەر قايغۇرۇپ يىغلايدىكەن. ئۇلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ، تېرىنى كىيىم قىلىپ، گۆشنى ئوزۇق قىلىدىكەن. قوي، كالا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى جۇرجانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقى بەك چوڭ، بەك ئېگىز بولۇپ، چاقىنىڭ شادىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

ئۇلار كېيىن لۇ خۇنخەينىڭ غەربىي شىمالىغا يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جايغا كۆچۈپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى قۇدرەت تېپىپ، دائىم جۇرجانلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرغان. شۇنداقلا، ۋېي سۇلالىسىگىمۇ پات - پات بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ بىۋاستە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى تارمار قىلغان. كېيىن ۋېي پادىشاھى تەيزۇ قايتىدىن يورۇقسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ لۇخۇنخەيگە يېتىپ بېرىپ، ھارۋا مەپىلىرىنى قالدۇرۇپ، يېنىك چەۋەندازلارنى باشلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ يۈز نەچچە چاقىرىم يۈرگەن، قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلىپ، ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلاردىن بولۇپ 200 نەچچە مىڭ تۇياقنى قولغا چۈشۈرگەن. پادىشاھ يەنە ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، بۆرە تېغىغىچە يېتىپ بېرىپ، قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. پادىشاھ ئالىيلىرى بۇ جايلارنى بىۋاستە كۆزدىن كەچۈرۈپ، سانغۇنلارنى شەرقىي يۆنىلىش ۋە غەربىي يۆنىلىشكە بۆلۈپ، پادىشاھ ۋېي تەيزۇ ئۆزى ئالتە قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا يۆنىلىش بولۇپ، بوران دەرياسىنىڭ غەربىي

شىمالدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىگە بىر - بىرلەپ ھۇجۇم قىلغان ھەممە قوشۇنلار بىرلەشكەندە، ئۇلارنىڭ بىقسىندى قەبىلىلىرىدىن 30 نەچچىنى تارمار قىلغان. باسقاق بېگى تۇغبات يى ئايرىم يول بىلەن سانغۇنلارنى يېتەكلەپ، غەربىي شىمال ئارقىلىق چۆللۈكتە بىر مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم كېزىپ، يەنە ئۇلارنىڭ قالدۇق يەتتە قەبىلىسىنى تارمار قىلغان. قاڭقىللار شۇنىڭ بىلەن تازا ساراسىمىگە چۈشكەن. ھەممە قەبىلىلەر ھەيران قېلىپ قورققان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ نيۇچۇەن دەرياسىدىن جەنۇپقا يۈرۈپ كەڭتاشا ئوۋچىلىق قىلغان، قاڭقىللار تۇرغان زېمىننى ئوۋچىلىق مەيدانى قىلىپ، ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەرنى شۇ مەيداننى چۆرىدەپ، چۆرىسى 700 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەرنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرىگە ئالدۇرغان. ھەرخىل ھايۋانلارنى شۇنىڭ ئىچىگە يىغىپ توسۇۋالغان. مۇشۇ ھايۋانلارنى پىڭچېڭ شەھىرىگە ھەيدەپ كەلگەندە، قاڭقىللارنى ئوۋچىلىق مەيدانى بولغان بۇغا باغچىسىنى ياساشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ جەنۇبتا تەينىدىن باشلاپ، شىمالدا سەددىچىن سېپىلىغىچە يەتكەن. شەرقتە بەيدىڭ تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، غەربتە شىسەن تېغى㊶ ئېتىكىگە بارغان. ئۇزۇن ئۆتمەي قاڭقىللاردىن جىلىغ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چىلجەن 900 نەچچە تۈتۈننى باشلاپ بەيئەت قىلىپ كەلگەن. پادىشاھ چىلجەننى سۇر - ھەيۋەتلىك سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ ئۇنىڭغا لەشكەر بېشى، مەسلىھەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە 20 مىڭ خۇ㊷ ئاشلىق بەرگەن. كېيىن قاڭقىللاردىن چۈبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى فەندۇ جەن يەنە 30 نەچچە تۈتۈننى باشلاپ بەيئەت قىلىپ كەلگەن. ئۇمۇ يىراققا سۇر - ھەيۋەتلىك سانغۇن قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭغا لەشكەر بېشى ۋە مەسلىھەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە كىيىم - كېچەك، يىلدا ئۇزۇق - تۈلۈك، ئاشلىق بېرىلگەن.

جۇرجانلاردىن سەللان مەغلۇپ بولۇپ ۋەيران بولغاندا، ئۆز



قەبىلىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى يىغىپ، كەڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كېلىپ، قاڭقىللارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئەمىر ئۇلۇسى پىخۇلى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ: «سەللان ئەمدىلەتىن ئادەم توپلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئاتلىرى تېخى ئاز، ئۇنى جايلاش ئاسان» دەپ كۆپچىلىكنى باشلاپ ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭ ئېلىگە بېسىپ كىرگەن. قاڭقىللار پايدىغا ئېرىلىپ، يامان ئاقىۋەتنى ئويلىماي، جۇرجانلارنىڭ چېدىر- ئۆيلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، قىز - ئاياللىرىنى خوتۇن قىلىۋېلىپ، ئارام ئېلىپ قوپقۇسىمۇ كەلمىگەن. سەللان ئېگىزگە چىقىپ بۇلارنى كۆزەتكەندىن كېيىن، سەرسان بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئادەملىرىدىن مىڭچە كىشىنى يىغىپ سەھەردە ئۇلارغا زەربە بەرگەن. بۇنىڭدىن قۇتۇلالىغانلار ئونىنىڭ ئىككى - ئۈچ قىسمىغىمۇ يەتمىگەن. پىخۇلى شۇنىڭ بىلەن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا مىڭدۇ گوڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. پىخۇلى كۆڭلى تۈز، باتۇر ھەم قاۋۇل! كىشى بولۇپ، نەيزە ئوينىتىپ ياۋ سېپىگە بېسىپ كىرگەندە، ھەممەيلەننى بېسىپ چۈشكەن. شۇڭا شىمالدىكىلەر يىغلاپ تۇرغان ئۇششاق باللارنى قورقۇتۇپ، مانا پىخۇلى كەلدى دېسىلا، بالا دەرھال يىغلىمايدىغان بولىدىكەن. قىزلار قوشاق قوشۇپ: «ئوبدان ئەر بولسا پىخۇلىدەك بولسىكەن» دېيىشىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق قايىل ئىكەن. ئۇ 50 تال چىغ بىلەن پال ئېچىشقا ماھىر بولۇپ، ھەر قېتىم پال ئاچقاندا، ياخشى - يامانلىق دەل - توغرا چىققانلىقى ئۈچۈن پادىشاھنىڭ يېقىنلىشىپ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا خېلى كۆپ نەرسە ھەدىيە قىلغان ھەم ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خىتاڭنى مەھرەم قىلىپ ئوردىغا كىرگۈزگەن. پىخۇلى ئۆلگەندە، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئېچىنىپ ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى دۆلەتلىك مۇراسىم بىلەن دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭغا ساداقەتمەن

قاۋۇل خان دېگەن ۋاپات ئۇنۋانى بەرگەن. كېيىن پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، سانغۇن تۇغبات ئىۋىنى 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلدۇرۇپ، قاڭقىللارنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرىدىن ئۇيغۇر، ئۇتتۇمىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ زامانىدا چېگرا رايونىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنى تارقاقلاشتۇرغان. پەقەت قاڭقىللارلا قوپال بولۇپ، ئىشقا بۇيرۇسا ئىتائەتچان بولمىغانلىقتىن، ئايرىم قەبىلە پېتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

كېيىن ۋېي پادىشاھى شىزۇ جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن قايتىپ، جەنۇبىي چۆللۈككە كەلگەندە، قاڭقىللارنىڭ شەرقىي قىسمى سىنىبېي دېگەن تاغ ئېتىكىدە بولۇپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ماللىرى خېلى كۆپ ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ، سول قول ياندىش بەگ ئەن يۈەن قاتارلىقلارنى جازا يۈرۈشكە ئەۋەتمەكچى بولغان. ئەمىرى زېمىن جاڭسۇن خەن، دىۋان بېگى ليۇجى قاتارلىقلار تەكلىپ بېرىپ توسىغان بولسىمۇ، ۋېي پادىشاھى شىزۇ قۇلاق سالماي، ئەن يۈەن قاتارلىقلارنى يېڭىدىن بەيئەت قىلغان قاڭقىللار بىلەن قوشۇپ جەمئىي 10 مىڭ چەۋەندازنى ئەۋەتكەن. بۇلار سىنىبېي دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، قاڭقىللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىدىن بىر نەچچە ئون مىڭ تۈتۈن ئۇلارنى كۆرۈپلا ئەل بولغان. ئۇلار مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئات ـ كالا، قويىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئادەم ۋە چارۋىلارنى پۈتۈنلەي جەنۇبىي چۆللۈكتىكى مىڭ چاقىرىمچە كەلگەن جايغا كۆچۈرگەن. بۇ قاڭقىللار ئېگىز چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇپ، ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ مال بېقىپ كۆن كۆچۈرۈپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئاشلىق تېرىپ ئۆزۈقلۇق قىلىشنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالغان ھەم يىلدا ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن ۋېي سۇلالىسىدە



ئات ۋە كالا، قويىنىڭ باھاسى ئەرزانلىشىپ كەتكەن ھەم كىگىز، كۆن، تېرىلەر دۆۋىلىنىپ قالغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ دەۋرىدە بەش قەبىلىدىكى قاڭقىللار بىرلىشىپ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بەرگەندە، يىغىلغان ئادەم نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. كاتتا يىغىلىشتا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، مال سويۇلۇپ، ناخشا ئېيتىلىپ كۆڭۈل ئېچىلغان. ھەممەيلەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق تەنتەنىلىك يىغىلىش بولمىغان دېيىشكەن. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن. ئۇلاردىن خۇشال بولمىغانلار بولمىغان. كېيىن ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ قاڭقىللارنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئەگىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا چاقىرسا، قاڭقىللار جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى خالىماي، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى زىجانى سەركەردە قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شىمالغا قايتىش ئۈچۈن توپىلاڭ كۆتۈرگەن ھەم جىنلىڭ قەبرىسىنى㊸ ۋەيران قىلىۋەتكەن. تۇتۇق يۈۋەن فۇ كەينىدىن قوغلاپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن. پادىشاھ يەنە شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جاڭياڭ بېگى يۈەن جىنى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. يۈەن جى ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ، زىجادىن ھال سورىغان. زىجا جۇرجانلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، پۇشايمان قىلىپ، يەنە ئادەملىرىنى باشلاپ تەسلىم بولغان.

قاڭقىل مىللىتىدىن يەنە 12 جەمەت بولۇپ، بىرىنچىسى بۆركلى جەمەتى، ئىككىنچىسى تۆرە جەمەتى، ئۈچىنچىسى ئېلىخان جەمەتى، تۆتىنچىسى تارلان جەمەتى، بەشىنچىسى قوغا جەمەتى، ئالتىنچىسى داۋغان جەمەتى، يەتتىنچىسى ئارون جەمەتى، سەككىزىنچىسى مويان جەمەتى، توققۇزىنچىسى ئېركىن جەمەتى، ئونىنچىسى پوۋۇرغۇر جەمەتى، ئون بىرىنچىسى كىيان جەمەتى، ئون ئىككىنچىسى يوسىنفى جەمەتى ئىكەن. ئىلگىرى پوۋۇرغۇر قەبىلىسى جۇرجانلارنىڭ چاكىرى ئورنىدا بولۇپ

بىقىندى بولغان ئىدى. دوران دەۋرىدە جۇرجانلار ئارىسىدا مالىمانچىلىق پەيدا بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەر پارچىلىنىپ كەتكەن. پوۋۇرغۇر قەبىلىسىدىكى ئاپۇرغۇر بىلەن ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى چوڭچى ھەربىرى قاڭقىللاردىن يۈز نەچچە مىڭ تۈتۈنگە قوماندانلىق قىلغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ تەيخې 11 - يىلى (مىلادىيە 487 - يىلى) دوران چېگرا رايونىغا چېقىلغاندا، ئاپۇرغۇرلار تەكلىپ بېرىپ توسۇشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ دوران ئۇنىمىغان. شۇڭا ئاپۇرغۇر خاپا بولۇپ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربكە يۈرۈپ، ئالدى بىلەن قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىپ، ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغان. ئۇ ئەلدىكىلەر ئۇنى كۆل بىلگە دەپ ئاتايدىكەن. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلىدا بۈيۈك تەڭرىزات دېگەن مەنىگە ئوخشاش ئىكەن. چوڭچى ئۆزىنى كۆل بېلى دەپ ئاتىۋالغان. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىنىڭ تىلىدىكى خان ئىزباسارى دېگەن مەنىگە ئوخشاش ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز قەبىلىسىنى ئايرىم ئورۇنغا تۇرغۇزغان بولۇپ، ئاپۇرغۇر شىمالىي تەرەپتە، چوڭچى جەنۇبىي تەرەپتە تۇرغان. دوران قوغلاپ جازا يۈرۈشى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن پات - پات يېڭىلگەنلىكتىن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ شەرققە كۆچۈپ كەتكەن. تەيخې 14 - يىلى (مىلادىيە 490 - يىلى) ئاپۇرغۇر غۇز سودىگىرى يۈجىنى ۋېي پايتەختىگە ئەۋەتىپ، ئىككى تال يا ئوقىنى پادىشاھقا ھەدىيە قىلىپ: «جۇرجانلار تەڭرىزاتقا قارشى ئوغرى ئىكەن. پېقىر قاتتىق تەكلىپ بېرىپ توسسامىمۇ، ئۇ ئۇنىمىغانلىقتىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ ياققا كېلىپ ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالدىم. مەن تەڭرىزات ئۈچۈن جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇنى يوقىتىمەن» دېگەن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ئەلچى يۈتىنى شۇ يەرگە بېرىپ راست - يالغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئاپۇرغۇر ۋە



چوڭچىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن كەشتىلىك ئاتلىق كىيىم - كېچەك ۋە يۈز توپ تاۋار بەرگەن. چوڭچى كېيىن ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى مىئوتو قاتارلىقلارمۇ ئېفتالىتلارغا ئەسىر بولغان. ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر تارقىلىپ كېتىپ، بەزىلىرى ۋېي سۇلالىسىگە پاناھ ئىزدەپ كەلگەن، بەزىلىرى جۇرجانلارغا پاناھ ئىزدەپ بارغان. پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەيۋە كۆرسەتكۈچى سانغۇن، مۇھاپىزەتچىلەر نازارەتچىسى مىڭ ۋېينى تەسلىم بولۇپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ھەم كۆڭلىنى ياساپ، ئۇلارنى گاۋپىڭ بازىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئاپۇرغۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ئاپۇرغۇرنىڭ كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن ئاشنا ئويناپ، ئاپۇرغۇرنى قەستلىمەكچى بولغان ئىكەن. ئاپۇرغۇر ئۇقۇپ قېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئاپۇرغۇر ۋەھشىي بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرماي، ھەممەيلەن بىرلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جەمەتتىكى بالىيانىنى خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزغان. بىر يىلچە بولغاندا، ئېفتالىتلار قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، مىئوتۇنى تۇرغۇزماقچى بولغان. قاڭقىل ئېلىدىكىلەر بالىيانىنى ئۆلتۈرۈپ، مىئوتۇنى قارشى ئېلىپ تەختكە چىقارغان. مىئوتۇنى تەختكە چىققاندىن كېيىن يەنە ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتىپ، مەكتۇپ بىلەن بىرگە تۆت چاسا ئالتۇندىن بىر دانە، تۆت چاسا كۈمۈشتىن بىر دانە، ئىككى تال ئالتۇن ھاسسا، يەتتە تۇياق ئات، 10 تۇياق تۆگە تەقدىم قىلغان. پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەلچى مورۇن تەننى مىئوتوغا رەڭدار تاۋاردىن 60 توپ بېرىشكە بۇيرۇغان. ۋېي پادىشاھى شىزۇ پەرماندا مۇنداق دېگەن: «سەن يىراق قۇملۇق سىرتىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، پات - پات سەممىمىي - ساداقىتىڭنى ئىپادىلىدىڭ. سادىق ئىكەنلىكىڭنى كۆزدە تۇتقاندا، ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ تەقدىرلەشكە توغرا كېلىدۇ. جۇرجانلار، يەپتاللار، تۇيغۇنلار ئۆز ئارا ئالاقە باغلايدىغان يول بەربىر قوچۇدىن

ئۆتىدۇ. قوچۇ بۇ ئۈچ بۇرجەك بىلەن تۇتىشىدۇ. ھازىر قوچۇ بەيئەت قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئادەملىرىمىزنى قارشى ئېلىپ يول باشلاپ بەردى. جۇرجانلارنىڭ يولى توسۇلۇپ، يامان ۋەزىيەتتە قالدى. دېمەك، ھەر قايسى ئۇششاق - چۈششەك قەبىلىلەرنىڭ چېقىلىشىغا يول قويۇپ، پادىشاھنىڭ ئادەملىرىنى توسۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق ئىش سادىر بولسا گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغىلى بولمايدۇ» . مىئوتو بۇ ئىشنىڭ كەينىدىنلا جۇرجانلار خانى فۇتۇ بىلەن باركۆلنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلىپ، فۇتۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربكە قاراپ 300 نەچچە چاقىرىم سۈرۈلگەن. فۇتۇ ئىۋىرغولنىڭ شىمالىي تېغىغا ئورۇنلاشقان. بۇنىڭدىن بۇرۇن قوچۇ خانى چۈجيا پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئىچكىرىگە كۆچۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ مىڭ ۋېينى ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەنىدى. مىڭ ۋېينى ئىۋىرغولغا يېتىپ بارغاندا، جۇرجانلار مىڭ ۋېينىڭ قوشۇنىنى كۆرۈپلا قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. مىئوتو جۇرجانلارنىڭ قورقۇپ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. باركۆلنىڭ شىمالىدا فۇتۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ چېچىنى كېسىپ مىڭ ۋېيغا ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا چاپقۇر ئاتتىن بەش تۇياق ۋە ئالتۇن، كۈمۈش، بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتنى ھەدىيە قىلغان. پادىشاھ دۇڭچىڭ ۋېكوندى يۇلياڭنى شۇنىڭغا جاۋابەن ھەرخىل مۇزىكا چالغۇلىرىدىن بىر يۈرۈش ۋە مۇزىكانتلاردىن 80 كىشى، قىزىل دۇردۇندىن 10 توپ، رەڭدار تاۋاردىن 60 توپنى بېرىشكە ئەۋەتكەن. مىئوتو يەنە ئۆزىنىڭ قارارگاھ ئەقىلدارى ئويىن چىخجىننى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوردىغا تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتكەن.

ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭ دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە مىئوتو جۇرجان خانى چونۇر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن.



چونۇر ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى توسۇن ئاتنىڭ كەينىگە باغلاپ، ئاتنى چاپقۇزۇپ سۆرەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يەنە ئۇنىڭ كاللىسىنى سىرلاپ ھاراق ئىچىدىغان جام قىلىۋالغان. مىئوتونىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يەپتاللار ئېلىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، يەپتاللار مىئوتونىڭ ئىنىسى ئىلبەگنىڭ ئۆز ئېلىگە قايتىشىغا يول قويغان. ئىلبەگ ئۆز ئېلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ مەكتۇپ يوللىغان. پادىشاھ ئەلچى گوكەي قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، ئۇنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شىخەي ۋىلايىتىدىكى ئەل قۇرغۇچى گۇڭ، قاغقىللار خانى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئىلبەگ قايتىدىن جۇرجانلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. جۇرجانلارنىڭ خانى بىراخمان قېچىپ، لياڭجۇغا پاناھ تارتىپ كەتكەن. جېڭگۇاڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 520 - 524 - يىللىرى) ئىلبەگ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلغان ھەم ئادەم سۆرەيدىغان بىر قىزىل رەسىملىك مەپە بىلەن ئۇنىڭغا باب پەردە، كۆرپە ۋە جابدۇقلارنى، بىردىن مۇراسىم كۇنلۇكى ۋە يەلپۈگۈچى، بەشتىن ئەگرى ساپلىق قارا كۇنلۇك، بەشتىن قىزىل سىرلىق يەلپۈگۈچ، ئوندىن ناغرا - دۇمباق سورىغان. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇ سورىغان نەرسىلەرنى بەرگەن. ئىلبەگ كېيىن جۇرجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، مەغلۇپ بولۇپ قايتقان. ئۇنىڭ ئىنىسى ھۆجۇت ئىلبەگنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە چىقىۋالغان. ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ تيەنپىڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 534 — 537 - يىللىرى) ھۆجۇت جۇرجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئىلبەگنىڭ ئوغلى بىشىر ھۆجۇتنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىۋالغان. ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ شىڭخې يىللىرىدا (مىلادىيە 539 - 542 - يىللىرى) بىشىر يەنە جۇرجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ھۆجۇتنىڭ ئوغلى چۈبىن جۇرجانلار قولىدىن قېچىپ كېلىپ پاناھ تىلىگەن. چى پادىشاھى

شيەنۋۇ ۋاڭ يىراق جايدىكىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ۋېي پادىشاھىغا تەكلىپ بېرىپ، چۆبىننى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سىجۇ ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۆزۈن ئۆتمەي چۆبىن كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

دەسلەپتە، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ دەۋرىدە تۇتىدىن قەبىلىسى نۇشۇي دەريا㊹ سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، دائىم جىرۋۇقلار قەبىلىسى بىلەن چىش ـ كالپۇكتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئوردا بەرگەن ۋەزىپە ۋە ئىشلارنى ئورۇنلىمايتتى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ دېڭگو 3 ـ يىلى (مىلادىيە 388 ـ يىلى) بىۋاسىتە غەربكە يۈرۈش قىلىپ يورۇقسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، نۇشۇي دەرياسىغا يېتىپ بېرىپ، جىرۋۇقلار قەبىلىسىنى تارمار قىلغان. ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 389 ـ يىلى) ئەتىيازدا پادىشاھ بۇ قەبىلىنى ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى قوشۇپ بىراقلا كۆچۈرۈپ قايتىپ كەلگەن.

يەنە خېتۇرىن قەبىلىسى بولۇپ، خېشى قەبىلىسى ئەزەلدىن بىر قەبىلە ئىدى. بىراق ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ بۇزرۇكۋارى ۋە ئەمىرى ئۇلۇسىغا ئىگە بولۇپ، دائىم چوغاي تاغلىرىغا كېلىپ پاراكەندىچىلىك سالاتتى. دېڭگو 5 ـ يىلى(مىلادىيە 390 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيزۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ بىۋاسىتە جازا يۈرۈشى قىلىپ، توسقىلى كەلگەن مۇرۇن لىڭنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان. خېتورىن قەبىلىسىنىڭ بۇزرۇكۋارى قۇغان قاتارلىقلار ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولغان. خۇاڭشى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 397 ـ يىلى) پادىشاھ ئالىيلىرى جۇڭسەن شەھىرىگە㊺ جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قوشۇن بەيسى㊻ دېگەن يەردە بارگاھ قۇرغان. مۇرۇن باۋ يېرىم كېچىدە بارگاھقا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ھەربىيلەر قورقۇپ كېتىپ ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، بىڭجۇ ئايمىقىدىن ئۆتكەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، جىنياڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بىڭجۇ



ئايماق بېگى يۈەن يەن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنى تىنچىتقان. خېتۇرىن ئەمىر ئۇلۇسى نىۋۇنى، خېشى ئەمىر ئۇلۇسى چىن گىن قاتارلىقلار يەنە كۆپچىلىكنى توپلاپ يىنگۈەن㊼ دېگەن يەردە توپىلاڭ كۆتۈرگەن. نەنئەن گۇڭى يۈەن شۈن ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىسىمۇ، ئۇنى يېڭەلمەي نەچچە مىڭ كىشى ئۆلگەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ خەۋەر تېپىپ، يىراق جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن. يۇ يۆنى يەنىلا نىۋۇنى قاتارلىقلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ ئۇلارنى تولۇق يوقاتقان.

يەنە خولۇرىن قەبىلىسى ئون مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە بولۇپ، دائىم خەتەرلىك جايلارغا تايىنىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ دېڭگو يىللىرىدا(386 ـ 395 ـ يىللىرى) ئۇلارنىڭ بۇزرۇكۋارى چىغا كۇشۇي㊽ دەرياسى ئەتراپلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، قاراقچىلىق قىلغان. دېڭگو 8 ـ يىلى (مىلادىيە 393 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۇنى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمىرى ئۇلۇسى يەنگۈيەننى قولغا چۈشۈرگەن.

سىرگەن قەبىلىسى دائىم ئۈچ قەلئە ئارىسىغا توپلىشىپ ئولتۇراتتى. قۇلان ئۈيچىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمىر ئۇلۇسى تەشغۇ ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىنى كۆرۈپلا ئىتائەتمەن بولۇپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ تەسەللى بېرىپ خاتىرجەم قىلغان. پادىشاھ ئالىيلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇلان ئۈيچىننىڭ ئوغلى قۇلان چۈيگەي بۇ قەبىلىگە پاناھ تارتىپ بارغان. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تەشغۇغا ئۇنى تۇتۇپ ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. تەشغۇ چۈيگەينى ئەلچىگە كۆرسىتىپ: «ھازىر ئۇ چىقىشقا يول تاپالماي بىزگە پاناھ تارتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلسەكمۇ مەيلى، ئۇنى ئاپىرىپ بېرىشكە كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ» دەپ ئەۋەتىپ بەرمىگەن. ۋېي پادىشاھى

تەيزۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆزى بىۋاستە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلانغان. دەل شۇ چاغدا تەشغۇ ئاۋۋال خېشى غوزلىرىدىن ساۋفۇيىنغا ھۇجۇم قىلىشقا كەتكەنىدى. ھۆكۈمەت قوشۇنى بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ شەھىرىدە قىرغىنچىلىق قىلىپ، تەشغۇنىڭ ئايالى جىنباۋنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كۆچۈرۈپ قايتقان. تەشغۇ قۇتۇلدۇرۇشقا قايتقان بولسىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ياۋشىڭنىڭ قېشىغا پاناھ تارتىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي چوققا شىمالىغا قېچىپ كەتكەن. شاگجۇن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى سىيانپىيلار ۋە غوزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقانىدى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ تيەنسى 5 - يىلى (مىلادىيە 405 - يىلى) قۇلان چۆيگەي ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان. كېيىن تۇگۇۋاگنى تىنچىتقاندا، سىرگەن قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نوپۇس دەپتىرىگە چۈشۈرۈلگەن ئائىلىلەر ئىدى.

چەنتون تېغىدىكى سىيانپىيلارنىڭ ئايرىم بىر نەسلىدىكى پوردوران قەبىلىسى بۇزرۇكۋار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان قەبىلە بولۇپ، مۇيغان بۇزرۇكۋار بولغاندا، قورallıq كۈچى زورىيىپ، باتۇر ھەم قاۋۇللىقىغا تايىنىپ ئەتراپتىكىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سالغان دائىرىسى غەربتە جىنچېڭ شەھىرىگىچە، شەرقتە ئەندىڭ ۋىلايىتىگىچە بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ھەممە مىللەت، قەبىلىلەر ئۇنىڭ بالايىئاپىتىدىن زېرىكىپ كەتكەن. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ تيەنشىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 401 - يىلى) چاڭسەن بېگى تۇغبات زۇننى گاۋ پىڭ شەھىرىگە ئەۋەتىپ ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان. مۇيغان بىر قانچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، ئەلنى تاشلاپ قويۇپ قاچقان. ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭ ئادەملىرىنى پۇتۇنلەي پايتەختكە كۆچۈرۈپ كەلگەن. بۇ قەبىلىنىڭ قالدۇقلىرى تارقىلىپ كەتكەن. مۇيغاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى



قۇلان چۆيگەي تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

يەنە چوفۇ، سىكويان قاتارلىق قەبىلىلەر باياشات بولغاچقا، ئوردىغا ھۆرمەت قىلمايتتى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ تيەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 402 - يىلى) باتۇر لەشكەرلەر سانغۇنى چې تۇ 6000 چەۋەندازنى باشلاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قولغا چۈشۈرگەن.

يەنە ھۇلېىنى قەبىلىسى ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يوڭشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 413 - يىلى) بونا تېغىنىڭ غەربىگە ئۆتۈپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 7 - ئايدا پادىشاھ شى جىننى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ بۇ قەبىلىنى تارمار قىلىپ، ئادەملىرىنى كۆچۈرۈپ قايتىپ كەلگەن.

مۇئەررىخنىڭ مۇھاكىمىسى شۇكى: جۇ سۇلالىسىدىكى ھونلار بولسۇن، خەن سۇلالىسىدىكى ھونلار بولسۇن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زىيان سالغىنىغا ئۇزۇن بولدى - دە، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە مىللەت - قەبىلىلەر جايلارنى بۆلۈشۈۋالدى. ساپلا قۇملۇق بولغان چېگرا جايلىرىغا كېلىپ - كېتىپ، چېگرا قورغانلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي غوزلارنىڭ قالدۇقلىرى، باتۇر تەگرىقۇتنىڭ تارماق ئەۋلادلىرى. جۇرجانلارنى ئالساق، ئۇلاردىن ھونلارنىڭ پۇشتىلىرىنى ھەرگىز تاپقىلى بولمايدۇ. بۇلار جازادىن قېچىپ، يامانلارنى توپلاپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، شامالنىڭ چىقىشى ۋە قۇشنىڭ ئۇچۇشىدەك گاھىدا پەيدا بولۇپ، گاھىدا يوقاپ، دەي خانلىقىنىڭ پايتەختىنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئەلنى ھەيران قالدۇرغان. ھەربىي قوشۇنلار شۇنىڭ ۋەجىدىن ئارام ئالالمىغان. شۇڭا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاتا - بوۋا ئەجدادلىرى ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ، قورال كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى يىراق قاقاس جايلاردا يوقىتىپ، ئادىمىزات بولمىغان يەرلەرگە

قوغلىۋەتكەن. بۇ خالىغانچە ئەسكىرىي كۆچىگە تايىنىپ، قاتىللىق قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە خۇشتار بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىپ قېلىپ بۇزۇقچىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن نائىلاجلىقتىن قىلىنغان ئىش.
(«ۋېيىنامە» 6 ـ كىتاب 2307 — 2314 ـ بەتلەر)

---

①شەرقىي غۇزلار (东胡) — توڭغۇسلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى قوۋم. هون تەڭرىقۇتى تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن ئوغان تېغىغا قاچقانلار ئوغانلار دەپ ئاتالغان، سيانپىي تېغىغا قېچىپ ماكانلىشىپ قالغانلار سيانپىيلار دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي» 107 ـ بەت)

②شىڭيۈەندى (神元帝) — سيانپىيلار قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى توغبات تەلىپى مىلادىيە 419 ـ يىلىدىن 277 ـ تەختتە ئولتۇرغان. ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا پادىشاھ شىڭيۈەندى دېگەن نام بېرىلگەن.
(مۇھەررىردىن)

③پادىشاھ جاۋ چېڭدى (昭成帝) — دەي خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى توغبات شىجىجيەن بولىدۇ. ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پادىشاھ جاۋ چېڭدى دېگەن نام بېرىلگەن.
(مۇھەررىردىن)

④ۋېي چېن (卫辰) — تولۇق ئىسمى ليۇ ۋېي، ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ سانغۇنى، هونلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن غەربىي تەڭرىقۇت بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(مۇھەررىردىن)

⑤نەنچۇاڭ تېغى (南床山) — هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئوردا



ئوتتۇرا ـ ئارقا بىرلەشمە خوشۇنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑥يۇرۇقسۇ دەرياسى (弱洛水) — هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئولانباتۇر شەھىرىنىڭ غەربىدە. يەنى هازىرقى تۇرا دەرياسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑦ ئېرگىن دەرياسى (安贡根河) — ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، يەنى هازىرقى خورخۇن دەرياسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑧سىنخېبېي (参合陂) — كۆل نامى. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى لياڭچىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 47 ـ بەت)

⑨چەيسەن تېغى (豺山) — هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى زويۈن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 5446 ـ بەت)

⑩چاڭچۈەن قەلئەسىنىڭ شەرقى قارا قۇملۇق دەپ ئاتىلىدۇ، غەربى ئاق قۇملۇق دەپ ئاتىلىدۇ. چاڭچۈەن قەلئەسى دېگەن سۆز بۇ كىتابنىڭ 3 ـ جىلدىدا ئىزاھلانغان.
(«ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 3776 ـ بەت)

⑪لىيۈەن (栗园) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى گۇئەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 706 ـ بەت)

⑫خېيسەن تېغى (黑山) — هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 1042 ـ بەت)

⑬جۇرجانلارنىڭ ئوردىسى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خار خولىن دېگەن يەردە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑭لىشۈي دەرياسى ( 栗水 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى خار خولىن دېگەن يەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑮خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى دۇشيەننىڭ ئەسكى قورغىنى لىشۈي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قېشىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑯تۇيۈەن دەرياسى ( 兔园水 ) — خار خولىن دېگەن يەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑰يەنرەن تېغى ( 燕然山 ) — يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگاي تېغى.
(مۇھەررىردىن)

⑱سىنبېي كۆلى ( 巳尼陂 ) — يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى بايقال كۆلى.
(مۇھەررىردىن)

⑲جۇنجى تېغى ( 浚稽山 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تولا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلىقىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

⑳تەڭرىتاغ ( 天山 ) — يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگاي تېغى.
(مۇھەررىردىن)



㉑بەيفۇ تېغى ( 白阜山 ) — ھازىرقى خانگاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا شىمالىي تەرىپىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉒چىجيې تېغى ( 七介山 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن سەنشى ئۆلكىسى تۇتاشقان يەردە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉓تۇتۈي تېغى ( 吐颓山 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى پىڭلۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 296 ـ بەت)

㉔تاشسۇ دەرياسى ( 石水 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉕دىفۇ كۆلى ( 地弗池 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉖چيۇڭلۇڭ چوققىسى ( 穹窿岭 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خارخولىن دېگەن يەرنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉗گۇاڭزې سازلىقى ( 广泽 ) — خارخولىننىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉘ۋۇچۈەن دەرياسى ( 武川 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 54 ـ بەت)

㉙گاتۇن ( 可贺敦 ) — قاتۇن دەپمۇ يېزىلىدۇ. بەگ ـ خاننىڭ

خوتۇنى.

(مۇھەررىردىن)

㉚ئېلتەبىر (俟利发) — تۈركلەر خانلىقىنىڭ ئەمەل نامى. ئېلتەبىر خانلىق ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ياكى قارار قىلغاندا قاتنىشاتتى.

(«شىنجاڭ تارىخى لۇغىتى» 786 ـ بەت)

㉛بېيجۇڭ (北中) — شەھەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 40 — 41 ـ بەتلەر)

㉜دىدۇيۇ (地豆于) — قەدىمكى زاماندا دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يات قوۋملەر ئېلى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى شەرقىي ئۇجۇمچىن خوشۇنىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 54 ـ بەت)

㉝توغبات جو (拓跋濬) — توغبات قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى. ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا پادىشاھ پىڭدى دېگەن نامنى بەرگەن.

(مۇھەررىردىن)

㉞ۋېي پادىشاھى تەيزۇنىڭ ئېتى توغبات گۈي.

(مۇھەررىردىن)

㉟مۇرۇن گۈي (慕容傀) — ئالدىنقى يەن خانلىقىنىڭ ئاتاخانى.

(مۇھەررىردىن)

㊱جىچېڭ قەلئەسى (棘城) — ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى يىشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(مۇھەررىردىن)



㊲دۇەنموبو (段末波) — سيانپيلار سەردارى.

(مۇھەررىردىن)

㊳ پادىشاھ جاۋدى (昭帝) — توغبات قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى. ئىسمى توغبات لۇگۇەن. ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پادىشاھ جاۋدى دېگەن نام بېرىلگەن.

(مۇھەررىردىن)

㊴«گۈي» دېگەن خەت « 龟 » (تاشپاقا) دېگەن مەنىدە.

(مۇھەررىردىن)

㊵مۇرۇن خۇاڭ (慕容皝) — ئالدىنقى يەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچى خانى.

(مۇھەررىردىن)

㊶شىسەن تېغى (西山) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا.

(مۇھەررىردىن)

㊷ خۇ (斛) — بىر خۇ ئون كۈرىگە باراۋەر كېلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

㊸جىنلىڭ قەبرىسى (金陵) — ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى داۋۋۇدى توغبات گۈينىڭ قەبرىسى.

(«سىيۇەن» 3159 ـ بەت)

㊹نۈشۈي دەرياسى (女水) — يەنى ۋۇچۇەن دەرياسى بولىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

㊺جوڭسەن شەھىرى (中山) — كېيىنكى يەن خانلىقىنىڭ پايتەختى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشيەن ناھىيىسىدە.

( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 13 — 14 ـ بەتلەر)

㊻بەيسى ( 柏肆 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشيەن ناهىيىسىنىڭ غەربىدىكى چۇنياڭ ناهىيىسىدە.
( «جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 628 ـ بەت)
㊼يىنگۇەن ( 阴馆 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
( «جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى» 864 ـ بەت)

㊽ كۇشۈي دەرياسى ( 苦水 ) — هازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 48 — 49 ـ بەتلەر)



## «ۋېينامە» 105 ـ جىلد

# ئاسمان هادىسىلىرىنىڭ تەزكىرىسى

ۋېي پادىشاهى تەيزۇڭنىڭ تيەنشىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 403 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۇن كۆيگەن. پال ئېچىپ كۆرگەندە «ئازراق جەڭ قىلىشقا پايدىلىق» دېيىلگەن. 10 ـ ئايدا ۋېي پادىشاهى تەيزۇڭ سانغۇن يى ۋېيغا 20 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز قوشۇننى باشلاپ شىمالدىكى قاڭقىللارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىش توغرىلىق پەرمان چۈشۈرگەن. يى ۋېي جەڭدە تولۇق غەلىبە قازانغان.
(ئەسلىي كىتاب، 2334 ـ بەت)

ۋېي پادىشاهى سۇزۇڭنىڭ شىنگۈي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 518 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ئاق رەڭلىك هەسەن ـ هۈسەن قۇياشنى ئورىۋالغان. پال ئاچقاندا «پادىشاهلىققا ئۈچ يىل ئىچىدە يېڭى ئىقلىم قوشۇلغاي» دەپ چىققان. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا جۇرجانلاردىن لياڭخېخودو ئەر ـ خوتۇن 700 كىشىنى باشلاپ كېلىپ پادىشاهلىققا ئەل بولغان.

جېڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 522 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا كۇن كۆيگەن، پال ئاچقاندا «غەربىي شىمال تەرەپتە ئازراق پاراكەندىچىلىك بولىدۇ» دەپ چىققان. جېڭگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 523 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا جۇرجان قاغانى ئاناغاي ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ، چېگرىدىن بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان.

(ئەسلىي كىتاب، 2341 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يۇڭشىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 409 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا كۈن يۈزىدە داغ پەيدا بولغان. پال ئاچقاندا «غۇزلار ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىدۇ، تەڭرىزات ھونلارنى تارمار قىلىدۇ» دەپ چىققان. 2 ـ يىلى (مىلادىيە 410 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ۋېي تەيزۇڭ جۇرجانلار قاغانى سەللانغا جازا يۈرۈشى قىلغان. سەللان قېچىپ كەتكەن.

(ئەسلىي كىتاب، 2350 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيپىڭجېنجۈن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 445 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا كۈن ئوتتۇرىسى قارىداپ كەتكەن. پال ئاچقاندا «بەزى ئەللەر ھالاك بولىدۇ» دەپ چىققان. شۇ ئايدا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، گاۋلياڭ بېگى توغبات نار يىنپىڭدا تۇرۇۋاتقان تۈيغۇنلار خانى مۇلىيەنگە جازا يۈرۈشى قىلغان. قوشۇنلار مەنتۇ قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا، مۇلىيەن ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ كۆچمە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ قاچقان. توغبات نار ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلىغان. شۇ چاغدا غەربىي چىن بېگى مۇكۈينىڭ خانزادىسى بېيناڭ يول توسۇپ، توغبات نارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغان. مۇلىيەنشۇ قاچقانچە ئۇدۇنغا كەتكەن.

(ئەسلىي كىتاب، 2357 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ شىنجيا 1 ـ يىلى (مىلادىيە 428 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا زۆھرە يۇلتۇزى ئەرشنىڭ يولىغا كىرىۋالغان. پال ئاچقاندا «بەدەۋىلەرنىڭ كاتتىۋېشى ھالاك بولغاي» دەپ چىققان. 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا زۆھرە يۇلتۇزى كۈندۈزى كۆرۈنگەن. پال ئاچقاندا «لەشكەر تارتىسلا غەلىبە قازانغاي، كۈچلۈك ئەللەر ئاجىزلىغاي»



دەپ چىققان. شۇ ئايدا پادىشاھ شىمالدىكى جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. مىليونلىغان مال ـ مۈلۈكنى ئولجا ئالغان. بۇنى كۆرگەن قاڭقىللار ئەل بولغان. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قانچە مىڭ چاقىرىم زېمىن ۋېي سۇلالىسىغا تەۋە بولغان.

(ئەسلىي كىتاب، 2401 ـ بەت.)

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## نەغمە ـ ناۋا تەزكىرىسى

ۋېي پادىشاھى شىزۇ قۇلان چاگنى تارمار قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىپسىل قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئولجا ئېلىۋالغان. كېيىن لياڭجۇ ئايمىقىنى تىنچىتقاندا ناخشىچى، سازەندىلەر ۋە سەھنە جابدۇقلىرىنى ئولجا ئالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەرخىللىرىنى ئىلغاپ ساقلىغان. كېيىن غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە ئورناتقاندا، ياپيان بەگلىكىنىڭ داپ ئۇسسۇل مۇقامىنى ئاساس قىلىپ بەزمىخانا تەسىس قىلغان.

(ئەسلىي كىتاب، 2828 ـ بەت)

Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net





## مالىيە ـ سودا تەزكىرىسى

شىنجيا يىلنامىسىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) پادىشاھ ئالتە تارام قوشۇنغا بىۋاسىتە ئۆزى باش بولۇپ، قۇملۇقتىن ئۆتكەن. ھەرقايسى سانغۇنلارغا جۇرجانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىش توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم پەرمان چۈشۈرگەن. شەرقتە بىپايان قۇملۇقچە، غەربتە جاڭيې ۋىلايىتىگىچە، شىمالدا يەنرەن تاغ تىزمىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا جەڭ قىلىپ، جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى، ئات، كالا، قويلىرىنى ۋە سانسىز تۈرلۈك بايلىقىنى ئولجا ئالغان. ئارقىدىنلا چىڭجۇ گۇڭى ۋەن دۇگۇينى غەربكە لەشكەر تارتىپ ئاگنى خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاگنى خانى كۆشىنا ئاتقا مىنىپ كۇسەن خانلىقىغا يالغۇز قېچىپ كەتكەن. ئاگنى خانلىقىنىڭ ئاھالىسى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى ۋەن دۇگۇيغا بەرگەن. تۈرلۈك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار، ئات، تۆگىلەر بولۇپ ساناقسىز كۆپ نەرسىلەر ئولجا ئېلىنغان. ۋەن دۇگۇي ئارقىدىنلا كۇسەنگە بېرىپ بىھېساب نەرسىلەرنى ئولجا ئالغان. شۇ چاغدا مەملىكەت مىقياسى تېخى ئومۇميۈزلۈك تىنچىتىلمىغانلىقتىن، پادىشاھ دائىم ئۆزى بىۋاسىتە جەڭگە چىقىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بولسا ھەمىشە ۋەلىئەھد گۇڭزۇڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى.

تەيپىڭجېنجۇن يىللىرىدا گوڭزۇڭ دېھقانچىلىق قائىدە - يوسۇنلىرىنى يېزىپ چىقىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. بۇ ئىش «پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرىلەر» دە بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە دۆلەتكە ۋە ئارمىيىگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلانغان.

(ئەسلىي كىتاب، 2851 - بەت)



# «ۋېينامە» 112 - جىلد

# تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بېشارەتلىرى تەزكىرىسى

ۋېي پادىشاھى شىزۇڭنىڭ جىڭشى 1 - يىلى (مىلادىيە 504 - يىلى) 7 - ئايدا پىشامشان جېنى ۋېي پادىشاھى شىزۇڭغا بىر باشلىق، ئىككى تەنلىك، سەككىز پۇتلۇق تۇغۇلغان بىر قوزىنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن.

جىڭشى 2 - يىلى (مىلادىيە 505 - يىلى) 1 - ئايدا پىشامشان جېنى پادىشاھقا 8 پۇتلۇق بىر قوينى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن.

(ئەسلىي كىتاب، 2918 - بەت)

ۋېي پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ شىپىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 517 - يىلى) 11 - ئايدا پىشامشان جېنى ئوردىغا توشقان سوۋغا قىلغان.

(ئەسلىي كىتاب، 2945 - بەت)

# ئەمەلدارلار تەزكىرىسى

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ زامانىسىدىن گاۋزۇ زامانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوردىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدە ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولۇپ، بەزى مەنسەپ تۈرلىرى تەسىس قىلىنىپ، بەزى مەنسەپ تۈرلىرى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق مەنسەپدارلىق تۈزۈمى مۇقىم بولغان. ھەتتا بەزى ئەمەل ناملىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئوخشاش بولمىغان، مەسىلەن تۈمەن چەۋەنداز سانغۇنى، ئۇچار قۇش سانغۇنى ۋەھاكازالار. تەيخې يىللىرىدا ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ كېڭىشىپ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تۈزۈپ، مەنسەپ نامىنى يېزىپ جاكارلاپ يولغا قويغان. بۇ تىزىملىكتە قاڭقىللار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەنسەپ ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

قاڭقىل ياساۋۇللار سانغۇنى، قاڭقىل يولۋاس سۈرلۈك سانغۇنى، قاڭقىل يولۋاس سۈرلۈك لەشكەر بېشى، قاڭقىل ئەمىر بارلاس، قاڭقىل ياساۋۇللار بېگى، قاڭقىل ھۆرمەت قاراۋۇلى.
(ئەسلىي كىتاب، 2976 —، 2988 ـ بەتلەر)





# راھىبلار، تويىنلار تەزكىرىلىرى

خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ يىللىرىدا خوچۇبىڭ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلىپ، گاۋلەنگە① بارغان. جۈيەندىن② ئۆتكەن. نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ زور غەلىبە قازانغان. قونشارقان③، شۇتۇققاننى④ ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭغا قاراشلىق 50 مىڭ ئادەم تەسلىم بولغان. ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن بۇت ھەيكىلى ئولجا ئېلىنغان. پادىشاھ بۇنى چوڭ ئىلاھ دەپ ھېسابلاپ گەنچۈەن ئوردىسىغا⑤ قويدۇرغان. ئالتۇن بۇد ھەيكىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر جاڭدىن ئوشۇق كېلەتتى. بۇ ھەيكەلگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما شام كۆيدۈرۈپ تاۋاپ قىلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ بۇددا دىنىنىڭ تەدرىجىي تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى ئېچىپ باكتېرىيىگە⑥ بېرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يول ئۈستىدە ھىندۇ پادىشاھلىقىدىن ئۆتكەن. بۇ پادىشاھلىق يەنە ئەنەتكەك دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان.

ۋېي پادىشاھى خەن ئەندىنىڭ يۈەنشۇ 1 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ يىلى) ئۆلىمانىڭ مۇرىتى چىن جىڭشەن بۈيۈك توخرىيلار خانىنىڭ ئەلچىسى يىسۇنىنىڭ ئاغزاكى يەتكۈزگەن بۇددا ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ تارقاتقان. لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنمىگەن. كېيىن خەن

پادىشاھى مىڭدى⑦ چۈشىدە ئالتۇن ئادەم ھەيكىلىنى كۆرگەن. ھەيكەلدىن نۇر چاقناپ تۇرغانمىش ۋە ئوردا ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ۋەزىرلىرىگە سۆزلەپ بېرىپ، نېمىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى سورىغان. فۇيى دېگەن ۋەزىر تۇنجى قېتىم بۇ بۇددا دەپ جاۋاب بەرگەن. پادىشاھ كاتاۋۇل سەي يىن، ئۆلىمالار مۇرىدى چىن جۇڭ قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ھىندۇغا ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بۇددا دىنىنىڭ نوملىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئىدى. سەي يىن قاتارلىقلار سىراماڭ كاشيا ماتا، دارماكجالارنى ئېلىپ لوياڭغا قايتىپ كەلگەن. جۇڭگودىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ سىرامان ۋە تىزلىنىپ تاۋاپ قىلىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن. سەي يىن قاتارلىقلار يەنە بۇددا نومىدىن 42 جىلدنى ۋە ساكيامۇنىنىڭ ئۆرە تۇرغان ھەيكىلىنى ئېلىپ كەلگەن. خەن پادىشاھى مىڭدى خەتتاتلارغا بۇددا ھەيكىلىنى ۋە نومىنى ئويۇپ چىقىپ، چىڭلياڭتەي ئوردىسىغا ۋە شيەنجې قەبرىستانلىقىغا⑧ ئورنىتىشنى بۇيرۇغان. بۇددا نومىنى ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى تاش ئۆينىڭ تېمىغا ئويۇشنى بۇيرۇغان. سەي يىن قايتىپ كېلىش سەپىرىدە بۇددا نومىنى ئاق ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لوياڭ شەھىرىدىكى يۇڭمېن قوۋۇقىنىڭ غەربىگە ئاق تۇلپار ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان. كاشيا بىلەن دارماكچا ئۆلگەندە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

جىن سۇلالىسىنىڭ يۈەنكاڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 291 — 299 - يىللىرى) غۇزلارنىڭ سىرامانى جىگوشمىنىڭ بۇددا نوملىرىدىن كارمادانا، ساددارماپونارىكا سۇترا، ئۈچ تومluq بۇددا قامۇسى قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. گەپلىرى چۈۋالچاق، مەنىسى چۈشىنىكسىز بولۇپ، تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. كېيىن ئەقىللىق سەزگۈر سىرامانلاردىن چاڭشەنلىك ۋېي داۋئەن ھەر كۈنى 10 مىڭ خەتلىك نومنى يادقا



ئۇقۇيالايدىغان بولغان. مەنىسىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلىگەن. ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان ئۇستازى بولمىسىمۇ، 12 يىل جىم ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىپ نوملارنى ئوبدان بىلىۋالغان. بۇرۇن چىققان دىنىي كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى خاتالىقلارغا رەددىيە بېرىپ نوم تەلىماتىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ئەينەن توغرا شەرھلەپ بېرەلىگەن. شىلا دەۋرىدە، ھىندىستانلىق سىرامان بۇددۇچىڭا ئۇدىيانا خانلىقىدا ئارخات بولۇپ دىن تارقاتقان. ليۇ ياۋ دەۋرىدە شاڭگوغا بېرىپ دىن تارقاتقان. كېيىن شىلانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ چوڭ شەيخ دەپ ئاتالغان. ھەربىي - مەمۇرىي مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپ بويىچە ئۇنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى توغرا چىققان. ۋېي داۋئەن يېچېڭ شەھىرىگە بېرىپ بۇددۇچىڭا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، بۇددۇچىڭا ئۇنى قالتىس چوڭ بىلگەن. بۇددۇچىڭا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قالايمىقانچىلىق چىققان. ۋېي داۋئەن مۇرىتلىرىنى باشلاپ شىنيېگە⑨ بېرىپ ۋەز ئېيتقان. ۋېي داۋئەن كېيىن مۇرىتلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن. فاتەي ياڭجۇ ئايمىقىغا بارغان. فاخې شۇجۇن ۋىلايىتىگە بارغان. ۋېي داۋئەن بىلەن خۇيىۋەن شياڭياڭغا⑩ بارغان. ۋېي داۋئەن كېيىن فۇجيەن تەرەپكە بارغان. فۇجيەن خېلى بۇرۇنلا ۋېي داۋئەننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئاڭلاپ قايىل بولغاچقا، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭغا ئۇستازى ئورنىدا تەزىم قىلغان. بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى غۇزلاردىن بولغان سىرامان كوماراجىۋانىڭ بۇددا ئەقىدىسىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان. ۋېي داۋئەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان. فۇجيەننى كوماراجىۋا بىلەن كۆرۈشۈشكە ئادەم ئەۋەتىشكە دەۋەت قىلغان. كوماراجىۋا ۋېي داۋئەننىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى شەرقنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتاپ، ئالاھىدە تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن. ۋېي

داۋئەن ۋاپات بولۇپ 20 نەچچە يىل ئۆتكەندە كوماراجىۋا چاڭئەنگە بېرىپ، ۋېي داۋئەن بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنگەن. ۋېي داۋئەننىڭ بۇددا نومى توغرىسىدىكى پۈتۈن چۈشەندۈرۈشلىرى كوماراجىۋانىڭ تەرجىمىسى بىلەن ئوخشاش چىققان، ھېچقانچە پەرق بولمىغان. شۇنداق قىلىپ، كوماراجىۋانىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ تارقالغان.

(ئەسلىي كىتاب 3029 — 3030 ـ بەتلەر)

كوماراجىۋا ياۋشىڭنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، چاڭئەندىكى ساۋتاڭ بۇتخانىسىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. 800 كىشىلىك بۇددا نومىنى باشقىدىن رەتلەپ تەرجىمە قىلدۇرغان. كوماراجىۋا ئىنتايىن زېرەك، پەرقلەندۈرۈش، مۇتائىلە قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ تىللىرىنى پۇختا بىلەتتى. ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن سىرامان داۋرۇڭ، داۋخېڭ، داۋ پياۋ، تەنيىڭ، سېڭجاۋ قاتارلىق كىشىلەر كوماراجىۋا بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىجادكارلىق بىلەن ئىشلىگەن. چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئون نەچچە توملۇق بۇددا نومىنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بېكىتىپ چىققان. سۆز مەنىسى چۈشىنىشلىك بولغان. كېيىنكى سىرامانلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىلگەن. داۋرۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بىلىمى ئىنتايىن مول ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك كىشى سېڭجاۋ ئىدى. كوماراجىۋا تەرجىمە قىلغاندا، كۆپىنچە سېڭجاۋ قەلەم تۇتاتتى. كوماراجىۋا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاپ چىقاتتى. كارمادانا نومىنىڭ چۈشەندۈرۈلمىسىنى يېزىپ چىقاتتى. ئۆز ئالدىغىمۇ يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ كارامەتلىرى جىق بولۇپ، كىتابنى ئوقۇغانلار ئۇنىڭغا چوقۇناتتى.

يەنە بىر سىرامان فاشيەننىڭ تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس.



ئۇ چاڭئەندىن چىقىپ، ئەنەتكەككە بارغان. نوم بار دەپ ئاڭلىغانلا يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن. خەقلەرنىڭ كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈۋالغان. ئون يىل ئايلىنىپ يۇرۇپ جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئەل سىرىلانكىغىچە يېتىپ بارغان. سودىگەرلەرنىڭ كېمىسىگە چۈشۈپ، شەرققە قاراپ ماڭغان. 200 كۈن ھوشسىز ياتقان. جىڭجۇ ئايمىقى چاڭ گۇاڭ ۋىلايىتى⑪نىڭ بۇچىلاۋ تېغىغا يېتىپ بارغان. ئۇ يەردىن جەنۇبقا مېڭىپ، يەنە دېڭىز ئارىلىغان. ئۇ چاغ دەل شىنرۇي يىلنامىسىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 415 ـ يىلى) ئىدى. فاشيەن يېتىپ بارغان ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ يازغان. تاكى ھازىرغىچە بۇ ماتېرىياللار ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇ قولغا چۈشۈرگەن كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، تولۇق تەھرىرلىك قىلىپ بولالمىغان. ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ ھىندىستانلىق پىركامىل ۋاردامانا بىلەن كۆرۈشۈپ تەرجىمە نۇسخىسىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن. بۇ كىتابلارنى «راھىبلار رىسالىسى» دەپ ئاتىغان. بۇ كىتابلار كېيىنكى سىرامانلار ئۆگىنىدىغان ئاساسلىق ماتېرىيال بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئالدىدا سىرامان فالىڭ ياڭجۇ⑫ دىن غەربىي يۇرتقا بېرىپ «بۇددا ۋاتام ساكا ماخا ۋايپوليا سۇترا» دېگەن كىتابنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ بېكىتىپ چىقىلغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە، ۋاردامانا سىرامان فايى بىلەن بىرلىشىپ يېڭىۋاشتىن تەرجىمە قىلىپ يۇرت ئىچىگە تارقاتقان.

(ئەسلىي كىتاب ـ بەتلەر)

---

①گاۋلەن ( 皋兰 ) — يەرنامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرى ئەتراپىدا.

(«جۇڭگو يەر نامىلىرى قامۇسى» 840 ـ بەت)

②جۇيەن ( 居延 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئەرگىنە خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«سىخەي» 2455 ـ بەت)

③قونشارقان ( 昆邪王 ) — خەن سۇلالىسى دەۋرىدە هون قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرىدىن بىرى بولۇپ، هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىدورىدا ياشىغان.
(«خەننامە. هونلار تەزكىرىسى» دىن)

④شۇتۇقان ( 休屠王 ) — هونلارنىڭ شۇتۇق دېگەن يېرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار. شۇتۇق هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«خەننامە. هونلار تەزكىرىسى» دىن)

⑤گەنچۈەن ئوردىسى ( 甘泉宫 ) — هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چۇنخۇا ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گەنچۈەن تېغىدا.
(«سىيۈەن» 2092 ـ بەت)

⑥باكتېرىيە ( 大夏 ) — خانلىق. هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«سىخەي» 625 ـ بەت)
⑦پادىشاھ مىڭدى ( 明帝 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، مىلادىيە 57 — 75 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈردى.
(«كېيىنكى خەننامە. پادىشاھ مىڭدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑧شيەنجيې قەبرىستانلىقى ( 显节陵 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدىنىڭ قەبرىستانلىقى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«سىيۈەن» 3403 ـ بەت)



⑨شىنيې ( 新野 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنيې ناهىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 21 ـ بەتلەر)

⑩شياڭياڭ ( 襄阳 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى شياڭفەن شەھىرىنىڭ يەرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 11 — 12 ـ بەتلەر)

⑪چاڭگۇاڭ ۋىلايىتى ( 长广郡 ) — هازىرقى سەندۇڭ ئۆلكىسى چىڭداۋ شەھىرىنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

⑫ياڭجۇ ( 杨州 ) — شەھەر. هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ يېنىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» 4 ـ كىتاب 15 — 16 ـ بەتلەر)

«شىمالىي چىنامە» 4 ـ جىلد

## چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى ھەققىدە خاتىرە

تيەنباۋ① 3 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، جۇرجانلارنىڭ خانى ئاناغاي② تۈركلەردىن يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئاناغاينىڭ تەخت ۋارىسى يانلۇغچىن، بىر نەۋرە ئىنىسى ئېلتەبىر دېڭجۇچەل ۋە دېڭجۇچەلنىڭ ئوغلى قۇتى قاتارلىقلار بىرلا ۋاقىتتا قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەيئەت قىلدى. جۇرجانلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى دېڭجۇچەلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى تابارنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلىدى.
(ئەسلىي كىتاب 56 ـ بەت)

تيەنباۋ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 553 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، تۈركلەر جۇرجانلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. جۇرجانلارنىڭ ھەممىسى جەنۇب تەرەپكە پاناھ ئىزدەپ كەلدى. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، پادىشاھ ۋېنشۇەندى③ تۈركلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن جىنياڭدىن شىمالغا قاراپ ئاتلىنىپ، يول ئۈستىدە جۇرجانلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن، جۇرجانلارنىڭ خانى قۇتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاناغاينىڭ ئوغلى يانلۇغچىننى خان قىلىپ تەيىنلەپ، مايى تۇزلەڭلىكىگە④ ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا ئاشلىق ۋە يىپەك ـ گەزلىمە قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىنئام قىلدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى شەخسەن قوشۇن باشلاپ، تۈركلەرنى شوجۇ ئايمىقىغىچە قوغلاپ باردى.



تۈركلەر ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر داۋاملىق تارتۇق يوللاپ تۇردى.
(ئەسلى كىتاب 58 ـ بەت)

تيەنباۋ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، تۈركلەر ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق يوللىدى.
(ئەسلى كىتاب 60 ـ بەت)

---

① تيەنباۋ ( 天保 ) — شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۇەندى گاۋ ياڭنىڭ مىلادىيە 550 ـ يىلىدىن 559 ـ يىلىغىچە قوللانغان يىلنامى.
( «جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» )

② ئاناغاي ( 阿那瓌 ) — جۇرجانلارنىڭ خانى. مىلادىيە 520 ـ يىلى (پادىشاھ شياۋ مىڭدىنىڭ جېڭگۇاڭ 1 ـ يىلى) تەختكە ئولتۇرغان، كېيىن نەۋرە ئاكىسى ئىلتەبىرشىفادىن يېڭىلىپ، چەۋەندازلارنى باشلاپ جەنۇبقا كېلىپ، ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋ مىڭدى ئۇنى شوفاڭ ۋىلايىتى گۇڭى، جۇرجانلار خانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ۋويې قورغىنىنى تىنچىتتى. كېيىن ئۆزىنى بولۇر تۇدۇفا قاغان دەپ ئاتىدى.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. جۇرجانلار تەزكىرىسى» دىن)

③ پادىشاھ ۋېنشۇەندى ( 文宣帝 ) — فامىلىسى گاۋ، ئىسمى ياڭ، تەخەللۇسى زىجىن، شەرقىي ۋېي سۇلالىسىدە چى بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. مىلادىيە 550 ـ يىلى (ۋېي پادىشاھى شياۋ جىڭدىنىڭ ۋۇدىڭ 8 ـ يىلى) 21 ياشتا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، ۋېي پادىشاھىنى بەگ قىلىپ تەختتىن چۈشۈردى. يىلنامىنى تيەنباۋغا ئۆزگەرتىپ، دۆلەت

نامىنى (شىمالىي) چى قىلىپ بېكىتتى. ئون يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، مىلادىيە 559 ـ يىلى جىنىياڭدا كېسەل بىلەن ئۆلدى.
(«شىمالىي چىنامە» 4 ـ جىلدتىن)

④ مايى تۇزلەڭلىكى (马邑川) — هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شوشيەن، ئىڭۋۇ، زويۈن ناھىيىلىرى ئارىسىدا.
(«سىيۈەن» 3444 ـ بەت)



## «شىمالىي چىنامە» 7 ـ جىلد

## چى پادىشاھى ۋۇچېڭدى ھەققىدە خاتىرە

خېچىڭ ① 2 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) قىش 12 ـ ئايدا، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى ياڭ جۇڭ تۈركلەردىن ئاشىنا مۇقان قاتارلىقلارنىڭ قول ئاستىدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، خېڭجۇ ئايمىقىدىن② يولغا چىقىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كېلىپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى ھەم بۇلاپ ـ تالىدى.

ئەينى مەزگىلدە ئۇدا بىر قانچە ئايغىچە توختىماستىن قاتتىق يامغۇر ۋە قار ياغدى. جەنۇبتىن شىمالغىچە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق جايلار قېلىن قار ئاستىدا قالدى. كۈندۈزى يەر ـ جاھاننى قىرو قاپلىدى. تەييۈەندە رەڭگى قانغا ئوخشاپ كېتىدىغان يامغۇر ياغدى. پادىشاھ ۋۇچېڭدى جىنىياڭغا كەلدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىڭجۇ ئايمىقىغا③ قىستاپ كەلدى. ئاندىن يەنە ئۆلۈغ سانغۇن داشىۋۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى نەچچە تۈمەن لەشكەرنى دۈڭيۈڭ ۋە جىنجۇ ئايماقلىرىغا ئەۋەتىپ، تۈركلەر بىلەن ئۆز ئارا ماسلاشتى.
(ئەسلىي كىتاب 92 ـ بەت)

خېچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) كۈز 9 ـ ئايدا، تۈركلەر يۇجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، سەددىچىننىڭ ئىچىگە بېسىپ كىردى. بۇلاڭچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چېكىنىپ كەتتى. . . كەبىسە 9 ـ ئايدا، تۈركلەر يۇجۇ ئايمىقىغا

يەنە بېسىپ كىردى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۇچكە بۆلۈنۈپ بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقتى. سەركەردىلەردىن يۈچى جيۇڭ لوياڭغا ھۇجۇم قىلدى. ياڭ پياۋ جىگۇەنگە بېسىپ كىردى. چۈەن جىڭشۈەن شۈەنخۇ شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 93 ـ بەت)

① خېچىڭ (河清) — شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇچېڭدى گاۋجەننىڭ مىلادىيە 562 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 228 ـ بەت)

② خېڭجۇ ئايمىقى (恒州) — خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭشەن ۋىلايىتى ئىدى، شىمالىي چى سۇلالىسى ئۇنى خېڭجۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جېڭدىڭ ناھىيىسىدە.
(«سىيۈەن» 1118 ـ بەت)

③ بىڭجۇ ئايمىقى (并州) — خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. سەنشى ئۆلكىسىدىكى فېنشۈي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ئەتراپىدا.

(«سىخەي» 283 ـ بەت)



## «شىمالىي چىنامە» 8 ـ جىلد

## كەنجى پادىشاھ ھەققىدە خاتىرە

تيەنتۇڭ① 3 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا تۈرك، مۇجاك، سىرۋى، پىكچى، موغال② خانلىقلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا تارتۇق يوللىدى.
(ئەسلىي كىتاب 100 ـ بەت)

ۋۇپىڭ③ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 572 ـ يىلى) سىيللا، پىكچى، ئۈجى④، تۈرك خانلىقلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا تارتۇق يوللىدى.
(ئەسلىي كىتاب 106 ـ بەت)

ۋۇپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 573 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، كورىيە، موغال خانلىقلىرى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى. تۈركلەر قۇدىلىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى.
(ئەسلىي كىتاب 107 ـ بەت)

① تيەنتۇڭ (天统) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ كەنجى پادىشاھى گاۋۋېينىڭ مىلادىيە 565 ـ يىلىدىن 569 ـ يىلىغىچە قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 203 ـ بەت)

② موغاللار (靺鞨) — قەدىمكى مىللەت نامى. خەن، ۋېي

سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە « 掲娄 » دەپ ئاتالغان، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇجى ( 勿吉 ) دەپ ئاتىلاتتى، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە موغال ( 靺鞨） دەپ ئاتالدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلار قارا سۇ (خېيلۇڭجياڭ دەرياسى) موغاللىرى بىلەن سۇم (سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى) موغاللىرىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، قاراسۇ موغاللىرى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىن دۆلىتىنى قۇردى؛ سۇم موغاللىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بوخەي دۆلىتىنى قۇردى. («يېڭى تاڭنامە» دىن)

③ ۋۇپىڭ (武平) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ كەنجى پادىشاھى گاۋۋېينىڭ مىلادىيە 570 ـ يىلدىن 576 ـ يىلغىچە قوللانغان يىلنامى. («جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 229 ـ بەت)

④ ئۇجى (勿吉) — موغاللارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى نامى، 2 ـ ئىزاھقا قاراڭ.





## پادىشاھ ۋېنشۇەندى مەزگىلىدىكى تۆت بەگ، پادىشاھ شياۋجاۋدى مەزگىلىدىكى ئالتە بەگنىڭ تەرجىمىھالى

فەنياڭ بېگى گاۋ شاۋيى پادىشاھ ۋېنشۇەندىنىڭ ئۇچىنچى ئوغلى ئىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا گۇاڭياڭنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن، كېيىن خەنياڭنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىغاۋۇل، چىڭدۇ ۋالىيسى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. ئادەتتە ئۇ بىر توپ بىكار تەلەتلەر بىلەن مەي ـ شاراب ئىچىشىپ، ھەرەم ئاغىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا ئامراق ئىدى. كېيىن ئۇركانبەگ رېن فاڭرۇڭنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، پادىشاھ ۋۇچېڭدى 200 كالتەك ئۇرۇشقا بۇيرۇپ، خانىش جاۋشىنىڭ تەربىيىلەپ باشقۇرۇشىغا بەرگەن، خانىش جاۋشىن ئۇنىڭغا يەنە 100 كالتەك ئۇرۇش جازاسىنى بەرگەنىدى. كەنجى پادىشاھ يېچېڭ شەھىرىگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، گاۋ شاۋيىنى دىۋانبېگى، دىڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. جۇ پادىشاھى ۋۇدى بىڭجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، فېڭ فۇشياڭنى شىمالىي شوجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغىلىقىغا تەيىنلىدى. شىمالىي شوجۇ ئايمىقى شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان باھادىرلار بۇ جايغا توپلانغانىدى. ئىلگىرىكى دورغاپ جاۋمۇ، ئەمىرلەشكەر ۋاڭ داڭۋەن قاتارلىقلار فېڭ فۇشياڭنى

قولغا ئېلىپ، يىڭجۇ ئايمىقىدا رېنچېڭ بېگى گاۋجىيىنى كۆتۈرۈۋېلىشنى پىلانلىغانىدى. بۇ ئىش باشقا چىقمىغاندىن كېيىن، گاۋ شاۋيىنى كۆتۈرۈۋالدى. گاۋ شاۋيى مايىغا كەلدى. فېڭ فۇشياڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خەن ئاگىنۇ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىلا شىمالىي چى سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئەمەلدارلار ئىدى. سىجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان 280 دىن ئارتۇق ئادەممۇ تامامەن فېڭ فۇشياڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. گاۋ شاۋيى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى. گاۋ شاۋيى بىلەن لىڭجۇ ئايماقبېگى يۈەن خۇڭمېڭ بىڭجۇ ئايمىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. قوشۇن شىنشىنىڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە، سىجۇ ئايمىقى ئاللىبۇرۇن شىمالىي جۇ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. تۇرشاۋۇل قوشۇندىكى مەھكىمە ئەمرى دەرىجىلىك ئىككى سەركەردە قوشۇننى باشلاپ شىمالىي جۇ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى شيەنجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئايماقبېگى لۇچۇڭنى تۇتقۇن قىلدى. ئاندىن يەنە شيەنجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق شەھەر - قەلئەلەرنى ئىشغال قىلدى. گاۋ شاۋيى قايتىپ كېلىپ، شىمالىي شوجۇ ئايمىقىنى قوغدىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى يۈۋېن شېنجۈينىڭ قوشۇنى مايىغا قىستاپ كەلدى. گاۋ شاۋيى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دۈمىڭدانى ئەۋەتكەندە، ئۇ قاتتىق مەغلۇپ بولدى. گاۋ شاۋيى: «جەڭ قىلىپ ئۆلۈشكە بولىدۇكى، ياۋغا تەسلىم بولۇشقا بولمايدۇ» دېدى. كېيىندىنلا تۈركلەردىن پاناھ ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە تۈركلەر تەرەپكە كەلگەن 3000 ئائىلىلىك كىشىگە: «قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلار مەيلى



كېتىۋېرىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەملەرنىڭ تەڭدىن تولىسى يىغا - زار قىلىشىپ ئايرىلىشتى. تۈركلەرنىڭ تابار قاغانى چى پادىشاھى ۋېنشۇەندىنى باتۇر پادىشاھ دەپ بىلگەچكە، گاۋ شاۋيىنىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ، ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ، دەپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارىدى. ئومۇمەن، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ شىمالدا تۇرۇۋاتقان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى گاۋ شاۋيىنىڭ قول ئاستىغا كىرگۈزۈلدى. يىڭجۇ ئايمىقىدا تۇرۇۋاتقان گاۋ باۋنىڭ گاۋ شاۋيىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى پادىشاھ بولۇشقا دەۋەت قىلدى. گاۋشاۋيىمۇ دەرھاللا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، يىلنامىنى ۋۇپىڭ 1 - يىلى دەپ ئاتىدى. جاۋمۇنى تيەنشۈي بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. تابار قاغان گاۋباۋنىڭنىڭ پىڭجۇ ئايمىقىنى ئىگىلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەر قايسى قىسىملىرىنى يىغدى ۋە قىسىملارنىڭ ئۆز ئالدىغا لەشكەر چىقىرىپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىنى بۇيرۇپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە فەنياڭ بېگى گاۋ شاۋيىنى چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىقىغا كۆتۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز، دەپ جاكارلىدى. جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يۇنياڭدا① زور قوشۇن توپلاپ، شەخسەن ئۆزى شىمالغا يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز كېسەلگە دۇچار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. گاۋ شاۋيى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ماڭا تەڭرىنىڭ ئۆزى ياردەم قىلىنىۋېتىپتۇ، دەپ قارىدى. لۇ چاڭچى فەنياڭنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەكتۇپ يوللاپ، گاۋ شاۋيىنى كۆتۈرۈۋالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى يۈۋېن شېنجۈي ھۇجۇم قىلىپ، لۇ چاڭچىنى يوقاتتى. شۇ كۈنى گاۋ شاۋيى يۇجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ يۇجۇ

ئايمىقىدىكى باشبۇغىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ، سىرتتا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇجۇ ئايمىقى قۇرۇق قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىچېڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، سېپىل ئۈستىگە پادىشاھ تۇغىنى قادىماقچى، يەن بېگى جاۋۋاڭنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئېگىزگە چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلاپ، قوشۇنلارنى رەتكە سالماقچى بولدى. يۇۋېن شېنجۇي يۇجۇ ئايمىقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلۇغ سانغۇن يۇۋېن ئېننى 4000 لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى، ئەمما لەشكەرنىڭ تەڭدىن تولىسى شىمالىي چى سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. گاۋ شاۋيى فەنياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي جۇ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۈچىسىغا ئاق رەختتىن تىكىلگەن ھازا كىيىمى كىيىپ، ھازا تۇتتى. ئاندىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ، تۈركلەر تەرەپكە كەتتى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى تابار قاغانغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ، گاۋ شاۋيىنى شىمالىي جۇ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە تۈركلەرنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن خې رويىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تابار قاغاننىڭ گاۋ شاۋيىنى شىمالىي جۇ سۇلالىسىگە بىۋاسىتە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆڭلى قىيمىدى. شۇڭا ئۇ ئوۋ ئوۋلاشنى باھانە قىلىپ، گاۋ شاۋيىنى جەنۇبتىكى چېگرا ئەترابىغا باشلاپ كېلىش ئارقىلىق، خې روينىڭ ئۇنى تۇتۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى گاۋ شاۋيىنى سۈرگۈن قىلدى. گاۋ شاۋيىنىڭ خانىشى بوخەي ۋىلايىتىدىن فېڭ شياۋۋەننىڭ قىزى ئىدى. ئۇ تۈركلەر ئارىسىدىن قېچىپ كەلدى. گاۋ شاۋيى خانىشىغا قالدۇرۇپ قويغان خېتىدە: «يى ـ دىلارغا ئىشىنىشكە بولمايدىكەن، مېنىڭ بۇ جايغا ئەۋەتىلىشىمگە شۇلار سەۋەبچى بولدى» دېگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاخىرى شۇ



دېگەن يەردە ئۆلدى.

(ئەسلىي كىتاب 156 — 157 ـ بەتلەر)

---

①يۈنياڭ (云阳) — قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چۈنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىيۈەن» 3329 ـ بەت)

## «شىمالىي چىننامە» 17 ـ جىلد

# قوغۇرسۇ ئالتۇن تەرجىمھالى

قوغۇرسۇ جىن، تەخەللۇسى ئالتۇن، شوجۇ ئايمىقىدىكى تېلى قەبىلىسىدىن، قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگقۇلى چېگرا ئەتراپىدا كۆچتۆڭگۈرلۈك ۋە باتۇرلۇق بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى. ۋېي پادىشاھى داۋۋۇدى توغبات گۇي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ئاھالىلەرنى باشلاپ ئىچكى رايونلارغا كەلگەندىن كېيىن، مېڭدۇگۇڭ دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ بوۋىسى پانتېكىن ئوردا خوجىلىق بېگىنىڭ دىۋانبېگى بولغانىدى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئاتىسى داناغاي كېڭەش بېگى، تۇنجى يېتەكچى ئاقساقال قاتارلىق مەنسەپ ۋە ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەنىدى. تيەنپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 534 ـ 537 ـ يىللار) دا، قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئورنى ئۆسۈپ، ئەمىرى مىمارلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن سەمىمىي ھەم تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىشتا ماھىر بولۇپ، جەڭگە كىرگەندە ھونلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىنى ئىشلىتەتتى. كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانغا قاراپلا، قارشى تەرەپنىڭ قانچىلىك ئاتلىق ئەسكىرى، قانچىلىك پىيادە ئەسكىرى بارلىقىنى بىلەلەيتتى. يەر يۈزىنى پۇراپ بېقىش ئارقىلىق قوشۇنلارنىڭ قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. دەسلەپتە، قوشۇن قوماندانى بولۇپ، خۇەيشو① قورغىنىنى ساقلاۋاتقان باسقاق سانغۇن ياڭ جۈن بىلەن بىللە جۇرجانلار خانى ئاناغاينى شىمالغا ئۇزىتىپ بارغانىدى. ئاناغاي



ئۇنىڭ ئوۋ ئوۋلىغان چاغدىكى مەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغانىدى. كېيىن ئاناغاي گاۋلۇ دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، قوغۇرسۇ ئالتۇن ئۇنى توسۇپ زەربە بەرگەن ۋە مەغلۇپ قىلغانىدى. جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادىيە 525 ـ يىلى) دا، پولۇ خانبالىن ئىسيان كۆتۈرگەندە، قوغۇرسۇ ئالتۇن قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. پولۇ خانبالىن قوغۇرسۇ ئالتۇنغا بەگلىك مەنسىپىنى بەردى. قوغۇرسۇ ئالتۇن پولۇ خانبالىنىڭ ھامان بىر كۈنى مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ۋە يوقىتىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە قاراشلىق 10 مىڭ ئائىلىلىكنى باشلاپ، يۈنجۇ ئايمىقىغا بېرىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شۇ ھامانلا، ئىككىنچى يېتەكچى ئاقساقال بولۇپ تەيىنلەندى. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خۇاڭگۇادۇي دېگەن يەرگە كەلگەندە، دۇلۇجۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، قوشۇنلىرى تارقىلىپ كەتتى. قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن ئاكىسى قوغۇرسۇ پىڭ قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئېرجۇرۇڭغا ئەل بولدى. ئېرجۇرۇڭ قوغۇرسۇ ئالتۇننى باسقاق سانغۇنلۇققا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىپ، يۇقىرىغا مەكتۇپ يوللىدى. نەتىجىدە قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ مەنسىپى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆسۈپ، تۇتۇقلۇققا كۆتۈرۈلدى. شىمالىي ۋېي پادىشاھى شياۋجۇاڭدى تەختكە چىققان مەزگىلدە، قوغۇرسۇ ئالتۇنغا فۇچېڭ ناھىيە بارونى دېگەن ئۇنۋان بېرىلىپ، قوشۇمچە شىمالنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇن، چەۋەندازلار چاۋۇشبېشى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، گې رۇڭ، يۈەن خاۋ قاتارلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كۆپ قېتىم تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جەنۇبنى تىنچىتقۇچى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى.

ئېرجۇ جاۋ قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ مالىمانچىلىق پەيدا

قىلغان چاغدا، چى پادىشاھى گاۋزۇ مەخپىي ھالدا دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چوڭ پىلانىنى تۈزدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن ۋە لۇ جاۋ، شى دىگەن قاتارلىقلار چى پادىشاھى گاۋزۇنىڭ بۇ پىلانىنى قوللىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چى پادىشاھى گاۋزۇ جەنۇبتىكى يېچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇننى شىندۇ شەھىرىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، خېڭجۇ، يۇنجۇ، يەنجۇ، شوجۇ، شيەنجۇ، ۋېيجۇدىن ئىبارەت ئالتە ئايماقنىڭ باش تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. قوغۇرسۇ ئالتۇن بۇنىڭدىن سىرت، يەنە لى شيۇنىڭ ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، ئوڭ قول كېڭەشبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. چى پادىشاھى گاۋزۇ يېچېڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، قوغۇرسۇ ئالتۇن، چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ، جىنياڭ شەھىرىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئېرجۇ جاۋنى قوغلاپ يۈرۈپ يوقاتتى. تەيچاڭ سەلتەنىتىنىڭ (مىلادىيە 532 ـ يىلى) باشلىرىدا، قوغۇرسۇ ئالتۇن فېنجۇ ئايماقبېگى ھەم ئايماق باش تۇتۇقى بولۇپ تەيىنلىنىپ، مەرتىۋىسى بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. چى پادىشاھى گاۋزۇغا ئەگىشىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە گې دۇلېڭنى مەغلۇپ قىلدى. تيەنپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 534 — 537 ـ يىللار) نىڭ دەسلىپىدە، پايتەخت يېچېڭغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇن غەربتىن كەلگەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، 30 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرگە قوماندان بولۇپ، فېڭلىڭنى ساقلاشقا ئەۋەتىلدى. ھەربىي ئىشلار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇن جىنياڭغا قايتىپ كەلدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ بىللە شايۋەن دىگەن جايدىكى ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، قوشۇنلارنى چېكىندۇرۇشكە توغرا



كەلگەندى. نەتىجىدە، دۇڭيۇڭ قاتارلىق شەھەرلەر قايتىدىن غەربىي ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. چى پادىشاھى گاۋزۇ قوغۇرسۇ ئالتۇن، ۋېي جىڭ ۋە شى دىگەن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. يۈەنشياڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 538 — 539 ـ يىللار) غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا قاراشلىق جۇ ۋېندى[2] يەنە زور قوشۇن بىلەن خېياڭغا[3] ھۇجۇم قىلدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندى ھەمدە قوغۇرسۇ ئالتۇننى بىۋاستە تەيجۇ ئايمىقىغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇپ، دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن جىنجۇ ئايمىقىغا باردى. ئەمما قوشۇن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقتىن، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دىۋان ۋازارىتى ۋاكالەتخانىسى[4] نىڭ ئەمىرى شۆ شيۇيى بىلەن بىرلىكتە چياۋشەندىكى دۈشمەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا چى پادىشاھى گاۋزۇ قوشۇن تارتىپ كېلىپ، چياۋشەندىكى دۈشمەننى بىرلىكتە تىنچلاندۇردى. شۇڭا قوغۇرسۇ ئالتۇن چى پادىشاھى گاۋزۇ بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ، نەنجياڭ، شاۋجۈن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ۋۇدىڭ يىللىرى (مىلادىيە 543 — 550 ـ يىللار) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىمالىي يۇجۇ ئايماقبېگى گاۋجۇڭمى شەھەرنى ئىگىلىۋېلىپ، غەربتە ئىسيان كۆتۈردى، جۇ پادىشاھى ۋېندى لوياڭغا ھۇجۇم قوزغىدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ قوغۇرسۇ ئالتۇننى ليۇفېڭ، بۇداخانسا قاتارلىقلارنىڭ قول ئاستىدىكى نەچچە تۈمەن ئاتلىق ـ پىيادە لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، خېياڭ شەھىرىنى ساقلاشقا ھەمدە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇن يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، گاۋجۇڭمىنى تارمار قىلدى. ھەربىي ئىشلار ئاخىرلىشىپ قوشۇنلار ئۆز ئورۇنلىرىغا

قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باش ئەمىرلەشكەرلىك مەنسىپى ۋە شىچىك ۋىلايىتى ئەركانبېگى دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. 1000 تۇتۇنلۇك يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلىپ، ئورنى تۇنجى يېتەكچى ئاقساقاللىقا ئۆزگەرتىلدى. ۋۇدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 545ـ يىلى) چى پادىشاھى گاۋزۇ ئىككى يولغا بۆلۈپ قوشۇن چىقىرىپ، تاغلىق غۇزلارغا ھۇجۇم قىلدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن جەنۇبىي يول قوشۇنىنىڭ ھەربىي مۇشاۋىرى⑤ بولۇپ، خۇاڭلۇلىڭ تېغىدىن ھۇجۇمغا ئاتلاندى. چى پادىشاھى گاۋزۇ ئۆزى شىمالىي يول قوشۇنىنى باشلاپ، چىگۇڭلىڭ تېغىدىن ئۆتۈپ، ۋۇتۇشۇ دېگەن جايدا قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، تاغلىق غۇزلارنى بىرلىكتە تارمار قىلدى. قوشۇنلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇن جىنجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. ۋۇدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 546ـ يىلى) قوغۇرسۇ ئالتۇن پەرمانغا بىنائەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ۋۇسۇ يۇلى ئارقىلىق مېڭىپ، جىنجۇ ئايمىقىغا كەلگەندە چى پادىشاھى گاۋزۇ بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە گاۋزۇغا ئەگىشىپ يۇبى⑥ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قوشۇنلار چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن ، چى پادىشاھى گاۋزۇ تەرىپىدىن قوشۇننىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە گاۋزۇ بىلەن بىللە جىنياڭغا قايتىپ كەلدى.

چى پادىشاھى شىزۇڭ ⑦ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كىرىشكەن مەزگىلدە، خۇجىڭ يىڭچۇەننى ئىگىلىۋېلىپ، غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا تەسلىم بولدى. چى پادىشاھى شىزۇڭ قوغۇرسۇ ئالتۇننى چاقىرىپ كېلىپ، پەن لې، شۆگويەن قاتارلىقلارنى باشلاپ بېرىپ، خېياڭنى چىڭ ساقلاپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتتى. غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى باش تۇتۇق لى جىڭخې، روگەنباۋلارنىڭ باشچىلىقىدا نەچچە تۈمەن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەر



ئەۋەتىپ، شىنچېڭ ⑧ ناھىيىسى ئارقىلىق خۇجىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن گۇاڭدۇ ⑨ ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتى، لى جىڭخې قاتارلىقلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېكىنىپ كەتتى. قوغۇرسۇ ئالتۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. كەينىدىنلا، ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇنلارنى باشلاپ يىياڭدا⑩ ياڭجى، بەيجيا، خۇيەندىن ئىبارەت ئۈچ مۇداپىئە قەلئەسىنى ياسىتىپ ئۇلارنى ساقلاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. خۇجىڭ نەنيۇ⑪ ئايمىقىغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بېگى ۋاڭ سىجېڭ يىڭچۇەننى ئىشغال قىلىۋالدى. چى پادىشاھى شىزۇڭ گاۋيۆ، مۇرۇڭ شاۋزۇڭ، ليۇ فېڭ قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، ۋاڭ جېڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاندىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇننى چاقىرتىپ، پېڭ يۆ، كېجۇ خۇنداۋيۈەن قاتارلىقلارنى خېياڭغا ئورۇنلىشىپ، ۋاڭ جېڭنىڭ ياردەم سوراش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى. كەينىدىنلا يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، قوغۇرسۇ ئالتۇننى قوشۇن باشلاپ يىڭچۇەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋەقە بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇننى يەنە قوشۇننى باشلاپ ئېبەن دېگەن جايدىكى گورۇچىنى يىياڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى. غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ جيۇچۇ دېگەن جايىنى ساقلاۋاتقان سەركەردىسى ماشاۋلۇڭ مۇھىم ھەم ئۆتۈش تەس بولغان جايىنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قوغۇرسۇ ئالتۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇڭا كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە بىنائەن يەنە ئۇنىڭغا ئەنپىڭ ناھىيىسىنى سۇيۇرغال قىلىپ، بارون مەرتىۋىسىنى

بەردى.

چى پادشاھى شيەنزۇ⑫ شەرقىي ۋېي پادشاھلىقىنىڭ تەختىگە چىقىپ شىمالىي چى پادشاھلىقىنى قۇردى. قوغۇرسۇ ئالتۇن شيەنياڭ ۋىلايىتىنىڭ بېگى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى ھەمدە بۇرۇنقىدەكلا ئايماقبېگى مەنسىپىگە ئولتۇردى. شۇ يىلى قىشتا (مىلادىيە 550 ـ يىلى) قوغۇرسۇ ئالتۇن جىنياڭدىكى ئوردىغا بېرىپ، پادشاھنى تاۋاپ قىلدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن جىنياڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئاغرىپ قالدى. چى پادشاھى شيەنزۇ ئۇ تۇرۇشلۇق ئورۇنغا كېلىپ يوقلىدى ۋە تېۋىپ ئەۋەتىپ، دورا ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭغا دورا ـ دەرمەك ئاپىرىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن، سىجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەلدى. تيەنباۋ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) قوغۇرسۇ ئالتۇن خەلپەتبەگ بولۇپ تەيىنلەندى. پادشاھ قومۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇنمۇ پادشاھقا ئەگىشىپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پادشاھ سىجۇ ئايمىقىغا كېلىپ، قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن بىللە زىياپەتلەرگە داخىل بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئاچقاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. تيەنباۋ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 553 ـ يىلى) قوغۇرسۇ ئالتۇن ئايماقبەگلىكتىن بوشىتىلىپ بەگ سالاھىيىتى بىلەن جىنياڭغا قايتىپ كەلدى. پادشاھ يەنە بىر قېتىم قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ جىنياڭدىكى تۇرالغۇ جايىغا كەلدى. خانىش ـ خانئايىملار ۋە ھەرقايسى بەگلەرمۇ پادشاھ بىلەن بىللە كېلىپ زىياپەتكە قاتناشتى. نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بولدى قىلىشتى. پادشاھ بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن، قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ فېڭلېنى ياساۋۇللار باش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى ھەمدە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن



قوغۇرسۇ ئالتۇنغا: «سىز دۆلەتنى قۇرۇش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش جەھەتتە غايەت زور تۆھپە قوشقان كىشى. ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىڭىزلەر دۆلەتكە سادىقلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كەلدىڭىزلەر. شۇڭا مەن سىز بىلەن قۇدا بولۇپ، دۆلىتىمىزنى ئورتاق قوغدايدىغان مەڭگۈلۈك يېقىن تۇغقانلاردىن بولۇشنى لايىق تاپتىم» دېدى ـ دە، شۇئان ئۆز قىزى مەلىكە يىنىڭنى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئۇدۇغا ياتلىق قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. قوغۇرسۇ ئۇدۇ بىلەن مەلىكە يىنىڭنىڭ تويى بولغان كۈنى، پادشاھ خانئانىغا ئەگىشىپ قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ قەسرىگە كەلدى. خانىش، شاھزادە ۋە بەگلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ، تويغا قاتناشتى. مانا بۇنىڭدىن قوغۇرسۇ ئالتۇن پادشاھنىڭ يېقىن تۇغقىنى قاتارىدا مۇئامىلىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىن جۇرجانلار تۈركلەر تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ قەبىلىلىرى تارقىلىپ كېتىشتى. پادشاھ جۇرجانلارنىڭ چېگرىدىن بېسىپ كىرىپ، چېگرا ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرگە پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قوغۇرسۇ ئالتۇننى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ بەيداۋ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ، مۇداپىئە كۆرۈشكە بۇيرۇدى. جۇرجانلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى دوپتو جۇبى 3000 دىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ، مەخپىي ھالدا غەربكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، ئاتلىق چارلىغۇچىلار تۇيۇپ قېلىپ، خەۋەر يەتكۈزدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن قول ئاستىدىكى قوشۇنىنى باشلاپ، قوغلاپ زەربە بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە ئالدى. جۇرجانلارنىڭ ئاقساقىلى دانبو بارلىق جۇرجان ئاھالىلىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچتى. قوغۇرسۇ ئالتۇن جۇرجانلارنىڭ ئاتلىق چارلىغۇچىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، پادشاھقا ئەۋەتىپ بەردى ھەمدە مەكتۇپ يوللاپ، جۇرجانلارغا زەربە بېرىش ۋە مەغلۇپ قىلىش

ۋەزىيەتنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چى پادىشاھى شيەنزۇ زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن بىرلىكتە تۇلەي دېگەن جايدا جۇرجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، 20 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ ئاندىن قايتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، قوغۇرسۇ ئالتۇن ئوڭ قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، چىجۇ ئايمىقى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. كېيىن يەنە سول قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلدى. چى پادىشاھى سۇزۇڭ پادىشاھ بولغان مەزگىلدە، قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نەۋرە قىزىنى ۋەلىئەھدكە بانۇلۇققا ئېلىپ بەردى. يەنە قوغۇرسۇ ئالتۇن پادىشاھ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، مۇلازىملار ئۇ ئولتۇرغان ھارۋىنى تاكى ساراي پەلەمپىيىگىچە پىيادە تارتىپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. چى پادىشاھى شىزۇ [13] پادىشاھ بولغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇنغا تېخىمۇ زور ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئالاھىدە ئۇلۇغلىدى. ئۇنىڭ نەۋرە قىزىنى ۋەلىئەھدگە بانۇلۇققا ئېلىپ بەردى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ چوڭ ئوغلى قوغۇرسۇ نۇر ئۇلۇغ سانغۇن بولغانىدى. ئىككىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ شيەن ۋە نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئۇدۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇپ، سىرتتا مۇھىم جاي ۋە تاغلارنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. باشقا پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەگلىك ئۇنۋانى بېرىلگەن بولۇپ، مەرتىۋىلىرى يۇقىرى، ئىشلىرى روناق تاپقانىدى. بۇ ئائىلىدىن بىر خانىش، ئىككى ۋەلىئەھد بانۇسى چىققان، ئۈچ مەلىكە ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولۇش ۋە پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇش جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئائىلە ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. قوغۇرسۇ ئالتۇن ئەينى ۋاقىتتا ئوغلى قوغۇرسۇ نۇرغا: «مەن گەرچە كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم بولسammۇ، لېكىن قەدىمدىن بۇيان پادىشاھقا ئانا جەمەتتىن تۇغقان بولغان لياڭ جى قاتارلىق كىشىلەردىن زاۋال تاپمىغانلىرى يوق ئىكەنلىكىنى



ئاڭلىغانمەن. مۇبادا قىزىڭ پادىشاھنىڭ ئارزۇلىشىغا ئېرىشسە، ئۇ ھالدا باشقا ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىدۇ. ئەگەر قىزىڭ پادىشاھنىڭ ئارزۇلىشىغا ئېرىشەلمىسە، ئۇ ھالدا پادىشاھنىڭ بىزارلىقى قوزغىلىدۇ. بىزنىڭ ئائىلە بۇ يۈكسەك ئابرۇينى دۆلەتكە تۆھپە قوشۇش، ئوردىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن، ھەرگىزمۇ قىزلىرىمىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس» دېدى. شۇڭا ئۇ ئۈستۈن تەمىنات ئالماسلىق توغرىسىدا ئوردىغا تەلەپ سۇنغانىدى. لېكىن پادىشاھ بۇنى تەستىقلىمىغانلىقى ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك مۇشۇ ئىشتىن ئەندىشە قىلىپ يۈردى. تيەنتۇڭ[14] 3 - يىلى (مىلادىيە 567 - يىلى) ئۆلدى. شۇ يىلى ئۇ 80 ياشقا كىرگەنىدى. چى پادىشاھى شاھىنشاھ شىزۇ (گاۋجەن) كۈنپېتىش زالىدا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. كەنجى پادىشاھ يەنە جىنياڭ سارىيىدا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەمدە قوغۇرسۇ ئالتۇنغا ئالتۇندىن ياسالغان شاھانە ئايپالتا تەقدىم قىلىپ، دەستەكدار ئەمىر، شوجۇ، دىڭجۇ، جىجۇ، بىڭجۇ، يىڭجۇ، چىڭجۇ، چىجۇ، ساڭجۇ، يۇجۇ، سىجۇ، جىنجۇ، فېنجۇدىن ئىبارەت 12 ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل تۇتۇق، باش ۋەزىر، ئەمىرلەشكەر، پۈتۈكچى دىۋانبېگى، شوجۇ ئايماقبېگى قاتارلىق ناملارنى بەردى. بۇرۇنقى ئاقساقاللىق ۋە بەگلىك ناملىرى ئۆز پېتىچە ساقلاندى. مىليون سەر پۇل ئىنئام قىلىندى. ئۆلگەندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامى قوغۇرسۇ ۋۇ (ئەلەم) دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ئوغلى قوغۇرسۇ نۇر ۋارىسلىق قىلدى.

قوغۇرسۇ نۇر، تەخەللۇسى ئاي يارۇق، كىچىكىدىن تارتىپ ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. جانبازلىق ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى سەۋەبىدىن ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغانىدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، قوغۇرسۇ

ئالتۇنغا ئەگىشىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقانىدى. جۇ پادىشاھى ۋېندىنىڭ دورغاپى مو جېخۇي ھەربىي يۈرۈشتە قوغۇرسۇ نۇرنىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئۇزگەن ئوقىدىن يارىلىنىپ، ئەسىرگە چۈشكەنىدى. ئەينى مەزگىلدە قوغۇرسۇ نۇر ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەنىدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ ئۇنى مۇكاپاتلاپ، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا تۇتۇقلۇققا ئۆستۈرگەنىدى. چى پادىشاھى شىزۇڭ نەسەبىي ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قوغۇرسۇ نۇرنى ئۆزىگە ئەڭ ئىشەنچلىك تۇتۇق دەپ قاراپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈردى. كېيىن ئۇنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىسى كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلۈپ، ياساۋۇللار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەندى. ۋۇدىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 547 - يىلى) يۈڭلې ناھىيىسى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن ۋېكوند مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئەينى مەزگىلدە، ئۇ چى پادىشاھى شىزۇڭغا ئەگىشىپ، خۇەنچياۋ دېگەن جايغا ئوۋ ئوۋلاشقا بارغاندا، بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چوڭ بىر قۇشنى كۆرىدۇ - دە، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزىدۇ. ئوق قۇشنىڭ دەل بوينىغا تېگىدۇ. قۇش ئاسماندىن خۇددى ھارۋىنىڭ چاقىدەك پىرقىرىغان پېتى يەرگە چۈشىدۇ. يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۇمۇرغ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. چى پادىشاھى شىزۇڭ ئۇنى ئەكەلدۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، سۇمۇرغنىڭ چوڭلۇقىغا ۋە ئاجايىپلىقىغا بەكمۇ ھەيران قالىدۇ. باش ۋەزىرنىڭ قول ئاستىدىكى شىڭ زىگاۋ دېگەن كىشى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا: «سۇمۇرغ ئاتار مەرگەن ئىكەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينى مەزگىلدە قوغۇرسۇ نۇرنىڭ سۇمۇرغ ئاتقۇچى تۇتۇق دېگەن نامى ھەممە ياققا پۇر كېتىدۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قوشۇمچە سول قول باسقاق سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىدۇ ھەمدە مەرتىۋىسى گرافلىققا كۆتۈرۈلىدۇ.



شىمالىي چى سۇلالىسى شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن چاغدا، قوغۇرسۇ نۇر قوشۇمچە ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇپ، شىئەن ناھىيىسى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن ۋېكوند مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. تيەنباۋ 3 - يىلى (مىلادىيە 552 - يىلى) ئۇ پادىشاھقا ئەگىشىپ سەددىچىندىن چىقىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. قوغۇرسۇ نۇر ھەممىدىن بۇرۇن ئىلگىرىلەپ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇنلىغان دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە چۈشۈردى ھەمدە ھەر خىل چارۋا ماللاردىن بولۇپ، كۆپلىگەن ئولجىغا ئېرىشتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىنجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. جىنجۇ ئايمىقىنىڭ شەرق تەرىپىدە شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىغا قاراشلىق تيەنجۇ، شىنئەن، نيۇتۇدىن ئىبارەت ئۈچ چېگرا قەلئەسى بولۇپ، ھە دېسىلا چى پادىشاھلىقىدىكى كىشىلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، چى پادىشاھلىقىنىڭ چېگرىسىدا پات - پات بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزەتتى. تيەنباۋ 7 - يىلى (مىلادىيە 556 - يىلى) قوغۇرسۇ نۇر پىيادە ۋە ئاتلىق 5000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، بۇ جايغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئىشغال قىلدى ھەمدە شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچىسى ۋاڭ جىڭجۈن قاتارلىقلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىرگە ئالدى، مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ھەر خىل چارۋىنى ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى. تيەنباۋ 9 - يىلى (مىلادىيە 558 - يىلى) يەنە قوشۇن تارتىپ چىقىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسىگە قاراشلىق جياڭچۇەن، بەيما، كۇەيجياۋ، جىچېڭ قاتارلىق تۆت چېگرا قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن شوجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. تيەنباۋ 10 - يىلى (مىلادىيە 559 - يىلى) ئالىي دەرىجىلىك تۆرە بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى. 2

ـ ئايدا، 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چىقىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچىسى ساۋ خۇيگۇڭنىڭ ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. بەيگۇ شەھىرىنىڭ باشلىقى، ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى شۈيۇ شىڭ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قوغۇرسۇ نۇر ۋېنجۇ بازىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە بۇ جايدا چېگرا مۇداپىئە قەلئەسى قۇرۇپ، قاشا ئورناتقاندىن كېيىن قوشۇننى چېكىندۇردى. چيەنمىڭ[15]1 ـ يىلى (مىلادىيە 560 ـ يىلى) بىگجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. خۇاڭجيەن[16]1 ـ يىلى (مىلادىيە 560 ـ يىلى) جۇلۇ ۋىلايىتى تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئەينى مەزگىلدە لىلىڭ بېگى گاۋ بەينيەن ۋەلىئەھد ئىدى. چى پادىشاھى سۇزۇڭ قوغۇرسۇنۇرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ پاكلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئىشلەپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ چوڭ قىزىنى ۋەلىئەھد گاۋ بەينيەنگە بانۇلۇققا ئېلىپ بەردى. دانىڭ[17]1 ـ يىلى (561 ـ يىلى) قوغۇرسۇ نۇر دىۋانبېگىنىڭ ئوڭ قول ياردەمچىسى بولۇپ تەيىنلەندى. تەمىناتى ئۈچۈن جۇڭشەن ۋىلايىتى سۇيۇرغال قىلىندى. دانىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 562 ـ يىلى) ۋەلىئەھد مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلەندى. خېچىڭ[18]2 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى)· 4 ـ ئايدا، قوغۇرسۇ نۇر 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇننى باشلاپ، جىگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدا شۇنجاڭ شەھىرىنى سالدۇردى ھەمدە 200 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سېپىل ياساتتى. چېگرا قەلئەسىدىن 13 نى قۇردى. خېچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى داشى چېڭشىڭ قاتارلىق سەركەردىلەرنى پىڭياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. قوغۇرسۇ نۇر پادىشاھنىڭ پەرمانىغا



بىنائەن 30 مىڭ كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلاندى. داشى چېڭشىڭ قاتارلىقلار بۇنى ئاڭلىغان ھامان چېكىنىپ كەتتى. قوغۇرسۇ نۇر ئۇلارنى تاكى شىمالىي چېگرىغىچە قوغلاپ باردى. ھەمدە شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇ ئەمىرى زېمىنلىككە ئۆستۈرۈلدى. 4 ـ ئايدا، ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ شىمالدىكى تۈركلەر ئۇستىگە يۈرۈش قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق يىلقىنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. شۇ يىلى قىشتا، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى چوڭ ئەركان سانغۇن، باش ئەمىرلەشكەر يۈچى جيۇڭ، چى ئەركانبېگى يۈۋېن شيەن، چوڭ ئەركان سانغۇن، تاڭ ئەركانبېگى كې چىشيۇڭ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى، 100 مىڭ كىشىلىك دەپ ئاتالغان قوشۇننى ئەۋەتىپ، لوياڭغا ھۇجۇم قىلدى. قوغۇرسۇ نۇر 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. ماڭشەن تېغىدىكى ئۇرۇشتا يۈچى جيۇڭ قاتارلىقلار قاتتىق مەغلۇپ بولدى. قوغۇرسۇ نۇر كې چىشيۇڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەر 3000 دىن ئاشتى. پەقەت يۈچى جيۇڭ بىلەن يۈۋېن شيەنلا ئۆلۈمدىن ۋە ئەسىرگە چۈشۈشتىن ئامان قالدى. ئۇلارنىڭ بارلىق قورال ـ جابدۇقلىرى ئولجا ئېلىندى. يەنە تېخى، جەڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى بىر يەرگە كۆمۈپ، ئېگىز مۇنار ياسىدى.

چى پادىشاھى شىزۇ لوياڭغا كېلىپ، قوغۇرسۇ نۇرنى كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە بىنائەن مۇكاپاتلاپ، ئەمىرلەشكەرلىككە ئۆستۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا گۇەنجۇن ناھىيە تۆرىسى مەرتىۋىسىنى بەردى. ئىلگىرى چى پادىشاھى شىزۇ قوغۇرسۇ نۇرنىڭ ئىككىنچى قىزىنى ۋەلىئەھد بانۇلۇققا ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

پەرمان چۈشۈرگەنىدى. تيەنيۈڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) شۇ قىزى خانىشلىققا تەيىنلەنىدى. شۇ يىلى قوغۇرسۇ نۇر ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. تيەنتۇڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا، ئاتىسى ئۆلگەنلىكىگە ھازا تۇتۇش يۈزىسىدىن، بارلىق مەنسەپلىرىنى بىكار قىلدى. شۇ ئايدا، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، قوغۇرسۇ نۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى قوغۇرسۇ شيەننىڭ بۇرۇنقى مەنسەپ ـ دەرىجىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇ يىلى كۈزدە، قوغۇرسۇ نۇر مۇشاۋىرلىققا تەيىنلىنىپ، ئاتىسىنىڭ شيەنياڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىسىگە، شۇنداقلا تۇنجى يېتەكچى ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. يەنە ئۇنىڭغا ۋۇدى ۋىلايىتى بېگى ئۇنۋانى بېرىلىپ، جاۋجۇ ئايمىقى سۇيۇرغال قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي خەلپەتبەگ بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

12 ـ ئايدا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى سەركەردىلەرنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، لوياڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاشلىق توشۇش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ۋۇپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 570 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قوغۇرسۇ نۇر 30 مىڭ كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئاتلاندى. چوڭ قوشۇن دىڭلۇڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى جاڭيې تۆرىسى يۈۋېن جىيې، جۇڭجۇ ئايماقبېگى لياڭ شيەن، مەھكىمىدار⑲ سۇ ئىشلىرى بېگى لياڭ جىڭشىڭ قاتارلىقلار لۇلۇجياۋ دېگەن جايغا ئورۇنلاشتى. قوغۇرسۇ نۇر ئۈچىسىغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، قولىغا ئۆتكۈر قىلىچنى تۇتقان ھالدا، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئاتلاندى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ باشلىنىشىغا، يۈۋېن جىيېنىڭ قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. 2000 دىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. قوغۇرسۇ نۇر ئۇلارنى تاكى



يىياڭغىچە قوغلاپ بېرىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ چې ئەركانبېگى يۈۋېن شيەن، شىن ئەركانبېگى شىبا شيەنجىڭ قاتارلىقلار بىلەن 100 كۈن ئەتراپىدا تىركەشتى. قوغۇرسۇ نۇر بۇ جايدا تۇڭگۇەن ۋە فېڭخۇا قەلئەلىرىنى بىنا قىلىپ، يىياڭغا تۇتىشىدىغان يولنى راۋانلاشتۇردى. قوشۇنلار قايتىش سەپىرىدە، ئەنيې دېگەن جايغا كېلىپ توختىغاندا، يۈۋېن شيەن قاتارلىقلار نامدا 50 مىڭ كىشىلىك دەپ ئاتالغان قوشۇننى باشلاپ، يوشۇرۇن ھالدا قوغلاپ كەلدى. قوغۇرسۇ نۇر چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. نەتىجىدە يۈۋېن شيەننىڭ قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى بەدەر قاچتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەھكىمىدار سانغۇنى يۈۋېن يىڭ، تۇتۇقبېگى يۆچىن شىلياڭ، خەن يەنلەر ئەسىرگە چۈشتى. يەنە 300 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. يۈۋېن شيەن يۈۋېن جىيې ۋە باش سانغۇن، جۇڭبۇ تۆرىسى لياڭ لودۇ، شۇنداقلا لياڭ جىڭشىڭ، لياڭ شيەنلەرنى پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ جەمئىي 30 مىڭدىن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ لۇلۇجياۋ دېگەن جايدىكى مۇھىم يوللارنى ئۈزۈپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. قوغۇرسۇ نۇر خەن گۈيسۇن، خۇيەن زۇ، ۋاڭ شيەنلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يۈۋېن جىيې قاتارلىقلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. لياڭ جىڭشىڭنى ئۆلتۈردى ۋە مىڭ يىلقىنى ئولجا ئالدى. پادىشاھ قوغۇرسۇ نۇرنى ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ ئۆستۈرۈش، قوشۇمچە بىڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇ يىلى قىشتا، قوغۇرسۇ نۇر يەنە ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يۈبى دېگەن جايدا خۇاگۇ، لۇڭمېندىن ئىبارەت ئىككى قەلئەنى سېلىپ، يۈۋېن شيەن ۋە شىبا شيەنجىڭلار بىلەن تىركەشتى. يۈۋېن شيەن قاتارلىقلار ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن قوغۇرسۇ نۇر قوشۇن تارتىپ

چىقىپ، دىڭياڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە بۇ جايدا نەنفېن شەھىرىنى بىنا قىلىپ، ئايماق تەسىس قىلىش ئارقىلىق، دىڭياڭنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ۋە يات مىللەتلەردىن 10 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەم بىرلا ۋاقىتتا شىمالىي چى سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ كەلدى.

ۋۇپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 571 ـ يىلى) قوغۇرسۇ نۇر قوشۇننى باشلاپ پىڭلۇڭ، ۋېيبى، تۇڭرۇڭ قاتارلىق چېگرا مۇھاپىزەت قەلئەسىدىن 13 نى ياسىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئەركان سانغۇنى، فۇخەن تۆرىسى پۇتۇنۇيى ۋە چوڭ ئەركان سانغۇنى ۋېي شياۋكۇەن قاتارلىقلار 10 مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ پىڭلۇڭغا قىستاپ كېلىپ، فېنخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا قوغۇرسۇ نۇر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. قوغۇرسۇ نۇر ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئۇ يەنە جۇڭشەن ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. تەمىناتى ئۈچۈن 1000 تۇتۇن سۇيۇرغال قوشۇپ بېرىلدى. قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ يەنە قوغۇرسۇ نۇرغا 50 مىڭ كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ پىڭياڭدىن يولغا چىقىپ، ياۋ شياڭ، بەيتىڭ قاتارلىق قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ بۇ قەلئەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلدى. قوغۇرسۇ نۇر بۇ قېتىمقى جەڭدە قەلئەلەرنىڭ باشلىقى، مەھكىمىدار سانغۇن، باش تۇتۇق قاتارلىق توققۇز ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ، نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە چاڭلې ۋىلايىتى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. شۇ ئايدا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى چوڭ ئەركان سانغۇن گېگەن گۇاڭلۇنى يىياڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئەۋەتتى. قوغۇرسۇ نۇر 50 مىڭ كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇننى



باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، يىياڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ جيەنئەن قاتارلىق تۆت قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىن قايتتى. قوشۇن تېخى يېشيەن[20] شەھىرىگە يېتىپ كەلمەيلا، ئۇنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا پادىشاھتىن بۇيرۇق كەلدى، قوغۇرسۇ نۇر قوشۇندىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر جەڭدە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى. شۇڭا تۇزۇكرەك ھال سورىماي تۇرۇپلا ئۇلارنى تارقىتىۋەتسەك، ئۇ ھالدا پادىشاھنىڭ شەپقىتىنى ئۇلارغا يەتكۈزمىگەن بولۇپ قالىمىز، دەپ قاراپ پادىشاھقا بۇيرۇقنى مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ يەتكۈزۈش توغرىسىدا مەخپىي مەكتۇپ يوللىدى. قوشۇن داۋاملىق يېشيەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئوردا ئەلچى ئەۋەتىشنى كەينىگە سۈردى. قايتقان قوشۇن بولسا، زىمۇ دېگەن جايغا يېقىنلىشىپ قالدى. قوغۇرسۇ نۇر يول ئۈستىدە بارگاھ قۇرۇپ، ئەلچىنى ساقلىدى. بۇ چاغدا پادىشاھ قوغۇرسۇ نۇرنىڭ قوشۇننى باشلاپ يېشيەن شەھىرىگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن بىزار بولدى ھەمدە دەرھال زاكاتچىنى ئەۋەتىپ، قوغۇرسۇ نۇرنى ئوردىغا چاقىرىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش توغرىسىدا پەرمان بەردى. ئاندىن كېيىن، قوشۇندىكىلەرنى ھال سوراپ، تارقىتىش پەرمانىنى چىقاردى. قوغۇرسۇ نۇرنى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، چېڭخې ۋىلايىتى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىنىمۇ بەردى.

قوغۇرسۇ نۇر ئوردىغا كەلگەندە، دائىم دېگۈدەك ساراي ئىشىكىگە بامبۇك پەردە ئېسىپ قويۇپ ئولتۇراتتى. زۇتىڭنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ساراي ئالدىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ قالدى. بۇ خىل ئەدەپسىزلىكتىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن قوغۇرسۇ نۇر باشقىلارغا: «بۇ ئادەم بۇنداق قىلىشقا قانداق پېتىندى!» دېدى. كېيىن، زۇتىڭ ئوردا ئىچىدە ئاۋازىنى بولۇشىچە

قويۇۋېتىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، قوغۇرسۇ نۇر شۇ يەردىن ئۆتۈپ بۇنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، يەنە بىر قېتىم ئاچچىقى كەلدى. زۇتىڭ قوغۇرسۇ نۇرنىڭ غەزەپلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مالىيىغا پارا بېرىپ، ئۇنىڭدىن: «باش ۋەزىر جانابلىرى مەندىن نەپرەتلىنەمدۇ؟» دەپ سورىدى. قوغۇرسۇ نۇرنىڭ مالىيى: «سىلى دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندىن بۇيان، باش ۋەزىر جانابلىرى ھەر كۈنى ئاخشىمى تىزىنى قۇچاقلىغان ھالدا قاتتىق ئازابلىنىپ تۇرۇپ، ئۇردىغا قارىغۇلار كىرىۋالدى. دۆلەت ئاخىرى مۇنقەرز بولىدىغان بولدى!» دەپ ھەسرەت چېكىدىغان بولۇپ قالدى، دېدى. مۇتىپو قوغۇرسۇ نۇرنىڭ توقلىدىن تۇغۇلغان قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سوراتقانىدى، قوغۇرسۇ نۇر ئۇنىمىدى. پادىشاھ جىنياڭ ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇتىپوغا ئىنئام قىلدى. قوغۇرسۇ نۇر ئۇردىدا: «پادىشاھ شېنۇۋدى㉑ زامانىسىدىن تارتىپ، بۇ يەرگە يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغان دانلىق زىرائەتلەر تېرىلىپ، سىرتتىن كېلىدىغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەچچە مىڭلىغان ئات بېقىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە، بۇ يەر مۇتىپوغا ئىنئام قىلىۋېتىلسە، دۆلەتنىڭ ھەربىي ھازىرلىق ئىشلىرىغا دەخلى يەتمەمدۇ؟» دېدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن زۇتىڭ ۋە مۇتىپولارنىڭ قوغۇرسۇ نۇرغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ۋېي شياۋكۈەن قوغۇرسۇ نۇرنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەسەت قىلىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتتى: مەخسۇس ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ، يېشيەن شەھىرىدە «بەيشېڭ (قوغۇرسۇنى كۆرسىتىدۇ) ئۇچۇپ كۆككە چىقسا تەڭرىزادە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئاي يورۇقىغا (قوغۇرسۇ نۇرنىڭ تەخەللۇسى ‹مىڭيۆ› — ‹يورۇق ئاي› دېگەن مەنىدە) جور چاڭئەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى تارقاتتى. يەنە تېخى



«ئېگىز تاغ (شىمالىي چى سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) ئىتتىرمىسىمۇ ئۆزى غۇلار بولدى، دۇپ دەرىخى (قوغۇرسۇنى كۆرسىتىدۇ) تىكمىسىمۇ ئۆزى ئۆسەر بولدى» دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتتى. زۇتىڭ بۇنىڭغا «ئەجەل سىرتىمىقى چۈشتى ئەما قېرى بويىنىغا، جاۋىلداق مومايىنىڭ زۇۋانى ئۆچەر يېقىن ئارىدا» دېگەن گەپلەرنى قوشۇپ، بالىلارغا كوچا ـ كويلاردا ئېيتىشنى بۇيرۇدى. مۇتىپو بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇنى ئانىسى لىڭ شۈەنگە ئېيتتى. لىڭ شۈەن: «جاۋىلداق موماي» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى، ئەما قېرى دېگەن سۆزنىڭ زۇتىڭغا قارىتىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى پىلان تۈزۈپ، بۇنى پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش يولى بىلەن پادىشاھقا يەتكۈزۈپ: «ھازىر ئەل ئارىسىدا قوغۇرسۇ جەمەتى ئەۋلادتىن ئەۋلاد ئۇلۇغ سانغۇن بولۇپ كەلدى. ئاي يورۇق (مىڭيۆ ـ قوغۇرسۇ نۇرنىڭ تەخەللۇسى) نىڭ شۆھرىتى خەنگۇ قوۋۇقىنىڭ غەربىنى زىلزىلىگە سالدى. فېڭلي (قوغۇرسۇ شيەننىڭ تەخەللۇسى) تۈركلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور ئابرۇي تاپتى. قىزلىرى خانىش بولۇپ، ئوغۇللىرى مەلىكىلەرنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتى، دېگەنگە ئوخشاش سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ پىتنە ـ ئىغۋالار ناھايىتى خەۋپلىكتەك تۇرىدۇ» دېيىشتى. پادىشاھ بۇ ئىشنى خەن چاڭلۈەندىن سورىغانىدى. خەن چاڭلۈەن مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بېسىقىپ قالدى. زۇتىڭ يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا باشلىدى. بۇ سورۇندا پەقەت خې خۇڭجېنلا بار ئىدى. پادىشاھ: «سېنىڭ مەلۇماتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانىدىم، لېكىن خەن چاڭلۈەن ئىشنىڭ يولى مۇنداق بولمايدۇ، دېدىغۇ» دېدى. زۇتىڭ جاۋاب قايتۇرمىدى. خې خۇڭجېن ئالدىغا ئۆتۈپ: «مۇبادا مۇنداق ئەھۋال بولمىسىلا

(قوغۇرسۇ جەمەتىنىڭ يۈز ئۆرۈش ئىشىنى دېمەكچى ـ ت) ھېچ گەپ يوق، ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال بولۇپ، قەتئىي بىر تەرەپ قىلىنماي، سىرتقا يېيىلىپ كەتسە، ئۇ ھالدا قانداق قىلغۇلۇق؟» دېدى. پادىشاھ: «خې خۇڭجېن توغرا گەپ قىلدى» دېدى. لېكىن پادىشاھ يەنىلا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. دەل شۇ چاغدا، ۋەزىر ئەمىرنىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى فېڭ شۇاڭ پادىشاھقا مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ: «قوغۇرسۇ نۇر غەربكە يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئالىيلىرى قوشۇننى تارقىتىۋېتىش توغرۇلۇق پەرمان چىقارغان ئىدىلە. قوغۇرسۇ نۇر بۇنى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە قوشۇنغا داۋاملىق پايتەختكە قاراپ يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. ئەسلىدە باشقىچە مەقسەتتە بولغانىدى، لېكىن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغاچقا توختاپ قالدى. قوغۇرسۇ نۇر ئۆز ئائىلىسىدە يوشۇرۇنچە قورال ـ ياراغلارنى ساقلىماقتا. مىڭدىن ئارتۇق مالاي ھەم دېدەكلىرى بار. ئۇ قوغۇرسۇ شيەن ۋە قوغۇرسۇ ئۇدۇلار تەرەپكە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئەگەر بۇ ئىش بۇرۇنراق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس» دېدى. مەكتۇپتىكى «قوشۇن داۋاملىق پايتەختكە قاراپ يۈرۈش قىلغان» دېگەن سۆزلەر دەل پادىشاھنىڭ ئىلگىرى گۇمانىنى قوزغاپ كەلگەن ئىشلارنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خې خۇڭجېنغا: «ئادەمنىڭ كۆڭلىمۇ تەگرى بىلەن تەڭداشتۇر. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ يۈز ئۆرۈش ئېھتىمالى بارمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، ئويلىغىنىمدەك بولدى» دېدى. پادىشاھ قورقۇنچاق ھەم ئاجىز تەبىئەتلىك كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇددى ھازىرلا ۋەقە يۈز بېرىدىغاندەك قورقۇپ كېتىپ، خې خۇڭجېنغا دەرھال بېرىپ زۇتىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى بۇيرۇدى. يەنە بىر تەرەپتىن قوغۇرسۇ نۇرنىڭ



بۇيرۇققا بويسۇنماي، ئوردىغا كەلمەي قويۇشىدىن ۋەھىمىگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن زۇتىڭ پادىشاھقا: «ئەگەر سىلى ئۇنى توغرىدىن توغرىلا چاقىرتسىلا، ئۇ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، كەلمەي قويۇشى مۇمكىن، شۇڭا مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېسىل ئاتتىن بىرنى تەقدىم قىلسىلا، شۇنداقلا ئەلچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا، ئەتىگەنلىككە كۈنچىقىش تاغقا سەيلىگە چىقماقچىدىم، سىزنىمۇ بىللە چىقارمىكىن دەپ، مۇشۇ ئاتنى ئەۋەتتىم، دېسىلە، قوغۇرسۇ نۇر تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلمەي قالمايدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇنى ئالداپ كەلتۈرۈپ، قولغا ئېلىش كېرەك» دېدى. پادىشاھ زۇتىڭنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قوغۇرسۇ نۇر يېتىپ كېلىپ لياڭفېڭ سارىيىغا باشلاپ كىرىلىشى ھامان، ليۇ تاۋجى ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئەينى مەزگىلدە قوغۇرسۇ نۇر 58 ياشقا كىرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قوغۇرسۇ نۇرنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى، شۇڭا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى، ئائىلىسىدىكىلەر سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ ئائىلىدىكىلەرنى پۈتۈن جەمەتى بويىچە قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى.

قوغۇرسۇ نۇر ئالدىراڭغۇ، قەيسەر ھەم كەمسۆز ئادەم ئىدى. ئاستىدىكىلىرىنى قاتتىق باشقۇراتتى. ئۇرۇشتا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشتا، پەقەت ھەيۋە بىلەن جازاغا تاياناتتى. سېپىل ھەم قەلئەلەرنى سالدۇرغاندا، كۆپچىلىكنى ھاشارغا تۇتۇپ، كىشىلەرنى خالىغانچە قامچىلايتتى. شۇڭا ھەممە كىشى ئۇنى زالىم دەيتتى. بالاغەتكە يېتىپ، ھەربىي ئىشلارغا قاتناشقاندىن تارتىپ، تۈزۈم ـ ئىنتىزاملارغا خىلاپ ئىشلارنى سادىر قىلمىغانىدى. بولۇپمۇ قوشنا دۆلەتلەردىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇشاتتى. ئۇنىڭ زادى نېمە

گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىقلانماي تۇرۇپلا، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۇردا ئىچىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى قاتتىق ئېچىندۇردى ۋە قايغۇغا چۆمدۈردى. شىمالىي جۇ پادىشاھى ۋۇدى (يۈۋېن يۇڭ) قوغۇرسۇ نۇرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەمدە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسى تەۋەلىكىدە چوڭ كەچۈرۈم جاكارلىدى. كېيىن جۇ پادىشاھى ۋۇدى يېشىيەن شەھىرىگە كىرگەندە، قوغۇرسۇ نۇرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئالىي دۆلەت ئەركانى ئىززەت - ئىكراملىق ئەركانبەگ دېگەن مەرتىۋىنى بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ چىقارغان پەرمانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مۇبادا بۇ ئادەم يەنە ھايات بولىدىغان بولسا، مەن يېشىيەن شەھىرىگە قانداقمۇ كېلەلەيتتىم» دېدى.

قوغۇرسۇ نۇرنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلى قوغۇرسۇ ئۇدۇ ئالىي دەرىجىلىك تۆرە، ۋەلىئەھد مۇشاۋىرى، ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، لياڭجۇ ۋە يەنجۇ ئايماقلىرىنىڭ بېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغانىدى. مەنسەپتە ئولتۇرغان چاغلىرىدا، سىياسىي ئىشلار جەھەتتە ھېچقانچە نەتىجە ياراتمىغان بولۇپ، بايلىق توپلاش، پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەنلا شۇغۇللانغانىدى. قوغۇرسۇ نۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردا قوغۇرسۇ ئۇدۇ تۇرۇشلۇق ئايماققا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىككىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ شۇدا ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرانچى دۆلەت ھىماتى بولۇپ، ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغانىدى ۋە قوغۇرسۇ نۇردىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۈچىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ شىشيۇڭ ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان سانغۇن ئىدى. تۆتىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ خېڭجيا ئۆز ۋاقتىدا ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن



بەھرىمەن بولغان سانغۇن ئىدى. بۇ ئىككىيلەن بىرلىكتە پەرمان بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. قوغۇرسۇ نۇرنىڭ كىچىك ئوغلى قوغۇرسۇ جۇڭ تېخى ئەمدىلا نەچچە ياشقا كىرگەن بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىندى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىززەت - ئىكراملىق ئەركانبەگ بولۇپ تەيىنلەندى. سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 581 — 600 - يىللار) چاپاۋۇل سانغۇن بولۇپ يۈرگەندە ئۆلدى.

قوغۇرسۇ شيەننىڭ تەخەللۇسى فېڭلې، ئۆسمۈر چېغىدا ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى، بولۇپمۇ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ئۈستۈن ئىدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ (گاۋ خۇەن) مۇ ئۇنىڭ بۇ خىل ماھارىتىنى كۆرۈپ ماختىغانىدى. چى پادىشاھى شىزۇڭ (گاۋ چېڭ) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئۇنى ئۆستۈرۈپ مەھكىمىدار ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىگەنىدى. كېيىن يەنە ئۆستۈرۈپ ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، پەخرىي كېڭەش تۆرىسى[22] قوشۇمچە غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولدى. داشيا ناھىيە ۋېكوندى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، تۇڭجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. شيەنزۇ (گاۋ ياڭ) شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولغاندا، مەرتىۋىسى يەنە ئۆستۈرۈلۈپ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن بولدى، شۇنداقلا يەنە شيەنچىن ناھىيە گرافى دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

خېچىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 564 - يىلى) يەنە دەستەكدار[23]، يۈجۇ، ئەنجۇ، پىڭجۇ، نەنجۇ، بېيىڭ، دۇڭيەندىن ئىبارەت ئالتە ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا باش تۇتۇق، يۈجۇ ئايماقبېگى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى كۈزدە تۈركلەرنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى شۇ ئايماقلارغا بېسىپ كىردى. قوغۇرسۇ شيەن بارلىق سانغۇن - سەركەردىلەرنى باشلاپ تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلاندى. تۈركلەر

قوغۇرسۇ شيەننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتايىن سۈرلۈك ھەم رەتلىكلىكىنى كۆرۈپ، ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ھەمدە دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنى ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانمىكىن دەپ ئويلىغان قوغۇرسۇ شيەن: «سىلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭلارنى ئەسلا ئوردىغا تارتۇق يوللاش ئۈچۈن كەلگەنلىك دېگىلى بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ئەسلىي مۇددىئايىڭلار بۇ ئەمەس، پۇرسەت تېپىلغان ھامان ھەرىكىتىڭلارنى ئۆزگەرتىشىڭلار مۇمكىن. ئەگەر چىن كۆڭلۈڭلاردىن سۈلھى تەلەپ قىلماقچى بولساڭلار، ئۇ ھالدا دەرھال ئۆز ماكانلىرىڭلارغا قايتىپ بېرىپ، باشقىدىن ئەلچى ئەۋەتىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ قوشۇنى چېكىنىپ كەتتى. تيەنتۇڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 565 - يىلى) ياز 5 - ئايدا، تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قوغۇرسۇ شيەن بۇنى تۇنجى قېتىم يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەرنىڭ شىمالىي چى سۇلالىسىغا يوللاپ تۇرىدىغان تارتۇقلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. بۇنى قوغۇرسۇ شيەننىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. پادىشاھ ئۇنىڭغا يەنە دىۋان ۋازارىتى ۋاكالەتخانىسىنىڭ ياردەمچىسى مەنسىپىنى قوشۇپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. قوغۇرسۇ شيەن شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ داۋاملىق چېگرا ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. كۇدۇيشۇ دېگەن جاينىڭ شەرقىدىن تارتىپ دېڭىزغىچە بولغان 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىقنى ئېگىز تاغ ۋە ئەگرى - توقاي جىلغىلار ئوراپ تۇراتتى. بۇ ئارىلىقتىكى 200 چاقىرىم كېلىدىغان جاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. قوغۇرسۇ شيەن بەزى تاغ تىزمىلىرىدىن پايدىلىنىپ سېپىل - قەلئەلەرنى



ياسىدى، بەزى جىلغىلارنى توساپ توسمىلارنى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرىنى چارلاش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدىن 50 نى بەرپا قىلدى. يەنە گاۋلياڭ دەرياسىنىڭ[24] سۈيىنى شىمالدىكى يىجىڭ[25] شەھىرىگە باشلاپ كېلىپ، ئاندىن ئۇنى يەنە شەرقتىكى لۇشۇي دەرياسى[26] بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق، تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغاردى. شۇ سەۋەبتىن چېگرا ئورۇنلىرىدا ھەر يىلى دېگۈدەك زاپاس ئاشلىق بولغاچقا، ئاشلىق توشۇش خىراجىتى تېجەپ قېلىنىپ، دۆلەتمۇ شەخسلەرمۇ مەنپەئەتكە ئېرىشتى. شۇ يىلى 6 - ئايدا، ئاتىسى ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق مەنسەپلىرىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاكىسى قوغۇرسۇ نۇر بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنقى مەنسەپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يەنىلا قايتىپ بېرىپ، يەنجۇ، جىجۇ ئايماقلىرىنى ساقلىدى. تيەنتۇڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 567 - يىلى) ئالىي دەرىجىلىك تۆرە مەرتىۋىسىگە ئىگە بولدى. تيەنتۇڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 568 - يىلى) دىۋان ۋازارىتى ۋاكالەتخانىسىنىڭ باش مىرزىبېگى[27] بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گاۋچېڭ ناھىيە مەركىزى دېگەن سۈيۈرغاللىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ۋۇپىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 570 - يىلى) ئۇ يەنە باش چاپاۋۇل سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئەينى مەزگىلدە، قوغۇرسۇ نۇرنىڭ چوڭ ئوغلى قوغۇرسۇ ئۇدۇ يەنجۇ ئايماقبېگى ئىدى. قوغۇرسۇ شيەن بىر قانچە پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ، سەممىيلىكى ۋە تۈز كۆڭۈللۈكى سەۋەبىدىن ئالاھىدە قەدىرلەنگەنىدى. ئۇ گەرچە پادىشاھلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، ئابرۇيى ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كەتمىدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە كاتتا ئېسىلزادە جەمەت قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئۇنى

چوڭقۇر ئەندىشىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزى ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىسىدىن خالاس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن پادىشاھ (گاۋ ۋېي) ئۇنى ئەتىۋارلاپ، رۇخسەت قىلمىدى. شۇ يىلى كۈزدە، مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلۈپ، جىڭشەن ۋىلايىتى بېگى بولدى.

ۋۇپىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 572 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، قوغۇرسۇ نۇر ئۆلتۈرۈلدى. پادىشاھ (گاۋ ۋېي) ئوتتۇرانچى سەردار خېبا فۇئېن قاتارلىق 10 نەچچە ئادەمنى قوغۇرسۇ شيەننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى ھەمدە سەردار باش سانغۇن شيەنيۇ تاۋجى، لۇجۇ ئايمىقى دىۋان ۋازارىتى ۋاكالەتخانىسىنىڭ ياردەمچىسى دۇگۇ يۈگېي قاتارلىقلارنى دىڭجۇ ئايمىقىدىكى ئاتلىق قوشۇنلارنى يۆتكەپ، خېبا فۇئېنلارنىڭ كەينىدىن بېرىشقا ئەۋەتتى، شۇنداقلا قوغۇرسۇ شيەننىڭ ئورنىغا دۇگۇ يۈگېينى دەسسەتمەكچى بولدى. خېبا فۇئېن قاتارلىقلار يېتىپ كەلگەندە، دەرۋازىۋەن ئەلچىلەر پۈتۈنلەي قوراللىق ھەم ناھايىتى ئالدىراش كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرەر ۋەقە بولىدىغان ئوخشايدۇ دېدى ـ دە، دەرۋازىنى ئېتىۋالماقچى بولدى. قوغۇرسۇ شيەن: «پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەلچىدىن گۇمانلىنىپ، كىرگۈزمەسلىك دېگەن قانداق گەپ؟» دېدى ھەمدە كۆرۈشكىلى ئالدىغا چىقتى. خېبا فۇئېن ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان ھامانلا قولغا ئالدى. ئۇ دورغاپ ئەمىرىنىڭ كېڭەش زالىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ تۇرۇپ: «دۆلەتمەنلىكتە مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن تۇرساق، يەنى قىزلىرىمىز پادىشاھلارغا خانىش بولغان، جەمەتىمىزگە پادىشاھنىڭ كۆپلىگەن مەلىكىلىرى ياتلىق بولغان، 300 لەشكەر داۋاملىق خىزمىتىمىزدە بولغان تۇرسا، زاۋال تاپماي نەگە باراتتۇق!» دېدى. ئۇنىڭ قوغۇرسۇ شىدا، قوغۇرسۇ شىچيەن، قوغۇرسۇ شيەن، قوغۇرسۇ شىچيۇ، قوغۇرسۇ فۇخۇ قاتارلىق بەش ئوغلىمۇ بۇ گۇناھقا چېتىلدى. قالغان 15 ياشتىن



تۆۋەن بولغانلار ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىندى. قوغۇرسۇ شيەن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، تۇيۇقسىزلا يۇجۇ ئايمىقىدىكى قوغۇرسۇ فۇخۇدىن كىچىك بەش ـ ئالتە ئوغلىنى بوينىغا تاقاق سېلىپ، ئېشەككە مىنىپ شەھەردىن چىقىشقا بۇيرۇغانىدى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر يىغا ـ زار قىلىشىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى. ئەمەلدار ۋە پۇقرالار ئىچىدە بۇ ئىشتىن چۆچۈمىگەن ۋە ھەيران بولمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. يەنجۇن ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى ماسىمىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىدىن خەۋىرى بار، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە قوغۇرسۇ شيەننىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ھىممىتىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭا ئۇ قوغۇرسۇ شيەندىن بۇ قانداق قىلىقلىقىنى سورىغان. قوغۇرسۇ شيەن: «بالايىئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قېتىمقى ۋەقە يۈز بەردى.

قوغۇرسۇ شيەن بىلەن قوغۇرسۇ نۇر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئاتىسى ئۇلارنى ھەر كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئوۋدىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئوۋلاپ كەلگەن ھايۋانلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭكىگە سېلىشتۇراتتى. قوغۇرسۇ نۇرنىڭ ئوۋلاپ كەلگىنى گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى ئوۋنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەن بولاتتى. قوغۇرسۇ شيەننىڭ ئوۋلاپ كەلگىنى گەرچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاتقان ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى ئوۋنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەن بولاتتى. قوغۇرسۇ نۇر دائىم مۇكاپاتلىناتتى، قوغۇرسۇ شيەن بولسا، بەزىدە جازاغا ئۇچرايتتى. باشقىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇن: «ئاي يارۇق (قوغۇرسۇ نۇر) ئوقنى ھامان ئوۋنىڭ دۈمبىسىدىن تەگكۈزىدۇ. فېڭلې (قوغۇرسۇ شيەن) بولسا، گەرچە ئوقى زايا كەتمىسىمۇ، يەنى ئوۋلاپ

كەلگىنى ئاكىسىنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ئاكىسىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولاتتى.

قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئاكىسى قوغۇرسۇ پىلىڭ ھەم ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، ھەم خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ جىڭمىڭ يىللىرى (مىلادىيە 500 — 503 ـ يىللار) دا ئەمەلدار بولۇپ ئوردا سانغۇنى بولغان، كېيىن يەنە ئۆستۈرۈلۈپ، ھەيۋەتدار سانغۇن بولغانىدى. جېڭگۇاڭ سەلتەنىتىنىڭ (مىلادىيە 520 — 525 ـ يىللار) ئاخىرقى يىلى، ئالتە قورغان توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي بىنىڭ قول ئاستىغا كىرىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلدى، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئەسىرگە چۈشتى. كېيىن قېچىپ چىقىپ، يۈنجۇ ئايمىقىدىكى ئىنىسى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇچقۇر ئەجدىھا سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خۇاڭگۇادۇي دېگەن جايغا كەلگەندە، دۇلوجۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، قول ئاستىدىكى قەبىلىلىرىمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئېرجۇرۇڭغا بېقىنغاندىن كېيىن، ئېرجۇرۇڭ ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، قوغۇرسۇ پىڭنى ئاتىسىنىڭ تۇنجى يېتەكچى قەبىلە ئاقساقاللىق مەرتىۋىسىگە ۋارىس قىلىپ بەلگىلىدى.

چى پادىشاھى گاۋزۇ (گاۋخۇەن) قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىلدە، قوغۇرسۇ پىلىڭ تۇتۇقلۇق مەنسىپى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كېيىن شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شيەنجۇ ئايماقبېگى بولدى. كېيىن يەنە جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، گۇئەن ناھىيە گرافى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماركىز بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، سىجۇنىڭ مۇۋەققەت ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. شىمالىي جۇ



سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ ۋېندى (يۈۋېن تەي) ئوڭ قانات سانغۇن لى شياۋگۇاڭنى لياڭجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتكەندە، قوغۇرسۇ پىلىڭ ياندىش قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، لى شياۋگۇاڭنى ئەسىرگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوشۇمچە سول قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى بولدى. 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بېيشۇ دېگەن يەردىكى قاراقچىلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى تارمار كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، جىجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. خۇ جىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەندە، قوغۇرسۇ پىلىڭ پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن باش تۇتۇق بولۇپ، چىڭجۇ ئايماقبېگى جىڭ شيەنجۇن، سول قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى شېدى فۇلىيەن قاتارلىقلارنى باشلاپ شۇياڭ، سۈيۇ قاتارلىق 30 نەچچە شەھەرنى تىنچىتتى. ئىش تۈگەپ جىجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەلگەندە، ئوردا تەرىپىدىن مەھكىمىدار، باش چاپاۋۇل سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى ھەمدە مەرتىۋىسى كىنەزلىككە كۆتۈرۈلدى. چى پادىشاھى شيەنزۇ (ۋېنشۇەندى گاۋياڭ) پادىشاھ بولغاندا، يەنە شيەنياڭ بېگى ئۇنۋانى بېرىلدى. يەنجۇنىڭ مۇۋەققەت ئايماقبېگى بولغان چېغىدا خىيانەت قىلىپ، پارا يېگەنلىكى تۈپەيلىدىن بارلىق مەنسەپ ۋە مەرتىۋىسى بىكار قىلىندى. كېيىن ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى. چى پادىشاھى فېيدى (بىكار قىلىنغان پادىشاھ گاۋ يىن) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، قوغۇرسۇ پىڭنى ئالىي دەرىجىلىك تۆرە قىلىپ تەيىنلەپ، تەمىناتى ئۈچۈن ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ لېلىڭ ۋىلايىتىنى سۈيۇرغال قىلىپ بەردى. خۇاڭجيەن يىللىرى (مىلادىيە 560 — 561 ـ يىللار) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇ دىڭياڭ ۋىلايىتى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، دۆلەت ھىماتى قىلىپ تەيىنلەندى.

كېيىن چىڭجۇ ئايماقبېگى بولدى. ئۆلگەندىن كېيىن، ھۆرمەت نامى ئۈچۈن ئەمىرلەشكەر مەرتىۋىسى بېرىلدى.
(ئەسلىي كىتاب 219 — 229 ـ بەتلەر)

---

①خۇەيشو (怀朔) — قەدىمكى ھەربىي قورغان نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى ئالتە مۇھىم قورغاننىڭ بىرى. خارابىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بوغىت شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«ۋېينامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىن)

②جۇ پادىشاھى ۋېندى (周文帝) — فامىلىسى يۈ ۋېن، ئىسمى تەي، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى جۇ مىڭدى يۈۋېن يۈنىڭ دادىسى. ئۇ شىمالىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي سۇلالىلىرىدە بەگ بولۇپ، ئاساسىي ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ، ئاجايىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن «ۋېنۋاڭ» (مەرىپەتلىك بەگ) دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يۈۋېن يۈ غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، دۆلەت نامىنى جۇ دەپ ئۆزگەرتكەندە، ئۇنى سابىق پادىشاھ جۇ ۋېندى دەپ ئاتىدى.
(«جۇنامە» دىن)

③ خېياڭ (河阳) — قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىدە.
(«سىيۈەن» 1755 ـ بەت)

④دىۋان ۋازارىتى ۋاكالەتخانىسى (行台) — جىن سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىگىچە، جايلاردا ئوردىغا ۋاكالىتەن دىۋان ۋازارىتىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن ئاپپارات دىۋان ۋازارىتى ۋاكالەتخانىسى دەپ ئاتالغانىدى.
(«قانۇنلار قامۇسى. ئەمەل ـ مەنسەپ» Ⅳ)

⑤ ھەربىي مۇشاۋىر (军司) — ئەسلىي 《军师》 دەپ ئاتالغانىدى،



يەنى ئۇستاز بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردا ئەقىل كۆرسىتىش مەنىسىدە ئىدى. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھ سىماشى 《司马师》 نىڭ ئىسمىدىكى 《师》 دېگەن خەتكە ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن 《军司》 غا ئۆزگەرتىلدى. قوشۇنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇنداق ئەمەل تەسىس قىلىناتتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇنغا نازارەتچىلىك قىلىش ئىدى.
(«قانۇنلار قامۇسى» 29 ـ جىلدتىن)

⑥ يۈبى (玉壁) — قەدىمكى شەھەر. مىلادىيە 538 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 4 ـ يىلى) سېلىنغان. شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ مۇھىم قورغانى بولغانىدى. خارابىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«سىيۈەن» 2037 ـ بەت)

⑦ چى پادىشاھى شىزۇڭ (齐世宗) — فامىلىسى گاۋ، ئىسمى چېڭ، شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۈەندى گاۋ ياڭنىڭ ئاكىسى. دادىسى چى پادىشاھى شېنۋۇدى گاۋخۈەن شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى تۇتۇقى، باش ۋەزىرى ھەم چى بېگى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋېتىپ ۋاپات بولغاندا، ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ بوخەي بېگى بولۇپ، پادىشاھلىق تەختكە چىقىش ئالدىدا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. چى سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، پادىشاھ گاۋياڭ ئۇنىڭغا «پادىشاھ ۋېنشياڭدى» دېگەن ھۆرمەت نامىنى تەقدىم قىلدى.
(«شىمالىي چىنامە» 3 ـ جىلدتىن)

⑧ شىنچېڭ (新城) — قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جوجۈن ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى باۋدىڭ ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«سىيۈەن» 1374 ـ بەت)

⑨گۇاڭۋۇ (广武) — قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن

ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە.
(«سىيۇەن» 1018 ـ بەت)

⑩يىياڭ (宜阳) — قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدە.
(«سىيۇەن» 819 ـ بەت)

⑪نەنيۈ (南豫) — قەدىمكى ئايماق. تەخمىنەن ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېشيەن، داڭتۇ ناھىيىلىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«سىيۇەن» 424 ـ بەت)

⑫چى پادىشاھى شيەنزۇ (齐显祖) — فامىلىسى گاۋ، ئىسمى ياڭ. شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋېنشۇەندىنىڭ ھۆرمەت نامى. گاۋياڭ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىدە چى بېگى، باش ۋەزىر ھەم ئۇلۇغ تۇتۇق بولۇپ، ئاساسىي ھوقۇقنى قولىغا ئالغانلىقتىن، شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ، دۆلەت نامىنى چى دەپ ئۆزگەرتىپ، يىلنامىنى تيەنباۋ دەپ بېكىتتى. تەختتە 10 يىل (مىلادىيە 550 ـ يىلىدىن 559 ـ يىلىغىچە) ئولتۇرۇپ، 31 ياشتا كېسەل بىلەن ئۆلدى.
(«شىمالىي چىنامە» 4 ـ جىلدتىن)

⑬ چى پادىشاھى شىزۇ (齐世祖) — فامىلىسى گاۋ، ئىسمى جەن. شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ۋېنشۇەندىنىڭ كىچىك ئىنىسى بولۇپ، پادىشاھ شېنۋۇدىنىڭ 9 ـ ئوغلى. ئۇ 6 ـ ئاكىسى گاۋيەنگە ۋارىسلىق قىلىپ تەختتە ئولتۇردى. يىلنامىنى دانىڭ دەپ بېكىتتى. تيەنتۇڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 568 ـ يىل) 32 ياشتا ئۆلدى. پادىشاھ ۋۇچېڭدى دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشتى.
(«شىمالىي چىنامە» 7 ـ جىلدتىن)

⑭ تيەنتۇڭ (天统) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ كەنجى پادىشاھى گاۋ ۋېينىڭ مىلادىيە 565 ـ يىلىدىن 569 ـ يىلىغىچە قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 203 ـ بەت)



⑮چيەنمىڭ (乾明) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ بىكار قىلىنغان پادىشاھى گاۋيىننىڭ مىلادىيە 560 ـ يىلى قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑯ خۇاڭجيەن (皇建) — شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى شياۋجاۋدى گاۋيەننىڭ مىلادىيە 560 — 561 ـ يىللاردا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 240 ـ بەت)

⑰ دانىڭ (大宁) — بەزى تارىخىي كىتابلاردا «تەينىڭ» (太宁) دەپمۇ يېزىلغان. شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇچېڭدى گاۋجەننىڭ مىلادىيە 561 — 562 ـ يىللاردا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 208 ـ بەت)

⑱خېچىڭ (河清) — شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇچېڭدى گاۋجەننىڭ مىلادىيە 562 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 228 ـ بەت)

⑲مەھكىمىدار (开府) — خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىدە، ئوردا ئۈچ ئەمىرى ئۆز ئالدىغا مەھكىمە قۇرسا بولاتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، چوڭ سانغۇنلارمۇ ئۆز ئالدىغا مەھكىمە قۇرۇۋالىدىغان بولدى. مەھكىمىدار دېگەن مەرتىۋە شۇنىڭدىن باشلاپ قوللىنىلدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، مەھكىمىدار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى دېگەن مەرتىۋە نامىمۇ پەيدا بولدى. بۇلار ئاساسلىقى ئەلەمدارلاردىن بولاتتى.
(«قانۇنلار قامۇسى. ئەمەل ـ مەنسەپلەر» دىن)

⑳يېشيەن (邺县) — قەدىمكى ناھىيە. ۋېي سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. خەن سۇلالىسىنىڭ بەش پايتەختىنىڭ بىرى بولغان. خارابىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لىنجاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«سىيۇەن» 3125 ـ بەت)

㉑ پادىشاھ شىنۋۇدى (神武帝) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋېنشۇەندى گاۋياڭنىڭ دادىسى — گاۋزۇ گاۋخۇەننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شىمالىي ۋېي، شەرقىي ۋېي سۇلالىلىرىدە كۆرۈنەرلىك جەڭ تۆھپىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ سانغۇن، باش ۋەزىر، بەگ، تۇتۇق قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. شىمالىي چى سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تيەنباۋ سەلتەنىتىنىڭ بېشىدا، ئۇنىڭ ئىبادەتخانا نامى تەيزۇ، ھۆرمەت نامى شيەنۋۇدى دەپ ئاتالدى. تيەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ بېشىدا، ئىبادەتخانا نامى گاۋزۇ، ھۆرمەت نامى شىنۋۇدى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇڭا تارىختا شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گاۋزۇ شىنۋۇدى دەپ ئاتالدى.
(«شىمالىي چىنامە» 1 ـ، 2 ـ جىلدلاردىن)

㉒ پەخرىي كېڭەش تۆرىسى (中散大夫) — ئەمەل نامى. خەن سۇلالىسىدە ۋاڭ ماڭ تەسىس قىلغان. ئوردا سىياسىي ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرەتتى.
(«قانۇنلار قامۇسى. ئەمەل ـ مەنسەپلەر» دىن)

㉓ دەستەكدار (持节) — مەنسەپ نامى. قەدىمكى زاماندا ئەلچىلەر پادىشاھ بەرگەن دەستەكنى ئەلچىلىك سالاھىيىتىنىڭ ھەم ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ئىسپاتى قىلاتتى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە دەستەكدار مەرتىۋە نامى قىلىندى. ئەلچى دەستەكدار (使持节)، دەستەكدار (持节) ۋە مۇۋەققەت دەستەكدار (假持节) لار ئايرىلىپ، ھوقۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى پەرقلەندۈرۈلدى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايماقبېگى، تۇتۇق، ھەربىي قوماندانلار ئىدى.
(«سىيۇەن» 1250 ـ بەت)

㉔ گاۋلياڭ دەرياسى (高梁水) — بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى دەريا. يۈچۈەن تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئاخىرى قەدىمكى لېيخې دەرياسىغا، يەنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى يۇڭدىڭ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.
(«دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دىن)



㉕ يىجىڭ (易京) — قەدىمكى شەھەر. ئەسلىي يىشيەن ناھىيىسى ئىدى، شەرقىي خەن سۇلالىسىدە گۇڭسۈن زەن ئۇنى ئۆزگەرتكەن. خارابىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شيۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«كېيىنكى خەننامە. گۇڭسۈن زەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉖ لۇشۇي دەرياسى (潞水) — ھازىرقى چاۋبەي دەرياسى، يەنى شىمالىي چوڭ قانالنىڭ يۇقىرى ئېقىنى. بېيجىڭ شەھىرى تۇڭجۇ رايونىنىڭ شەرقىدە.
(«دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دىن)

㉗ باش مىرزىبەگ (尚书令) — چىن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پادىشاھقا يوللانغان مەكتۇپ، ھۆججەت، ماقالىلەرنى باشقۇراتتى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن باشلاپ، بۇ مەنسەپنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلدى. تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي باش ۋەزىر بولۇپ قالدى.
(«قانۇنلار قامۇسى. ئەمەل ـ مەنسەپلەر» دىن)

## «شىمالىي چىنامە» 20 ـ جىلد

## قوغۇرسۇ چاڭجۇنىڭ تەرجىمىھالى

دەي خانلىقىدىكى ليۇ شىچىڭنىڭ بوۋىسى ليۇبا دىگەن كىشى بولۇپ، شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىغا قاراشلىق يەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى بولغانىدى. ئاتىسى ليۇ ۋېي بولسا، ئالتۇن جۇلالىق كېڭەشبېگى بولغانىدى. ليۇ شىچىڭ ۋۇپىڭ سەلتەنىتى (مىلادىيە 570 — 576 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىغاۋۇل بولۇپ، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەمىناتى قوغۇرسۇ شىياۋچىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئىدى. ئۇ ئىنتايىن تەمكىن بولۇپ، ھەرقانداق ئىشنى ئەتراپلىق قىلاتتى. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەيتتى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قوغۇرسۇ شىياۋچىڭدىن يۇقىرى تۇراتتى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىش جەھەتتە، ئۆز زامانىسىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ كەنجى پادىشاھى (گاۋ ۋېي) تۈرك قاغانىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، ليۇ شىچىڭغا نىرۋانا سۇتراسىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ھۆدەيچى يانداشبەگلى دىلىنغا مۇقەددىمىسىنى يازدۇردى. ليۇ شىچىڭ سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 581 — 600 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەھكىمىدار بولۇپ، خاس مۇھاپىزەتچى چاپاۋۇل سانغۇنلۇق ۋەزىپىسىدە ئۆلدى.

(ئەسلىي كىتاب 267 ـ بەت)



## «شىمالىي چىنامە» 27 ـ جىلد

## موچى پۇ، پولۇخان چاڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

موچى پۇ تەخەللۇسى موچى پۇبو، تەيپىڭ ① ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ ئەجدادى ھونلارنىڭ باشقا قوۋملىرىدىن ئىدى. كەسكىن ھەم باتۇر بولۇپ، جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن ئىدى. جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 525 ـ يىللىرى) پولۇ خانبالىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، موچى پۇنى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىگەنىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ، شىمالىي چى پادىشاھلىقىغا ئەل بولۇپ، ھىماتچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى ھەمدە ئىككىنچى يېتەكچى ئاقساقال بولدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ (شېنۋۇدى گاۋ خۇەن) قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، موچى پۇ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، چى پادىشاھى گاۋزۇغا ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى بىلدۈرگەنىدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ ئۇنى ئالاھىدە ئىززەتلەيتتى. قوسچۇن ۋېي پادىشاھى شىياۋ مىڭدىنى غەربكە كېتىشكە مەجبۇرلىغاندا، موچى پۇنى ئەمىرى مىمار، چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، فۇمو شەھىرىنى ساقلاشقا قويغانىدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ شىياجۇ ئايمىقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، موچى پۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنى باشلاپ بەيئەت قىلىپ كەلدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ ئۆزى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنى خېشى ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىدى. موچى پۇنىڭ مەنسىپى كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلۈپ ئەمىرلەشكەر، شوجۇ ئايماقبېگى بولغاندا ئۆلدى.

موچى پۇنىڭ ئوغلى موچى لو، تەخەللۇسى موچى

شۇلوگەن. ئىنتايىن جەسۇر، جانبازلىق ماھارىتى ئۈستۈن ئادەم ئىدى، ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىمۇ باشقىلاردىن يۇقىرى بولۇپ، يۇرتداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. پولو خانبالىن ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ، شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئەلەم كۆرسەتكۈچى سانغۇن بولدى. ئېرجۇرۇڭغا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى. مەنسىپىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، فېنجۇ ئايماقبېگى، چاپاۋۇل سانغۇن بولدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ شىندۇ ۋىلايىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، يىراقتىن كېلىپ، ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈردى. چى پادىشاھى گاۋزۇ ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى كاتتا قائىدە ـ يوسۇن بىلەن كۈتۈۋالدى. موچى لونى قۇتاتقۇچى سانغۇن، قوشۇمچە لىڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. شىمالىي ۋېي پادىشاھى شياۋۋۇدى (يۈەن شيۇ) خەنگۇ قوۋۇقىدىن كىرگەندە، موچى لو سول قول يانداشبەگلىككە تەيىنلەندى. تيەنپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 534 ـ يىلىدىن 537 ـ يىلىغىچە) دا، ئاتىسىغا ئەگىشىپ شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جيەنچاڭ ۋىلايىتىنىڭ كىنەزى دېگەن نام بېرىلىپ، باشلامچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ باشقا سانغۇنلار بىلەن بىرلىكتە جىنيۇڭ دېگەن جايدىكى دۇگۇ رۇيۈەننى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشى ۋە خېيىن ناھىيىسىدە بولغان ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ھەممىسىدە چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. چى پادىشاھى گاۋزۇ (گاۋخۇەن) ئۇنىڭ ئاتىسى موچى پۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەتتا موچى پۇنى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپمۇ قويغانىدى. موچى لو باش كىيىمىنى ئېلىپ، چى پادىشاھى گاۋزۇغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:



«كەمىنىلىرى پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىپ، ئالىيلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرىمەن» دېگەنىدى. خېيىندا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا، باشقا قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى كۆۋرۈك ئارقىلىق دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئۆتۈۋالدى. پەقەت موچى لونىڭ قوشۇنىلا ئۆز ئورنىدىن قوزغالمىدى. ئۇ غەرب تەرەپتىكى دۈشمەنلەرگە: «كەمىنە موچى شۇلوگەن بۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن. قېنى كارامىتىڭلار بولسا كېلىشمەمسىلەر!» دەپ ۋارقىرىدى. غەرب تەرەپتىكى دۈشمەن قورققىنىدىن تىكىۋەتتى. چى پادىشاھى گاۋزۇ موچى لونىڭ كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ بارگاھ قۇرغان جايغا خۇيلو شەھىرى دەپ نام بەردى. موچى لو مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، ئېسىل پەزىلەتلىك، ئاجايىپ باتۇر ھەم قەيسەر كىشى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئاتاقلىق سانغۇن دەپ داڭقى چىققان ئىدى. شىڭخې يىللىرى (مىلادىيە 539 ـ يىلىدىن 542 ـ يىلىغىچە) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆلدى.
(ئەسلىي كىتاب 375 — 376 ـ بەتلەر)

پولۇخان چاڭ، تەخەللۇسى پولۇخان باۋنيەن، فۇخۇا، رايونىدىن ② بولۇپ، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ پۇشتى ئىدى. ئوڭ قول قان③ پەنلىيۇشى شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى پەنلىيۇشى دېگەن ئىسىمنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىۋالغان. كېيىنكى كىشىلەرنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە، پولۇخانغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، بۇ جەمەت ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئۆز قەبىلىسىنى باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. پولۇخان چاڭنىڭ ئاتىسى پولۇخان كۈڭچۈ (تۇز) ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. پولۇخان كۈڭچۈ ياش ۋاقتىدا ناھايىتى باتۇر ھەم چەبدەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىر قەبىلىدىن بولغان پولۇخان بالىن توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، پولۇخان كۈڭچۈنى باش تۇتۇق، ئەمىرى زېمىن، جەنۇبنى تىنچىتقۇچى خان قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلىگەنىدى.

پولۇخان كۆكچۆ قول ئاستىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، ئىبر جۇرۇڭغا ئەل بولدى. پادىشاھ ئۇنى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، تۇنجى يېتەكچى قەبىلە ئاقساقىلى مەرتىۋىسىنى بەردى، كېيىن ئۆلدى.

پولۇخان چاڭ جاسارەتلىك ھەم ئەقىل - پاراسەتلىك، ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولغاچقا، كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلۈپ، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ (گاۋ خۇەن) قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، پولۇخان چاڭ فۇخۇانىڭ تۇرغاق سانغۇنى ئىدى. ئۇ موچى لو بىلەن بىرلىكتە شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىغا قايتىپ كەلدى. چى پادىشاھى گاۋزۇ ئۇلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلىدى ۋە ئۇنى ھىماتچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇندى. پولۇخان چاڭ باشقا سانغۇنلار بىلەن بىللە جازا يۈرۈشلەرگە قاتناشتى. شۇنداقلا چى پادىشاھى گاۋزۇغا ئەگىشىپ، دۈشمەنلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جەرياندا مەنسىپى ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇلۇغ هارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى، مەھكىمىدار بولۇپ تەيىنلىنىپ، پىڭياڭ كىنەزى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى، لوجۇ ئايماقبېگى بولدى. پولۇخان چاڭ چى پادىشاھى شىزۇڭ (ۋېنشىياڭدى گاۋ چېڭ) غا مەكتۇپ سۇنۇپ: «كەمىنىلىرى خېياڭ ۋىلايىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقاندىن بۇيان، گۇەنكۇ قوۋۇقى ۋە تەيگۇ جىلغىلىرىنىڭ يوللىرىدا كۆپ قېتىم قاتنىدىم. بېيجىڭ④ نىڭ شىمالىي، لوجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك پىششىق بىلىمەن. تەيگۇ جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدىن جىڭشەن تېغىغىچە بولغان ئارىلىق 100 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ. ئارىلىقتا يەنە چىگۇڭ داۋىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قاراقچىلارنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، ئارىلىقتىكى 150 چاقىرىم كېلىدىغان جاي ئادىمىزاتسىز چۆللۈكتىن ئىبارەت.



قاراقچىلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرى پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا توشۇلىدۇ. مېنىڭچە بىز مۇشۇ ئارىلىقتىكى يەر تۈزۈلۈشى قولايلىق بولغان جايلارنى تاللاپ قەلئە ياسىتىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، قاراقچىلارنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىساق، دۈشمەن ئۆزلۈكىدىنلا بۇ يولدىن قاتناشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ» دېدى. چى پادىشاھى شىزۇڭ (ۋېنشىياڭدى گاۋ چېڭ) ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، باش ئەمىرلەشكەر قوغۇرسۇ ئالتۇن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، ياڭجى، بەيجيا، خۇيەندىن ئىبارەت ئۈچ مۇداپىئە قەلئەسىنى ياساتتى. پولۇخان چاڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، جىنياڭغا قايتىپ كېلىپ، مۇشاۋىر، ساڭجۇ ئايماقبېگى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېغىدا ئۆلدى. ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باش دىۋانبېگى، ئەمىرى زېمىن، خەلپەتبەگ، تۇنجى يېتەكچى قەبىلە ئاقساقىلى، مۇۋەققەت بەگ قاتارلىق مەنسەپ ۋە مەرتىۋىلەر بېرىلدى ھەمدە ساداقەتمەن ئەلەمدار بەگ دېگەن ھۆرمەت نامى تەقدىم قىلىندى.
(ئەسلىي كىتاب 378 — 379 - بەتلەر)

---

①تەيپىڭ ( 太平 ) — قەدىمكى ناھىيە. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خۇما شەھىرى دائىرىسىدە.
( «سىيۇەن» 701 - بەت)

② فۇخۇا رايونى ( 附化 ) — بەيئەت قىلىپ كەلگەنلەر تۇرغان جاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايون خەنشۇي دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىدى.
( «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ساۋرېنىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

③ئوڭ قول قان ( 右谷蠡王 ) — هونلاردا ئەمەل. ئەلنىڭ ھەربىي

ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئورنى بىلىكخاندىن تۆۋەن ئىدى. تەڭرىقۇتنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىدىن تەيىنلىنەتتى. («كېيىنكى خەننامە» 89 ـ جىلد)

④بېيجىڭ (北荆) — شىمالىي جىڭشەن تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى فۇپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«نەسرنامە. يوگوڭ» ئىزاھلىرىدىن)



## «شىمالىي چىننامە» 41 ـ جىلد

## فۇخۇنىڭ تەرجىمىھالى

كەنجى پادىشاھ (گاۋ ۋېي) بىڭجۇ ئايمىقىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ تابار لىۋىر قاغانىدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن، مەھكىمىدار گېشى يۈگەننى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تابار قاغان شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، گېشى يۈگەننى تۇيغۇنلارنىڭ ئەلچىسىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويدى.

گېشى يۈگەن بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «دۆلىتىم مەغلۇپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مەن بۇ ئەرزىمەس جېنىمنى ئاياپ ئولتۇرماي، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىپلا تۈگىشىشنى ئالىبۇرۇنلا ئويلىغانىدىم. لېكىن، خەلقئالەمنىڭ بۈيۈك چى پادىشاھلىقىدىمۇ ۋىجدان يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان ۋەزىرلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. ئەمدى مېنىڭ بىردىنبىر تەلىپىم شۇكى، بىر قىلىچ ئۇرۇپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، چى پادىشاھلىقىغا يېقىن ياكى يىراقلىقىمنى شۇنىڭدىن بىلدۈرەي» دېدى. تابار قاغان ئۇنىڭ بۇ خىل مەردانىلىقىنى كۆرۈپ ئالاھىدە تەرىپلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا 70 ئات سوۋغا قىلىپ، ئۇزىتىپ قويدى.

(ئەسلىي كىتاب 547 ـ بەت)

## «شىمالىي چىنامە» 50 - جىلد

# ئەتىۋارلىق ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى

خې شىكەي، تەخەللۇسى خې يەنتۇڭ، پايتەخت چىڭدۇ①غا قاراشلىق لىنجاڭ ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى غەربىي يۇرتتىكى سودىگەر غۇزلاردىن بولۇپ، ئەسلىي فامىلىسى سۇخې ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى خې ئەن بولۇپ، كەمتەر ھەم زېرەك، باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ماھىر كىشى ئىدى. ئورنى تەدرىجىي ئۆسۈپ، ھۆدەيچى ئەمىرىنىڭ زاكاتچىسى بولدى. شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدى (يۈەن شەن) بىر قېتىم، كەچتە ئوردىدىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يىغىپ ئىلىم - ھېكمەت ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، خې ئەننى چوڭ چۆمۈچ يۇلتۇزنىڭ سېپىنىڭ قايسى تەرەپنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە بۇيرۇغانىدى. خې ئەن: «كەمىنىلىرى چوڭ چۆمۈچ يۇلتۇزى دېگەننى تونۇمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. چى پادىشاھى گاۋزۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خې ئەننىڭ سەممىي، تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. كېيىن ئۇنى يىجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

خې شىكەي بالىلىق چېغىدا ناھايىتى ئەقىللىق ھەم زېرەك بولغاچقا، خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىقىغا تاللانغانىدى. ھەرقانداق قىيىن مەسىلىنى ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن تېزلا يېشىپ بېرەتتى. شۇڭا بىللە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. تيەنباۋ يىللىرى (مىلادىيە 562 - يىلىدىن 585 - يىلىغىچە) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە گاۋ جەن (چى



پادىشاھى شىزۇ) چاڭگۇاڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەندە، خې شىكەينى چاقىرتىپ، بەگ ئەمىرىنىڭ مۇۋەققەت ھەربىي مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. چى پادىشاھى شىزۇ ئۇزۇن نەيزە ئويناشقا ئامراق ئىدى. خې شىكەيمۇ بۇ ئويۇنغا ماھىر بولغاچقا، چى پادىشاھى شىزۇ ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خې شىكەي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان، ھىيلىگەر، خۇشامەتچى، شۇنداقلا بەرباب چېلىشقىمۇ ئۇستا ئادەم بولغاچقا، چى پادىشاھى شىزۇنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئەينى مەزگىلدە ئۇ گاۋ جەنگە: «ئالىيلىرى يەر يۈزىدىكى ئادەتتىكى بىر ئادەم بولماستىن، بەلكى ئەرشتىكى شاھ ئىكەنلا» دېگەندە، گاۋ جەن ئۇنىڭغا: «جانابلىرى ئادەتتىكى ئادەم بولماستىن، بەلكى زامانىمىزنىڭ ئەۋلىيالىرىدىن ئىكەنلا» دېگەنىدى. خې شىكەي بىلەن گاۋ جەن ئۆزئارا ئەنە شۇنداق يېقىن ئۆتكەنىدى. چى پادىشاھى شيەنزۇ (ۋېنشۈەندى گاۋ ياڭ) خې شىكەينىڭ بەڭۋاش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، گاۋ جەننىڭ پەسكەشلەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈشىنى توسۇش ئۈچۈن، خې شىكەينى ئويۇن - تاماشا ۋە قىلىقسىزلىقتا چەكتىن ئېشىپ كەتتى، دەپ ئەيىبلەپ سەددىچىنگە يۆتكىۋەتتى. كېيىن خې شىكەينىڭ پايتەخت مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلىنىشى بولسا، چاڭگۇاڭ بېگى گاۋ جەننىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن بولغان ئىش ئىدى.

پادىشاھ شىزۇ (ۋۇچىڭدى گاۋ جەن) پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، خې شىكەي كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلۈپ، شىغاۋۇللۇققا تەيىنلەندى ھەمدە مەھكىمىدارلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. خې شىكەينىڭ ئانىسى ليۇ خېنىم ئۆلگەندە، پادىشاھ (گاۋ جەن) بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن قايغۇغا چۆمدى، شۇنداقلا ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى لۇ فېيننى خې شىكەينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئەۋەتتى. لۇفېن تاكى

دەپنە ئىشلىرى تۈگىگىچە تۇرۇپ، ئاندىن قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى پادىشاھ يەنە خې شىكەينى ئوردىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان كالا ھارۋىسىنى ئەۋەتتى. پادىشاھ خې شىكەينى كۆرگەن ھامان، ئۆزى كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ يىغا - زار قىلدى. خېلى ئۇزاققىچە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن خې شىكەينىڭ قايتىپ كېتىشىگە ماقۇل بولدى ھەمدە خې شىكەينىڭ ئاكا - ئۇكىلىرىدىن تۆتەيلەننىڭ ئەسلىدىكى مەنسەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دېمەك، بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ خې شىكەينى نەقەدەر يېقىن كۆرىدىغانلىقىنى ۋە نەقەدەر ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خې شىكەي يەنە ئوڭ قول ياندىشبەگ بولۇپ تەيىنلەندى. چى پادىشاھى شىزۇ (ۋۇچېڭدى گاۋ جەن) نىڭ بۇرۇندىن تارتىپ زىققا كېسىلى بار ئىدى. ھەر قېتىم ھاراق - شاراب ئىچكەندە كېسىلى قاتتىق قوزغىلاتتى. خې شىكەي كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇلاق سالمىدى. دەل كېسىلى قوزغىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پادىشاھنىڭ يەنە ھاراق ئىچكۈسى كەلدى. خې شىكەي ئازابلانغانلىقىدىن كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ، گەپمۇ قىلالماي قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭغا: «بۇ جانابىڭىزنىڭ ماڭا قىلغان ئاۋازسىز نەسىھىتىڭىز بولدى» دېدى - دە، ئىككىنچىلەپ ھاراق ئىچمىدى.

خې شىكەينىڭ سۆز - ھەرىكىتى چاكىنىلىشىپ، كېچە - كۈندۈز پادىشاھنىڭ يېنىدا يۈرگەچكە، پادىشاھ بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ - قائىدىلەرمۇ يوقالدى. ھەتتا چى پادىشاھى شىزۇغا نەسىھەت قىلىپ: «قەدىمدىن بۇيان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆلۈپ تۈگىدى. ياۋ، شۈن بىلەن جيې، جۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىر - بىرىدىن يەنە قانچىلىك پەرقلىرى قالدى. شۇڭا، ئالىيلىرى ياش، ساغلام ھەم كۈچلۈك چاغلىرىدا ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن خالىغانچە بەھرىمەن



بولۇپ، نېمە قىلغۇلىرى كەلسە شۇنى قىلسىلا بولىدۇ. خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگەن بىر كۈننىڭ ئۆزى مىڭ يىلغا تېتىيدۇ. دۆلەت ئىشلىرىنى ۋەزىرلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ قويسىلا بولۇۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىمەسلىكىدىن ئەنسىرەشنىڭ، شۇنداقلا شەخسەن ئۆزلىرى ئىشلەپ رىيازەت چېكىشلىرىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق» دېدى. چى پادىشاھى شىزۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا، چى پادىشاھى شىزۇ چيەنشۇ سارىيىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. خې شىكەي ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ دورا ئىچكۈزۈپ، خىزمىتىنى قىلدى. چى پادىشاھى شىزۇ خې شىكەينى تارىختىكى يى يىن[4]، خوشۇ[5] لاردەك قابىلىيەت ئىگىسى، دەپ تەرىپلىدى ھەمدە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپىلىدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا يەنە خې شىكەينىڭ قولىنى تۇتۇپ: «ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمىغايسىز» دېدى - دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى جان ئۈزدى.

كەنجى پادىشاھ (گاۋ ۋېي) تەختتە ئولتۇرغان چاغدىمۇ، چى پادىشاھى شىزۇنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، خې شىكەينى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خې شىكەي ئىلگىرى خۇ خانئانىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇ خانئانا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنلاشتى. جاۋجۈن بېگى گاۋ رۈي ۋە لۇ دىڭيۈەن[6] قاتارلىقلار خې شىكەينى كۆزدىن يوقىتىش نىيىتىگە كېلىپ، باشقا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىكتە تەدبىرلەرنى پىلانلىدى. دەل خۇ خانئانا ۋەزىر ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى ئالدىنقى سارايغا چاقىرىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا، گاۋ رۈي يۈز تۇرانە تۇرۇپ خې شىكەينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ: «خې شىكەي مەرھۇم پادىشاھ ھايات چېغىدا، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە

ئېرىشىۋېلىپ، باشقىلارنى ئەخمەق ئېتىپ ئوينىغان ۋەزىر، ئۇچىغا چىققان مەككار تۈلكە، زىيانداش چاشقاندۇر. خالىغانچە پارا يەپ ھەم باشقىلارغا پارا بېرىپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوردا ئىچىنى پەسكەش قىلىقلىرى بىلەن قالايمىقانلاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش بىزلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن بېشىمىزنىڭ كېتىشىدىن قورقماي، بۇ ئىشلارنى بايان قىلىپ تۇرۇۋېتىمىز» دېدى. خۇ خانىشنا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەرھۇم پادىشاھ ھايات چېغىدا ھەر قايسىڭلار نېمە ئۈچۈن زۇۋان سۈرمىگەن، ئەمدىلىكتە كەنجى پادىشاھ ۋە مېنى يېتىم ۋە تۇل خوتۇن دەپ ئالدىماقچى بولۇشۇۋاتامسىلەر! باشقا گەپنى ئاز قىلىپ، ھارىقىڭلارنى ئىچىڭلار» دېدى.

گاۋ رۇينىڭ سۆزلىرى ۋە چىرايى تېخىمۇ جىددىي تۇسكە كىردى. بەزىلەر: «خې شىكەي كۆزدىن يوقىتىلمىسا، ئوردا ئىچى ۋە سىرتى تىنچىمايدۇ» دېيىشتى. گاۋ رۇي قاتارلىقلاردىن بەزىلىرى باش كىيىملىرىنى يەرگە ئاتسا، بەزىلىرى ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنىڭ پەش - بوغقۇچلىرىنى قېقىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئاۋازلىرىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ، ھاياجان ئىچىدە بەس - بەس بىلەن ۋارقىرىشىپ، قىلمىغان قىلىقلىرى قالمىدى. ئەتىسى، گاۋ رۇي قاتارلىقلار بىرلىكتە يۇنلۇڭ قوۋۇقىغا بېرىپ، ۋېن ياۋ ئارقىلىق ئوردىغا مەكتۇپ يوللىدى. لېكىن خۇ خانىشنا قولاق سالمىدى. دۇەن شاۋ خۇ چاڭسەننى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى خۇ خانىشنىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتقانىدى. خۇ خانىشنا: «مەرھۇم پادىشاھنىڭ دەپنە ئىشلىرى تېخى تۈگىمىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ ھەم جىددىي بىر ئىش. جاۋجۇن بېگى قاتارلىقلار ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقسۇن» دېدى. جاۋجۇن بېگى گاۋ رۇي قاتارلىقلار باش ئۇرۇپ رەھمەت ئېيتىشىپ، ئارتۇقچە گەپ قىلىشمىدى. خۇ خانىشنا بىلەن كەنجى



پادىشاھ (گاۋ ۋېي) خې شىكەينى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى. خې شىكەي: «مەرھۇم پادىشاھنىڭ بارلىق ۋەزىرلەر ئىچىدە مېنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى ئىلگىرىكى پادىشاھ گاۋ ياڭغا ھازا تۇتۇپ يۈرگەن چېغىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ھەسەتخورلۇق قىلىپ كەلدى. مۇبادا مېنى كۆزدىن يوقىتىۋەتسە بۇ دەل پادىشاھنىڭ قول - قانىتىنى قىرقىپ تاشلىغان بىلەن باراۋەر. شۇڭا گاۋ رۇي قاتارلىقلارغا: ‹خې شىكەينى يەرلىك ئورۇنلارغا ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتىشكە توغرا كەلسە، مەرھۇم پادىشاھنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەۋەتىشكە بولىدۇ، دېيىشىڭلار كېرەك. شۇندىلا گاۋ رۇي قاتارلىقلار مېنى راستىنلا كۆزدىن يوقىلىدىغان بولدى، دەپ قاراپ، خۇشال بولۇشۇپ كۆڭۈللىرى ئارام تاپىدۇ» دېدى. كەنجى پادىشاھ بىلەن خۇ خانىشنا خې شىكەينىڭ دېگىنى توغرا دەپ قاراپ، شۇ بويىچە گاۋ رۇي قاتارلىقلارغا خې شىكەينىڭ يەنجۇ ئايماقبېگىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى يەتكۈزدى. مەرھۇم پادىشاھنىڭ دەپنە ئىشلىرى تۈگىشى بىلەنلا، گاۋ رۇي قاتارلىقلار خې شىكەينى يەنجۇ ئايمىقىغا بېرىپ، ۋەزىپە ئۆتەشكە ئالدىراتقىلى تۇردى. خې شىكەي چىرايلىق قىزلارنى ۋە مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن پەردە بىلەن ھەرخىل گۆھەر، قىممەت باھالىق ئويۇنچۇقلارنى كۆپلەپ ئېلىپ لۇ دىڭيۇەننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى: «ئاشۇ ئېسىلزادىلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، لىنخۇەي بېگىنىڭ (لۇ دىڭيۇەن ئەينى چاغدا لىنخۇەي بېگى بولغان) ئالاھىدە شەپقىتىگە ئېرىشىپ، بۇ جېنىم ئامان قالغاچقا، يەرلىكتە ئەمەلدار بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بۈگۈن جانابلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم. ئاز بولسىمۇ بۇ ئىككى قىز بىلەن مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن بۇ پەردىنى قوبۇل قىلغايلا» دېدى. لۇ دىڭيۇەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، خې شىكەيدىن:

«قايتىپ كەلگىلىرى بارمۇ ـ يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. خې شىكەي: «ئوردا ئىچىدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرغاچقا، دائىم خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتىم. بۈگۈن سىرتقا چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇ ھال مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى. بۇندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپ كېلىش نىيىتىم يوق، پەقەت لىنخۇەي بېگىنىڭ ھىمايە قىلىشىغىلا موھتاجمەن، چوڭ ئايماقنىڭ بەگلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈنىچە ئۆتىمەكچىمەن. ھازىر يىراق سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، شۇڭا كەنجى پادىشاھ ۋە خۇ خانىشنا بىلەن خوشلىشىۋىلىشقا ئىجازەت بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. لۇ دىڭيۈەن ماقۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن خې شىكەي خۇ خانىشنا ۋە كەنجى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇلارغا: «مەرھۇم پادىشاھىمىز تۇيۇقسىزلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. كەمىنىلىرى ئۆلۈۋېلىشقا ئامالسىز قالغانلىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئوردىدىكى ئاشۇ ئېسىلزادىلەرنىڭ پەيلىگە سەپسالغۇدەك بولسام، ئالىيلىرىنى ئىلگىرىكى پادىشاھ چيەنمىڭنىڭكىگە ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار قىلماقچى ئوخشايدۇ. مەن ئوردىدىن كەتكەندىن كېيىن، جەزمەن چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئەمدى باقىي ئالەمگە كەتكەن مەرھۇم پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ بېرىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن» دېدى ـ دە، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. كەنجى پادىشاھ ۋە خۇ خانىشنىمۇ تەڭ كۆز يېشى قىلىشتى ھەمدە بۇنىڭغا قانداق چارە قوللىنىش كېرەكلىكىنى سورىدى. خې شىكەي: «كەمىنىلىرى ئوردا ئىچىگە كىرىپ بولدۇم، ئەمدىلىكتە نېمىدىن ئەنسىرەيتتىم. پەقەت پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىككى قۇر خېتى يېزىلغان بىر پارچە پەرمانى بولسىلا، يېتىپ ئاشىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ لۇ دىڭيۈەننى چىڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. جاۋجۈن بېگى گاۋ



رۇيگە ۋەزىرلىك سالاھىيىتىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىق جىنايىتىنى ئارتىپ، ئوردىغا چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈۋەتتى. خې شىكەيىنى يەنە قايتىدىن شىغاۋۇل، ئوڭ قول ياندىش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. لۇ دىڭيۈەن ئۆز ۋاقتىدا خې شىكەي سوۋغا قىلغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى پارە ئورنىدا ئۇستىلەپ قوشۇپ بەردى. ۋۇپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 570 ـ يىلى) خې شىكەيگە خۇەيياڭ بېگى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، دىۋانبېگى، باش مىرزىبەگ قىلىپ تەيىنلەندى ھەمدە بۇرۇنقى ۋەزىپىلىرى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

چى پادىشاھى شىزۇ (ۋۇچېڭدى گاۋ جەن) تەختتە ئولتۇرغان چېغىدا، دائىم خې شىكەيىنى چاقىرتىپ، خۇ خانىشنا بىلەن ئىككىسىنى ئۇزۇن نەيزە ئويناشقا سالاتتى. خې شىكەي خۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسىغا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي، خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەلەيدىغان بولغاچقا، بارا ـ بارا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا قالايمىقان مۇناسىۋەت يۈز بەردى. چى پادىشاھى شىزۇ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. لاڭيا بېگى گاۋ يەن خې شىكەيىنىڭ بۇ قىلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، سەردار شېدى فۇليەن، شىغاۋۇل فېڭ زىسۇڭ، تەپتىشبېگى ۋاڭ زىيى، ئوردا مۇھاپىزەتچى سانغۇنى گاۋ شېلو قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە خې شىكەيىنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزدى. شېدى فۇليەن پايتەخت قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كەلدى. شېنۋۇ، چيەنچيۇ قوۋۇقلىرىنىڭ سىرتىغا ئېلانلارنى چاپلاپ، خې شىكەيىنى ئوردىغا كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا ئۆزئارا كېلىشىۋالدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەتىگەندە، خې شىكەي ئادەتتىكى رەسمىيەت بويىچە پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ تەزىم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىدا، شېدى فۇليەن ئالدى تەرەپتىن چىقىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۈگۈن

ئىنتايىن ياخشى بىر ئىش بولماقچى» دېدى. ۋاڭ زىيى شۇ ھامان خې شىكەيگە بىر پارچە خەتنى بەردى ھەمدە: «خۇەيياڭ بېگى جانابلىرى، پەرمانغا بىنائەن تەپتىشبېگى مەھكىمىسىگە بارسىلا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خې شىكەينى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە يالاپ مېڭىشقا مەخسۇس لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىتابلارغا مەسئۇل ياساۋۇل تەپتىش سارىيىغا ئاپىرىپ سولىدى. گاۋ يەن تۇتۇقبېگى فېڭ يۇڭلۇنى ئەۋەتىپ، ياساۋۇل تەپتىش سارىيىنىڭ ئۆزىدىلا خې شىكەينى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. شۇ يىلى خې شىكەي 48 ياشقا كىرگەنىدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جان سانى تىزىملاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، گاۋ يەن قاتارلىقلارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. كەنجى پادىشاھ (گاۋ ۋېي) خې شىكەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىرقانچە كۈنگىچە مەمۇرىي ئىشلار بىلەن كارى بولماي، ئۇنى ياد ئەتتى ھەمدە خې شىكەينىڭ ئوغلى خې داۋشېڭنى مەھرەم بېگى قىلىپ ئىشلىتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئاندىن يەنە خې شىكەينىڭ ئىنىسى خې شىشيۇنى ئوردىغا چاقىرىپ كېلىپ، دۆلەتنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا، شۇنداقلا خې شىكەيگە شاھانە ئاپپالتا تەقدىم قىلىپ، 10 ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمىر، سول قول ۋەزىر، خان ۋەزىر قاتارلىق مەرتىۋىلىرىنى بۇرۇنقى پېتىچە ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

خې شىكەي ئەزەلدىن تارتىپلا چاكىنا، پەسكەش كىشى ئىدى. ئەسلا كىتاب ئوقۇمايتتى. سۆز سورۇنلىرىدا پەقەت تەخسىكەشلىك - يالاقچىلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. خېچىڭ يىللىرى (مىلادىيە 562 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە) ۋە تيەنتۇڭ يىللىرى (مىلادىيە 565 - يىلىدىن 569 - يىلىغىچە) دىن كېيىن، ھوقۇقى ۋە تەسىرى زورىيىپ، ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدىغان دۆلەتمەن چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان



بولدى. ئوردىدىكى ئاز - نومۇسنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلغانىدى. ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭ ئاسراندى ئوغلى بولۇۋېلىپ، كوچىلاردىكى بىكار تەلەپلەر بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇپ يۈرۈشتى. ئەينى مەزگىلدە، بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى خې شىكەي بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. دەل شۇ چاغدا، خې شىكەي كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا: «بەگ جانابلىرى ئېغىر كېزىك كېسىلىگە مۇپتىلا بوپتىلا، بۇنىڭغا دورا كار قىلمايدۇ. گەندە شورپىسى ئىچسىلە ساقىيالايدىلا» دېدى. خې شىكەي بۇ نەرسىنى ئىچىشكە كۆڭلى كۆتۈرمەي قىينالدى. ھېلىقى كىشى: «بۇنى بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى ئاسان، بەگ جانابلىرى بۇنىڭغا شەك كەلتۈرمىسىلىمۇ بولىدۇ. بولمىسا، بەگ جانابلىرى ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەن بىر ئىچىپ باقاي» دېدى - دە، قولىغا ئېلىپلا ئىچىۋەتتى. خې شىكەي ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىمۇ زورلاپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. نەتىجىدە دەرھال تەر چىقىپ كېسىلى ساقىيىپ كەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ھوقۇقى ۋە تەسىرگە تايىنىپ ئوردىغا بېسىم ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. گەرچە ناتوغرا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىق ياكى ھاماقەت ئادەملىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، يۇقىرىغا تەۋسىيە قىلىپ، خىزمەت ئورنىنى ئۆستۈرەتتى. ئەمما توغرا يول تۇتۇپ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلارنى ۋە ئۆزىنىڭ خاھىشىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى بولسا، كۆزدىن يوقاتمىغىچە تىنمايتتى. خې شىكەي ئۆلۈم جازاسىغا ياكى باشقا جازاغا ئۇچرىغانلارنى كۆرگەن ھامان، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالاتتى. ئاندىن كېيىن جازادىن قۇتۇلۇپ قالغانلارغا قارىتا سىلىق - سىپايە سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلاردىن كۆپلىگەن بايلىق ئۈندۈرۈۋالاتتى. بۇنى جانغا ئارا تۇرغۇچى نەرسە دەپ ئاتايتتى. گەرچە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەر

جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى توغرا يول بىلەن قۇتۇلۇپ قالغانلار ئەمەس ئىدى.
(ئەسلىي كىتاب 686 ـ بەتتىن 689 ـ بەتكىچە)

---

① چىڭدۇ (清都) — قەدىمكى زاماندا تەڭرىزادە ئەرش سارىيىدا تۇرىدۇ، دەپ قارالغان بولۇپ، ئۇ تۇرغان جاي «چىڭدۇ» دەپ ئاتالغان. كېيىن پادىشاھ تەڭرىزادە بىلەن باراۋەر دەپ قارالغانلىقتىن پادىشاھ تۇرغان جايمۇ «چىڭدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شىمالىي چى سۇلالىسى دەۋرىدە، پايتەخت يېشىيەن «چىڭدۇ» دەپ ئاتالدى.
(«سىيۇەن» 1817 ـ، 2581 ـ بەتلەر)

② ياۋ (尧)، شۈن (舜) — تاڭ ياۋ (唐尧) بىلەن يۈ شۈن (虞舜) نى كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككىسى يىراق قەدىمكى زاماندىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئاقساقىلى ئىدى. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئەڭ دانىشمەن ئاقساقاللار ئىدى. شۇڭا تارىختىن بۇيان، ئادىل خان ـ پادىشاھلارغا ئۈلگە قىلىنىپ كەلگەنىدى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. بەش ئاقساقال خاتىرىسى»؛ «سىيۇەن» 617 ـ بەت)

③ جيې (桀)، جۇ (纣) — شياجيې (夏桀) بىلەن شاڭ جۇ (商纣) نى كۆرسىتىدۇ. شياجيې شيا سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولۇپ، قەدىمكى زاماندا زالىملارنىڭ تىپى ئىدى؛ شاڭ جۇ شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولۇپ، ئۇچىغا چىققان زالىم ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىسمى جۇڭگو تارىخىدا زالىم خان ـ پادىشاھلارغا سىمۋول قىلىنىپ كەلگەن.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. شيا سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە»؛ «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن (شاڭ) سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە» دىن)

④ يى يىن (伊尹) — شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شاڭتاڭنىڭ



ۋەزىرى بولۇپ، شاڭتاڭغا ياردەم بېرىپ شياجيې ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىپ شيا سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن. شاڭتاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، نەۋرىسى تەيجيا شاڭتاڭنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، يى يىن تەيجيانى تۇڭگۇڭغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ ئەكىلىپ تەختكە چىقارغان.
(«خەننامە. ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى مۇندەرىجىسى» دىن)

⑤ خوشۇ (霍叔) — جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى، ئىسمى چۇ، خو دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەچكە، خوشۇ (خو دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىنغان كىچىك ئاتا دېگەن مەنىدە ـ ت) دەپ ئاتالغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ گۇەنشۇ، سەيشۇلار بىلەن بىرلىكتە شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ ۋاڭنىڭ ئوغلى ۋۇ گېڭنى نەزەربەند قىلغان. گۇەنشۇ ـ سەيشۇ توپىلىڭى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمىلى ئېلىپ تاشلانغان. كېيىن يەنە خو بېگى بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.
(«سىيۇەن» 3339 ـ بەت؛
«تارىخىي خاتىرىلەر. گۇەنشۇ ـ سەيشۇ نەسەبنامىسى» دىن)

⑥ لۇ دىڭيۈەن (娄定远) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شىنۇۋدى گاۋخۇەننىڭ خانىشى لۇ جاۋجۈننىڭ ئىنىسى، تەييۈەن بېگى لۇ جاۋنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. پادىشاھ ۋۇچېڭدى گاۋجەن تەختىنى كەنجى پادىشاھ گاۋ ۋېيغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، ئۇنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن جاۋجۈن بېگى گاۋرۇي بىلەن بىرلىكتە كەنجى پادىشاھنى يۆلىدى، ئەمىرى مىمار بولدى. كېيىن خې شىكەينىڭ پارىسىنى قوبۇل قىلىپ، جاۋجۈن بېگى گاۋرۇينىڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولدى. گاۋ سىخاۋ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، باشقىلار ئۇنى توپىلاڭچىلار بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.
(«شىمالىي چىنامە» 15 ـ جىلد)

## «جۇنامە» 4 ـ جىلد

# جۇ پادىشاھى مىڭدى① ھەققىدە خاتىرە

مىڭدى يۇۋېن يۈنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 558 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 56 ـ بەت)

ۋۇچېڭ 1 ـ يىلى ② (مىلادىيە 559 ـ يىلى) كەبىسە 5 ـ ئايدا، قوچۇ خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 57 ـ بەت)

---

①جۇ پادىشاھى مىڭدى ( 周明帝 ) — فامىلىسى يۇۋېن، ئىسمى يۇ بولۇپ، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنى بىكار قىلىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى بەرپا قىلغۇچى. جۇ پادىشاھى شاۋمىندى يۇۋېن جۆ مىلادىيە 557 ـ يىلى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن تەختكە چىقتى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 548 ـ يىلى) نىڭدۇ ۋىلايىتىنىڭ كىنەزى بولغان. 16 ـ يىلى (مىلادىيە 550ـ يىلى) يىجۇ ئايماق بېگى بولغان. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇڭدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 556 ـ يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن ۋە گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغا باسقاق بەگ بولغان. مىلادىيە 557 ـ يىلى تەختكە چىققان



بولۇپ، تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە بىر قەدەر ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەن. 27 ياشتا كېسەل بىلەن ئۆلگەن.
(«جۇنامە. پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرىلەر Ⅳ» دىن)

②ۋۇچېڭ ( 武成 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدىنىڭ يىلنامى. مىلادىيە 559 ـ يىلىدىن 560 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ.
(«جۇنامە. پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرىلەر Ⅳ» دىن)

## «جۇنامە» 5 ـ جىلد

# جۇ پادىشاھى ۋۇدى ① ھەققىدە خاتىرە ئالدىنقى بابى

باۋدىڭ ② 1 ـ يىلى (مىلادىيە 561 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغا تەقدىم قىلدى. تۇيغۇنلار بىلەن قوچۇ خانلىقىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارتۇق قىلىشتى. 2 ـ ئايدا، تۈركلەر بىلەن داڭچاڭلار ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارتۇق قىلىشتى.
(ئەسلىي كىتاب 64 ـ بەت)

باۋدىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 561 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا تۈرك، كۇسەن خانلىقلىرى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارتۇق قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب 65 ـ بەت)

باۋدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا پادىشاھ دۆلەت ئەركانى ياڭ جۇڭنى 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، تۈرك خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى.

باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغا تەقدىم



قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب 69 ـ بەت)

باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا سوغدىلار ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغا تەقدىم قىلدى. كىنگىت خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ داڭلىق ئاتلىرىنى سوۋغا قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا دۆلەت ئەركانى ياڭ جۇڭ پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قوشۇنىنى باشلاپ تۈركلەرنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، بېيخې ③دەرياسىغىچە بارغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.
(ئەسلىي كىتاب 70 ـ بەت)

باۋدىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن چېن ئەركان بېگى يۈۋېن چۈن، دۆلەت ئەركانى، شۇي ئەركان بېگى، ياڭ جيەن قاتارلىقلار تۈرك قاغانىنىڭ مەلىكىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۈرك خانلىقىغا باردى.
(ئەسلىي كىتاب 71 ـ بەت)

تيەنخې ④ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، تۈرك، تۇيغۇن ⑤ ۋە ئارساك خانلىقلىرى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغا تەقدىم قىلدى.

تيەنخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 568 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، ئاشىنا خانىش تۈرك خانلىقىدىن شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىغا كەلدى.
(ئەسلىي كىتاب 74 — 75 ـ بەتلەر)

تيەنخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 569 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، تۈرك خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات سوۋغا قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 77 - بەت)

جيەندې ⑥1 - يىلى (مىلادىيە 572 - يىلى) 2 - ئايدا، پادىشاھ ئۇلۇغ سانغۇن، چاڭچېڭ كېنەزى يۈۋېن شېننى تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

(ئەسلىي كىتاب 79 - بەت)

جيەندې 3 - يىلى (مىلادىيە 574 - يىلى) 1 - ئايدا، تۈرك خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات سوۋغا قىلدى.

11 - ئايدا، ئۇدۇن بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ، داڭلىق ئاتلارنى سوۋغا قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 83 -، 86 - بەتلەر).

---

①جۇ پادىشاھى ۋۇدى ( 周武帝 ) — فامىلىسى يۈۋېن، ئىسمى يۇڭ بولۇپ، ۋۇچېڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 560 - يىلى) 4 - ئايدا ئاكىسى پادىشاھ جۇ مىڭدى ئۆلگەندە تەختكە چىقىپ، تەختتە 19 يىل ئولتۇرغان. ئۇ پادىشاھ بولغان مەزگىلدە شىمالىي چى سۇلالىسىنى قوشۇۋېلىپ شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى.

(«جۇنامە. پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرىلەر V» دىن)

② باۋ دىڭ ( 保定 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ يىلنامى. مىلادىيە 561 - يىلىدىن 566 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى»)

③بېيخې ( 北河 ) — دەريا نامى. خۇاڭخې دەرياسى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن دەريا قولتۇقىغا ئېقىپ چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شىمالىي تەرەپتىكى دەريا بېيخې دەرياسى دەپ



ئاتالغاندى.

(«سىيۇەن» 390 - بەت)

④تيەنخې ( 天河 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يۈۋېن يۇڭنىڭ يىلنامى. مىلادىيە 566 — 571 - يىلى.

(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى»)

⑤ تۇيغۇن ( 吐谷浑 ) — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدا سيانپىيلار خانلىقىنىڭ نامى، سيانپىيلار ئەسلىي لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تۇراتتى، ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدا غەربكە كۆچۈپ چوغاي تاغلىرىغا يېقىن كېلىپ ماكانلاشتى. جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەنىمۇ غەربكە كۆچۈپ، لوڭسەن تاغلىرىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ماكانلاشتى. يېيەن خان بولغان مەزگىلدىن تارتىپ تۇيغۇن دەپ ئاتالغان بولۇپ، فۇچىڭ قەلئەسىدە ماكانلاشتى. تۇيغۇن خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرىدا، لى جىڭ، خۇ جۈنجى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاجىزلىشىپ، پادىشاھ تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 3 - يىلى (مىلادىيە 664 - يىلى) تىبەتلەر تەرىپىدىن قوشۇۋېتىلگەنىدى.

(«سىيۇەن» 475 - بەت)

⑥جيەندې ( 建德 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يۈۋېن يۇڭنىڭ يەنە بىر يىلنامى، مىلادىيە 572 - يىلىدىن 578 - يىلىغىچە داۋاملاشقان.

(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى»)

## «جۇنامە» 6 ـ جىلد

# جۇ پادىشاھى ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە كېيىنكى بابى

شۇەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، تۈرك خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغا تەقدىم قىلدى.

4 ـ ئايدا، تۈركلەر يۇجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنى بۇلىدى ۋە ئۆلتۈردى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە كېڭەش قىلىشنى ئويۇشتۇردى.

(ئەسلىي كىتاب 106 ـ بەت)



## «جۇنامە» 7 ـ جىلد

# جۇ پادىشاھى شۈەندى① ھەققىدە خاتىرە

داشياڭ (يەنى داچىڭ) 1 ـ يىلى (مىلادىيە 579 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، جاۋ ۋاڭى يۈۋېن جاۋنىڭ قىزى چيەنجىن مەلىكە نامى بىلەن تۈرك خانلىقىغا ياتلىق قىلىندى.

داشياڭ سەلتەنىتىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 580 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغا تەقدىم قىلدى، شۇنداقلا چيەنجىن مەلىكىنى كۈتۈۋېلىشقا كەلدى.

(ئەسلىي كىتاب 118 ـ، 122 ـ بەتلەر)

---

①جۇ شۈەندى (周宣帝) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 4 ـ پادىشاھى. فامىلىسى يۈۋېن، ئىسمى يۈن، جۇ ۋۇدى يۈۋېن يۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، شۈەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) تەختكە چىققان. تەختتە ئىككى يىللا ئولتۇرۇپ، داشياڭ سەلتەنىتىنى داچىڭ دەپ ئۆزگەرتىپ، 2 ـ يىلى (مىلادىيە 579 ـ يىلى) 22 ياشتا ئۆلدى. («جۇنامە. پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرىلەر Ⅶ» دىن)

## «جۇنامە» 8 ـ جىلد

# جۇ پادىشاھى جىڭدى① ھەققىدە خاتىرە

داشياڭ سەلتەنىتىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 580 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، تۈرك خانلىقى شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ پەنياڭ ۋاڭى گاۋ شاۋيىنى شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىغا ئاپىرىپ بەردى.
(ئەسلىي كىتاب 132 ـ بەت)

---

① جۇ جىڭدى（周静帝）— فامىلىسى يۈۋېن ئىسمى يەن، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 5 ـ پادىشاھى، مىلادىيە 579 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇ شۈەندىنىڭ تەختىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشى بىلەن تەختكە چىققان بولۇپ، يىلنامىنى ئاۋۋال داشياڭ، كېيىن دادىڭ قىلىپ بېكىتكەنىدى. دادىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 581 ـ يىلى) سۈي ۋاڭى ياڭ جيەن شۇنىڭ قولىدىن پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ پادىشاھ بولۇۋالدى. يۈۋېن يەننى جىي ئەركانبېگى قىلىپ تەيىنلىدى.
(«جۇنامە. پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرىلەر Ⅷ» دىن)



## «جۇنامە» 9 ـ جىلد

# خانىشلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

شىمالىي جۇ پادىشاھى ۋۇدى (يۈۋېن يۇڭ) نىڭ خانىشى ئەسلىدە ئاشىنا فامىلىلىك تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى مۇقان ئاشىنا ئېركىنىنىڭ ① قىزى ئىدى. تۈركلەر جۇرجانلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، جۇ پادىشاھلىقىنىڭ قوۋۇقى سىرتىدىكى يەرلەرنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋېلىپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، كەلگۈسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئىگىلەش نىيىتىگە كەلدى. پادىشاھ جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) دەل شۇ چاغلاردا شىمالىي چى پادىشاھلىقى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەر بىلەن ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئېركىن (مۇقان قاغان) دەسلەپتە قىزىنى پادىشاھ ۋۇدىغا ياتلىق قىلىشنى ئويلىغانىدى. كېيىن يەنە بۇ نىيىتىدىن پۇشايمان يەپ قالدى. جۇ گاۋزۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئاشىنا خانىشنى شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. باۋدىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، يارلىققا بىنائەن چىن ئەركان بېگى يۈۋېن جۈن، شۈي ئەركان بېگى يۈۋېن گۈي، كارامەتلىك ئەلەمدار كىنەز دۈيى، نەنئەن كىنەزى ياڭ جيەن قاتارلىقلار خانىشقا كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن سەييارە ھۇجرا ۋە ئالتە ئوردا ئىگىلىرىدىن تۆۋەن تۇرغۇچىلاردىن 120

نەپەر ئادەمنى ئېلىپ، خانىشنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مۇقان قاغاننىڭ ئوردىسىغا باردى. ئەمما مۇقان قاغان مەلىكىسىنى شىمالىي چى پادىشاھلىقىغا ياتلىق قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرۈپ، باشقىچە ئويدا بولدى. يۈۋېن چۈن قاتارلىقلار خانىشنى ئېلىپ قايتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماي، تۈرك خانلىقىدا خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە تۇرۇپ قالدى. گەرچە سەمىمىيلىك بىلەن ئەھۋالنى ئېيتىپ، نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېركىن (مۇقان قاغان) يەنىلا ئۇنىمىدى. دەل شۇ چاغدا، تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چېدىر ۋە بارگاھلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. بوران 10 نەچچە كۈنگىچە توختىمىدى. ئېركىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، تەڭرى مېنى ئەيىبلەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشىنا خانىشنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاشقا كىرىشتى، يۈۋېن چۈن قاتارلىقلار يولدا ئىشلىتىدىغان چېدىر (سەييارە ھۇجرا) لارنى تەييارلاپ، مۇراسىم بايراقلىرىنى سەپكە تىزىپ، خانىشنى ئېلىپ ماڭدى. تيەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 568 - يىلى) 3 - ئايدا ئاشىنا خانىش شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىغا يېتىپ كەلدى. گاۋزۇ پادىشاھ جۇۋۇدى (يۈۋېن يۇڭ) شەخسەن ئۆزى ئالدىغا چىقىپ، قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاشىنا خانىش ئېسىل پەزىلەتلىك، كېلىشكەن ھەم گۈزەل ئايال ئىدى. گاۋزۇ ئۇنى ئالاھىدە ئىززەتلەيتتى.

شۈەندى (يۈۋېن يۈن) پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئاشىنا خانىشنى ھۆرمەتلەپ خان ئانىسى مەرتىۋىسىنى بەردى. داشياڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 579 - يىلى) 2 - ئايدا، ساماۋى خانئانا دەپ ئۆزگەرتتى. 2 - يىلى (مىلادىيە 580 - يىلى) 2 - ئايدا، يەنە ساماۋى شاھ خانئانا دەپ نام بەردى. بۇ توغرىسىدىكى



پۈتۈكتە: «ساماۋى پادىشاھ (يۈۋېن يۈن) نىڭ ۋەزىرى بولمىش مەنكى يۈۋېن يۈن قولۇمدا پادىشاھلىق مۆھۈرنى تۇتقان ھالدا يارلىق يازدۇرىمەن. چەكسىز ھۆرمەتلىك ساماۋى خانئانىمىزغا ساماۋى شاھ خانئانا دېگەن ھۆرمەت نامى بېرىلسۇن. بىپايان زېمىندىكى بارلىق جانلىقلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى پۈتكۈل ئىلاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئاتا قىلسۇن، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت ھەر تەرەپكە تارقالسۇن. ئەدەپ - يوسۇن، قانۇن - تۈزۈملەر دۆلەت ئىچىدە يولغا قويۇلسۇن. ساماۋى شاھ خانئانىمىزنىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە تەلىم - تەربىيىسى چەكسىز بولۇپ، ئەخلاق - پەزىلىتى ھەممەيلەندىن ئېشىپ چۈشىدۇ. پەقەت بۇ ئەرزىمەس پۈتۈكتە يېزىلغان سۆزلەر بىلەنلا ساماۋى شاھ خانئانىمىزنىڭ يۈكسەك ئىززەت - ئابرۇيىنى ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ پەقەت ئادەتتىكى قائىدە - يوسۇنلاردىن پايدىلىنىپ، ھۆرمەتلىك نام بەرگەنلىك خالاس. مەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ساماۋى شاھ خانئانىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنى، بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىشىنى، بۇ خىل بەخت - سائادەتتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولۇشىنى، تۇمەنلىگەن پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يېزىلغانىدى. پادىشاھ جۇ شۈەندى (يۈۋېن يۈن) ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جۇ جىڭدى (يۈۋېن يەن) ئاشىنا خانىشنى ھۆرمەتلەپ خان مومىسى دەپ ئاتىدى. سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 582 - يىلى) ئۆلدى. شۇ يىلى ئۇ 32 ياشتا ئىدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى (ياڭ جيەن) مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كېرەكلىك بولغان سوۋغا - سالام ۋە بېرىلىدىغان ئۇنۋان مەكتۇپلىرىنى ھازىرلاش ھەققىدە پەرمان بېرىپ، شياۋلىڭ

قەبرىستانلىقىغا (جۇ گاۋزۇ يۇۋېن يۈگېننىڭ قەبرىستانلىقى) دەپنە قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 143 — 144 ـ بەتلەر)

---

① مۇقان قاغان ئېركىن ( 木杆可汗俟斤 ) — تۈرك ئاشىنا ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇمەن قاغاننىڭ ئوغلى، ئاكىسى ئىل ئىشىگ قاغان بالىق ئۆلگەندە تەختكە چىققان. ئېركىن مۇقان قاغان بولغان دەۋردە تۈركلەر ئەڭ كۈچلۈك مەزگىل بولۇپ، شەرقتە قىتانلار ياشاۋاتقان دېڭىز قىرغىقىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 6000 ـ 5000 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان زېمىن، تامامەن شۇنىڭ قارىمىقىدا بولغانىدى.
(«جۇنامە. تەرجىمىهاللار XXXXII» دىن)



# «جۇنامە» 11 ـ جىلد

## جىن ـ داڭ ئەركانبېگى يۇۋېن خۇ①نىڭ تەرجىمىهالى

شۇ يىلى (باۋ دىڭ 4 ـ يىلى، مىلادىيە 564 ـ يىلى) تۈرك قوشۇنلىرى ئەسلىدىكى كېلىشىم بويىچە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى. يۇۋېن خۇ ئۆز ئانىسىنى شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ تېخى يېقىندىلا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، چى پادىشاھلىقىغا قارشى دەرھال قوشۇن تارتىپ چىقىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇنداق قىلغاندا تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىپ، چېگرا ئەتراپلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا نائىلاج پادىشاھدىن شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. 9 ـ ئايدا، پادىشاھ جۇۋۇدى (يۇۋېن يۇڭ) پەرمان چۈشۈرۈپ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا پادىشاھ شۈەنيۈەن (خۇاڭدى) دەك كارامەت ئىگىسىمۇ پەقەت ئۈچ قېتىملا جەڭ قىلغانمەن دېگەنىكەن. جۇ ۋۇۋاڭ (جى فا) دەك ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىسىمۇ پەقەت بىر قېتىملا جەڭ قىلغانمەن دېگەنىكەن. ئۇرۇشتا قورال ـ ياراغ ئارقىلىق ئۆز ھەيۋىسىنى نامايان قىلالىغان بىلەن، پادىشاھلاردىن قايسىسى ئۇرۇشنى توختىتىپ تەڭرى ئاتا قىلغان دانا ھۆكۈمرانلىقنى قوبۇل قىلىپ، شىمالىي جۇ خاندانلىقىمىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، قۇياش ھەم ئاي نۇرى

چۈشكەن جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغانىدى. گاۋ جەمەتى (شىمالى چى پادىشاھ جەمەتى) بىز قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىڭجۇ، جىجۇ ئايماقلىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇلارنىڭ بۇ خىل قەبىھ قىلمىشلىرىغا ياردەم قىلدى. نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ بۇ خىل جىنايەتلىك قىلمىشلىرى ھەممىگە ئايان بولدى. ئۇلۇغ تەڭرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، تۈركلەرنىڭ قولى ئارقىلىق، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى فېنجۇ②، جىنجۇ③ ئايماقلىرىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ، ئازراقمۇ قالدۇرمىدى. جى مىڭنىڭ تەسىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، بوگۈي كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇ ئەھۋال مەيلى ھاماقەت كىشىلەر ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن بولسۇن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشتۇر. شۇڭا تۈركلەر قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرگەندىن كېيىن، يەنىلا شۇنىڭ چېگرىسىغا ئورۇنلىشىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىماقتا. پۈتكۈل تۈرك خانلىقىنىڭ ئادەملىرى شۇ جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى خۇددى چاقماقتەك تېز، ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچقۇر بولۇپ، تەخمىنەن 11 - ئايدا بىڭجۇ ئايمىقى يېشىيەن شەھىرى ئەتراپلىرىدا ئۆز ئارا ئۇچرىششى مۇمكىن» دېدى.

تيەنخې 7 - يىلى (مىلادىيە 572 - يىلى) 3 - ئايدا، يۇۋېن خۇنىڭ ئوغلى، چاڭچېڭ كىنەزى يۇۋېن شېن تۈرك خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ باردى. يۇۋېن يۇڭ مەھكىمىدار ئەمىر يۇۋېن دېنى پادىشاھلىق مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ بىلەن تۈرك خانلىقىغا ئەۋەتىپ، يۇۋېن شېننى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى.

(ئەسلىي كىتاب 174 -، 177 - بەتلەر)



---

①يۇۋېن خۇ ( 宇文护 ) — جۇ تەيزۇ يۇۋېن تەي يۇۋېن خاۋنىڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ، تەخەللۇسى ساباۋ. يۇۋېن تەينىڭ ھاۋالىسى بىلەن شۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قاراپ كەلگەنىدى. يۇۋېن خۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ۋېي سۇلالىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ جۇ سۇلالىسىنى بەرپا قىلغان، ئۇ جۇ شياۋ مىندى يۇۋېن جۆنى تەختكە يۆلەپ چىقارغانىدى، كېيىن پادىشاھ شياۋ مىندى ئۇنىڭدىن گۇمان قىلغاچقا، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ ھەم زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، جۇ شىزۇڭ يۇۋېن يۈي ( 宇文毓 ) نى، يەنى پادىشاھ مىڭدىنى تەختكە چىقارغانىدى. يۇۋېن يۈ كېسەل بىلەن ئۆلگەندە، ئۇ يەنە پادىشاھ جۇ ۋۇدى يۇۋېن يۇڭنى تەختكە يۆلەپ چىقارغانىدى. ئۇ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن جىن ئەركانبېگى، باش ۋەزىر بولغان. تيەنخې 7 - يىلى (مىلادىيە 572 - يىلى) ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى پەش قىلىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلغاچقا، پادىشاھ جۇ ۋۇدى يۇۋېن يۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە يېقىنلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. جيەندې 3 - يىلى (مىلادىيە 574 - يىلى) پادىشاھ جۇ ۋۇدى پەرمان چۈشۈرۈپ، يۇۋېن خۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ نامى ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەم ئۇنىڭغا داڭ ئەركانبېگى دېگەن ئۆلۈم ئۇنۋانى بەردى.

( «جۇنامە. تەرجىمىھاللار Ⅲ » دىن)

② فېنجۇ ( 芬州 ) — ئايماق نامى ۋە ۋىلايەت نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان، شىمالىي چى سۇلالىسى ئۇنى نەنشو ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتكەن. تاڭ سۇلالىسىدا يەنە فېنجۇ ئايمىقى دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى فېنياڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا.

( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 396 - بەت)

③جىنجۇ ( 晋州 ) — ئايماق نامى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جيەنيى سەلتەنىتىدە تەسىس قىلىنغان، ئەسلىي دۇڭيۇڭ ئايمىقى، تاڭجۇ ئايمىقى دەپ ئاتالغانىدى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى لىنفېن ناھىيىسىدە.

( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 705 - بەت)

# «جۇنامە» 15 ـ جىلد

## يۈجىننىڭ تەرجىمھالى

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شىياۋ مىڭدى يۈەن شۇينىڭ جېڭگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 523 ـ يىلى)، ۋاكالەت ئوردا ۋازارىتى گۇاڭشياڭ ۋاڭى يۈەن شېن قوشۇن تارتىپ شىمالغا يۈرۈش قىلدى. يۈ جىننى دائىملىق ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئالاھىدە ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەرقانداق پىلان تۈزۈشتە دائىم يۈجىن بىلەن مەسلىھەتلەشتى. يۈەن شېن يەنە ئوغلى يۈەن فۇشىنى يۈ جىننى ئۇستاز تۇتۇشقا بۇيرۇدى. دېمەك، بۇنىڭدىن يۈەن شېننىڭ يۈ جىننى نەقەدەر ھۆرمەتلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يۈجىن گۇاڭشياڭ ۋاڭى يۈەن شېن بىلەن بىرلىكتە قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى قوغۇرسۇ پېگۇلۇ قاتارلىقلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ دەل ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مالىمانچىلىق مەزگىل ئىدى. ھەرقايسى جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. يۈجىن ئۆزىنى ئىنتايىن تەمكىن تۇتقان ھالدا: «جېڭگۇاڭ سەلتەنەت يىللىرى (مىلادىيە 520 ـ يىلىدىن 525 ـ يىلىغىچە) دىن بۇيان، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق كۆپىيىپ، ھەرقايسى جايلارنى قەھەتچىلىك قاپلاپ، دېھقانچىلىق ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە ئالىيلىرى ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە جازا يۈرۈشى قىلىپ، يىراقتىكى قورغان ھەم چېگرا ئۆتكەللىرىگە كەلدىلە. ھالبۇكى،



قوزغىلاڭچىلار خۇددى چۇمۇلىدەك توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئادىمى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۆپ، شۇڭا پەقەت قورال كۈچىگە تايىنىپلا قوزغىلاڭنى تىنچىتىشنى ئەڭ ياخشى چارە دېگىلى بولمايدۇ. كەمىنىلىرى ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ يۇقىرى ئابرۇيى ۋە دانا تەدبىرىگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ نەسىھەت قىلىپ كۆرسەم دەيمەن، بۇنداق قىلغاندا ئەسكەر ئىشلەتمەيلا قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى. گۇاڭشياڭ ۋاڭى يۈەن شېن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا دەپ قارىدى. يۈجىن يەنە باشقا رايونلاردىكى قوۋملارنىڭ تىلىنىمۇ بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى يالغۇز ئاتلىنىپ، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا بېرىپ، ئوردىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان غەمخورلۇقى ۋە ئىشەنچىنى يەتكۈزدى. نەتىجىدە غەربىي تېلىلارنىڭ باشلىقى ۋەنيې لېيخې قاتارلىقلار 30 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن جەنۇبقا كۆچتى. گۇاڭشياڭ ۋاڭى يۈەن شېن يۈجىن بىلەن بىرلىكتە جېفۇلىڭ تېغىغا بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. يۈجىن ئۇنىڭغا: «پولوخان بالىنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاز ئەمەس. مۇبادا نيې لېيخې قاتارلىقلارنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتۈپ ئەل بولغانلىقىنى ئاڭلىسا، جەزمەن كېلىپ توسايدۇ. ئەگەر پولوخان بالىنى مۇھىم جايلارنى ئالدى بىلەن ئىگىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلماق تەسكە توختايدۇ. ئەمدى نيې لېيخې قاتارلىقلارنى يەمچۈك ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قىزىقتۇرساق، ئاندىن كېيىن پىستىرما ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالىشىمىزدا گەپ يوق» دېدى. گۇاڭشياڭ ۋاڭى يۈەن شېن يۈ جىننىڭ بۇ چارىسىنى توغرا دەپ قارىدى. دېگەندەكلا، پولوخان بالىن توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ كېلىپ، جېفۇلىڭ تېغىدا نيې لېيخېنى مەغلۇپ قىلدى.

تېلى ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ قولىغا چۈشتى. يۈجىن باشلامچىلىقىدىكى پىستىرما قوشۇن دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قاراقچىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، نىي لىيېخېنىڭ ئادەملىرىنى تەلتۆكۈس ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزىۋالدى. ۋېي پادىشاھى (شياۋمىڭدى يۈەن شۇ) ئۇنى مۇكاپاتلاپ، ئوقياچىلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى.

(ئەسلى كىتاب 244 ـ بەت)



## «جۇنامە» 19 ـ جىلد

# داشى ۋۇ①، يۈۋېن گوي②، ياڭ جۇڭ③لارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

باۋدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) داشى ۋۇ مۇشاۋىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى، زور قوشۇن شەرقتىكى چى پادىشاھلىقىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. سۈي كىنەزى ياڭ جۇڭ تۈرك قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىمالىي يول بىلەن، داشى ۋۇ 30 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ شەرقىي يول بىلەن يۈرۈش قىلىپ، جىنياڭدا ئۇچراشماقچى بولۇشتى. داشى ۋۇ پىڭياڭغا كەلگەندە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئالغا ئىلگىرىلىمىدى. ئەمما ياڭ جۇڭ ئاللىبۇرۇن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتكەن بولۇپ، داشى ۋۇ بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 305 ـ بەت).

باۋدىڭ يىللىرى (مىلادىيە 561 ـ يىلدىن 565 ـ يىلغىچە) نىڭ ئاخىرلىرىدا، يۈۋېن گوي تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئاشىنا خانىشنى ئېلىپ كەلدى.

تيەنخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) قايتىپ جاڭيې شەھىرىگە كەلگەندە ئۆلۈپ قالدى.

(ئەسلى كىتاب 314 ـ بەت)

باۋدىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 562 ـ يىلى) ياڭ جۇڭ باش ئەمىرى مىمارلىققا ئۆستۈرۈلدى. ئەينى مەزگىلدە ئوردا ئىچىدە تۈرك خانلىقى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى: «شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى جاھاننىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، دۆلىتى باي، لەشكەرلىرى قۇدرەتلىك. ئەگەر قۇملۇقنىڭ شىمالى ئارقىلىق بىڭجۇ ئايمىقىغا كىرمەكچى بولساق، بۇ يول ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم مېڭىشمۇ تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى قوغۇرسۇ نۇرغا تاقابىل تۇرۇشمۇ ئانچە ئوڭاي ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ ئۈۋۈسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بولمىسا بولمايدۇ» دېيىشتى. پەقەت ياڭ جۇڭلا: «قوشۇننىڭ جەڭدە غەلىبە قازىنىشى ئۇنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەھكەملىكىدىن بولىدۇ. مېنىڭچە 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بولسا يېتىپ ئاشىدۇ. قوغۇرسۇنۇردەك بۇ كاساپەتنىڭ قانچىلىك كارامىتى بولاتتى؟» دېدى. باۋدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) پادىشاھ ياڭ جۇڭنى باش قوماندان قىلىپ، ئۇلۇغ سانغۇن ياڭ زۈەن، لى مۇ، ۋاڭ جيې، ئېرجۇمىن ھەمدە مەھكىمىدار يۈەن شۇ، تيەن خۇڭ، مورۇڭ يەن قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى ئۇنىڭ قارىمىقىغا بۇيرۇدى. پادىشاھ يەنە داشى ۋۇغا 30 مىڭ كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي يول بويلاپ يۈرۈش قىلىش، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جىنياڭدا ئۇچرىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ياڭ جۇڭ ئېرجۇمىننى شىبىننىساقلاش ھەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىشقا قالدۇردى. ياڭ جۇڭ ۋۇچۈەندىن ئاتلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىن



ئۆتكەندە، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ، سەركەردە ۋە ئەسكەرلەرگە زىياپەت بەردى. 20 نەچچە بازار ـ شەھەرچىنى ئىشغال قىلدى. شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى شىگلىڭ④ تېغىنىڭ مۇھىم ۋە ئۆتۈش تەس بولغان جايلىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ياڭ جۇڭ تۇيۇقسىز زەربە بەرگۈچى قىسمىنى باشلاپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئاندىن يەنە ياڭ زۈەننى لىگچيۇ⑤غا ئورۇنلىشىپ ئارقا تەرەپنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇردى. تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى دىتۇ قاغان، بۆرە قاغان قاتارلىقلارنى باشلاپ، 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جىنياڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئەينى مەزگىلدە ئۇدا نەچچە ئون كۈنگىچە قېلىن قار يېغىپ، قاتتىق جۇدۇن بولۇپ كەتتى، شىمالىي چى پادىشاھلىقى بارلىق سەرخىل قوشۇنلىرى بىلەن يارامىلىق سانغۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قىقاس ـ سۈرەن سالغان ھالدا بارگاھلىرىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۈركلەر بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپ، قوشۇنلىرىنى شىسەن (غەربىي تاغ) تېغىغا باشلاپ چېكىنىۋېلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا ئۇنىمىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشتى. ياڭ جۇڭ كۆپچىلىككە بۇيرۇق بېرىپ: «ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولۇشى تەگرىگە باغلىق ئىش، ئادەمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئويلاپ تۇرمايلى» دېدى، شۇنداقلا 700 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ جەڭگە كىردى. نەتىجىدە ئەسكەرلىرىنىڭ ئوندىن تۆت ـ بەش قىسمى قىرىلىپ كەتتى. داشى ۋۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ كەينىدىن قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ

بىلەن تۈركلەر قوشۇندىكىلەرنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭچىلىق قىلىشقا قويۇۋەتتى. جىنياڭدىن تارتىپ پېكچېڭغىچە 700 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىقتا بىرمۇ ئادەم، بىرمۇ چارۋا قالمىدى. كۆپلىگەن ئادەملەرنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتقۇن قىلىپ كەتتى. پادىشاھ جۇ گاۋزۇ (يۈۋېن يۈڭ) شىياجۇ ئايمىقىغا ياڭ جۇڭنى كۈتۈۋېلىش ھەم ھال سوراش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ياڭ جۇڭ پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جۇ گاۋزۇ چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنى ئالاھىدە تارتۇقلىدى. جۇ گاۋزۇ ياڭ جۇڭنى خەلىپەت بېگى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولغانىدى، ئەمما جىن ئەركان بېگى يۈۋېن خۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تازا ئېگىلىپ كەتمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئىشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ياڭ جۇڭنى جىڭجۇ، لىڭجۇ، يۈجۇ، يۈنجۇ، يەنجۇ، شيەنجۇدىن ئىبارەت ئالتە ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى سانغۇن ۋە جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

شۇ يىلى، زور قوشۇن يەنە شەرققە يۈرۈش قىلدى. جىن ئەركان بېگى يۈۋېن خۇ لوياڭدىن قوشۇن تارتىپ چىقتى ھەمدە ياڭ جۇڭغا ۋوپى⑥دىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، تۈرك قوشۇنلىرىنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئەينى مەزگىلدە ھەربىي ئوزۇق - تۈلۈك ناھايىتى ئاز قالغانىدى. قوشۇندىكى سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي باشلىرى قاتتى. ياڭ جۇڭ: «بۇ ئىشنى ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش كېرەك» دېدى ھەمدە جىخۇلار (غوزلار) نىڭ ھەرقايسى ئاقساقاللىرىنى ئالداپ چاقىرىپ كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ۋاڭ جىبىنى كۆرۈنۈشتە كارامەت كۈچلۈك قوشۇننى باشلاپ، جەڭ



دۇمباقلىرىنى چالغان ھالدا يېتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ياڭ جۇڭ قەستەن ھەيران قالغان قىياپەتتە ئۇنىڭدىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. ۋاڭ جى: «باش ۋەزىر (يۈۋېن خۇنى كۆرسىتىدۇ) لوياڭنى تىنچىتىپ بولۇپتۇ، تەڭرىقۇت (پادىشاھ يۈۋېن يۈڭنى كۆرسىتىدۇ) يىڭجۇ، شىياجۇ ئايماقلىرى ئوتتۇرىسىدا غوزلارنىڭ پاراكەندە سېلىپ تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، كەمىنىلىرىنى سىلىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى» دېدى. ئاندىن يەنە تۈرك خانلىقىدىن كەلگەن ئەلچى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى بويىچە ئات چاپتۇرغان ھالدا كېلىپ: «تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىڭجۇ ئايمىقىغا كېلىپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن مېنى سىلىدىن ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مۇبادا غوزلار بويسۇنمايدىغان بولسا، قوشۇن تارتىپ كېلىپ، سىلى بىلەن بىللە ئۇلارنى تار - مار كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دېگەن گەپلەرنى يەتكۈزدى. نەتىجىدە ئولتۇرغان غوز ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كېتىشتى. ياڭ جۇڭ بولسا ئۇلارغا بىرتەرەپتىن تەسەللى بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن نەسىھەت قىلىپ قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى غوز قەبىلىلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىپ ئەل بولۇشقا باشلىدى. ئالغاچ كەلگەن نەرسىلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا يۈۋېن خۇ ئالدى بىلەن قوشۇننى چېكىندۇردى. ياڭ جۇڭمۇ ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يەنە ماختاشقا ئەرزىيدىغان نەتىجىلەرنى قازانغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇنىڭغا 300 مىڭ يارماق پۇل، 500 توپ رەخت، 2000 خو ئاشلىق ئىنئام قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

(ئەسلى كىتاب 318 - بەتتىن 319 - بەتكىچە)

① داشى ۋۇ ( 达奚武 ) — فامىلىسى داشى، ئىسمى ۋۇ، تەخەللۇسى چېڭشىڭ. سىيانپىيلاردىن توغبات جەمەتى قۇرغان دەي بەگلىكىدىن بولۇپ، ئاتا - بوۋىسى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا باسقاق سانغۇن بولغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا يۈۋېن تەينىڭ قولىدا ئىشلەپ، ھەربىي تۆھپىسى بىلەن ئىچكى پەخرىي دافۇ، تۇتۇق، شۈچاڭ ناھىيە گرافى بولغانىدى. داتوڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 535 — 551 - يىللىرى) شەرقىي چىنجۇ ئايماق بېگى، چەۋەنداز مەھرەم بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، گاۋياڭ ۋىلايىتى كىنەزى بولغان. كېيىن ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تۇتۇق بولۇپ، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان. باۋدىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 565 - يىلى) 67 ياشتا ئۆلدى. ئۆلۈم ئۇنۋانىغا خەلپەت بېگى، 15 ئايماق ھەربىي ئىشلار تۇتۇقى ھەم تۇڭجۇ ئايماق بېگى قاتارلىق ناملار بېرىلگەن.

(«جۇنامە» 19 - جىلدتىن)

② يۈۋېن گۈي ( 宇文贵 ) — فامىلىسى يۈۋېن، ئىسمى گۈي، تەخەللۇسى يۇڭگۈي، كىچىكىدىن كىتاب ئوقۇشنى ياراتماي ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىپ، جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا (مىلادىيە 525 - يىلى) باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىدىن بەھەيۋەت چەۋەنداز قورۇقچى بولۇپ تەيىنلەندى. كېيىن ئېرجۇرۇڭنىڭ قولىدا ئىشلەپ، ھەربىي تۆھپىسى بىلەن ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، يىڭجۇ ئايماق بېگى ۋە گېرۇڭ ناھىيە ماركىزى بولغانىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدى يۈۋېن يۈنىڭ ۋۇچىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 559 - يىلى) تۇيغۇنلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ ئەركان بېگى بولغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئەمىر مىمار، ئەمىر زېمىن بولۇپ، مۇشاۋىرلىققا ئۆستۈرۈلگەن. تۈرك خانلىقىدىن خانىش ئاشىنانى ئېلىپ قايتىش يولىدا جاڭيې شەھىرىگە كەلگەندە ئۆلدى. ئۆلۈم ئۇنۋانىغا خەلپەت بېگى، مۇ ئەركان بېگىناملىرى بېرىلگەن.

(«جۇنامە» 19 - جىلدتىن)



③ ياڭ جۇڭ ( 杨忠 ) — خۇايىن ناھىيىسىدىن، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۇنىڭ داتوڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 537 - يىلى) يۈۋېن تەينىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەن بولۇپ، ھەربىي تۆھپىسى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، سۈي كېڭەش بېگى، ئۇلۇغ تۇتۇق، يۈنجۇ ئايماق بېگى، ھارۋا - ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى، پەخرىي چەۋەنداز قورۇغچى بولۇپ ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغانىدى. مەرتىۋىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شياڭچېڭ ناھىيە كىنەزى، چېنلىيۇ ۋىلايىتى كىنەزى، سۈي ئەركانبېگى بولغان. تيەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 568 - يىلى) 62 ياشتا كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۆلۈم ئۇنۋانىغا مۇشاۋىر، تۇڭجۇ ئايماق بېگى، تۇڭجۇ، شۈجۇ قاتارلىق 13 ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلار تۇتۇقى ناملىرى بېرىلگەن.

(«جۇنامە» 19 - جىلدتىن)

④ شىڭلىڭ تېغى ( 岭零 ) — تاغ نامى، بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى دەيشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يەنمېن تېغى بولىدۇ، يەنە جۆجۇ تېغى، شىشىڭ تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(«سىيۈەن» 3270 — 3271 - بەتلەر)

⑤ لىڭچيۇ ( 灵丘 ) — ناھىيە نامى، سەنشى ئۆلكىسى تەۋەسىدە.

(«سىيۈەن» 3346 - بەت)

⑥ ۋويې ( 沃野 ) — ناھىيە نامى، خەن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى يىخېجۇ ئايمىقىدىكى خانگىن خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدا.

(«سىيۈەن» 1741 - بەت)

# «جۇنامە» 20 ـ جىلد

## خېلەن شياڭنىڭ تەرجىمىھالى

ۋۇچېڭ يىللىرى (مىلادىيە 559 — 560 ـ يىللار) نىڭ باشلىرىدا تۈيغۇنلار لياڭجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرگەنلىكتىن خېلەن شياڭ بىلەن يۈۋېن گۈيگە قوشۇن تارتىپ چىقىپ، تۈيغۇنلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى. خېلەن شياڭنىڭ ھەربىي مۇشاۋىرى ئارقىلىق تۈيغۇنلارغا ئەۋەتكەن ئەيىبنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەندى: «مۇھەننەس بىلەن مۇزەككەردىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ بىر ـ بىرىدىن ئېنىق ئايرىلدى. ئاسمان ـ زېمىن بىلەن ئادەمنىڭ ئورنى مۇقىملاشتى. دۆلەت پادىشاھىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا پۇقرالاردۇر. شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ھەققانىيەتتىن يۈز ئۆرۈپ پۇقرالار ئۈستىدىن بېشەملىك قىلىش دېگەن قانداق گەپ؟ ئۆتمۈشتە ۋېي پادىشاھلىقى ئەركان ـ ئەھكامىنى توغرا ئىجرا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن دۆلەت پارچىلىنىپ بۇزۇق ئادەملەر زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشقا باشلىغان. دۆلەت تەقدىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىدىن پۇقرالارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ھەممىسىلا ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئەھۋالغا دۇچار بولغان. خاندانلىقىمىزنىڭ مەرھۇم مۇقەددەس پادىشاھى پۇقرالارنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن، دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ بىر تۇتاش ئىدارە قىلدى. شەرقتە ھەم جەنۇبتا قىلىنغان جازا يۈرۈشلىرىنىڭ



ھەممىسىدە بويسۇنمىغۇچىلار بولمىدى. تەڭرىمۇ جۇ خاندانلىقىدىن ئۆز شەپقىتىنى ئايىماي، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە جۇ خاندانلىقىنىڭ دانا ھەم مۇقەددەس ئورنىنى ساقلاپ، ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى كېڭەيتتى. كەڭ زېمىن ھەم پۇقرالار ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملىنىپ، خۇددى خۇاشەن تېغىدەك مەزمۇت ھەم مۇقەددەس بولدى. ئۇ يەنە تاغ ـ دەريالار بىلەن ئورالغان، مۇداپىئەلىنىشكە قۇلايلىق بولغان خەتەرلىك جايلارنى ئىگىلىدى. سەركەردىلىرى قوشۇنغا ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلسا، ھەرقايسى ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشتى. شۇڭا جاھان ئەھلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر تەرەپتە ئويغىنىش ھاسىل قىلىشنى بىلدى.

دۆلىتىڭلار بولسا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد غەرب تەرەپكە جايلىشىپ، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ۋاسسالى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ، پادىشاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا باشلىغان چاغدا، ئارىسالدى بولۇپ، پۇرسەتنى كۈتۈپ، چېگرادا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىسىلەر. مەرھۇم پادىشاھىمىز ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا دۇچ كېلىپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتى، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋە قۇدىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، دۆلىتىڭلار بىزگە قارىتا يامان نىيەتتە بولۇپ، ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىگە كۆپ قېتىم خىلاپلىق قىلدى. سىرتتا دۈشمەن كۈچلەرنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ، نەتىجىدە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن كەلگۈسى ئاپەتلەرنى پەيدا قىلدى. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئىلگىرىكى يىللاردا تۈركلەردىن قوشۇن ئېلىپ كېلىشكە سەۋەبچى بولدۇڭلار. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە

خۇددى يىلان ـ چايانلاردەك زەھەرخەندىلىك بىلەن تەۋەلىكىمىزدىكى گۈزەل② شەھەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ناھىيىلەرنى بېسىۋېلىپ، زىرائەتلىرىمىزنى ئورۇپ بۇلاپ كېتىپ، پۇقرالىرىمىزنى بۇلاپ ـ تالاپ قىرغىن قىلدىڭلار. بۈگۈنكى پادىشاھىمىز بولسا ئەلەم ئىچىدە ئۇرۇشنى توختىتىپ، قەلەم ئىشىدا يىراقتىكىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ئەمىن تاپتۇرۇپ، جاھاننى ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ھەر تەرەپكە كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ھالبۇكى، سىلەر جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، زور بالايىئاپەت پەيدا قىلدىڭلار. شۇڭا پادىشاھىمىز ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئوردىنىڭ يەرلىكتىكى قارام بەگلىكلەرگە قارىتا ئېلىپ بارىدىغان جازالاش تەدبىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە ۋىلايەتنىڭ ئېسىلزادە جەمەتلىرىدىن كېلىپ چىققان ئەلەمدار ۋەزىر ـ جەسۇر سەركەردىلەر، شۇنداقلا ئۈچ چىن③ دىيارىنىڭ ئۈچىسىغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىشىپ قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ سەرخىل قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ھالدا لۇڭشا④ دىيارىغا توپلاندى. چوڭ ئەركان، بولىڭ⑤ كىنەزى خېلەن شياڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە، يۈكسەك ئابرويغا ئىگە، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىلگەن كىشى. ئۇ ئوردىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قوشۇن تارتىپ يولغا چىقتى. خەلپەت بېگى، يەن ئەركانبېگى يۈجىن بولسا، ئۆز زامانىسىنىڭ باتۇرى. ئۇ ۋەزىيەتكە قاراپ تەدبىر قوللىنىشقا، شۇنداقلا تۇغ كۆتۈرۈپ قوماندانلىق قىلىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ئۇرۇش پىلانىنى تۈزگۈچى ئاساسلىق كىشى ھېسابلىنىدۇ. چوڭ ئەركان، خۇاجېڭ كىنەزى يۈۋېن گۈيىنىڭ داڭقى ۋە ئابرۇيى ئاللىبۇرۇنلا



جاھانغا تونۇلغان بولۇپ، مەيلى تىغمۇ تىغ ئېلىشىشتا بولسۇن ياكى پىستىرما ئارقىلىق يوشۇرۇن زەربە بېرىشتە بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق. ئۇ لۇڭخې شەھىرىنى بىۋاسىتە ئىشغال قىلىپ، نەنخې⑥ دەرياسىدىن ئۆتتى. تۈركلەر بولسا بىز بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئورتاق پىكىرگە ئىگە قوشنا دۆلەتتۇر. مۇبادا ئۇلار قول ئاستىدىكى چېدىر تۇرمۇشىغا كۆنگەن كۆچمەن پۇقرا ھەم جەڭگە ياراملىق ئادەملىرىنى باشلاپ چىقىدىغان بولسا، پەقەت ئېگەرلىرىدىنلا تاغ ھاسىل بولىدۇ. خۇددى بۇلۇتتەك تېز بىر يەرگە يىغىلىپ، تېز تارقاپ كېتەلەيدۇ.

ئىلگىرىكى يىللاردا قوشۇنلىرىمىز غەربكە يۈرۈش قىلىپ، چېڭدۇ⑦نى ئىشغال قىلدى. جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، جياڭلىڭ⑧نى تىنچىتتى. زېمىننى نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم كېڭەيتىپ، كۆپلىگەن شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. يىراق چېگرا ئەتراپىدىكىلەر بۇنىڭدىن تەشۋىشكە چۈمۈپ، چەت ياقىلاردا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتى. دېمەك غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ناھايىتى ئېنىق بىر ئىش بولۇپ قالدى. ئەگەر بالايىئاپەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتسەڭلار، خان ۋە ۋەزىرلەر بىرلىكتە گۇناھىڭلارنى تونۇپ تۇۋا قىلىپ قەسەم ئىچسەڭلار، ئۇ ھالدا مەرتىۋە ھەم تەمىناتقا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىنى ساقلىغۇچى ۋاسسال خانلىق ئورنۇڭلارنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىسىلەر. ئەگەر ئارىسالدى بولۇپ دەرھال بىر قارارغا كەلمەي، چوڭ ئىشقا زىيان يەتكۈزسەڭلار، ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ، كۆزىتىپ بېقىشقا ئۇرۇنساڭلار، ئۇ ھالدا مىللەت ۋە دۆلەتنى گۇمران بولۇش يولىغا باشلىغان بولىسىلەر، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. مۇۋاپىق تەدبىر ـ

پىلانىنى ئۇبدان ئويلاپ، قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى دەرھال بېكىتىڭلار.» شۇنىڭ بىلەن، تۈيغۇنلارنىڭ گۇاڭدىڭ ۋاڭى ۋە جۇڭلى ۋاڭى قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە تۈيغۇنلارنىڭ قولىدىكى تاۋياڭ، خۇڭخېدىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى تارتىۋېلىپ، بۇ جايدا تاۋجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. غەربىي زېمىن تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، قوشۇنلار زەپەر قۇچۇپ قايتىشتى.

(ئەسلىي كىتاب 337 ـ بەتتىن 338 ـ بەتكىچە)

---

① خېلەن شياڭ ( 贺兰祥 ) — فامىلىسى خېلەن، ئىسمى شياڭ، تەخەللۇسى شېڭلى. جۇ تەيزۇ يۈۋېن تەينىڭ چوڭ ئاچىسى جيەنئەن مەلىكىسىنىڭ ئوغلى، 11 ياشتا يېتىم قېلىپ تاغىسى يۈۋېن تەينىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان. 17 ياشتىن تارتىپ ئوردا ھەربىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن بەھەيۋەت سانغۇن بولۇپ، مەرتىۋىسى فۇيى ناھىيە گرافى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي كىنەز بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۈنىڭ داتۇڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 537 ـ يىلى) ئوڭ قانات قورۇقچى سانغۇن بولغان، قوشۇمچە دەستەكدار، ياتلارغا يۇرۇش قىلغۇچى سانغۇن بولغان، كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، ئۇلۇغ تۇتۇق، ھارۋا ـ ئاتلىقلار چوڭ سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان چەۋەنداز مەھرەم بولغان، داتۇڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 543 ـ يىلى) باش چاپاۋۇل سانغۇن، شىغاۋۇل، داتۇڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 548 ـ يىلى) جىڭجۇ ئايماق بېگى، 12 ئايماق ھەربىي ئىشلىرىغا چوڭ تۇتۇق بولۇپ، مەرتىۋىسى بولىڭ ۋىلايىتى كىنەزى بولغان. ئۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يۈۋېن يۇڭنىڭ باۋدىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 562 ـ يىلى) 48 ياشتا ئۆلگەن. ئۆلۈم ئۇنۋانىغا تۇڭجۇ، چىجۇ قاتارلىق 12 ئايماق ھەربىي ئىشلىرىغا دەستەكدار تۇتۇق، تۇڭجۇ ئايماق بېگى نامى بېرىلگەن.



(«جۇنامە» 20 ـ جىلدتىن)

② گۇزاڭ ( 姑藏 ) — ناھىيە نامى، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىسى بولىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» دىن)

③ ئۈچ چىن ( 三秦 ) — يەر نامى، ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى ئەتراپىدا، ئەسلىي شياڭ يۈ چىن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، چىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شيەنياڭ جايلاشقان گۇەنجۇڭ دىيارىنى ئۈچكە بۆلۈپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يوڭ ۋاڭى جاڭ خەن، سەي ۋاڭى سىماشىن ۋە زەي ۋاڭى دۇڭ يىيگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. شۇڭا گۇەنجۇڭدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىم بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈچ چىن دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

(«سىيۈەن» 33 ـ بەت)

④ لۇڭشا ( 龙沙 ) — قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق ۋە قۇملۇق رايونلار كۆرسىتىلەتتى. كونكرېت ئېيتقاندا پامىر، قارلىق تاغلار ۋە ئاق ئەجدىھا چۆللۈكىنى كۆرسىتەتتى.

(«سىيۈەن» 3606 ـ بەت)

⑤ بولىڭ ( 博陵 ) — يەر نامى، خەن سۇلالىسىدە پادىشاھ خەن خۇەندى لىۋۇ ناھىيىسىدا ئۆز دادىسىغا بولىڭ قەبرىستانى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن لىۋۇ ناھىيىسى دېگەن نام بولىڭ دەپ ئۆزگەردى. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى لىشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«سىيۈەن» 4029 ـ بەت)

⑥ نەنخې ( 南河 ) — دەريا نامى، خۇاڭخې دەرياسى چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، جەنۇبىي تەرەپتىكى دەريا نەنخې دەرياسى دەپ ئاتالغانىدى. 5 ـ جىلدنىڭ 3 ـ

ئىزاھاتىغا قاراڭ.

⑦ چېڭدۇ ( 成都 ) — ناھىيە نامى، يىغىلىق دەۋرلىرىدە چىن بەگلىكىنىڭ بېگى خۇەيۋاڭ تەسىس قىلغان، ھەر دەۋلەردە داۋاملىشۋەرگەن. ئورنى بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرىدە. («سىيۈەن» 1186 ـ بەت)

⑧ جياڭلىڭ ( 江陵 ) — ناھىيە نامى، خەن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدا مۇشۇ يەردە ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسى جياڭلىڭ شەھىرىدە. («جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 328 ـ بەت)



# «جۇنامە» 27 ـ جىلد

## يۈۋېن سې① نىڭ تەرجىمىھالى

داتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 542 ـ يىلى) يۈۋېن سېگە ئالتۇن جۇلالىق كېڭەش بېگى دېگەن مەنسەپ قوشۇپ بېرىلىپ، سۇيجۇ ئايمىقى②نىڭ ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇشقا قويۇلدى. ھەر يىلى خۇاڭخې دەرياسى مۇز قاتقاندىن كېيىن، تۈركلەر بېسىپ كېلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق يۈرگۈزەتتى. ئىلگىرى ئاھالىلار ئالدىنئالا قەلئە ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى. يۈۋېن سې كەلگەندىن كېيىن، ئاھالىلارغا بۇرۇنقىدەكلا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. ئۇ يول ئۈستىدىكى مۇھىم دەپ قارالغان نەچچە يۈز ئورۇنغا يىقىلغۇ ئوتۇنلاردىن تەييارلاتقۇزدى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ يىراقتىن چارلاپ تۈركلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، تۈركلەر لىيەنگۇ دېگەن جاي ئارقىلىق بېسىپ كىرىپ، چېگرىدىن 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلاپ كىرگەن چاغدا، يۈۋېن سې ئوتۇن تەييارلاپ قويغان جايلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئوت يېقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. تۈركلەر زور قوشۇن يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دېيىشىپ قورقىنىدىن دەرھال كەينىگە قېچىشتى. يول ئۈستىدە بىر ـ بىرىنى دەسسىشىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز چارۋا ـ مال ۋە قورال ـ جابدۇقلىرىنى تاشلاپ كېتىشتى. يۈۋېن سې قول ئاستىدىكى قوشۇنلىرىنى بىمالال باشلاپ كېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى

يىغنۇۋېلىپ، پۇقرالارغا ئۆلەشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر بۇ تەرەپكە كېلىشكە ئىككىنچىلەپ جۈرئەت قىلالمىدى. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن يۈۋېن سې ئوردىدىن چېگرىنى ساقلاشقا مەخسۇس قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 454 ـ بەت)

---

① يۈۋېن سې (宇文测) — فامىلىسى يۈۋېن، ئىسمى سې، تەخەللۇسى چېڭجېڭ. پادىشاھ جۇ تەيزۇ بىلەن بىر جەمەتنىڭ پەرزەنتى. شىمالىي ۋېي پادىشاھى شۈەنۋۇدىنىڭ قىزى ياڭپىڭ مەلىكىنى ئېلىپ كوراگان كاھىبەگ بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. شىمالىي چى پادىشاھى شىنۋۇدى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە بولغاندا، ئۇ جۇ تەيزۇغا ئالدىن تەييار تۇرۇشنى سەمىگە سالغانىدى. شۇڭا گۇاڭچۈەن ناھىيە گرافى، كېيىن كىنەز بولغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىغاۋۇل، دورغاپ، دەستەكدار، باش چاپاۋۇل سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن ئۇلۇغ تۇتۇق، كېڭەش بېگى، ۋەلىئەھد مۇشاۋىرى قاتارلىق مەنسەپكە ئېرىشكەن. داتۇڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 534 ـ يىلى) 58 ياشتا ئۆلدى.

(«جۇنامە» 27 ـ جىلدتىن)

② سۇيجۇ ئايمىقى (绥州) — يەر نامى، غەربىي ۋېي سۇلالىسىدا ئايماق تەسىس قىلىنغان بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدى بىكار قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسىدا ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى سۇيدې ناھىيىسى بولىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى لۇغىتى» 1043 — 1045 ـ بەتلەر)



# «جۇنامە» 28 ـ جىلد

## شى نىڭ① نىڭ تەرجىمھالى

ۋېي پادىشاھى فېيدى (بىكار قىلىنغان پادىشاھ) يۈەن چىن تەختتە ئولتۇرغان 1 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) شى نىڭ يەنە لياڭجۇ، گەنجۇ②، گۇاجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل سانغۇن، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. جۇرجانلار دەسلەپتە ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. كېيىن مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ۋېي پادىشاھلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جۇرجانلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قاغانى ئاناغاي ئۆلتۈرۈلدى. قېچىپ كېتىشكەن جۇرجان قەبىلىلىرى يەنىلا ئاناغاينىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلۇغلاپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق قىلغىلى تۇردى. شى نىڭ قوشۇن تارتىپ چىقىپ، ئۇلارغا زەربە بەردى ھەمدە ئاناغاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىككى كىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىنى ئەسىرگە ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ ئارقىلىق مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، ئەنچىڭ ۋىلايىتى كىنەزى دېگەن ئاتاقنى ئېرىشتى. 3 ـ يىلى (مىلادىيە 553 ـ يىلى) تۇيغۇنلار شىمالىي چى پادىشاھلىقى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. شى نىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەلچىنى قولغا چۈشۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلۇغ سانغۇنلىققا تەيىنلەندى. كېيىن شى نىڭ جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) نىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن يولىيورۇق كۆرسىتىشنى ئۆتۈندى. جۇ تەيزۇ شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكى چاپان، بۆك، يېپىنچا ۋە ئوقيا، نەيزە، ساۋۇت - دۇبۇلغا قاتارلىق نەرسىلەرنى شى نىڭغا ئىنئام قىلدى. ھەمدە شى نىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىگە: «ماڭا ۋاكالىتەن لياڭجۇ ئەھلىگە رەھمەت ئېيتقايسىز. مەن ئۇچامدىكى تونۇمنى كىنەزگە ھەدىيە قىلىش بىلەن بىللە، قەلبىمنىمۇ كىنەزگە بېغىشلىدىم. كىنەزنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق باشلاپ، ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىشىنى، كۆرسەتكەن تۆھپىسى بىلەن ئىززەت - ئابرۇيىغا ئەسلا داغ تەگكۈزمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ئەينى مەزگىلدە تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى لياڭجۇ ئايمىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۇيغۇنلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولدى. جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) شى نىڭغا ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چىقىپ، تۈركلەر بىلەن بىللە تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. زور قوشۇن فەنخې③ قورغانىغا كەلگەندە، تۇيغۇنلار بۇنى ئالدىن سېزىپ قېلىپ، جەنۇبىي تاغ④ قا قېچىپ كەتتى. مۇقان قاغان قوشۇنلارنى بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش، بارلىق قوشۇن چىڭخەي كۆلى قېشىدا ئۇچرىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرمەكچى بولدى. شى نىڭ مۇقان قاغانغا: «شۇدۇن بىلەن خېجېن قەلئەلىرى تۇيغۇنلارنىڭ ئاساسلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ بازىلىرىنى ئىشغال قىلساق، قالغان قەبىلىلىرى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئەڭ ياخشى چارە» دېدى. مۇقان قاغان ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇننى ئىككى يولغا بۆلدى. مۇقان قاغان شىمالىي يول ئارقىلىق خېجېن قەلئەسىگە قاراپ ئاتلاندى. شى نىڭ شۇدۇن قەلئەسىگە قاراپ



يولغا چىقتى. تۇيغۇنلارنىڭ قۇنشارجۇ خانى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەڭگە چىقتى. شى نىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، خەتەرلىك يوللاردىن ئۆتۈپ شۇدۇنغا يېتىپ كەلدى. شۇدۇن قەلئەسى تۇيغۇنلارنىڭ كونا پايتەختى بولۇپ، بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان قىممەتباھا بايلىقلار ساقلىنىۋاتاتتى. ئەمما، تۇيغۇنلارنىڭ خانى ئاللىبۇرۇنلا خېجېن قەلئەسىگە بېرىۋېلىپ جەنۇبقا يۇرۇش قىلغۇچى خان بىلەن بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى بۇ جاينى مەھكەم ساقلاشقا قالدۇرغانىدى. شى نىڭ دەسلەپىدە ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدى. كەينىدىنلا يالغاندىن كەينىگە چېكىندى. ئويلىغاندەكلا تۇيغۇنلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. ھالبۇكى، شى نىڭ دەرھال قوشۇننى كەينىگە قايتۇرۇپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. نەتىجىدە تۇيغۇنلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا، شى نىڭنىڭ قوشۇنلىرى شۇدۇن قەلئەسىگە كىرىپ بولدى. تۇيغۇنلارنىڭ جەنۇبقا يۇرۇش قىلغۇچى خانى تىرىك قولغا چۈشتى. تۇتقۇن قىلىنغان ئەر - ئاياللار بىلەن ئولجا ئېلىنغان بايلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە تەۋە بولدى. تۇيغۇنلارنىڭ قونغار لوبا خانى يەر شارائىتىنىڭ خەتەرلىكلىكىگە تايىنىپ، 50 چاقىرىمدىن ئارتۇق دائىرىگە قاشا ياساپ شى نىڭنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسىماقچى بولدى. شى نىڭ ئۇ ياسىغان قاشالارنى بىتچىت قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. نەچچە 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مالنى ئولجا ئالدى. مۇقان قاغانمۇ خېجېننى ئىشغال قىلىپ، تۇيغۇنلارنىڭ قاغانىنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئەسىرگە ئالدى ھەمدە زور مىقداردىكى قىممەتباھالىق بايلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. شى نىڭ چىڭخەيگە قايتىپ بېرىپ، مۇقان

قاغان بىلەن ئۇچراشتى. مۇقان قاغان شى نىڭنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىندى ھەمدە ئۆزى مىنىدىغان ئېسىل ئاتنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ، ئۆز بارگاھىنىڭ ئالدىدا شى نىڭنى بۇ ئاتقا مىنگۈزدى. ئۆزى بولسا پىيادە ماڭغان ھالدا شى نىڭنى ئۇزىتىپ قويدى. تۈركلەر شى نىڭ پىلانلىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ھەممىسىلا ئۇنىڭدىن بەك قورقۇشاتتى. شۇنداقلا ئۇنى: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇددى ئىلاھلاردەك ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى» دېيىشەتتى. قوشۇنلارنى لياڭجۇ ئايمىقىغا قايتۇرۇش ئالدىدا، مۇقان قاغان شى نىڭغا يەنە 100 نەپەر قۇل - دېدەك، 500 تۇياق يىلقا، 10 مىڭ تۇياق قوي ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شى نىڭ لياڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوردىغا چاقىرتىلدى. بۇ دەل جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) ئۆلگەن مەزگىل ئىدى. شى نىڭ قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن ھالدا، جۇ تەيزۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ماتەم تۇتۇشقا ئىجازەت سورىدى ھەمدە جۇ تەيزۇغا ئۆزىنىڭ جەڭلەردە غەلىبە قازانغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 467 - بەتتىن 468 - بەتكىچە)

---

①شى نىڭ ( 史宁 ) — تەخەللۇسى يۈڭچى، جيەنكاڭلىق (بۈگۈنكى نەنجىڭ شەھىرى) . شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا شى نىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىدىن باسقاق سانغۇن بولۇپ، كېيىن ئوردا نۆۋەتچى سانغۇنى، تۇتۇق بولۇپ ئۆسكەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا قوشۇمچە دەستەكدار، شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، ئالتۇن جۇلالىق كېڭەش بېگى دېگەن مەرتىۋىلەر بېرىلگەن، ئۇ جىڭجۇ ئايماق بېگىنىڭ



ھەربىي مۇشاۋىرى سۇپىتىدە بەدەۋىلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقانلىقىدىن ئەنىيىڭ ئايماق بېگى، كەينىدىن ئۇلۇغ تۇتۇق بولغان، مەرتىۋىسى ۋۇپىڭ ناھىيىسى گرافى بولغان. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۇنىڭ داتۇڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 536 - يىلى) مەرتىۋىسى ماركىز بولۇپ، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ، جىڭجۇ ئايماق ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغان، قاراقچىلارنى تارمار قىلغانلىقىدىن شەرقىي يىجۇ ئايماق بېگى، كېيىن لياڭجۇ ئايماق بېگى بولۇپ، سابىق ئايماق بېگى يۈۋېن جۇڭخېنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، ھارۋا - ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان ئۇلۇغ تۇتۇق، لياڭجۇ، غەربىي لياڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسئۇلى، چەۋەنداز مەھرەم، لياڭجۇ ئايماق بېگى بولغان. داتۇڭ 15 - يىلى (مىلادىيە 549 - يىلى) باش چاپاۋۇل سانغۇن، قوشۇمچە شىغاۋۇل بولۇپ، مەرتىۋىسى كىنەز بولغان. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شاۋمىندى تەختكە چىققاندا ئەمىرى زېمىن بولۇپ، جىڭجۇ، شياڭجۇ، شىجۇ، يىڭجۇ قاتارلىق 52 ئايماققا ۋە جىڭلىڭ شەھەر مۇداپىئەسىگە دائىر ھەربىي ئىشلار مەسئۇلى، جىڭجۇ ئايماق بېگى بولغان. باۋدىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 562 - يىلى) شۇ ئايماقتا ئۆلدى.

(«جۇنامە» 28 - جىلدتىن)

② گەنجۇ ( 甘州 ) — ئايماق نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. ئايماقنىڭ شەرقىدە گەنجۈن تېغى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ نام قويۇلغانىكەن. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھىرى بولىدۇ.

(«سىيۈەن» 2091 - بەت)

③ فەنخې ( 番禾 ) — يەر نامى، خەن سۇلالىسى جاڭيې ۋىلايىتى قارىمىقىدا فەنخې ناھىيىسى تەسىس قىلىنغانىدى، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە فەنخې ۋىلايىتىگە ئۆزگەرگەنىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدا ۋىلايەت بىكار قىلىنىپ فەنخې قورغانى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«سىيۇەن» 2122 ـ بەت)

④ جەنۇبىي تاغ ( 南山 ) — ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىرەر رايوننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تاغ بولسىلا، جەنۇبىي تاغ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردە ۋە غەربىي دىيار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي كىتابلاردا ئاساسەن چىلەنشەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

(«سىيۇەن» 4019 ـ بەت؛ «جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 582 ـ بەت)



## «جۇنامە» 29 ـ جىلد

## لىيۇشيۇڭنىڭ تەرجىمھالى

پادىشاھ جۇ ۋۇدىنىڭ شۈەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا تۈركلەر يۇجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ، ئاھالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. لىيۇشيۇڭ ئۇلارغا قارشى جەڭگە چىققاندا، تۈركلەرنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئاخىرى جەڭدە ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بوجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى، يەتتە ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل سانغۇن، بوجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى دەپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ئوغلى لىيۇ شېڭ ۋارىسلىق قىلدى. لىيۇ شيۇڭ پادىشاھلىقنىڭ ئىشىنى دەپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، داشياڭ يىللىرى (مىلادىيە 579 ـ يىلىدىن 580 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئاخىرىدا، ئوردا ئۈچ ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان ئۇلۇغ سانغۇن دېگەن پەخرىي نام بېرىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 505 ـ بەت)

## «جۇنامە» 33 ـ جىلد

# شې دىجى، ياڭ جيەن، ۋاڭ چىڭ، جاۋ ۋېنبىيلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

غەربىي ۋېي پادىشاھى گۇاڭدىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) جۇرجانلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، تۈركلەر كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇلار گەرچە غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ۋېندى بىلەن دوستانە ئالاقىدا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن شىمالى چى پادىشاھلىقى بىلەنمۇ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) شې دىجىغا تۈرك خانلىقىغا بېرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. تۈركلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ھەم ھوشىنى تېپىپ، چى پادىشاھلىقى ئەۋەتكەن ئەلچىنى دەرھال قولغا ئالدى ھەمدە ئۇنى شې دىجىغا تاپشۇرۇپ، غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى پايتەختىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە ئاساسەن شې دىجى ئۇلۇغ سانغۇنلىققا تەيىنلىنىپ، ئەنفېڭ ۋىلايىتى كىنەزى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. سۇيۇرغاللىق زېمىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش بولۇپ، جەمئىي 2000 تۈتۈنلۈك ئاھالىسى بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كىچىك ئەمىرى مىمار بولۇپ تەيىنلەندى.
(ئەسلىي كىتاب 570 ـ بەت)

غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۇنىڭ



داتۇڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 535 ـ يىلى) جۇرجانلار قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىشتى. ۋېي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەن بىلەن ياڭ كۇەننى جۇرجانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشتى. ياڭ جيەنىنىڭ مەرتىۋىسى ماركىز بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەنە جۇرجان خانلىقىغا تويلۇق ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىلدى. غەربىي ۋېي پادىشاھى ۋېندىنىڭ يۇجۇلۇي خانىشى قازا تاپقاندىن كېيىن، ۋېي پادىشاھى ۋېندى يانداش ۋەزىر جاۋ شەننى جۇرجانلار بىلەن يەنە قۇدىلىشىش ئىشىنى سۆزلىشىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جاۋشەن شىياجۇ ئايمىقىغا كەلگەندە، جۇرجانلارنىڭ غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا نىسبەتەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن يېقىنلىششقا باشلىغانلىقىنى ۋە ئۆز يېرىگە كەلگەن غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئەلچىلىرىنى تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. جاۋشەن قورقۇپ قايتىپ كەلدى. نەتىجىدە ۋېي پادىشاھى ۋېندى يەنىلا ياڭ جيەننى جۇرجانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، 10 جىڭ ئالتۇن، 300 توپ ھەرخىل يىپەك گەزلىمە ھەدىيە قىلدى. ياڭ جيەن جۇرجانلار ئېلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگەنلىكى ۋە گېپىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قۇدىلىشىپ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. جۇرجانلار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ھەم ھوشىنى تېپىپ، ئۆز ئەلچىسىنى ياڭ جيەن بىلەن بىرلىكتە غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا بېرىپ، مەلۇمات بېرىشكە ئەۋەتتى.

جۇ پادىشاھى شياۋ مىندى (يۈۋېن جۆ) پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ياڭ جيەننى شىغاۋۇل تۆرىلىككە تەيىنلەپ، مەرتىۋىسىنى ياۋگۇ ناھىيىسى سۇيۇرغال قىلىنغان كىنەز قىلىپ

ئۆستۈردى. ئاندىن ئۇنى يەنىلا تۈرك خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تۈرك قاغانىنىڭ ئىنىسى دىتۇ قاغان ئاشىنا قۇتلۇق شەرق تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي چى پادىشاھلىقى بىلەن دوستانە ئالاقىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاكىسىنى ئىلگىرىكى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىشقا كۆندۈردى. ئۇلار بۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ياڭ جيەن قاتارلىقلارنى شىمالىي چى پادىشاھلىقىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى. ياڭ جيەن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەردانىلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇرۇنلىرىدىن پوتلا، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقاتتى، تۈرك قاغانى بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئوڭايسىزلىقتا چۆمۈپ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئاندىن زۇۋانغا كېلىپ: «بىزدىن ئەسلا گۇمان قىلمىغايسىلەر. بىز ئالدى بىلەن ئورتاق ھالدا شەرقتىكى دۈشمەننى يوقىتايلى، ئاندىن كېيىن قىزىمنى پادىشاھىڭلارغا ئەۋەتىپ بېرەي» دېدى ھەمدە ياڭ جيەننى ھازىرچە قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا، شۇنداقلا شەرقتىكى چى پادىشاھلىقى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا پادىشاھىدىن ئىجازەت ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، پادىشاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلۇغ سانغۇنلىققا ئۆستۈرۈلدى. باۋدىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 564 - يىلى) يەنە تۈرك خانلىقىغا تويلۇق ئېلىپ باردى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇۋەققەت كىچىك ئەمىرى لەشكەرلىككە، ئاندىن يەنە مۇۋەققەت باش ئەمىرى زېمىنلىككە تەيىنلەندى. چېن ئەركان بېگى يۈۋېن چۈن قاتارلىقلار بىلەن بىللە تۈرك خانلىقىغا بېرىپ، قاغانىنىڭ قىزىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلۈپ، نەنئەن ۋىلايىتى كىنەزى بولدى. تيەنخې 3 - يىلى



(مىلادىيە 568 - يىلى) باشبۇغلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، لياڭجۇ ئايماق بېگى بولدى. كېيىن كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلدى.

(ئەسلىي كىتاب 571 - بەت)

دەسلەپتە تۈركلەر شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، قاغان ئۆز قىزىنىڭ شىمالىي جۇ پادىشاھىنىڭ خانىشى بولۇشىغا ماقۇل بولغانىدى. ئەمما شىمالىي چى پادىشاھلىقى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۈركلەر بىلەن شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارمۇ تۈرك خانلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى ھەمدە نۇرغۇنلىغان قىممەتباھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. تۈركلەرنىڭ شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئەۋەتكەن مول سوۋغاتلارغا كۆزى قىزىرىپ كېتىپ، قىزىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئوردىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىدە كۆپچىلىك ئىلگىرى غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى جۇرجانلار بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان چاغدىمۇ شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىكىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئارىلىقتا سوغۇقچىلىق چۈشكەنىدى، ئەمدىلىكتە يەنە تۈركلەرنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز، شۇڭا تۈرك خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تۈركلەر بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەتنى بېكىتىش كېرەك، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ چىڭنى سول قول سەردار بەگ، ئورۇنباسارى ياڭ جيەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇ يىلى بىڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى باشلاندى. ۋاڭ چىڭ تۈركلەرنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىنى باشلاپ، سۈي ئەركان بېگى ياڭ جۇڭ بىلەن بىرلىكتە تەييۈەنگىچە يۈرۈش قىلىپ ئاندىن قايتتى، شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىكىلەر شىمالىي جۇ پادىشاھىنىڭ ھاممىسى بىلەن چوڭ ئاپىسىنى ئاپىرىپ

بىرىشكە قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئۆزئارا يارىشىپ قېلىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۈركلەردە يەنە قايتىدىن گۇمان تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن يەنە ۋاڭ چىڭ ئەۋەتىلدى. تۈرك قاغانى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ھەم ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، خۇددى بۇرۇنقىدەكلا دوستانە ئالاقىدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باۋدىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 565 - يىلى) ۋاڭ چىڭ يەنە يۈۋېن گۇي بىلەن بىللە تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، قاغاننىڭ قىزىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ۋاڭ چىڭ شىمالدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي قازانغانلىقتىن، شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر يىلى دېگۈدەك ئەلچىلىككە بېرىپ تۇردى.

كېيىن ۋاڭ چىڭ يەنە تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە باردى. دەل شۇ چاغدا تۈرك قاغانى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. تۈركلەر ۋاڭ چىڭغا: «دۆلىتىمىزگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كېلىۋاتقان ئەلچىلەر ئىچىدە ئەگەر قاغانلىرىمىز ۋاپات بولغان چاغدا كېلىپ قالغانلىرى بولسا، ھەممىسىلا يۈزلىرىنى تىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماتەم تۇتقانلىقىنى ئىپادىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت، شۇڭا بۇ خىل قائىدىنى ئادا قىلىڭ» دېدى. ۋاڭ چىڭ بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. تۈركلەر ئۇنىڭ ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەجبۇرلاۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. پادىشاھ جۇ ۋۇدى (يۈۋېن يۇڭ) بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئالاھىدە تەقدىرلىدى. ۋاڭ چىڭنىڭ ئىلگىرى - كېيىن ئەلچىلىككە بېرىپ ياراتقان تۆھپىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى مەھكىمىدار، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان



لەشكىرىي پىرقە تۈرىسى قىلىپ تەيىنلەپ، مەرتىۋىسىنى كىنەزلىككە ئۆستۈردى.

(ئەسلىي كىتاب 575 - بەتتىن 576 - بەتكىچە)

جاۋ ۋېنبياۋ يەنىلا يۈۋېن گۇيگە ئەگىشىپ، تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئاشىنا خانىشنى كۆچۈرۈپ كەلدى. يۈرۈش - تۇرۇش ۋە قائىدە - يوسۇن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋ ۋېنبياۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. جاۋ ۋېنبياۋ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرگەنلىكتىن، ھەممە ئىش قائىدە - يوسۇن ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. ئاشىنا خانىش دۆلەت چېگرىسى ئىچىگە كىرەي دەپ قالغاندا، تۈركلەر ئاتلارنىڭ ئورۇقلىقىنى باھانە قىلىپ، مېڭىش سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. جاۋ ۋېنبياۋ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ئەلچىسى رومويانغا: «ئاشىنا خانىش ئورداڭلاردىن ئايرىلىپ سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولدى. يول بويى قۇملۇقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلارغىمۇ ناھايىتى ھاردۇق يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق تەرەپتىكى دۈشمەنلىرىمىز پۇرسەت تاپسىلا زىددىيەت پەيدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرماقتا، تۈيغۇنلارمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھازىر سىز تۈرك قاغانىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىنى ئۇلۇغ دۆلەتكە ياتلىق قىلىپ ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئازراقمۇ ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرمىسىڭىز، بۇنى قانداقمۇ ۋەزىرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دېگىلى بولسۇن؟» دېدى. رومويان ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى توغرا دەپ قاراپ، ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، بىر قانچە كۈندىلا گەنجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. ئاشىنا خانىشنى كۆچۈرۈپ كېلىشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جاۋ ۋېنبياۋغا يەنە ئايرىم ھالدا، بوياڭ ناھىيىسى گرافى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، 600 تۈتۈنلۈك ئاھالە

سۇيۇرغال قىلىندى.
(ئەسلىي كىتاب 581 ـ بەتتىن 582 ـ بەتكىچە)

---

①شىغاۋۇل تۆرە ( 御伯大夫 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىكى ئەمەل نامى، پادىشاھنىڭ ئوردىدىن چىقىش، ئوردىغا كىرىش ۋاقىتلىرىدىكى تامغاچىلارنى باشقۇرىدۇ. ھەر سۇلالىلەردىكى شىغاۋۇل دېگەن ۋەزىپىگە توغرا كېلىدۇ.
(«سىيۇەن» 1084 ـ بەت)



# «جۇنامە» 49 ـ جىلد

## يات يۇرتلاردىكىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى ئالدىنقى بابى

داڭچاڭ چياڭلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئېھتىمال سەنمياۋ①لارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇڭ②، شۇ③، ۋېي④، لۇ⑤ قاتارلىق سەككىز بەگلىك پادىشاھ جۇ ۋۇۋاڭغا ئەگىشىپ، شاڭ سۇلالىسىنى يوقاتقان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شيەنلىڭ⑥، شاۋداڭ⑦ قاتارلىق چياڭلار بولغان بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چېگرا ئەتراپىدىكى ئاساسلىق ئاپەتكە ئايلانغانىدى. بۇ رايونلار شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تۇتىشاتتى، غەربتە غەربىي يۇرت بىلەن چېگرىداش ئىدى. جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلەتتى، ئۇلار ئوخشىمىغان فامىلىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، قەبىلىلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقاللىرى بار ئىدى. ھەرقايسى قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىن چېگرىسى بولۇپ، بىر ـ بىرىگە بېقىنمايتتى. داڭچاڭ چياڭلىرى مانا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تارمىقى ئىدى. ئۇلار ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. ئۆيلىرىنى بولسا قوتاز قۇيرۇقىدىن ۋە قارا قوچقار يۇڭىدىن توقۇلغان نەرسىلەر بىلەن ياپاتتى. خانلىق دائىرىسىدە قانۇن ـ پەرمان يوق ئىدى، شۇنداقلا باج ـ سېلىق، ھاشارمۇ بولمايتتى. پەقەت ئۇرۇش بولغان چاغلاردىلا بىر يەرگە

يىغىلاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشمايتتى. تېرىدىن تىكىلگەن ۋە كەندىردىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىشەتتى. قوتاز، كالا، قوي، چوشقا قاتارلىقلارنى بېقىپ، ئوزۇقلۇق ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ئاتىسى، تاغىسى، ئاغا - ئىنىلىرى ئۆلگەن بولسا، شۇلاردىن تۇل قالغان ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى، تاغىسىنىڭ ئايالىنى، يەڭگىسىنى ياكى ئىنىسىنىڭ ئايالىنى خوتۇنلۇققا ئالاتتى. ئادەتتە يېزىقى يوق ئىدى، پەقەت ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ بىخلىنىشى، يوپۇرماق تاشلىشى ۋە ئۆلۈشىگە قاراپ پەسىل ۋە يىللارنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يىغىلىشىپ، كالا ۋە قويلارنى ئۆلتۈرۈپ كۆك تەڭرىسىگە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ كەلگەن لياڭچىن ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى ۋاڭ دەپ جاكارلىدى. چيۇچى تېغىنىڭ غەربىدىن تارتىپ شەرقىقىچە مىڭ چاقىرىم، شىشۇي دەرياسى⑧نىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە800 چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىقتىكى جايلار ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرەتتى. زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق بولۇپ، ئاھالىسى 20 مىڭ تۈتۈندىن ئاشاتتى. لياڭچىننىڭ نەۋرىسى مىغۇ دەۋرىگە كەلگەندىلا، ئاندىن كېيىنكى ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە ئورناتقانىدى. تەيۋۇدى (توغبات تاۋ) ئۇلار بەرگەن مەلۇماتقا ئاساسەن مەنسەپ ۋە مەرتىۋىگە تەيىنلىدى.

مىغۇدىن تارتىپ شيەندىڭگىچە بولغان توققۇز ئەۋلاد خاننىڭ ھەممىسى ئۆز مەنسەپلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇرۇشنى ئۈزۈلدۈرمىدى. كېيىن ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ



شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار يۈز ئۆرۈش نىيىتىگە كەلدى. يۈڭشى سەلتەنىتى (مىلادىيە 532 - يىلىدىن 534 - يىلىغىچە) نىڭ ئاخىرقى يىللىرى، شيەندىڭ تۈيغۇنلارنى باشلاپ كېلىپ، جىنچېڭ شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. داتۇڭ سەلتەنىتى (مىلادىيە 535 - يىلىدىن 551 - يىلىغىچە) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، يەنە چياڭلارنى باشلاپ كېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭچىلىق يۈرگۈزدى. ۋاكالەت ئوردا ۋەزارىتى جاۋ گۈي پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن سانغۇن خۇمو، چېنشۇن قاتارلىقلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قوشۇن باشلاپ چىقىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. شيەندىڭ قورقىنىدىن قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گۇناھىنى تىلىدى. جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى ھەمدە شيەندىڭنى قۇتاتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى. داتۇڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 538 - يىلى) شيەندىڭنى نەنتاۋ⑨ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى، ياۋئەن ۋاسسال ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن تاۋجۇ ئايمىقىنىڭ نامى مىنجۇ ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شيەندىڭ يەنىلا ئايماق بېگى بولدى. شۇ يىلى چىنجۇ ئايمىقىدىكى جوشۈي چياڭلىرى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى، ئايماق قوشۇنى تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلدى. داتۇڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 541 - يىلى) شيەندىڭ يەنە قوشۇن تارتىپ باستۇرۇپ كىردى. دۇگۇشىن ئەينى مەزگىلدە لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربىي تەرىپىنى ساقلاۋاتقانىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا قوشۇن باشلاپ چىقىپ شيەندىڭ قوشۇنىغا جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. قوشۇن تېخى يېتىپ كەلمەستىنلا، شيەندىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. دۇگۇشىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى تارمار كەلتۈردى. دەل مۇشۇ

چاغدا ئوردا ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنى يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا شيەندىگىنىڭ ئىنىسى مىيدىگىنى دۆڭچاڭ ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىدى.

داتۇڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) مىيدىڭ بىلەن بىر جەمەتتىن بولغان لياۋگەن ۋاڭلىق ئورنىنى تارتىۋالدى، مىيدىڭ قېچىپ كېلىپ پاناھلىق تىلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى چياڭلار ئاقساقىلى باڭچى تيېسۇڭ قاتارلىقلار شيەندىڭ يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدا بىر قىسىم ئاھالىسىنى تىزگىنلەپ، چۈيلىنچۈەن دېگەن جاينى ئىگىلىۋېلىپ، ۋېيجۇ⑩ ئايمىقىنىڭ يۇقراسى جېڭ ۋۇچۇ بىلەن بىرلىشىپ چياڭلارنى ئوردىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى توسۇشقا قۇتراتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ سانغۇن يۈۋېن گۈي، دۇلۇنىڭ، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى شى نىڭ قاتارلىقلار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن لياۋگەن قاتارلىقلارنى جازالاش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ چىقتى ھەمدە ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈپ كاللىسىنى ئالدى. مىيدىگىنى قايتىدىن ۋاڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئاندىن قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللار يۈۋېن گۈينىڭ تەرجىمىھالىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، چياڭلارنىڭ ئاقساقىلى دۇڭنيەنجىيې، كۇڭليەنجۇخې قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلۇغ سانغۇن دۇلۇنىڭ، ۋاڭ يۇڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بۇ توپىلاڭنى قوراللىق باستۇردى.

باۋدىڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (مىلادىيە 561 ـ يىلى) مىيدىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى. 3 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، تىرىك يىرتقۇچ ھايۋان سوۋغا قىلدى. 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) مىيدىڭ تاۋجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ



كىرگەنىدى. باشبۇغ لى شيەن ئۇلارغا زەربە بېرىپ قوغلىۋەتتى. شۇ يىلى، مىيدىڭ يەنە تۈيغۇنلارنى باشلاپ شىمېنشۇ دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، يەنە لى شيەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. پادىشاھ جۇ گاۋزۇ (يۈۋېن يۇڭ) بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇلۇغ سانغۇن تيەن خۇڭنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، بۇ رايوندا داڭجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 892 — 893 ـ بەتلەر)

قومۇقلار سيانپىيلارنىڭ باشقا نەسلىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مورۇڭ خۇاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، سۇڭمو⑪ ئەتراپلىرىغا سەرگەردان بولۇپ كەتكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ نەسىللىرى كۆپىيىپ بەش چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنگەن: بىرىنچىسى رۇگېجۇ، ئىككىنچىسى باغاجۇر، ئۈچىنچىسى چۈبە، تۆتىنچىسى مۇكۇن، بەشىنچىسى شىدې دەپ ئاتالغان. ھەربىر قەبىلىگە بىردىن ئېركىن سايلانغان. ئەينى ۋاقىتتا ئاخۇ يىشى ئىسىملىك داڭلىق ئاقساقال ئۆتكەن بولۇپ، بەش قەبىلىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تىزگىنلىشى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا بولغانىدى. ئۇلار تۈركلەرگە بېقىنغان ھەم ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولغان، شۇنداقلا قىتانلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ تۇرغانىدى. قولغا كەلتۈرگەن بايلىق ۋە چارۋا مالنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ مۇكاپاتلاشنى يولغا قويغانىدى. ئادەم ئۆلسە جەسەتنى قومۇش بورىغا ئوراپ، دەرەخ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇشاتتى. داتۇڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 539ـ يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 899 ـ بەت)

①سەنمياۋ ( 三苗 ) — مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى قەبىلە ـ مىللەتلىرىدىن بىرى. «تارىخىي خاتىرىلەر. بەش ئاقساقال ھەققىدە قىسسە» دە «سەنمياۋلار چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريالىرىنىڭ ئارىلىقى ۋە جىڭجۇ ئايمىقى ئەتراپىدا» دەپ يېزىلغانىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، سەنمياۋلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تۇرغانىدى.
(«سىيۇەن» 31 ـ بەت)

②يۇڭ ( 庸 ) — شاڭ سۇلالىسىدىكى بەگلىك بولۇپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇۋاڭغا ئەگىشىپ شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. ئورنى بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسى جۇشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى لۇغىتى» 44 ـ بەت)

③ شۇ ( 蜀 ) — شىيا سۇلالىسىدىن جۇ سۇلالىسىغىچە بولۇپ ئۆتكەن قەدىمكى بەگلىك بولۇپ، پادىشاھ جوۋۋۇۋاڭغا ئەگىشىپ شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جوۋۋاڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. چىن سۇلالىسىدا يوقىتىلىپ، ئورنىدا شۇ ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسى چىڭدۇ شەھىرى ۋە ۋېنجياڭ ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسمىدا بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 2768 — 2769 ـ بەتلەر)

④ ۋېي ( 微 ) — شاڭ، جۇ سۇلالىسىدىكى غەربىي جەنۇبتىكى بىر ئەل مىللەت بولۇپ، پادىشاھ جوۋۋۇۋاڭغا ئەگىشىپ شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جوۋۋاڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. ئورنى بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسى باشەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1003 ـ بەت)



⑤ لۇ ( 卢 ) — قەدىمكى زاماندا يات مىللەتتىن بىرى قۇرغان بەگلىك بولۇپ، لۇ ـ رۇڭ بەگلىكى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئورنى بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسى نەنجاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1229 ـ بەت)

⑥ شيەنلىڭ ( 先零 ) — يەنە شيەنليەن چياڭلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەربىي چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشا ناھىيىسىنىڭ غەربى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.
(«كېيىنكى خەننامە» 87 ـ جىلد ئۇيغۇرچە 108 ـ ئىزاھات)

⑦ شاۋداڭ ( 烧当 ) — يەنە شاۋداڭ چياڭلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. «كېيىنكى خەننامە» 87 ـ جىلد «غەربىي چياڭلار ھەققىدە قىسسە» دە « يۇەنجيەن ئۇرۇقىنىڭ 5 ـ ئەۋلادىدىن يەننىڭ ۋاقتىغا كەلگۈچە، يەن ئەڭ كۈچلۈك بولغاچقا، يەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇق نامى بوپقالغانىدى. 13 ـ ئەۋلادى شاۋداڭغا كەلگەندە، شاۋداڭمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شاۋداڭنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق نامى قىلىۋالدى» دەپ يېزىلغان.
(«سىيۇەن» 1352 ـ بەت؛ «كېيىنكى خەننامە» ئۇيغۇرچىسى 444 ـ بەت)

⑧ شىشۈي دەرياسى ( 席水 ) — دەريا نامى، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنسۈي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«ۋېينامە. يەر تۈزۈلۈش تەزكىرىسى» ؛ «قانۇنلار قامۇسى» 190 ـ جىلد)

⑨ نەنتاۋ ( 南洮 ) — ئايماق نامى، يەنى تاۋجۇ ئايمىقى، ئۇنىڭ خارابىسى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنجاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 646 ـ بەت)

⑩ ۋېيجۇ ( 渭州 ) — ئايماق نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيىسى ئەتراپىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى لۇغىتى» 911 ـ بەت)

⑪ سۇڭمو ( 松漠 ) — يەر نامى. قىتانلار ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە ئىچكىرىگە ئەل بولغان قىتانلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. ئورنى بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا.
(«سىيۈەن»، 1540 ـ بەت)



## «جۇنامە» 50 ـ جىلد

# يات يۇرتلاردىكىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى كېيىنكى بابى

تۈركلەر ھونلارنىڭ ئايرىم بىر نەسلىدىن بولۇپ، فامىلىسى ئاشىنا ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قەبىلىلەرنى تەشكىل قىلغان. كېيىن قوشنا خانلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، پۈتۈن نەسلى بويىچە يوقىتىلغان. ئۇلاردىن پەقەت ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن بىر كىچىك بالا قالغان، ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولى بارماي، پۇتىنى كېسىۋېتىپ سازلىققا تاشلىۋەتكەن. بىر چىشى بۆرە ئۇنى گۆش بىلەن باققان. چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ بۆرە ھامىلىدار بولغان. ھېلىقى دۆلەتنىڭ خانى بۇ بالىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە يەنە ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ئادەم ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۆرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۆرىنىمۇ ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن. بۆرە شۇ ھامان قېچىپ، قوچۇ دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا بېرىۋالغان. تاغ ئۈستىدە بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان ئايلانمىسى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىك بولغان. بۆرە مۇشۇ جايغا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، 10 ئوغۇل تۇغقان. 10 ئوغۇل چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ ئۆيلەنگەن. ئاياللىرى ھامىلىدار بولۇپ بالا تۇغۇشقان، شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئوغۇل ئۆز ئالدىغا ئايرىم فامىلە

ئىشلەتكەن. ئاشىنا بولسا شۆلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپ، نەچچە يۈز تۇتۇنگە يەتكەن. بىر قانچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ، جۇرجانلارغا بېقىندى بولغان. ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئورۇنلىشىپ، جۇرجانلار ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلىغۇچى قۇل بولۇشقان. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئادەتتە دۇبۇلغىنى «تۈرك» دەپ ئاتىشاتتى. مانا شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تۈرك سۆزىنى ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىشقانىدى.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى سەك خانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، هونلارنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغانىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئابام بەگ بولۇپ، جەمئىي 17 ئاكا ـ ئۇكا ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىجىن نىشىدۇ ئىسىملىك بىرى بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئابام بەگ قاتارلىقلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىل ـ پاراسەتسىز بولغانلىقتىن، خانلىق ئاخىرى مۇنقەرز بولغانىكەن. ئىجىن نىشىدۇ ئوخشىمىغان مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بوران ـ يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپتۇ، بىرى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. هامىلدار بولۇپ، بىرلا قېتىمدا تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئاق قۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئافۇ دەرياسى بىلەن جيەنشۈي دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى چىگۇ دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرى چۇجې دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. يەنە بىرى جانىس چۇجېش تېغىغا ماكانلىشىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. بۇ تاغدا يەنىلا ئابام بەگ قوۋملىرى ياشايدىكەن. شۇنداقلا بۇ جايدا دائىم دېگۇدەك قىرو ئۇششۇكى پەيدا بولىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلار



ئۈچۈن ئوت كەشىپ قىلىپ بېرىپ، قەهرىتان سوغۇقتىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئورتاق هالدا چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، تۈرك دەپ ئاتىشىپتۇ. ناردۇلا شاھ دېگەن مانا مۇشۇ كىشى ئىكەن، ناردۇلا 10 خوتۇن ئېلىپتۇ. تۇغۇلغان باللارنىڭ ھەممىسى ئانىلىرىنىڭ قەبىلە نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىشىپتۇ، ئاشىنا بولسا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىكەن. ناردۇلا ئۆلگەندىن كېيىن، 10 خوتۇندىن تۇغۇلغان باللار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇپ، ھەممىسى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىپتۇ. ھەمدە كىم دەرەخ بويلاپ ئەڭ ئېگىز سەكرىيەلىسە شۇ باشلىق بولىدۇ، دەپ كېلىشىم تۈزۈپتۇ. ئاشىنا فامىلىلىك ئوغۇل گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئېگىزگە سەكرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايىسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئاشىنا شاھ دەپ ئاتاپتۇ. بۇ رىۋايەت ئاجايىپ بولغان بىلەن، يەنىلا بۆرە نەسلىدىن بولغان دېگەن گەپ ئىكەن ـ دە.،

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادى تۇمەن دەپ ئاتالغان، بۇ چاغدا تۈرك قەبىلىلىرى بارا ـ بارا كۈچىيىشكە باشلىغان بولۇپ، چېگرا ئەتراپىدىكى بازارلارغا كېلىپ، يىپەك توقۇلمىلارنى سېتىۋالىدىغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۇنىڭ داتۇڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 545 ـ يىلى) جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) جيۇچۈەنلىك غۇز ئاننوپانتونى تۈركلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. تۈرك خانلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا قۇتلۇقلىشىپ: «بۇگۈنكى كۈندە خانلىقىمىزغا چوڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى كەلدى.

خانلىقىمىز ئەمدى تېخىمۇ گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقۇسى» دېيىشتى. داتۇڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 546 ـ يىلى) تۇمەن قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئەينى مەزگىلدە تېلىلار جۇرجانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانىدى. تۇمەن قاغان ئۆز قارىمىقىدىكى تۈركلەرنى باشلاپ چىقىپ تېلىلارغا زەربە بەردى ھەم ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق تېلى ئاھالىسى تۈركلەرگە ئەل بولدى. تۇمەن قاغان ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، جۇرجانلار قاغانىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. جۇرجانلار قاغانى ئاناغاي بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ: «سەن مېنىڭ تۆمۈر تاۋلىغۇچى قۇلۇم تۇرۇقلۇق، بۇنداق تەلەپ قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟» دېدى. تۇمەنمۇ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، جۇرجانلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە جۇرجانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بىز بىلەن (غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن ـ ت) قۇدىلىشىش توغرىسىدا تەلەپ قويدى. جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) تۈركلەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. داتۇڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 551 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا، ۋېي پادىشاھلىقى چاڭلې مەلىكىنى تۇمەن قاغانغا خاتۇنلۇققا بەردى. شۇ يىلى، ۋېي پادىشاھى ۋېندى (يۈەن باۋجۇ) ئۆلدى. تۇمەن قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە 200 تۇياق ئات تەقدىم قىلدى.

ۋېي پادىشاھى فېيدىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، تۇمەن قاغان قوشۇن چىقىرىپ، جۇرجانلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، خۇەيخۇاڭ② قورغىنىنىڭ شىمالىدا، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئاناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئاناغاينىڭ ئوغلى يانلۇغچىن شىمالىي چى پادىشاھلىقىغا پاناھلىق ئىزدەپ كەتتى. قالغان قىسمى ئاناغاينىڭ كىچىك ئاتىسى دېڭجۇچەلنى ئۆزلىرىگە



خان قىلىپ سايلىدى. تۇمەن ئۆزىنى ئېل قاغان دەپ ئاتىدى. بۇ قەدىمكى زاماندىكى تەڭرىقۇت بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئايالىنى خاتۇن دەپ ئاتىدى. بۇمۇ قەدىمكى زاماندىكى ئالچى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۇمەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى قالا تەختكە چىقتى.

قالا ئېل ئىشىگ قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇ ۋۇيې دېگەن يەرنىڭ شىمالىدىكى مۇلەي تېغىدا دېڭجۇچەلنى يەنە مەغلۇپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا قالا ئەلچى ئەۋەتىپ، 50 مىڭ تۇياق ئات تەقدىم قىلدى. قالا ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئېركىن تەختكە چىقىپ، مۇقان قاغان دەپ ئاتالدى.

ئېركىننىڭ يەنە بىر ئىسمى يەندۇ ئىدى. بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە قىياپىتى باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، يۈزىنىڭ كەڭلىكى بىر چىدىن ئارتۇق كېلەتتى. تېرىسى ئىنتايىن قىزىل بولۇپ، كۆزلىرى خۇددى رەڭدار ياقۇتتەك چاقناپ تۇراتتى. مىجەزى چۇس ھەم قەيسەر ئىدى. ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي يۈرۈشلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. قوشۇن باشلاپ چىقىپ، دېڭجۇچەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تار ـ مار كەلتۈردى. دېڭجۇچەل قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەل بولدى. ئېركىن يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئېفتالىت دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلدى. شەرققە يۈرۈش قىلىپ، قىتانلارنى قوغلىۋەتتى، شىمالدا چىگۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. شۇ ئارقىلىق سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى خانلىقلارنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخەي④ دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئابىسكون دېڭىزى (بۈگۈنكى كاسپىي دېڭىز ـ ت) غىچە بولغان 10 مىڭ چاقىرىم ئارىلىقنى، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن

تارتىپ، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 6000 ـ 5000 چاقىرىم يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەنىدى.

تۈركلەر ئادەتتە چاچلىرىنى ئۆرۈمەيتتى، كىيىملىرىنىڭ پەشلىرى سول تەرەپكە ئېچىلاتتى. ئوملاق كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرۇشاتتى. سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ، كۆچۈپ ـ قونۇپ يۈرۈشەتتى. ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قېرىلارغا ئېتىبارسىز قاراپ قىران يىگىتلەرنى ئەتىۋارلايتتى. ئار ـ نومۇس، دىيانەتلىرى كەمچىل بولۇپ، قائىدە ـ يوسۇن دېگەننى بىلمەيتتى. خۇددى قەدىمكى زاماندىكى ھونلارغا ئوخشاش ئىدى. تۈركلەرنىڭ قاغانى دەسلەپ تەختكە چىقىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە مۇھىم ۋەزىرلىرى قاتارلىقلار ئۇنى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇياشقا قاراپ توققۇز قېتىم ئايلاندۇراتتى. ھەربىر قېتىم ئايلانغاندا، ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەزىم بىجا كەلتۈرەتتى. تەزىم قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قاغاننى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپ، يىپەك رەخت بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى نەپەسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان دەرىجىدە مەلۇم ۋاقىت بوغقاندىن كېيىن، ئاندىن قويۇۋېتىپ دەرھال ئۇنىڭدىن: «قانچە يىل قاغان بولالايسىز؟» دەپ سورايتتى. بۇ چاغدا قاغان تېخى تولۇق ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالالمىغانلىقى ئۈچۈن زادى قانچە يىل قاغان بولالايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى. ۋەزىرلەر ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەختتە ئولتۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ قوياتتى. قاغاندىن تۆۋەن ئەڭ چوڭ ئەمەلدار يابغۇ ئىدى. ئۇنىڭدىن تۆۋىنى شاد، ئۇنىڭدىن تۆۋىنى تېكىن، ئۇنىڭدىن تۆۋىنى ئىلتەبىر، ئۇنىڭدىن تۆۋىنى تۇدۇن دەپ ئاتىلاتتى. بۇلاردىن تۆۋەندە يەنە



ئۇششاق ئەمەلدارلار بولۇپ جەمئىي 28 دەرىجىگە ئايرىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ مەنسەپلەرگە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلاتتى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن ساداق (ئوقيا)، نەيزە، جاراڭلىق يائوقىنىڭ باشقىسى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا، قىلىچ ـ شەمشەر قاتارلىقلار بار بولۇپ، قىسقا شەمشەرنى زىننەت بۇيۇمى ئورنىدا يانلىرىغا ئېسىپ يۈرۈشەتتى. بايراقلىرىغا زەر يىپ بىلەن بۆرىنىڭ بېشى كەشتىلەنگەنىدى. مۇلازىمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنى بۆرە دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا يەنىلا بۆرە دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇنداق دېيىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئېھتىمال ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە بۆرىدىن تۇغۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئۇلار ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئادەم ۋە باج ئورنىدا يىغىۋېلىنغان تۈرلۈك چارۋا ماللارنىڭ سانىنى ياغاچقا ئويۇپ قوياتتى. ھەمدە ئۇنى ئالتۇندىن ياسالغان بىر تال يا بېشى بىلەن قوشۇپ موم بىلەن پېچەتلىگەندىن كېيىن، ئۈستىگە تامغا بېسىپ بۇنى ئۆز ئارا ئىشەنچلىك كېلىشىم ئورنىدا ساقلايتتى. ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا، ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە باشقىلارنىڭ ئايالىغا چېقىلغانلارغا، ئات چۇشەيدىغان چىدىر ئوغرىلىغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. باشقىلارنىڭ قىزىغا چېقىلغۇچىلارغا كۆپلىگەن مال ـ مۈلۈك جەرىمانە قويۇلۇپ، قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا بۇيرۇلاتتى. جېدەل بولۇپ سوقۇشۇپ باشقىلارنى يارىلاندۇرغۇچىلارغا، ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىكلىكىگە قاراپ مال ـ مۈلۈك جەرىمانە قويۇلاتتى. ئات ۋە باشقا ھەرخىل نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئوغرىلىغۇچىلاردىن 10 ھەسسىدىن ئارتۇق تۆلىتىۋېلىناتتى. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، چىدىرنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇلاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ

ھەرقايسىسى ئۆزئالدىغا قوي ۋە ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنى چېدىر ئالدىغا تىزىپ نەزىر – چىراغ ئۆتكۈزەتتى. ئاتقا مىنىپ، چېدىر ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى، ھەربىر ئايلىنىپ چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلىپ، ھازا ئېچىشاتتى. يۈزلىرىدىن ئاققان قان بىلەن كۆز ياشلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۇدا يەتتە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاندىن بولدى قىلىشاتتى. تاللانغان كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆلگۈچىنى ھايات چېغىدا مىنگەن ئېتى ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى مۇۋاپىق بىر مەزگىلگە كەلگەندە ئاندىن دەپنە قىلاتتى. ئەتىيازدا ياكى يازدا ئۆلگەن ئادەمنى ئوت – چۆپ ۋە دەل – دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىغاندا، كۈزدە ياكى قىشتا ئۆلگەن ئادەمنى بولسا، گۈل – چېچەكلەر تازا ئېچىلغان چاغدا، ئاندىن قەبرە كولاپ دەپنە قىلاتتى. دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى خۇددى دەسلەپ ئۆلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش يەنىلا نەزىر – چىراغ قىلىپ ۋە ئات مىنىپ ئايلىنىپ، يۈزلىرىنى تىلىشاتتى. دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە تاش قوپۇرۇپ بەلگە قىلىپ قوياتتى. قوپۇرۇلغان تاش سانىنىڭ ئاز – كۆپلۈكى، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەن ئادەم سانىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇربانلىق قىلىنغان قوي ۋە يىلقىلارنىڭ كاللىلىرىنى قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قوياتتى. بۇ كۈنى ئەر – ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ، دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن جايغا يىغىلىشاتتى. ياش يىگىتلەر ئۆزلىرىگە يارىغان قىزلارنى كۆرسە، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ، توي قىلىشقا پۈتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا –



ئانىلىرى ئادەتتە قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى. ئاتىسى، ئاكىسى، تاغىسى ئۆلسە، ئوغلى، ئىنىسى ۋە جىيەن ئوغلى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى، ھاممىسىنى ۋە يەڭگىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئالاتتى. ئەمما ئالدىنقى بوغۇنلارنىڭ كېيىنكى بوغۇنلارنىڭ نومۇسىغا تېگىشىگە يول قويۇلمايتتى. گەرچە داۋاملىق كۆچۈپ، قونۇپ يۈرۈشسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق يەرلىرى (يايلاقلىرى) بولاتتى. قاغان دائىم دېگۈدەك ئۆتۈكەن تېغىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكى شەرققە قاراپ ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ئېھتىمال قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىدىغانلىقىنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولسا كېرەك. قاغان ھەر يىلى قول ئاستىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەجدادلىرى تۇرغان ئۆڭكۈرگە كېلىپ، نەزىر – چىراغ ئۆتكۈزەتتى. 5 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يەنە باشقىلاردىن سۇ يىغىپ كېلىپ، ئاسمان ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر – چىراغ ئۆتكۈزەتتى. ئۆتۈكەن تېغىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىدىغان بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گىياھ ئۆسمەيتتى. تۈركلەر بۇ تاغنى بوز تەڭرى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ تىلىدا يەر ئىلاھى دېگەنلىك ئىدى. تۈركلەرنىڭ يېزىقى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن كالېندارچىلىقتىن خەۋىرى يوق بولۇپ، پەقەت ئوت – چۆپلەر كۆكىرىشكە باشلىغان چاغنى يىلنىڭ باشلىنىشى ھېسابلايتتى.

ئېركىننىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلىرى كۆپىيىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ، دېڭجۇچەل قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، دېڭجۇچەل باشلىق 3000 ئادەمنى تۇتۇپ، تۈركلەرنىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. تۇتقۇن

قىلىنغانلارنى چىگىپىن قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇڭدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 556 ـ يىلى) ئېركىن تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ئەھۋاللار تۇيغۇنلار تەزكىرىسىدە بايان قىلىنىدى. جۇ مىڭدى (يۇۋېن يۇ) نىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 560 ـ يىلى)، ئېركىن ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى. باۋدىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 561 ـ يىلى)، يەنە ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى.

ئەينى مەزگىلدە جۇ پادىشاھلىقىمىز شىمالىي چى پادىشاھلىقى بىلەن ھەريىلى ئۇرۇش قىلىپ تۇرغانلىقتىن، دائىم دېگۇدەك تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلاردىن تاشقى ياردەم ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەنىدى. ئىلگىرى ۋېي پادىشاھى گۇڭدى (توغبات كو) زامانىسىدا، ئېركىن قىزىنى تەيزۇغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغانىدى. توي ئىشى تېخى قارار قىلىنماي تۇرۇپلا، تەيزۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېركىن يەنە باشقا بىر قىزىنى جۇ گاۋزۇ (يۇۋېن يۇڭ) غا ياتلىق قىلماقچى بولدى. تېخى توي ئۆتكۈزمەي تۇرۇپلا، شىمالىي چى پادىشاھلىقى قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئېركىننىڭ شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئەۋەتكەن سوۋغاتلارغا كۆزى قىزىرىپ شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن بولغان قۇدىلىق مۇناسىۋەتتىن يالتىيىۋالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى ياڭ جيەن، ئەلەمدارگراف ۋاڭ چىڭ قاتارلىقلارنى تۈركلەر بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى بېكىتىشكە ئەۋەتتى. ۋاڭ چىڭ قاتارلىقلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چىن ئىخلاسلىرى بىلەن نەسىھەت قىلدى. نەتىجىدە ئېركىن شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ



تەلىپىنى رەت قىلىپ، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىدىن پۈتۈن دۆلەت كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، شەرققە (شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئۈستىگە) يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەھۋاللار ياڭ جيەن قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىدا بايان قىلىنىدى.

باۋدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) پادىشاھ سۈي ئەركان بېگى ياڭ جۇڭنى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، تۈركلەر بىلەن بىرلىكتە شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. ياڭ جۇڭنىڭ قوشۇنى شىڭلىڭ تېغىدىن ئۆتكەندە، ئېركىن 100مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ قوشۇلدى. كېلەركى يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، جىنياڭدا شىمالىي چى پادىشاھىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. ئېركىن قوشۇنلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئاندىن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتتى. ياڭ جۇڭ پادىشاھ جۇ گاۋزۇ (يۇۋېن يۇڭ) غا: «تۈرك ئەسكەرلىرى ئىنتايىن ياۋۇز ئىكەن، ئۇلاردا مەرتىۋە بېرىپ مۇكاپاتلاش كۆپ ئەمەس، باشلىق كۆپ، ئەمما قانۇن ـ پەرمانلىرى يوق. مانا بۇ ئۇلارنى تىزگىنلەشنىڭ تەس بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. يېقىندىن بۇيان ئەلچىلىككە بارغانلارنىڭ ھەممىسى ھەدەپ تۈركلەرنى قۇدرەتلىك ئىكەن دەپ كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ ئەلچىلىككە بارغانلارغا نۇرغۇن مۇكاپات ئىنئام قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن شەخسەن ئۆزلىرى بېرىپ مول مۇكاپاتقا ئىگە بولۇشتى. ئوردا ئۇلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشەندى، سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر بولسا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھامان قورقۇشقا باشلىدى. تۈركلەر قارىماققا گەرچە

ھېلىگەر ھەم قاۋۇل كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن بىللە ياشاش تەس ئەمەس. ھازىر مېنىڭ كۆزىتىشىمگە ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى - كېيىن ئەلچىلىككە بارغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك بولىدۇ» دېدى. پادىشاھ جۇ گاۋزۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. شۇ يىلى ئىركىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى ھەمدە شەرققە يۈرۈش قىلىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئوردىدىن ياڭ جۇڭغاقوشۇننى باشلاپ ۋويېگە ھۇجۇم قىلىش، جىن ئەركان بېگى يۈۋېن خۇغا لوياڭغا بېرىپ تۈركلەرگە ماسلىشىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. دەل يۈۋېن خۇ ئۇرۇشتا پايدىسىز ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالغان پەيتتە، ئىركىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. باۋدىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 565 - يىلى) چېن ئەركان بېگى يۈۋېن چۇن، ئەمىرى زېمىن يۈۋېن گۇي، شېنۇۋ كىنەزى دۇيى، نەنئەن كىنەزى ياڭ جيەن قاتارلىقلارغا تۈرك خانلىقىغا بېرىپ خانىشنى كۆچۈرۈپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى. تيەنخې 2 - يىلى (مىلادىيە 567 - يىلى) ئىركىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى. چېن ئەركان بېگى يۈۋېن چۇن قاتارلىقلار تۈرك خانلىقىغا يېتىپ بارغان چاغدا، ئىركىن بىردىنلا شىمالىي چى پادىشاھلىقى بىلەن يارىشىپ قالماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا بوران چىقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ھاۋارايى تۇساتتىن ئۆزگەرگەچكە، ئىركىن يۈۋېن چۇن قاتارلىقلارنىڭ خانىشنى ئېلىپ كېتىشىگە ماقۇل بولدى. بۇ توغرىدىكى ئەھۋاللار خانىشلار ھەققىدىكى تەرجىمىھاللاردا بايان قىلىنىدى. تيەنخې 4 - يىلى (مىلادىيە 569 - يىلى)، ئىركىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئات تەقدىم قىلدى.

ئىركىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى تابار قاغان تەختكە چىقتى. ئىركىن قاغان بولغاندىن ئېتىبارەن، تۈركلەر قۇدرەت



تېپىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بوزەك تېپىش غەرىزىدە بولۇپ كەلدى. شىمالىي جۇ ئوردىسى تۈركلەر بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ھەريىلى تۈركلەرگە شايى، سەرناق، كىمخاب، رەڭدار شايى قاتارلىق نەرسىلەردىن 100 مىڭ پارچە بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. پايتەختتە تۇرۇۋاتقان تۈركلەرگە ئوردا ئالاھىدە ئەدەپ - يوسۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. ئادەتتىكى چاغلاردا پايتەختتە كىمخاپ تونلارنى كىيىشىپ، گۆشلۈك تائاملارنى يېيىشىپ يۈرىدىغان تۈركلەرنىڭ سانى مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭچىلىق يۈرگۈزۈشىدىن قورقۇپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇلارغا بەردى. تابار قاغان تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، قول ئاستىدىكىلىرىگە: «جەنۇب تەرەپتىكى ئىككى ۋاپادار ئوغلۇم ماڭا ئىتائەت قىلىپ تۇرىدىغانلا بولسا، كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلاتتىم» دېگەنىدى. جيەندې 2 - يىلى (مىلادىيە 573 - يىلى) تابار قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات تەقدىم قىلدى.

شىمالىي چى پادىشاھلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، شىمالىي چى پادىشاھلىقىغا قاراشلىق دىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى، خەنياڭ ۋاڭى گاۋ شاۋيى مايى دېگەن جايدىن قېچىپ كېلىپ، تۈركلەرگە ئەل بولدى. تابار قاغان گاۋ شاۋيىنى شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى قىلىپ تۇرغۇزۇپ ھەمدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۈەنجېڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 578 - يىلى) 4 - ئايدا، تابار قاغان يۇجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ، يەرلىك ئاھالىلارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭچىلىق يۈرگۈزدى. دۆلەت ئەركانى ليۇشيۇڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن

باشلاپ چىقتى، ئەمما قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئۆزى جەڭدە ئۆلدى. پادىشاھ جۇ گاۋزۇ (يۇۋېن يۇڭ) شەخسەن ئۆزى پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ، شىمالغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. لېكىن پادىشاھ (يۇۋېن يۇڭ) تۇيۇقسىز قازا تاپقانلىقتىن، قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شۇ يىلى قىشتا، تابار قاغان چېگرا ئەتراپىغا يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جيۇچۈەن شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭچىلىق يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەتتى. داشياڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 579 - يىلى)، تابار قاغان يەنە قۇدىلىشىش توغرىسىدا تەلەپ قويدى. پادىشاھ (يۇۋېن يەن) جاۋ ۋاڭى يۇۋېن جاۋنىڭ قىزىغا چيەنجىن مەلىكە (تىللا مەلىكە) نامىنى بېرىپ، تابار قاغانغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى. شۇنداقلا تۈرك خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان گاۋ شاۋيىنى تۇتۇپ، ئوردىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. تابار قاغان پادىشاھ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرمەيلا قالماستىن، يەنىلا بىڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. داشياڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 580 - يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا - سالام تەقدىم قىلدى ھەمدە چيەنجىن مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كەتتى. لېكىن گاۋشاۋيىنى يەنىلا ئوردىغا ئەۋەتىپ بەرمەي داۋاملىق ساقلاپ قالدى. پادىشاھ (يۇۋېن يەن) يەنە خې رويىنى ئەۋەتىپ، نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن گاۋ شاۋيىنى شىمالىي جۇ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بەردى.

تۈيغۇن ئەسلىدە لياۋدۇڭ⑤لۇق سيانپيلاردىن بولغان مورۇڭ گۈينىڭ ئاناچىسىدىن (ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى) تۇغۇلغان ئاكىسى ئىدى. ئىلگىرى تۈيغۇننىڭ ئېتى بىلەن مورۇڭ گۈينىڭ ئېتى ئۆزئارا تېپىشىپ قېلىپ مورۇڭ گۈينىڭ ئېتى يارىلىنىپ قالغاچقا، مورۇڭ گۈي ئادەم ئەۋەتىپ تۈيغۇننى ئەيىبلىگەن. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن تۈيغۇن قول



ئاستىدىكى قەبىلىسىنى باشلاپ كېتىپ قالغان ھەمدە فۇخەن ۋىلايىتىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، ئۆزى قەبىلە ئاقساقىلى بولغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى يېيەن ئاقساقال بولغاندىن كېيىن، «نەسرنامە»، «يىلنامە»، «زوچيۇمىڭ تەپسىراتى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ئوقۇپ چىققان. قەدىمكى زاماندا خان ئاتىسىنىڭ تەخەللۇسىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىدىغان ئادەت بولغاچقا، تۈيغۇن دىگەن بۇ ئىسىمنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىنىۋالغان.

تۈيغۇندىن تارتىپ فۇلىيەنچۇغىچە جەمئىي 14 ئەۋلاد ئۆتكەن. فۇلىيەنچۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى كۇالۇي ئاقساقال بولۇپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاشقا باشلىغان. چىڭخەي كۆلىنىڭ غەربىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى فۇچى شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. گەرچە بۇ جايدا ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەستىن، دائىم دېگۈدەك چېدىرلاردا يېتىپ - قوپۇشقان. قەيەردە سۇ ۋە ئوت - چۆپ بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرگەن.

تۈيغۇنلارنىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە 3000 چاقىرىم كېلەتتى. جەنۇبتىن شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن ئاشاتتى. ئەمەلدارلاردىن ۋاڭ، گۇڭ، يانداش ۋەزىر، دىۋان بېگى ۋە كاتاۋۇل، سانغۇن قاتارلىقلار بار ئىدى. كۇالۇي بېشىغا بىر تۇتام چاچ قويۇۋېلىپ، قۇشنىڭ پېيى ۋە مەرۋايىتتىن بېزەك ياساپ، قارا رەختتىن ئىشلەنگەن باش كىيىمنى كىيىپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇدساتۋا ئولتۇرىدىغان كاتتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئايالى گاتۇن دەپ ئاتىلاتتى. ئۈچىسىغا توقۇلما كۆڭلەك كىيىپ، كىمخاپ پەرجىنى يېپىنىۋالاتتى. چېچىنى ئۆرۈپ كەينىگە تاشلاپ، بېشىغا ئالتۇن گۈل تاقىۋالاتتى.

تۈيغۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى: ئەرلەرنىڭ كىيىملىرى

ئاساسەن خۇاشيا قوۋملىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. كۆپىنچىسى باشلىرىغا كىگىز ئۆي شەكىللىك بۆك كىيىشەتتى. شايىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىملىرىمۇ بار ئىدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى چاچلىرىنى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەيتتى. بۇ خىل مەرۋايىت بېزەكلىرى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچىكى ئېسىلزادە ھېسابلىناتتى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن ساداق، شەمشەر، نەيزە، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت قاتارلىقلار بار ئىدى. دۆلەت ئىچىدە دائىملىق ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق يوق ئىدى. لازىم بولغان چاغدا دۆلەتمەن سودىگەرلەردىن يىغىۋېلىنىپ، دۆلەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئات ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. باشقىلىرىغا ماددىي نەرسە جەرىمانە قويۇلاتتى ھەمدە ئەھۋالنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ تاياق سېلىش سانى بېكىتىلەتتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىلگۈچىلەرنىڭ بېشىنى كىگىز بىلەن ئوراپ باغلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئېگىز جايدا تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگۈچىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. ئاتىسى ياكى ئاكىسى ئۆلسە، ئۆگەي ئانىسى ياكى يەڭگىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشاتتى، بۇ تۈركلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش ئىدى. نىكاھلىنىش مەسىلىسىدە، نامراتلىقتىن تويلۇق مال ھازىرلىيالمىغان كىشىلەر قىزلارنى ئاپقېچىپ كېلىۋالاتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يەرگە قويۇپ دەپنە قىلاتتى. تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىملىرى ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا ئاياغلىشاتتى. ئۇلار ئاچ كۆز تەبىئەتلىك بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتىن تەپ تارتمايتتى. ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى. گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكەر ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى ئىدى. تېرىقچىلىق قىلىشنىمۇ بىلەتتى، لېكىن شىمالنىڭ ھاۋاسى ئۇزۇن مەزگىل



سوغۇق بولىدىغانلىقتىن، پەقەت چامغۇر، ئارپا قاتارلىقلاردىنلا ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. شۇڭا نامراتلار كۆپ، دۆلەتمەنلەر ئاز ئىدى. چىڭخەي كۆلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك تاغ بار ئىدى. ھەر يىلى قىشتا كۆلدە مۇز قاتقاندىن كېيىن، ئېسىل نەسىللىك بايتاللار مۇشۇ كىچىك تاغقا قويۇپ بېرىلىپ، ئىككىنچى يىلى قىشتا قايتۇرۇپ كېلىنەتتى، بۇ جەرياندا بايتاللارنىڭ ھەممىسى بوغاز بولاتتى. بۇلار تۇغقان قۇلۇنلارنى كىشىلەر ئەجدىھانىڭ نەسلى دەپ قارايتتى، ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاجايىپ ئېسىل ئات بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى. ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان چىڭخەي بوز ئېتى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. بۇ جايدىن قوتاز كۆپ چىقىدۇ، قۇشلار ئىچىدە شاتۇتى ئەڭ كۆپ.

داتۇڭ يىللىرى (مىلادىيە 535 ـ يىلدىن 551 ـ يىلغىچە) نىڭ ئوتتۇرىسىدا كۇالۈي يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات ـ قوي ھەم كالا قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. ئەمما يەنىلا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق قىلىشنى توختاتمىدى. چېگرا رايونلار كۆپ قېتىم ئۇنىڭ بالايىئاپىتىگە ئۇچرىدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فېيدى (بىكار قىلىنغان پادىشاھ) نىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 553 ـ يىلى)، جۇ تەيزۇ (يۈۋېن تەي) زور قوشۇننى باشلاپ گۇزاڭغا يېتىپ كەلگەندە، كۇالۈي قورقۇپ قېلىپ ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى كۇالۈي يەنە شىمالىي چى پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت ئورناتتى. لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى شى نىڭ تۇيغۇنلار ئەلچىسىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىنى ئالدىنئالا چارلاپ بىلىۋېلىپ، يېنىك قوراللانغان ئاتلىقلار قوشۇنىنى باشلاپ

چىقىپ، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چىچۈەن دىگەن جايدا ئۇلارغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، تۇيغۇنلارنىڭ ياندىشى ۋەزىرى قىببۇچۇبان، سانغۇنى جەپەنمى ۋە سودىگەر غۇزلاردىن بولۇپ 240 ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈپ، 600 تۇياق تۆگە ۋە قېچىرنى ھەمدە 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل يىپەك رەختلەرنى ئولجا ئالدى. ۋېي پادىشاھى گۇڭدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى)، شى نىڭ يەنە تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى بىلەن بىرلىكتە كۇالۇيگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنى تارمار قىلدى. كۇالۇينىڭ ئايالى بىلەن باللىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، زور مىقداردىكى قىممەتباھا بايلىقلار بىلەن ھەرخىل چارۋا ماللارنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ھەقتىكى ئىشلار شىنىڭنىڭ تەرجىمىھالىدا بايان قىلىنىدى. ۋۇچېڭ سەلتەنىتى (مىلادىيە 559 ـ يىلىدىن 560 ـ يىلىغىچە) نىڭ باشلىرىدا، كۇالۇي يەنە لياڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. لياڭجۇ ئايماق بېگى شى يۇنباۋ جەڭدە ئۆلدى. پادىشاھ خېلەن شياڭ، يۈۋېن گۇيگە قوشۇن باشلاپ چىقىپ كۇالۇي ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. كۇالۇي ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى گۇاڭدىڭ ۋاڭى بىلەن جۇڭلىيۇ ۋاڭىنى ئەۋەتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. خېلەن شياڭ قاتارلىقلار ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، گۇاڭدىڭ ۋاڭى قاتارلىقلار قېچىپ كەتتى. خېلەن شياڭ قاتارلىقلار يەنە تۇيغۇنلارنىڭ تاۋياڭ، خۇڭخېدىن ئىبارەت ئىككى شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ جايدا تاۋجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتتى. باۋدىڭ يىللىرى (مىلادىيە 561 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كۇالۇي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى. تيەنخې يىللىرى (مىلادىيە 566 ـ يىلىدىن 572 ـ يىلىغىچە) نىڭ



بېشىدا، تۇيغۇنلارنىڭ لۇڭخې ۋاڭى موچاڭ قول ئاستىدىكى ئاھالىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايوندا فوجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىندى. تيەنخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، كۇالۇي يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى.

پادىشاھ جۇۋۇدىنىڭ جيەندې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 576 ـ يىلى) تۇيغۇنلارنىڭ دۆلىتىدە زور مالىمانچىلىق يۈز بەردى. جۇ گاۋزۇ (يۈۋېن يۇڭ) شاھزادىنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. چوڭ قوشۇن چىڭخەي كۆلىدىن ئۆتۈپ، فۇچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. كۇالۇي يوشۇرۇن قېچىپ كەتتى. شاھزادە ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، قايتىپ كەلدى. كېلەركى يىلى (مىلادىيە 577 ـ يىلى) ئۇلار يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى. شۈەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) تۇيغۇنلارنىڭ جاۋ ۋاڭى ئالوتۇن كېلىپ ئەل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇيغۇنلارنىڭ ئوردىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ، سوۋغات تەقدىم قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

قوچۇ ئەسلىدە ئالدى قوس خانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جاي ئىدى. شەرق تەرىپى چاڭئەندىن 4900 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت دورغاپى ۋە ۋۇجى چېرىكچى بەگلىرى مۇشۇ جايدا تۇرغانىدى. جىن سۇلالىسى بۇ جايدا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. جاڭ گۇي[6]، لۈي گۇاڭ[7]، جۇرجى مونسۇن قاتارلىقلار خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالغان چاغلاردا ھەممىسىلا بۇ جايغا ۋالىي تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كەن شۇاڭ ۋە جۇرجى ئۇرغۇلار ئۆز ئالدىغا مۇۋەققەت ۋالىي بولۇپ تۇرغان. جۇرچى ئۇرغۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جۇرجانلار ئۇنىڭ ئىنىسى

جۇرچى ئارگۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كەن بوجۇنى قوچۇ خانى قىلىپ تىكلىگەن. قوچۇ خانى دەپ ئاتاش ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ باشلانغان. كەن بوجۇنىڭ جىيەن ئوغلى كەن شۇگۇينى قاڭقىللار ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ مېڭمىڭ بىلەن مارۋلار كەينى - كەينىدىن قوچۇ خانى بولۇشقان. ئەمما ئۇلار قوچۇدىكى شەھەرلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن چۇجيانى قوچۇ خانى قىلىپ تىكلىگەن. چۇجيانىڭ تەخەللۇسى لىڭفېڭ بولۇپ، جىنچېڭ ۋىلايىتىنىڭ يۇجۇڭ دېگەن يېرىدىن. بورۇن مارۇ خانىنىڭ قولىدا ئوڭ قول دورغاپ بولغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندىنىڭ تەيخې يىللىرى (مىلادىيە 477 - يىلىدىن 499 - يىلىغىچە) نىڭ ئاخىرىدا قوچۇ خانى بولغان. چۇجيا ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چۇجيەن قوچۇغا خان بولدى.

قوچۇ خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە 300 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 500 چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خانلىق ئىچىدە جەمئىي 16 شەھەر بار ئىدى. ئەمەلدارلاردىن خاندىن تۆۋەندە بىر ۋەزىر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىكى باش ۋەزىر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئىككى بەگ بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا خانىنىڭ شاھزادىلىرى ئىدى. بىرى يارغول بېگى، يەنە بىرى تېرىلغۇ يەر بېگى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلاردىن قالسا ئوڭ - سول باسقاق بېگى بار ئىدى. ئۇلاردىن تۆۋەندە سەككىز دورغاپ بار ئىدى. ئۇلار ئەمەل - مەنسەپ پىرقىسى، ئىبادەتخانا پىرقىسى، خەزىنە پىرقىسى، ئوزۇق - تۈلۈك پىرقىسى، قوناق - مېھمانلار پىرقىسى، قائىدە - مۇراسىم پىرقىسى، ئاۋام - لەشكەر پىرقىسى قاتارلىقلارغا مەسئۇل دورغابلار ئىدى. ئۇلاردىن تۆۋەندە يەنە ئەلەم ئورناتقۇچى سانغۇن،



يىراقتا ھەيۋە كۆرسەتكۈچى سانغۇن، دەريادىن ئۆتكۈچى سانغۇن، ئوردا ئىشلىرى سانغۇنى، داۋالغۇشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلاردىن قالسا يەنە سەككىز ئەمىرلەشكەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دورغاپلارنىڭ ياردەمچىلىرى ھېسابلىناتتى، يەنە يانداش بەگ مۇھەررىرى، باش دەپتەردار، مۇلازىم بەگ قاتارلىقلار بولۇپ، ئەمەلدارلىق دەرىجىلىرى بىرىدىن - بىرى تۆۋەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. ئەڭ تۆۋەندە يول باشلىغۇچى ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ئەمەلدارلار ئۈچۈن يول باشلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى خان ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. كىچىك ئىشلارنى بولسا، ۋەلىئەھد ۋە ئىككى بەگ ئەھۋالغا قاراپ، ھەرقانداق چاغدا ھۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەھۋاللار ئېنىق پەرقلەندۈرۈلۈپ، خاتىرە قالدۇرۇلاتتى. ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دەرھال يوق قىلىناتتى. كىتابلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دائىملىق ساقلىنىدىغان ھۆججەت ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى يوق ئىدى. ئەمەلدارلار گەرچە دەرىجىلىرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلىق مەھكىمىلىرى يوق ئىدى. پەقەت ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوردا بارگاھىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، پۈتكۈل ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردە نوپۇس مەھكىمىسى، سۇ ئىشلىرى مەھكىمىسى، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. ھەربىر شەھەرگە مەخسۇس ئەمىرلەشكەر، يانداش بەگ ئەۋەتىلىپ، شۇلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇلارغا شەھەر ئامباللىرى دەپ نام بېرىلگەنىدى. كىيىنىش ۋە ياسىنىش جەھەتتە، ئەرلەر غۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە كىيىنەتتى،

ئايالىلارنىڭ كىيىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئايالىلارنىڭ كىيىنىشىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن ئوقيا، قىلىچ، قالقان، ساۋۇت، نەيزە قاتارلىقلار بار ئىدى. يېزىقىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. قوشۇمچە يەنە غۇزلار يېزىقىنى ئىشلىتەتتى. «ماۋچاڭ - ماۋخېڭ نەزمىلىرى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ۋاپانامە» قاتارلىق كىتابلار بار ئىدى. خەلپەتلەرگە شاگىرتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تالىپلارغا يۇقىرىقى كىتابلاردىن دەرس ئۆتۈلەتتى. گەرچە بۇ كىتابلارنى ناھايىتى راۋان ئوقۇسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي غۇز تىلىنى ئىشلىتەتتى. باج - سېلىق جەھەتتە، مەلۇم نىسبەت بويىچە يۇقىرىغا پۇل (كۈمۈش) تاپشۇراتتى. ئەگەر پۇلى بولمىسا، كاناپ تاپشۇرسىمۇ بولاتتى. قوچۇ خانلىقىنىڭ جازا قانۇنى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، نىكاھ تۈزۈمى ۋە دەپنە مۇراسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندىكىلەرنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. پەقەت ئاز بىرقىسمىلا ئوخشىمايتتى. يېرىنىڭ كۆپ قىسمى شېغىل بولۇپ، ئوت - چۆپ ئۆسمەيدىغان قاقاسلىق ئىدى. ھاۋاسى ئىسسىق بولۇپ، تېرىق ۋە بۇغدىيىدىن يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالاتتى. يىلە بېقىشقا ناھايىتى باب كېلەتتى، ھەرخىل مېۋىلەر كۆپ چىقاتتى. ياتناق دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇددى ھەسەلگە ئوخشاش تاتلىق نەرسە چىقاتتى.

چۇجىيا تەختكە چىققاندىن تارتىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ بىر ۋاسسالى سۈپىتىدە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى. داتۇڭ 14 - يىلى (مىلادىيە 548 - يىلى)، ۋېي پادىشاھلىقى قوچۇ خانلىقىنىڭ ۋەلىئەھدى چۇشۇەنشىنى قوچۇ خانى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا پەرمان



چۈشۈرگەنىدى. ۋېي پادىشاھى گۇڭدى (توغبات كو) نىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 555 - يىلى)، يەنە قوچۇ خانلىقىنىڭ زېمىن بېگى چۇماۋنى تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ قوچۇ خانى قىلىپ تىكلىدى. پادىشاھ جۇمىڭدىنىڭ ۋۇچىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 559 - يىلى)، قوچۇ خانى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى. باۋدىڭ سەلتەنىتى (مىلادىيە 561 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە) نىڭ بېشىدا، يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى.

دۇنخۇاڭ⑧دىن تارتىپ بۇ دۆلەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇملۇق ھەم قاقاس چۆللۈكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئارىلىق مۇساپىسىنى ئېنىق خاتىرىلەپ قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىگە ۋە تۆگە - ئات قاتارلىقلارنىڭ تېزەكلىرىگە قاراپ ئارىلىقنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى، يەنە تېخى جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ھەرخىل غەلىتە ھادىسىلەر دائىم پەيدا بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا سودىگەرلەر بىلەن يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىغۇرغول يولى بىلەن ماڭاتتى.

پىشامشان بولسا، قەدىمكى كىروران دۆلىتى ئىدى. شەرق تەرىپىدىن چاڭئەنگە قەدەر بولغان ئارىلىق 5000 چاقىرىم كېلەتتى. پايتەخت شەھىرىنىڭ دائىرىسى بىر كۋادرات چاقىرىم كېلەتتى. يېرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق ۋە شورلۇق يەرلەر بولۇپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ ناھايىتى ئاز ئىدى. شىمال تەرىپىدە ئاق ئەجدىھا چۆلى يولى بار ئىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى (توغبات تاۋ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە جۇرچى ئارگۇ پىشامشاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پىشامشان خانى چەرچەن خانلىقىغا قېچىپ بېرىۋالدى. پىشامشان دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە نەچچە يۈز چاقىرىمغا سوزۇلغان كۆچمە قۇملۇق

بار بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئىسسىق شامال چىقىپ، يولۇچىلار ئۈچۈن بىر ئاپەت بولاتتى. بوران چىقىدىغانلىقىنى پەقەت قېرى تۆگىلەرلا ئالدىنئالا بىلىۋالاتتى ـ دە، دەرھال چۇرقىرىشىپ بىر يەرگە توپلىنىۋېلىپ، تۇمشۇقلىرىنى قۇمغا تىقىۋالاتتى. ئادەملەرمۇ بۇ ئەھۋالنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سىگنال دەپ بىلىپ، دەرھال كىگىز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋالاتتى. بۇ خىل بوران ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن چىقاتتىمۇ، بىردەمدىلا توختايتتى. مۇبادا ئالدىنئالا مۇداپىئە تەدبىرىنى قوللانمىغاندا، كىشىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىشى ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

داتۇڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 542 ـ يىلى) پىششامشان خانىنىڭ ئاكىسى شەنمى قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنى باشلاپ ئىچكىرىگە كېلىپ ئەل بولدى.

كىنگىت دۆلىتى ئاق تاغنىڭ جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، شەرق تەرىپىدىن چاڭئەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقى 5800 چاقىرىم كېلەتتى. كىنگىت خانىنىڭ فامىلىسى لۇڭ ئىدى. يەنى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى جاڭ گۈي جازا يۈرۈشى قىلغان لۇڭ شىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختىنىڭ دائىرىسى ئىككى كۋادرات چاقىرىم كېلەتتى. خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدە توققۇز شەھەر بار ئىدى. دۆلەت كىچىك، پۇقرالىرى نامرات بولۇپ، ئەركان ـ ئەھكام، قانۇن ـ تۈزۈملىرى يوق ئىدى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن ساداق، قىلىچ، ساۋۇت، نەيزە قاتارلىقلار بار ئىدى. نىكاھ تۈزۈمى، ئۆتتۈرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكىلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. ئۆلگەن ئادەمنى ئالدى بىلەن كۆيدۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلاتتى. تەزىيە بىلدۈرۈش ۋاقتى يەتتە كۈن داۋاملىشىپ، ئاندىن بىكار قىلىناتتى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى



قىرقىما چاچ قويۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن باش زىنىتى قىلىشقانىدى. يېزىقى بىراھمان يېزىقىغا ئوخشاش ئىدى. ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە تەڭرىگە تېۋىناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇددىزىم ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلاتتى. بولۇپمۇ 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى⑨. بۇ كۈنلىرى پۈتۈن دۆلەتتە بۇددا دىنى قائىدىلىرى بويىچە تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇلۇپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلەتتى. ھاۋا كىلىماتى سوغۇق، يېرى مۇنبەت ئىدى. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن شال، تېرىق، پۇرچاق، بۇغداي قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلەتتى. چارۋاماللاردىن تۆگە، ئات، كالا، قوي قاتارلىقلار بار ئىدى. پىلە باقىسىمۇ، لېكىن مەشۇت يىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەيناق پاختا قىلىش ئۈچۈن باقاتتى. ئادەتتە ئۈزۈم ھارىقى ئىچىشنى ۋە مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرۈشەتتى، جەنۇب تەرىپىدىن 10 چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتا بىر دېڭىز (باغراش كۆلىنى دېمەكچى ـ ت) بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىق، تۇز ۋە يېكەن قومۇش كۆپ چىقاتتى. باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى)، كىنگىت خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، داڭلىق ئاتلىرىنى سوۋغا قىلدى.

كۇسەن دۆلىتى ئاق تاغنىڭ جەنۇبىدىن 170 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، شەرق تەرىپىدىن چاڭئەنگىچە بولغان ئارىلىقى 6700 چاقىرىم كېلەتتى. كۇسەن خانىنىڭ فامىلىسى پۇسبا ئىدى. يەنى كېيىنكى لياڭ پادىشاھى لۈگۇاڭ تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان سوۋانىا پۇسبانىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. پايتەخت شەھىرىنىڭ دائىرىسى 5 ـ 6 كۋادرات چاقىرىم كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى، بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنىڭ بىر قولى ۋە بىر پۇتى كېسىپ تاشلىناتتى. باج ـ سېلىق تۈزۈمى جەھەتتە،

ئىگىلىگەن يېرىگە قاراپ يەر ئىجارىسى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يېرى يوق كىشىلەردىن پۇل يىغىۋالاتتى. نىكاھ، دەپنە تۈزۈملىرى، ئۆرپ - ئادەت ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە، كىنگىت خانلىقىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتەتتى، پەقەت ھاۋا كىلىماتىنىڭ بىر ئاز ئىللىقلىقى جەھەتتىلا ئوخشىمايتتى. بۇ جايدىن ئىنچىكە يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىگىز، بۇغا تېرىسى، يۇڭ ۋە كەندىر ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان موۋۇت رەخت ۋە گىلەم، مىس جاڭ، كۆك تۇز⑩، سېرىق مەرگىمۇش، غۇز ئۇپىسى ۋە نەسىللىك ئات، ئېسىل كالا قاتارلىقلار چىقاتتى. شەرق تەرىپىدە بۇگۇر شەھىرى بار ئىدي. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئېرشى سانغۇنى لى گۇاڭلى قىرغىنچىلىق قىلغان جاي ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا جىشۇ دەرياسى دەيدىغان شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بىر چوڭ دەريا، يەنى خۇاڭخې دەرياسى بار ئىدى. باۋدىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 561 - يىلى)، كۇسەن خانى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى.

ئۇدۇن دۆلىتى پامىر تېغىنىڭ شىمالىدىن 200چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتا بولۇپ، شەرق تەرىپىدىن چاڭئەنگىچە بولغان ئارىلىقى 7700 چاقىرىم كېلەتتى. پايتەخت شەھىرىنىڭ دائىرىسى 8 - 9 كۋادرات چاقىرىم كېلەتتى. ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدە بەش چوڭ شەھەر، نەچچە ئونلىغان كىچىك شەھەرلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. باشقا جىنايەتچىلەرگە قارىتا جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن جازا بېرىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە كۇسەن خانلىقى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە، بۇددىزم ئەقىدىلىرىگە ئالاھىدە



ئېتىبار بېرەتتى. كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا مۇنارلىرى ۋە بۇددا راھىبلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇدۇن خانى بۇددا دىنىغا ئالاھىدە ئېتىقاد قىلاتتى. ھەر قېتىملىق پەرھىز كۈنلىرى جەزمەن شەخسەن ئۆزى يەرلەرگە سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ، يېمەك - ئىچمەك ھازىرلاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا زەنمو ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. بۇ ئىلگىرى ئارخات بىكشۇ بىلوجەن ئۆز پادىشاھىنىڭ گۇناھتىن ساقىت بولۇشىغا ئاتاپ ئىبادەت مۇنارى سالدۇرغان جاي ئىدى. تاش ئۇستىدە بۇددا پىجىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. قوچۇ خانلىقىنىڭ غەربىدىن تارتىپ، ھەرقايسى خانلىقلاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئورا كۆز، قاڭشارلىق كەلگەن بولۇپ، پەقەت مۇشۇ بىرلا خانلىقنىڭ ئادەملىرىنىڭ قىياپىتى غۇزلارغا ئوخشاشماستىن بەلكى كۆپىنچىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئادەملەرگە ئوخشايتتى. شەھەرنىڭ شەرقىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان بىر چوڭ دەريا بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ يەنى خۇاڭخې دەرياسى ئىدى. شەھەرنىڭ غەربىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتىمۇ بىر چوڭ دەريا بولۇپ، قارىقاش دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن تەڭ شىمالغا قاراپ ئېقىپ، يۇرۇڭقاش دېگەن جايغا كەلگەندە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ جيەندې 3 - يىلى (مىلادىيە 574 - يىلى)، ئۇدۇن خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، داڭدار ئاتلىرىنى سوۋغات قىلدى.

ئېفتالىت دۆلىتى، توخرىلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئۇدۇننىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپىدىن چاڭئەنگىچە بولغان ئارىلىق 10100 چاقىرىم كېلەتتى. پايتەختى

باداقشان شەھىرى. ئېھتىمال راجاگرا شەھىرى بولسا كېرەك. شەھىرىنىڭ دائىرىسى 10 كۋادرات چاقىرىم كېلەتتى. جازا قانۇنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. بۇلارنىڭ ئادىتىدە ئاكا - ئۇكىلار ئورتاقلىشىپ، بىر خوتۇن ئېلىشقا بولاتتى. قېيىنىسى يوق ئاياللار بېشىغا بىر مۈڭگۈز قادالغان بۆك كىيىشەتتى، ئەگەر قېيىنىلىرى بار بولسا سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىگە قاراپ، بۆكتىكى مۈڭگۈز سانىنى كۆپەيتەتتى. ئۇلار ۋەھشىي ھەم قەيسەر تەبىئەتلىك بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇدۇن، ئارساك قاتارلىق چوڭ - كىچىك 20 دىن ئارتۇق خانلىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالۋان - ياساق تۆلەيتتى.

غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 546 - يىلى) ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى. ۋېي پادىشاھى فېيدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 552 - يىلى) ۋە پادىشاھ مىڭدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 560 - يىلى) ئۇدا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى. كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كېتىشتى. ۋاسسال خانلىق سۈپىتىدە ئولپان تۆلەش ئىشلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

سوغدىيە دۆلىتى پامىر تېغىنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ئېھتىمال قەدىمكى زاماندىكى ئاۋرىسى دۆلىتى بولسا كېرەك. يەنە بىر خىل نامى سوغدىلار. پايتەخت شەھىرى بىپايان سۇ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كانكىيەنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

باۋدىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 564 - يىلى) سوغدىيە خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم



قىلدى.

ئارساك دۆلىتى پامىر تېغىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، پايتەختى ۋېيسو شەھىرى، شىمالدا كانكىيە بىلەن، غەربتە پېرسىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرق تەرىپى بىلەن چاڭئەنگىچە بولغان ئارىلىقى 10750 چاقىرىم كېلىدۇ.

شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 567 - يىلى) ئارساك دۆلىتىنىڭ خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى.

پېرسىيە دۆلىتى توخرىلارنىڭ ئايرىم نەسىللىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. پايتەختى سۇرىستان شەھىرى بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى سۇرىيە دۆلىتى ئەنە شۇ. شەرق تەرىپىدىن چاڭئەنگىچە بولغان ئارىلىقى 15300 چاقىرىم كېلىدۇ. پايتەخت شەھىرىنىڭ دائىرىسى 10 نەچچە كۋادرات چاقىرىم بولۇپ، ئاھالىسى 100 مىڭ تۈتۈندىن ئاشىدۇ. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى پارس. ئۇ ئالتۇندىن نەقىشلەنگەن قوچقار شەكىللىك كاتتا ئولتۇراتتى. بېشىغا ئالتۇن تاج ئورنىتىلغان بۆك كىيەتتى. ئۇچىسىغا كىمخاب تون كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توقۇلما يېپىنچا يېپىناتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەتباھا ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە، ئەرلەر قىرقىما چاچ قويۇپ، ئاق تېرە تۇماق كىيىشەتتى. ئۇچىسىغا ئويما ياقىلىق كۆڭلەك كىيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، كۆڭلەكنىڭ ئىككى يان تەرەپ ئېتىكى ئوچۇق ئىدى. ھەممىسى يېپىنچا (پىلاش) يېپىناتتى، يېپىنچىسىنىڭ جىيەكلىرىگە كەشتە ئىشلەنگەنىدى. ئاياللار ئۇچىسىغا چوڭ كۆڭلەك كىيىشىپ، چوڭ يېپىنچا يېپىنىشاتتى. چاچلىرىنىڭ ئالدى تەرىپىنى تۈگۈپ، كەينى تەرىپىنى بوش قويۇۋېتەتتى. زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەردىن نەقىش ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىلمۇ

خەلق رەڭلىك ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇ نەرسىلەرنى بىلەكلىرىگىمۇ تاقايتتى.

پادىشاھنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى 10 دىن ئارتۇق ئورۇندا خاس قەسىرلىرى بار ئىدى. بۇ خۇددى جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ پايتەختتىكى كۆچمە ساراي ۋە ئارامگاھىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھەر يىلى 4 ـ ئايدا پادىشاھ سىرتقا چىقىپ ھەرقايسى جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرگەن چاغلىرىدا مۇشۇ قەسىرلەردە قونۇپ، 10 ـ ئاي كىرگەندە ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئىچىدىن قابىلىيەتلىك بىرىنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇردە مەكتۇپكە يېزىپ، دۆلەت خەزىنىسىگە قويۇپ پېچەتلەپ قوياتتى. بارلىق ئوغۇللار ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھېچقايسىسى تەخت ۋارىسى كىم بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. پادىشاھ ئۆلگەندە، كۆپچىلىك بىرلىكتە مەكتۇپنى ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن، مەكتۇپقا كىمنىڭ ئىسمى پۈتۈلگەن بولسا، شۇ ھامان ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەيتتى. باشقا ئوغۇللار بولسا چەت ـ ياقا رايونلارغا بېرىپ ئەمەلدار بولاتتى. ئاكا ـ ئۇكىلار ئىككىنچىلەپ يۈز كۆرۈشمەيتتى. پۇقرالار پادىشاھنى ھۇزان، خانىشنى فابىسە دەپ ئاتىشاتتى. پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنى بولسا شايە دەپ ئاتىشاتتى. چوڭ ئەمەلدارلاردىن مۇقتان دېگەن بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئەدلىيە، ئەرز ـ شىكايەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. نىغۇخان دېگىنى مالىيە، خەزىنە، باج ـ سېلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. دىبىيبو دېگىنى ھۆججەت ـ ماتېرىيال ۋە كۇندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئېلوخېدى دېگىنى پادىشاھنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. سابوبو دېگىنى پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىكى ھەربىي قوشۇنلارغا مەسئۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئۆزلىرىگە تەۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلار بولۇپ، ھەرقايسىسى



ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن نەيزە، قالقان، قىلىچ، قونداقلىق ئوقيا، ساداق قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇرۇش قىلغاندا، پىللارغا مىنىپ ئۇرۇش قىلاتتى. ھەربىر پىلنىڭ كەينىدىن 100 ئەسكەر ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا، ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنى خادا ياغاچقا ئېسىپ قويۇپ، ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى. جىنايىتى يەڭگىلرەك بولغانلىرىنى تۈرمىگە سولايتتى. يېڭى پادىشاھ تەختكە چىققان چېغىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋېتەتتى. يەڭگىل جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە، خۇددى چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك بۇرنىنى كېسىش، پۈتىنى چېپىپ تاشلاش ياكى ساقىلىنىڭ يېرىم تەرىپىنى چۈشۈرۈۋېتىش، بوينىغا تاختا ئېسىپ قويۇش قاتارلىق جازالارنى بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا خورلۇق ۋە نومۇس ھېس قىلدۇراتتى. ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگۈچىلەر ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە ياتاتتى. ئېسىلزادىلەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەرلەر سۈرگۈن قىلىنىپ، ئاياللىنىڭ بولسا بۇرنى ۋە قۇلاقلىرى كېسىپ تاشلىناتتى. باج ـ سېلىق جەھەتتە بولسا، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ كۈمۈش پۇل ئېلىناتتى.

ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە، ئاتەشپەرەسلىككە چوقۇناتتى. نىكاھ ئىشلىرىدا ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. بارلىق يات مىللەتلەر ئىچىدە بۇلار ئەڭ بەتبەشىرە (يىرگىنىشلىك) ئىكەن. پۇقرالارنىڭ 10 ياشتىن يۇقىرى چىرايلىق قىزلىرى بولسا، پادىشاھ ئۇلارنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ بېقىلاتتى ـ دە، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە ئىنئام قىلىپ بېرەتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى تاغلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېتەتتى. ھەممە بىر ئايغىچە ھازا تۇتاتتى. شەھەر سىرتىدا يەنە ئايرىم بىر خىل كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان

بولۇپ، ئۇلار پەقەت دەپنە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پاكىز ئەمەس دەپ قارىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئەگەر ئۇلار شەھەرگە كىرسە ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قولىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ ماڭاتتى. بۇلارنىڭ كالېندارى بويىچە 6 - ئاي يىل بېشى ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنلىرىنى ئالاھىدا ئەتىۋارلايتتى. بۇ ئىككى كۈندە، ئاۋام پۇقرالار ۋە شۇنىڭدىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، بىريەرگە جەم بولۇشۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، پۈخادىن چىققۇچە تاماشا قىلىشاتتى. يەنە ھەريىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھەممە ئادەم ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى.

ھاۋا كىلىماتى ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، ھەركىم ئۆز ئۆيلىرىدە زاپاس مۇز ساقلايتتى. يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر باشلاپ كېلىنگەن سۇ بىلەن سۇغىرىلاتتى. بۇ ئەلدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۆي ھايۋانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەن. پەقەت شال بىلەن تېرىقلا يوق ئىكەن. بۇ جاينىڭ ئات ۋە تۆگىلىرى ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، ھەتتا بەزى دۆلەتمەن كىشىلەر نەچچە مىڭ تۇياقتىن ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ جايدىن يەنە ئاق پىل، شىر، تۆگىقۇش تۇخۇمى، مەرۋايىت، قارا مەرۋايىت، ئەينەك، مارجان، كەھرىۋا، سىر، ھېقىق، خرۇستال (گۆھەر)، يېشىل مەرۋايىت، ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، ئالماس، گۈلسۈرۈخ، پولات، مىس، قەلەي، قىزىل لاك، سىماب، دۇردۇن، كىمخاب، ئاق خەسە، سارجا، يۇڭ ئەدىيال، گۈللۈك سىپتا يۇڭ ئەدىيال، قىزىل بۆكە تېرىسى ھەمدە لاۋاندا، كۇركۇم، رەيھان،



زىراۋەندى قاتارلىق خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر، قارىمۇچ، پىلپىل، ياۋا ھەرە ھەسلى، تەبىئىي خورما، قىياق، ھېلىلە، ۋۇشىزى، كۆك تۇز، سېرىق مەرگىمۇش قاتارلىق نەرسىلەر چىقاتتى.

ۋېي پادىشاھى فېيدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 552 - يىلى) پېرسىيە پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەقدىم قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب 907 - بەتتىن 920 - بەتكىچە)

---

① چىگۇ ( 契骨 ) — قەدىمكى قەبىلە نامى. كېيىن خاككاس، قىرغىز دەپ ئاتالغان.

(«سىيۇەن» 724 -، 612 - بەتلەر ۋە «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 45 - بەت)

② خۇەيخۇاڭ ( 怀荒 ) — قەدىمكى ھەربىي قورغان نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئالتە داڭلىق قورغىنىدىن بىرى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋ جۇاڭدىنىڭ يۇڭئەن يىللىرىدا (مىلادىيە 528 - يىلىدىن 530 - يىلىغىچە) ئۇنى يۇيى قورغىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋېيجۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى جاڭبېي ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«سىيۇەن» 1175 - بەت)

③ ئېفتالىت ( 嚈哒 ) — قەدىمكى مىللەت نامى ھەم دۆلەت نامى. توخرىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى، يەنە بەزىلەر ئۇنى قاڭقىللارنىڭ ئەۋلادلىرى دەيدۇ. تارىختا ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. بەدەخشان شەھىرى (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا) نى پايتەخت قىلغانىدى. تەسىر كۈچى كانجۇت، ئارساك، سۇرۇغ، ئۇدۇن قاتارلىق رايونلارغا يەتكەنىدى. كېيىن ئۇنى

تۈرك قاغانى مۇقان يوقاتقان.
(«سىيۇەن» 553 ـ بەت)

④ لياۋخەي ( 辽海 ) — بوخەي دېڭىزىنىڭ قەدىمكى نامى. ئۇ ھەم لياۋنىڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.
(«سىيۇەن» 3087 ـ بەت)

⑤ لياۋدۇڭ ( 辽东 ) — لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپى. بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى، چىن سۇلالىسىدا لياۋدۇڭ ۋىلايىتى بولۇپ تەسىس قىلىنغانىدى. جىن سۇلالىسىدا لياۋدۇڭ بەگلىكى (خانلىقى) بولغانىدى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1145 ـ بەت)

⑥ جاڭ گۈي ( 张轨 ) — چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى 16 خانلىقتىن بىرى بولغان ئالدىنقى لياڭ خانلىقىنىڭ خوجايىنى. جاڭ گۈي لياڭجۇ ئايمىقىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئوغلى جاڭ ماۋ ئۆزىنى لياڭ خانى دەپ ئاتىۋالغان. كېيىن ئالدىنقى چىن خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئۇ ئىگىلىگەن زېمىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسمى ھەم شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.
(«سىيۇەن» 356 ـ بەت)

⑦ لۇ گۇاڭ ( 吕光 ) — شەرقىي جىن سۇلالىسىدىكى 16 خانلىقتىن بىرى بولغان كېيىنكى لياڭ خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. لۇ گۇاڭ مىلادىيە 386 ـ يىلى لياڭجۇ ئايمىقىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزىنى لياڭ تەڭرى خانى دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، گۇزاڭ شەھىرى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرى) نى پايتەخت قىلغانىدى. تارىختا بۇ خانلىق كېيىنكى لياڭ خانلىقى دەپ ئاتىلىپ، جاڭ گۈي قۇرغان ھاكىمىيەت بىلەن پەرقلىنەتتى.
(«سىيۇەن» 493 — بەت)



⑧ دۇنخۇاڭ ( 敦煌 ) — ۋىلايەت نامى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى تەسىس قىلغان. ۋالىي مەھكىمىسى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىدە. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق. بۇ يەر خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈشىدىغان قاتناش تۈگۈنى، غەربىي يۇرتقا كېلىدىغان يولدىكى مۇھىم جاي.
(«سىيۇەن» 1347 ـ بەت)

⑨ 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى ( 元重二月八日，四月八日 ) — قەمەرىيە 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇددا دىنىنىڭ پېشۋاسى ساكيامۇنىنى خاتىرىلەيدىغان ئىككى ھېيت بولىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (جۇڭگودىكى بۇددا ئېتىقادچىلىرى بۇ ۋاقىتنى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دەپ بىلگەن) ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانىك كۈنى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، بۇددا ئېتىقادچىلىرى بۇ ئىككى كۈندە كاتتا دىنىي ئىبادەت مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.
(«دىنلار ھەققىدە لۇغەت» 552 ـ بەت)

⑩ كۆك تۇز ( 绿盐 ) — بىر خىل دورا نامى. تەبىئىي چىققىنى تاش توپىسىدىن پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قارا كۆك بولۇپ، يامغۇر ياغقان كۈنلىرىمۇ ھۆل بولماي قۇرۇق تۇرىدىكەن. جۇڭيى تېۋىپلىرى ئۇنى پارس كۆك تۇزى دەپ ئاتايدۇ.
(«سىيۇەن» 3553 ـ بەت)

## «سۇينامە» 1 ـ جىلد

# سۇي پادىشاھى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە I

پادىشاھ گاۋزۇ، يەنى سۇي ۋېندى ياڭ جيەن، 24 يىل تەختتە ئولتۇردى. كەيخۇاڭ (مىلادىيە 581 — 600 ـ يىللار) ۋە رېنشۇ (مىلادىيە 601 — 604 ـ يىللار) دىن ئىبارەت ئىككى يىلنامىنى قوللاندى.

كەيخۇاڭ تۇنجى يىلى (581 ـ يىل 5 ـ ئاي) 4 ـ ئايدا جىخۇ② لار سەپەرۋەر قىلىنىپ سەددىچىن سېپىلى ياسالدى، قۇرۇلۇش 20 كۈندە تاماملاندى.

(ئەسلىي كىتاب، 15 ـ بەت)

كەيخۇاڭ تۇنجى يىلى 8 ـ ئايدا، تۈركلەرنىڭ ئاپار قاغانى③ ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلدى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرى پادىشاھ سۇي ۋېندى ھەربىي يۇرۇش ئەمىر لەشكىرى، شاد ـ خاتىرجەملىك ئەركانىبېگى يۈەنشىنىڭ باشچىلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، چىڭخەيدىكى تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەم تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 15 ـ بەت)

كەيخۇاڭ تۇنجى يىلى 9 ـ ئايدا، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى④ ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 15 ـ بەت)



كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇلۇغ سانغۇن خەن سېڭشۇ جىتۇ تېغى⑤ دا تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ئالىي دۆلەت ئەركانى لى چۇڭمۇ خېبېي تېغىدا تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 16 — 17 ـ بەتلەر)

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تۈرك قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئالىي دۆلەت ئەركانى لى چۇڭ مايىدا تۈرك قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 17 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سۇي پادىشاھى ۋېندى تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ۋەلىئەھد ياڭ يۇڭنى شيەنياڭدا قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئەۋەتتى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، پادىشاھ سۇي ۋېندى تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن چىنيۈەن ئەركانىبېگى يۈ چىڭزېنى ⑥خۇادا قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئەۋەتتى. شۇ كۈنى تۈركلەر جۇپەن دېگەن يەرگە بېسىپ كىردى، ھەربىي يۇرۇش باشبۇغى داشى چاڭرۇ ⑦قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىققان بولسىمۇ، تۈركلەر تەرىپىدىن يېڭىلدى.

كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 583 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۈركلەر چېگرىغا بېسىپ كىردى.

(ئەسلىي كىتاب، 18 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۇيغۇنلار لىنتاۋ⑧غا بېسىپ كىردى.

كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭ ⑨بەيداۋ يولىدا تۈرك قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.
كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، تۈركلەر سۈي پادىشاھى ۋېيدىنى زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى.
كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى لى خۇاڭ مونا كېچىكىدە تۈرك قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.
كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى دۇرۇگدىڭ ⑩ لياڭجۇ ئايمىقىدا تۈرك ۋە تۇيغۇن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.
كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى.
كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى لياڭ يۈەن قوشۇن باشلاپ ئېرخان تېغىدا تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ مەشھۇر خانىنىڭ كاللىسىنى ئالدى.
(ئەسلىي كىتاب، 19 ـ بەت)
كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ۋېيدى دىۋان بەگ، سول قول ياندىش ۋەزىر گاۋجيۇڭ⑪ بىلەن ھۆدەيچى نازىر يۈ چىڭزېنى ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى قىلىپ تەيىنلەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نىڭجۇ ئايمىقى⑫ ۋە يۈەنجۇ ئايمىقى⑬دىن قوشۇن باشلاپ، غوزلارغا ئىككى يولدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.
(ئەسلىي كىتاب، 20 ـ بەت)
كەيخۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 584 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، تۈركلەرنىڭ سۇنى قەبىلىسىدىن ئەر ـ ئايال بولۇپ بىرتۈمەندىن كۆپرەك ئادەم كېلىپ تەسلىم بولدى.
يەنە شۇ ئايدا، تۈرك قاغانى ئاشىنادەنجۇ ⑭قەبىلىسىنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى.
كەيخۇاڭ 4 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (مىلادىيە



584 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) ، سۈي پادىشاھى ۋېيدى شاد ـ خوراملىق سارىيىدا تۈرك، كورىيە، تۇيغۇن ئەلچىلىرىنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.
كەيخۇاڭ 4 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، قىتان ئاقساقىلى باغادۇر⑮ ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشنى ئۆتۈندى. پادىشاھ سۈي ۋېيدى ئۇنىڭغا ئۇلۇغ سانغۇن دەپ ئۇتۇغات بەردى.
(ئەسلىي كىتاب، 21 ـ بەت)
كەيخۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 585 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، قىتان ئاقساقىلى تومىد ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى؛
(ئەسلىي كىتاب، 22 ـ بەت)
كەيخۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 585 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، ئۇلۇغ سانغۇن يۈەن چى تۈركلەرنىڭ ئاپار قاغانىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 22 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 5 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى سۈي پادىشاھ ۋېيدىگە مەكتۇپ يوللاپ، بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
(ئەسلىي كىتاب، 23 ـ بەت)
كەيخۇاڭ 5 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىشبارا قاغان ئوغلى كۇخجېن تېكىننى پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.
كەيخۇاڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 586 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تاڭغىتلار، چاڭلار بەيئەت قىلىپ كەلدى.
كەيخۇاڭ 6 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئوردا تۈركلەرگە كالېندار تارقىتىپ بەردى.
(ئەسلىي كىتاب، 23 ـ بەت)
كەيخۇاڭ 6 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ ئىشباراقاغانى ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 24 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 587 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، ئون نەچچە تۈمەن قۇرامىغا يەتكەن ئەر ئىشقا سېلىنىپ، سەددىچىن سېپىلى ياسالدى، ئىش 20 كۈن داۋاملاشتى.

كەيخۇاڭ 7 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى يارلۇق ⑯تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، مانا بۇ دۇلان قاغاندۇر.

(ئەسلىي كىتاب، 25 ـ بەت)

---

①سۈي پادىشاھى گاۋزۇ ( 隋高祖 ) — يەنى سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەن (مىلادىيە 541 — 604 ـ يىلى). خۇايىندىن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇايىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا). ئەسلىي شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىغا ئەمەلدار بولۇپ، باش ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، سۈي ئەركانبېگى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ دادىڭ 1 ـ يىلى شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنى قۇرغان. يەتتە يىلدىن كېيىن كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى، توققۇز يىلدىن كېيىن چېن پادىشاھلىقىنى يوقاتقان بولۇپ، شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن كېيىنكى 200 نەچچە يىللىق پارچىلىنىش ۋەزىيىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ تەختتە 24 يىل ئولتۇردى. كەيخۇاڭ (مىلادىيە 581 — 600 ـ يىللار) ۋە رېنشۇ (مىلادىيە 601 — 604 ـ يىللار) دىن ئىبارەت ئىككى يىلنامىنى قوللاندى.

(«سىيۈەن» 3286 ـ بەت)

② جىخۇ ( 稽胡 ) — قەدىمكى مىللەت نامى، يەنە سەنخۇ (تاغلىق غۇزلار)، بۇلوجى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار جەنۇبىي ھونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 52 ـ يىلى قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلىرى بۈگۈنكى سەنشى ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي تاغ جىلغىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.



ئۇلار جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە پات ـ پات قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

(«سىخەي» 1755 ـ بەت)

③ئاپار قاغان ( 阿波可汗 ) — يەنى تالاچ، مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى. كېيىن غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولغان.

(«سۈينامە. شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دىن)

④ئىشبارا قاغان ( 沙钵略可汗 ) — تۈركلەرنىڭ قاغانى، ئىل قاغاننىڭ ئوغلى، تولۇق نامى ئىل كۈلۈگ شادباغا ئىشبارا قاغان. دەسلەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پاراكەندىچىلىك سالغانىدى، سۈي پادىشاھى ۋېندى توغرا سىياسەت قوللانغانلىقتىن، سۈي سۇلالىسىغا ئەل بولغان.

(«سۈينامە. شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دىن)

⑤جىتۇ تېغى ( 鸡头山 ) — كۈكتۈڭ تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«سىيۈەن» 3317 ـ بەت)

⑥يۈ چىڭزې ( 虞庆则 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، ئەمىرلەشكەر. مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى، ئوڭ قول يانداش بەگ بولغان. تۈرك قاغانى ئىشبارا سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئالىي دۆلەت ئەركانى، لۇ ئەركانبېگى دېگەن مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن.

(«سۈينامە. يۈ چىڭزېنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑦داشى چاڭرۇ ( 达奚长儒 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى. 15 ياشتا خان مەپىسىنى قوغدىغۇچى كاھبەگ بولۇپ، كېيىن ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھارۋا ـ ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن

بولغۇچى، چىڭئەن ۋىلايەت كىنەزى بولغان. سۇي پادىشاھى ۋېندى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك ئۇلۇغ سانغۇن، جىچۈن ۋىلايىتى كىنەزى بولۇپ تەيىنلەنگەن. تۈركلەر جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، ئۇ 2000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك تۈرك قوشۇنىغا زەربە بېرىپ، قاراقچىلارنى چېكىندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن نىڭجۇ ئايماق بېگى، لۇجۇ ئايماق بېگى، ئاخىرى جىڭجۇ ئايمىقى باشبۇغى بولۇپ 36 ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا باشبۇغ بولغان.
(«سۇينامە. داشى چاڭرۇننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑧لىنتاۋ ( 临洮 )— يەر نامى. چىن سۇلالىسىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغانىدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ئۇ تاۋشۇي دەرياسىغا يېقىن بولغاچقا، مۇشۇ نامدا ئاتالغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشيەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1290 - بەت)

⑨ياڭ شۇاڭ ( 杨爽 ) — سۇي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەننىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. مەرتىۋىسى ۋېيجاۋۋاڭى بولۇپ، ئۇلۇغ سانغۇن، چىنجۇ ئايمىقى باشبۇغى، كېيىن يۇجۇ ئايماق بېگى، ئەركانبەگ بولغان. ئىشبارا قاغاننىڭ قوشۇنى بىلەن بەيداۋدا جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. ئەمىرلەشكەر بولۇپ تۈركلەرنى قاچۇرۇۋەتكەن.
(«سۇينامە» 44 - جىلد)

⑩دۇرۇڭدىڭ ( 窦荣定 ) — سۇي سۇلالىسىنىڭ بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇنى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدا شەرقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، يىجۈن ناھىيىسى ۋېكوندى بولغان. شىمالىي چى سۇلالىسىنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن مەھكىمىدار، تۇرشاۋۇل سانغۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن. تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى بولۇپ، توققۇز باشبۇغنى ۋە پىيادە - ئاتلىق 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئەنفېڭ ۋىلايىتى كىنەزى بولۇپ، ئوڭ قانات بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن، كېيىن سول قانات بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن، جىجۇ ئايماق بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۆلگەندە چىن دۆلەت ئەركانى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن.



(«سۇينامە» 39 - جىلد)

⑪گاۋجيۇڭ ( 高颎 )— سۇي سۇلالىسىنىڭ دىۋان بەگ سول قول ياندىش ۋەزىرى. چېن سۇلالىسىنى يوقىتىش جېڭىدە ئۇ ھەرقايسى قوشۇننى تىزگىنلەپ، جىن ۋاڭى ياڭ گۇاڭنىڭ ھەربىي يۈرۈش دورغاپى بولغان. تۈركلەر چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ئۇ ئەمىرلەشكەر بولۇپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان.
(«سۇينامە» 41 - جىلد)

⑫نىڭجۇ ئايمىقى ( 宁州 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى نىڭشەن ناھىيىسى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1088 - بەت)

⑬يۈەنجۇ ئايمىقى( 原州 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گۇيۈەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 683 - بەت)

⑭ئاشىنا دەنجۆ ( 阿史那担厥 ) — تۈرك ئىشبارا قاغاننىڭ كىچىك ئاتىسى، ئەسلىي تۈركلەرنىڭ غەربىي تەرەپتىكى قاغانى ئىدى. دۇلان قاغان ئۆلگەندىن كېيىن دەنجۆ ئۆزىنى بۇقا قاغان دەپ ئاتاپ، دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان. سۇي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا چۆللۈككە قېچىپ كەتكەن.
(«سۇينامە» 84 - جىلد)

⑮باغادۇر( 英贺弗 ) — قىتانلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى. ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ سۇي سۇلالىسىگە ئەل بولغان.
(«سۇينامە» 84 - جىلد)

⑯يارلۇق ( 雍虞闾 ) — تۈركلەرنىڭ دۇلان قاغاننىڭ ئىسمى، ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى. كىچىك دادىسى چۇلۇق قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە چىققان.
(«سۇينامە» 84 - جىلد)

## «سۈينامە» 2 ـ جىلد

## سۈي پادىشاھى گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە Ⅱ

كەيخۇاڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 590 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، تۈيغۇنلار پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى.

كەيخۇاڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، قىتانلار ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 35 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 591 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تۈيغۇنلار ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ خىل گۆھەر بىلەن بېزىتىلگەن قاچا تەقدىم قىلدى.

كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ۋېندى تىلماچىبەگ ①روگەنچانى تۈيغۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ يارلۇق قاغانى تېكىننى ② پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

(ئەسلىي كىتاب، 36 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 592 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، تۈركلەر پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى.

كەيخۇاڭ 12 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، تۈيغۇنلار



ۋە موغاللار بىرلا ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

كەيخۇاڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 593 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، قىتان، قۇمۇق، ئاقشىد (بولشار) ۋە شىرۋىلار بىر ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 37 — 38 ـ بەتلەر)

كەيخۇاڭ 13 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، موغاللار ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 38 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 595 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، تۈيغۇنلار پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 40 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۇلۇغ ئادالەت ئەركانبەگى شى ۋەنسۈي قوشۇن باشلاپ شىنىڭ ③ چياڭلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى.

(ئەسلىي كىتاب، 41 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 42 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، تۈركلەر پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى.

(ئەسلىي كىتاب، 43 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ قاغانى تولشاد ④قەبىلىسىنى باشلاپ ئوردىغا بەيئەت قىلدى. تاردۇش قاغان⑤ قوشۇن باشلاپ چېگرا ـ قورۇلغا تاجاۋۇز قىلدى. ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى شى ۋەنسۈي ئوردىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى.

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ۋېندى تولشاد قاغانغا چىمەن قاغان دەپ نام بەردى.

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ قاغانى دۇلان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 44 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 20 ـ يىلى (مىلادىيە 600 ـ يىلى) نورۇز ئېيىنىڭ 21 ـ كۈنى، پادىشاھ سۈي ۋېندى رېنشۇ قەسرىگە ئورۇنلاشتى. تۈرك، كورىيە، قىتانلار ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

كەيخۇاڭ 20 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، تۈركلەر چېگرا قورۇلىغا بېسىپ كىردى. پادىشاھ سۈي ۋېندى جىن ئەركانبېگى ياڭ گۇاڭ ⑥ نى ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى قىلىپ، قوشۇن باشلاپ بېرىشقا ئەۋەتتى. ئۇ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 45 ـ بەت)

رېنشۇ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى) نورۇز ئېيىدا، تۈركلەر خېڭئەن ⑦گە بېسىپ كىردى. ئوردا دۆلەت ئەركانى خەن خۇڭنى قوشۇن باشلاپ توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. سەركەردە ـ سەرۋازلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

رېنشۇ تۇنجى يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تۈركلەردىن ئەر ـ ئايال توققۇز تۈمەن كىشى ئەل بولۇپ كەلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 46 ـ بەت)



---

①تىلماچبەگ ( 通事舍人 ) — ئەمەل نامى. جىن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. يەنى قارا دىۋاندىكى ھۆدەيچىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن زاكاتچى بىلەن تىلچىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، تىلماچبەگ قىلىپ تەسىس قىلىغان. مەخسۇس كىتاب ـ ھۆججەتلەرنى پادىشاھقا تۇشۇپ كۆرسىتىدۇ.

(«سىيۈەن» 3065 ـ بەت)

②تېكىن ( 特勤 ) — تۈركلەر قاغانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى «تېكىن» دەپ ئاتايتتى.

(«سىيۈەن» 1986 ـ بەت)

③شىنىڭ ( 西宁 ) — يەر نامى، هازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى شىچاڭ شەھىرى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە ئايماق تەسىس قىلىنغانىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 358 ـ بەت)

④تولشاد قاغان ( 突利可汗 ) — تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانىنىڭ ئوغلى. ئىسمى رامغان، يەنى دۇلان قاغان يارلۇقنىڭ ئىنىسى. دەسلەپتە شىمال تەرەپتە تۇراتتى، سۈي پادىشاھ جەمەتىدىن ئەنيى مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. يارلۇق قاغانىنىڭ ھەسەت قىلىشىغا ھەم تاردۇش قاغانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ سۈي سۇلالىسىغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەن. كېيىن تاردۇش سۈي قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى تەرىپىدىن چىمەن قاغان دەپ نام بېرىلگەن.

(«سۈينامە» 84 ـ جىلد)

⑤تاردۇش قاغان ( 达头可汗 ) — تۈرك قاغانى، ئىسمى ئاشىنا دەنجۈ، 1 ـ جىلدنىڭ 14 ـ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن)

⑥ياڭ گۇاڭ ( 杨广 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى. سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئەسلى جىن ۋاڭى بولۇپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن، ئالىي دۆلەت ئەركانى. چېن سۇلالىسىنى يوقاتقاندا ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى بولغان، ئاكىسى ياڭ يۇڭ ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ۋەلىئەھد بولۇپ، رېنشۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 604 ـ يىلى) پادىشاھ تەختىگە چىققان. تەختتە 14 يىل ئولتۇرۇپ، سىرتقا كۆپ قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. ئويۇن ـ تاماشا ئۇچۇن جەنۇبقا بېرىشقا نۇرغۇن ھاشار كۇچىنى ئىشقا سېلىپ چوڭ قانال قازدۇرغان. زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق يىغىپ، خەلققە زۇلۇم سالغان ۋە مال ـ مۇلۇككە زىيان يەتكۈزگەنلىكتىن، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن. شۇ ۋەجىدىن سۈي سۇلالىسى گۇمران بولدى.
(«سۈينامە» 3 ـ، 4 ـ جىلدلار)

⑦خېڭئەن ( 恒安 ) — خېڭشەن، خېڭجۇ دەپمۇ ئاتىلاتتى. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جېڭدىڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا.
(«سىخەي» 867 ـ بەت)



## «سۈينامە» 3 ـ جىلد

# سۈي پادىشاھى ياڭدى ھەققىدە خاتىرە I

كەيخۇاڭ 9 ـ يىلىدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا تۈركلەر پات ـ پات چېگرا قورۇلىغا بېسىپ كىردى. ياڭ گۇاڭ يەنە ھەربىي يۈرۈش ئەمىر لەشكىرلىككە تەيىنلىنىپ، لىڭۋۇ①دىن قوشۇن تارتىپ زەربە بېرىشكە ئاتلانغان بولۇپ، ھېچقانداق غەنىيمەت ئالماي قايتىپ كەلدى.

رېنشۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 604 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، نەچچە ئون تۈمەن قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ئىشقا سېلىنىپ خەندەك كولىتىلدى. بۇ خەندەك لۇڭمېن② دىن شەرقتە چاڭپىڭ ③، جىجۇن ④گە تۇتاشتۇرۇلدى، ئاندىن لىنچىڭ قوۋۇقى ⑤دىن خۇاڭخې دەرياسى ئارقىلىق جۇنيى⑥، شياڭچېڭ ⑦ غا يەتكۈزۈلۈپ، تۇپتوغرا شاڭلو ⑧غا تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قورۇل تەسىس قىلىنىپ، مۇداپىئەگە ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 60 ـ بەت)

دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى ئوغلى تۇتۇق تېكىننى پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

دايې 3 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى ئاكىسىنىڭ ئوغلى بىلگە تېكىننى پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

(ئەسلىي كىتاب، 68 ـ بەت)

دايې 3 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى (مىلادىيە 607 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)، تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى يۇلىندىكى ۋاقىتلىق ئوردىغا كېلىپ پادىشاھ سۈي ياڭدىنى زىيارەت قىلدى.

دايې 3 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، تۇيغۇن ۋە قوچۇ بىرلا ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

دايې 3 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، چىمەن قاغان مەكتۇپ يوللاپ، كىيىم ـ كېچەكنى ئۆزگەرتىشنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرىدەك قالپاق كىيىپ، كەمەر باغلاشنى تەلەپ قىلدى.

دايې 3 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى يۇلىن شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە شاھانە چېدىر قۇرۇپ، چېدىر ئەتراپىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلەرنى تۇرغۇزۇپ، ھەر خىل تۇغلارنى ئېسىپ، چىمەن قاغان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن 3500 ئادەمگە زىياپەت بەردى. زىياپەت داۋامىدا ھەر خىل سېرك مۇزىكىلىرى چېلىنىپ، كەيپىيات جانلاندۇرۇلدى. سۈي پادىشاھ ياڭدى يەنە چىمەن قاغاننى ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنى دەرىجىسى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تارتۇقلىدى.

دايې 3 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، مىليونلىغان قۇرامىغا يەتكەن ئەر يۆتكەپ كېلىنىپ، غەربتە يۇلىندىن شەرقتە زىخې دەرياسى [9] غىچە بولغان سەددىچىن سېپىلى ياسالدى. قۇرۇلۇش 10 كۈندە ئاخىرلاشتى، ئۆلگەنلەر 10 دىن 5 ـ 6 نىسبەتنى ئىگىلىدى.

دايې 3 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى يۇلىندىن قايتتى. 9 ـ كۈنى چىمەن قاغان چېدىرىنى بېزەپ، يوللارنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ



مەيىسىنى كۈتۈپ تۇردى. پادىشاھ ئۇنىڭ چېدىرىغا كىردى، چىمەن قاغان قەدەھ كۆتۈرۈپ ياڭدىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. زىياپەتتە سۈي پادىشاھى ياڭدىغا بېرىلگەن تارتۇق ئىنتايىن مول بولدى. پادىشاھ كورىيە ئەلچىسىگە: «سەن قايتىپ بېرىپ پادىشاھىڭغا ئېيت، ئوردىغا بالدۇرراق زىيارەتكە كەلسۇن. بولمىسا، مەن چىمەن قاغان بىلەن بىللە ئۇنىڭ زېمىنىغا چارلاشقا بارىمەن» دېدى. شياۋ خانىشمۇ مەلىكە يىچېڭ[10] نىڭ چېدىرىدا مېھمان بولدى. چىمەن قاغان ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرىگە قايتىپ كەتتى.

(ئەسلىي كىتاب، 70 ـ بەت)

دايې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 608 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى ئوردا ئەمەلدارى سۈي يى (سۈي جۈنيىنى كۆرسىتىدۇ) نى تۈركلەرنىڭ چۇلۇق قاغان [11] نىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، چىلانتورۇق ئۇچقۇرئات بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

دايې 4 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى مەيە بىلەن ۋۇيۈەن[12] گە كەلدى ھەمدە چېگرا قورۇلىدىن چىقىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

دايې 4 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: «تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى تولشاد قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ چېگرا قورۇللىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئوردىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىپ، بىر نەچچە قېتىم زىيارەتكە كەلگەندە، تۈركچە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆزگەرتىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىگىزدىن تام ۋە چېدىر ياسىغاندا، ئىنتايىن كۆرۈمسىز ۋە ئاددىي بىلىنىدىكەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى بولسا ئۈستى لىم، ئاستى

لەمپىلىك بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرىنىڭكىدەك ئۆيلەردە تۇرۇشنى خالايدىكەن. مەن چىن قەلبىمدىن ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمەن. ھازىر ۋەنشۇ قاراۋۇلىدا شەھەر بىنا قىلىپ ئۆي سېلىشىمىز، چىمىلدىق، كارىۋات، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ ئامالنىڭ بارىچە تەمىنلىشىمىز، ئىشنى چوقۇم ياخشى جەھەتتىن ئويلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا پېقىرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىدۇ»

دايې 4 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، 20 نەچچە تۈمەن قوشۇن يوغان ئەتكەن ئەر ئىشقا سېلىنىپ، يۈگۈ ⑬دىن شەرققە قاراپ سەددىچىن سېپىلى ياسالدى.

دايې 4 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، سول قانات قورغان سانغۇنى يۈ ۋېنشۇ مەنتۇ ⑭ ۋە چىشۈي ⑮دە تۈيغۇن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 71 ـ بەت)

دايې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 609 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، قوچۇ، تۈيغۇن، ئۇيغۇرلار پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا بىرلا ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتتى.

دايې 5 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى مەپە بىلەن دىداۋغا ⑯ كېلىپ تۇرغاندا، تاڭغۇتلار، چياڭلار يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

دايې 5 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، تۈيغۇنلار خانى قەبىلىسىنى باشلاپ فۇيۈەن دەرياسى ⑰دا مۇداپىئە قىلىپ تۇردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھۆدەيچى يۈەن شۇنى قوشۇن باشلاپ جەنۇب تەرەپتە جىنشەن تېغى ⑱نى ساقلاشقا، لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋان بېگى دۈەن ۋېنجېننى قوشۇن باشلاپ شىمال تەرەپتە شۆشەن تېغى ⑲نى ساقلاشقا، ئوردا مىراقۇلى ياڭ يىچېننى قوشۇن باشلاپ شەرقتە پىپا جىلغىسى ⑳نى ساقلاشقا، سانغۇن جاڭ شۇنى قوشۇن باشلاپ غەربتە نىلىك چوققىسىنى ㉑



ساقلاشقا بۇيرۇپ، تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇردى. تۈيغۇنلار خانى فۇيۈن㉒ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئون نەچچە چەۋەندازنى باشلاپ فۇيۈەن دەرياسىدىن يوشۇرۇن قېچىپ چىقتى ھەمدە داڭلىق ۋاڭىنى ئۆزىنىڭ سىياقىدا ياساندۇرۇپ، چېۋوجېن ㉓نى چېكىنىپ تۇرۇپ قوغداشقا ئەۋەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئوڭ قانات ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى جاڭ دىڭخېنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جاڭ دىڭخې كۆكرەك كېرىپ چىقىپ يەكمۇ يەك ئېلىشىۋاتقاندا، قاراقچىلار تەرىپىدىن قەتلىئام قىلىندى. ئورۇنباسار سانغۇن ليۇ ۋۇجيەن دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، نەچچە يۈز لەشكىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. 5 ـ كۈنى، تۈيغۇنلارنىڭ خانى شەنتۇ مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ كۈچى تۈگىگەنلىكتىن، نائىلاج ئەر ـ ئايال بولۇپ ئون نەچچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى.

دايې 5 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قوچۇ خانى چۈبويا سۈي پادىشاھى ياڭدىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. ئۇيغۇرغوللۇق تۇتۇق شاد قاتارلىقلار غەربىي يۇرتنىڭ نەچچە مىڭ چاقىرىم زېمىننى تەقدىم قىلغىلى كەلدى. پادىشاھى سۈي ياڭدى ئىنتايىن خۇش بولدى.

(ئەسلىي كىتاب، 73 ـ بەت)

دايې 6 ـ يىلى (مىلادىيە 610 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، شېرۋى، سالايا ㉔ بىرلا ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 75 ـ بەت)

دايې 7 ـ يىلى (مىلادىيە 611 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى چۇلۇق تۇرى سۈي

پادىشاھى ياڭدىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. پادىشاھ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.
(ئەسلىي كىتاب، 76 ـ بەت)

---

①لىڭۋۇ (灵武) — يەر نامى. خەن سۇلالىسىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغان. سۈي سۇلالىسىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى لىڭۋۇ ناھىيىسىدە.
(«سىيۈەن» 3346 ـ بەت)

②لۇڭمېن (龙门) — تاغ نامى، شەنشى ئۆلكىسى خەنچېڭ ناھىيىسى بىلەن سەنشى ئۆلكىسى خېجىن ناھىيىسىنىڭ ئارىسىدا. بەزى كىتابلاردا خېجىن ناھىيىسىمۇ «لۇڭمېن» دەپ ئاتالغان.
(«سىيۈەن» 3690 ـ بەت)

③چاڭپىڭ (长平) — ناھىيە نامى، ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى گاۋپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«سىيۈەن» 3224 ـ بەت)

④جىجۈن (汲郡) — يەر نامى، جىن سۇلالىسىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«سىيۈەن» 1725 ـ بەت)

⑤لىنچىڭ قوۋۇقى (临清关) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىغە 20 چاقىرىم كېلىدىغان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1292 ـ بەت)

⑥ جۈنيى (浚仪) — ناھىيە نامى، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرى بولىدۇ.



(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 719 ـ بەت)

⑦شياڭچېڭ (襄城) — ۋىلايەت نامى، جىن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ ۋىلايىتىدىكى شياڭچېڭ ناھىيىسى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1299 ـ بەت)

⑧شاڭلو (上洛) — يەر نامى. جىن سۇلالىسىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شاڭشيەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 43 ـ بەت)

⑨زىخې دەرياسى (紫河) — قەدىمكى دەريا نامى، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خولۇنگىر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى خۇنخې دەرياسى بولىدۇ. چىڭشۇيخې ناھىيىسىدە خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(«سىيۈەن» 2418 ـ بەت)

⑩مەلىكە يىچېڭ (义成公主) — سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ جەمەتداش قىزى بولۇپ، تۈرك چىمەن قاغان ئوردىغا ئەل بولغاندىن كېيىن سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭغا پادىشاھ جەمەتىدىن مەلىكە ئەنىينى خوتۇنلۇققا بەرگەنىدى. مەلىكە ئەنيى ۋاپات بولۇپ، مەلىكە يىچېڭنى چىمەن قاغانغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. چىمەن قاغان ئۆلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە مەلىكە يىچېڭ يەنە چىمەن قاغاننىڭ ئوغلى ئىشبەگ قاغانغا قاتۇن بولدى.
(«سۈينامە» 84 ـ جىلد)

⑪چۇلۇق قاغان (处罗汗河) — غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى، ئىسمى دامان، ئىل قاغاننىڭ ئوغلى، ئاپىسى شياڭ خانىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى شياڭ خانىمنىڭ پايتەختتە قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلغىنىغا ئاساسەن، چۇلۇققا ئەلچى ئارقىلىق خىزمەت ئىشلەپ، ئەل قىلغان. كېيىن سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ كورىيە ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان. پادىشاھ ئۇنىڭغا ھازارنا قاغان دەپ نام

بەرگەن ھەم مەلىكە شىنجىنى خوتۇنلۇققا بەرگەن. سۇي سۇلالىسى گۇمران بولغاندا، تۈركلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.
(«سۇينامە» 84 ـ جىلد)

⑫ۋۇ يۈەن (五原) — ناھىيە نامى، خەن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 113 ـ بەت)

⑬يۈگۈ (榆谷) — جىلغا نامى، چوڭ ـ كىچىك ئىككى جىلغا بولۇپ، ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى گۈيدې ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«سىيۈەن» 1608 ـ بەت)

⑭مەنتۇ (曼头) — تاغ نامى ھەم شۇ تاغ تۇرغان ناھىيىنىڭ قەدىمكى نامى. ئورنى بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خېيۈەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 810 ـ بەت)

⑮چىشۈي (赤水) — قەدىمكى شەھەر، سۇي سۇلالىسىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ئەينى ۋاقىتتا تۇيغۇنلار سالغان شەھەر.
(«سىيۈەن» 2977 ـ بەت)

⑯دىداۋ (狄道) — ناھىيە نامى، خەن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. خارابىسى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسىدە.
(«سىيۈەن» 1994 ـ بەت)

⑰فۇيۈەن دەرياسى (覆袁川) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى چىلىيەن ناھىيىسى دائىرىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 1332 ـ بەت)



⑱جىنسەن تېغى (金山) — قەدىمكى تاغ نامى، ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى خۇاڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 538 ـ بەت)

⑲شۆسەن (雪山) — ئادەتتە چىلەنسەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە مەخسۇس چىڭخەي ئۆلكىسى مېنيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قارلىق تاغنى كۆرسىتىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 869 ـ بەت)

⑳پىپا جىلغىسى (琵琶峡) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى مېنيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، يەنى پىپا تېغى ئىچىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 924 ـ بەت)

㉑نىلىڭ چوققىسى (泥嶺) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى گاڭچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 524 ـ بەت)

㉒فۇيۈن خان (伏允汗) — تۇيغۇنلارنىڭ خانى. سۇي ئوردىسىغا ئەل بولغانىدى، كېيىن يۈز ئۆرۈپ پات ـ پات چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغان. سۇي قوشۇنى ۋە تېلىلارنىڭ بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، تاڭغۇتلاردىن پاناھ ئىزدەپ بارغانىدى. كېيىن سۇي سۇلالىسى گۇمران بولغان چاغدا، ئەسلىي زېمىنىنى يەنە ئىگىلىۋالغان.
(«سۇينامە» 83 ـ جىلد)

㉓چېۋوجېن تېغى (车我贞山) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى چىلىيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 419 ـ بەت)

㉔سالايا (赤土) — قەدىمكى زاماندا جەنۇبىي دېڭىزدىكى قەدىمكى دۆلەت نامى. ئۇ دۆلەتنىڭ تۇپرىقى قىزىل بولغاچقا، قىزىل تۇپراق دەپ ئاتالغانىكەن.
(«سىيۈەن» 2976 ـ بەت)

## «سۈينامە» 4 ـ جىلد

# سۈي پادىشاھى ياڭدى ھەققىدە خاتىرە Ⅱ

دايې 8 ـ يىلى (مىلادىيە 612 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادىشاھ سۈي ياڭدى جەمەتداش قىزى خۇارۇڭ مەلىكىنى قوجۇ خانىغا ياتلىق قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 83 ـ بەت)

دايې 10 ـ يىلى (مىلادىيە 614 ـ يىلى) نورۇز ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى جەمەتداش قىزىغا شىنيى مەلىكە دېگەن نام ئىنئام قىلىپ، ئۇنى تۈركلەرنىڭ ھازارنا ① قاغانىغا ياتلىق قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 85 ـ بەت)

دايې 10 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، كېبۇت خانى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 87 ـ بەت)

دايې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) نورۇز ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنى كۈتۈۋالدى. تۈرك، سىللا②، موغال، بىداس، قۇتىل، چەنيۇ، ئۇناخ، بولار، تۇخارىستان، كۇلۇجەن، ئاخرۇم، موغار، قۇنتال، پەرغانە، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، بۇخارا، كېبۇت، خىۋە، مائۇرا،



بېتىك، يىمى، بامىيان، گازناخ، قىتان قاتارلىق دۆلەتلەر ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ زىيارەت قىلدى ھەم يېڭى يىلنى قۇتلۇقلىدى.
(ئەسلىي كىتاب، 88 ـ بەت)

دايې 11 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى شىمالدىكى چېگرا قورغانلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. 6 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ شىبى قاغانى نەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، يىچېڭ مەلىكە ئادەم ئەۋەتىپ سۈي ياڭدىغا بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەقەنى ئالدىن مەلۇم قىلىپ قويدى. 11 ـ كۈنى، پادىشاھ مەپە بىلەن يەنمېنگە يېتىپ كەلدى. 11 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ زور قوشۇنى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، سەركەردە ـ سەرۋازلار جەڭدە كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولدى. پادىشاھ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. پۇقرالار پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ③ فەن زىگەيىنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ توسۇشى بىلەن، ئۇ بۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى. چى بېگى ياڭ جيەن شۇ چاغدا ئارقا سەپ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ گوشيەن④ ناھىيىسىنى قوغداۋاتاتتى. 22 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى يارلىق چۈشۈرۈپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىنىڭ لەشكەر ئېلىشىنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ئامباللىرى تېز لەشكەر باشلاپ كېلىپ، دۆلەتنى مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇردى.

دايې 11 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تۈرك قوشۇنلىرى يەنمېنگە بولغان مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ، چېكىنىپ كەتتى.
(ئەسلىي كىتاب، 89 ـ بەت)

دايې 13 ـ يىلى (مىلادىيە 617 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ

25 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تەيپۇەنگە بېسىپ كىردى. تاڭ ئەركانبېگى لى يۈەن قوشۇن باشلاپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 92 ـ بەت)

سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەت ئۇزۇن مۇددەت ئەمىن تاپىدۇ، ھەربىي كۈچىمىز كۈچىيىدۇ دەپ قاراپ، چىن پادىشاھى شىخۇاڭ، خەن پادىشاھى ۋۇدىلارنىڭ ئىشلىرىغا زوقمەنلىك بىلەن ھەۋەس قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن، زور كۆلەمدە ئوردا ـ ساراي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، راھەت ـ پاراغەتلىك، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەلچىلىككە بارىدىغان ئەمەلدارلارنى تەشكىللەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئىنتايىن يىراق رايونلارغا ئەلچىلىككە ماڭدۇردى. چەت ئەل ئەلچىلىرى ئوردىغا زىيارەتكە كەلگەندە، ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئىنئام بەردى. ئەگەر بەيئەت قىلمىسا، قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. يۈمېن، ليۇچېڭنىڭ ⑤ تاشقىرىدا ھەدەپ ھەربىيلەرنى بوز يەر ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.
(ئەسلىي كىتاب، 94 ـ بەت)

---

①ھازارنا قاغان ( 曷萨那可汗 ) — غەربىي تۈرك چۇلۇق قاغانى دامان سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ كورىيىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭغا ھازارنا قاغان دېگەن نامنى بەرگەن.
(«سۈينامە» 84 ـ جىلد)

②سىللا ( 新罗 ) — چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى قەدىمكى دۆلەت نامى. شۇ يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا (ھازىرقى كورىيە دائىرىسىدە)، كېيىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمرانلىق



قىلغان.
(«سىيۇەن» 1376 ـ بەت)

③پۇقرالار پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ( 民部尚书 ) — ئەمەلىيەتتە نوپۇس ـ تۈتۈن پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى. سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندى كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 583 ـ يىلى) خەزىنە مەھكىمىسىنى پۇقرالار پىرقىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. دىۋان بېگى شۇ پىرقىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى. خەزىنە، پۇقرالار ئىشلىرى، ئالتۇن ـ پۇل ئىشلىرى ۋە ئامبارلارنى باشقۇرىدۇ.
(«سىيۇەن» 1703 ـ بەت)

④گوشيەن ( 崞县 ) — كونا ناھىيە نامى، خارابىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خۇنيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«سىيۇەن» 935 ـ بەت)

⑤ليۇچېڭ ( 柳城 ) — سۈي سۇلالىسىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ شەھىرىنىڭ دائىرىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 633 ـ بەت)

## «سۇينامە» 7 ـ جىلد

### قائىدە ـ يوسۇن تەزكىرىسى Ⅱ

كېيىنكى جۇ ئوردىسى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە، يەنە غۇز تەڭرىسىگە ① چوقۇنۇش تۇزۇمىنى ئورنىتىپ، پادىشاھ ئۆزى نەزىر ـ چىراغ قىلىشقا بىۋاستە قاتناشتى. مۇراسىم ئۇسۇلى پۈتۈنلەي غۇزلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە بولدى، بۇ خىل يول قويۇش ۋە رەزىل ھالەتلەرنى بايان قىلىشقا ئامالسىزمەن.

(ئەسلىي كىتاب، 149 ـ بەت)

① غۇز تەڭرىسى (胡天) — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە زوروئاستىرىدىنى (ئاتەشپەرەسلىك) غۇز تەڭرىسى ياكى غۇز ئىلاھى دەپ ئاتىلاتتى. «ۋېينامە. خانىشلار تەرجىمىھالى» دا، «غۇز خانىشى سۇڭ گاۋشەن تېغىغا چىققاندا قائىدە ـ تۈزۈمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، بىراق غۇز ئىلاھى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس» دېگەن خاتىرىلەر بار. بۇ دىنىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەنگەنلىكىنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(مۇھەررىردىن)



## «سۇينامە» 8 ـ جىلد

### قائىدە ـ يوسۇن تەزكىرىسى Ⅲ

دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى)، سۇي پادىشاھى ياڭدى يۇلىندە تۇرۇۋاتقاندا، تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى ۋە غەربىي يۇرتتىكى غۇزلارنىڭ بەگلىرى پادىشاھنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى. سۇي پادىشاھى ياڭدى ھەربىي كۈچىنىڭ ھەيۋىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ۋەزىپىلىك ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

(ئەسلىي كىتاب، 167 ـ بەت)

# «سۈينامە» 12 ـ جىلد

## قائىدە ـ يوسۇن تەزكىرىسى VII

ۋەلىئەھد مەھكىمىسىنىڭ نەسەبداشلار خەلپىتى ① قوشۇمچە مۇراسىم دىۋانى يانداش ۋەزىرى ② پېي جېڭ مەلۇماتنامە سۇنۇپ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى ۋېي پادىشاھلىق قۇرغاندىن بۇيان، ھەر خىل تۈزۈملەر مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. تيەنشىڭ يىلى (مىلادىيە 398 ـ يىلى) خان مەپىسىدىن باشلاپ ياسالغان ـ تىكىلگەن مۇراسىم ھارۋىسى ۋە كىيىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى غۇزلارنىڭ تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىنغان. شۇڭا، ۋېي شۇ③ بۇ ئىشنى باھالاپ، ئۇنى قەدىمكى تۈزۈمگە خىلاپ، دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى دۇرۇس. جۇ سۇلالىسى ئالدىنقىلارنىڭكىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتىن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى رەسمىيەتچىلىك بولۇپ، داۋاملىشىپ كەلگەن. داشياڭ④ نىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 579 ـ يىلى)، جۇ پادىشاھى جىڭدى تەختكە چىقىپ، كونا تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى، خان ھارۋىلىرىنىڭ جابدۇقلىرى ۋە كىيىم فورمىلىرى ئىنتايىن بىمەنە ۋە غەلىتە ئىدى. ھازىر بولسا بۈيۈك سۈي سۇلالىسى سەلتەنەت دەۋرى، ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنى ئۆلگە قىلىپ، ئومۇمەن ۋېي، جۇ ئىككى سۇلالىنىڭ قائىدىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان خان ھارۋىلىرىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس ۋەزىپىلىك ئەمەلدارلارغا ئاللىقاچان پەرمان بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن سەلتەنەت كىيىمى ۋە مۇراسىم جابدۇقلىرى يەنىلا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن



پادىشاھلارنىڭ يازلىق مۇراسىم كىيىمى⑤ نىڭ تېگى قىزىل رەڭدە، كۆزلۈكى كىيىدىغان تەقىيە⑥ ئاق رەڭدە بولۇۋاتىدۇ. بۇ قائىدە ـ مۇراسىم بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ئىشلار بولۇپ، چوقۇم بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش كېرەك»

(ئەسلىي كىتاب، 254 ـ بەت)

دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى) نورۇز ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى، ئوردىدا نۇرغۇن قەدىمىي بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىندى. شۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ قاغانى رامغان سۈي پادىشاھى ياڭدىنى زىيارەت قىلغىلى كېلىپ، بۇ قەدىمىي بۇيۇملارنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئىنتايىن ھەۋەس كېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇراسىم قالپىقىنى كىيىشنى تەلەپ قىلدى، سۈي پادىشاھى ياڭدى رۇخسەت قىلمىدى. رامغان قاغان سول قول كېڭەش بېگى رۇدەن تېكىن ئاشىنا جىيۇ، سول قول كېڭەش بېگى تېكىن ئاشىنا يىشۇن ۋە ئوڭ قول كېڭەش بېگى ئېلتەبىر شۇخۇشى قاتارلىقلارنى باشلاپ ئوردىغا مەلۇمەتنامە سۇنۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قالپاق ـ كىيىملىرىدىن ئىنئام بېرىشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. پادىشاھ مەلۇماتنامىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، نيۇخۇڭ قاتارلىق كىشىلىرىگە: «ئىلگىرى خەن سۇلالىسىدە مۇراسىم تۈزۈملىرى ئورنىتىلىشقا باشلىغاندا، خەن پادىشاھى گاۋزۇ ئاندىن پادىشاھنىڭ قانداق ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن. ھازىر كىيىنىش قائىدىلىرى ئىنتايىن مۇكەممەل بولدى، تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىنى يەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇراسىم كىيىملىرىگە ئالماشتۇرالىغىدەك بولدى، بۇمۇ سىلەرنىڭ تۆھپەڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن نيۇخۇڭ، لۇكەي، شۇ شەنشىن، يۈ شىجى، خې چۇ، يەن پى قاتارلىق كىشىلەرگە مەنسەپ دەرىجىسىگە قاراپ

ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر نەچچە توپتىن كىمخاب ئىنئام بېرىلىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي ھەرىكەتلەرنى نىسبەتەن كۆپەيتىپ، سۇي پادىشاھى ياڭدى ئۆزى يەنە دائىم كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىدىغان بولدى. بىللە چىققان قەلەمدار بەگلەر پەقەت قاپلىما⑦ كىيىم كىيىدىغان بولدى. بىراق بۇ كىيىم بىلەن قوشۇن ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش ئەپسىز بولۇپ قالغاچقا، دايې 6 - يىلى (مىلادىيە 610 - يىلى) دىن كېيىن، پادىشاھ يارلىق بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئومۇمەن پادىشاھقا ئەگىشىپ يىراققا چىقىدىغان قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگلەر بىردەك ھەربىي فورما كىيىشى كېرەك. ھەربىي فورما ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلەر بويىچە بەش خىل رەڭدە تىكىلسۇن». بەشىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمەلدارلار ئومۇميۈزلۈك سۆسۈن رەڭلىك ئۈزۈن يەكتەك كىيىدىغان بولدى. ئالتىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئەمەلدارلار قىزىل، يېشىل ئىككى خىل رەڭلىك، دورغا - مۇلازىملار قارا كۆك رەڭلىك، ئاۋام ئاق رەڭلىك، قاسساپ ۋە سودىگەرلەر قارا رەڭلىك، لەشكەرلەر سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيىدىغان بولدى.

(ئەسلىي كىتاب، 279 - بەت)

---

①ۋەلىئەھد مەھكىمىسىنىڭ نەسەبداشلار خەلپىتى ( 太子庶子 ) — ۋەلىئەھد مەھكىمىسىگە تەۋە ئەمەلدار، ۋەلىئەھدنىڭ توقاللىرىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. جىن، سۇي سۇلالىلىرىدا تەسىس قىلىنغان.
(«سىيۇەن» 1010 - بەت)



②مۇراسىم دىۋانى ياندىش ۋەزىرى ( 太常少卿 ) — ئەمەل نامى. خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان. ئوردىدىكى توققۇز دىۋاندىن بىرى، يەنى ئەدەپ - قائىدە، نەزمە - مۇزىكا، نەزىر - چىراغ قاتارلىق مۇراسىمغا ئائىت ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مۇراسىم دىۋان بېگىنىڭ ياردەمچى.
(«سىيۇەن» 704 - بەت)

③ ۋېي شۇ( 魏收 ) — شىمالىي چى ۋە شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقلىرىدا ئۆتكەن كىشى(مىلادىيە 505 — 572 - يىللىرى) دىۋان ۋازارىتى ئوڭ قول ئورۇنباسارى بولغان. «ۋېينامە» نىڭ تۈزگۈچىسى.
(«سىيۇەن» 3500 - بەت)

④داشياڭ ( 大象 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جىڭدى يۈۋېن يەننىڭ يىلنامىسى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامى» 106 - بەت)

⑤پادىشاھلارنىڭ يازلىق مۇراسىم كىيىمى ( 立夏衮衣 ) — پادىشاھ، بەگ ۋە تۆرىلەرنىڭ ئەجدىھا نەقىشلىك مۇراسىم كىيىمى، يەنى ھەر يىلى باش ياز كۈنى پادىشاھ بارلىق چوڭ ۋەزىرلەرنى باشلاپ پايتەختنىڭ جەنۇبى ئەتراپىدا ياز كۈنلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان رەسمىيەتتە كىيىدىغان كىيىم.
(«سىيۇەن» 2337 - بەت)

⑥كۈزلۈكى كىيىدىغان تەقىيە ( 迎秋平冕 ) — پادىشاھلار كىيىدىغان مۇراسىم قالپىقى. ئوتتۇرا كۈز (تاۋۇز چاغىنى) كىيەتتى. تۆپىسى تاختايلىق، ئالدى ئېگىز، كەينى پەس، ئالدىدا تىزىپ قويغان 12 تال مەرۋايىتلىق يىپ ئېسىلىپ تۇراتتى.
(«سىيۇەن» 321 — 323 - بەتلەر)

⑦قاپلىما كىيىم ( 袴褶 ) — چەۋەندازلار فورمىسى. ئۈستى قىسمى پۈرمىلىك كالتە يەكتەك، ئاستى قىسمى پۇشقىقى بوغىۋېتىلگەن شالۋۇر

بولۇپ، ئات مىنىشكە قۇلايلىق ئىدى. بۇ خىل كىيىم خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگىچە يۇقىرى - تۆۋەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىپ، ھەربىي فورما ياكى ساياھەت كىيىمى بولۇپ قالغانىدى.

(«سىيۇەن» 2822 - بەت)



# «سۈينامە» 14 - جىلد

## نەغمە - ناۋا تەزكىرىسى II

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھــى تەيۋۇدى تونغبات تاۋ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى تىنچىتقاندا، جۇرچــى مونسۇننىڭ نەغمىچىلىرىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئومۇمەن چوڭ مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇلارنىڭ نەغمە - ناۋاســـىنـــى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتەتتى. بۇ خىل نەغمە - ناۋانىڭ ئەۋج ئالغان دەۋرى دەل پادىشاھ فۇجيەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. لۈي گۇاڭ ئەسكەر چىقىرىپ غەربىي يۇرتنى تىنچىتقاندا، رۇڭ - غۇزلارنىڭ نەغمىسىگە ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، چىن رايونى ①ناخشا - كۈيلىرىنى قوشقان، مانا بۇ ئاتالمىش «چىن - خەن نەغمىسىدۇر».

(ئەسلىي كىتاب، 313 - بەت)

پارچە - پۇرات نەغمە - ناۋالاردىن غەربىي لياڭ دۆمباقلىق ئۇسسۇلى②، ئەل نەغمىسى ③، كۇسەن نەغمىسى قاتارلىقلار بار. بىراق، نەي، بەرباب، بەش تارلىق مۇزىكا چېلــىــش ۋە ناخشا - ئۇسسۇللارنى پادىشاھ ۋېنشاڭدى دەۋرىدىن بۇيان ھەممە پادىشاھلار ياخشى كۆرۈپ كەلدى. خېچىڭ يىللىرىدىن كېيىن ئۇنى ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. كەنجى پادىشاھ پەقەت غۇز - رۇڭلارنىڭ نەغمە - ناۋالىرىغا ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقاتتى. شۇڭا ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ چېلىش ئۇسسۇلى ۋە دۇرۇس بولمىغان شەھۋانىي

مۇزىكا ـ ناۋالار بەس ـ بەس بىلەن بارلىققا كەلدى ھەم مۇڭلۇق كۈي بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ساۋمياۋدا، ئەن ۋېيرو، ئەن ماجۇ④دەكلەر ۋاڭ ـ بەگلەردىن بولۇۋېلىپ مەھكىمىگە ئىگە بولدى. ئۇلار گەرچە ئەمەلدارلىق كىيىم ـ كېچىكى كىيىپ يۈرگەن بولسىمۇ، رەققاسلارنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. كەنجى پادىشاھ ئۆزىمۇ مۇزىكا ئىشلەپ، ساز چالالايتتى. تاماشا قىلىپ ئويناپ كەتسە، ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيتتى. كەنجى پادىشاھ سازغا ماس قىلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يېڭى كۈيلەرنى تاللاپ «غەم ـ قايغۇسىز مۇزىكا» نى ئىشلىدى. بۇنىڭ كۈيى مۇڭلۇق، بەكمۇ غەمكىن ـ ھەسرەتلىك بولغاچقا، غۇزلاردىن بولغان ھەرەم ئاغىلىرىنى ماسلىشىپ تەڭ ئېيتىشقا بۇيرۇسا، ناخشا ئېيتىپ بولۇپ مۇزىكا ئاياغلاشقاندا، يىغلىماي قالمايتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يولدا ماڭغان چاغلاردىمۇ، ئات مىنىپ تۇرۇپ بۇ مۇزىكىنى چېلىپ تۇراتتى. مانا نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئارتۇقچە كۆلكىنىڭ كەينى يىغا دېگەندەك، ئۇنىڭ دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن مۇنقەرز بولدى.

(ئەسلىي كىتاب، 331 ـ بەت)

تەيزۇ غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە نائىبلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، قوچۇ پادىشاھلىقى سەممىيەتلىك بىلەن بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەغمىچىلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۆگىنىش، مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مېھمان كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلىدىغان بولدى. تيەنخې 6 ـ يىلى (مىلادىيە 571 ـ يىلى) غا كەلگەندە، جۇ پادىشاھى ۋۇدى يۈۋېن يۇڭ يات قوۋملارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىنى ئورۇندىن چىقىرىپ تاشلىۋەتتى. كېيىن جۇ پادىشاھى ۋۇدى شىمالىي دىلاردىن سوۋغا ـ تويلۇق بىلەن خانىش ئېلىپ ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۇلار



ئېرىشكەن كانكىيە، كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنىڭ نەغمىلىرىگە ئېرىشتى ۋە بۇلارغا بۇرۇنقى قوچۇ نەغمىلىرىنى قوشۇپ، ھەممىسىنى نەغمە ـ ناۋا بېگى⑤ نىڭ ئۆگىنىپ، مەشىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ نەغمىلەرنىڭ ئاھاڭلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ، قوڭغۇراق قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى كىرگۈزۈلدى. ھەمدە «جۇ يوسۇنلىرى»⑥ نىڭ تۈزۈمىگە ئاساسەن، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى نەغمە ـ ناۋا سارىيىغا تىزىپ قويۇلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 342 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) سابىق چى بەگلىكىنىڭ شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ يانداش ۋەزىرى ⑦ يەن جىتۈي مەلۇماتنامە سۇنۇپ مۇنداق دېدى: «مۇراسىم ئىشلىرى خاراب بولۇش، نەغمە ـ ناۋا بۇزۇلۇشتەك ئەھۋال شەكىللەنگىنىگە ئۇزۇن بولدى. ھازىر مۇراسىم دىۋانىنىڭ قېلىپلاشقان نەغمىسىدە پۈتۈنلەي غۇز كۈيلىرى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە قەدىمكى نەغمە ـ ناۋا دەستۇرى قوللىنىلسا». سۈي پادىشاھى گاۋزۇ بۇنىڭغا قوشۇلماي: «لياڭ نەغمىسى دۆلەتنى ھالاك قىلىدىغان نەغمە، ئۇنى نېمە ئۈچۈن بىز قوللىنىدىكەنمىز؟» دېدى. بۇ چاغدا يەنە جۇ سۇلالىسىنىڭ نەغمىسى قوللىنىلىۋاتاتتى، پادىشاھ نەغمىچى چى شۇتىغا نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسىنى تەكشۈرۈپ، كۈيلەرنى ئالماشتۇرۇشنى بۇيرۇدى، لېكىن نەغمە ـ كۈيلەر تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، دۆلەت ئەركانى، پېي ئەركانبېگى جېڭ يى پادىشاھقا مەلۇماتنامە سۇنۇپ، يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مۇراسىم بېگى نيۇ خۇڭ، خانزادە باش مۇدەررىسى شىن يەنزى، خانزادە ئوركانبەگ خې تۇ قاتارلىقلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ، كونا

نەغمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا كېڭىشىشنى بۇيرۇدى. بىراق، كونا نەغمىنىڭ يوقالغىنىغا ئۇزۇن بولغانلىقى، كۈيلەردە غەلىتە ئاھاڭ ۋە خاتالىقلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، نەچچە يىل كېڭىشىپمۇ خۇلاسە چىقىرالمىدى. سۈي پادىشاھى گاۋزۇ قاتتىق خاپا بولۇپ: «مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن تەختكە چىققىنىمغا يەتتە يىل بولدى، ئەجەبا، نەغمە - ناۋا مەھكىمىسى يەنىلا ئىلگىرىكى سۇلالىلەر ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇمدىكەن؟» دېدى. ئۇ ياساۋۇل تەپتىش بېگى لى ئېغا نيۇ خۇڭ قاتارلىقلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، جازاغا تارتىشنى بۇيرۇدى. لى ئې پادىشاھقا مەلۇماتنامە سۇنۇپ: «جۇ پادىشاھى ۋۇۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ، جۇ گۇڭ جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چېڭۋاڭغا نائىبلىق قىلغاندا، ئاندىن قائىدە - يوسۇن ۋە نەغمە - ناۋالارنى تۈزۈشكە باشلىغان. بۇ بىر چوڭ ئىش، ئۇنى تېزلا پۈتتۈرگىلى بولمايدۇ» دېدى. سۈي پادىشاھى گاۋزۇ بۇ مەلۇماتنامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقى ئاستا - ئاستا بېسىلدى.

جۇ پادىشاھى ۋۇدى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، سۇجۇپ ئىسىملىك كۇسەنلىك بىر كىشى جۇ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ خانىشى بولغان تۈرك خانىكەسى بىلەن بىللە جۇ دۆلىتىگە كەلدى. ئۇ باربىت چېلىشقا ئۇستا ئىدى، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغاندا، ئۇ چالغان مۇزىكىنىڭ بىر كۈيىدە يەتتە خىل ئاھاڭ بارلىقى بىلىنەتتى. جېڭ يى سۇجۇپتىن سورىۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئاتام غەربىي يۇرتتىكى ۋاقتىدا، كۈي ئۇستازى ئىدى. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆگىتىش - مەشىق قىلدۇرۇش جەريانىدا، يەتتە خىل كۈي بايقالدى. بۇ يەتتە خىل كۈي ئارقىلىق يەتتە خىل ئاھاڭنى سېلىشتۇرسا، پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. بىرىنچى خىل كۈينىڭ نامى ‹سۇتول› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تەكشى ئاھاڭ دېيىلىدۇ؛ ئىككىنچى خىل كۈينىڭ



نامى ‹جىشى› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇزۇن ئاھاڭ دېيىلىدۇ، يەنى شاڭدياۋ دېگەنلىكتۇر؛ ئۈچىنچى خىل كۈينىڭ نامى ‹شاشى› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۈز ئاھاڭ دېيىلىدۇ، يەنى جياۋدياۋ دېگەنلىكتۇر؛ تۆتىنچى خىل كۈينىڭ نامى ‹شاخۇ جالەن› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياندۇرما ئاھاڭ دېيىلىدۇ، يەنى ئۆزگەرگەن جىدياۋ دېگەنلىكتۇر؛ بەشىنچى خىل كۈينىڭ نامى ‹شالا› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ماسلاشقۇچ ئاھاڭ دېيىلىدۇ، يەنى جىدياۋ دېگەنلىكتۇر؛ ئالتىنچى خىل كۈينىڭ نامى ‹بەنجەن› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بەشىنچى ئاھاڭ دېيىلىدۇ، يەنى جىدياۋ دېگەنلىكتۇر؛ يەتتىنچى خىل كۈينىڭ نامى ‹سىلىجيەن› بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۆۋەن مۇڭلۇق ئاھاڭ دېيىلىدۇ، يەنى ئۆزگەرگەن گۇڭدياۋ دېگەنلىكتۇر.» جېڭ يى شۇنىڭ بىلەن مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنىپ، توغرا يەتتە ئاھاڭنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى.
(ئەسلىي كىتاب، 345 — 346 - بەتلەر)

---

①چىن رايونى ( 秦地 ) — ئاساسلىقى ھازىرقى شەنشى، گەنسۇ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى «چىن» دەپ ئاتايتتى، شۇ دەۋرلەردە «چىن» ئاساسلىقى چاڭئەننى مەركەز قىلغان يۇقىرىدا ئېيتقان رايوننى كۆرسىتەتتى.
(«سىيۈەن» 2301 - بەت)

② دۇمباقلىق ئۇسسۇل ( 鼙舞 ) — قەدىمكى زاماندىكى ئۇسسۇللاردىن بىرى، ئۇسسۇلچىلار قولىدا كىچىك دۇمباقنى تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن نەغمە ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن دۇمباقنى چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. شۇ نەغمىلەر ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن كېيىن يوقاپ كەتتى.
(«سىيۈەن» 338 - بەت)

③ئەل نەغمىسى ( 清乐 ) — يەنە « 清商乐 » دەپمۇ ئاتىلاتتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى مۇشۇ نامنى بېكىتكەن. ئەل نەغمىسى قەدىمكى زاماندىكى خەنزۇلارنىڭ خەلق مۇزىكىسى، ئۇ پەقەت خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى كۈيلىرىدىن گۇڭدياۋ، شاڭدياۋ، جياۋدياۋ دېگەن ئۈچ كۈينىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شۇڭا ئەل نەغمىسى جەنۇبىي سۇلالىلەردە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋۇ نەغمىسى بولۇپ تەرەققىي قىلغان. سۇي سۇلالىسىدا ئۇ مۇراسىم دىۋانىنىڭ توققۇز كۈيىنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.
(«سىخەي» 959 ـ بەت)

④ساۋمياۋدا ( 曹妙达 )، ئەن ۋېيرو ( 安未弱 )، ئەن ماجۇ ( 安马驹 ) — بۇ ئۈچ كىشى شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سەنئەتچىلەر. ھەم ناخشىچى، ھەم ئۇسسۇلچى بولۇپ، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ كەنجى پادىشاھى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق بولغاچقا، مۇشۇ رەققاسلارنى بەگ ـ ۋاڭدەك چوڭ ئەمەلدار قىلىپ ئۆستۈرگەن.

(«شىمالىي چىنامە. رەققاسلار تەرجىمىھاللىرى» دىن)

⑤ نەغمە ـ ناۋا بېگى ( 大司乐 ) — يەنە « 大乐正 » دەپمۇ ئاتالغانىدى. قەدىمكى زاماندا نەغمە ـ مۇزىكا تەربىيىسىگە مەسئۇل بولىدىغان ئەمەلدار.
(«جۇ يوسۇنلىرى. ئەتىياز مۇراسىملىرى، نەغمە ـ ناۋا بېگى» دىن)

⑥«جۇ يوسۇنلىرى» ( 周礼 ) — «جۇ يوسۇنلىرى» ( 周礼 ) دېگەن كىتاب دەسلەپتە خەن سۇلالىسىدا بارلىققا كەلگەندە « 周官 » دەپ ئاتالغانىدى. كېيىن نامى « 周礼 » دەپ ئۆزگەرگەن. شۇنىڭ بىلەن «نەسرنامە» ئىچىدىكى «جۇ ئەمەللىرى» ( 周官 ) دىن پەرقلەندى.
(«سىيۈەن» 505 ـ بەت)

⑦شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ۋەزىرى ( 黄门侍郎 ) — خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە ھەرەم ئاغىسى بولمىغانلاردىن شىغاۋۇل



مەھكىمىسىدە ئەمەلدار بولغانلارمۇ « 黄门 » دەپ ئاتالغانىدى. بۇلاردىن شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ۋەزىرى خوجىدار ياندىش ۋەزىر قاتارلىقلار بار. ئۇلار ئوردا ئىچى، پادىشاھ قېشىغا بارالايدىغان ئەمەلدار بولاتتى.
(«سىخەي» 2051 ـ بەت)

# «سۈينامە» 15 ـ جىلد

## نەغمە ـ ناۋا تەزكىرىسى Ⅲ

ئەسلىدە كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، يەتتە قىسىملىق نەغمە تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلگەنىدى. بىرىنچى قىسىم دۆلەت نەغمىسى، ئىككىنچى قىسىم ئەل نەغمىسى، ئۈچىنچى قىسىم كورىيە① نەغمىسى، تۆتىنچى قىسىم ئەنەتكەك ② نەغمىسى، بەشىنچى قىسىم بۇخارا نەغمىسى، ئالتىنچى قىسىم كۇسەن (كۇچا) نەغمىسى، يەتتىنچى قىسىم سەمەرقەند نەغمىسى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇلى ③ (قەشقەر)، كامبۇدژا④، سوغدىيانا، پىكچى⑤، تۈرك، سىللا، ياپون قاتارلىق ئەللەرنىڭ نەغمىلىرى كىرگۈزۈلگەنىدى. كېيىن نيۇخۇڭ دۇمباقلىق ئۇسسۇل، قوڭغۇراقلىق ئۇسسۇل ⑥، ياغلىقلىق ئۇسسۇل⑦، چىۋىن قورۇغۇچلۇق ئۇسسۇل ⑧ دىن ئىبارەت تۆت خىل قەدىمكى ئۇسسۇلنى ساقلاپ قېلىپ، يېڭى كۈيلەر بىلەن بىرلىكتە بىر قاتارغا قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ: «بۇ تۆت خىل قەدىمكى ئۇسسۇل خەن، ۋېي دەۋرلىرىدىن بۇيان زىياپەت، مۇراسىملاردا قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. دۇمباقلىق ئۇسسۇل خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باجۇن ۋىلايىتى، يۇجۇ ئايمىقى ⑨ ئەتراپىدىكى ئۇسسۇل ئىدى» دېدى.

(ئەسلىي كىتاب، 376 ـ بەت)



---

①كورىيە ( 高丽 ) — قەدىمكى دۆلەت نامى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا. كېيىن ۋېي جەمەتىنىڭ چاۋشيەن دۆلىتى تەرىپىدىن قوشۇۋېتىلگەن.

(«سىيۇەن» 3483 ـ بەت)

②ئەنەتكەك ( 天竺 ) — دۆلەت نامى، هازىرقى هىندىستاننىڭ قەدىمكى نامى.

(«سىيۇەن» 687 ـ بەت)

③سۇلى ( 疏勒 ) — قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى دۆلەت نامى، هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا ئىدى.

(«سىيۇەن» 2128 ـ بەت)

④كامبۇدژا ( 扶南 ) — قەدىمكى جەنۇبىي دېڭىزدىكى دۆلەت نامى، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن تارتىپ دۆلىتىمىز بىلەن ئالاقە باغلىغان بولۇپ، دائىم بېرىش ـ كېلىش بولۇپ تۇراتتى. ئورنى هازىرقى كامبۇدژا ئەتراپىدا.

(«سىيۇەن» 1215 ـ بەت)

⑤ پىكچى ( 百济 ) — قەدىمكى دۆلەت نامى. جىن سۇلالىسى ۋاقتىدا لياۋشى ۋە جىنپىڭ ۋىلايەتلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، كېيىن كورىيە ۋە سىللا بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بەيئەت قىلدى. كېيىن تاڭ پادىشاھى گاۋزۇڭ تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئورنى هازىرقى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا.

(«سىيۇەن» 1271 ـ بەت)

⑥قوڭغۇراقلىق ئۇسسۇل ( 铃舞 ) — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە

ئۇغان، سىيانپىيلاردىن تارقىلىپ كەلگەن نەچچە ئون ئادەم ئەگىشىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل. قول - پۇت تەڭ كىلىشتۈرۈلۈپ رىتىم قوڭغۇراقنىڭكىگە تەڭ كېلىدىكەن.

(«سىيۇەن» 3218 - بەت)

⑦ ياغلىقلىق ئۇسسۇل ( 巾舞 ) — رىۋايەتلەردە، شياڭ يۈ ليۇ باڭغا زىياپەت بەرگەندە شياڭ يۈنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن شياڭ جۇاڭ قىلىچ ئۇسسۇلى ئويناپ ليۇ باڭنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتماقچى بولغان، ليۇ باڭنىڭ ئاغىنىسى شياڭ يۈنىڭ كىچىك ئاتىسى شياڭ بو ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزۇن يەڭنى ئوينىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ھەم شياڭ جۇاڭغا بىگىمگە زىيانكەشلىك قىلما دىگەن. كېيىنكىلەر شۇنى دوراپ، ياغلىقنى ئۇزۇن يەڭ ئورنىدا ئوينىتىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولغاچقا، ياغلىقلىق ئۇسسۇل دەيدىغان ئۇسسۇل پەيدا بولدى.

(«سىيۇەن» 314 - بەت)

⑧ چىۋىن قورۇغۇچلۇق ئۇسسۇل ( 拂午 ) — چىۋىن قورۇغۇچنى جابدۇق قىلىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل نامى، بۇنداق ئۇسسۇل دەسلەپتە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولغان، ئۇ يەر ئەسلىي ۋۇ بەگلىكى ئىدى، شۇڭا بۇ ئۇسسۇل يەنە ۋۇ بەگلىكىنىڭ نەغمە - ئۇسسۇلى دەپمۇ ئاتالغاندى.

(«سىيۇەن» 1235 - بەت)

⑨ يۈجۇ ( 渝州 ) — سۈي سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان، ھازىرقى چۇڭچىڭ شەھىرى بولىدۇ.

(«سىيۇەن» 1852 - بەت)



# «سۈينامە» 24 - جىلد

## ئۆزۆق - تۇلۇك تەزكىرىسى

كەيخۇاڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 608 - يىلى) تۈركلەر چېگرا قاراۋۇلىغا ھۇجۇم قىلدى، تۇيغۇنلار چېگرىغا بېسىپ كىردى، كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ھەربىي ھەرىكەتلەر ئاشلىق توشۇغۇچىلارغا ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھى ۋېندى شوجۇ ئايمىقى ① نىڭ باشبۇغى جاۋجۇڭچىڭغا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا ھەربىيلەرنى زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېگرىنىڭ ئاشلىق زاپىسىنى تولۇقلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. يەنە خېشى رايونىدا، پۇقرالارنى قەلئە ياساپ، يەر تېرىپ ئاشلىق توپلاشقا بۇيرۇدى ھەم ئاستانىدا ئۆلچەملىك ئاشلىق ئامبىرى نازارەتچىسى ② تەسىس قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 681 - بەت)

شۇنىڭ بىلەن ھەربىي بوز يەر ئېچىلەش - تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئەمەلدارى چاڭ جۈننى سالايا دۆلىتىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، روكساسالار③ نىڭ كېلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. يەنە غەيرىي رەسمىي ئوردا ئەركانى④ جاڭ جىنجۇنى ئەسكەر باشلاپ رىيو - كيۇ ⑤غا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، نەچچە تۈمەن ئادەمنى ئەسىر ئالدى. بىراق ئەسكەرلەر ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، يامان سۇپەتلىك بەزگەك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرگە مۇپتىلا بولدى. ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن، ئەسكەرلەرنىڭ 80 - 90 پىرسەنتى ئۆلۈپ كەتتى. يەنە غەربىي

يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردە قىممەت باھا نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، پېي جۈي⑥ نى جاگېي⑦ غا ئەۋەتىپ، غۇزلار بىلەن بولغان سودا - سېتىقنى نازارەت قىلغۇزدى. ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېلىدىغان زور پايدىغا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق، ئاستانىگە بېرىپ خاندانلىققا تارتۇق يوللاشقا ئۈندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ باردى - كەلدىسى ئۈزۈلمىدى. يول ئۈستىدىكى ۋىلايەت - ئايماقلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش جەريانىدا چارچاپ ھالىدىن كەتتى. ئۇ ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل - ماللار ھەددى - ھېسابسىز كۆپ بولدى.

كېيىنكى يىلى، سۈي پادىشاھ ياڭدى شىمالدىكى چېگرىنى كۆزدىن كەچۈردى. يەنە 1 مىليون پۇقرا ئىشقا سېلىنىپ، غەربتە يۈيلىن⑧ دىن شەرقتە زىخېغىچە بولغان مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سەددىچىن سېپىلى ياسالدى، پۇقرالارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلۈپ كەتتى. دايې 4 - يىلى (مىلادىيە 608 - يىلى) خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن 1 مىليوندىن كۆپرەك پۇقرا ئىشقا سېلىنىپ، چىنشۇي دەرياسىدىن جەنۇبتا خۇاڭخې دەرياسىغىچە، شىمالدا جوجۈن ۋىلايىتى ⑨ گىچە ئۆستەڭ چېپىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇرامىغا يەتكەن ئەر ئەمگەك كۈچلىرى يېتىشمىگەچكە، ئاياللارمۇ ئەمگەككە سېلىندى. دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى)، سۈي پادىشاھى ياڭدى غەربتە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايوننى كۆزدىن كەچۈردى. غەربىي يۇرتتىكى غۇز سودىگەرلىرى قىممەت باھا زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىپ، كىمخاپ تەتىللارنى ئارتىپ، ئىسرىق سېلىپ، مۇزىكا چېلىپ يول بويىدا قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھ ياڭدى ۋۇۋېي، جاگېي ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى گىرىم قىلىپ ياسىنىشقا بۇيرۇپ، يوُخادىن چىققۇچە ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئەگەر



كىيىم - كېچەك، ھارۋىلار كۆركەم بولمىسا، ھەرقايسى ۋىلايەت - ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈپ تەكشۈرۈلدى. بۇنداق چارىنى قوللىنىش غەربىي يۇرتلۇقلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇ يىلى، سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چىشۇيدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. مۇرۇن فۇيۇن⑩ ئائىلىسىدىكىلەرنى تاشلاپ، چىڭخەيگە قېچىپ كەتتى. پادىشاھ قوشۇنلىرىنى توختىتىپ، ئۇزۇلمەي ياغقان قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، دادۇبا جىلغىسى⑪ دىن ئۆتكەندە، لەشكەرلەرنىڭ 20 - 30 پىرسەنتى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ 80 - 90 پىرسەنتى ئۆلۈپ تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن خېيۈەن⑫ ۋىلايىتى، جىشى⑬ قورغىنىنى تەسىس قىلدى. يەنە غەربىي يۇرتتا شەنشەن، پىشامشان⑭، چەرچەن⑮ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىن پالانغان جىنايەتچىلەردىن چېگرا ساقلاش قوشۇنى تەشكىل قىلىندى ھەمدە ئۇلار كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىشقا سېلىندى. غەربتىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەر ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە سەپەرۋەر قىلىندى. يولنىڭ يىراقلىقى ھەم ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئاشلىق توشۇغۇچىلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئۈزۈلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى.

(ئەسلىي كىتاب، 687 - بەت)

دايې 9 - يىلى (مىلادىيە 613 - يىلى)، سۈي پادىشاھى ياڭدى يەنە گۈەنجۇڭ رايونىدىكى بايلارغا، مال - مۈلكىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئۇلاغ چىقىرىپ، ئىۋىرغول، خېيۈەن، چەرچەن قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە ئاشلىق توشۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. مال - مۈلكى كۆپلىرى نەچچە يۈز ئېشەك چىقاردى. ھەربىر ئېشەكنىڭ باھاسى بىر تۈمەن

يارماقتىن ئارتۇق پۇلغا توغرا كېلەتتى.
(ئەسلىي كىتاب، 688 ـ بەت)

---

①شوجۇ ( 朔州 ) — ئايماق نامى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان، هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شوشيەن ناھىيىسى.
(«سىيۇەن» 1483 ـ بەت)

②ئۆلچەملىك ئاشلىق ئامبىرى نازارەتچىسى ( 常平监 ) — خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، چېگرا ۋىلايەتلىرىدە ئاشلىق ئامبىرى سېلىپ، ئاشلىق ئەرزان ۋاقىتتا يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ ئامباردا ساقلاپ قويۇپ، ئاشلىق قىممەت ۋاقىتتا تاختاي باھادا سېتىپ بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنى تەڭشەيتتى. مۇشۇ ئىشلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەمەلدار ئۆلچەملىك ئاشلىق ئامبىرى نازارەتچىسى بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 982 ـ بەت)

③روكساسالار ( 罗刹 ) — بۇددا نوملىرىدىكى قەبىھ جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، روكساسالار ئەسلىي قەدىمكى ھىندىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بىرى ئىدى، ئارىيانلار ئەنەتكەككە كىرگەندىن كېيىن روكساسالارغا قەبىھ، قورقۇنچلۇق دەپ بوھتان چاپلىغانلىقتىن بۇ سۆز قەبىھ، قورقۇنچلۇق دېگەن مەنىگە ئايلانغانىدى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، روكساسالارنىڭ ئەرلىرى قارا تەنلىك، قىزىل چاچلىق، يېشىل كۆزلۈك ئىكەن، ئاياللىرى گۈزەل خانىمغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئاندىن يەۋېتىدىكەن.
(«سىيۇەن» 2486 ـ بەت).

④غەيرىي رەسمىي ئوردا ئەركانى ( 朝请大夫 ) — ھەر دەۋردىكى پادىشاھلار خىزمەتتىن چېكىنگەن ۋەزىرلەر، سانغۇنلار ۋە پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ نام بىلەن ئۇلارنى ئوردا يىغىلىشىغا قاتناشتۇراتتى. سۈي سۇلالىسىدا پادىشاھ مۇشۇ نامدىكى



تۆرگۈن پەخرىي ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلغان.
(«سىيۇەن» 718 ـ بەت)

⑤رىيو ـ كيۇ ( 琉球 ) — قەدىمكى دۆلەت نامى. بۈگۈنكى رىيو ـ كيۇ تاقىم ئارىلى، ئۇرنى مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ياپونىيىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىزدا. سۈي سۇلالىسى ۋاقتىدا بۇ دۆلەت قۇرۇلغان بولۇپ، دايىي يىللىرىدىن تارتىپ دۆلىتىمىز بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرغانىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1879 ـ يىلى) ياپونىيە رىيو ـ كيۇ دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنىڭ خانى شاڭتەينى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇ دۆلەتنى ئوكىناۋا ناھىيىسى قىلىۋالغان.
(«سىيۇەن» 2060 ـ بەت)

⑥پېي جۈي ( 裴矩 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىرلىرىدىن بىرى. تۆت ئەتراپتىكى يات قوۋملارنى تىنچلاندۇرۇشتا ۋە ئۇلارغا تەسەللى بېرىشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. جاڭيېدا تۇرۇپ غەربىي يۇرتتىن كەلگەن يات قوۋم سودىگەرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغاندا، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر» نى يېزىپ چىققان.
(«سىيۇەن» 67 ـ جىلد)

⑦جاڭيې ( 张掖 ) — ۋىلايەت نامى، خەن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. شىمالىي لياڭ خانى جۈرچى مونسۇن بۇ يەرنى پايتەخت قىلغانىدى. سۈي سۇلالىسىدا بۇ يەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودا تىجارەت مەركىزى بولغانىدى. بۇ يەر ئىچكىرىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولدىكى مۇھىم جاي.
(«سىيۇەن» 1049 ـ بەت)

⑧يۈيلىن ( 榆林 ) — يەر نامى، سۈي سۇلالىسىدا ناھىيە ھەم ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭغار خوشۇنىدا.

(«سىيۇەن» 1608 ـ بەت)

⑨جوجۇن ( 涿郡 ) — ۋىلايەت نامى، خەن سۇلالىسىدا تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۇگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى جوشيەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 821 ـ بەت)

⑩مورۇن فويۈن ( 慕容佛允 ) — تۇيغۇنلارنىڭ فويۈن خانىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، 3 ـ جىلدنىڭ 22 ـ ئىزاھاتىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن)

⑪دادۇبا جىلغىسى ( 大斗拔谷 ) — چىلىيەنشەن تېغىدىكى بىر جىلغا، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنلې، شەندەن ناھىيىلىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 58 ـ بەت)

⑫خېيۈەن ( 河源 ) — ۋىلايەت نامى، سۈي سۇلالىسىدا تۇيغۇنلارنىڭ چىشۈي، مەنتۇ ئىككى قەلئەسىنى ئاساس قىلىپ تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭخې، شىڭخەي، تۇڭدې، ماچىن قاتارلىق ناھىيىلىرى ئۇنىڭ ئەسلى دائىرىسىدە.
(«سىخەي» 912 ـ بەت)

⑬جىشى قورغىنى ( 积石镇 ) — يەنە لىنجىن ئۆتكىلى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 60 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. بۇ يەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا، ئىككى تەرەپتىكى تاغ يارى قىلىچ كەسكەندەك تۈپتۈز بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن خەتەرلىك. بۇ يەر لەنجۇ شەھىرىدىن خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ چىڭخەي ئۆلكىسىگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى.
(«سىخەي» 1750 ـ بەت)

⑭ پىشامشان ۋىلايىتى ( 鄯善郡 ) — خەن، ۋېي سۇلالىلىرىدىكى پىشامشان بەگلىكى. سۈي سۇلالىسىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ



خارابىسى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيىسى.
(«سىيۇەن» 3121 ـ بەت)

⑮چەرچەن ۋىلايىتى ( 且末郡 ) — ئەسلى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەت (بەگلىك) ئىدى. سۈي سۇلالىسىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. بۈگۈنكى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدە.
(«سىيۇەن» 81 ـ بەت)

## «سۈينامە» 29 ـ جىلد

# جۇغراپىيە تەزكىرىسى

ۋۇۋېي ۋىلايىتى بۇرۇن لياڭجۇ ئايمىقى بولۇپ تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە باشبۇغ مەھكىمىسى قۇرۇلغان، سۈي پادىشاھى ياڭدى دايې يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بۇ مەھكىمىنى بىكار قىلغان. قارىمىقىدا تۆت ناھىيە بولۇپ، ئاھالىسى 11705 تۈتۈن ئىدى.

گۇزاڭ ناھىيىسى ئىلگىرى ۋۇۋېي ۋىلايىتى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى دايې يىللىرىنىڭ باشلىرىدا يەنە ۋۇۋېي ۋىلايىتى تەسىس قىلدى. يەنە، كېيىنكى ۋېي خانلىقى بۇ يەردە ۋۇئەن ۋىلايىتى، شياڭۋۇ ناھىيىسى تەسىس قىلغان بولۇپ، ھەممىسى غەربىي ۋېي دەۋرىدە بىكار قىلىندى. يەنە ئەسلىدە شيەنمېي ناھىيىسى بولغانىدى، كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيە تەۋەسىدە دىۋۇ تېغى بار.

چاڭسۇڭ ① ناھىيىسى، كېيىنكى ۋېي خانلىقى چاڭسۇڭ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شۈسى ناھىيىسى ② گە قوشۇۋېتىلگەن. سۈي پادىشاھى ۋېندى كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا يۆتكىشى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن چاڭسۇڭ ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. يەنە كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدىكى ۋېيئەن ۋىلايىتىنىڭ نامى كېيىنكى جۇ دەۋرىدە بەيشەن ناھىيىسى قىلىپ



ئۆزگەرتىلگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي بىكار قىلىنغان. ناھىيە تەۋەسىدە بەيشەن تېغى بار.

فەنخې ③ ناھىيىسى، كېيىنكى ۋېي خانلىقى پەنخې ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە ۋىلايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، فەنخې قورغانى قۇرۇلغان. سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ يىللىرىدا پەنخې ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. يەنە لىچيەن، ئەننىڭ، گۇاڭچېڭ، جاڭ، يەنجى قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ زېمىنى قوشۇلغان. ناھىيە تەۋەسىدە يەنجى تېغى بار.

چيەنيا ناھىيىسى ④، كېيىنكى ۋېي خانلىقى گۇاڭۋۇ ناھىيىسى ھەم گۇاڭۋۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نامى يىسى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي گۇاڭۋۇ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئاخىرىدا يەنە يىسى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. سۈي پادىشاھى ياڭدى دايې يىللىرىنىڭ بېشىدا چيەنيا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتكەن. ناھىيە تەۋەسىدە چىڭيەن تېغى بار.

جاڭيې ۋىلايىتى، غەربىي ۋېي خانلىقى دەۋرىدە شىلياڭ ئايمىقى تەسىس قىلىنغان، ئۇزۇن ئۆتمەي گەنجۇ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. قارىمىقىدا ئۈچ ناھىيە بولۇپ، ئاھالىسى 6126 تۈتۈن ئىدى.

جاڭيې ناھىيىسى ئىلگىرى يۇڭپىڭ ناھىيىسى دېيىلەتتى، كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە جاڭيې ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا ۋىلايەت بىكار قىلىنغان بولۇپ، كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) جيۇچۈەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. سۈي پادىشاھى ياڭدى دايې يىللىرىنىڭ بېشىدا جاڭيې ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىپ، جاڭيې ۋىلايىتى تەسىس قىلغان. يەنە لىنسۇڭ ناھىيىسى بولۇپ، كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ناھىيە

تەۋەسىدە گەنجۈن تېغى، لىنسۇڭ تېغى، خېلى تېغى، يەنە يۈشى جىلغىسى، دالىيۇ سېيى بار.

سەندەن ناھىيىسى ⑤، كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدىكى نامى شەندەن ناھىيىسى بولۇپ، يەنە شىجۈن ۋىلايىتى يۆڭنىڭ ناھىيىسى دەپمۇ ئاتالغان. غەربىي ۋېي خانلىقى ۋاقتىدا ۋىلايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، روشۈي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. كېيىنكى جۇ دەۋرىدە شەندەن ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن. داي يىللىرىدا شەندەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. يەنە كېيىنكى جۇ دەۋرىدە جىنشيەن ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەندەن ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن. تەۋەسىدە سىشەن تېغى، تۇزلۇق كۆل ۋە روشۈي دەرياسى بار.

فۇلۇ ناھىيىسى ⑥، بۇرۇن بۇ يەردە جيۇچۈەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغانىدى. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. رېنشۇ يىللىرىدا سۇجۇ ئايىمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. داي يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئايماق بىكار قىلىنغان. يەنە كېيىنكى جۇ دەۋرىدە لېگۈەن ناھىيىسى ⑦ تەسىس قىلىنغان، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ناھىيە تەۋەسىدە چىليەن تېغى، كۇڭتۇڭ تېغى، كۇنلۇن تېغى ۋە شىچۈي دەرياسى بار.

دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى، بۇ يەردە بۇرۇن گۇاجۇ ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. قارىمىقىدا ئۈچ ناھىيە بولۇپ، ئاھالىسى 7779 تۈتۈن ئىدى.

دۇنخۇاڭ ناھىيىسى، بۇرۇن دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغانىدى، كېيىنكى جۇ دەۋرىدە شياۋگۇ، شۇخۇاڭ ئىككى ۋىلايەتنى شۇنىڭغا قوشقان، يەنە دۇنخۇاڭ، مىڭشا، پىڭكاڭ، شياۋگۇ، دۇڭشياڭ، لۇڭلې قوشۇلۇپ، مىڭشيا ناھىيىسى بولغان. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋىلايەت بىكار قىلىنغان. داي يىللىرىدا دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىپ، مىڭشا ناھىيىسى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە



شېنشا تېغى، سەنۋېي تېغى ۋە ليۇشا قۇملۇقى بار.

چاڭلې ناھىيىسى ⑧، كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدە چاڭلې ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە لياڭشىڭ، داجى، مىڭئەن، رۇنچۈەن قوشۇلۇپ لياڭشىڭ ناھىيىسى بولغان. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋىلايەت بىكار قىلىنىپ، لياڭشىڭ ناھىيىسى چاڭلې ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. قورۇلنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەمەلدار قويۇلغان.

يۈمېن ناھىيىسى، كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدە خۇيجى ۋىلايىتى بولۇپ تەسىس قىلىنغان. كېيىنكى جۇ خانلىقى دەۋرىدە ۋىلايەت بىكار قىلىنىپ، خۇيجى، شىنشياڭ، يەنشىڭ ئۈچ ناھىيە قوشۇلۇپ خۇيجى ناھىيىسى بولغان. كەيخۇاڭ يىللىرىدا يۈمېن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدىكى يۈمېن ۋىلايىتىنىڭ زېمىنلىرى قوشۇۋېتىلگەن.

پىشامشان ۋىلايىتى، سۈي پادىشاھ ياڭدى دەۋرىدە، داي 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) تۇيغۇنلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن پىشامشان شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. پىشامشان شەھىرى ئەسلىي قەدىمكى كىروران ⑨ شەھىرىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە چەرچەن، شىخەي، خېيۈەن قاتارلىق جەمئىي تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. تەۋەسىدە لوپنور كۆلى، پىشامشان دەرياسى بولۇپ، قارىمىقىدا شيەنۋۇ ناھىيىسى ۋە جىيۈەن ناھىيىسى بار.

چەرچەن ۋىلايىتى قەدىمكى چەرچەن شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. تەۋەسىدە چەرچەن دەرياسى، ئاياغقۇم كۆلى بار. قارىمىقىدا سۇنىڭ ناھىيىسى ۋە فۇرۇڭ ناھىيىسى بار.

شىخەي ۋىلايىتى، قەدىمكى فۇچى شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ ئورنى تۇيغۇنلارنىڭ پايتەختىدە ئىدى. تەۋەسىدە ئۇماي تاش غارى، كۆكنۇر كۆلى، تۇزلۇق كۆل بولۇپ، قارىمىقىدا شۈەندې ناھىيىسى ۋە ۋېيدىڭ ناھىيىسى بار.

خې يۇەن ۋىلايىتى، قەدىمكى چىشۇي شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. تەۋەسىدە مەنتۇ شەھىرى، جىشى تېغى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بېشى، يەنە چىۋۇخەي كۆلى بولۇپ، قارىمىقىدا ئىككى ناھىيە بار: يۇەنخۇا ناھىيىسى يەنى مەنتۇ شەھىرى، چىشۇي ناھىيىسى.
(ئەسلىي كىتاب، 815 — 816 ـ بەتلەر)

---

①چاڭسۇڭ ( 昌松 ) — ناھىيە نامى، خەن سۇلالىسىدە ساڭسۇڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغانىدى، شەرقىي جىن سۇلالىسىدە چاڭسۇڭ ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرگەن. سۇي سۇلالىسىدا ۋۇۋېي ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گۇلاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە خارابىسى بار.
(«سىيۇەن» 1406 ـ بەت)

②شۇسى ( 揟次 ) — ناھىيە نامى. خەن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى گۇلاڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 897 ـ بەت)

③فەنخې ( 番和 ) — ناھىيە نامى. خەن سۇلالىسىدە چيەنئۇ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 924 ـ بەت)

④چيەنيا ناھىيىسى ( 允吾 ) — خەن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. جىنچېڭ ۋىلايىتىگە تەۋە. خارابىسى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا.
(«سىيۇەن» 273 ـ بەت)

⑤سەندەن ( 删丹 ) — خەن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان.



ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى سەندەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 349 ـ بەت)

⑥ فۇلۇ ( 福禄 ) — ناھىيە نامى. شەرقىي خەن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا جيۇچۇەن دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۇەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1114 ـ بەت)

⑦لېگۇەن ( 乐涫 ) — ناھىيە نامى. خەن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1169 ـ بەت)

⑧چاڭلې ( 常乐 ) — قەدىمكى ناھىيە نامى. خەن سۇلالىسىدە مىنئەن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغانىدى. سۇي سۇلالىسىدە چاڭلې ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. خارابىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 798 ـ بەت)

⑨كىروران ( 楼兰 ) — قەدىمكى شەھەر دۆلىتى نامى. خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنفېڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى) خەن ئوردىسىغا ئەل بولغان. كېيىن پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلگەن. خارابىسى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىدە.
(«سىيۇەن» 1624 ـ بەت)

## «سۈينامە» 35 ـ جىلد

# نوملار تەزكىرىسى

بۇددا نومى — غەربىي يۇرتتىكى ئەنەتكەك كاپىلاۋاستۇ① دۆلىتىنىڭ پادىشاھى سوددودانانىڭ شاھزادىسى ساكيامۇنىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىدۇر. ساكيامۇنى جۇڭگودىكى شەرقىي جۇ پادىشاھى جۇاڭۋاڭ②نىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 688 ـ يىلى) قەمەرىيە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ③ ئانىسىنىڭ ئوڭ بىقىنىدىن دۇنياغا كەلگەن. قەددى ـ قامەت، چىراي ـ شەكلى ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە بولۇپ، سىياقى 32 كۆرۈنىدۇ④، 82 خىل ساۋابلىق ئىش قىلغان.

(ئەسلىي كىتاب، 32 ـ بەت)

---

①كاپىلاۋاستۇ (迦维卫国) — دۆلەت نامى، قەدىمكى شىمالىي ئەنەتكەكتىكى بىر دۆلەت، ئورنى ھازىرقى نېپال تەۋەسىدە. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پادىشاھى سوددۇداناخان بۇددا دىنىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ساكيامۇنىنىڭ دادىسى ئىكەن. ساكيامۇنى مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانىكەن.

(«سىيۇەن» 3050 ـ بەت)

②جۇ پادىشاھى جۇاڭۋاڭ (周庄王) — شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد تەڭرىزادىسى، ئىسمى جىتۇ (姬佗)، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 696 ـ يىلىدىن 682 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.



(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 16 — 17 ـ بەتلەر)

③قەمەرىيە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (四月八日) — بۇددا مۇرىتلىرى ھازىرغىچە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇددا دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنى دەپ قاراپ، ھەشەمەتلىك دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خاتىرىلەيدۇ.

(«دىنلار لۇغىتى» 552 ـ بەت)

④سىياقى 32 كۆرۈنىدۇ (三十二相) — بۇددا دىنىدا قوللىنىدىغان سۆز. سانسكرىت يېزىقىدا «دۋاترىم ساماخا پۇرۇسالاكسانا» بولۇپ، 32 ئەرباب كۆرۈنۈشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بۇددا بارلىققا كېلىشى بىلەنلا ئادەتتىكى كىشىگە ئوخشىمايتتى، سىياقى ئالاھىدە بولۇپ 32 ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى بار ئىدى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، كۆزى سۇس سۆسۈن گۈلدەك، قولى ئەۋرىشىمدەك، كۆكرىكىدە 卐 بەلگىسى بار. چېچى بۇدۇر ۋەھاكازالار.

(«دىنلار لۇغىتى» 76 ـ بەت)

# خانىش ـ توقاللارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

يۈۋېن خۇاجى توپىلىڭىدا، شياۋ خانىش توپىلاڭچى قوشۇنغا ئەگىشىپ لياۋچېڭ ①غا كەلدى. يۈۋېن خۇاجى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شياۋ خانىش دۇجيەندې ②تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. تۈركلەرنىڭ چۇلۇق قاغانى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مىڭجۇ ئايىمىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ شياۋ خانىشنى كۈتۈۋالدى. دۇجيەندې ئۇنى ئېپقېلىشقا پېتىنالمىدى، شۇنىڭ بىلەن شياۋ خانىش چۇلۇق قاغاننىڭ بارگاھىغا كىردى. بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭ جېنگۇەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 630 ـ يىلى) تۈركلەرنى يوقىتىپ، ئاندىن شياۋ خانىشنى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە قارشى ئېلىپ پايتەختكە قايتۇرۇپ كەلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 1130 ـ بەت)

---

①لياۋچېڭ (聊城) — ناھىيە نامى، چىن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى لياۋچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىيۇەن» 2529 ـ بەت)

②دۇ جيەندې (竇建德) — سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى. مىلادىيە 573 ـ يىلىدىن 621 ـ



يىلىغىچە ياشىغان. ئۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىر نەچچە ۋىلايەتنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى شيا بېگى دەپ ئاتىۋالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شيا پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغان. كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چىن بېگى لى شىمىن تەرىپىدىن يېڭىلىپ، قولغا ئېلىنىپ چاڭئەندە ئۆلتۈرۈلگەن.

(«سىيۇەن» 2334 ـ بەت)

## «سۇينامە» 37 ـ جىلد

# لى مۇ، لياڭ رۇيلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى

سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ رېنشۇ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى)، لى خۇن سول قول ياندا ش بەگ ياڭسۇغا ئەگىشىپ باشبۇغلۇققا تەيىنلىنىپ، ئەسكەر باشلاپ شياجۇ ئايمىقىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى نايۈەنچۈەن ① دە تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى ئاۋسىل ئېركىن② نى مەغلۇپ قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىدىن 500 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئۇ مۇشۇ تۆھپىسى بىلەن ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، سول قول ھىماتچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى ھەم شاھزادىنى قوغداشنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

(ئەسلىي كىتاب، 1120 ـ بەت)

سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 583 ـ يىلى)، لى چۈڭ يۈجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغلۇقىغا تەيىنلەندى. تۈركلەر ھەر قېتىم چېگرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، لى چۈڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. قۇمۇقلار③، بولشارلار④، قىتانلار ئۇنىڭ ھەيۋىتى ۋە تەدبىرىدىن قورقۇپ، بەس ـ بەس بىلەن كېلىپ بەيئەت قىلدى. كېيىن تۈركلەر كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرگەندە، لى چۈڭ پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ 3000 ئەسكەرنى باشلاپ قارشى تۇردى. ئوخشاش بولمىغان رايوندا ئۇدا ئون نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نۇرغۇنى ئۆلدى.



شۇنىڭ بىلەن شاچېڭغا چېكىندى. تۈرك ئەسكەرلىرى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى. بۇ شەھەر بۇرۇنلا تاشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قوغدىنىشقا بىئەپ ئىدى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلماي بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك بولمىغاچقا، ھەر ئاخشىمى ئەسكەر چىقىرىپ دۈشمەن بارگاھىغا كىرىپ، كالا، ئات، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى بۇلاپ كېلىپ ئوزۇق قىلىشقا توغرا كەلدى. تۈركلەر ئۇلاردىن قورقۇپ، تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى. لى چۈڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاچلىقتىن قىينىلىپ، شەھەردىن چىقىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، نۇرغۇنلىرى ئۆلدى، ئاران نەچچە يۈز ئادەم جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ تاڭ سەھەردە شەھەرگە قېچىپ كىردى. بىراق نۇرغۇنلىرى ئېغىر يارىلانغاچقا، قايتا ئۇرۇش قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. تۈركلەر لى چۈڭنىڭ تەسلىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئەگەر تەسلىم بولساڭ سېنى تېكىن قىلىمىز» دېدى. لى چۈڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ: «پېقىر لى چۈڭ قوشۇننى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلدىم. مەن بۈگۈن جېنىمنى پىدا قىلىپ، دۆلەتكە ئۆز ساداقىتىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك. مەن ئۆلگەندىن كېيىن دۈشمەنگە ۋاقتىنچە تەسلىم بولۇپ، پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتىشقا تىرىشىڭلار. ئەگەر پادىشاھنى كۆرسەڭلار، پېقىرنىڭ ساداقىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دېدى. سۆزىنى تۈگىتىپلا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنگە ئېتىلىپ يەنە ئىككىسىنى ئۆلتۈردى. تۈركلەر قالايمىقان ئوقيا ئېتىپ ئۇنى سەپ ئالدىدا ئۆلتۈردى، شۇ چاغدا ئۇ 48 ياشتا ئىدى. كېيىن ئوردا ئۇنىڭغا يۈي، شى، شېن، يۈڭ، كۇەي، بو ئالتە ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلار ئەمرى، يۈجۇ

ئايماق بېگى، «جەسۇر سەركەردە» دەپ نام بەردى. ئوغلى لى مىن ئۇنىڭ نام ـ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 1123 ـ بەت)

لياڭ رۇي ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ چېگرىنى پاراكەندە قىلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېگرىنى قوغداشنىڭ ئون نەچچە تۈرلۈك تەدبىرىنى بايان قىلىپ، ئوردىغا مەلۇمات سۇنۇپ مۇنداق دېدى: «پېقىرنىڭ قارىشىچە، رۇڭ، دىلارنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىمغا تەھدىت سېلىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. مۇداپىئە تەدبىرلىرى قەدىمدىن بۇيان ئىنتايىن قىيىن بولۇپ كەلدى. جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاقىلانە تەدبىرى بولماسلىقى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوللانغان تەدبىرنىڭ ئەڭ ناچار بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار بىر دەم كەلسە، بىردەم كېتەتتى، بىردەم بۇلۇتتەك توپلىنىشۋالسا، بىردەم تۇماندەك تارقاپ كېتەتتى. قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە ئاتلىق چەۋەندازلىرى چېگرىغا خالىغانچە بېسىپ كىرەتتى، ئاجىزلاشقاندا بولسا تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇلارنى يوقاتقىلى بولمايتتى. ھازىر خاندانلىقىمىز گۈللىنىشكە باشلاپ، دۆلەت ئىچى تىنچىپ بىرلىككە كەلدى. پەقەت تۈركلەرلا چېگرىدا يەنە مالىمانچىلىق پەيدا قىلماقتا. بۇ پېقىر ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ھونلارنى يوقاتمىغىچە خوچۇبىڭ ئوردا تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان قورۇ ـ جايىنى قوبۇل قىلمىغان؛ غەربىي چياڭلارنى تولۇق يوقىتالمىغانلىقى ئۈچۈن جاۋچۇڭگو پادىشاھقا نامە سۇنۇپ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن. پېقىرنىڭ قابىلىيىتى ئىلگىرىكى دانىشمەنلەرگە يەتمىسىمۇ، لېكىن پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا بەل باغلىدىم. ئەمدى شىمالىي چېگرىدىكى شەھەر ـ بازارلارغا



سىگنال تۈرلىرى ۋە چارلىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تەييارلاش، جەڭ قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرى ئايرىم دەپتەردە خاتىرىلەنگەندەك ئىشلەندى. بۇلارنى خەرىتە بىللە ھۇزۇرلىرىغا سۇندۇم، ئالىيلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ دانا ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئىلتىجا قىلىمەن.» سۈي پادىشاھى ۋېندى مەلۇماتنامىنى كۆرۈپ، بىر ھازا ماختاپ كەتتى ۋە چوڭقۇر مېھرى بىلەن جاۋاب قايتۇردى.
(ئەسلىي كىتاب، 1127 — 1128 ـ بەتلەر)

---

①نايۈەنچۈەن ( 纳远川 ) — دەريا نامى. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىدىكى خۇڭلىيۇخې دەرياسى بولۇشى مۇمكىن.
(«سىيۈەن» 646 ـ بەت)

②ئاۋسىل ئېركىن ( 阿勿俟斤 ) — تۈركلەرنىڭ قەبىلە سەركەردىسى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە « 阿勿思俟斤 » دەپ يېزىلغان.
(مۇھەررىردىن)

③قۇمۇقلار ( 奚 ) — ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەت نامى. تۇڭغۇسلار، شەرقىي غۇزلار دەپمۇ ئاتىلاتتى. خەن سۇلالىسىدا ھونلار تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئوغان تېغىنى قوغدىۋالغان بولۇپ، ئوغانلار دەپمۇ ئاتالغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن كېيىن قۇمۇقلار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. تاڭ سۇلالىسىدىكى ھىراۋۇللاردىن لى باۋچېن، جاڭ شياۋجۇڭ، شى شيەنچېڭ قاتارلىقلار قۇمۇقلاردىن ئىدى.
(«سىيۈەن» 724 ـ بەت)

④بولشارلار ( 白霫 ) — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەت نامى، هونلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، تۇراقلىق ئورنى خۇاڭشۈي دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدە، ئۆرپ - ئادىتى قىتانلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش.

(«سىيۇەن» 3341 - بەت)



«سۇينامە» 40 - جىلد

# يۈ چىڭزېنىڭ تەرجىمىھالى

شىمالىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى (يۈ ۋېنيۇڭ) نىڭ شۈەنجېڭ ① 2 - يىلى (مىلادىيە 579 - يىلى)، يۈ چىڭزېغا بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ يانداش باشبۇغى ②سۇپىتى بىلەن مەھكىمە قۇرۇپ بېرىلدى.

بۇ ۋاقىتتا تاغ غۇزلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈردى. يۆ بېگى يۈۋېن شېڭ ③ بىلەن ھۆدەيچى تۆرە گاۋجيۇڭ ئەسكەر باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىپ توپىلاڭنى تىنچىتتى. غەلىبە بىلەن ئوردىغا قايتىش ۋاقتىدا، گاۋجيۇڭ بىلەن يۈۋېن شېڭ ئۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر، ئىش بېجىرىشكە قابىل ھەم كۆپ تەدبىرلىك بىر ئەمەلدار تېپىش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىپ، پادىشاھقا ئىلتىماس يوللاپ، يۈ چىڭزېنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى شىجۇ ئايمىقى④ نىڭ باشبۇغلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ خىزمەت ئورنىغا بارغاندىن كېيىن، شەپقەت قىلىش بىلەن تەھدىت سېلىشنى تەڭ قوللىنىپ، تىنچلىق ئورناتتى. تاغ غۇزلىرىدىن 8000 تۈتۈندىن كۆپرەكى ئۇنىڭ توغرا يول تاپقانلىقىنى قەدىرلەپ، كېلىپ بەيئەت قىلدى.

سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 581 - يىلى) يۈ چىڭزې ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، ھۆدەيچى نازىر بەگ⑤، مەنسەپ تۇتۇق دىۋان بېگى، پايتەخت بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى ھەم پېڭچېڭ ۋىلايەت

ئەركانى، يېڭى پايتەخت قۇرۇلۇشىنىڭ باش نازارەتچىسى بولدى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) قىشتا، تۈركلەر بېسىپ كىرگەندە، يۈ چېڭزې ئەمىرلەشكەر بولۇپ قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلدى. جەڭ پىلانى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، قوشۇن قەھرىتان سوغۇققا ئۇچراپ، مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنىڭ قوللىرى ئۈششۈپ كەتتى. ياندىش سانغۇن داشى چاڭرۇ 2000 چەۋەندازنى باشلاپ باشقا بىر يول بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولغاندا، تۈركلەرنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. يۈ چېڭزې بولسا ئەسكەر چىقارماي قۇتقۇزمىدى. شۇڭا داشى چاڭرۇ دۈشمەن بىلەن يېگانە جەڭ قىلىپ، ئادەملىرىنىڭ 10 دىن 8 ـ 9 ى ئۆلگەندى. سۈي پادىشاھى ۋېندى يۈ چېڭزېنى ئەيىبلىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوڭ قول ياندىش دىۋان بېگىلىككە يۆتكىۋېتىلدى.

كېيىن تۈرك قاغانلىرىدىن ئىشبارا بەيئەت قىلماقچى بولۇپ، ئوردىدىن مۇھىم ئەملى بار ۋەزىرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھى ۋېندى يۈ چېڭزېنى تۈركلەر رايونىغا ئەۋەتتى. ئىشبارا ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىگە تايىنىپ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئۆزئارا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يۈ چېڭزې ئىلگىرىكى پاكىتلار ئارقىلىق ئۇنى ئەيىبلىدى، ئاشىنا ئىشبارا كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قايىل بولمىدى. يۈ چېڭزېنىڭ مۇئاۋىنى جاڭسۇن شېڭنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئاشىنا ئىشبارا ۋە ئىنىسى يابغۇلار تىزلىنىپ پادىشاھنىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا بەيئەت قىلىپ، مەڭگۈ قارام ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خېلى بۇرۇنلا، يۈ چېڭزې ئەلچىلىككە چىقىدىغان چاغدا، پادىشاھ ئۇنىڭغا: «مەن تۈركلەرنى ساقلاپ قالماقچى، ئۇ ساڭا ئات ھەدىيە قىلسا، پەقەت



ئۇچتىن بەشكىچە قوبۇل قىلساڭ بولىدۇ» دېگەنىدى. ئاشىنا ئىشبارا يۈ چېڭزېنى كۆرۈپ، 1000 تۇياق ئات ھەدىيە قىلدى، يەنە قىزىنىمۇ ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. پادىشاھ يۈ چېڭزېنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى سۈرۈشتۈرمىدى. ئۇ ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئالىي دۆلەت ئەركانلىقىغا تەيىنلىنىپ، لۇ ئەركان بېگى دەپ نام بېرىلدى ھەم رېنچېڭ ناھىيىسىدىكى 1000 تۈتۈنلۈك ئاھالىنىڭ بېجىنى ئۇنىڭغا مائاش قىلىپ بەردى. پادىشاھ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ ئەسلىدىكى پېڭچېڭ ئەركان بېگى دېگەن ئۇنۋانىغا يۈ چېڭزېنىڭ 2 ـ ئوغلى يۈ شياۋنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى بەلگىلىدى.

(ئەسلىي كىتاب، 1174 — 1175 ـ بەتلەر)

---

①شۈەنجېڭ ( 宣政 ) — يىلنامى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يۈۋېن يۇڭنىڭ يىلنامى.
( «جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 106 ـ بەت)

②ياندىش باشبۇغ ( 总管长史 ) — ئەمەل نامى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىن باشلاپ ھەرقايسى ئايماقلاردىكى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان تۇتۇق باشبۇغ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئايماق ۋىلايەتلەردە ئاساسىي ئەمەلدارنىڭ مەھكىمىسىدە بىردىن دورغاپ تەسىس قىلىنغان. ئۇ ئاساسىي ئەمەلنىڭ ياردەمچىسى، ياندىش باشبۇغ بولغان.
( «سىيۈەن» 2465 ـ، 3224 ـ بەتلەر)

③ يۈۋېن شېڭ ( 宇文盛 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈۋېن تەينىڭ ئوغلى، يۆ بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(مۇھەررىردىن)

④شجۇ ئايمىقى ( 石州 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە ئايماق تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىشى ناھىيىسى بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 2233 ـ بەت)

⑤ھۆدەيچى نازىر بەگ ( 内史监 ) — ئەمەل نامى. سۈي سۇلالىسىدە قارادىۋان ھۆدەيچى دىۋانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ھۆدەيچى دىۋانىنىڭ ئاساسىي نازارەتچىسى ھۆدەيچى نازىر بەگ بولىدۇ. ھۆدەيچى دىۋانى پادىشاھقا ياردەملىشىپ دۆلەت مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىجىرەتتى.
(«سىيۇەن» 287 ـ بەت)



# «سۈينامە» 41 ـ جىلد

## سۇ ۋېينىڭ تەرجىمىھالى

بۇ ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ قاغانى دۇلان ئارقا ـ ئارقىدىن چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى يەنە سۇ ۋېينى قاغاننىڭ بارگاھىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولۇشنى ئېيتتى. قاغان شۇنىڭ بىلەن ئاستانىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات تارتۇق قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى سۇ ۋېينىڭ دۆلەت ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ ئۆستۈردى.
(ئەسلىي كىتاب، 1187 ـ بەت)

شۇ يىلى، قوچۇ خانى چۈبويا ①ئوردىغا كېلىپ سۈي پادىشاھى ياڭدىنى زىيارەت قىلدى، ئوردا ئۇنىڭغا مەلىكىنى ياتلىق قىلدى. سۇ كۈينىڭ يۇقىرى ئابرويى سەۋەبىدىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنى توي مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن خۇڭخۇا، يەنئەن قاتارلىق بىر قانچە ۋىلايەتتىكى ئوغرى ـ قاراقچىلار خۇددى ھەرىدەك تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ، ھەممە يەردە توپلىشىۋالدى. سۇكۈي پادىشاھنىڭ يارلىقى بويىچە گۈەنجۇڭ رايونىنى ئەمىن قىلدى. تۈركلەر يەنمېن قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندا، سۇكۈي شەھەرنىڭ شەرقىي تەرەپ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۇ ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلاقلىق ئوق ياغدۇرۇش راۋىقى ياسىماقچى بولۇپ، بىر كېچىدىلا

پۈتتۈرۈپ چىقتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن كېڭەش بېگى قىلىپ ئۆستۈردى. كېيىن ئاتىسى سۈۋېي گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن، نام ـ ئەمىلى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسىنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا 49 ياش ئىدى.

(ئەسلىي كىتاب، 1191 ـ بەت).

---

①چۈبويا (麴伯雅) — قوچۇ دۆلىتىنىڭ خانى. تەختتە تۇرغان مەزگىلدە ئامال قىلىپ تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، سۈي سۇلالىسىغا يېقىنلاشقان، سۈي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە ئۆزى ئوردىغا كەلگەن ھەم پادىشاھقا ئەگىشىپ كورىيە ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان. پادىشاھى ياڭدى جەمەتداش قىزى خۇارۇڭ مەلىكىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈچ يىل تۇرۇپ قايتقاندا، ئۆز دۆلىتىدىكىلەرگە كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۆگىنىشنى بۇيرىغان. تېلىلارنىڭ بېسىمى بولغاچقا، بۇ بۇيرۇق يۈرگۈزۈلمىگەن.

(«سۈينامە» 83 ـ جىلد)



«سۈينامە» 46 ـ جىلد

## جاڭسۈن پېڭ، يۈەن خۇيلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

كېيىن تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى بىلەن دۇلان قاغانى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ھەر ئىككىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىدىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۈن پىڭنى دەستەكلىك يارلىق بىلەن بېرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇشقا ئەۋەتتى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن پادىشاھ ئۇنىڭغا 300 توپ يىپەك رەخت، بىر ياخشى ئات ئىنئام قىلدى. جاڭسۈن پېڭ تۈركلەر رايونىغا بېرىپ، ئىككى تەرەپكە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش نەتىجىسىدە، ھەر قايسىسى ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. قاغانلار جاڭسۈن پىڭغا 200 ئات ھەدىيە قىلدى. جاڭسۈن پېڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىغا تاپشۇردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپ بەردى.

(ئەسلىي كىتاب، 1255 ـ بەت)

بۇ ۋاقىتتا تۈركلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. ئوردا تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولۇپ، يۈەن خۇينى 100 مىڭ توپ تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. يۈەن خۇي قاغانغا پايدا ـ زىياننى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە بۇ قېتىم ئوردىدىن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، قاغان ناھايىتى خۇشال

بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر بەگلىرىدىن بىرىنى يۇەن خۇي بىلەن بىرگە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يۇەن خۇي ئۇچ ئەمىرنىڭكىگە①ئوخشاش مۇراسىم جابدۇقلىرىنى قوللىنىدىغان مېھمان كۈتۈش پىرقىسىنىڭ ياردەمچى دافۇسى②قىلىپ تەيىنلەندى. باۋدىڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (مىلادىيە 561 ـ يىلى)، چوڭ ۋەزىر③ يۈ ۋېنخۇ ئۇنى دورغاپلىقتا تەكلىپ قىلغانىدى، شۇ چاغدا شىمالىي چىلىقلار ئىتتىپاق تۈزۈپ دوستلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن كېلىپ قالدى. يۇەن خۇي ھەر تەرەپتىن ئىقتىدارلىق ھەم مۇنازىرىگە ماھىر بولغانلىقتىن، ئۇنى چيەنچېڭ بېگى ④ سۈي مۇ بىلەن بىللە شىمالىي چى سۇلالىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. كېيىن ھەيۋە كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرا دافۇ بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى تۈرك خانىكەسى بىلەن تويلاشماقچى بولۇپ، يۇەن خۇينى سوۋغا ـ سالام ھەدىيە قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا ئايرىم مەھكىمە ئېچىپ بېرىلىپ ھەم تەپتىش بېگىلىككە يۆتكەلدى. كېيىنكى چاغلاردا گۇەندۇڭ رايونى ⑤ تىنچىتىلغاندا، يۇەن خۇي خېيبېي خەلقىنى ئەمىن قىلىشقا ئەۋەتىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىنساپلىق تىنچلاندۇرغۇچى ئوغلان دەپ نام بېرىلىپ، 400 تۈتۈن ئاھالە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 1256 ـ بەت)

---

①ئۇچ ئەمىر ( 三司 ) — ئوردىدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەل، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشىمايتتى. جۇ سۇلالىسىدە خەلىپەت بېگى، مۇراقىپ بېگى، مۇشاۋۇر بېگى ئۇچ ھەزرەت دەپ ئاتالغانىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ ئەمىرلەشكەر، ئەمىرى زېمىن، ئەمىرى مىمار ئۇچ ئەمىر ياكى ئۇچ مەھكىمە دەپ ئاتالغان.

(«سىيۇەن» 27 ـ بەت)



② دافۇ ( 大夫 ) — مەنسەپ دەرىجىسىنىڭ نامى. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇرۇن ئەمەل نامى بولغان. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە يۇقىرى، ئوتتۇرا، ياردەمچىدىن ئىبارەت دەرىجە ئايرىلغان. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدە پەقەت قەلەمدار مەنسەپلەرنىڭ قوشۇمچە ئاتىلىشى بولدى.

(«سىيۇەن» 661 ـ بەت)

③چوڭ ۋەزىر ( 大冢宰 ) — جۇ سۇلالىسىدىكى ئەمەل نامى، ئالتە پىرقىنىڭ ئەڭ چوڭى، ھەممە ئەمەلدارلارنى باشقۇرىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگىمۇ چوڭ ۋەزىر دەپ ئاتىلاتتى.

(مۇھەررىردىن)

④چيەنچېڭ بېگى ( 千乘公 ) — ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىدە كىچىك بەگلىكنىڭ بېگى، يەنى 1000 دانە جەڭ ھارۋىسىغا ئىگە بولىدىغان بەگلىكنىڭ بېگى چيەنچېڭ بېگى دەپ ئاتالغانىدى. ئەمىنىيە دەۋرىدە چى بېگى جىڭگۇڭ 1000 دانە جەڭ ھارۋىسى بىلەن چىڭچيۇ دېگەن يەردە ئوۋ ئوۋلىغانىدى. كېيىنكىلەر چىڭچيۇنى چيەنچېڭ دەپ ئاتايدىغان بولدى. خەن سۇلالىسىدە بۇ يەردە چيەنچېڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان ھەم ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. خارابىسى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى بوشىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. چيەنچېڭ ناھىيە كىنەزىمۇ چيەنچېڭ بېگى دەپ ئاتالغان.

(«سىيۇەن» 407 ـ بەت)

⑤گۇەندۇڭ رايونى ( 关东 ) — قەدىمكى زاماندا خەنگو قوۋۇقىنىڭ شەرقىنى كۆرسىتىدۇ.

(«سىيۇەن» 3254 ـ بەت)

## «سۇينامە» 47 ـ جىلد

# ليۇجىنىڭ تەرجىمىھالى

تۈيغۇنلار تەسلىم بولغاندا، ئوردا خان جەمەتىنىڭ قىزى گۇاڭخۇا مەلىكىنى تۈيغۇن خانىغا ياتلىق قىلىپ، كېڭەش مەھكىمىسى ياندىش ۋەزىرى ①، قوشۇمچە چەۋەنداز مەھرەم ② ليۇجيەنزىنى مەلىكىنى قوغداپ غەربىي يۇرتقا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇي پادىشاھى سۇي ۋېندى يەنە ليۇجيەنزىنى يىچېڭ مەلىكىنى قوغداپ تۈركلەرگە ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ليۇجيەنزى ئىلگىرى ـ كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن ئەلچىلىككە چىققاندا، تۈيغۇنلار ۋە تۈركلەر ئۇنىڭغا 1000 تۇياقتىن كۆپرەك ئات ھەدىيە قىلغان، يەنە سوۋغا قىلىنغان ھەر خىل بۇيۇملارنىڭ قىممىتىمۇ خېلى زور ئىدى. ليۇجيەنزى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەمەتىدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىپ، ئۆزىگە ھېچقانچە مال ـ مۈلۈك قالدۇرمىدى.
(ئەسلىي كىتاب، 1275 ـ بەت)

سۇي پادىشاھى ياڭدى تەختكە چىقىپ، ليۇجيەنزىنى يەنە كېڭەش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى. دايې يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چىمەن قاغان ئۆزىنى ئوردىغا تەۋە بولدۇمغۇ دەپ ھېسابلاپ، دىڭشياڭ③، مايى④، ئارىلىقىدا چارۋىلىرىنى بېقىشقا باشلىغان. سۇي پادىشاھى ياڭدى ليۇجيەنزىنى چىمەن قاغانغا قەبىلىسىنى باشلاپ مال ـ



چارۋىلىرىنى قورۇلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بېقىش توغرۇلۇق پەرمان يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يارلىققا بىنائەن ئىشنى پۈتتۈرگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى پادىشاھنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن، ئۇنى شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى.
(ئەسلىي كىتاب، 1275 ـ بەت)

---

①كېڭەش مەھكىمىسى ياندىش ۋەزىرى ( 光禄少卿 ) — شىمالىي چى سۇلالىسىدا كېڭەش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئوردا دەرۋازىلىرىنى باشقۇرۇشتىن سىرت يەنە پادىشاھ جەمەتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ھېساباتلىرىنى باشقۇراتتى. ئوردا دەرۋازىلىرىنى باشقۇرۇش دېگەن گەپ، ئۇچ ئەمىر ۋە ۋاڭ ـ سۇلتانلاردىن باشقا ۋەزىرلەر ئوردىغا كىرىشتىن ئاۋۋال شۇلاردىن رۇخسەت ئالىدۇ دېگەن گەپ، ئوردا كېڭەش ئىشلىرىنى تەييارلايتتى. شۇ مەھكىمىنىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى ياندىش ۋەزىر بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 276 ـ بەت)

②چەۋەنداز مەھرەم ( 散骑常侍 ) — ئەمەل نامى. چىن، خەن سۇلالىلىرىدە پەخرىي چەۋەنداز بىلەن ھۆدەيچى مەھرەم ئايرىم تەسىس قىلىنغانىدى. ۋېي سۇلالىسىدىن باشلاپ بۇ ئىككى ۋەزىپە بىرلەشتۈرۈلۈپ چەۋەنداز مەھرەم تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ۋەزىپىسى دائىم پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرۇپ پادىشاھقا مۇلازىمەت قىلىش ۋە قوغداش، نەسىھەت ـ دەۋەت قىلىش. دەسلەپتە كونكرېت ئىشلارنى بېجىرمەيتتى، ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدە پادىشاھنىڭ دىۋانلارنىڭ مەكتۇپلىرىغا جاۋاب بېرىشىگە ياردەم بېرىدىغان بولدى.
(«سىيۇەن» 1350 ـ بەت)

③دىڭشياڭ ( 定襄 ) — قەدىمكى ناھىيە، ۋىلايەت نامى. خەن

سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان، خارابىسى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى هۆلۈنگىر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 454 ـ بەت)

④مايى ( 马邑 ) — قەدىمكى ناھىيە نامى. هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شوشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 761 ـ بەت)



## «سۇينامە» 48 ـ جىلد

# ياڭ سۇنىڭ تەرجىمىھالى

كەيخۇاڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 598 ـ يىلى) ، تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى چېگرا قورۇلىغا بېسىپ كىرگەندە، سۇي پادىشاھى ۋېندى ياڭ سۇنى لىڭجۇ ئايمىقى ① نىڭ ھەربىي يۈرۈش باشبۇغلىقىغا تەيىنلەپ، سەددىچىن سېپىل قوۋۇقىدىن چىقىپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا 2000 توپ يىپەك رەخت، 100 جىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا كۆپچىلىك سەركەردىلەر تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا، تۈرك چەۋەندازلىرىنىڭ بۇسۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، پىيادە قىسىم بىلەن ئاتلىق قىسىملارنىڭ ئارىلىقلىرىغا جەڭ هارۋىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ سەپ تۈزەيتتى. ئاتلىق قوشۇن سەپنىڭ ئىچىدە تۇراتتى، جەڭ هارۋىلىرىنىڭ ئالدىغا توسۇق② سېلىناتتى. ياڭ سۇ باشقىلارغا: «بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى قوغدايدىغان تەدبىر بولۇپ، غەلىبە قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق قوشۇنلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاتلىق قىسىملارنى ئالدىنقى قاتارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ سەپ تۈزدى. تاردۇش بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ: «بۇ تەڭرى ماڭا ئاتا قىلغان نۇسرەت! » دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ تەڭرىگە تېۋىنىپ، ئون نەچچە تۈمەن سەرخىل چەۋەندازنى باشلاپ چېپىپ كەلدى. ياڭ سۇ قوشۇننى باشلاپ قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. تاردۇش ئېغىر

يارىلىنىپ قاچتى، ئۆلگەن ۋە يارىلانغان دۈشمەنلەرنىڭ سانى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. يېڭىلىپ ھالىدىن كەتكەن تۈرك ئەسكەرلىرى بىر تەرەپتىن يىغا ـ زار قىلىپ، بىر تەرەپتىن قاچاتتى. غەلىبە خەۋىرى ئاستانىگە يېتىپ كەلگەندە، سۈي پادىشاھى سۈي ۋېندى ئالاھىدە تەقدىرلەش يارلىقى چۈشۈرۈپ، ئۇنى 20 مىڭ توپ يىپەك رەخت ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. چوڭ ئوغلى ياڭ شۈەنگەننى چوڭ سانغۇنلۇققا ئۆستۈردى. شۈەنجياڭ، شۈنزۇڭ، جىشەنلەرنى دىۋان ۋەزىرلىكىگە تەڭ ئۆستۈردى.
(ئەسلىي كىتاب، 1285 — 1286 ـ بەتلەر)

سۈي پادىشاھى ۋېندى رېنشۇ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (مىلادىيە 601 ـ يىلى) ياڭ سۇنى گاۋجيۇڭنىڭ ئورنىغا مىرزىبەگ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلەپ، 100 تۇياق ياخشى ئات، 200 بايتال ۋە 100 قۇل ـ دېدەك ئىنئام قىلدى. شۇ يىلى، سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ سۇنى ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ سۇ يۈنجۇ ③ دىن قوشۇن تارتىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى. تۈركلەر چېكىنگەندە، ياڭ سۇ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ، كېچىدە ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. يەنە جەڭ قىلماقچى بولدى ـ يۇ، ئەمما قاراقچىلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئاتلىق قوشۇننى سەل ئارقىسىغا سۈرۈلۈشكە بۇيرۇپ، ئۆزى ئىككى چەۋەندازنى ۋە تەسلىم بولغان ئىككى تۈرك ئەسكىرىنى باشلاپ، چېكىنىۋاتقان تۈرك قوشۇنلىرىغا يانداشىپ ماڭدى، تۈركلەر بۇنى سېزەلمىدى. ئۇلار توختاپ ئارام ئالماقچى بولۇپ ئورۇنلىشىپ بولغىچە، ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاتلىق قوشۇننىڭ يۈرۈشىنى تېزلىتىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر يىراقلارغا قېچىپ كېتىپ، چوڭ



چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تۈرك چېدىرلىرى قايتا پەيدا بولمىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ياڭ سۇنىڭ ئوغلى ياڭ شۈەنگەن دۆلەت ئەركانلىقىغا، ياڭ شۈەنزۇڭ خۈەيىەن ۋىلايىتىنىڭ بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. 20 مىڭ توپ ھەرخىل رەخت ئىنئام قىلىندى.
(ئەسلىي كىتاب، 1286 — 1287 ـ بەتلەر)

---

①لىڭجۇ ئايمىقى (灵州道) — خەن سۇلالىسىدە ئايماق بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى ناھىيىدە «道» دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئايماقنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. لىڭجۇ ئايمىقى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى بولىدۇ.
(«سىيۈەن» 3345 ـ بەت)

②توسۇق (鹿角) — قەدىمكى زاماندا قەلئە ئالدىدا سېلىنغان مۇداپىئە ئاكوپى بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن دەرەخ شاخلىرىنى ئۇچلاپ يېرىمىنى يەرگە كۆمۈپ قوياتتى.
(«سىيۈەن» 3354 ـ بەت)

③يۈنجۇ (雲州) — ئايماق نامى. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چىشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«سىيۈەن» 3327 ـ بەت)

# «سۇينامە» 51 ـ جىلد

## جاڭسۇن شېڭنىڭ تەرجىمىھالى

جاڭسۇن شېڭ، تەخەللۇسى جىشېڭ، مىجەزى كېلىشەڭگۈ، ئۆزى ئەقىللىق ئىدى. ئاز ـ پاز ئوقۇغان، كامالەك ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، ھەرىكىتى چەبدەس بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئەينى ۋاقىتتا جۇ سۇلالىسى پادىشاھ جەمەتى ئەلەمدارلىقىنى قەدىرلەيتتى، ئاقسۆڭەك بەگزادىلەر ئەلەم ماھارىتىنى ئۆزئارا كۆز ـ كۆز قىلىشاتتى. بىراق ھەر قېتىم جاڭسۇن شېڭ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئوقيا ئېتىششقا چۈشكەندە، تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرنىڭ نەتىجىسى ھامان ئۇنىڭكىدىن تۆۋەن تۇراتتى. ئۇ 18 يېشىدا، ئوردا نۆكەرلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ نامى چىقمىغان، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى تېخى تونۇمايتتى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇنى كۆرۈپلا، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ماختاپ ۋە ھەيران بولغان ھالدا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ باشقىلارغا: «جاڭسۇن شېڭ دېگەن بۇ يىگىتنىڭ ئەلەم ماھارىتى قالتىس ئىكەن، بايا مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەربىي پىلانلىرىنى ئاڭلىدىم، كەلگۈسىدىكى داڭلىق سانغۇن مۇشۇ كىشى ئەمەسمىدۇ؟» دېدى.

جۇ پادىشاھى شۇەندى تەختتىكى مەزگىلدە (مىلادىيە 579 ـ يىلى)، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى جۇ سۇلالىسىگە قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويىدى. جۇ پادىشاھى شۇەندى جاۋ بېگى يۇ ۋېن جاۋنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. بىراق جۇ سۇلالىسى بىلەن



ئىشبارا ئۆزئارا كۆز ـ كۆز قىلىشىپ مۇسابىقىلىشىپ، جەسۇر سەرۋازنى تاللاپ ئەلچى قىلاتتى. شۇڭلاشقا جاڭسۇن شېڭنى رۇنەن ئەركانبېگى يۈۋېن شىنچىڭگە ھەمدەملىشىپ چيەنجىن مەلىكىنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشبارا قاغاننىڭ بارگاھىغا ئەۋەتتى. ئىلگىرى ـ كېيىن نەچچە ئون تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئىشبارا ئۇلارنى ئەدەپ ـ قائىدە بويىچە كۈتۈۋالمىغانىدى، لېكىن جاڭسۇن شېڭ كەلگەندە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. دائىم ئۇنىڭ بىلەن شىكارغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يىل ئاخىرىغىچە تۇرغۇزۇۋالدى. كۈنلەرنىڭ بىرى، ئىككى بۈركۈتنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا گۆش تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىشبارا، جاڭسۇن شېڭغا ئىككى تال ئوقيا ئوقى بېرىپ: «ئۇلارنى ئېتىپ چۈشۈرۈڭ» دېدى. جاڭسۇن شېڭ كىرىچىنى تارتىپ، ئاتنى بۈركۈتلەر ئېلىشىۋاتقان تەرەپكە چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى بىر تال ئوق بىلەن ئېتىپ چۈشۈردى. ئىشبارا ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرىگە جاڭسۇن شېڭ بىلەن دوست بولۇشنى بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئىشبارانىڭ ئىنىسى چۇلۇق يەنى تولشاد خەلقىنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقسىمۇ، لېكىن ئىشبارا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. چۇلۇق كۆڭلىدىكىنى مەخپىي تۇتۇپ، جاڭسۇن شېڭ بىلەن يوشۇرۇن ئىتتىپاق تۈزدى. جاڭسۇن شېڭ چۇلۇق بىلەن شىكارغا چىقىپ، تۈركلەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە قەبىلىلەرنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى كۆزىتىپ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىۋالدى. بۇ چاغدا سۇي پادىشاھى ۋېندى جۇ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى ئىدى. جاڭسۇن شېڭ ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنى سۇي پادىشاھى ۋېندىگە دوكلات قىلدى، سۇي پادىشاھى ۋېندى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى خان مەپىسى مۇھاپىزەتچى كاھىبېگى① قىلىپ ئۆستۈردى.

سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 581 ـ يىلى) غا كەلگەندە، ئىشبارا: «مەن جۇ پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ تۇغقىنى، بۈگۈنكى كۈندە سۇي ھەزرەت ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپتۇ، مەن ئۇنى بويسۇندۇرالمىسام، يەنە قايسى يۈزۈم بىلەن خاتۇن بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن گاۋباۋنىڭ ② قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، لىنيۈي ③ قورغىنىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ھەر قايسى تەرەپلەردىكى قەبىلىلەرنى يىغىپ، جەنۇبقا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئەمدىلا تەختكە ئولتۇرغاچقا، ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، تېزلىكتە سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرۇپ، ئەسكەر يۆتكەپ شىمالدىكى چېگرىنى مۇداپىئە قىلدى. يىن شۇنى يۇجۇئايىمقىنى ساقلاشقا، يۇ چىڭزېنى بىڭجۇ ئايىمقىنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. جاڭسۇن شېڭ خېلى بۇرۇنلا ئىشبارا، تاردۇش، ئاپار قاغان، تولشاد قاتارلىق كىچىك ئاتا ۋە جىيەن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا كۈچلۈك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنى قاغان دەپ ئاتىشىپ تۆت تەرەپنى بۆلۈشۈۋالغانلىقىنى، كۆڭلىدە ئۆزئارا غۇم ساقلىشىپ ھەسەت قىلىشىپ، كۆرۈنۈشتە ئىناق ـ ئىتتىپاقتەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى، بۇنداق دۈشمەننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش ئىنتايىن تەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى دەيدەيگە سېلىپ ئۆزئارا زىددىيەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاسانلا باش ئەگدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا سۇي پادىشاھى ۋېندىگە مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق دېدى: «پېقىرنىڭ ئاڭلىشىچە، ھالاكەتلىك مالىمانچىلىق چېكىگە يەتكەندە، چوقۇم تىنچلىق يېتىپ كېلىدىكەن. شۇڭلاشقا تەڭرى ئىستېبداتلىقلارنىڭ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئويلىشىمچە، پادىشاھ ئالىيلىرى تارىختا ئۆتكەن خان ـ



پادىشاھلاردىن كېيىن، مىڭ يىللىق بۈيۈك سەلتەنەتنى قۇرۇشقا كىرىشتىلە، ئوتتۇرا ئىقلىم ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، چېگرا يەنىلا پاراكەندە بولۇۋاتىدۇ. قوشۇن چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلىشنىڭ تېخى پەيتى ئەمەس، ئەگەر ئېتىبارسىز قارىساق ئۇلار دائىم بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. شۇڭلاشقا مەخپىي پىلان تۈزۈپ، ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك. پىلان نامۇۋاپىق بولسا، پۇقرالار ئەمىن تاپالمايدۇ؛ پىلان مۇۋاپىق بولسا ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە بەختلىك بولىدۇ. بۇ ئىش ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، بەخت ـ سائادەت بىلەن بالايىئاپەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەپسىلىي ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پېقىر جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى سىرتتا ئەلچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولۇق چۈشەنگەنىدىم. تاردۇش بىلەن ئىشبارانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۈچلۈك بولسىمۇ، مەرتىۋىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغانلىقى، سىرتتا ئۇنىڭ بېقىندىلىق نامى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە ھېسسىيات جەھەتتىن روشەن ئارازلىق مەۋجۇت ئىدى. ئازراق قۇترىتىپ قويساقلا ئۇلار چوقۇم ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ. يەنە ئىشبارانىڭ ئىنىسى چۇلۇقمۇ بار، بۇ ئادەمنىڭ ھىيلە ـ مىكرى كۆپ بولسىمۇ، كۈچى نىسبەتەن ئاجىز ئىدى. ئۇ ئۆز رايىغا خىلاپ ھالدا خالايىققا ياخشىچاق بولاتتى، كۆپچىلىكمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئىشبارا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كۆڭلى بەكمۇ بىئارام ئىدى، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ بولمىغۇر قىلمىشلىرىنى ياپاتتى، كۆڭلىدە بولسا گۇمانلىنىپ تەشۋىشلىنەتتى. يەنە ئاپارمۇ ئارىسالدى، تۇراقسىز ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئىشبارادىن ئىنتايىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئۇ پەقەت كۈچلۈكلەرگىلا

بېقىندۇ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق. ھازىر يىراقتىكىلەر بىلەن ئەپلىشىپ يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكلەرنى پارچىلاپ ئاجىزلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تاردۇشقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ئاپار بىلەن بىرلىشىشكە دەۋەت قىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئىشبارا چوقۇم قوشۇنلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى زېمىنلىرىنى قوغدايدۇ. يەنە چۇلۇقنى يېتەكلەپ، قۇمۇق، بولشارلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتىش كېرەك. ئۇ چاغدا ئىشبارا قوشۇن ئاجرىتىپ، يەنە سول تەرىپىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا گۇمانسىراپ، يېقىن كىشىلەر دۇشمەنلىشىپ، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇرۇش ـ تالاشقا چۈشكەندە جازا يۈرۈشى قىلساق، چوقۇم بىرلا جەڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلالايمىز». پادىشاھ مەكتۇپنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، جاڭسۇن شېڭنى چاقىرتىپ سۆھبەتلەشتى. جاڭسۇن شېڭ يەنە ۋەزىيەتنى ئاغزاكى سۆزلەپ، قولى بىلەن تاغ ـ دەريالارنى سىزىپ، تۈركلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بەش بارماقنى سانىغاندەك ئېنىق تەسۋىرلەپ بەردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇزاق ماختاپ، ئۇنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئاتالىقى يۈەن خۇيىنى ئىۋىرغول ④ ۋىلايىتى ئارقىلىق تاردۇشنىڭ زېمىنىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بۆرە بېشى كەشتىلەنگەن ئەلەم تارتۇق قىلدى ۋە قائىدە ـ مۇراسىم تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى تاپىلىدى. تاردۇشنىڭ ئەلچىسى كەلگەندە، ئۇ ئەتەي ئىشبارانىڭ ئەلچىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزۇلدى. ئارىنى بۇزۇش تاكتىكىسى قوللىنىلغاندىن كېيىن، دەرۋەقە، ئىشبارا بىلەن تاردۇش ئۆزئارا ھەسەتخورلۇق قىلىشىدىغان بولدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى قىلىپ



تەيىنلەپ، خۇاڭلۇڭ ⑤ دىن مال ـ مۇلۇك ئېلىپ بېرىپ قۇمۇق، بولشار، قىتان قاتارلىق قەبىلىلەرنى تارتۇقلاپ، ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى باشلاپ چۇلۇق تۇرۇشلۇق جايغا بېرىشنى، ئۇنىڭ بىلەن ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىشىپ دوست بولۇشنى ۋە ئۇنى ئوردىغا بەيئەت قىلىشقا ئۇندەشنى تاپىلىدى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى)، ئىشبارا 400 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، لەنجۇ ئارقىلىق بېسىپ كىردى. جۇپەنگە يېتىپ كېلىپ، داشى چاڭرۇڭنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، يەنە جەنۇبقا بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، تاردۇش قوشۇلماي ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا جاڭسۇن شېڭ يەنە رامغانغا نەسىھەت قىلىپ ئىشبارانى ئالداپ: «تېلى قاتارلىق قەبىلىلەر يۈز ئۆرۈپ، بارگاھىڭىزغا ھۇجۇم قىلماقچى» دېدى. ئىشبارا قورقۇپ كېتىپ، دەرھال لەشكەرلىرىنى يىغىپ قورۇلدىن چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، تۈركلەر كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى قوشۇنلارنى سەككىز يولغا بۆلۈپ قارشى تۇردى. ئاپار قاغان قەبىلىسىنى باشلاپ لياڭجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كېلىپ، دۇرۇڭدىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا جاڭسۇن شېڭ ياندىش سانغۇن بولۇپ، ئاپار قاغانغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «ئىشبارا ھەرقېتىم كەلگىنىدە غەلىبىلىك جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ئاپار ئەمدىلا كېلىپ مەغلۇپ بولدى، بۇ تۈركلەر ئۈچۈن نومۇس، ئۇ بۇنىڭدىن ئۇيالمامدىكىنە؟ يەنە كېلىپ ئىشبارا ۋە ئاپارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئەسلىدە تەڭ ئىدى، ھازىر ئىشبارا ھەر كۈنى غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ ئۆز قوۋمىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ. ئاپار قاغان بولسا دائىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، دۆلەتنى ئار ـ نومۇسقا قالدۇرماقتا. ئىشبارا چوقۇم ئۇنى جازالاپ، شىمالدىكى بارگاھنى ھالاك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى پىلانىنى ئەمەلگە

ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئۆز كۈچىنى مۆلچەرلەپ باقسۇن، قېنى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالامدىكىن؟» ئاپارنىڭ ئەلچىسى كەلگەندە جاڭسۇن شېڭ يەنە ئۇنىڭغا: «ھازىر تاردۇش سۈي سۇلالىسى بىلەن ئەپلىشىپ قالدى، ئىشبارا ئۇنى توسالمىدى. قاغان نېمىشقا تەڭرىقۇتقا بەيئەت قىلىپ، تاردۇش بىلەن بىرلىشىپ كۈچىنى ئاشۇرمايدۇ؟ بۇ، مۇكەممەل پىلان ئىدى، ئۇ ئۆز قوشۇنىنى مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشتەك ئېغىر گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشبارانىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماقچىمىكىنە؟» دېدى. ئاپار جاڭسۇن شېڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، قورۇلدا تۇرۇپ قالدى، سۈي سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى جاڭسۇن شېڭ بىلەن بىللە ئاستانىگە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. بۇ چاغدا ئىشبارا ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بەيداۋدا ئۇرۇش قىلىشۋاتاتتى، ئىشبارا مەغلۇپ بولۇپ قۇملۇققا قېچىپ كەتتى. ئۇ ئاپارنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ شىمالدىكى بارگاھىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ، بارلىق قوۋمىنى ئەسىر ئالدى ھەم ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاپار ماكانسىز قېلىپ، غەربكە يۈرۈپ تاردۇشنى پاناھ تارتىپ باردى ۋە ئۇنىڭ ئون تۈمەندىن كۆپرەك ئەسكىرىنى ئارىيەت ئېلىپ شەرقتىكى ئىشباراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەم تارقىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىدىن نەچچە تۈمەن كىشىنى يىغىپ، ئىشبارا بىلەن ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشتى. ئاپار جەڭدە ئۇدا غەلىبە قىلىپ، كۈچى تېخىمۇ زورايدى. ئىشبارا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا كۆرۈنۈش قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات تارتۇق قىلدى. چيەنجىن مەلىكە ئۆزلۈكىدىن فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، سۈي پادىشاھى ۋېندىگە قىز بولۇشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

كەيخۇاڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 584 - يىلى)، سۈي



پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭنى يۈي چىڭزېگە مۇئاۋىن قىلىپ ئىشباراغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، چيەنجىن مەلىكىگە ياڭ دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلدى ۋە ئۇنىڭ نامىنى دايى (مەرد - ئادالەت) مەلىكە دەپ ئۆزگەرتتى. ئىشبارا پادىشاھ يارلىقىنى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغاندا، جاڭسۇن شېڭ ئالدىغا بېرىپ: «تۈرك خانلىقى بىلەن بۈيۈك سۈي سۇلالىسى چوڭ دۆلەتلەردۇر، قاغان يۈكۈنمىسە، بىز قانداقمۇ ئىرادىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالايمىز. بىراق، خاتۇن پادىشاھنىڭ قىزى بولغانىكەن، ئۇنداقتا قاغان بۈيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ كۈيئوغلى بولغان بولىدۇ، ئەدەپسىزلىك قىلىپ، قېيناتىسىنى ھۆرمەتلىمىسە قانداق بولىدۇ» دېدى. ئىشبارا شۇنىڭ بىلەن ئۆز نۆكەرلىرىگە كۈلۈپ تۇرۇپ: «قېيناتامغا تەزىم قىلىشىم كېرەك، مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالدى. جاڭسۇن شېڭ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋەزىر، سول قانات تۆھپىدار ھىماتچى ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى⑥ لىققا تەيىنلىدى.

كەيخۇاڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 587 - يىلى)، ئىشبارا كېسەل بولۇپ ئۆلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭنى دەستەكدار قىلىپ ئەۋەتىپ، ئىشبارانىڭ ئىنىسى چۇلۇققا مۇقان قاغان دەپ، ئوغلى يارلۇققا يابغۇ قاغان دەپ نام بەردى. چۇلۇق جاڭسۇن شېڭ ئارقىلىق مەلۇمات سۇنۇپ: «ئاپار تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، بەش - ئالتە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، چەت تاغلىق رايونغا قېچىپ بېرىۋالدى، پادىشاھ يارلىق بەرسىلا، مەن چوقۇم ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ تەقدىم قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھى ۋېندى قەلەمدار - ئەلەمدارلىرىنى يىغىپ

كېڭەش قىلدى. لىيئەن بېگى يۈەن شيې: «نەگىلا بارسۇن، ئۇنىڭ كالللىسىنى ئېلىپ خادا ياغاچقا ئېسىپ سازايى قىلىپ، ئۇنى جازالاش كېرەك» دېدى. ۋۇياڭ بېگى لى چۇڭ: «ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كېلىپ، قانۇن بويىچە سوت قىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ سازايى قىلىش كېرەك» دېدى. سۈي پادىشاھ ۋېندى جاڭسۇن شېڭدىن: «سىزنىڭچە قانداق» دەپ سورىدى. جاڭسۇن شېڭ: «ئەگەر تۈركلەر باشقۇرۇشقا بويسۇنماي خالىغانچە ئەسكىلىك قىلسا، چوقۇم ئۇنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. هازىر ئاكا - ئۇكىلار ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىۋاتىدۇ. ئاپارنىڭ جىنايىتى دۆلەتنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويۇش ئەمەس، ئۇنىڭ مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرسەك، بۇ يىراقتىكىلەرنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى بولماسمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئىككىلا تەرەپنى ساقلاپ قېلىش تۈزۈكمىكىن» دەپ جاۋاب بەردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى: «بولىدۇ» دېدى. كەيخۇاڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 588 - يىلى)، چۇلۇق ئۆلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭنى تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىپ، ئاۋۋالقىدەكلا چىن دۆلىتى تەقدىم قىلغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ بېرىپ يارلۇققا ئىنئام قىلدى.

كەيخۇاڭ 13 - يىلى (مىلادىيە 593 - يىلى)، ياڭ چىن ئىسىملىك بىر سەرگەردان تۈركلەرگە قېچىپ بېرىپ، پېڭ بېگى ليۇچاڭ بىلەن يۈۋېن جەمەتىنىڭ قىزى سۈي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلاپ، مېنى تۈركلەرگە مەلىكە بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلەشكىلى ئالاھىدە ئەۋەتتى، دەپ يالغان - ياۋىداق گەپ قىلدى. يارلۇق ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ۋاقتىدا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات تارتۇق قىلمايدىغان بولۇۋالدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى تۈركلەرنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ئۈچۈن يەنە جاڭسۇن شېڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مەلىكە جاڭسۇن شېڭ



بىلەن كۆرۈشكەندە، گەپ - سۆزدە ئەدەپلىك بولمىدى ھەمدە ئۆزى بىلەن ئويناش قىلغان تۈرك ئەنسۇيكانى ياڭ چىن بىلەن سۇيىقەست پىلانلاپ، يارلۇقنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتتى. جاڭسۇن شېڭ ئاستانىگە قايتىپ، بارلىق ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى يەنە جاڭسۇن شېڭنى تۈركلەرگە بېرىپ ياڭ چىننى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، يارلۇق ماقۇل بولماي، ساختىلىق قىلىپ: «سارايلار ئاختۇرۇپ كۆرۈلدى، ئۇنداق ئادەم يوق ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. جاڭسۇن شېڭ يارلۇقنىڭ مەھرەملىرىنى سېتىۋېلىپ، ياڭ چىن تۇرۇشلۇق جاينى بىلىۋالدى ۋە كېچىسى تۇيدۇرماي ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، يارلۇققا كۆرسەتتى ھەم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەلىكىنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. تۈركلەر بۇنى ناھايىتى زور شەرمەندىچىلىك دەپ ھېسابلاشتى. يارلۇق ئەنسۇيكا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ھەممىسىنى جاڭسۇن شېڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، جاڭسۇن شېڭغا مەنسەپ ئۈستىگە مەھكىمىدار دېگەن مەرتىۋە بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى تۈركلەرگە يەنە ئەۋەتىپ، يارلۇقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، دايى مەلىكىنى ئۆلتۈرگۈزدى. يارلۇق يەنە قۇدىلىشىش توغرىسىدا مەكتۇپ سۇندى، پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قۇدىلىشىشنى ماقۇل كۆرمەكچى بولدى. جاڭسۇن شېڭ مەكتۇپ سۇنۇپ: «پېقىرنىڭ كۆزىتىشىچە، يارلۇق دېگەن بۇ تۇتۇرۇقسىز ئادەمگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئۇ پەقەت تاردۇشتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا خانىدانلىقىمىزغا تايىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشساق، ئاخىرىدا ئۇ چوقۇم يۈز ئۆرۈيدۇ. بۈگۈن ئۇ مەلىكىنى ئالسا، خان جەمەتىگە تايىنىپ قۇدرەت تاپىدۇ - دە، تاردۇش، رامغانلارنى ئۆز تىزگىنىگە ئېلىپ، كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ يەنە يۈز ئۆرۈيدۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەسكە توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رامغان بولسا

چۇلۇقنىڭ ئوغلى، ئادەتتە ئۇ سەمىمىي، سادىق بولۇپ، بۈگۈنگىچە ئىككى ئەۋلاد تەختتە تۇردى. پېقىر ئالدىنقى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇمۇ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، جەنۇبقا كۆچۈرسەك، ئۇنىڭ ئەسكىرى ئاز، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنى تىزگىنلەش ئاسان بولىدۇ. ئۇلارنى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى سۈپىتىدە يارلۇققا قارشى سەپتە تۇرغۇزۇش كېرەك» دېدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى: «بولىدۇ» دېدى ھەم جاڭسۇن شېڭنى رامغاندىن دەرھال ھال سوراشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىشىگە قوشۇلدى.

كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى)، رامغان 500 چەۋەندازنى جاڭسۇن شېڭغا ئەگەشتۈرۈپ مەلىكىنى ئالغىلى ئەۋەتكەندە، سۇي پادىشاھى ۋېندى جەمەتداش قىزىغا ئەنيى مەلىكە دەپ نام بېرىپ، ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ئىجازەت بەردى. جاڭسۇن شېڭ رامغاننى قەبىلىسىنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈشكە قايىل قىلىپ، دۇجىن كونا قورغىنىدا تۇرغۇزدى. يارلۇق ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، قايتا ـ قايتا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ تۇراتتى. رامغان ئالدىن تەكشۈرۈپ تىڭ ـ تىڭلاپ، ئەھۋالنى بايقىغان ھامان ئادەم ئەۋەتىپ ئوردىغا مەلۇم قىلىپ تۇرغاچقا، قاراقچىلار ھەر قېتىم كېلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا قارشى تەييارلىق قىلىپ قويۇلدى.

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى)، رامغان جاڭسۇن شېڭ ئارقىلىق، يارلۇقنىڭ قورال ياساپ داتۇڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى باشبۇغ، خەن بېگى ياڭ لياڭنىڭ قوماندانلىقىدا، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قورۇلدىن چىقىپ جازا يۈرۈشكە ئاتلىنىش پەرمانىنى چۈشۈردى. يارلۇق ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، يەنە تاردۇش بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ھەم بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ رامغانغا ھۇجۇم قىلىپ، سەددىچىن



سېپىلىنىڭ تۈۋىدە بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلدى. رامغان مەغلۇپ بولدى، قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى، قەبىلىسىمۇ پىتىراپ كەتتى. رامغان بىلەن جاڭسۇن شېڭ پەقەت بەش چەۋەندازنى باشلاپ گۇگۇم ۋاقتىدا جەنۇبقا قاراپ قېچىپ، تاڭ يورۇغىچە يۈز نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ، نەچچە يۈز چەۋەندازنى يىغىۋالدى. رامغان ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: «بۈگۈن قوشۇنۇم مەغلۇپ بولۇپ ئوردىغا كىرسەم، پەقەت تەسلىم بولغان ئادەم بولىمەن، بۈيۈك سۇي سۇلالىسى پادىشاھى مېنى يەنە ئىززەتلەمدۇ؟ گەرچە تاردۇش كەلگەن بولسىمۇ، ئارىمىزدا ئەزەلدىن ئاداۋەت يوق، ئەگەر ئۇنىڭدىن پاناھلىق ئىزدەپ بارسام، ئۇ چوقۇم ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دېدى. جاڭسۇن شېڭ رامغاننىڭ دىلىغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، فۇيۈەن قورغىنىغا يوشۇرۇن ئادەم كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تېزلىكتە سىگنال گۈلخانى يېقىشىنى بۇيرۇدى. رامغان تۆت جايدا سىگنال گۈلخانى يېقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، جاڭسۇن شېڭدىن: «سېپىل ئۈستىدە نېمىشقا گۈلخان يېقىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. جاڭسۇن شېڭ ئۇنى ئالداپ: «سېپىل ئېگىز، ئەتراپ يىراق، شەھەردىكىلەر چوقۇم يىراقلاردا قاراقچىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسا كېرەك. خانىدانلىقىمىزنىڭ ھەربىي قانۇنىدا، ئەگەر قاراقچىلار ئاز بولسا ئىككى گۈلخان، كۆپ بولسا ئۈچ گۈلخان يېقىلىدۇ، قاراقچىلار كۆپ بولۇپ قىستاپ كېلىپ قالسا، تۆت گۈلخان يېقىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ گۈلخانلارنىڭ يېقىلىشى دوست قوشۇنىمىزغا كېلىۋاتقان قاراقچىلارنىڭ كۆپلۈكىنى ھەم قىستاپ كېلىپ قالغانلىقىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت» دېدى. رامغان بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، قەبىلىسىدىكىلەرگە: «بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلار ئاللىقاچان يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ھازىرچە شەھەرگە كىرىۋالايلى» دېدى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، جاڭسۇن

شېڭ رامغاننىڭ نۆكىرى جىشنى قەبىلە - قوۋمىنى باشقۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى رامغاننى باشلاپ ھەر قايسى ئۆتەڭلەرنىڭ ئات - ئۇلاغ، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىشى ئارقىلىق ئاستانىگە كىرىپ، ئوردىغا كۆرۈنۈش قىلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، جاڭسۇن شېڭگە سول قانات تۆھپىدار ھىماتچى چاپاۋۇل سانغۇن ⑦ دەپ نام بېرىپ، خىسلەتلىك بەلگە تۇتۇپ تۈركلەرگە ھامىيلىق قىلىشقا بەلگىلىدى. جاڭسۇن شېڭ ئەل بولغان تۈركلەرنى يارلۇقنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بارگاھىدا كۆپ قېتىم غەيرىي نورمال ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، يەنى كېچىدە قىزىل رەڭلىك ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولۇپ، نۇرنىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقنى يورۇتۇۋەتكەنلىكىنى؛ سىرىئۇس يۇلتۇزى چۈشۈپ كېتىپ، ئۈچ كۈن قان يامغۇر ياغقانلىقىنى؛ ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ ئۇنىڭ بارگاھىغا چۈشۈپ، گۈلدۈرماما پەيدا قىلغانلىقىنى؛ ھەركۈنى كېچىدە قارا بېسىپ، سۇي سۇلالىسى چوڭ قوشۇنى يېتىپ كەلدى، دەپ جۆيلۈيدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ئارقىلىق ئوردىغا مەلۇم قىلدى ھەمدە يەنىلا قوشۇن چىقىرىپ تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دۇسۇر قاتارلىقلار رامغانغا ئەل بولدى، ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ ئەل بولغان ئەر - ئايال بىر تۈمەندىن ئېشىپ كەتتى، جاڭسۇن شېڭ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭلاشقا تۈركلەر چىن كۆڭلىدىن بەيئەت قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇي پادىشاھى ۋېندى رامغانغا ئىلچىنغۇ چىمەن قاغان دەپ نام بېرىپ، ۋۇئەن سارىيىدا ئوقيا ئىنئام قىلدى. 12 نەپەر ماھىر ئوقياچى تاللىنىپ، ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. چىمەن قاغان: «پېقىر، جاڭسۇن ئەلچى ئارقىلىق پادىشاھنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى، بۈگۈن پېقىرغا ئوقيا ئىنئام قىلىندى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىدا



بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى قوشۇلدى. جاڭسۇن شېڭگە ئالتە تال ئوقيا ئوقى بېرىلدى، ئېتىلغان ھەربىر ئوق نىشانغا تەگدى، نىشانغا تەگكەن ئوقنى ھېسابلاش ئۈچۈن تەييارلانغان چوكا بۇغا ئاغزىغا تاشلاپ ⑧ تۇرۇلدى. چىمەن قاغان بار گۇرۇپپا ئۇستۇنلۇك قازاندى. بۇ چاغدا بىر توپ قۇرغۇي ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، سۇي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭگە: «سەن ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا، مېنىڭ ئورنۇمدا ئېتىپ چۈشۈرگىن» دېدى. جاڭسۇن شېڭ ئاتقان ئون تال ئوقنىڭ ھەممىسى تېگىپ قۇرغۇيلار دومىلاپ چۈشتى. بۇ كۈنى ئەمەلدارلار ئىنئام ئالدى، جاڭسۇن شېڭ ھەممىدىن كۆپ ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭنى بەش تۈمەن كىشىنى باشلاپ شوجۇ ئايمىقىدا دالى شەھىرىنى بىنا قىلىپ رامغاننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەنيى مەلىكە ئاغرىپ ئۆلگەندە، پەرمانغا بىنائەن قولىغا خىسلەتلىك بەلگە ئېلىپ يىچىڭ مەلىكىنى رامغانغا خوتۇنلۇققا ئاپىرىپ بەردى. جاڭسۇن شېڭ يەنە مەلۇمات سۇنۇپ: «رامغاننىڭ قەبىلىسىدىكىلەردىن ئەل بولغانلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلار گەرچە سەددىچىننىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا يارلۇقنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ جاپا - مۇشەققەت تارتىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ۋۇيۇەنگە كۆچۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىغا تايىنىپ مۇستەھكەم توساق ھاسىل قىلساقمىكىن. شياجۇ، شېڭجۇ ئايمىقى⑨ دىن ئىبارەت ئىككى ئايماق ئارىلىقىدا، شەرق ۋە غەرب تەرىپى خۇاڭخې دەرياسىغىچە بارىدىغان، جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ ئارىلىقى 400 چاقىرىم كېلىدىغان توغرا يۆنىلىشلىك خەندەك قېزىپ، ئۇلارنى شۇ دائىرە ئىچىدە تۇرغۇزۇپ، خالىغانچە چارۋا باقالايدىغان قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشتىن خالىي قىلالىساق، ئۇلارنىڭ كۆڭلى چوقۇم ئەمىن تاپىدۇ» دېدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى

ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى ماقۇل كۆردى.

كەيخۇاڭ 20 ـ يىلى (مىلادىيە 600 ـ يىلى)، دۇلان قاغاننىڭ قەبىلىسىدە چوڭ توپىلاڭ يۈز بېرىپ، قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جاڭسۇن شىڭ شۇنىڭ بىلەن مەلۇمات سۇنۇپ: «هازىر زور قوشۇنىمىز چېگرىغا يېتىپ بېرىپ، بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلدى، قاراقچىلار ئىچكى قىسىمدا ئاسىيلىق قىلىپ، خوجايىنىنى ئۆلتۈردى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئەل بولۇشقا قىزىقتۇرساق، چوقۇم ھەممىسى كېلىپ تەسلىم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن رامغاننىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى بۇيرۇپ شۇلارنى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ۋە ئۇلاردىن هال سوراشقا ئەۋەتسەك» دېدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. دەرۋەقە، ھەممىسى كېلىپ ئەل بولدى. تاردۇش ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، يەنە نۇرغۇن لەشكەر توپلىدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى جاڭسۇن شېڭگە تەسلىم بولغان تۈركلەرنى باشلاپ، چىنچۇەن ⑩ ھەربىي يۈرۈش باشبۇغلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جىن بېگى ياڭ گۇاڭنىڭ قوماندانلىقىدا جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان بەردى. تاردۇش قوشۇنى بىلەن جىن بېگى ئۇچراشقاندا، جاڭسۇن شېڭ: «تۈركلەر سۇغا موھتاج، ئەڭ ئاسىنى سۇغا زەھەر سېلىش» دەپ تەدبىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا زەھەر تاشلاندى، تاردۇشنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرى زەھەرلەنگەن سۇنى ئىچىپ نۇرغۇنى ئۆلدى. تاردۇش ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ: «تەڭرى ئاپەت ياغدۇرۇپ، مېنى هالاك قىلماقچىمۇ نېمە؟» دەپ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. جاڭسۇن شېڭ لەشكەر باشلاپ قوغلاپ، مىڭدىن كۆپرەكىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يۈزدىن كۆپرەكىنى ئەسىر ئالدى، نەچچە مىڭ تۇياق مال ـ چارۋىنى قولغا چۈشۈردى. جىن بېگى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، جاڭسۇن شېڭنى چېدىرغا باشلاپ



كىردى ۋە بىرلىكتە هاراق ـ شاراب ئىچىپ، تاماق يەپ، كۆڭۈل ئېچىشتى. شۇ چاغدا تۈرك قاغانىنىڭ تەسلىم بولغان نۆكىرىمۇ بىللە ئولتۇرۇۋاتاتتى، ئۇ تۈركلەر ئىچكى قىسىمدا جاڭسۇن شېڭ باشبۇغدىن ئىنتايىن قورقىدىغانلىقىنى؛ ئۇ ئاتقان ئوقيانىڭ ئاۋازى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىدىغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، چاقماق سوقۇپ ئۆتكەندەك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. جىن بېگى كۈلۈپ تۇرۇپ: «جاڭسۇن سانغۇننىڭ ھەيۋىتى دۆلەت سىرتىغا تارقىلىپ، زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ، بۇ نېمىدېگەن پەخىرلىنەرلىك ـ ھە!» دېدى. غەلىبە بىلەن پايتەختكە قايتقاندىن كېيىن، سۈي پادىشاھ ۋېندى ئۇنىڭغا يۇقىرى ئۈچ مەھكىمىگە ئوخشاش مەھكىمە قۇرۇپ ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش مۇراسىم جابدۇقلىرىنى قوللىنىش پەخرىي ھوقۇقىنى بېرىپ، يەنە دالى شەھىرىگە قايتىپ، يېڭى ئەل بولغان تۈرك قەبىلىلىرىگە تەسەللى بېرىش ھەم ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ رېنشۇ تۆتىنجى يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى)، جاڭسۇن شېڭ مەلۇمات سۇنۇپ: «يېقىنda كېچىدە سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قىزىل رەڭلىك تۇماننى كۆردۈم، تۇماننىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ، يامغۇر ياغقاندەك يەر يۈزىنى قاپلاپ كېتىپتۇ. لەشكىرىي دەستۇرلارنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم بۇ قان سېپىش دەپ ئاتىلىدىكەن، تۇماننىڭ ئاستىدا قالغان ئەل چوقۇم هالاك بولىدىكەن. تۈركلەرنى يوقاتماقچى بولساق، دەل بۈگۈن قول سېلىشىمىز كېرەك» دېدى. پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ، ياڭ سۇ⑪نى ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى، جاڭسۇن شېڭنى تەسلىمنى قوبۇل قىلغۇچى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، رامغاننى شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئۇزىتىپ قويدى. رېنشۇ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 602 ـ يىلى)، چوڭ قوشۇن بېيخې دەرياسىغا

كەلگەندە، قاراقچىلار سەردارى سىلى تېكىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جاڭسۈن شىڭ بىلەن چوڭ سانغۇن لياڭ مو ئۇلارنى زەربە بىلەن قاچۇردى ھەم ئارقا - ئارقىدىن 60 چاقىرىمغىچە ئۇرۇش قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ كۆپچىلىكىنى تەسلىم قىلدى. جاڭسۈن شىڭ يەنە رامغانغا شىمالدىكى تېلى قەبىلىلىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشنى، ئۇلارنى يىغىپ بىرلەشتۈرۈشنى تاپىلىدى. رېنشۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 603 - يىلى)، تېلى، ئىزگىل، فۇلىجۇي، غۇن، قۇسا، ئابا، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە تاردۇشقا قارشى چىقىپ، ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. تاردۇشنىڭ قەبىلىسى قالايمىقانچىلىقتا پىتىراپ، غەربتىكى تۇيغۇنلارغا بېرىپ پاناھلىق ئىزدىدى. جاڭسۈن شىڭ رامغاننى ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىنى قۇملۇقنىڭ ئاغزىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاپاردى.

ئىش پۈتۈپ جاڭسۈن شىڭ ئوردىغا قايتقاندا، سۈي پادىشاھى ۋېندى ۋاپات بولغان بولۇپ، مۇسىبەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ماتەم تۇتمىغانىدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى جاڭسۈن شېڭغا سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا ئىچكى قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوردا قوۋۇقىنى چىڭ باشقۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى ھەم شۇ كۈنى ئۇنى سول قول سەركەردىلىككە تەيىنلىدى. شۇ چاغدا ياڭ لياڭ ⑫ توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، سۈي پادىشاھى ياڭدى جاڭسۈن شېڭغا ئەسلىدىكى مەنسىپى بىلەن شياڭجۇ⑬غا بېرىپ ئايماق بېگى بولۇپ، شەندۇڭدىن قوشۇن يۆتكەپ، لى شيۇڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە تەدبىرلەرنى پىلانلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. جاڭسۈن شىڭ بۇنىڭدىن باش تارتىپ: «پېقىرنىڭ شىڭبۇ دېگەن بىر ئوغلى بولۇپ، ھازىر توپىلاڭ رايونىدا تۇرۇۋاتىدۇ، تۇيۇقسىز بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ قويۇشلىرىغا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن» دېدى. سۈي پادىشاھى



ياڭدى: «سىز تىرىشچان ھەم سەمىمىي - سادىق، مەن بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. شياڭجۇ دېگەن بۇ جاي ئەسلىي چى بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى بولۇپ، ئادەملىرىنىڭ تەبىئىتى شەپقەتسىز، ئاسانلا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. ناۋادا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالسا، قاراقچىلارنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز دۆلەت ئىشىغا شۇنچە چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەھۋالدا، بىر ئوغلىڭىزنى دەپ ئادالەت يولىغا بولغان ساداقىتىڭىزگە دەخلى يەتكۈزسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇردۇم، باش تارتماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ لياڭنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ شياڭجۇغا ئەۋەتىلدى. ياڭ لياڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭسۈن شىڭ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ ھەيۋەتلىك ھىماتچى سانغۇنلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.

دايې 3 - يىلى (مىلادىيە 607 - يىلى)، سۈي پادىشاھى ياڭدى چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يۈلىنگە كېلىپ، قوشۇنلارنى سەپراس قىلىپ قورال كۈچىنى كۆز - كۆز قىلىپ، تۈركلەر دۆلىتىدىن ئۆتۈپ جوجۈن ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. يەنە رامغاننى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋۋال جاڭسۈن شېڭنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى. رامغان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز تەۋەسىدىكى قۇمۇق، بولشار، سىۋىر قاتارلىق نەچچە ئون قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغدى. جاڭسۈن شىڭ بارگاھ ئىچىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەر ۋە ئەسكى - تۈسكىلەرنى كۆرۈپ، رامغاننىڭ ئۆزىگە ئوتاتماقچى ھەمدە ھەرقايسى قەبىلىلەرگە پادىشاھنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، چېدىر ئالدىدىكى ئوت - چۆپلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرى خۇش پۇراق بولسا كېرەك» دېدى. رامغان دەرھال پۇراپ بېقىپ: «خۇش پۇراق ئەمەسكەن»

دېدى. جاڭسۇن شېڭ: «پادىشاھ كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن جايلارنىڭ بەگلىرى ئۆزى تازىلىشى، يوللاردىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتىشى ھەم پادىشاھقا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. ھازىر بارگاھلاردىكى ياۋا ئوت - چۆپ ۋە ئەسكى - تۈسكىلەرنى مەن تېخى ئالاھىدە قالدۇرۇپ قويغان خۇش پۇراق نەرسىلەر ئوخشايدۇ، دەپتىمەن» دېدى. رامغان شۇئان بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ: «بۇ پېقىرنىڭ گۇناھى، پېقىرنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ھىممىتىدىن كەلگەن، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن باش تارتىشقا نېمە ھەددىم؟ چېگرا ئادەملىرى قائىدە - يوسۇننى ئۇقۇپ كەتمەيدۇ، بۇ ھەقتە پۈتۈنلەي سانغۇننىڭ شەپقەت ۋە تەربىيىسىگە تايىنىمەن، سانغۇننىڭ شەپقىتى پېقىرنىڭ بەختىدۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەلۋېغىدىكى خەنجىرىنى چىقىرىپ، شەخسەن ئۆزى ئوت ئورۇدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بەس - بەس بىلەن ئۇنى دوراپ ئىشلىدى. شۇنداق قىلىپ يۇلىننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بارگاھىغىچە، يەنە شەرقتىكى جىچيۇ⑭غىچە، ئۇزۇنلۇقى 3000 چاقىرىم، كەڭلىكى 100 قەدەم ئارىلىقتا پۈتۈن دۆلەتتىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاشارغا چىقىپ، خان يولى ياساش ئەمگىكىگە چۈشۈپ كەتتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى جاڭسۇن شېڭنىڭ پىلان تەدبىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ تەقدىرلىدى. كېيىن خۇەيياڭ⑮نىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرمايلا يەنە ئوڭ قول شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەندى.

دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى)، جاڭسۇن شېڭ ئاغرىپ ئۆلدى، بۇ چاغدا ئۇ 58 ياشتا ئىدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن مال - مۈلۈك ھەدىيە قىلدى. كېيىن



تۈركلەر يەنمېن⑯گە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، سۈي پادىشاھى ياڭدى ھەسرەت بىلەن: «ئەگەر جاڭسۇن شېڭ ھايات بولغان بولسا، تۈركلەرنىڭ بۇنداق غالجىرلىشىپ كېتىشىگە يول قويمىغان بولاتتى» دېدى. جاڭسۇن شېڭ ئاجايىپ پىلان - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىراتتى. ۋاپادار تەبىئەتلىك ئىدى. ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندا، ھەددىدىن زىيادە ھەسرەت چېكىپ ياداپ كەتكەندە، ئوردىدىكى ئەمەلدارلار ماختاپ كەتكەنىدى. جېنگۇەن ⑰ يىللىرىدا ئۇنىڭغا ئەمىرى مىمار، ئالىي دۆلەت ئەركانى، چى ئەركانبېگى، تۆھپىكار دېگەن ناملار بېرىلدى. كەنجى ئوغلى جاڭسۇن ۋۇجى بەگلىك ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولدى.
(ئەسلىي كىتاب، 1329 — 1336 - بەتلەر)

---

①خان مەپىسى مۇھاپىزەتچى كاھبېگى (奉车都尉) ئەمەل نامى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان، پادىشاھ مىنىدىغان ئات ۋە ئولتۇرىدىغان مەپىگە مەسئۇل، شۇ ئاتلارنى باشقۇرۇش ھەم مەپىنى ھەيدەش، مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل، جىن سۇلالىسىدىن تارتىپ غەيرىي رەسمىي ئوردا ۋەزىرى بولۇپ قالغان. سۇڭ سۇلالىسىدە ئەمەلدىن قالغان.
(«سىيۇەن» 717 - بەت)

②گاۋباۋنىڭ (高宝宁) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە يىڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ شەھىرى) نىڭ ئايماق بېگى.
(«شىمالىي جۇنامە» دىن)

③لىنيۈي (临渝) — قورغان نامى. ھازىرقى شەنخەيگۈەن قوۋۇقىنىڭ كونا نامى. خېبېي ئۆلكىسى فۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1293 ـ بەت)

④ئىۋىرغول (伊吾) — سۈي سۇلالىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ۋىلايەتلەر تەسىس قىلىنغان. ئىۋىرغول ۋىلايىتى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل شەھىرىدە ئىدى.
(«سىيۇەن» 181 ـ بەت)

⑤خۇاڭلۇڭ (黄龙) — شەھەر نامى، ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ شەھىرى بولىدۇ. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە كېيىنكى يەن خانلىقى بۇ يەرنى خۇاڭلۇڭ شەھىرى دەپ ئاتاپ پايتەخت قىلىپ بېكىتكەنىدى.
(«سىيۇەن» 3571 ـ بەت)

⑥ سول قانات تۆھپىدار ھىماتچى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى (左勋卫车骑将军) — ھەربىي ئەمەل نامى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى تەسىس قىلىشنى باشلىغانىدى. ئاساسەن پادىشاھ ئەتراپىدىكى ھارۋا، ئاتلىق قوشۇننىڭ قوماندانى بولغاچقا، خەن سۇلالىسىدىكى بىر نەچچە پادىشاھ ئۆز تاغىلىرىدىن تەيىنلىگەنىدى ياكى ئەڭ ئىشەنچلىك يېقىن ۋەزىرلەرنى تەيىنلەيتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە تۆھپىدار قوغدىغۇچىلارنى تەيىنلەيدىغان بولدى.
(«سىيۇەن» 3014 ـ بەت)

⑦سول قانات تۆھپىدار ھىماتچى چاپاۋۇل سانغۇن (左勋卫骠骑将军) — ھەربىي ئەمەل نامى. ئورنى ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىدىن سەل تۆۋەنرەك. ئۇلۇغ سانغۇننىڭكىگە ئوخشاش. ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن تۆھپىدار دەپ، ئوردا ھىماتچىلىرىدەك شانۇ شۆھرەت نامى قوشۇپ ئاتىدىغانىدى.
(«سىيۇەن» 3464 ـ بەت)

⑧ بۇغا ئاغزىغا چوكا تاشلاش (入鹿) — ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلغاندا، ياغاچتىن بۇغا ياساپ، ئالدى پۇتىنى يۇكۇندۇرۇپ، دۈمبىسىگە



تۆشۈككە چوكا تاشلاپ، تەگكەن ئوقنىڭ سانىنى شۇنىڭ بىلەن ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 3554 ـ بەت)

⑨شېڭجۇ ئايمىقى (胜州) — سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ يىللىرىدا تەسىس قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئىجكاۋ ئايمىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«سىيۇەن» 381 ـ بەت)

⑩چىنچۇەن (秦川) — يەر نامى. ۋېيچۇەن دەرياسىنىڭ ئىككى تەرەپتىكى مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان تۈزلەڭلىك ئەسلىي چىن بەگلىكىنىڭ تەۋەسىدە بولغاچقا، چىنچۇەن دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ بۈگۈنكى شەنشى بىلەن گەنسۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(«سىيۇەن» 2301 ـ بەت)

⑪ياڭ سۇ (杨素) — سۈي سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىرى، دۆلەت ئەركانى، ۋەلىئەھد خەلپىتى، ئەمىرى زېمىن بولغان. ئۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىلا ھارۋا ـ ئاتلىقلار ئۇلۇغ سانغۇنى بولۇپ، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغانىدى. شىمالىي چى سۇلالىسىنى تىنچىتقانلىقى ئۈچۈن چىڭخې ناھىيە ۋېكۇندى، چېڭئەن ناھىيە كىنەزى بولغان. سۈي سۇلالىسىدە بەنجۇ ئايماق بېگى، چىڭخې ۋىلايەت كىنەزى ئالىي دۆلەت ئەركانى بولغان. پادىشاھ سۈي ياڭدى ئۇنى ۋەلىئەھد خەلپىتى قىلغان. ئۆلگەندە ئۆلۈم ئۇنۋانى ئۈچۈن كېڭەش بېگى، ئەمىرلەشكەر، ئون ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى دېگەن مەنسەپلەرنى بەرگەن.
(«سۈينامە» 48 ـ جىلدتىن)

⑫ياڭ لياڭ (杨谅) — سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۆلۈپ ياڭ گۇاڭ تەختكە چىققاندا، ئۇ ياڭ گۇاڭنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا قارشى چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن. ياڭ سۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان بولۇپ، تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ ۋەجىدىن «سۈينامە» دە ئۇ ھەققىدە خاتىرە يېزىلمىغان.

(«سۇينامە» 3 ـ جىلد، 48 ـ جىلدلاردىن)

⑬شياڭجۇ (相州) — ئايماق نامى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى بولىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 652 ـ بەت)

⑭جىچيۇ (蓟丘) — كېيىنكى يەن خانلىقىنىڭ پايتەختى. جى شەھىرى دەپمۇ ئاتىلاتتى. شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا جىچيۇ تۆپىلىكى بولغانلىقىدىن مۇشۇ نام قويۇلغان. خارابىسى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«سىيۈەن» 2723 ـ بەت)

⑮خۇەيياڭ (淮阳) — ۋىلايەت، بەگلىكنىڭ نامى. خەن سۇلالىسىدە خۇەيياڭ بەگلىكى تەسىس قىلىنغانىدى. سۇي سۇلالىسىدە دەسلەپتە چېنجۇ ئايمىقى، كېيىن خۇەيياڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جېڭجۇ شەھىرى بولىدۇ.
(«سىيۈەن» 1834 ـ بەت)

⑯يەنمېن (雁门) — ۋىلايەت نامى. چىن سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. شۇ يەردە يەنمېن تېغى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ نام قويۇلغانىدى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، يەنە جىڭلىڭ، جۇجۇشەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
(«سىيۈەن» 3306 ـ بەت)

⑰جېنگۈەن (贞观) — تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىننىڭ يىلنامىسى. مىلادىيە 627 ـ يىلىدىن 649 ـ يىلىغىچە بولۇپ، 23 يىل داۋام قىلغان. بۇ مەزگىل تاڭ سۇلالىسى ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىل بولغان.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 111 — 112 ـ بەتلەر)



## «سۇينامە» 53 ـ جىلد

# داشى چاڭرۇ، خېلۇزىگەن، شى ۋەنسۇيلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) تۈرك قاغانى ئىشبارا بىلەن ئىنىسى يابغۇ ۋە فەننا قاغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن يەنە جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى داشى چاڭرۇنى ھەربىي يۈرۈش باشبۇغلىقىغا تەيىنلەپ، 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارغا زەربە بېرىشكە پەرمان چۈشۈردى. ئىككى قوشۇن جوپەن ناھىيىسىدە تىركەشتى. قوشۇندىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ بەك قورقتى. داشى چاڭرۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ تىز پۈكمەس قىياپەتتە جەڭگە ئاتلاندى. قوشۇن تۈركلەرنىڭ زەربىسىدىن تارقىلىپ كەتتى، تارقىلىپ كەتكەنلەر يەنە توپلىنىپ، بىر ياقتىن جەڭ قىلىپ بىر ياقتىن يول يۈردى. ئۇدا ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ نەيزە، ئوقيا، قىلىچ، يالمان قاتارلىق قوراللارنىڭ ھېچقايسىسى قالمىدى. ئاخىرىدا لەشكەرلەر مۇشتۇمى بىلەن ئېلىشتى، قوللىرى تىلىنىپ يېرىلىپ ئۈستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلگەن، يارىدار بولغانلار 10 مىڭغا يەتتى. تۈركلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىپ تارقىلىپ قايتىپ كەتتى. داشى چاڭرۇنىڭ بەدىنىنىڭ بەش يېرى يارىلاندى، قورسىقى ئىككى يەردىن تېشىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يۈزدىن 80 ـ 90 ى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. تۈركلەر ئەسلىدە

چىنجۇ، لۇڭشى رايونلىرىنى ھەدەپ بۇلىماقچى ئىدى. بىراق داشى چاڭرۇغا دوقۇرۇشۇپ قالغاچقا، لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇشقا سالدى. تۈركلەرنىڭ خىيالى بەربات قىلىندى. ئىككىنچى كۈنى جەڭ مەيدانىغا كېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، يىغلاپ ئاندىن قايتىپ كېتىشتى. پادىشاھ سۈي ۋېندى پەرمان چۈشۈرۈپ: «تۈركلەر ھەددىدىن ئېشىپ، چېگرا ـ قورۇللىرىمىزغا بېسىپ كىرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۆپ بولغاچقا، تاغ ـ داللاردا دائىم چېقىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما داشى چاڭرۇ شىمالدىكى چېگرا جايلارنى ساقلاش پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇلاڭچى دۈشمەنلەر خالىغانچە ئەسكىلىك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى دۈشمەندىن 100 ھەسسە ئاز ئىدى. كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، تۆت تەرەپتىن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ 14 قېتىم جەڭ قىلدى. بارغانلا يېرىدە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. ياۋۇز دۈشمەن جازاغا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قايتىپ كېتەلمىدى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھلىرى ھەممە يەردە تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. ئەگەر ئۇنىڭدا ئەسلىدىنلا باتۇرانە جەڭ قىلىش روھى ۋە ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلاشتەك قىزغىن ھېسسىيات بولمىغان بولسا، ئەلنى تىنچ ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبدان چارىلىرى بولمىغان بولاتتى. لەشكەرلەر پەرمانغا ئىتائەت قىلمىغان بولسا، قانداقمۇ ئاز ئادەم بىلەن كۆپنى يېڭىپ مۇشۇنداق ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولسۇن! كىم مۇشۇنداق ئۇلۇغلىنالايدۇ؟ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تىلغا ئالغاندا تالانتلىقنى قەدىرلەپ، ئالىي دۆلەت ئەركانى دەپ نام بېرىشكە بولىدۇ، باشقا نەتىجىلىرىگە بېرىدىغان ئىنئامنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىش كېرەك. جەڭدە قۇربان بولغان جەڭچى ـ سەرۋازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەرىجىسى ئۈچ دەرىجە ئۆستۈرۈلسۇن ھەمدە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە ئەۋلادلىرى مىراسخورلۇق قىلسۇن» دېدى.



شۇ يىلى داشى چاڭرۇ نىڭجۇ ئايمىقى① نىڭ ئايماق بېگىلىككە تەيىنلەندى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە فۇجۇ ئايمىقى② نىڭ ئايماق بېگى بولۇپ يۆتكەلدى، ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. داشى چاڭرۇ ئەسلىدىنلا ۋاپادار، سادىق بولغاچقا، ئانىسى ئۆلۈپ بەش كۈنگىچە غىزالانمىدى، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمىدى. مۇسىبەتچىلىكتە ئۆزىنى ئازابلاپ ئەدەپ ـ قائىدىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى، شۇ ۋەجىدىن ھالىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. پادىشاھ شۇڭا ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنى تارتۇقلىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى شىياجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغىلىقىغا تەيىنلەپ، ئۈچ ئايماق، ئالتە قورغاننىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. تۈركلەر ئۇنىڭدىن قورققاچقا چېگرا ـ قورۇللارغا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى. ئۇ كېسەل بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇ يەنە شىياڭجۇ ئايمىقى③ نىڭ باشبۇغىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن لەنجۇنىڭ باشبۇغىلىقىغا يۆتكەلدى, سۈي ۋېندى ئەۋەتكەن لياڭجۇ ئايمىقى باشبۇغى دۇگۇلۇ، يۈەنجۇ④ باشبۇغى يۈەن باۋ، لىڭجۇ باشبۇغى خې رۇيى قاتارلىقلار تۈركلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قوشۇن يۆتكىگەندە، داشى چاڭرۇنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلغانىدى. داشى چاڭرۇ قوشۇن باشلاپ تىلەنشاغدىن ئاتلىنىپ، بارىكۆلگە بارغان بولسىمۇ، تۈركلەرنى تاپالماي قايتىپ كەلدى.

(ئەسلي كىتاب، 1350 — 1351 ـ بەتلەر)

كەيخۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 581 ـ يىلى)، خېلۇزىگەن جۇيلۇ ۋىلايەت بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى، تۈيغۇنلار لياڭجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىردى، خېلۇزىگەن ھەربىي يۇرۇش باشبۇغى سالاھىيىتى بىلەن ئالىي دۆلەت ئەركانى يۈەن شىيگە ئەگىشىپ تۈيغۇنلارغا زەربە بېرىپ، كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنى ماختاپ پەرمان

چۈشۈردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى چېگرا ـ قوۋۇقلارنىڭ تېخى تىنچلانمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خېلۇزىگەننى لياڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. 2 ـ يىلى تۈركلەر لەنجۇغا بېسىپ كىرگەندە، خېلۇزىگەن قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كېلوك تېغىغا بارغاندا دۈشمەنلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. دۈشمەنلەر قۇدرەتلىك بولغاچقا، خېلۇزىگەن دەريانى پاسىل قىلىپ بارگاھ قۇردى. دۈشمەنلەر نەچچە كۈن سۇسىز قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئادەم، ئاتلىرى ھالىدىن كەتتى. بۇ چاغدا خېلۇزىگەن بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ تۈركلەرنى بەربات قىلدى. شۇڭا سۈي پادىشاھى ۋېندى خېلۇزىگەننى ئالىي بۈيۈك سانغۇنلۇققا تەيىنلەش بۇيرۇقىدا: «بۇيرۇقۇمنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئاڭلاڭكى، سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىز، شىجائىتىڭىز گەۋدىلىك، ئىرادىڭىز قەتئىي، مۇستەھكەم، كەسكىن بولدى. سىزنىڭ ئەلەمدار سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەندىن بۇيان تىرىشچانلىق بىلەن كۆرسەتكەن تۆھپىڭىزنى ئاڭلىغانمەن. بۇرۇنقى چاغلاردا، دۈشمەنلەر جاھاننى مالىمان قىلغاچقا، چېگرىلاردا پات ـ پات جەڭ بولغان، سىز دائىرىمىزنى كېڭەيتىش، مالىمانچىلىقنى تىنچىتىشتا ئالاھىدە نەتىجە ياراتتىڭىز. شۇڭا مەن بەلگىلىمە بويىچە سىزگە ھارۋا، كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىمەن. سىزنىڭ تۆھپىڭىز كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ، شۇڭا سىز بۇ شانلىق پەرمانىمنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىسىڭىز، بۇ قانداقمۇ بەك سىپايى بولۇپ كەتكەنلىك بولسۇن!» دېدى. خېلۇزىگەن يېڭى پايتەختنى بىنا قىلىش قۇرۇلۇشىغا مۇئاۋىن نازارەتچىلىككە تەيىنلەندى، ئۇزاق ئۆتمەي ھۈنەر ـ كەسىپ پىرقىسىغا دىۋانبەگ بولدى. شۇ يىلى تۈركلەر چېگرا ـ قورۇلغا يەنە بېسىپ كىردى، خېلۇزىگەن ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى سۈپىتىدە دۇرۇڭدىنغا ئەگىشىپ تۈركلەرگە زەربە بەردى. خېلۇزىگەن يەنە بىر لىنيىدە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنى



مۇكاپاتلىدى، ئەقىلدار بەگ بولۇپمۇ ساۋۇۋۇينى ئۆزىنىڭ مۇبارەك پەرمانىنى ئاپىرىپ ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەۋەتتى. خېلۇزىگەن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆتۈندى، سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۆتەك ـ راباتلارنىڭ ئۇنى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەكېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. تۇيغۇنلار چېگرا ـ قورۇلغا يەنە بېسىپ كىردى، بولۇپمۇ غەرب تەرەپ تۇيغۇنلار تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىندى. سۈي پادىشاھى ۋېندى خېلۇزىگەننى تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئۆتەك ـ راباتلار ئارقىلىق خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە باردى، بەش ئايماقنىڭ قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، تۇيغۇن زېمىنىغا بېسىپ كىردى ۋە ئۇ يەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەر ـ ئايالنى ئۆلتۈردى، 20 نەچچە كۈندىن كېيىن قايتتى. لۇڭشى رايونى ⑤ كۆپ قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچراپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان بولغاچقا، سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇ يەرنىڭ يەنە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشىدىن بەك غەم قىلاتتى. ئۇ يەردىكى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە قەلئەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلمىغان ئىدى، سۈي پادىشاھى ۋېندى خېلۇزىگەننى ئۇ يەردە باشقىچە ئەھۋال تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۇقرالارنى باشلاپ ئۇ يەردە توپىدىن قەلئە سوقۇشنى، تېرىقچىلىق قىلىشنى، ئاشلىق جۇغلاشنى بۇيرۇدى. خېلۇزىگەن سۈي پادىشاھى ۋېندىغا مەكتۇپ يوللاپ: «يېقىندىن بۇيان ياۋۇز دۈشمەنلەر زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى تارمار قىلىپ يوقىتىش بىردەملىك ئىش ئەمەس. مەن پادىشاھنىڭ بۇ ئىشنى بەك ئويلاپ كەتمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن ھازىر بۇ يەردە پۇرسەتنى كۆزىتىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئالدىن قىلىدىغان ئىشنى قىلماقچىمەن، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىدا ئېيتىلغاندەك قىلساق بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوڭشەن تېغىنىڭ غەربى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە زېمىن كەڭ، ئادەم ئاز، چېگرا ـ پاسىللار تېخى ئانچە تىنچىمىدى، تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىشكە بولمايدۇ. يېقىنقى

يىللاردىن بۇيان تېرىقچىلىق قىلىنغان جايلاردىكى ئېتىزلاردىن ئالغان ھوسۇل ئاز، ئەمما خىراجەت كۆپ كېتىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئادەم كۆچۈپ بىھۇدە سەرپ قىلىنىدى، ئۇ يەرلەر ھامان دەپسەندە قىلىنىدۇ ياكى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايدۇ. تېرىلغۇ يەرلەر تارقاق ھەم چەت، ھەممەيلەن ئۇ يەردىن ۋاز كېچىشنى ئۆتۈنۈۋاتىدۇ. ھالبۇكى لۈڭشى يۇقرالىرى چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن، ناۋادا ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدۇرساق، جاھان تېخىمۇ تىنچىمايدۇ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ قاراۋۇللارنى كۈچەيتسەك ئاندىن ئۇلارنىڭ مەركەزلىك ھالدا چارۋىچىلىق قىلىشىغا يول قويساق بولىدۇ. مەن مۇھىم جايلارنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىنى قوغدىيالايدىغان قوشۇنلار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلسا، تۇرلارنىڭ گۈلخانلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسا، يۇقرالار تارقاق ئولتۇراقلاشسىمۇ، ئۇلاردىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

خېلۇزىگەن چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى پۇختا بىلگەچكە، پادىشاھ سۈي ۋېندى ئۇنى يۈگۈەن قوۋۇقىنىڭ باشبۇغلىقىغا تەيىنلەپ 10 قورغانغا دائىر ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن يۈنجۇ ئايماق بېگلىكىگە تەيىنلىدى، بۇنىڭدىن تۈركلەر قورقۇنچقا چۈشتى. يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۈركلەردىن يارلۇق قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشنى ئۆتۈندى، شۇنىڭ بىلەن قوي ۋە ئات تەقدىم قىلدى. سۈي ۋېندى خېلۇزىگەننى ھەربىي يۈرۈش باشبۇغلىقىغا تەيىنلەپ، غەربىي شىمال لىنيىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى يۈنجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغلىقىغا تەيىنلەپ، تۈركلەر تارتۇق قىلغان يۈز ئات، مىڭ قوينى ئۇنىڭغا ئىنئام بەردى ھەمدە يارلىق چۈشۈرۈپ: «سىز شىمالدىكى چېگرىنى مۇداپىئە قىلغاندىن بۇيان، ئۇ جايلار



تىنچ ـ ئامان ئۆتتى. تۈركلەر تارتۇق قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى ياندۇرۇپ سىزگە تەقدىم قىلدىم» دېدى. ئىنىسى ۋاپات بولغاچقا، قايتا ئەمەل تۇتمىدى. ئوردا يۈگۈەن ⑥ قوۋۇقى مۇھىم جاي، ئۇ يەردە خېلۇزىگەن بولمىسا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىغاچقا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىدى. كەيخۇاڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 594 ـ يىلى) ۋەزىپە ئورنىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. شۇ يىلى ئۇ 60 ياشقا كىرگەنىدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن ئۇزاققىچە ئازابلاندى، ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا مىڭ توپ كىمخاپ، مىڭ خۇ⑦ گۈرۈچ، بۇغداي ياردەم قىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا خۇەيجۇ⑧، ۋېيجۇ⑨ قاتارلىق تۆت ئايماقنىڭ ئايماق بېگى دەپ نام بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا «سېغىنغۇچى» دېگەن ئاتاقنى ئىنئام قىلدى.

(ئەسلىي كىتاب، 1352 — 1353 ـ بەتلەر)

ئېرجۇجى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلدى. شى ۋەنسۈيمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغىلى تاسلا قالغاچقا، ئەسلىدىكى مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، دۇنخۇاڭغا لەشكەر بولۇپ مۇداپىئەچىلىككە ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ سەردارى ناھايىتى باتۇر كىشى بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆزى يالغۇز تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، قوي ـ ئاتلارنى ئولجا ئېلىپ، غەلىبە قازىناتتى. تۈركلەر ئادىمى ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى زادىلا توسۇيالمايتتى. بۇ كىشى تولىمۇ ھاكاۋۇر، مەسئۇلىيەتچان بولغاچقا، شى ۋەنسۈينى كۆپ قېتىم ھاقارەتلىگەنىدى. شى ۋەنسۈي ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ھەربىي ماھارىتىم بارغۇ دېدى. ھېلىقى سەردار شى ۋەنسۈينىڭ ئاتلىق ئوقيا ئېتىشنى سىنىغاندا، شى ۋەنسۈي ئوقيانى ياخشى چېنەپ ئاتتى. سەردار كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇنچىلىك ئادەتتىكى ماھارەتنى پەسلەرنىڭ ھەممىسى قىلالايدۇ» دېدى. شى ۋەنسۈي ئۇنىڭدىن ئوقيا ۋە ئات تەلەپ قىلىپ ئېلىپ، تۈركلەر ئارىسىغا يەنە بىر

قىتىم بۇسۇپ كىرىپ، نۇرغۇن مال - چارۋىنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سەردارغا يېقىپ قالدى، ھەر قېتىم ئۇ سەردار بىلەن بىللە ئاتلىنىپ، تۈركلەر ئارىسىغا نەچچە يۈز چاقىرىم ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىردى، شۇڭا شىمالدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇنىڭ نامى پۇر كەتتى. دۇرۇڭدىڭ بۇيرۇقتا بىنائەن تۈركلەرگە زەربە بەرمەكچى بولغاندا، شى ۋەنسۇي ئۇنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىللە ئاتلىنىشنى ئۆتۈندى. دۇرۇڭدىڭ ئۇنىڭ نامىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىگە خۇشال بولدى. شۇڭا تۈركلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئەسكەر - سەرۋازلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇلارنى قىرىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇلارنى ئۆزئارا دۇئېلغا سالايلى، سىلەر بىر پەھلىۋان چىقىرىڭلار، يەڭگەن - يېڭىلگەننى بېكىتەيلى» دېدى. تۈركلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. تۈركلەر بىر چەۋەندازنى ئېلىشىشقا چىقاردى. دۇرۇڭدىڭ شى ۋەنسۇينى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى، شى ۋەنسۇي ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئۇ چەۋەندازنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ قايتىپ كەلدى. تۈركلەر بەك قورقۇپ كەتكەچكە، قايتا جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي، قوشۇنىنى ئېپكەتتى. شۇڭا شى ۋەنسۇي يۇقىرى مەرتىۋىلىك تۆرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇراسىم جابدۇقلىرىنى قوللىنىپ، ھارۋا - ئاتلىقلار قوشۇنىنىڭ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەندى.

(ئەسلىي كىتاب، 1354 - بەتلەر)

كەيخۇاڭ يىلنامىسىنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىيە 600 - يىلى)، تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى چېگرا - قورۇللارغا بېسىپ كىردى. سۈي ۋېندى جىن بېگى ياڭ گۇاڭ بىلەن ياڭ سۇلارغا لىڭۋۇ ئايمىقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى، خەن بېگى ياڭ لياڭ بىلەن شى ۋەنسۇيگە مايىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى بۇيرۇدى. شى ۋەنسۇي دۆلەت ئەركانى جاڭ دىڭخې، بۇيۇك سانغۇن لى ياۋۋاڭ، ياڭ



يىچىنلارنى باشلاپ چېگرىدىن ئاتلىنىپ، داجىن تېغىغا بېرىپ تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشتى. تاردۇش ئەلچى ئەۋەتىپ: «سۈي سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى كىم؟» دەپ سورىدى، قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان چەۋەنداز: «شى ۋەنسۇي» دەپ دوكلات قىلدى. تۈركلەر يەنە: «ئۇ دۇنخۇاڭنى قوغدىغان ئەسكەر ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى، قاراۋۇل چەۋەنداز: «شۇ» دەپ جاۋاب بەردى. تاردۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن قوشۇنىنى باشلاپ ئېپكەتتى. شى ۋەنسۇي ئاتلىق يۈز نەچچە چاقىرىم قوغلاپ، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ زەربە بەردى. تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى. ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ قۇملۇقتا نەچچە يۈز چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىردى، تۈركلەر قېچىپ ئۆز ماكانىغا قايتتى. ياڭ سۇ ئۇنىڭ تۆھپىسىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ، شى ۋەنسۇينىڭ ئارقىسىدىن: «تۈركلەر ئەسلىدە ئەل بولغان، دەسلەپتە ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلمىغان، ئۇلار چېگرىغا پادا بېقىشقا كەلگەن» دەپ غەيۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى دوكلات قىلمىدى. شى ۋەنسۇي سۈي ۋېندىگە كۆپ قېتىم مەكتۇپ سۇنۇپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، سۈي ۋېندى ياڭ سۇنىڭ غەرىزىنى بايقىيالمىدى. دەل شۇ چاغدا سۈي پادىشاھى ۋېندى رېنشۇ قەسىرىدىن ئاستانىغا قايتىپ، ۋەلىئەھد (ياڭ يۇڭ) نى پۇقرالىققا چۈشۈرۈپ، شەرقىي قەسىر[10] نىڭ شايكىلىرىنى ئۆلتۈردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى شى ۋەنسۇينىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈردى. شى ۋەنسۇي ئەمەلىيەتتە ئوردىدا ئىدى. ياڭ سۇ سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «شى ۋەنسۇي شەرقىي قەسىرگە تەزىمگە كەتتى» دەپ، سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. سۈي ۋېندى بۇ گەپكە ئىشىنىپ، شى ۋەنسۇينى چاقىرتتى. بۇ چاغدا ئوردىنىڭ زالىدا ناھەقچىلىكتا ئۇچرىغان سەركەردە - سەرۋازلاردىن نەچچە يۈز كىشى بار ئىدى، شى ۋەنسۇي ئۇلارغا: «مەن بۈگۈن سىلەر ئۈچۈن پادىشاھقا ھەممە ئەھۋالنى دېسەم، ھەق - ناھەق ئايرىلىدۇ» دېدى. شى ۋەنسۇي

پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە، سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ تۆھپىسى بولسىمۇ، ئوردىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ غەزەپكە كەلگەچكە، سۇي پادىشاھى ۋېندىنى رەنجىتىپ قويدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى بەك خاپا بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرگە شى ۋەنسۇينى يېقىتىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. شى ۋەنسۇي سۆزلەپ بولۇپ سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لەۋزىدىن يېنىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. شۇڭا سۇي پادىشاھى ۋېندى شى ۋەنسۇيگە گۇناھ ئارتقان بۇيرۇقىدا مۇنداق دېدى: «دۆلەت ئەركانى، ئامان ـ تىنچ ئەركانبېگى شى ۋەنسۇي دەرىجە ئارتىپ ئەمەلگە تەيىنلەنگەن، جەڭ ئىشلىرىنى كۆپ قېتىم باشقۇرغانىدى. ئىلگىرى نەنىڭدا مالىمانچىلىق تۇغۇلغاندا، ئۇ جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى. لېكىن كۇنجۇ ئايماقبېگى سۈەن ۋەنىنىڭ توپىلاڭ قىلىش غەرىزى بولغاچقا، ئۇ پۇقرالار ئۈچۈن ئاپەتكە ئايلاندى. مەن سۈەن ۋەننى ئوردىغا كېلىشكە ئېنىق يارلىق چۈشۈردۈم. شى ۋەنسۇي نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى قوبۇل قىلىپ، يارلىققا خىلاپ ھالدا ئۇنى ماڭدۇرمىدى ھەمدە ئۇزاققا قالماي سۈەن ۋەن توپىلاڭ كۆتۈردى. ھەربىي كۈچ ئارقىلىقلا توپىلاڭ بېسىقتى. باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ گۇناھىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ يېقىندا يەنە جەڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ چېگرىدىكى مىللەتلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى. تۈركلەردىن تاردۇش قاغان ئۆزىنىڭ ياۋۇز ئادەملىرىگە باشچىلىق قىلىپ تاقابىل تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۆرۈپلا بەدەر تىكىۋەتتى، قوشۇندىكىلەر ئادەم ئۆلتۈرمىسىمۇ، زەخىملەندۈرمىسىمۇ، دۈشمەنلەر ئۆزلۈكىدىن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق غەلىبە خەۋىرى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىدۇر.



مەن ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى تەبرىكلىمەكچى، ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ماختىماقچى، مۇكاپاتلىماقچى ئىدىم. ئەمما شى ۋەنسۇي، جاڭ دىڭخې ئەھۋالنى يازما دوكلات قىلغاندا، ساختىپەزلىك قىلىش غەرىزىدە بولدى. ئەمەلىي ئەھۋالنى دېمەي، دۈشمەنلەر بىلەن روبىرو جەڭ قىلدۇق، دەپ يالغان ئېيتتى. يامان غەرەز بىلەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، دۆلەتنىڭ پەرمانلىرىغا كۆز بوياپچىلىق قىلدى. دۆلەت ئۈچۈن جان دىلى بىلەن ئىشلەيدىغان، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى ئويلىمايدىغان كىشىلا ياخشى سەركەردە ھېسابلىنىدۇ. شى ۋەنسۇيگە ئوخشاش ساختىپەزلىك قىلىپ، نام ـ ئاتاق قازىنىشنى ئويلىغانلار دۆلەتنىڭ ئوغرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوردا پەرمانلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى يېنىكلىتىش قىيىن، ئۇنىڭغا يەنە خەيرخاھلىق قىلىشقا بولمايدۇ». شى ۋەنسۇي ئۆلگەن كۈنى جەمئىيەتتىكى ئۆلىمالار ۋە پۇقرالار بۇ ئىشتىن ۋاقىپلىنىپ، مەيلى ئۇنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن، ھەممىسى ئۇنى ناھەقچىلىككە ئۇچراپتۇ دەپ، قاتتىق ئېچىندى.
(ئەسلىي كىتاب، 1355 — 1357 ـ بەتلەر)

---

①نىڭجۇ ئايمىقى ( 宁州 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى نىڭشيەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«سىيۈەن» 855 ـ بەت)

② فۇجۇ ئايمىقى ( 鄜州 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى فۇشيەن ناھىيىسى بولىدۇ.
(«سىيۈەن» 3119 ـ بەت)

③شياڭجۇ ئايمىقى ( 襄州 ) — يەر نامى، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋېي پادىشاھلىقى شياڭياڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلغانىدى. غەربىي ۋېي

پادىشاھلىقى ئۇنى شياڭجۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى شياڭيالڭ شەھىرى.
(«سىيۇەن» 2834 ـ بەت)

④يۈەنجۇ ( 原州 ) — يەر نامى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە ئايماق تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جېنيۈەن ناھىيىسىدە.
(«سىيۇەن» 440 ـ بەت)

⑤لۇڭشى رايونى ( 陇西 ) — لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى رايوننى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ پۈتكۈل غەربىي قىسمى.
(«سىيۇەن» 3300 ـ بەت)

⑥يۈگۇەن ( 榆关 ) — يەر نامى. ھازىرقى شەنخەيگۇەن قوۋۇقى يەنە يۈيگۇەن قوۋۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چىنخۇاڭداۋ شەھىرىدە. بۇ يەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شىمالىدا جياۋشيەن تېغى بولۇپ، جەنۇبىدا بوخەي ( 渤海 ) — دېڭىزىگە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، يەر تۇزۇلۇشى ئىنتايىن خەۋپلىك. سۈي سۇلالىسىدە قوۋۇق سالدۇرۇپ يۈيگۇەن قوۋۇقى باشبۇغى تەسىس قىلىنغان.
(«سىيۇەن» 1608 ـ بەت)

⑦ خۇ ( 斛 ) — قەدىمكى مىقدار سۆز، بىر پاتمان 120 جىڭغا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى زاماندا 10 كۈرە بىر پاتمان بولاتتى، سۇڭ سۇلالىسىدا 5 كۈرە بىر پاتمان بولغان.
(«سىخەي» 1979 ـ بەت)

⑧خۇەيجۇ ( 怀州 ) — ئايماق نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى چىنياڭ ناھىيىسى.
(«سىيۇەن» 1174 ـ بەت)

⑨ۋېيجۇ ( 魏州 ) — ئايماق نامى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. سۈي سۇلالىسىدە ۋۇ ياڭ ۋىلايىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.



خارابىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى داملڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى چوڭ لۇغىتى» 1338 ـ بەت)

⑩شەرقىي قەسىر ( 东宫 ) — قەدىمكى زاماندا ۋەلىئەھد ئولتۇرغان ساراي، بۇ سۆز ئادەتتە يەنە ۋەلىئەھدىنى كۆرسىتەتتى.
(«سىيۇەن» 1527 ـ بەت)

# لى چېنىڭ تەرجىمىھالى

كېلەر يىلى (كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 583 ـ يىلى)، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى چېگرا قورۇللىرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭنىڭ ئەمىرلەشكەر بولۇپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ تۈركلەرگە زەربە بېرىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن لى چې دورغاپلىققا تەيىنلەندى. بەيداۋ ئەتراپىدا تۈركلەرنى ئۇچراتقاندىن كېيىن، ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى لى چۇڭ ياڭ شۇاڭغا مۇنداق دېدى: «شىمالىي جۇ سۇلالىسى ۋە شىمالىي چى سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ۋەزىيەت يېغىلىق دەۋرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگىنى تەپرىقىچىلىك ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولدى. تۈركلەر ھەر قېتىم چېگرا ـ قورۇللارغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ئاشۇ سانغۇن ـ سەرۋازلار ھەممىشە ئۆز قوشۇنلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدىلا بولۇپ، جان تىكىپ جەڭ قىلىپ باقمىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ھەممىشە نۇسرەت قازىنىپ كەلدى، كەمدىن كەم يېڭىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قوشۇنلىرىنى پىسەنتىگىمۇ ئىلىپ قويمايدىغان بولۇۋالدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىشبارا قالدى ـ قاتتىق قوشۇنىنىڭ بارىنى باشلاپ كېلىپ، خەتەرلىك ۋە مۇھىم جايلارنى ئىگىلەپ بولدى. ئۇلار ھازىر جەزمەن بىزدىن قىلچە ۋايىم يېمەستىن،



مۇداپىئە تەييارلىقىنىمۇ قىلىپ قويىدى. ناۋادا بىز سەرخىل قوشۇنىمىز بىلەن ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىساق، جەزمەن غەلىبە قىلالايمىز». ياڭ شۇاڭ ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆردى. ئەمما سانغۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنىڭغا تازا ئىشەنچ قىلالمىدى، پەقەت لى چېلا بۇ پىلاننى خوپ كۆرۈپ، لى چۇڭ بىلەن ئالدىنقى سەپكە بارماقچى بولدى. لى چې بىلەن لى چۇڭ تاللانغان 5000 چەۋەنداز بىلەن تۈركلەر تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۈتۈلمىگەن يەردىن بىرلا ھۇجۇم بىلەن تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئىشبارا ئۈستىۋېشىدىكى ئالتۇن نەقىشلىك ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، چۆپلۈكنىڭ دالدا بولۇشى بىلەن بەدەر تىكىۋەتتى. بۇ زور تۆھپىسى بىلەن لى چې ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئىشبارا بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن ئەل بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قارام بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشبارا ئابارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇپ بولالماي، سۇي خانىدانلىقىغا مەكتۇپ يوللاپ ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ لى چېنىڭ باشبۇغلىقىدا خىللانغان بىر تۈمەن كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇنىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئابار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى. لى چې قوشۇنىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى بولۇپ، پىڭلياڭدا ئورۇنلىشىپ، غوزلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن① مۇداپىئە كۆردى. ئەنداۋ ئەركانىبېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. كەيخۇاڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 590 ـ يىلى) دۆلەت ئەركانى بولۇپ تەيىنلەندى. جىن بېگى ياڭ گۇاڭ خۇەيخەي رايونىنى② باشقۇرغان مەزگىللەردە، لى چې ياڭجۇ باشبۇغ ئەمىر مىمارى بولۇپ تەيىنلەندى ۋە دېگۇاڭ ئەركانىبېگى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە چېڭياڭ ئەركانىبېگى مەرتىۋىسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر چېگرا ـ قورۇللارغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، لى چې يەنە

ھەربىي يۇرۇش باشبۇغى بولۇپ قوشۇن تارتتى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 1368 ـ بەت)

---

①غۇزلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ( 胡寇 ) — بۇ يەردىكى «غۇزلار» ئاساسلىقى تۇيغۇنلار ۋە تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

②خۇەيخەي رايونى ( 淮海 ) — خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپى (شۇجۇ شەھىرىنى مەركەز قىلىدۇ) ۋە خۇيجۇ (ھازىرقى ليەنيۇنگاڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ.
(«ھازىرقى زامان خەنزۇتىلى لۇغىتى» 480 ـ بەت)



«سۇينامە» 65 ـ جىلد

## شۆششيۇڭنىڭ تەرجىمھالى

شۆششيۇڭ ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىسى سانغۇن بولۇپ تەيىنلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يۇمېن ھەربىي يۇرۇش ئۇلۇغ سانغۇنى بولۇپ تەيىنلىنىپ، تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى بىلەن بىرلىكتە ئۈرغولغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى. قوشۇن يۇمېنگە كەلگەندە، چىمەن قاغان ۋەدىسىدە تۇرمىدى، قوشۇنىمۇ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شۆششيۇڭ ئۆزى يالغۇز قوشۇننى باشلاپ چۆل ـ جەزىرىدىن كېسىپ ئۆتتى. ئۈرغولدىكىلەر دەسلەپ سۇي خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى كېلەلمەيدۇ، دەپ قىلچە تەييارلىق كۆرمىگەنىدى. شۆششيۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاللىقاچان چۆل ـ جەزىرىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ تەسلىم بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى، شۇنداقلا شۆششيۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا كالا، مەي ئەپكېلىپ تەقدىم قىلدى. شۆششيۇڭ خەن دەۋرىدىكى كونا ئۈرغول شەھىرىنىڭ شەرقىگە سېپىل سوقتۇرۇپ خەندەك كولاتتى ۋە يېڭى ئۈرغول دەپ ئاتىدى. كۆك لېنتىلىق كۇمۇش تامغا ① كۆتۈرۈپ يۈرگەن كېڭەش بېگى ۋاڭ ۋېينى مىڭ كىشىلىك خىللانغان قوشۇن بىلەن يېڭى ئۈرغولنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كەتتى. پادىشاھ سۇي ۋېندى مەمنۇن بولۇپ، شۆششيۇڭغا دۇرۇس كېڭەش دافۇ دېگەن مەرتىۋە بەردى ۋە 2000 توپ

كىمخاپ ـ دۇردۇن تارتۇق بەردى.
(ئەسلىي كىتاب 1533 — 1534 ـ بەتلەر)

---

①كۆك لىبىتلىك كۇمۇش تامغا ( 银青 ) — چىن، خەن سۇلالىلىرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كۆك لىبىتا باغلاقلىق كۇمۇشتىن ياسالغان تامغا كۆتۈرۈپ مەنسەپ ئورنىغا باراتتى. چىن سۇلالىسىدە كېڭەش بېگى ساپ سۆسۈن لىبىتلىق ئالتۇن تامغا كۆتۈرۈپ يۈرگەن سانغۇنلاردىن تۆۋەن بولۇپ، باشقا ۋەزىرلەردىن يۇقىرى ئىدى. جەنۇبىي چى سۇلالىسىدىن باشلاپ سۆسۈن لىبىتلىق ئالتۇن تامغا كۆتۈرىدىغان كېڭەش بېگى ۋە كۆك لىبىتلىق كۇمۇش تامغا كۆتۈرىدىغان كېڭەش بېگى دېگەنناملار بارلىققا كەلگەن.
(«سىيۇەن» 3183 ـ بەت)



«سۇينامە» 67 ـ جىلد

# پېي جۇنىڭ تەرجىمىھالى

ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەر ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىدى. دۇلان قاغان يۇۋېن فامىلىلىك قىز دايى مەلىكىنى خاتۇن قىلىپ ئەمرىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن چېگرىدا كۆپ قېتىم ئاپەت بولدى. كېيىنچە دايى مەلىكە ئۆزىنىڭ تۈرك مەھرىمى بىلەن ئاشنا ئوينايدىغان بولۇۋالدى، جاڭسۇن شېڭ بۇنى بايقاپ قالدى. پېي جۇ ئەلچىلىك سالاھىيىتى بىلەن بېرىپ، دۇلان قاغانغا نەسىھەت قىلىش ۋە دايى مەلىكىنى تېگىشلىك جازاغا تارتىپ گۇناھىنى تونۇتۇش ھەققىدە پادىشاھقا تەكلىپ سۇندى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. دەرۋەقە كېيىن دايى مەلىكە ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنچە دۇلان قاغان تولشاد قاغان بىلەن ئارازلىشىپ چېگرا قورۇللىرىغا كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىك سالدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى تەيپىڭ ئەركانبېگى شى ۋەنسۈينى ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى بولۇپ دىڭشياڭ يولى بىلەن قوشۇن تارتىپ، پېي جۇنى ھەربىي يۈرۈش دورغاپى بولۇپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا تاردۇش قاغانىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىشقا ئەۋەتتى. شى ۋەنسۈي ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ قېتىم قولغا كەلتۈرۈلگەن تۆھپە خاتىرىگە ئېلىنمىدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى چىمەن قاغانىنىڭ سۇي سۇلالىسىگە يېڭىدىن بەيئەت قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پېي جۇنى ھال سوراشقا ئەۋەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىۋان بېگى سول قول ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ يىلى ۋېنشيەن خانىش ۋاپات بولدى. مۇراسىم

دىۋانىدا بۇ ھەقتە ئېنىق كۆرسەتمە بولمىغاچقا، پېي جۇ ۋە نيۇ خۇڭ «چى يوسۇننامىسى» غا ئاساسەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تۇرۇپ قائىدىنى بېكىتىپ قويىدى. مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن جايىدا ئىش بولدى، دېيىشتى.

(ئەسلىي كىتاب، 1578 — بەت)

ياڭدى سۈي پادىشاھى بولغاندىن كېيىن شەرقىي ئاستانىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. پېي جۇ ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنى سېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ۋەزىپىنى ئۈچ ئايدىلا ئورۇنلاپ بولدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ۋاسساللار كۆپىنچىسى جاڭيېغا كېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سودا قىلىشاتتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنى مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. پېي جۇ پادىشاھنىڭ چېگرا رايون ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، سودىغا كەلگەن ھەرقايسى غۇز سودىگەرلەردىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تاغ - دەريالىرى، يەر شەكلى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تىڭ - تىڭلاپ يۇرۇپ توپلىدى. ئاندىن بۇلارنى ئۈچ جىلدلىق «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» ناملىق كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى ۋە ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. بۇ كىتابنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئاڭلىشىمچە ئۇلۇغ ئاقساقال شيا يۈي① توققۇز ئىقلىمنى تىنچىتقاندا، خۇاڭخې دەرياسىنى راۋانلاشتۇرۇپ جىشى تېغىدىن ② ئۆتمەپتىكەن؛ چىن پادىشاھلىقى ئالتە بەگلىكنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن مۇداپىئە سېپىلىنى لىنتاۋغىچە سېپىتىكەن. شۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇكى، كونىپىتىشتىكى ھەرقايسى غۇز قوۋملار، چەت - يىراق جايلاردا تۇرغاچقا، ئەدەپ - قائىدىلەر يېتىپ بارالمايدىكەن، نامە - دەستۇرلار تولىمۇ كەمچىل تارقالغان ئىكەن. خەن سۇلالىسى گۈللەنگەندىن تارتىپ خۇاڭخې



دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئاۋاتلاشتى. دۆلەت نامى بارلىرى جەمئىي 36 بولۇپ، كېيىنچە پارچىلىنىپ 55 خانلىق - پادىشاھلىق بولدى. بۇلاردا چېرىكچى③، قورۇقچىبەگ④ تەسىس قىلىنىپ ئەمىنلىك ۋە ھىماتچىلىق رولىنى ئوينىدى. بىراق ئۇلار بەزىدە بەيئەت قىلىپ، بەزىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا، كۆپ قېتىملىق جازا يۈرۈشى كېلىپ چىقتى. شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە بۇ مەنسەپلەر پات - پات ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ تۇردى. پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنىڭ تەخمىنىي نوپۇس سانىنى بىلسەكمۇ، بىراق ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ تاغ - دەريالىرىنىڭ نامى بىزگە ئېنىق ئەمەس. ئۇلاردىكى ئۇرۇق - فامىلە، سۇ - تۇپراق، كىيىم - كېچەك، بۇيۇم - مەھسۇلات قاتارلىقلار توغرىسىدا بىرەر خاتىرە پۈتۈلمىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك. يەنە كېلىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرلەرنىڭ يىراقلىشىشى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىدا بىرى بىرىنى يۇتۇۋېلىپ، بىرى گۈللەنسە بىرى ھالاك بولۇپ كەلدى. بەزى جايلاردىكى دۆلەتلەرنىڭ ناملىرى ھازىر ئۆزگىرىپ كەتتى؛ يەنە بەزىلىرىنىڭ قوۋملىرى ئەسلىدىكى ئىرقتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلىدىكى نامى بويىچە ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. قوۋملار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش، دۆلەتلەر ئارا چېگرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، شۇ جايلاردىكى قوۋملارنىڭ تىللىرىنى ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن بۇ جاينىڭ ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ كېتىش تولىمۇ قىيىن بولۇپ كەتتى. ئۇدۇننىڭ شىمالى، كۆكئارتنىڭ شەرقىدە، ئىلگىرىكى تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇز نەچچە دۆلەت بارئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ، بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىش ئارقىلىق ھازىر پەقەت ئون دۆلەتلا قالدى. قالغان يىگىرمە نەچچىسى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. پەقەت قۇرۇق تاغ - خارابىلەرلا قالغان

بولغاچقا، خاتىرىلەشكە مۇمكىن بولمىدى.

شاھ ئالىيلىرى تەگرى ئىرادىسى بويىچە ئادىمىزاتقا باشپاناھ بولدىلا. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك قوۋمى ياكى يات تائىپەلەردىن بولسۇن، شاپائەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجانلانمىغىنى يوق. شامال چىقىپ، كۈن نۇرى چۈشكەنلا جايلاردىن ئۇلپان تاپشۇرۇپ، ئوتتۇغات ئالغانلار كېلىپ تۇردى. يىراق - چەت جايلاردىكىلەرمۇ كەلمەي قويمىدى. كەمىنە بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ قورۇل سودىسىنى باشقۇرۇش جەريانىدا كىتاب - نامىلەرنى تېپىپ ۋاراقلاپ، غۇزلارنى زىيارەت قىلىپ چىقتىم. بەزىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئاۋامدىن تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى زىبۇ - زىننەت، كىيىم - كېچەك، مىجەز - خۇلق قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ۋە ئاۋام پۇقرالىرىنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن قىياپىتى ۋە ئىش - ھەرىكىتى بايان قىلىنغان ئۈچ جىلدلىق «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» نى يېزىپ چىقتىم. بۇنىڭدا جەمئىي 44 دۆلەتنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندى. يەنە ئايرىم خەرىتە ئىشلىنىپ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مۇھىم جايلار كۆرسىتىلدى. شىچىڭ⑤ تېغىنىڭ غەربى، بايقال كۆلىنىڭ⑥ جەنۇبىغىچە بولغان جايلار توغرىسى ۋە ئۇزۇنىسىغا ئىككى تۈمەن چاقىرىمدىن كېلىدۇ. كاتتا چوڭ سودىگەرلەر بېرىپ كەلگەنلىكتىن ئاشۇ رايونلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئاساسەن مەلۇملۇق. يەنە بىر قىسىم چەت - ياقا جايلارنى زىيارەت قىلىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇ جايلارنىڭ ئەھۋاللىرى كەمتۈك بولۇپ قالدى. شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرت توغرىسىدا تەزكىرە - قىسسىلەر پۈتۈلگەن، نەچچە ئون تۈتۈن بارلىكى جاينى خانلىق - پادىشاھلىق دەپ يېزىۋەرگەن. بۇنداقلارنىڭ نامى بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك سالاھىيىتى يوق. ھالا



بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر خاتىرىگە ئېلىنغانلىرى تۈتۈن سانى مىڭدىن ئاشىدىغان دۆلەتلەردۇر. قىممەتلىك ئېسىل بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى ئابىسكۇن دېڭىزى بويىدىن چىقىدۇ. تاغ - جىلغىلاردا ياشايدىغان، دۆلەت نامى يوق خەلقلەر ۋە ئۇششاق قەبىلىلەر سانى كۆپ بولسىمۇ، خاتىرىگە كىرگۈزۈلمىدى.

دۇنخۇاڭدىن چىقىپ ئابىسكۇن دېڭىزىغا بېرىشتا ئۈچ يول بار، ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئوخشاش. شىمالىي يول ئىۋىرغولدىن ئۆتۈپ بارىكۆلدىكى تۇرالار، تۈرك قاغانى بارگاھى، شىمالغا ئاقىدىغان دەريالارنى كېسىپ ئۆتۈپ پەرەڭ⑦ دۆلىتىگە، بۇ يەردىن ئابىسكۇن دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرا يول قوچۇدىن باشلىنىپ كىنگىت، كۇسەن، سۇلۇغ، كۆكئارت قاتارلىقلاردىن ئۆتۈپ، فەرقەندگە ⑧ كېلىدۇ، بۇ يەردىن يەنە سۇترىشانا، سوغدىيانا⑨، ئۆرىتۆپە، كۇشان ⑩، چوڭ بۇخارا، كىچىك بۇخارا، مائورا قاتارلىقلارنى بويلاپ پېرسىيىگە ۋە ئابىسكۇن دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي يول پىشامشاندىن باشلىنىپ ئۇدۇن، جۇجۇف⑪، كاۋانتا⑫ قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ كۆكئارتتىن ھالقىيدۇ، ئاندىن ۋاقان⑬، توخارىستان، ئېفتالىت⑭، باميان⑮، جاگۇدا ⑯قاتارلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ شىمالىي بىراھمان⑰ دۆلىتىگە، بۇ يەردىن ئابىسكۇن دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. بۇ ئۈچ يولنىڭ ئۇستىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر قايسىسىدا يەنە شىمال ۋە جەنۇبقا تۇتىشىدىغان يوللار بار. شەرقىي ئايالار دۆلىتى⑱، جەنۇبىي بىراھمان دۆلىتى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ دائىم بارىدىغان جايلىرى. ئۇ يەرلەرگە ھەممىلا جايدىن بارغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىۋىرغول، قوچۇ ۋە پىشامشان غەربىي يۇرتقا كىرىپ چىقىشتىكى دەرۋازا دەپ قارىلىدۇ. بۇ يوللارنىڭ ھەممىسى دۇنخۇاڭدا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، بۇ يەرنى ھەقىقەتەنمۇ غەربىي يۇرتنىڭ كېكىرتىكى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەلنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە دىيانىتى، سەركەردە -

سەرۋازلارنىڭ جاسارىتى، قۇياش پاتقان تەرەپتە تۈرلۈك - ئەلەملەرنىڭ جەۋلان قىلىشى خۇددى ئالىقاننى يۇمۇپ - ئاچقانچىلىك ئاسان ئىش بولۇپ، قاياقنى خالىساق شۇ يەرگە بارغىلى بولمايدۇ؟ لېكىن تۈركلەر، تۇيغۇنلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا چىياڭلار، غۇزلارنىڭ خانلىقلىرىنى كونترول قىلىپ ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئوردىغا تاۋاپ قىلىشقا ۋە تارتۇق يوللاشقا يول راۋان بولمايۋاتىدۇ. نۆۋەتتە تىجارەتچى سودىگەرلەر يوشۇرۇن ھالدا ساداقىتىنى ۋە بويسۇنۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىمەكتە، ھەرقاچان قارام بولۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يۈكسەك شاپائىتى پۈتكۈل ئالەمنى شادلاندۇرۇپ ئۇلارنى باش ئەگدۈردى، ئۇلارغا تەسەللى بولدى. ئەمدىكى ئىش ئۇلارنى تىنچىتىش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش. شۇڭا پادىشاھ ئالىيلىرى لەشكىرىي قوشۇن ئەۋەتىشنىڭ ئورنىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتسە بارچە قوۋملارنى بويسۇندۇرغىلى، تۇيغۇن، تۈرك دېگەنلەرنى پاك - پاكىز تار - مار كەلتۈرگىلى بولاتتى. بۇ بولسا دەل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ۋە يات تائىپە - قوۋملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى! بۇ ۋەقەلەرنى خاتىرىگە ئالمىغاندا دۆلەتنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئىپادىلىگىلى، يىراق يۇرتلارنى تەربىيەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ».

سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇلارنى ئوقۇپ قاتتىق خۇرسەن بولغىنىدىن 500 توپ كىمخاپ - دۇردۇن ئىنئام قىلدى. ھەركۈنى پېي جۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ، كۈنپېتىشنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراشتۇرۇپ تۇردى. پېي جۇ گەپنى چوڭايتىپ يات تائىپىلەر رايونىدا كۆپلىگەن جاۋاھىراتلارنىڭ بارلىقىنى، تۇيغۇنلارنى ناھايىتى ئوڭايلا يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھى ياڭدى كۆڭلىنى توق تۇتۇپ غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش، ھەرقايسى قوۋملارنىڭ ئىشلىرىنى بىر



تەرەپ قىلىشقا پېي جۇنى ھاۋالە قىلدى.

يۇقرالار پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى بولۇپ، تېخى ئىشقا چۈشمەي تۇرۇپلا ھەرەم ئاغىسى بولۇپ تەيىنلەندى. سۈي پادىشاھى ياڭدى يەنە پېي جۇنى جاڭيېغا بېرىپ غەربىي يۇرت قوۋملىرىنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىۋىدى، ئۇ ئون نەچچە دۆلەتنىڭ ئادىمىنى باشلاپ كەلدى. دايې 3 - يىلى (مىلادىيە 607 - يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى خېڭيۈ[19] دە ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلغاندا، غەربىي يۇرتتىكى بارچە قوۋملاردىن كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي رايونىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولۇپ، پېي جۇنى ئالدىن دۇنخۇاڭغا ئەۋەتتى. پېي جۇ ئۆز ئەلچىلىرىنى قوچۇ ۋاڭى كۇبايارنىڭ ۋە ئىۋىرغولدىكى تۇدۇن شادنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، كۆپلەپ پايدا بارلىقى توغرىسىدا گەپ يورغىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئوردىنى تاۋاپ قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتىشكە ماقۇل كەلتۈردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى زىيارەت قىلىپ كۈنپېتىشقا كەلگەندە، ئالچى تېغىنى[20] كۆزدىن كەچۈردى. بۇ يەردە ئۇنى قوچۇ ۋاڭى، ئىۋىرغول شادى ۋە كۈنپېتىش قوۋملىرىدىن 27 دۆلەتنىڭ كىشىلىرى يولنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئالتۇن ۋە قاشتېشى نەقىشلەنگەن ئېسىل يۇڭ كىيىملىرىنى كىيىشكىنىچە خۇشبۇي كۈجىلەرنى كۆيدۈرۈپ، ناخشا - ئۇسسۇل ساداسى ئىچىدە ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ۋۇۋېي، جاڭيې شەھەرلىرىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار تىقما - تىقما بولۇشۇپ، ئون نەچچە چاقىرىم يەرگىچە مىغ - مىغ ئادەملەر توشۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قۇدرىتى نامايان بولدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بەكمۇ خۇرسەن

بولدى. ئاخىرى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ چېگرىنى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېڭەيتتى ۋە لەشكەر ئەۋەتىپ مۇداپىئەدە تۇرغۇزدى. ھەر يىلى يۆتكىلىدىغان جايلارغا توشۇلىدىغان مالىيە ھېسابى مىليون ـ مىليون ساندا ھېسابلاندى. قارام ئەللەر قورقۇشۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوردىنى تاۋاپ قىلىپ ئولپان تاپشۇرۇشتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنىڭ خاتىرجەم قىلىش ھەم تىنچلاندۇرۇش پىلانلىرى چوڭ رول ئوينىدى، دەپ ئۇنى كۆمۈش جۇلالىق كېڭەش بېگىلىككە تەيىنلىدى. شۇ يىلى قىشتا سۇي پادىشاھى ياڭدى شەرقىي ئاستانىگە كەلدى. پېي جۇ يات قوۋملاردىن ئوردىغا تاۋاپ ـ ئولپانغا كەلگۈچىلەر كۆپرەك بولسۇن دەپ، تىل ياغلىمىلىق بىلەن سۇي پادىشاھى ياڭدىنى دەيدۇيگە سېلىپ «ئۇلۇغ ئاستانىدە چوڭ ئويۇن بولىدۇ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھۈنەر تېخنىكىلار دۆلىتىمىز قوۋۇقى ئالدىدا كۆرگەزمە قىلىنىدۇ» دەپ ئېلان قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن چىرايلىق يازلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئالتۇن ۋە قاشتېشى ھالقىلارنى ئېسىشقان كىشىلەر يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. يەنە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى باشلاپ توي قىلىمىغان قىز ـ يىگىتلەرنى راۋاقلارغا چىقىپ شاللاقلارچە تاماشا قىلىشقا قويۇپ بەردى، ئۇلارغا ھەشەمەتلىك يىپەك كىيىملەرنى كىيگۈزدى، بۇ ئىشلار بىرەر ئاي داۋام قىلدى. يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۈندە ئۈچ قېتىم سودا بولىدىغان دۇكان ـ رەستىلەردە چېدىر تىكىش، مول نازۇ نېمەتلىك زىياپەت ئۈستەللىرىنى تەييارلاپ يات قوۋملار ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارلارنى، يات تائىپىلەرنى باشلاپ كېلىپ پۇقرالار بىلەن سودىلاشتۇرۇش، ئۇلار بارغانلىكى جايدا ئۇلارنى ئۈستەللەرگە باشلاپ راۋرۇس كۈتۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ماڭدۇرۇش دېگەنلەرنى ئۇقتۇردى. يات قوۋملار بۇ مەنزىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەقىقەتەن ئەۋلىيالار ماكانى



ئىكەن، دېيىشتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ساداقىتىنى مەدھىيىلەپ يۈۋېن شۇ، نيۇخۇڭ قاتارلىقلارغا: «پېي جۇ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىشقا ماھىر. ئۇنىڭ ئوردىغا سۇنغانلىرى ھەمىشە مېنىڭ ئويلىغىنىم بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ. بىرەر پەرماننى ئېلان قىلىشنى ماڭا تەۋسىيە قىلالايدۇ. ئەلگە ئۆزىنى بېغىشلاشتا كىممۇ مۇشۇنداق قىلالايدۇ دەيسىلەر!» دېگەنىدى.

سۇي پادىشاھى ياڭدى سانغۇن شۆشىيۈگنى ئۈرۈمچى شەھىرىنى سېلىشقا ئەۋەتكەندە، پېي جۇنىڭ بىللە بېرىپ پىلانلاشقا قاتنىشىشىنى ئېيتتى. پېي جۇ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە: «ئالىيلىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىشتىكى مۇساپىنىڭ يىراقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈرۈمچىدە سېپىل ـ خەندەك سالدۇردى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن راست شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ، قايتا تالاش ـ تارتىشتا بولمىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پېي جۇغا قىرىق تۈمەن تىزىق يارماق ئىنئام بېرىلدى. پېي جۇ يەنە پادىشاھقا تەكلىپ بېرىپ شىكەر قاغانغا قارىتا ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، چۇلۇق قاغانغا يوشۇرۇن زەربە بېرىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى مەزكۇر كىتابنىڭ «غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» سىدە بايان قىلىنىدۇ. ئاقىۋەت چۇلۇق قاغان شىكەر قاغاننىڭ قىستىشى بىلەن سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە ئەگىشىپ ئوردىغا سالامغا كەلدى. بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن سۇي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇغا بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئاجايىپ جاۋاھىراتلىرىدىن ئىنئام بەردى.

سۇي پادىشاھى ياڭدى شىمالدىكى چېگرا قورۇللىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، پېي جۇ پادىشاھ بىلەن بىرگە چىمەن قاغاننىڭ بارگاھىغا باردى. ئەينى ۋاقىتتا كورىيە ئەلچىسى

دەسلەپ بولۇپ تۈركلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقانىدى. چىمەن قاغان بۇنى يوشۇرۇشقا پېتىنالماي، كورىيە ئەلچىسىنى باشلاپ بىرلىكتە سۈي پادىشاھى ياڭدىنى كۈتۈۋالدى. پېي جۇ بۇ ئىش توغرىسىدا سۈي ياڭدىغا مەلۇمات سۇنۇپ: «كورىيە ئەسلىدە گۇجۇ دۆلىتى دېيىلەتتى. جۇ تەڭرىقۇتى دەۋرىدە جى زىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ جايدا ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە لياۋ دۇڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە ئۆزىچە قارام بولغۇسى كەلمەي قاپتۇ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۆلەت بولۇۋاپتۇ. شۇڭا مەرھۇم سۈي پادىشاھى ۋېندى ئالىيلىرى بۇ ئىشنى ئۇنتۇيالماي، ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. ياڭ لياڭ ئىقتىدارسىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار نۇسرەت قازىنالمىغان. شاھ ئاتىمىزنىڭ ئۇشبۇ دەۋرىدە بۇ ئىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، دىيانەتلىك بۇ يۇرتنى ئاشۇ بەدەۋىلەرنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرەمدۇق؟ ھازىر كورىيە ئەلچىسى تۈركلەرگە تاۋاپقا كەپتۇ، چىمەن قاغانمۇ يۈز تۇرانە قوبۇل قىپتۇ. ئۆز ئارا بىرلىشىۋالغان دۆلەتلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. جەزمەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ پىكرىنىڭ يىراق - يىراق جايلارغا تارىلىشىدىن قورقۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بالدۇرلا ھالاك بولۇشىدىن ۋايىم يېمىگەن گەپ. ئۇلارنى سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلدۇرغان، بىزگە تاۋاپ قىلدۇرغان قىلىش كېرەك» دېدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى: «قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىۋىدى، پېي جۇ جاۋابەن: «يۈزتۇرانە ھالدا كورىيە ئەلچىسىگە قايتىپ بېرىپ ئۆز پادىشاھىغا سۇلالىمىزگە سالامغا كېلىشىنى يەتكۈزۈشنى بۇيرۇيلى. بويۇن تولغايدىكەن، دەرھال تۈركلەرنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلساق، ئۇلارنى شۇ كۈنىلا تار - مار قىلغىلى بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. گاۋيۈەن بۇيرۇقنى



ئىجرا قىلمىغاچقا، لياۋدۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىنىشقا باشلىدى. سۈي سۇلالىسى قوشۇنى لياۋدۇڭغا يېتىپ كەلگەندە، پېي جۇ ئەسلىدىكى مەنسىپىگە قوشۇمچە يەنە ئەلەمدار كەپتاۋۇل بولدى. ئىككىنچى يىلى يەنە بىر قېتىم سۈي ياڭدىغا ھەمراھ بولۇپ لياۋدۇڭغا كەلدى. لەشكىرىي ئىشلار پىرقىسى يانداش بېگى خۇسجېڭ كورىيەگە قېچىپ كەتكەنلىكتىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنىڭ قوشۇمچە لەشكىرىي ئىشلارنى تۇتۇشى ھەققىدە پەرمان چىقاردى. ئارقا - ئارقىدىن لياۋدۇڭدىكى جەڭلەرگە قاتناشقانلىقتىن ئوڭ قول كېڭەش بېگى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ئۆتمىگەنلىكتىن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساداقەتسىزلىك قىلغانىدى. ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن يۈۋېن شۇ، ئوردا ھۆدەيچى يانداش بېگى يۈشىجى قاتارلىقلار چوڭ ھوقۇقنى يۈرگۈزگەندە، ئەلەم ۋە قەلەم تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى چىرىكلىشىپ پارىخورلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت پېي جۇلا قائىدە - قانۇنغا رىئايە قىلىپ، پارىخورلۇق قىلغۇدەك ئىش تەسىرى بولمىغانىدى، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

جۇجۇن ۋىلايىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى ياڭ شۈەننىڭ توپىلىڭىنىڭ تېخى يېڭىلا تىنچىتىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پېي جۇنى لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربىگە بېرىپ، ئۇ جايلارنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا بۇيرۇدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇەيىنىڭغا (21) بېرىپ خاسانا قەبىلىسىدىكىلەردىن ھال سورىدى، تاردۇش شادىنى تۇيغۇنلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خېلى كۆپ ئولجا قولغا چۈشۈرۈپ تەدرىجىي بېيىشقا باشلىدى. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈي پادىشاھى ياڭدىغا بۇ ئىشلاردىن مەلۇمات

بەردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنى راۋرۇس تارتۇقلىدى. كېيىن قوشۇن بىلەن خۇەييۈەن قورغانىغا كەلگەندە سۈي پادىشاھى ياڭدى يېي جۈنى شىمالدىكى قارام ئەللەرنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا قويدى. يېي جۈ ئىشبەگ قاغان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ بارغانچە روناق تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھ جەمەتى مەلىكىلىرىدىن بىرنى ئىشبەگ قاغاننىڭ ئىنىسى تېكىن شادقا بېرىپ، تېكىن شادنى جەنۇبىي قاغان قىلىپ بەلگىلەش، شۇ ئارقىلىق ئىشبەگ قاغان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى پارچىلاپ تاشلاش ھەققىدىكى تەدبىرىنى پادىشاھقا يوللىدى. تېكىن شاد قورقۇپ بۇنى قوبۇل كۆرۈشتىن باش تارتتى، ئىشبەگ قاغان بولسا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىنىسىدىن كۆڭلى قايتتى. يېي جۈ يەنە پادىشاھقا تەكلىپ بېرىپ: «تۈركلەر साددا ۋە تۈز كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش بەكلا ئوڭاي. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاشۇ غۇزلار ھىيلە - مىكرىسى تولاراق خەق بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ تۇرىدۇ. ئاڭلىشىمچە، كېشلىك سوغۇز دېگەن كىشى قۇۋلۇق - شۇملۇق، ھىيلە - نەيرەڭدە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، ئىشبەگ قاغان ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا ئاشۇ كىشىنى يوقىتىۋەتسەكمىكىن دەيمەن» دېدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى: «بارىكاللا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يېي جۈ كىشى ئەۋەتىپ كېشلىك سوغۇزغا: «پادىشاھ ئالىيلىرى ناھايىتى قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى مايى شەھىرىدە بازارغا سالدى، تۈركلەر بىلەن سودىلىشىش نىيىتى بار. كىم ئاۋۋال بېرىۋالسا، شۇ ئەڭ ياخشى بۇيۇملارغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ» دېدى. سوغۇز ئاچ كۆزلىكىدىن بۇ گەپكە ئىشىنىپ قالدى ۋە ئىشبەگ قاغانغا خوشمۇ دېمەي، ئالدىراپ - تېنەپ قول ئاستىدىكىلەرگە بارى - يوق چارۋىلىرىنى ھەيدەتكىنىچە كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈردى ۋە تۈنجى بولۇپ بۇ سودىنى قىلماقچى بولدى. يېي جۈ



ئاللىبۇرۇن مايى شەھىرىدە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن بۆكتۈرمە قوشۇن ئالدام خالتىغا چۈشكەن كېشلىك سوغۇزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى تۈركلەرنىڭ ئىشبەگ قاغانغا نامە يوللاپ مۇنداق دېدى: «كېشلىك سوغۇز ئۇشتۇمتۇتلا قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ قاغانغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بىزنىڭ پاناھلىق بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. تۈركلەر بىزنىڭ قارام قوۋمىمىز تۇرسا، سەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان تۇرساڭ سېنى ئۆلتۈرمەي بولامدۇ، دېدۇق ۋە ئۇنى قەتلىئام قىلدۇق. ئۇشبۇ نامە ئارقىلىق ۋاقىپ بولغايلا». ئىشبەگ قاغان بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەچكە، خاپا بولۇپ ئوردىغا تاۋاپقا كەلمەس بولۇۋالدى. دايې 11 - يىلى (مىلادىيە 615 - يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئوۋ ئوۋلىغاندا، ئىشبەگ قاغان نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ سۈي ياڭدىنى يەنمېندا قورشاۋغا ئېلىۋالدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى يېي جۈ ۋە يۈشجىغا ھەر ئاخشىمى سالامغا كېلىپ سارايدا قونۇپ قېلىشنى بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا شۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن پىكىر - تەكلىپ ئېلىپ تۇردى. مۇھاسىرە بوشىتىلغاندىن كېيىن يېي جۈپادىشاھقا ئەگىشىپ شەرقىي ئاستانە لوياڭغا قايتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا شېكەر قاغان جىيەنى (ئىنىسىنىڭ ئوغلى) نى كۈنپېتىشتىكى يات قوۋملارنى باشلاپ سالام - تاۋاپقا بېرىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېي جۈگە زىياپەت راستلاپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش بۇيرۇلدى.
(ئەسلىي كىتاب، 1578 — 1582 - بەتلەر)

①شيا يۈي ( 夏禹 ) — قەدىمكى شياخۇ قەبىلىسىنىڭ داھىيسى بولۇپ، تارىختا يۈي، ئۇلۇغ يۈي، رۇڭيۈي دەپ ئاتىلاتتى. فامىلىسى سى بولۇپ، دادىسى سى گۇننىڭ سۇ تىزگىنلەش ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ

ئاخىرىدا سۇ ئاپىتىنى تىنچىتتى. قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ داھىيسى يۈشۈن ۋاپات بولغاندا، شىيا يۈي ئورنىغا چىقىپ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ داھىيسى بولدى. رىۋايەتلەردە ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تۇنجى خان دەپ قارالغاندى.

( «سىيۇەن» 646 ـ بەت)

②جىشى تېغى ( 积石 ) — بۇگۇنكى چوڭ قارلىق تاغ بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە. يەرلىك نامى «ئامنە مال زەمسۇن تاغ» ئىكەن. قەدىمكى زاماندا شىيا يۈي دەريالارنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگىچە كەلگەنىكەن.

( «سىيۇەن» 2317 ـ بەت)

③چېرىكچى ( 校尉 ) — خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان مەنسەپ نامى. غەربىي خەن سۇلالىسىدە سەككىز چېرىكچى بەگ تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇلار ئالاھىدە ھەربىي قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرى ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارغىمۇ چېرىكچى بەگ دېگەن مەنسەپ نامى بېرىلگەنىدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن پەخرىي ھەربىي ئەمەلدار چېرىكچى دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدە ئادەتتىكى قورۇقچى (قوغدىغۇچى) لارمۇ چېرىكچى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

( «سىيۇەن» 1558 ـ بەت)

④قورۇقچىبەگ ( 都护 ) — خەن سۇلالىسىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پۈتكۈل غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنى نازارەت قىلاتتى ھەم قوغداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يەنە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنى قوغداش ئىدى. جىن، سۈي سۇلالىلىرىدە مۇشۇ مەنسەپ نامى بولغان بىلەن، پەقەت ھەربىي قوشۇندىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى تۆۋەن بىر خىل ئەمەلكەش ئىدى، تاڭ سۇلالىسىدە قايتىدىن ئالتە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ چېگرا ئەتراپىدىكى قارام ئەللەرنى باشقۇراتتى.

( «سىيۇەن» 3112 ـ بەت)



⑤شىچىڭ ( 西倾 ) — تاغ نامى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدە.

( «سىيۇەن» 2844 ـ بەت)

⑥ بايقال كۆلى ( 北海 ) — قەدىمكى زاماندا شىمالىي تەرەپتىكى ئەڭ يىراق جايلارنى كۆرسىتەتتى. بايقال كۆلى شىمال تەرەپتە بولغاچقا، ئۇمۇ شۇنداق ئاتىلاتتى.

( «سىيۇەن» 1234 ـ بەت)

⑦پەرەڭ ( 拂菻 ) — قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى يەر نامى، ئاساسەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئابىسكۇن دېڭىزى بويلىرىدىكى رايوننى كۆرسىتەتتى.

( «سىيۇەن» 1234 ـ بەت)

⑧فەرقەند ( 钹汗 ) — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەرغانە دۆلىتى. سۈي سۇلالىسىگە كەلگەندە نامى مۇشۇنداق ئۆزگەرگەنىدى. 83 ـ جىلدكە قاراڭ.

⑨ سۇغدىيانا ( 康国 ) — قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلىتى نامى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كانگىيە، كۇنجۇت بولۇپ، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندە، مۇشۇنداق نام بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ شەرقى ئۇسۇن، فەرغانە دۆلەتلىرى بىلەن تۇتاشقانىدى، جەنۇبىدا توغرىلار، ئارساك بار ئىدى، ئۇنىڭ غەربى ئاۋرىسى بىلەن چېگرىداش بولغانىدى.

( «سىخەي» 859 ـ بەت)

⑩كۇشان ( 何国 ) — كۇشانخىۋە دەپمۇ ئاتىلاتتى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدا غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلىتى بولۇپ، سابىق كانگىيىنىڭ زېمىنىدا بولغانىدى.

( «سىيۇەن» 0188 ـ بەت)

⑪جۇجۇق ( 朱俱波 ) — قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلىك دۆلەت نامى. خارابىسى ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىدە.

(«غەربىي يۇرت يەرناملىرى» 39 - بەت)

⑫كاۋانتا (渴槃陀) — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى شەھەرلىك دۆلەت ئۇدۇننىڭ غەربىي تەرىپىدە، بۈگۈنكى يەكەن ناھىيىسى تۇرغان جايدا بولۇپ ئۆتكەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سارىقول دۆلىتى دەپ ئاتالغاندى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ كاۋانتا دەپ ئاتالغان.

(«سىيۇەن» 1851 - بەت)

⑬ۋاقان (护密) — «كېيىنكى خەننامە» دە «休密» دەپ يېزىلغانىدى. ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋاقان ئۆلكىسى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 76 - بەت)

⑭ئېفتالىت (挹怛) — «جۇنامە» 50 - جىلدتىكى «哌哒» غا قاراڭ.

⑮باميان (帆延) — ئۇيغۇرچە «ۋېينامە» 102 - جىلدىدا «فەنياڭ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

⑯جاگۇدا (漕国) — بەزى كىتابلاردا خاتا ھالدا بۇ دۆلەت بىلەن كەشمىر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 - جىلددىكى قەدىمكى ئەل «غەزنە خانلىقى» ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى غەزنە دېگەن يەردە.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 35 - بەت؛ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ئۇيغۇرچە 462 - بەت)

⑰براھمان (婆罗门) — براھمان دېگەن سۆز سانسكرت تىلىدا «ساپ قىلمىش»، «ساپ ئەۋلاد» دېگەن مەنىگە ئىگە. ھىندىستاننىڭ قۇللۇق دەۋرىدىكى تۆت تەبىقىدىن ئەڭ يۇقىرى تەبىقەبراھمانلار ئىدى. ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كاھىن ئاق سۆڭەك بولۇپ، ئىلاھىي ھوقۇق ھەم ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتقانىدى. شۇڭا قەدىمكى ھىندىستان براھمان دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(«سىيۇەن» 757 - بەت)



⑱شەرقىي ئاياللار دۆلىتى (东女国) — يەنە سۇۋارنا كوترا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى ئەل. چياڭلارنىڭ بىر تارمىقىدىن بولغانلار قۇرغان. ئورنى بۈگۈنكى سىچۈەن، چىڭخەي ۋە شىزاڭنىڭ چېگرىداش بولغان قىسمەن جايلىرىدا بولۇپ، جەمئىي 80 شەھەر 400 مىڭ تۈتۈن ئاھالىگە ئىگە ئىدى. مۇشۇ دۆلەتتە ئايال كىشى شاھ بولغاچقا، باشقا دۆلەتتىكىلەر ئۇنى ئاياللار دۆلىتى دەپ ئاتايتتى. ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ نېرى يېنىدا يەنە ئاياللار دۆلىتى بولغاچقا، شەرقىي تەرەپتىكى بۇ دۆلەتنى شەرقىي ئاياللار دۆلىتى دەپ ئاتىغانىدى.

(«سىيۇەن» 1524 - بەت)

⑲خېڭيۆ (恒岳) — تاغ نامى. يەنە چاڭشەن تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چۈياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىيۇەن» 1117 — 1118 - بەتلەر)

⑳ ئالچى تېغى (燕支山) — بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«سىيۇەن» 1955 - بەت)

㉒خۇينىڭ (会宁) — ناھىيە نامى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىدە ئايماق بولۇپ تەسىس قىلىنغانىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە خۇينىڭ قورغىنى بولۇپ ئۆزگەرگەن. سۈي سۇلالىسىدە خۇينىڭ ناھىيىسى بولۇپ ئۆزگەرگەن. خارابىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 1020 - بەت)

«سۇينامە» 68 ـ جىلد

# خې چۇنىڭ تەرجىمىھالى

خې چۇ كەيخۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 581 — 600 ـ يىللار) نىڭ دەسلىپىدە تۇتۇقلۇققا تەيىنلەندى. كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ دەسلەپ مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ نازارەتچىسى، ۋەلىئەھد مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ۋەزىرى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولدى. خې چۇ قەدىمكى كىتاب ـ سالنامىلەرنى كۆپ ئوقۇيدىغان بولغاچقا، كۆپلىگەن قەدىمىي ئاسار ـ ئەتىقىلەردىن خەۋەردار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا پېرسىيە ئالتۇن يىپتىن نەپىس توقۇلغان ئاجايىپ گۈزەل تون تەقدىم قىلغاندا، پادىشاھ ۋېندى خې چۇغا ئاشۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بىرنى ئىشلەش بۇيرۇقى چۈشۈردى. خې چۇ توننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ توقۇلمىسىنىڭ پېرسىيە تەقدىم قىلغىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ بەكمۇ خۇرسەن بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئەينەك ئىشلەپچىقىرىلمىغانىدى، كاسىپلاردىن بىرەرىمۇ ياساپ بېقىشنى ئويلاپ باقمىدى. شۇنىڭ بىلەن خې چۇ يېشىل كاھىشتىن ئەينەك ياسىۋىدى، راست ئەينەكتىن پەرقسىز چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي پەخرىي چەۋەنداز شىغاۋۇل بولۇپ تەيىنلەندى.

(ئەسلىي كىتاب، 1596 ـ بەت)



«سۇينامە» 74 ـ جىلد

# رەھىمسىز جارچىلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

## جاۋ جۇڭچىڭ

تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. جاۋ جۇڭچىڭ مۇشۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ خان جەمەتى ئىچىدە ئۆزئارا ھۇجۇم ئەۋج ئالدى. كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) چىمەن قاغان مۇشكۇل ئەھۋالدا قېلىپ سۇي پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى جاڭسۇن شېڭ بىلەن تۇڭخەن قورغىنىغا پاناھ ئىزدەپ باردى. جاۋ جۇڭچىڭ دەرھال مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ياردەمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تاردۇش قاغان قىستاپ كېلىشكە پېتىنالمىدى. جاۋ جۇڭچىڭ چىمەن قاغاننىڭ بارگاھى تۇرۇشلۇق جايغا يوشۇرۇنچە كىشى ئەۋەتىپ، چىمەن قاغان قەبىلىسىدىن ئىككى تۈمەن تۈتۈندىن ئارتۇق كىشىنى ئۆزى تەرەپكە تارتىپ كەتتى. شۇيىلى جاۋ جۇڭچىڭ گاۋجيۇڭغا ئەگىشىپ بەيداۋغا تاردۇش قاغانغا زەربە بېرىشكە بارغاندا، جاۋ جۇڭچىڭ قوشۇنىدىن 3000 كىشىنى باشلاپ تۇرشاۋۇل قىسىم بولدى. زۇلىشەن تېغىغا كەلگەندە، تۈركلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ يەتتە كۈن جەڭ قىلدى ۋە تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ

قىلدى. قوغلاپ يۇرۇپ چىققۇ كۆلىگە بارغىچە ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىر ئالدى، تۇرلۇك چارۋىلاردىن نەچچە تۇمەن تۇياق ئولجا ئېلىندى. ئارقىدىن تۇركلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى. جاۋ جۇڭچىڭ قوشۇننى تۆت چاسىلىق ئىستىھكام شەكلىدە سەپ تۇزگۇزۇپ، تۆت تەرەپتىن ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇپ جەڭ قىلدى. ئۇدا بەش كۇن قاتتىق جەڭ قىلغاندىن كېيىن گاۋجيۇڭنىڭ زور قوشۇنى يېتىپ كەلدى. ئىككى قوشۇن بىرلىكتە تۇركلەرگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۇركلەر شۇندىلا مەغلۇپ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. قوغلاپ يۇرۇپ بەيداۋ قەلئەسىدىن ئۆتۇپ، چىنشەن ① تېغىدىن ھالقىپ 700 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۇردى، شۇ جەرياندا تۇركلەردىن تەسلىم بولغانلار بىر تۇمەن تۇتۇندىن ئاشتى. سۇي پادىشاھى ۋېندى جاۋ جۇڭچىڭغا ئۇلارنى خېڭئەنگە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇدى. جاۋ جۇڭچىڭ جەڭدە زور تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، ئالىي دۆلەت ئەركانى بولۇپ ئۆستۇرۇلدى ۋە ئۇچ مىڭ توپ كىمخاب ـ دۇردۇن بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئوردا تاردۇش قاغاننىڭ چىمەن قاغانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىشىدىن ئەنسىرەپ، جاۋ جۇڭچىڭغا ئىككى تۇمەن قوشۇن بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇش، دەيجۇ باشبۇغى خەن خۇڭ، يۇڭكاڭ كىنەزى لى ياۋۋاڭ، ۋېيجۇ ئايماق بېگى ليۇلۇڭ قاتارلىقلارنىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ بىر تۇمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن خېڭئەننى ساقلىشى توغرىسىدا يارلىق چىقاردى. تاردۇش قاغان 100 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇنى بىلەن ھۇجۇمغا كەلگەندە، خەن خۇڭنىڭ قوشۇنى ئېغىر تالاپەت يېدى. شۇ چاغدا جاۋ جۇڭچىڭ لېنىڭ قەلئەسىدىن چىقىپ، قاپ بەلگە ھۇجۇم قىلدى ۋە تۇركلەردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرىپ تاشلىدى. ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 598 ـ يىلى) ئاۋامغا باش بولۇپ جىنخې②، دىڭشياڭ قاتارلىق ئىككى شەھەرنى سالدى ۋە چىمەن قاغاننى بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇردى.



ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم كىشىلەر پادىشاھقا نامە سۇنۇپ، جاۋ جۇڭچىڭنىڭ رەھىمسىز جازالاش ۋە زورلۇق ـ زومبۇلۇقىنى پاش قىلغانىدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى تەپتىش بېگى ۋاڭ ۋېينى ئەۋەتىپ تەكشۇرتسە راست چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىسىنى قەدىرلەش يۇزىسىدىن ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى. مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئۇنىڭدىن ھال سوراپ: «سېنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. بۇ پەقەت قول ئاستىڭدىكىلەرنىڭ يىرگىنىدىغان ئىشى» دېدى ھەمدە 500 توپ كىمخاب ـ دۇردۇن ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋ جۇڭچىڭ تېخىمۇ باشباشتاق بولۇپ كەتتى. ئاقىۋەت مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلاندى.

(ئەسلىي كىتاب، 1697 ـ بەت)

---

①چىنشەن ( 秦山 ) — تاغ نامى. شەنشى ئۆلكىسى يىجۇن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا.
( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 744 ـ بەت)

②جىنخې ( 金河 ) — ناھىيە نامى. سۇي سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى بۇگۇنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
( «سىخەي» 1117 ـ بەت؛ «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 542 ـ بەت)

# «سۈينامە» 83 ـ جىلد

## غەربىي يۇرت تەزكىرىسى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ يولى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىلغان، بۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا 36 بەگلىك بار ئىدى. كېيىن پارچىلىنىپ 55 بەگلىك بولدى. چېرىكچى بەگ، قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىنىپ ئەمىنلىك ئورنىتىلدى. ۋاڭ ماڭ ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بەن چاۋ مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەتلەر 50 نەچچىگە يەتتى، غەربتە ئابىسكۇن دېڭىزىغىچە بولغان 40 مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتىكى بارچە ئەللەر تاۋاپقا كېلىپ ئولپان تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم قورۇقچىبەگ، چېرىكچى بەگ تەسىس قىلىنىپ بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىق قىلىندى. كېيىنچە مۇناسىۋەت بەزىدە راۋان بولۇپ بەزىدە ئۈزۈلۈپ قالدى. خەن سۇلالىسى دائىرىلىرى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ قارىغاچقا قورۇقچىبەگ، چېرىكچى بەگ دېگەنلەر بەزىدە تەسىس قىلىنىپ، بەزىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ۋېي ـ جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىر ـ بىرىنى قوشۇۋالغاچقا، ئۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە ياساۋۇل تەپتىش بېگى① ۋېي جې، مۇپەتتىش مۇلازىمى② دۇشىمەن قاتارلىقلار كۇنپېيتىشتىكى قارام ئەللەرگە ئەلچىلىككە باردى. كەشمىر③گە



كەلگەندە ھېلىقىتىن ياسالغان قەدەھتىن بىرنى قولغا چۈشۈردى، راجاگرا شەھىرىگە كەلگەندە بۇددا نومىغا ئېرىشتى. كېش④ دۆلىتىدە ئون نەپەر ئۇسسۇلچى كېنىزەك، شىر تېرىسى ۋە كۆيمەس قىزىل چاشقان يۇڭىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى يەنە خۇشخەۋەر كىنەزى پېي جۈگە ۋۇۋېي، جاڭيې ئارىلىقىدا يۈرۈپ غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇمات توپلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. غەربىي يۇرتتا خان، پادىشاھ ياكى ئاقساقىلى بار دۆلەتلەر جەمئىي 44 ئىدى. پېي جۈ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى يۇمشاق گەپلەر بىلەن بۇ ئەھۋالنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشكە كۆندۈردى. دايې يىللىرى (مىلادىيە 605 — 618 ـ يىللار) ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوردىغا تاۋاپقا كەلگەن ئەلچىلەر 30 نەچچە دۆلەتتىن كەلدى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ سۈي پادىشاھى ياڭدى غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىپ ئۇلارنى مۇۋاپىق كۈتۈۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تاۋاپقا ۋە ئولپان تاپشۇرۇشقا كېلىدىغانلار كەلمەس بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ھازىر خاتىرىلەنگەنلىرىدە 20 دۆلەتنىڭكى بار:

## تۈيغۇنلار

تۈيغۇن لياۋشى سىيانپىيلىرىدىن تۇخې شېگۈينىڭ ئوغلىدۇر. ئىلگىرى تۇخې شېگۈينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرى توقىلىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى تۈيغۇن، يەنە بىرى كىچىك ئوغلى رولوغۇي ئىدى، تۇخې شېگۈي ئۆلگەندىن كېيىن رولوغۇي قەبىلىدىكىلەرگە سەردار بولدى، مانا بۇ مورۇن

جەمەتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىدى. تۆيغۇن رولوغۇي بىلەن ئەپ بولالماي غەربكە سۈرۈلۈپ لۈڭشەن تېغىدىن ئېشىپ ئۆتتى ۋە گەنسۇڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇپ قالدى. تاۋشۇي دەرياسىنىڭ غەربىدىن جەنۇبتا بەيلەنشەن تېغىغىچە بولغان نەچچە مىڭ چاقىرىملىق يەر كېيىنچە تۆيغۇن نامىدىكى دۆلەت بولۇپ قالدى. شىمالىي ۋېي، شىمالىي جۇ دەۋرلىرىدە ئاندىن قاغان ئاتىلىشقا باشلىنىپ، پايتەختى فۇچى شەھىرىدە بولدى. بۇ يەر چىڭخەي كۆلىنىڭ غەربىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ يەرلەردە سېپىل، تۇرالغۇ ئۆيلەر بولسىمۇ، بۇلارنى كېرەك قىلماي قەيەردە ئوت - چۆپ ۋە سۇ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ ياشىدى. ئەمەلدارلىرىدىن خان، تۆرە، يانداش ۋەزىر، دىۋانبېگى، كەپتاۋۇل، سانغۇن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قاغانى قارا بۆك كىيەتتى، خاتۇنلىرى ئالتۇن گۈلتاقايتتى. ئۇلارنىڭ قورال - سايمان، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا بۇيۇملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ خان - تۆرىلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى كۆپىنچە بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالىدۇ. ئاياللىرى قىسقا كۆڭلەك كىيىپ چاچلىرىنى رەتلىك ئۆرۈۋالىدۇ، يەنە مەرۋايىت، قۇلۇلە قاپلىرىنى زىننەت بۇيۇمى قىلىپ ئېسىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە بېكىتىلگەن مۇقىم باج يوق. قاتىللار ۋە ئات ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، باشقا جىنايەتچىلەرگە جەرىمانە قويۇپ تۆلەم تۆلىتىلىدۇ. ئۆرپ - ئادەتلىرى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىرەرى ئۆلسە ھازا تۇتىدۇ، مېيىتنى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن ئىش تۈگەيدۇ. مىجەزلىرى ئاچ كۆز ۋە ۋەھشىي كېلىدۇ. ئارپا، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ. چىڭخەي كۆلىنىڭ ئەتراپىنىڭ بىر ئايلانمىسى مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇششاق تاغ بار، ئۇ جايلارنىڭ ئادىتىدە قىش چۈشۈشى بىلەنلا ئايغىرلارنى ھېلىقى تاغقا قويۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ



ئېيتىشىچە مۇشۇنداق قىلغاندا ئەجدىھا نەسلىگە ئېرىشكىلى بولارمىش. تۆيغۇنلار ئەينى ۋاقىتتا پېرسىيىنىڭ ئايغىرىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۇنى چىڭخەي كۆلىدىكى ئارال تاغقا قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايغىردىن بىر تاي تۇغۇلغان. ئۇ بىر كۈندە مىڭ چاقىرىم يول يۈرەلەيدىغان بولغاچقا، چىڭخەي تۇلپارى دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىن قوتاز، جاڭ مىسلىرى، تۆمۈر ۋە سىننابار كۆپ چىقىدۇ. زېمىنى پىشامشان، چەرچەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي شىمالدا نەچچە يۈز چاقىرىملىق دائىرىدە چۆللۈك بار، يازدا بۇ يەردە چىقىدىغان ئىسسىق شامال ئۆتكۈنچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق شامال چىقىدىغان ۋاقىتتا تۆگىلەر بۇنى ئالدىنئالا بىلەلەيدۇ، بويۇنلىرىنى سوزغىنىچە، قاتتىق بوزلىشىپ بىر يەرگە توپلىشىۋالىدۇ ۋە تۇمشۇقلىرىنى قۇمغا تىقىۋالىدۇ. كىشىلەر بۇنى كۆرگەن ھامان ئىسسىق شامالنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ، كىگىز بىلەن ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋالىدۇ ۋە بۇ ئاپەتتىن ئامان قالىدۇ.

تۆيغۇنلارنىڭ قاغانى لۈكۇا⑤ شىمالىي جۇ خانلىقى دەۋرىدە كۆپ قېتىم چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغان. سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 581 - 600 - يىللىغىچە) نىڭ دەسلىپىگە كەلگەندە، ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ خۇڭجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرگەن. سۇي پادىشاھى ۋېندى خۇڭجۇنىڭ زېمىنى كەڭ، ئادەم شالاڭ، يەر قاقاس، شۇنىڭدەك تۇرلۇك ئەمەلدارلارنىڭ كېلىپ - كېتىشىگە قولايسىز كەن، دەپ ئۇ يەرنى تاشلىۋەتكەنىدى. كېيىن دۆلەت ئەركانى يۈەن شېنى پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ لۈكۇاغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. لۈكۇا خانلىقىنىڭ بارلىق قوشۇنىنى يۆتكەپ كېلىپ، مەنتۇ تېغىدىن شۇدۇن⑥غىچە قۇياق، دۇبۇلغا كىيگەن چەۋەندازلارنى تەق قىلىپ تۇردى. لۈكۇانىڭ خېشى

باشبۇغى، دىڭچىڭ بېگى جوڭ لىفاڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى كېبوخان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاقابىل تۇرۇشقا كەلدى. يۈەن شي ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. لۇكۇا قاتتىق چۆچۈپ، خاس ئەسكەرلىرىنى باشلىغىنىچە يىراق جايغا قېچىپ كەتتى. لۇكۇانىڭ قول ئاستىدىكى نامدار بەگلەردىن 13 كىشى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى تۈيغۇنلاردىن گاۋنىڭ بېگى يىسىپونىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ ئۇنىڭغا ئۇلۇغ سانغۇن، خېنەن بېگى دېگەن مەنسەپ - مەرتىۋىلەرنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنى ئەل بولغانلارغا باشچى بولۇشقا تەيىنلىدى، باشقا ئەمەلدارلارغىمۇ پەرقلەندۈرۈپ مۇكاپاتلار بېرىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۈيغۇنلار يەنە چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغىلى كەلدى. شۇجۇ⑦ ئايماق بېگى پى زېشىن لەشكەر چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، مەغلۇپ بولۇپ جەڭدە ئۆلدى. ۋېنجۇ⑧ باشبۇغى لياڭ يۈەن خىللانغان قوشۇنى بىلەن تۈيغۇنلارغا زەربە بېرىپ، مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تۈيغۇنلار بەدەر قاچتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كوجۇ⑨غا يەنە پاراكەندىچىلىك سالغاندا، كوجۇدىكى يەرلىك قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنى چېكىندۈردى.

لۇكۇا يۈز يىل تەختتە تۇرۇپ ۋەلىئەھدلىرىنى خۇشى تۇتسا تەيىنلەپ، خاپا بولۇپ قالغاندا قەتلىئام قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ۋەلىئەھدلىكتىن ھاقارەتكە قالغاندىن كۆرە لۇكۇانى تۇتۇپ تەسلىم بولاي دېگەن پىلاننى تۈزدى ۋە چېگرا قوروللىرىدىكى ئەمەلدارلاردىن ياردەم سورىدى. چىنجۇ باشبۇغى، خېجيەن ۋاڭى ياڭ خۇڭ قوشۇن باشلاپ ماسلاشقىلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، سۇي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ۋەلىئەھد پىلانى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن،



ئاتىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى ۋېي ۋاڭى تۈيغۇن كي تەخت ۋارىسى بولۇپ بېكىتىلدى. دىيېجۇ⑩ ئايماق بېگى دۇسەن تۈيغۇنلاردىكى ۋەلىئەھدنى بىكار قىلىش ئىغۋاگەرچىلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغاندا، سۇي پادىشاھى ۋېندى يەنە قوشۇلمىدى. كەيخۇاڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 586 - يىلى) ۋېي ۋاڭى تۈيغۇن ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ 15 مىڭ ئۆيلۈك قوۋمىنى باشلاپ ئەل بولماقچى بولۇپ، ئوردىغا كىشى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى، پادىشاھ ئوردىدىكىلەرگە: «تۈيغۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەتى بىلەن تولىمۇ سىغىشالمايدىكەن. ئۇلاردا ئاتا ئوغۇل - قىزلىرىغا مېھرىبانلىق قىلمايدۇ، پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا - ئانىلىرىغا ۋاپادارلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. مەن بولسام يۈكسەك ئەدەپ - دىيانەت بىلەن پۇقرالارنى تەربىيىلەپ كېلىۋاتىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاشۇ جىنايەتكار ۋە ئاسىي خەلققە گەپ توغرا كېلەمدۇ! بىز جەزمەن ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا بويسۇندۇرغان قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىگە: «مەن تەڭرى ئىرادىسى بويىچە پۈتۈن جاھاندىكى خەلقنى پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بارچە جانلارنىڭ ئىنساپ - دىيانەت بىلەن ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىق مەۋجۇتلا بولسا ئاداۋەتكە ئورۇن قالمايدۇ. تۈيغۇنلارنىڭ قاغانى ۋېي ۋاڭىنىڭ ئاتىسى، ۋېي ۋاڭى بولسا تۈيغۇنلار قاغانىنىڭ ۋەلىئەھدى. ئاتىسىنىڭ خاتالىقى بولسا ئوغلى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. بۇ ئاقمىسا يېقىن - يورۇق ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ياردىمى بىلەن ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردىن چىرايلىق نەسىھەت قىلىش كېرەك. بۇمۇ قاملاشمىسا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتماق زۆرۈر! ئادەم دېگەندە ھېسسىيات بولىدۇ، شۇڭا ھامان تەسىرلىنىدۇ. بولمىغۇر ئىشلارنى يوشۇرۇن پىلانلاشنىڭ، ۋاپاسىز دېگەن ئاتاققا

قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پۈتكۈل ئالەم ماڭا قارامدۇر، ھەرقايسى قارام ئەللەر ئۆز ئىشىغا ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئىگە بولۇشى بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، خالاس. ۋېي ۋاڭنىڭ ياخشى كۆڭلى بىزگە تېگىل بولدى. بىزگە بېقىندى بولماقچى بولىدىكەن، ۋېي ۋاڭغا ئۇلۇغ ۋەزىر بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگىتىشنى كېرەك. ئەمما ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، يامان ئىشلارغا ھەمساۋاق بولغىنى يىراق جايلارغا لەشكەر ئەۋەتسەم بولمايدۇ» دېدى. ۋېي ۋاڭى شۇندىلا بۇ ئىشنى بولدى قىلدى. كەيخۇاڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 588 ـ يىلى) تۈيغۇنلارنىڭ نامدار بېگى توغبات مۇمى مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قوۋمنى باشلاپ بەيئەت قىلماقچى بولدى. پادىشاھ سۇي ۋېندى: «پۈتكۈل ئالەم ماڭا قارامدۇر. يىراق جايدىكى چۆل ـ باياۋان بولسىمۇ، قائىدە ـ يوسۇن ۋە دىيانەتتىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، مېنىڭ شاپائىتىم ئىنساپ ـ تەۋپىقنىڭ ئاساسىدۇر. تۈيغۇنلار ئاچ كۆز ۋە تەلۋە بولۇپ، كاللىسىدا نېمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاياللىرى ۋە پەرزەنتلىرى قورقۇنچتا قالغاندا، بەيئەتكە كەلمەكچى بولۇشى ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغانلىقىدۇر. بىراق ئەرلىرى ۋە ئاتلىرىغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالماقنىلا كۆزلەيدۇ. ناۋادا ئۇلارغا كىشى ئەۋەتىپ قايتىپ كېتىشنى ئىپتىساق دىيانەتنى ئۇنتۇغانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنىلا چىن دىلى بىلەن بەيئەت قىلماقچى بولسا ئۇلارغا پەقەت تەسەللى بېرىشكىلا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزسۇن، ئۇلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ ماسلىشىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى كەلمەكچى بولسا مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار، ئەمما جەلپ قىلغۇدەك نەسىھەت قىلىپ يۈرمەڭلار» دېدى. شۇ يىلى خېنەن بېگى يېسىپو ئۆلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ ئىنىسى تۈيغۇن شوگۈينى ئاقساقاللىققا ۋارىسلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. جەنۇبىي چىن



پادىشاھلىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىن لۇكۇا ئىنتايىن قاچتى ۋە مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، قورقىنىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىشقا پېتىنالمىدى.

كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى (591 ـ يىلى) لۇكۇا ئۆلۈپ، ئوغلى تۈيغۇن فۇ قاغان بولدى. ئۇ جەنەنى تۈيغۇن ۋۇمىۋېي مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىپ قارام بولدى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تەقدىم قىلىپ، قىزىنى سۇي پادىشاھى ۋېندىگە بېرىپ سۇي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشماقچى بولدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى تېكۇاڭ ياڭ زەنگە: «بۇ سەممىيلىك بىلەن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. پەقەت خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان ئۇچۇنلا ئويلاۋاتقان ئويۇن» دېدى ۋە تۈيغۇن ۋۇسۇغا: «تۈيغۇنلار قاغانىنىڭ قىزىنى ماڭا تەقدىم قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇنىڭغا قوشۇلۇپلا قويسام، باشقا دۆلەتلەرمۇ بۇنى ئاڭلىغان ھامان بىر ـ بىرىنى دوراپ شۇنداق قىلغىلى تۇرسا، بىرىگە ماقۇل بىرىگە ياق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق قىلساقمۇ ئادىللىق بولمايدۇ. ئەگەر ھەممىسىگە ماقۇل بولۇۋەرسەك يەنە ياخشى چارە بولماي قالىدۇ. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ھەممىڭلارغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭۈللىرىڭلارنى تەسكىن تاپقۇزۇش، قانداقمۇ ھەممىڭلارنىڭ قىزلىرىنى قوبۇل قىلىۋېرىپ، ئارقا ئوردىغا يىغىۋالغىلى بولسۇن؟» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. 12 ـ يىلى (مىلادىيە 592 ـ يىلى) ئىلىدان پىرىنسىنىڭ دىۋان بېگى يۇۋېن بىنى ئەۋەتىپ تۈيغۇنلاردىن ھال سورىدى. 16 ـ يىلى (مىلادىيە 596 ـ يىلى) گۇاڭخۇا مەلىكىنى تۈيغۇن فۇغا خوتۇنلۇققا بەردى. فۇ پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ، مەلىكىنى ساماۋى خانىشلىققا كۆتۈرمەكچى بولغاندا سۇي پادىشاھى ۋېندى قوشۇلمىدى.

ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) ئەلدە مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، تۈيغۇنلار فۇنى قەتلىئام قىلدى ۋە

ئۇنىڭ ئىنىسى فۇيۇننى قاغانلىققا تۇرغۇزدى. ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئىمە ئۈچۈن فۇنى قاغانلىقتىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى بايان قىلىپ، باشباشتاقلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە گۇۋاھخۇا مەلىكىنى فۇيۇنگە خوتۇن قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، سۈي پادىشاھى ۋېندى ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر يىلقى تاۋاپ - تەزىملەر ئۆز ۋاقتىدا بولۇپ تۇردى، بىراق دائىم سۈي دۆلىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى تىڭتىڭلاپ تۇردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭدىن بەكمۇ بىزار بولدى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە چىققاندا، فۇيۇن ئوغلى شۇننى ئەۋەتىپ تاۋاپ قىلدى. شۇ مەزگىللەردە تېلىلار چېگرا - قورۇللارغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقتىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى سانغۇن فېڭ شياۋسىنى دۇنخۇاڭدىن چىقىپ مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى، ئەمما فېڭ شياۋسى جەڭدە چوڭ نۇسرەت قازىنالمىدى. تېلىلار ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىغا تۆۋە قىلدى ۋە ئەل بولۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھى ياڭدى شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ يانداش بېگى پېي جۈنى ھال سوراپ تەسەللىي بېرىشكە ئەۋەتىپ، تېلىلارنى تۇيغۇنلارغا زەربە بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئەلگە خىزمەت كۆرسىتىشكە تەۋسىيە قىلدى. تېلىلار بۇنىڭغا قوشۇلۇپ دەرھاللا پۈتۈن كۈچى بىلەن تۇيغۇنلارغا ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. فۇيۇن شەرققە بەدەر قېچىپ شىپىڭ دائىرىسىنى قوغدىدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى يەنە گۇەن ۋاڭى ياڭ شيوگا جياۋخې⑪ ۋىلايىتىگە، شۇ تۆرىسى يۈۋېن شۇغا شىپىڭغا قوشۇن تارتىشقا پەرمان قىلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئارقىلىق تۇيغۇنلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى؛ فۇيۇن يوشۇرۇن قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەردىن يۈز نەچچە مىڭ كىشى تەسلىم بولۇپ، 300 نەچچە مىڭ تۇياق چارۋا - مال ئولجا ئېلىندى. يۈۋېن شۇ تېز قوغلاپ ھۇجۇمغا



ئۆتكەندە، فۇيۇن قورققىنىدىن جەنۇبتىكى تاغلىق رايونغا قېچىپ كەتتى. تۇيغۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى تېررىتورىيىسى بوش رايون بولۇپ قالدى. شىپىڭ ۋىلايىتى لىنچياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىن، چەرچەننىڭ شەرقىگىچە، چىلىيەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىن، قارلىق تاغنىڭ شىمالىغىچە بولغان شەرق - غەرب كەڭلىكى 4000 چاقىرىم، جەنۇب - شىمال ئۇزۇنلۇقى 2000 چاقىرىم كېلىدىغان جاي تامامەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئوردا بۇ جايلاردا ۋىلايەت، ناھىيە، قەلئەلەرنى تەسىس قىلىپ جىنايىتى يېنىكرەك مەھبۇسلارنى كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇردى. تۇيغۇن شۇن تۇتۇپ قېلىنىپ قايتۇرۇلمىدى، فۇيۇن جان بېقىشقا ئىلاجىسىز قېلىپ قول ئاستىدىكى بىر نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن تاڭغىتلارغا پاناھ ئىزدەپ كەتتى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى تۇيغۇن شۇننى قاغان قىلىپ، يۈمىندىن ئۆزىتىپ قويۇپ، قېپقالماس تۇيغۇنلارغا باشچىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. تۇيغۇنلارنىڭ داباۋ بېگى نىلوجۇنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ قوشۇپ قويدى. بۇ كىشىلەر شىپىڭغا بارغاندىن كېيىن شۇننىڭ قول ئاستىدىكىلەر نىلوجۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن شۇن بارالماي قايتىپ كەلدى. داپې يىللىرى (مىلادىيە 605 - يىلىدىن 618 - يىلىغىچە) نىڭ ئاخىرى جاھان مالىمانلىشىپ، فۇيۇن ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق تېررىتورىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جايلارغا كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغان بولسىمۇ، ھەر قايسى ۋىلايەت - ناھىيىلەر بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمىدى.

## تاڭغىتلار

تاڭغىت چياڭلىرى سەنمياۋلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ

داڭچاڭ، يەيلاق، ئوزۇقلىرى ئۆزلىرىنى ماكاكا مايمۇننىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ. شەرقتە لىنتاۋ، شىپىڭ بىلەن، غەربتە يابغۇ بىلەن تۇتىشىدىغان بولۇپ، زېمىنى جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئاساسەن تاغ - جىلغىلاردا ياشايدۇ. ھەربىر ئۇرۇق - فامىلە ئايرىم - ئايرىم قەبىلە بولۇپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، چوڭ قەبىلىلەردە بەش مىڭ، كىچىك قەبىلىلەردە بىرەر مىڭ چەۋەنداز بولىدۇ، قوتاز قويلىرى ۋە ئۆچكە يۇڭىدىن ئۆي ياسايدۇ، تېرە ۋە كاناپ رەختلەردىن كىيىم - كېچەك قىلىدۇ، كىگىز يېپىنچىلا ئالىي ئىنسانلارغا كىيدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ھەممە ئادەم سەرۋاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم قانۇنى يوق، ھەركىم ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدۇ، سوقۇش ۋاقىتلىرىدىلا بىر يەرگە جەم بولىدۇ. غەللە - پاراق، باج - سېلىق دېگەنلەر يوق بولۇپ، ئادەتتە ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشمايدۇ. بېقىلىدىغان چارۋىلىرى قوتاز، قوي - ئۆچكە ۋە چوشقا بولۇپ، پۈتۈنلەي كۈندىلىك ئىستېمالغا ئىشلىتىلىدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە نىكاھ ئىشلىرى تولىمۇ قالايمىقان بولۇپ، يات قوۋملار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكتۇر. يېزىقى يوق، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈش دەۋرىگە ئاساسەن يىل ھېسابلايدۇ. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ كالا - قوي ئۆلتۈرۈپ تەڭرىگە نەزىر قىلىدۇ. 80 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئۆلسە بۇنى ناھايىتى قۇتلۇق ئىش، دەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىغا - زار قىلمايدۇ. ياش كىچىكلىرى ئۆلسە بۇنى چوڭ بالا - قازا دەپ ھەممەيلەن قار - يامغۇر يىغلايدۇ. چالغۇلىرىدىن بەرباب، نەي، ناغرا قاتارلىقلار بار.

شىمالىي ۋېي، شىمالىي جۇ زامانىسىدا چېگرا قورۇللىرىغا كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغانىدى. پادىشاھىمىز سۈي ۋېندى تېخى شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان



چاغدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پاراكەندىچىلىك كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقتىن، ھەمىشە تاڭغىتلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا دۇچار بولاتتى. جاڭ ئەركانبېگى لياڭ رۈي ⑫ ۋاڭ چيەننى تىنچىتقاندىن كېيىن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تاڭغىتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئۆتۈنگەندە، سۈي پادىشاھى ۋېندى قوشۇلمىدى. كەيخۇاڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 584 - يىلى) تاڭغىتلاردىن مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشى بەيئەت قىلدى. 5 - يىلى (مىلادىيە 585 - يىلى) توغىيات نىڭسۇڭ قاتارلىقلار ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ شۇجۇدا ئوردىغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى، قالغانلىرىمۇ تۈرلۈك مەنسەپلەرگە ئېرىشتى. 16 - يىلى (مىلادىيە 596 - يىلى) تاڭغىتلار خۇيجۇغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، پادىشاھ لۇڭشىدىكى قوشۇنلارنى يۆتكەپ تاڭغىتلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. تاڭغىتلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دېگۇدەك ئەل بولدى ۋە بېقىندى بولۇشنى تەلەپ قىلىشتى، پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىشىپ ئوردىدىن گۇناھىنى تىلەشتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارغا: «قايتىپ بېرىپ ئاتا - ئاكاڭلارغا ئېيتىڭلار، ئىنسان بۇ دۇنيادا ياشايمەن دەيدىكەن، جەزمەن يۇرت قويغۇدەك بىر ماكانى بولۇشى كېرەك، قېرىلارنى ئاسراپ، بالىلارنى قاتارغا قوشۇش كېرەك. مۇشۇنداق تۇيۇقسىز كېلىپ، تۇيۇقسىز كېتىپ يۈرسەڭلار، يۇرتداشلىرىڭلار ئالدىدا ئۇيالمامسىلەر؟» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاۋاپ - تەزىمنى پەقەت ئۈزۈپ قويمىدى.

## قوچۇ

قوچۇ دۆلىتى خەن دەۋرىدىكى ئالدى قوش خانلىقى ⑬ بولۇپ، دۇنخۇاڭدىن 13 كۈنلۈك مۇساپىگە توغرا كېلىدۇ. شەرق - غەربكە كەڭلىكى 300 چاقىرىم، جەنۇب - شىمال

ئۇزۇنلۇقى 500 چاقىرىم كېلىدۇ، ئەتراپىدا تاغلار كۆپ. ئەينى ۋاقىتتا خەن ۋۇدى ئەۋەتكەن قوشۇن كۇنپېتمىشقا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قوشۇندىكى پالاكەتكە ئۇچرىغانلاردىن ئېغىرلىرى مۇشۇ يەردە قېپقالغان. بۇ جايدا خەن دەۋرىدىكى قوچۇ قورغىنى بولغاچقا، بۇ نام تەدرىجىي دۆلەت نامى بولۇپ قالغان. دەسلەپتە جۇرجانلار⑭ كەن بوجۇنى قوچۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەندى. كەن بوجۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى كەن يىچېڭ قوچۇ بېگى بولغاندا بىر نەۋرە ئاكىسى كەن شۇگۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كەن شۇگۇي ئۆزىنى قوچۇ بېگى دەپ ئاتىغاندىن كېيىن قاڭقىللاردىن ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭ قوچۇ بېگى بولدى. جاڭ مېڭمىڭنى قوچۇلۇقلار ئۆلتۈرۈپ مارۇنى قوچۇ بېگى قىلىپ تىكلىدى. مارۇ گوڭگۇ، چۇجىيا قاتارلىق ئىككى كىشىنى ئوڭ - سول دورغاپلىققا تەيىنلىدى، مارۇ يەنە شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قارام بولۇشنى تەلەپ قىلدى. قارام بولغانلار قوچۇدا تۇرۇپ قېلىپ كۆنچىقىشقا يۆتكىلىشنى خالىمىدى ۋە بىرلىشىپ مارۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن چۇجىيا قوچۇ بېگى بولۇپ قالدى. چۇجيانىڭ تەخەللۇسى لىڭفېڭ، جىنچېڭ يۇجۇڭ ناھىيىسىدىن. قوچۇ بېگى بولغاندىن كېيىن جۇرجانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. جۇرجانلارنىڭ خانى قاڭقىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چۇجيا يەنە قاڭقىللارغا بېقىندى بولدى. ئېفتالىتلار كىنگىتنى مەغلۇپ قىلغاندا كىنگىتلىقلار ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرالماي، چۇجيادىن كىشى ئەۋەتىپ بەگ قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، چۇجيا ئىككىنچى ئوغلىنى كىنگىت بېگى بولۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ قوچۇ دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ ئەلنىڭ بويسۇنۇشىنى قولغا كەلتۈردى. چۇجيا ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى چۇ جيەن قوچۇ بېگى بولدى.

قوچۇنىڭ ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 1840 چامدام كېلىدۇ.



بەگ ئوردىسىدا لۇ بېگى ئەيگوڭنىڭ ⑮ كۆڭزىدىن سىياسەت توغرىلىق مەسلىھەت سوراۋاتقان رەسىمى بار. قوچۇ دۆلىتىدە 18 شەھەر بار. ئەمەلدارلىرىدىن بىر ۋەزىر، ئىككى تۆرە، ئاندىن تەرتىپ بويىچە ئوڭ - سول ياساۋۇل بېشى، سەككىز دورغاپ، بەش سانغۇن، سەككىز ئەمىر لەشكەر، ئۇنىڭدىن قالسا يەنە شىغاۋۇل، چېرىكچى، دەپتەردار، مۇلازىم بېشى، ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىقلار بار. چوڭ ئىشلار توغرىسىدا بەگ ئۆزى قارار چىقىرىدۇ. ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى تۆرىلەر ۋە بەگنىڭ چوڭ ئوغلى كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشلار توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلمايدۇ. ئەرلىرى غۇزلارچە كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئاياللىرى قىسقا چاپان، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، چاچلىرىنى بېشىغا تۇرمەكلىۋالىدۇ. ئۆرپ - ئادەت ۋە سىياسەت، پەرمانلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكىگە ئازراق ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ يەرلىرىدىن چۆل - جەزىرە كۆپ، كىلىماتى ئىسسىق بولۇپ، بوغدايدىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. پىلە بېقىشقا باب كېلىدۇ، ھەر خىل مېۋە - چېۋە ئۆسىدۇ. يانتاق دېيىلىدىغان بىر خىل چۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەمى بەكلا تاتلىق ھەسەل چىقىدۇ. بۇ يەردىن سىننا باردەك قىزىل تۇز، ⑯ قاشتېشىدەك ئاق تۇز چىقىدۇ. مۇسەللەس ياسىلىدۇ. ئۆرپ - ئادىتىدە تەڭرى ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ، شۇنداقلا بۇددىغىمۇ چوقۇنىدۇ. دۆلەتتىكى چارۋا -ماللار پىنھان - خالىي جايلاردا بېقىلىدۇ، باشقىلارنىڭ بۇلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كاتتىلاردىن باشقىلارغا سىر تۇتۇلىدۇ. قوچۇنىڭ شىمالىدا قىزىل تاشلىق تاغ بار، ئۇنىڭ شىمالىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تەڭرىخان تېغى بولۇپ، يازدا قار توپلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ تاغنىڭ شىمالى تېلىلارنىڭ زېمىنىدۇر. ۋۇۋېينىڭ غەربىي شىمالىدا بىرلا قۇلاي يول بار، مۇشۇ يولدىن مېڭىپ جەزىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بىرەر مىڭ چاقىرىم يول

باسقاندا كەلگەنلىكى بولىدۇ. كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالادا مۇشۇنىڭدىن باشقا يول يوق، بارماقچى بولغانلار ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۆڭەكلىرى تاشلىنىپ قالغان جايلاردىن ئەگىشىپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. يولدا يەنە بەزى جايلاردا يىغا ئارىلاش ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، يولۇچىلاردىن بۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغانلىرى ئاۋاز چىققان يەرگە بارغان ھامان ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ئېھتىمال جىن - شاياتۇنلار بولسا كېرەك، شۇڭا سودىگەرلەر ۋە بېرىپ - كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېۋىرغول يولىدىن ماڭىدۇ.

كەيخۇاڭ 10 - يىلى (590 - يىلى) تۈركلەر قوچۇنىڭ تۆت شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭچە كىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پاناھ ئىزدەپ كەلدى. چۇجيەن ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى چۈبويا قوچۇ بېگى بولدى. چۈبويانىڭ ئۆگەي ئانىسى چۈبويانىڭ دادىسىنىڭ بىرىنچى خوتۇنى ئىدى. ئۇ تۈرك قاغانىنىڭ قىزى بولغاچقا، تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى زورلىدى. چۈبويا خېلى ئۇزۇنغىچە رەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، كېيىن تۈركلەر قاتتىق قىستاپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئىلاجسىز بويسۇندى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن قارام ئەللەرنى ئۆزىگە تارتىشقا كىرىشتى. دايې 4 - يىلى (مىلادىيە 608 - يىلى) قوچۇ ئەلچىسى تاۋاپقا كەلگەندە، سۈي پادىشاھى ياڭدى تولىمۇ دەبدەبىلىك كۈتۈۋالدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) چۈبويا شەخسەن ئۆزى تاۋاپقا كەلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ كورىيەگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خان جەمەتىدىن بولغان خۇارۇڭ مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. دايې 8 - يىلى (مىلادىيە 612 - يىلى) قوچۇغا قايتىپ كېلىپ ئەلگە مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «ئەلنى ئىدارە قىلىپ، پۇقرالارنى ئەمىن تاپقۇزۇشتا



تىرىكچىلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئەڭ مۇھىمدۇر. ئەل تىنچ بولسا، سىياسەت - پەرمانلار توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلۈپ، پۇقرالار ئىتائەتچانلىق بىلەن ئەمەل قىلسا، پۈتكۈل زور ئۇتۇقلارنى قازانغىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئەل چەت - ياقا جايلاردا بولۇپ قېلىپ، كۈچلۈك دىلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ قالغاچقا، خەقنىڭ رايىغا بېقىپ گۇناھ ئارتىلماسلىق ئۈچۈن، شۇلارغا ئوخشاش چاچلىرىمىزنى ئۆرۈپ تونىمىزنىڭ بوغقۇچىنى سولغا ئېتىدىغان بولۇۋالدۇق. ھازىر ئۇلۇغ سۈي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا جاھان بىرلىككە كېلىپ، بارچە قوۋملار سۈي دۆلىتىگە باش قويدى. مەن ئاللىقاچان پاكلىنىپ دىيانەتكە قايتتىم. ھەرقايسىڭلارنىڭمۇ ئەدەپ - ئەخلاق تەلىملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاۋام - خەلقمۇ ئۆرۈلگەن چاچنى چۈۋۈپ، سولغا ئېتىدىغان پەش - بوغقۇچىنى ئېلىۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن». سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك ياخشى بوپتۇ، دەپ مۇنداق يارلىق چۈشۈردى: «دىيانەتنى تەقدىرلەش، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش دانىشمەنلەرنىڭ ئىشىدۇر. يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتكە ۋە ئىستېدات - بىلىمگە ئىگە قەدىمكى خان - پادىشاھلار ئەزەلدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. سەمىمىيلىكنى تەقدىرلەش، سەمىمىي كىشىلەرنى ئۈستۈرۈش قەدىمكى كىتاب - دەستۇرلاردا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدۇر. كېڭەش بېگى، بېيەنگو ئەركانى، قوچۇ بېگى چۈبايا يىراقنى كۆرەر، دانىشمەن، ساپ قەلبلىك، شەۋكەتلىك نامى يىراقلارغا پۇر كەتكەن كىشىدۇر. ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بولغان بۇ كىشى كۆنىپىتىشقا بەگ بولدى. ئىلگىرى كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ، شۇنرۇڭلار⑰نىڭ ئازابى - ئوقۇبىتىنى ھارغىچە تارتقان، كۆپ قېتىم مۇشەققەتلەر دەستىدىن خانلىق تاجىدىن ئايرىلىپ غۇزچە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگەن. بۈيۈك سۈي پادىشاھى جاھاننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئەلدە

ئەمىنلىك ئورناپ، ئەدەپ - ئەخلاق تۆت ئىقلىمغا يېيىلدى. چۆبايا چۆل - جەزىرىنىڭ ئازابلىرىنى قايرىپ تاشلاپ، يىراق يوللارنى بېسىپ ئوردىغا تارتۇق يوللاپ تاۋاپقا كەلدى. ئەسلى رەسىم - قائىدىلەردىكى مۇراسىم كىيىمىنى، ھەيۋەتلىك ئوردا مۇراسىملىرىنى كۆرۈپ، ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، تونلىرىنى سولغا ياپىدىغان، پەش - بوغقۇچىنى كېسىۋېتىپ، غوزچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكچە كىيىملەرنى كىيدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋە نۇرلۇق قىلمىشى تارىختا خاتىرىلەنگەن. شۇڭا كىيىم - كېچەك جابدۇقلىرى ئىنئام قىلىنىپ، ياساش ئۇسۇللىرى يەتكۈزۈلسە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇستاتلارنى باشلاپ ئاپىرىپ بېرىشكە ئەلچى تەيىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. رەڭگارەڭ لىباسلارنى كەيسە ھەم كىيىملەرنىڭ ئېسىللىكىدىن ھۇزۇرلانغىلى، ھەم كىگىز تەلپەكلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ تاجدار دۆلەتنىڭ ھالىتىگە قايتقىلى بولىدۇ». ئەمما چۆبايا دەسلەپتە تېلىلارغا ۋاسسال بولغانلىقتىن تېلىلار دائىم قوچۇغا مۇپەتتىشلەرنى ئەۋەتىپ تۇراتتى، غوز سودىگەرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ تاپشۇرۇلغان باجلارنى ئېلىپ تېلىلارغا يەتكۈزەتتى. بۇ پەرمان گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنى خۇشال قىلغان بولسىمۇ، بىراق چۆبايا تېلىلاردىن قورقۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىشكە پېتىنالمىدى. پەقەت شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ تاۋاپ - تەزىم قىلىپ تۇردى.

## سەمەرقەند

سەمەرقەندلىكلەر — كانگىيەلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر، دائىم كۆچۈپ تۇرىدۇ، ئەسلى ئورنىدا مۇقىم تۇرمايدۇ. بىراق خەن سۇلالىسىدىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نەسلى داۋاملىشىپ كەلدى. پادىشاھىنىڭ ئەسلى فامىلىسى ئون



بولۇپ، توخرىلاردىن ئىلگىرى چىليەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى جاۋۇ قەلئەسىدە تۇراتتى. كېيىنچە ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، كۈنپېتىشقا قاراپ كۆكئارتتىن ھالقىپ مۇشۇ دۆلەتنى قۇرغان. توقاللاردىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئايرىم - ئايرىم خان بولغانلىقتىن، بۇ دۆلەتنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتنىڭ خانلىرى تامامەن «جاۋۇپ» فامىلىلىك بولۇپ قالغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇلمىغانلىقىدۇر. پادىشاھىنىڭ ئىسمى داپى ئېشبەگ، كۆكسى - قارنى كەڭ ۋە ھەققانىي بولغانلىقتىن ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ خانىشى تۈركلەردىن تاردۇش قاغاننىڭ قىزى. پايتەختى سارتاۋا دەرياسى بويىدىكى ئارۇددۇ شەھىرى بولىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ شەھەرلىرى ھەم ئاھالىسى كۆپ. ۋەزىرلەردىن ئۈچ كىشى ئەلنىڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. پادىشاھ ئۆرۈم چاچلىق بېشىغا رەڭگارەڭ گۆھەر - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج كىيىدۇ. ئۈچىسىغا مەشۇت دۇردۇن ۋە كاناپتىن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن تون ئارتىدۇ. خانىش چېچىنى چوققىسىغا تۈرۈپ قارا رومال ئارتىدۇ. ئەرلەر چاچلىرىنى قىرقىپ، تاۋار - دۇردۇن كىيىملەرنى كىيىدۇ. سەمەرقەند قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، قورىغاردىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ. ماغيان، شەھرى سەبىز، ئۆرىتۆپە، كوشانىيە، بۇخارا، كىچىك بۇخارا، ناقساب، ئوناق، مائۇرا قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارام. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس غۇز قانۇنى بولۇپ، ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا قويۇپ قويۇلىدۇ. جىنايەتكە ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ شۇ بويىچە جازا يۈرگۈزۈلىدۇ. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جەددى - جەمەتى قۇرۇتۇلىدۇ. جىنايىتى يېنىكرەكلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىلارنىڭ پۇتى كېسىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئوراكۆز، قاڭشارلىق، يۈز -

كۆزلىرى قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلۇق كېلىدۇ. ئۇلار سودىغا ماھىر بولۇپ، ھەرقايسى قوۋملار ئوتتۇرىسىدىكى سودا كۆپىنچە مۇشۇ ئەلدە بولىدۇ. چالغۇلىرىدىن ناغرا ـ دۇمباق، بەرباب، بەشتار، غوڭقا، نەي قاتارلىقلار بار. توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەلنى قۇرغان ئەجدادلىرىغا 6 ـ ئايدا چوڭ نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ، پارچە قارام ئەللەر بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بېرىدۇ. ئادەتتە بۇددىغا چوقۇنىدۇ، غوز يېزىقىنى قوللىنىدۇ. كىلىماتى ئىللىق، ھەر خىل ئاشلىق زىرائەتلەر ئۆسەلەيدۇ. باغ ـ ۋاران بىنا قىلىپ، دەل ـ دەرەخ تىكىشكە تولىمۇ باب كېلىدۇ. يىلقا، تۆگە، قېچىر، ئېشەك، قوتاز، ئالتۇن، مىس، سېرىق بويا، ئاسانار ئەنبەر، يېشىل مەرۋايىت، قىزىل بوغا تېرىسى، زىلچا، ئوغلاق تېرىسىدىن ئىشلەپ ياسالغان خۇرۇم قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى داڭلىق. مۇسەللەس كۆپ چىقىرىلىدۇ. بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر مىڭ پاتمان مۇسەللەس ساقلىنىدۇ، نەچچە يىللار تۇرۇپ كەتسىمۇ بۇزۇلمايدۇ.

دايې يىللىرى (مىلادىيە 605 ـ يىلىدىن 618 ـ يىلىغىچە) ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن سوۋغا بەرگەن. كېيىنچە بۇ ئىشلار ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالغان.

## بۇخارا

بۇخارا ئىخەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئازساك دۆلىتىدۇر. پادىشاھى جاۋۇپ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، سەمەرقەند پادىشاھى بىلەن بىر نەسەبتىن، ئىسمى شىرىدىن. ئايالى سەمەرقەند پادىشاھىنىڭ قىزى. پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ⑱ جەنۇبىي تەرىپىدە. شەھەر بەش قات بولۇپ، خەندەك بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. ئوردا ـ قەسىرلەرنىڭ ھەممىسى تۈز ئۆگزىلىك. پادىشاھى تۆگە



شەكىللىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرىدۇ. تەختنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە ـ سەككىز چى كېلىدۇ. ھەر قېتىم مەمۇرىي ئىشلارنى كېڭەش قىلغاندا، ئايالى بىلەن دەرقەمە تۇرۇپ ئۈچ باش ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بىر ياقلىق قىلىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سەمەرقەندنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، پەقەت ئاچا ـ سىڭىلىسىنى خوتۇن قىلىۋالىدىغان ۋە ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا قالايمىقان نىكاھ بولىدىغان ئىشلار ئوخشىمايدۇ. سۈي ياڭدى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن مۇپەتتىش مەھرەم دۇشىگمەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ئۇ مۇشۇ دۆلەتكە كەلگەن ۋە بەش رەڭلىك تۇزنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن.

بۇخارانىڭ غەربىگە 100 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىتىك دۆلىتى بار، بۇ يەردە بىرەر مىڭچە تۈتۈن ياشايدۇ. بۇ ئەلنىڭ خان ـ ئاقساقىلى يوق، بۇخارانىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. دايې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 609 ـ يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇرغان، كېيىنچە توختاپ قالغان.

## شاش

شاش دۆلىتى ياشارتىش⑲ دەرياسىنىڭ بويىدا، پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئون نەچچە چاقىرىم چىقىدۇ. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى شاش، ئىسمى نې. پايتەختىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئوردىسى بار. 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەسەت كۈلى سېلىنغان ئالتۇن كومزەكنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنى ئايلانغاچ خۇشبۇي بۇيۇملارنى سېپىدۇ، تۈرلۈك مېۋىلەرنى قويىدۇ. ئاندىن پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى باشلاپ نەزىر قىلىدۇ. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ ۋە خاتۇن باشقا چېدىرغا كىرىپ كېتىدۇ. ۋەزىرلەر دەرىجىسىگە قاراپ ئورۇن ئالىدۇ، يەپ ـ ئىچىش

تۇگىگەندە، نەزىر ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇ ئەلدىن سۆك، بۇغداي، ياخشى ئاتلار كۆپ چىقىدۇ. ئۇلار جەڭگە ماھىر بولۇپ، تۇركلەرگە ئالا كۆڭۈللۈك قىلغىنى ئۈچۈن شىكەر قاغان قوشۇن تارتىپ ئۇلارنى تارمار قىلغان ۋە تېكىن دەنجىنى بۇ دۆلەتكە مۇۋەققەت ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىگەن. جەنۇبتىكى پەرغانىدىن 600 چاقىرىم، گۋاجۇ ئايمىقىدىن 6000 چاقىرىم يىراقلىقتا.

دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىغان، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كەلمىگەن.

## ئاياللار دۆلىتى

ئاياللار دۆلىتى — كۆكئارتنىڭ جەنۇبىدا. بۇ ئەلدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئايال پادىشاھ بولۇپ كەلگەن. پادىشاھنىڭ فامىلىسى سۇجىپ، ئىسمى موجى، 20 يىل پادىشاھ بولغان. پادىشاھنىڭ ئېرى جىنجۇ دەپ ئاتىلىپ، مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. بۇ ئەلدىكى ئەرلەر خاس جەڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تاغ ئۈستىگە قۇرۇۋالغان شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى بەش - ئالتە چاقىرىم چىقىدۇ. بۇ شەھەردە بىر تۈمەنچە تۈتۈن بار. پادىشاھ توققۇز قەۋەتلىك قەسىردە تۇرىدۇ، نەچچە يۈز قىز - چوكان خىزمىتىدە بولىدۇ. ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم ھۇزۇرغا چىقىپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئىش بېجىرىدۇ. يەنە بىر كىچىك ئايال پادىشاھ بولۇپ، پادىشاھ بىلەن بىللە دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئاياللار ئەتىۋارلىنىپ، ئەرلەر كەمسىتىلىدۇ، بىراق ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە چەك قويۇلمايدۇ. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىسى يۈز - كۆزىنى رەڭلىك بوياق بىلەن بويىۋالىدۇ، بەزىلىرى بىر كۈندىلا نەچچە خىل بوياپ بولىدۇ. ھەممىلا كىشى



ئاچىماق چاچ قويۇپ ئۆتۈك كىيىۋالىدۇ. مۇقىم باج - سېلىق تۈزۈمى يوق. كىلىماتى سوغۇق بولۇپ ئوۋچىلىق ئاساسىي كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. جەز (تەبىئىي مىس)، سىننابار، ئىپار، قوتاز، تۇلپار، يۇڭ ئېتى قاتارلىق بۇيۇملىرى داڭلىق، تۇز كۆپ بولغاچقا ئەنەتكەككە توشۇپ ساتىدۇ ۋە ھەسسىلەپ پايدا ئالىدۇ. ئۇلار كۆپ قېتىم ئەنەتكەك ۋە تاڭغىتلار بىلەن جەڭ قىلغان. ئايال پادىشاھ ئۆلسە ئەلدىكىلەر پۇل - پۇچەك توپلاپ ۋاپات بولغۇچىنىڭ جەمەتىدىن قابىلىيەتلىك ئىككى ئايالنى تاللاپ بىرىنى ئايال پادىشاھ، يەنە بىرىنى كىچىك پادىشاھ قىلىپ بېكىتىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر ئۆلسە تېرىسىنى شىلىۋالىدۇ، قالغان گۆش ۋە سۆڭەكلىرىنى ئالتۇن ئۇۋاقلىرى بىلەن كومزەككە سېلىپ كۆمۈۋېتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ھېلىقى تېرىنى تۆمۈر قاچىغا سېلىپ دەپنە قىلىدۇ. ئاسۇرا ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ، يەنە دەرەخ مۇئەككىلىگە باش قويىدۇ. يىلنىڭ بېشىدا بىرەر ئادەمنى سويۇپ نەزىر قىلىدۇ، بەزىدە ماكاكا مايمۇننى نەزىر قىلىۋېتىدۇ. نەزىردىن كېيىن تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىدۇ. چىشى قىرغاۋۇلغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇچۇپ كەلگىنىچە ئالىقانغا قونىدۇ. ئۇلار قۇشنىڭ قورسىقىنى يېرىپ قاراپ باقىدۇ: قورساق ئىچىدە دان بولسا بۇ يىل مول ھوسۇللۇق بولىدىكەن، دەيدۇ؛ ئۇششاق تاش - قۇم بولسا بۇ يىل قەھەتچىلىك بولىدىكەن دەيدۇ. بۇنى ئۇلار «قۇش پال» دەيدۇ.

كەيخۇاڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 586 - يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كەلمىگەن.

## كىنگىت

كىنگىت دۆلىتى ئاق تاغنىڭ جەنۇبىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا مەۋجۇت

بولغان قەدىمىي دۆلەتتۇر. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى ئارجونا، ئىسمى تۇركەش. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم چىقىدۇ. بۇ ئەلدە جەمئىي توققۇز شەھەر بار، جەڭگە يارايدىغان لەشكەر مىڭدىن ئاشىدۇ. دۆلەتنىڭ ئەركان - تۇزۇملىرى يوق. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە بۇددا دىنى ئېلىدىكى بىراھمى يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېزىق ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. نىكاھ ئادەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مېيىتنى كۆيدۈرۈپ يەتتە كۈن ھازا تۇتىدۇ. ئەرلەر قىرقىما چاچ يۈرۈيدۇ. بېلىق، تۇز، يېكەن، قومۇش كۆپ چىقىدۇ. شەرقتىكى قوچۇ ۋە غەربتىكى كۇسەنگە 900 چاقىرىمدىن كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەرلەر دەشت - چۆل رايونلاردۇر. شەرقىي جەنۇبتا گۇاجۇ ئايمىقىغا 2200 چاقىرىم كېلىدۇ. دايې يىللىرى (مىلادىيە 605 — 618 - يىللار) ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## كۇسەن

كۇسەن دۆلىتى — ئاقتاغنىڭ جەنۇبىغا 170 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا پايتەختنى قۇرغان بولۇپ، خەن دەۋرىدىكى قەدىمىي دۆلەت. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى سوۋارنا، ئىسمى سۇنىچ. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئالتە چاقىرىم كېلىدۇ. جەڭگە يارايدىغان يىگىتلىرى بىرنەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، بۇلاڭچى - ئوغرىلارنىڭ بىر بىلىكى ۋە بىر پۇتى كېسىلىدۇ. ئۆرپ - ئادىتى كىنگىتنىڭكىگە ئوخشايدۇ. پادىشاھ بېشىغا رەڭلىك شەلپەر ئارتىپ، شەلپەرنىڭ ئۇچىنى ئارقا تەرەپكە چۈشۈرۈۋالىدۇ. پادىشاھ ئادەتتە ئالتۇن شىر شەكلىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. بۇ يەردىن شال، تېرىق، پۇرچاق، بۇغداي، تۆمۈر، ئاليۇمىن، قىزىل بوغا تېرىسى، جەز كىگىز، مىس كا، كۆك تۇز، سېرىق



مەرگىمۇش، غوز ئۇپىسى، ئارساك ئەنبىرى، ئېسىل ئات، قوتاز قاتارلىق داڭلىق مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. شەرقتىكى كىنگىتقا 900 چاقىرىم، جەنۇبتىكى ئۇدۇنغا 1400 چاقىرىم، غەربتىكى سۇلىغا 1500 چاقىرىم، غەربىي شىمالدىكى تۈرك قاغانىنىڭ بارگاھىغا 600 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇبتىكى گۇاجۇ ئايمىقىغا 3100 چاقىرىم كېلىدۇ. دايې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى ئوردىغا تاۋاپ - تەزىمگە كەلگەن.

## سۇلى

سۇلى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئاقتاغنىڭ جەنۇبىغا يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، خەن دەۋرىدىكى قەدىمىي دۆلەتلەردىن بىرى. پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئامىجۇ، قول ۋە پۇتلىرى ئالتە بارماقلىق. تۇغۇلغان بالىلىرى ئالتە بارماقلىق بولمىسا باقمايدۇ. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى بەش چاقىرىم. بۇ ئەلدە چوڭ شەھەردىن 12 سى، كىچىك قەلئەلەردىن نەچچە ئونى بار. لەشكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلىرى 2000 چىقىدۇ. پادىشاھى بېشىغا ئالتۇن شىر شەكىللىك بۆك كىيىدۇ. بۇ يەردىن شال، تېرىق، كەندىر، بۇغداي، مىس، تۆمۈر، كىمخاب، سېرىق مەرگىمۇش كۆپ چىقىدۇ. ھەر يىلى بۇ نەرسىلەردىن تۈركلەرگە سوۋغا قىلىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىدا خۇاڭخې دەرياسى بار، غەربتە كۆكئارت بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتە كۇسەنگە 1500 چاقىرىم، غەربتە پەرغانىگە 1000 چاقىرىم، جەنۇبتا جوجۇفقا 800 — 900 چاقىرىمچە، شەرقىي شىمالدا تۈرك قاغانىنىڭ بارگاھىغا 1000 چاقىرىم كېلىدۇ، شەرقىي جەنۇبتا گۇاجۇ ئايمىقىغا 4600 چاقىرىم كېلىدۇ. دايې يىللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## ئۇدۇن

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى كۆكئارتنىڭ شىمالىغا 200 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى ۋاسىل، ئىسمى بەشبالەن. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى سەككىز - توققۇز چاقىرىم چىقىدۇ. بۇ دۆلەتتە چوڭ شەھەردىن بەشى، كىچىك قەلئەلەر نەچچە ئونى بار. لەشكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلىرى نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئادەتتە بۇدداغا چوقۇنىدۇ، راھىب - راھىبەلەر بەكلا كۆپ. پادىشاھى دائىم پەرھىز تۇتۇپ، نەزىر - چىراغ قىلىپ تۇرىدۇ. پايتەختىنىڭ جەنۇبىغا 50 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا زانمۇ ئىبادەتخانىسى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىبادەتخانىنى ئارخات بىخسۇ بىرۇجان سالغانىكەن، تاشلىرىدا پراتيېكا بۇددانىڭ ئاياغ ئىزى بار ئىكەن. ئۇدۇننىڭ غەربىگە 500 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىمۇ ئىبادەتخانىسى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، لاۋزى مۇشۇ يەردە غۇزلارنى مەدەنىيەتلەشتۈرۈپ بۇددا بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئەدەپ - يوسۇن دېگەن نەرسە يوق. ئوغرى - قاراقچىلار، پاھىشىۋاز - بەچچىۋازلار كۆپ. پادىشاھى ئالتۇن چاشقان نەقىشلەنگەن كىمخاپ بۆك كىيىدۇ. خانىش ئالتۇن گۈل تاقايدۇ. پادىشاھىنىڭ چېچىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىگە بولمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باشقىلار پادىشاھىنىڭ چېچىنى كۆرۈپ قالسا شۇ يىلى ھوسۇل كېمىيىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردىن كەندىر، بۇغداي، تېرىق، شال، ھەرخىل مېۋە - چېۋە قاتارلىقلار چىقىدۇ. تاغلاردىن كۆپ ئوبدان قاشتېشى چىقىدۇ. شەرقتە پىشامشانغا 1500 چاقىرىم، جەنۇبتا ئاياللار دۆلىتىگە 3000 چاقىرىم، غەربتە جوجۇققا 1000 چاقىرىم، شىمالدا كۇسەنگە 1400 چاقىرىم، شەرقىي شىمالدا گۇاجۇ ئايمىقىغا 2800 چاقىرىم كېلىدۇ. دايې يىللىرى بۇ دۆلەت پات - پات ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇرغان.



## پەرغانە

پەرغانىنىڭ پايتەختى كۆكئارتنىڭ غەربىگە 50 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، قەدىمكى پەرغانە دۆلىتىدۇر. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى ئالىچى. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكىرىي ئىشلارغا يارىغۇدەك نەچچە مىڭ ئادىمى بار. پادىشاھى ئالتۇن قوي شەكىللىك كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ، خانىش ئالتۇن تاج تاقايدۇ. بۇ يەردىن قىزىل قوم، ئالتۇن، تۆمۈر كۆپ چىقىدۇ. شەرقىي شىمالدا سۇلۇغقا 1000 چاقىرىم، غەربتە سۇترىشاناغا 500 چاقىرىم، غەربىي شىمالدا شاشقا 500 چاقىرىم، شەرقىي شىمالدا تۈرك قاغانىنىڭ بارگاھىغا 2000 چاقىرىم، شەرقتىكى گۇاجۇغا 5500 چاقىرىم كېلىدۇ. دايې يىللىرى (مىلادىيە 605 — 618 - يىللار) ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## توخارىستان

توخارىستاننىڭ پايتەختى كۆكئارتنىڭ غەربىگە 500 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئېفتالىتلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلىرى يۈزمىڭدىن ئاشىدۇ، ھەممىسىلا جەڭگە ماھىر. ئۇلار بۇدداغا چوقۇنىدۇ، ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار ئورتاق ھالدا بىر ئايالنى خوتۇن قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن نۆۋەتلىشىپ بىللە بولىدۇ. ھەر قېتىم بىرى ئايالنىڭ خانىسىگە كىرىپ كەتكەندە، بەلگە ئۈچۈن كىيىم - كېچەكلىرىنى ئىشىك ئالدىغا ئېسىپ قويىدۇ. تۇغۇلغان بالىلار چوڭ ئاكىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ دۆلەتتىكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ئىلاھىي ئات

بولۇپ، ھەر يىلى ئايغىرلارنى ئۈچكۈرلەرگە قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئاتلاردىن نەسىللىك تايلار تۇغۇلىدۇ. جەنۇبتا جاگۇدا دۆلىتىگە 1700 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 5800 چاقىرىم كېلىدۇ. دايى يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇرغان.

## ئېفتالىت

ئېفتالىتلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئامۇ دەرياسىنىڭ [20] جەنۇبىغا 200 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، بۇلار ئەسلىدە توخرىلار ئۇرۇقىدىن بولغانىكەن. لەشكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلىرى بەش ـ ئالتە مىڭچە چىقىدۇ، ئەزەلدىن جەڭگە ماھىر. بىر زامانلاردا بۇ ئەلدە مالىيمانچىلىق كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، تۈركلەر ئېلىجان ئىسىملىك بىر شادنى ئەۋەتىپ، بۇ دۆلەتكە ھۆكۈمران قىلىپ قويغان. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئون نەچچە چاقىرىم چىقىدۇ. ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن ئىبادەتخانا ۋە بۇددا مۇنارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار بىر ئايالنى ئورتاق خوتۇن قىلىدۇ. بىرلا ئەرگە قاراشلىق ئاياللار بىر مۈڭگۈزلۈك بۆك كىيىۋالىدۇ، ئاكا ـ ئۇكا كۆپ ئەرگە تەگكەن ئاياللار ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى نەچچە بولسا شۇنچە تال مۈڭگۈز چىقىرىلغان بۆك كىيىدۇ. جەنۇبىتىكى جاگۇدا دۆلىتىگە 1500 چاقىرىم، شەرقتىكى گۇاجۇ ئايمىقىغا 6500 چاقىرىم كېلىدۇ. دايى يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## ماغىيان

ماغىيان دۆلىتىنىڭ پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي



قىرغىقىدا بولۇپ، ئەسلىدە كانگىيىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى يوق، شەھەر بېگىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى بىجۇ، سەمەرقەندتىكى خان جەمەتلىرىدىن كېلىپ چىققان. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكەرلىككە يارىغۇدەك بىر نەچچە يۈز ئادىمى بار. غەربىي شىمالدا سەمەرقەندكە 100 چاقىرىم، شەرقتە سۇتىرىشاناغا 500 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبتا كېش دۆلىتىگە 200 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 6400 چاقىرىم كېلىدۇ. دايى يىللىرى بۇ دۆلەت كۆپ قېتىم يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## كېش

كېش دۆلىتىنىڭ پايتەختى دۇمۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتا، ئەسلىدىكى كانگىيىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى دىجە، سەمەرقەندتىكى خان جەمەتلىرىدىن كېلىپ چىققان. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكەرلىككە يارىغۇدەك ئادىمى مىڭدىن كۆپرەك. ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سەمەرقەندنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شىمالدا سەمەرقەندكە 240 چاقىرىم، جەنۇبتا توخارىستانغا 500 چاقىرىم، غەربتە ناقسابقا 200 چاقىرىم، شەرقىي شىمالدا ماغىيانغا 200 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 6500 چاقىرىم كېلىدۇ. دايى يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## ئۆرىتۆپە

ئۆرىتۆپە دۆلىتىنىڭ پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن بىر نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، ئەسلىدە

كانگيېنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ ئەلنىڭ پادشاھى يوق، سەمەرقەند پادشاھىنىڭ ئوغلى ۋۇجيەن پەرمان بويىچە بۇ ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئۈچ چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكەرلىككە يارىغۇدەك ئادىمى مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ ئەلدە تاشسىچ ئىلاھى دېيىلىدىغان بىر ئىلاھ بولۇپ، ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بارچە ئەللەر بۇ ئىلاھقا چوقۇنىدۇ. بۇ ئىلاھنىڭ ئالتۇن ئادىمى بار. ئالتۇن پاتراسىنىڭ كەڭلىكى بىر جاڭ بەش چى، ئېگىزلىكىمۇ شۇنىڭغا باب كېلىدۇ. ھەر كۈنى بەش تۆگە، ئون ئات، يۈز قوي سويۇپ بۇ ئىلاھقا نەزىر قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ گۆشلەرنى بىرەر مىڭ كىشىمۇ يەپ بولالمايدۇ. شەرقىي جەنۇبتا سەمەرقەندكە 100 چاقىرىم، غەربتە كۇشانىيەگە 1500 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 6600 چاقىرىم كېلىدۇ. دايىي يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## كۇشانىيە

كۇشانىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بىر نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئەسلىدىكى كانگيېنىڭ بىر قىسمىدۇر. پادشاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى دۇن بولۇپ، سەمەرقەند خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققانىكەن. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكەرلىككە يارايدىغانلار مىڭ چىقىدۇ. پادشاھ قوچقار شەكىللىك ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. شەرقتە ئۆرنتۆپىگە 150 چاقىرىم، غەربتە كىچىك بۇخاراغا 300 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 6750 چاقىرىم كېلىدۇ. دايىي يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.



## ئۇناق

ئۇناق دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولۇپ، ئەسلىدىكى ئارساك دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىدى. پادشاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى فوشى. ئۇمۇ سەمەرقەند خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققانىكەن. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم، لەشكەرلىككە يارىغۇدەك نەچچە يۈز يىگىتى بار. پادشاھى قوچقار شەكىللىك ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. شەرقىي شىمالدا بۇخاراغا 400 چاقىرىم، غەربىي شىمالدا مائۇراغا 200 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 7500 چاقىرىم كېلىدۇ. دايىي يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## مائۇرا

مائۇرا دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا، ئەسلىدىكى ئارساك دۆلىتىنىڭ زېمىنى، ئۇناق بىلەن قوشنا. پادشاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى ئارام، ئۇمۇ سەمەرقەند پادشاھى بىلەن بىر ئۇرۇقتىن. پايتەختىنىڭ ئايلانمىسى ئۈچ چاقىرىم، لەشكەرلىككە يارىغۇدەك ئادىمى 2000. شەرقىي شىمالدا بۇخاراغا 500 چاقىرىم، شەرقتە ئۇناققا 200 نەچچە چاقىرىم، غەربتە پېرسىيەگە 4000 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇ ئايمىقىغا 7700 چاقىرىم كېلىدۇ. دايىي يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق تاپشۇرغان.

## پېرسىيە

پېرسىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى داكرات دەرياسى[21]نىڭ

غەربىدىكى سۈرىستان شەھىرى㉒، يەنى قەدىمكى سۈرىيىنىڭ
ماكانى. پادىشاھىنىڭ ئىسمى كۈسسارغو. پايتەختىنىڭ
ئايلانمىسى ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكەرلىككە يارىغۇدەك
ئادەملىرى 20 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، پىلغا مىنىپ ئۇرۇش
قىلىدۇ. بۇ ئەلدە ئۆلۈم جازاسى يوق، بەزىلىرىنىڭ پۇت -
قولىنى كېسىپ تاشلىسا، بەزىلىرىنىڭ ئائىلە بىساتىنى مۇسادىرە
قىلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتسە،
بەزىلىرىنىڭ بوينىغا قالقان ئېسىپ قويۇپ باشقىلاردىن
پەرقلىنىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنىدۇ. ھەربىر كىشى ئۈچ ياشتىن
ئاشقان ھامان تۆت دەرھەمدىن جان بېجى تۆلەيدۇ. ئاچا -
سىڭىللىرىنى خوتۇن قىلىۋېرىدۇ. بىرەر كىشى قازا قىلسا
مېيىتىنى تاغقا تاشلاپ قويۇپ بىر ئاي ماتەم تۇتىدۇ. پادىشاھ
بېشىغا ئالتۇن گۈللۈك بۆك كىيىپ، شىر شەكىللىك ئالتۇن
ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىغا زىننەت ئۈچۈن
ئالتۇن ئۇۋۇقنى سۇۋايدۇ. ھەرخىل جاۋاھىراتلاردىن كۆز
قويۇلغان تەتىللا تون كىيىدۇ. بۇ ئەلدىن ئېسىل ئات، ئېگىز
ئېشەك، شىر، ئاق پىل، تۆگىقۇش تۇخۇمى، ئۈنچە -
مەرۋايىت، ئەينەك، شۇۋېۇ دەرىخى، كەھرىۋا، مەسىر،
سېردولىك، خروستال، يېشىل مەرۋايىت، خورۇج، لۈتېك،
قىزىل ياقۇت، ئالماس، ئالتۇن، كۈمۈش، جەز، مىس، تۆمۈر،
سىنىك، كىمخاب، شايى، كوسارا، تېكمەت، خۇنا، ۋارناكا،
سەندەل ياغىچى، ئالتۇن يىپتا توقۇلغان زەر كىيىم، قىزىل بۇغا
تېرىسى، سىنىنابار، سىناپ، بوسۇېللىيە يېلىمى، كۈركۈم،
ستوراكس، ئۈزۈن زىراۋەندە قاتارلىق خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى
ۋە قارامۇچ، بىبا، تاش ھەسەل، چۇچۇك ھەسەل، خورما،
پارپا، ھېلىلە، پۇچۇك قاپ، كۆك تۇز، سېرىق مەرگىمۇش
قاتارلىقلار چىقىدۇ. تۈركلەر بۇ دۆلەتكە كېلەلمىسىمۇ، بۇ
دۆلەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇپتۇ. پېرسىيە دۆلىتى دائىم ئەلچى



ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇرۇپ كەلگەن. غەربتە دېڭىزغا بىر نەچچە
يۈز چاقىرىم، شەرقتە مائۇراغا 4000 چاقىرىم، غەربىي شىمالدا
فەرەڭگە 4500 چاقىرىم، شەرقتىكى گۇاجۇ ئايمىقىغا 11700
چاقىرىم كېلىدۇ.

پادىشاھ سۈي ياڭدى بولۇتسىمان چەۋەندازلار چېرىكچىسى
لى يۈنى پېرسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي،
پېرسىيە ئەلچى ئەۋەتىپ، لى يۈگە ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا تارتۇق
تاپشۇرغان.

## جاگۇدا

جاگۇدا — كۆكئارتنىڭ شىمالىدا بولۇپ، خەن دەۋرىدىكى
كەشمىر دۆلىتىدۇر. پادىشاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، ئىسمى
شۇندا، سەمەرقەند خان جەمەتىدىن بولغانىكەن. پايتەختىنىڭ
ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم كېلىدۇ. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى
بىر تۈمەندىن ئاشىدۇ. بۇ ئەلنىڭ قانۇن - تۈزۈمى چىڭ ۋە
مۇكەممەل، قاتىللار ۋە ئوغرى - قاراقچىلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ.
بۇ دۆلەتتە دۇئا - تىلاۋەت كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ. كۆكئارتنىڭ
ئۈستىدە تەڭرى ئىرادىسى بىلەن سېلىنغان بىر ئىبادەتخانا بار،
ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۆگزىسىگە
ئالتۇن - كۈمۈش يالىتىلغان كاھىش يېپىتىلغان، يەرگە كۈمۈش
يېپىتىلغان. ھەر كۈنى ئىبادەتكە كېلىپ - كېتىدىغانلار مىڭ
كىشىدىن ئاشىدۇ. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا بېلىق ئومۇرتقىسى
بولۇپ، ئۇنىڭ تۆشۈشكىدىن ماڭغىلى بولىدۇ، ئاتلىق
ئۆتۈشكىمۇ بولىدۇ. پادىشاھ ئالتۇن قاسىراقلىق بۆك كىيىپ،
ئات شەكىللىك كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. بۇ ئەلدىن شال، تېرىق،
پۇرچاق، بۇغداي، پىل، ئات، قوتاز، ئالتۇن، كۈمۈش،
تۆمۈر، كوسارا، سىنىنابار، ئۇسما، ستىراكس، زىراۋەندە

قاتارلىق خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە تاش ھەسەل، چۈچۈك ھەسەل، قاراتۇز، ئاۋى، مۇرمەككە، پارپا قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. شىمالدا بامىيانغا 700 چاقىرىم، شەرقتە قاپساغا 600 چاقىرىم، شەرقتىكى گۇاجۇ ئايمىقىغا 6600 چاقىرىم كېلىدۇ. دايى يىللىرى بۇ دۆلەت ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق يوللىغان.

## فۇگو دۆلىتى

فۇگو دۆلىتى – شۈجۈن ۋىلايىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئىككى مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، خەن دەۋرىدىكى غەربىي جەنۇب بەدەۋىلىرىدۇر. جىيالياڭ بەدەۋىلىرى فۇگو دۆلىتىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ئۆزىنى – ئۆزى باشقۇرىدۇ، ئۆرپ – ئادەتلىرى فۇگو دۆلىتىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تىللىرىدا بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پەرقلەر بار. ئۇلارنىڭ فامىلىسى يوق. فۇگو دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئىسمى يىزىڭ. بۇ ئەلنىڭ زېمىنى غەربتىن شىمالغىچە 800 چاقىرىم، شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان كەڭلىكى 1500 چاقىرىم كېلىدۇ. شەھەر – قورغان يوق، تاغ – جىلغىلاردىكى خەتەرلىك ۋە مۇھىم جايلاردا ياشايدۇ. تەبىئىي قىساسخور. تاشلارنى دۆۋىلەپلا ئۆڭكۈرلەرنى پاناھلىق ماكان قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىدىن ئېگىزلىرى ئون جاڭدىن ئاشىدۇ، پاكارلىرىمۇ بەش – ئالتە جاڭ چىقىدۇ. ياغاچتىن جازا ياساپ، بىر جاڭدىن ئوشۇقراق قىلىپ قەۋەتلەرگە بۆلۈۋالىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ – تۆت چامدام، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى ئىككى – ئۈچ چامدام كېلىدۇ، بەجايىكى بۇددا مۇنارلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتە بىر ئىشىك بولىدۇ، ئۆڭكۈر ئىچىدىن ئۈستۈنكى



قەۋەتلىرىگە يامىشىپ چىققىلى بولىدۇ. كېچىسى ئوغرى – بۇلاڭچىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشىكنى ھىم يېپىۋالىدۇ. بۇ ئەلدە 20 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدۇ. جىيالياڭ بەدەۋىلىرىگە قەبىلە ئاقساقىلى بۇيرۇق قىلالايدۇ. جىنايىتى ئېغىرلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ، جىنايىتى يېنىكرەكلىرى كالا بىلەن تۆلەم تۆلەيدۇ.

بۇ ئەلنىڭ كىشىلىرى چاققان – چەبدەس بولۇپ، قىلىچۋازلىققا ماھىر. سىرلانغان تېرىلەرنى دۇبۇلغا – ساۋۇت ئورنىدا ئارتىۋالىدۇ. ئوقيالىرى ئالتە چى ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، بامبۇكتىن يا ياسايدۇ. ئاتىسى ياكى ئاكىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز ئانىسىدىن باشقا ئانىلىرىنى ۋە يەڭگىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋېرىدۇ. ئوغلى ياكى ئىنىسى ئۆلسە ئاتا بولغۇچى كېلىنىنى، ئاكا ئىنىسىنىڭ ئايالىنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. ناخشا ئېيتىپ سەكرەپ – تاقلاشنى، ناغرا – دۇمباق چېلىشنى، نەي چېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆلگۈچىگە ماتەم تۇتمايدۇ. مېيىتنى ئېگىز كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، پاكىز يۇغاندىن كېيىن، كىيىم – كېچەكلىرىنى كىيدۈرىدۇ، دۇبۇلغا – ساۋۇتلىرىنى كىيگۈزۈپ بولۇپ ھايۋانات تېرىسىگە يۆگەپ قويىدۇ. باللىرى ۋە نەۋرىلىرى يىغا – زار قىلمايدۇ، پەقەت قىلىچ – شەمشەرلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ: «ئاتامنى جىن – ئالۋاستىلار ئېلىپ كەتتى. قىساس ئېلىپ جىن – شەيتانلارنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ توۋلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق – تۇغقانلىرى ئاز – تولا يىغا – زار قىلىپلا بولدى قىلىدۇ. ئاياللار يىغلىغاندا يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ تۇرۇپ يىغلايدۇ. مېيىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كالا سويىدۇ، تۇغقانلىرى چوشقا ۋە مەي ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ يەپ – ئىچكەندىن كېيىن مېيىتنى كۆمۈپ قويىدۇ. كىشى ئۆلۈپ ئون يىل بولغاندا، يەنە بىر قېتىم چوڭ دەپنە قىلىش بولىدۇ، بۇنىڭغا ئۇرۇق – تۇغقانلار

ۋە مېھمانلار قاتنىشىدىغان بولۇپ، بىر قېتىمدىلا نەچچە ئون ئات سويۇلىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەرۋاھ تاختىسى تۇرغۇزۇپ باش ئۇرىدۇ. ئۇلار ئادەتتە تېرىدىن بۆك تىكىپ كىيىدۇ. بۇ بۆكلەر خۇددى راھىبلار تاماق ئۇسۇپ يەيدىغان بوغا ئوخشاش يۇملاق بولىدۇ، بەزىلەر يەنە بۆكلىرىگە رومال تىكىۋالىدۇ. يۇڭ ۋە تېرىدىن ئىشلەنگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ. كالىنىڭ پۈت تېرىسىنى پۈتۈنلا سويۇۋېلىپ ئۆتۈك قىلىپ كىيىدۇ. بوينىغا تۆمۈر زەنجىر ئېسىپ، قوللىرىغا تۆمۈر بىلەزۈك تاقىۋالىدۇ. پادىشاھ ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپ، كۆكرىكىگە ئۈچ سۇڭ كەڭلىكتىكى ئالتۇن گۈل شەكىللىك ئىزناك تاقىۋالىدۇ. بۇ ئەلنىڭ يەر شەكلى ئېگىز، كلىماتى سوغۇق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. بوران - شامال كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەر بۇغداي ۋە يالىڭاچ ئارپا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. تاغلىرىدا ئالتۇن - كۈمۈش بار، سانسىزلىغان ئاق قىرغاۋۇل دانلاپ يۈرىدۇ. سۇلىرىدا ئېسىل بېلىقلار بولۇپ، تۆت چى ئۇزۇنلۇقتىكى بېلىقلىرىنىڭمۇ قاسىرقى ئىنچىكە، ئۇششاق بولىدۇ.

دايې 4 - يىلى (مىلادىيە 608 - يىلى) بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى سۇفۇ قاتارلىق سەككىز كىشىنى تاۋاپقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى ئىنىسىنىڭ ئوغلى يىلىننى جيالياڭ بەدەۋىلىرىدىن 60 كىشىنى باشلاپ تاۋاپ - تەزىم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئېسىل تۇلپارلىرىدىن تەقدىم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، يول يىراق ھەم خەتەرلىك بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ تاۋاپ - تەزىم مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن تاغدىن يول ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ سۈي ياڭدى بۇنى ئادەمنى ھارغۇزۇپ قويىدىغان ئىش، دەپ قاراپ قوشۇلمىدى.

جيالياڭ بەدەۋىلىرىنىڭ ماكانىدىكى دەريالار 60 - 70 جاڭ كەڭلىكتە، فۇگو دۆلىتى تەۋەسىدىكى دەريالار يۈز نەچچە جاڭ



كەڭلىكتە بولۇپ ھەممىسىلا جەنۇبقا ئاقىدۇ. بۇ دەريالاردىن تېرە تۇلۇمغا ئولتۇرۇپ ئۆتكىلى بولىدۇ.

فۇگو دۆلىتىنىڭ جەنۇبىدا باۋيۈەن بەدەۋىلىرى ياشايدىغان بولۇپ، ئۆرپ - ئادىتى بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. غەربىدە ئايالالار دۆلىتى بار. شەرقىي شىمالىدا نەچچە مىڭ چاقىرىملىق تاغ - جىلغىلار ئارقىلىق تاڭغىتلارغا تۇتىشىدۇ. ئۇ تاغ - جىلغىلاردا چياڭلارنىڭ چوڭ - كىچىك زوفېڭ، شىۋېي، گېيەن، بەيگو، شياگرېن، ۋاڭزۇ، لىنتەي، چۈنساڭ، لىدۇ، مىساڭ، بىياۋ، داشيا، بەيلەن، بىلموتۇ، نائوۋ، داگمى، چۈبۇ، ساڭۋۇ، چيەندياۋ قاتارلىق ئۇرۇقلىرى ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغىلاردا ياشايدىغان بولۇپ، خان - پادىشاھ ۋە قەبىلە ئاقساقال - ئاتامانلىرى يوق. بۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن تاڭغىتلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، بەزىلىرى تۈيغۇنلارغا بېقىنسا، يەنە بەزىلىرى فۇگو دۆلىتىگە قارام بولغان.

دايې يىللىرى فۇگو دۆلىتى تاۋاپ - تەزىمگە ئەلچى ئەۋەتكەن. پادىشاھ سۈي ياڭدى غەربىي جەنۇب چېگرا بويلىرىدا ئاغلاقچى تۇرغۇزۇپ، بۇ قەبىلىلەرنى يىراقتىن باشقۇرغان.

مۇئەررىختىن: قەدىمدىن بۇيان يىراقتىكى ياتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، چەت - خىلۋەت رايونلارغا يېتىشتە شانۇ شەۋكەتلىك خان - پادىشاھلار ۋە سەممىمىي ۋەزىرلەرگە تايىنىلغان. جاڭ چيەن ئەڭ ئاۋۋال غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى ئاچقان بولسا، ئارقىدىن بەن چاۋ قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمنى ئالغىنىچە غەربىي يۇرتقا كەلدى. بەزىلەر زور مىقداردىكى پۇل - بايلىق بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسا، يەنە بەزىلەر تىغ بىلەن ئۇلارنى چۆچۈتتى. ئۆلۈم - كۆرۈمگە ھېچنەرسە دېگىلى بولمايدىغان بۇ ماكاندا، نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن جان

پىدا قىلىشتىكى مەقسەتمۇ خان ـ پادىشاھلارنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى جان تەسلىم قىلىشتىن قورقمىغان ھالەتتە يىراق ـ يىراقلارغا تارقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. روشەن بولدىلەركى، يۇقىرى ياخشى كۆرگەننى تۆۋەن تېخىمۇ ياقتۇرىدۇ. پادىشاھ سۇي ياڭدى كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتتە چىن ـ خەن دەۋرلىرىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پېي جۇ «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» نى پادىشاھقا سۇنۇپ ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. شۇڭا شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ يۈمېن قوۋۇقىدىن چىقتى ۋە ئىۋىرغول، چەرچەن قاتارلىق ئىككى ۋىلايەتنى تەسىس قىلدى. بىراق يۈمېن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىن پايانسىز چۆل ـ قۇملۇقىچە، ھەرخىل پاراكەندىچىلىك بولغاچقا تولىمۇ بىئارام بولدى. ناۋادا شىمالىي دىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى بولمىغان بولسا، شەرقىي بەدەۋىلەرگە قىلىنغان يۇرۇشتە نۇسرەت قازانغان بولسا، جەزمەن بۇگۇردىكى قورغاننى سېلىپ چادىردا ئىستىھكام قۇراتتى، شۇنداق قىلىپ داكچىنىنىڭ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، سۇرىيىلىكلەرنىڭ تۆگىقۇش تۇخۇمىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، باردى ـ كەلدى قىلىپ ماللارنى توشۇپ يەتكۈزىدىغان بولاتتى. بۇ ئىشلار ئېلىپ كەلگەن چاتاقلارغا قانداقمۇ سەۋر قىلغىلى بولسۇن! قەدىمدە ئالىيجاناب ۋە دانىشمەن خان ـ پادىشاھلار بېكىتكەن تۈزۈملەر 5000 چاقىرىم دائىرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تىنچلىق ـ ئەمىنلىك ئىشلىرىغا تەتبىقلىنىپ، يىراق ـ چەت رايونلارغا ئېغىر كەلتۈرىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايتتى. بۇ ھەيۋەتسىز يەتمىسە، ئەدەپ ـ ئەخلاقسىز تەسىر قىلمايدىغان ئىشمىدى؟ ئېھتىمال تۆت ئىقلىمدىكى قوۋملارنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى چارچىتىپ قويۇشنى، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن ئۇلۇغۋار پىلانلارنى بۇزۇپ قويۇشنى خالىمىغانىدى. شۇڭا چىن پادىشاھى لەشكەر ئەۋەتىپ



بەش تاغ㉓ دا تۇرغۇزۇپ چېگرىنى ساقلىغان، خەن پادىشاھلىرى چېگرا رايونلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن. بەزىدە يول بويىدا ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى يىقىلسا، بەزىدە ئاھالىنىڭ يېرىمى ئازىيىپ كەتكەن. سۇي پادىشاھى جەمەتى شۇنچە قۇدرەتتى بولسىمۇ، چىڭخەيدە مۇشكۈللۈككە پېتىپ قالغان. مانا بۇ بىر ئادەم ئىرادىسىنى ۋە پەزىلىتىنى يوقاتسا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇنىڭ زىيىنىنى تارتىدىغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر. ناۋادا «نەسرنامە. يۈي گۇڭ» دىكى «قۇرىغار بەدەۋىلىرىنى ئەدەپكە قايتۇرۇش» دېگەن ھېكمەتنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرسەك، قورۇقچىبەگ ھەققىدىكى ئىلتىماسلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، قۇرىغار تۇلپارلىرىنى قايتۇرۇۋەتكەن بولسا، بەيلاڭلارنىڭ ئولپانلىرىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئۇ ھالدا پۈتكۈل قوۋملار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئەدەپكە قايتىپ تاۋاپقا كېلەتتى. لياۋدۇڭدا نۇسرەت قازىنالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جياڭدۇ㉔نىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايتتى ـ دە!

(ئەسلىي كىتاب، 1842 — 1862 ـ بەتلەر)

---

① ياساۋۇل تەپتىش بېگى (侍御史) — ئەمەل نامى. چىن سۇلالىسىدىن تارتىپ تەسىس قىلىنغان. خەن سۇلالىسىدە ياساۋۇل تەپتىش بېگى باش تەپتىش بېگىنىڭ قولىدا تەپتىش ۋەزىپىسىنى ياكى سىرتقا بېرىپ پادىشاھ بەلگىلىگەن نامەلۇم ۋەزىپىنى ئادا قىلاتتى. جىن سۇلالىسىدىن كېيىن ياساۋۇل تەپتىش بېگىدىن باشقا يەنە ھۆدەيچى ياساۋۇل تەپتىش بېگى، ئوردا ئىشلىرى ياساۋۇل تەپتىش بېگى تەسىس قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى ھۆدەيچى تەپتىش بېگىنى ياردەمچى تەپتىش بېگى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ياساۋۇل تەپتىش بېگى، ئوردا ئىشلىرى تەپتىش بېگى ۋە مۇپەتتىش بېگىنى تەپتىش بېگى مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرى قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ شۇنداق بولغان.

(«سىيۇەن» 0205 ـ بەت)

② مۇپەتتىش مۇلازىمى ( 司隸从事 ) — ئەمەل نامى. خەن سۇلالىسىدە دەسلەپتە مۇپەتتىش چېرىكچى تەسىس قىلىنغاندا، 1000 ئەسكەر باشلاپ ئالدامچى يېرىخون ۋە چوڭ ھىيلىگەرلەرنى نازارەت قىلاتتى، كېيىن مۇپەتتىش بېگى دەپ ئاتىلىپ، ئەسكەر باشلىماي يەتتە ۋىلايەتنى بىۋاستە باشقۇردى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدە خەن سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشاش بىراق بىرەر ئايماقنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان بولدى. سۈي سۇلالىسىدە مۇپەتتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ مەسئۇلى مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى بولىدۇ. يەنى مۇپەتتىش بېگى، دافۇنىڭ ياردەمچىسى بولىدۇ.
(«سىيۇەن» 465 ـ، 1051 ـ بەتلەر)

③كەشمىر ( 罽宾 ) — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى دۆلەت نامى. ئۇ ھازىرقى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋادىسىدىكى كەشمىر شەھىرى ئەتراپىدا.
(«سىيۇەن» 2485 ـ بەت، «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 41 ـ بەت)

④كېش ( 史国 ) — قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلىتى نامى. ئۇ بۈگۈنكى سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرى سەبىز بولىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» 42 ـ بەت)

⑤ لۇكۇا ( 吕夸 ) — «سۈينامە» دە تۇيغۇنلارنىڭ سەردارى « 吕夸 » دەپ يېزىلغان بولغاچقا، شۇ بويىچە تەرجىمە قىلىندى. لېكىن «جۇنامە» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا «كۇالۇ» ( 夸吕 ) دەپ يېزىلغاندى. تۇيغۇنلاردا بۇ كىشى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاشقا باشلىغان. شۇڭا بۇ ئەھۋالنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويدۇق.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 96 ـ جىلدتىن)

⑥شۇدۇن ( 树敦 ) — شەھەر نامى. قەدىمكى تۇيغۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا.



(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 1215 ـ بەت)

⑦شۈجۇ ( 旭州 ) — قەدىمكى ئايماق نامى. تاڭ سۇلالىسىدە جىمى ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن ئەمەلدىن قالدى. خارابىسى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭ ۋىلايىتى دائىرىسىدە.
(«سىيۇەن قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 316 ـ بەت)

⑧ۋېنجۇ ( 汶州 ) — ئايماق نامى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. سۈي سۇلالىسىدە شۈجۇ ئايمىقى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ۋېنجۇ ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئورنى بۈگۈنكى سىچۇەن ئۆلكىسى ماۋشيەن ناھىيىسى دائىرىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 396 ـ بەت)

⑨كوجۇ ( 廓州 ) — ئايماق نامى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گۈيدې ناھىيىسى تەۋەسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 1093 ـ بەت)

⑩دېيجۇ ( 叠州 ) — يەر نامى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە ئايماق تەسىس قىلىنغانىدى. سۈي سۇلالىسىدە ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. تاڭ سۇلالىسىدە يەنە ئايماق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جۇنۇب قىسمىدا.
(«جۇڭگو قەدىكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 1393 ـ بەت)

⑪جياۋخې ( 浇河 ) — ۋىلايەت نامى. قەدىمكى غەربىي چياڭلار تۇرۇشلۇق يەر. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە لۇگۇاڭ مەزكۇر ۋىلايەتنى تەسىس قىلغان. كېيىن جەنۇبىي لياڭ، تۇيغۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىگىلىگەن. سۈي سۇلالىسىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى گۈيدې ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 1181 ـ بەت)

⑫لياڭ رۈي ( 梁睿 ) — تەخەللۇسى شىدې، شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە مەرتىۋىسى گۇاڭپىڭ ۋىلايىتى كىنەزى، ۋۇلۇڭ ۋىلايىتى كىنەزى بولغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋېيجۇ ئايماق بېگى، جۇڭجۇ ئايماق بېگى، ئۇلۇغ سانغۇن، جىياڭ دۆلەت ئەركانبېگى، فۇجۇ ئايماق بېگى، لياڭجۇ، ئەنجۇ ئايماقلىرىنىڭ باشبۇغى بولغان. سابىق يىجۇ ئايماق بېگى ۋاڭ چيەن توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى بولۇپ 20 تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ۋاڭ چيەننى قولغا چۈشۈرۈپ، چىڭدۇ شەھەر بازىرىدا ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن لياڭ رۈينىڭ ھەيۋىسى ئۆرلىگەن، پۈتكۈل غەربىي تەرەپتىكى يات قوۋملار سۈي ئوردىسىغا بېيئەت قىلغان.

(«سۈينامە. لياڭ رۈينىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑬ئالدى قوش خانلىقى ( 车师前王庭 ) — ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى يارغول.

«كېيىنكى خەننامە» 88 - جىلدىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن

⑭جۇرجانلار ( 蠕蠕 ) — مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى قەدىمكى مىللەت. يەنە « 柔然 »، « 芮芮 » دەپمۇ يېزىلغانىدى. «ۋېينامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

⑮لۇ بېگى ئەيگۇڭ ( 鲁哀公 ) — ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 494 - يىلىدىن 465- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. كۇڭزىنىڭ يۇرتى لۇ بەگلىكىدە (بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى چۈيفۇ ناھىيىسى) بولغاچقا، كۇڭزى ئاخىرقى ئۆمرىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. لۇ بېگى ئەيگۇڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ تۇرغانىدى.

(«سىيۇەن» 777 - بەت، «جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» 29 — 31 - بەتلەر)

⑯قىزىل تۇز ( 赤盐 ) — كالىي فېررى سىئانىد. رەڭگى قېنىق قىزىل بولۇپ، زەھەرلىك، سۇدا ئېرىيدۇ. بوياقچىلىق ئىشلىرىغا



ئىشلىتىلىدۇ.

(«سىخەي» 1708 — 1952 - بەتلەر)

⑰شۇنرۇڭلار ( 獯戎 ) — مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى قەدىمكى مىللەت نامى. ئەمەلىيەتتە بۇ خەن سۇلالىسىدىكى ھونلار، قەدىمكى تەرجىمىلىرى ئوخشاش بولمىغان.

(«سىيۇەن» 2014 - بەت «كېيىنكى خەننامە» 88 - جىلد)

⑱زەرەپشان دەرياسى ( 那密水 ) — ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئەتراپىدىكى زەرەپشان دەرياسى قەدىمكى زاماندا يەنە سوغد دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدىكى زەرەپشان دەرياسى ئەمەس.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 79 - بەت؛ «سىيۇەن» 144 - بەت).

⑲ياشارتىش ( 药杀水 ) — ھازىرقى سىر دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دەريا بولۇپ، ئارال دېڭىزىغا قويۇلىدۇ.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 79 - بەت؛ «سىخەي» 1720 - بەت)

⑳ئامۇ دەرياسى ( 乌浒水 ) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دەريا، ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا دەرياسى، ئارال دېڭىزىغا قويۇلىدۇ.

(«سىخەي» 419 - بەت)

㉑داكرات دەرياسى ( 达曷水 ) — خەنزۇچە «يېڭى تاڭنامە» دە « 达遏水 » دەپ يېزىلغانىدى. بۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پېرسىيە تىلىدىكى نام، قەدىمكى پېرسىيە تىلىدا «تىگرام» دېيىلگەنىدى. ئۇ ھازىرقى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى تىگرىس دەرياسى بولىدۇ.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 26 - بەت)

㉒سۇرىستان شەھىرى ( 苏阑城 ) سۇرىيەنىڭ ئەسلىي زېمىنى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 66 -، 68 -، 34 - بەتلەر)

⑳بەش تاغ ( 五岭 ) — قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «بەش تاغ» دەپ كۆرسەتكەن تاغلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە ئېيتقان چىن پادىشاھى ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ساقلىغان بەش تاغ: گۇاڭدۇڭ بىلەن جياڭشى چېگرىسىدىكى رايۇي تېغى، گۇيياڭدىكى چىتيەن تېغى، جيۇ جىندىكى دۇپاڭ تېغى، لىنخېدىكى مىڭجۇ تېغى، شىئەندىكى يۆيچېڭ تېغىدىن ئىبارەت.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 118 - بەت)

㉔جياڭدۇ ( 江都 ) — ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرى. سۇي پادىشاھى ياڭدى جياڭدۇنى سەييارە ئاستانە قىلىپ، ئوردا - سارايلارنى سالدۇرغان ھەم چوڭ كېمە بىلەن جياڭدۇغا بېرىش ئۈچۈن چوڭ قانال قازدۇرغان. ھاشار - سېلىق ئالاھىدە ئېغىر بولغاچقا، سۇي سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

(«سىيۇەن» 1722 - بەت)



«سۇينامە» 84 - جىلد

# شىمالىي دىلار تەزكىرىسى

## تۈركلەر

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭ ۋىلايىتىدىكى غۇزلار بولۇپ، ئۇلار «ئاشىنا» نى فامىلە قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدى (توغبات تاۋ) جۇرچى ئۇرۇقى (شىمالىي لياڭ پادىشاھى جۇرچى مونسۇن) نى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاشىنا 500 تۈتۈن ئاھالىسىنى باشلاپ جۇرجانلارغا بېقىنغان ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) دا ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئالتۇن تاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشىغاچقا، ئۇلار ئادەتتە دۇبۇلغىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان. «تۈرك» دېگەن نام مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادى دەسلەپ بالقاش كۆلىنىڭ يۇقىرىسىدا دۆلەت قۇرغان بولۇپ، كېيىن قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، قىرغىنچىلىق تاكى بىر كىچىك بالا قېپقالغانغا قەدەر داۋاملاشقان. بالا بەك كىچىك بولغاچقا، رەھىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەي، پۇت - قولى كېسىۋېتىلگەن ھەمدە بۈك - باراقسان چوڭ سازلىققا تاشلىۋېتىلگەن. بىر چىشى بۆرە دائىم دېگۈدەك بۇ جايغا گۆش چىشلەپ كېلىپ، بۇ بالىنى باققان، بالا گۆشنى يېگەنلىكى

ئۇچۇن ئامان ـ ئېسەن قالغان. كېيىن بالا بۆرە بىلەن جۇپلىشىپ، بۆرە ئىككى قات بولغان. لېكىن ھېلىقى قوشنا ئەل بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەندە، بىر بۆرىنىڭ بالىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىككىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ھالبۇكى، بۆرە خۇددى ئىلاھ يار ـ يۆلەك بولغاندەك، بىردەمدىلا بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىگە يېتىپ بېرىپ، مەلۇم بىر تاغ ئۈستىدە توختىغان. بۇ تاغ ئىدىقۇتنىڭ غەربىي ـ شىمالىدا بولۇپ، تاغ ئاستىدا چوڭ ئۆڭكۈر بولغان. بۆرە ئۆڭكۈرگە كىرىپ، تۈزلەڭلىك ۋە بۈك ـ باراقسان ئوت ـ چۆپلەرنى ئۇچراتقان. بۇ جاينىڭ دائىرىسى 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق بولغان. كېيىن بۆرە يايلاقتا ئون ئوغۇل تۇغقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ فامىلىسى «ئاشىنا» بولغان بولۇپ، ئەڭ ئىقتىدارلىق بولغاچقا، ئۆز خەلقىنىڭ يولباشچىسى بولغان. شۇڭا ئۇلار ئۆز چېدىرى ئالدىغا بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى قاداپ، ئەسلىنى ئۇنۇتمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئاشىنا شاد ئىسىملىك كىشى قەبىلىگە باشچىلىق قىلىپ ئۆڭكۈردىن چىققان ھەمدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جۇرجانلارغا بېقىنغان. چوڭ يابغۇ باشچى بولغان دەۋرگە كەلگەندە، قەبىلە ئاستا ـ ئاستا قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، ئىل قاغان قوشۇن باشلاپ تېلىلارغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە تېلىلارنى قاتتىق مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىسىنى تەسلىم قىلىپ ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئارقىدىنلا ئىل قاغان جۇرجانلاردىن قىز تەلەپ قىلغان. جۇرجان خانى ئاناغۇي قاتتىق دەرغەزەپكە كېلىپ، مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ ئىل قاغاننى تىللىغان. ئىل قاغان ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، دەرھال زور قوشۇن بىلەن جۇرجانلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن ھەمدە ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، ئىل قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئىشىگ قاغانلىق تەختىگە



ۋارىسلىق قىلىپ، جۇرجانلارغا قارشى جەڭ قىلغان ھەمدە ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. ئىشىگ قاغان كېسەل بىلەن ئۆلگەندە، تەخت ۋارىسى بولغان ئوغلى ئىشبارانى قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزماي ئۆز ئىنىسى ئېردۇشنى ئولتۇرغۇزغان. ئېردۇش ئۆزىنى مۇقان قاغان دەپ ئاتىغان. مۇقان قاغان باتۇر ھەم تەدبىرلىك بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتقان. غەرب تەرەپتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغان، شەرقتە قىتانلارنى ھەيدەپ چىقارغان. دەرۋەقە، شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىنغان. ئۇ ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قارىتىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇ يەنە غەربىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، تاكى تەييۈەنگىچە يېتىپ بارغان.

ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بولسا چارۋىچىلىق قىلىش، سۇ ـ ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈش، بىر يەردە ئۇزاق تۇرماسلىق، كىگىزدىن ياسالغان چېدىرلاردا تۇرۇش، پېشى يېنىدىن ئېچىلىدىغان كىيىملەرنى كىيىش، گۆش ـ سۈت ئىستېمال قىلىش، قوپال يۇڭ ـ تېرە كىيىملەرنى كىيىش، ياشانغانلارغا ئېتىبارسىز قاراپ ياشلارنى قەدىرلەش، چاچلىرىنى تۈگۈپ يۈرۈش قاتارلىقلار ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ چوڭى يابغۇ، ئىككىنچىسى شاد تېكىن، ئۈچىنچىسى ئېلىك بەگ، تۆتىنچىسى تۇتۇنبەگ بولۇپ، بۇلاردىن تۆۋەن كىچىك ئەمەلدارلارغىچە جەمئىي 28 دەرىجە بولۇپ، بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىناتتى. قورال ـ ياراغلاردىن مۈڭگۈزلۈك ئوقيا، ئاۋازلىق يائوقى، تۆمۈر قالقان، ئۇزۇن دەستىلىك نەيزە، پىچاق، قىلىچ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئاتقا مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا تولىمۇ ماھىر ئىدى. تەبىئىتى رەھىمسىز ئىدى. يېزىقى يوق بولۇپ، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ياغاچقا ئويۇپ

خاتىرلەيتتى. ئاي تولغان چاغدا، بۇلاق ـ تالاڭچىلىق قىلاتتى. خائىنلار ۋە قاتىللارغا ئادەتتە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. شەھۋانىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى كېسىۋېتەتتى ھەمدە يەنە بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى كېسىۋېتىش جازاسى بېرىلەتتى. باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگەنلەرگە ئۆز قىزىنى زەخىملەنگۈچىگە بېرىش، قىزى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆز ئايالىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى زەخىملەنگۈچىگە بېرىش جازاسى بېرىلەتتى. باشقىلارنى ياردار قىلىپ قويغانلارغا ئات بىلەن تۆلەم تۆلەش جازاسى، ئوغرىلىق قىلغانلارغا ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئون ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىتىش جازاسىنى بېرەتتى. ئۇلاردا ئادەم ئۆلسە، جەسەتنى چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئائىلىدىكىلەر ۋە تۇغقانلار ئۆلگۈچى ئۈچۈن نۇرغۇن ئات ـ كالىلارنى سەدىقە قىلىپ ئۆلتۈرەتتى ھەمدە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرەتتى. شۇنداقلا يەنە چېدىر ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلاتتى. قان ۋە ياش يۈز ـ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ھال يەتتە قېتىم داۋاملىشىپ ئاندىن توختايتتى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن خالىس بىر كۈننى تاللاپ جەسەتنى ئات ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى، ئاندىن جەسەت كۈلىنى يىغىپ كۆمۈپ قوياتتى. ياغاچتىن قەبرە تىكلەپ، قەبرە ئىچىگە ئۆي ياسايتتى ھەمدە ئۆي ئىچىگە ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى باشتىن كەچۈرگەن جەڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سىزىپ قوياتتى. ئادەتتە بىرەر كىشىنى جەڭدە ئۆلتۈرگەن بولسا، قەبرىسىگە بىر پارچە تاش تىكلەپ قويۇلاتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە تىكلەنگەن تاشلارنىڭ سانى نەچچە يۈز پارچىگە يېتەتتى. نىكاھ ئىشلىرىدا بولسا، ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆزىنى تۇغمىغان باشقا ئانىلىرىنى، ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى يەڭگىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتەك ئادەت بار ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ



ئوتتۇرىلىرى، نۇرغۇنلىغان قوي ـ ئاتلارنى سويۇپ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى. ئەرلەر ئوشۇق (بىر خىل شىشخال تاشلاپ ئۇتۇش ـ ئۇتتۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان قىمار تۈسىدىكى ئويۇن) ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئاياللار پۇت توپ تېپىشەتتى. قىمىزنى تا مەست بولغۇچە ئىچىشىپ، ئۆزئارا شوخ ـ شوخ ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. جىن ـ شەيتان ۋە ئىلاھقا چوقۇنۇپ، سېھىرگەرلىككە ئىشىنەتتى. جەڭ قىلىپ ئۆلۈشنى شەرەپ، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشنى نومۇس دەپ ھېسابلايتتى. دېمەك، ئۆرپ ـ ئادىتى تارىختىكى ھونلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى.

مۇقان قاغان 20 يىل قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ۋاپات بولغان. تەخت ۋارىسى بولغان تالاپقا قاغانلىق تەختىنى بەرگەن. مانا تاربارس قاغان دېگەن شۇ. قاغان تاربارس ئىشبارانى نىۋار قاغان قىلىپ، تۈركلەرنىڭ شەرقىي قىسمىنى باشقۇرۇشقا قويغان. ئۇ يەنە ئۆز ئىنىسى روتان قاغاننىڭ ئوغلىنى بۆرە قاغان قىلىپ، غەرب تەرەپتە تۇرۇشقا قويغان. ئەينى ۋاقىتتا، تاربارس قاغاننىڭ لەشكەرلىرى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇنىڭدىن ئېغىر دەرىجىدە خەۋپسىرىگەن. شىمالىي جۇ، شىمالىي چى سۇلالىلىرى بەس ـ بەستە ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىق ـ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل مال ـ دۇنياسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. تاربارس قاغان بۇنىڭدىن تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ قول ئاستىدىكىلەرگە دائىم دېگۈدەك: «جەنۇبىي تەرىپىمدە ئۇزاق مۇددەت ساداقەتمەن بولغان ئىككى ئوغلۇم بار. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، نامراتلىقتىن ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى!» دېگەن. شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىن خۇيلىن ئىسىملىك بىر راھىب تۈركلەر رايونىغا بۇلاپ ئەكىلىنگەندىن كېيىن، ئۇ قاغان تاربارسقا: «شىمالىي چى خانلىقىنىڭ باياشات بولۇشىدىكى

سەۋەب بۇددا دىنىنىڭ بولغانلىقىدا» دېگەن. يەنە سەۋەب – نەتىجە، قىسمەت – ئاقىۋەت مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن تاربارس قاغانغا نەسىھەت قىلغان. قاغان تاربارس بۇ نەسىھەتنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا ئىشەنگەن ھەمدە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرۇپ، شىمالىي چى دۆلىتىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچى «پاكنامە»، «نىرۋانا»، «بۇددا ۋاتام ساكا ماخاۋايپۇلياسۇترا» قاتارلىق بۇددا نوملىرى ۋە «ئۇن ئاغىلىق نوم»① نى ئېلىپ قايتقان. تاربارس قاغان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرز تۇتۇپ، بۇددا مۇنارىنى ئايلىنىدىغان بولغان ھەمدە ئىچكىرىدە تۇغۇلمىغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تەختىنىڭ 10 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن. ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۇ ئوغلى يانلۇغقا: «ئاڭلىشىمچە، يېقىنلىقتا ئاتا بىلەن بالىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئارتۇق يېقىنلىق يوق. ئاكام ئوغلىنى يېقىن كۆرمەي، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ماڭا تاپشۇرغان. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، سەن تالاچتىن ھەزەر ئەيلىگىن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. قاغان تاربارس ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردىدىكى كىشىلەر تالاچنى خانلىق تەختىگە چىقارماقچى بولغان. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئورنى تۆۋەن بولغاچقا، كۆپچىلىك ئانچە قايىل بولۇپ كەتمەيتتى. يانلۇغنىڭ ئانىسى بولسا يۇقىرى تەبىقىدىن بولۇپ، تۈركلەر ئادەتتە ئۇنى ناھايىتى ئۇلۇغلىغان. ئىشبارا ئاخىر يېتىپ كېلىپ ئوردا ئەھلىگە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر يانلۇغ قاغانلىق تەختىگە چىقىرىلسا، مەن ئاكا - ئىنىلىرىمنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، مۇبادا تالاچ قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلسا، مەن چوقۇم ئۆز زېمىنىمنى چىڭ قوغداپ قىلىچ - قالقانلار بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىمەن». ئىشبارانىڭ يېشى ئەڭ چوڭ ھەم باتۇر بولغاچقا، پۈتۈن دۆلەت خەلقى ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى رەت قىلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئاخىرى يانلۇغ



قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. تالاچقا قاغانلىق تەختى نېسىپ بولمىغان. لېكىن تالاچ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، يانلۇغقا قايىل بولمىغان ھەمدە دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ھاقارەتلىگەن. يانلۇغ ۋەزىيەتنى كونترول قىلالماي، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىشباراغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوردا ئەھلى ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ: «تۆت قاغانىنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە، پەقەت ئىشبارالا ئەڭ تالانتلىق» دېيىشكەن ھەمدە ئۇنى ھىمايە قىلىشىپ قاغانلىق تەختىگە چىقارغان. مەزكۇر قاغان ئېل كۆلۈگ شاد باغا ئىشبارا قاغان. يەنە ئىشبارا قاغان دەپمۇ ئاتالغان. پايتەخت ئۆتۈكەن تېغى② دا بولغان. يانلۇغ تۇغلا دەرياسى بويىدا تۇرۇپ، ئىككىنچى قاغان دەپ ئاتالغان. تالاچ ئىشبارادىن «قاغان» لىقنى ھەدىيە قىلىشنى ئۆتۈنگەن ھەمدە ئىشبارا قاغانغا: «مەن بىلەن سەن ئوخشاشلا قاغانىنىڭ پەرزەنتلىرى، ھەرقايسىمىز ئاتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇق، ھازىر سىنىڭ ئورنۇڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولدى، پەقەت مېنىڭلا ئورنۇم يوق، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن! » دېگەن. ئىشبارا قاغان ئۇنىڭ بويسۇنماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئاپار قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنى ئىلگىرى ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان قەبىلىلەرنى باشقۇرۇشقا قويغان.

ئىشبارا جاسارەتلىك قاغان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، شىمالدىكى قوۋملار ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان. سۈي ۋېندى پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان. شۇڭا شىمالدىكى قوۋملار بۇنىڭغا نىسبەتەن نارازى بولغان. يىڭجۇ ئايماق بېگى گاۋباۋنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ۋاقتىدا، ئىشبارا ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىل قىلىپ، لىنيۇ قورغىنىنى بېسىۋالغان. پادىشاھ چېگرا رايونلىرىدا قەلئە - قورغانلارنى ياساش، سەددىچىن سېپىلىنى كېڭەيتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ،

تۈركلەردىن مۇداپىئەلەنگەن ھەمدە ئاساسلىق سانغۇنلارنى يۇجۇ، بىڭجۇ ئايماقلىرىنى قوغداشقا ئەۋەتكەن. ئىشبارا قاغاننىڭ يۇۋېن فامىلىلىك خوتۇنى شىمالىي جۇ پادىشاھىنىڭ قىزى بولۇپ، «چيەنجىن مەلىكە» نامى بىلەن ئاتالغانىدى. ئۇ ئۆز جەمەتىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، ھەر دائىم سۈي پادىشاھى ۋېندىدىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلىغان ھەمدە مۇشۇ مەقسەتتە ئۇنى كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئىشباراغا دادلىغان. بۇنىڭ بىلەن، ئىشبارا بارلىق قوشۇنلىرىنى يىغىپ سۈي سۇلالىسى زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 400 مىڭغا يەتكەن. سۈي پادىشاھى ۋېندى چوڭ ئەركان سانغۇن فېڭ يۇنى يىفۇپودا، لەنجۇ باشبۇغى چىلى چاڭچانى لىنتاۋدا، ئالىي دۆلەت ئەركانى لى چۇڭنى يۇجۇدا، داشى چاڭرۇنى جۇپەندە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر ھەممىسى تۈرك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر بۆلۈنۈپ مۇشىيا، شىمېن ئىككى يولدىن ھۇجۇم باشلىغان ھەمدە ۋۇۋېي، تيەنشۈي، ئەندىڭ، جىنچېڭ، شاڭجۇن، خۇڭخۇا، يەنئەن قاتارلىق جايلارغا باستۇرۇپ كېلىپ، بۇ جايلاردىكى ھەرخىل چارۋىلارنى بۇلاپ ئېپكەتكەن. سۈي پادىشاھى ۋېندى قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ، دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

«ئىلگىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئەدەپ - ئەخلاقتا بۇزۇلغانىدى. شۇ ۋەجىدىن بالايىئاپەت ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى، شىمالىي چى پادىشاھلىقى ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بۆلۈشىۋالدى. تۈركلەر كۆپ ھاللاردا بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى شەرق تەرەپتىن ئەنسىرەپ، چى دۆلىتى بىلەن تۈركلەرنىڭ يېقىن



بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. شىمالىي چى پادىشاھلىقى غەرب تەرەپتىن ئېھتىيات قىلىپ، شىمالىي جۇ دۆلىتى بىلەن تۈركلەرنىڭ يېقىنلىشىشىدىن قورقتى. تۈركلەرنىڭ بۇ دۆلەتلەرگە ئېتىبار بېرىش - بەرمەسلىكى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تىنچ - تىنچسىزلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ ئىككى دۆلەت ئۆز ئالدىدا چوڭ دۈشمەنىنىڭ تۇرغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، نۇقۇل ھالدا مۇداپىئەنى يېنىكلىتىشنى ئويلاشتى ھەمدە ئۆز خەلقىنىڭ بارلىق كۈچىنى تۈركلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا سەرپ قىلدى. دۆلەتنىڭ توپلىغان بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى قۇملۇققا چېچىۋېتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى دەرمانىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. تۈركلەر يەنە چېگرا رايونلارنى بۇلاپ - تالاپ، ئەمەلدار ۋە خەلقنى قىرغىن قىلدى. بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىگەن يىل - ئايلار يوق، ئېغىر بالايىئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى پەقەت ھازىرقىسىلا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن جاھاننى خاتىرجەم قىلىپ قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ زور مېھنىتى ئارقىسىدا ئىلگىرىكى ئىللەتلەرنى تۈگەتتىم. ئاۋام خەلقنى شۇلۇش ئارقىلىق، ياۋۇزلارغا پايدا يەتكۈزگەن بىلەن، ئۇلار بۇنىڭدىن ھېچبىر قانائەت ھاسىل قىلمىسا، تېخىمۇ ياۋۇز نىيەتلىك بولۇپ كەتسە، بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولۇپ، پادىشاھلارنىڭ تۇتىدىغان يولى ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنى ئەدەپ - قائىدە بىلەن تىزگىنلەپ، خەجلەشكە تېگىشلىك بولمىغان پۇلنى خەجلىمەي، ھاشار ۋە باج - سېلىقلارنى يېنىكلىتىپ، دۆلەت مالىيىسىدە ئېشىندى كۆپەيتىش كېرەك. بۇلاڭچىلارغا بېرىلىدىغان مال - مۈلۈكنى سەركەردە - لەشكەرلەرگە ئىنئام قىلىپ، يول ئۈستىدىكى نەقلىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان

خەلقنى مەخسۇس تېرىقچىلىق بىلەن توقۇمىچىلىقا سېلىپ، چېگرا رايوندىكى ئاپەتلەرنى تازىلاپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ھازىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ پىلانى پىشىپ يېتىلدى. دۈشمەن بىخۇدلىشىپ، ئىشنىڭ يولىنى چۈشەنمەي، خاتىرجەم يۈرگەن كۆڭلەرنى يىغىلىق دەۋرىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئۆكتەملىكى بىلەن ھازىرقى ئاداۋەتنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. يېقىندا، ئۇلار بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، شىمالىي چېگرىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. مەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوشۇن ئەۋەتىپ، دۈشمەننى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى توسۇپ بىراقلا يوقىتىشقا بۇيرۇق بەرگەنىدىم. لېكىن ئۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ئاساسىي كۈچ قوشۇندىن بولمىغاچقا، دۈشمەنگە يولۇققاندىن كېيىن ئاندىن دۈشمەنگە ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئاساسىي قوشۇن جەنۇبتىن شىمالغا كېلىپ بولالمايلا، دۈشمەن تېزلىك بىلەن شىمالغا قېچىپ كەتكەن. ئۇرۇشتا يىراقتىن كۆپرەكى ئۆلۈپ ۋە يارىدار بولۇپ قايتىپ كېتەلمىگەن. ۋاھالەنكى، ئۇلاردىكى يولباشچىلار بەش كىشى بولۇپ، ئاكا - ئىنىلەر يولباشچىلىق ھوقۇقىنى دائىم تالىشىپ تۇرىدۇ. ئاتا - بالا، ئاغا - ئىنىلار بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدۇ. قارىماققا ئۇلار ناھايىتى ئىناق - ئىتتىپاقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسمىدا ئۆز ئارا پۇت تېپىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئەزەلدىن ۋەھشىي، ئۇرۇق قانۇنى تولىمۇ شەپقەتسىز. شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۇلارغا ئادەۋەت ساقلايدۇ. غەرب تەرەپتىكى يات - قوۋملار يولباشچىلىرىنىڭمۇ بۇرۇندىن قېپقالغان ئۆچ - ئاداۋىتى بار. تۈركلەرنىڭ شىمالىدىكى قىتانلار ھەر ۋاقىت چىشىنى بىلەپ، قىساس ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتىدۇ. تاردۇش قاغان



جيۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلىۋىدى، ئارقىسىدىن ئۇدۇن، پېرسىيە، ئېفتالىت ئۈچ ئەل بىرلا ۋاقىتتا يۈز ئۆرۈدى. ئىشبارا قاغان يېقىندا جۇپەنگە بېسىپ كىرسە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بوگۇ، شوخرولار ئارقىدىنلا ئىسيان كۆتۈردى. ئۆتكەنكى يىللاردا، لىجىچا كورىيە ۋە موغاللار تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى. سىبىۇق شاد خېسى قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قوشنا ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى قورشاپ يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان قوۋم - ئۇرۇقتىكى خەلقلەر بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىمۇ ھەرخىل ئۆچ - ئاداۋەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قان - ياش، قەلبلىرى قايغۇ - نەپرەتكە تولدى. ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئىنسانلار. شۇ ۋەجىدىن مەن بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىمەن.

ئۇ جايدىكى بالا - قازانىڭ ئالامىتى ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، ۋاقتى تەخمىنەن 12 يىلغا يەتتى. يەنى ياۋايى ھايۋان ئادەمدەك سۆزلىدى. ئادەم ئىلاھتەك سۆزلەپ، بۇ دۆلەتنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ھەش - پەش دېگۈچە، سۆزلەپ بولۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى. ھەر يىلى قىش پەسلىدە چاقماق چېقىپ، يەر بىلەن ئۈچراشقاندىن كېيىن ئېغىر ئوت ئاپىتىنى پەيدا قىلدى. ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ تۇرمۇشى پەقەت سۇ ۋە ئوت - چۆپلەرگىلا تايىناتتى. بۇلتۇر تۆت پەسىلدە قار - يامغۇر ياغمىدى، دەريا - ئېقىنلار قۇرۇپ، ئېغىر چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر كۆيۈپ تۈگىدى. قەھەتچىلىك ۋە ۋابا كېسىلى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ يېرىمىنى نابۇت قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرىدىغان جايلىرى قاقاسلىقا ئايلىنىپ، تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە ئامال

بولمىدى ھەمدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. بۇ ئېھتىمال ئەرشىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىدىن، ئۇلارنى پىچاق - پالتىلارنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلماققا ھەيدىۋەتكەنلىك بولسا كېرەك. باقىي دۇنيا بىلەن پانىي دۇنيا ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. مانا ھازىر دەل ۋاقتى بولۇپ قالدى. شۇڭا سانغۇنلارنى تاللاپ، قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدۇق. ئاشلىق ۋە قورال - ياراقلارنى ھازىرلاپ، ئادالەت ئۈچۈن ئاتلىنىشقا باشلىدۇق. تەمبەل ئەرلەر غەيرەتكە تولۇپ، ئاتامان خانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھەمدە تەگرىقۇتنى قاتتىق قامچىلاشنى ئارزۇ قىلماقتا. ئۇلار خۇددى بۆلۈتلاردەك يىغىلىپ، سانغۇسىز دەرىجىدە جەم بولماقتا. غەربتە قۇملۇقتىن، شەرقتە كۆك دېڭىزغىچە غالىب قوشۇنلار تۇرغۇزۇلدى؛ 10 مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى زېمىنىمىزدا مۇداپىئە قىلىدىغان ئەل - خەلق ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ پۈتۈن شىمالىي دالادا ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپ، يىراق جايلارغا سۈرۈپ - توقاي قىلىۋەتكۈسى. بۇ دەل ۋاڭ خۇينىڭ ئېيتقىنىدەك، ئوقيا بىلەن يىرىك قېپىغا ئاتقانغا ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەرقانداق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى، ھەر قانداق يىراق ئەلنى ئىتائەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

يىراق ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ ئاياغ ئىزى شىمالدا يۇجۇ ئايمىقىغىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، يىراق چۆللۈكتە ھارۋا ئوقىنىڭ كەڭلىكىنى بىرخىل قىلىش، يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويمىغان. ئۇ جايدا ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان، ئۇ رايوندىكى خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان، يىراق دېڭىزغا يېتىپ بېرىشنى پىلانلاش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى جاپا تارتقۇزمىغان.



ھەرقايسى سەركەردىلەر مۇشۇ دەقىقىدە يۈرۈشنى باشلاپ، تەربىيىلەش ۋە ئاسراپ قېلىش سىياسىتىنى نىشان قىلغان ھالدا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئوخشىمىغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇرۇن تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىغان خەلقلەرنى ئەركىنلىك ئۈچۈن قويۇۋېتىپ، بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قويۇش كېرەك. شۇڭا چېگرىلارنى كەڭ ئېچىپ، قورۇللارنى رەتكە سېلىش ھەم مۇستەھكەملەش زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تۈركلەرنى جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇرمىغىلى، ئۇلارنى مەڭگۈ ئەمىر - پەرمانىمىزغا ئىتائەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. جەڭ دۇمبىقىنى قويۇپ، ئۇرۇش ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش، ۋاقىتلىق جاپا چېكىش، كەلگۈسىدىكى ئەمىنلىك تۇرمۇش ئۈچۈندۇر. يات مىللەتلەرنى تىزگىنلەش، دەل مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئەمەسمىدى! خاس مۇلازىمىنىڭ خان ھوزۇرىغا كېلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى! مىڭ جاپالار بىلەن چاڭئەنگە كېلىپ كۆرۈنۈش قىلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى! پۈتۈن ئالەم مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى بىلسۇن دەپ يۇقىرىقىلارنى جاكارلايمەن.»

شۇنىڭ بىلەن خې جيەن ۋاڭى ياڭ خوڭ، ئالىي دۆلەت ئەركانى دولۇجى، دورۇڭدىڭ؛ سول قول ياندىش بەگ گاۋيىڭ، ئوڭ قول ياندىش بەگ يۈچېڭزي ئەمىرلەشكەر بولۇپ، قورۇلدىن چىقىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئىشبارا قاغان ئاپار ۋە تەڭرى ئىككى قاغاننى باشلاپ جەڭگە ئاتلانغان. لېكىن ھەممىيلەن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركلەردە ئاچارچىلىق بولۇپ، يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىشى ناھايىتى تەسكە

توختىغان. ھەتتا ئۇلاردا سۆڭەكنى ئۇۋاپ، ئاشلىق ئورنىدا ئىشلىتىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئاپەت ـ قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، چۈما كېسىلى تارقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئىشبارا ئاپار قاغاننىڭ جەسۇرلىقىغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاپار قاغان پۈت قويغۇدەك يەر تاپالماي، غەربتىكى تاردۇش قاغاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەلگەن. تاردۇش قاغاننىڭ ئىسمى «دەنجۆ» بولۇپ، ئەسلىدە ئىشبارا قاغاننىڭ كىچىك دادىسى ئىدى. بۇ قاغان بۇرۇن غەرب تەرەپنىڭ قاغانى بولغان بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن قاتتىق دەرغەزەپكە كەلگەن ھەمدە ئاپار قاغان باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى شەرققە يولغا سالغان. ئاپار قاغاننىڭ قېچىپ ئالغان قەبىلىلىرىدىن تەخمىنەن 100 مىڭ ئەتراپىدا چەۋەنداز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ زور قوشۇن ئىشبارا بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلغان. تەڭرى قاغانغا كەلسەك، ئادەتتە ئۇنىڭ ئاپار قاغان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان. ئىشبارا قاغان، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خەلقلەرنى تارتىۋالغان ھەمدە ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، تەڭرى قاغان تاردۇش قاغاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەلگەن. ئىشبارانىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى دىچېنچ باشقا بىر قەبىلىنىڭ يولباشچىسى بولغان بولۇپ، ئىشبارا بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان ھەمدە ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ ئاپار قاغانغا ئەل بولغان. تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقان ئۇرۇشلار توختىماي، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ياردەم بېرىش ھەم ياراشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشقان. لېكىن پادىشاھ سۈي ۋېندى بۇنى رەت قىلغان.

دەل مۇشۇ چاغدا، چېەنجىن مەلىكە سۈي پادىشاھى ۋېندىغا



مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇنىڭ تۈركلەرگە بىر ئوغلى ھېسابىدا مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆتۈنگەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سۈي ۋېندى مەھكىمىدار شۇپىڭخېنى ئىشبارانىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. جەن ۋاڭى ياڭ گۇاڭ بىڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئۇ پادىشاھتىن ئىشبارانىڭ مالىمانچىلىقتا ئۇچرىغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنى رەت قىلغان. ئىشبارا قاغان ئەلچى ئارقىلىق سۈي ۋېندىگە مۇنداق مەزمۇندىكى مەكتۇپ يوللىغان: «ئەجدىھا يىلى (كەيخۇاڭ 4 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 584 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، تەڭرىدىن بولمىش ئۇلۇغ تۈركلەرنىڭ دانا قاغانى ئىل كۆلۈگ شادباغا ئىشبارا قاغاننىڭ بۈيۈك سۈي پادىشاھىغا يازغان مەكتۇبى: ئەۋەتىلگەن ئەلچى — مەھكىمىدار سۇپىڭخې يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىزا ـ ئاھانەتلىك سۆزىنى ھەممىمىز ئاڭلاشتۇق، پادىشاھ بولسا خوتۇنۇمنىڭ ئاتىسى، يەنى پېقىرنىڭ قېيناتىسى. بۇ يەردە مەن خوتۇنۇمنىڭ مۇرەببەسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئوغلى بولۇپ ھېسابلىنىمەن. گەرچە ئىككى ئەل ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن مېھىر ـ مۇھەببىتىمىز ئوخشاش. ھازىر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق رىشتىمىز باغلاندى. بۇ تاكى ئۆز پۇشتلىرىمىزغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆزگەرمەيدۇ. تەڭرى گۇۋاھكى، بۇنىڭغا ھېچكىم خىلاپلىق قىلمايدۇ. دۆلىتىمىزدىكى بارلىق قوي ـ ئاتلار مۆھتەرەم پادىشاھنىڭ بېقىشى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن چارۋا ـ ماللىرى. مەملىكىتىڭىزدىكى بارلىق يىپەكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جاينىڭ مۈلكىدۇر. بۇ يەردە يەنە قانداق ئوخشىماسلىق بار؟». سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭغا جاۋابەن خەت يېزىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ سۈي دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بۈيۈك قاغان ئىل كۆلۈگ شاد باغا ئىشباراغا يازغان مەكتۇبى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياخشى نىيىتىڭىزنىڭ بۇ

تەرەپكە تەلپۈنگەنلىكىنى بىلدىم. گەرچە مەن سىزنىڭ قېيىناتىڭىز بولساممۇ، لېكىن هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئارىمىزدا هېچقانداق ئوخشىماسلىق يوق ئىكەن. تۇغقانچىلىق رىشتىمىز چوڭقۇر ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئەلچى ئەۋەتىشتىن سىرت، هازىر يەنە ۋەزىر يۇچىڭزېنى قىزىم ئىككىڭلارنى يوقلاپ كېلىشكە ئالاھىدە ئەۋەتتىم». ئىشبارا بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى دەرھال تەرتىپكە سالغان ھەمدە قىممەتلىك سوۋغىلىرىنى تەقلەپ، يۇچىڭزېنى ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆرە تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يۇچىڭزېغا: «بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ باشقىلارغا تىزلىنىپ باقمىغان» دېگەن. يۇچىڭزې ئۇنى ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا ئورۇنلۇق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان. چيەنجىن مەلىكە خۇپىيانە هالدا يۇچىڭزېگە مۇنداق دېگەن: «ئىشبارا قاغان بۆرە تەبىئەتلىك كىشى. ئۇنىڭ بىلەن بەكرەك تالاشقان بولسىڭىز، كىشىنى چىشلىمەي قويمايدۇ». جاڭسۈن شىڭ بۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەق سۆزلەر بىلەن ئىشباراغا نەسىھەت قىلغان. دەرۋەقە، ئىشبارا قاغان تىلى تۇتۇلغانلىقىدىن تىزلىنىپ تۇرۇپ پادىشاھنىڭ مەكتۇپىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن. بۇ ئىش ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان. قول ئاستىدىكىلىرىمۇ ئىزا ـ ئاھانەتتىن قاتتىق يىغا ـ زار قىلغان. يۇچىڭزې يەنە ئىشباراغا ئوردىغا ئۆزىنى «پېقىر» دەپ ئاتاشنى ئۆگەتكەندە، ئىشبارا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن «پېقىر دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغان. ئۇلار جاۋابەن: «سۇي دۆلىتىدىكى پېقىر دېگەن سۆز بۇ يەردىكى قۇلغا ئوخشاش» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئىشبارا: «بۈيۈك سۇي پادىشاھىنىڭ قۇلى بولالىشىم، يانداش بەگ يۇچىڭزېنىڭ تۆھپىسىدىندۇر» دەپ



مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە يۇچىڭزېغا 1000 تۇياق ئات ئىنئام قىلىپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسىنىمۇ ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن.

ئەينى چاغدا، ئىشبارا قاغان تاردۇش قاغان تەرىپىدىن ناھايىتى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقتىكى قىتانلارمۇ ئىشباراغا قاتتىق قورقۇنچ سالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى، يەنى قەبىلىلىرىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ، بەيداۋچۈەن ۋادىسىغا ③ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. سۇي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، جىن بېگى ياڭ گۇاڭنى قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك، هارۋا، داقا ـ دۇمباقلارنى ياردەم قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىشبارا قاغان غەربتىكى ئاپار قاغانغا زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. ھالبۇكى، ئاپار قاغاننىڭ قەبىلىلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بۇلاپ كەتتى. سۇي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىمۇ ئاپار قاغاننىڭ قوشۇنىنى قاتتىق تارمار قىلىپ، قولغا چۈشكەن ئولجىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشباراغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئىشبارا خۇرسەن بولۇپ، دەرھاللا شەرتنامە ئىمزالىدى ھەمدە چۆللۈكنى پاسىل قىلدى. دەرھەقىقەت، ئۇ سۇي سۇلالىسى ئوردىسىغا مۇنداق مەكتۇپ سۇندى:

«بۈيۈك تۈرك ئېل كۆلۈگ شاد باغا قاغان، يەنى پېقىر ساتۇقتىن مەكتۇپ: باش ئەلچى دىۋان بېگى، ئوڭ قول يانداش بەگ يۇچىڭزې ھۇزۇرۇمغا يېتىپ كەلدى. پېقىر پادىشاھنىڭ مەكتۇپىنى باش ئېگىپ قوبۇل قىلدىم ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى نىيىتى، چوڭقۇر شەپقىتى ۋە سەممىيىتىنى بارغانسېرى كۆرۈپ يېتىپ، بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. پەقەت بۈيۈك سۇي پادىشاھى مەۋجۇت بولسىلا، جاھاننى

ئىدارە قىلىش تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. كۆك ئاسمان بىلەن قاپلانغان پۈتۈن ئىقلىمدا، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار چاقناپ يورۇپ تۇرغان بىپايان زېمىندا بارىمتايلىققا ئەۋەتىلمىگىنى، سۇي ھۇزۇرىغا بەيئەت قىلمىغىنى يوق. پادىشاھ ھەقىقەتەنمۇ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ زاتتۇر. تارىخقا نەزەر سالساق، بۇنداق دەۋر ھەققىدە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

تۈركلەر تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن 50 نەچچە يىلدىن ئارتۇق چۆللۈكنى قوغداپ، ۋاسسال ئېلىنىڭ بىر بۆلۈكىدا قاغان بولۇپ تۇردى. زېمىنى 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئاشتى، لەشكەر ۋە ئات - ئۇلاغلىرى 100 مىليوندىن ھالقىپ، دائىم دېگۈدەك باشقا مىللەتلەرنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالدى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۆز ئارا قارشىلاشتى. شىمالدىكى قوۋملار ئىچىدە، ھېچقايسىسى ئۇلاردەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. يېقىندىن بېرى، كىلىمات ئىللىق ھەم سالقىن بولدى. ۋەزىيەتمۇ نورمال كېتىپ بارىدۇ. بۇ ئوتتۇرا تۈلەڭلىكتە بۈيۈك زاتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، ھازىر ئەخلاق - پەزىلەت، قائىدە - پىرىنسىپلار قوبۇل قىلىندى. مېھرىبانلىقنىڭ تەسىرى ھەمدە قائىدە - يوسۇنلارمۇ خېلى چوڭقۇر سىڭدى. ئوردىدىن تاكى ھەر قايسى جايلارغىچە ھەممىسى مانا مۇشۇنداق. مەن ئاسماندا ئىككى قۇياش، يەردە ئىككى خوجايىن بولۇشقا بولمايدۇ دەپ قارىدىم. پەقەت بۈيۈك سۇي پادىشاھىلا ھەقىقىي پادىشاھتۇر. توسالغۇنى باھانە قىلىپ، قانداقمۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ توسۇشقا جۈرئەت قىلاي! قانداقمۇ ئۆز نامىمنى تىكلەشكە ئۇرۇناي! ھازىر ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن سەمىمىي ھەم ئاددىي - ساددا يوسۇنلارنى قوبۇل قىلىمىز، تەرىقەت يولىغا ۋە ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىگە قايىل بولىمىز، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەل بولۇشىمىز ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى



قوغدايدىغان مەڭگۈلۈك بېقىندى دۆلەت بولىمىز. گەرچە جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ئوردىغا ئەل بولۇشتا مۇساپە يىراق بولسىمۇ، لېكىن شىمالدىكى بېقىندى ئەلنىڭ يوسۇنىنى بىكار قىلىشقا پېتىنالمايمىز. شۇڭا ئوغلۇمنى ئوردىغا خاس مۇلازىملىققا ④ ئەۋەتىمەن، ھەر يىلى تۆلپارلاردىن تەقدىم قىلىپ تۇرىمەن، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن، رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق بىلەن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرىمەن. يەنە كېلىپ ئالدى پېشىنى سول يېڭىدىن ئېچىش، چېچىنى تۈگۈۋېلىش ئادەتلىرىگە كەلسەك، شۇنىڭدەك كۆي - ئاھاڭلارغا كەلسەك، بۇ ئۆرپ - ئادەت بەكمۇ ئۇزاق سۈرۈلۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزگەرتمەك مۇمكىن بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، پۈتۈن دۆلەتنى بىر نىيەتكە كەلتۈرۈپ، ھەممىنى قوبۇل قىلدۇرىمەن. مۇشۇ تۈرقى خوشاللىقىم يۇقىرى چەككە يەتتى. بۇ يەردە مەن يەتتىنچى ئوغلۇم ۋەزىر قوغاجىن قاتارلىقلارنى مەكتۇپ ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتىم، ۋاقىپ بولغايسىز».

سۇي پادىشاھى ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «ئىشبارا قاغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولدى، دەيدۇ. ھەرقايسى قوۋملار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكىمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. گەرچە ئىلگىرى ئۇلار بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ئىككى دۆلەت بولۇپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن ھازىر ئىككى ئەل ئۆز ئارا پادىشاھ - ۋەزىرلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بىر ئائىلە بولۇشتۇق. مۇھەببەت رىشتىمىز چوڭقۇر. شۇڭا مەن ئۇنى ئالاھىدە تارتۇقلايمەن. تەڭرىنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىش، چەت ئەللەردە ئوخشاشمايدۇ. ئەجەبا مېنىڭ ئاز - تولا ئەخلاق - پەزىلىتىم مۇشۇ دەرىجىگە يېتەمدۇ؟ ئالاقىدار مەھكىمىلەرنىڭ تەڭرى ئىبادەتخانىسىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دوكلات قىلىشنى ئالدىبۇرۇن بۇيرۇدۇم. پۈتكۈل جاھانغا جاكارلاش ھەمدە ئۇلارنى

بۇلاردىن خەۋەردار قىلىش زۆرۈر» دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پادىشاھ يارلىق چۈشۈرگەندە ياكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەندە، ئىشبارانىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماي، ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ خاتۇنى چيەنجىن مەلىكىگە «ياڭ» فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىپ، ئۇنى ياڭ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىگە كىرگۈزدى ھەمدە ئۇنىڭغا يەنە «ئادالەتپەرۋەر مەلىكە» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى. قوغاجىننى دۆلەت ئەركانى قىلىپ تەيىنلەپ، «ئەنگو كىنەزى» دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوردىنىڭ ئىچكىرى سارىيىدا كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئۇنى خانىش بىلەن كۆرۈشتۈردى ھەمدە مول ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلىدى. ئىشبارا بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي تارتۇقلارنى يوللاپ تۇردى.

كەيخۇاڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 587 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، ئىشبارا ئوغلىنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق بېرىشكە ئەۋەتتى ھەمدە خېڭجۇ ۋە دەيجۇ ئايماقلىرى ئارىسىدا ئوۋ ئوۋلاشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، مەخسۇس ئادىمى ئارقىلىق ئىشباراغا ھاراق ـ شاراب ۋە ئۈزۈق ـ تۇلۇكلەرنى ھەدىيە قىلدى. ئىشبارا قەبىلىسىنى باشلاپ ئەدەپ بىلەن تىزلىنىپ ئىنئاملارنى قوبۇل قىلدى. ئۇ بىر كۈن ئىچىدىلا شەخسەن ئۆزى جەمئىي 18 بۇغىنى ئوۋلاپ، قۇيرۇقى ۋە تىلىنى پادىشاھقا تارتۇق قىلدى. ئۇ زېخې قورغىنىغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۆز بارگاھىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى ھەمدە بۇ ئىشنى قاتتىق ھار ئالغانلىقتىن، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپلا ۋاپات بولدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن ئوردىغا چىقماي، دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىشنى ئۈچ كۈن توختاتتى ھەمدە مۇراسىم بېگىنى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى ۋە 5000 توپ يىپەك رەختنى تارتۇق قىلدى.

دەسلەپتە ئىشبارا قاغان ئوغلى يارلۇقنىڭ مىجەز جەھەتتىكى



ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ئىنىسى يابغۇ چۇلۇقنىڭ قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. يارلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ چۇلۇقنى قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنى قاغانلىق تەختىگە چىقارماقچى بولدى. چۇلۇق: «تۈركلەردە مۇقان قاغاندىن تارتىپ، كۆپىنچە ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، توقالدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئاغىچا ئانىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇلنىڭ تەخت ۋارىسلىق ئورنىنى تارتىۋالغان. بۇنداق قىلمىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەدەپ ـ يوسۇنىنى بۇزۇپ قويدى. بۇ ھال ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش ۋە ئەيمىنىشنى بىزدىن نېرى قىلدى. شۇڭا سەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىڭ كېرەك. مەن ئەلۋەتتە ساڭا باش قويىمەن» دېدى. يارلۇق قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ چۇلۇققا: «تاغام ئاتام بىلەن ئوخشاش، يىلتىز ھامىنى بىر. مەن بولسام بىر شاخ، ئەگەر مەن ئەل بېشى بولسام، بۇ يىلتىزنىڭ شاخقا بويسۇنغانلىقى، تاغامنىڭ ئۆزىدىنمۇ تۆۋەن مەندەك بىر گۆدەككە باش قويغانلىقى بولۇپ قالمامدۇ! ئەجەبا بۇ ئاتامنىڭ پەرمانىنى يوققا چىقارغانلىق بولمامدۇ! شۇڭا مەن تاغامنىڭ ھېچقانداق شۈبھىلەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بەش ـ ئالتە قېتىم ئۆز ئارا ئۆتۈنۈشكەندىن كېيىن، ئاخىر چۇلۇق قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. مانا بۇ يابغۇ قاغان دېگەن شۇ. يارلۇق يابغۇ بولدى. چۇلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئەھۋاللارنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى، سۈي پادىشاھى ۋېندى داقا ـ دۇمباق ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى ھەدىيە قىلدى.

چۇلۇق قوۋۇزى ئۇزۇنچاق، ئازراق دۇمچەك، قوشۇمىسى كەڭ، باتۇر ۋە ئىستىبداتلىق كىشى بولۇپ، سۈي سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان داقا ـ دۇمباق، تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن ئاپار قاغانغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئاپار قاغاننىڭ قەبىلىسىدىكىلەر چۇلۇق سۈي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپتۇ دەپ قاراپ، بەس ـ بەستە ئەل بولۇشقا باشلىدى. ئاپارمۇ تىرىك قولغا

چۈشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، يابغۇ قاغان سۈي پادىشاھىغا ئاپارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەكتۇپ ئەۋەتتى. سول قول ياندىش بەگ گاۋيىڭ «قان ـ قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشى تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش، ياخشىسى ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، كەڭ قوللۇقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى. پادىشاھ سۈي ۋېندى: «بارىكاللا!» دېدى. گاۋيىڭ قەدەھنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «شۈەنيۈەن پادىشاھتىن تارتىپ، بەدەۋىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چېگرىمىزغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە تاكى بايقال كۆلىگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇشىمىزغا ئۆتتى. بۇنداق ئۇلۇغ ئىش، قەدىمدىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان. ۋەزىرىڭىز مەن يەنە بىر قېتىم تۆۋەنچىلىك بىلەن ئالىيلىرىغا ھۆرمەت شارابىنى تۇتىمەن» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چۇلۇق يەنە غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، نىشانىسىز ئېتىلغان قالايمىقان يا ئوقىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دۆلىتىدىكىلەر يارلۇقنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. بۇ دەل ئېل جاشتونا دۇلان قاغان ئىدى. ئۇ ئوردىغا تەزىم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى. ئوردا 3000 توپ يىپەك رەخت تارتۇق قىلدى. ئۇ يەنە ھەر يىلى ئەلچى ئارقىلىق ئوردىغا سوۋغاتلارنى بېرىپ تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، ئاققۇن ياڭ چىن تۈركلەر زېمىنىغا قېچىپ بارغان ۋاقىتتا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «پېڭ دۆلەت ئەركانى لىيۇ چاڭ ۋە يۈۋېن جەمەتىدىكىلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ، مەلىكە چيەنجىننى قوشۇنلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ» دېگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، دۇلان قاغان ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئوردىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ھەمدە قامغاقتىن توقۇلغان رەخت، بېلىق يېلىمى ھەدىيە قىلدى. دۇلان قاغاننىڭ ئىنىسى چىنيۇشادىنىڭ قەبىلىسى خېلى كۈچلۈك ئىدى. دۇلان قاغان بۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ، ئاخىر ئىنىسى



ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى تارمار قىلدى ھەمدە جەڭ مەيدانىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇ يىلى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئىنىسى رۇتان تېكىننى ئۇدۇننىڭ قاشتېشى ھاسىسى بىلەن تارتۇق بېرىشكە ئەۋەتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى روتان تېكىنگە ئەركانبەگ، كاڭ دۆلەت ئەركانى دېگەن ناملارنى بەردى. ئىككىنچى يىلى، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاتتىن بىر تۈمەن، قويدىن ئىككى تۈمەن، تۆگە ـ كالىلاردىن 500 تۇياقتىن ھەدىيە قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، چېگرىنى بويلاپ بازار تەسىس قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سودا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

چېن سۇلالىسى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى ۋېندى چېن شۇباۋ⑤نىڭ چىمىلدىقىنى ئادالەتپەرۋەر مەلىكىگە ئىنئام قىلدى. ئادالەتپەرۋەر مەلىكە باشتىن ـ ئاخىر خاتىرجەمسىزلىنىپ يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ چىمىلدىققا نەزمە پۈتۈپ چېن سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىش ئىشىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى ياد ئېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. نەزمىدە: «كۈچىيىش بىلەن زاۋاللىقا يۈز تۇتۇش، ئەتىگەن بىلەن كەچكە ئوخشايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش خۇددى پاقىئوتىدەك لەيلەپ تۇرىدۇ. بايلىق ۋە شانۇ شەۋكەتنى ساقلاپ قېلىش ھەقىقەتەن مۈشكۈل. كۆلچەك ۋە تۆپىلىك ھامىنى تەكشىلىككە ئۆزگىرىدۇ. شانۇ شەۋكەت، بايلىقلار ھازىر قەيەردە؟ ئىش بولمىغانلىقتىن ئۇشبۇ نەزمىنى يازدىم. ھاراق ئىچكەننىڭ كۆپىنچە لەززىتى يوق، ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىشمۇ ھېلىھەم شۇنداق. مەن ئەسلىي خان جەمەتىنىڭ قىزى بولۇپ، يات قوۋملار ئارىسىغا ياتلىق قىلىنغانىدىم. مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى كۆرگەن چېغىمدا،

قەلبىمدىكى غايەم تۇيۇقسىزلا كىشىنى روھلاندۇردۇ. قەدىمدىن تارتىپلا مانا مۇشۇنداق. مەن نام ـ ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغان ئەمەس. پەقەت مىڭجۇن كۆيى⑥ لا يىراققا ياتلىق قىلىنغان كىشىنىڭ قەلبىنى زەرداپ قىلدى» دېيىلگەنىدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قاتتىق بىزار بولۇپ ھەمدە ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدىغان نەرسىلەرنى زور دەرىجىدە ئازايتىۋەتتى. ئادالەتپەرۋەر مەلىكىمۇ غەربتىكى تۈركلەر قاغانى نىلى بىلەن بىرلىشىۋالدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى پىلانلىدى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئادالەتپەرۋەر مەلىكە ئۆزى بىلەن ھەمراھ بولغان تۈرك بىلەن غەيرىي ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقتىن، بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويدى. دەرۋەقە، سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن «ئادالەتپەرۋەر مەلىكە» نامىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە دولان قاغاننىڭ قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، چىجاڭ كىنەزى نيۇشۇەن باشچىلىقىدىكى تۆت ساھىبجامال پاھىشەنى ئەۋەتىپ خۇشامەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئىشبارانىڭ رامغان ئىسىملىك بىر ئوغلى تولشاد قاغان بولغان بولۇپ، شىمال تەرەپتە تۇراتتى. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى پېي جۈگە بۇيرۇق بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئادالەتپەرۋەر مەلىكىنى ئۆلتۈرۈۋېتەلىگەن كىشىنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە قېتىلىمەن» دېگەن گەپنى يەتكۈزدى. تولشاد قاغان بۇنى توغرا تېپىپ، قايتا ـ قايتا مەلىكىنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. دۇلان قاغان قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ، چيەنجىن مەلىكىنى چېدىردا ئۆلتۈرۈۋەتتى. دۇلان قاغان بىلەن تاردۇش قاغان ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇپ، دائىم دېگۈدەك ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ تۇراتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويدى.



نەتىجىدە ھەر ئىككىسى ئۆز ئالدىغا قوشۇن چېكىندۈرۈشتى.

كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى)، تولشاد قاغان ئەلچى ئارقىلىق قىز كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى كەلگەن ئەلچىلەرنى مۇراسىم دىۋانى مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەزىر ـ چىراغ، مېھمان كۈتۈش، ئوردا يوسۇنى، مۇسىبەت ئىشلىرى، ھەربىي يۈرۈش، ئات ـ ھارۋا ئىشلىرى قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇننى ئۆگەتتى ھەمدە پادىشاھ جەمەتىدىن ئەنيى مەلىكىنى خوتۇنلۇققا تارتۇق قىلدى. پادىشاھ سۈي ۋېندى شىمالدىكى يات قوۋملار ئارىسىنى بۇزماقچى بولۇپ، مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدىغان سوۋغاتلارنى كۆپەيتىپ، نيۇشۇەن، سۇ ۋېي، قوغۇرسۇ شاۋچىڭ قاتارلىقلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. تۈركلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، سۈي ئوردىسىغا 370 قېتىمدەك ئەلچى ئەۋەتتى. تولشاد قاغان ئەسلىدە شىمالدا تۇرىدىغان بولۇپ، ئەنيى مەلىكىگە ئۆيلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن، جەنۇبقا يۆتكىلىپ كونا دۈجىن قورغىنىغا ئورۇنلاشتى ھەمدە ناھايىتى كۆپ ئىنئاملارغا ئېرىشتى. يارلۇق بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ: «مەن بۈيۈك قاغان تۇرۇقلۇق، ئەجەبا رامغانغا يەتمەمدىكەنمەن!» دەپ ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتمەي، خاننى زىيارەت قىلىشنى توختاتتى ھەمدە كۆپ قېتىم چېگرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. كەيخۇاڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 598 ـ يىلى)، سۈي پادىشاھى ۋېندى شۇ بېگى ياڭ شيۇنى لىڭجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى) يەنە خەن ۋاڭى ياڭ لياڭنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ، سول قول يانداش بەگ گاۋيىڭ، سانغۇن ۋاڭ چانى باشلاپ، ئالىي دۆلەت ئەركانى جاۋجۇڭچىڭ بىلەن بىرلىكتە شوجۇ ئايمىقىدىن، ئوڭ قول يانداش بەگ ياڭ سۇ دۆلەت ئەركانى لى شې، خەن سېڭشۇنى باشلاپ لىڭجۇ ئايمىقىدىن،

ئالىي دۆلەت ئەركانى يەن رۇڭ يۈجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە يارلىق بەردى. يارلۇق تاردۇش بىلەن بىللە ئەسكەر چىقىرىپ، رامغانغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ قېرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ۋېيجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىردى. رامغان كېچىسى بەش نەپەر چەۋەنداز ۋە سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭسۇن شېڭ بىلەن ئوردىغا قايتىپ كەلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، رامغان ۋە يارلۇقنىڭ ئەلچىسى ئىنتو تېكىننى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سالدى. رامغاننىڭ گەپلىرى دۇرۇس بولغانلىقتىن، پادىشاھ شۇندىلا ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلدى. يارلۇقنىڭ ئىنىسى تۇسلى خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، تولشاد قاغان بىلەن بىللە ئوردىغا قايتىپ كەلگەنلىكتىن، سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، سۇي پادىشاھى ۋېندى يەنە رامغان بىلەن تۇسلىنى ئوشۇق ئويناشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.

ياز پەسلى 6 - ئايدا، گاۋيېڭ ۋە ياڭ سۇ تاردۇشقا زەربە بېرىپ، ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. سۇي ۋېندى رامغانغا ئىلاجىدىق چىمەن قاغان دېگەن ئوتۇغاتنى بەردى، بۇ نامنىڭ خەنزۇچە مەنىسى كۈچلۈك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك دېگەن بولىدۇ. چىمەن قاغان مەكتۇپ سۇنۇپ ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ۋەزىرىڭىز مەن قاغان بولۇپ تىكلەنگەن ھەم قاغانلىق نامىغا ئېرىشكەنىمەن، ئەمدىلىكتە بۇرۇنقى شەخسىي غەرەزلىرىم پۈتۈنلەي يوقالدى. بۇندىن كېيىن، پادىشاھنى كۆتۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. قائىدە - قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنمايمەن» دېدى. پادىشاھ شوجۇ ئايمىقىدا دالى⑦ قەلئەسىنى ياسىتىپ، ئۇنى شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ۋاقىتتا، ئەنيى مەلىكە ئالللىبۇرۇن ئۆلگەن بولۇپ، سۇي



پادىشاھى ۋېندى خان جەمەتىدىن يىچېڭ مەلىكىنى چىمەن قاغانغا خوتۇنلۇققا بەردى. چىمەن قاغاننىڭ قەبىلىسىگە نۇرغۇن كىشىلەر باشقا قەبىلىدىن قېچىپ چىقىپ قېتىلدى. يارلۇق قاغان چىمەن قاغانغا يەنە ھۇجۇم قىلغاندا، سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ قوۋۇققا چېكىنىشىگە بۇيرۇق بەردى. يارلۇق ئۈزلۈكسىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغاچقا، چىمەن قاغان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغىچە كۆچۈپ كەلدى. شياجۇ، شېڭجۇ ئايماقلىرى ئارىسىدا ھاشارلارنى ئىشقا سېلىپ، نەچچە يۈز چاقىرىملىق خەندەك كولاپ، شەرق - غەربنى تاكى خۇاڭخې دەرياسىغىچە تۇتاشتۇردى، بۇ رايونلار چىمەن قاغاننىڭ قەبىلىلىرىنىڭ مال - چارۋا باقىدىغان جايىغا ئايلاندى. ئاندىن كېيىن سۇي پادىشاھى ۋېندىمۇ يۈي دۆلەت ئەركانى ياڭ سۇنى لىڭجۇ ئايمىقىدىن، ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى خەن سېڭشۇنى چىڭجۇ⑧ ئايمىقىدىن، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى كىنەز شى ۋەنسۇينى يەنجۇ ئايمىقىدىن، ئۇلۇغ سانغۇن ياۋبيەننى خېجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ دۇلان قاغانغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى.

قوشۇنلار قوۋۇقتىن چىقماي تۇرۇپلا، دۇلان قاغان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تاردۇش ئۆزىنى بۇقا قاغان دەپ ئاتاپ، قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈرك ئېلى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى كىنەز شى ۋەنسۇينى شوجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، تاردۇشقا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇ داجىن تېغىدا تاردۇش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. تۈرك قوشۇنلىرى جەڭ قىلمايلا قېچىپ كەتتى. شى ۋەنسۇي قوغلاپ زەربە بېرىپ 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. جىن ۋاڭى ياڭ گۇاڭ لىڭجۇ ئايمىقىدىن ئاتلانغاندا، تاردۇش يوشۇرۇن ھالدا قېچىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تاردۇش ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئېلتەبىرنى ئەۋەتىپ، چۆللۈكنىڭ شەرقىدىن چىمەن قاغانغا ھۇجۇم قىلدى.

پادىشاھ قوشۇنلارنى يەنە ئاتلاندۇرۇپ، چىمەن قاغاننىڭ مۇھىم
يوللارنى ساقلىشىغا ياردەم بەردى. ئېلتەبىر چۆللۈككە چېكىنىپ
كەتتى. چىمەن قاغان مەكتۇپ سۇنۇپ مىننەتدارلىقىنى
بىلدۈرۈپ: «ئۇلۇغ سۇينىڭ مۇقەددەس تەڭرىزادىسى ئاۋامنى
ئىززەتلەپ ھەم ئاسراپ، خۇددى كۆك ئاسماندەك زېمىننى
قاپلاپ، بىپايان زېمىندەك ئەلنى كۆتۈرۈپ كەلدى. كۆپلىگەن
قوۋملار شاپائەتكە نائىل بولۇپ، چىن دىلى بىلەن ئەل بولدى.
شۇنداقلا يەنە قەبىلىلەر بويسۇنۇپ، تەڭرىزادە زېمىنىغا
ئەل بولۇپ كەلدى. بەزىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ سەددىچىننىڭ
ئىچىگە كىردى، بەزىلىرى بەيداۋغا ئورۇنلاشتى. خەلقنىڭ
ئات - قويلىرى تاغ - دالىلاردا ياياپ، جىرالارغا تولدى. مەن
رامغاننىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن تېنىمگىمۇ قايتىدىن
كۈچ كىردى. ئەتسىز ئۇستىخانلىرىمغىمۇ يەنە قايتىدىن ئەت
قوندى. ئەۋلادىمۇ ئەۋلادىمىز ئۇزاقتىن ئۇزاق بۈيۈك سۈي ئۈچۈن
ئات - قويلارنى بېقىپ بېرەرمىز» دېدى.

رېنشۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 601 - يىلى)، دەيجۇ
ئايمىقىنىڭ باش بۇغى خەن خۇڭ خېڭئەندە تۈرك قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاچقا، ئاۋام پۇقرا قاتارىغا
چۈشۈرۈۋېتىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ سۇنى يۇنجۇ
ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئەمىرلەشكىرى قىلىپ تەيىنلەپ،
چىمەن قاغاننى باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى.
قوشۇر قاتارلىق قوۋملار چىمەن قاغانغا يېقىندىلا ئەل
بولغانلىقتىن، بۇ پەيتتە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى. ياڭ سۇنىڭ
قوشۇنلىرى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتى. دەل
مۇشۇ چاغدا، تۈركلەردىن ئاۋسىل ئىركىن قاتارلىقلار
ئاللىبۇرۇن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، چىمەن
قاغاننىڭ قەبىلىلىرىدىن ئەر - ئايال بولۇپ جەمئىي 6000 ئادەمنى
ھەم تۈرلۈك مال - چارۋىلىرىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇقىنى بۇلاپ



كەتتى. ياڭ سۇ ئۇلۇغ سانغۇن لياڭ مو باشچىلىقىدىكى يېنىك
چەۋەندازلارنى باشلاپ، قوغلاپ زەربە بەردى ھەمدە 60
چاقىرىمدىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا ئايلىنىپ جەڭ قىلىپ، ئاۋسىل
ئىركىننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، شۇنداقلا يەنە شۇنىڭ قولىدىن
قايتۇرۇۋالغان ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنىڭ ھەممىسىنى چىمەن
قاغانغا تاپشۇرۇپ بەردى. ياڭ سۇ يەنە دۆلەت ئەركانى جاڭ
دىڭخې، ئەمىر سانغۇن ليۇشېڭنى باشقا بىر يولدىن توسۇشقا
ئەۋەتتى. ئۇلار نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ
قايتىپ كەلدى. سۈي قوشۇنى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن، تۈرك قاراقچىلىرى يەنە بىر قېتىم چىمەن
قاغاننىڭ قەبىلىسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كەلدى. ياڭ سۇ
چاپاۋۇل فەن گۈينى باشلاپ كۆجىيې جىلغىسىنىڭ شەرقىي
جەنۇبىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن زەربە بېرىپ، تۈرك قوشۇنلىرىنى
يەنە مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇلارنى 80 چاقىرىمدىن كۆپرەك
دائىرىگىچە قوغلاپ زەربە بەردى. بۇ يىلى، نىلى قاغان ۋە يابغۇ
تېلىلار تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى. بىلگە قاغان
(تاردۇش) نىڭ يېرىدىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ،
ئىزگىل، ئابارس قاتارلىق بەش قەبىلە جەنۇبقا كۆچۈپ
كەتكەنلىكتىن، بىلگە قاغان تۇيغۇنلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ
كەتتى. بۇنىڭ بىلەن چىمەن قاغان ئۇنىڭ قەبىلىلىرىگە ئىگە
بولۇپ، ھەر يىلى ئەلچى ئارقىلىق ئوردىغا تارتۇق يوللاپ تۇردى.

دايې 3 - يىلى (مىلادىيە 607 - يىلى) 4 - ئايدا، سۈي
پادىشاھى ياڭدى يۇلىنگە كەلدى. چىمەن قاغان ۋە يىچېڭ مەلىكە
يۇلىندىكى ۋاقىتلىق ئوردىغا كېلىپ خانغا تەزىم قىلدى ھەمدە
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3000 ئات تارتۇق قىلدى. چىمەن
قاغان مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئىلگىرى مەرھۇم ئۇلۇغ پادىشاھ سۈي
ۋېندى ھايات چېغىدا، پېقىرغا تولىمۇ كۆيۈنۈپ، ئەنيى مەلىكىنى
بېرىپ، سوۋغات - ئىنئاملارنى كېمەيتىپ قويمىغان. مېنىڭ

قۇۋمىم ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئىززەتلىشى ۋە ئاسرىشىغا مۇيەسسەر بولۇشتىن ئىلگىرى قېرىنداشلىرىم ھەسەت قىلىپ، بىرلىشىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. ئەينى چاغدا بارىدىغان يېرىم يوق، ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق بولۇپ قالغانىدى. شۇ ۋاقىتتا، مۇقەددەس تەڭرىزادىنىڭ سۆزىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پاناھلىق تىلىدىم. مەرھۇم تەڭرىزات ئۇلۇغ پادىشاھ مېنى قوبۇل قىلىپ ھەم ماڭا ئىچىنىپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇردى. شۇنداقلا ئىلگىرىكىدىن بەكرەك شاپائەت كۆرسىتىپ، مېنى چوڭ قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. تۈرك قوۋملىرىدىن ھايات قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىپ ئۇيۇشۇپ پۇقرا بولدى. ھازىر ئالىيلىرى (سۈي ياڭدى) مۇ مەرھۇم مۇقەددەس تەڭرىزات ئۇلۇغ پادىشاھقا ئوخشاش جاھاننىڭ پادىشاھى بولۇپ، ۋەزىرى مەن ۋە شۇنىڭدەك تۈرك قوۋملىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھەقىقەتەن ھېچنېمىسىنى ئايىمىدى. مەن ھازىر مۇقەددەس تەڭرىزادە سۈي پادىشاھى ۋېندى ھەمدە ئالىيلىرى سۈي ياڭدىنىڭ بېشىمىزنى سىلىغانلىق شاپائىتىنى قەغەز يۈزىدە بايان قىلىپ بولالمايمەن. ئېيتىدىغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدە بار. پېقىر ھازىر بۇرۇنقى چەت ياقىدىكى تۈرك قاغانى ئەمەس، ئاللىبۇرۇنلا ئالىيلىرىنىڭ ۋەزىر - پۇقراسى بولدۇم. ئۆزلىرى پېقىرغا كۆيۈنگەن بولسىلا، بۈيۈك چوڭ دۆلەتنىڭ كىيىم - كېچەك قائىدە - تۈزۈملىرىنى زېمىنىم ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئوخشاشلا يولغا قويۇشنى ئۆتۈنىمەن. مەن ھازىر قەبىلەمگە باشچىلىق قىلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلدىم. ئالىيلىرىنىڭ تەڭرىنىڭ شەپقىتى بىلەن ئۆتۈنۈشلىرىمنى رەت قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. مەكتۇپ تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، پادىشاھ سۈي ياڭدى ئۇنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا



تاپشۇردى. ۋەزىرلەر مەكتۇپتىكى پىكىرلەرگە قوشۇلۇشنى ئىلتىماس قىلىشتى. لېكىن سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنىڭغا قوشۇلماي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «ئىلگىرى مەرھۇم پادىشاھلار دۆلەت قۇرغان ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئوخشىمايتتى. پېشۋالار خەلقنى تەربىيىلىگەندە ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمىغانىدى. چاچ كېسىش، بەدىنىگە گۈل چېكىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدۇ. ئۇلار يۇڭ - تېرىدىن تىكىلگەن ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىدۇ. ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە ماس بولغان نەرسىلەرنى چوڭ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي كاتېگورىيىسى ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ نېمە ھاجىتى! كىيىملەرنىڭ ئالدى پېشىنى ئۆزگەرتىش، بېشىغا لېنتىلارنى چىگىۋېلىش، ئەجەبا ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە نامايان قىلىپ بېرەمدۇ! بۇ ئۇزاقتىن ئۇزاق ھەممىگە يول قويالايدىغان كەڭ قورساقلىق ئەمەسمۇ! ئوخشىمىغان كىيىنىشكە قاراپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چەت رايونلارنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بىلىۋالغىلى؛ ھەر خىل قوۋملارنىڭ پەرقىگە قاراپ، تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان مەرھەمىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ سۆزى بويىچە چىمەن قاغانغا جاۋاب بېرىپ: «قۇملۇقنىڭ شىمالى تېخى تىنچىمىدى، شۇ ۋەجىدىن يەنىلا جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، پەقەت ئۇلار ياخشى نىيەتتە بولۇپ، ساداقەتمەنلىك بىلەن باش ئەگسىلا، كىيىم - كېچەك تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ» دەپ قارالدى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى 1000 ئادەم سىغىدىغان چوڭ چېدىرغا ئۆزى بېرىپ، چىمەن قاغان ۋە ئۇنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىدىن

جەمئىي 3500 ئادەمنى زىياپەت راسلاپ كۈتۈۋالغان. ئۇلارغا 20 تۈمەن پارچە ھەرخىل يىپەك رەخت ئىنئام قىلغان. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىنئام بەرگەن.
يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئەخلاق بىلەن ئاسمان - زېمىن ماسلاشسا، بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ھېچنېمىنى قالدۇرمايدۇ؛ تۆھپە پۈتكۈل ئالەمگە يەتسە، بارلىق جايلار ئۇچۇر - خەۋەر، تەلىم - تەربىيىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. تاغقا چىقىش، دېڭىزدا يۈرۈشكە كەلسەك، دۇرۇس ھۆكۈمرانلىقنى قوبۇل قىلىشنىڭ مەقسىتى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۆرۈمە چاچلارنى تۈگىتىش بىلەن شۇ يەردىكى ۋەزىر - پۇقرالارغا ئوخشاش بولۇشنى تەلەپ قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ‹جۇ سالنامىسى. ۋاڭ خۇي[9] پارچىسى› دە تۆھپە يارىتىش، تارتۇق يوللاش قائىدە - يوسۇنلىرى روشەن قەيت قىلىنغان؛ قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىغا ۋەزىر بولۇشقا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەدەپ - يوسۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان، تۈركلەردىن ئىلاجىدىق چىمەن قاغان چوڭقۇر ئىرادىلىك ھەم جاسارەتلىك بولۇپ، قارام ئەللەرنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىدارە قىلىپ كەلگەن. بۇرۇن ئۇ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇپ كېلىپ ئەل بولغان. ئالدىنقى پادىشاھلار مۇشۇنداق سەممىيەتلىك كۆرسەتكەنلىكىنى مۇكاپاتلاپ، نام - ئۇنۋان بەرگەن. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇن قۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن ئېشىپ قالغان خەلقنى يىغىپ، مۇنقەرز بولغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەۋجۇت بولمىغان زېمىندا قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ياردەم قىلغان. بۇ ئەسلىدە ئاسراش - تەربىيىلەشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىن بولۇپ، ئىلتىپات تەدرىجىي ھالداچەت - يىراق جايلارغىچە يەتكۈزۈلگەن. مەن ئازغىنە ئەخلاقىم بىلەن ئىلاھنىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، يىراقتىكى مىللەتنى كۆزدە تۇتۇپ، يورۇقلۇق ئۇلارنىڭ



ئىشلىرىنى ئۆزگەرتسۇن دەپ، شىمالنىڭ دالىلىرىنى ئۆزۈم بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرۈپ، قارام ئەللەرنى خاتىرجەم قىلمىۋاتىمەن. چىمەن قاغان ئالاھىدە سەمىمىي بولغاچقا، ھۇزۇرۇمغا كېلىپ كۈتۈۋالدى، ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ ئوردىغا سالام بېرىشكە كەلدى. پىكىر - سۆزلىرىدە بىر خىل ساداقەتلىك بولۇپ، ئالاھىدە تەقدىرلەش - قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شەرەپلىك تەقدىرنى قەدىرلەشكە تېگىشلىك. پەرمان - مۇراسىملاردا ئادەتتىكى قائىدە ھەممىدىن ئەلا. يولدا يۈرۈشكە مەپە، چەۋەندازلار ئۈچۈن ئات، داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي، تۇغ - بايراق ئىنئام قىلىنسۇن، سالامغا كىرگەندە ئىسمى چاقىرىلمىسۇن، ئورنى ھەر قايسى ۋاڭ - بەگلەردىن يۇقىرى بولسۇن». سۇي پادىشاھى ياڭدى ئۆزى بىۋاسىتە يۈنبېينى[10] كۆزدىن كەچۈرگەندە، جىنخې دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ يۈرگەن. شىمال تەرەپتە چىمەن قاغان تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ بارغان. چىمەن قاغان قەدەھ كۆتۈرۈپ كېلىپ شاراب تۇتقان، تىزلىنىپ يۈكۈنۈپ بەك ھۆرمەتلىگەن، سۇي پادىشاھى ياڭدى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مۇنۇ نەزمىنى يازغان:

«قوۋۇق - ئۆتكەلگە تۇغ - بەلەم سانجاق ئېسىلغان،
شاھانە خان مەپىسى تەختى ھۇمايۇندا[11] ياسالغان.
يۇلتۇز كەبى چېدىرلار دەققىدە تىكىلگەن،
چېدىرلارنىڭ ئىشكى كۈنچىقىشقا ئېچىلغان.»

قوغشار باش ئېگىپ يۈكۈنگىنىچە كەلگەن، تۇغلارمۇ[12] ئارقىدىنلا كەلگەن. ئۆرۈمە چاچلىقلارنىڭ قوللىرىدا قوي - كالا گۆشى، تېرە چاپان - شىم كەيگەنلەر قەدەھ سۇنۇشقان. «كىمكى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا يېتىدۇ، تەڭرىقۇتنىڭ تەختىگە چىقىپ باققان». سۇي پادىشاھى ياڭدى چىمەن قاغان بىلەن يىچىڭ مەلىكىگە ئالتۇندا ئىشلەنگەن بىردىن لوڭقا ۋە كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، ھەرخىل رەڭلىك تاۋار - دۇردۇن ئىنئام

قىلغان؛ تېكىندىن تۆۋەندىكىلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىلىك ئىنئامغا ئېرىشكەن.

ئەسلىدە كورىيە ئاستىرتتىن چىمەن قاغاننىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىماقچى بولغان، چىمەن قاغان دۆلەت ئۈچۈن سەمىمىي بولۇپ، ئۆز چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى دوستلۇقنى يوشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ كۈنى، ئۇ كورىيە ئەلچىسىنى باشلاپ ۋاقىتلىق ئوردىغا كۆرۈشكىلى كەلگەندە، پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، نيۇخۇڭ سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ پىكرىنى ئەلچىلەرگە بىلدۈرگەن. نيۇخۇڭ: «مېنىڭچە چىمەن قاغان دۆلەت ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم بىۋاسىتە ئۇ تۇرغان جايغا كەلگەن. كېلەر يىلى جوجۈنگە بارماقچى، سىز قايتىپ بارغاندا كورىيە ۋاڭىغا شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇڭكى، بالدۇرراق ھۇزۇرۇمغا كېلىپ تەزىم قىلسۇن، گۇمان ـ ئەندىشە قىلىپ قورقمىسۇن. خاتىرجەم قىلىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى چىمەن قاغانغا ئوخشاش بولىدۇ. مۇبادا ئوردامغا تەزىم قىلىشقا كەلمىسە، مەن چوقۇم چىمەن قاغاننى بىللە ئېلىپ، سىلەرنىڭ جايىڭلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارىمەن» . كورىيە ئەلچىسى بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن. چىمەن قاغان سۈي ياڭدىنى قوغداپ چېگرا ئۆتكىلىدىن بىللە كىرىپ، دىڭشاڭغا يېتىپ بارغاندا، پادىشاھ سۈي ياڭدى يارلىق بېرىپ چىمەن قاغاننى ئۆز تەۋە جايىغا قايتۇرغان.

كېلەر يىلى (مىلادىيە 608 ـ يىلى) چىمەن قاغان شەرقىي ئاستانىدە ⑬ سۈي ياڭدى ھۇزۇرىغا تەزىم قىلىشقا كەلگەندە، ئەدەپ ـ يوسۇن بىلەن قىلىنغان ئىنئام تېخىمۇ كۆپ بولغان. شۇ يىلى، چىمەن قاغان كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ كۈن ئوردا ئىشلىرىنى بېجىرمىگەن، رامغاننىڭ ئوغلى دوجىسنى قاغانلىق ئورنىغا ۋارىس قىلغان، مانا بۇ ئىشبەگ قاغان ئىدى. ئۇ مەلىكە يىچېڭنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىلغان، سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە



بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان. 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) شەرقىي ئاستانىگە كېلىپ پادىشاھقا تەزىم قىلغان. شۇ يىلى، پادىشاھ سۈي ياڭدى فېنياڭ سارىيىغا⑭ سالقىنداش ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ، 8 ـ ئايدا، ئىشبەگ قاغان ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئۆتكەلدىن بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، سۈي ياڭدىنى يەنمېندا مۇھاسىرە قىلىۋالغان. سۈي ياڭدى بارلىق ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە ئەسكەر ئېلىپ دەرھال پادىشاھ ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان جايغا يېتىپ كېلىشكە يارلىق چۈشۈرگەن. ياردەمچى قوشۇن ئەمدىلا يېتىپ كەلگەندە، ئىشبەگ قاغان ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، خان ھۇزۇرىغا سالامغا كېلىپ تارتۇق قىلىدىغان ئىشلار ئۈزۈلۈپ قالغان. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 616 ـ يىلى)، ئىشبەگ قاغان يەنە مايىغا بېسىپ كىرگەندە، تاڭ گۇڭ قوشۇن تارتىپ زەربە بېرىپ قاچۇرۇۋەتكەن.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قالايمىقانچىلىق ۋە بۆلۈنۈش ئەھۋالى يۈز بەرگەنلىكىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەردىن ناھايىتى كۆپى ئىشبەگ قاغانغا ئەل بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىشبەگ قاغان قۇدرەت تېپىپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ شاۋ خانىشىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇنى دىڭشاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان. شۆ جۈي، دۇجيەندې، ۋاڭ شىچۇڭ، ليۇۋۇجۇ، لياڭ شىدۇ، لى گۈي، گاۋ كەيداۋ قاتارلىقلار گەرچە ئۆز ئالدىغا ھۆرمەت نامىنى ۋاڭ دەپ ئاتىشىۋالغان بولسىمۇ، ھەممىسىلا تۈركلەرگە يېقىنغان، تۈرك قاغانى بەرگەن نامنى قوبۇل قىلغان. بۇلار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر بېرىش ـ كېلىش قىلىشىپ تۇرغان، يول ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ ئۇچرىشىپ تۇرغان.

(ئەسلىي كىتاب، 1863 — 1866 ـ بەتلەر)

# غەربىي تۈركلەر

غەربىي تۈركلەر — مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى تالاچ باشچىلىقىدىكى تۈركلەر ئىدى. تالاچ بىلەن ئىشبارانىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغاچقا، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، تالاچ تەدرىجىي كۈچەيگەن. غەربىي تۈركلەر شەرقتە ئۆتۈكەن تېغىدىكى ئىشبارا قاغانغا تاقابىل تۇرسا، غەربتە ئالتۇن تاغدىن ھالقىپ ئۆتكەن. كۇسەن، تېلى، ئىۋىرغول ۋە غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىنغان. تالاچ چۇلۇق قاغان تەرىپىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ خانلىق تەختىگە يانسۇ تېكىننىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلغان، بۇ نىلى قاغان ئىدى. نىلى قاغان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى دامان ۋارىسلىق قىلىپ، نىزۇك چۇلۇق قاغان دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ فامىلىسى شياڭ بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىدى. دامانىنى تۇغقاندىن كېيىن نىلى قاغان ئۆلگەن، شياڭ خانىم نىلى قاغاننىڭ ئىنىسى بوشى تېكىنگە ياتلىق بولغان. كەيخۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىيە600 - يىلى)، بوشى تېكىن بىلەن شياڭ خانىم بىرلىكتە پادىشاھ ئوردىسىغا تەزىم قىلىپ كەلگەندە، تاردۇشنىڭ ئىسيانىغا دۇچ كېلىپ، پايتەخت (چاڭئەن) دە تۇرۇپ قالغان، يېتىش - قوپۇش دائىم مۇراسىم مەھكىمىسىدە بولغان، چۇلۇق قاغاننىڭ مۇقىم تۇرار جايى يوق ئىدى، ئەمما كۆپ ۋاقىت ئەسلىدىكى ئۇيسۇن ئېلىنىڭ ماكانىدا تۇراتتى. ئۇ يەنە ئىككى كىچىك قاغان تەسىس قىلغان. بۇلار ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسىنى باشقۇرغان. بىرسى غوزلارنىڭ ئەللىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن شاش شەھىرىنىڭ شىمالىدا تۇراتتى، يەنە بىرسى، كۇسەننىڭ شىمالىدا تۇراتتى. بۇ جاينىڭ نامى يېگىسار ئىدى. ئەمەلدارلاردىن سىفا،



يەنخۇڭدالار بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە - مۇزاكىرە قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بىر يەرگە يىغىلىپ ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. ھەر يىلى مۇھىم ۋەزىر - ئەمەلدارلىرىنى تۈركلەرنىڭ ئەجدادى تۇرغان غارغا ئەۋەتىپ نەزىر - چىراغ قىلدۇراتتى.

دايى (مىلادىيە 605 — 681 - يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى يىللىرى، چۇلۇق قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ياخشى بولمىغانلىقتىن، بۇ دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ئادىمى ئاسىيلىق قىلغان، تېلىلار بىلەن پات - پات ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، كۆپ ئەھۋاللاردا تېلىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ياڭداش بېگى پېيى جۇ دۇنخۇاڭدا غەربىي يۇرتلۇقلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىشكە دەۋەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ دۆلەتتە قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان، شۇنداقلا چۇلۇق قاغاننىڭ ئۆز ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى بىلگەن. شۇڭلاشقا ئەھۋالنى پادىشاھ سۈي ياڭدىغا مەلۇم قىلغان. سۈي ياڭدى ئوردىنىڭ كۆرۈشۈش ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى ئەمەلدارى سۈي جۈنسۈنى پادىشاھ مەكتۇبىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، مەسلىھەت بېرىشكە ئەۋەتكەن. چۇلۇق قاغان ناھايىتى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرمايلا پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى قوبۇل قىلغان. سۈي جۈنسۇ چۇلۇق قاغانغا مۇنداق دېگەن: «تۈركلەر ئەسلىدە بىر دۆلەت ئىدى، ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولۇپ قالدىڭلار. ھەر يىلى ئۇرۇش قىلىشىپ كېلىۋاتىسىلەر. بىر قانچە ئون يىل بولدى، يا سەن ئۇنى يوقىتالمىدىڭ، يا ئۇ سېنى يوقىتالمىدى. چىمەن قاغان بىلەن چۇلۇق قاغاننىڭ كۈچى پەرقلەنمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ھازىر چىمەن قاغان ئۆزىگە تەۋە بارلىق قەبىلىلەر ۋە بىر مىليون قوشۇنى بىلەن سۈي پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى

سۈپىتىدە ناھايىتى سەممىيلىك كۆرسەتمەكتە. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ پەقەت چۇلۇق قاغانغا راستىنلا قاتتىق نەپرەتلەنسىمۇ، ۋەزىيەتنى ئۆزى كونترول قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ پادىشاھقا بويسۇنۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوردا قوشۇنىدىن پايدىلىنىش، شۇنىڭ بىلەن تۈرك ۋە سۈي سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەت ئالاقە باغلاپ، چۇلۇق قاغاننى يەنى سېنى يوقىتىشتىن ئىبارەت، خالاس. ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە تۇمەنلىگەن پۇقرالارمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىشماقتا، بۇنىڭغا پادىشاھمۇ خىلاپلىق قىلالمايدۇ، قوشۇن چىقىرىپ سېنى يوقىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالدى. يەنە سېنىڭ ئاناڭ شياڭ خانىمنىڭ ھال - ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇ ئەسلىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بولۇپ، پايتەخت (چاڭئەن) گە قايتىپ كېلىپ، مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ، سېنىڭ يوقىتىلىشىڭدىن ئەنسىرەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا سېپىلنىڭ راۋىقىغا چىقىۋېلىپ ھەسرەت بىلەن يىغلىماقتا. پادىشاھ سۈي ياڭدى ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەپە ئىشلىتىشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ راۋاققا چىقىشىغا يول قويمىغانىدى. شياڭ خېنىم يەنە ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا قېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ناماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەلچى ئەۋەتىپ سېنى چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، سېنى ئىچكىرىگە تەۋە بول دېيىشنى، سېنىڭ ئۈچۈن ئىلتىپات قىلىپ، چىمەن قاغانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. پادىشاھ سۈي ياڭدى بۇنى ماقۇل كۆرگەچكە، بۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتكەن. سەن ئەگەر دۆلىتىڭنى سۈي سۇلالىسىنىڭ قارام ئېلى دەپ قاراپ، پادىشاھنىڭ يارلىقىنى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلساڭ، دۆلىتىڭ مەڭگۈ تىنچلىققا ئېرىشىدۇ، ئاناڭمۇ خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ. مۇشۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ چاغدا شياڭ خېنىم پادىشاھ سۈي



ياڭدىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم ئۆلتۈرۈلۈپ، كاللىسى سېنىڭ قېشىڭغا ئەۋەتىلىدۇ. يەنە پادىشاھ سۈي ياڭدى بۈيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ، شىمالدىكى قوۋملارغا ياردەم بېرىپ، ئەتراپىڭدىن ھۇجۇم قوزغاپ، ساڭا زەربە بېرىدۇ. ئۆلۈش - يوقىلىش ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ قالدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق جەمئىيەت قائىدە - يوسۇنىدىن ئۆزۈڭنى ئاياپ، مېھرىبان ئاناڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، ئەل بولىمەن دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قىلغىلى ئۇنىماي، ھونلاردەك تۈرك دۆلىتىنى يوقىتىشقا سەۋەبچى بولىسەن؟» چۇلۇق قاغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۆچۈپ غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭقا - ياشلىرىنى ئېقىتقان ھالدا تىزلىنىپ، پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى قوبۇل قىلغان، سۈي جۇنسۇ چۇلۇق قاغانغا نەسىھەت قىلىپ: «چىمەن قاغان ئىچكىرىگە ئەل بولغاندا، مەرھۇم پادىشاھ ئۇنى تەقدىرلىگەن، كۆپ ئىنئام بەرگەن. شۇڭا قوشۇنى كۈچىيىپ، دۆلىتى بېيىغان. ھازىر سەن ئەل بولۇشتا نىسبەتەن كېچىكىپ قالدىڭ. چىمەن قاغان بىلەن بەسلىشىپ پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىدىغان بولساڭ، سۈي پادىشاھى ياڭدى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ساداقىتىڭنى بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك. يول يىراق بولۇپ، سالام بېرىپ كۆرۈشۈشكە بارالمىساڭمۇ، بىرەر تۆھپە يارىتىپ، ئەل بولدۇم دېگەن پەزىلىتىڭنى كۆرسىتىشىڭ كېرەك» دېگەن. چۇلۇق قاغان: «قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دېگەندە، سۈي جۇنسۇ: «تۇيغۇنلار بولسا چىمەن قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى باغادۇر شادنىڭ ئانىسىنىڭ قوۋمى ئىدى. ھازىر پادىشاھ سۈي ياڭدى يەنە يىپەك مەلىكىنى چىمەن قاغانغا خوتۇنلۇققا بەردى. چىمەن قاغان سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ نوپۇزىدىن قورقۇپ، تۇيغۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن. تۇيغۇنلارمۇ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەسلىدىكى قىلمىشىدىن

ئەپسۇسلىنىپ، تەزىم قىلىش، تارتۇق تەقدىم قىلىشقا بارماي، قارام ئەلنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان. سەن ئەگەر تۈيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلساڭ، تەگرىزادە چوقۇم قوشۇلىدۇ، سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئىچكى تەرەپتىن، سەن سىرتتىن زەربە بەرگەندە، تۈيغۇننى تارمار قىلىشى شەكسىز. ئاندىن كېيىن سەن ئۆزۈڭ ئوردىغا تەزىم قىلىشقا بارساڭمۇ يولدا توسالغۇسىز بارالايسەن، شۇنىڭ بىلەن قىبرى ئاناڭنى كۆرەلەيسەن، مۇشۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟» دېگەن. چۇلۇق قاغان بەك خۇشال بولۇپ، تەزىم قىلىش - تارتۇق قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن.

سۈي پادىشاھى ياڭدى غەربىي كۆزدىن كەچۈرۈپ شىكار قىلىشقا بارىدىغان بولۇپ، 6 - يىلى (مىلادىيە 610 - يىلى) چۇلۇق قاغاننى چاقىرىشقا ياساۋۇل تەپتىش بېگى ۋېي جېنى ئەۋەتكەن، ئۇنىڭغا پادىشاھ بىلەن داۋۇبا جىلغىسىدا كۆرۈشۈشكە بۇيرۇق بەرگەن. غەربىي تۈرك پايتەختىدىكى كىشىلەر بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىغان. چۇلۇق قاغان ئەلچىلەرگە تەكەللۇپ پىكرىنى بىلدۈرۈپ، باشقا سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلغان. سۈي پادىشاھى ياڭدى دەرغەزەپ بولغان بولسىمۇ، چۇلۇق قاغانغا قارىتا ئامالسىز قالغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا چۇلۇق قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلە ئاقساقىلى شىكەر توي قىلىش تەكلىپىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتكەن. پېي جۈي مۇشۇ ئىس - تۈتەك تۈپەيلى سۈي پادىشاھى ياڭدىغا مەكتۇپ يېزىپ: «چۇلۇق قاغان پادىشاھقا تەزىم قىلىشقا كەلمەسلىكتە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە تايانغان. پىقىر ئەمدى ھىيلە - تەدبىر بىلەن ئۇنى ئاجىزلىتىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنى بۆلۈۋەتكەندە، بۇ چاغدا ئۇنى تىزگىنلەش ئاسان بولىدۇ. شىكەر تۇغلۇقنىڭ ئوغلى، تاردۇشنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قاغان بولۇپ، غەربتە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. ھازىر ئاڭلىشىمچە خىزمەت ئورنىنى يوقىتىپ، چۇلۇق قاغانغا



بېقىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپ دوست بولۇپ، ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان، مېنىڭ ئۈمىدىم: ئۇنىڭ ئەلچىسىگە كۆپ - قائىدە يوسۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، شىكەرنى چوڭ قاغانلىققا تەيىنلىسەك. مۇشۇنداق قىلغاندا غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئىككىلىسى بىزگە بويسۇنىدۇ» دېگەن. سۈي پادىشاھى ياڭدى: «ئېيتقىنىڭ دۇرۇس» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پېي جۈينى ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئەلچى تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا ئەۋەتىپ، سىلىق - يۇمشاق گەپلەر بىلەن ئەلچىگە ئېيتقان. سۈي پادىشاھى ياڭدى رېڭفېڭ سارىيىدا شىكەرنىڭ ئەلچىسىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا چۇلۇق قاغاننىڭ ئىتائەت قىلمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، شىكەرنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ماختاپ، ئۇنى چوڭ قاغان قىلىپ تىكلىمەكچى ئىكەنلىكىنى، بىراق ئالدى بىلەن لەشكەر چىقىرىپ چۇلۇق قاغانغا جازا يۈرۈش قىلسۇن، ئاندىن قۇدىلىشىشقا بولىدۇ - دېگەن گەپلەرنى ئېيتقان. سۈي پادىشاھى ياڭدى شاپتۇل يوپۇرماقلىق بامبۇك بىلەن ئاق پەيدە ئىشلەنگەن بىر تال يا ئوقىنى شىكەر قاغانغا ئىنئام قىلغان ھەم: «بۇ ئىشنى تېز بېرىپ بېجىرىڭ، بۇ تېزلىك يا ئوقىدەك بولسۇن» دېگەن. ئەلچى قايتىش ۋاقتىدا، يول ئۈستىدە چۇلۇق قاغاننىڭ قېشىدىن ئۆتكەن، چۇلۇق قاغان بۇ ئوقنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان. ئەلچى ئالداش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوقنى ئۇنىڭغا قالدۇرمىغان. شىكەر بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ، قوشۇن تارتىپ، چۇلۇققا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. چۇلۇق قاغان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شەرققە قاراپ قاچقان. يول ئۈستىدە يەنە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، خۇپىيانە ھالدا قوچۇنىڭ شەرق تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ، سىلومان تېغىنى قوغداپ تۇرۇپ قالغان. قوچۇنىڭ خانى

كۇبايار بۇ ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلغان، پادىشاھ سۈي ياڭدى پېي جۈينى شياڭ خېنىمنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى باشلاپ، تېزلىكتە يۈمېن ئۆتكىلىدىكى جىنچاڭ قەلئەسىگە بېرىشقا ئەۋەتكەن. پېي جۈي شياڭ خېنىمنىڭ ئەلچىسىنى چۇلۇق تۇرۇۋاتقان جايغا ئەۋەتىپ، ئوردىنىڭ كەڭ قورساقلىق ۋە ئالەمنى تەربىيىلەپ پەرۋىش قىلىدىغان ئىدىيىسىنى بايان قىلىپ، قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ جېكىلىگەندە، ئاندىن چۇلۇق قاغان ئوردىغا تەزىم قىلىپ سالام بېرىشكە بارغان. ۋاھالەنكى ئۇنىڭ چىرايىدا دائىم نارازىلىق بىلىنىپ تۇرغان.

7 - يىلى (مىلادىيە 611 - يىلى) قىش پەسلىدە، چۇلۇق قاغان لىنغشو سارىيىدا پادىشاھقا تەزىم قىلغاندا، سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغان. چۇلۇق قاغان يۈكۈنۈپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن ھەم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «مەن غەربتىكى يات قوۋملارنى باشقۇرۇش بىلەن بولۇپ، بالدۇرراق كېلىپ تەزىم قىلىپ سالام بېرەلمىدىم. ھازىر سالام بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقان بولساممۇ بەك كېچىكتىم، جىنايى جاۋابكارلىقىم بەك ئېغىر، كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشلىرىمنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن» دېگەن. سۈي پادىشاھى ياڭدى : «بۇرۇن تۈركلەر بىلەن ئۆزئارا دەخلى - تەرۇز قىلىشىش مالىمانچىلىقى بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلمىگەن. ھازىر ئالەم تىنچلاندى، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ قالدۇق. مەن ھەممەيلەننى ئاسراپ تەربىيىلەشنى ئويلايمەن. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتى، قەلبى بويىچە ئىش كۆرسۇن دەيمەن. خۇددى ئاسماندىكى بىرلا قۇياش جاھاننى يورۇتقىنىغا ئوخشاش، خاتىرجەمسىزلىك، نامۇۋاپىق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ؛ ئەگەر قۇياش ئىككى - ئۈچ بولسا، ھەممە نەرسە، ھەممە مەۋجۇدات قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايدۇ؟ يېقىندىن بۇيان چۇلۇق قاغاننىڭ باشقۇرىدىغان ئىش - كۈشلىرى كۆپ بولغاچقا، بالدۇرراق كېلىپ



مېنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلگەنىدىم. بۈگۈن چۇلۇق قاغاننى كۆرۈپ، بىردىنلا كۆڭلۈم ئېچىلىپ خۇشال بولدۇم، چۇلۇق قاغانمۇ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشلارنى كۆڭلىگە ئالماسلىقى كېرەك» دېگەن. كېلەر يىلى (مىلادىيە 612 - يىلى) يىل بېشىدىكى يىغىلىشتا [15] چۇلۇق ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت شارابى سۇنۇپ: «ئاسمان ئاستى، يەر ئۈستى، قۇياش بىلەن ئاي يورۇتىدىغان جايلار بويىچە، پەقەت ئەۋلىيا قاغان (سۈي پادىشاھى ياڭدى) لا بولىدىكەن. بۈگۈن مۇھىم بىر كۈن بولدى، ئەۋلىيا قاغاننىڭ خۇددى بۈگۈنكىگە ئوخشاش مىڭ يىللار، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. سۈي پادىشاھى ياڭدى چۇلۇقنىڭ قېرى، ئاجىز، مېيىپ، بالىلار بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى تاردۇشنىڭ باشقۇرۇشىدا خۇيىنىڭ ۋىلايىتىدە چارۋا باقسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەن.

چۇلۇق سۈي پادىشاھى ياڭدى بىلەن بىللە كورىيىگە جازا يۈرۈشى قىلغان، ئۇنىڭغا ھازارنا قاغان دېگەن نامنى بەرگەن ۋە كۆپ ئىنئام بەرگەن. 10 - يىلى (مىلادىيە 614 - يىلى) بىرىنچى ئايدا، سادىق - ئىشەنچ مەلىكىنى چۇلۇققا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. مىڭ دانە ھەرخىل رەڭلىك يىپەك چاپان، 10 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلغان. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لياۋدۇڭدا ئۇرۇش بولۇپ قالغاچقا، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە كۈچ چىقىرالمىغان. ئۇ دائىم سۈي پادىشاھى ياڭدى بىلەن بىللە جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان. جياڭدۇ مالىمانچىلىقى [16] بولغان چاغدا، چۇلۇق قاغان يۈيۋېن خۇاجىغا ئەگىشىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا بارغان بولۇپ، يۈيۋېن خۇاجى مەغلۇپ بولۇش ۋاقتىدا چۇلۇق قېچىپ پايتەختكە بېرىشتا شىمالدىكى مىللەت - تۈركلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(ئەسلىي كىتاب، 1876 — 1878 - بەتلەر)

# تېلېلار

تېلېلارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، نەسلى بەك كۆپ ئىدى. غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىن باشلاپ، تاغ جىلغىلىرىنى ئىگىلەپ، ئۈزۈلمەي ئورۇنلىشىپ كەلگەن. توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بۇگۇ، توڭرا، ئوغۇز، بايىرقۇ، فۇلولار بولۇپ، ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىغان. مۇنچىن، تۈرغىيىش، ئىزگىل، غۇن، قۇشۇر قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇقتىكىلەر بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارىغۇدەك ئادىمىدىن تەخمىنەن مىڭى بارئىدى. ئىۋىرغولنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالىدا، ئاق تاغنى بويلاپ جۇبە، بولاغ، ۋالمىكى، سىلات، ناغ، ئۇغان، خاككاس، ياسىق، ئورانقاي قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارىغۇدەك 20 مىڭ ئادىمى بار ئىدى. ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر تاردۇش، دەپتەر، زاباندىر، داسىيە قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بارئىدى. كانگىيىنىڭ شىمالىدا، ئىتىل دەرياسىنى⑰ بويلاپ، قوتتال، گاسار، باخۇ، پېچىنگ، ئارال دېڭىزلىق، ھابىيىچ، قوچايسۇ، بايىرموگوت قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە، تېنگى دېڭىزنىڭ ⑱شەرقىي ۋە غەربىدە سارۇرغۇر، ساسكىن، مەرچى، سارقىش قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، 8000 كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. فەرەڭنىڭ شەرقىدە ئاسكىل، ئالانى، باشقىرت، قۇترىغۇر، خوئۇم قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، 20 مىڭغا يېقىن ئادىمى بار ئىدى. بايقال دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا بولسا تۇباس بار ئىدى، گەرچە فامىلە - ئۇرۇق - نەسلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئومۇمەن ئالغاندا تېلى دەپ ئاتىلاتتى. بۇلاردا خان - پادىشاھ دېگەنلەر يوق بولۇپ، ئايرىم ھالدا شەرقىي ۋە



غەربىي تۈركلەرگە تەۋە ئىدى. بۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق مۇقىم جايى يوق بولۇپ، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ تۇرۇپ ياشايتتى. ئادەملىرىنىڭ مىجەزى ياۋۇز بولۇپ، ئات چېپىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇلار بەك ئاچ كۆز بولۇپ، بۇلاش - تالاشنى ياشاش ۋاسىتىسى قىلىۋالغان. غەرب تەرەپكە يېقىن جايلاشقانلاردىن كۆپ ساندىكىلىرى كۆكتات تېرىش، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلاردا كالا، قوي كۆپ، ئات ئاز ئىدى. تۈركلەر دۆلەت قۇرۇپ، شەرق ۋە غەربكە يۈرۈش قىلغانلىرىدا، تېلېلارنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىپ، شىمال تەرەپنى كونترول قىلىپ كەلگەن.

كەيخۇاڭ ئاخىرقى يىللىرى، جىن ۋاڭى ياڭ گۇاڭ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، چىمەن قاغاننى قوبۇل قىلىۋېلىپ، تاردۇش قاغاننى مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن تېلېلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. دايېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 605 - يىلى) چۇلۇق قاغان تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ مىقداردا باج - سېلىق ئېلىش ئارقىلىق مال - مۈلۈك يىغىۋالغان. ئۇ يەنە سىر تاردۇش قاتارلىقلاردىن گۇمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، شۇلارنىڭ سەركەردىلىرىدىن نەچچە يۈز ئادەمنى يىغىپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە قەبىلىلەر بىردىنلا ئىسيان كۆتۈرۈپ، چۇلۇققا قارشى چىققان. ئىلتەبىر ئېركىن جۇبە غالىننى ئېل ئىتمىش باغا قاغان قىلىپ تۇرغۇزۇپ، تەڭرىخان تېغىدا تۇرغان. يەنە سىر تاردۇشلاردىكى ئېركىننى قاغان قىلغان. چۇلۇق قاغان مەغلۇپ بولغان، باغا قاغان كۈچىيىشكە باشلىغان. باغا قاغان جەسۇر - قەيسەرلىكتە ھەممىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئەللەرنىڭ قەلبىگە بەك ياقاتتى، قوشنا ئەللەرمۇ ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئىۋىرغول، قوچۇ، كىنگىت

قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا بېقىنغان.

ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئومۇمەن ئالغاندا، تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئەرلەر توي قىلىپ بولۇپلا، خوتۇنىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ تۇرىدۇ، تۇغۇپ ـ يەڭگەن ۋە بوۋاقنى ئېمىتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىپ كۆمىدۇ، بۇلار تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى)، ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى بىلەن تارتۇق يوللاش ئىشلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان.

(ئەسلىي كىتاب، 1879 ـ بەت)

## قۇمۇقلار

قۇمۇقلار شەرقىي غۇزلار ئىرقىدىن. قۇمۇقلار مورۇن جەمەتى باشچىلىقىدىكى سىيانپىيلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندا، قېچىپ قالغان ئادەملىرى. سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بىلەن قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا ⑲ سەرسان بولۇپ بېرىپ يوشۇرۇنغان. ئۇلار ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە، تازىلىققا ئېتىبار بەرمەيتتى، لېكىن ئوقيا ئېتىپ ئوۋ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئامراق ئىدى. دەسلەپتە، تۈركلەرگە تەۋە بولۇپ، كېيىن بىرئاز كۆچىيىپ بەش قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن: بىرىنچىسى رۇگېجۇ، ئىككىنچىسى باغادۇر، ئۈچىنچىسى چۇبە، تۆتىنچىسى مۇكۇن، بەشىنچىسى شېدى دەپ ئاتىلاتتى. ھەر بىر قەبىلىدە بىردىن ئېركىن بولۇپ، ئۇلارغا باشچىلىق قىلاتتى. قەيەردە سۇ، ئوت ـ چۆپ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ باراتتى. بۇ تەرىپى تۈركلەرگە ئوخشاش ئىدى. ئاخىرى جەمەتى بەش قەبىلە ئىچىدە ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، بەش قەبىلىنىڭ ھەممىسى



ئۇنىڭغا ئەل بولغان. دائىم قىتانلار بىلەن ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋا ئولجا ـ غەنىيمەت ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشەتتى. ئۆلگەنلەرنى بورىغا يۆگەپ دەرەخكە ئېسىپ قوياتتى. تۈركلەر سۇي سۇلالىسىغا قارام ئەل بولغاندىن كېيىن، بۇلارمۇ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىم قىلغان، بەزىدە ئالاقە باغلىسا، بەزىدە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇپ، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بەرمەيتتى. دايې يىللىرىدا، ھەر يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتتىن تارتۇق قىلىپ تۇرغان.

(ئەسلىي كىتاب، 1880 ـ بەت)

## قىتانلار، سىۋىرلار

قىتانلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قۇمۇقلارنىڭكى بىلەن ئىرقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، نەسلى بىر ئىدى. ھەممىسى مورۇن جەمەتى باشچىلىقىدىكى سىيانپىيلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بىلەن قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا قېچىپ بېرىۋالغان. كېيىن ئازراق كۆچىيىپ، خۇاڭلۇڭنىڭ شىمالىدا بىر نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى موغاللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئامراق. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەندە ھەسرەت چېكىپ يىغلىغانلارنى قاۋۇل ـ ساغلام ئەمەس ئىكەن، دەپ قارايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەسىتىنى تاغدىكى دەرەخ ئۈستىدە قويۇپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆڭىكىنى يىغىپ كېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ھەم هاراق ـ شاراب بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈپ: «قىش ۋاقتى قۇياشتىن يىمەكلىك نەرسىلەر تىلەيدىغان ۋاقىت. ئەگەر مەن ئوۋ قىلىپ قالسام، مېنى كۆپرەك چوشقا ۋە بۇغىغا ئېرىشتۈرگەيسەن» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنسىزلىقى ۋە ئاچ كۆزلىكىگە كەلسەك، مۇشۇ مىللەتلەر ئىچىدە ھەممىدىن گەۋدىلىك ئىدى.

شىمالىي ۋېي خانلىقى ۋاقتىدا، كورىيە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ چىقىلغاچقا، قەبىلىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىچكىرىگە بېقىنىشنى تەلەپ قىلىپ، بەيبې دەرياسى بويىدا تۇرغان. كېيىن تۈركلەرنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يەنە 10 مىڭ ئائىلە كورىيىدە تۇرۇپ قالغان. كەيخۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 584 ـ يىلى)، مۇغاپ قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ پادىشاھ سۇي ۋېندىغا سالامغا كەلگەن. 5 ـ يىلى (مىلادىيە 585 ـ يىلى)، بارلىق ئادەملەر كېلىپ تەسلىم بولغان. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىدىكى جايىغا ئورۇنلاشتۇرغان. 6 ـ يىلى (مىلادىيە 586 ـ يىلى)، ئۇنىڭ قەبىلىلىرى بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ ئۇزاققىچە توختىمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر بىلەن ئۆزئارا چېقىلىشىپ تۇرغان. شۇڭلاسۇي پادىشاھى ۋېندى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئەيىبلەپ، ئۆز ئارا يول قويۇشقا بۇيرۇغان. بۇ دۆلەت ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تىزلىنىپ ئەپۇ سورىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، قىتانلار ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر، چۇۋو قاتارلىقلار كورىيىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز قوۋمىنى باشلاپ كېلىپ ئىچكىرىگە ئەل بولغان. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، قېشىناجىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرغان. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 600 ـ يىلى)، ئۇنىڭ ئايرىم بىر قەبىلىسىدىن 4000 دىن ئارتۇق ئائىلە تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ كېلىپ تەسلىم بولغان. بۇ دەل سۇي پادىشاھى ۋېندى تۈركلەر بىلەن يارىشىپ قالغان ۋاقىت بولۇپ، مۇبادا ئۇلارنى ئېتىبار بىلەن قوبۇل قىلسا، تۈركلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ھەم ئۇلارنى ئەسلىدىكى جايىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، دەپ بۇيرۇغان. تۈركلەرگە ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ



باشپاناھ بولۇشنى تاپىلىغان. لېكىن ئۇلار قەتئىي رەت قىلىپ ئايرىلغىلى ئۇنىمىغان. قەبىلە ئادەملىرى تەدرىجىي كۆپىيىپ، شىمالغا قاراپ كۆچۈپ سۇ، ئوت ـ چۆپ بار جايغا بېرىپ، لياۋشىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 200 چاقىرىم كېلىدىغان يەردىكى توخجىن دەرياسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەر شەرقتىن ـ غەربكە ئۇزۇنلۇقى 500 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى300چاقىرىم كېلىدىغان زېمىن بولۇپ، ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەن ھالدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ قەبىلىلەردىن ئەسكەر كۆپرەك بولغىنىنىڭ 3000، ئاز بولغىنىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى بولۇپ، قەيەردە سۇ، ئوت ـ چۆپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ چارۋا باققان. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئاتامانلار مۇزاكىرىلىشىپ، ماس كېلىدىغان قوش بەلگىگە ئاساسەن قوشۇنلارنى توپلاپ، پۇقرالىرىنى قوزغايتتى. تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى تۇدۇن پەنجىنى ئۇلارغا باشچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن.

سىۋىرلار قىتانلار ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ ئېرقتىن جەنۇبتا تۇرغانلىرى قىتان، شىمالدا تۇرغانلىرى سىۋىرلار دەپ ئاتىلاتتى. بەش قەبىلىگە بۆلۈنۈپ، بىرلىككە كەلمىگەن. بۇلار جەنۇبىي سىۋىر، شىمالىي سىۋىر، بوسىۋىر، شىگمۇ سىۋىر، تەي سىۋىر دېيىلگەن. ئۇلاردا خان ـ پادىشاھ دېگەنلەر يوق بولۇپ، خەلقى نامرات، ئاجىز ئىدى، تۈركلەر دائىم ئۈچ تۇدۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى باشقۇراتتى.

جەنۇبىي سىۋىر قىتانلارنىڭ شىمالىغا 3000 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، يەرلىرى زەي ئىدى. ياز كۈنلىرىدە غەربىي شىمالدىكى دەيبۇ، چەندە دېگەن ئىككى تاغ ئۈستىگە كۆچۈپ، شۇ يەردە كۈن ئۆتكۈزەتتى. بۇ تاغدا ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخ، ئۇچار قۇش، ھايۋانات كۆپ ئىدى. شۇنىڭدەك پاشىمۇ كۆپ ئىدى، كىشىلەر دەرەخ ئۈستىدە ئۇۋا ئۆي ياساپ، شۇنىڭدا يېتىپ قوپۇپ ياۋايى ھايۋان، پاشىلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت

يەتكۈزۈشىدىن ساقلىناتتى. بۇلار بارا - بارا 25 قەبىلىگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر قەبىلىدە قەبىلە ئاقساقىلىغا ئوخشاش يۇمۇفۇمەندۇ دېگەن سەردار بار ئىدى. ئۇ ئۆلسە پەرزەنتلىرى ۋارىس قىلىپ تۇرغۇزۇلاتتى، پەرزەنتى بولمىسا ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەمنى تاللاپ ۋارىسلىق قىلدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى چاچ قوياتتى، ئاياللار چاچلىرىنى بېشىغا تۈگۈۋالاتتى. كىيىم - كېچەكلىرى قىتانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. كالا ھارۋىسىدا ئولتۇراتتى. ئۆيلىرىنى بورىدا ياپاتتى، ئۆينىڭ شەكلى تۇركلەرنىڭ كىگىز ھارۋىسىغا ئوخشايتتى. دەريادىن ئۆتۈشتە ياغاچنى توپلاپ سال قىلاتتى ياكى تېرىدە تۇلۇم كېمە قىلاتتى. ئاتلىرىغا ئوت - چۆپتىن توقۇم توقۇپ، ئاغامچىنى يۈگەن قىلاتتى. ئۇخلىغاندا ئوت - چۆپنى قايرىپ ئېگىپ ئۆي ياساپ، ئۈستىگە قومۇشتا توقۇلغان بورىنى يېپىناتتى. كۆچكەندە ئۇنى ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئېلىپ كېتەتتى. چوشقا تېرىسىدە ئولتۇرغان - ياتقاندا ئاستىغا سالىدىغان كۆرپە ياساپ، دەرەخنى سېلىنجا قىلىپ توقۇپ ئولتۇراتتى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى بەك سوغۇق بولۇپ، يەرنىڭ ھوسۇلى ئاز ئىدى. قوي يوق، ئات ئاز، چوشقا ۋە كالا كۆپ ئىدى. ھاراق ئىشلەپ، تاماق يېيىش ئادىتى موغاللارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. نىكاھ - توي قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئىككى ئائىلە ئۆز ئارا ماقۇل كۆرۈشكەندىن كېيىن، كۈيئوغۇل بولغۇچى قىزنى ئوغرىلىقچە بۇلاپ كېتىدۇ. ئاندىن تويلۇق ھېسابىدا كالا، ئات ئاپىرىپ بېرىدۇ، ئاندىن قىزنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويىدۇ. تا ھامىلىدار بولغاندا ئاندىن قىز بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاياللار ئېرى ئۆلسە قايتا ياتلىق بولمايدۇ، چۈنكى ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە تۇرمۇش كۆچۈرۈش قىيىن دەپ قارايدۇ. قەبىلە بويىچە بىرلىكتە



بىر چوڭ لاپاس ياساپ، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى شۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويىدۇ. بىۋاسىتە تۇغقىنى ئۆلسە، ئۈچ يىلغىچە ھەر يىلى تۆت قېتىم يىغلىشىدۇ. بۇ دۆلەتتە تۆمۈر يوق بولۇپ، كورىيىدىن تەلەپ قىلىپ تەمىنلىنىدۇ، بۇلاردا بۇلغۇن كۆپ.

جەنۇبىي سىۋىرلاردىن شىمالغا قاراپ 11 كۈن ماڭغاندا، شىمالىي سىۋىرلار تەۋەسىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئۇلار توققۇز قەبىلىگە بۆلۈنۈپ تۇغۇر تېغىنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى كىنيا باغادۇر دەپ ئاتىلاتتى. ھەر بىر قەبىلىدە ياردەمچى سۈپىتىدە ئۈچتىن باغادۇر بولاتتى. بۇلار تۇرغان يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى بەك سوغۇق بولۇپ، ياغقان قېلىن قارغا ئاتمۇ چۆكۈپ كېتەتتى. قىشتا تاغ ئىچىگە كىرىپ ئۆڭكۈرلەردە تۇراتتى. چارۋىلار ئاز بولۇپ، تولىسى توڭلاپ ئۆلۈپ كېتەتتى. چوڭ بۇغا كۆپ ئىدى. ئۇلار مەخسۇس ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، گۆش يەپ، تېرىدىن كىيىم كىيەتتى. مۇزنى تېشىپ سۇغا چۆكۈپ كىرىپ، تور بىلەن بېلىق ۋە تاشپاقا تۇتاتتى. يەر ئۈستىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك قار دۆۋىلەنگەن بولۇپ، يول يۈرگەندە ئورەك، قۇدۇقلارغا كىرىپ كېتىشتىن قورقۇپ، ياغاچقا مىنىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ھەممىسى بۇلغۇن تۇتۇشنى كەسىپ قىلىۋالغان، بېشىغا تۈلكە تېرىسىدا تەلپەك، ئۈستىگە بېلىق تېرىسىدا كىيىم كىيەتتى.

يەنە شىمالغا قاراپ 1000 چاقىرىم ماڭغاندا، بوسۇغىرلار تەۋەسىگە باراتتى. بۇلار خۇبۇ تېغىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان. خەلقىنىڭ سانى شىمالىي سىۋىرنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ، بۇلاردا قانچە قەبىلە بارلىقى نامەلۇم. قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدا ئۆي ياپاتتى، باشقا تەرەپلىرى شىمالىي سىۋىرلارنىڭكىگە ئوخشايتتى.

بوسۇغىردىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ تۆت كۈن يۈرگەندە، شىنموخىن سىۋىرلىرى تەۋەسىگە باراتتى. بۇ دەريا نامىغا ئاساسەن ئاتالغان. قىشلىقى قاتتىق سوغۇقتىن پاناھلىنىش

ئۇچۇن ئۆڭكۈردە تۇراتتى.

يەنە غەربىي شىمالغا قاراپ بىر نەچچە مىڭ چاقىرىم يۈرگەندە، چوڭ سىۋىرلار تەۋەسىگە باراتتى. يوللىرى خەتەرلىك بولۇپ، تىل ئۇقۇشمايتتى. بۇيەردە بۆلغۈن ۋە كۆك چاشقان پەۋقۇلئاددە كۆپ ئىدى.

شىمالىي سىۋىرلار قەرەلسىز ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق قىلىپ تۇرغان، باشقا سىۋىرلاردىن كەلمىگەن.

پۇتۇكچى ئەمەلدار مۇنداق دەيدۇ: «تۆت تەرەپتىكى يات قوۋملارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈرگەن ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن. شىمال تەرەپنىڭ مىللىتى پەۋقۇلئاددە يامان ـ قەھرلىك بولۇپ، ئىرق ـ قەبىلىلىرى بەك كۆپ، چېگرا قورغىنىدا دەۋران سۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋاقتى بەك ئۇزۇن. بەش چوڭ ئاقساقال دەۋرلىرىدىلا شۈنيۈ[20] بار ئىدى؛ ئۈچ خانلىق دەۋرىدە[21] شيەنيۈن [22] بولغانىدى؛ ئىككى خەن دەۋرىگە كەلگەندە هون؛ داڭتۇ[23]، دېنۇۋ[24] دەۋرلىرىدە، ئۇغان، سىيانپىي؛ شىمالىي ۋېي ۋە شىمالىي جۇ دەۋرلىرىدە جۇرجان، تۈركلەر شۇنداق بولدى. بۇ قوۋملارنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە خان، سەردار بولۇشتى. بۇ ئۆز ئارا سەن ماڭا خان بولدۇڭ، ياكى مەن ساڭا خان بولدۇم دېگەن مەنىدە. بۇلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ، مال ـ مۈلۈك بۇلاش ـ تالاشنى قوشۇمچە قىلغان. ئۇشتۇمتۇت كېلىپ ئۇشتۇمتۇت كېتەتتى، گويا بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇچۇپ كېتەتتى، خۇددى ئۇچار قۇشلاردەك بىر يەرگە جۇغلىشىۋالاتتى. ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۆلىمالار ئوردىدا قۇدىلىشىش ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشسا، ئىستىھكامغا بۆسۈپ كىرىدىغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بولسا، چېگرا قورغىنىدا باتۇرلارچە زەربە بېرىشنى مۇھاكىمە قىلىپ تەلەپ قىلىشقان. لېكىن شەيئىلەردە دائىمىي تەرتىپ ـ قائىدە بولمىغىنىدەك، ھوقۇقنىڭمۇ تۇراقلىق ۋەزىيىتى



بولمىغان. يېقىنلىشىش ياكى يىراقلىشىشى شۇلارنىڭ كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا باغلىق. ئىتائەت قىلىش ياكى يۈز ئۆرۈشى شۇلارنىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقان ياكى زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقىغا باغلىق. زاۋالغا يۈز تۇتقان چاغدا كېلىپ تەسلىم بولۇپ تىزلىنىپ ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. قۇدرەت تاپقان چاغلاردا بولسا، قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى شۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش ـ چېكىنىش پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ قۇدرەتلىك ياكى ئاجىز بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرەتتى، قوللانغان ھەرىكىتىمۇ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئوردىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېتىپ بارالمىغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئۇ يەردە يۈرگۈزگىلى بولمايتتى. پەقەت پايدا ـ مەنپەئەتلا كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىتتىپاق تۈزۈشتىكى قەسەملەرگە ئېتىبار بېرىلمەيتتى. ئۆز ئارا ياردەملەشمەسلىك، چېكىنىش ياكى يول قويماسلىق، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ۋە كۈچ بىلەن باشقىلارنى بېسىش، قۇدىلىشىش، دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش پىلانلىرىدىن پايدىلىنىش، ئۇرۇش قىلىش ئىشلىرىغا كەلسەك، بۇ ئەھۋاللار بۇرۇن تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنىپ بولغاچقا، بۇ ھەقتە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلمايمەن. جۇرجانلار زەئىپلەشكەن ۋاقىتتا كەلگەندە، تۈركلەر قۇدرەت تېپىپ، شىمال تەرەپ داللىرىدا دەۋران سۈرۈپ، شەرقتە شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەسلىدىكى جايىغىچە يېتىپ بارغان، غەربتە ئۇيسۇنلار زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالغان. بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بولۇپ، بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دەيجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا ئورۇنلىشىپ، جەنۇب تەرەپتىكى شىمالىي جۇ، شىمالىي چى سۇلالىلىرىغا قارىمۇ ـ قارشى جايلاشقان. شىمالىي جۇ، شىمالىي چى پادىشاھلىرى تاقابىل تۇرالماي، بەس ـ بەستە تۈركلەر بىلەن

ئىتتىپاق تۈزۈپ، دوست بولۇپ، ئالاقە ئورنىتىش ۋە
قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىشقان. تۈركلەر شىمالىي جۇ سۇلالىسى
بىلەن بىرلىشىپ، ئاخىرى شىمالىي چى سۇلالىسىنى مۇنقەرز
قىلغان. سۇي ۋېندى سۇي سۇلالىسىنى قۇرغاندا، بۇلار تېخىمۇ
كۈچلىنىپ، ئۆز خەلقىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە تايىنىپ، چاڭئەن
ئەتراپىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدا ھەر قايسىلىرى ئۆز ئالدىغا پىلان قىلىشقانلىقى ئۈچۈن،
ئۆز ئارا قارشىلىشىپ قالايمىقانلاشقان. تاردۇش قاغان يىراققا
قېچىپ كەتكەن، چىمەن قاغان چېگرا قورغىنىدا مۇداپىئەلىنىش
ئۈمىدىدە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇي پادىشاھلىقىنىڭ ياردىمى
بىلەن چىمەن قاغان مۇنقەرز بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ساقلىنىپ
قالغان ۋە مۇستەھكەملەنگەن. ئۆزىنىڭ ئىلگىرى تۇرغان يېرىگە
قايتىپ بېرىپ، سۇي پادىشاھلىقىغا ياردەملىشىپ، باشقا
قېيىقالغان دۈشمەن كۈچلەرگە جازا يۈرۈشى قىلغان. قەبىلە خەلقى
تەدرىجىي كۈچلەنگەن. چىمەن قاغان رېنشۇ يىللىرى ئۆلگەن
بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەبىلىسى يەنىلا بېسىپ كىرمىگەن، يۈز
ئۆرۈمىگەن، تا ئىشبەگ قاغان دەۋرىگىچە قارام ئەل ئىجرا
قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئازايتمىغان. پادىشاھ
سۇي ياڭدى تۈركلەرنى تىنچلاندۇرۇشتا دۇرۇس يول تاپمىغانلىقى
ئۈچۈنلا، تۈركلەرنىڭ پادىشاھى سۇي ياڭدىنى يەنمېندە مۇھاسىرە
قىلىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر قايسى
جايلاردا بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەردى.
ئۇلار بۇ يەردە تەدرىجىي كۈچىيىپ، باتۇر - ئەزىمەت سۈپىتىدە
ھاكىمىيەت قۇرۇپ، پادىشاھ - خان دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۆز ئارا دوستانە ئۆتۈپ، پۇقرانى خاتىرجەم قىلىشنى
ئۈمىد قىلمايدىغىنى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورگان -
ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ئەمەلدار تەيىنلەپ، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تۈركلەرگە ھەدىيە قىلىدىغان



نىكاھلانمىغان قىز ۋە مال - مۈلۈك يولدا ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان.
ئەلچىلەرنىڭ بېرىش - كېلىش ھارۋىلىرى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ
تۇرغان. قەدىمدىن بۇيان يات قوۋملارنىڭ تەكەببۇرلۇقى،
ئورنىنىڭ ھالقىپ كېتىشى، مۇشۇنداق يامان بولمىغان.
دانىشمەن ئەۋلىيا [25] بارلىققا كېلىپ، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى قوبۇل
قىلغاندىن كېيىن، بۇنداق شۇملۇق يامان كەيپىيات تۈگىتىلگەن.
تۈركلەر ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلمەي، يەنە قوشۇن
تارتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. كۆپ قېتىم چېگرىدىكى
توسمىلارنى ۋەيران قىلغان. يۈنجۇ، دەيجۇ ئايماقلىرىمىزدا
قىرغىنچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، تەييۈەن شەھىرىمىزنى
تەۋرىتىپ قويغان، جىڭياڭدا [26] كەڭ تۈردە بۇلاڭ - تالاڭ
قىلغان. بېسىپ كىرگەن چەۋەندازلار ۋېيشۈي، رۈيشۈي
دەريالىرىدا ئات سۇغارغان. پادىشاھ ئالىيلىرى ئالاھىدە پىلانىنى
خۇپىيانە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، مەخپىي
ھەرىكەت قىلىش بىلەن يۈز يىللاردىن بۇيان تىزگىنلەپ
بولالمىغان تۈركلەرنى بىردىنلا يوقىتىپ، خەنخەي [28]، تەختى
ھۇمايۇنغا تەۋە لۇڭتىڭدىكى يەرلەرنى ئايرىپ توققۇز ئايماق
تەسىس قىلغان، يۇدۇ [29] دىكى يات قوۋملارنىڭ ھەممىسى نوپۇس
دەپتىرىگە تەۋە بولغان. بۇنداق ئىش قىلىدىغىنىغا ھەقىقەتەنمۇ
ھەرقانداق خان - پادىشاھلار يېتەلمىگەن، كىتابلاردىمۇ زادىلا
كۆرۈلمىگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەڭرى
تەرىپىدىن روناق تېپىش ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى
بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەنىلا ئادەملەرنىڭ ئىش
قىلىشتىكى ئەپلىك ياكى ئەپسىزلىكىگە باغلىق ئىكەن.
شۇنىڭدەك يەنە قىلىشى، يۆلىنىۋالماسلىقى؛ بولسىمۇ بۇنىڭ
بىلەن تەمەننا قويماسلىقى، ئاسمان ۋە زېمىنگە ئوخشاش ھەممىنى
سىغدۇرالىشى، بارلىق شەيئىلەردەك ئۆزگىرىشى - ئۆسۈشى
لازىمكەن. مانا بۇ يۈرۈش، ئايلىنىشنىڭ چوڭ داۋلىسى. بۇ

ئەسلىدە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى، شۇڭا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ.

(ئەسلىي كىتاب، 1881 — 1887 - بەتلەر)

---

① ئون ئاغىلىق نوم (十诵律) — بۇددا دىنىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ھەققىدىكى كىتاب. ھەممە يەردە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ ئىنتىزام بار، دەپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن. جەمئىي 61 جىلد بولۇپ، 10 تۈرگە بۆلۈنگەن. شۇڭا «ئون ئاغىلىق نوم» دېگەن نام قويۇلغان.
(«دىنلار لۇغىتى» 23 - بەت)

② ئۆتۈكەن تېغى (都斤山) — خانغاي تېغىنىڭ بىر بۆلىكى، خانغاي تېغى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى. ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىنىڭ سەيىنوياننىڭ ئوتتۇرىلىرى، راساقتوخاننىڭ شەرقىي شىمال ۋە توشېتوغان بىلەن چېچىنخاننىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 477 - بەت)

③ بەيداۋچۈەن ۋادىسى (白道川) — يەر نامى. قەدىمكى داگيۈەن قورغىنىنىڭ شىمالىدا. يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 258 - بەت)

④ خاس مۇلازىم (侍子) — قەدىمكى زاماندا ۋاسسال ئەللەر ۋە بەگلىكلەردىكى خان - بەگلەر ئۆز ئوغۇللىرىنى پادىشاھ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ مۇلازىم قىلدۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇ باللار خاس مۇلازىم دەپ ئاتالغاندى.
(«سىيۈەن» 204 - بەت)

⑤ چېن شۇباۋ (陈叔宝) — جەنۇبىي چېن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى كەنجى پادىشاھىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، مىلادىيە



553 — 604 - يىللاردا ياشىغان بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، كۈندە خانىش - كېنىزەكلەر بىلەن ئويۇن - تاماشا قىلىپ، ۋەزىرلەر بىلەن ھاراق - شاراب ئىچىپ شېئىر يېزىشىپ ئويناتقان. سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۇنىڭ پايتەختى جەنيې (ھازىرقى نەنجىڭ) شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇ ئىككى ئامراق بانۇنى قۇچاقلاپ چىڭياڭ سارايدىكى قۇدۇق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. سۈي قوشۇنى شۇ يەردىن ئۇنى تۇتۇپ چاڭئەنگە ئاپارغان. چېن سۇلالىسى شۇنىڭ بىلەن گۇمران بولغان.

(«سىيۈەن» 3276 - بەت)

⑥ مىڭجۈن كۈيى (明君曲) — مىڭجۈن دېگەن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈەندى ئوردىسىدىكى كېنىزەك ۋاڭ چياڭنىڭ تەخەللۇسى. ئەسلىي تەخەللۇسى ۋاڭ جاۋجۈن ئىدى. جاۋ دېگەن خەت جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سىماجاۋنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش بولغاچقا، جىن سۇلالىسىدىكى تارىخچىلار «جاۋ» نىڭ مەنىداش خېتى «مىڭ» نى قوللىنىپ، ۋاڭ چياڭنى ۋاڭ مىڭجۈن دەپ ئاتىغان. ۋاڭ جاۋجۈن پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، مەلىكە ئورنىدا ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتىنى قوغشارغا ياتلىق قىلىنىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياراشتۇرۇش يولىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن شېئىر - كۈيلەرنى يازغان. مىڭجۈن كۈيى مانا مۇشۇنداق شېئىر - كۈيلەرنىڭ ئاتاقلىق بىرسى.

(«سىيۈەن» 2049 - بەت)

⑦ دالى (大利) — ناھىيە نامى. سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ 19 - يىلى (مىلادىيە 599 - يىلى) سۈي پادىشاھى ۋېندى تۈركلەرنىڭ تولشاد قاغانىنى چىمەن قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، دالى قەلئەسىنى سېلىپ ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىن دالى ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرگەن. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چىڭشۈيخې ناھىيىسى تەۋەسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 62 - بەت)

⑧ چىڭجۇ (庆州) — ئايماق نامى. سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ

16 ـ يىلى (مىلادىيە 596 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان. كېيىن خۇڭخۇا ۋىلايىتى بولۇپ ئۆزگەرگەن. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭ ناھىيىسىدە.

(«سىيۇەن» 1159 ـ بەت)

⑨ۋاڭ خۇي ( 王会 ) — «جۇ سالنامىسى» دىكى بىر پارچە ماقالىنىڭ نامى، جۇ سۇلالىسىدە جۇگۇڭ خان شەھىرى، يەنى لويى شەھىرى پۈتكەندە، بارلىق بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىنى چاقىرتىپ، بەگلەرنىڭ كەڭ يىغىلىشىنى ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە بەگلەرنىڭ چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوردا مۇراسىملىرى، تارتۇق ھەدىيە يوسۇنلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇڭا تارىختا بەگلەر يىغىلىشى ( 王会 ) دېگەن بىر پارچە ماقالە يېزىلىپ خاتىرىلەندى.

(«سىيۇەن» 2046 — 2047 ـ بەتلەر)

⑩يۈنىبې ( 云内 ) — يەر نامى. ئەسلىي دەيىبې، يۈنشو دېگەن ئىككى قەلئە بار ئىدى. كېيىن بىرلەشتۈرۈپ يۈنىبې ئايىمىقى بولغان. خارابىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تۇموت سول خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىيۇەن» 3327 ـ بەت)

⑪تەختى ھۇمايۇن ( 龙庭 ) — ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى ئاسمان ـ زېمىن ئىلاھلىرىغا نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان جاي، شۇنداقلا تەڭرىقۇت تۇرۇشلۇق جايىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

(«سىيۇەن» 3608 ـ بەت)

⑫تۇغ ( 屠耆 ) — ھونلارنىڭ ئەمەل نامى. ھونلار دانىشمەننى تۇغ دەيتتى. شۇڭا دائىم ۋەلىئەھدنى سول قول تۇغ قىلاتتى. تۇغ بولسا، ھونلارنىڭ دۆلىتىدىكى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدار. خەن سۇلالىسىدە سول قول، ئوڭ قول بىلىكخان دەپ ئاتالغانىدى. دېمەك تۇغ بىلەن بىلىكخان ئەسلىي بىر ئەمەل ئىدى.

(«سىيۇەن» 913 ـ بەت)



⑬شەرقىي ئاستانە ( 东都 ) — ھەر سۇلالىلەردە پادىشاھلار پايتەختىنىڭ شەرقىدە يەنە بىر شەھەردە ئوردا ـ ساراي سالدۇرۇپ شەرقىي ئاستانە دەپ ئاتايتتى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدە چاڭئەن پايتەخت بولغان بىلەن، لوياڭ شەھىرىمۇ شەرقىي ئاستانە بولۇپ بېكىتىلگەنىدى.

(«سىيۇەن» 1527 ـ بەت)

⑭فېنياڭ سارىيى ( 汾阳宫 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدى ياڭ گۇاڭ سالقىنداش ئۈچۈن سالدۇرغان ۋاقىتلىق ئوردا، ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىڭلې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 160 چاقىرىم كېلىدىغان گۈەنچىن تېغىنىڭ تۆپىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» 397 ـ بەت)

⑮يىل بېشىدىكى يىغىلىش ( 元会 ) — قەدىمكى زاماندا، ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پادىشاھ بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇراسىم.

(«سىيۇەن» 271 ـ بەت)

⑯جياڭدۇ مالىمانچىلىقى ( 江都之乱 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى سۈي پادىشاھى ياڭدى جياڭدۇ (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرى) دە كەڭ تاش ئوردا ـ ساراي سالدۇرۇپ، خەلققە ھەددىدىن ئېشىپ ھاشار ـ سېلىق سالغانلىقتىن، دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن سۈي سۇلالىسى ئاغدۇرۇۋېتىلگەن.

(«سىيۇەن» 1722 ـ بەت)

⑰ئىتىل دەرياسى ( 阿得水 ) — ھازىرقى ۋولگا دەرياسى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 26 ـ بەت)

⑱تېڭگى دېڭىزى ( 得嶷海 ) — ھازىرقى كاسپىي دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 18 ـ بەت)

⑲سوڭخۋاجياڭ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇش ئوتتۇرىسى( 松漠之间 ) — هازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى دەۋردە بۇ يەر ئاساسلىقى قىتانلارنىڭ ئىچكىرىگە بېقىندى بولغان قىسمى تۇرۇشلۇق رايون ئىدى.
(«سىيۇەن» 1540 ـ بەت)

⑳شۈنيۇ ( 獯鬻 ) — شاڭ، جۇ خانلىقى دەۋرلىرىدە ئاساسەن هازىرقى شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىلەر. كېيىن هونلار دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي» 822 ـ بەت)

㉑ئۈچ خانلىق دەۋرى ( 三代 ) — شيا، شاڭ، جۇدىن ئىبارەت ئۈچ سۇلالە تارىختا قىسقارتىلىپ ئۈچ خانلىق دەۋرى دەپ ئاتالغانىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي» 14 ـ بەت)

㉒شيەنيۈن ( 猃狁 ) — «شۈنيۇ» نىڭ باشقىچە يېزىلىشى.
(مۇھەررىردىن)

㉓داڭتۇ ( 当涂 ) — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋېي پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان نام. داڭتۇ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەڭ چوڭ هوقۇق تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ساۋساۋ خەن پادىشاھى شيەندىنى تىزگىنلەپ، پادىشاھنىڭ نامى بىلەن ئۆز ئالدىغا هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ئۇنىڭ ئوغلى ساۋپى خەن پادىشاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋېي پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ ئۆزى پادىشاھ بولغان. مۇشۇ تارىخىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقى نام قوللىنىلغان.
(«سىيۇەن» 2124 — 2125 ـ بەتلەر)

㉔ديەنۋۇ ( 典午 ) — جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتى «سىما» نى كۆرسىتىدىغان مەخپىي نام. يەنى جىن سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.



(«سىيۇەن» 0317 ـ بەت)

㉕دانىشمەن ئەۋلىيا ( 圣哲 ) — بۇ يەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى «سۈينامە» تاڭ سۇلالىسىدىكى پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدا يېزىلغان.
(مۇھەررىردىن)

㉖جىڭياڭ ( 泾阳 ) — ناھىيە نامى. فۇجيەن قۇرغان ئالدىنقى چىن خانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خارابىسى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى جىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 30 چاقىرىم كەلگەن يەردە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 728 ـ بەت)

㉗رۇشۈي ( 汭水 ) — دەريا نامى. بۇ نامدىكى دەريادىن ئىككىسى بار: سەنشى ئۆلكىسى پۇچىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بىرسى بولۇپ، شۇ يەردىن جەنۇبقا ئېقىپ خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ؛ يەنە بىرسى گەنسۇ ئۆلكىسى خۇانىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لۇڭشەن تېغىدىن چىقىپ، شەرققە ئېقىپ جىڭشىن ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ، چىڭجۈەن ناھىيىسىگە ئېقىپ، جىڭشۈي دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىقىنى ئىككىنچىسى بولۇشى مۇمكىن.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر نامىلىرى لۇغىتى» 395 ـ بەت)

㉘خەنخەي ( 瀚海 ) — شىمالىي كۆل دەپمۇ ئاتىلاتتى. يەنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خولوك كۆلى بىلەن بىل كۆلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئېلىمىزنىڭ شىمال تەرىپى ۋە غەربىي شىمال تەرىپىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونىنىمۇ كۆرسىتەتتى.
(«سىيۇەن» 1901 ـ بەت)

㉙يۇدۇ ( 幽都 ) — قەدىمكى زاماندا شىمالىي تەرەپتىكى ئىنتايىن يىراق يەرنى كۆرسىتىدىغان سۆز. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قۇياش شۇ يەرگە پاتىدىكەن، ھەممە ياق قاپ ـ قاراڭغۇ بولىدىكەن.
(«سىيۇەن» 1001 ـ بەت)

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئالىمجان تاھىر
مەسئۇل كوررېكتورى:  قېيۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:  ئەكبەر سالىھ

# 24 تارىختىكى جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا
ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىدى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
850×1168 مم، 32 فورمات، 30.125 باسما تاۋاق
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—1500
ISBN7—228—09161—2
باھاسى: 42.00 يۈەن